# ئەخلاق دەستۇرى

1



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئەخلاق دەستۇرى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

1

ئەخلاق دەستۇرى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن «ئەخلاق دەستۇرى» ناملىق بۇ كىتابقا ئۆزىنىڭ دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيەت دۇنياسىنى بېيىتىشقا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەن شەمسۇلمەئالى قابۇسنىڭ «قابۇسنامە»، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، مۇھەممەت سىدىق رەشىدىنىڭ «سىدىقنامە» دېگەن ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، سىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭىزدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ISBN 978-7-80744-960-7
9 787807 449607

# ئەخلاق دەستۇرى

2



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئەخلاق دەستۇرى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

2

ئەخلاق دەستۇرى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن « ئەخلاق دەستۇرى » ناملىق بۇ كىتابقا ئۆزىنىڭ دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيەت دۇنياسىنى بېيىتىشقا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلگەن شەمسۇلمەئالى قابۇسنىڭ « قابۇسنامە » ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ « مەھبۇبۇلقۇلۇب » ، ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ « ئەخلاقىي مۇھسىنىي » ، مۇھەممەت سىدىق رەشىدىنىڭ « سىدىقنامە » دېگەن ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، سىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭىزدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ .

ISBN 978-7-80744-960-7

# ئەخلاق دەستۇرى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىتاب نامى: ئەخلاق دەستۇرى (2)
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇنگۈل ياسىن
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 37.25
نەشرى: 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-960-7
باھاسى: 95.00 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# مۇندەرىجە

## قابۇسنامە

ئۆزبېكچە نەشرىنىڭ كىرىش سۆزى ........................ 3
مۇۋازىنەتنامەئى كەيكاۋۇس ........................ 10
بىرىنچى باب پەرۋەردىگارى ئالەمنى تونۇماقنىڭ بايانىدا ...... 13
ئىككىنچى باب پەيغەمبەرلەرنىڭ خىلقىتى بايانىدا ......... 14
ئۈچىنچى باب ھەقتائاللاغا شۈكۈر قىلىش بايانىدا ............ 17
تۆتىنچى باب نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلماق بايانىدا ............ 20
بەشىنچى باب ئاتا ۋە ئانا ھەققىنى بىلمەك بايانىدا ........... 25
ئالتىنچى باب ھۈنەرنىڭ شاراپىتى بىلەن قەدىر ـ قىممەتلىك
ۋە ئالىي تەبىئەتلىك بولماق بايانىدا ..................... 28
يەتتىنچى باب سۆخەندانلىق بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولماق
بايانىدا ............................................. 45
سەككىزىنچى باب ئانۇشىرىۋان پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ياد
ئالماق بايانىدا ....................................... 58
توققۇزىنچى باب قېرىلىق ۋە يىگىتلىك سۆپىتى بايانىدا ...... 62
ئونىنچى باب نەپسنى يىغىشنىڭ شاراپىتى ۋە تائام يېيىش
تەرتىپىنىڭ بايانىدا .................................. 69
ئون بىرىنچى باب شاراب ئىچمەك بايانىدا .................. 75

ئون ئىككىنچى باب مېھمان بولماق ۋە مېھمان قىلماقنىڭ بايانىدا ........ 77
ئون ئۈچىنچى باب مازاق قىلماق، شاھمات ۋە دامكا ئوينىماقنىڭ ئەدەپلىرى بايانىدا ........ 84
ئون تۆتىنچى باب ئىشق ۋە ئۇنىڭ ئادەتلىرى بايانىدا ........ 87
ئون بەشىنچى باب مەنپەئەت ئالماق بايانىدا ........ 93
ئون ئالتىنچى باب ھاممامغا بارماق بايانىدا ........ 95
ئون يەتتىنچى باب ئۇخلىماق ۋە دەم ئالماق بايانىدا ........ 97
ئون سەككىزىنچى باب شىكارغا چىقماق بايانىدا ........ 100
ئون توققۇزىنچى باب چەۋگەن ئوينىماق بايانىدا ........ 103
يىگىرمىنچى باب ئۇرۇش قىلماق بايانىدا ........ 105
يىگىرمە بىرىنچى باب مال ـ دۇنيا يىغماقنىڭ بايانىدا ........ 109
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئامانەتنى ساقلىماق بايانىدا ........ 115
يىگىرمە ئۈچىنچى باب قۇل سېتىۋالماقنىڭ بايانىدا ........ 118
يىگىرمە تۆتىنچى باب ئۆي ۋە يەر سېتىۋالماق بايانىدا ........ 126
يىگىرمە بەشىنچى باب ئات سېتىۋېلىش بايانىدا ........ 129
يىگىرمە ئالتىنچى باب خوتۇن ئېلىش بايانىدا ........ 135
يىگىرمە يەتتىنچى باب پەرزەنت تەربىيەلەش بايانىدا ........ 138
يىگىرمە سەككىزىنچى باب دوست تۇتۇش بايانىدا ........ 147
يىگىرمە توققۇزىنچى باب دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش بايانىدا ........ 152
ئوتتۇزىنچى باب ئەپۇ قىلىش ۋە جازالاش بايانىدا ........ 160
ئوتتۇز بىرىنچى باب ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە قازىلىق بايانىدا ........ 165



www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز ئىككىنچى باب تىجارەت قىلىش ۋە سودىگەرچىلىك
قائىدىلىرى بايانىدا ........................................ 176
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب تىببىي ئىلىم قائىدىلىرى بايانىدا ··· 186
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ئىلمىنۇجۇم (ئاسترونومىيە) ۋە ھەندەسە
(گېئومېتىرىيە) ئىلمى بايانىدا ................................ 195
ئوتتۇز بەشىنچى باب شائىرلىق قائىدىلىرى بايانىدا .......... 200
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ھاپىزلىق ۋە سازەندىلىك قائىدىلىرى
بايانىدا ...................................................... 205
ئوتتۇز يەتتىنچى باب پادىشاھقا خىزمەت قىلىش بايانىدا ··· 210
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب پادىشاھقا نۆكەر بولۇش بايانىدا ··· 215
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب مۇنشىلىق ۋە كاتىپلىق بايانىدا ··· 219
قىرىقىنچى باب ۋەزىرلىكنىڭ شەرت ۋە قائىدىلىرى بايانىدا ··· 224
قىرىق بىرىنچى باب ئەمىر ـ لەشكەرلىك شەرتلىرى ۋە
ئادەتلىرى بايانىدا ........................................ 233
قىرىق ئىككىنچى باب پادىشاھلىقنىڭ شەرتى ۋە قائىدىلىرى
بايانىدا ...................................................... 236
قىرىق ئۈچىنچى باب دېھقانچىلىق ۋە بازار ئىشلىرى بايانىدا ··· 250
قىرىق تۆتىنچى باب سېخىيلىق بايانىدا ....................... 253

## مەھبۇبۇلقۇلۇب

مۇقەددىمە ...................................................... 269
پەيغەمبەرلەر غوجىسىنىڭ تەۋسىپى .............................. 271
بىرىنچى قىسىم ..........................................................
كىشىلەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ۋە پېئىل ـ ئەتىۋارى
توغرىسىدا .................................................... 279

www.uyghurkitap.com


بىرىنچى پەسىل ئادىل پادىشاھلار زىكرىدە ........ 280

ئىككىنچى پەسىل ئىسلامپاناھ بەگلەر زىكرىدە ........ 284

ئۈچىنچى پەسىل نامۇناسىپ نايىب زىكرىدە ........ 285

تۆتىنچى پەسىل زالىم، جاھىل ۋە پادىشاھلار زىكرىدە ........ 286

بەشىنچى پەسىل ۋەزىرلەر زىكرىدە ........ 288

ئالتىنچى پەسىل ناقابىل مەنسەپدارلار زىكرىدە ........ 290

يەتتىنچى پەسىل پاسىق ۋە بەتقىلىق، ھە دېسىلا پالۋانلىقتىن لاپ ئۇرىدىغانلار زىكرىدە ........ 292

سەككىزىنچى پەسىل ياساۋۇللار گۇرۇھى زىكرىدە ........ 294

توققۇزىنچى پەسىل ياساقلىق (لەشكەر) قارا چېرىك زىكرىدە ........ 295

ئونىنچى پەسىل پادىشاھ قانداق بولسا، پۇقرالىرىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقى زىكرىدە ........ 296

ئون بىرىنچى پەسىل شەيخۇلئىسلام زىكرىدە ........ 297

ئون ئىككىنچى پەسىل قازىلار زىكرىدە ........ 298

ئون ئۈچىنچى پەسىل مۇپتىلار زىكرىدە ........ 300

ئون تۆتىنچى پەسىل مۇدەررىسلەر زىكرىدە ........ 301

ئون بەشىنچى پەسىل تېۋىپلار زىكرىدە ........ 303

ئون ئالتىنچى پەسىل (نەزم) گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى زىكرىدە ........ 304

ئون يەتتىنچى پەسىل كاتىپلار زىكرىدە ........ 308

ئون سەككىزىنچى پەسىل مەكتەپ ئەھلى زىكرىدە ........ 309

ئون توققۇزىنچى پەسىل ئىماملار زىكرىدە ........ 311

يىگىرمىنچى پەسىل مەزىنلەر زىكرىدە ........ 312

يىگىرمە بىرىنچى پەسىل ھاپىز (قارىي) لار زىكرىدە ........ 313

يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل ناخشىچى ۋە مۇغەننى زىكرىدە ........ 314

يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل قىسسە توقۇغۇچى ۋە قىسسەخان
زىكرىدە ........................................ 317
يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل نەسىھەت ئەھلى — ۋائىزلار
زىكرىدە ........................................ 318
يىگىرمە بەشىنچى پەسىل مۇنەججىملەر زىكرىدە ............ 319
يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل تىجارەت ئەھلى (سودىگەرلەر)
زىكرىدە ........................................ 320
يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل شەھەردىكى ئېلىپساتارلار
زىكرىدە ........................................ 322
يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل بازار كاسىپلىرى زىكرىدە ... 323
يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل ھۈنەرۋەن، سەنئەتكارلار
زىكرىدە ........................................ 324
ئوتتۇزىنچى پەسىل پاسىبان ۋە مەھبۇسلار زىكرىدە .......... 325
ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل دېھقانلار زىكرىدە .................. 327
ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل ساياق ۋە خەسىسلەر زىكرىدە ....... 329
ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل غېرىب - غۇرۋالار زىكرىدە .......... 330
ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل تىلەمچى - گادايلار زىكرىدە .......... 332
ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل قۇشچى ۋە ئوۋچىلار (ئوۋچى قۇشلار)
زىكرىدە ........................................ 333
ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل بىراۋنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇپ
تۇزكورلۇق قىلغان نۆكەرلەر زىكرىدە ...................... 335
ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل ئۆيلىنىش ۋە خوتۇنلار زىكرىدە ... 338
ئوتتۇز سەككىزىنچى پەسىل رىياكار شەيخلەر زىكرىدە ...... 343
ئوتتۇز توققۇزىنچى پەسىل خارابات ئەھلى زىكرىدە .......... 345
قىرىقىنچى پەسىل دەرۋىشلەر زىكرىدە ........................ 348

ئىككىنچى قىسىم ياخشى قىلىقلار ۋە يامان خىسلەتلەر توغرىسىدا ........ 350

بىرىنچى پەسىل توۋا زىكرىدە ........ 350

ئىككىنچى پەسىل تەقۋادارلىق زىكرىدە ........ 354

ئۈچىنچى پەسىل تەۋەككۇل زىكرىدە ........ 358

تۆتىنچى پەسىل قانائەت زىكرىدە ........ 362

بەشىنچى پەسىل سەۋر زىكرىدە ........ 366

ئالتىنچى پەسىل تەۋازۇ (كەمتەرلىك) زىكرىدە ........ 370

يەتتىنچى پەسىل زاكىرلار زىكرىدە ........ 375

سەككىزىنچى پەسىل تەۋەججۇھ زىكرىدە ........ 377

توققۇزىنچى پەسىل رىزا زىكرىدە ........ 380

ئونىنچى پەسىل ئىشق زىكرىدە ........ 383

ئۈچىنچى قىسىم تۈرلۈك پايدىلىق نەسىھەتلەر ۋە مىساللار ........ 395

ساخاۋەت ۋە ھىممەت توغرىسىدا ........ 410

كەرەم (ئالىيجانابلىق) ۋە مەردلىك توغرىسىدا ........ 412

مۇرۇۋۋەت توغرىسىدا ........ 413

ۋاپا ۋە ھايا توغرىسىدا ........ 414

ۋاپا بىلەن باغلانغان ھايا توغرىسىدا ........ 415

مۇلايىملىق توغرىسىدا ........ 417

پادىشاھلار توغرىسىدا ........ 440

ياشلىق كۈنلىرى زىكرىدە ........ 473

قېرىلىق زىكرىدە ........ 474

سەپەرنىڭ مەنپەئەتى زىكرىدە ........ 480

كىتابنىڭ يېزىلغان تارىخى زىكرىدە ........ 501


www.uyghurkitap.com

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: ........................ 505
بىرىنچى باب ئىبادەت توغرىسىدا ........................ 517
ئىككىنچى باب ئىخلاس توغرىسىدا ........................ 520
ئۈچىنچى باب شۈكۈر توغرىسىدا ........................ 522
تۆتىنچى باب سەۋر توغرىسىدا ........................ 527
بەشىنچى باب هايا توغرىسىدا ........................ 530
ئالتىنچى باب پاكىزلىق توغرىسىدا ........................ 536
يەتتىنچى باب ئەدەپ توغرىسىدا ........................ 538
سەككىزىنچى باب بەلەن ھىممەتلىك توغرىسىدا ........................ 542
توققۇزىنچى باب قەست قىلىش توغرىسىدا ........................ 546
ئونىنچى باب جىددى جەھەد توغرىسىدا ........................ 549
ئون بىرىنچى باب ئادالەت توغرىسىدا ........................ 555
ئون ئىككىنچى باب ئەپۇ توغرىسىدا ........................ 582
ئون ئۈچىنچى باب ياۋاشلىق توغرىسىدا ........................ 588
ئون تۆتىنچى باب خۇلقى ئەخلاق ۋە مۇلايىملىق توغرىسىدا ... 595
ئون بەشىنچى باب شەپقەت ۋە مەرھەمەت توغرىسىدا ........................ 601
ئون ئالتىنچى باب خەيرات ۋە ياخشى ئىشلار توغرىسىدا ... 609
ئون يەتتىنچى باب ساخاۋەت ۋە ئىھسان توغرىسىدا ........................ 616
ئون سەككىزىنچى باب تەۋازۇ توغرىسىدا ........................ 638
ئون توققۇزىنچى باب ئامانەت ۋە دىيانەت توغرىسىدا ........................ 648
يىگىرمىنچى باب ئەھدىگە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا ........................ 656
يىگىرمە بىرىنچى باب راستچىللىق توغرىسىدا ........................ 667

يىگىرمە ئىككىنچى باب ھاجەت راۋا قىلىش توغرىسىدا ... 671
يىگىرمە ئۈچىنچى باب سالماقلىق توغرىسىدا ......... 675
يىگىرمە تۆتىنچى باب كېڭەش ۋە مەسلىھەت توغرىسىدا ... 682
يىگىرمە بەشىنچى باب ئېھتىيات ۋە ئاقىۋەتلىك بولۇش
توغرىسىدا ................................................ 691
يىگىرمە ئالتىنچى باب شجائەت توغرىسىدا .............. 696
يىگىرمە يەتتىنچى باب غەيرەت توغرىسىدا .................. 717
يىگىرمە سەككىزىنچى باب سىياسەت توغرىسىدا ........... 729
يىگىرمە توققۇزىنچى باب ھوشيارلىق ۋە بىدارلىق
توغرىسىدا ................................................ 740
ئوتتۇزىنچى باب پاراسەت توغرىسىدا ........................ 758
ئوتتۇز بىرىنچى باب سىر ـ ئەسرارىنى يوشۇرۇن تۇتۇش
توغرىسىدا ................................................ 770
ئوتتۇز ئىككىنچى باب پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىش
توغرىسىدا ................................................ 773
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا ··· 783
ئوتتۇز تۆتىنچى باب ياخشى كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتە
ئولتۇرۇش توغرىسىدا ....................................... 802
ئوتتۇز بەشىنچى باب يامانلارنى يوق قىلىش توغرىسىدا ··· 811
ئوتتۇز ئالتىنچى باب تابىئەلەر ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ
تەربىيىتى توغرىسىدا ....................................... 838

## سىدىقنامە

مۇقەددىمە ................................................ 861



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىرىنچى باب ھەقتائاللانى تونۇماقنىڭ بايانى ·············· 869
ئىككىنچى باب پەيغەمبەرلەرنىڭ يارىتىلىشىنىڭ بايانى ······ 872
ئۈچىنچى باب نېمەت ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماقنىڭ
بايانى ······························································· 876
تۆتىنچى باب قۇۋۋەت بارىدا تائەتنى زىيادە قىلماقنىڭ بايانى ··· 879
بەشىنچى باب ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇماقنىڭ بايانى ······ 883
ئالتىنچى باب ھۈنەرنىڭ قىممىتى گۆھەردىن ئارتۇق
ئىكەنلىكىنىڭ بايانى ········································· 887
يەتتىنچى باب سۆزلىمەك ۋە سۆزنىڭ ياخشى ـ يامىنىنىڭ
بايانى ······························································· 906
سەككىزىنچى باب نۇشىرۋان ئادىلىنىڭ پەند ـ نەسىھەتلى
ـرىنىڭ بايانى ···················································· 920
توققۇزىنچى باب يىگىتلىك ۋە قېرىلىقنىڭ بايانى ·········· 925
ئونىنچى باب تائام يېيىش تەرتىپىنىڭ بايانى ·············· 934
ئون بىرىنچى باب شاراب ئىچمەكنىڭ بايانى ··············· 937
ئون ئىككىنچى باب مېھمان بولماق ۋە مېھمان قىلماقنىڭ
بايانى ······························································· 943
ئون ئۈچىنچى باب دامكا ۋە شاھمات ئوينىماقنىڭ بايانى ··· 952
ئون تۆتىنچى باب ئىشق ۋە ئاشىق بولماقنىڭ بايانى ······ 956
ئون بەشىنچى باب جىما قىلماق ۋە خوتۇن كىشىدىن مەنپەئەت
ئالماقنىڭ بايانى ··············································· 963
ئون ئالتىنچى باب ھاممامغا بارماقنىڭ بايانى ·············· 965
ئون يەتتىنچى باب ئۇخلىماق ۋە ئارام ئالماقنىڭ بايانى ······ 967
ئون سەككىزىنچى باب شىكار قىلماقنىڭ بايانى ············ 973
ئون توققۇزىنچى باب چەۋگان ئوينىماقنىڭ بايانى ·········· 976
يىگىرمىنچى باب دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماقنىڭ بايانى ··· 978

يىگىرمە بىرىنچى باب مال جەمئىي قىلماقنىڭ بايانى ...... 983
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئامانەتنى ساقلىماقنىڭ بايانى ...... 990
يىگىرمە ئۈچىنچى باب قول ۋە دىدەك ئالماقنىڭ بايانى ...... 995
يىگىرمە تۆتىنچى باب يەر ۋە ھويلا ئالماقنىڭ بايانى ...... 1003
يىگىرمە بەشىنچى باب ئات ئالماقنىڭ بايانى ...... 1007
يىگىرمە ئالتىنچى باب خوتۇن ئالماقنىڭ بايانى ...... 1012
يىگىرمە يەتتىنچى باب پەرزەنتنى پەرۋىش قىلماقنىڭ بايانى ...... 1015
يىگىرمە سەككىزىنچى باب دوست تۇتماقنىڭ بايانى ...... 1024
يىگىرمە توققۇزىنچى باب دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلماقنىڭ بايانى ...... 1029
ئوتتۇزىنچى باب ئەپۇ قىلماق ۋە جازالىماقنىڭ بايانى ... 1059
ئوتتۇزبىرىنچى باب ئىلىم تەلەپ قىلماق ۋە قازى بولماقنىڭ بايانى ...... 1046
ئوتتۇز ئىككىنچى باب تىجارەت قىلماقنىڭ بايانى ...... 1058
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب تېبابەت ئىلمى تەلەپ قىلماقنىڭ بايانى ...... 1069
ئوتتۇز تۆتىنچى باب «ئىلمى نۇجۇم» بىلمەكنىڭ بايانى ... 1081
ئوتتۇز بەشىنچى باب شائىرلىقنىڭ بايانى ...... 1086
ئوتتۇز ئالتىنچى باب سازەندىلىك، يەنى نەغمە قىلماق تەرىقىسىنىڭ بايانى ...... 1092
ئوتتۇز يەتتىنچى باب پادىشاھلار خىزمىتىدە بولماقنىڭ بايانى ...... 1098
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب پادىشاھلارغا نەۋكەر بولماقنىڭ بايانى ...... 1105
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب مۇنشىلىق (كاتىپلىق)ۋە ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

شەرتلىرىنىڭ بايانى ······························· 1110
قىرىقىنچى باب ۋەزىر بولماقنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى ··· 1123
قىرىق بىرىنچى باب باش قوماندانلىقنىڭ بايانى ··········· 1133
قىرىق ئىككىنچى باب پادىشاھلىقنىڭ بايانى ················ 1137
قىرىق ئۈچىنچى باب دېھقانچىلىقنىڭ بايانى ················ 1151
قىرىق تۆتىنچى باب مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ بايانى ········· 1154

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قابۇسنامە

ئاپتورى: شەمسۇلمەئالى قابۇس

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ
ۋەلى كېرىم كۆكتالىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# ئۆزبېكچە نەشرىنىڭ كىرىش سۆزى ①

بۇيۇك مۇتەپەككۇرلار پەرزەنت تەربىيەسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. شەرقتە «كەلىلە ۋە دىمنە» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ھىندىلارنىڭ «پەنچەتەنترە» («بەش ھېكمەت»، «تۇتىنامە») نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان «شۇكەسەپتەتە» («تۇتىنىڭ يەتمىش بەش ھېكايىسى»)، يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم)، مۇسلىھىددىن سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ۋە «بوستان»، نەسىرىددىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەئى رابغۇزى»، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (كۆڭۈللەرنىڭ سۆيگىنى) قاتارلىق ئەسەرلەر دەۋرلەر جەريانىدا پەرزەنت تەربىيەسىدىكى دەستۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە. بۇ قىممەتلىك كىتابلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا پاكلىق، راستچىللىق، مەردلىك پەزىلەتلىرىنى سىڭدۈرۈپ كەلگىنى سىر ئەمەس. كەيكاۋۇسنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «قابۇسنامە» ئەسىرى شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا مەلۇم ۋە مەشھۇردۇر. ئۆزگىچە رىۋايەتلەر، ئىخچام لەتىپىلەر، كىچىك ـ كىچىك ھېكايەتلەر كىتابنىڭ يەنىمۇ جازىبىلىك، ئوقۇشلۇق بولۇشىنى تەمىنلىگەن.

شەرق ئەللىرىنىڭ ئەخلاقىي، تەربىيەۋى ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىنى «قۇرئانى كەرىم» سۈرىلىرى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ

① كىرىش سۆزى بولۇپ، قىسمەن ھالدا قىسقارتىلدى.

پائالىيىتى ۋە كۆرسەتمىلىرىنى ئىپادىلىگۈچى ھەدىسلەر، ھېكمەتلىك ھېكايەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. «قابۇسنامە» مۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. كىتاب «پەرۋەردىگارى ئالەمنى تونۇماق بايانىدا»، «پەيغەمبەرلەرنىڭ خىلقەتى بايانىدا» بابلىرى بىلەن باشلىنىدۇ.

XI ئەسىرنىڭ 82 ــ 83 ـ يىللىرىدا غەربىي ئىران پادىشاھىنىڭ نەۋرىسى كەيكاۋۇس ئىبن ئىسكەندەر ئۆز ئوغلى گىلانشاھقا بېغىشلاپ «نەسىھەتنامە» سىنى ئىجاد قىلىدۇ ۋە ئاشۇ دەۋر ئەنئەنىسىگە قاراپ ئۇنى بوۋىسى پادىشاھ شەمسۇلمائالىي قابۇسنىڭ شەرىپىگە «قابۇسنامە» دەپ ئاتايدۇ.

«قابۇسنامە» ئەسىرلەر مابەينىدە غەرب ۋە شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئېتىبارلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلگەن: 1702 ــ 1705ـ يىللاردا تۈرك تىلىغا، 1786 ــ 1787ـ يىللاردا مۇھەممەد سىددىق رەشىدىي تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا، 1881ـ يىلىدا قەييۇم ناسىرىي تەرىپىدىن تاتار تىلىغا ھەمدە XI ئەسىردىلا ئىنگلىز، پەرەڭ، گېرمان، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىدى. 1935ـ يىلى تېھران دارىلفۇنۇنىنىڭ پىروفېسسورى، ئاتاقلىق ئەدىب سەئىد نەپىسىي «قابۇسنامە» نى تېھراندا باسمىدىن چىقارغان.

1860 ـ يىلى «قابۇسنامە» ئۆزبېك تىلىغا تۇنجى قېتىم بۈيۈك شائىر ۋە مۇتەپەككۇر مۇھەممەد رىزا ئاگاھىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىدى. ئاگاھىي تەرجىمىسىنىڭ قول يازما نۇسخىسى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ۋە سانكت ـ پېتېربۇرگدىكى سالتىكاۋ ـ شچېدرىن نامىلىق كۇتۇپخانىدا

ساقلانماقتا.

«قابۇسنامە» نىڭ ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشىدا ئۆز ۋاقتىدا تېخى 16 ياشلىق شاھزادە بولغان مۇھەممەد رەھىمخان فېرۇز (1844 — 1910) نىڭ خىزمەتلىرىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر. ئاگاھىينىڭ ئۆزى ياش يىگىت مۇھەممەد رەھىم ھەققىدە سۆزلەپ، ھەرقانداق ئويۇن - كۈلكىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، «كىتابخانىلىققا، مەنىدانىلىققا» مەشغۇل بولغىنىنى، ئۇشبۇ «نەسىھەتنامە» نى شاھزادىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن تەرجىمە قىلغىنىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئىزهار قىلىدۇ: «... ئۇل شاھزادەئى ئازادەنىڭ نەزىرى ئەنۋارى مۇتالىئەسىگە يېتىشتى ۋە مۇسەپپا خاتىرىسىگە ئۇنى تۈركىي تىل بىلەن تەرجىمە قىلدۇرماق تەمەنناسى چۈشتى. بۇ بەندەئى پېقىر مۇھەممەد رىزا ئاگاھىي بىركۈنى ئۇل جاناب مەجلىسىگە بېرىپ، دۇئا شارائىتىن تەقدىمىگە يەتكۈردۇم ۋە ئول جانابىنىڭ لازىمۇل بېشارىتى بىلەن ھەم ئۇل مەجلىسنىڭ بىر گۆشەسىدە ئولتۇردۇم. دەرھال ماڭا نەچچە تۈرلۈك مېھرىبانلىقلار كۆرسىتىپ، مەزكۇر نەسىھەتنامىنى قولۇمغا بېرىپ دېدىكى: بۇل نۇسخىنى تۈركىي تىللىق بىلەن تەرجىمە قىل، تاكى تۈرك تائىپىسىنىڭ ئاۋامىمۇ بۇ پەندىلەردىن بەھرە ئالغاي ۋە بىزنىڭ ئېتىمىز، سېنىڭ سۆزۈڭ ئالەم ئىنقىرازىغىچە زامان قويىنىدا باقىي ۋە يادىكار قالغاي.»

بۈيۈك مۇتەپەككۇر مۇسلىھىددىن سەئدىي، نەسىرىددىن رابغۇزى، ئابدۇراھمان جامىي، ئەلىشىر نەۋايىلار جەمئىيەت تەرەققىياتىدا، دۆلەتنىڭ ئاۋاتلىقى ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقىدا بىر قىسىم شەخسلەر، بولۇپمۇ پادىشاھلارنىڭ پائالىيىتىگە كاتتا باھا

بېرىدۇ. جامىي ئۆزىنىڭ «باھارىستان» ئەسىرىدە پادىشاھ ئادالەتنى پارلاپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشىتىدۇ:

ئەگەر چىقسا ئادالەتنىڭ قۇياشى،
تارالغاي ھەر تامان نۇرى زىياسى.
ئەگەر زۇلۇم قىلسا زالىم، بۇ سىتەمدىن
جاھان بولغاي قارا، يوق ئىنتىھاسى.

كەيكاۋۇسمۇ پادىشاھ ئادالەتنى قۇياشقا تەڭلەشتۈرىدۇ: قۇياش ھەممىگە، ھەممە يەرگە تەڭ، باراۋەر نۇر چاچقىنىدەك، پادىشاھمۇ ھەممىگە باراۋەر ئادالەت نۇرىنى چاچمىقى لازىم، دەيدۇ: «ئەي پەرزەنت، رەئىيەتكىمۇ شۇنداق مېھرىبانلىق كۆرسەتكىن، تاكى مەملىكەت ئاۋات بولغاي. چۈنكى، پادىشاھ قۇياش نۇرىغا ئوخشاشتۇر، قۇياش بىراۋغا سايە سېلىپ، يەنە بىراۋدىن يۈز ئۆرۈمەس... ئەسلا زۇلۇمنى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمىگىنكى، ئادىل پادىشاھنىڭ خاندانى كۆپ يىللار باقىي قالۇر ۋە زالىمنىڭ خانۇمانى تېزلا بەربات ۋە نابۇت بولۇر، چۈنكى، ئادالەت ئاۋاتچىلىقنىڭ نىشانىسىدۇر ۋە زۇلۇم ۋەيرانچىلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. ھۆكۈمالار دەپتۇلەركى، ئادىل پادىشاھ ئالەم خۇشاللىقىنىڭ سەرچەشمىسىدۇر، زالىم پادىشاھ جاھان خارابلىقىنىڭ تۇپانىدۇر.»

ئابدۇراھمان جامىينىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرى كۆپ ئورۇنلاردا «قابۇسنامە» دىكى نەسىھەتلەرگە ئوخشاشتۇر. جامىي ئۆز پەرزەنتى زىياۋۇددىن يۇسۇفكە نەسىھەت قىلغاندا، ئاتىسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مەشھۇرلۇقى ئۇچۇن ئۇنىڭ نامى، ئابرۇيى بىلەن ماختانماسلىقنى، بەلكى ئۇنىڭ نامىغا مۇناسىپ پەرزەنت بولۇپ يېتىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن جامىي ئۆز ئوغلىغا شۇنداق ئىبرەتلىك شېئىر بىلەن مۇراجىئەت قىلىدۇ:

نادانلاردەك ئاتاڭنىڭ كىملىكىنى پەش قىلما،
ئۆزۈڭگە سەن ھۇنەردىن ئۆزگىنى ئاتا بىلمە.
تۇتۇن گەرچە ئاتەشنىڭ پەرزەنتى بولسىمۇ، بەس،
نە پايدىكى تۇتۇنگە، ئاتەش زىياسى يوقماس!؟

جامىينىڭ بۇ مىسراسى «قابۇسنامە» نىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىنى ئەسلىتىدۇ: «ئەگەر كىشى ھەرقانچە ئالىي نەسەب ۋە ئېسىل بولسىمۇ، ئەمما ھۇنىرى بولمىسا، ئۇ خالايىقنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمىتىدىن نائۇمىد بولۇر. ئۇلۇغلۇق ئەقىل ۋە بىلىم بىلەندۇر؛ نەسىل ـ نەسەب بىلەن ئەمەس. ئىسمىنى ساڭا ئاتا ۋە ئاناڭ قويغاندۇر، سەن ئۇنىڭغا كىبىرلەنمىگىن... بۇ ئىسىم پەقەت بىر نىشاندىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ئەمما سەن ھۇنەر بىلەن بىر نامغا ئىگە بولغىن.»

بۇلاردىن تاشقىرى، ئاگاھىي پارس تىلىدىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىلمىي، تارىخىي، مەرىپىي ھەمدە بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئۆزبېكچىلەشتۈرگەن.

ئاگاھىينىڭ تەرجىمىلىرى ئىچىدە «قابۇسنامە» ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ. بۇ نادىر ئەسەر 1965 ـ، 1973 ـ ۋە 1986 ـ

يىللاردا ئەدەبىياتشۇناس ئالىم سوبۇتاي دالىموفنىڭ كاتتا ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۈچ قېتىم نەشردىن چىقىرىلغانلىرى «قابۇسنامە» مۇھەممەد رىزا ئاگاھىي تەرجىمىسى ئاساسىدا هازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدەبىي تىلىغا ئاغدۇرۇلۇپ، چوڭ ھەجىمدىكى سۆز بېشى، تارىخىي ۋە فىلولوگىك شەرھى ھەمدە ئىزاھلىق لۇغەت بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلىنغانىدى.

ئەزىز كىتابخان، سىز ئەدەبىياتشۇناس ئالىم سوبۇتاي دالىموف تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان كەيكاۋۇسنىڭ «قابۇسنامە» ئەسىرىنىڭ چۈشىنىشلىك تىل بىلەن تەييارلانغان نۇسخىسى بىلەن تونۇشىسىز. شۇنى ئەپسۇسلۇق بىلەن تەكىتلەش كېرەككى، دەۋر تەقەززاسى تۈپەيلىدىن ئالدىنقى نەشرلەردە بىر قىسىم بابلار ناھايىتى چوڭ قىسقارتىلىشقا ئۇچرىغان، بىر قىسىم بابلار ئومۇمەن كىرگۈزۈلمىگەنىدى. بۇ ئەلۋەتتە، كىتابنىڭ قىممىتىنى ناھايىتى چۈشۈرۈۋەتكەن.

كېيىنكى يىللاردا «قابۇسنامە» گە بولغان ئېھتىياج كۈرۈنەرلىك دەرىجىدە كۈچەيدى، گېزىت ۋە ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە «قابۇسنامە» نىڭ تولدۇرۇلغان نەشرىنى تەييارلاشقا دەۋەت قىلغۇچى كۆپلىگەن ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

ئەسەرنىڭ ئۇشبۇ نەشرى «قابۇسنامە» نىڭ مۇقەددىمە ۋە ھەممە قىرىق تۆت بابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نەشرگە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان: «ON 111274 (ئاگاھىي تەرجىمىسىنىڭ قول يازمىسى ئاساس قىلىپ ئېلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە پىروفېسسور ئې. ئە.

بىرتىلىسىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى ۋە ئىران پىروفېسسورى سەئىد نەفىسىي تەرىپىدىن تەييارلانغان تېھران نەشرىدىن پايدىلىنىلدى.

«قابۇسنامە» نىڭ ئۇشبۇ نەشرى سىزنىڭ سۆيۈملۈك كىتابىڭىزغا ئايلىنىشىنى چىن كۆڭۈلدىن تىلەيمىز.

# مۇۋازىنەتنامەئى كەيكاۋۇس

(كەيكاۋۇسنىڭ نەسىھەتنامىسى)

بۇ ئۆگۈتلەرنى جەملىگۈچى ئەمىر ئۇنسۇرۇلمەئالى كەيكاۋۇس بىننى ئىسكەندەر بىننى قابۇس بىننى ۋۇشمەگىر ئۆزىنىڭ پەرزەنتى گىلانشاھقا شۇلارنى دېدى:

ئەي پەرزەنت، مەن قېرىدىم ۋە ئاجىزلىق ماڭا غالىب بولدى، ئۆلۈم ماڭا يېقىن كەلدى. ئەزەلىي [1] نىڭ يارلىقى بىر كىتابتۇركى، ئۇنى ھەرقانداق چارە كۆرگۈچىنىڭ قولى يوق قىلالمىغۇسىدۇر.

بەس، ئەي پەرزەنت، مەن ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە ئىنتايىن يېقىن ھېس قىلدىم ۋە شۇنداق نىيەتكە كەلدىمكى، ماڭا تىرىكلىكتىن جۇدا بولۇش يارلىقى يېتىشتىن بۇرۇن ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ياخشى نام قالدۇرماق بابىدا بىرنەچچە سۆز بايان قىلماقچىمەن. سەن ئۇنىڭدىن بەھرە ئالغايسەن ۋە مەن ئاتىلىق مېھىر شەرتىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن.

ئەي پەرزەنت، ساڭا زامان ستەملىرىنىڭ قولى يېتىشتىن بۇرۇن، ئەقىل ـ ھوش بىلەن قۇلىقىڭنى دىلىڭ تۇتۇپ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغىن ۋە بۇ سەۋەبلىك ئىككى جاھاندا نام چىقارغىن. مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاشنى رەت قىلمىغىن. ئەگەر بۇ

[1] ئەزەلىي ـــ ئوزاقلاشتۇرۇش.

سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەھرە ئالساڭ، ئۆزگىلەر تېخىمۇ قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر سەن بۇ سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلمىساڭ، بەلكىم، ھېچبىر پەرزەنت ئاتىسىنىڭ نەسىھەتىنى قوبۇل قىلمىغۇسىدۇر. چۈنكى يىگىتلەر غەپلەت يۈزىدىن ئۆز باتىنىدا [1] ئۆزلىرىنى بىردىنبىر ئەقىللىك دەپ ئويلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ پەم ـ پاراسىتىنى ياشانغانلارنىڭ پەم ـ پاراسىتىدىن ئەۋزەل بىلىدۇ. گەرچە بۇ ھال ماڭا مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئاتىلىق مېھرى مېنى ئۈمىدسىزلىنىشكە قويمىدى. شۇ سەۋەبتىن بىرقانچە نەسىھەتلەرنى يازدىم ۋە ئۇنى قىرىق تۆت بابقا جەم قىلدىم. ھەربىرىدە بىرنەچچە سۆز زىكىر قىلدىم.

ئەي پەرزەنت، ئۈمىدىم شۇكى، سەن بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلغايسەن ۋە مەن ئاتىلىق شەرتىنى بەجا قىلغان بولغايمەن. بىلگىنكى، جاھان خەلقىنىڭ ئادىتى شۇدۇركى، چېچىپ تۇرۇپ دۇنيادا بىرەر نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمگە قويۇپ كېتىدۇ. مەن دۇنيادا ئۇشبۇ سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈردۈم ۋە ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادىمىم سەندۇرسەن. ماڭا رېھلەت [2] ۋاقتى يېقىن قالدى. دۇنيادىن ھەر نېمىنى ھېس قىلغان بولسام، سېنىڭ ئالدىڭغا قويدۇم. ھەرگىز جاھىل بولمىغايسەن ۋە خاتا يولغا قەدەم قويمىغايسەن.

ئەي پەرزەنت، ھەر ئىككىلا تەرەپتىن سېنىڭ ئەسلىڭ ۋە نەسەبىڭ پاكتۇر ھەم ئۇلۇغدۇر. بوۋاڭ مەلىك شەمسۇلمەئالىي قابۇس بىننى ۋۇشمەگىر ئەئشەق پەرھادانىنىڭ نەۋرىسىدۇر. ئەئشەق پەرھادان كەيخۇسراۋنىڭ زامانىدا گىلان مۈلكىنىڭ

---

① باتىن ــ ئىككى دۇنيا، كۆڭۈل.
② رېھلەت ــ دۇنيادىن كېتىش.

پادىشاھى بولغان ۋە گىلان مەملىكىتى سىنىڭ ئەۋلاد ـ ئەجدادلىرىغا ئۇنىڭدىن يادىكار بولۇپ قالدى. مېنىڭ ئاتامنىڭ مومىسى «مەرزىباننامە» ناملىق كىتابنىڭ مۇسەننىپى مەلىكەزادە ئەلمەرزىبان بىننى رۇستەم بىننى شەرۋىننىڭ قىزىدۇر. ئۇنىڭ ئون ئۇچىنچى ئاتىسى ئانۇشىرۋان ئادىلنىڭ بۇرادىرى قۇبادنىڭ ئوغلى كەيكاۋۇستۇر. سېنىڭ ئاناڭ سۇلتان مەھمۇد غازى بىننى نەسىرىددىن سەبۇكتېكىننىڭ پەرزەنتى ۋە مېنىڭ مومام دەيلەمىيلەر پادىشاھى ھەسەن فىرۇزاننىڭ قىزىدۇر.

بەس، ئەي پەرزەنت، ئەسلىڭنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىل ۋە ئەسلىي كەم ئادەملەردىن بولمىغىن. گەرچە مەن سەندىن ياخشىلىق نىشانلىرىنى سەزسەممۇ، ئەمما سۆز تەكرارىنى ئۆزۈمگە راۋا كۆرىمەن. ئەي پەرزەنت، ئاگاھ بولغىنكى، مېنىڭ ئاخىرەتكە كەتمىكىم يېقىندۇر، سەنمۇ مېنىڭ ئىزىمدىن تېزلا يېتىپ بارىسەن. چۈنكى بۇ دۇنيا ئارىيەت جايدۇر ۋە ئاخىرەت ئەدلىي سارايدۇر ھەم ئۇ سارايىنىڭ يولى ئاز ۋە يېقىن. بۇ جايدا جەم قىلماق كېرەكتۇر.

بۇ جاھان بىر زىرائەتگاھتۇر. نېمىنى تېرىساڭ شۇنى ئورىسەن ۋە ھەرقانداق سۆز دېسەڭ، شۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلايسەن. دېگىنكى، دۇنيا جايى پانىي ۋە ئاخىرەت سارىيى باقىيدۇر. بۇ جايدا ئېيپەتلىك، پەرھىزكارلارنىڭ ھىممىتى شىرلارنىڭ ھىممىتى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئىت قانداق ئولجىنى تاپسا، ئاشۇ يەردە يەر. شىر تاپقان ئولجىنى باشقا يەردە يەر. بۇ ئارىيەت سارىيى سېنىڭ ئوۋ مەيدانىڭدۇر ۋە ياراتقۇچىنى سېغىنىش سېنىڭ ئولجاڭدۇر. ئەگەر دۇنيا سارىيىدا تائەت ئولجىسىنى ئىنكار قىلساڭ، ئاقىۋىتىڭ يامان بولۇر.

بىرىنچى باب

## پەرۋەردىگارى ئاللەمنى تونۇماقنىڭ بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، جاھاندا ئادەمنىڭ بىلمىگەن ۋە تونۇمىغان ھېچ نەرسىسى يوقتۇر. گەرچە سەن بارچە نەرسىنى تونۇغان بولساڭمۇ، خۇدايتائالانى تونۇشقا ئاجىزسەن. ئەمما ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى تونۇساڭ، ئۇنى تونۇرسەن. تونۇماق — نەقىشتەكتۇر، تونۇلغان نەرسە مەنقۇشتەكتۇر ۋە تونۇغۇچى نەققاشتەكتۇر. مەنقۇش [1] نەقىشنى قوبۇل قىلمىسا، ھەرقانداق نەققاش ئۇنىڭغا نەقىش قىلمىغىسىدۇر. بىلىسەنكى، موم نەقىشنى تاشتىن ياخشىراق قوبۇل قىلۇر. بۇ جەھەتتىن مومدىن مۆھۈر تۈزەر ۋە تاشتىن تۈزمەس. بەس، بارچە تونۇلغان نەرسىدە تونۇماق قوبۇلى باردۇر ۋە سەن ئۆزۈڭگە باققىن، سازغا قاراپ سازەندىنى تونۇغىن. ھەق تائالانىڭ دائىملىق نېمەتلىرىگە ئەندىشە قىلغىن. ئەمما ئۇنىڭ زاتىغا ئەندىشە قىلمىغىن. چۈنكى جاھاندا يولدىن ئاداشتۇرغان شۇنداق كىشىدۇركى، يول يوق جايدىن يول تەلەپ قىلغاي. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەيدۇ: «ئاللانىڭ نازۇ نېمەتلىرى ھەققىدە پىكىر قىل، ئۆزى ھەققىدە پىكىر قىلما.»

---

① مەنقۇش — بېزەلگەن، نەقىشلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

## ئىككىنچى باب

# پەيغەمبەرلەرنىڭ خىلقىتى [1] بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، خۇدايىتائالا جاھاننى بىھۇدە ۋە بىكارغا ياراتمىدى. ئادالەت سەۋەبىلىك ياراتتى ۋە ھېكمەت سەۋەبلىك زىننەت بەردى. بىلگىنكى، ۋۇجۇت يوقلۇقتىن ياخشى ۋە كۈن قاراڭغۇلۇقتىن ياخشى ۋە دۇرۇسلۇق زىننەتتىن ياخشى. ياراتقۇچى بۇ ھەر ئىككىسىگە قۇدرەتلىك ۋە دانا ئىدى. ئۇ بارچە نەرسىلەرنى بىلىپ ياراتتى، كېرەك جايىدا ياراتتى ۋە ئادالەت سەۋەبى بىلەن مەۋجۇت قىلدى. ھېكمەت سەۋەبى بىلەن مۇۋاپىق قىلدى. خۇدايىتائالا شۇنىڭغا قادىر ئىدىكى، ئۇ قۇياشسىز ئالەمنى ياراتقاي ۋە بۇلۇتسىز يامغۇر ياغدۇرغاي، يامغۇر تەربىيەتىسىز سەۋزە كۆكەتتۇرگەي ۋە يۇلتۇز تەسىرىسىز ئالەمدە ياخشى ۋە ياماننى زۇھۇرغا [2] يەتكۈزگەي. چۈنكى ئىش ھېكمەت سەۋەبى بىلەن ئىدى. ھېچ نەرسىنى ۋاستىسىز پەيدا قىلمىدى. ھەممە ئىشقا ۋاستىنى سەۋەب قىلدى. چۈنكى، ۋاستە بولمىسا، ھېچ نەرسىدە شەرەپ مەنزىلەت [3] ۋە تەربىيەت بولمىغىسىدۇر. چۈنكى پېئىل نىزامسىز بولماس، ۋاستىسىزمۇ

---

[1] خىلقەت ــ يارىتىلىش، پەيدا بولۇش.
[2] زوھۇر ــ پەيدا بولۇش، كۆرۈنۈش.
[3] مەنزىلەت ــ مەرتىۋە، دەرىجە.

بولماس. ۋاستىنى شۇ جەھەتتىن پەيدا قىلىدىكى، بىراۋ قاھىر[1]،
بىراۋ مەقھۇر[2]، بىراۋ زورى ئۇچۇن زار بولغاي ۋە بۇلارمۇ
خۇدانىڭ بىرلىكىگە گۇۋاھتۇر. بەس، ئەگەر سەن ھەر ۋاستىنى
كۆرسەڭ، خۇدادىن دەپ بىلگىن. ئەگەر يەر ھوسۇل بەرمىسە
گۇناھنى يەرگە قويمىغىن ۋە ئەگەر يۇلتۇز نەپ يەتكۈزمىسە
يۇلتۇزغا تاۋان[3] قىلمىغىن. چۈنكى، يۇلتۇزنىڭ نەپ يەتكۈزۈش
ياكى يەتمكۈزمەسلىكىمۇ يەرگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى، يەرگە شىكەر
تۇخۇمىنى تېرىساڭ، يەر زەھەر ھاسىل بەرسىمۇ گۇناھ يوقتۇر.
يۇلتۇزمۇ شۇ تەرىقىدىدۇركى، ياخشىنى يامان ۋە يامانىنى ياخشى
قىلالمىغىسىدۇر. خۇدايىتائالا نېمەتنىڭ دادى ئۇچۇن بارچە
ئۇلۇسنى ياراتتى ۋە جىمى نېمەتلەرنى ئۇلار ئۇچۇن بېغىشلىدى.
چۈنكى ئۇلۇسقا ئادالەت ۋە سىياسەت ھەم تەربىيەت قىلماق لازىم
ئىدى. ئەمما رەھنامالىسىز سىياسەت قىلماق خام ئىدى. چۈنكى،
ھەر رىزىق يېگۈچى رىزىقنى ئۆز تەرتىپى ۋە ئادالەت بىلەن
يېيىشى لازىم ئىدى. ئۇنداق بولمىسا، رىزىق بەرگۈچى قەدرىنى
بىلمىگەن ۋە شۈكۈر قىلمىغانلارغا رىزىق بەرگەن بولۇپ قالىدۇ -
دە، ئۇنىڭ جازاسى رىزىق بەرگۈچىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئۆز
كىتابىدا ئېيتقانكى: «مەن ئىنس ۋە جىنسنى ماڭا پەقەت ئىبادەت
قىلىشى ئۈچۈن ياراتتىم». شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋامغا يول
كۆرسەتكەي ۋە رىزىق يېمەكنىڭ قائىدىسىنى ۋە رىزىق
بەرگۈچىگە شۈكۈر قىلماق قائىدىسىنى ئۆگەتسۇن، دەپ
پەيغەمبەرلەرنى خالايىق ئارىسىغا ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت،

---

① قاھىر — قەھىرلىك، غەزەپلىك.
② مەقھۇر — قەھىرگە لايىق.
③ تاۋان — تاپا.

جاھاننى ياراتماق ئەدىل بىلەن تامام بولغاي ۋە رىزىق ئىگىسى رەھنەما پەيغەمبەرلەر بىلەن تامام بولغاي، كامالغا يەتكەي ۋە ھەقىقەتتە رىزىق ئىگىسىنىڭ نېمەت ۋە رىزقىغا پەزىلىتى قانداق بولسا، رەھنەما پەيغەمبەرلەرنىڭ رىزىق ئىگىسىگە نىسبەتەن پەزىلىتى شۇ دەرىجىدىدۇر ۋە رىزىق ئىگىسىنىڭ نېمەت ۋە رىزقىغا ھۆرمەت ۋە ئارزۇسى ۋە قانداق مىقداردا بولسا، ئۆز رەھنەماسىنىڭ ھەققىنى بىلمەكنى ئۆزىگە شۇ مىقداردا ۋاجىپ بىلگەي ۋە رىزىق بەرگۈچىدىن مىننەتدار بولغاي. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرىنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تاكى پەيغەمبەرلىرىمىزگىچە بەرھەق بىلىپ، بارچىسىغا راستچىل ۋە رەھنامە ئىشەنچ بىلدۈرگەي، دىن پەرزلىرى ھەققىنى بەجا كەلتۈرگەي. شۇندىلا ياخشى نام قالدۇرغاي ۋە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكەي.

www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى باب

## ھەقتائاللاغا شۈكۈر قىلىش بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، ھەقتائاللا نېمىتىنىڭ شۈكرى بارچە خەلققە پەرمان ئەندىزىسىچە ۋاجىپتۇر ھەم ئىستىھقاق [1] ئەندىزىسىگىچە ۋاجىپ ئەمەستۇر. چۈنكى، ئەگەر ئادەم بارچە ۋاقىتىنى شۈكۈرگە سەرپ قىلسىمۇ، يەنىلا مىڭدىن بىر نېمەت ھەققىنى بەجا كەلتۈرەلمىگەي. ئەگەر پەرمان ئەندىزىسىچە بولسا، شۈكۈر ھەققىنى بەجا قىلالمىغىسىدۇر. ناۋادا ئاز نېمەتنىڭ ئىگىسى بولغان كىشى كۆپ شۈكۈر قىلسا، راۋا بولۇر. سەن خۇدايىتائالاغا كۆپرەك تائەت ۋە ئىبادەت قىلغىن ۋە ئىتائەتسىز بەندە بولمىغىن. بەندە ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، باشقىلارغا ھۆكۈم يۈرگۈزمەكنى تىلىسە، تېزلا ئابرۇيىدىن چۈشۈپ كېتەر ۋە ھالاك بولۇر.

ئەي پەرزەنت، خەۋەردار بولغىن ھەم زىنھار نامازدا سۇسلۇق قىلماق راۋادۇر، دېمىگىن. ئەگەر دىن يۈزىدىن ئەندىشە قىلمىساڭ، ئەقىل يۈزىدىن ئەندىشە قىلغىنكى، نامازنىڭ پايدىسى كۆپتۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ھەر كىشى پەرز نامىزىنى بەجا كەلتۈرسە، ھەمىشە بەدىنى ۋە كىيىمى پاك بولغۇسىدۇر. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىپلاسلىقتىن پاكلىق ياخشىدۇر. يەنە دېسەك،

[1] ئىستىھقاق — ھەق، ھەقلىق بولۇش.

ئەگەر ناماز ئوقۇسا، غەيۋەتلىك ئەيىبىدىن پاك بولغۇسىدۇر. چۈنكى، نامازنىڭ بىناسى ئەدەپ بىلەن قوپۇرۇلغاي. شۇڭلا تەبىئىتىڭنى ئەدەپكە ئادەت قىلدۇرغىن. يەنە ئېسىڭدە تۇتقىنكى، بارچە دانالارغا مەلۇمدۇركى، ھەر كىشى قايسىدۇر جامائەگە تەۋە بولماقنى خالىسا، شۇ جامائەت بىلەن سۆھبەت قىلماق كېرەكتۇر. ناۋادا كىمكى بەتبەخت ۋە شەقىي[1] بولماقنى خالىسا، يامانلارنىڭ سۆھبىتىنى ئىختىيار قىلۇر، كىمكى بەخت ۋە دۆلەتمەن بولماقنى تىلىسە، ياخشىلارغا تەۋە بولماقنى غەنىيمەت بىلۇر ۋە ئاقىل جامائەنىڭ سۆھبىتىنى ئىختىيار قىلۇر. بەس، ئەي پەرزەنت، ھەمىشە دۆلەتلىك ۋە نېمەتلىك ۋە راھەتلىك بولماقنى تىلىسەڭ، سالىھ ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىن. زىنھار نامازغا بىپەرۋا بولمىغىن، روكۇ ۋە سەجدىنى بەجا كەلتۈرگىن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، نامازغا بىپەرۋا بولماق دىن ۋە دۇنيانى قولدىن بەرمەكتۇر.

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، روزا شۇنداق تائەتتۇركى، بىر يىلدا بىر ئاي بولۇر. ئۇنى تۇتۇشتا سۇسلۇق قىلمىغىن، بۇ ئىنتايىن يارىماسلىقتۇر. ئەقىللىق كىشىلەر بۇنداق سۇسلۇقنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆرمەس. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەرگىز تەئەسسۇب[2] قىلمىغىن، يەنى جەھىل سەۋەبلىك بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن تۇتماققا ياكى بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئاچماققا مايىل بولمىغىن. چۈنكى، روزىنى تۇتۇش ۋە تۇتماسلىقتا قارىغۇلارچە يول تۇتۇلماسلىقى لازىمدۇر. ئاگاھ بولغىنكى، خۇدايىتائالا

---

① شەقىي — گۇناھكار، بەختسىز.
② تەئەسسۇب — قارىغۇلارچە ئەگىشىش.

سىيتىڭ ئاچلىق ـ توقلۇقۇڭدىن ئىبەتتىياجسىزدۇر. يەنە بىلگىنكى، روزا بىر مۆھۈردۇركى، خۇدايىتائالا ئۆز مۈلكىگە باسماق ئۈچۈن ئۇنى روياپقا چىقىرىپتۇ ۋە بۇ مۆھۈرنى قىسمەن ئەزا ئۈچۈن تۇزمەيتۇكى، بەلكى جىمى بەدەن ئۈچۈن تۇزۇپتۇ. روزىدا قول، ئاياغ، قورساق، قۇلاق، كۆزلىرىڭنى گۇناھتىن ئاسرىساڭ ۋە يىتنە ـ پاساتتىن يىراق تۇرساڭ، روزا مۆھۈرىگە لايىقلانغان بولىسەن. بىلگىنكى، روزىدا ياخشى ئىش شۇدۇركى، ئۆزۈڭ كەچلىك تائامغا قانائەت قىلىپ، كۈندۈزلۈك نىيىتىڭنى ئاچلارغا ۋە ئاجىزلارغا بەرگەيسەن. شۇندىلا روزىدا چەككەن رەنجىڭنىڭ پايدىسى زاھىر بولغاي ۋە شۇ پايدىدىن شۇ ۋاقىتتا بەھرە تاپقايسەن، رەنجىڭنىڭ مەنپەئەتى بىر مۇستەھقىقا يەتكەي. ئومۇمەن، بۇ ئۈچ تائەت بارچە جاھان ئەھلىگە ئورتاقتۇر. ئەسلا سۇسلۇقنى راۋا كۆرمىگىن. چۈنكى، بۇ ئۈچ تائەتنىڭ سۇسلۇقىغا ھىچ ئۆزرە يوقتۇر. ئەمما بۇ ئىككى تائەتنى، يەنى پەيغەمبەرلەرگە خاس تائەتنى ئۆزرە بولسا، تەرك قىلماق راۋادۇر. ئەمما بۇ بابتا سۆز كۆپتۇر، لېكىن ئەڭ مۇھىملىرىنىلا بايان قىلدىم.

تۆتىنچى باب

## نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلماق بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، خۇدايىتائالا خاس بەندىلەر ئۈچۈن ئىككى تەرىيق [1] پەيدا قىلدى. ئۇ ھەج ۋە زاكاتتۇر. بۇ ھەقتە خۇدايىتائالا ناۋادا ھەر كىشىنىڭ قۇدرىتى يەتسە، ئۇنىڭ ئۆيىنى، يەنى كەبىنى زىيارەت قىلغاي، دەپ بۇيرىدى ۋە قۇدرىتى يەتمىگەن كىشىگە بۇيرىمىدى. چۈنكى، دۇنيادا پادىشاھلارنىڭ دەرگاھىدىكى مۇئامىلىلەرگىمۇ قۇدرەتلىك ئادەملەر ئىشتىراك قىلۇر، ئاجىزلار بۇنىڭغا قادىر ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سەپەرگە چوڭقۇر ئىشەنچ دەركاردۇر ۋە قۇدرىتى يەتمەي سەپەر قىلماق دانالارنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. چۈنكى، ئىستىبداتسىز سەپەر قىلماق ئۆزىنى ھالاك بىيمىغا [2] سالماقتۇر. ئەمما قۇدرىتىنىڭ يېتىپ تۇرۇپمۇ سەپەر قىلمىساڭ لەززەت ۋە نېمەتنى كېمەيتكەن بولغايسەن. لەززەت ۋە نېمەتنىڭ كامالىغا يەتمىكى شۇ ئىشتا مۇيەسسەر بولۇركى، كۆرمەي كۆررسەن ۋە يېمەي يېگەيسەن ۋە تاپقايسەن. بۇ ئىشلار سەپەردىن ئۆزگە يەردە مۇيەسسەر بولمىغىسىدۇر. چۈنكى، سەپەر قىلغۇچى ياخشى ۋە دانا بولۇر.

---

① تەرىيق — يولىيورۇق، يوسۇن.

② بىيم — خەۋپ ـ خەتەر، تەھلىكە.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەس، خۇدايىتائالا قۇدرەت ۋە نېمەتلىك ئادەملەرگە سەپەر قىلماقنى بۇيرىدى، تاكى قۇدرەت ۋە نېمەتنىڭ ھەققىنى بەرگەي ۋە نېمەت لەززىتىدىن بەھرە ئالغاي، خۇدانىڭ پەرمانىنى ئۆزلىرىگە پەرز بىلگەي ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى زىيارەت قىلغاي. لازىمەتلىكلەر ۋە ئوزۇقلارغا قۇدرىتى يەتمىگەن دەرۋىشلەرگە بۇيرىمىدى. چۈنكى، دەرۋىش ئەگەر ھەج ئىرادە قىلسا، ئۆزىنى ھالاكەت دەشتىدە سەرگەردان قىلغان بولغاي، بىمار دەك تەندۇرۇسلارنىڭ ئىشىغا قول ئۇرغاي. ئۇنىڭ داستانى ئىككى ھاجىغا ئوخشايدۇكى، بىرى دەرۋىش، بىرى كاتتا باي ئىدى.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، بىر زامانلاردا بۇخارا شەھىرىنىڭ ھاكىمى ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلدى، ئۇ ئىنتايىن دۆلەتمەن كىشى ئىدى، ئۇنىڭدەك دۆلەتمەن كىشى ئاز تېپىلاتتى، يۈزدىن ئارتۇق تۆگە ئۇنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەتتى ۋە ئۆزى بىر ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خۇشال ۋە شادىمانلىق بىلەن سەھرايى باياۋاننى تاماشا قىلاتتى. ئۇنىڭغا كۆپلىگەن پۇلدار كىشىلەر ھەمراھ ئىدى. ئەتراپقا كۆن نۇرى تارىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئاچ ۋە ئۇسسۇز ھەم يالاڭ ئاياق بىر دەرۋىش ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى مەغرۇرانە ھالدا نازۇنېمەت ئارىسىدا كېتىۋاتقان رەئىسكە چۈشكەندە، ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق دېدى:

ـــ سەن كۆپ نېمەت بىلەن مېڭىپسەن ۋە مەن بولسام شۇنچە جەبىر ـــ جاپا ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. ئەمما، ھەر ئىككىمىزنىڭلا تارتىدىغان جازايىمىز ئوخشاش بولغۇسىدۇر.

ـــ ئەلۋەتتە، قىيامەت كۈنىدە مېنىڭ جازايىم بىلەن سېنىڭ

جازايىڭ باراۋەر بولغاي. مۇكاپاتمۇ ھەم تەڭ بولغاي. ئەمما، مەن سىپىنىڭدەك كۈندە بولغان بولسام، ھەرگىزمۇ بۇ يولغا قەدەم باسمىغان بولار ئىدىم! — دېدى ھاكىم.

— نېمە ئۈچۈن؟— دەپ سورىدى دەرۋىش.

ھاكىم دېدىكى:

— بۇ شۇ جەھەتتىنكى، مەن خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلمەكتىمەن ۋە سەن خۇدانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماقتىسەن. مېنى خۇدا چىللىدى. دېمەك، مەن مېھماندۇرمەن، ئەمما سەن تۈپەيلى[①] گە ئوخشايسەن. تۈپەيلىينىڭ ئىززىتى مېھماننىڭ ئىززىتىچە بولماس. خۇدايىتائالا ھەج قىلماقنى قول - ئىلكىدە بارلارغا بۇيرىدى ۋە دەرۋىشلەرگە دېدى: «ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار». سەن بۇيرۇمىغان ئىشقا ئاتلىنىپ، ئاچ - ئۇسسۇز، يالاڭ ئاياق كەلدىڭ ۋە ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە سالدىڭ، ئىشنى خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن قىلمىدىڭ. سەن قول ئىلكىدە بارلار بىلەن باراۋەر بولماقنى خالايسەن. ھەر كىشىكى ئۆز ھالىغا قاراپ ھەج قىلسا، خۇدانىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، بەرگەن نېمىتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر قۇدرەت ۋە چىقىمنى كۆتۈرۈشكە قۇربىڭ يەتسە، ھەج قىلىشقا ئەسلا تەقسىر قىلمىغىن. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەجنىڭ سەرەمجەنلىرى بەش خىل بولىدۇ. ئۇلار: مۆھلەت، مۇددەت، نېمەت، راھەت ۋە نىيەت. بۇلاردىن بەھرە تاپقاندىن كېيىن تائەتنى كامالىغا يەتكۈز، نىيەت قىل ۋە

① تۈپەيلى — چاقىرىلمىغان، ئەمما چاقىرىلغانلارغا ئەگىشىپ بارغۇچى.

بىلگىنكى، قۇدرىتىنىڭ يەتسە، ھەج ھەرقانداق ئەھۋالدا قىلىنىشقا تېگىشلىك تائەتتۇر، ئەگەر نىيەتنى كېيىنكى يىلغا قويساڭمۇ راۋا بولۇر. ۋە لېكىن زاكات بىر تائەتتۇركى، ئەگەر مال ـ مۈلكۈڭ بولسا، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىلماس ۋە خۇدايىتائالا زاكات بەرگۈچىلەرنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن سانايدۇ. زاكات بەرگۈچىلەر باشقا جامائەنىڭ ئىچىدە خۇددى پادىشاھ مىسالىدەكتۇر، پادىشاھ نېمەت بەرگۈچى ۋە ئۆزگىلەر نېمەت يېگۈچىدۇر. خۇدايىتائالا بىر جامائەنى كەمبەغەل ۋە بىر جامائەنى پۇلدار يارىتىپتۇ. گەرچە بارچىنى مال ـ دۇنيالىق قىلماققا قادىر بولسىمۇ، لېكىن شۇ جەھەتتىن ئىككى گۇرۇھ قىلدىكى، يۇقىرى مەرتىۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر سەۋەبلىك بارلىققا كەلگەي. چۈنكى، پادىشاھ ھەر كىشىنى بىر شەھەرگە ھاكىم قىلسا، ئۇ كىشى ھوقۇق يۈرگۈزۈپ تاپقان نېمەتنى ئۆزى يەپ، پادىشاھقا ھېچ نەرسە بەرمىسە، پادىشاھ قەھرىدىن يىراق بولمىغاي. شۇنداق بولغانىكەن، دۆلەت ۋە نېمەتلىك كىشى زاكات بەرمىسە، خۇدانىڭ غەزىپىدىن ئامان قالمىغاي. زاكات ساڭا ھەر يىلدا بىر قېتىم پەرزدۇر، ئەمما سەدىقە پەرز ئەمەستۇر. شۇنداقتىمۇ مۇرۇۋۋەت ۋە شەپقەت يۈزىدىن قۇدرىتىڭ يەتكىنىچە سەدىقە بەرگىن ۋە سۇسلۇق قىلمىغىن. چۈنكى، سەدىقە بەرگۈچىلەر ھەمىشە خۇدايىتائالانىڭ رەھمىتىدە بولغاي ۋە خۇدايىتائالادىن رەھمەتكە ئېرىشمەكنى غەنىيمەت بىلگەي.

ئەي پەرزەنت، ھەج ۋە زاكات توغرىسىدا كۆڭلۈڭگە زىنھار شەك كەلتۈرمىگىن ۋە تىلىڭغا بىھۇدە سۆز جارى قىلمىغىن. ھەرگىزمۇ نېمىشقا زاكات دەپ يىگىرمە دىناردىن يېرىم دىنار،

ھەتتا تۆگە، قويلاردىن زاكات ئالۇر ۋە نە ئۈچۈن قۇربان قىلۇر؟ دېگەندەك گۇمانلىق ئويلاردا بولما. پەقەت خۇدانىڭ ئەمرى قانداق بولسا، شۇنى ئادا قىلغىن ۋە ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھەققىدە ياخشى بىلگىن.

بەشىنچى باب

## ئاتا ۋە ئانا ھەققىنى بىلمەك باياندا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئەقىل يۈزىسىدىن پەرزەنتكە ئاتا ـ ئانىنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت قىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسلى ئاتا ۋە ئانىدۇر. ئاتا ۋە ئانىنى نېمە ئۈچۈن ھۆرمەت قىلىمەن، دېگەن ئىككىلىنىشنى كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمىگىن. بىلگىنكى، ئۇلار سېنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگىمۇ تەييار تۇرىدۇ.

ھەرقانداق پەرزەنت ئاقىل ۋە دانا بولسا، ھېچ ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىنىڭ مېھىر ھەققىنى ئادا قىلماقتىن خالىي بولمىغۇسىدۇر. ئاتا ـ ئانا پەرمەنبەرداردۇر. بۇ پەرمەنبەردارلىقتىمۇ ئىش بولغاي ۋە پەرمان بولغاي. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشى سېنى پەرۋىش قىلماقتۇر. پەرمان ساڭا ياخشىلىقنى ئۆگەتمەكتۇر. ئەي پەرزەنت، شۇ ۋەجىدىن ئاتا ـ ئاناڭنى قىلچىمۇ رەنجىتمىگىن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەمىرۇلمۆئمىنىن ئەلىدىن سورىدىلەركى:

— پەرزەنتتە ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى قانچىلىكتۇر؟

ھەزرەت ئەلى دېدى:

— ھەقتائاللا بۇ ئەدەپنى رەسۇلۇللانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدە ئايان قىلدى. چۈنكى، بۇ ھەزرەت ئاتا ـ ئانىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھاياتلىق ئەپيامىنى تاپسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يورۇمەسلىك، ئۇلارنىڭ ھەققىنى بىلمەك ۋە ئۇلارغا پەرزەنتلىك بۇرسىدىن ھۆرمەت بىلدۈرمەك ۋاجىپ بولۇر ئىدى.

بەس، ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىگە دىن نۇقتىسىنەزىرىدىن رىئايە قىلمىساڭمۇ، ئەقىل يۈزىدىن، مۇرۇۋۋەت يۈزىدىن رىئايە قىل. چۈنكى ئاتا ـ ئانا ئەسلىدە سېنى جان ۋە دىل بىلەن پەرۋىش قىلدۇ. ئەگەر ئۇلار ھەققىدە كەمچىلىك سادىر قىلساڭ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتا سۇسلۇق قىلساڭ، سەن ھېچقاچان ياخشىلىققا سازاۋەر بولالمايسەن. چۈنكى ھەر كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ قەدرىنى بىلمىسە، ئۆزگىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ قەدرىنى تېخىمۇ بىلمىگۈسىدۇر. ئۆز پەرزەنتىڭنىڭ ساڭا نىسبەتەن قانداق بولۇشىنى خالىساڭ، سەنمۇ ئاتا ـ ئاناڭغا شۇنداق بولغىن، ئاتا ـ ئاناڭغا نېمە ئىش قىلساڭ، پەرزەنتىڭمۇ ساڭا شۇنداق ئىش قىلۇر. چۈنكى، پەرزەنت مېۋىگە، ئاتا ـ ئانا دەرەخكە ئوخشاشتۇر. دەرەختىنى ھەرقانچە تەربىيەت قىلساڭ، مېۋىسى شۇنچە ياخشىراق ۋە شېرىنراق بولۇر. ئاتا ـ ئاناڭغا ھۆرمەت ۋە ئىززەتنى قانچە كۆپ قىلساڭ، ئۇلارنىڭ دۇئاسى شۇنچە تېز ئىجابەت بولۇر.

زىنھار مىراس ئالماق نىيىتىدە ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمىگىن. ئۇلارنىڭ رىزقى بىلەن سېنىڭ رىزقىڭ يېتىشۇر. ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمىگىن، چۈنكى ئاتا ـ ئانا ئۆلمەي يۈرسىمۇ، رىزقىڭ يېتىشىۋېرىدۇ، چۈنكى رىزىق تەقسىملەنگەندۇر ۋە ئۇ ھەر خىل يول بىلەن ھاسىل بولۇر. رىزىق ـ نېسىۋە ئۆزۈڭنى كۆپ رەنج ـ مۇشەققەتكە سالمىغىن، رىزىق رەنجى ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن كۆپ بولمىغاي.

قورۇ ـ جايى سەندىن ياخشىراق بولغان كىشىلەرگە قارىمىغىن، قورۇ ـ جايى سېنىڭكىدىن ناچارراق بولغان كىشىلەرگە قارىغىن.

ئەگەر نامرات بولساڭ، ئەقىل بىلەن باي بولماققا ھەرىكەت قىلغىن، مال ـ دۇنيا بىلەن باي بولغاندىن ئەقىل بىلەن باي بولغان ياخشىراقتۇر. چۈنكى، ئەقىل بىلەن مال جەملىگىلى بولغاي. ئەمما مال ـ دۇنيا بىلەن ئەقىل ئۆگەنگىلى بولماس. بىلگىنكى، ئەقىل بىر بايلىقتۇركى، ئۇنى ئوغرى ئالالماس، ئۇ ئوتتا كۆيمەس، سۇدا ئاقماس.

بەس، ئەگەر ئەقىلىڭ بولسا، ھۈنەر ئۆگەنگىن، چۈنكى ھۈنەرسىز ئەقىل ـــ باشسىز تەن، سۈرەتسىز بەدەندۇر. شۇنداق دېيىلگەنكى، ئەدەپ ـــ ئەقىلنىڭ سۈرىتىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئالتىنچى باب

## ھۈنەرنىڭ شاراپىتى بىلەن قەدىر ـ قىممەتلىك ۋە ئالىي تەبىئەتلىك بولماق بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئاگاھ بولغىنكى، ھۈنەرسىز كىشى ھەرقاچان پايدىسىز بولۇر ۋە ھېچ كىشىگە نەپ يەتكۈزەلمەس. بىلىسەنكى، خارى موغىلان[1] نىڭ تېنى باردۇر، ئەمما سايىسى يوقتۇر. ھۈنەرسىز كىشىمۇ خارى موغىلانغا ئوخشاش نە ئۆزىگە ۋە نە ئۆزگىگە پايدا بەرمەس.

ئەگەر كىشى ھەرقانچە ئالىي نەسەب ۋە ئېسىل بولسىمۇ، ئەمما ھۈنىرى بولمىسا، خالايىقنىڭ ھۆرمەت ۋە ئىززىتىدىن مەھرۇم قالۇر. ئەگەر كىشىدە ھەم نەسەبە گۆھىرى چەم ھۈنەر زېۋەرى[2] بولمىسا، ئۇنىڭ ھالى تېخىمۇ ياماندۇر. نىيەت قىلغىنكى، ئەگەر گۆھەرنىڭ قانچىلىك ئېسىل بولسا، ئۇنىڭغا تەمەننا قويمىغىن، چۈنكى تەن گۆھىرى ھۈنەر زىننىتى بىلەن مۇزەييەن[3] بولمىسا، ئۇ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمىگۈسىدۇر. بۇ ھەقتە «ئۇلۇغلۇق ئەقىل ۋە دانىشمەنلىك بىلەندۇر، گۆھەر ۋە نەسەب بىلەن بولماس» دېيىلگەندۇر.

① خارى موغىلان ــ تىكەنلىك ئۈسۈملۈك.
② زېۋەر ــ بېزەك، زىننەت.
③ مۇزەييەن ــ زىننەتلەنگەن.

ئىسسىمنى ئاتا - ئاناڭ قويىدۇ، سەن ئۇنىڭدىن مەغرۇرلانمىغىن. چۈنكى، ئىسىم دېگەن مەھز[1] بىر نىشانىدىن ئۆزگە نەرسە ئەمەستۇر. ئەمما سەن ھۈنەر بىلەن ئۆزۈڭگە لايىق نامغا ئىگە بولغىن. ئۆزۈڭنى «جەئفەر»، «مۇھەممەد»، «ئەھمەد»، «ئۇستاز»، «غوجا»، «پازىل» ئىسمى بىلەن ئاتىساڭمۇ، ئەمما شۇ نامغا لايىق بولمىساڭ، ئۇ ئىسىم ئەمەستۇر. ئەگەر كىشىدە نەسەب گۆھىرى بولسىمۇ، ئەمما ھۈنەر زىبۇەرى بولمىسا، ئۇ ھېچ كىشىنىڭ سۆھبىتىگە لايىق ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ ئىككى گۆھەرنى ھاسىل قىلغان كىشىنى تاپساڭ، ئېتىكىنى مەھكەم تۇتقىن ۋە ئۇنىڭدىن قولۇڭنى ئۈزمىگىن، بىلگىنكى ئۇ بارچە كىشىلەرنىڭ مۇشكۇلىنى ئاسان قىلغاي.

بارچە ھۈنەردىن سۆز ھۈنىرى ياخشىراقتۇر. چۈنكى، ھەممە مەخلۇقاتتىن ئادەم ياخشىراق يارالدى ۋە ئۆزگە جانىۋارلاردىن ئادەم ئون ھەسسە ئەلادۇر ۋە بۇ ئون دەرىجە ئادەمنىڭ بەدىنىدە ھەمىشە باردۇر. بەشى تېشىدا زاھىردۇر، بەشى ئىچىدە پىنھاندۇر. پىنھان نەرسىلەرنىڭ بىرىنچىسى، بىر نەرسىنى ياد ئالماق؛ ئىككىنچىسى، ھەمىشە ئەستە ساقلىماق؛ ئۈچىنچىسى، تەخەييول[2]؛ تۆتىنچىسى تەھەۋۋۇر[3]، بەشىنچىسى، تەكەللۇم[4].

تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈكى تېشىدا زاھىردۇر: بىرىنچى، ئاڭلىماق؛ ئىككىنچى، كۆرمەك؛ ئۈچىنچى، ھىد بىلمەك؛ تۆتىنچى، تېتىماق؛ بەشىنچى، سىيلىماق، يەنى سەزمەك. بۇلار گەرچە باشقا

① مەھز — خالىس.
② تەخەييول — خىيالغا كەلتۈرمەك.
③ تەھەۋۋۇر — شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش.
④ تەكەللۇم — سۆزلەش.

جانىۋارلاردا بولسىمۇ، ئادەمدە بولغاندەك ئەمەستۇر. بۇ سەۋەبتىن ئادەمزات ئۆزگە جانىۋارلارغا پادىشاھ دەرىجىسىدىدۇر.

شۇلارنى بىلگىنىڭدىن كېيىن تىلىڭنى ياخشى ھۈنەر بىلەن كۆندۈرگىن ۋە مۇلايىم سۆزدىن باشقا نەرسىنى ئادەت قىلمىغىن. چۈنكى، تىلغا ھەرقانداق سۆزنى ئۆگەتسەڭ، شۇنى ئېيتۇر، سۆزنى ئۆز جايىدا ئىشلەتكىن. ئەگەر ئورۇنسىز ئىشلىتىلسە، مەيلى ئۇ ھەرقانچە ياخشى سۆز بولسىمۇ يامان، ناباب ئاڭلانغاي. شۇنىڭ ئۈچۈن بىھۇدە سۆزلىمىگىنىكى، پايدىسىزدۇر. بۇنداق پايدىسىز سۆز زىيان كەلتۈرەر ۋە ھەر سۆزكى ئۇنىڭدىن ھۈنەر پۇرىقى كەلمىسە، بۇنداق سۆزنى دېمەسلىك لازىم. ھېكىملەر دەپتۇلەركى: «سۆز بىر نەشىدۇر، ئۇنىڭدىن خۇمار پەيدا بولۇر.»

ئەمما سورالمىغان سۆزنى ئېيتمىغىن ۋە بىھۇدە سۆزدىن پەرھىز قىلغىن، ھەربىر سۆز سورالسا، راستىنى ئېيتقىن. سەندىن تەلەپ قىلمىسا، ئۆزگىگە نەسىھەت قىلمىغىن، ئەقىل ئۆگەتمىگىن، خۇسۇسەن سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىغان كىشىگە ھېچقاچان سۆز ئېيتما، چۈنكى بۇنداق كىشىلەر نەسىھەتنى ئاڭلىمىغاي. كۆپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر كىشىگە پەند ـ نەسىھەت قىلمىغىن.

ئەگەر بىرەر كىشى يالغانچىلىقتا ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ يېنىغا بارمىغىنكى، ئۇ ھەرگىز راست سۆزلىمەس. چۈنكى بىر دەرەخ ئەگرى بولسا، تاكى ئۇنى چېپىپ تۈزلىمىگۈچە ئۇ توغرا بولماس.

مۇلايىم سۆزگە بېخىل بولمىغىن، خەلق مۇلايىم سۆز ئاڭلىمىسا، مال ۋە دۇنياغا مەغرۇر بولۇر. قاتتىق سۆز دېمىگىن، ئۆزۈڭمۇ ياخشى سۆز ئاڭلىمىغايسەن. شور يەرگە ئۇرۇغ چاچمىغىنكى، هوسۇل بەرمىگەي، مېهنىتىڭ بىهۇدە بولغاي، يەنى ياخشىلىقنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلماق شور يەرگە ئۇرۇق چاچماقتۇر. ئەمما ياخشىلىققا لايىق كىشىدىن ياخشىلىقنى دەرىغ تۇتمىغىن ۋە ئۇنىڭغىمۇ ياخشىلىقنى ئۆگەتكىن.

ئەي پەرزەنت، ياخشىلىق قىل ۋە قىلغان ياخشىلىقتىن هەرگىز پۇشايمان قىلما. بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ، كۆرگىنكى، ياخشىلىق قىلغان ۋاقىتتا ئۇ كىشىگە نەقەدەر راهەت يەتكەن بولسا، سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ ئۇنىڭدىن زىيادىراق شادلىق ۋە خۇشاللىق يېتىدۇ. ئەگەر بىر كىشىگە يامانلىق قىلساڭ، ئۇنىڭغا قانچىلىك رەنج يەتسە، سېنىڭ كۆڭلۈڭگىمۇ شۇقەدەر تەڭلىك يېتىشۇر. دېمەك، بۇ جاهاندا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مۇكاپاتى چوقۇم يەتكۈسىدۇر. مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە هەيران بولمىغىنكى، هەر كىشى پۈتۈن ئۆمرىدە بىر كىشىگە ياخشىلىق يا يامانلىق قىلغان بولسا، بۇ هەقتە ئەندىشە قىلسۇن، مېنىڭ بۇ سۆزۈم راستتۇر. بەس، ئەگەر قىلالىساڭ هېچ كىشىدىن ياخشىلىقنى دەرىغ تۇتمىغىن، ياخشىلىقنىڭ پايدىسى هامان بىركۈنى رويابقا چىقار.

هېكايەت:

مۇنداق بىر ئىشنى ئاڭلىغانىدىم: باغداد خەلىپىسى

www.uyghurkitap.com

مۇتەۋەككىلنىڭ پەتىھ ئاتلىق بىر قۇلى بار ئىدى، ئۇ ناھايىتى دانىشمەن، كىلىشكەن، ئەدەپلىك ۋە تەۋەككۇلچى ئىدى. ھەممە ئىلىم ۋە سەنئەتنى ئۆگەنگەنىدى. مۇتەۋەككىل پەتىھنى پەرزەنتى ھېسابلاپ، ئۇنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىنمۇ ئەزىزرەك بىلەتتى. بىركۈنى پەتىھ سۇدا ئۈزۈشنى ئۆگىنەمەكچى بولۇپ تىلىدى ۋە كېمىچىلەر كېلىپ، ئۇنىڭغا دەجلە دەرياسىدا سۇدا ئۈزۈشنى ئۆگەتتى. ئەمما پەتىھ ياش بالا ئىدى، سۇدا ئۈزۈشنى تېخى ئۇنچە ياخشى بىلمەيتتى، شۇنىڭغا قارىماي: «مەن ئەمدى سۇ ئۈزۈشنى ياخشى ئۆگەندىم» دەپ كېمىچىلەرگە ئېيتماي، تەنھا ئۆزى دەجلە دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا بېرىپ، ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. سۇنىڭ ئېقىمى تېز بولغاچقا، پەتىھنى ئېقىتىپ كەتتى. پەتىھ سۇ ئۈزۈشكە تېخى ئاجىز ئىدى ۋە سۇنىڭ يۈزىدە لەيلەپ ئېقىپ كېتىشكە باشلىدى. بىر ئايلانمىدا دەريا قىرغىقىدا سۇ دولقۇنى ھاسىل قىلغان ئۆڭكۈرلۈكلەر بار ئىدى. پەتىھ شۇ ئۆڭكۈرلۈكلەرنىڭ بىرىگە چۈشۈپ ئولتۇردى ۋە «جېنىمنى ھالاكەت گىردابىدىن قۇتقۇزدۇم، ئەمدى خۇدايىتائالا نېمىنى خالىسا، ئۇنى كۆرەرمەن» دەپ يەتتە كۈنگىچە مەزكۇر ئۆڭكۈردە ئولتۇردى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن: «پەتىھ سۇغا چۈشۈپ غەرق بولدى ۋە سۇنىڭ يۈزىدە ئېقىپ كەتتى. قىرغاقتا چىقتىمۇ يا چىقمىدىمۇ، بىلمىدۇق» دەپ مۇتەۋەككىلگە خەۋەر يەتكۈزۈشتى. مۇتەۋەككىل كېمىچىلەرنى چاقىرىپ دېدى:

— ھەرقانداق كىشى پەتىھنىڭ ئۆلۈكىنى يا تىرىكىنى كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا مىڭ دىنار بېرىمەن:

شۇنىڭدىن كېيىن مۇتەۋەككىلنىڭ ئۆزىمۇ «تاكى پەتنىنى كۆرمىگۈچە تائام يېمەيمەن» دەپ قەسەم ئىچتى. كېمىچىلەر ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاپ شۇڭغۇپ ۋە ئۈزۈپ، ھەر تەرەپكە بېرىپ پەتنىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

ناھايەت، يەتتىنچى كۈنى بىر كېمىچى ھېلىقى ئۆڭكۈرگە يېتىپ بېرىپ، پەتنىنى كۆرۈپ شادلاندى ۋە ئۇنىڭغا:

— مۇشۇ يەردە تۇرغىن، مەن بېرىپ قېيىق ئەكېلىپ، سېنى خەلىپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتەي، — دېدى ۋە تېزلا خەلىپىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كېلىپ:

— ئەي، ئەمىرۇلمۆئمىنىن، ئەگەر مەن پەتنىنى سېنىڭ ئالدىڭغا تىرىك ئېلىپ كەلسەم، ماڭا نېمە بېرىسەن؟— دېدى.

— بەش مىڭ دىنار بېرىمەن! — دېدى مۇتەۋەككىل.

كېمىچى شۇ ھامان قايتىپ بېرىپ، پەتنىنى ئېلىپ كەلدى. خەلىپە ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان دىنارنى بەردى ۋە ۋەزىرىگە دېدى:

— خەزىنىگە بارغىن ۋە قانچىلىك مال - دۇنيا بولسا، يېرىمىنى نامراتلارغا بەرگىن!

شۇنىڭدىن كېيىن خەلىپە بۇيرىدى:

— تائام كەلتۈرۈڭلار، پەتنە يەتتە كۈندىن بېرى ئاچتۇر!

— ياق، مەن توقتۇرمەن، — دېدى پەتنە.

— دەجلە دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تويغانسەن، ھەقىچان ئە — دېدى خەلىپە چاقچاق قىلىپ.

— ياق، — دېدى پەتنە، — يەتتە كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى بىر تاۋاق ئىچىدە يىگىرمە ئەتراپىدا نان سۇنىڭ يۈزىدە ئېقىپ كېلۇر

ئىدى، مەن تېزلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ نان ئېلىپ يەر ئىدىم. مېنىڭ تىرىك قىلىشىمغا مانا شۇ سەۋەب بولدى.

شۇ نانلارنىڭ ھەربىرىگە مۇنداق خەت يېزىلغانىكەنمىش: «مەنكى، مۇھەممەد بىننى ھۇسەيىن ئەل ئەسكاف، يەنى بۇ نانلارنى تاشلىغان كىشى ھۇسەيىن موزدۇزنىڭ ئوغلى مۇھەممەدتۇر.»

مۇتەۋەككىل «ھەر كۈنى دەجلە دەرياسىغا نان تاشلىغان كىمدۇر؟ ئەمىرۇلمۆئمىنىن ئۇنى قەدىرلەيدۇ ۋە بەختىيار قىلىدۇ، ئۆزىنى مەمۇل قىلسۇن!» دەپ شەھەرگە جار سالدۇردى. ئەتىسى بىر كىشى كېلىپ:

— سىلە ئىزدىگەن كىشى مەن شۇ، — دېدى. خەلىپە:

— نىشانىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۇ كىشى:

— نىشانىم يوقتۇر، ئەمما ھەربىر ناننىڭ يۈزىگە «ھۇسەيىن بىننى ئەل ئەسكاف» دەپ يازغان خەت بار، — دەپ جاۋاب بەردى.

خەلىپە:

— نىشانىڭ دۇرۇستۇر، سېنىڭ دەرياغا نان تاشلاۋاتقىنىڭغا نەچچە مۇددەت بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— بىر يىل بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— بۇنىڭدىن مەقسىتىڭ نېمە؟ — سورىدى خەلىپە.

— مەن ياخشىلىق قىلىپ دەرياغا نان تاشلىغىن، ھامان بىركۈنى ساڭا پايدىسى تېگەر، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. مېنىڭ قولۇمدىن باشقا ياخشىلىق كەلمەس ئىدى، پەقەت قۇدرىتىمنىڭ يېتىدىغىنى ئۇشبۇ نان ئىدى. شۇڭا ئۇنى دەرياغا تاشلاپ،



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن ماڭا قانداق پايدا تېگەركىن، دەپ كۈتۈپ ئولتۇردۇم، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

— سەن نېمىنى ئاڭلىدىڭ، شۇنى قىلدىڭ، نېمىنى قىلدىڭ، شۇنىڭ پايدىسىنى تاپتىڭ، — دېدى خەلىپە.

خەلىپە دەرھال ئۇنىڭغا باغدادتا كۆپ مال ـ دۇنيا ۋە ئەسۋاب بەردى ۋە ئۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە مۆھتەرەم ۋە ھۆرمەتلىك بولدى. ئۇنىڭ ئەۋلادى ۋە نەسلى تېخىچە باغدادتا باردۇر. مەن ئەل قايىمبى ئەمرىللاھى زامانىدا ھەجگە بارغانىدىم. بەيتۇللانى زىيارەت قىلىپ باغدادقا يېتىپ كەلدىم. باغدادتىمۇ ئۇ كىشىنىڭ پەرزەنتلىرىنى كۆردۈم. ئۇ كىشىنىڭ ھېكايىتىنىمۇ ئۇنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن يۇقىرىقى تەرزدە ئاڭلىدىم.

ئەي پەرزەنت، ھەرگىز ياخشىلىق قىلماقنى تەرك قىلمىغىن. ھەمىشە خالايىققا ياخشىلىقنى ئاتا قىلغىن، ئەسلا ئۇنىڭ ئەكسىنى كۆرسەتمىگىن، ناباب تىل بىلەن سۆزلىمىگىن. ناباب كۆڭۈل بىلەن پىكىر قىلمىغىن. بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتمىغىن ۋە بارچە جايدا ئۆزۈڭدىن نەپ يەتكۈزگىن. ھەر كىشىكى ئۆزىدىن نەپ بەرسە، ئۆزىگە ھەم ئەلدىن ياخشىلىق يەتكەي. ئەگەر غېمىڭ بولسا، غەم ۋە شادلىقى بار كىشىنىڭ يېنىدا ئېيتىقىن، شادلىقنى بولسا، ناشاد كىشىلەرنىڭ يېنىدا ئىزھار قىلمىغىن. ھەر خىل ئىش ئۈچۈن خاپا بولۇۋەرمىگىن، بۇ كىچىك بالىنىڭ ئىشىدۇر.

بىلگىنكى، دانىشمەنلەر ئاخىرى غەم بولغان شادلىقنى شادلىق ھېسابلىماس ۋە ئاخىرى شادلىق بولغان غەمنىمۇ غەم

ھېسابلىماس. ئۈمىدسىزلىك دەملىرىدە ئۈمىدلىك بول ۋە ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پاتمىغىن. ھېچ كىشىنىڭ مېھنىتىنى زايە قىلمىغىن ۋە ھەر كىشىنىڭ ئەجرىگە لايىق ھەققىنى بەجا كەلتۈرگىن. خۇسۇسەن، ئۆزۈڭنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرىڭغا ئىمكانىڭ بارىچە ياخشىلىق قىلغىن ۋە ئۆزۈڭنىڭ قەبىلە ـ ئۇرۇقۇڭدىكى ياشانغانلارنى ھۆرمەت قىلغىن. لېكىن، ئۇلارغا پۈتۈنلەي مۇخلىس بولمىغىن. ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسەڭ، ئەيىبلىرىگىمۇ قارىغىن. ئەگەر ياتتىن خەۋپسىز بولساڭ، بۇ خەۋپسىزلىكنى خەۋپلىك گۇمان قىلمىغىن. گۇمان قىلىپ زەھەر ئىچىش نادانلىقتىنمۇ يامانراقتۇر.

خەلقنىڭ ئاز ھۈنىرىنى كۆپ كۆرگىن، ھەققىنى ياخشى بىلگىن. ھۈنەرسىزلىكتىن، خەبەرسىزلىقتىن ياخشى نام ۋە ياخشى تائام كەلتۈرەلىسەڭ، ھۈنەرسىز، خەبەرسىز بولغىن. بولمىسا، ھۈنەر ئۆگەنگىن. ئۆگەنمەك، ئاڭلىماقتىن نومۇس قىلغىن. شۇندىلا خىجالەت ۋە پۇشايماندىن قۇتۇلغايسەن.

خالايىقنىڭ ئەيىبى ۋە ھۈنىرىگە باققىن، ئۇلارنىڭ نەپ ۋە زەرىرى نە چاغلىقتۇر؟ بۇنىڭ پايدا ۋە زىيانلىرى قايسى يەرگە قەدەر يېتىپ بارۇر؟ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مەنپەئەتىڭنى تەلەپ قىل. قايسى ئىشنىڭ خەلقنى مەنپەئەتكە يېقىن قىلىدىغانلىقىنى بىلگىن. ئۆزۈڭ ئەنە شۇنداق ئەقىل ۋە ھۈنەرنى ئۆگەنمەك بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلەرسەن. بۇ ئىش ساڭا ئىككى نەرسە بىلەن ھاسىل بولۇر: يا بىلگەن ھۈنەرگە يارىشا ئىش قىلماق بىلەن ياكى بىلمىگەن ھۈنەرنى ئۆگەنمەك بىلەن.

سوقرات شۇنداق دېگەندى: «ھۇنەردىن ياخشىراق نەرسە يوقتۇر ۋە دانالىقتىن ئۇلۇغراق نەرسە يوقتۇر. شەرم ـ ھايادىن ياخشىراق دوست يوقتۇر ۋە بەتخۇيلۇقتىن يامانراق دۈشمەن يوقتۇر.» ھۈنەرنى شۇنداق ۋاقىتتا ئۆگىنىسەنكى، بىر سائەتنىمۇ قولدىن بەرمەسلىكىڭ كېرەك. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا دانا كىشى ھازىر بولمىسا، ناداندىن ئۆگەنگىن. چۈنكى، زۇنەرنى ناداندىن ياخشىراق ئۆگىنىش كېرەكتۇر. بۇ شۇ جەھەتتىنكى، ھەر ۋاقىت كۆڭۈل كۆزى ۋە ئەقىل نەزەرى بىلەن نادانغا باقساڭ، نالايىق ئىشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلۇرسەن. ئىسكەندەر دېدى: «بارچە دوستلاردىن كۆپ مەنپەئەت تاپارمەن، ئەمما دۈشمەنلەردىن ئۇنىدىنمۇ كۆپرەك مەنپەئەت تاپارمەن. سەۋەبى مېنىڭ يامان پېئىلىمنى دوستلار مەنپەئەت يۈزىدىن پىنھان تۇتىدۇ ۋە مەن ئۇنى بىلمەي قالىمەن. دۈشمەنلەر دۈشمەنلىك يۈزىسىدىن ئۇ پېئىلنى ماڭا ئېيتار ۋە مەن ئۇ پېئىلنى ئۆزۈمدىن يىراق قىلۇرمەن.»

ئەي پەرزەنت، سەنمۇ ھۈنەرنى دانادىن ئۆگەنمىسەڭ، ناداندىن ئۆگەنگىن. بارچە چوڭ ـ كىچىككە ھۈنەر ئۆگەتمەك ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئادەم ھۈنەر ئۆگەنمەك بىلەن ئەتراپىدىكىلەردىن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولۇر. چۈنكى، ئۆزۈڭدە ھۈنەر كۆرۈپ، ئۆز تەڭتۇشلىرىڭدا ئۇنى كۆرمىسەڭ، ئۆزۈڭنى ئۇلاردىن يۇقىرى كۆرۈسەن ۋە ئۇلارمۇ سېنى ئۆزلىرىدىن يۇقىرى مەرتىۋىدە بىلىدۇ. ھۈنەرۋەن كىشى شۇدۇركى، پەزىلىتى ۋە ھۈنەر سەۋەبى بىلەن قەدىر ۋە مەرتىۋىسى ئۆزگىلەردىن يۇقىرى بولغانلىقىنى

بىلىپ، پەزىلەت ۋە ھۈنەرگە بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشىراق پازىل ۋە ھۈنەرۋەن بولغاي. ھەر كىشى بۇنداق قىلسا، تىرلاخەلقىنىڭ ئارىسىدا ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغاي. بەس، بۇنى بىلگەن كىشى ھۈنەر ۋە پەزىلەتتىن قول تارتسا، بۇ ئەقىلسىزلىكنىڭ نىشانىسىدۇر. ھۈنەر ئۆگەنمەككە مېھنەت قىلماق، بەدەننى چېنىقتۇرماق، يەنى بىكارچىلىقتىن ساقلانماق پايدىلىقتۇر. چۈنكى، بىكارچىلىق بەدەننىڭ يارىماس ۋە بىمارلىقىغا سەۋەب بولۇر. ئەگەر بەدەنگە رەنج بېرىپ، ئۇنى ئۆزۈڭگە خىزمەت قىلدۇرمىساڭ، قەھر بىلەن مەرتىۋىلىك بولالمايسەن. چۈنكى، بەدەن بوش ۋە راھەتنى دوست تۇرقىنى سەۋەبلىكمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ساڭا پەرمانبەردار بولماس. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەدەندە ئەسلىي ھەرىكەت يوقتۇر. ئۇ ھەرىكەتنى پەرمان بىلەن قىلۇر. ئۆز مۇرادى بىلەن قىلماس ۋە تاكى سەن بۇيرۇمىغىچە بەدىنىڭ ھېچ ئىشقا رىغبەتى بولماس.

بەس، ئەي پەرزەنت، بەدەننى ئۆزۈڭگە قۇل قىل ۋە قەھر بىلەن ئىتائەتكە كەلتۈر.

ھەر كىشى ئۆز بەدىنىنى ئۆزىگە پەرمانبەردار قىلسا، ئۆزگىلەرنىڭ بەدىنىنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرەلەيدۇ. چۈنكى، ھەر كىشى ئۆز بەدىنىنى ئۆز بەدىنىگە پەرمانبەردار قىلسا، پەزىلەت ۋە ھۈنەر ئۆگەنمەك بىلەن ئىككى جاھاننىڭ سالامەت ۋە شاراپىتىنى ھاسىل قىلۇر.

بارچە دانىش ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ سەرمايىسى: ئەدەپ، تەۋازۇ، ھايا، پاك دىللىق، پەرھىزكارلىق، ئازارسىزلىق، سەۋر ۋە

مەتانەتلىك بولۇشتۇر. لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا بولۇركى، شەرم كىشىگە زىيان كەلتۈرىدۇ. شۇنداق شەرملىك بولمىغىنى، بۇ ئىشنىڭغا ھالاقەت يەتكۈزمىسۇن. چۈنكى، كۆپ ۋاقىتلاردا بولۇركى، بىھايالىق بىلەن مەقسەت ھاسىل بولۇر. ئەگەر قىلالىساڭ، سالاھىيەتلىك سۆز ۋە مەنپەئەتلىك ئىشتىن شەرمنى قويغىن. كۆپ كىشىلەر باركى، شەرم قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ بارچە مەقسەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. سەن ئۇ دەرىجىدە شەرم قىلمىغىنكى، بۇ ئىمان سۈپىتى ھوسۇلىغا سەۋەب بولسۇن. ئۆزۈڭگە زىيان ۋە زەرەر يەتكۈزەر دەرىجىدە شەرم قىلمىغىن.

ساڭا شەرم قىلىدىغان جاي ۋە شەرم قىلمايدىغان جاينى بىلىش كېرەكتۇر. ئەگەر قايسى ياخشىلىق بولسا، شۇنى قىلغايسەن. دەپتۇرلەركى: «ياخشىلىقنىڭ مۇقەددىمىسى شەرمدۇر، يامانلىقنىڭ مۇقەددىمىسى بىپەرھىزكارلىق ۋە بىشەرملىكتۇر.»

نادان بىلەن ھەمسۆھبەت بولمىغىن، خۇسۇسەن سېنى دانا گۇمان قىلغان بىلەن.

ئۆز جەھلىڭگە خۇرسەن بولمىغىن ۋە ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرغىن. ياخشىلارنىڭ سۆھبىتىنىڭ شاراپىتىدىن ياخشى بولغايسەن ۋە ھەمىشە ئىنتىلگىنكى، ئالىملارنىڭ مەھبۇبى بولغايسەن ۋە جاھىللارنىڭ يېقىنى بولمىغايسەن. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايەت ئاڭلىغانىدىم:

ھېكايەت:

بىر كۈنى ئەپلاتون ئولتۇرغان يەرگە شەھەر خەلقىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغلىرىدىن بىر كىشى سالامغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ھەر خىل سۆزلەرنى ئېيتىپ تۇرۇپ، سۆز ئارىسىدا دېدى:

— ئەي ھېكىم، بۈگۈن پالان ئادەمنى كۆردۈم. ئۇ سىزنى تەرىپلەپ، ھەققىڭىزگە كۆپ دۇئالار قىلدى ۋە ئۇنىڭ تىلەكلىرىنى ساڭا يەتكۈزمەكتىمەن.

ئەپلاتون ھەيران بولدى. ئۇ كىشى دېدى:

— ئەي ھېكىم، مېنىڭ بۇ سۆزۈم ھەيرانلىق ۋە تەڭلىك ئېلىپ كەلدىمۇ؟

ئەپلاتون دېدى:

— ياق، ماڭا سېنىڭ سۆزۈڭدىن ھېچقانداق رەنجى ۋە تەڭلىك يەتمىدى. لېكىن مېنىڭ پىكرىمدە ئۇلۇغ مۇسىبەت مەۋجۇت بولدى. بۇ مېنى بىر جاھىلنىڭ تەرىپلىشى ۋە مېنىڭ ئىشىمنىڭ ئۇنىڭغا ئەرزىپ كېتىشىدۇر. بەلكىم، مەن بىر جاھىلانە ئىش قىلغان بولسام كېرەك، شۇڭا ئۇنى مېنى تەرىپلىگەن. مەن شۇ جەھەتتىن غەمكىنمەنكى، جاھىللارغا دوست بولۇپتىمەن. چۈنكى، جاھىللارنىڭ دوستى جاھىل بولغۇسىدۇر.

ھېكايەت:

بىر ئىشنى ئاڭلىغانىدىم: مۇھەممەد زەكەرىيائى رازى ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىر جامائە بىلەن ئولتۇرغان ۋاقتىدا بىر دىۋانە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ھېچ كىشىگە قارىمىدى. ئەمما بىركۈنى مۇھەممەد زەكەرىيائىنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد زەكەرىيائى ياخشى بىر تائام بۇيرۇپ، پىشۇرتۇپ يېدى.

شاگىرتلىرى سورىدى:

— ئەي ھېكىم، بۇ تائامنى بۇرۇن يېمەس ئىدىڭىز، ھازىر يېيىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟

— ئۇ دىۋانە مېنىڭ يۇزۇمگە قاراپ كۈلگىنى ئۈچۈن يەرمەن. چۈنكى ئۇ تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ماڭا ئىلتىپات قىلماس ئىدى ۋە يۇزۇمگە قاراپ كۈلمەس ئىدى. ئەمدى بىلدىمكى، ئۇ مېنى ئۆز ئەھلىدىن ھېساب قىلدى. بېيىت:

كەپتەر با كەپتە، غاز بار كەپتەر،
كۇنەد ھەمجىنىس بار ھەمجىنىس پەرۋاز.

توڭلۇق ۋە تېزلىكنى ئادەت قىلمىغىن. لېكىن ئۇ قەدەرمۇ مۇلايىم بولمىغىن. سېنى ئادەملەر يامان كۆرمىسۇن ۋە قوپال بولمىغىنكى، سەندىن قاچمىسۇن. دوست ۋە دۈشمەنگە ئۇيغۇنلىششتىن مۇراد ھاسىل قىلسا بولىدۇ، دەپ قاراپ بارچە بىلەن ھەمتاۋاق بولمىغىن.

ھېچكىمگە يامانلىق ئۆگەتمىگىن، ئۆگەتمەكمۇ يامانلىقنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر بىر كىشى ساڭا ھېچ گۇناھسىز ئازار بەرسە، سەن ئۇنىڭغا بەرمىگىن، ئادەمنىڭ ئەسلىي كەم ئازارلىقتۇر.

ئەگەر ئادەم بولساڭ، كەم ئازار بول. خالايىققا خۇلقۇڭنى ياخشى قىل. ئادەمگە دىدار كېرەكتۇر. چۈنكى، كىمكى ئەينەككە قارىغاندا، دىدارى ياخشى بولسا، خۇلقىنىمۇ دىدارىغا يارىشا قىلغاي. چۈنكى، ياخشىدىن يامانلىقنىڭ چىقمىقى ياخشى ئەمەستۇر. يەنى بۇغدايدىن ئارپا كۆكەرمىكى نامۇناسىپتۇر. ئەگەر كىشى ئەينەككە قارىغاندا، يۈزى يامان كۆرۈنسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

ياخشىلىق قىلسۇن. بولمىسا، يامانلىق ئۈستىگە يامانلىقنى زىيادە قىلىش بولغاي ۋە ئىككى يامانلىقنىڭ بىر يەردە جەم بولمىقى ئىنتايىن ياماندۇر.

مۇشىپىقلارنى قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇلار بىلەن ھەر ۋاقىتتا خىلۋەتتە سۆھبەت قىلغىن. چۈنكى، ئۇلاردىن كۆپرەك پايدا ساڭا خىلۋەت ۋاقىتتا تېگەر. بۇ سۆزلەرنى مەن ساڭا بايان قىلدىم، ئەگەر ئوقۇپ، بىلىپ، پەزىلەت ۋە ھۈنەرلەر ھاسىل قىلساڭ، ئۇنىڭدىنمۇ پەزىلەت ۋە ھۈنەرىڭگە مەغرۇر بولمىغىن ۋە ئۆزۈڭنى نادان سانىمىغىن. نادانلىقتىن خەۋەردار بولغان ۋاقتىڭدىلا دانا بولۇرسەن.

ھېكايەت:

بىر ۋەقەنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە، خىسراۋ پەرۋىزنىڭ پادىشاھلىقى زامانىدا ۋە ئەبۇزۇر جۇمھۇرنىڭ ۋەزىرلىكى ۋاقتىدا رۇمدىن بىر ئەلچى كەلدى. خىسراۋ ئۇنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئەبۇزورقۇمھورنىڭ دانالىقىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويۇشنى خالىدى ۋە ئەلچىنىڭ يېنىدا ئەبۇزۇرجۇمھۇرغا دېدى:

— ئەي پالانى، دۇنيادا ھەرقانداق نەرسە بولسا، سەن ئۇنىڭ بارچىسىنى بىلۇرسەن.

خىسراۋنىڭ بۇ سۆزىدىن مۇددىئاسى ئەبۇزۇرجۇمھۇرنىڭ «بىلىمەن» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلاش ئىدى. ئەمما ئەبۇزۇرجۇمھۇر:

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

خىسراۋ بۇ جاۋابتىن ئوسال بولۇپ، ئەلچىنىڭ ئالدىدا بەك

خىجالەت بولدى ۋە يەنە سورىدى:

— ئۇنداقتا ھەممە نەرسىنى كىم بىلىدۇ؟

— ھەممە نەرسىنى ھەممە بىلىدۇ، ئەمما ھەممە نەرسە تېخى ئانىدىن تۇغۇلمىغاندۇر، — دېدى ئەبۇزۇرجۇمھۇر.

ئەي پەرزەنت، سەن ھەرقانچە دانا بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى خەلقتىن داناراق بىلمىگىن. چۈنكى، ئۆزۈڭنى نادان بىلدىڭ، دانا بولدۇڭ. راست، دانا شۇنداق كىشىدۇركى، ھەرقاچان ئۆزىنى نادان ۋە ئاجىز ھېسابلىغاي. چۈنكى سوقرات ھېكىم شۇنداق دېگەنكى: «ئەگەر بىر كىشى سوقرات ھېكىم دانىشمەندۇر ۋە جاھان دانىشمەنلىكىنىڭ داۋاسىنى قىلىدۇر، دېسە، دەرھال ئېيتۇر ئىدىمكى، مەن ئاجىزمەن ۋە ھېچ نەرسىنى بىلمەسمەن. لېكىن، بۇ سۆزنىمۇ ئېيتالمايمەن. چۈنكى، بۇ سۆز مەن تەرەپتىن ئېيتىلغان كاتتا داۋادۇر.»

دېمەك، ئەي پەرزەنت، دانالىقىڭغا مەغرۇرلانمىغىن. ھەرقانداق ئادەم دانالىقىغا مەغرۇرلانسا، چوقۇم ئۇ ھەمىشە پۇشايمان قىلىدۇر.

ھەر ئىشتا مەشۋەرەت [1] قىل، مەشۋەرەت قىلماقنى ئەيىب بىلمىگىن. ئاقىل ۋە مۇشپىق دوستلارغا مەشۋەرەت قىل. ھەر ئىشتا ئۆز بۇرادەرلىرىڭ بىلەن مەشۋەرەت قىل...

بىلگىنكى، بىر كىشىنىڭ رەئيى [2] ئىككى كىشىنىڭ رەئيى چاغلىق بولمىغۇسىدۇر ۋە بىر كۆز ئىككى كۆزدەك كۆرەلمەستۇر. كۆرۈسەنكى، بىر تېۋىپ بىمار بولسا، ئۆز كېسىلىگە داۋا قىلالماستۇر. باشقا بىر تېۋىپنى كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەشۋەرىتى بىلەن داۋا قىلغۇسىدۇر.

---

① مەشۋەرەت — كېڭەش، مەسلىھەت.

② رەئيى — ئوي ـ پىكىر، خىيال، تەدبىر.

ئەگەر ئۆزۈڭ بىلەن ئوخشاش جىنىستىكى بىرىنىڭ ساڭا ئىشى چۈشسە، ئۇنىڭ ئىشىنى پۈتكۈزۈشكە جېنىڭ بىلەن ھەرىكەت قىلغىن. ئەگەر ئۇ دۈشمەن بولسىمۇ مال ـ خەرجىنى ۋە مۈشكۈلىنى ئاسان قىلغىنىڭنى بىلسە، بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئايلانغاي.

سۆخەندان [1] كىشىلەر سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كەلسە، ئۇلارنى ھۆرمەت قىل ۋە ئېھسان كۆرسەتكىن. شۇندا ئۇلار سەندىن خۇشال ۋە مىننەتدار بولغاي ۋە ھەمىشە سالامغا كەلگەي. جاھاندا ناكەس كىشى شۇنداق كىشىدۇركى، ھېچكىم ئۇنىڭغا سالامغا كەلمىگەي.

سۆخەندان كىشىلەر بىلەنمۇ سۆھبەتتە بولغىن ۋە قانداق ئۇسۇلدا سۆزلەش كېرەكلىكىنىڭ شەرتلىرىنىمۇ بىلگىن.

① سۆخەندان ـــ سۆز ئۇستىسى، ناتىق، سۆزمەن.

يەتتىنچى باب

## سۆخەندانلىق بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولماق بايانىدا

كىشى سۆخەندان، سۆخەنگۆي (ناتىق) بولۇشى كېرەك. ئەمما، ئەي پەرزەنت، سەن سۆخەنگوي بولغىن، ئەمما يالغانچى بولمىغىن. راستچىللىقتا ئۆزۈڭ شۆھرەت قازانغىن. ناۋادا بىرەر زۆرۈرىيەت يۈز بەرسە يالغان گەپ قىلساڭ، قوبۇل قىلار. مەيلى قانداق گەپ بولسۇن، راستىنى دېگىن، ۋەلېكىن يالغانغا ئوخشىغان راستنى دېمىگىنكى، راستقا ئوخشىغان يالغان يالغانغا ئوخشىغان راستتىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى، ئۇ يالغان مەقبۇل بولۇر، ئەمما ئۇ يالغان قوبۇل قىلىنماس. دېمەك، نامەقبۇل راستنى ئېيتىشتىن پەرھىز قىل، تاكى مېنىڭ بىلەن ئەبۇ سۆۋار شاپۇر بىلەن ئەبۇ ئەل فەزلىيىنىڭ ئارىسىدىكى يۈز بەرگەن ۋەقە سېنىڭ بېشىڭغا كەلمىسۇن.

ھېكايەت:

بىلگىنكى، مەن ئەمرۇلمۆئمىنىن زامانىدا بىر يىلى ھەجدىن قايتىپ كېلىپ، گەنجەدە تۇرۇپ قالدىم. ھىندىستانغا كۆپ غازات قىلغانىدىم. رۇمغىمۇ يۈرۈش قىلماقنى ئويلايتتىم. ئەبۇ سۆۋار گەنجەدە ئۇلۇغ پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئىنتايىن خۇشچىراي، ئادىل،

سېخىي ۋە پارىل كىشى ئىدى. بىركۈنى مېنى كۆرۈپ كۆپ ھۆرمەت قىلدى ۋە مېنىڭ بىلەن سۆزلەشمەك مەقسىتىدە بىر تۇرلۇك سۆز سورار ۋە مەندىن ماقۇل جاۋاب ئاڭلار ئىدى. مېنىڭ سۆزلىرىم ئۇنىڭغا يېقىپ قېلىپ، كۆپ كەرەم قىلىپ، ماڭا كۆڭۈل قويدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئېھسانلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويدۇم. شۇ سەۋەب بىلەن بىرنەچچە يىل گەنجەدە مۇقىملىشىپ قالدىم ۋە ھەمىشە پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە ھازىر ئىدىم. پادىشاھمۇ مەندىن تۇرلۇك سۆزلەرنى سورايتتى. بىركۈنى سۆز ئارىسىدا مېنىڭ ۋىلايىتىمنىڭ گېپى بولۇپ قالدى ۋە مەندىن گورگان قىشلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشىمنى سورىدى. ۋىلايەتلەرنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىباتلىرىدىن سۆز ئېچىلدى. سۆز ئەسناسىدا مەن دېدىم:

ــ گورگاندا سىياۋەسك دېگەن بىر كەنت باردۇر ۋە ئۇنىڭ بىر چەشمە سۈيى باردۇركى، ئۇ كەنتتىن يىراقتۇر. خوتۇنلار جەم بولۇپ، ھەربىرى بىردىن كوزا كۆتۈرۈپ، شۇ چەشمىگە بېرىپ سۇ ئالىدۇ ۋە شۇ كوزىنى باشلىرىغا ئېلىپ، بارچىسى ھەمراھ بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر خوتۇن كوزا كۆتۈرمەي، بارچىدىن ئىلگىرى مېڭىپ، يولغا ئېھتىيات بولۇپ، نەزەر تاشلاپ بارىدۇ. چۈنكى ئۇ يەرلەردە بىر كۆك قۇرت باردۇر. ئۇنى سىزەك دەيدۇ. ئەگەر ئۇ قۇرتتىن بىرى يولۇقسا يولدىن ئېلىپ يىراققا تاشلايدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت خوتۇنلارنىڭ ئۇ قۇرتنى بىلمەي دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ سېلىشىدىن ساقلىنىش.

ئەگەر سۇ كۆتۈرگەن خوتۇنلاردىن بىرى ئۇ قۇرتنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، بىشىدىكى كوزىدىكى سۇ سىسىپ، بەتبۇي بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق بولغاندا سۇنى تۆكۈش، كوزىنى يۇيۇش كېرەك بولىدۇ ۋە كوزىنى تازىلىغان خوتۇن يەنە قايتىپ بېرىپ، كوزىسىدا سۇ ئېلىپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

مەن بۇ سۆزنى دېدىم، ئەمما ئەبۇ سۇۋارنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن بولۇپ، مەندىن يۈز ئۆرىدى ۋە بىرنەچچە كۈنگىچە ماڭا بۇرۇنقىدەك مۇلاقەت ۋە ئىلتىپات قىلمىدى.

بىركۈنى فىرۇزان دەيلىمي ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:

— ئەمىر سەندىن گىنە قىلىپ: «پالان كىشى ئىنتايىن دانادۇر، ئەمما كىچىك بالىلارغا ئېيتىدىغان يالغانلارنى ماڭا ئېيتتى. ئۇنىڭدەك كىشىنىڭ مېنىڭدەك پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھېلىقىدەك يالغان ئېيتمىقى مۇناسىپ ئەمەستۇر» دېدى.

مەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال گەنقىدىن گوراگانغا بىر كىشىنى ئەۋەتىپ، ئۆلىمانىڭ مۆھۈرى بېسىلغان بىر خەت تەلەپ قىلدىم. گورگاننىڭ بارچە ئۆلىما، قازىلىرى بۇ كەنتنىڭ، قۇرتنىڭ ئەھۋالى ۋە ۋەقەنىڭ راستلىقى ھەققىدە گۇۋاھ بولۇشۇپ، بىر پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتىشتى.

بۇ خەت تۆت ئاي مۇددەت ئىچىدە ماڭا يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنى پادىشاھقا كۆرسەتتىم. پادىشاھ ئۇنى ئوقۇدى ۋە تەبەسسۇم قىلىپ دېدى:

— مەن ھۇد [1] تەھقىق [2] بىلۇرمەنكى، سېنىڭدەك كىشىدىن يالغان سۆز زاھىر بولمىغۇسىدۇر. جۇملىدىن مېنىڭدەك پادىشاھنىڭ ئالدىدا... ئەمما تۆت ئاي مۇددەتتە ئىككى يۈز ئادىل كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بىر راست سۆزنى ئېيتماق مۇناسىپ ئەمەستۇر. بۇ سۆزلەر ئاۋۋال ئىسپاتلانغاي، ئاندىن كېيىن ئۇ سۆزنى قوبۇل قىلغاي...

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، سۆز تۆت خىل بولۇر، خۇددى خالايىقمۇ تۆت خىل بولغىنىدەك. ئۇلارنىڭ بىرى شۇكى، بىلمەس ۋە بىلمىگىنىنى بىلۇر، ئۇ قابىلدۇر، ئۇنىڭغا ئۆگەتمەك كېرەك؛ يەنە بىرى، بىلۇر ۋە بىلگىنىنى بىلمەس، ئۇ جاھىلدۇر، ئۇنى بىدار قىلماق كېرەكتۇر. يەنە بىرى بىلمەس ھەم بىلمىگىنىنىمۇ بىلمەس، ئۇ جاھىلدۇر، ئۇنىڭدىن قاچماق كېرەكتۇر؛ يەنە بىرى، بىلۇر ھەم بىلگىنىنىمۇ بىلۇر. ئۇ ئالىمدۇر، ئۇنىڭغا ئەگەشمەك كېرەكتۇر.

يەنە سۆزمۇ تۆت خىلدۇر: بىرى بىلىنمىگەن ۋە ئېيتىلمىغان؛ ئىككىنچىسى، بىلىنگەن ۋە ئېيتىلغان؛ ئۈچىنچىسى، بىلىنگەن، ئەمما بىلىشكە زۆرۈرىيەتسىز، شۇنداقتىمۇ ئېيتسا بولىدىغان؛ تۆتىنچىسى، بىلىنگەن، ئەمما ئېيتىلمىغان سۆزلەر. ئېيتىلمايۋاتقان ۋە بىلىنمەي تۇرغان سۆزلەر شۇنداق سۆزلەركى، دۇنيانىڭ خاتىرجەملىكى ئۇنىڭغا باغلىقتۇر. ئۇ سۆزدىن ئېيتقۇچىغىمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ كۆپ نەپ

① ھۇد — ئۆز، ئۆزۈم.
② تەھقىق — بىرەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىزدەش.

يەتكەي. بىلىنىپ تۇرغان، ئەمما ئېيتىلمايۋاتقان سۆزلەر بولسا، بىرەر كاتتا ئادەمنىڭ ساڭا بىلىنگەن ئەيىبىنى ئاچقۇسىدۇر. لېكىن ئەقىل تەرىقىدىن خىيالغا كەلسەڭ، ئۇنى ئېيتماق بىشەرمىلىكتۇر. چۈنكى ئېيتساڭ ئۇ كاتتا ئادەمنىڭ قەھرى يا ئۇ دوستىنىڭ ئازارى سەندە ھاسىل بولۇر؛ ياكى ئۆز بېشىڭغا ئۆزۈڭ بالا تېپىپ، غوۋغاغا قالۇرسەن. شۇ سەۋەبىلىك بۇ سۆز بىلىنىپ تۇرغان، ئەمما ئېيتىلماي تۇرغان سۆزدۇر. بۇ سۆزنىڭ ياخشىراقىمۇ بىلىنىپ تۇرغان، ئەمما ئېيتىلماي تۇرغان سۆزدۇر.

بۇ تۆت خىل سۆزنىڭ ئىككى يۈزى باردۇر. بىرى، خوپ ۋە يەنە بىرى، ناخوپ. ھەرقانداق سۆزنى خالايىققا ئىزھار قىلساڭ، ياخشى يۈز بىلەن ئىزھار قىل. تاكى مەقبۇل بولسۇن ۋە خالايىق سېنىڭ سۆز بىلەن يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلىقىڭنى بىلسۇن. چۈنكى كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنى سۆز بىلەن بىلۇر. ئەمما سۆزنىڭ مەرتىۋىسىنى كىشىلەر يا بىلەر، يا بىلمەس. چۈنكى ھەر كىشىنىڭ ئەھۋالى ئۆز سۆزىنىڭ ئاستىدا پىنھاندۇر. يەنى بىر سۆزنى بىر ئىبرەت بىلەن ئېيتسا بولۇركى، ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭدىن قاراڭغۇ بولغاي، يەنى بىر ئىبرەت بىلەن ئېيتسا بولۇركى، ئاڭلىغان كىشىنىڭ جېنى ئۇنىڭدىن راھەتتە يايرىغاي.

ھېكايەت:

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئانۇشىرۋان ئادىلنىڭ زامانىدا بىر

ئايال ئەبۇزۇرجۇمھۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر سوئال سورىدى. ئەبۇزۇرجۇمھۇر ئۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئايالغا قاراپ:

— ئەي ئايال، ئۇ ئۇنى سوراۋاتىسەن، ئەمما مەن ئۇنى بىلمەيمەن، — دېدى.

ھېلىقى ئايال:

— سەن مۇشۇ سۆزنىمۇ بىلمىسەڭ، پادىشاھنىڭ نېمىتىنى نېمە ئۈچۈن يەيسەن؟ — دېدى.

ئەبۇزۇرجۇمھۇر دېدى:

— بىلگەن سۆزلىرىم ئۈچۈن يەرمەن. ئەمما، بىلمىگەن سۆز ئۈچۈن يېمەيسەن. مەن قايسى سۆزنى بىلمىسەم، پادىشاھ ماڭا ئۇ سۆز ئۈچۈن ھېچ نەرسە بەرمەس ۋە ھەر نە بەرسە بىلگەن سۆزۈم ئۈچۈن بېرۇر.

ئەمما، ئەي پەرزەنت، ھېچ كىشىنىڭ ئالدىدا ئىغرەت[1] قىلمىغىن ۋە ئىغرەتنى شۇملۇق دەپ بىلگىن. ھەر ئىشتا نورمال بولغىن، بولۇپمۇ گەپ قىلىشتا ۋە ئىش قىلىشتا ... سەنگىن[2] بولغىن. سىرىڭنى ئۆزۈڭدىن ئۆزگە كىشىگە ئېيتمىغىن، ئەگەر ئېيتساڭ، كېيىن ئۇنى سىر دېمىگىن.

خالايىقنىڭ ئارىسىدا بىر كىشىنىڭ قۇلىقىغا گەپ قىلىش ياخشى ئەمەستۇر. ئەگەر بۇ گەرچە ياخشى سۆز بولسىمۇ،

---

① ئىغرەت — ھەددىدىن ئېشىش.

② سەنگىن — ئېغىر.

ئەتراپىتىكىلەر ئۇنى يامان سۆز دەپ گۇمان قىلىدۇ ۋە كۆپلىگەن ئادەملەر بىر - بىرلىرىدىن دەرگۇمان بولىدۇ. ئەگەر گەپ قىلماقچى بولساڭ، شۇنداق گەپ قىلغىنكى، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بەرسۇن. ئەگەر سۆزۈڭنىڭ زورلۇق بىلەن ئەيىبلەنمەسلىكىنى خالىساڭ، بىرەر نەرسىگە گۇۋاھ بولمىغىن. ئەگەر گۇۋاھ بولساڭ، گۇۋاھلىق بىرەر چاغدا ئېھتىيات قىلغىن. ئەگەر گۇۋاھلىق بەرسەڭ، ئۆز كۆڭلۈڭنى ھېسابقا ئېلىپ بەرمىگىن.

ھەر سۆزنى ئەندىشە بىلەن باشلىغىن. شۇندىلا ئېيتقان سۆزۈڭدىن پۇشايمان قىلمىغايسەن.

ئەندىشىنى ئىلگىرى تۇتماقمۇ بىر تۈرلۈك كارامەتتۇر. ھېچقانداق سۆزنى ئاڭلاشتىن دىلگىر بولمىغىن. ئۇ سۆز مەيلى ئىشىڭغا يارىسۇن ياكى يارىمىسۇن، ئۇنى ئاڭلىغىن. سىنىڭ ئۇچۇن سۆز ئىشىكى ئېتىلىپ قالمىسۇن ۋە پايدىسى فەۋت[1] بولمىسۇن.

سوغۇق سۆزلۈك بولمىغىن. سوغۇق سۆز بىر ئۇرۇقتۇر. ئۇنىڭدىن دۈشمەنلىك ھاسىل بولۇر.

ئەگەر ھەرقانچە دانا بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى نادان تۇتقىن. شۇندىلا ساڭا ھۈنەر ئۆگىنىش ئىشىكى ھەمىشە ئوچۇق بولغاي. ئەگەر سۆزنى ۋە ھۈنەرنى ياخشى بىلسەڭمۇ، ھېچبىر سۆزنى

① فەۋت ــ يوقىتىش، ئۆلۈم.

سۇندۇرمىغىن، توغرا تەربىپ قىلغىن ۋە ئۇنى مۇلايىملىق بىلەن ئېيتقىن. ئاۋامغا خاس سۆز بولسۇن، شەخسكە ماس سۆز بولسۇن. ئۇ ھېكمەتكە مۇۋاپىق بولسۇن ۋە ئاڭلىغان كىشىگە ئېغىر كەلمىسۇن، بولمىسا سۆزۈڭنى بۇيرۇق ۋە ھۆججەت بىلەنمۇ ئاڭلىتالمايسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ رىزاسىغا قاراپ سۆزلىگىن، سالامەت بولغايسەن.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر ھەرقانچە سۇخەندان بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى بىلگىنىڭدىن كەمرەك تۇتقىن، سۆزلەش ۋاقتىدا نادان ۋە بىپەرۋا بولۇپ قالمىغىن. كۆپ بىلىپ ئاز سۆزلىگىن ۋە كەم بىلىپ كۆپ سۆزلىمىگىن. چۈنكى، ئەقىلسىز كىشى شۇنداق بولۇر، ئۇ كۆپ سۆزلەر. ئېيتىپتۇلەركى، سۈكۈت سالامەتلىك سەۋەبىدۇر، چۈنكى كۆپ سۆزلىگۈچى ئاقىل كىشى بولسىمۇ، ئاۋام ئۇنى ئەقىلسىز دېگەي. ئەقىلسىز كىشى سۈكۈت قىلسا، ئۇنى ئاقىل ھېسابلايدۇ. ھەرقانچە پاك، خۇداگۆي، قائىدىلىك بولساڭمۇ ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تەربىپ قىلمىغىن، ھېچ كىشى سېنىڭ گۇۋاھلىقىڭنى ئاڭلىماس. شۇنداق قىلغىنىكى، خالايىق سېنى تەربىپ قىلسۇن ۋە شۇنداق سۆز دېگىنىكى، ئۇ نەپ كەلتۈرسۇن، بىكار ۋە زايە كەتمىسۇن.

ھېكايەت:

بىر دانىشمەن كىشى بار ئىدى. ئۇ زىنجان ۋىلايىتىنىڭ شەيخى ھەمدە پاكىز ئادىمى ۋە ناتىقى ئىدى. يەنە بىر يىگىت بار ئىدى، ئۇمۇ ناتىقلىق قىلار ئىدى. ھەمىشە بۇ ئىككىسى بىر -

بىرى بىلەن مۇكاشىفە[1] قىلار ئىدى. بىر كۈنى بۇ يىگىت ھېلىقى شەيخنى «كاپىر» دېدى. بۇ خەۋەر شەيخكە يېتىپ، ئۇمۇ «ئەگەر مەن كاپىر بولسام، بۇ يىگىت ھارامزادىدۇر» دېدى. بۇ خەۋەر يىگىتنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. يىگىت دەرھال ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ، تېزلىك بىلەن رەي شەھىرىگە بېرىپ، ئۇ شەيخنىڭ ھاكىمى ئابىبادنىڭ ئالدىغا باردى ھەم ئۇ شەيختىن شىكايەت قىلىپ يىغلىدى ۋە دېدى:

— سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى ئۇ شەيخ رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتىنى «ھارامزادە» دېسە راۋامىدۇر؟

بۇ سۆزدىن ساھىبى ئابىبادنىڭ قەھرى كېلىپ، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇ شەيخنى رەي شەھىرىگە كەلتۈردى ۋە ئۆزى رەينىڭ بارچە سەيىدلىرى ۋە فىتىھلىرى بىلەن مۇزالىم[2] دىۋانىدا ئولتۇرۇپ، ئۇ شەيخنىمۇ بۇ يەرگە ھازىر قىلىپ:

— ئەي شەيخ، سەن ئىمان شافىئىي ئەھسابىنىڭ[3] ئىماملىرىدىندۇرسەن. ئۆزۈڭ ناھايىتى ئالىم، ياشانغان ۋە گۆرنىڭ لېۋىگە يېقىن كېلىپ قالغان كىشى سەن. نېمە ئۈچۈن رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتىنى «ھارامزادە» دەيسەن؟ ئەمدى ئېيتقان سۆزۈڭنى ئىسپاتلا. بولمىسا شۇنداق جازالارمەنكى، بارچە خالايىق سەندىن ئىبرەت ئالغاي ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر كىشى بۇنداق بىئەدەپلىك قىلمىغاي، — دېدى.

---

① مۇكاشىفە — پاش قىلىش.
② مۇزالىم — زۇلۇم كۆرگەن، زۇلۇم.
③ ئەھساب — سۈھبەتداشلار.

— بۇ ئىشتا ئادىللىق قىلغىنىكى، مېنىڭ گۇۋاھىم يېگىتنىڭ ئۆزىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆزىدىن ياخشى گۇۋاھنى تالالماس قىلمىغىن. ئەمما مېنىڭ سۆزۈم بىلەن ئۇ ھالالزادىدۇر، — دېدى شەيخ.

— نېمە سەۋەب بىلەن؟ — دېدى ساھىبى ئابباد.

شۇندا شەيخ:

— خەلقنىڭ بارچىسى بىلۇركى، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ نىكاھىنى مەن قىلغانمەن. ئۇ ۋەز كۇرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، مېنى «دىنسىز» دەپتۇ. ئەگەر ئۇ بۇ سۆزنى ئېتىقاد يۈزىدىن ئېيتقان بولسا، ئۇنداقتا دىنسىزنىڭ نىكاھى دۇرۇس بولمىغۇسىدۇر ۋە ئۇ ئۆزى بىلەن شەكسىز ھارامزادە بولغۇسىدۇر. ئەگەر ئۇ بۇ سۆزنى ئېتىقاد يۈزىسىدىن ئېيتمىغان بولسا، ئۇ يالغانچىدۇر. قىلچە شەك يوقتۇركى، مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بولۇر. ئەمدى ئۇنىڭغا شەرئەت ھۆكمى بىلەن سىز نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، — دېدى.

بۇ سۆزدىن كېيىن يىگىت ئىنتايىن خىجالەت بولۇپ، ھېچ نەرسە دېيەلمىدى ۋە ئويلانماي ئېيتقان سۆزى ئۆزىگە شۇنچە ئازار يەتكۈزدى.

ئەي پەرزەنت، دېمەك، يالغان ۋە بىھۇدە سۆز ئېيتماق ئەقىلدىن ئازغانلىقنىڭ بىر قىسمىدۇر. ھەر كىشىگە سۆز ئېيتار بولساڭ، قارىغىن، ئۇ سېنىڭ سۆزۈڭگە خېرىدارمۇ ياكى

خېرىدار ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنى سۆزۈڭگە خېرىدار بىلسەڭ، ئۇنىڭغا سۆزۈڭنى ساتقىن. بولمىسا ئۇ سۆزنى قويۇپ، شۇنداق سۆز دېگىنكى، ئۇنىڭغا خۇش كەلسۇن ۋە سېنىڭ سۆزۈڭگە خېرىدار بولسۇن. لېكىن ئىنسان بىلەن ئىنسان بولغىن، ئادىمىي بىلەن ئادەم بولغىن، چۈنكى ئىنسان باشقا ئادىمىي باشقىدۇر. ھەر كىشىكى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بىدار بولسا، خالايىق بىلەن قانداق ھايات كەچۈرۈشى كېرەكلىكىنى بايان قىلدىم.

ئەي پەرزەنت، قىلالىساڭ سۆز ئاڭلىماقتىن قاچمىغىن، ئىنسان سۆز ئاڭلىماق بىلەن سۆخەنگۇيلۇق ھاسىل قىلۇر. ئاۋۋال بۇنى شۇنداق دەلىللەش مۇمكىن. ئەگەر بىر ئوغۇل ئانىدىن تۇغۇلسا، ئۇنىڭغا يەرنىڭ ئاستىدىن بىر جاي تەييار قىلىپ سۈت بېرىپ، شۇ جايدا پەرۋىش قىلسا، ئانىسى ۋە دادىسى ئۇنىڭغا گەپ قىلمىسا، ئۇ ھېچ كىشىنىڭ سۆزىنى ئىشتمىسە، چوڭ بولغاندا لال بولۇر. بىلمىسەڭكى، بارچە لاللار گاس بولۇر.

بۇ سۆزنى قوبۇل قىلغىن، جۈملىدىن دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىنى. چۈنكى، دانىشمەنلەر دەپتۇركى: «دانانىڭ پەند - نەسىھەتى كۆڭۈل كۆزىنى روشەن قىلغاي. چۈنكى، ئۇ نەسىھەت ئەقىل ۋە ھېكمەت كۆزىنىڭ سۈرمىسى ۋە تۇتىياسىدۇر.» بەس، بۇ تائىپىنىڭ سۆزىنى دىققەت ئاڭلىماق كېرەكتۇر. بۇ جامائەنىڭ سۆزىدە مەنپەئەت كۆپتۇر. بۇ ۋاقىتتا ئانۇشىرۋان ئادىلنىڭ

ئاجايىپ گۈزەل سۆزلىرىدىن بىرنەچچە سۆز كەلدىكى، ئۇنى بۇ كىتابتا كەرەم قىلدىم.

ئەي پەرزەنت، سەن ئوقۇغايسەن، بىلگەيسەن، ياد ئالغايسەن ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلغايسەن، چۈنكى، ئۇ پادىشاھنىڭ سۆزلىرىگە ۋە نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىلماق ساڭا ئۆزگە ئىشتىن ۋاجىپ ۋە پايدىلىقتۇر. ئاگاھ بولغىنكى، مەن ئۆتكەن خەلىپىلەرنىڭ قىسسىلىرىنىمۇ ئوقۇغانمەن. بىركۈنى مەئمۇن خەلىپە ئانۇشىرۋان ئادىلنىڭ قەبرىسىنى كۆرمەككە باردى ۋە ئۇنىڭ قىسسىسىنىڭ جەريانى بەك ئۇزۇندۇر. ئەمما مەقسەت بۇدۇر. مەئمۇن ئۇنىڭ قەبرىسىگە بىرىپ ئىچىپ كۆردىكى، ئۇنىڭ ئەزاسى بىر تەختنىڭ ئۈستىدە تۇپراققا ئايلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ تەختى ئۈستىدە قەبرە تېمىغا پەھلەۋىي [1] تىلى بىلەن بىر نەچچە سۆز زەر بىلەن يېزىلغانمىشتۇر. مەئمۇن بۇيرىدى ۋە پەھلەۋىي تىلىنى بىلىدىغان دەلىر [2] لەرنى ھازىر قىلدى. ئۇلار يېزىلغان خەتنى ئوقۇدى ۋە بۇ ئەرەبىي ئىبارە ئەجەم خەلقىنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭدا شۇنداق دېيىلگەنىدى: «مەن تىرىك ۋە پادىشاھ ۋاقتىمدا بارچە بەندىلەر مىنىڭ ئادىللىقىمدىن بەھرىمەن ئىدى. مىنىڭ خىزمىتىمگە ھەر كىشى كەلسە، مىنىڭ مەرھەمىتىمدىن بەھرىمەن بولار ئىدى. مانا ئەمدى ئاجىزلىق ۋاقتى كەلدى، بۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچ چارە تاپالمىدىم ۋە بۇ سۆزلەرنى قەبرە تېمىغا يازدىم. ئەگەر بىرەر كىشى مىنىڭ

① پەھلەۋىي ــ قەدىمكى پارس تىلى.
② دەلىر ــ پالۋان، باتۇر.

زىيارىتىمگە كەلسە، بۇ سۆزلەرنى ئوقۇسۇن، بىلسۇن ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ پايدىسىدىن مەھرۇم قالمىسۇن، مېنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىم ئۇ كىشىنىڭ قەدەم رەنجىنىڭ ئىش ھەققى بولسۇن.»

ئانۇشىرىۋاننىڭ ئۇ پەند ـ نەسىھەتلىرى تۆۋەندىكىچىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

سەككىزىنچى باب

## ئانۇشىرۋان پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ياد ئالماق باياندا

ئەي پەرزەنت، ئانۇشىرۋان دېدى: «كېچە ۋە كۈندۈز كېلىدۇ ھەمدە كېتىدۇ. بارچە ھالالارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئالمىشىپ تۇرۇشىغا تەئەججۇپلەنمىگىن.»

يەنە دېدى: «خەلق نېمە سەۋەبتىن بىر قېتىم پۇشايمان قىلغان ئىشتىن يەنە پۇشايمان قىلار؟»

ۋە يەنە دېدى: «ھۈنەرسىز كىشى بىلەن دوستلۇق ئورناتمىغىن، چۈنكى بۇنداق كىشى دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىككە لايىق ئەمەس.»

يەنە دېدى: «ئۆزىنى دانا سانىغان ناداندىن پەرھىز قىلغىن.»

يەنە دېدى: «گەرچە ھەرقانچە ئاچچىق بولسىمۇ، راست سۆزلەشكە ئادەتلەن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر سىرىڭنى دۈشمەن بىلمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغا ئېيتمىغىن.»

يەنە دېدى: «ھەرقانداق قۇلنى ساتار ۋە سېتىۋالار. ئەمما ئۇ قۇل نەپس قۇلىغا ئازادىرەك بولغاي.»

يەنە دېدى: «ھەر كىشىنىڭ بىلىمى بولسىمۇ، ئەمما شۇنىڭغا لايىق ئەقلى بولمىسا، بۇ بىلىم ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزگۈسىدۇر.»

يەنە دېدى: «ئەگەر ھەر كىشىنى تونۇمۇش ئاتلىق ئۇستاز دانا قىلمىسا، ھەرقانداق دانا ئۇنىڭغا سۆز ئۆگىتىپ چاپا چەكمىسۇن، چەككەن جاپا زايە كېتەر.»

يەنە دېدى: «نادانلىن بارچە نەرسىنى ساقلىماق ئاساندۇر، خۇددى ناداندىن ئۆز تېنىنى ساقلىغاندەك.»

يەنە دېدى: «ئەگەر خەلقنىڭ سەن توغرۇلۇق ياخشى سۆزلەرنى قىلىشىنى خالىساڭ، ئالدى بىلەن سەن خەلق ھەققىدە ياخشى سۆز قىلغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر خەلق يولىدا چەككەن رەنجىڭنىڭ زايە كەتمەسلىكىنى تىلىسەڭ، ئۆزۈڭ توغرۇلۇق خەلقنىڭ چەككەن رەنجىسىنى زايە قىلمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر يار ـ دوست بولماقنى تىلىسەڭ، كىنە ـ ئاداۋەتلىك بولمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر غەمسىز بولۇشنى خالىساڭ، ھەرگىز ھەسەتخور بولمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئاسان ئۇتۇق قازىنىش ساڭا نېسىپ بولغان بولسا، بۇ ئۇتۇقنى زىنھار قولدىن بەرمىگىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر رەنجىشتىن يىراق بولۇشنى خالىساڭ، ئاخىرى چىقمايدىغان ئىش ئۇچۇن ئۇرۇنمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر سېنى سارالڭ، دېمىسۇن دېسەڭ، تېپىلمايدىغان نەرسىنى ئاختۇرمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر ئابرۇيسىز بولماي دېسەڭ، ياخشىلىقنى كەسىپ قىلغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر شەرمىسار بولماي دېسەڭ، قىلمىغان ئىشنى قىلدىم، دېمىگىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر ئۆز سىرىڭنىڭ يېيىلىشىنى خالىمىساڭ، بىراۋنىڭ سىرىنى پاش قىلمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر يۈزۈمنىڭ پەردىسى يىرتىلمىسۇن دېسەڭ، بىراۋنىڭ يۈز پەردىسىنى يىرتمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر ئىززىمدىن قالمىسۇن دېسەڭ، زېردەست[1] لەرگە شەپقەتلىك بولغىن.»

يەنە دېدى: «ئۆزۈڭنى سوزۇلغان پۇشايماندىن خالاس بولماقنى خالىساڭ، كۆڭۈل مەيلى بىلەن ئىش قىلمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر زېرەكلەردىن بىلمەكنى خالىساڭ، يۈزۈڭنى خەلقنىڭ ئەينىكىدە كۆرگىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر قەدىر - قىممەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، خەلقنىڭ قەدرىنى بىلگىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر ئاۋامنىڭ سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن ئىش قىلماقنى تىلىسەڭ، سەن ئۆز سۆزۈڭگە ماس ئىش قىلغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ، پىنھان سۆزۈڭنى ئاشكارا قىلمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر بارچە ئادەمدىن يۇقىرى بولماقنى ئارزۇ قىلساڭ، ۋاپالىق بولغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر ئەيىبسىزلەر قاتارىدا بولماقنى تىلىسەڭ، كۆڭلۈڭگە تامانى كەلتۈرمىگىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر ئادالەتلىك گورۇھ بولماقنى خالىساڭ، زېردەستلەرنى ئىنائىتىڭدە ياخشى تۇتقىن.»

---

① زېردەست — بىراۋنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگۈچى.

يەنە دېدى: «ئەگەر خالايىقنىڭ يامان سۆزلىرىدىن يىراق بولماقنى تىلىسەڭ، ئۇلاردىن زورلۇق بىلەن ھېچ نەرسە ئالمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر خالايىقنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى بولماقنى خالىساڭ، ئۇلاردىن ھېچنېمىنى ئايىمىغىن.»

يەنە دېدى: «ئەگەر تىلىگىنىڭ ئۆزۈن بولمىقىنى خالىساڭ، قولۇڭنى قىسقا قىلمىغىن.»

ئەي پەرزەنت، ئانۇشىرۋان ئادىلنىڭ سۆز ـ نەسىھەتلىرى مۇشۇدۇر. بۇلارنى ئوقۇغىن ۋە ئۇلارنى خار قىلمىغىن. چۈنكى، بۇ سۆزلەردىنمۇ ھېكمەت ھەم سەلتەنەتنىڭ پۇرىقى كېلىدۇر. بۇلارنىڭ بارچىسىنى يىگىتلىك ۋاقتىدا ئوقۇغىن ۋە بىلگىن. ئەمما قېرىغاندىن كېيىن ھېكمەتنى ئاڭلىماققا ھاجەت يوقتۇر. ياشانغانلار ھەر بابتىن خەۋەردار بولۇر ۋە ئۇلار نەسىھەت ئاڭلىماقتىن ئاجىز بولغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توققۇزىنچى باب

## قېرىلىق ۋە يىگىتلىك سۆيپەتى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ھەرقانچە ياش يىگىت بولساڭمۇ، ئەقلىڭ قېرى بولسۇن، مەن ساڭا «يىگىتلىك قىلمىغىن» دېمەيمەن. ئەمما يىگىتلىكنى چىدام بىلەن قىلغىن. يەڭگىل يىگىتلەردىن بولمىغىن. چۈنكى يىگىتلەرگە ئېغىرلىق مۇناسىپتۇر. بۇ ھەقتە ئارىستوتېل دانىشمەن شۇنداق دېگەنىدى: «يىگىتلىكنىڭ جۇنۇنلۇقىنىڭ بىرى تۇرىدۇر.» جاھىل يىگىتلەردىن بولمىغىن، جاھىللىقتىن بالا پەيدا بولغۇسىدۇر. يىگىتلىك دەۋرىدە تىرىشچان بول، شۇندىلا قېرىغان ۋاقتىڭدا ئۆز ھالىڭغا يىغلىمايسەن. ھەرقانچە ياش بولساڭمۇ، ھېچقاچان ئۆلۈمدىن بىخەۋەر بولمىغىن. چۈنكى، ئۆلۈم قېرىمۇ، ياشمۇ ئىلغاپ تۇرمايدۇ.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، بىر شەھەردە بىر پەردازگىر ئۇستىنىڭ دۇكىنى بار ئىدى ۋە قوزۇقتا بىر كوزىنى ئېسىپ قويغانتى. ئۇنىڭ ئىشى شۇ ئىدىكى، ھەر قېتىم بىر ئۆلۈكنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كەلگەندە، كوزىنىڭ ئىچىگە بىر تال تاش تاشلار ئىدى ۋە ھەر ئايدا ئۇ تاشلارنى ساناپ، نەچچە كىشىنىڭ ئۆلگىنىنى ھېسابلاپ چىقاتتى. شۇنىڭدىن كوزىنى بىكارلاپ، ئۇنى يەنە ھېلىقى

قورۇققا ئېسىپ قويىاتتى. يەنە بىر ئايغىچە كوزىغا تاش تاشلار ئىدى. ئۇ نەچچە يىللارغىچە ئۆمرىنى شۇ هالدا ئۆتكۈزدى. قازا يېتىپ، ئۇ پەردازگىرمۇ ئالەمدىن ئۆتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنى بىر كىشى يوقلاپ كەلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىدىن بۇ كىشىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. دۇكاننىڭ ئىشىكى تاقاق ئىدى. ئۇ ئۇستىنىڭ قوشنىسىدىن:

— پەرهىزكار دۇكىنىدا يوق، نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى. قوشنىسى ئۇنىڭغا:

— پەردازگىرمۇ كوزىنىڭ ئىچىگە چۈشتى، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەي پەرزەنت، هوشيار بول، يىگىتلىككە تەمەننا قويمىغىن، ئەپۇ تىلىگىن ۋە ئۆلۈمدىن قورققىن. تا ئۇ پەردازگىردەك ئېغىر يۈك ۋە گۇناھ بىلەن گۆرنىڭ ئىچىگە چۈشمىگەيسەن.

هەر ۋاقىت يىگىتلەر بىلەنلا سۆھبەتتە بولمىغىن. ياشانغانلار بىلەنمۇ سۆھبەتتە بولغىن. چۈنكى، يىگىتلەر بىلمىگەن كۆپ ئىشلارنى ياشانغانلار بىلگۈسىدۇر. يىگىتلەرنىڭ ئادىتى شۇنداقكى، ئۇلار ياشانغانلارنى كۆپىنچە هاللادا مەسخىرە قىلىپ ئويىنار. ئۇلار قېرىلارنى يىگىتلىككە موهتاج بىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن قېرىلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارغا بىھۆرمەتلىك بولۇش ياخشى ئەمەس. چۈنكى، قېرىلار مەيلى قانچىلىك يىگىتلىك ئارزۇسىدا بولسىمۇ، يىگىتلەرمۇ شەكسىز قېرىلىق ئارزۇسىدا كېتىۋاتقانلاردۇر. لېكىن، قېرىلار ئۇ ئارزۇغا يەتكەن، ئەمما يىگىتلەرگە مەلۇم ئەمەسكى، بۇ ئارزۇغا ئۇلار يا يەتكەي، يا يېتەلمىگەي. ياخشى نەزەر قىل، قېرى ۋە يىگىت بىر - بىرىنىڭ

مەھسۇلىدۇر.

يىگىت ئۆزىنى ھەممە كىشىدىن داناراق بىلىدۇ، ئەمما شۇ ئىشنى بىلەن ئۇ بارچە كىشىدىن نادانراقتۇر. نەس، ئەي پەرزەنت، بۇنداق يىگىتلەرنىڭ قاتارىدىن بولمىغىن، قېرىلارنى ھۆرمەت قىلغىن. ئۇلار ھەققىدە بىھۇدە گەپلەرنى قىلمىغىن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپ ۋە مۇلايىملىق بىلەن سۆزلىگىن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، يۈز يىل ياشىغان ۋە قەددى يادەك ئېگىلگەن بىر قېرى كىشى قولىغا ھاسا تۇتۇپ كېتىۋاتقاندا، بىر يىگىت ئۇنى مەسخىرە قىلىپ دېدى:

— ئەي شەيخ، ئۇشبۇ يانى نەچچە تەڭگىگە ئالدىڭ؟ ئېيتقىن، مەنمۇ ئالۇرمەن.

شەيخ دېدى:

— ئەگەر ئۆمۈر تاپساڭ ۋە سەۋر قىلساڭ بۇ يانى ساڭا بىكارغا بېرۇرمەن.

ئەي پەرزەنت، قېرىلىق مەزگىلىگە يەتسەڭ، يىگىتلىكىكە خاس ئىشلاردىن يىراق بولغىن، چۈنكى قېرىلىقتا يىگىت پېئىلىنى قىلماق نامۇناسىپتۇر ۋە يىگىتلىكتە قېرىلارنىڭ پېئىلىنى قىلماقمۇ يامان كۆرۈنۇر. ئۆزىگە زىننەت بەرگەن قېرىدىن قاچقىن، چۈنكى زاھىرەن بېزەنگەن قېرى جاھىل يىگىتتىنمۇ يامانراقتۇر. ناپاك قېرىلاردىن قاچقىن. يىگىتلىك زامانىنى غەنىيمەت بىل ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئىش قىل، چۈنكى سەزگۈلىرىڭ ئىشتىن قېلىپ، ئاڭلىماق، كۆرمەك، ئىشلىمەك،



www.uyghurkitap.com

تېتىماق، قاتتىق ۋە يۇمشاقنى سىيپاپ بىلمەك لەززىتىدىن جۇدا بولسالىڭ، ئۇنداق تېرىكلىكتىن ئۆزۈڭمۇ شاد بولالماسسەن، ئۆزگىنىمۇ شاد قىلالماسسەن. شۇنداق ئادەملەرنىڭ بويىنغا چۈشكەن ئېغىر يوك بولۇرسەن. ئۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلۈم ياخشىراقتۇر. ئەمما قېرىغاندا يىگىت خىيالى ۋە ماجالىدىن يىراق بول، چۈنكى قېرىلىق ئۆلۈمگە يېقىنراقتۇر.

بارچە خالايىقنىڭ ئۆمرى قۇياشقا ئوخشاشتۇر: يىگىتلەرنىڭ قۇياشى مەشرىقتۇر، قېرىلارنىڭ قۇياشى مەغرىبتۇر ۋە مەغرىبتە بولغان قۇياش تېز پاتقۇسىدۇر. بۇ سەۋەبتىن قېرىلارغا يىگىتلەر پېئىلىنى قىلماق نامۇناسىپتۇر.

ئەي پەرزەنت، ھەممىشە قېرىلارغا غەمخورلۇق قىل. قېرىلىق بىر بىمارلىقتۇر، ھېچ كىشى ئۇنى كۆرۈشكە بارماس. قېرىلىق ئىللەتتۇركى، ئۆلۈمدىن باشقا ھېچ كىشى ئۇنىڭ ئىلاجىنى بىلمەس. قېرىلار تاكى ئۆلگۈچە قېرىلىق رەنجىدىن ئەسلا قۇتۇلماس. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ئىللەت باركى، ئۇ ئىللەتنىڭ كۈنسېرى ياخشىلىنىشتىن ئۈمىد باردۇر، ئەمما قېرىلىق ئىللىتى كۈنسېرى يامانراق بولۇر ۋە ياخشىلىنىش ئۈمىدى يوقتۇر. پېقىر «مەن» بىر كىتابتا ئوقۇغانىدىم، ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى تاكى ئوتتۇز تۆت يىلغىچە ھەر كۈنى زىيادە بولۇر. ئوتتۇز ياشتىن كېيىن قۇياش ئاسمانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتكەندەك زىيادە بولماي ۋە نۇقسان تاپماي تۇرار. ئۇنىڭدىن كېيىن پاتقانسېرى ئاستىراق بولغاي. قىرىق يېشىغا يەتكەندىن كېيىن تاكى ئەللىك ياشقىچە ھەر يىلى ئۆزىدە نۇقسان

كۆرگەيكى، بۇرۇنقى يىلدا كۆرمىگەن بولغاي. ئەللىك يېشىدىن ئاتمىش يېشىغىچە ھەر ئاي ئۆزىدە نۇقسان كۆرگىنى، ئاۋۋالقى ئايدا كۆرمىگەن بولغاي. ئەگەر يېشى ئاتمىشتىن ھالقىپ كەتسە، ھەر سائەتتە دەرد ۋە رەنج كۆرگەيكى، ئۆتكەن سائەتتە كۆرمىگەن بولغاي. ئۆمۈرنىڭ ھەددى قىرىق يىل بولۇر. مانا، ئۆمۈر نۇرىنىڭ قىرىقىنچى پەشتىقىغا چىقتىڭ، ئەمدى يۇقىرىغا يول تاپالمايسەن، بۇنىڭدىن كېيىن دەرىجە ئاشمىقىڭ ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ، بۇرۇنقى جايىڭغا يەتمىكىڭ لازىمدۇر.

ئەي پەرزەنت، قېرىلىقنىڭ ھېكايىتىنى سېنىڭ ئالدىڭدا شۇ جەھەتتىن ئېيتتىمكى، مەن ئۇنىڭدىن نارازىدۇرمەن. چۈنكى، قېرىلىق دۈشمەندۇر ۋە دۈشمەندىن شىكايەت قىلماق ئەجەب ئەمەستۇر. سەن مېنىڭ دوست كىشىمدۇرسەن. دۈشمەننىڭ شىكايىتىنى دوستنىڭ ئالدىدا ئېيتىش توغرىدۇر(ئىلاھىم سەنمۇ پەرزەنتلىرىڭگە شۇنداق شىكايەت قىلغايسەن.) چۈنكى قېرىلارنىڭ دەرد ۋە رەنجىنى قېرىلار ياخشى بىلۇر.

ئاتام ھاجىبلار ① جۈملىسىدىن ئىدى ۋە ئۇنى ھاجىبى كامىل دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ سەكسەن ياشتىن ئۆتكەن قېرى كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئات ئېلىشنى خالاپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر ئات كەلتۈردىلەركى، ئات ئىنتايىن سېمىز ۋە ئوچۇق رەڭلىك ئىدى. ئۇ ئاتنى كۆرۈپ ياقتۇردى ۋە لەۋلىرىنى ئېچىپ، چىشىنى كۆردى. بىراق ئات قېرى ئىكەن، شۇ سەۋەبلىك ئۇنى ئالمىدى. مەن دېدىم:

① ھاجىب ـــ پەردىدار.

— ئەي ئاتا، ئۇ ئاتنى پالانى ئالدى، سىز نېچۇن ئالمىدىڭىز؟
ئاتام:

— ئۇ يىگىت كىشىدۇر، قېرىلىق رەنجىدىن خەۋىرى يوقتۇر. ئۇ ئاتنىڭ رەڭ ۋە سۈرىتىگە مەھلىيا بولۇپتۇ. بۇ ئىشتا ئۇ مەئزۇردۇر. مەن قېرىلىقنىڭ رەنجى، ئاپەت ۋە زەئىپلىكلىرىدىن خەۋەرداردۇرمەن. قېرى ئات ئالسام مەئزۇر بولمىغۇسىدۇر.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر قېرىلىق مۇقامىغا يەتسەڭ، بىر جايدا مۇقىملاشقىن. بولۇپمۇ قېرىلىقتا، جۇملىدىن نامراتلىقتا سەپەر قىلماق ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. چۈنكى، قېرىلىق بىر دۈشمەندۇر ۋە نامراتلىقمۇ بىر دۈشمەندۇر. بۇ ئىككى دۈشمەن بىلەن سەپەر قىلماق دانالىقتىن ئەمەستۇر. ئەمما ئەگەر بىر ئىش بېشىڭغا چۈشسە ۋە ئىزتىراپ بىلەن ئۆيۈڭدىن چىقساڭ ۋە ئەگەر سەپەردە ياخشىراق راھەت ئالساڭ، ھەرگىز ئۆيۈڭنى ئارزۇ قىلمىغىن، مال ۋە ئوزۇق تەلەپ قىلمىغىن. مەيلى قانداق جايدا ئىشىڭغا تەرتىپ تاپساڭ، شۇ يەردە تۇرۇپ قال ۋە ئۇ جاينى ئۆزۈڭگە ياخشى مال ۋە ئوزۇق بىل. ئۆز ھالىڭنىڭ پايدىسىغا قارىغىن. ئېيتىپتۇلەركى، بەختلىكلەر ئۆز ھالىنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئارزۇ قىلۇر، بەختسىزلەر بولسا ئوزۇق ۋە مال جەملىمەكنى ياخشى ئىش بىلۇر. ئەمما سەن ئۆزۈڭدە بىر ياخشى مال كۆرسەڭ ۋە بىر پايدىلىق ئىشنى قولغا كىرگۈزسەڭ، نىيەت قىلىپ ئول ئىشىڭنى سابىت ۋە مەھكەم قىل، تاكى شۇ ئىشنى مۇستەھكەم قىلمىغۇچە ئۇنىڭدىن چوڭراق ئىشنى تەلەپ قىلمىغىن، چوڭ ئىشنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىللە پەسلىككە

دۇچار بولمىغىن. شۇنداق دېيىلگەنكى، ياخشى نەرسىنى قوبۇپ، ئۇنىڭدىن ياخشىراق نەرسىنى تەلەپ قىلمىغىن، بۇنداق مەھەلدە تاما بىلەن ئۇنىڭدىنمۇ بىبەھرە قالغايسەن. ئەمما ئۆز رورغارىڭنى يۇرۇشلەشتۇرۇشتە بىتەرتىپ بولمىغىن. ئەگەر دوستلار ۋە دۇشمەنلىنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنمەكنى تىلىسەڭ، دەرىجە ۋە ھۈنەرىڭنى خالايىقنىڭ ئارىسىدا زاھىر قىل، بىھۇدە ئىسراپچىلىق قىلمىغىن ۋە بارچە ئىشىڭنى تەرتىپ بىلەن قىل.

www.uyghurkitap.com

ئونىنچى باب

# نەپسنى يىغىشنىڭ شاراپىتى ۋە تائام يېيىش تەرتىپىنىڭ بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئاۋام، خالايىقنىڭ بارچە ئىشلىرىدا ۋاقىت تەرتىپى يوقتۇر. ئۇلار ۋاقىتقا ياكى ۋاقتى ئەمەسلىكىگە قارىماس. ئەمما ئەقىللىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەربىر ئىشلىرىغا ئېنىق ۋاقىتنى تايىن قىلغان. ئۇلار كېچە ۋە كۈندۈزدىكى يىگىرمە تۆت سائەتنى ئۆز ئىشلىرىغا مۇۋاپىق تەقسىملەپ، بىر ئىشنى يەنە بىر ئىشتىن پەرق قىلىپ، ئۇنىڭغا ۋاقىت، چېگرا ۋە ئۆلچەم بېكىتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەس. ئۇلارنىڭ خىزمەتداشلىرىمۇ قايسى ۋاقىتتا قايسى ئىشقا مەشغۇل بولارنى ياخشى بىلگەي. شۇڭا ئۇلارنىڭ بارچە ئىشلىرى تەرتىپ بىلەن بولغاي.

سەن ئەڭ ئاۋۋال تائام يېمەك سۆزىنىڭ مەنىسىنى بىلگىن. بازار ئادەملىرىنىڭ ئادىتى شۇنداقتۇركى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تائامنى كەچ يېيىشىدۇ، بۇ ئىنتايىن زىيانلىقتۇر ۋە ئۇلار ھەمىشە ئۆز جانلىرىغا قەست قىلغاي.

بەزى ئادەملەرنىڭ ئادىتى شۇنداقتۇركى، ئۇلار ۋاقىتقا قارىماس. ۋاقىت تاپسىلا يېمەككە مەشغۇل بولغاي. بۇ ئادەت

ھايۋانلارنىڭ ئادىتىدۇر. چۈنكى، ئۇلار ھەر ۋاقىت ھەلەپ تاپسىلا، يېمەك بىلەن مەشغۇل بولۇر. ئەمما ئېتىبارلىق ۋە مۆتىۋەر ئادەملەرنىڭ ئادىتى شۇدۇركى، كېچە ۋە كۈندۈزدە بىر قېتىم تائام يەر. نەپسنى يىغىشنىڭ بۇ يولى غايەت ياخشىدۇر. لېكىن بەدەن بەك زەئىپ بولۇر. بەس، ئەمدى شۇل نەرسە ياخشىدۇركى، مۆتىۋەر ئادەملەر تاڭ ۋاقتىدا خىلۋەتتە بىرەر نەرسە يەر. شۇنىڭدىن كېيىن تاشقىرىغا چىقىپ، تاكى پېشىن ۋاقتىغىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا مەشغۇل بولغاي. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق تائام بولسا، ھازىر قىلغاي ۋە ئەتراپلىرىدا كىم بولسا، ئۇنىمۇ چاقىرىپ بىللە يېگەي.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر تائام بولسا، ھەمتاۋاقلىرىڭنى چاقىرغىن، ئۇلارمۇ سېنىڭ بىلەن تائام يېسۇن، ئەمما تائامنى تېز يېمىگىن ۋە ئاستا يېگىن. تائام يېمەك ۋاقتىدا ئادەملەر بىلەن سۆزلەشكىن، بۇ ئىسلام شەرتىدۇر، لېكىن بېشىڭنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇر، ھەمتاۋاقلىرىڭنىڭ ئالغان لوقمىسىغا قارىمىغىن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، بىر ۋاقىتتا ساھىبى ئىسمائىل بىننى ساھىبى ئاباس ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە خادىملىرى بىلەن تائام يەۋاتقاندا، بىر كىشى تاۋاقتىن بىر لوقما ئالدى. ئۇنىڭ لوقمىسىدا بىر قىل بار ئىدى. ساھىبى ئىسمائىل ئۇنى كۆرۈپ دېدى:

— ئەي پالانى، ئۇ قىلنى لوقمىدىن ئالغىن.

ھېلىقى كىشى لوقمىنى تاشلاپ، مەجلىستىن چىقىپ كەتتى. ساھىب بىر كىشىنى بۇيرىدى. ئۇ كىشى چىقىپ كەتكەن ئادەمنى قايتۇرۇپ مەجلىسكە كەلتۇردى. ساھىب دېدى:

— ئەي پالانى، نېچۈن تائام يەپ بولماستىن بىزنىڭ داستىخىنىمىزدىن چىقىپ كەتتىڭ؟

ئۇل كىشى دېدى:

— بىر لوقمىدا بىر قىلنى كۆرگەن كىشىنىڭ تائامنى يېمەك ماڭا لايىق ئەمەستۇر.

ساھىبى بۇ سۆزدىن ناھايەت خىجالەتمەن بولدى.

ئەي پەرزەنت، تائام ۋاقتىدا ئۆز - ئۆزۈڭگە مەشغۇل بولغىن. ئۇنىڭدىن كېيىن تاۋاق قويماق بۇيرۇغىن. مۆھتەرەم خەلقنىڭ رەسمى ئىككى خىل بولۇر: مەجلىسكە تورلۇك تائام كەلتۇرۇپ، بەزىسى ئۆزىگە بۇرۇن تاۋاق قويدۇرۇر، ئاندىن كېيىن ئۆزگىلەرگە قويدۇرۇر؛ بەزىلەر ئالدى بىلەن تاۋاقنى باشقىلارغا قويدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى ئالۇر. كېيىنكىسى ئالىيجاناب، كەرەم ئەھلىنىڭ ئىشىدۇر ۋە ئاۋۋالقىسى سىياسەت ئەھلىنىڭ ئىشىدۇر. ئەمما تورلۇك تائام ۋە رەڭگارەڭ تاۋاق كەلتۇرمەكنىڭ سەۋەبى شۇكى، بارچە ئادەمنىڭ قورسىقى بىردەك ئەمەستۇر. تاماقنى كۆپ يەيدىغان ھەم ئاز يەيدىغانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك تويسۇن. ئەگەر سېنىڭ ئالدىڭدىكى تاۋاق ئىچىدە بىر مەززىلىك نەرسە تورغان بولسا، ئۆزگىلەرنىڭ ئالدىدا مەززىلىك نەرسە بولمىسا، مەزكۇر تائامدىن ئۆزگىلەرگىمۇ بەرگىن. تائام ئۈستىدە پالانى تائام ياخشى، پالانى تائام يامان

دېمىگىنىكى، بۇ سۆزلەر تائام ئۈستىدە ياخشى ئەمەستۇر.

مانا تائام يېمەك تەرتىپىنى بىلدىڭ، ئەمدى شاراب ئىچمەك تەرتىپىنىمۇ بىلگىن، چۈنكى شاراب ئىچمەكنىڭمۇ جايى ۋە رەسىمى باردۇر.

www.uyghurkitap.com

ئون بىرىنچى باب

## شاراب ئىچمەك بابىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ساڭا شاراب ئىچ دەپ ئېيتمايمەن، ئەمما ئىچمە دەپمۇ ئېيتمايمەن، چۈنكى ياش يىگىتلەر قېرى كىشىنىڭ سۆزى بىلەن يىگىتلىك ۋاقتىنىڭ ئىشلىرىنى تەرك ئەتمەس. ماڭىمۇ يىگىتلىكىمدە كۆپ نەسىھەت بەردى، مەنمۇ قوبۇل قىلمىدىم، ئەمما ئەللىك يېشىمدىن كېيىن تەۋبە ـ تەۋپىقنى قوبۇل قىلدىم.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر شاراب ئىچمىسەڭ ئىككى جاھان پايدىسىنى تاپقايسەن: ھەقتائالانىڭ رازىلىقىنى ھاسىل قىلارسەن ۋە خەلقنىڭ مالامىتىدىن قۇتۇلارسەن، مەنمۇ سېنى ئۆزۈمگە ناھايىتى يېقىن دوست تۇتقايمەن. لېكىن سەن ياش يىگىتتۇرسەن، ئۇلپەتلەر ساڭا شاراب ئىچۈرمەي قويماس، مەن بۇنى ياخشى بىلىمەن. شۇنداق بولغاچقا، گەرچە بىر ھال بىلەن شاراب ئىچەر بولساڭ، ئىچمەك قائىدىسىنى بىلگىن، چۈنكى، ئەگەر بىلمەي ئىچسەڭ زەھەردۇر، ئۇنى بىلىپ ئىچسەڭ سۇس زەھەردۇر. ھەقىقەتەنمۇ ئەگەر ھەرقانداق تائام ۋە شارابنى ئىسراپ بىلەن يېسەڭ ياكى ئىچسەڭ زەھەردۇر. بۇ جەھەتتىن شۇنداق دېيىلگەنكى، ئەگەر كۆپ ئىچىلمىسە ۋە ئەندازەسىدىن چىقىلمىسا، زەھەر ئاز بولغۇسىدۇر.

تائامنىڭ كەينىدىن ئەگەر تەشنا بولساڭ، ئۈچ قېتىم شاراب ئىچكىن ۋە ئەگەر تەشنا بولمىساڭ، ئۈچ سائەت مىقدارى تەخىر قىل، چۈنكى ئەگەر ئاشقازان قۇۋۋەتلىك ۋە ياخشى بولسا تائامنى ھەرقانچە كۆپ يېسەڭمۇ ھەزىم قىلىدۇ. شۇنداقكى، ئاشقازان ئۈچ سائەتتە تائامنىڭ قۇۋۋىتىنى ئالىدۇ ۋە جىگەرگە يەتكۈزەر، جىگەر بولسا ئۇنى بارچە ئەزالارغا تەقسىم قىلىدۇ، چۈنكى جىگەر تەقسىم قىلغۇچىدۇر. كېيىن نىمە ئارتىپ قالسا، ھەممىسىنى ئۈچەيگە يوللار. ئەگەر ئاشقازاننىڭ قۇۋۋىتى ياخشى بولمىسا، ئۇ ئاشقازان ئەمەستۇر، قاپاقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دېيمەنكى، تائام يەپ، ئۈچ سائەتتىن كېيىن نەبىز [1] ئىچكىن. شۇ سەۋەبتىن دېيمەنكى، چوقۇم ئاشقازاندىكى تائام ھەزىم بولۇپ، تېنىڭنىڭ تۆت تەركىبى ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ نىسىۋىسىنى ئالسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن نەبىز ئىچكىن، شۇندىلا شارابتىنمۇ، تائامدىنمۇ بەھرە ئالغايسەن. ئەمما شارابنى ناماز ۋاقتىدا ئىچمىگىن. پەقەت نامازدىگەر ۋاقتىدىن كېيىن ئىچكىن، شۇندىلا مەست بولغىنىڭنى خالايىق كۆرمىگەي. مەستلىكتىن ساقلان، يەنى يىقىلمىغىنكى، يىقىلىش يامان بولۇر. شاراب ئىچمەك ئۈچۈن باغقا ۋە سەھراغا كۆپ بارمىغىن. ئەگەر بارساڭ، تاكى ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە مەست بولمىغىن ۋە مەستلىكنى ئۆيۈڭدە قىلغىن. ئۆي ئىچىدە قىلغاننى تاشقىرىدا قىلىپ بولمىغۇسىدۇر. چۈنكى ئۆي ئىچىنىڭ يوشۇرۇن ھالىتى دەرەخ سايىسىدىن يوشۇرۇنراقتۇر، چۈنكى كىشى ئۆز ئۆيىدە پادىشاھ بولسىمۇ، دەشت قويىدا غېرىبتۇر. ئەگەر مۇنىم [2] ۋە مۆتىۋەر

[1] نەبىز — خورما ياكى ئۈزۈمدىن قىلىنغان مەي.
[2] مۇنىم — نېمەت بەرگۈچى، رىزىق بەرگۈچى.

كىشىلەرمۇ غۇربەتكە چۈشسە مەلۇمدۇركى، قولى قىسقا بولۇر ۋە ھېچ نەرسىگە قۇدرىتى يەتمەس.

نەبىز ئىچكىن، ئەمما ئىككى كاسا ۋە ئۈچ كاسا ئىچمىگىن. ئىشتىھا بار ۋاقتىدا ئىچمىگىن. لوقمىلارنى كۆپ يېمەكتىن، قەدەھلەرنى كۆپ ئىچمەكتىن پەرھىز قىلغىن، چۈنكى ھەر قېتىملىق شاراب ئىچىشتە تويماق ۋە مەست بولماق مۇناسىپ ئەمەستۇر. بىر يۇتۇم شارابنى كەمرەك ئىچكىن، بىر لوقما تائامنى كەمرەك يېگىن. دېمەك، تائام لوقمىسىنى كەمرەك يېگىن، شاراب كاسىسىنى كەمرەك ئىچكىن، شۇندىلا ھەر ئىككىسىنىڭ زەرەرىدىن قۇتۇلغايسەن.

شارابخورلۇقنىڭ نەتىجىسى ئىككى ئىش بولۇر: بىمارلىق ياكى دېۋەڭلىك. چۈنكى شارابخور ياكى مەست بولۇر، ياكى ساراڭ بولۇر. ئەگەر مەست بولسا، ساراڭلار جۈملىسىدىن بولۇر ۋە ئەگەر شىركەيپ بولسا، بىمارلار سېپىدىن بولۇر، چۈنكى ئىچىملىكتىن كېيىنكى باش ئاغرىقى بىمارلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. لېكىن، ئۇنداق ئىشقا مايىل بولماق ياخشى ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇنىڭ نەتىجىسى بىمارلىق ياكى ساراڭلىقتۇر.

ئەي پەرزەنت، بىلىمەنكى، سەن بۇ سۆزلەر بىلەن شاراب ئىچمەكتىن ۋاز كەچمەيسەن. ئەمما قىلالىساڭ، سەبۇھىي [1] ئىچمەكنى ئادەت قىلمىغىن ۋە ئەگەر سەبۇھىي ئىچسەڭ، ئۆز ۋاقتىدا ئىچكىن، ئاقىللار سەبۇھىينى يامان دېگەندۇر. سەبۇھىينىڭ دەسلەپكى شۇملۇقى شۇكى، تاڭ نامىزى قازا بولۇر، يەنە كېچىنىڭ بۇسلىرى دىماقتىن تېخى كەتمەي تۇرۇپلا كۈندۈزنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنەر ۋە

[1] سەبۇھى — سەھەردىكى ئىچىملىك.

مالىخولىيا كېسىلى شۇنىڭدىن ھاسىل بولۇپ، چۈنكى ئىككى پاساتچىنىڭ پاساتى بىر پاساتچىنىڭ پەساتىدىن كۆپرەك بولىدۇ. يەنە شۇكى، ھەر ۋاقىت خەلق ئۇيقۇغا بارسا، سەن بىدار بولۇرسەن، خەلق بىدار بولغاندا سەن ئۇيقۇدا بولۇرسەن. كۈندۈز ئۇخلاپ، ئاخشام ئويغاق بولساڭ، كېيىنكى كۈنى بارچە ئەزايىڭ خەستە بولۇر. بۇنداق ئۇلۇغ گۇناھنى قىلىپ، كېيىن پۇشايمان يەرسەن.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر شاراب ئىچمەكنى تەرك ئېتەلمىسەڭ، جۈمە كېچىسى ئىچمەسلىكنى ئادەت قىل... بۇ چاغدا بىر ھەپتە شاراب ئىچىش سەۋەبلىك ئېچىشىۋاتقان دىمىقىڭ، تومۇرلىرىڭ، كۆزۈڭ، ئەقلىڭ، نەپسىڭ ۋە روھىڭ شۇ بىر كېچىدە ئاراملىق تاپار ۋە يېنىكلىك ھاسىل بولۇر. يەنە چىقىم ئازىيۇر ۋە خەلق سەن توغرۇلۇق ياخشى سۆز ئېيتۇر. دېمەك، بۇنداق پايدىلىق ئىشنى ئادەت قىلماق كېرەكتۇر.

ئون ئىككىنچى باب

## مېھمان بولماق ۋە مېھمان قىلماقنىڭ بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ھەر كۈنى يات ئادەملەرنى مېھمان قىلمىغىن، چۈنكى ھەر كۈنى مېھمان قوبۇل قىلىۋەرسەڭ، مېھمانغا لايىق ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلالمايسەن. بىلىسەنكى، كۆڭۈلۈڭمۇ ھەر ئايدا نەچچە قېتىملا مېھمان چاقىرماقنى تىلەيدۇ. ئەگەر ئۈچ قېتىم چاقىرىشنى تىلىسە، بىر قېتىم چاقىرغىن، ئۈچ قېتىمدا قىلىدىغان خىراجىتىڭنى بىر قېتىمدا قىلغىن، تاكى داستىخىنىڭ ئەيىبسىز بولغاي ۋە قۇسۇر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تىلى باغلىق بولغاي.

ھەرقاچان مېھمانلىرىڭ ئۆيۈڭگە قەدەم باسسا، سەن بارچە ئادەملىرىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققىن ۋە ياخشى سۆز بىلەن قارشى ئالغىن، ئۇلار سېنىڭ ياخشى گېپىڭنى قىلسۇن.

ئەگەر مېۋە پىششىقى بولسا، تائام يېمەستىن ئاۋۋال مېۋە كەلتۈرگىن، ئۇلار بەھۇزۇر يېسۇن.

بىر زامان تەۋەققۇف[1] قىل، ئۇنىڭدىن كېيىن بارچە ئادەملەرنى ئولتۇرغۇز ۋە ئۆزۈڭ ئولتۇرمىغىن، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە تائام يېسۇن. مېھمانلار بىر ـ ئىككى ئولتۇرۇشنى ئېيتمىغۇچە، سەن ئولتۇرما. ئۇلار سەنمۇ

① تەۋەققۇف ـــ توختاش، جىم تۇرۇش.

قېشىمىزدا ئولتۇرغىن، بىزلەر رازىمىز دېسۇن، سەن «مەن سىلەرگە خىزمەت قىلىۋالاي» دېگىن. ئەگەر يەنە تەكرار تەكلىپ قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرغىن ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكىن، ئەمما ھەممىدىن پەستە ئولتۇرغىن. پات ـ پات «ئەي پالانى، تائامنى ياخشى يېگىن، ھېچ نېمە يېمىدىڭ ۋە مەن ساڭا لايىق ھېچ ئىش قىلالمىدىم. ئىنشائاللا، يەنە بىر قېتىم بۇنىڭدىن ياخشىراق قىلۇرمەن» دەپ ئېيتىۋەرمىگىن. بۇ ئۇلۇغ ۋە مۆتىۋەرلەرنىڭ سۆزى ئەمەستۇر. بەلكى ساياقلارنىڭ لەۋزىدۇر. بۇنداق سۆزدىن خەلق خىجالەت بولۇر، تائام يېمەس ۋە تاماققا تويماي تۇرۇپ كېتەر. بىزلەرنىڭ گىلاندا ياخشى يوسۇنلىرىمىز باركى، ئەگەر مېھمان چاقىرىلسا، داستىخان سېلىپ، تائاملارنى كەلتۇرۇپ قويار ۋە كوزىلاردا سۇمۇ كەلتۇرۇپ، داستىخاننىڭ چېتىگە قويار. بارچە مېھمانلارنى تائامنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى چىقىپ كېتەر. بىر كىشى تاۋاق ۋە كاسىلارنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن قالۇر. مېھمان تائامدىن كۆڭلى خالىغىنىچە يەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ساھىبخانا ئولتۇرۇشقا كېلۇر. ئەرەب خەلقىنىڭ قائىدىسىمۇ شۇنداقتۇر.

مېھمانلار تائام يەپ بولۇپ، قول يۇغاندىن كېيىن ئەتىر ۋە گۇلاب كەلتۇرۇپ، مەجلىسنى مۇئەتتەر قىلغىن. مېھمانلارنىڭ چاكار ۋە خىزمەتكارلىرىغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلغىن، چۈنكى، كىشىنىڭ ياخشى نامىنى ئۇلار چىقىرىدۇ. مەجلىسكە مېۋە ـ چېۋىنى كۆپ كەلتۇرگىن ۋە خۇشئاۋاز سازەندىلەرنىمۇ ھازىر قىلغىن. نەبىزىمۇ تەل قىلغىن، چۈنكى مېھمانلار تائامدىن كېيىن شاراب ئىچىپ، نەغمە ۋە ناۋا ئاڭلىسا خۇشال بولۇر. ئەگەر مەي



www.uyghurkitap.com

ۋە تائامنىڭدا بىرەر ئەيىب بولسا، شۇنىڭ بىلەن يۈگىلىپ قالۇر.

شاراب ئىچمەك چوڭ گۇناھتۇر. ئەگەر گۇناھ قىلماقنى تىلىمىسەڭ، بىمەززە ۋە بىتەرتىپلىك قىلمىغىن. بەس، ئەگەر مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئىپتىقىنىمدەك قىلساڭ، ئۆزۈڭنى مېھمانغا ۋە مېھماننىڭ ھەققىنى ئۆزۈڭگە ۋاجىپ بىلگىن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئىبنى مۇقلە مەنسۇر تەممىمىنىڭ ئوغلى نەسرگە بەسرەنىڭ ھاكىملىق ئەمەلىنى بەردى، كېيىنكى يىلدا ئۇنى چاقىرىپ ناھايىتى ماختىدى. ئېيتتىلەركى، ئۇ دۆلەتلىك ۋە نېمەتلىك كىشى ئىدى. خەلىپە ئۇنىڭدىن كۆپ مال تاما قىلاتتى. ئۇلار ھېساب قىلدى، كۆپ مال ئۇنىڭ نەسرنىڭ «بويىنغا يۈكلەندى. ئىبنى مۇقلە ئۇنىڭغا دېدى:

— بۇ مالنى بەرگىن ياكى زىندانغا كىرگىن.

نەسىر دېدى:

— ئەي مەۋلانە، مېنىڭ كۆپ مېلىم باردۇر، ئەمما بۇ يەردە ھازىر ئەمەستۇر. ماڭا بىر ئاي مۆھلەت بەرگىن ۋە بۇ مىقدار مال ئۈچۈن مېنى زىندانغا سالماق مۇناسىپ ئەمەستۇر.

ئىبنى مۇقلە بۇنى «مال بەرمەكنى خالىمايۋاتىدۇ، بۇ سۆزنى چىن كۆڭلىدىن ئېيتمىدى» دەپ گۇمان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا دېدى:

— سېنى ئۆز ئورنۇڭغا ئەۋەتىپ بۇ مالنى ئالماق زۆرۈر. ئەمما ئەمرۇلمۆئمىنىننىڭ پەرمانى شۇكى، مېنىڭ ھويلامنىڭ بىر ھوجرىسىدا ئولتۇرغىن ۋە بىر ئاي ماڭا مېھمان بولغىن.

نەسىر قوبۇل قىلىپ ئىبنى مۇقلەنىڭ ئۆيىدە مەھبۇس بولۇپ ئولتۇردى. ناھايەت ئۇ رامىزان ئېيى ئىدى. ئىبنى مۇقلە ھەر

كۆنى نەسىرنى ئىپتارغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىپتار قىلار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبن مۇقلە نەسىرگە كىشى ئەۋەتىپ، ئاشۇ مالنى تەلەپ قىلدى. نەسىر:

— مەن ئۇ زەرنى بەردىم، — دېدى. ئۇ كىشى:

— كىمگە بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىبن مۇقلەگە بەردىم، — دېدى نەسىر.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىبن مۇقلە ھەيران بولدى ۋە نەسىرنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ئەي نەسىر، زەرنى ماڭا قاچان بەردىڭ؟ — دەپ سورىدى. نەسىر:

— مەن ساڭا زەر بەرگىنىم يوق، لېكىن بىرنەچچە مۇددەت سېنىڭ تائامىڭنى يېدىم ۋە ساڭا مېھمان بولۇپ، ھەر كۈنى روزىنى سېنىڭ بىلەن ئاچتىم، ئەمدى ھېيت كەلدى، سېنىڭ مېھماندىن زەر تەلەپ قىلىشىڭغا ھەققىڭ قالمىدى، — دېدى.

ئىبن مۇقلە بۇ سۆزدىن خۇشال بولدى ۋە كۈلۈپ دېدى:

— ئىجازەتنامەڭنى ئال، خۇش ۋاقىت بولۇپ كەتكىن، ئۇل زەرنى ساڭا بېغىشلىدىم.

نەسىر بۇ سەۋەب بىلەن زەر بەرمەكتىن قۇتۇلدى.

ئەي پەرزەنت، مېھماندوست بولغىن ۋە مېھمانغا تەنە قىلمىغىن، ھەر ۋاقىت ئوچۇق يۈزلۈك بولغىن، كىمكى مېھمىنىڭ بولسا، شادلىق بىلەن تائامىڭنى يېسۇن. لېكىن ئۆزۈڭ نەبىزنى كەم ئىچكىن، مېھماندىن ئاۋۋال مەست بولمىغىن ۋە ھەمىشە ئوچۇق چىراي، تاتلىق سۆزلۈك بولغىن. ئەمما بىھۇدە

كۆلمىگىن، كۆپ كۆلمەك بىر تۈرلۈك سارائلىقتۇر، ئاز كۆلمەك بىر تۈرلۈك سىياسەت ۋە سەۋر ـ تاقەتلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. چۈنكى، شۇنداق گەپ باركى، بىھۇدە ۋە ئورۇنسىز كۆلكە غەم ۋە ئازاب كەلتۈرگەي.

مېھمانلار مەست بولغاندىن كېيىن كەتمەكنى ئۆتۈنسە، بىر قېتىم، ئىككى قېتىم تەۋازى بىلەن «يەنە بىر دەم ئولتۇرۇڭ» دەپ ئىلتىماس قىل ۋە ئۈچىنچى قېتىمدا يەنىلا كەتمەككە ئىجازەت سورىسا، چىرايلىق رۇخسەت بەرگىن. ئەگەر خىزمەتكارلىرىڭ بىرەر خاتالىق سادىر قىلغان بولسا، مېھمانىنىڭ قېشىدا تىرىكمەي، ئۇلارغا كايىمىغىن، خاتاسىنى ئەپۇ قىلغىن.

ئەگەر مېھمان ھەرقانچە قاتتىق سۆز ئېيتسىمۇ، ئۇنىڭغا قاتتىق گەپ قىلمىغىن، بەلكى ھۆرمىتىنى ساقلىغىن.

ھېكايەت:

شۇنداق ئاڭلىغانىدىم، خەلىپە مۇئتەسىم بىر گۇناھكارنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆلتۈرمەكنى نىيەت قىلدى. ئۇ كىشى خەلىپىگە:

— ئەي ئەمىرۇلمۆئمىنىن، مېنى بىر كاسا سۇ بىلەن مېھمان قىلغىن، مەن ناھايىتى ئۇسسۇزدۇرمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلماقنى خالىساڭ بۇيرۇغىن، — دېدى.

خەلىپە مۇتەسىممۇ ئۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، دېگىنىنى قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇنىڭغا سۇ بەردى. ئۇ كىشى سۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئەرەب قائىدىسى بىلەن:

— يا ئەمىرەلمۆئمىنىن، ئەمدى بىر كاسا سۇ بىلەن مەن سېنىڭ مېھمىنىڭ بولدۇم. ئەگەر مۇرۇۋۋەت تەرىقىدە مېھماننى

ئۆلتۈرمەك ۋاجىپ بولسا بۇيرۇغىنكى، مېنى ئۆلتۈرسۇن. ئەگەر ئەپۇ قىلساڭ، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا بارچە گۇناھىمغا تورۋا قىلۇرمەن، — دېدى. مۇتەسىم:

— راست ئېيتۇرسەن، مېھمان ھەققى ئۇلۇغدۇر. ئەمدى گۇناھىڭنى ئەپۇ قىلدىم ۋە سەنمۇ توۋا قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر خاتاغا قەدەم باسمىغىن، — دېدى.

دېمەك، ئەي پەرزەنت، ئەگەر مېھمان بولساڭ، خالىغان كىشىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ بېرىۋەرمىگىن، ئەگەر مېھمان بولۇپ بىر يەرگە بارساڭ، بەك ئاچ بارمىغىن ۋە تېز مېڭىپ بارمىغىنكى، تائام يېمەكتىن بىئارام بولۇپ ئولتۇرساڭ، ساھىبخانىغا ئازار يېتەر. ئەگەر تائامنى كۆپ يېسەڭ، خەلقنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھىبخانىنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭ، ئۆزۈڭگە مۇناسىپ جايدا ئولتۇرغىن. ئۇ گەرچە يېقىن دوست كىشىڭنىڭ ئۆيى بولسىمۇ، تائام ۋە نەبىزنىڭ ئۈستىدە بۇيرۇقۋازلىق قىلمىغىن، يەنى ساھىبخانىنىڭ خىزمەتكارلىرىغا: «ئەي پالانى، بۇ ئۆي مېنىڭ ئۆز ئۆيۈمدۇر ۋە تاۋاقنى ئۇ يەرگە قويغىن، ئۆزگىلەرنىڭ تائام ۋە كاسىسىغا قول ئۇزاتمىغىن» دېمىگىن. ئۆز چاكارلىرىڭغا زۇلالنى [1] ئېلىپ بەرمىگىنكى، مېھماننىڭ ئۆيىدىن نەرسە ئېلىش ئۇيات، دېيىلگەندۇر.

شاراب ئىچىپ بەك مەست بولمىغىن، قايتار چاغدا يول ئۈستىدە مەستلىك ھالىتى سەندە زاھىر بولمىسۇن ۋە خەلق ھالىڭنى بىلمىسۇن. ھەرقانچە مەست بولغۇڭ كەلسە، ئۆز

① زۇلال — تېنىق، سۈزۈك سۇ.

ئۆيۈڭدە بولغىن. ئەگەر سەن شاراب ئىچكەن ۋاقىتتا يېقىنلىرىڭ ھەرقانچە گۇناھ قىلسىمۇ ئۇلارغا غەزەپ قىلما ۋە تەنقىد بەرمە. چۈنكى ئۇنى ھېچ كىشى ئەدەپ سانىماس. نېمە ئىش قىلماقنى خالىساڭ، شاراب ئىچمىگەن ۋاقىتتا قىلغىن. دەپتۇلەركى، مەستلىك ــ ساراڭلىقتۇر. بەس، بۇ ئىپتقان سۆزلەردىن پەرھىز قىل. يات ئادەمنىڭ قېشىدا ھېچ ۋاقىت مەست ۋە خاراب بولمىغىن. ئۆزۈڭنىڭ ئايال ۋە ئائىلە ئەزالىرىڭ ئارىسىدا بولغان تەقدىرىڭدىمۇ ئەدەپ بىلەن ئۆمۈر كەچۈرگىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئون ئۈچىنچى باب

## مازاق قىلماق، شاھمات ۋە دامكا ئوينىماقنىڭ ئەدەپلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، كۆپ كىشىلەر دەپتۇلەركى، مازاق پاساتنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. مازاق، يەنى قىلغىر ـ قىيسىق سۆز بىلەن باشقىلارغا ئازار بەرمەكتىن ھەزەر قىلغىن. ئەگەر مازاق قىلساڭ مەستلىكتە قىلمىغىنكى، كۆپلىگەن پىتنە ـ پاساتلار مازاقتىن پەيدا بولۇر ۋە فەھش [1] ھەققىدە سۆز ئېچىشتىن شەرم قىلغىن. خۇسۇسەن، دامكا ۋە شاھمات ئوينىغان ۋاقىتتا ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا نىزا پەيدا بولۇر، دېگەن گەپنى ئېيتمىغىن. دامكا ۋە شاھماتنى كۆپ ئويناشنى ئادەت قىلمىغىن. ئەگەر ئوينىساڭ، دو تىكىپ ئوينىمىغىنكى، ئۇ قىمارۋازلىق بولۇر. تەڭگە قويماي ئوينىماق ئەدەپتىندۇر. ئەگەر ئوينىماقنى ياخشى بىلسەڭمۇ، قىمارۋازلىقتا مەشھۇر بولغان كىشى بىلەن ئوينىمىغىن. دامكا ۋە شاھمات ئوينىماقنىڭ ئەدەپى شۇدۇركى، سەن بىرىنچى بولۇپ پىچكىغا قول ئۇرمىغايسەن، قارشى تەرەپ ئاۋۋال نېمە قىلماقنى خالىسا، شۇنداق قىلسۇن. ئەگەر دامكا بولسا، ئاۋۋال قەبەتەينى [2] قارشى تەرەپكە بەرگىن. ئەمما

① فەھش ــ يارىماس سۆز، قەبىھلىك.
② قەبەتەين ــ دامكا ئويۇنىدىكى ئىككى سۆڭەك.

مەستلەر، تۇرك ۋە ئىش بېشىلار بىلەن ھەرگىز بىر نەرسە تىكىپ ئوينىمىغىن. دامكا ئويۇنىدا قەبەتەيىنىنىڭ نەقىشى ئۇچۇن قارشى تەرەپ بىلەن ئۇرۇشمىغىن ۋە پالان ئىشنى قىلدىڭ، دەپ قەسەم ئىچمىگىن. ئەگەر راست دېسەڭمۇ ئۇنى بارچە كىشى يالغان دېگەي. ھاسىل كالام شۇكى، مازاقتىن پەرھىز قىلغىن.

ئەمەلىيەتتە، مازاق قىلماق ئەيىب ئەمەستۇر، ئەمما ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل...

ئەي پەرزەنت، ئەگەر مازاق قىلساڭ، ئۆزۈڭدىن پەسرەك كىشىگە قىلغىن، بولمىسا قىلمىغىن، تاكى سېنىڭ ئىززىتىڭ چۈشۈپ كەتمىسۇن. ئەگەر چاقچاق ئېيتساڭ، ئۆزۈڭگە باراۋەر ئادەملەرگە ئېيتقىن، ئەگەر ئۇمۇ لايىقىدا جاۋاب بەرسە ئەيىب بولمىغاي.

كۆڭۈلسىز چاقچاقلارنى ئېيتماقتىن پەرھىز قىلغىن. ھەددىدىن زىيادە مازاق قىلمىغىنكى، ئۇل ئادەمنى خار ۋە قەدىرسىز قىلغۇچى مازاق بولۇر. چۈنكى، ھەرقانداق سۆز دېسەڭ، خەلقتىن ئۇنى ئىشتۇرسەن ۋە ھەرقانداق ئىش قىلساڭ، ئۇلۇستىن شۇنى كۆرۈرسەن. ئەمما ھېچ كىشى بىلەن ئۇرۇشمىغىن، چۈنكى، ئۇرۇشماق ئاقىل ۋە مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، كىچىك بالىلارنىڭ ۋە خوتۇنلارنىڭ ئىشىدۇر. ئەگەر تاسادىپىي بىر كىشى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساڭ، ئاغزىڭغا كەلگەن دەشنام ۋە قوپال سۆزلەرنى ئېيتىۋەرمىگىن. شۇ ھالەتتە ئۇرۇشقىنكى، ياراشماقنا ئورۇن قالسۇن، قاتتىق بىشەملىك قىلمىغىن، بۇ ئىش لۇكچەكلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئادەتلەرنىڭ ياخشىراقى ئەدەپلىك بولماقتۇر.

شاراب ئىچمەك، مازاق قىلماق ۋە ئىشقىۋازلىق قىلماق يىگىتلەرنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى ئۆز ئىشىغا ھەددىدىن تاشقىرى قەدەم باسمىساڭ، خەلقنىڭ مالامىتىدىن قۇتۇلارسەن.

بىلگىنكى، ئەمدى ئاشىقلىق توغرىسىدىمۇ بىلگىنىمچە سۆزلەرمەن. سەن ئىشقنىڭ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرەلىدىڭمۇ ياكى كەلتۈرەلمىدىڭمۇ، بىلىۋالغىن. چۈنكى، بىر دىلدارغا ئاشىق بولماق ئىنتايىن دىشۋاردۇر.

ئون تۆتىنچى باب

## ئىشق ۋە ئۇنىڭ ئادەتلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، كىشىنىڭ تەبىتى لەتىپ بولمىغۇچە ئاشىق بولمىغۇسىدۇر، چۈنكى ئىشق شەكسىزكى، تەبئىي لەتىپلىكتىن پەيدا بولۇر. ھەرنەرسە تەبئىي لەتىپلىكتىن پەيدا بولسا، ئۇل شەكسىز لەتىپ بولۇر. شۇ ۋەجىدىن لەتىپ تەبئەتتىن لەتىپلىك تۇغۇلۇر.

بىلىسەنكى، يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاشىق بولۇر. بۇ جەھەتتىن يىگىتلەرنىڭ تەبئىتى قېرىلارنىڭ تەبئىتىدىن لەتىپ بولۇر. تەبئىتى قوپال ۋە ئالىقاپ كىشى ھېچ ۋاقىت ئاشىق بولماس. چۈنكى، بۇ بىر ئىللەتتۇركى، ئۇ روھانىيلارغا كۆپرەك چۈشەر. ئەمما سەن نىيەت قىلىپ ئاشىق بولمىغىنكى، ئاشىق بولماق بەغايەت قاتتىق ئىشتۇر. خۇسۇسەن نامراتلىقتىكى بىر بىچارە كىشى ئاشىق بولسا، ئۇنىڭ قاراشلىرى، تەلمۈرۈشلىرى قان بىلەن باغلىنىدۇ، قېرى كىشىنىڭ بولسا ئالتۇنسىز مۇرادى ھاسىل بولمىغىسىدۇر. بەس، ناۋادا بىر كۆنلىرى ساڭا ئاشىق بولماق نېسىپ بولسا، ۋىسالدا ياكى پىراقتا بولۇر. بىلگىنكى، بىر يىللىق ۋىسال راھىتى بىر كۈنلۈك پىراق مېھنىتىگە تەڭ كەلمىگەي. چۈنكى، ئاشىقلىق

پۇتۇنلەي رەنج ۋە مېھنەتتۇر. ئەگەر پىراقتا بولساڭ، ھەممىشە ئازابتۇر ۋە ئەگەر ۋىسالدا بولساڭ، مەشۇقۇڭ سېنىڭ كۆڭۈل ھالىڭدىن خەۋىرى بولمىسا، ئۇنىڭ ناز ۋە بەتخۇيلۇقىدىن ۋىسالنىڭ راھىتىنى بىلمەيسەن. ئەگەر مەشۇقۇڭ پەرىشتىگە تەڭداش بولسىمۇ ھېچ ۋاقىت خەلقنىڭ مالامىتىدىن قۇتۇلالماسسەن، خەلق ھەممىشە سېنىڭ مالامىتىڭ ۋە مەشۇقۇڭنىڭ شىكايىتىدە بولۇر، چۈنكى خەلقنىڭ ئادىتى شۇنداقتۇر. بەس، گەر شۇنداق ئىكەن، ئۆزۈڭنى ساقلىغىن ۋە ئاشىقلىقتىن پەرھىز قىل، ئاشىق بولماق ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. ئەقىللىكلەر ئاشىقلىقتىن پەرھىز قىلغاي، چۈنكى ئاۋۋال بىر زىبا سۈرەتنى كۆرگۈسىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭۈلگە مېھىر چۈشكۈسىدۇر. كۆڭۈلگە مېھىر چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا مايىل بولۇر، كۆڭۈل ئۇنىڭ سۈرىتىنى تەقەززا قىلۇر. ئەگەر سەن شەھۋىتىڭنى كۆڭلۈڭ ئىختىيارىغا قويساڭ، كۆڭلۈڭنى شەھۋەتكە قۇل قىلۇرسەن ۋە ئۇنى (مەشۇقنى) يەنە بىر كۆرمەك تەدبىرىدە بولۇرسەن. ئىككى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلۈڭ ھاۋاسى غالىب بولۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قېتىم كۆرمەككە ئىنتىزار بولۇرسەن. ئۈچىنچى قېتىم ئۇنى كۆرۈپ، قانداق سۆز ئېيتىپ جاۋابىنى ئاڭلىساڭ، ئىختىيارنى قولۇڭدىن بېرۇرسەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭنى ساقلىماقنى نىيەت قىلساڭمۇ، ئەمما ساقلىيالماسسەن. ئىش ئىلكىڭدىن كېتۇر. ھەر كۈنى ئىشق زىيادە بولۇر، كېيىن نائىلاج كۆڭۈلگە قۇل بولۇرسەن. ئەمما ئەگەر بىرىنچى كۆرگەندە ئۆزۈڭنى ساقلىساڭ، ئەقلىنى كۆڭۈلگە مۇئەككەل قىلساڭ ۋە



www.uyghurkitap.com

ئۆزۈڭنى ئۆزگە نەرسىگە مەشغۇل ئەتسەڭ ۋە مەشۇقۇڭنىڭ دىدارىدىن كۆز يۇمۇپ، ئۆزگە يەردە قارار تۇتساڭ، بىر ھەپتە رەنج چېكەرسەن ۋە ئۇل بالادىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزارسەن.

لېكىن بۇ ھەممە ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. بۇ ئىللەتنىڭ ئىلاجىنى قىلماققا بىر ئاقىل كىشى كېرەكتۇر.

ئىشق ئىللىتىنىڭ دورىسى ھەممىشە ئىبغىر جاپا چەكمەك، ئۇزاق سەپەر قىلماق ۋە دائىم ئۆزىنى رەنجىگە تۇتماق، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى ئىختىيار ئەتمەكتىن ئۆزگە نەرسە ئەمەستۇر.

ئەمما شۇنداق كىشىنى يار تۇتكى، ساڭا ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن ۋە خىزمىتىدىن راھەت يېتىشسۇن. شۇندا ئۇنى قوبۇل قىل. چۇنكى، ئاشىقلىق باشقا ۋە دوستلۇق باشقىدۇر. دوستلۇقتا كىشىنىڭ ۋاقتى گاھى خۇش بولسا، گاھى ناخۇش بولۇر، ئەمما ئاشىقلىقتا دائىم رەنج ۋە بالادا بولۇر. ئەگەر ئادەم يىگىتلىكى ياشلىقتا ئاشىق بولسا ئۆزرىدۇر، ئۇنى ھەر كىشى كۆرسە مەئزۇر تۇتقاي ۋە ئېيتۇركى، يىگىتتۇر، ئەيىب ئەمەس. لېكىن نىيەت قىلغىنكى، قېرىلىقتا ئاشىق بولمىغىن. قېرىنىڭ ئاشىق بولۇشىنىڭ ھېچ ئۆزرىسى يوقتۇر، ئەگەر ئادەتتىكى كىشىلەردىن بولساڭ ئىش بىر ئاز ئاساندۇر، ئەگەر پادىشاھلاردىن بولساڭ، قاتتىق ئەندىشە قىل ۋە ھېچ كىشىگە كۆڭۈل باغلىمىغىنكى، پادىشاھقا قېرىلىقتا ئىشقىۋاز بولماق ناھايىتى قىيىندۇر.

ھېكايەت:

بوۋام شەمسۇلمەئالىينىڭ زامانىدا شۇنداق خەۋەر كەلتۈردىلەركى، بىر سودىگەرنىڭ بىر زىبا كېنىزىكى بار ئىدى.

ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسىنى ئىككى مىڭ دىنار دەپ ئېيتتى. ئەھمەد جەغدىي ئەمىرنىڭ ۋەزىرى ئىدى ۋە ئەمىر ئۇنىڭغا: «شۇ كېنىزەكنى سېتىۋال» دەپ بۇيرىدى. ئەھمەد جەغدىي كېنىزەكنى ئىككى مىڭ دىنارغا سېتىۋالدى ۋە گورگانغا كەلتۈرۈپ ئەمىرگە كۆرسەتتى. ئەمىر قوبۇل قىلىپ، بۇ كېنىزەككە تەشتدارىغ[1] مەنسىپىنى بەردى. بىرتەچچە كۈندىن كېيىن ئەمىر قولىنى يۇيۇپ ئولتۇرۇۋېتىپ كېنىزەككە نەزەر تاشلىدى ۋە ئۇ كۆزىگە ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈندى. بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ھالنى ئۆزىنىڭ ۋەزىرى ئەبۇل ئابباسقا بايان قىلىپ دېدى:

— بۇ كېنىزەكنى ئازاد قىلدىم ۋە پالان كەنتنى ئۇنىڭغا بېغىشلىدىم. ئۇنىڭ نامىغا يارلىق يازغىن، ئۇ تاكى ياشانغىچە ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرسۇن، ھەرگىز تاشقىرىغا چىقمىسۇن.

ئەبۇل ئابباس دېدى:

— جان بىلەن قوبۇل قىلۇرمەن، ئەمما بۇ بەندىنىڭ مۇددىئاسى ئۇلدۇركى، بۇ ئىشتىن مەقسىتىڭىز نېمە ئىكەنلىكىنى بىلسەم.

ئەمىر دېدى:

— بۈگۈن شۇنداق ھالغا دۇچار بولدۇم: سەكسەن ياشقا كىرگەن پادىشاھنىڭ ئاشىق بولمىقى بەغايەت قەبىھتۇر. مېنى... بەندىلەر ۋە لەشكەرلەرنىڭ ھالىدىن ئاگاھ بولماق، مەملىكەتنىڭ نىزامىنى تۈزمەك ئۈچۈن پادىشاھ قىلىپتۇر. ئەگەر مەن بۈگۈن ئىشىققا مەشغۇل بولسام، پۇقرانىڭ ئەھۋالى بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەرك ئەتسەم، خەلقنىڭ مالامىتىدىن قانداق

---

[1] تەشتدارىغ — چىلاپچا تۇتقۇچى، يەنى قولغا سۇ قۇيغۇچى خىزمەتكار.

قۇتۇلىمەن؟

توغرا، ئەگەر يىگىت ئاشىق بولسا، مەئزۇردۇر. ئەمما ئادەم ھەرقانچە ياش يىگىت بولسىمۇ ئاشىق بولۇپ، بىردىن ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويمىسۇن، سىياسەت ۋە ھوقۇق يوللىرىنى ئەستىن چىقارمىسۇن.

ھېكايەت:

شۇنداق ئاڭلىغان ئىدىمكى، غەزنە ۋىلايىتىدە ئون كېنىزەك بار ئىدى. سۇلتان مەسئۇد ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مەلۇم بىرىنى بارچە قۇللىرىدىن ياخشى كۆرۈپ، ئۆزىگە يېقىن تۇتار ئىدى. بىر نەچچە يىل شۇ ئەھۋالدا ئۆتتى. سۇلتاننىڭ ئون كېنىزىكىنىڭ ئارىسىدا قايسىبىرىگە مۇھەببەت قويغىنىنى، ئۇنىڭ مەشۇقىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەس ئىدى. بەش يىل شۇنداق ئۆتتى. بىركۈنى سۇلتان مەست ھالدا بۇيرىدى:

— ئاتام ئايازغا ئۇلۇفە[1]، يەر، پۇل بېغىشلىغانىدىم، ئۇلارنى پالانىنىڭ نامىغا يۆتكەپ يارلىق يېزىڭلار.

خالايىق شۇنىڭدىن كېيىنلا سۇلتاننىڭ مەشۇقىنىڭ كىملىكىنى بىلدى.

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، مەن ساڭا ھەممىسىنى ئېيتتىم، ئەمما بىلىمەنكى، ناۋادا بېشىڭغا ئىشق سەۋداسى چۈشسە، مېنىڭ ئېيتقان سۆزۈم بىلەن ئىش قىلماسلىقىڭ مۇمكىن.

بەس، ئەگەر ئاشىق بولساڭ شۇنداق كىشىگە بولغىنكى، ئۇل مەشۇقلۇققا لايىق بولسۇن، شۇندا خالايىقنىڭ تاپا ـ تەنە ۋە

① ئۇلۇفە ــ ئەسكەر ۋە ئەمەلدارلارغا بەلگىلەپ قويۇلغان مائاش ۋە ئوزۇق ـ ئوقەتلەر.

مالامىتىدىن قۇتۇلارسەن ۋە سېنىڭ ئىشقىڭنى مەئزۇر تۇتقاي، چۈنكى خەلق بىراۋنىڭ مالامىتىنى قىلماقتىن ۋە ئەيىبلىرىنى ئېيتماقتىن بىر لەھزە پارىغ ئەمەستۇر. ئەمما بىر جايغا سىغمىسالا بولساڭ، مەشۇقۇڭنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ بارمىغىن. ئەگەر ئېلىپ بارساڭ، ياتلارنىڭ قېشىدا ئۇنىڭ بىلەنلا بولمىغىن ۋە كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭغا بەند قىلمىغىن، چۈنكى ئۇنى ھېچكىم تىلغا ئالمايدۇ ۋە ھەممە ئۇنى ئۆزۈڭدەك كۆرىدۇ دەپ خىيال قىلمىغىن. سېنىڭ كۆزۈڭگە ئۇ ھەرقانچە چىرايلىق كۆرۈنسىمۇ، ئۆزگىلەرنىڭ كۆزىگە شۇ ھالدا يامانراق كۆرۈنۇر.

ھەر زامان ئۇنىڭغا مېۋە بېرىۋەرمىگىن ۋە يېنىڭغا چاقىرىپ قۇلىقىغا سۆزلىمىگىنكى، خەلق ھەر خىل گۇمان قىلغاي.

ئون بەشىنچى باب

## مەنپەئەت ئالماق باياندا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئەگەر بىر كىشىنى يار تۇتساڭ، ئۇنىڭ بىلەن مەستلىكتىمۇ، هوشيارلىقتىمۇ هەمىشە جىما قىلمىغىن. هەر تامچە مەنىيدىن ئىنسان پەيدا بولغۇسىدۇر. شۇنداق ئىكەن، مەستلىكتە جىما قىلمىغىنىكى، زىيىنى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئەمما خۇمار ۋاقتىدا قىلساڭ، ياخشىدۇر ۋە هەرقانداق ۋاقىتتا يادىڭغا چۈشسىلا، ئۇ ئىشقا مەشغۇل بولمىغىنىكى، ئۇ هايۋانلارنىڭ ئادىتىدۇر. ئادەمگە ۋاقىت تەيىن ئەتمەك كېرەكتۇر، هايۋانلار بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا پەرق بولغاي. ئەمما خوتۇندىن مەيلىڭنى ئۈزمىگىن، ئۇنىڭدىن بەهرە تاپقايسەن ۋە بۇ تائىپە ساڭا دۈشمەن بولمىسۇن. سەن ئەگەر جىما قىلساڭ، زوق بىلەن قىلغىن ۋە تەكەللۇپ بىلەن قىلمىغىن، زىيىنى كەمرەك بولغاي. ئەمما مەيلى زوقۇڭ بولسۇن ياكى بولمىسۇن، يازنىڭ ئىسسىق ۋاقتىدا ۋە قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرىدە پەرهىز قىلكى، بۇ ئىككى پەسىلدە زىيىنى كۆپ بولۇر. خۇسۇسەن، قېرىلارغا زىيىنى كۆپ بولۇر. جىما قىلىشتا هەممە ۋاقىتتىن باهار ۋاقتى ياخشىراق بولۇركى، باهار ۋاقتىدا هاۋا مۆتىدىل بولۇر، چەشمىلەرنىڭ سۈيى زىيادە بولۇر ۋە جاهان ياخشىلىققا يۈز تۇتار. ئالەم گۈزەللىككە پۈركىنەر. بۇ پەسىلدە مەنىي زىيادە بولۇر ۋە

تومۇرلاردا قان زىيادە بولۇر، ئادەم جىما قىلىشقا موھتاج بولۇر. دېمەك، تەبىئەتكە زوقمەنلىك كۆپ بولسا، جىما قىلماقنىڭ زىيىنى كەم بولۇر. تومۇردىن قان ئالدۇرماقمۇ مۇشۇ تەرىقىدىدۇر. بەس، ئەگەر قىلالىساڭ، قاتتىق ئىسسىقتا ۋە قاتتىق سوغۇقتا تومۇردىن قان ئالدۇرمىغىن ۋە ئەگەر قېنىڭ زىيادە بولسا، مۇۋاپىق تائاملار ۋە شەربەتلەر بىلەن تەسكىن بەرگىن ۋە ياقمايدىغان نەرسە يېمىگىن. بۇ بابتا سۆزنى قىسقا قىلدىمكى، بۇنىڭدىن زىيادە تەپسىلىي قىلىش ھاجەت ئەمەستۇر.



www.uyghurkitap.com

ئون ئالتىنچى باب

# هامامغا بارماق باياندا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئەگەر هامامغا بېرىش نىيىتىڭ بولسا، قورسىقىڭ توق ۋاقتىدا بارمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزۈرسەن. هامامغا هەر كۈنى بېرىش پايدىلىق ئەمەس، بەلكى زىيانلىقتۇر. چۈنكى هامام ئادەمنىڭ سۆڭەكلىرى، بەدەنلىرىنى يۇمشىتىپ، قاتتىقلىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇ هەر كۈنى هامامغا بېرىشنى ئادەت قىلغان كىشى ئەگەر بىر كۈن بارمىسا، ئۆزىنى بىماردەك سېزىدۇ، پۈتۈن بەدىنى قېتىپ قالغاندەك هېس قىلىدۇ. دېمەك، هامامغا بىركۈن بېرىپ، بىر كۈن بارمىغان ياخشىدۇر، چۈنكى بەدەن تىنچلىنىدۇ ۋە خەلقمۇ بۇ ئادىتىڭنى مەغرۇرلۇقتا مەنسۇپ قىلمىسۇن.

مەيلى ياز، مەيلى قىشتا بولسۇن، هامامغا بارساڭ، ئاۋۋال سوغۇق خانىدا ئولتۇر، بۇ خانىدا بەدىنىڭ سالقىنلىقتىن راهەتلەنسۇن. كېيىن ئىسسىق خانىغا، يەنى ئوتتۇرىدىكى ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭدا بىر سائەت ئولتۇرغىن، بەدىنىڭ ئىللىق ئۆيدىن راهەتلەنسۇن، ئىسسىق ساڭا تەسىر قىلغاندىن كېيىن خىلۋەت خانىغا بېرىپ، ئۇنىڭدا يۇيۇنغىن.

ئىككى سۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرمىغىن، كۆپ ئىسسىق ۋە كۆپ سوغۇق سۇنى بېشىڭدىن قۇيمىغىن، مۆتىدىل سۇنى قۇيغىن.

ئەگەر هاممام خالىي بولسا، غەنىيمەت بىلگىن، چۈنكى دانىشمەنلەر خالىي هاممامنى غەنىيمەت بىلگەيلەر.

هاممامغا قانداق كىرگەن بولساڭ، شۇنداق چىقىپ كەتكىن يەنى قۇرۇتۇپ چىققىن. چۈنكى هۆل چاچ ـ ساقال بىلەن چىقىپ يول يۈرمەك ئۇلۇغلارنىڭ ئىشى ئەمەس ۋە هۆل چاچ بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ سالامىغا بېرىشمۇ ئەدەپتىن ئەمەستۇر.

دېمەك، سەن هاممامنىڭ نەپ ۋە زەرەرىنى بىلدىڭ، ئەمما هاممامدا سۇ ۋە شەربەت ئىچىشتىن پەرهىز قىلغىن. بۇنىڭ زىيىنى كۆپتۇر، ئىستىسقا كېسىلى شۇنىڭدىن پەيدا بولۇر. ئەگەر بەكمۇ خۇمار ۋە تەشنا بولساڭ، ئاز ئىچكىن، بۇنىڭ بىلەن خۇمار ۋە تەشنالىق شىددىتى بېسىلغاي.

دانىشمەنلەر هاممامدىن چىقمىدىغان بولسا، هاممامنىڭ جامەخانىسىدا بىرئاز ئۇخلىۋالار، كېيىن هاممامدىن چىقىپ كېتەر.

ئون يەتتىنچى باب

## ئۇخلىماق ۋە دەم ئالماق بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، دانىشمەنلەر ئۇيقۇنى كىچىك ئۆلۈم دېگەندۇر. شۇ جەھەتتىن ئۆلگەن كىشى ئۇخلىغان كىشى بىلەن باراۋەردۇر ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ھېچبىرى ئالەمدىن ئاگاھ ئەمەستۇر.

كۆپ ئۇخلىماق يامان ئادەتتۇركى، بەدەننى سۇس ۋە تەبىئەتنى ۋەيران قىلۇر، يۈزنىڭ سۈرىتىنى باشقا ھالغا ئايلاندۇرار. ئالتە نەرسە كىشىگە يېتىشسە، ئۇنىڭ يۈز سۈرىتىنى ئۆزگەرتىدۇ: بىرى، دەرھال مۇيەسسەر بولغان شادلىق، ئىككىنچىسى، تۇيۇقسىز يېتىشكەن غەم، ئۈچىنچىسى، قەھر، تۆتىنچىسى، ئۇيقۇ، بەشىنچىسى، مەستلىك ۋە ئالتىنچىسى قېرىلىقتۇر. ئادەم قېرى بولسا چىرايى ئۆزگىرىدۇ، ئەمما ئۆزگىرىش باشقا تۈرگە كىرىدۇ. ئەمما كىشى ئۇخلىغان ۋاقىتتا تىرىك ياكى ئۆلۈك دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بولماس، يەنى ئۆلگەن كىشىگە ھۆكۈم يوقتۇر، ئۇخلىغان كىشىگىمۇ ھۆكۈم يوقتۇر.

كۆپ ئۇخلاش زىيان قىلغىنىدەك، ئۇخلىماسلىقمۇ زەرەر قىلۇر. مەسىلەن، ئەگەر بىر ئادەمنى يەتمىش ئىككى سائەت، يەنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز پەقەت ئۇخلىماستىن ئېلىپ يۈرۈلسە، توساتتىن ئۆلۈم خەۋپى تۇغۇلىدۇ. ئەمما ھەممە ئىشنىڭ ئۆلچىمى

باردۇر. چۈنكى كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەت بولۇر. شۇنىڭدىن سەككىز سائەتنى ئىبادەتكە، سەككىز سائەتنى ئىشرەتكە ۋە روھنى تازا قىلماققا ۋە سەككىز سائەتنى مانا شۇ ئون ئالتە سائەت داۋامىدا قىينالغان ئەزالارغا ئارام بەرمەككە بېغىشلىماق كېرەكتۇر. شۇندىلا ھەرىكەت قىلىپ چارچىغان ئەزالار ئارام ئالغاي. ئەمما جاھىللار ئۇشبۇ يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ يېرىمىنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزۈپ ۋە يېرىمىدا بىدار بولۇر. ھۇرۇنلار ئىككى ھەسسىسىدە ئۇخلاپ، بىر ھەسسىسىدە ئۆزگە ئىشقا مەشغۇل بولۇر، ئاقىللار بىر ھەسسىسىدە ئۇخلاپ، ئىككى ھەسسىسىدە بىدار بولۇر.

بىلگىنكى، كېچە بەندىلەرنىڭ راھەت ۋە ئارام ئېلىشى ئۈچۈن يارىتىلغان ۋە تەن جان بىلەن تىرىكتۇر. تەن جاننىڭ ماكانىدۇر، جان ئۇنىڭدا ئۇۋا قويغاندۇر.

جاننىڭ ئۈچ خاسىيىتى باردۇر: ھايات، ھەرىكەت ۋە سۈكۈن (ھەرىكەتسىزلىك). تەنىنىڭمۇ ئۈچ خاسىيىتى باردۇر: مامات (ئۆلۈم)، سۈكۈن ۋە ئېغىرلىق. ناۋادا، جان تەن بىلەن تۇتاش بولسا، كۆڭۈل تەننى ئۆز خاسىيىتى بىلەن ساقلار، ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭۈل تەنگە ئىش بۇيرۇر، گاھى كۆڭۈل تەننى ئۆز خاسىيىتى بىلەن ئىشتىن توختىتار ۋە غەپلەتكە چىللاپ، ئۇيقۇغا سالار. تەنىنىڭ ئۇيقۇغا بارغىنى قۇلۇپ سېلىنغان ئۆيدەك بولىدۇ، ئۆي يېقىلغان چاغدا ئىچىدە كىم بولسا، ئۇنى بېسىپ تاشلايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئۇيقۇمۇ كىشىنىڭ ھەممە ئەزاسىنى بېسىپ، گويا يەر بىلەن يەكسان قىلۇر. شۇنىڭدا قۇلاق سۆز ئاڭلىماس، كۆز ھېچ نەرسە كۆرمەس، بۇرۇن ھىدنى، ئېغىز

مەزەنى، قول يۇمشاق، قاتتىق، ئېغىر، يەڭگىللىكىنى بىلمەس.

ئۇيقۇ بىھېكمەت يارىتىلمىدى، بەلكى بارچە جانلىقنىڭ راھەت ۋە ئاسايىشلىرى ئۈچۈن يارىتىلدى. ئەمما ئۇيقۇ ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كۈندۈزنى كېچىگە ئايلاندۇرماق ھېكمەتتىن ئەمەستۇر. ئەمما ئۇلۇغلار ياز پەسلىدە چاشگاھ ۋاقتى قەيلۇلە [1] قىلسا راۋادۇر. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، بىزلەرگە ئۆمرىمىزنىڭ كۆپرەكىنى بىدارلىقتا ئۆتكۈزمەك كېرەكتۇر، چۈنكى، تۇگىمەس ئۇزاق ئۇيقۇ ئالدىمىزدا باردۇر.

ئەي پەرزەنت، ئۇخلىماقنى خالىساڭ، ئاخشام ياكى كۈندۈزى تەنها ئۇخلىغىن، يا بىرەر زىبا شاھىت بىلەن ئۇخلىغىن، چۈنكى ئۆلگەن بىلەن ئۇخلىغان باراۋەردۇر، ھەر ئىككىسىنىڭ ئالەمدىن خەۋىرى يوقتۇر. لېكىن بىرى ھايات ئۇيقۇسىدۇر ۋە بىرى مامات ئۇيقۇسىدۇر. ئەمما ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بۇنداق پەرقنى بىلمەك كېرەكتۇر.

سەھەر تۇرۇشنى ئادەت قىل، ھەر كىشىكىم قۇياش چىققۇچە ئۇيقۇدا بولسا، رىزقى كەم بولۇر...

ئەگەر ئىشىڭ بولمىسا، كۆڭلۈڭ تىلىسە شىكار تاماشىسىغا بارساڭ ۋە ئوۋچىلىق قىلساڭ راۋادۇر.

---

[1] قەيلۇلە ــ چاشگاھ ۋاقتىدىكى ئۇيقۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئون سەككىزىنچى باب

## شىكارغا چىقماق بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئاتقا مىنمەك، شىكارغا بارماق ۋە چەۋگەن ئوينىماق ئۇلۇغلارنىڭ ھەمدە پادىشاھلارنىڭ ئىشىدۇر. ئەمما ھەر ئىشنىڭ يولى، قائىدىسى ۋە تەرتىپى بولۇر. ھەر كۈنى شىكارغا چىقمىغىن، تەرتىپ بۇزۇلۇر. بىر ھەپتە يەتتە كۈندۇر. ئىككى كۈن شىكارغا چىققىن... ئىككى كۈن ئۆز روزغارىڭنىڭ ئىشىغا مەشغۇل بولغىن.

ئات مىنسەڭ كىچىك ئاتقا مىنمىگىنكى، كىشىنىڭ جۇغى ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ كىچىك ۋە بىچارە كۆرۈنۇر. ئەگەر كىشىنىڭ كۆرۈنۈشى ھەرقانچە ھەقىر بولسىمۇ، كاتتا ئاتقا مىنسە سالاپەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۇر.

سەپەردە يورغا ئاتقا مىنگىن، راھەت قىلىسەن. شەھەردە ئويناق ۋە شوخ ئاتقا مىنگىن، تاكى ئاتنىڭ ئويناق ۋە شوخلۇقى سەۋەبى بىلەن ئۆزۈڭدىن غاپىل بولمىغايسەن. شىكارغا چىقساڭ، بىھۇدە ئات چاپتۇرمىغىن، بىھۇدە ئات چاپتۇرماق كىچىك بالىنىڭ ئىشىدۇر.

قاچقان ئولجىنىڭ ئىزىدىن ئات چاپتۇرمىغىن، چۈنكى،

ئۇنىڭدا زەرەر ھاسىل بولىدۇ. بىزنىڭ ئەسلىمىزدىن ئىككى ئۇلۇغ پادىشاھ يىرتقۇچ ھايۋان ۋە ئولجىنىڭ شىكارىدا ھالاك بولدى: بىرى، مېنىڭ ئاتامنىڭ بوۋىسى ئەمىر ۋۇشمەگىر بىننى مەرزەيان ئىبنى زىيار بىننى زىيار، يەنە بىرى، مېنىڭ تاغامنىڭ ئوغلى ئەمىر شەرىپ ئەل مەئالىي.

سەن ئولجىنىڭ كەينىدىن چاپمىغىن، سەندىن كىچىكلەرمۇ چاپمىسۇن. ناۋادا ئۇلۇغ بىر پادىشاھنىڭ ئالدىدا بولساڭ، ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەك ۋە نام چىقارماق ئۈچۈن چاپساڭ ئەرزىيدۇ.

ئەگەر شىكار تاماشىسىغا مەيلىڭ بولسا، قارچىغا، لاچىن، شۇڭقار ۋە ئىت قاتارلىقلار بىلەن شىكار قىلماققا مەشغۇل بولغىن. بۇ ۋاقىتتىمۇ ياخشى شىكار قىلالايسەن ھەم ساڭا ھېچقانداق خەتەر بولمىغۇسىدۇر، شۇنداقلا ھەرقانچە ئوۋ قىلساڭ، گۆشى يېمەككە يارىغۇسىدۇر. ئەگەر يىرتقۇچ ھايۋاننى ئوۋلىساڭ، گۆشى يېمەككە ۋە پوستىنى كىيمەككە يارىماس. بەس، شىكار قىلساڭ ئىككى تەرىقىدە قىلغىنكى، پادىشاھلار ئىككى تەرىقىدە قىلۇر: بەزىلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن قۇش سالۇر ۋە بەزىلەر ئۆز قوللىرى بىلەن قۇش سالماس. ئەگەر پادىشاھ بولمىساڭ، كۆڭلۈڭ قانداق خالىسا، شۇنداق قىل، ئەگەر پادىشاھ بولساڭ ۋە ئۆز قولۇڭ بىلەن قۇش سالماقنى خالىساڭ راۋادۇر. ئەمما ھېچقاچان قارچىغىنى ئىككى قېتىم ئۇچۇرمىغىن، بۇ ئىش پادىشاھلارنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. يەنە ئەگەر قۇش سالماقنى خالىساڭ، باشقا قۇشنى ئېلىپ سالغىن،

چۈنكى، پادىشاھلارنىڭ شىكار قىلىشتىن مەقسىتى گۆش ئەمەس، بەلكى تاماشىدۇر. ئەگەر پادىشاھ ئىت بىلەن شىكار قىلسا، ئىتنىڭ قالادەسىنى [①] ئۆز قولى بىلەن ئاچمىقى مۇناسىپ ئەمەستۇر. ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر ئاچسۇن ۋە پادىشاھ نازارەت قىلىپ تۇرسۇن.

① قالادە ــ ئىتنىڭ بوينىغا سېلىنىدىغان ھالقىسىمان تاسما.



www.uyghurkitap.com

ئون توققۇزىنچى باب

## چەۋگەن ئويۇنىماق بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر چەۋگەن ئويۇنىماقنى خالىساڭ، پات - پات ئويۇنىغىن، ئەمما دائىم ئويۇنىماقنى ئادەت قىلمىغىنكى، كۆپ كىشىلەر بۇ ئىشتا كۆپ بالالارغا ئۇچرىغان.

ھېكايەت:

شۇنداق ئېيتىپتۇلەركى، ئەمىر بىننى لەيسنىڭ بىر كۆزى كور ئىدى. خۇراسانغا ئەمىر بولغاندىن كېيىن، بىركۈنى توپ ئويناش ئۈچۈن سەھراغا كېتىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ئەزھەرخەر دېگەن بىر سىپاھسالارى [1] بار ئىدى. ئۇ كېلىپ ئەمىر بىننى لەيس مىنگەن ئاتنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ دېدى:

— سېنى توپ ئويۇنىغىلى ئەۋەتمەيمەن، چۈنكى ساڭا چەۋگەن ئويۇنىماق راۋا ئەمەس.

ئەمىر بىننى لەيس دېدى:

— نېمە ئۈچۈن چەۋگەن ئويناش سىزلەرگە راۋايۇ، ماڭا راۋا ئەمەس؟

ئەزھەرخەر دېدى:

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىزلەرنىڭ ئىككى كۆزىمىز باردۇر. ئەگەر توپ تېگىپ بىر كۆزىمىزنى كور قىلسا، يەنە بىر كۆزىمىز

① سىپاھسالار — باش قوماندان.

قالىدۇ. شۇ بىر كۆز بىلەن ئالەمنى كۆرەلمەيسىز. سىزنىڭ بولسا پەقەت بىر كۆزۈڭىز بار. ئەگەر توپ تېگىپ ئۇنىمۇ كور قىلسا، خۇراساننىڭ ئەمىرلىكىدىن ئايرىلىسەن.

ئەمىر بىننى لەيس دېدى:

— خەر [1] بولساڭمۇ راست ئېيتتىڭ، سۆزۈڭنى قوبۇل قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز چەۋگەن ئوينىماسمەن.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر تاماشا ئۈچۈن بىر - ئىككى قېتىم چەۋگەن ئوينىساڭ راۋادۇر، ۋەلېكىن بەك كۆپ ئاتلىق بىلەن چېقىمىغىنىكى، سەككىز ئاتلىقتىن زىيادە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. سەن مەيداننىڭ بىر بېشىدا تۇرغىن، يەنە بىر كىشى مەيداننىڭ ئاخىرىدا تۇرسۇن. ئالتە كىشى مەيداندا توپنى ئۇرسۇن، ھەر ۋاقىت توپ سېنىڭ تەرىپىڭگە كەلسە، توپنى ئۇرغىن ۋە مەيداننىڭ ئاخىرىغا سۈرگىن، ئەمما ئالامانىنىڭ ئىچىگە كىرمىگىن، چەۋگەن ئويۇنىنىڭ يولى شۇدۇر. ئەمما ئۇرۇش مەيدانىغا كىرسەڭ، سۇسلۇق قىلمىغىن، بوشاڭلىق، لىكتاسىملىق ياخشى ئەمەستۇر.

① خەر — ئېشەك.

يىگىرمىنچى باب

## ئۇرۇش قىلماق بايانىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئۇرۇشتا بوشاڭلىق، سۇسلۇق قىلىش لايىق ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇرۇش مەيدانىغا كىرسەڭ ھەرگىز خاتالىققا يول قويمىغىن ۋە جېنىڭغا رەھىم قىلمىغىن. چۈنكى، ھەر كىشىگە گۆردە ياتماق مۇقەررەر بولسا، ئۆيدە ياتماققا ئىمكان بولماس. ئورۇش مەيدانىدا ھەرىكەت قىلىپ ئىلگىرى قەدەم قويالمىساڭمۇ، ئەمما بىر قەدەمنى كېيىن قويمىغىن، چۈنكى مەيداندا دۈشمەنلەر ئۇتتۇرىسىغا چۈشسەڭ، ئۇرۇشتا ئەسلا ئىلگىرى چىقمىغىن. چۈنكى ئۇرۇش بىلەن دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلىسەن. سېنىڭ ھەرىكەت ۋە چاققانلىقىڭنى كۆرسە، ئۇلار سەندىن بەكرەك غەيرەت ۋە شىددەتكە چۈشەر. بۇنداق جايدا ئۆلۈمگە كۆڭۈل قويغىن ۋە جەسۇر بولغىنكى، قىسقا قىلىچ باھادىرلارنىڭ قولى بىلەن ئۇزۇن بولۇر.

ئەسلا قورقمىغىن. ئەگەر قورقۇنچ كۆڭلۈڭگە كەلسە، مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ، ئۇلارنى قورقۇش قويىنىدا ئامان ساقلىيالماسسەن ۋە يارىماس دۈشمەن ئۈستۈڭدىن غەلىبە قىلار. سەن بولساڭ مەغلۇپ بولۇرسەن ۋە قورقۇنچاقلىق بىلەن نام چىقىرارسەن، ئاۋامنىڭ ئارىسىدا ھېچ ئېتىبارىڭ بولماس. بۇنداق

www.uyghurkitap.com

تىرىكلىتىن ئۆلۈم ياخشىدۇر. ئەمما ناھەق قان تۆكمەككە باتۇرلۇق قىلمىغىن.

شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بىلەن قەتل قىلىنىشى ۋاجىپ بولغان كىشىلەرنىڭ، ئوغرىلارنىڭ، قاراقچىلارنىڭ قېنىنى تۆككىنىڭ: ناھەق قان تۆكسەڭ، ئىككى جاھاندا بالاغا گىرىپتار بولۇرسەن: بىرىنچىدىن، ئۆلۈم — قىسمىتىڭگە يارىشا جازا تاپۇرسەن، ئىككىنچىدىن، ئەل ئارىسىدا يامان نام قالدۇرارسەن. ھېچقانداق ئادەم سەندىن شاد بولماس ۋە خىزمەتكارلارىڭمۇ ئۈمىدى سەندىن ئۈزۈلۈر. ھەممە سەندىن قېچىپ، كۆڭۈللىرىدە دۈشمەن ھېسابلار. دېمەك، ناھەق تۆكۈلگەن قاننىڭ مۇكاپاتىنى ئۇ جاھانۇ، بۇ جاھاندا كۆرگەيسەن.

مەن بۇنى كىتابلاردا ئوقۇغانمەن ۋە تەجرىبىمۇ قىلغانمەن. ئەگەر زالىم بۇ جاھاندا «مۇكاپات» ىنى كۆرمىسە، ئەلۋەتتە ئۆزىدىن كېيىنكى پەرزەنتلىرى كۆرگۈسىدۇر. ئەي پەرزەنت، ئۆزۈڭگە ۋە پەرزەنتلىرىڭگە رەھىم قىلغىن ۋە ناھەق قان تۆكمىگىن. ئەمما ھەق قان تۆكۈشتە سۇسلۇق قىلمىغىن. بۇ سۇسلۇق ئۆزۈڭگە سۇسلۇق قىلغۇسىدۇر.

ھېكايەت:

ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، مېنىڭ بوۋام شەمسۇلمەئالىي ئىنتايىن قاتتىق قول كىشى ئىدى ۋە ھېچكىمنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلماس ئىدى. ئۇنىڭ بەتخۇلقىدىن لەشكەرلىرى نارازى بولۇپ، مېنىڭ تاغام پەلەكۇلمەئالىي بىلەن بىر بولۇۋېلىشتى. پەلەكۇلمەئالىي لەشكەرلىرى بىلەن بىللە كېلىپ، ئاتىسى بىلەن شەمسۇلمەئالىينى تۇتتى. ئۇ زورۇرىيەت يۈزىسىدىن مال ـ دۇنيا

ياتقا كەتمىسۇن دەپ لەشكەرلەر بىلەن مۇشۇنداق ئىشنى قىلدى.

ئەلقىسسە: ئۇنى، يەنى شەمسۇلمەئالىينى تۇتۇپ، باغلاپ، بىر ئاتقا مىندۇرۇپ، ئەتراپىغا قاراۋۇللارنى قويۇپ، خەيانەك قەلئەسىگە جۆنەتتى. ئۇنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ئابدۇللا جەممازەبان ئاتلىق بىر كىشى ئىدى. شەمسۇلمەئالىي ئۇنىڭغا دېدى:

— ئەي ئابدۇللا، مېنىڭ شۇنچە ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن بۇ هالغا گىرىپتار بولمىقىمغا كىم گىرىپتار بولدى؟

ئابدۇللا بەش كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندىن كېيىن دېدى:

— بۇلار سەۋەب بولدى ۋە مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدىم. مەن ئۇلارنىڭ بارچىسىغا قەسەم بېرىپ، ئىشنى مۇشۇ يەرگە كەلتۈردۇم. لېكىن، بۇ ئىشنى ئۆزۈڭدىن كۆرگىن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى شەمسۇلمەئالىي.

— خەلقنىڭ قېنىنى كۆپ تۆككىنىڭ ئۈچۈن بۇ هال سېنىڭ بېشىڭغا چۈشتى، — دېدى ئابدۇللا.

— سەن يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن، بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغا ئادەم ئۆلتۈرگىنىم ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئادەم ئۆلتۈرمىگىنىم ئۈچۈن كەلدى. چۈنكى، مەن سېنى ۋە ئاشۇ بەش كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسام، بۇ هالغا گىرىپتار بولماس ئىدىم.

ئەي پەرزەنت، بۇ سۆزنى شۇنىڭ ئۈچۈن دېدىمكى، مۇناسىپ جايىدا قان تۆكۈشتىن ۋاز كەچمىگىن. هەركىم قاتتىق قوغلىمىغىن. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆلۈمدىن قورقمىغىن ۋە جېنىڭنى ئايىمىغىن، بەدىنىڭنى ئىتلار يېمىسۇن. ئېنىق بىلگىنكى، هەر

كىشى بىركۈنى تۇغۇلغانىكەن، ھامان بىركۈنى ئۆلگۈسىدۇر. چۈنكى، ئادەملەر ئۈچ خىلدۇر: بىرى، سۆزلىيەلەيدىغان تىرىكلەر؛ يەنە بىرى، ناتىقلار. ئۈچىنچىسى، ئۆلۈكلەر، يەنى پەرىشتىلەر، ئادەملەر، ۋەھشىيلەر. بەس، مەلۇم بولدىكى، بارچە تىرىك ئۆلگۈسىدۇر ۋە ھېچ كىشى ئەجەل شارابىنى ئىچمەي قالمىغۇسىدۇر. دېمەك، ئەي پەرزەنت، مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىپ، ئىشقا كىرىشمەك كېرەكتۇر، شۇندىلا ياخشى نام ۋە ئالىي دەرىجىگە نائىل بولغايسەن.

ئەمرۇلمۇئمىنىن ئەلى رازىيائى شۇنداق دېگەنىدى: «بىلگىنكى، جاھاندا مال ۋە نېمەت قولۇڭغا چۈشسە، ئۇلارنى جەملەشكە ھەرىكەت قىلغىن، ياخشى ساقلىغىن ۋە جايىدا خەرج قىلغىن.»

يىگىرمە بىرىنچى باب

## مال - دۇنيا يىغماقنىڭ بايانىدا

ئەي پەرزەنت، مال - دۇنيا يىغماقتىن ئۆزۈڭنى غايىل تۇتمىغىن. لېكىن ھەر نەرسىنى قولغا كەلتۈرمەكنى خالىساڭ، ھەرىكەت قىلغىن، ئۇ ھالاللىق بىلەن جەم بولسۇن ۋە ھەمىشە ساڭا باقىي ھەمدە يېقىملىق بولسۇن.

مال - دۇنيا يىغىلغاندىن كېيىن ياخشى ساقلىغىن ۋە نالايىق ئىش ئۈچۈن ئۇنى قولدىن بەرمىگىن، چۈنكى ساقلىماق يىغىشتىن مۇشكۈلدۇر. ئەگەر كېرەك ۋاقىتدا زۆرۈر ئىش ئۈچۈن خەرج ئەتسەڭ، ھەرىكەت قىلىپ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىن. ئەگەر خەرج قىلىپ، يەنە جايىنى تولدۇرمىساڭ، ئەگەر قارۇننىڭ خەزىنىسىدەك مال - دۇنياڭ بولسىمۇ، ئۇ بىر كۈندە يوق بولۇر.

مالنى دائىم تۇرار دەپ ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويمىغىن. ناۋادا ئۇ بىرەر مەزگىل يوق بولسا، تۈگىشىپ كەتمەيسەن.

ئەگەر مېلىم كۆپ بولسۇن دېسەڭ، ئۇنى تەقدىر ۋە تەدبىر

بىلەن تاپقىن، چۈنكى تەقدىر ۋە تەدبىر بىلەن تېپىلغان ئازغىنە مال تەقدىرسىز ۋە تەدبىرسىز تېپىلغان كۆپ مالدىن ياخشىراقتۇر. ئەگەر مال ئاز بولسىمۇ ياخشى ساقلىماقنى ۋاجىب بىلگىنكى، ھەر كىشى ئاز نەرسىنى ساقلىيالمىسا، كۆپ نەرسىنىمۇ ساقلىيالمىغۇسىدۇر.

مال ـ دۇنيا يىغماقتا كاززاپلىق قىلمىغىن، بۇ بەتبەختلىكنىڭ شاگىرتىدۇر.

ئۆزۈڭگە رەنج بەرگىن، يەنى ئۆزۈڭ مۇشەققەت چەككىن، چۈنكى مال قىيىنچىلىق بىلەن يىغىلىدۇ ۋە ھۇرۇنلۇق بىلەن يوق بولىدۇ. دانالار دەپتۇلەركى: «ھەركەت قىلىڭلار، بايىاشات بولغايسىلەر ۋە ئازغا قانائەت قىلىڭلار، ماللىرىڭلار كۆپ بولغاي، يۇمشاق تەبىئەتلىك ۋە شېرىن سۆزلۈك بولۇڭلار، دوستلىرىڭلار كۆپ بولغاي.»

دېمەك، مۇشەققەت بىلەن تېپىلغان خەزىنىنى غەپلەت ۋە ھۇرۇنلۇق بىلەن قولدىن بەرمەك ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى ئەمەستۇر. نامراتلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ھەرقانچە پۇشايمان قىلسىمۇ، پايدا بەرمەيدۇ. دېمەك، مېلىڭ يېتەرلىك بولغۇچە مۇشەققەت ئۈستىگە مۇشەققەت چەككىن، سەن بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغايسەن.

بىراق، مال ھەرقانچە ئەزىز بولسىمۇ، ئۇنى دوستلاردىن دەرىغ

ئۇتمىغىن. چۈنكى مالنى گۆرۈڭگە ئېلىپ كېتەلمەيسەن. ئەمما كېرىمىڭ قانچىلىك بولسا، خەرجىڭمۇ شۇ مىقدار بولسۇن. شۇندىلا ساڭا نامراتلىق مۇشەققىتى يۈزلەنمىگەي. ھەر كىشى چىقىمىنى كىرىمدىن ئاز قىلسا، ھېچ ۋاقىت نامرات بولمىغاي.

بار مېلىڭغا قانائەتتە بولغىن، قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر ۋە ساڭا تەقدىم قىلىنغان رىزىق، كۈندىلىك ئوقەت ساڭا چوقۇم يېتىشكىسىدۇر.

ياخشى سۆز ياكى خەلقىنىڭ شاپائىتى بىلەن ھەر ئىش ساڭا ۋاجىپ بولسا، ئۇ ئىشقا يىغىلغان مالنى بەدەل قىلمىغىن، چۈنكى مال ـ دۇنياسى يوق ئادەمنىڭ قىلچە قەدرى بولمىغۇسىدۇر. خالايىققا باينىڭ ھېچ پايدىسى بولمىسىمۇ، ئۇنى دوست تۇتقۇسىدۇر، ھېچ زەرىرى يەتمىسىمۇ نامراتلارنى دۈشمەن تۇتقۇسىدۇر. بەس، خەلققە نامراتلىقتىن يامان ھال يوقتۇر...

خەلقنىڭ زىننىتى مال ـ دۇنيادۇر. كىشىنىڭ زىننىتى قانچىلىك بولسا، ئۇنىڭ قەدرىنى شۇ چاغلىق بىلگىن. ئەمما ئىسراپنى دوست تۇتمىغىن. ھەر ئىشنىڭ بىر سەۋەبى باردۇر. ئەمما نامراتلىقنىڭ سەۋەبى ئىسراپچىلىقتۇر. ئىسراپ پەقەت مالنىڭ خەرجىدە ئەمەس، بەلكى تاماقتا، خۇلقتا، سۆزلىمەكتە ۋە ئۆزگە ئىشلاردىمۇ ياماندۇر. ئىسراپ تەننى ئالدار، نەپسكە رەنج يەتكۈزەر، ئەقىلنى قاچۇرار، تىرىكنى ئۆلتۈرەر. بىلۇرسەنكى،

چىراغنىڭ تىرىكلىكى ياغ بىلەندۇر. ئەگەر ياغنى ھەددىدىن زىيادە سالساڭ، ياغ پىلىكنىڭ بېشىغا كېلىپ، چىراغ ئۆچۈپ قالىدۇ دېمەك، ياغ چىراغنىڭ ھاياتىغا سەۋەب ئىدى، ئىسراپ جەھەتتىن ماماتىغا سەۋەب بولۇر.

دانىشمەنلەر دەپتۇكى، ھېچبىر ئىشتا ئىسراپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچى ھەرقانداق ۋاقىتتا زىيانكاردۇر. ئەمما تىرىكلىكنى زۇلۇم قىلغۇدەك قاتتىقلىق قىلمىغىن، روزغارىڭنىڭ زۆرۈر ئىشلىرىدا خاتالىقتا يول قويمىغىن، جېنىڭغا جەبىر قىلمىغىن. مال ھەر زامان ئەزىزدۇر، ئەمما جېنىڭدىن ئەزىز ئەمەستۇر.

ئەلقىسسە: تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يىغىلغان مېلىڭنى بېخىللارنىڭ قولىغا تاپشۇرمىغىن ۋە شارابخور، قىمارۋازلارغا دوست بولمىغىن. بارچە كىشىنى ئوغرى گۇمان قىلمىغىن، مېلىڭ ئوغرىدىن ئامان بولغاي.

مال - دۇنيا يىغىشتا خاتا قىلمىغىن، ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئىشىدا خاتا قىلسا، سائادەتتىن مەھرۇم بولغاي ۋە مۇددىئالىرىدىن بىبەھرە قالغاي. چۈنكى راھەت مېھنەتتىندۇر. شۇنداقكى، بۈگۈننىڭ راھىتى تۈنۈگۈنكى مېھنەتنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ھەرقانداق نەرسە قولۇڭغا چۈشسە، بىر تەڭگىنىڭ ئىككىدىن بىرىنى قىرىلىق ۋە ئاجىزلىق ۋاقتىنىڭ زۆرۈرىي ئىشلىرىغا

ئىھتىيات قىلىپ ئىلىپ قويغىن ۋە ئەسلا ئۇنتۇغا قول ئۇزاتمىغىن. قالغان ئىككى ھەسسىسىنى ئۆزۈڭنىڭ خەج ـ خىراجىتىڭگە سەرپ قىلغىن.

جاۋاھىر، زەر ۋە مىس ئەسۋابلىرىڭ تەرتىپ بىلەن بولسۇن. ئەگەر ئۇنىڭدىن زىيادىرەك بولسا، مولۇك ئالغىن ۋە بۇنداق ئەسۋابلارنى ئالغاندىن كېيىن ساتمىغىن. ھازىر سېتىپ، يەنە كېرەك ۋاقتىدا ئالۇرمەن، دەپ ئويلىمىغىن، چۈنكى ئىلىنماي قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئۆيۈڭ ئەسۋابسىز قالۇر ۋە ئاز پۇرسەتتە بارچە كەمبەغەللەرنىڭ كەمبەغىلى بولۇرسەن. ھەربىر زۆرۈر ئىش ئۈچۈن قەرز ئالمىغىن ۋە جەز بېرىپ پايدىسىنى يېمىگىن.

قەرز ئالماسلىقنى چىدامچانلىقتا ئۆلۈغ دەلىل بىلگىن.

قىلالىساڭ، كىشىگە تەڭگە قەرز بەرمىگىن، خۇسۇسەن دوست كىشىلەرگە بەرمىگىنىكى، قايتۇرۇپ ئالماقنىڭ ئازارى بەرمىگەننىڭ ئازارىدىن كۆپرەكتۇر. ئەگەر بەرسەڭ، بەرگەن زەرنى ئۆز مېلىڭ سانىمىغىن ۋە ئۇنى دوستۇمغا بېغىشلىدىم دەپ خىيال قىلغىن. ئۆزى بەرمىگۈچە ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلمىغىن، قەرزنى قايتۇرۇۋېلىش سەۋەبى بىلەن دوستلۇقتا زەرەر يەتمىسۇن ۋە دوستۇڭ دۈشمەن بولمىسۇن.

مېلىڭدىن مۇستەھىقلەرگە[1] يېدۈر. ئۆزگىلەرنىڭ مېلىدىن تاما قىلمىغىن، بارچە خالايىقنىڭ ياخشىراق ۋە ئەزىزراقى

---

[1] مۇستەھىق ـــ مۇناسىپ، لايىق.

بولغايسەن.

مېلىڭنى ئۆزگىلەرنىڭ مېلى دەپ بىلگىن، ئۆزگىلەرنىڭ مېلىنى ئۆز مېلىڭدىن زىيادىرەك بىلگىن، شۇندىلا ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق ۋە توغرىلىقىڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغايسەن.

يىگىرمە ئىككىنچى باب

# ئامانەتنى ساقلىماق باياندا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر ساڭا بىر كىشى ئامانەت تاپشۇرسا، ئەگەر مۇمكىن بولسا، ھەرگىز قوبۇل قىلمىغىن. چۈنكى، ئامانەتنى قوبۇل قىلماق ناھايىتى دىشۋارچىلىقتۇر. شۇڭا ئامانەتنى قوبۇل قىلمىغىن، ئەگەر قوبۇل قىلساڭ، ياخشى ساقلىغىن، ئامانەتنى ئىگىسىگە سالامەت تاپشۇرغىن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، بىر كىشى تاڭ سەھەر قاراڭغۇسىدا ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىقتى ۋە ھاممامغا بېرىشنى نىيەت قىلدى ھەم ئۆز دوستلىرىدىن بىرىگە دېدى:

— مەن بىلەن ھاممامغا ھەمراھ بولۇپ بارغىن.

دوستى دېدى:

— ساڭا ھەمراھ بولۇرمەن، لېكىن ھاممامغا كىرمەيمەن، چۈنكى، مېنىڭ زۆرۈر ئىشىم باردۇر.

ئۇ كىشى ھەمراھى بىلەن ھاممام تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئىككى يولنىڭ ئايرىلغان بېشىغا بېرىپ، ھاممامغا بارغۇچى كىشىگە خەۋەر قىلماي ئىزىغا قايتتى ۋە ئۆزگە يولغا راۋان بولدى. ناھايەت، بىر ئوغرى ھاممامغا بارغۇچىنىڭ ئىزىغا چۈشتى. لېكىن ئۇ كىشى «ئىزىمدىن كېلىۋاتقىنى دوستۇم» دەپ

ئويلاپ يولىغا مېڭىۋەردى. ئۇ كىشىنىڭ قويىندا يۈز تىللاسى بار ئىدى. هاممامنىڭ ئىشىكىدە تىللانى قويىنىدىن چىقىرىپ، كېچە قاراڭغۇسىدا تونۇماي تىللانى ئوغرىغا بەردى ۋە دېدى:

— ئەي بۇرادەر، مەن هاممامغا كىرىپ چىققۇچە بۇ زەر سەندە تۇرسۇن، هاممامدىن چىقسام ماڭا تاپشۇرغىن.

ئوغرى زەرنى ئېلىپ، شۇ يەردە ئولتۇردى. ھېلىقى كىشى هاممامدىن چىقىپ، لىباسلىرىنى كىيىپ يولغا راۋان بولدى. ئوغرى ئۇنىڭ كەينىدىن چاقىرىپ دېدى:

— ئەي مەرد كىشى، كەلگىن ۋە مەندىن زەرىڭنى ئالغىن. بۈگۈن مەن سېنىڭ ئامانىتىڭنى ساقلاپ ئۆز ئىشىمدىن قالدىم.

ئۇ كىشى دېدى:

— سەن كىمدۇرسەن، بۇ ئالتۇن قانداق ئالتۇندۇر؟

ئوغرى دېدى:

— مەن بىر ئوغرىدۇرمەن ۋە بۇ سېنىڭ ماڭا تاپشۇرغان زەرىڭدۇر.

ئۇ كىشى دېدى:

— ئەگەر سەن ئوغرى بولساڭ، نېمە ئۈچۈن زەرنى ئېلىپ كەتمىدىڭ؟

ئوغرى دېدى:

— ئەگەر مىڭ تىللا بولسىمۇ سەندىن ئەندىشە قىلماي ئېلىپ كېتەر ئىدىم. لېكىن سەن بۇ زەرنى ماڭا ئامانەت قىلىپ تاپشۇردۇڭ. ئامانەتكە خىيانەت قىلماق مەردلىكتىن ئەمەستۇر.

بەس، ئەي پەرزەنت، ئامانەت قوبۇل قىلىپ، ئامان ساقلاپ، تا ئىگىسىگە تاپشۇرمىغۇچە ساڭا كۆپ رەنج يېتەر. ئامانەت ئىگىسى

سەندىن ھەرگىز مىننەتدار بولمىغۇسىدۇر. ھەتتا ئۇ «تاپشۇرغان مېلىمنى ئالدىم، ئۇنىڭغا نېمە زەرەر يەتتى» دەيدۇ. دېمەك، چەككەن رەنجىڭ زايە بولۇر. ئەگەر ئامانەتكە بىر ئاپەت يېتىپ يوق بولسا، سېنىڭ سۆزۈڭگە ھېچ كىشى ئىشەنمىگۈسىدۇر ۋە سەن خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا خىيانەتچى نامى بىلەن مەشھۇر بولۇرسەن. ئەنە شۇنداق تۆھمەتنى بويۇنغا ئالماق ياخشى ئەمەستۇر. ئەگەر رەت قىلساڭ، سەندىن زورلۇق بىلەن ئالۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ساڭا ھېچ ئادەم ئېتىبار قىلماس.

ئەمما، ناۋادا سەن بىرەر كىشىگە ئامانەت قويماقچى بولساڭ، مېلىڭنى پىنھان بەرمىگىن ۋە ئىككى ئادىل گۇۋاھنىڭ ئالدىدا بەرگىن. بىر نەرسە بەرسەڭ قازىنىڭ خېتىنى ئېلىپ بەرگىن، كېيىن قازىنىڭ ئالدىغا بارماقتىن قۇتۇلغايسەن ۋە ئەگەر قازىنىڭ ئالدىغا بارساڭ، ئاجىز ۋە خار بولمىغايسەن. ناۋادا قىلالىساڭ، ھەرگىز قەسەم ئىچمىگىن ۋە قەسەم ئىچمەك بىلەن مەشھۇر بولمىغىن. ئەگەر زۆرۈرىيەت بولغان ۋاقىتتا قەسەم ئىچسەڭ قوبۇل بولغاي. ئۇنىڭدىن كېيىن زەردار ۋە راستچىل بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى نامراتلار جۈملىسىدىن ھېسابلا، كەمتەر بولغىن، چۈنكى، كىبىرلىنىشنىڭ ئاخىرى نامراتلىقتۇر.

ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغىن، ئامانەتتە راستچىل بولغىن، ئالەم ئىشلىرى راستچىللىققا باغلىقتۇر. شۇڭا ھېيلىگەرلىك بىلەن ئىش كۆرمىگەيسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## قول سېتىۋالماقنىڭ بايانىدا ①

ئەي پەرزەنت، ئەگەر قول سېتىۋالماقنى خالىساڭ ھوشيار بولغىنكى، قول سېتىۋالماق ناھايىتى دىشۋار ئىلىمدۇر. چۈنكى، كۆپ ئىنسانلار باركى، كۆزگە ياخشى كۆرۈنۇر. ئەمما ئەقىل كۆزى بىلەن باقساڭ، ئەكسى زاھىر بولۇر. كۆپىنچە ئادەملەر قول سېتىۋالماق ئاسان ئىشتۇر، دەپ ئويلىشىدۇ. ئەمما بۇ ئىنتايىن مۇشكۇل ئىشتۇر ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن ھوشيارلىق ھەم دانالىق كېرەكتۇر. چۈنكى، ھەر كىشى بىلمىگەن ماتانى سېتىۋالسا، بىلگىنكى، ئۆزىگە ئەلۋەتتە زەرەر قىلۇر ۋە بارچە نەرسىلەردىن ئادەمزاتنىڭ ئەيىبىنى بىلمەك مۇشكۇل ئىشتۇر. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئىللىتىمۇ، پەزىلىتىمۇ كۆپ بولۇر. بەزى ئادەمنىڭ بىر ئەيىبىنى ئۇنىڭ يۈز مىڭ پەزىلىتى، بىر پەزىلىتى يۈزمىڭ ئىللىتىنى يوشۇرغاي. ئادەمنى پاراسەت ۋە تەجرىبە ئىلمى بىلەن تونۇغىلى بولۇر. ئەمما بۇ پاراسەت ئىلمىنى پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەر ئەۋەتكۈچىدىن ئۆزگە زات بىلمىگەي. سەن بىلگىنكى، ئىنساننىڭ قول بولمىقىدا ئۈچ شەرت بولۇر. بىرىنچىسى، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئىچكى ئالىمىدىكى ئەيىب ۋە ئۇنى پاراسەت

---

① بۇ باب ئاگاھىينىڭ تەرجىمىسىدە تولۇق بولمىغىنى ئۈچۈن، پارس تىلىدىكى تېھران نەشرى بىلەن ئې. ئە. بېرتېلسىنىڭ تەرجىمىسى ئاساسىدا تولۇقلاندى.

بىلەن بىلمەك؛ ئىككىنچىسى، تاشقى بەلگىلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىللەتلىرىنى بىلمەك؛ ئۈچىنچى، ھەر قايسى جىنسنىڭ نەسلىنى، نۇقسان ۋە قەدرىنى ئىدراك قىلماق. ئەمما ئاۋۋالقى شەرت شۇكى، ھەر ۋاقىت ئىنسان قۇل ئالساڭ، ياخشى بىلگىنكى، ئىنسانلارنىڭ خېرىدارى ئىككى تۈرلۈك بولۇر. بىرى، يۈزىگە قارار، تەن ۋە ئەتراپىغا قارىماس. يەنە بىرى، تەن ۋە ئەتراپىغا قارار، يۈزىگە قارىماس. ئەمما ھەر كىشى قۇل ئالسا، ئېغىز ـ بۇرنىغا ئېھتىيات بىلەن نەزەر قىلماق، ئۇنىڭدىن كېيىن پۇتلىرىغا ۋە ئۆزگە ئەزالىرىغا نەزەر سالماق كېرەكتۇر. بەزىلەر نازۇك ۋە بېجىرىم قۇلنى، بەزىلەر تولغان ۋە سېمىز قۇلنى ياقتۇرىدۇ. لېكىن، شۇنى بىلگىنكى، قۇلغا كۆزى چۈشكەن ئادەم ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قارايدۇ. كېيىن ئۇنىڭ گەۋدىسىگە دىققەت قىلىدۇ. چۈنكى، ھەممە ۋاقىت يۈز ئالدى بىلەن كۆزگە تاشلىنىدۇ، تېنى ئېتىباردىن چەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇلنىڭ چىرايلىقلىقىنى تاللىماق لايىقتۇر. چۈنكى سېنىڭ ئۆزۈڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقەتتە بولۇرسەن. قۇل تاللاشتا بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ كۆزى ۋە قېشىغا ئەھمىيەت بەر، ئاندىن بۇرنىغا، ئېغىزىغا ۋە چىشىغا، ئاندىن كېيىن بولسا، چېچىغا قارا. چۈنكى پەرۋەردىگارى ئالەم گۈزەللىكنى ئادەملەرنىڭ كۆزىگە ۋە قېشىغا، نەپىسلىكنى بۇرنىغا، شېۋىنلىكنى لەۋ ۋە چىشلىرىغا، نازۇكلۇقنى يۈزىگە جەم قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى گۈزەل قىلىش ئۈچۈن چاچنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندۇر. چاچنى ئادەمنىڭ كۆركى ئۈچۈن ياراتتى. ئەگەر ئىككى كۆزى ۋە قېشى گۈزەل، بۇرنى نەپىس، لەۋ

ۋە چىشلىرى شېرىن، يۇزى پاكىز بولسا، بۇ قولنى ئەلۋەتتە سېتىۋال. قالغانلىرى ھەققىدە ئويلىما. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نازاكەتلىكلىكىگە ئەھمىيەت بەر. نازاكەت چىرايدىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئىككىنچى، ئېيتقانلىرىكى، قول مەلۇم خىزمەت ئۇچۇن سېتىۋېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن نىشانلانغان ئىشقا مۇناسىپ بەلگىلىرىگە ئېتىبار بەر. ئۆز تىنچلىقىڭ، مۇلاقىتىڭ ئۇچۇن ئېلىۋاتقان قولۇڭ بوي - بەستى ئوتتۇرىچە، يۇمشاق ئەتلىك، مەيىن تېرىلىك، بەدەن قورۇلۇشى بەردەم، جىگەر رەڭ ياكى قارا قاشلىق، قارا كۆزلۈك، قاڭشارلىق، بېلى ئىنچىكە، يۇمىلاق يۈزلۈك، قىزىل لەۋلىك، تەكشى ۋە ئاپپاق چىشلىق، تېنى مەن ئېيتقاندەك بولسۇن. بۇنداق قول مۇناسىۋەتتە چىرايلىق ۋە يېقىملىقتۇر. خۇشخۇي، سادىق، چېچەن ۋە ئوچۇق چىھرىلىكتۇر.

ئەقىللىك ۋە ئامەتلىك قولنىڭ ئالامەتلىرى: قامەتلىك، مۆتىدىل چاچلىق ۋە ئەتلىك، ئاق قىزىل كەڭ ئالىقانلىق، بارماق ئارىلىرى كەڭرى، كەڭ پېشانىلىك، كۆلكىگە مايىل ئوچۇق چىھرىلىك ۋە توق كۆل رەڭ كۆزلۈك بولۇر. بۇنداق قول ئىلىم ئۆگىنىشكە قادىر، كىتابەت، خەزىنە كەبى خوجىلىق ئىشلىرىغا مايىل ۋە ئىشەنچلىك ئادەم بولۇر.

مۇزىكىغا مۇۋاپىق قول مەيىن ئەتلىك، ئورۇق، ئىنچىكە بارماقلىق بولۇر. يۇزى سېمىز قولدىن ئېھتىيات قىل. ئۇ ھېچ نەرسىنى ئۆگىنەلمەيدۇ. ئۇ يۇمشاق ئالىقانلىق، ئارىلىرى كەڭ، ئوچۇق بارماقلىق، ئوچۇق چىھرىلىك، مەيىن تېرىلىك بولۇر. چاچلىرى بەك ئۇزۇنمۇ ئەمەس، بەك كالتىمۇ ئەمەس، بەكمۇ قىزىل، بەك قارىمۇ ئەمەس، كۆزلىرى توق كۆل رەڭ، تاپىنى

تەكشى بولىدۇ. بۇنداق قۇل ھەرقانداق نەپىس ئىشنى، جۇملىدىن مۇزىكىنى تېز ئۆگىنىدۇ.

ھەربىي ئىشقا لاياقەتلىك قۇلنىڭ ئالامەتلىرى: يىرىك چاچلىق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چىداملىق، قاتتىق ئەتلىك، بەقۇۋۋەت بارماقلىق، مۇستەھكەم سۆڭەكلىك، تېرە ۋە تەن ئەزالىرى قوپال، تومۇرلىرى بىلەن بوغۇملىرى مۇستەھكەم، بۆرتۇپ چىققان پەيلىرى تېنىدە كۆرۈنۇپ تۇرار، كەڭ ئالىقانلىق، كەڭ كۆكرەكلىك، كەڭ يەلكىلىك ۋە بوينى توم بولۇر. ئەگەر تاز بولسا، تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئەلۋەتتە، قورسىقى كىچىك، دۈمبىسى ئىخچام، ئۇلار ئوتتۇرىدا مۇستەھكەم پەي بولۇشى، ماڭغاندا كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشى كېرەك. قاپىقى تۈرۈلگەن، كۆزى قارا بولۇشى كېرەك. بۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قۇل ئامەتلىك، جاسارەتلىك سىپاھ بولۇر.

ئاياللارنىڭ مەخسۇس سارىيىنى قوغدىغۇچى قۇلنىڭ بەلگىلىرى: قارا تەنلىك، ئاچ كۆرۈمسىز قىياپەتلىك، قوپال تېرىلىك، زەئىپ ئاۋازلىق، ئورۇق ئاياغلىق، قېلىن لەۋلىك، ياپىلاق بۇرۇنلۇق، كالتە بارماقلىق، مۈكچەيگەن، ئورۇق بويۇنلۇق بولۇر. بۇنداق قۇل ئايالىلارنىڭ مەخسۇس سارىيىدا خىزمەت قىلىشقا قادىردۇر. بۇ خىزمەتكە ئاق ياكى قىزغۇچ تەنلىكلەر يارىمايدۇ. جۇملىدىن چېچى ئالدىغا چۈشكەن مەللە چاچلىقتىن ئېھتىيات قىل، ئەگەر ئۇنىڭ كۆزىدە خۇمارلىق بولسا، بۇنداق قۇلنى بۇ ئىشقا يېقىنلاشتۇرما. چۈنكى، بۇنداق ئادەملەر ئايال تائىپىسىنى ياخشى كۆرىدۇ ياكى دەللاللىق بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىتلارغا ۋە ئاتلارغا قارايدىغان قولنىڭ بەلگىلىرى تۆۋەندىكىچە: چەكچەيگەن كۆزلۈك، قىلتاق قاشلىق، قاپاقلىرى يوغان ۋە قىزىل، كۆك كۆزلۈك، كۆز ئېقىدا قىزىل نۇقتىلىرى بولىدۇ. لەۋ ۋە چىشلىرى ئۇزۇن بولىدۇ. ئاغزى چوڭ بولىدۇ. بۇنداق قول ناھايىتى ئارسىز، گەپ تەسىر قىلمايدىغان، توڭ - قوپال، ئاچچىقى يامان بولىدۇ ۋە ھەمىشە جاڭجال قىلىدۇ.

قاراۋۇللۇق ۋە ئاشپەزلىككە يارايدىغان قولنىڭ سۈپەتلىرى بۇدۇر: ئۇنىڭ يۈزى، تېنى پاكىز بولسۇن، يۈزى يۇمىلاق، قول - پۇتلىرى نازۇك، كۆزلىرى توق كۆل رەڭ، بويىنى توم، كەمسۆز، چاچلىرى توق مەللە بولسۇن.

ئۈچىنچى شەرتى شۇكى، سەن بەلگىلىرىگە قاراپ، قولنىڭ زاھىرى ۋە باتىنى كىيسەللىكلىرىدىن ۋاقىپ بولغىن. قول سېتىۋېلىشتا زېرەك بول. چۈنكى، بىر كۆرۈشتە ناھايىتى ياخشى كۆرۈنگەن قول يارىماس بولۇشى، ياكى ئەكسىچە يارىماس بولۇپ كۆرۈنگىنى ياخشى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئادەمنىڭ يۈزى، تاشقى كۆرۈنۈشى ھەممە ۋاقىتتىلا تەبىئىي بولۇۋەرمەيدۇ: بەزىدە گۈزەللىككە، بەزىدە خۇنۈكلۈككە مايىل بولىدۇ. سەن ئۇنىڭ تېنىنى — ھەممە ئەزالىرىنى دىققەت بىلەن كۆزەت. كۆپ ھاللاردا پىنھان، كۆزگە تاشلانمىغان ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئايان بولىدىغان خەستىلىكنىڭ ئالامەتلىرى بولىدۇ. ئەگەر يۈزى بىرئاز سارغۇچ، لەۋلىرى ئاقارغان ۋە كۆزلىرى نۇرسىز بولسا، بۇۋاسىر كېسىلىگە، ئەگەر كۆز - قاپاقلىرىدا ئىششىق بولسا، ئىستىسقا كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان بولىدۇ. كۆزلىرىدىكى قىزىللىق، پېشانىسىدىكى تومۇرلارنىڭ

ئىششىپ چىقىشى تۇتقاقلىق كېسىلىنىڭ ئالامىتىدۇر. كىرپىكلىرىنىڭ ئاستا ھەرىكىتى، لەۋنىڭ گەز باغلىشى خامۇشلۇقنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇرۇن سۆڭىكىنىڭ سىڭايانلىقى، بۇرۇننىڭ قانىشى ۋە بۇرۇن يارىسىنىڭ ئالامىتىدۇر. چاچنىڭ بەك قارىلىقى، يىرىكلىكى، قېلىنلىقى، رەڭگىنىڭ بىر خىل ئەمەسلىكى چاچنىڭ بويالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. تېنىنىڭ بەزى جايلىرىغا ئورۇنسىز تامغا، بەلگە قويۇلغان بولسا، دىققەت بىلەن قارا، بۇ تامغىلارنىڭ تېگىدە ماخاۋ ئالامەتلىرى بارمۇ؟ لەۋنىڭ ئاقارغانلىقى، كۆزنىڭ سارغىيىشى جىگەر كېسەللىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

مېنىڭ ئۆگۈتلىرىمنى قۇلىقىڭدا تۇت. قۇلنى ھالال ئادەمدىن ئال، بۇنداق قۇل ئۆيۈڭدىمۇ ھالال بولۇر. پارسچە بىلىدىغان ئەجنەبىي قۇلدىن كۆرە گەپ قىلالمايدىغان قۇلنى ئال. چۈنكى، گەپ قىلالمايدىغىنىنى ئۆز خاھىشىڭغا سېلىشىڭ مۇمكىن. گەپ قىلالايدىغان قۇلنى ئۆز خاھىشىڭغا سېلىشىڭ مۇشكۇلدۇر.

سەندە كۈچلۈك ئېھتىياج تۇغۇلغان قۇلنى دەررۇ سېتىۋالما. ئاۋۋال بۇ ئېھتىياجنى پەسەيتكىن، چۈنكى ئېھتىراسنىڭ تەسىرىدە قۇلنىڭ كەمچىلىكلىرىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈشى مۇمكىن. باشقا ئائىلىدە ئەرزان قۇلنى ئالما. ئۇنى ئەركىلەتمىسەك، قېچىپ كېتىدۇ ياكى باشقىلارغا سېتىۋېتىشىڭنى خالاپ قالىدۇ. ياكى سېنى يامان كۆرۈپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئەركىلەتمىسەڭ، سەندىن مىننەتدار بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ باشقا جايدىمۇ بۇنداق ئەركىلەشنى كۆرگەن. بۇرۇنقى ئائىلىدە يامان مۇناسىۋەتتە بولغان قۇلنى ئال، ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن

ئازراقلا ياخشى مۇئامىلىدە بولساڭ، سەندىن مىننەتدار بولىدۇ.

مەلۇم مۇددەتتە قۇللارغا بىرەر نەرسە تارتۇق قىلىپ تۇر، ئۇلارنىڭ ھەممە ۋاقىت پۇلغا موھتاج بولۇشىغا يول قويما. پۇلغا موھتاج بولغان قۇل پۇل تېپىش يولىغا ئۆتىدۇ. قىممەت باھا قۇللارنى ئالغىن، چۈنكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ قەدىر - قىممىتى پۇلغا يارىشا بولۇر. غوجايىنى كۆپ بولغان قۇلنى ئالما، ئېرى كۆپ بولغان ئايالدەك غوجايىنى كۆپ بولغان قۇلدىن ياخشىلىق كەم بولۇر.

ئەگەر قۇل ھەقىقەتەنمۇ سېتىلىشنى خالاپ قالسا، تارتىشىپ ئولتۇرما، سېتىۋەت. ئاجرىشىشنى خالىغان ئايالنىڭمۇ، سېتىلىشنى خالىغان قۇلنىڭمۇ بەھرىدىن كەچكىن. ئەكس ھالدا ئۇنىڭدىنمۇ، بۇنىڭدىنمۇ كۆڭلۈڭ سۇ ئىچمەيدۇ. ئەگەر قۇل قەستەن ھۇرۇنلۇق قىلسا ۋە نالايىق ئىش قىلسا، ئۇنى چاقانلىققا ئۆگىتىمەن، دەپ ئاۋارە بولما. ئۇ ھېچقاچان ئەپچىل، چاققان بولمايدۇ. بۇنداق قۇلنى تېزرەك سېتىپ قۇتۇل. چۈنكى ئۇخلاۋاتقان ئادەمنى بىر ئاۋاز بىلەن ئويغىتىش مۇمكىن، ئەمما ھۇرۇننى كاناي بىلەنمۇ، دۇمبىرا بىلەنمۇ ئويغىتالمايسەن.

بىلگىنكى، ئۆيۈڭدىكى قۇللار ئاكا - ئۇكا تۇتۇنمىسۇن، كېنىزەكلەر ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ سىڭلىسى دەپ بىلمىسۇن، كۆپ مۇشكۇل پالاكەتلەر شۇ تۈپەيلى سادىر بولىدۇ. ئىتائەتكار بولۇشى ئۈچۈن قۇللارغىمۇ، باشقا خىزمەتكارلارغىمۇ قۇدرىتىڭگە يارىشا يۈكنى مۇناسىپ بۆلۈپ بەرگىن. ئۆزۈڭ ھىممەتلىك، ئادالەتلىك بول. قۇل ئۆزىنىڭ غوجايىنىنى ئاغا، ئاچا، ئانا، ئاتا ئورنىدا كۆرۈشى كېرەك. ئەگەر قۇل كۆپلەپ قۇلپۇرۇشلارنى كۆرگەن

بولسا، ئۇنى سېتىۋالما، قول قولپۇرۇشتىن قاتتىق قورقۇشى كېرەك. ئەگەر قول ھەر خىل ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سېتىۋېتىلىشىنى خالىسا، ئۇنىڭ سېتىلىشىدىن ۋە سېتىۋېلىنىشىدىن قورقمىسا، ئۇنىڭغا مېھىر قويما، بۇنداق قىلىشتىن مەنپەئەت يوق، باشقىسىغا ئالماشتۇر. مەن ئېيتقاندەك يول تۇتساڭ، تىلىكىڭگە ئېرىشىسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ئۆي ۋە يەر سېتىۋالماق بابىدا ①

ئەي پەرزەنت، بىلگىن ۋە شاھىت بولغىنكى، ئەگەر يەر، ئۆي سېتىۋالماقنى خالىساڭ ۋە ئۇنى ساتماقنى خالىمىساڭ، قانۇنغا رىئايە قىل. سېتىۋالماق بولساڭ، كاساتلىق ۋاقتىدا سېتىۋال، ساتماقچى بولساڭ، تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا سات، پايدىنى كۆزلە، بۇنىڭدىن ئۇيالما. ھەرقانداق بىر ئەرسىنى سېتىۋالماقچى بولساڭ، ئۇستىلىق قىل. سودىلىشىشنى قولدىن بەرمە، چۈنكى سودىلىشىش ۋە سوراش — يېرىم سودىدۇر.

بىر نەرسە سېتىۋالار بولساڭ، زەرەر بىلەن پايدىسى بىر خىلدا بولسۇن. خانىۋەيران بولماقنى تىلىمىسەڭ دارامەت ئۇستىدىن خىراجەت قىلما. ئەگەر سەرمايىگە زەرەر يەتكۈزۈشنى خالىمىساڭ، زەرەر كەلتۈرگۈچى پايدىدىن ساقلان. مولچىلىققا ئىگە بولماقنى، نامراتلىشىپ كەتمەكنى، بىراۋغا تەۋە ۋە ئاچ كۆز بولماسلىقنى خالىساڭ، ھەر ئىشتا سەۋرچان بول. سەۋر قىلماق ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر. ھەرقانداق ئىشتا ئۆز پايداڭغا بىپەرۋا بولما، چۈنكى، بىپەرۋالىقمۇ ئەخمەقلىقتۇر... ئالدىراقسانلىق بىلەن ھەممە ئىش راۋا بولماس.

① بۇ بابنىڭ باش قىسمى ئاگاھىينىڭ تەرجىمىسىدە يوق. پارسچە قول يازمىدىن تەرجىمە قىلىندى. — ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن.

ئەگەر ئۆي سىپتىۋالماقچى بولساڭ، دۇرۇس ئادەملەر ياشايدىغان كوچىدىن سىپتىۋال، شەھەر ئەتراپىدىن، تام تېگىدىكى ئۆيلەردىن سىپتىۋالمىغىن. ئەرزان بولۇر دەپ كونا ئۆي سىپتىۋالمىغىن. ئۆي ئالماقچى بولساڭ ئاۋۋال قوشنىسىنى كۆر، ئەرەبلەردە ئاۋۋال قوشنا، كېيىن ئۆي، دېگەن گەپ بار.

دانىشمەن ئەبۇزۇرجمىھر دەيدۇ: «تۆت نەرسە ئېغىر پالاكەتتۇر: بىرىنچىسى، يامان قوشنا؛ ئىككىنچىسى، چوڭ ئائىلە؛ ئۈچىنچىسى، جاۋۇلداق خوتۇن؛ تۆتىنچىسى، موھتاجلىق».

... شۇنداق بىر كوچىدىن ئۆي سىپتىۋالغىنىكى، قوشناڭ ئىنسابلىق ئادەم بولسۇن. ئۆي سىپتىۋالغاندىن كېيىن قوشناڭنى ھۆرمەت قىل، ئۇنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا رىئايە قىل، چۈنكى شۇنداق دېيىلگەنكى، قوشنا ھەممىدىن كاتتا ھوقۇققا ئىگە.

ئۆز كوچاڭدىكى ۋە مەھەللەڭدىكى ئادەملەر بىلەن ياخشى ياشا، كېسەللەرنى يوقلاپ تۇر ۋە ھال ـ ئەھۋاللىرىنى سورا، كىمگە تەزىيە بىلدۈرۈش زۆرۈر بولسا، تەزىيە بىلدۈر، توي ـ تۆكۈنلەرگە ئىشتىراك قىل. قوشنىنىڭ ھەربىر ئىشىغا ياردەم بەر. ئەگەر قوشنا شاد ـ خۇرام بولسا، شادلىقىغا شېرىك بول. مۇمكىنقەدەر تائام ياكى كىيىم ـ كېچەكنى سوۋغا قىلىپ تۇر، چۈنكى سەن شۇ كوچىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىلەردىن بولغىن[1].

ھەمسايىلىرىڭنىڭ كىچىك باللىرىنى كۆرسەڭ، سۆيۈپ قۇچىقىڭغا ئېلىپ ئەركىلەتكىن، كوچاڭنىڭ قېرىلىرىنى كۆرسەڭ ئىززەت ۋە ھۆرمەت قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرگىن. كىمكى بىر كىشىگە بىر ئىشنى قىلسا، شۇ كىشىمۇ ئۇنىڭغا شۇ

① مۇشۇ يەردىن كېيىن، ئاگاھىينىڭ تەرجىمىسى باشلىنىدۇ.

ئىشنى قىلۇر ۋە كىشى ھەرقانچە ياخشىلىق ۋە يامانلىق كۆرسە، ئۆز پېئىلىدىن كۆرەر. دېمەك، نامۇناسىپ ئىشنى قىلمىغىنى ۋە نالايىق سۆزنى ئېيتمىغىنىكى، ھەركىم قىلىنمايدىغان ئىشنى قىلسا، ئېيتىلمايدىغان سۆزنى ئېيتسا، باشقىدىن قايتۇر ۋە بىراۋدىن شۇنداق سۆزنى ئاڭلىغاي.

ۋەتەن تۇتماقنى خالىساڭ، چوڭ شەھەرلەردىن ۋەتەن تۇتقىنىكى، سەن ئۇنىڭدىن پايدا كۆرەرسەن. ئۆي ئالساڭ شۇنداق ئۆي ئالغىنىكى، تېمى ئۆزگىلەرنىڭ تېمىدىن ئېگىزرەك بولسۇن. بۇنداق بولغاندا، خالايىق سېنى كۆرمىگەي ۋە سەنمۇ خالايىقنى كۆرمىگەيسەن.

ئەگەر يەر ۋە باغ ئالساڭ ھەمسايىسى يوق يەردىن ئالمىغىن ۋە جاڭجەللى بار يەرگە رىغبەت قىلمىغىن. ھەرقانداق يەر ئالساڭ، ئەيىبسىز ۋە شۈبھىسىز يەرنى ئالغايسەن ۋە ئەيىبلىك، شۈبھىلىك يەر ئالمىغايسەن. يەر ئالساڭ، ئىمارەت سالماققا مەشغۇل بولغىن ۋە ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى ئىمارەتلەرنى قۇرغىن، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇنى يېڭى ۋە كۆركەم كۆرگەيسەن. ھەرگىز يەر ۋە باغنىڭ ئىمارىتىدىن قول تارتمىغىنىكى، يەرگە ھەرقانچە خىزمەت قىلساڭ ئەرزىگەي ۋە ھوسۇل بېرۇر. ئەگەر خىزمەت قىلمىساڭ يەر يۈزى سېنىڭ يېرىڭ بولسىمۇ، قىلچە پايدىسى يوقتۇر، ئەكسىچە زەرەردۇر.

يىگىرمە بەشىنچى باب

## ئات سېتىۋېلىش بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر ئات ئالماقچى بولساڭ ھوشيار بول، خاتالىققا يول قويمىغىن، چۈنكى، ئات بىلەن ئادەمنىڭ زاتى بىردەك بولىدۇ: ياخشى ئات ۋە ياخشى ئادەمگە ھەرقانچە ئېغىرچىلىقنى سالساڭمۇ كۆتۈرەر. يامان ئات ۋە يامان ئادەمنى ھەرقانچە يامان دېسەڭمۇ ئازلىق قىلىدۇ. دانىشمەنلەر دېگەنكى، جاھان ئادەم بىلەن بەرپادۇر ۋە ئادەملەر ھايۋانلار بىلەن بەرپادۇر. ھايۋاناتنىڭ ياخشىراقى ئاتتۇر. ئۇنى ئەزىز تۇتۇشمۇ نام - ئەمەلگە ياخشىدۇر ۋە مۇرۇۋۋەتتىندۇر. مەسەلدە، ئاتنى ۋە كىيىم - كېچەكنى ياخشى تۇتقىن، تاكى ئات ۋە كىيىم - كېچەكمۇ سېنى ياخشى تۇتقاي، دەپ ئېيتىلغان.

ئاتنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىنى بىلىش ئادەملەرنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىنى بىلىشتىنمۇ مۈشكۈلدۇر، چۈنكى، ئادەم سۆزلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قانداقلىقىنى سۆزىنىڭ مەنىسىدىن بىلگىلى بولىدۇ. ئات سۆزلىمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ قانداقلىقى تۇرقىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئالدى بىلەن ئاتنىڭ تۇرقىغا قارىغىن، ئاتنىڭ تۇرقىغا سىنچىلاپ قارىغان كىشى خاتالاشمايدۇ، چۈنكى، ياخشى ئاتنىڭ تۇرقى (يەنى سىنى) ياخشى بولىدۇ ۋە يامانىنىڭ سۈرىتى يامان بولىدۇ.

ياخشى، كۆركەم ئات مۇنداق بولىدۇ: ئۇنىڭ چىشى نازۇك،

زىچ ۋە ئاق بولغاي. ئاستىنقى كالپۇكى ئۇزۇنراق، بۇرنى چوڭراق ۋە كەڭ، ماڭلىيى كەڭ، چېكىسى ئوچۇق، قۇلىقى ئۇزۇن ۋە قۇلاقلىرىنىڭ ئارىسى ئوچۇق، بوينى توغرا، بوينىنىڭ تۈۋى يوغان، ئارقىسى كەڭ، بوينى قىسقا، كۆكرىكى كەڭ، پۇتلىرىنىڭ ئارىسى ئوچۇق، قۇيرۇقى قاتتىق ۋە ئۇزۇن، قىلى نازۇك ۋە قىسقا، كۆز كىرپىكلىرى قارا بولۇر. يول يۈرگەندە هوشيار دۇر ۋە ئارقىسى قىسقا، قۇيرۇقى ئۆسۈك، ساغرىسى كەڭ، ئىككى سانىنىڭ ئارىسى گۆشلۈك ۋە بىر - بىرىگە يېپىشقان بولغاي. مىنگەن كىشى ھەرىكەت قىلسا، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئاگاھ بولغاي. بۇ ئالامەتلەرنى بايان قىلدىم. ئەگەر بۇ ئالامەتلەر ھەربىر ئاتتا بولسا ياخشى ئات ھېسابلىنۇر.

يەنە ئاتتىكى ھەربىر رەڭنىڭ يېڭى بىر مەنىسى بولۇر. ئەڭ ياخشى ئات تورۇق ۋە خورما رەڭ بولۇر. بۇنداق ئات ئىسسىق ۋە سوغۇققا چىدامليقتۇر. ئەمما خۇرما رەڭ ئات، يەنى جىرەن ئات زەئىپ بولۇر. ئەگەر گۆشى، سانلىرىنىڭ ئارىسى، پاچاقلىرى، تۈيىقى، كالپۇكىنىڭ ئاستى، ماڭلىيى ۋە قۇيرۇقى قارا بولسا، ناھايىتى ياخشىدۇر. سەمەن ئات، يەنى سېرىق - قىزىلغا مايىل ئات ناھايىتى ياخشى بولۇر. ئەگەر سەمەن ئاتنىڭ يۈزىدە ئۇششاق قارا چېكىتلەر بولسا، ماڭلىيى، گۆشى، سانىنىڭ ئارىسى، كۆزى، كالپۇكى قارا بولسا، ئەڭ ياخشى سەمەن ئات ھېسابلانغاي. گۈلگۈن تۇسلۇك، يەنى بىر لا خىل رەڭدە بولسا ۋە ئۈستىدە ئالا - بۇلىلار بولمىسا، قارا تورۇق ئات بولسا، كۆزى قىزىل بولمىسا، بۇنداق ئاتمۇ ياخشىدۇر. چۈنكى، قىزىل كۆزلۈك ئاتنىڭ ئەيىبى كۆپ بولۇر. بوز ئاتنىڭ ياخشىسى ئاز بولۇر. كۆك رەڭلىك ئات

كۆپىنچە قىلىقسىز بولىدۇ. خۇسۇسەن كۆزىنىڭ قېتى، تۈيىقى ئاق بولسا، خۇلقى يامان بولىدۇ. كۆل رەڭ ئاتنىڭ پاچىقى ئاق بولسا ياخشى ئات بولىدۇ. ئالا ـ بۇلا ئات يامان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ياخشى قىلىقلىرى ئاز بولىدۇ.

مانا، سەن ئاتلارنىڭ خۇلق ـ ئېتىبارىنى بىلمۇالدىڭ، ئەمدى ئاتلارنىڭ ئەيىبلىرىنىمۇ بىلىۋالغىن. ئاتلارنىڭ بىرنەچچە تۈرلۈك ئەيىبلىرى بولىدۇ: ھەربىر ئەيىبنىڭ ئىشقا زىيىنى بولسا، كۆرگەنچىگىمۇ زىيىنى بولغاي. يەنە شۇنداقمۇ ئات بولىدۇركى، ئۆزى شۇم بولىدۇ ۋە ئىگىسىنى ئۆلتۈرىدىغان بولىدۇ. بۇنداق ئات ئۆزىنىڭ شۇ ئەيىبى بىلەن بەتخۇي بولىدۇ.

ھەربىر ئەيىب، ئىللەتنىڭ بىر نامى باردۇر. ئاتنىڭ يامىنىنى شۇ ئەيىب ۋە ئىللەت بىلەن بىلسە بولىدۇ. ئەمدى بۇلارنىڭ ئالامەتلىرىنى ئېيتىپ ئۆتىمەن. بىلگىنكى، ئاتنىڭ ئوقسانلىرىدىن بىرى گۇڭلۇق (گاچىلىق) تۇر. گاچا ئات يولدىن چىقىپ، ئۆز يولىنى يوقىتۇر. بىرەر شەپىدىن ئۈركۈپ كەتسە، ئۇنى توختىتىپ بولماس. ئەما ئات، يەنى شەبكۇر ئات تېخىمۇ يامان بولىدۇ. ئۇ باشقا ئاتلار ئۈركۈگەن نەرسىدىن ئۈركۈمەس ۋە ھەر جايغا جورۇساڭ ماڭىدۇ، پەرھىز قىلماس ۋە سىپىنى ساقلىماس. ساغرۇ (گاس) ئاتمۇ يامان بولىدۇ. بۇنىڭدەك ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، باشقا ئاتلار كىشنىسە، ئۇ ئىنكاس قايتۇرماس ۋە ھەمىشە قۇلىقىنى ساڭگىلاتقان ھالدا تۇرىدۇ. چەپ ئاتمۇ يامان بولىدۇ، نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. بۇ ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇنى بىرەر ھويلىغا يېتىلەپ بارساڭ، ئاۋۋال چەپ پۇتى بىلەن بوسۇغىدىن ئاتلار.

روزكور (كۇندۇزى كۆرمەيدىغان) ئات كۇندۇزى كور بولۇر. بۇ ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، كۆزى كۆك ئوتقا مايىل بولۇر. ھەمىشە كۆزىنى ئېچىپ تۇرار ۋە كىرپىكىنى مىدىرلاتماس. ئەيىبى بىلىن كۆزىدە بولۇر، بەزى ئاتلارنىڭ ئىككىلا كۆزىدە بولۇر. ئەھۋەل، يەنى ئالىغاي ئاتنىڭ ئەيىبى سىرتىدا بولۇر، لېكىن ئەرەبلەر بىلەن پارسلار بۇنىڭدەك ئاتنى مۇبارەك (ياخشى) دەپ قارىشىدۇ. مەن، دۇلدۇل ئەھۋەل ئىدى، دېگەن رىۋايەتنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. ئەرجەل ۋە ئەھىم ئات، يەنى پاچىقى ئاق ئات شۇم بولۇر، ئەگەر ئالدى سول پۇتى ئاقىراق بولسا، شۇمىراق بولۇر. كۆك ئاتنىڭ ئىككىلا كۆزى كۆك بولسا ياخشى بولۇر. ئەمما ئەگەر بىر كۆزى كۆك بولسا، خۇسۇسەن سول كۆزى كۆك بولسا، يامان بولۇر. مۇرغاب ئات، يەنى كۆزى قارا ئات يامان بولۇر. بۇرا ئات ياكى سۆرەلمە ئاتمۇ يامان بولۇر. ئىككى پۇتى كاج، يەنى مايماق كەلگەن ئاتمۇ ناچار ئات بولۇر، پارسلار بۇنداق ئاتنى «كامان پاي» دېيىشىدۇ، بۇنداق ئات تولا يىقىلغاق، پۇتلاشقاق كېلىدۇ. كوكۇلىسىنىڭ ئۈستىدە تىك يايلى بولغان ئات شۇم بولۇر. يەنە قولتۇقىنىڭ ئاستىدا تىك تۈك بولغان ئاتمۇ شۇم بولۇر ۋە ئەگەر ئىككى پۇتى ئاق بولسا، تېخىمۇ شۇمىراق بولۇر. تۈيىقى كىچىك ئاتمۇ شۇم بولۇر، ئاتنىڭ پۇتلىرى ئۇزۇن بولسا يامان بولۇر.

قۇيرۇقى ئەگرى ئاتمۇ يامان بولۇر. ئىت قۇيرۇقلۇق ئاتمۇ يامان بولۇر. يەنە تۇۋىقى نېپىز ئاتمۇ ناچاردۇر. ئالدى پۇتى دەسسىيەلىگەن يەرگە ئارقا پۇتى دەسسىيەلمىگەن ئاتمۇ ياخشى ئات ھېسابلانمايدۇ. يەنە ئۇزەڭگىگە دەسسىگىلى قويمايدىغان، ئاغزى قاتتىق، چىشلىگەك، تولا كىشنىگەك ۋە ئارغامچا

ئۆزگەك، تۇرۇپ تېزەكلىگەك ئاتمۇ ياخشى ئات تۇرىگە كىرمەيدۇ.
ھېكايەت:
ئاڭلىشىمچە، ئەھمەد فەرىغۇنىنىڭ پادىچىسى نورۇز كۈنى ئەھمەدنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى:
— مەن سىزگە نورۇزلۇق ئېلىپ كېلەلمىدىم، ئەمما نورۇزلۇقتىن ياخشىراق بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.
— قېنى ئېيت!
— كېچە سىزنىڭ بايتاللىرىڭىز قارا كۆزلۈك تايدىن مىڭنى تۇغدى! — دېدى پادىچى.
ئەھمەد ئۇنى يۈز كالتەك ئۇرۇپ، دېدى:
— مېنىڭ مىڭ تېيىم شەبكور تۇغۇلغان تۇرسا، بۇ قانداقمۇ خۇش خەۋەر بولسۇن!
ئەي ئوغۇل، بۇلارنى بىلگەندىن كېيىن ئاتلارنىڭ ئىللەتلىرىدىن ئاگاھ بولغىنكى، ھەربىر ئىللەتنىڭ بىر نامى باردۇر. مەن بۇ ئىللەتلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئەگەر بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلسام، سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. بۇ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاتنىڭ ئەيىبلىرىدۇر. ئەمما قارىلىق ھەممىسىدىن يامانراق ئەيىبتۇر. باشقا ئەيىبلەرگە ئىلاج قىلسا بولۇر، لېكىن قارىلىق (يەنى كېچە قارىغۇسى) قا ئىلاج قىلىپ بولماس.
ئات مىنىمەكچى بولساڭ، رەڭلىك چوڭ ئاتنى مىنگىن، چۈنكى، ئەگەر كىشىنىڭ سۈرىتى ھەرقانچە سالاپەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، كىچىك ئات مىنىۋالسا بىچارە كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بىلگىنكى، ئاتنىڭ سول تەرىپىدىكى قوۋۇرغىسى ئوڭ تەرىپىنىڭ

قوۋۇرغىسىدىن كۆپ بولۇر، ساناپ كۆرگىن، ئەگەر ھەرقانداق ئاتنىڭ ئىككى تەرپىدىكى قوۋۇرغا ئوخشاش بولسا، ئۇ چاغدا سول تەرپىنىڭ قوۋۇرغىسى كۆپرەك بولغان ئاتنى ئالغىنكى، ئۇ ئەيىبسىز ۋە يۈگۈرۈك بولۇر، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئات ئۆزۈپ ئۆتەلمەس. ئات، يەر، باغ ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئالماقچى بولساڭ، شۇنداق نەرسىلەرنى ئالغىنكى، ئۇ تىرىكلىكتە ساڭا پايدا ئېلىپ كەلسۇن، سەندىن كېيىن ۋارىسلىرىڭغا يەنىمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كەلسۇن ۋە سېنىڭ ئەھلى ئاياللىرىڭمۇ ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆرسۇن.

www.uyghurkitap.com

يىگىرمە ئالتىنچى باب

## خوتۇن ئېلىش باياندا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر خوتۇن ئالماقچى بولساڭ، ئۆز ھۆرمىتىڭنى ساقلاشقا دىققەت قىلغىن. گەرچە مال ئەزىز بولسىمۇ، ساڭا ئىنائەت قىلغان، ئاق كۆڭۈل، توغرا يوللۇق خوتۇنۇڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭدىن ئايىمىغىن. ئەمما خوتۇننى پاكدىل، پەرزەنتنى پەرمانبەردار ۋە مېھرىبان تۇتقىن، بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىدۇر.

خوتۇن ئېلىشتا خوتۇننىڭ مال ـ مۈلكى ۋە پۇلىنى كۆزلىمە ۋە خوتۇننىڭ تولىمۇ گۈزەللىرىنى تاللىما. چۈنكى، گۈزەللەر كۆپىنچە باشقىلارغا مەشۇق بولۇش كويىدا يۈرىدۇ. ئالغان خوتۇنۇڭ تازا تەبىئەتلىك، پاك دىل، ئىشچان ۋە ئېرىگە دوست بولغاي. ھايالىق، تەقۋادار، تىلى قىسقا، مالنى ياخشى ساقلىغۇچى بولسۇن. ھەقىقەتەن ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ ۋە ئۆمۈرنىڭ راھىتىدۇر.

ئەگەر خوتۇنۇڭ شۇنچە يېقىملىق، مېھرىبان ۋە مەقبۇل بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىختىيارىڭنى پۈتۈنلەي بېرىۋەتمىگىن ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى ئاستىغا چۈشۈپ قالمىغىن. چۈنكى، كىشىلەر ئېيتقاندەك: «دارانىڭ قىزىنى نىمىشقا ئېلىپ خوتۇن

قىلمايسەن، ئۇ تولىمۇ گۈزەلدۇر» دەپ سورىشىپتۇ. ئىسكەندەر ئۇلارغا: «جاھان خەلقى ئالدىدا غالىبمەن، ئەمدى بىر خوتۇنغا مەغلۇپ بولسام، تولىمۇ يامان ئىش بولمامدۇ؟!» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بەس، ئۈزۈكتىن ئۈستۈن خوتۇننى ئالمىغىن، قىز تېپىلسا، ئېرىدىن قالغان خوتۇننى ئارزۇ قىلمىغىن. چۈنكى، ئۇنىڭ (قىز بالىنىڭ) كۆڭلىدە سېنىڭ مېھرىڭدىن باشقا كىشىنىڭ مېھرى بولمىغاي، ھەممە كىشى ئوخشاشمۇ نېمە دەپ ئويلىغاي ۋە باشقا كىشىدىن تاما قىلمىغاي.

ئەمما دوست بولمىغان ۋە جاۋابلىشىدىغان خوتۇندىن قاچقىن، چۈنكى، كونىلار شۇنداق دېيىشىدۇ: «جاۋابلاشقاق خوتۇن تېز ماسلىشىدىغان بولىدۇ. ئەگەر خۇيى تۇتۇپ قالسا، بۇنداق خوتۇن مېلىڭنى قولۇڭدىن ئېلىپ، سېنى ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا قويمىغاي، كېيىن سەن ئۇنىڭ خوتۇنى بولۇرسەن، لېكىن ئۇ ساڭا خوتۇن بولماس.»

خوتۇن ئالساڭ ياخشى ئائىلىنىڭ قىزىدىن ئالغىن. ئەمما كىچىك ھەم بالاغەتكە يەتمىگەن قىزنى ئالما. چۈنكى، كىشى خوتۇننى ئۆي تۇتۇش ئۈچۈن ئالىدۇ، شەھۋەت ئۈچۈن ئالمايدۇ.

خوتۇن كامالىغا يەتكەن، ئاقىلە بولغاي، ئاتا-ئانىسىدىن ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى بىلگەن بولسۇن. ئەگەر بۇنداق نازىنىن قولۇڭغا چۈشسە، ھەرگىز قولۇڭدىن چىقارمىغىن ۋە تىرىشىپ ئۇنى ئەمرىڭگە ئالغىن.

ئەگەر سەن خوتۇنۇڭغا رەشكلىك قىلمىساڭ، ئۇ سېنىڭ بىلەن سەمىمىي مۇناسىۋەتتە بولۇر. ئۇ ساڭا ئاتا-ئاناڭ ۋە پەرزەنتىڭدىنمۇ يېقىنراق بولۇر ۋە ساڭا ئۇنىڭدىن يېقىن دوست

تېپىلماس. ئەگەر ئۇنى كۆپ قىزغانساڭ، ساڭا مىلىڭ دۈشمەندىن دۈشمەنرەك بولۇر، لېكىن ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىگىلى بولماس.

ئەگەر قىز ئالساڭ، ئۇنى ھەرقانچە ياخشى كۆرسەڭمۇ، ھەر كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن ياتمىغىن، ئۇ «ھەر دائىم ئىش مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. ئەگەر مەلۇم ۋاقىت ئۇنىڭ بىللە بىلەن بولمىساڭ، ئۇ خوتۇن سەنسىزمۇ سەۋر قىلۇر. ئەگەر ھەر كېچىسى ئۇنىڭ بىلەن يېتىشنى ئادەت قىلىۋالساڭ، ئۇ سەن يوق چاغلاردا باشقىلارنى ئارزۇ قىلار ۋە سەۋر قىلالمايدىغان بولۇپ قالۇر.

ھەقىقىي رەشكنى بەجا كەلتۈرگىن. رەشكسىز كىشىنى كىشى دېمىگىن. ھەر كىشىدە رەشك بولمىسا، دىنىمۇ بولمىغۇسىدۇر. خوتۇننى ئېيتقىنىمدەك تۇتقىنىڭدىن كېيىن، ئەگەر ئاللاتائالا ساڭا پەرزەنت بەرسە، ئۇنى ياخشى تەربىيەلەش كويىدا بولغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يىگىرمە يەتتىنچى باب

## پەرزەنت تەربىيەلەش بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر پەرزەنتىڭ بولسا، ئەڭ ياخشى ئىسمىدىن تاللاپ قويغىن، چۈنكى، ئاتىدىن پەرزەنت ھەقلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا ياخشى ئات قويۇشتۇر. يەنە بىرى شۇكى، پەرزەنتنى ئاقىل ۋە مېھرىبان بىر تەربىيەچىگە تاپشۇرغايسەن. سۈننەت قىلىدىغان ۋاقتىدا سۈننەت قىلغايسەن، قۇدرىتىڭگە لايىق توي ۋە تاماشا قىلغايسەن ھەمدە ئوقۇشنى ئۆگەتكەيسەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر سىپاھ (لەشكەر) ئەھلىدىن بولساڭ، ئۇنىڭغا سىپاھ ئىلمىدىن ئۆگەتكەيسەن. بۇلارنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتكىن.

مەن ئون بەش ياشقا كىرگەندىم. بىر ياساۋۇلىمىز بار ئىدى. ئېتى (ئىسمى) مەنزەر ئىدى. ئاتام مېنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇ ماڭا ئات يۈگۈرتۈش (ئات مىنىش)، ئوق (ئوقيا) ئېتىش، نەيزىۋازلىق، كەمەن (سىرتماق؛ سالما) تاشلاش قاتارلىقلارنى ئۆگەتتى.

ياساۋۇل ئاتامنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

— غوجىزادىگە مەن بىلگىنىمنى ئۆگەتتىم. جەڭ ماھارەتلىرىدە ۋايىگە يەتتى، — دېدى.

ئاتام مېنى ئۇۋغا ئېلىپ چىقتى. ئۆگەتكەن ھۈنەرلىرىمنى كۆرسەتتىم. ئاتام ئاپىرىن ئېيتىپ، ياساۋۇلغا تون كىيگۈزدى ۋە:

— پەرزەنتىمگە يەنە بىر ئوبدان ئىشنى ئۆگەتكەيسىز. — دېدى.

ياساۋۇل سورىدى:

— ئۇ قانداق ئىش؟

ئاتام ئېيتتى:

— سۇچىلىق، يەنى سۇ ئۈزۈش.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتام يەنە بىر سۇچىنى، يەنى سۇ ئۈزۈش ئۇستىسىنى كەلتۈرۈپ، مېنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. سۇ ئۈزۈشنى ئوبدان ئۆگىنىۋالدىم. ئەمەلىيەتتە، سۇ ئۈزۈشنى خالاپ ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن ئۆگەنگەنىدىم. نەچچە يىلدىن كېيىن شام يولى بىلەن ھەجگە باردىم. مۇسۇل شەھىرىگە يېقىن كەلگەندە قاراقچى ھۇجۇم قىلىپ پۈتكۈل مۈلكىمىزنى تالان ـ تاراج قىلدى. ئادىمى كۆپ بولغاچقا، تەڭ تۇرالمىدۇق. ھەممىمىز ۋەيرانە ھالدا مۇسۇلغا كەلدۇق. ھېچ ئىلاج قىلالماي بىر كېمىگە چۈشتۇق. كېمە بىلەن باغدادقا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ئىشىمىز ئوڭغا تارتىپ ھەقتائاللا ھەج نېسىپ قىلدى. دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، كېمە دەريادا كېتىۋاتقاندا بىر خەۋپلىك جايغا يەتتى. كېمىچى ئۇستا ئەمەس ئىكەن. ئوڭلاپ يۈرەلمەي، كېمە قايناملغا كىرىپ كەتتى. بىز يىگىرمە كىشى ئىدۇق. كېمە غەرق بولغىلى تۇردى. مەن ۋە مېنىڭ بىر خىزمەتكارىم، يەنە دەريادىن غۇلاچ ئېتىپ ئۈزۈپ چىقتۇق. باشقىلار ھالاك بولدى. شۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن ئاتامغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئاتام نامىدىن كۆپلەپ دۇئا، سەدىقە خەيرىيەت قىلدىم. شۇنى چۈشەندىمكى، ئاتام مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتكەنىكەن.

بەس، كېرەك بولىدىغان ھەر تۈرلۈك پەزىل ۋە ھۈنەرنى پەرزەنتىڭگە ئۆگەتكەيسەن، تا ئاتىلىق شەپقىتى ۋە شەرتىنى ئادا قىلغۇچى بولغايسەن. كىشى ئۆز بېشىغا نېمە ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، پەزىل ۋە ھۈنەر كىشىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە چوقۇم ئەسقاتقۇسىدۇر.

دېمەك، پەرزەنتىڭگە ھۈنەر ۋە پەزىل ئۆگىتىشتە پىخسىقلىق قىلمىغىن ۋە ھەر ئىلىمنى ئۆگەتكۈچى ئۇستازلار تەلىم ئۈچۈن بالاڭنى ئۇرسا، سەن شەپقەت كۆرسەتكىن، مەيلى ئۇرسا ئۇرسۇن، كىچىك بالا ئىلىم ۋە ئەدەپنى تاياق بىلەن ئۆگىنىدۇر ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆگەنمەس. ئەمما پەرزەنت بىئەدەپ بولسا ۋە سېنىڭ شۇ سەۋەبتىن ئاچچىقىڭ كەلسە، ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇرمىغىن، مۇئەللىملەرنىڭ تايىقى بىلەن قورقۇتقىن. بالىلارغا مۇئەللىملەر ئەدەپ بېرىشسۇن، تاكى سەندىن ئوغلۇڭنىڭ كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك قالمىسۇن. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆزۈڭنى ھەيۋەتلىك كۆرسەتكىن، تاكى سېنى خار كۆرمىسۇن ۋە ھەمىشە سەندىن تەپ تارتىپ يۈرسۇن. ئۇ بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلسا، قۇدرىتىڭنىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭدىن ئايىمىغىن، ئۇ كېيىن تەڭگە ھەۋىسى بىلەن سېنىڭ ئۆلۈمۈڭنى تىلىمىسۇن.

پەرزەنتكە ئەدەپ، ھۈنەر ئۆگىتىشنى مىراس دەپ بىلگىن.

ئەگەر سەن ئۇنىڭغا خاھ ئەدەپ ئۆگەتكىن، خاھ ئۆگەتمىگىن تۇرمۇش مۇشەققەتلىرىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا ئۆگىتىدۇ. شۇڭا كونىلار: پەرزەنتنى ئاتا-ئانا تەربىيەلىمىسە، كېچە بىلەن كۈندۈز تەربىيەلەيدۇ، دېيىشكەن.

ئاتىلىق شەرتىنى بەجا كەلتۈرگىنىكى، پەرزەنتىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن كۈندىن باشلاپلا تىرىكلىك قىلسۇن، يەنى ھەربىر ئادەم ۋۇجۇدقا كېلىۋر ۋە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خۇلقى ۋە تەبىئىتى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىۋر، ئەمما ئۇ ئاجىزلىق ۋە قۇۋۋەتسىزلىكتىن ئۇنى نامايان قىلالمىغۇسىدۇر. چوڭ بولغانسېرى جىسمى ۋە روھى قۇۋۋەت تاپۇر ۋە ھەممە پېئىل - ئېتىبارى تەرەققىي قىلۇر، بويىغا يەتكەندىن كېيىن تامامى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئاشكارا قىلۇر. لېكىن سەن ئەدەپ، ھۈنەر ۋە ئاقىللىقنى پەرزەنتىڭگە ئۆزۈڭدىن مىراس قالدۇرغىن، تاكى ئۇنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرگۈچى بولغايسەن. چۈنكى، خاس كىشىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئەدەپ ۋە ھۈنەردىن ياخشىراق مىراسى يوقتۇر، شۇنداقلا خالايىقنىڭ پەرزەنتلىرىگە سودا ۋە كەسىپتىن ياخشىراق مىراسى يوقتۇر. كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولۇش يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىگە نامۇناسىپ كۆرۈنۇر. ئەمما كەسىپ ئەمەلىيەتتە ھەممە ھۈنەرلەرنىڭ ئۇلۇغىدۇر. ئەگەر خاس ئادەملەرنىڭ پەرزەنتى يۈز ھۈنەر بىلسىمۇ، ھېچقانداق كەسىپنى قىلمىسا، ئەيىب ئەمەستۇر. ھۈنەر بولسا بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى ئىشقا يارىغۇسىدۇر.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، كۇشتاسىب مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن

كېيىن رۇم مەملىكىتىگە ـ قۇستەنتەنىيە (ئىستانبۇل) گە كەلدى. قولىدا دۇنيالىقتىن ھېچ نەرسە يوق ئىدى. باشقىلاردىن بىر نېمە تىلەشنى نومۇس بىلدى. كىچىكىدە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۆمۈرچىلەر ئىشلەيتتى. ئۇ تۆمۈرچىلەرنىڭ ھۈنىرىگە قىزىقىپ، بەزى قائىدە ـ قانۇنلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالغانىدى. يەنى تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنىڭ بەزى تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. رۇمغا چۈشكەن كۈنى ھېچ ئامال قىلالماي تۆمۈرچىلەر دۇكىنىغا باردى ۋە مەن بۇ ھۈنەرنى بىلىمەن، دېدى.

تۆمۈرچىلەر ئۇنى ياللىۋالدى، يەنى ئىشقا قويدى، ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە رۇمدا مۇشۇ ھۈنەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى. ھېچ كىشىگە ئېھتىياجى چۈشمىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى ئۆز ۋەتىنىگە يېنىپ كەلدى ۋە: «ئۇلۇغلاردىن ھېچ كىشى پەرزەنتىگە ھۈنەر ئۆگىتىشنى ئەيىب كۆرمىسۇن، بىر كۈنى كارغا كېلىدىكەن» دەپ پەرمان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۈنەر ئۆگىنىش ئەجەمدە قائىدە بولۇپ قالدى. ھۈنىرى يوق، يەنە ھۈنەر ئۆگەنمىگەن بىرمۇ مۇجىزادە يوق ئىدى. ھاجىتى چۈشمىسىمۇ ئۆگىنەتتى.

بەس، ئەي پەرزەنت، پەرزەنتىڭگە نېمە ئۆگىتەلىسەڭ ئۆگەتكىن، ئۇنىڭ پايدىسى ساڭىمۇ يېتۇر. ئەمما پەرزەنتىڭ بالاغەتكە يەتكەن بولسا قاراپ باق، ئۇنىڭ ئائىلە باشلىقى بولۇشقا، خوتۇن ئېلىش ۋە روزىغار ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا سالاھىيىتى بولسا، سەن ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرگىن، تاكى بوينۇڭدىكى ھەققىنى ئادا قىلغان بولغايسەن. ئەگەر ئوغلۇڭنى ئۆيلەپ ۋە قىزىڭنى تاللىق قىلماقچى بولساڭ،

زىنھار ئۆز قېرىنداشلىرىڭ بىلەن ئېلىشىپ ـ بېرىشمىگىن. ياتلاردىن خوتۇن ئالغىن، چۈنكى، ئۆز قېرىنداشلىرىڭدىن ئالمىساڭمۇ، ئۇلار سېنىڭ بىلەن گۆش بىلەن قاندەك يېقىن ئۆتىدۇ. باشقا جەمەتتىنكىلەردىن خوتۇن ئالغىن. بۇنىڭ بىلەن بىر جەمەتنى ئىككى جەمەت قىلغان بولىسەن، ياتلارنى ئۆزۈڭگە قېرىنداش قىلغايسەن، تاكى بىر قۇۋۋىتىڭ ئىككى بولغاي، ئىككى تەرەپتىن مەدىتىڭ ۋە كۆمىكىڭ كۆپەيگەي.

ئەگەر ئوغلۇڭدا ئائىلە بېشى بولۇش ۋە خوتۇن ئېلىشقا مەيلى بولمىسا، بىر مۇسۇلماننىڭ قىزىنى بالاغا قويمىغىنكى، بۇنداق قىلساڭ، ئىككىلىسى بىر-بىرىدىن بىزار بولۇشۇر. قىز ۋە يىگىتنى ئۆز ھالىغا قويغىن، چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزى قانداق قىلىشنى خالىسا شۇنداق قىلسۇن.

ئەگەر قىزىڭ بولسا، ئۇنى مەستۇرە تەربىيەچىلەرگە تاپشۇرغىن، تاكى ياخشى پەرۋىش قىلىشسۇن ۋە چوڭ بولغاندىن كېيىن مۇئەللىمگە تاپشۇرغىن... بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئامال قىلىپ ئەرگە بەرگىن، ئۇنىڭغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسەتكىن، چۈنكى، قىز ئاتىنىڭ ئەسىرى بولۇر. ئوغۇل ئاتىسىز بولسىمۇ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ ۋە ئۆزىنى مەئىشەتلىك تۇتالايدۇ. قىز بولسا ئاجىز ۋە بىچارە بولۇر. قانداق نەرسەڭ بولسا ئالدى بىلەن قىزىڭغا بەرگىن ۋە ئۇنىڭ كەم نەرسىلىرىنى تولۇقلاپ بەرگىن. تېزرەك ئۇنى بىر كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغىن، تاكى ئۇنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغايسەن. ئەگەر قىزىڭ ئەرگە تەگمىگەن بولسا، ئۆيلەنمىگەن يىگىتكە تاپشۇرغىن، تاكى ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىسۇن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە ئەرەب لەشكەرلىرى مەلىكە شەھرىبانۇنى ئەسىر قىلىپ ئەجەمدىن ئەرەبكە ئېلىپ كېلىشتى. ھەزرىتى ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى (مەلىكىنى) سېتىۋېتىشكە بۇيرىدى. ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئەلى كەرىمۇللاھۇ «پادىشاھلارنىڭ بالىۋاقىسىنى سېتىش دۇرۇس ئەمەستۇر» دېگەن ھەدىسنى ئېيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىشىتىپ شەھرىبانۇنى سېتىشتىن توختىدى. ئەمما ئۇنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ، سەلمان فارسىينىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا كۆيەۋ كۆيۇ ئوغۇل تاپماقچى بولۇشتى. شەھرىبانۇ: «مېنى ئالىدىغان كىشىنى كۆرمىگۈچە ئۆزۈمگە قوبۇل كۆرمەيمەن. مېنى بىر پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئاندىن ئەرەبنىڭ ئۇلۇغلىرىنى مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈڭلار، قايسىسى كۆڭلۈمگە ياقسا، شۇنى قوبۇل قىلىمەن» دېدى. سەلمان فارسىي شەھرىبانۇنى ئۆيىدە ئېگىز بىر يەردە پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزدى. ھەزرىتى سەلمان فارسىي پەردىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆتكەن ئۇلۇغلارنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ بىلەن بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ تۇردى. شەھرىبانۇ ئۇلارغا ئۆزرە ئېيتاتتى. تا ھەزرىتى ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى. شەھرىبانۇ سورىدى:

ــ بۇ كىمدۇر؟

سالمان ئېيتتى:

ــ ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەزرىتى ئۆمەردۇر، ئۇلۇغ كىشىدۇر.

شەھرىبانۇ ئېيتتى:

— راست ئېيتتىڭىز، ئۇ ناھايىتى ئۇلۇغ كىشىدۇر، ئەمما قېرى ئىكەن.

ئاندىن ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھرىبانۇ سورىدى:

— بۇ كىمدۇر؟

سەلمان ئېيتتى:

— ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەزرىتى ئەلىدۇر. ئۇ خۇدانىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)نىڭ نەۋرە ئىنىسىدۇر.

شەھرىبانۇ ئېيتتى:

— ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ ۋە ماڭا لايىق كىشى ئىكەن. لېكىن قىيامەت كۈنى فاتىمەئى زۆھرە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇشتىن قورقىمەن.

ئاندىن كېيىن ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھرىبانۇ سورىدى:

— بۇ كىمدۇر؟

سەلمان ئېيتتى:

— بۇ ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەسەندۇرلار.

شەھرىبانۇ ئېيتتى:

— ماڭا لايىق كىشى ئىكەن، لېكىن كۆپ نىكاھلىق دەپ ئاڭلىغانىدىم.

ئاندىن ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھربانۇ ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە:
— ئۆزۈمنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى.
ئەي پەرزەنت، خۇشخۇي كۈيۈ ئوغۇل تەلەپ قىل ۋە قىزىڭنى سەت ئادەمگە بەرمىگىن، چۈنكى، قىزنىڭ سەت يىگىتكە كۆڭۈل قويمىغىنى ياخشى، بولمىسا ساڭا ۋە كۈيۈ ئوغۇلغا بەتناملىق ھاسىل بولغۇسىدۇر. كۈيۈ ئوغۇلنىڭ يۈزى، سۆزى پاك بولسۇن، ئۇ نومۇسلۇق ۋە يېقىشلىق بولۇشى كېرەكتۇر، ئەمما كۈيۈ ئوغۇل نېمەت ۋە ھەشەمەتتە سەندىن تۆۋەنرەك بولسۇن، ئۇ سېنىڭ بىلەن پەخىرلەنسۇن، ئەمما سەن ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنمىگىن، تاكى قىزىڭ ئىززەت ۋە راھەت بىلەن ئۆي تۇتسۇن. بۇنداق بولغاندىن كېيىن كۈيۈ ئوغۇلدىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلمىغىن.
قىزىڭنى كېنىزەكتەك ساتمىغىن، تاكى ئۇنىڭ ئۆزى مۇرۇۋۋەت ۋە ئار ـ نومۇس قائىدىسىنى قولدىن بەرمىسۇن. سەن ھەر نەرسىنى قوبۇل قىلىپ، قىزىڭنى كۈيۈ ئوغۇلنىڭ قولىغا مەھكەم تۇتقۇزغىن ۋە شۇنىڭ بىلەن قىزىڭنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغىن.

يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## دوست تۇتۇش بابىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، كىشى تىرىك بولسىلا دوستسىز بولمىغۇسىدۇر. كىشىنىڭ دوستسىز بولغىنىدىن بۇرادەرسىز (قېرىنداشسىز) بولغىنى ياخشىراقتۇر. بىر ھېكىمدىن: «دوست ياخشىمۇ، بۇرادەرمۇ؟» دەپ سوراشتى، ھېكىم: «دوست بولسا ياخشىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

دېمەك، دوستىنىڭ ئىشى ھەققىدە ئويلىغىن، ئۇلارغا ھەدىيەلەر بېرىش، مۇرۇۋۋەت قىلىش بىلەن دوستلۇق قائىدىسىنى مەھكەم قىلغىن. چۈنكى، ھەر كىشى دوستلارنى ياد ئېتىپ تۇرمىسا، دوستلارمۇ ياد ئېتىپ تۇرمىغۇسىدۇر ۋە ئۇ كىشى ھەمىشە دوستسىز قالغۇسىدۇر.

ھەر ۋاقىت دوست تۇتۇشنى ئادەت قىلغىن، چۈنكى، ھەر كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولسا، ئەيىبلىرى شۇنچە سىر تۇتۇلۇر ۋە پەزىلىتى كۆپىيۇر. لېكىن، ھەر ۋاقىت يېڭى دوست تاپساڭ، كونا دوستلارنى تاشلىمىغىن ۋە ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈمىگىن، تاكى ھەمىشە دوستۇڭ كۆپ بولسۇن، ياخشى دوست كىشىگە ئۇلۇغ نېمەتتۇر. ئادەملەر ھەققىدە ئويلاپ كۆرگىنكى، ئۇلار سەن بىلەن دوستلۇق يولىغا كىرىشىدۇ، ئەمما يېرىم دوست بولۇشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

شۇلار بىلەن ساز مۇناسىۋەتتە بول ۋە ئۇلار بىلەن ھەر تۈرلۈك ياخشى ۋە ياماندا ھەمكار بولغىن، تاكى ئۇلار سەندىن كۆپ ياخشىلىقلارنى كۆرسە، ئاستا ـ ئاستا سەن بىلەن يەكدىل دوستقا بولۇشىدۇ. بىركۈنى ئىسكەندەردىن سوراشتىكى: «شۇنچە ئاز سەرمايە بىلەن بۇنچە كۆپ مەملىكەتنى قانداق خىسلەت بىلەن قولغا كىرگۈزدۈڭ؟» ئىسكەندەر جاۋاب بەردىكى: «رەھىمدىللىك بىلەن دۈشمەنلەرنى قولغا كىرگۈزدۈم ۋە ئەھدىلىشىش يولى بىلەن دوستلارنى يولغا سالدىم. بۇ جەھەتتىن شۇنچە كۆپ مەملىكەتنى قولغا ئالدىم.»

يەنە بىلگىنكى، دوستلارنىڭ دوستلىرىمۇ سىنىڭ دوستۇڭدۇر. ئېھتىمال، ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئادەمگە بولغان دوستلۇقى سىنىڭ دوستلۇقۇڭدىن كۆپرەكتۇر. ئەگەر دوستۇڭ سىنىڭ دۈشمىنىڭنى ياخشى كۆرسە، بۇنداق دوستتىن ئېھتىيات قىل، چۈنكى، بۇنداق دوست دۈشمەن تەرىپىدىن ساڭا يامانلىق قىلىشتىنمۇ يانمىغاي. سىنىڭ دوستۇڭغا دۈشمەن بولغان دوستتىنمۇ پەرھىز قىلغىن.

ھەربىر دوست، ھېچبىر سەۋەبسىز سەندىن كۆڭلى ئاغرىغان بولسا، ئۇنىڭ دوستلۇقىدىن تاما قىلمىغىن ۋە جاھاندا ئۇنىڭدىن ئەيىبلىكرەك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق بىرى بولمىغاي.

بىلگىنكى، جاھاندا ئەيىبسىز ئادەم بولماس، ئەمما سەن سالاھىيەتلىك، مۇرۇۋۋەتلىك بول، چۈنكى، بۇنداقلارنىڭ ئەيىبى ئاز بولۇر. مۇرۇۋۋەتسىز، پەزىلەتسىز كىشىنى دوست تۇتمىغىنكى، بۇنداق كىشىنىڭ خاسىيىتى بولماس ۋە ئۇلارنى نان دوستلىرى قاتارىدا كۆرگىن، چۈنكى، ئۇلار نان دوستىدۇر، ئار

ۋە نومۇس دوستى ئەمەستۇر.

ياخشى ـ يامان ئادەمنى بىلگىن ۋە ئىككىلىسىگە دوستلۇق ئاتا قىلغىن. ياخشىلارغا كۆڭۈل بىلەن ۋە يامانلارغا تىل بىلەن دوستلۇق ئاتا قىلغىن، تاكى ئىككى تائىپىنىڭ دوستلۇقى ساڭا نىسبەتەن ھاسىل بولسۇن، چۈنكى، كىشىنىڭ ھاجىتى بىرلا دوستقا چۈشمىگۈسىدۇر. بەزى چاغلاردا، كىشىنىڭ ھاجىتى زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن يامانلارغىمۇ چۈشكۈسىدۇر. دېمەك، بۇ ئىككى تائىپىنىڭلا دوستلۇقىنى ھاسىل قىلغىن.

ئەقىلسىز ئادەملەر بىلەن ھەرگىز دوست بولمىغىن. ئەقىلسىز دوست ئەقىللىك دۈشمەندىن يامانراقتۇر، چۈنكى، ئەقىلسىز دوست شۇنداق يامان ئىش قىلۇركى، ئەقىللىك دۈشمەن ئۇنى قىلالماس. مۇرۇۋۋەتلىك، ئىلىملىك ۋە ۋاپالىق كىشىلەرنى دوست تۇتقىنكى، تا سەنمۇ ئاشۇ پەزىلەتلەر بىلەن يەنىمۇ مەشھۇر بولغايسەن. مۇرۇۋۋەتسىز، مېھىر ـ شەپقەتسىز، ھۈنەرسىز (ئىلىمسىز) كىشىلەر بىلەن ئولتۇرمىغىن. ھۈنەرسىز كىشى بىلەن ئولتۇرغاندىن تەنھالىق ياخشىراقتۇر. دوستلارنىڭ ھەققىنى ھەرگىز زايە قىلمىغىن، تا ساڭا مالامەت قىلىنمىسۇن.

ئادەملەر ئىككى خىل بولۇر: بىرى، دوستلارنىڭ ھەققىنى زايە قىلغۇچى ۋە يەنە بىرى، ياخشىلىقنى ئېنىق بىلگۈچى. بىلگىنكى، دوستلۇققا لايىق ئادەمنى ئىككى نەرسىدىن بىلسە بولۇر: بىرى شۇكى، دوستىغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ھەر ۋاقىت قۇدرىتى يەتكۈچە مېلىنى دوستىدىن ئاياپ ئولتۇرماس ۋە دوستى قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغدا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەس؛ يەنە بىرى

شۇكى، دوستى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ دوستىنىڭ پەرزەنتلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى ۋە دوستلىرىنى ئىزدەپ تۇرغاي، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغاي. پات ـ پات دوستىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلغىلى بارغاي ۋە ھەسرەت چېكىپ دۇئالار قىلغاي.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە سوقرات ھېكىمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭغا «بۇتپەرەس بول!» دەپ كۆپ ئېيتىشتى.

ئۇ دېدى:

— بۇنداق سۆزنى ئېيتىشتىن تىلىڭلارنى تارتىڭلاركى، مەن ھەرگىز ئۇ ئىشنى قىلماسمەن!

ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ ماڭغاندا، شاگىرتلىرىدىن بىر توپى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يىغلاپ، زارلىنىپ تۇرۇپ سوراشتى:

— ئەي ھېكىم، ئەمدى ئۆلۈمگە كېتىۋاتىسەن، ئېيتقىن، سېنى قايسى يەرگە دەپنە قىلىمىز؟

سوقرات تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— قايسى جاينى كۆڭلۈڭلار تارتسا، شۇ جايغا دەپنە قىلىڭلار، يەنى مېنىڭ جەسىتىم قەيەردە بولسا سۆڭەكلىرىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغاي، پەقەت مېنى ياد ئېتىپ تۇرساڭلارلا بولدى!

ئەي پەرزەنت، ئادەملەر بىلەن دوستلۇقۇڭ ئوتتۇرىچە بولسۇن. دوستۇم كۆپ دەپ ھەممىسىگە ئۈمىد بىلەن كۆڭۈل باغلىمىغىن، ئالدى ـ كەينىڭگە قارىغىن. دوستلىرىڭنىڭ ئېتىقادىدىن غاپىل بولمىغىن. سېنىڭ مىڭ دوستۇڭ بولسا،

ئەمەلىيەتتە ھەممىسىگە سەندىن دوستانىراق كىشى بولمىغاي. دوستلۇقنى پاراغەتلىكتە ۋە تەڭقىسلىقتا سىنىمىغىن، يەنى پاراغەتلىكتە يېمەك ۋە تائام بىلەن، تەڭقىسلىقتا زىيان بىلەن سىنىغىن.

ھەربىر دوست سېنىڭ دۈشمىنىڭنى دۈشمەن دېمىسە، ئۇنى دوست دېمىگىن.

ئەگەر قاششاق بولساڭ، مال ـ مۈلكى كۆپ دوست تەلەپ قىلمىغىن، چۈنكى، قاششاقنى ھېچ كىشى دوست تۇتمىغۇسىدۇر، خۇسۇسەن بۇنداقلارنى مال ـ مۈلكى كۆپلەر يامان كۆرگۈسىسىدۇر. ئۆزۈڭگە لايىق دوست ئىزدىگىن. ئەگەر سەن باي بولساڭ ۋە قاششاق دوست تۇتساڭ بۇ راۋادۇر. ئەمما خەلقنىڭ دوستلۇقىغا كۆڭلۈڭنى راۋان تۇتقىن، تاكى بارلىق ئىشلىرىڭ توغرا بولغاي.

ئەگەر دوستۇڭنىڭ كۆڭلى سەۋەبسىزلا سەندىن قالسا، ئۇنى يېنىڭغا قايتۇرۇپ كېلىشكە كۈچەپ كەتمىگىن، چۈنكى، تاماگەر دوستتىن يىراق تۇرغىن، ئۇنىڭ دوستلۇقى ھەقىقىي ئەمەستۇر، بەلكى تاما ئۈچۈندۇر. ھەسەتخور كىشى بىلەن ھەرگىز دوست بولمىغىن، ھەسەتخور كىشى دوستلۇققا لايىق ئەمەستۇر، چۈنكى، ھەسەتخورنىڭ ھەسىتى ھەرگىز كەتمىگۈسىدۇر ۋە ھەمىشە ئازار يېگەن ۋە ئاداۋەتتە بولغۇسىدۇر.

ئەي پەرزەنت، سەن چىن دوست تۇتۇش ھەققىدە ئاگاھ بولدۇڭ، ئەمدى دۈشمەننىڭ ھالىدىنمۇ ئاگاھ بولغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىش بايانىدا

ئەي ئوغۇل، ئىجتىھات قىلىپ ھېچ كىشىنى ھەرگىز ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلمىغىن. ئەگەر بىر كىشى ساڭا دۈشمەن بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن قورقۇپ كەتمىگىن، لېكىن ئۇنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىدىن ھەرگىز غاپىل بولمىغىن ۋە ھەمىشە ئۇنىڭ تەدبىرىدە بولغىن. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ھىيلىسىدىن خەۋەردار بولغىن. ھەمىشە دۈشمىنىڭنىڭ ھالىنى ۋە پىكىر-خىيالىنى بىلىش كويىدا يۈرگىن، تا بىر بالا ۋە ئاپەتكە گىرىپتار بولمىغايسەن. ئىشىڭ راۋاج تاپمىسا، قۇۋۋىتىڭ بولمىسا، دۈشمەنگە دۈشمەنلىك قىلمىغىن. ئۆزۈڭنى دۈشمەنگە ئۆلۈغ كۆرسەتكىن. ئەگەر ئاجىز بولساڭمۇ غەيرەت قىل، ئۆزۈڭنى ئاجىز كۆرسەتمىگىن.

دۈشمىنىڭنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە كۆڭۈل قويمىغىن. ئەگەر دۈشمەن ھەرقانچە ياخشىلىق كۆرسەتسە، ئۇنىڭدىن بىگۇمان بولمىغىن. كۈچلۈك دۈشمەندىن ھەمىشە ھوشيار ۋە ئېھتىياتلىق بولغىنىكى، قەدىمكىلەر دېگەندەك، ئىككى كىشىدىن قورقۇش كېرەكتۇر: بىرى، كۈچلۈك دۈشمەن ۋە يەنە بىرى، ئالدامچى دوست. كىچىك دۈشمەننى ئاز كۈچ ۋە خار دەپ ئويلىمىغىن. ئۇنىڭغا چوڭ دۈشمەندىن كۆپرەك دۈشمەنلىك قىل ۋە ئۇنى

كىچىك، ئاجىز دەپ بىلمىگىن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، خۇراساندا مەشھۇر ۋە سېخىي، تولىمۇ دانا بىر كىشى بار ئىدى. ئىسمى مۇخەللاب ئىدى. بىركۈنى ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا قوغۇن شاپىقىغا تېيىلىپ يىقىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شاپاقنى پىچاقى بىلەن پارە - پارە قىلدى. خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭدىن:

— ئەي غوجا، شۇنچە ئۇلۇغلۇقۇڭ ۋە دانالىقىڭ بىلەن خىجالەت بولماستىن، بىر پارچە شاپاققا بۇ قاتارلىق ئاچچىق قىلغىنىڭ نېمىسى؟ — دېيىشتى.

مۇھەزىب دېدىكى:

— بۇ شاپاق مېنى يىقىتتى، شۇڭا ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر. دۈشمەننى تۆۋەن كۆرگىلى بولماس، ناۋادا كىچىك بولسىمۇ، ھەر قانداق كىشى دۈشمەننى ئاجىز چاغلاپ كۆزگە ئىلمىسا، پات پۇرسەتتە دۈشمەن شۇ كىشىنى خار قىلىدۇ.

دېمەك، دۈشمەن ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى كىچىك ۋە ھەقىر بىلمىگىنكى، ھەركىم دۈشمەننى كىچىك دەپ نەزەرگە ئالمىسا، ئۆزى تېزرەك ھالاك بولۇر.

بەس، دۈشمەن سېنى ھالاك قىلمىسۇن، بەلكى سەن ئۇنىڭ ھالاكىتى تەدبىرىدە بولغىن. ئەمما دۈشمەنگە غالىب بولساڭ، پەخىرلىنىپ ھەممىشە ئاجىزلىقىنى خەلققە ئاشكار قىلما ۋە «شۇنداق غالىبلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاجىزلىقىغا ھۇجۇم قىلدىم» دېمىگىن. ئەگەر ئۇ سېنىڭدىن غالىب بولسا، چوڭ ئار-نومۇستۇركى، بىر ئاجىز دۈشمەنگە مەغلۇپ بولغان بولىسەن. ئەگەر دۈشمەن بىر كىچىك پادىشاھ بولسا، ئەگەر بىر

ئۇلۇغ پادىشاھ ئۈستىدىن غالىب كەلسە، شائىرلار ئۇنىڭ نامىغا زەپەرنامىلەر ئېيتىشىدۇ، كاتىپلار پەتىھنامىلەر يېزىشىدۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇغ پادىشاھتىن ئاشۇرۇپ تەرىپلىشىدۇ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى، پىيادە ۋە ئاتلىقلىرىنى شىردىن، ئەجدىھادىن زىيادىرەك بىلىشىدۇ، شانۇشەۋكەت ۋە پەۋقۇلئاددە ھادىسىلەرنى مەدھىيەلەشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىدۇ، چۈنكى، ئەگەر ئۇ مەغلۇپ بولغان ئۇلۇغ پادىشاھنى ئاجىزلىق بىلەن تەرىپلەشسە، زەپەر قۇچقان كىچىك پادىشاھقا ھېچقانداق ئىپتىخار ۋە نامدارلىق بولمىغۇسىدۇر.

ھېكايەت:

بىر چاغدا رەي شەھىرىگە بىر مەزلۇم (ئايال) پادىشاھ ئىدى. ئۇنى سەييىدە دەپ ئاتايتتى. ئەسلىدە پادىشاھ فەخرىد دەۋلە ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئىسمى مەجىد دەۋلە ئىدى. شاھزادە كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا پەقەت پادىشاھلىق نامىلا بېرىلگەنىدى. پادىشاھلىقنى بولسا، ئانىسى قىلاتتى. ۋاقتىكى، مەجىد - دەۋلە چوڭ بولدى. ئەمما ناقابىل (قابىلىيەتسىز) ئىدى. پادىشاھلىققا لاياقىتى يوق ئىدى. مەزلۇم خەلقتەك ئۆيدىن چىقماي، كېنىزەكلەر بىلەن خىلۋەتتە تاماشا بىلەن بولاتتى. ئانىسى سەييىدە رەي، قەھىستان ۋە ئىسپىھاندا ئوتتۇز يىلدىن كۆپرەك پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، يۇرت سوراپ پادىشاھلىق قىلدى.

ئەي پەرزەنت، بۇنى دېيىشتىكى مەقسىتىم شۇكى، سېنىڭ بوۋاڭ سۇلتان مەھمۇد غازىي بىر چاغدا ئۇ خوتۇننىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ دېدىكى: «مېنىڭ نامىمغا خۇتبە ئوقۇت، مۆھۈرۈمنى ئىشلەت، ماڭا سېلىق - خىراجەت تاپشۇر، بولمىسا

لەشكەر تارتىمەن» دەپ ھېسابسىز سىياسەت قىلدى. ئەمما سەييىدە كەلگەن ئەلچىنى چاقىرتىپ دېدىكى:

— سۇلتان مەھمۇدقا ئېيتقىن، مېنىڭ ئېرىم فەخرىد دەۋلە ھاياتى ۋاقتىدا سېنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشىڭدىن ۋە رەي شەھىرىنى ئېلىش قەستىدە بولىدىغانلىقىڭدىن ئەندىشە قىلاتتۇق، ۋاھالەنكى، فەخرىد دەۋلە ئالەمدىن ئۆتتى. پادىشاھلىق ئىشى ماڭا قالدى. شۇڭا بۇنداق ئەندىشىلەر كۆڭلۈمدىن ئۆچتى. يەنە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سۇلتان مەھمۇد ئاقىل پادىشاھتۇر. بىر خوتۇن كىشى بىلەن جەڭ قىلماق — يۇرت تالاشماق ئۈچۈن لەشكەر تارتماق شۇنداق ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ نام - شەرىپىگە لايىق ئەمەستۇر. ناۋادا كەلسەڭ، خۇدايىتائالا مەدەت قىلغاي! مەن قاچماسمەن، جەڭگە تەييار تۇرۇۋېتىمەن، چۇنكى ئۇرۇش ئىككى ئىشتىن خالىي بولمايدۇ. شەكسىز ئىككى لەشكەر (قوشۇن) نىڭ بىرى مەغلۇپ بولىدۇ. ئەگەر كۇتۇلمىگەندە سېنىڭ لەشكىرىڭ مەغلۇپ بولسا، ئەتراپ - ئالەمگە: سۇلتاننى مەغلۇپ قىلدىم. ئۇ يۈز مىڭ پادىشاھنى مەغلۇپ قىلغانىدى، دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتىمەن. ناۋادا مېنىڭ لەشكىرىم مەغلۇپ بولسا، بىر خوتۇننى مەغلۇپ قىلدىم، دەپ پەخىرلەنسەڭ ئەرزىمەيدۇ.

سۇلتان مەھمۇد ئۇشبۇ سۆز بىلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە لەشكەر تارتمىدى. رەينى ئىگىلىۋېلىش قەستىدىمۇ بولمىدى.

دېمەك، ئەي پەرزەنت، ھەرقانداق دۇشمەننى كىچىك چاغلىمىغىن ۋە ئۇنىڭ ھالىدىن غاپىل بولمىغىن. خۇسۇسەن، ئۆيدىكى دۇشمەندىن كۆپرەك قورققىنكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىنى يات دۇشمەن قىلالمىغاي. ئۇ سەندىن خىجالەت بولغاندىن كېيىن

كۆڭلىنى ھەرگىز سېنىڭ پىكرىڭدىن خالىي قىلماس. سېنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىڭنى بىلۇر، يات دۈشمەن بولسا يۈزىنى بىلمەس. بەس، ھېچقانداق دۈشمەنگە يەكدىل، ھەقىقىي دوستلۇق قىلمىغىن ۋە لېكىن مەجازى دوستلۇق قىلغىن. ئېھتىمال بۇنداق دوستلۇق ھەقىقەتكە ئايلانغاي، چۈنكى، كۆپ دوستلۇقنىڭ ئاخىرى دۈشمەنلىككە ۋە كۆپ دۈشمەنلىكنىڭ ئاخىرى دوستلۇققا ئايلىنۇر. ئاخىرقى دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك مەھكەم ۋە قاتتىقراق بولۇر. دۈشمەندىن كۆرە دوستنى جىقراق قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتكىن. لېكىن مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، ئىچىدىن بىرەرسىنى دۈشمەن قىلىۋالمىغىن، چۈنكى، مىڭ دوستۇڭ سېنى ھىمايە قىلالماس ۋە ئاشۇ بىر دۈشمەن ساڭا بەتخۇيلۇق بىلەن قاراشتىن بىر نەپەس غاپىل بولماس.

خالايىقنىڭ ئۆز قەدرىنى بىلمەسلىكىنى ئۆزۈڭگە نومۇس دەپ بىلگىنكى، ھەربىر كىشى ئۆز قەدرىنى بىلمىسە ئۆزىگە نۇقسان قىلۇر. دۈشمەن سەندىن كۈچلۈكرەك بولسا، ئۇنىڭ مىكرىدىن بىخەۋەر بولمىغىن. ئەگەر دۈشمەن ئامانلىق تىلىسە، گەرچە ئۇ يۈزسىز ۋە قاتتىق دۈشمەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن ۋە بۇنى ئۇلۇغ دۆلەت ۋە ياخشى غەنىيمەت قاتارىدا كۆرگىن. كونىلار ئېيتقانكى: دۈشمەننىڭ قاچقىنى ۋە ئامانلىق تىلىگىنى (ئۇنىڭ) ئۆلگىنى بىلەن باراۋەردۇر. لېكىن بىر دۈشمەن سېنىڭ ئىلكىڭدە ھالاك بولسا، ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىشىڭ راۋادۇر ۋە ئەگەر ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلسە، بۇنىڭغا خۇشال بولمىغىن. ئەگەر ئۆزۈڭنىڭ ئامان قالىدىغانلىقىڭنى ئېنىق بىلسەڭ، ئاندىن خۇشال بولغىن. ھېكىملەر دېگەنكى: ھەر كىشى دۈشمەندىن بىر

نەپەس بولسىمۇ كېيىن ئۆلسە، بۇ ئۆلۈمنى غەنىيمەت دەپ بىلىش كېرەكتۇر. ئەمما ھەممىمىز قاچان ئۆلىدىغانلىقىمىزنى بىلمىگەندىن كېيىن دۈشمەننىڭ ئۆلۈمىگە خۇشال بولساق، بۇ بىزگە مۇناسىپ ئەمەستۇر. ھەممىمىز سەپەر قىلۇرمىز ۋە ھېچقاچان ئۆزىمىز بىلەن بىللە ياخشىلىقتىن باشقا ئوزۇقنى ئېلىپ كېتەلمەسمىز.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دۇنيا كېزىپ جاھاننىڭ ھەممە مەملىكەتلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئاندىن ئۆز ئۆيىگە كەلمەكچى بولۇپ قايتىپ، دامغان ۋىلايىتىگە كەلگەندە، ئەجىلى يەتتى، ئۇ ۋەسىيەت قىلىپ دېدى: «مېنى بىر تاۋۇتقا سېلىڭلار ۋە تاۋۇتنىڭ ئىككى تەرىپىنى تېشىپ، ئۇ تۆشۈكتىن ئىككى قولۇمنى چىقىرىپ، ئالىقىنىمنى ئېچىپ قويۇڭلار، ئاندىن تاۋۇتنى كۆتۈرۈڭلار، تا ھەممە خالايىق كۆرسۇنكى، گەرچە پۈتكۈل جاھاندىكى مەملىكەتلەرنى ئالغان بولسامۇ، ئەمما ئاخىر قۇرۇق قول بىلەن جاھاندىن كېتىۋاتىمەن.»

ئىسكەندەر يەنە دېدىكى: «ئانامغا ۋەسىيىتىمنى يەتكۈزۈڭلار. ئەگەر روھىمنىڭ خۇشال بولۇشىنى كۆزلىسە، مەن ئۈچۈن ھېچ قايغۇرمىسۇن. ھەسرەت چەكمىسۇن. مۇبادا يىغلاپ - ھەسرەتلىنىپ قايغۇرىدىغان بولسا، خەلقنى يىغىپ ئىككى تۈرلۈك ئادەم تاپسۇن. ئۇنىڭ بىرى، ھېچقانداق سۆيۈملۈك كىشىسى ۋاپات بولمىغان بولسۇن؛ ئىككىنچى بىرى، ئۆلمەيدىغان ئادەم بولسۇن. ئەگەر مۇنداق كىشى تېپىلسا، ئانام خالىغىنىچە قايغۇرۇپ ھەسرەت چەكسۇن. مۇنداق ئادەملەر دۇنيادا بولمىسا كېرەك. دۇنيانىڭ ۋە دۇنيادىكى ھاياتنىڭ ئەھۋالى شۇنداق

ئىكەن، ئانام قايغۇرۇپ يىغلىمىسۇن.»

بەس، ئەي پەرزەنت، خاھى دوستلۇق بولسۇن ۋە خاھى دۈشمەنلىك بولسۇن، ھەممە ئىشنى ئەندىزە بويىچە چېكىدە قىلغىن، چۈنكى، ھەر ئىشنىڭ ھەددى ياخشى، بۇ ھەم ئاقىلنىڭ ئىشىدۇر. يامانلىق قىلغۇچىلارغا يامانلىق قىلغىنى، گەدەنكەشلەرگە گەدەنكەش بولغىن، نادان ۋە جاھىللارغا سەۋر قىلغىن. ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۇنى يۇتقىن ۋە دوست، دۈشمەن بىلەن سىلىق سۆزلەشكىن، ياخشى ۋە يامان سۆز ئېيتساڭ، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۆزدە تۇتقىن، ھەر سۆزنى خەلقنىڭ يۈزىگە ئېيتالمىساڭ، ئارقىدىنمۇ ئېيتما. باشقىلار سېنىڭ ئەيىبىڭنى ئاچالمىغاندەك، سەنمۇ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچمىغىن، ھەرگىز ئىككى يۈزلىمىچى بولمىغىن ۋە ئىككى يۈزلىمىچى ئادەمدىن يىراق قاچقىن. چېقىمچىدىن قاچقىن، چۈنكى، ئۇنىڭ بىر سائەتتە بۇزغان ئىشىنى بىر يىلدىمۇ تۈزىتىپ بولالمىغۇسىدۇر. ھەرقانچە ئۇلۇغ بولساڭمۇ سەندىن كىچىك كىشى بىلەن ئۇرۇشمىغىن. فىساغورۇس ھېكىم ئېيتقانكى، ئون خىسلەتنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلغىن، تا بالالاردىن قۇتۇلغايسەن: بىرى شۇكى، ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشى بىلەن ئۇرۇشمىغىن، بىر سۆزلۈك ئادەمنىڭ ئالدىدا سۆزۈڭدە چىڭ تۇرۇۋالمىغىن؛ ھەسەتخور ئادەم بىلەن مەجلىستە ئولتۇرمىغىن؛ نادان كىشى بىلەن مۇنازىرە قىلمىغىن؛ ئىككى يۈزلىمىچى ئادەم بىلەن دوست بولمىغىن؛ يالغانچى ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلمىغىن؛ بېخىل كىشى بىلەن سۆھبەتلەشمىگىن؛ غەيۇر، تەمكىن كىشى بىلەن شاراب ئىچمىگىن؛ خوتۇنلار بىلەن بىر يەردە كۆپ ئولتۇرمىغىن؛ كىشىگە سىرىڭنى ئېيتمىغىن، تاكى ئابرۇيۇڭ تۆكۈلمىسۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر بىر كىشى سىنىڭ ئەيىبىڭنى ئېيتسا، قەتئىي نىيەت بىلەن ئۇ ئەيىبنى ئۆزۈڭدىن يىراق قىلغىن؛ ھېچكىمنى شۇ مىقداردا تەربىيە قىلمىغىننىكى، بىر ۋاقىتى كېلىپ ئۇ كېيىنكىگە ئىگە بولالمايسەن ۋە ھېچ ئادەمنى ئۇ ساھەدە ئىگە قىلىپ قويمىغىننىكى، يەنە بىر ۋاقىت كەلسە، ئۇنى يەنە تەربىيىلىمەيسەن. ھەرقانداق كىشى ساڭا موھتاج بولسا، ئۇنى غەزەپلىنىپ قورقۇتمىغىن، چۈنكى، ھەر كىشى ساڭا ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلمىغان بولسا، سىنىڭ غەزەپ ۋە قەھرىڭدىن قورقۇپ قالمىغۇسىدۇر. ھەر كىشى ساڭا موھتاج بولسا، ئۇنى ئاجىز ھېسابلىمىغىن ۋە چوڭ گۇناھ قىلغان بولسىمۇ ئەپۇ قىلغىن ۋە ئۆزۈڭدىن كىچىكلەر بىلەن ئىناق ئۆتكىن، مېھرىبان بولغىن، چۈنكى، كىچىكلەر سىنىڭ ئېتىزلىقىڭدۇر ۋە سىنىڭ بارلىق ئىشىڭنى ئۇلار پۈتكۈزۈپ قويىدۇ. ئەگەر ئېتىز ۋەيران بولسا، ئۇ ئېنىقلا ھوسۇلسىز قالغۇسىدۇر.

بىر ئىشنى ئىككى كىشىگە بۇيرۇمىغىن. شۇنداق قىلساڭ بۇيرۇقۇڭ تۇسقۇنلۇققا ئۇچرىماي راۋان ماڭىدۇ. چۈنكى، كونىلار: «ئىككى كىشى شېرىك بولسا، قازان قاينىمىغۇسىدۇر» دېگەن.

ئەگەر بىر كىشى ساڭا ئىش بۇيرۇسا، ئۇ ئىشنى بىجىرىشتە ئۆزۈڭگە شېرىك تەلەپ قىلمىغىن، تاكى ئۇ ئىشتا پۈتلىكاشاڭ پەيدا بولمىغاي ۋە ئۇ ئىشتا ئابرۇيلۇق بولغايسەن. ئەمما دوست ۋە دۈشمەنلىرىڭ ئىشىدا ئالىيجاناب بولغىن. گۇناھى ئۈچۈن خەلقنى قاتتىق تۇتمىغىن ۋە باتىل ئۈچۈن خەلقنىڭ ئوقۇبىتىگە كۆڭۈل باغلىمىغىن. كەرەم بۇ لۇتۇف يولىنى تۇتقىن، تاكى بارلىق ياخشىغا ياخشى كۆرۈنگەيسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇزىنچى باب

## ئەپۇ قىلىش ۋە جازالاش بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ھەر نەرسە ئۇچۇن خەلقنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە مۇناسىپ دەپ بىلمىگىن. ئەگەر بىر كىشى گۇناھ قىلىپ ئۆزرە ئېيتسا، قوبۇل قىلغىن. چۇنكى، ئۇمۇ بىر ئادەم، گۇناھنى ھەممىدىن بۇرۇن ئادەم (ئەلەيھىسسالام) قىلغاندۇر.

قەھر بىلەن ئازاب ـ ئوقۇبەت قىلمىغىن، تاكى بىر بىگۇناھنى ئوقۇبەتكە سازاۋەر قىلمىغايسەن. ھەر نەرسە ئۇچۇن كىشىگە غەزەپ قىلمىغىن ۋە غەزەپ ۋاقتىدا قەھرنى يۇتۇشنى ئادەت قىل. بىر گۇناھ ئۇچۇن سەندىن ئەپۇ سورىسا ئەپۇ قىلىشنى ئۆزۈڭگە ۋاجىپ دەپ بىل. ئەگەر گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلماي، ئۇنىڭغا ئازاب ـ ئوقۇبەت قىلساڭ، سېنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىڭ قاچان مەلۇم بولغاي؟ ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كايىمىغىن ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەسلا يادىڭغا كەلتۈرمىگىن، بولمىسا گۇناھنى ئەپۇ قىلمىغان بولۇرسەن. ئەمما ئۆزۈڭ ئۆزرە سورىغۇدەك گۇناھ قىلمىغىن ۋە ئەگەر قىلساڭ ئۆزرە سوراشتىن نومۇس قىلمىغىن. ئەگەر بىر كىشى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە لايىق گۇناھ قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قارىغىن ۋە گۇناھىغا لايىق ئازاب ـ ئوقۇبەت بۇيرۇغىن. ئىنساب ئەھلى

دېگەنكى، ئازاب ـ ئوقۇبەتنى گۇناھقا لايىق قىلىش كېرەكتۇر. ئەمما مەن ئېيتىمەنكى، بىر كىشى گۇناھ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئازاب ـ ئوقۇبەت قىلىش جائىز بولۇپ قالغان بولسا، سەن ئۇنىڭ گۇناھىغا لايىق ئازاب ـ ئوقۇبەت قىلماقچى بولساڭ، رەھىمدىللىك، ئالىيجانابلىق ۋە سىلىق ـ سىپايىلىكنى قولدىن بەرمىگىن. بۇ چاغدا شۇنداق قىلغىنكى، بىر دەرھەم گۇناھىغا يېرىم دەرھەم ئازاب ـ ئوقۇبەت بۇيرۇغىن، تاكى بۇنىڭ بىلەن سىياسەت قائىدىسىنى بەجا كەلتۈرگەن بولغايسەن ۋە مۇرۇۋۋەت، كەرەم شەرتىنى بەجا كەلتۈرگەن بولغايسەن، شۇنداقلا كەرەملىكلەرگە ھەم سىياسەت ئەھلىگە لايىق بولغايسەن. چۈنكى، رەھىمدىل ئادەملەردە رەھىمسىز كىشىلەرنىڭ ئىشى پەيدا بولۇشى مۇناسىپ بولمىغان ئىشتۇر.

ھېكايەت:

ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ زامانلىرىدا بىر قوۋم گۇناھ سادىر قىلغانىدى. شەرىئەت بويىچە ئۇ قوۋمنى ئۆلتۈرمەك ۋاجىپ بولدى. مۇئاۋىيە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. بىرنەچچە گۇناھكار ئۆلتۈرۈلۈپ نۆۋەت بىرىگە يەتكەندە ئۇ كىشى، يەنى گۇناھكار:

— يا ئەمىر، بىزنى قانداق قىلساڭ گۇناھىمىز ئۈچۈن ھەق ۋە ئورۇنلۇقتۇر. ئەمما ياراتقۇچىسىنىڭ ھەققىدە بولسىمۇ بىر ئېغىز سۆز قىلىۋېلىشىم ئۈچۈن ئامانلىق بەرسەڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

مۇئاۋىيە ئىجازەت بېرىپ:

— سۆزۈڭنى ئېيتقىن، — دېدى.

گۇناھكار دېدىكى:

— ئەي ئەمىر، پۈتكۈل ئالەم خەلقى سېنى «ئالىيجاناب ۋە مېھىر ـ شەپقەت ئىگىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەگەر مۇشۇ گۇناھىمىزنى يەنە بىر زالىم پادىشاھنىڭ مەملىكىتىدە سادىر قىلغان بولساق، ئۇ بىزلەرنى نېمە قىلاردى؟

مۇئاۋىيە ئېيتتىكى:

— مەن قىلغاندەك قىلاردى، يەنى مەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندەك ھۆكۈم قىلاتتى.

ئۇ گۇناھكار ئېيتتىكى:

— سەن ئۇ بىرەھىم زالىمنىڭ قىلغىنىنى قىلساڭ، ئۇ ھالدا سېنىڭ ئالىيجانابلىقىڭنىڭ، مېھىر ـ شەپقىتىڭنىڭ پايدىسى نېمە؟

مۇئاۋىيە ئېيتتىكى:

— ئەگەر سەن ئېيتقان مۇشۇ سۆزنى ئىلگىرىكىلەر، يەنى ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئېيتقان بولسا ئىدى، ھەممىسىنى ئەپۇ قىلاردىم. ئەمدى بولسىمۇ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلدىم!

بەس، ئەي پەرزەنت، گۇناھكار ئەگەر ئەپۇ قىلىشنى تىلىسە، قوبۇل قىلغىن. ئەگەر ھەر كىشىنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشسە، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىققىن ۋە ئۇ ھاجەتمەننى ئۈمىدسىز قايتۇرمىغىن. ئەگەر ئۇ سېنى ياخشى ئادەم دەپ بىلمىسە ئىدى، سەندىن ياردەم سورىمىغان بولاتتى. ھاجەتمەن ھاجەت تىلەر ۋاقتىدا ساڭا ئەسىر بولغۇسىدۇر، ئەسىرلەرگە بولسا رەھىم قىلىش كېرەكتۇر، چۈنكى، ئەسىر بولۇش ئاسان ئەمەستۇر ۋە

ناھايىتى مۇشكۇل ئىشتۇر. بەس، مۇشۇ ئىشتا باھانە كۆرسەتمىگىن، تا ئىككى جاھاندا ياخشى نام قازانغايسەن.

ئەگەر سىنىڭ بىر كىشىگە ھاجىتىڭ چۈشسە، ئالدى بىلەن ئۇ كىشى سېخىيمۇ ياكى بېخىلمۇ، شۇنىڭغا قارىغىن. ئەگەر سېخىي بولسا ھاجىتىڭنى ئېيتقىن، ئەگەر بېخىل بولسا ئېيتمىغىن. ئەمما سېخىيدىن ھاجەت تىلىسەڭمۇ كۆپ سورىمىغىن، شۇنداق قىلساڭ سورىغىنىڭ جايىغا كەلگەي. ھاجىتىڭنى ئېيتىشتا كۆپ ئويلىغىن ۋە كۆپ مېھرىبانلىق بىلەن ھاجىتىڭنى ئېيتقىنىكى، ھاجەتنى ئېيتىشتىن مېھرىبانلىق كۆرسىتىش ھاجەتنى راۋا قىلىشتا ئۇلۇغ شاپائەتتۇر. چۈنكى، ئەگەر ھاجەت سوراش قائىدىسىنى بىلسەڭ، ھەرقانداق يەردىن ھاجىتىڭنى پۈتكۈزمەي تۇرۇپ قايتماسسەن. ھەر كىشىگە موھتاج بولساڭ، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ چاكىرى، بەندىسى دەپ بىلگىن...

يەنە ئىلگىرىكى ھاجىتىڭنىڭ قوبۇل بولۇشىغا شۈكۈر قىلىشىڭ كېيىنكى ھاجىتىڭنىڭ ئۈمىدىدۇر. ئەگەر ھەر كىشى ھاجىتىڭنى راۋا قىلمىسا، ئۆز بەختىڭدىن كۆرگىن ۋە ئۇ ئادەمگە ئۆچمەنلىك قىلمىغىن. سېنىڭ ئۆچمەنلىك قىلمىغىنىڭغا ئۇنىڭ پەرۋايى يوقتۇر، چۈنكى، ئۇنىڭ پەرۋايى بولغان بولسا ئىدى، ھاجىتىڭنى راۋا قىلغان بولاتتى. ئەگەر ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشى بېخىل بولسا، ھوشيار ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن ھېچنېمە سورىمىغىن، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ساڭا ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ. ئەمما مەست ۋاقتىدا سورىغىن، بېخىللار مەست ۋاقتىدا سېخىي بولۇپ كېتىدۇ، گەرچە ئاخىرىدا پۇشايمان

قىلسىمۇ، مەست ۋاقتىدا بەربىر سېخىيلىق قىلىدۇ. ئەگەر بىر بېخىلغا ھاجىتىڭ چۈشسە، ئۆزۈڭنى رەھىمدىللىك جايىدا دەپ بىلگىن، چۈنكى، ئۈچ تۈرلۈك كىشىنىڭ ھالىغا رەھىم قىلىش كېرەكتۇر: بىرى، ئاقىل ئادەمكى، ئەقىلسىز ئادەمنىڭ ئەكسىچە بولغاي؛ تېنى ئاجىز بولسىمۇ، كۈچلۈك ھېسابلانغاي؛ يەنە بىرى، سېخىي كىشى بېخىل كىشىگە موھتاج بولغاي.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر بۇنىڭدىن كۆپرەك ئىلىمنى بىلىدىغان دانىشمەن بولسام ئىدىم، ساڭا ئۆگەتكەن بولاتتىم ۋە ئالەمدىن كېتەر ۋاقتىمدا غەمسىز كېتەر ئىدىم. ئەمما، قانداق قىلايكى، دانىشمەنلىكتە پىيادىمەن. شۇنداق بولسىمۇ مەندىن قانداقلا سۆز ئاڭلىغان بولساڭ قوبۇل قىلغىن. ئەمما سەن خاھى قوبۇل قىلغىن، خاھى قوبۇل قىلمىغىن، مەن ھەربىر ئىلىم، ھۈنەردىن بىلگىنىمچە بىرمۇنچە سۆز ئېيتتىم، سۆزدە بېخىللىق قىلمىدىم.

ئوتتۇز بىرىنچى باب

## ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە قازىلىق بابىدا

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئالدى بىلەن تۆرلۈك ھۇنەر (ئىلىم) ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمەن، ھۇنەر قىلىشتىن مەقسەت دۇكاندارلىق قىلىش ئەمەستۇر. ھەرقانداق كىشى بىر ئىشنى قولىغا ئالسا، ئۇ ئىشنى ياخشى بىلسۇن ۋە ئۇنى كۆپ مەشىق قىلسۇن، تاكى ئۇ ئىشتىن كۆپ نەپ كۆرگەي. بىراق ئادەم نەپ ۋە ھۇنەرنى تەلەپ قىلۇر. ھۇنەر ناھايىتى كۆپتۇر، ھەربىرىنى ئايرىم - ئايرىم شەرھلەپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەستۇر ۋە سۆز ئۇزىراپ كېتۇر. ئىلىمنىڭ سۈپىتى ئۈچ نەرسىدىدۇر: يا بىر ھۇنەر بىلەن باغلانغان ئىلىم؛ يا ئىلىم بىلەن باغلىق بولغان ھۇنەر؛ خەير ۋە دالالەتكە تەئەللۇق بولغان ئادەت. بىرەر ھۇنەر بىلەن باغلىق بولغان ئىشلار تىبۋىپلىق، مۇنەججىملىك، مۇھەندىسلىك، تاناپچىلىق، شائىرلىق ۋە بۇلارغا ئوخشاش ئىشلاردۇر. ئىلىمگە تەئەللۇق بولغان ھەممە ئىشلار خۇنياگەرلىك (چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۇستىسى)، بايتارلىق (ئاتلارنى داۋالىغۇچى)، بىناكارلىق، كارىزچىلىق ۋە بۇلاردىن باشقا ئىشلارمۇ باردۇر. بۇلارنىڭ ھەربىرىسىدە شۇنداق قائىدە باردۇركى، ئەگەر سەن ئۇنىڭ قائىدىسى ۋە تەرتىپىنى بىلمىسەڭ، ھەرقانچە ئۇستا بولساڭمۇ، بەربىر گاڭگىراپ

قالىسەن، يەنى تەئەججۈپلىنىپ تۇرغايسەن.

ئەقىلگە مەلۇم بولغان ھۆنەرلەرنى شەرھلەشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. لېكىن مەن بىلگىنىمچە ئېيتىپ ئۆتىمەن ۋە ھەر بىرىنىڭ تەرتىپىنى ساڭا بايان قىلۇرمەن. بۇلار ئىككى ئىشتىن تاشقىرى ئەمەستۇر: يا بىر ۋاقىتتا شۇنداق بىر ۋاقىت كېلۇركى، زامان ھادىسىلىرى بىلەن ئۇ ھۆنەرگە موھتاج بولۇرسەن. موھتاج بولغان ۋاقىتتا ھەرقايسى ھۆنەرنىڭ سىرىدىن خەۋەردار بولغىنىڭ ياخشىدۇر. ئەگەر ھۆنەرگە موھتاج بولمىساڭ، مۇشۇ ئۇلۇغلۇقۇڭدا ئولتۇرۇرسەن، لېكىن ئۇلۇغلار بارلىق ئىلىمنى بىلىشى لازىمدۇر...

پەسىل. شەرىئەت ئىلمىنىڭ ھۆنىرى قازىلىق، مۇپتىلىق ۋە مۇزەككىرلىكتۇر... ھەممە ھۆنەرلەرنىڭ ئارىسىدا تالىپى ئىلىم بولساڭ، پەرھىزكار ۋە قانائەتلىك بولغىن. ئىلىمنى دوست تۇتۇپ، بىكارچى تۇرمۇشنى دۈشمەن دەپ بىلگىن. تەمكىن ۋە سوغۇققان بولغىن. كەچ ياتقىن ۋە سەھەر تۇرغىن، كىتاب ۋە دەرسكە ھېرىسمەن بولغىن، ئىشتىن قاچمىغىن، يادقا ئالغىن، تەكرار قىلغىن، ھەقشۇناس بولغىن، كىتاب، قەلەم، قەلەمتىراش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ھەمىشە يېنىڭدا ساقلىغىن، بۇلاردىن باشقا نەرسىلەرنى يېنىڭغا ئەسلا يېقىن كەلتۈرمىگىن. ئاز سۆزلىگىن ۋە يىراقنى ئويلىغىن. چۈنكى، ھەربىر تالىپى ئىلىم ئەگەر بۇ سۈپەتكە ئىگە بولسا، تېزلا زامانىنىڭ يېگانە كىشىسى بولۇر.

پەسىل. ئەي پەرزەنت، مۇپتى بولساڭ، دىيانەتلىك بولغىن. يادلىشىڭ ۋە دەرس ئوقۇشۇڭ كۆپ بولسۇن، ئىككى يۈزلىمىچى

بولمىغىن، بەدەن ۋە كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن ۋە ھازىر جاۋاب بولغىن. ھېچقانداق مەسىلىگە تا ئەندىشە قىلمىغۇچە جاۋاب بەرمىگىن. ئۆز ئەھۋالىڭغا قانائەت قىلمىغىن ۋە كىشىنىڭ ئەھۋالى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىغىن. ئۆز رايىڭنى ياخشى دەپ بىلگىن. ئېتىقادلىق ئادەملەرنىڭ خېتى بولماي تۇرۇپ ھېچقانداق سۆزنى توغرا دېمىگىن. ھەربىر كىتابنى ۋە دەپتەرنى مۇقەددەس بىلگىن. ئەگەر راست سۆز ئاڭلىماقچى بولساڭ، سۆزنىڭ ئۇرانىغا قارىغىن، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئېنىق بولمىغان سۆزىنى ئاڭلىمىغىن.

ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچكەن خەۋەرگە قارىغىن ۋە ئۇنىڭدىن قاچمىغىن، جان كۆيەرلىك بىلەن سۆزلىمىگىن. ئەگەر مۇنازىرە قىلماقچى بولساڭ، دۈشمەنگە قارىغىن، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشقا قۇۋۋىتىڭ بولسا ۋە سۆز ئۇزارسۇن دېسەڭ دەلىللەر ۋە مىساللار بىلەن مۇنازىرە قىلغىن. بولمىسا سۆزنى قىسقارتقىن ۋە بىر مىسال بىلەنلا قانائەت قىلغىن، بىر ئىسپات بىلەنلا تۇر، رەت قىلما، ئېھتىيات قىلغىنكى، يەنى ئىلگىرىكى سۆزنى كېيىنكى سۆز ۋەيران قىلمىسۇن. ئەگەر فىقھلار مۇنازىرە قىلىشسا، سۆزنى ئۆرپ ـ ئادەتنى باشلىغىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنى قىياس، مۇمكىنلىك دائىرىسىدە ئېيتقىن.

مۇنازىرە ئۇسۇلىدا باھانە بولسا ۋە بولمىسا، مۇمكىنلىك بولسا ۋە بولمىسا ئەيىب ئەمەستۇر. ئاخىرقى مەقسەتنى ئېنىق ئېيتقىن ۋە سۆزنى زىننەت بىلەن دېگىن. بەك قىسقا ۋە بەك ئۇزۇن سۆزلىمىگىن، بىمەنە سۆزنى دېمىگىن.

پەسىل. ئەي پەرزەنت، ئەگەر مۇزەككىر بولساڭ، ھاپىز

بولغىن ۋە كۆپ نەرسىنى يادقا بىلگىن. ھېچقانداق كىشى بىلەن جېدەل ۋە مۇنازىرە قىلمىغىن. كۇرسىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ (مۇنبەرگە چىقىپ) خالىغان ئىشنى دەۋا قىلمىغىن، راۋان تىل بىلەن دېگىن، كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن. مەجلىستە ئولتۇرغان مۇرىتلىرىڭ ئارىسىدا تەسىرلىك سۆز ئېيتقىن، تاكى ھەربىر سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، ئۇلار نەرە تارتىشسۇن ۋە شۇنىڭ بىلەن مەجلىسىڭنى قىزدۇرغىن. خەلق يىغلىسا، سەنمۇ گاھى يىغلىغىن.

كۇرسىنىڭ ئۇستىدە جىمغۇر ۋە قوپال سۆزلەپ ئولتۇرمىغىن، بۇنداق قىلساڭ مۇرىتلىرىڭمۇ سۇس بولۇپ قالىدۇ. ھەرقاچان ھەرىكەتچان بولغىن. سۆزلەۋاتقان ۋاقتىڭدا مەجلىس ئەھلىگە قارىغىن، ئەگەر سۆز ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلسا سۆزلىگىن ۋە ئەگەر ئەپسانە ئاڭلىماقچى بولسا ئەپسانە ئېيتقىن. چۈنكى، ئاۋام ساڭا خېرىدار بولۇپ، ھەممىسى سېنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ھېچنېمىدىن خەۋپسىرىمىگىن. يامانراق سۆزنى ياخشىراق باھاغا ساتقىن، چۈنكى، قوبۇل ۋاقتىدا ھەرقانداق نەرسىنى ساتساڭ بولۇر ۋە لېكىن قوبۇل ۋاقتىدا يەنە قورققىنكى، مۇزەككىرلەرنىڭ دۈشمەنلىكى قوبۇل ۋاقتىدا پەيدا بولغۇسىدۇر. قوبۇل بولمىغان جايدا قارار قىلمىغىن. كۇرسىدا ئولتۇرغان ۋاقتىڭدا كىم سەندىن بىر سوئالنى سورىسا، بىلگىنىڭچە جاۋاب بەرگىن، بىلمىگىنىڭگە: «كۇرسىنىڭ ئۇستىدە بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش مۇناسىپ ئەمەستۇر، ئۆيگە بارغىن، ئۆيدە بۇنىڭغا جاۋاب بېرۈرمەن» دېگىن. ھەرقانداق سۆزنى بىر مەجلىستە ئېيتساڭ، ئۇنى يادىڭدا چىڭ ساقلىغىن،

تاكى ئۇنى يەنە قايتا ئىپتەمغىن ۋە ئابرۇيسىز بولمىغىن. خۇش زۇۋان بولغىن. بازاردا ئاۋامنىڭ ئارىسىدا كۆپ سۆزلىمىگىن، تا ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئەزىز كۆرۈنگەيسەن ۋە يامان ئىشتىن پەرھىز قىلغىن. مۇنبەردە تۇرۇش ئەدىپىنى ساقلىغىن. تەكەببۇرلۇقتىن، يالغان سۆزلەشتىن ۋە پارىخورلۇق قىلىشتىن يىراق تۇرغىن. ئۆزۈڭ قىلىدىغان ئىشنى بۇيرۇغىنكى، خەلقمۇ قىلسۇن.

ئالىم ئەمەلسىز بولمىغاي. ئىلىمنى ياخشى ئۆگەنگىن. بىلگەن ئىلىمىڭنى ياخشى ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلغىن، تا بىمەنە دەۋا بىلەن خىجالەتمەن بولمىغايسەن. ۋەز ۋە پەند ـ نەسىھەتنى خەۋپ ۋە ئىلتىماس بىلەن سۆزلىگىن... شۇنداق سۆزلەرنى كۆپرەك ئىيتقىنكى، ئۆزۈڭ ئۇنىڭغا قادىر بولساڭ ۋە ساڭا ئۇ سۆز ياخشى مەلۇم بولغان بولسا، تاكى بىمەنە دەۋا بىلەن شەرمەندە بولمىغايسەن.

پەسىل. ئەي پەرزەنت، ئەگەر دانىشمەنلىكتە يۇقىرى دەرىجىگە يېتىپ، قازى بولساڭ، ئىبغىر ـ بىسىق ۋە تەمكىن بولغىن ۋە پەملىك، ساھىبتەدبىر، ئالدىن كۆرگۈچى، ئادەملەرنى تەكشۈرگۈچى ۋە سىياسەت ساھىبى بولغىن. ھەربىر گۇرۇھنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدىن، يولىيورۇقىدىن خەۋەردار، ھەربىر قوۋمنىڭ مەزھىپىدىن ئاگاھ بولغىن. قىسقىسى، قازىلىق ھىيلىلىرى ساڭا مەلۇم بولغاي. ئەگەر بىر كۈنى بىر مەزلۇم ئالدىڭغا كەلسە، ئۇنىڭ گۇناھى بولمىسا ۋە زۇلۇم چېكىپ، ھەققى بىكار كەتكەن بولسا، ئۇ مەزلۇمنىڭ دەردىگە يەتكىن ۋە تەدبىر يۈزىدىن ئۇنىڭغا لايىق ھەققىنى يەتكۈزگىن.

هېكايەت:

تەبەرىستاندا ئەبۇلئابباس رويانى ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ بىلىملىك ۋە تەقۋادار، تەدبىرلىك كىشى ئىدى. ئۇ قازى ئىدى. بىركۈنى بىر كىشى يەنە بىر كىشى ئۈستىدىن يۈز دىنار ئاقچا (ئالتۇن پۇل) دەۋاسى قىلىپ قازىنىڭ (ئەبۇلئابباس رويانىنىڭ) ئالدىغا كەلدى. جاۋابكار يالغانچى كىشى ئىدى. قازى دەۋاگەردىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلدى. دەۋاگەر گۇۋاھچى يوقلۇقىنى ئېيتتى. قازى جاۋابكارنى ئانت ئىچىشكە، يەنى قەسەم قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ چاغدا دەۋاگەر پەرياد قىلىپ:

— ئەي قازى، ئۇنى ئانت ئىچىشكە بۇيرۇمىغىن. چۈنكى ئۇ يالغان قەسەم قىلىشتىن قورقمايدۇ، — دېدى.

قازى ئېيتتى:

— شەرىئەتتىن تاشقىرى چىققىلى بولماس. يا سەن گۇۋاھچى تاپ ياكى ئۇنى قەسەم قىلغىلى قوي.

ئۇ كىشى، يەنى دەۋاگەر قازىنىڭ ئالدىدا تۇپراققا يۇمىلىنىپ يىغلاپ:

— ئەي قازى، مېنىڭ گۇۋاھچىم يوقتۇر. يالغاندىن ئانت ئىچىدۇ — يالغان قەسەم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى قەسەم قىلىشقا بۇيرۇساڭ، ماڭا زۇلۇم قىلغان بولىسەن. ماڭا ياردەم بېرىپ بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى قىلغىن، — دېدى. قازى ئۇ كىشىنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلاپ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. قازى ئېيتتى:

— ئەي بۇرادەر، سەن بۇ كىشىگە قەرز بەرگەن ئاقچىنى قانداق ئۇسۇلدا — نەدە بەرگەنىدىڭ، باشتىن بايان قىلغىن!

ئۇ كىشى ئېيتتى:

— ئەي قازى، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ۋە دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن! بۇ كىشى بىلەن كۆپ يىللاردىن بېرى دوست ئىدىم، تاسادىپەن، بۇ كىشى بىر كېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسى بىر يۈز ئەللىك دىنار ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ ئەللىك دىنارلىق بىساتى بار ئىكەن. ئۇ كېنىزەكنى ئېلىشقا ھېچ چارە تاپالماپتۇ. بىراق كېنىزەكنىڭ پىراقىدا كېچە ـ كۈندۈز ئازاب ئىچىدە يۈرىدىكەن. بىركۈنى تاماشا ئۈچۈن ئىككىمىز سەھراغا بارغانىدۇق. بىر يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋاتقاندا، بۇ كىشى ئۇ كېنىزەك توغرىسىدا سۆز ئېچىپ زار ـ زار يىغلىدى. ئۇ يىگىرمە ئۈچ يىللىق دوستۇم ئىدى. كۆڭلۈم ئۆرتىنىپ: «ئەي بۇرادەر، سەندە ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسىغا يەتكۇدەك پۇل ـ مال يوق ئىكەن. مەندە ھەم ئۇنچىلىك ئاقچا يوق. باشقىلار سېنىڭ دەردىڭگە يەتمەيدۇ. ئەمما مېنىڭ پۈتكۈل بىساتىم ھېسابىدا پەقەت يۈز دىنارىم بار. ئۇنى نەچچە يىلدىن بېرى ھېسابسىز رەنج ۋە مۇشەققەت تارتىپ يىغقانىدىم. ئۇ دىنارنى ساڭا بېرىپ تۇراي، قالغىنىنى ئۆزۈڭ قوشۇپ ئۇ كېنىزەكنى سېتىۋال. كېنىزەك بىلەن بىر ئاي ئەيش ـ ئىشرەت قىلغاندىن كېيىن، سېتىۋېتىپ يۈز دىنارىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەنىدىم، ئۇ كىشى سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بىسيار يىغلاپ، ئايىغىمغا باش قويۇپ: ‹ئەگەر بىر ئايدىن كېيىن بەرمىسەم پالانى بولۇپ كېتەي› دەپ قەسەم ئىچتى. مەن ئالتۇننى ئۇنىڭغا بەردىم. ئالتۇننى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋاقتىمدا خۇدايىتائالاغا مەلۇمدۇركى، ئىككىمىزدىن بۆلەك كىشى يوق ئىدى. ھالا تۆت ئاي بولدى. كېنىزەكنى ھەم ساتمىدى. ئالتۇنۇمنى ھەم بەرمىدى.

قازى سورىدى:

— ئالتۇننى ئۇنىڭغا قەيەردە بەرگەنىدىڭ؟

دەۋاگەر ئېيتتى:

— بىر تۈپ دەرەختىڭ تۈۋىدە بەرگەنىدىم.

قازى دېدىكى:

— ئالتۇننى دەرەخ تۈۋىدە بىرىپسەن، يەنە نېمە ئۈچۈن گۇۋاھچىم يوق دەيسەن؟ جاۋابكار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سەن قىلچە تەشۋىشلەنمەي شۇ دەرەختىڭ تۈۋىگە بارغىن ۋە ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئۆتە، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۈز قېتىم دۇرۇت ئېيتقىن، ئاندىن كېيىن دەرەخكە: «قازى سېنى ماڭا گۇۋاھلىق بېرىشىڭ ئۈچۈن چاقىرىدۇ» دېگىن.

جاۋابكار بۇ سۆزدىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. قازى كۆرۈپ كۆرمەسكە سالدى.

دەۋاگەر دېدىكى:

— ئەي قازى، ئۇ دەرەخ پەرمانغا بويسۇنماسمىكىن، — دەپ قورقىمەن.

قازى ئېيتتى:

— مېنىڭ مۆھۈرۈمنى ئېلىپ بارغىن ۋە ئۇنىڭغا: «بۇ قازىنىڭ مۆھرى، كېلىپ گۇۋاھلىق بەرسۇن دېدى» دېگىن.

دەۋاگەر مۆھۈرنى ئېلىپ دەرەخ قېشىغا كەتتى. جاۋابكار قېلىپ قازىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. قازى بولسا جاۋابكارغا قارىماي، باشقا ئەرز ئېيتقۇچىلارنىڭ دەردىنى سوراش بىلەن مەشغۇل بولدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىر پەستىن كېيىن قازى بىر كىشىگە قاراپ:

— ئەي پالانى، ئۇ كىشى دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ بارغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

جاۋابكار شۇئان:

— تېخى يېتىپ بارمىغاندۇ؟ — دەپ جاۋاب ئېيتتى.

قازى يەنە بۆلەك ھۆكۈم ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى.

دەۋاگەر دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ قازى ئېيتقان تەرىقىدە مۆھۈرنى دەرەخكە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قازى سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى ۋە دەرەخ تۈۋىدە بىر سائەت ئولتۇردى. دەرەختىن ھېچ جاۋاب كەلمىدى. ئۈمىدسىزلەنگەن دەۋاگەر غەمگە پاتقان ھالدا قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي قازى، بېرىپ مۆھۈرىڭنى ئۇ دەرەخكە كۆرسەتتىم. ئۇ دەرەخ ھېچ جاۋاب بەرمىدى، — دېدى.

قازى ئېيتتىكى:

— خاتالاشتىڭ. ئۇ دەرەخ كېلىپ گۇۋاھلىق بەردى.

قازى جاۋابكارغا قاراپ:

— بۇ كىشىنىڭ ھەققىنى بەرگىن، بولمىسا مەن كېنىزەكنى ساتتۇرۇپ، بۇ كىشىنىڭ ئالتۇنىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

جاۋابكار:

— مەن سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرسام، دەرەخ ھېچقاچان كەلمىدى. گۇۋاھلىق ھەم بەرمىدى، — دېدى.

قازى:

— راست ئېيتتىڭ، دەرەخ كەلمىدى. ئەمما سەن بۇ ئالتۇنى شۇ دەرەخ تۈۋىدە ئالمىغان بولساڭ، مەن سەندىن «ئۇ

كىشى دەرەخ تۇۋىگە يەتكەنمىدۇ؟» دەپ سورىغاندا سەن: ئالدىنقى يىراق، تېخى يېتىپ بارمىغاندۇ، دېمىگەن بولاتتىڭ. ئەگەر ئالتۇننى ئالمىغان بولساڭ، «ئۇ كىشى نەگە ۋە قايسى دەرەخ تۇۋىگە باردۇ» دەپ سورىغان بولاتتىڭ. ئۇ هالدا، ئەلۋەتتە سېنى ئۇتقان بولاتتىڭ! دەپ جاۋابكاردىن ئالتۇننى ئېلىپ، ئىگىسىگە بەردى.

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، قازى بولغۇچى هەممە هۆكۈمنى كىتاب بويىچىلا چىقارمايدۇ، ئۆز پىكرى بويىچىمۇ هۆكۈم قىلۇر ۋە بۇنداق تەدبىرلەر بىلەنمۇ ئىشنىڭ ماهىيىتىنى بىلىۋالۇر.

ئۆيۈڭدە ئەدەپلىك بول. هۆكۈم مەجلىسىدە هەيۋەتلىك ئولتۇرغىن. لېكىن بەك گىدىيىۋالمىغىن، سۆلەتلىك بولغىن ۋە هەر تۇرلۇك سۆزنى ئاڭلاشقا ۋە هۆكۈم قىلىشقا ئالدىرىمىغىن ۋە سەۋر قىلغىن. مۇپتىلار بىلەن كېڭەش قىل. هەرقاچان ئوچۇق پىكىر بىلەن سۆزلىگىن. هېچقاچان مەزهەپلەر، مەسىلىلەر دەرسىدىن خالىي بولمىغىن، تەجرىبە ۋە تەدبىرنىمۇ قولدىن بەرمىگىنكى، بۇلار قازى ۋە قانۇنلار رايىغا باراۋەردۇر ۋە كۆپ هۆكۈمنى شەرىئەت رايىدىن قىلىش قىيىن بولۇر، قازى بولسا ئۇنى ئاسان هەل قىلۇر. قازى تىرىشچان، دانا ۋە ئادىل بولۇشى لازىم. ئەمما ئۇ مەلۇم ۋاقىتلاردا هۆكۈم قىلمىغاي: ئاچلىقتا، تەشنالىقتا، هامامدىن چىقىپ تۇرغان چاغدا، تەڭقىسلىقتا قالغاندا.

مەلۇمكى، قازىنىڭ ئىشى هۆكۈم قىلىشتۇر، ئەمما سىناپ بېقىش ئەمەستۇر. سۆزنى قىسقا قىلىش زۆرۈر. تېزرەك گۇۋاهچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقا، دەلىل توپلاشقا ئۆتۈشى لازىم.

قازى دەۋادا مالنىڭ كۆپلۈكىنى بىلسە، قىلالىغىنىچە تەپتىش قىلسۇن، شۇ چاغدىلا ئۇ خاتالىقتا يول قويمىغاي. قازى ئۆز ھۇزۇرىغا ئادىل كاتىپلارنى قويسۇن. ئۇ ھەرگىز ئۆز قولى بىلەن قەرز ھۆججەتلىرىنى ياسىمىسۇن ۋە يارلىق يازمىسۇن، ئۆزىنىڭ سۆزىنى ۋە خېتىنى قەدىرلىسۇن، ئەزىز تۇتسۇن. قازىغا ياخشى ھۈنەر — ئىلىم ۋە مۇلايىملىقتۇر.

ئەي پەرزەنت، بۇ ھۈنەرنى بىلگىنىڭدىن كېيىن، تىجارەت يولىنىمۇ ئالدىڭغا ئالغىن، تاكى ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ نەپ تاپقايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# تىجارەت قىلىش ۋە سودىگەرچىلىك قائىدىلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ھەر ھالدا تىجارەت ۋە سودىگەرچىلىك ھۈنەر ھېسابىدا ئەمەستۇر، ئەمما ئۇنى ياخشى سەنئەت دېسە بولۇر، چۈنكى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا قارىسالىڭ، ئۇنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرى خۇددى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرىگە ئوخشاشتۇر. ئۇلۇغلار، سودىگەرچىلىك ئەقىلسىزلىك ئاساسىغا، پايدا تېپىش تەرتىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان، بۇلار ئەگەر جاھىل بولمىسا ئىدى، جاھان ۋەيران بولۇر ئىدى، دېيىشكەن. بۇ سۆزدىن مەقسەت شۇكى، ھەرقانداق كىشى مېلىنى زىيادە قىلىش تاماسىدا بولسا، بىر تەڭگە ئۈچۈن مەشرىقتىن مەغرىبكىچە بارۇر، ئۆزىنى تاغقا، دەرياغا ئۇرۇر، جېنىنى، تېنىنى خەتەرلەرگە سالۇر، يولنىڭ خەتەرلىكلىكىدىن، ھايۋاناتتىن (يىرتقۇچلاردىن) قورقماس، شۇنىڭ ئۈچۈن مەغرىبتىن مەشرىققە، مەشرىقتىن مەغرىبكە بېرىپ خەلققە نېمەت كەلتۈرۈر. چارىسىز جاھاننىڭ ئاۋاتلىقى ئۇنىڭ بىلەن ۋاجىپ بولۇر، بۇ ئىش سودىگەردىن باشقا خەلقتىن زاھىر بولماس. بۇنداق خاۋاتىرلىق ئىشنى ئەقلىنىڭ كۆزى كور بولغان كىشى ئىختىيار قىلۇر.

سودىگەرچىلىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ ۋە ئىككىلىسى خەتەرلىكتۇر: بىرى، مۇئامىلە ۋە بىرى مۇساپىرلىقتۇر. مۇئامىلە مۇقىملارغا خاستۇركى، كاسات ماللارنى پايدا تېپىش تاماسىدا سېتىۋالىدۇر. بۇنداق مال خەتەرلىكتۇر ۋە بۇ ئىشتا شىجائەتلىك، ئالدىن كۆرەر كىشى كېرەكتۇركى، كاسات مالنى پايدا ئېلىش ئۈمىدى بىلەن ئالغاي. دېمەك، ھەر خىل يول بىلەن سودىگەر ئۆزىنىڭ مېلى ۋە تېنىگە ئېھتىياتتا بولۇشى، ھاياسىز بولماسلىقى، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان بولۇشنى تىلىمەسلىكى كېرەكتۇر. باشقىلارنىڭ قولى ئاستىدىكى كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلغاي. ئۆزىدىن چوڭراق كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇ كىشى دىيانەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك بولغاي، پىخسىق كىشىدىن قاچقاي. رەختىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بىلمىگەن كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلمىغاي. ئەگەر مۇئامىلە قىلسا، پايدىدىن تاما قىلمىغاي، تاكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋەيران بولمىغاي.

پايدىدىن ئۈمىد كۈتسە، نېسى سودا قىلمىغىنىكى، ئاز پايدا كۆپ زىيان كەلتۈرۈر.

ئۇششاق نەرسىلەرگە نەزەر سالمىغىنكى، پەس نەزەرلىك ئۆلۈغلارغا زىيان يەتكۈزۈر. سودىگەرلىك زىيىنىنىڭ ئەسلى ئىسراپچىلىقتۇر. ئەگەر مالدىن پايدا ئالساڭ، پايدىنى ئېلىپ قوي، تا پايدا كۆرمىگۈچە سەرمايەڭدىن ئالمىغىن، چۈنكى، سودىگەرلىكنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى سەرمايىنى يەپ قويۇشتۇر. رەختىنىڭ ياخشىسى شۇدۇركى، پاتمان ـ پاتمان ئېلىنىپ، مىسقال بىلەن سېتىلسۇن. ئەمما پايدا كۆرۈش ئۈمىدى بىلەن

www.uyghurkitap.com

غەللە ئېلىشتىن پەرھىز قىلغىن، چۈنكى، غەللىپۇرۇش ھەمىشە بەتنام ۋە بەتنىيەت بولۇر.

دىيانەت كامالى سودىدا يالغانچىلىق قىلىشتۇر. چۈنكى، كاپىر ۋە مۇسۇلمانىنىڭ ئارىسىدا يالغان ئېيتىش يامان قىلىقتۇر. ساتماي تۇرۇپ ھېچقانداق مالنى قولدىن بەرمىگىن، مۇئامىلىدە تارتىنىپ يۈرمىگىنكى، ئۇلۇغلار: شەرم ــ ھايادىن كۆپ ئۈمىد ۋە ئارزۇلار ھاسىل بولمىغۇسىدۇر ۋە لېكىن كۆپ مۇرۇۋۋەتسىز ۋە بەتنىيەت بولما، بۇ ساڭا پايدا بەرمەس. كونىلار ئېيتقانكى، سودىگەرلىكنىڭ ئەسلىي تەسەررۇپ ۋە مۇرۇۋۋەتتۇر، چۈنكى، بۇلار مالنى ئامان ساقلاشقا سەۋەب بولۇر.

ھېكايەت:

بىر سودىگەر بىر سېتىقچى بىلەن يۈز تىللالىق مۇئامىلە قىلغانىدى. ۋاقتىكى مۇئامىلىنى ھېساب قىلىدىغان سۈرۈك توشتى. سودىگەر بىلەن سېتىقچى ئالغان ــ بەرگىنىنى ھېسابلىشىپ ئۈچ نوقۇت ئالتۇندا كېلىشەلمىدى. سېتىقچى:

ــ مەندە بىر دىنارىڭ قالدى، ــ دېسە، سودىگەر:

ــ سەندە بىر دىنار، يەنە ئۈچ نوقۇت ئالتۇنۇم قالدى، ــ دەيتتى.

سودىگەر بىلەن سېتىقچى مۇشۇ تەرىقىدە بامدات نامىزىدىن تاكى پېشىن نامىزىغىچە دەتالاش قىلىشتى. ئاخىر سېتىقچى يۈرىكى سىقىلىپ، دەتالاشقا چىدىماي بىر دىنار، يەنە ئۈچ نوقۇت ئالتۇننى سودىگەرگە بەردى. سودىگەر ئۆيىگە ياندى.

سېتىقچىنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. ئۇ سودىگەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپ:

— ئەي غوجا، ماڭا «شاگىرت ھەققى» (شاگىرتقا تېگىشلىك ئۇلۇش، نېسىۋە) بەرگىن، — دېدى. سودىگەر ھېلىقى بىر دىنار ئۈچ نوقۇت ئالتۇننى سېتىقچىنىڭ شاگىرتىغا بەردى. شاگىرت ئالتۇننى ئېلىپ سېتىقچىنىڭ قېشىغا كەلدى. سېتىقچى:

— ئەي پالانى، مېنى ئۈچ نوقۇت ئالتۇن ئۈچۈن ئەتىگەندىن تا بۇ چاغقىچە كايىتقان كىشىنىڭ قېشىغا نېمە تاما قىلىپ باردىڭ؟ — دېدى. گۆدەك (شاگىرت) سودىگەر بەرگەن ئالتۇننى ئۇستىسىغا بەردى. سېتىقچى بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ ئۆز - ئۆزىگە: «سۇبھانالللا، بۇ كىشى شۇ قاتارلىق بېخىل تۇرۇپ، مۇنچە ئالتۇننى بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بەرگەندۇر؟» دەپ، سودىگەرنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە سودىگەردىن:

— ئەي شەيخ، سىزدىن ئاجايىپ بىر ۋەقەنى كۆردۈمكى، سىز ئەتىگەندىن تا بۇ سائەتكىچە نەچچە كىشى بىلەن مېنى ئۈچ نوقۇت ئالتۇن ئۈچۈن كايىتقاندىڭىز، ئەمدىلىكتە بۇ ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ شاگىرتىمغا بېرىپسىز. شۇ باش ئاغرىقنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى ۋە بۇ ساخاۋەتنىڭ مەنىسى نېمىكىن؟ — دەپ سورىدى. سودىگەر ئېيتتى:

— ئەي غوجا، مەن سودىگەردۇرمەن. سودىگەرچىلىكنىڭ تەرىقىسى ئالماق ۋە ساتماقتۇر. ئەگەر سودىدا بىر دىرەم چاغلىق زىيان تارتسا، سودىگەرنىڭ يېرىم ئۆمرى بىكارغا كەتكەنگە باراۋەردۇر. ئەگەر مۇرۇۋۋەت (سېخىيلىق) قىلىدىغان ۋاقىتتا مۇرۇۋۋەت قىلمىسا، ئۆز ئەسلىنىڭ (ماھىيىتىنىڭ) ناپاكلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى بىلەن باراۋەردۇر. بەس، مەن ئۆزۈمنىڭ زىيان تارتقۇچى بولۇشىنى ھەم خالىمىدىم. ئەسلىمنىڭ ناپاك

بولۇشىنى ھەم خالىمىدىم.

سودىگەرنىڭ سەرمايىسى ئاز بولسا، باشقىلارغا بېش سېلىپ ئۇلۇغ ئىشلارغا ئارىلاشمىسۇن. ئۆز ھالىغا لايىق راھەت ئالسۇن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تەلىيىنى سىناپ باقسۇن.

ئەگەر بىر كىشى پالان جايغا ئېلىپ كەتكەن، دەپ نامە تاپشۇرسا، ئالدى بىلەن نامىنى ئوقۇپ كۆرسۇن، ئاندىن كېيىن ئېلىپ كەتسۇن، چۈنكى، چىڭ چىگىپ، ئورالغان نامىدە كۆپ بالالار بولغۇسىدۇر ۋە قانداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىغۇسىدۇر. ھەرقانداق ئادەم نامە تاپشۇرسا، ئالدى بىلەن ئېچىپ ئوقۇش كېرەكتۇر. چۈنكى، سودىگەر ھەربىر شەھەرگە بارغاندا يامان خەۋەر تارقاتمىسۇن، ھەتتا تەزىيەت، ماتەم خەۋىرىنىمۇ يەتكۈزمىسۇن، شادلىق خەۋىرىنى ئېيتىشتىمۇ نۇقسانغا يول قويمىسۇن. يولداشسىز ھېچقانداق يولغا قەدەم باسمىسۇن ۋە تەجرىبىلىك ھەمراھ تەلەپ قىلسۇن ۋە ماللارنى كۆپ ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويسۇن. ئەگەر پىيادە بولسا، ئاتلىقلار بىلەن ھەمراھ بولۇپ يۈرمىسۇن، يات كىشىدىن يول سورىمىسۇن. ئەگەر ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلسە، سورىسۇن، چۈنكى، نۇرغۇن ناپاك ئادەملەر بولۇركى، يولنى خاتا كۆرسىتىپ قويۇر. ھەرقانداق كىشى يولدا يولۇقسا، ئوچۇق چىراي بىلەن سالام بەرسۇن، ئۆزىنى قايغۇلۇق، غەمكىن قىلىپ كۆرسەتمىسۇن. ئوزۇقسىز يولغا كىرمىسۇن ۋە يازدا قىشلىق كىيىمىنى ئالماي يۈرمىسۇن.

گەرچە يول بىخەتەر بولسىمۇ، يول باشلىغۇچى ۋە يول ساقچىسىنى خۇشال قىلسۇن. بىرىپ بىر جايغا چۈشكەندە، ئاق

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل ۋە دىيانەتلىك ئادەمنىڭ ئۆيىگە چۈشسۇن. ئۈچ تائىپە كىشى بىلەن سۆھبەت قىلسۇن: بىرى، مەرد، ھىيلە ـ مىكىردىن خالىي كىشى؛ يەنە بىرى، باي، مۇرۇۋۋەتلىك، كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلمايدىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، كۆپنى كۆرگەن، يول بىلىدىغان كىشى. مالنى ئاسايىش ۋە پاراغەت ۋاقتىدا ئىسراپ قىلمىسۇن، تاكى بىر ۋاقىت كېلىپ زۆرۈر بولغاندا جاپا چېكىپ قالمىسۇن. ھەرقانداق ئىشنى قىلالىسا، ئۆزى قىلسۇن ۋە باشقا كىشىگە بۇيرۇمىسۇنكى، ھىيلە ـ مىكىرلىك كىشىلەر كۆپ بولۇر. ئەمما راستچىللىق ۋە دىيانەتلىك بولۇشنى سودىگەرلىككە سەرمايە دەپ بىلسۇن. ئېلىش ۋە سېتىشتا چاققان بولسۇن، كۆپ ئېلىپ، كۆپ ساتسۇن. قىلالىسا كىشىنىڭ مېلىنى نېسىگە ئالمىسۇن، ھەركىمگە نېسىگە ماتا بەرمىسۇن. ئەگەر نېسى قىلسا، بىرنەچچە ئادەملەر بىلەن قىلمىسۇن. بولۇپمۇ مېلى ئاز، يېڭىدىن باي بولغان، سەييىد، كىچىك بالا، قازىنىڭ ۋەكىللىرى، شەھەرنىڭ مۇپتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرى بىلەن نېسىگە سودا قىلمىسۇن. ھەرقانداق ئادەم بۇ تائىپىلەر بىلەن نېسىگە مۇئامىلە قىلسا، ھەرگىز پۇشايماندىن ۋە دەرد ـ ھەسرەتتىن قۇتۇلالمىغۇسىدۇر. سىناپ باقمىغان كىشىدىن بىخەتەر بولمىسۇن، سىناپ بولغان ئادەمنى ھېلى سىنىغان ئادەمدىن ئۈستۈن تۇتمىسۇن، چۈنكى، ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ سىنالمىغان ئادەمنىڭ قولىغا چۈشكۈسىدۇر. شۇڭا، مەسەلدە، سىنالغان دىۋە بىلەن بۆرە سىنالمىغان ئادەمدىن ياخشىدۇر، دېيىلىدۇ.

كىشىنى كىشى ئارقىلىق سىنا، ئاندىن ئۆزۈڭ سىناپ كۆر، چۈنكى، بىر ئادەم بىراۋغا مۇۋاپىق بولمىسا، باشقا بىراۋغا

مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھەربىر كىشىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئىشتا سىنىغىن، توغرىدىن ـ توغرا سىناشقا ئۆتمىگىن ۋە سۆزىگە ئىشىنىپ كەتمىگىن. نەق تۇمۇچۇقنى نېسى تاۋۇس قۇشىدىن ئەۋزەل بىلگىن.

سەپەر قىلساڭ، دەريا يولىنىڭ ئون بەش تىللا پايدىسىدىن قۇرۇقلۇق يولىنىڭ ئون تىللا پايدىسىنى ئۈستۈن بىلگىن، چۈنكى، دەريا سۈيىنىڭ ئېقىنى بىر خىل بولماس ۋە زىيىنى باشقا چىقار. ئاز پايدا ئۈچۈن بارلىق سەرمايىنى يوق قىلمىغىن. قۇرۇقلۇق يولدا ئەگەر خەتەر يەتسە مالغا يېتىدۇ، ئەمما جان ئامان قالىدۇ. مالنىڭ ئىلاجى بولۇر، دەريادا بولسا ھەم مالغا، ھەم جانغا زىيان ۋە خېيىم ـ خەتەر يېتۇر. كونىلار دۇنيانىڭ ئىشىنى پادىشاھنىڭ ئىشىغا ئوخشىتىشقان: ئاز ـ ئازدىن كېلۇر ۋە بىراقلا كېتۇر. لېكىن ئاجايىباتلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر قېتىم كېمىگە ئولتۇرساڭ راۋادۇر. باھا قويماستىن ئېلىش ۋە سېتىشنى قىلمىغىن.

سودىدا ئىشنى باشقىلارنىڭ قولىغا بەرمىگىن. ئۆزۈڭنىڭ پايدا ۋە زىيانلىرىڭنى ھەمىشە ئۆزۈڭ ھېساب قىلغىن، چۈنكى، ھېساب ۋە قانچىلىك پايدا ياكى زىيان بولغانلىقىنى بىلىش سودىگەر ئۈچۈن كۆپ پايدىلىق ئىشتۇر. ھەرقاچان ئاز ياكى كۆپ پايدا ۋە زىيان ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، مۇلاھىزە قىلغىن، تاكى پايدا ۋە زىيىنىڭدىن غاپىل بولمىغايسەن. كىشىگە خىيانەت قىلىشتىن قاچقىنىكى، ھەركىم بىرەر كىشىگە خىيانەت قىلسا، ئۆزىگە خىيانەت قىلغان ھېسابلىنۇر.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، نۇرغۇن قويى بار بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

يىل بويى روزىنى كەم قىلمايدىغان، دىيانەتلىك بىر قويچىسى (بادىچىسى) بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى قويلارنى سېغىپ سۈتىنى خوجايىنىغا ئەكېلىپ بېرەتتى. خوجايىن بولسا، پادىچى ئەكەلگەن سۈتكە باراۋەر سۇ قوشۇپ ئۇ قويچىغا ساتقۇزاتتى. قويچى بۇ ئىش تۈپەيلى خوجايىنىغا: «خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتى يامانىدۇر» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئەمما خوجايىن قويچىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى. باھار پەسلى ئىدى. بىر كېچىسى قويچى قويلارنى ئېغىلغا سولاپ، ئۆزى ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ ياتقانىدى. يامغۇر يېغىپ، قاتتىق بوران ئارىلاش سەل كېلىپ كۈتۈلمىگەندە قويلارنى ئېقىتىپ ھەممىسىنى ھالاك قىلدى. ئەتىسى قويچى قۇرۇق قول كەلدى. خوجىسى:

— بۈگۈن نېمە ئۈچۈن سۈت ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. قويچى ئېيتتى.

— ئەي خوجا، مەن دېمىدىممۇ، سىزگە سۈتكە سۇ قوشماڭ، دېسەم نەسىھەتىمنى قوبۇل قىلمىدىڭىز. سۈتكە قوشقان شۇ سۇلار يىغىلىپ سەل بولۇپ قويلىرىڭىزنى ئېقىتىپ كەتتى.

بەس، ئەي پەرزەنت، خىيانەتتىن قاچقىنكى، ھەرقانداق كىشى بىر قېتىم خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئادەم ئەسلا ئېتىبار قىلماس. راستچىللىقنى ئادەت قىلغىنكى، يالغانچىلىق ئەڭ چوڭ قاراقچىلىقتۇر. ئىلىم ۋە سېنئەتتە مۇلايىم بولغىن ۋە كىشىگە ۋەدە قىلمىغىن، ئەگەر ۋەدە قىلساڭ خىلاپلىق قىلمىغىن. ئالغۇچىغا يالغان ئېيتمىغىن ۋە سۆز دېسەڭ راست سۆزنى ئېيتقىن. مۇئامىلىدە ئىلىم ۋە بىرىش ھۆججىتىگە ئاگاھ بولغىن، ھۆججەت بېرىشنى خالىساڭ، تاكى ئاۋۋال ھەقنى

قولغا ئالمىغۇچە ھۆججەتنى قولدىن بەرمىگىن.

ھەرقانداق جايغا بارساڭ ئاشنىنا (يېقىن دوست) تەلەپ قىلىش بىلمىگەن كىشى جاھىل ۋە ناپاكلار بىلەن سەپەر قىلماسلىقى كېرەك، شۇڭا كونىلار: «ئاۋۋال رەپىق، ئاندىن يول» دەپ توغرا ئېيتىشقان.

ھەرقانداق نەرسە ئالماقچى بولساڭ، كۆرمەي، كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئالمىغىن. ھەرقانداق نەرسە ساتماقچى بولساڭ، بۇگۈنكى نەرخىدىن ئاگاھ بولغىن ھەمدە شەرت ۋە ئەھدۇپەيمان بىلەن ساتقىنىڭ، كېيىن دەرد ـ ئەلەم چېكىشۋېلىشتىن قۇتۇلغايسەن. ھۆكۈمرانلىق يولىنى ئۈستۈن بىلگىنىڭ، ئۇلۇغلارغا ئۇلۇغراق ئىش ــ ئۆي جابدۇقلىرىنى تولۇقلاش ۋە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشتۇر. ئەمما بىرەر نەرسە سېتىۋالماقچى بولساڭ قۇتلۇق (ياخشى) كۈندە ئالغىن. ھەر تۈرلۈك كېرەك نەرسىلەردىن بىر يىلغا يېتىدىغان قىلىپ ئىككى ھەسسە ئالغىن. ئاندىن ئۇنىڭ نەرخىدىن خەۋەردار بولغىن. باھاسى ئۈستۈن بولغان چاغدا ئالغان نەرسەڭنىڭ يېرىمىنى ساتقىن، تاكى بىر يىلغا يېتىدىغان ئوزۇقۇڭ ھازىر بولغاي. بۇ ئىشتىن ھېچقانداق گۇناھ، بەتناملىق بولمىغۇسىدۇر ۋە ھېچقانداق ئادەم بۇ ئىشتا سېنى بېخىل ئادەم دەپ ھېسابلىماس، چۈنكى، بۇ ئىش مەردلىك زۆرۈرىيىتى جۈملىسىدىندۇر ۋە بېخىللىقتىن ئەمەستۇر، بۇ ئىشتا ھېچقانداق ئەيىب يوقتۇر. مەردلىككە زىيان يەتمىسۇن دېسەڭ، شۇنداق تەدبىر قىلغىنىڭكى، كىرىمىڭ خىراجىتىڭدىن ئارتۇق بولسۇن، تاكى مەردلىككە نۇقسان يەتمىسۇن. ئەگەر كىرىمىڭنى كۆپەيتىش تەدبىرىنى بىلمىسەڭ، كىرىمىڭدىن



www.uyghurkitap.com

ئارتۇق خىراجەت قىلىشنى تەرك ئەتكىن.

ئەگەر سودىگەرچىلىك ئىشى ساڭا نېسىپ بولمىسا، شاراپەتلىك ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن شۆھرەت تاپماقچى بولساڭ، تېببىي ئىلىمدىن پايدىلىقراق ئىلىم يوقتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## تېببىي ئىلىم قائىدىلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر تېۋىپ بولساڭ، تېبابەت ئىلمىنىڭ ئۇسۇلىنى ياخشى بىلگىن. چۈنكى، بۇ ئىلىم ياخشى ئىلىمدۇر ۋە ئۇ پايدىلىق ئىلىملەر جۈملىسىدىندۇر. بىلگىنكى، ئادەمنىڭ تېنىدە نېمە بولسا، ياكى تەبىئەتكە تېگىشلىك بولىدۇ، ياكى تەبىئەتتىن تاشقىرى بولىدۇ. تەبىئەتكە كېرەكلىك نەرسە ئۈچ خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى تەننىڭ بىقارارلىقىنى ۋە مۇستەھكەملىكىنى ساقلايدۇ، ئىككىنچىسى، ئەگەشكۈچىدۇركى، تەننى بۇ ھالدىن باشقا بىر ھالغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۈچىنچى خىلى بولسا، تەبىئەتتىن تاشقىرى بولۇپ، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تەنگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئىنساننىڭ تېنىنى ئۆرە تۇرغۇزىدىغان نەرسىلەر ياكى ماددىي، ياكى سۈرەتىي، روھىي بولۇر. ماددىدىن يىراق بولغان ئۇنسۇر تۆتتۇر: ئوت، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋادۇر. ياكى مىزاج بۇ ئۇنسۇرلارغا يېقىن بولۇر. ئۇلارنىڭ مىقدارى توققۇز تۈرلۈك بولۇر: بىرى مۆتىدىل، قالغان سەككىزى غەيرىي مۆتىدىلدۇركى، ئۇلارنىڭ تۆتى ساددا، تۆتى مۇرەككەپتۇر. ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى مىزاجغا يېقىندۇر. بۇلارنىڭ خىلىت مىقدارىمۇ تۆت خىلدۇر: قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدا. خىلىتنىڭ يېقىنلىرى ئەنە

شۇلار. مەسىلەن، ئەزانىڭ تەركىبى بىر تەلىماتىغا قارىغاندا ئىككىدۇر. بۇ بايان قىلغانلارنىڭ مەنىسى شۇنداقكى، ئەزانىڭ تەركىبى خىلىتتىندۇر، خىلىتنىڭ تەركىبى بولسا مىزاجدىندۇر. مىزاجنىڭ تەركىبى ئۇنسۇردىندۇر. ئۇنسۇر ئادەم تېنىدىن يىراقراق ماددىدۇر، خىلىت يېقىن ماددىدۇر.

سۇرەتى ھېسسىي ئۈچ تۈرلۈك بولغۇسىدۇر: قۇۋۋەت، ھەرىكەت ۋە روھتۇر. قۇۋۋەتمۇ ئۈچ تۈرلۈكتۇر: نەپسانىي، ھايۋانىي ۋە تەبىئىي. نەپسانىي ئالتە قىسىمدۇر: كۆرۈش، مەززە قىلىش، ئاڭلاش، پۇراش، قۇۋۋەت، ھەرىكەت. بۇ قىسىملار ئەزانىڭ سانى بىلەن باراۋەردۇر. قۇۋۋەت ـ ھەرىكەت ئۈچ تۈرلۈكتۇر. بۇلار: خىيال قىلىش، پىكىر قىلىش ۋە خاتىرىدۇر. ھايۋانىي قۇۋۋەت ئىككى خىلدۇر: ئاكتىپ ۋە پاسسىپ. تەبىئىي قۇۋۋەت ئۈچ خىلدۇر: ئىشلەپچىقارغۇچى، تەشكىل قىلغۇچى، سىڭدۈرگۈچى.

ھەرىكەت ـ قۇۋۋەتنىڭ مىقدارىمۇ نەپسانىي، ھايۋانىي ۋە تەبىئىي بولغۇسىدۇر. چۈنكى، ئەل ـ ئەفئال (ھەرىكەت ـ پائالىيەت) قۇۋۋەت بىرىنچىدۇر ۋە ھەرىكەت ـ قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئەل ـ ئەفئال قۇۋۋەت مىقدارى بىلەن ماس كەلگۈسىدۇر.

ئەرۋاھ ئۈچ تۈرلۈكتۇر: نەپسانىي، ھايۋانىي ۋە تەبىئىي. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەرۋاھ قۇۋۋەتنىڭ خادىمىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئەل ـ ئەفئال مىقدارى قۇۋۋەت مىقدارى بىلەن ماس كەلگەي. تەننىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە بىقارارلىقى بىرەر نەرسىگە باغلىقتۇر. مەسىلەن، سېمىزلىك سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتىدۇر، قىزىللىق

قانىنىڭ، سېرىقلىق سەپرانىڭ ئالامىتىدۇر. قان تومۇرنىڭ ھەرىكىتى ھايۋانىي كۈچنىڭ نەتىجىسىدۇر ياكى غەزەپ ھايۋانىي كۈچنىڭ، ئەفئال ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئىپپەت مۆتىدىل دەرىجىدىكى شەھۋەت قۇۋۋىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر، دانىشمەنلىك سۆزلىگۈچى روھىي ۋەزمىنلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر.

تەنىنىڭ بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا ئايلىنىشى زۆرۈرىي سەۋەب دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئالتە خىلدىن ئىبارەت: بىرىنچى، ھاۋا؛ ئىككىنچى، تائام؛ ئۈچىنچى، ھەرىكەت؛ تۆتىنچى، ئۇيقۇ ۋە ئويغاقلىق؛ بەشىنچى، كىشى تەبىئىتىنىڭ خۇشاللىقى ۋە مەيۈسلۈكى؛ ئالتىنچى، تەندىكى ئۆزگىرىشلەر، مەسىلەن، غەم، غەزەپ، خەۋپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش روھىي ھالەت. بۇلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر دەيدۇكى، ئادەم بۇلاردىن خالىي بولالمايدۇ، بۇلاردىن ھەربىرى ئىنسان تېنىدە ھەرىكەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇلارنىڭ بىرىدىن خاتا ھالدا پايدىلانسا، كېسەللىك ۋە ئىللەت پەيدا بولغۇسىدۇر. تەبىئەتتىن تاشقىرى ئۈچ تۈر باردۇر: ئۆزئارا ئوخشاش ئەزالارنىڭ كېسەللىك سەۋەبلىرى، ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان ئەزالارنىڭ كېسەللىك سەۋەبلىرى ۋە باغلىنىش بولماسلىقنىڭ سەۋەبلىرى.

ئەزالاردا ئۆزئارا ئوخشاش كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبى ياكى ئىسسىتما كېسىلى بولىدۇ: بىمارلىقتا سەۋەب بولغۇچى يارا (بۇمۇ بەش تۈرلۈكتۇر)، بىمارلىقتا سەۋەب بولغۇچى قۇرغاقلىق. بۇنىڭمۇ بىرى تۆت تۈرلۈكتۇر. ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئەزالار كېسەللىكىنىڭ سەۋەبلىرى ياكى خاپىلىقنىڭ سەۋەبلىرى، يارىتىلىشتا چۈشكەن بىمارلىقنىڭ

www.uyghurkitap.com

سەۋەبى، مىقدارى ياكى ئادەتتە چۈشكەن بىمارلىقنىڭ سەۋەبى بولىدۇ. يارىتىلىشتىكى بىمارلىقنىڭ سەۋەبى يا شەكىل بىمارلىقىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ، يا قورقۇش كېسەللىكىنىڭ سەۋەبى بولىدۇ ۋە بۇ يەتتە تۈرلۈكتۇر، بۇنىڭغا جاھىللىق سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈكتۇر. مىقدار بىمارلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈچ خىلدۇر، ئادەت بىمارلىقلىرىنىڭ سەۋەبى ئىككى خىلدۇر، ئەزالارنىڭ بوغۇن - بوغۇن بولۇپ ئېرىشى تۆت خىل بولىدۇ. كېسەللىك ئۈچ تۈرلۈكتۇر: ئوخشاش ئەزالارنىڭ كېسەللىكى، ئۆزئارا ئوخشاش بولغان ئەزالارنىڭ كېسەللىكى، ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان ئەزالارنىڭ كېسەللىكى. ئەزالارنىڭ بوغۇن - بوغۇن بولۇپ ئېرىشى مۇشتەرەك كېسەللىك دېيىلىدۇ. بۇنداق كېسەللىك ئوخشاش ئەزالارغا ۋە ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان ئەزالارغا چۈشىدۇ.

ئوخشاش ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرى سەككىز تۈرلۈكتۇر: بۇلارنىڭ تۆتى ساددا، تۆتى مۇرەككەپتۇر. تۆت سادىسى شۇلاردۇر: ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق؛ تۆت مۇرەككىپى شۇلاردۇر: ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق.

ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان ئەزالارنىڭ كېسەللىكلىرى تۆت خىلدۇر: تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ كېسەللىكى، مىقدار كېسەللىكى، ئەھۋال كېسەللىكى، ئادەت كېسەللىكى. تاشقى كۆرۈنۈش كېسەللىكى تۆت خىلدۇر: بۇ كېسەللىك شەكىلگە، ئايرىم ئەزالارنىڭ نۇقسانىغا، ئەسەبلەرگە، يۇمشىتىشقا كېلىپ چۈشىدۇ. مىقدار بىمارلىقلىرى ئىككى خىلدۇر: بىر نەرسىنى

تارتقۇزۇش يولى بىلەن كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، بىر ئەرسىگە زىيان كەلتۈرۈش بىلەن كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، ئەزالار ئەھۋالىنىڭ كېسەللىنىشىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ، يا بىر ئەزا ئۆز جايىدىن يوقىلىدۇ، يا باشقا ئەزالار بىلەن پاساتقا مايىل بولىدۇ. ئادەت بىمارلىقلىرىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ: يا كۆپىيىش يولى بىلەن كېسەللىك پەيدا بولىدۇ، يا كېمىيىش يولى بىلەن كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

بوغۇن ـ بوغۇن ئېرىش بولسا يا ئوخشاش ئەزالارغا، ياكى ئۆزئارا ئوخشاش بولمىغان ئەزالارغا، ياكى ھەر ئىككىلىسىگە چۈشىدۇ.

تاشقى بەلگە ئۈچ قىسىمدۇر، ھەرىكەتكە تەئەللۇق بولغان تاشقى بەلگە؛ كېسەلنىڭ تاشقى ئالامىتى ياكى قەيت قىلىشقا تەئەللۇق بولغان تاشقى بەلگە؛ ياكى ئېتىلىپ چىقىشتا پەيدا بولغان تاشقى بەلگە. ئەل ـ ئەفئالغا تەئەللۇق بولغان تاشقى بەلگە ئۈچ قىسىمدۇر: ئېتىلىپ چىقىشتا پەيدا بولغان تاشقى بەلگىمۇ ئۈچ قىسىمدۇر.

بىلىش كېرەككى، تېبابىي ئىلىم ئىككى قىسىمدۇر: نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت. مەن بۇ يەردە ئەمەلىيەت قىسمىنى بايان قىلدىم. ئەمدى بۇلارنىڭ ئەمەلىيەت قىسمىنى قانداق ئىزدەپ تېپىش كېرەكلىكىنى بايان قىلىمەن، ئۆزۈڭ كىتابتىن ئىزدىگەيسەن.

يۇقىرىدا سۆزلىگەنلىرىمنى جالىنۇس ھېكىم «ئون ئالتە ئۆگۈت» («ستتە ئەشەر») ناملىق كىتابىدا ئىزاھلايدۇ ۋە مۇكەممەل بايان قىلىدۇ، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرىنى بولسا «ئون ئالتە ئۆگۈت»دىن تاشقىرىدا ئىزاھلايدۇ. ئەمما ئىستىقسات

ئىلمى قانچە بولمىسۇن، تېۋىپقا كېرەكتۇر، بۇ ئىلىمنى «ئۇن ئالتە ئۆگۈت» مەجمۇئەسىگە كىرگەن «ئىستىقسات» كىتابىدىن ئىزدىگىن. مىزاج ئىلمىنى بولسا «ئۇن ئالتە ئۆگۈت» مەجمۇئەسىگە كىرگۈزۈلگەن «مىزاج» كىتابىدىن ئىزدىگىن، خىلىت ئىلمىنى «ئۇن ئالتە ئۆگۈت» مەجمۇئەسىگە كىرگۈزۈلگەن «قۇۋۋىتى تەبىئە» كىتابىدىكى ئىككىنچى ماقالىدىن ئىزدىگىن. تەبىئەتنىڭ قۇۋۋىتى ھەققىدىكى ئىلمىنى «ئۇن ئالتە ئۆگۈت»كە كىرگەن «ئەننەبز» كىتابىدىن ئىزدىگىن. نەپسانىيەت قۇۋۋىتى ھەققىدىكى ئىلىمنى «بۇقرات ۋە ئەپلاتون قاراشلىرى» كىتابىدىن ئىزدىگىن. بۇ كىتابنى يەنە جالىنۇسمۇ تەسنىپ قىلغان، «ئۇن ئالتە ئۆگۈت» كىتابىغا كىرمىگەن. ئەگەر شۇ ئىلىم يۈزىسىدىن كۈچلۈك ئالىم بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ ۋە ھەرقاچان ئىزدىنىشنى داۋاملاشتۇرساڭ، ئىستىقسات ۋە مىزاج ئىلمىنى «ئەل قەۋى ۋەل فەئاد» ۋە «ئەس سەمائى ۋەل ئالەم» كىتابلىرىدىن ئىزدىگىن. قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت ئىلمىنى ئارزۇ قىلساڭ، «ئەن ـ نەفس»، «ئەل ـ ھىس ۋەل ـ مەخسۇس» كىتابلىرىدىن ئەزالار ئىلمىنى «ئەل ـ ئىلەل ۋەل ـ ئەمراز ئەل ـ مەراز» كىتابىنىڭ بىرىنچى ماقالىسى «ئەل ـ ھەيۋان ۋە ئەقسامۇل ئەل ـ مەراز» كىتابىدىن ئىزدىگىن. بۇ كىتابمۇ «ئۇن ئالتە ئۆگۈت» كىتابىغا كىرىدۇ.

پەسىل. ئۇنىڭدىن كېيىن بىمارنى شېشە ئىچىگە كىچىك تەرەت قىلدۇرۇپ كۆرگىن. ئاندىن سۈيدۈكنىڭ رەڭگىگە قارىغىن، ئەگەر سۈيدۈك ئاق ۋە سۇزۇك بولمىسا، ئۇ كىشى بىر غەمدىن كېسەلدۇر. ئەگەر ئاق ۋە سۇزۇك بولسا، بىر جاراھەتتىن بولغان كېسەلدۇر.

ئەگەر سۈيدۈك گۈرۈچ رەڭدە بولسا، ئۇنىڭدا ئۇۋشاق نەرسىلەر بولسا، ئاشقازان كېرىلىش كېسەللىكىدۇر. ئەگەر سۈيدۈك ياغدەك كۆرۈنسە، شېشىنىڭ تېگىدە بىر سىرىق كۆرۈنسە، بۇ شۇ كېسەلنىڭ ئۆلۈمگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر زەپە رەڭگىدە بولسا، ئۇنىڭ كېسىلى ئىسسىتما ۋە سەپرادۇر، قان سەپرا بىلەن قوشۇلغان بولۇر. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستى سىرىق، تېگى قارا بولسا، ھۆجەيرىلەرنىڭ يىرىڭلىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، بۇنىڭغا دورا قىلمىغىن. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستى قارا، شېشىنىڭ ئاستى سىرىقلىقتا، كۆك رەڭگە مايىل بولسا، بۇنداق بىمار تۈزىلىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ سۈيدۈكى قىزىلغا مايىل قارا بولسا ياكى قان ئارىلاشقان بولسا، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلغىن. ئەگەر سۈيدۈكى قارا بولۇپ، ئۈستىدە قان بولسا، بۇنداق بىمارغا يېقىن يولىمىغىن، ئەگەر سۈيدۈكى قارا بولۇپ ، ئۇنىڭدا كېپەكتەك نەرسە پەيدا بولغان بولسا ياكى ئۈستىدە قان تۇرغان بولسا، ئۇ كېسەلدىن ئۈمىد ئۈزگىن. ئەگەر سۈيدۈكى سىرىق بولسا ئۇنىڭدا ئاپتاپتەك بىر نەرسە پارقىراپ كۆرۈنسە ياكى قىزىلغا مايىل سىرىق بولسا، كېسىلى قاندىندۇر، بۇ بىماردىن قان ئالساڭ تېزرەك تۈزىلىپ كېتۇر. ئەگەر سۈيدۈكى سىرىق بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاق سىزىقلار كۆرۈنسە، كېسەللىك تۈزىلىپ كېتۇر. ئەگەر سۈيدۈكى كۆك رەڭگە مايىل سىرىق بولسا، بۇ جىگەرنىڭ كېسەللىكىدۇر. ئەگەر سۈيدۈكى كۆك رەڭگە مايىل بولسا، ئۇنىڭدا كىچىك قۇرتتەك نەرسىلەر كۆرۈنسە بوۋاسىر كېسىلىدۇر.

سۈيـدۈكنى كۆرۈپ بـولغىنـىڭدىن كـېيىن كـېسەللـىكنـىـڭ تۈرلىرىنى ئىـزدىگىنـىكى، كېسـەللىكـنىڭ تۈرلـىرى كۆپتـۈر ۋە ھەممىسى بىر خىل بولمايدۇ.

پەسىل. ئەمدى گەرچە سۆز ئۇزىراپ كەتسىمۇ بۇ ئىلـمىنىـڭ ئىلمىي تەرەپلىرىنى بايان قىلـىپ ئۆتـىمەن، چۈنكـى، ئىلـىم ۋە ئەمـەل بىۋاسـتىلـىكتە بىـر-بىرىگـە جىسـىم ۋە روھتەكـتـۇر. جىسـىم روھسىـز، روھ جىسـىمسىـز بـولمىـغۇسىدۇر. ئـەگـەر داۋالاشنى ئارزۇ قـىلساڭ شـۇنى بىـلگىنـكـى، بىمـارنـى داۋالاش ئىككى خىل بـولۇر. شۇنـىڭ ئۈچۈن تـېـۋىپ تاكـى بـىمارنـىـڭ قۇۋۋىتىدىن، مىزاجىنىڭ ئەھۋالىدىن، ئىلـلەتنىـڭ سەۋەبىدىـن، بىمارنىڭ يېشىدىن، سۆزىدىن ۋە تەبىئىتىدىن ئاگاھ بولمىغۇچـە ھېچقاچان داۋالاشقا قول ئۇزاتماسلىقى لازىم.

بىمارنىڭ ئالامەتلىرى تۈرلۈكچە بولۇپ، ئۇلار تۆۋەنـدىكىچـە. ئەگەر بىمارنى كۆرگەن ۋاقىتىڭدا ئۇيقۇدا ياتقاندەك خىيال قىلساڭ ۋە سوئالىڭغا جـاۋاب بەرسە، ئەمـما سىنـى تونۇمـىسا، كۆزىـنـى يېرىم ئېچىپ يەنە يۇممىسا، بۇ يامان ئالامەتتۇر. ئەگەر ھوشسىز بولسا، قولىنى ھەر تەرەپكە ئۇرسا ۋە ياتقان جايىـدا ئىزتىـراپ ۋە يىغان چـەكسە يامـان ئالامەتتـۇر. ئەگەر بـىمار كۆزىنـىڭ ئىـقـى ئىلگىـرىكىگـە قارىغانـدا كۆپرەك ئاقىـرىپ كەتـسە ۋە قارىـسـى بـۇرۇنقىـدىـن زىيادە قارا بـولسا، تىـلىنى ئـاغزىنـىـڭ ئەتراپىـدا ئايلاندۇرسا، ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئالسـا، بۇمۇ يامـان ئالامەتتـۇر. ئەگەر بىمار ھەمىشە قەي قىلسا، رەڭگى قىزىـل، سېرىق، قـارا، ئومۇمەن ھەر تۈرلۈك رەڭگە ئايلانسا، بۇمۇ يامان ئالامەتتۇر.

بۇ ئېيتىلغان ئالامەتلەر قايسى بىماردا زاھىر بولسا، ئۇنىڭغا

داۋا قىلمىغىن، چۈنكى، پايدىسى يوقتۇر. قايسى بىماردا بۇ ئالامەتلەرنى كۆرمىسەڭ، ئۇنىڭ تۈزىلىشىگە ئۈمىد باغلىغىن.

پەسىل. شۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتقىن. ئەگەر تومۇرى قاتتىق سوقسا، قان غالىب ئىكەن، دەپ بىلگىن. ئەگەر قولىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئاستىدىكى تومۇرى قاتتىق سوقمىسا، يەنى سۇس، ئاستا سوقسا، بولغەم غالىبلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر قولىدىكى باش بارماقنىڭ تومۇرى تەرتىپسىز سوقسا، ئۇنىڭ مەيلى قايسى تەرەپكە كۆپرەك بولسا، ئاشۇ تەرەپكە ھۆكۈم قىلغىن.

بۇنى بىلگىنىڭدىن كېيىن، كېسەللىك تائام بىلەن كۆپايسە، دورا ۋە مەلھەم بىلەن تۈزىلىدىغان بولسا، مەجۇن ئىشلەتمىگىن ۋە دورا بېرىشكە جۈرئەت قىلمىغىن. بىمار تىنچلىق ۋە ئارامدىن تۈزەلسە، قەي قىلدۇرۇشقا ئارتۇقچە ھەرىكەت قىلمىغىن، ئەگەر كېسەلنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولسا، دورا قىلىشقا ۋە تىنچلاندۇرۇشقا مەشغۇل بولغىن. كېسەلنى ئەسلا قورقۇتمىغىن، كېسەللىكنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى داۋالىغىن. قورساق بەندىسى ۋە قانائەتسىز بىمارغا قاتتىق پەرھىز بۇيرۇمىغىنكى، ئۇ قوبۇل قىلمايدۇ. سەن ئۇنىڭ يېگەن تائامىنى يوق قىلىشقا ھەرىكەت قىل.

تېببىي ئىلمىنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىسى دورىنى ۋە كېسەلنى بىلىشتۇر. بۇ ئىلىم ھەققىدە كۆپ گەپ قىلىدىمكى، بەزى كىشىلەر ئۇزۇن سۆزلەشنى ياخشى كۆرۈشىدۇ.

ئەمدى پايدىلىق ئىلىم — ئىلمىنۇجۇمدۇركى، ئۇنى ئۆگىنىشكە ھەرىكەت قىل ۋە بۇ ئىلىم ناھايىتى پايدىلىقتۇر.

ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## ئىلمنۇجۇم (ئاسترونومىيە) ۋە ھەندەسە (گېئومېترىيە) ئىلمى باياندا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر مۇنەججىم بولماقچى بولساڭ، تىرىشىپ رىيازىيات (ماتېماتىكا) ئىلمى ئۇستىدە كۆپرەك مۇشەققەت چەككىن. چۈنكى ئىلمىي ئەھكام (ئىلمىي ھۆكۈم، يەنى پەلسەپە) ياخشى ئىلىمدۇر، ئۇنى پۈتۈنلەي بىلىپ بولغىلى بولمايدۇ ۋە ئۇنى توغرا بىلگەن، خاتا قىلمىغان ئادەم يوقتۇر. ئەمما، ھەر ھالدا ئەھكام ئىلمىنىڭ سەمەرىسى باردۇر. تىرىشىپ كۆر، تاكى ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى ياخشى بىلگىن. يۇلتۇزلارنىڭ تەقۋىم مۇقەددىمىسىنى توغرا تۈزگىن. يۇلتۇزلارنىڭ (تەلەي كەلتۈرىدىغان) ھەرىكەت يولىنى توغرا بىلگىن. ئەگەر يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت يولىنى ياخشى بىلسەڭ، بېشارەتنىڭ ئەسلىمۇ توغرا كەلگۈسىدۇر، تەخمىنىي پەرەزگە ئاساسلىنىپلا ھۆكۈم چىقارمىغىن.

نامۇدوروت (يۇلتۇز كۆزىتىش ئەسۋابى) ھېسابى توغرا چىققاندىن كېيىن يۇلتۇزلار ھالىتىدىن چىقارغان ھۆكمۇڭمۇ توغرا بولغۇسىدۇر.

مەسىلەن، تەلەي (يۇلتۇزنىڭ) چىقىشى ۋە تەلەي

دەرىجىسىدىن، ئاي ۋە ئايلارنىڭ بۇرجلىرىدىن ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئايغا قانداق يېقىنلىشىدىغانلىقىدىن خەۋەردار بولغىن. يەنە شۇنداق يۇلتۇزلارمۇ باركى، ئۇلارنىڭ چاقناپ تۇرۇشىدىن ئاگاھ بولغىن. بۇلار شۇنداق يۇلتۇزلاركى، خۇددى ئاق نەرگىسگۈلىگە ئوخشايدۇ ۋە خۇددى نەرگىسكە ئوخشاش بويسۇنغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلار يۇكسەك مەرتىۋە بەخت ـ سائادەت نىشانلىرى بىلەن تولغان ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتاپ بىلەن نامايان بولۇر. بۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن غاپىل بولمىغىن.

سەن بېشارەت قىلىشقا ئائىت جەدۋەلنى تۈزگەن ۋاقتىڭدا، يۇلتۇزلارنىڭ ھالىتىنى، شۇنىڭدەك نامۇدوروتنى، ئاي ۋە ئۇنىڭ چەمبەر يولىنى، غوجاڭغا تېگىشلىك بولغان ئاي چەمبىرىنىڭ بەلگىسىنى، چەمبەر بەلگىسى ۋە يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنى، قاچانغىچە بۇ بەلگىلەرنىڭ ھەربىر چەمبەردە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى ۋە قايسى خىلدا بولىدىغانلىقىنى، غوجىنىڭ خانىدانىدىكى موھتاجلىقنى ۋە بۇ موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇشنى كۆرسەتكۈچى ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ سىلجىشىنى، ئۇلارنىڭ نامودوروت دەرىجىلىرى ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈشىنى، ھەرىكەتسىز يۇلتۇزلارغا ھەرىكەتلىك يۇلتۇزلارنىڭ يېقىنلىشىشىنى ياكى دەرىجە ۋە ھەرىكەت بويىچە يۇلتۇزلارنىڭ تۇتۇلۇشىنى، دەرىجىنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى، چاقناپ تۇرغۇچى دەرىجىنى، يەنى قۇياش دەرىجىلىرىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، پەسىيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ جەدۋەل تۈزمىگىن، يوشۇرۇن سىرلارنى ئاچمىغىن، بۇ گەپلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئۇنتۇمىغىن.

ئون ئىككى بەلگە ۋە دەرىجىلەر، ئۈچ بۇرجەكلەر، چېگرا،

شەكىل، دۆلەت قۇياشىنىڭ پېتىشى، غەمخانە، شادلىق، ئاپەت، ئەۋج ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلەرنى بىلگەندىن كېيىن، بەخت ۋە تەلەيدىن خەۋەر بەرگۈچى خىلمۇخىل يۇلتۇزلارغا، بۇلۇتسىز ئاسمانغا قارىغىن، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھالىتىگە نەزەر تاشلىغىن، مەسىلەن، بەختلىك ۋە بەختسىز، ئىزگۈلۈك ۋە يامانلىق، ئىنتىلىش، يېقىنلىشىش ۋە تارماقلىنىش، نۇردىن يىراقلىشىش، يېقىنلىشىشتىن يىراقلىشىش، يېقىنلىشىش ۋە ئىتتىرىپ تاشلاش، نۇر بېرىش، پىكىر بېرىش، كۈچ بېرىش، ھەسسىنى بېرىش، كېلىشىنىڭ بۇزۇلۇشى، قارشىلىق، يارىتىش، قوشۇلۇش، ئۇلارنى زىيادە قىلىش سەييارە ھەرىكىتىنىڭ بەش تۈرىگە ئوخشاش بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئاگاھ بولغاندىن كېيىن ھۆكۈملەر توغرىسىدا سۆزلىگىن، شۇندىلا سېنىڭ ھۆكمىڭ توغرا بولغاي. بۇ جەدۋەلنىڭ ھۆكمى ئىجتىھاتلىق ئۇستازلار تەرىپىدىن شۇنداق ئەمگەك بىلەن مەيدانغا كەلگەنكى، بۇلار يېزىق بىلەن مەشھۇر بولغاندۇر. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىغانلار، كەڭ جاينىڭ يىغىندىسىنى كۆرگەندۇر. سەن ئۇنىڭ تەرتىپىنى ياخشىراق ئويلاپ كۆرگىن، يەنى خاتالىق يۈز بېرىپ قالمىسۇن. شۇنچە ئېھتىيات قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق ھۆكۈم قىلسام، شۇنداق بولىدۇ، دەپ مەغرۇرلانمىغىن ۋە سۆزگە ئىشەنمىگىن.

يوشۇرۇن پىكىرلەرنى سوراشسا، ئېيتىلىشى مۇمكىن بولغان ھەممە مەسىلىنى ئېيتمۇەرمە، شۇندىلا، ھۆكۈمىڭنىڭ ھەممىسى توغرا چىقىشى مۇمكىن.

تۇغۇلۇشقا كەلگەندە، مەن بۇنى ئۆز ئۇستازىمدىن ئاڭلىغانمەنكى، ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ئانىدىن

تۇغۇلغان ۋاقتى بولمايدۇ. ئەرنىڭ ئۇرۇقى ئانىنىڭ بەچچىدانىغا چۈشىدۇ ۋە بەچچىدان قوبۇل قىلىدۇ. مانا بۇ ئەسلىي تۇغۇلۇش دېيىلىدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇنىڭ بىلەن باغلىنۇر. بالا ئانىنىڭ بەچچىدانىدىن چۈشكەندىكى كۆرۈنۈشىنى بۈيۈك تەھۋىلى كۈبرا (ئەڭ ئۇلۇغ نەرسىنىڭ بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە كۆچۈشى، ئۆزگىرىشى) دەيدۇ، تەھۋىلنىڭ يىلدىن – يىلغا ئۆتۈشىنى ئوتتۇرا ھال تەھۋىل دەيدۇ. ئەركەكنىڭ ئۇرۇقىدا نىمە كۆرۈنسە ئانىنىڭ قورسىقىغىمۇ ئاشۇ نەرسە ئۆتىدۇ...

بۈيۈك تەھۋىلى كۈبرادىكى (كۈن ۋە ئاينىڭ) كۆرۈنۈشىنى بۇرۇنقى ئۇستازلارنىڭ يولى بويىچە بايان قىلغىن، شۇنىڭدىن كېيىن قانداق ھۆكۈم قىلساڭ، يۇقىرىدا ئېيتقىنىمدەك قىل. ئەگەر ۋاقىت مەسىلىسىنى سوراشسا، نامۇرودوتىغا قارىغىن ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىگە قارىغىن، ئاندىن ئايغا ۋە ئاينىڭ بۇرجىغا، ئۇنىڭ ئىگىسىگە ھەمدە ئايغا يېقىنلىشىپ بارىدىغان يۇلتۇزغا، ئايغا ئۇدۇل بولغان يۇلتۇزغا قارىغىن، بۇنى يا ئاي تولۇن بولغاندا، ياكى تىكلەشكەندە تاپۇرسەن. ئەگەر ئاي تىكلەشكەندە بىردىن ئارتۇق يۇلتۇز كۆرسەڭ، كىمنىڭ ئۈستۈن تۇرغانلىقىنى، كىمنىڭ تەلەيلىكلىكىنى ئاشۇ يۇلتۇزغا قاراپ ئېيتقىن، شۇندىلا سەن توغرا گەپ قىلغان بولغايسەن.

پەسىل. مەن ئەھكام سۆزلىرىدىن بەزىلىرىنى بايان قىلدىم. ئەمدى، ئەي پەرزەنت، ئەگەر مۇھەندىس ۋە تانابچى بولساڭ، ھېسابنى ياخشى بىلگىن. زىنھار بىر سائەت ھېسابىنىمۇ تەكرارلاشتىن خالىي ئۆتكۈزمىگىن، چۈنكى، ھېساب شىددەتلىك



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىلىمىدۇر. ئەگەر ھەرقاچان يەر ئۆلچىسەڭ، بۇرجەكلەرنى ئېنىقلا، ئەگرى - بۈگرى شەكىللەرنى خار قىلمىغىن، «بۇنى ئۆلچەيمەن، باشقىلارنى تەخمىنەن بىلىمەن» دېمىگىن، چۈنكى، ئۆلچىگەن ۋاقىتتا كۆپ پەرقلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇرجەكلەرنى ياخشى بىلىشكە ھەرىكەت قىلغىن، چۈنكى، مېنىڭ ئۇستازىم ھەرقاچان ماڭا: «ئەي پالانى، ھېسابلاشتا بۇرجەكلەردىن غاپىل بولماسلىققا ھەرىكەت قىل، يايسىمان بۇرجەكلىرى بولغان كۆپ تەرەپلىك شەكىللەرنى ۋە بەزى بۇرجەكلەرنى ئۆلچەشتە چوڭ پەرق كېلىپ چىقىدۇ» دەيتتى.

ئەگەر بىر شەكىل ساڭا قىيىن بولۇپ كۆرۈنسە ۋە مەلۇم بولمىسا، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى تەخمىنەن قىلمىغىن. (بۇنداق شەكىلنىڭ) ھەممىسىنى ئۈچ بۇلۇڭ ياكى تۆت بۇرجەك (كىۋادرات) شەكلىگە كەلتۈرۈپ ھېسابلا، چۈنكى، ھەربىر شەكىلنى شۇنداق قىلسا بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىرىنى توغرا ئۆلچىسەڭ، ھېساب توغرا چىقىدۇ. بۇ بابتا ئېيتماقچى بولغان سۆزۈم كۆپ ئىدى، ئەمما زۆرۈرلىرىنىلا ئېيتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز بەشىنچى باب

## شائىرلىق قائىدىلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر شائىرلىق قىلماقچى بولساڭ، تىرىشقىن، تاكى سۆزۈڭ ئاسان ۋە پايدىلىق بولسۇن، چۈشىنىكسىز ۋە مۇشكۇل سۆز ئىشلىتىشتىن ساقلانغىن ۋە ئۆزۈڭ بىلىپ، باشقىلار ئۇنىڭ شەرھىگە موھتاج بولغۇدەك سۆزنى ئېيتمىغىن، چۈنكى، شېئىر ئېيتقان كىشى خەلق ئۈچۈن ئېيتۇر ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئېيتماس. بىر خىل ۋەزىن ۋە بىر خىل قاپىيەگە قانائەت قىلمىغىن، سەنئەتسىز ۋە تەرتىپسىز شېئىر ئېيتمىغىن. شېئىردا ئاھاڭ، مۇڭ بولسا ۋە ۋەزنى تولغان بولسا، ياخشى بولۇر. شائىرلارنىڭ رەسمى ئادىتىگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ سەنئەتلىرىدىن غاپىل بولمىغىن، شائىرلارنىڭ زۆرۈر ئۇسۇللىرى شۇلاردىن ئىبارەت: مۇزەۋۋەج (بىرلەشتۈرگۈچى)، مۇجانىس (ئوخشاش)، مۇشاكىل (شەكىلداش)، مۇكەررەر (تەكرار)، مۇسەممەت، مۇستەۋى (تەڭ)، مۇشابىھ (ئوخشاش)، مۇزمار (يوشۇرۇن)، مۇلەۋۋەن (بويالغان)، مۇۋەسسەل (ئۇلانغان)، مۇقەتتەئى (كېسىك)، مۇستەزاد (قارىمۇقارشى)، مۇستەئار (كۆچمە مەنىلىك)، مۇزدەۋەج (بىرلىشىش)، مۇۋازەنە (باراۋەرلىك)، مۇزمىن (كونىرىغان، ھەرىكەتتىن قالغان)، مۇسەججەئى (قاپىيەداش)، مۇۋەششەھ (زىنىنەتلەنگەن، بېزەلگەن)،

مەۋسۇل (قوشۇلغان)، مۇخەللەئى، مۇستەھىيات (كۆپتۈرمەك)، مۇستەھىل (مۇمكىنسىزلىك)، زۇقافىيەتەين (قوش قاپىيەلىك)، رەجەزى مەقلۇب (لەشكىرىي مەزمۇندىكى شېئىرلارنى تەنتەنىلىك ئوقۇش)، مەقلۇب (ئۇدۇل)، مۇتابىق (ئۇيغۇن)، مۇتەشابىھ (ئوخشىتىش)، مۇرەددەف (رادىپلىق) ۋە بۇلارغا ئوخشاشلار.

ئەمما سۆزۇڭنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئارزۇ قىلساڭ ئوت، يالقۇن (كىنايە، ئىستىھزالىق) سۆزلەرنى ئىشلەتمىگىن، لېكىن باشقىچە قىلىپ، يەنى مۇمكىنقەدەر سۆزنى ئىستىئارەت شەكلىدە ئىشلەتكىن ۋە كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى مۇمكىن بولغان تىل بىلەن بايان قىلغىن. مەدھىيەدە ئىستىئارەتنى ئىشلەتكىن، ئەگەر غەزەل يازماقچى بولساڭ، ئاسان، راۋان ۋە يېنىك سۆزلەر بىلەن يازغىن ۋە مەشھۇر قاپىيەلەر بىلەن بېزىگىن، سوغۇق ۋە غېرىب ۋەزنلەر، قاپىيەلەرنى قوللانمىغىن، ئاشىقانە، يېنىك سۆزلەرنى قولدىن بەرمىگىن ۋە ياخشى مەسىلىلەرنىمۇ ئۇنتۇمىغىن. شۇنداق يازساڭ، تاكى خاس ۋە ئاۋامغا خۇش كۆرۈنۈپ، شېئىرىڭ مەشھۇر بولغاي.

ئېغىر ۋەزىن ۋە ئارۇز بىلەن ئېيتمىغىن، چۈنكى، ئارۇز ۋە ئېغىر ۋەزىن سوغۇق (تەبىئەتلىك)، يېنىك تىل ھەممىدە چوڭقۇر مەنىدىن ئاجىز بولغان ئادەملەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر بىرەر كىشى ئارۇز ۋەزنىگە تەلەپكار بولسا، بۇ ۋەزىندە شېئىر يېزىشىڭ مۇمكىن. ئەمما ياخشى شېئىرنى شائىرلىق، لەقەملەر ۋە نەق ئىلمى بىلەن ئۆگەنگىن. تاكى ئەگەر شائىرلارنىڭ ئارىسىدا مۇنازىرە بولسا، يا سېنىڭ بىلەن بىر كىشى پىكرىنى ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق سۆزلىسە، ياكى سېنى سىناپ كۆرسە، ئاجىز

www.uyghurkitap.com

بولمىغايسەن. ئارۇزنىڭ دائىرىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ نامىلىرىنى، دائىرىلەردە پەيدا بولىدىغان بەھرىلەرنىڭ نامىلىرىنى بىلگىن.

ھەرقانداق سۆزنى شېئىردا قوللانماقچى بولساڭ، مەدھىيە، غەزەل، ھەجۋىي ياكى مەرسىيە يازماقچى بولساڭ، سۆزنى پۈتۈن ۋە مۇكەممەل ئىشلەت، ھەرگىز سۆزنى يېرىم - يارتا ئىشلەتمىگىن. نەسردە ئىشلىتىلگەن سۆزنى نەزمدە ئىشلەتمىگىن؛ چۈنكى، نەسرىي سۆز پۇقرالار مەنزىلىدۇر، نەزم بولسا پادىشاھ مەرتىۋىسىدىدۇر. ئەگەر بىرەر نەرسە پۇقرالارغا لايىق بولمىسا، پادىشاھقىمۇ لايىق ئەمەستۇر.

غەزەلنى گۈزەل ۋە راۋان يازغىن، مەدھىيە ئوقۇشتا كۆچلۈك قىزغىنلىق ۋە ھەممەتلىك بولغىن. ھەر ئادەمگە لايىق سۆزنى ۋە ھەر كىشىنىڭ قەدرىگە مۇۋاپىق شېئىرنى بىلىپ يازغىن. ھەر ئادەمدە قەھرىمانلىق بولمىسا، ئۇنى شىجائەت ۋە باھادىرلىق سۈپىتىدە تەسۋىرلىمىگىن ۋە ئەگەر ھەر ئادەمكى بېلىگە پىچاق ئاسمىغان بولسا، ئۇنىڭغا شەمشەر بىلەن شىرنى ئۆلتۈرۈرسەن، نەيزە بىلەن بىستۇن تېغىنى پەلەكتىن ئاشۇرۇرسەن، ئوقنى چۇمۇلە كۆزىدىن ئۆتكۈزۈرسەن، دېمىگىن. ھەر ئادەمكى ئېشەككە مىنمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا سەن دۇلدۇلنى، بۇراق (رىۋايەتلەردىكى ھەزرىتى مۇھەممەد مىئىراج كېچىسى كۆككە مىنىپ چىققان ئۇچار ئات)نى ۋە تۇلپارنى ياخشى مىنەرسەن، دېمىگىن ۋە ھەر كىشىگە مۇناسىپ سۆزنى ئېيتقىن. ئەمما شائىرغا ماختىلىۋاتقان كىشىنىڭ تەبىئىتىدىن ئاگاھ بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قانداق سۆز خۇش كېلىدىغانلىقىنى بىلىش ۋاجىپتۇر. ئۇنىڭ خاھىشىغا لايىق مەدھىيە قىلغىن. شۇنىڭدىن كېيىن

ئۇنىڭ ئىنئامىدىن قانچىلىك تەلپىڭ بولسا، شۇنچىلىكنى كۆزدە تۇتقىن ۋە ھەممىتىڭنى تۆۋەن تۇتمىغىن، ھەر قىسسەدە ئۆزۈڭنى بەندە ۋە خادىم دەپ كۆپ ئېيتمىغىن، ئەگەر مەدھىيەلىگەن كىشىڭ شۇ سۆزگە لايىق بولسا، ئېيتقىن. ھەجۋىي قىلىشنى ئادەت قىلمىغىنىڭ، يامان بولۇر. گەرچە شېئىردا مۇبالىغە ۋە يېڭىلىتماقنى ياخشى دېيىشسىمۇ، ئەمما يەنىلا يېڭىلىتماقنى ھەددىدىن ئاشۇرمىغىن، دوستلارنىڭ، ئۇلۇغلارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى ۋاجىپ دەپ بىلگىن. ئەمما غەزەل ۋە مەرسىيەنى بىر خىل تەرىقىدە، ھەجۋىي ۋە مەدھىيەنى بىر ئۇسلۇبتا يازمىغىن. ھەرقاچان بىر كىشىنى نەقىل قىلساڭ ۋە ماختىساڭ، مەدھىيەنىڭ ئەكسى ھەجۋىي بولۇر. غەزەل ۋە مەرسىيەدىمۇ شۇنداقتۇر.

ھەرقانداق نەرسە يازماقچى بولساڭ، خاھىشىڭ بىلەن يازغىن ۋە باشقىلارنىڭ سۆزىنى تەكرارلىمىغىن. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەبىئىتىڭ ئېچىلمىغاي، شېئىر مەيدانى سەن ئۈچۈن كەڭ بولمىغاي ۋە شېئىر يېزىشتا ئاۋۋالقى ئەھۋالىڭدا قالۇرسەن.

تاۋۇڭ ئېچىلىپ، شائىرلىقتا قادىر ۋە ماھىر بولغىنىڭدىن كېيىن ئەگەر بىر يەردىن بىرەر غارايىپ مەنىلىك سۆز ئاڭلىساڭ ۋە ئۇ سۆز ساڭا خۇش كەلسە، ئۇنى ئېلىپ باشقا بىر يەردە ئىشلەتمەكچى بولساڭ (ئۇ سۆزنى ئىشلەتتىم دەپ) كىبىرلىك قىلمىغىن، يەنى پەلىپەتىش گەپنى ئىشلەتمىگىن... ئەگەر ئادەملەرنىڭ سۆزى ئۆزىنى مەدھىيەلەش بىلەن باغلانسا، سەن ئۇلارنىڭ ماختاشلىرىغا قارشى ئۇ سۆزنى ھەجۋىيدە كەلتۈرگىن.

ئەگەر ئۇ غەزەلدە بولسا، سەن مەرسىيەدە كەلتۈرگەن، ئاكى كىشى بۇ سۆزلەرنىڭ قايسى يەردىن ئېلىنغانلىقىنى بىلمەي قالسۇن.

ئەگەر ماختىنىش قەستىدە بولساڭ ۋە بازار ئىشىنى قىلساڭ تەلەيسىز ۋە ئىپلاس كىشى بولمىغىن. نادىر ھېكايەتلەرنى ۋە كۈلكىلىك سۆزلەرنى ئەستە ساقلىغىن. چۈنكى، ماختانچاقنىڭ ئالدىدا شائىرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىسى يوقتۇر.

ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## ھايىزلىق ۋە سازەندىلىك قائىدىلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر ھايىز بولساڭ، خۇشپېئىل، يېقىملىق بول، ھەمىشە پاك، خۇش چىراي ۋە شېرىن تىللىق بولغىن ۋە ئۆز ئىشىڭغا مەشغۇل بولغىن، يارىماس خۇلقلۇق، قوپال بولمىغىن. ھەرقاچان ئېغىر مۇزىكىلارنى چالمىغىن، چۈنكى، بارلىق مەشىق ۋە ئاھاڭنى بىر خىلدا چېلىش شەرت ئەمەستۇر، چۈنكى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر خىلدا بولمايدۇ، يەنى خەلق خىلمۇخىل بولۇر. شۇ ۋەجىدىن بۇ پەننىڭ ئۇستازلىرى سەنئەتكە شۇنداق تەرىپ بېرىشەركى، ئاۋۋال پادىشاھلار مەجلىسى ئۈچۈن ناھايىتى راۋان داستانلار تۈزۈشكەن، ئاندىن ۋەزىنسىز ئېغىر بىر ئاھاڭ تۈزۈشكەنكى، ئۇنى ئىككى ناخشا بىلەن ئېيتسا بولۇر ۋە ئۇنىڭغا ئېغىر ئاھاڭ دەپ ئات قويۇشقاندۇر. بۇ ئاھاڭ قېرىلارنىڭ ۋە دانالارنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلۇر ۋە بۇ ئاھاڭنى مەزكۇر قوۋم ئۈچۈن تۈزۈشكەن. ئاندىن كۆرۈشتىكى، خەلقنىڭ ھەممىسى قېرىلار ۋە دانالار ئەمەستۇر. شۇنىڭدىن كېيىن شوخ يىگىتلەر ئۈچۈن بىر ئاھاڭ تۈزۈشتى. ئاندىن يەڭگىلرەك ۋەزىندىكى شېئىرلار ئۈچۈن يەڭگىل ئاھاڭلارنى تۈزۈپ، ئۇلارغا «يەڭگىل ۋەزىن» دەپ نام قويۇشتى، ئېغىر ئاھاڭدىن كېيىن بۇ يەڭگىل ئاھاڭنى چالدىغان

www.uyghurkitap.com

بولۇشتى. سازەندىلەر قېرىلارمۇ، يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولسۇن، دېيىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ياش ئوغلانلار ۋە مۇلايىم تەبىئەتلىك ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭدىن بەھرىسىز قېلىشتى. مەزكۇر كىشىلەر ئۇچۇن تاكى بۇ قوۋم بەھر ئالسۇن ۋە راھەت تاپسۇن دەپ ئۇلارغا ئاھاڭ ئىجاد قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى، چۈنكى، ھەممە ۋەزىنلەرنىڭ ئارىسىدا ئاھاڭدىن يېنىكرەك ۋەزىن يوقتۇر. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىردەك قىلىپ چالغىن ۋە بىر خىلدا كۈيلىمىگىن، مېنىڭ بايان قىلغىنىمدەك چېلىپ ئېيتقىن. بەس، ھەممە ئۇلۇس سېنىڭ سازىڭدىن، ئاۋازىڭدىن بەھرىمەن بولسۇن.

بىر مەجلىستە ئولتۇرساڭ، مەجلىس ئەھلىگە قارىغىن، ئەگەر ئاڭلىغۇچى قىزىل يۈزلۈك ۋە ماش ـ گۈرۈچ ساقاللىق بولسا، داۋاملىق نازۇك تار بىلەن چالغىن؛ ئەگەر سېرىق يۈزلۈك بولسا، بوش تار بىلەن چالغىن؛ ئەگەر قارا يۈزلۈك، ئازغۇن ۋە سەۋدايى بولسا، كۆپرەك ئۈچ تار بىلەن چالغىن، ئاق سېمىز كىشى بولسا، كۆپرەك بوم تار بىلەن چالغىن، چۈنكى، بۇ سازنى ئادەمنىڭ تۆت خىل مىزاجى ئۈچۈن پەيدا قىلىشقاندۇر. بۇ ئېيتقانلىرىمدا شېئىر ئېيتىش شەرتى ۋە قائىدىسى يوقتۇر، ھاپىزلىق قىلساڭ، شېئىر يېزىشنىمۇ بىلسەڭ، ئۆز شېئىرىڭنى ئېيتىشقا ھېرىس بولمىغىن، چۈنكى، سېنىڭ شېئىرىڭ ئۆزۈڭگە خۇش كەلسىمۇ، باشقىلارغا خۇش كەلمەسلىكى مۇمكىن، چۈنكى، ھاپىزلار خەلق شېئىرىنىڭ ئۇستىسىدۇر، ئۆز شېئىرىنىڭ ئەمەس.

ئەگەر سېنى بىر مەجلىسكە ئېلىپ بېرىشسا، ئۇ يەردە ئىككى

كىشى شاھمات ئوينالپ ئولتۇرغان بولسا، گەرچە سەن شاھماتچى بولساڭمۇ، ھاپىزلىقنى تەرك ئېتىپ، ئۇلارنىڭ تەلىم ۋە تاماشىسىغا مەشغۇل بولما، چۈنكى، سېنى ھاپىزلىق ئۈچۈن ئېلىپ كېلىشكەن، شاھماتچىلىق ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئەمەس.

ھەرقانداق بىر ناخشىنى ئۆگەنسەڭ، ۋەزنىدىن غاپىل بولمىغىن، ۋەزنىسىز ئاھاڭ ئېيتمىغىن ۋە غەزەل ئېيتمىغىن. كۈيلەيدىغان ۋاقتىڭدا ناخشاڭ باشقا جايدىن، سۆزۈڭ باشقا جايدىن چىقمىسۇن. ئەگەر بىر كىشىگە ئاشىق بولساڭ، پۈتۈن كۈننى باشتىن ــ ئاخىرىغىچە ئۆزۈڭگە خۇش كەلگەن غەزەلنى ئېيتىش بىلەن ئۆتكۈزمىگىن، (بۇنداق غەزەل) ئۆزۈڭگە خۇش كەلسىمۇ، باشقىلارغا خۇش كەلمىگۈسىدۇر. ھەربىر ناخشىنى باشقا بىر مەنىدە ئېيتقىن.

شېئىر ۋە غەزەلنى كۆپ ياد بىلگىن ۋە ھەر تۈرلۈك شېئىر يېزىشنى ئۆزۈڭگە لازىم دەپ بىلگىن. ھەرقاچان ئۆزۈڭگە مۇناسىپ كېلىدىغان غەزەللەرنى ئوقۇغىن: باھاردا خازانغا مۇناسىپ، خازاندا باھارغا مۇناسىپ، قىشتا يازغا مۇناسىپ ۋە يازدا قىشقا مۇناسىپ غەزەللەرنى ئوقۇمىغىن.

ھەرقانچە ئۇستا بولساڭمۇ مەجلىس ئىچىدىكى ئۆلپەتلەرگە قارىغىن، ئەگەر مۆزىكىدىن زوق ئالغۇچى قېرىلار ۋە خاس ئادەملەر بولسا، سازەندىلىك قىل، ياخشى ئاھاڭلارغا ۋە ناۋالارغا چالغىن. قېرىلىق ۋە دۇنيانىڭ يامانلىقى ھەققىدە كۆپرەك ناخشا ئېيتقىن. ئەگەر مەجلىس ئەھلى ياش يىگىتلەر بولسا، يەڭگىل كۈيلەرنى كۆپرەك چالغىن ۋە ئاسان ناخشىنى ئېيتقىن. ئەگەر مەجلىس ئەھلى سىپاھلار ۋە باھادىرلار بولسا، ئۇرۇش قىلىشقا،

قەھرىمانلىققا ۋە ھىيلە ئىشلىتىشكە ئائىت مەخسۇس شېئىرلارنى ئوقۇغىن. بۇ ۋاقىتتا چوڭ كۆيلەردىن ئىدراك، نەۋا، پەرياد ۋە بۇلارغا ئوخشاشلارنى چالىمەن دەپ مەجلىسنى سوۋۇتمىغىن. يەنە دىققەت قىلىپ قارىغىنكى، مەزكۇر بەزمىدە ھەر كىشى قايسى ئاھاڭنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇ كىشىگە كەلگەن چاغدا ئۇنى ئېيتقىن. ئۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ئادەملەردىن بىرەر نەرسە ئۈمىد قىلساڭ، شۇنى تاپىسەن، چۈنكى، ھاپىزلىق ياخشى ھۈنەردۇركى، ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئالۇرسەن.

ھەر مەجلىستە بولساڭ، ئىچىملىكنى ئاز ئىچكىن، چۈنكى سەن تەڭگە ئېلىشىڭ لازىم. تەڭگىدىن قانچىلىك بېرىشسە رازى بولغىن. ھەرگىز بۇرادەرلەر بىلەن جاڭجال قىلمىغىن ۋە ئىشرەت ئەھلى مەست بولغان ۋاقىتتا سەن ئۆز دوستلىرىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە كىرىشكىن، چۈنكى، تەڭگە بۇ ئىشتىن ھاسىل بولۇر.

ھاپىز بولساڭ قىيقاسچى بولمىغىن، تاكى قىيقاس سەۋەبىدىن ھاپىزلىق تەڭگىسى قولۇڭدىن كەتمىسۇن ۋە بېشىڭ يېرىلىپ، تونۇڭ يىرتىلىپ، تەمبۇرۇڭ سۇنۇپ ئۆيۈڭگە قايتىپ بارمىغىن، چۈنكى، ھاپىزلار مەستلەرنىڭ مەدىكارى بولۇر. قىيقاس سالىدىغان ۋە تارتىنمايدىغان مەدىكارغا ھەق بەرمەيدۇ.

ئەگەر مەجلىستە بىر ئادەم سېنى ماختىسا، تەرىپلىسە، سەن ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكىن ۋە ئۇ قايسى ناخشىنى خالىسا شۇنى ئېيتقىن، تاكى باشقىلارمۇ سېنى تەرىپلىسۇن، مەست بولغاندىن كېيىن ئۇ تەرىپكە لايىق تەڭگە بېرىشسۇن. ئەگەر مەستلەر بىر يولىلا ناخشا ئېيت دېيىشسە، ئۇنى ئېيتىش ساڭا

مالال كەلمىسۇن، ھەرقانداق نەرسە بۇيرۇسا، شۇنى چالغىن ۋە شۇنى ئېيتقىن، چۈنكى، سازەندىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ھۈنىرى مەستلەرنىڭ ئىشىغا سەۋر قىلىشتۇر. ئەگەر سەۋر قىلىشمىسا مەدىكارلىق ئىنئامىدىن مەھرۇم بولۇر. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سازەندە قارىغۇ، گاس ۋە گاچا بولغاي، يەنى ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغاي ۋە كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرگە كۆز سالمىغاي، مۇنداق سازەندە ھەمىشە ئۆي ئىگىسىدەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇسىدۇر!»

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## پادىشاھقا خىزمەت قىلىش بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر پادىشاھ خىزمىتىگە ئۆتۈپ، خاسلار جۈملىسىگە قوشۇلساڭ، پادىشاھ سېنى ئۆزىگە ھەرقانچە يېقىن تارتسىمۇ، بۇنىڭغا مەغرۇرلىنىپ كەتمىگىنكى، ئۇنىڭ يېقىنلىشىشىدىن يىراقلىشىشىنى ياخشى كۆرگىن. ئەمما ھەر تۈرلۈك خىزمەتتىن قاچمىغىن، چۈنكى، پادىشاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ئاخىرى يىراقلىقتۇر. ئەگەر پادىشاھ سېنى ھەرقانچە خاتىرجەم قىلسا، سەن ئۇنىڭدىن خاتىرجەمسىزرەك بولغىن ۋە ھەددىڭدىن ئەسلا ئاشمىغىن، چۈنكى سېنىڭ سەمرىشىڭ ئۇنىڭ قورىتى بىلەن ۋە ئۆلۈمۈڭمۇ ئۇنىڭ تىغى بىلەن بولغۇسىدۇر. ھەرقانچە ئەزىز بولساڭمۇ، ئۆز ھەددىڭنى بىلىشتىن غاپىل بولمىغىن. پادىشاھنىڭ مۇرادىدىن باشقا سۆزنى ئېيتمىغىن. ھەربىر سۆز ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلمىغىن، چۈنكى، ھەر ئادەم پادىشاھ بىلەن مۇنازىرە قىلسا، ئەجىلىدىن بۇرۇنراق ئۆلگۈسىدۇر. ئۆتكۈر تىغقا مۇشت ئېتىش بەربىر ئەخمەقلىقتۇر.

پادىشاھقا ياخشىلىق قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدىگىن، تاكى ئۇمۇ ساڭا ياخشىلىق قىلغاي. ئەگەر پادىشاھقا يامانلىقنى ئۆگەتسەڭ، ئۇ يامانلىقنى ئالدى بىلەن ساڭا قىلۇر.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئەمىر فەزلۇن بىسسۇۋار ئىبن ھامان گەنجەدە پادىشاھلىق قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ ئوردا كاتىپلىرىدىن دىلىم ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن تولىمۇ يېقىن ئۆتەتتى. مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ھەرقانداق بىر كىشى گۇناھ سادىر قىلىپ زىندانغا تاشلاشقا توغرا كەلسە، ئەمىر فەزلۇن ئۆزى شۇ كىشىنى تۇتۇپ زىندانغا سالاتتى. دىلىم دائىم فەزلۇنغا: «ئادەملەرگە ئازار بېرىشنى ئۆزۈڭگە خوپ كۆرمە. ئەگەر ئازار بەرمەكچى بولساڭ، ئۆلتۈرۈۋەت» دەپ مەسلىھەت بېرەتتى. ئەمىر فەزلۇن دىلىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇلۇغلاردىن نەچچىلىگەن كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. كۈتۈلمىگەندە دىلىم بىر گۇناھ سادىر قىلدى. فەزلۇن ئۇنى زىندانغا سېلىشقا بۇيرىدى. دىلىم كىشى ئەۋەتىپ: «نەچچە مىڭ دىنار بېرەي، مېنى ئۆلتۈرمىسۇن» دېدى. فەزلۇن: «ئازار يەتكەن كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى سەندىن ئۆگەنگەنىدىم» دەپ جاۋاب ئېيتىپ دىلىمنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. دىلىمنىڭ باشقىلارغا يامان ئىش ئۆگەتكىنى بۇرنىدىن چىقتى. يامانلىق قىلىپ ياخشى ئاتاقنا ئېرىشكەندىن، ياخشىلىق قىلىپ يامان ئاتاقنا ئېرىشكەن ياخشىدۇر.

ئەي پەرزەنت، بارلىق ئارزۇلارنىڭ ئاخىرىنى نۇقسان دەپ بىل، دۆلەتكە دۇم چۈشمىگىن. پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھۆرمەتلىك بولغىن، چۈنكى نېمەت ھەشەمەتتىدىن كېيىن زىيادىرەك بولۇر، پادىشاھ خىزمىتىنىڭ ئىززىتى دۆلەتمەنلىكتىن زىيادىدۇر. ئەگەر پادىشاھنىڭ ئەمەلىدە ھەرقانچە سەمىرسەڭمۇ ئۆزۈڭنى ئورۇق كۆرسەتكىن، تاكى ئەمىن

www.uyghurkitap.com

بولغايسەن. كۆرگىنىكى، ئورۇق قوي ئۆلۈمدىن ئەمىن بولۇر. دەرھەم ئۈچۈن پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى تەرك ئەتمىگىن، چۈنكى دەرھەم گۈلدەك رەڭدار، خۇشبۇي، مەشھۇر ۋە ئەزىزدۇر، ۋە لېكىن ئۆمرى گۈلنىڭ ئۆمرىدەك مەڭگۈلۈك ئەمەستۇر ۋە يارامسىزدۇر. پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھەرقانچە كۆپ دەرھەم يىغسالىڭ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى يوقتۇر. پادىشاھنىڭ خىزمىتى دەرھەم پايدىسىنىڭ سەرمايىسىدۇر. بەس، پايدا تىلەپ سەرمايىنى قولدىن بەرمىگىن، چۈنكى سەرمايە ئۆز جايىدا تۇرسا، ھەمىشە پايدا ئۈمىدى باردۇر. ئەمما سەرمايە قولدىن كەتسە، پايدا ئۈمىدى يوقىلىدۇر.

ھەربىر ئادەم دەرھەمنى ئۆزىدىن ئەزىز كۆرسە، ئەزىزلىكتىن خارلىققا چۈشكۈسىدۇر. ئەزىز ئادەمنىڭ مال جەملەشكە رىغبەت قىلغىنى ئۆزىنى ھالاك قىلغىنىدۇر. مالنى ئۆلچەم ۋە ئەندىزە بىلەن جەم قىلغىن ۋە باشقا خەلقنىمۇ ئۇنىڭدىن نېسىۋە بەرگىن. پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئۇلۇغ مەرتىۋە تاپقاندىن كېيىن ھەرگىز پادىشاھقا خىيانەت قىلمىغىن، ئەگەر خىيانەت قىلساڭ ئۇ مەرتىۋىدىن چۈشكۈنىڭدۇر ۋە خارلىق دامىغا ئىلىنغىنىڭدۇر، چۈنكى، ئەگەر ئۇ كىشىگە مېھنەت ۋە خارلىق كەلمىسە ئىدى، ئۆز يېقىنلىرى باراۋىرىدە ياخشىلىق قىلغان كىشىگە يامانلىق قىلماس ئىدى.

ھېكايەت:

ئەمىر فەزلۇن بىسسۇۋار بىركۈنى ئۆزىنىڭ خاس ھاجىب ئەبۇ ئەسىرنى بۇردا ۋىلايىتىگە ئەمىر - لەشكەرلىككە

ئەۋەتمەكچى بولدى. ئەبۇ ئەسىر ھاجىب دېدى: «تا قىش پەسلى بولمىغۇچە بارماسمەن، چۈنكى بۇرداننىڭ ئاب-ھاۋاسى ئاجايىپ ياماندۇر.» ئۇنىڭغا ئەمىر فەزلۇن دېدى: «بۇنداق دېيىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى ھېچ كىشى ھەرگىز بىئەجەل ئۆلمىگۇسىدۇر.» ھاجىب دېدى: «ئېيتقىنىڭ دۇرۇستۇر، لېكىن تا كىشىنىڭ ئەجىلى يەتمىسە بۇرداغا بارمىغۇسىدۇر.»

ئەي پەرزەنت، دوست ۋە دۈشمەن ئىشىدىن غاپىل بولمىغىنكى، سېنىڭ پايداڭ دوستقا ۋە زىيىنىڭ دۈشمەنگە يەتسۇن. ئۇلۇغلۇقتا مۇناسىپ ئىش شۇدۇركى، دوستقا ياخشىلىق، دۈشمەنگە يامانلىق بىلەن جازا يەتكۈزگەيسەن.

دۆلەتكە، نېمەتكە مالىك بولغاندىن كېيىن خالايىققا نەپ يەتكۈزگىن، ساخاۋەتنى خەلقتىن ئايىمىغىن. دۆلەتتى كامالغا يەتكەن ئادەمنىڭ خىزمىتىگە بارمىغىن، چۈنكى كامالغا يېتىش — زاۋالغا يېقىندۇر.

قېرىغان دۆلەتمەننىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىن، چۈنكى قېرىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغان تەقدىردىمۇ، خالايىق ئۇنى يىگىتلەرگە قارىغاندا ئۆلۈمگە يېقىنراق دەپ بىلىدۇ. ئەگەر پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى داۋاملىق قىلماقچى بولساڭ، رەسۇل ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ تاغىسى ئاببас ئۆز ئوغلى ئابدۇللاغا ئېيتقاندەك بولغىن. ئاببас ئۆز ئوغلىغا دېدى: «ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، بۇ كىشى، يەنى ئۆمەر ساڭا ئەگەشتى ۋە بارلىق خەلقتىن ئۈستۈن كۆردى. ئەمدى ئەگەر ساڭا دۈشمەن غالىب بولمىسۇن دېسەڭ، بەش خىسلەتنى مەھكەم تۇتقىن، شۇندىلا سەن ھەمىشە ئەمىن بولالايسەن. بىرىنچىسى شۇكى، ھەرگىز يالغان

سۆزلىمىگىن؛ ئىككىنچىسى، پادىشاھ ئالدىدا ھېچكىمنىڭ ئەيىبىنى ئېيتمىغىن؛ ئۈچىنچىسى، پادىشاھقا ھەرقانداق بىر ئىش بىلەن خىيانەت قىلمىغىن؛ تۆتىنچىسى، پادىشاھنىڭ پەرمانىغا خىلاپ ئىش قىلمىغىن؛ بەشىنچىسى، پادىشاھنىڭ سىرى، ھەسرىتى، كۈچسىزلىكىنى ھېچقانداق ئادەمگە ئېيتمىغىن، چۈنكى، كىشى بۇ بەش خىسلەت بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.»

پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە نۇقسان يەتكۈزمىگىن. ئەگەر نۇقسان يەتكۈزسەڭ، ئۆزۈڭنى نادانلىقتا سالغىن ۋە ئۇ نۇقسانىنى بىلمىگەندەك كۆرسەتكىن، تاكى سېنىڭ قەست بىلەن قىلغىنىڭنى پادىشاھ بىلمىسۇن ۋە بىلمىگىنىڭگە ئىشەنسۇن. ھەمىشە خىزمەتكە مەشغۇل بولغىن. ئەگەر بۇيرۇمىسىمۇ باشقىلار قىلماقچى بولغان خىزمەتنى سەن قىلىشنى تەلەپ قىلغىن ۋە بېجىرگىن. ھەمىشە خىزمەتتە ھازىر بولغىن، سېنى ھەر ۋاقىت سوراپ قالسا (تېزلا) تاپسۇن، چۈنكى، پادىشاھلار ھەرقاچان خىزمەتكارلىرىنى سىناپ تۇرۇر ۋە سېنى ھەمىشە كۆرۈپ تۇرسا، ئۇلۇغ ۋە پايدىلىق ئىشلارنى ساڭا ئىلتىپات قىلىپ بۇيرۇپ بېرىدۇ، تاكى كىچىكلىك رەنجىنى چەكمىگۈچە ئۇلۇغلۇق راھىتىگە يېتەلمىگەيسەن...

ھەمىشە پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورققىن. ئىككى نەرسىنى ھەرگىز خار ۋە بوش دەپ بىلمىگىن: بىرى، پادىشاھنىڭ قەھرى؛ يەنە بىرى، دانىشمەنلەرنىڭ پەند ـ نەسىھەتى. ھەر ئادەمكى، بۇ ئىككى نەرسىگە ئېتىبارسىز قارىسا، ئۆزى خار بولۇر، ئەگەر سەن بۇ دەرىجىدىن ئىلگىرى ئۆتۈپ، پادىشاھ خىزمەتكارلىقىغا ئېرىشسەڭ، خىزمەتكارلىق شەرتلىرىنى بىلىشىڭ كېرەكتۇر.

ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## پادىشاھقا نۆكەر بولۇش بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر سېنى پادىشاھ ئۆزىگە نۆكەر بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئەمما سېنىڭدە نۆكەرلىك خىسلەتلىرى بولمىسا، بۇنى قوبۇل قىلمىغىن، چۈنكى ھەر كىشى پادىشاھنىڭ نۆكەرلىكىنى قوبۇل قىلسا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىدە نۆكەرلىكتە قانچىلىك خىسلەتنى بارلىقىنى ئېنىق بىلىشى لازىم. چۈنكى، پادىشاھ خىزمىتىگە لايىق كىشىنىڭ بەش سەزگۈ ھېسسىياتى ئۇنىڭ پەرمانىدا بولۇشى، چىرايى ئادەملەرنى يىرگەندۈرگۈدەك سەت بولماسلىقى كېرەك، تاكى بۇ كۆرۈنۈشتىن پادىشاھقا مالال يەتمىسۇن ۋە يەنە پارس، ئەرەب تىلى بىلەن ئىنشا يېزىشنى بىلسۇن، تاكى ئەگەر بىر ۋاقىتتا پادىشاھ ئىنشاغا ھاجەتمەن بولسا، نۆكەر شۇ ئىشنى پۈتكۈزەلىسۇن. يەنە نۆكەر شائىرلىقنىمۇ بىلسۇن ۋە پارس، ئەرەبچە بېيىتلارنى كۆپ يادقا ئوقۇسۇن، تاكى بىر ۋاقىت پادىشاھقا شائىر كېرەك بولسا، باشقا جايلارغا كىشى ئەۋەتىپ شائىر تەلەپ قىلىپ يۈرمىسۇن، شائىرلىق خىزمىتىنى ئاشۇ نۆكەرنىڭ ئۆزى قىلسۇن. بۇنىڭدىن باشقا نۆكەر تېبىبي ئىلىم ۋە ئىلمىنۇجۇمنىمۇ بىلسۇن، تاكى تېۋىپ ۋە مۇنەججىم كېرەك بولسا، سەن بۇنىڭدىمۇ بىلگىنىڭنى بايان قىلغايسەن، بۇنىڭ بىلەن نۆكەرلىك شەرتىنى بەجا

كەلتۈرۈرسەن. پادىشاھ بولسا سېنىڭ ھەممە ئىلىمدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنگەي ۋە خىزمىتىڭ ماقۇل كەلگەي. يەنە سازەندىلىكتىنمۇ خەۋەردار بولغايسەن، تاكى پادىشاھ بىر خىلۋەت قىلسا، سازەندە بۇنداق خىلۋەتكە كىرەلمىسە، سەن ساز چېلىپ كەيپىنى خۇش قىلغايسەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پادىشاھدا ساڭا مۇھەببەت پەيدا بولغاي. يەنە سىرداشقۇچى بولغايسەن. يەنە قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى، ئاجايىپ سۆزلەرنى، نادىر قىسسەلەرنى يادقا بىلگەيسەن، چۈنكى، ھېكايەت بىلمىگەن نۆكەر ئارزۇسىغا يەتمىگەن بولۇر. يەنە دامكا ۋە شاھمات ئويناشنىمۇ بىلگەيسەن، لېكىن قىمارۋاز بولمىغايسەن. يەنە قۇرئان، تەپسىر ئىلمىدىن خەۋەردار بولغايسەن ۋە ھەدىس، شەرىئەت ئىلمىنىڭ ھەر تۈرىدىن سەۋىيەلىك بولغايسەن. ئەگەر پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە بۇ ئىلىملەر ھەققىدە سۆز بولۇپ قالسا، سەن جاۋاب بەرگەيسەن، شۇندىلا قازى، مۇپتىلارنى تەلەپ قىلىشقا ھاجەت بولمىغاي.

يەنە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ قىسسەلىرىنى كۆپ ئوقۇغان بولۇشۇڭ لازىم. سەن ھەممە پادىشاھلارنىڭ خىسلەتلىرىنى ئۆز پادىشاھىڭ ئالدىدا سۆزلەپ بەرگەيسەن، تاكى شۇ سۆزلىرىڭ پادىشاھىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلغاي.

ھەربىر سۆزنىڭ ئىشلىتىلىدىغان ۋاقتىنى بىلگەيسەن، ۋاقتىدا مۇناسىپ بولمىغان سۆزنى ئېيتمىغايسەن. مەردانە ۋە باھادىر بولغايسەن، چۈنكى پادىشاھ ھەمىشە ئىشرەت ۋە تاماشىغا مەشغۇل بولغۇسىدۇر. بەزى چاغدا پادىشاھ لەشكەرۋازلىقنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا باھادىرلىق كۆرسەتكىن، تاكى ئەگەر ئۆلسەڭ ياخشى نام بىلەن ئۆلگەيسەن ۋە جەمەتىڭ،

پەرزەنتلىرىنىڭ ھەققىنى تولەپ تۇرۇش پادىشاھقا ۋاجىپ بولغاي. ئەگەر ئۆلمەي قۇتۇلساڭ ئىشىڭ ئۇلۇغ بولغاي ۋە پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ موتىۋەر بولىسەن. ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى سەندە بولسا، ئاندىن پادىشاھنىڭ نۆكەرلىكىگە لايىق بولغايسەن. ئەگەر مەقسىتىڭ نان يېيىش، شەربەت ئىچىش، ھەزىل ئېيتىش بولسا، بۇ نۆكەرلىك ئەمەستۇر، بەلكى رەزىللىكتۇر.

نۆكەرلىكنىڭ بارلىق تەدبىرلىرىنى بىلگىن، تاكى خىزمىتىڭ بىكار كەتمىگەي. مەجلىستە پادىشاھنىڭ ھالىدىن ھەرگىز غاپىل بولمىغىن ۋە پادىشاھنىڭ غۇلاملىرىغا قارىمىغىن. ساقىي ساڭا كاسا بەرسە ئالغىن، ئەمما ئۇنىڭغا نەزەر سالمىغىن ۋە ئۆزۈڭنى ساقلىغىن، تاكى پادىشاھ سېنى ئۇنىڭغا مايىل ھالدا كۆرمىسۇن ۋە قازى ئابدۇلمەلىك ئەقەيرىينىڭ بېشىغا كەلگەن ئىش سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كەلمىسۇن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، قازى ئابدۇلمەلىك ئەقەيرىي شارابخۇمار كىشى ئىدى. ئۇ مۇشۇ سەۋەبتىن مەنسىپىدىن چۈشۈپ قالغانىدى. بىر كۈنى مەئمۇن خەلىپە شاراب مەجلىسىدە ساقىيغا: «ئابدۇلمەلىك ئەقەيرىيغا شاراب تۇتقىن!!» دەپ بۇيرىدى. ساقىي شاراب تۇتتى. ئابدۇلمەلىك ئەقەيرىي شارابنى ئېلىۋاتقان چاغدا ساقىيغا تىكىلىپ قارىدى ۋە بىر كۆزىنى قىسىپ ساقىيغا ئىشارەت قىلدى. مەئمۇن خەلىپە ئۇنى كۆرۈپ قالدى. قازى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن قىسقان كۆزىنى قىسىپ تۇرۇۋەردى. بىر سائەتتىن كېيىن خەلىپە:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

— كۆزۈڭگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.
قازى دېدىكى:
— ئەي ئەمىرۇل مۆئمىنىن، ھېچ بىلمىدىم، نېمە بولدىكىن كۆزۈم تۇرۇپلا يۇمۇلۇپ قالدى.
شۇنىڭدىن كېيىن تاكى مەئمۇن خەلىپە ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئاشۇ گۇمانى خەلىپىدىن كۆتۈرۈۋېتىش كويىدا شۇ بىر كۆزىنى زادىلا ئاچمىدى.
دېمەك، ھەر كىشى پادىشاھقا نۆكەر بولماقچى بولسا، يىراقنى كۆرگۈچى، ئەقىللىق ۋە ئاگاھ بولۇشى لازىم. شۇندىلا پادىشاھ خىزمىتىدە ئۇزاق ۋاقىت ياخشى نام بىلەن ئۆمۈر كەچۈرگەي ۋە ئاخىرىغا يەتكۈزگەي.

ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

## مۇنشىلىق ۋە كاتىپلىق بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر مۇنشىي (ئىش بىجىرگۈچى) ۋە كاتىپ بولساڭ، يازما نۇتۇقنى ياخشى ئىگىلىگىن، خەتنى ياخشى بىلگىن ۋە كۆپ يېزىشنى ئادەت قىلغىن، تاكى ياخشىراق ماھىر بولغايسەن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئىسمائىل ئىناد دەپتەرگە ھەر كۈنى بىرنىمىلەرنى پۈتۈپ ئولتۇرىدىكەن. ئۇ كاتىپلارغا بۇنى چۈشەندۈرۈپ: «مەن شەنبە كۈنى بولسىلا خەتنى خاتا يېزىپ قويىمەن، بۇنىڭ سەۋەبى جۈمە كۈنى بىر كۈن خەت يازمىغانلىقىمنىڭ تەسىرىدىندۇر» دەيدىكەن.

بەس، ئەي پەرزەنت، ھەمىشە خەت يېزىشقا مەشغۇل بولغىن، نامەدە كۆپ ئەرز يېزىشنى ئادەت قىلغىن ۋە نامەنى ئىستىئارىلەر، ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر، مەسەللەر، شېئىرلار، ئىبرەتلىك پىكىرلەر بىلەن بېزىگىن. ئەگەر يېزىق پارسچە بولسا، بۇ سۆزلەرنى پارس تىلى بىلەن يېزىپ ئولتۇرمىغىن، چۈنكى بۇنداق سۆزلەرنى خەلق چۈشەنمەيدۇ، ئۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس، خۇسۇسەن، قەدىمكى پارس دارىي تىلىنى كۆپ خەلق چۈشەنمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دارىي تىلى بىلەن يازمىغىنىڭ

ياخشىراق.

ئەرەب يېزىقىدىكى قاپىيە — بىر سەنئەتتۇر. ئۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ، ئەمما پارس تىلىدىكى قاپىيە قوپال ئاڭلىنىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ياخشىسى پارسچە قاپىيەنى تەتبىقلىماسلىق كېرەك. ئەمما ئۆزۈڭ قەدىمكى تىللاردا سۆزلىمەسلىكىڭ كېرەك، ئەڭ يۈكسەك ئۇسلۇب بىلەن، نازۇك ۋە قىسقا سۆز بىلەن گەپ قىلغىن.

نامەدە سەجئىنىڭ ئۆزى بىر ھۈنەردۇر، لېكىن سەجئى پارسچە نامىدە يېقىمسىز كۆرۈنىدۇ. ھەر سۆزنى يازساڭ شېرىن، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە قىسقا يازغىن. كاتىپ ئىدراكلىق بولۇشى ۋە كاتىپلىق سىرلىرىنى ياخشى بىلىشى، قېلىپلاشقان سۆزلەرنى چۈشىنىشى لازىمدۇر.

ئەي پەرزەنت، كاتىپلىقنىڭ يەنە بىر شەرتى شۇكى، كاتىپ بولغىنىڭدا، ھەمىشە پادشاھ ھۇزۇرىدا ھازىر بولغىن ۋە ھەربىر ئىشنىڭ نامىنى بىلگىن. ھەممە ئىشنى سىناپ كۆرگىن، بىر ئىشتىن بىزار بولمىغىن، ھەممە ئىشنى يادىڭدا ساقلىغىن ۋە ھەممە دىۋاننىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولغىن. ھەممە ئەمەلدارنىڭ مۇئامىلىلىرىنى بىلگىن ۋە ھەر تۈرلۈك ئىشنى بىلىشتە ئىزدەنگىن. بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ پايدىسى ساڭا ھازىر كۆرۈنمىسىمۇ، كېيىنچە كىشى مەركۇر ئىزدىنىشلەرگە موھتاج بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، بىلگىنىڭنى بىراۋغا ئېيتمىغىن، ئەگەر نائىلاج بولساڭ ۋە ئېيتساڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە. ئوچۇقتىن - ئوچۇق ۋەزىرنىڭ ئىشىنى سىناپ بېقىشقا مەشغۇل بولمىغىن ۋە يوشۇرۇن ھالدا بارلىق ئىشتىن ئاگاھ بولغىن. ھەممە ھېسابقا

قادىر بولغىن ۋە ھەر مىنۇت ئىش بىلەن مەشغۇل بولغىن. مانا بۇ ئىشلار كاتىپىنىڭ ئىشىدۇر. پادىشاھنىڭ سىرىنى ئېيتمىغىن ۋە ھەربىر ئىشتىن پادىشاھنى ئاگاھ قىلغىن.

خەتتاتلىقتا قادىر بولۇپ، ھەر تۈرلۈك خەتنى ئوقۇپ، يېزىشنى بىلىسەڭ ئۇلۇغ ھۈنەردۇر. لېكىن، بۇنى باشقا بىر كىشىگە ئاشكارا قىلمىغىن، تاكى ھەرقانداق خەتنى ھەممىگە مەشھۇر قىلمىغىن ۋە پادىشاھنىڭ ساڭا بولغان ئىشەنچىسى تۆۋەنلەپ كەتمىسۇن. ئالدامچىلىق بىلەن شۆھرەت قازانمىغىن، ئەگەر كىشى ئادەملەر ئارىسىدا يالغان ـ ياۋىداقلارنى سۆزلىگۈچى بولسا ۋە بۇنى كىمنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى بىلمىسە، بەلكى سېنىڭ بوينۇڭغا چۈشەر. ھەرقانداق پەس ئىشنى قىلمىغىن، بىكار قالغان چاغلىرىڭدا خىيىتىڭنى ئويدۇرما قىلمىغىن. ھاجەت ۋاقتىدا بىر يېڭى ئىشنى بىجىرگىنىكى، ئۇ بىركۈنى ئىشىڭغا ياراپ، ئۇلۇغ ئىشلارغا سەۋەبچى بولسۇن ۋە ھېچقانداق ئادەم سەندىن دەرگۇمان بولمىسۇن. چۈنكى، ئىلگىرى ناھايىتى ئابرۇيلۇق ۋە پازىل كىشىلەر خاتالىق ئۆتكۈزۈش سەۋەبىدىن ھالاك بولۇشقان.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، رەبىئ ئىبنى مەزھەرى ساھىبخاننىڭ مۇنشىيى، ئۇلۇغ كىشى ئىدى. ئەمما تولا چاغلاردا دوراپ خەت قىلىدىكەن. بۇ خەۋەر ساھىبخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ساھىبخان بۇ ئىش تۈپەيلى تەڭلىككە قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىلىم ۋە پەزىلەت، ھۈنىرى سەۋەبلىك ئۇنى ھالاك (بىر ياقلىق) قىلغىلى كۆزى قىيماپتۇ ۋە ياكى ئۆزىگە ھەم بۇ سۆزنى ئېيتالماپتۇ. ساھىبخان بۇ ئىشنى

قايسى يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپتۇ. شۇ كۈنلەردە ساھىبخان كېسەل بولۇپ قاپتۇ. ھەممە ئادەم ئۇنى كۆرگىلى كەپتۇ. شۇ قاتاردا رەبىئ ئىبن مەزھەرمۇ كۆرگىلى كىرىپ:

— بىرەر نەرسە ئىچەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ساھىبخان:

— پالانى شەربەتتىن ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

رەبىئ مەزھەرى يەنە:

— كۆڭلىڭىز قانداق غىزاغا تارتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ساھىبخان:

— سەن قىلغان تاماقتا. چۈنكى، سېنىڭ دورامچىلىقىڭنىڭ ئىزاسى، يەنى خىجالەتچىلىكى ماڭا غىزا بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

رەبىئ مەزھەرى ساھىبخانىنىڭ بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇئان:

— ئەي پادىشاھ، سىزنىڭ مەن ئۈچۈن بۇ سىرلارنى ئاشكارا قىلمىغانلىقىڭىزنىڭ ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ، مۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى ئەمدى ھەرگىز قىلمايمەن، — دەپتۇ.

ساھىبخان:

— ئەگەر ئىپتىقىنىڭ بويىچە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلمىساڭ، ئىلگىرى قىلغانلىرىڭنى ئەپۇ قىلدىم، — دەپتۇ.

دېمەك، ئالدامچىلىق چوڭ گۇناھتۇر، ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلىش كېرەكتۇر. مەن ھەربىر كەسىپ، ھۈنەرنىڭ گېپىنى

قىلىپ تۇگىتەلمەسمەن، ھەربىر بابتىن ساڭا بىرنەچچە كېرەكلىك سۆزنى ئېيتارمەن، بۇنىڭدىن ھەربىر ۋەقە ساڭا مەلۇم بولغاي. ئەگەر كاتىپلىق دەرىجىسىدىن ئۆتۈپ، ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە يەتسەڭ، ھەربىر سۆزگە ۋاقتى كەلگەندە ئەمەل قىلغايسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

قىرىقىنچى باب

## ۋەزىرلىكنىڭ شەرت ۋە قائىدىلىرى باياندا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر ۋەزىرلىك مەنسىپىگە ئېرىشسەڭ، تۈرلۈك ھېساباتى يوللىرىنى، مۇئامىلە قائىدىلىرىنى ياخشى ئۆگىنىۋالغىن، پادىشاھقا ھەر ۋاقىت توغرا يوللارنى بايان قىلغىن، ئىنسابلىق بولغىن. ھەممە مالنى ئۆيۈڭگە توپلىۋالمىغىنكى، كۆپ نەرسىگە ھېرىس بولغان كىشى كۆپ نەرسىدىن تېزلا ئايرىلىپ قالۇر. ئەگەر سېنى دەسلەپتە ئۆز ئىختىيارىڭغا قويغان تەقدىردىمۇ، كېيىنرەك ھەرگىز ئىختىيارىڭغا قويماس. ساڭا دەسلەپتە بەرسىمۇ، كېيىن سەندىن تەلەپ قىلۇر. پادىشاھنىڭ مېلىنى ياخشى ساقلىغىن. ئەگەر يېسەڭ، ئىككى بارماق بىلەن يېگىن، تاكى تامىقىڭدا قالمىسۇن.

باشقا ئەمەلدارلارنىڭ قولىنى پۇتۇنلەي باغلاپ قويمىغىن، چۈنكى، ئوتقا ئوتۇن سالمىساڭ، كاۋاپمۇ قالۇر. باشقىلارغا يېرىم تەڭگىنى يېدۈرمىسەڭ، ئۆزۈڭ بىر تەڭگىنى يېيەلمەسسەن ۋە ئەگەر يېدۈرمەي يېسەڭ، ئۇ ئەمەلدارلار بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرماس ھەم بارلىق پىنھان ئىشلارنى ئاشكارا قىلىشۇر.

ئالىي نىيەتلىك پادىشاھ ھەققىدە ئىنسابلىق بولغىنىڭدەك، لەشكەر ھەققىدىمۇ ئىنسابلىق بولغىن ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەرگە نەزەر سالمىغىن. ئاز مەبلەغ ئۈچۈن كۆپ لەشكەرنى ئۆزۈڭگە ۋە

پادىشاھقا دۈشمەن قىلمىغىن. ئەگەر كۆپايەت قىلىش ۋە مال قىلماقچى بولساڭ، ۋەيران مەملىكەتلەرنى ئاۋات قىلغىن، بۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ دارامەت ھاسىل بولغاي ۋە باشقىلارغا زىيىنىڭ يەتمىگەي.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، پارس پادىشاھلىرىنىڭ بىرى بىر سەۋەب بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەزىرىنى ئىشتىن بوشىتىپ، ۋەزىرلىك مەنسىپىنى باشقا بىر كىشىگە بەردى. ئىشتىن بوشىغان ۋەزىرگە:

— سەن قايسى جاينى ئىختىيار قىلساڭ، ئاشۇ جاينى ساڭا بېرەي، تا خىش - ئەقرىبالىرىڭ بىلەن ئۇ يەردە ماكان تۇتۇپ، رىزقىڭنى يەپ، ئاسايىشتا ياشىغىن، — دېدى.

ۋەزىر دېدى:

— ماڭا مال - مۈلۈك كېرەك ئەمەس ۋە مەن بارلىق نەرسەمنى پادىشاھقا بەردىم. مەن ھەرگىز كۆپ مۈلۈك تەلەپ قىلمايمەن. مېنىڭ ئاۋات يەرگە خاھىشىم يوقتۇر. ئەگەر ئىلتىپات قىلماقچى بولسىڭىز، ئۆز مۈلكىڭىزدىن ماڭا ۋەيرانە بىر كەنتنى بېرىڭ، تاكى مەن ئۆزۈمنىڭ تەئەللۇقاتىمنى ئېلىپ ئۇ يەرگە بېرىپ ئاۋات قىلىپ ئولتۇراي.

پادىشاھ بۇيرىدىكى:

— تامامەن ۋەيران بولغان كەنتتىن بىرىنى ئۇنىڭغا بېرىڭلار!

پادىشاھنىڭ پەرمانىنى بېجىرىش ئۈچۈن خاس كىشىلەر مەملىكەتنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە ئاختۇرۇپ، بىر غېرىچمۇ ۋەيران بولغان جاينى تاپالمىدى. ئاخىر قايتىپ

كېلىشىپ:

— مەملىكەتتە ئۆنىڭغا يەرگۆدەك بىرەر ۋەيران بولغان يەرنى تاپالمىدۇق، — دەپ خەۋەر بېرىشتى.

ۋەزىر پادىشاھقا قاراپ دېدى:

— ئەي پاسىبان، ماڭا بەرگۆدەك ۋەيرانە يەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم، ئەمما مۇددىئايىم شۇكى، بۇ مەملىكەتنى مېنىڭ قولۇمدىن ئالدىڭ، ئەمدى ئۇنى شۇنداق ئادەمگە بەرگىنكى، بىر چاغدا ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋالماقچى بولساڭ، مېنىڭ قايتۇرۇپ بەرگىنىمدەك بولسۇن ۋە شۇ ئاۋاتلىق بىلەن يەنە ساڭا تاپشۇرسۇن.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خىجالەت بولۇپ، ئۇۋال بولغان ۋەزىردىن ئۆزرە سورىدى ۋە تون كىيگۈزۈپ، ۋەزىرلىك مەنسىپىنى يەنە ئۇنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بەردى.

دېمەك، ۋەزىر بولساڭ ھەمىشە ۋەيرانىلەرنى ئاۋات قىلغىن ۋە دادخور بولغىن، تاكى ھەمىشە پادىشاھنىڭ ئالدىدا تىلىڭ ئۇزۇن بولسۇن. دېھقاننى ياخشى كۆن ۋە ئاۋاتلىقتا ئېرىشتۇرۇپ، جاھاندارچىلىق قىلغىن. بىلگىنكى، جاھاننى لەشكەر بىلەن ۋە ئاۋاتلىقنى ئەدلۇ ئادالەت بىلەن قولغا كىرگۈزسە بولۇر. دېمەك، ئادىللىق ۋە ئىنسابتىن غاپىل بولمىغىن. ئەگەر ھەرقانچە راستچىل ۋە خىيانەت قىلمايدىغان بولساڭمۇ، ھەمىشە پادىشاھتىن قورققىن. ئەگەر پادىشاھ ياش ئوغلان بولسىمۇ، ئۇنى كىچىك دەپ ئويلىمىغىن، چۈنكى، شاھزادىلەر سۇ قۇشلىرىنىڭ چۈجىلىرىدەككى، ئۇلار ئۈزۈشنى بىلىشكە موھتاج ئەمەستۇر. دېمەك، ئاز ۋاقىتتا سېنىڭ ياخشى ۋە يامانلىقىڭدىن ئاگاھ



www.uyghurkitap.com

بولۇر. ئەگەر پادىشاھ چوڭ ۋە بالاغەتكە يەتكەن بولسا، ئىككى خىل خۇلقتا ئىگە بولۇر: يا دانادۇر، ياكى نادانىدۇر. ئەگەر دانا بولسا، سېنىڭ خىيانىتىڭگە يول قويمايدۇ ۋە بىر ئىشنى سەۋەب قىلىپ سېنىڭ قولۇڭنى قىسقا قىلۇر ۋە ئەگەر جاھىل ۋە نادان بولسا، سېنى يامانراق سەۋەب بىلەن ئىشتىن ھەيدەپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلۇر، دانادىن جېنىڭ ئامان قالۇر، نادانىدىن بىرەر سەۋەب بىلەنمۇ قۇتۇلالماسسەن.

پادىشاھ ھەرقانداق جايغا بارسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغىن ۋە ئۇنى بىر يەرگە يالغۇز ئەۋەتمىگىن، تاكى دۈشمەنلەر سېنىڭ يامان سۆزۈڭنى پادىشاھقا ئېيتىپ، پادىشاھنى سەندىن يۈز ئۆرۈگۈزمىسۇن. پادىشاھنىڭ جېنىدىن ھەرگىز غاپىل بولمىغىن، چۈنكى، پادىشاھ دەرگاھىدىكى ئاكابىر (كاتتىلار) لارنىڭ ھەممىسى جاسۇسۇڭدۇر ۋە ئەھۋالىڭنى پادىشاھقا ئېيتىپ تۇرۇر. پادىشاھنىڭ ھەربىر نەپسىدىن ئاگاھ بولغىن، تاكى ھەمىشە ئەمىن بولغايسەن، يەنى زەھەرنى زەھەر تۇزەتكۈسىدۇر. ئەتراپىڭدىكى پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ ئاگاھ بولغىن، چۈنكى، دوست ۋە دۈشمەن پادىشاھنىڭ نە يېگىنى ۋە نە ئىچكىنىنى بىلمىگەي. سەن ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدىن ئۆز مەملىكىتىڭگە قارىغاندىمۇ كۆپرەك ئاگاھ بولغىن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، فەخرۇددەۋلەنىڭ زامانىسىدا ئىسمائىل بىننى ئابباد ئىككى كۈن ئۆيىدىن تاشقىرى چىقىپ، دىۋان تەختىدە ئولتۇرمىدى ۋە كۆرۈنۈش بېرىپ، دىۋان ۋە خەلقنىڭ ئەھۋالىنى سورىمىدى. فەخرۇددەۋلەنىڭ جاسۇسلىرى كېلىپ بۇ خەۋەرنى

يەتكۈزۈشتى. فەخرۇددەۋلە ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن شۇنداق نامە يوللىدى: «سىنىڭ پەرىشان بولغانلىقىڭ ۋە تەڭقىسلىقىڭنى ئاڭلىدىم، قايسى ئىشقا كۆڭلۈڭ پاراكەندە بولۇپ، پەرىشان بولغانلىقىڭنى ئېيتقىن، تاكى بىزمۇ ساڭا ئۆزرە ئېيتايلى!»

ئىسمائىل بىننى ئابباد نامە ئارقىلىق مۇنداق دېدى: «سىلى ھەزرىتىمدىن مەندەك بەندىگە ھېچقانداق پەرىشانلىق يەتكەن ئەمەس ۋە مەملىكەت تەرتىپلىك ۋە پاراغەتتىدۇر. سىلىنىڭ دۆلەتلىرىدىن ھەمىشە خۇشال ئۆتۈۋاتىمەن، مەندەك بەندىنىڭ پەرىشانلىقى تېزلا ئۆڭشىلىپ كېتىدۇ.»

ئۇ ئۈچىنچى كۈنى خۇشاللىق بىلەن فەخرۇددەۋلەنىڭ ئالدىغا كەلدى. فەخرۇددەۋلە سورىدى:

— نېمە ۋەجىدىن كۆڭلۈڭگە پەرىشانلىق يەتتى؟

ئىسمائىل بىننى ئابباد دېدى:

— كاشغەرگە ئەۋەتكەن جاسۇسلىرىمنىڭ بىرى مەلۇمات ئەۋەتىپتۇكى، خاقان ئۆزىنىڭ قوماندانلىرىنىڭ قولىقىغا بىر گەپ قىلىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ قانداق سۆزنى ئېيتقانلىقىنى بىلمەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەنى كاشغەردە خاقان قوماندانلىرىغا نېمە سۆز ئېيتقانلىقىنى بۇ يەردە تۇرۇپ بىلمىگەنلىكىمدىن ناھايىتى غەمكىن بولۇپ، گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى. بۈگۈن «خاقانىنىڭ نېمە سۆزنى دېگەنلىكى ماڭا ئايان بولدى» دېگەن مەلۇمات يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلۈمگە خۇشاللىق يامرىدى ۋە دەرھال دەرگاھىڭىزغا كەلدىم.

بەس، ئەي پەرزەنت، پادىشاھلارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولغىن

ۋە ھەممىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز پادىشاھىڭغا مەلۇم قىلغىن. سېنىڭ ئىخلاسمەنلىكىڭ ۋە خەيرىخاھلىقىڭ ئۆز پادىشاھىڭغا ئاشكارا بولسۇن، تاكى دوست ـ دۈشمەن قولىدىن ئامان قالغايسەن.

ئەگەر بىراۋغا ئەمەل بەرسەڭ، مۇناسىپ ئادەمگە بەرگىن. مال ـ دۇنياغا تاماگەر بولغان جاھىللارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ قولىغا خەلقنى تاپشۇرمىغىن ۋە سەرمايىسىز ئەمەلدارلارغا چوڭ ئەمەل بەرمىگىن.

بىركۈنى ئەبۇ زەر جەمھەردىن: «ساسانىي ئەۋلادىنىڭ ئىشى ئەمەل بابىدا نېمە ئۈچۈن تۆۋەنلىككە چۈشۈپ قالدى؟» دەپ سورىدى. ئەبۇ زەر جەمھەر دېدى: «شۇ جەھەتتىنكى، ئۇلار ئۇلۇغ ئىشلاردا كىچىك ئەمەلدارلاردىن مەدەت تەلەپ قىلىدۇكى، ئۇلارنىڭ ئىشى بۇ يەرگە يەتتى.»

كەمبەغەل ۋە بىچارە ئادەملەرگە ئەمەل بەرمىگىن، خۇسۇسەن چوڭ ئەمەل بەرمىگىن، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قورسىقى تويمىغۇچە سېنىڭ ئىشىڭغا قارىمىغاي. ئەمەلدارىڭ كۈچلۈك ۋە باي بولسا، بىلگىنكى، ئۇ ئۆز ئىشىغا ئەسلا مەشغۇل بولماس، تېزلا سېنىڭ ئىشىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇر. بولۇپمۇ كۆرگىنكى، ئېتىزغا سۇ بېرىشنى خالىسا، ئېتىز ـ ئېرىقى سۇ ئىچىپ نەم تۇرغان بولسا، تا ئېرىق سۇغا قانمىغۇچە ئېتىزغا سۇ ئۆتكۈزمەس. كەمبەغەل ئەمەلدار خۇددى قۇرۇق ئېرىقتۇركى، ئالدى بىلەن ئۆزى تويار، ئاندىن ساڭا بېرەر.

ئۆز سۆزۈڭنى ئۇلۇغ تۇتقىن ۋە پەرمانىڭنى ئۇلۇغ ھېسابلىغىن، ھېچقانداق ئادەمگە ئۇنىڭ خىلاپىنى قىلدۇرمىغىن.

www.uyghurkitap.com

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئەبۇلفەزل سۇھەيلى خوجەندىنى سەمەرقەندنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەپ، تون كىيدۈرۈپ پەرمان چىقارغانىدى. سۇھەيلى خوجەندى يولغا چىقىدىغان كۈنى خوشلاشقىلى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە پادىشاھقا دۇئا قىلىپ، ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ دېدىكى:

ــ ئەي پادىشاھ، سىزنىڭ پەرمانىڭىزنى ئېلىپ تەيىنلەنگەن ۋەزىپەمنى بېجىرگىلى ماڭغىلى ۋاتىمەن. قولىڭىزغا بېشارەت بەرسىڭىز، ئاۋۋال قايسى ئىشنى قانداق پەرمان بىلەن بېجىرەي، قايسى ئىشلارنى قىلسام بولار ۋە قايسى ئىشلارنى قىلمىسام بولار، قولىقىم پەرمانىڭىزدا.

ئەبۇلفەزل دېدىكى:

ــ ئەي سۇھەيلى، نەچچە ۋاقىت ۋە نەچچە زامانغىچە بۇنداق ئەندىشە ۋە ئوي ـ خىيال ئىچىدە يۈرۈيسەن؟ ئەمدى بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرغىن. مەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئالدىرىماي ئويلىنىپ كۆرەي. سېنىڭ بۇ سوئاللىرىڭغا ھازىرلا جاۋاب بەرگۈم يوق.

سۇھەيلى ئۆيىگە قايتتى. ئاندىن پادىشاھ دەرھال: «سۇھەيلى بىر يىلغىچە ئۆيىدىن چىقمىسۇن. تاكى ئۆز ئورنىدا زىندانىدا تۇرغاندەك تۇرسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

پادىشاھ بىر يىلدىن كېيىن سۇھەيلىنى چاقىرتتى ۋە:

ــ كۆردۈڭمۇ، مەن ئىككى پەرمانىنىڭ بىرىنى راست، بىرىنى يالغان چىقاردىم. مەن ھەرقاچان مەنسەپ ئىگىلىرىگە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئىشلەيدىغان بولۇشنى ئۆگىتىمەن. مەندىن قانداق ۋە قايسى تەرىقىدىكى

ئەخمەقلىقنى كۆردۈڭ؟ مەن خەلقىمگە ھەرگىزمۇ پەرمانسىزلىق قىلىشنى، يەنى پەرمانغا بويسۇنماسلىقنى ئۆگەتمەيمەن، مېنىڭ يارلىقىم بىرلا بولىدۇ. خالىسام دەيمەن، خالىمىسام دېمەيمەن. مېنىڭ ھېچكىشىدىن قورقۇنچۇم يوقتۇر. بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئاجىزلىق ۋە بوشاڭلىق قىلمايمەن. بۇ ئىشلاردا سەن ماڭا نىسبەتەن گۇماندا بولغاندەك قىلىسەن. پەقەت ئاجىزلارغا قارىتا شۇنداق گۇماندا بولساڭ بولاتتى. قارىغاندا سەن مېنى باشقىلارغا تايىنىپ سەلتەنەت سۈرىدۇ، دەپ ئويلاپ قاپسەن. شۇنى بىلگىنكى، مەن غەيرىينىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىش بېجىرمەيمەن. مەن ساڭا ئەمەل بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە پەرمان چۈشۈردۈم. سەن بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەرگىزمۇ يالغان ھۆكۈم يۈرگۈزمىگىن. ئەگەر قول ئاستىڭدىكىلەر سېنىڭ پەرمانىڭچە ئىش قىلمىسا، ئۇلارغا ياخشى ئەدەپ بەرگىن. تاكى ھاياتلىقىڭدا ھۆكمىڭ راۋان يۈرگۈزۈلىدىغان بولسۇن. شۇندىلا كېيىنكىلەرمۇ ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەزىرلەرنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنى ئۈزلىرى ئۈچۈن ئۈرنەك قىلىدىغان بولىدۇ.

بەس، ئەي پەرزەنت، تا ئۆلگۈچە يالغان پەرمان يازمىغىن. ئەگەر قايسىكى ئەمەلدار سېنىڭ پەرمانىڭ بىلەن ئىش قىلمىسا، ئۇنىڭغا قاتتىق ئوقۇبەت قىلغىن، تا ئۇزۇڭ تىرىكلىكتە پەرمانىڭنى چىڭ تۇتمىساڭ، سەندىن كېيىن ھېچكىم سېنىڭ پەرمانىڭ بىلەن ئىش قىلماس. ھېلىمۇ ئۆلگەن ۋەزىرلەرنىڭ پەرمانى بىلەن ئىش قىلىدىغان ئىشلار بار. بەس، پادىشاھ بىلەن ۋەزىرنىڭ سۆز بىر بولۇشى كېرەكتۇر، تا ئەمىر قەتئىي، ھۆرمىتى بىقارار ۋە دۆلىتى پايدار بولۇشى زۆرۈر.

شاراب ئىچمىگىن، ئۇنىڭدىن غەپلەت پەيدا بولۇر. ئەگەر ۋەزىرمۇ، پادىشاھمۇ شاراب ئىچىشكە مەشغۇل بولسا، مەملىكەتتە بوشلۇق پەيدا بولۇر.

بەس، ئۆزۈڭنى ھەم پادىشاھىڭنى ئامان ساقلىغىن. ۋە ئېيتقانلىرىمدەك بولغىن، چۈنكى، ۋەزىر مەملىكەتنىڭ پاسبانى بولۇر ۋە پاسبانغا پاسبان كېرەك بولغانلىقى ناھايىتى ئەيىبتۇر. بەس، ئەگەر ۋەزىر بولماي، باش قوماندان بولساڭ، ئۇنىڭ شەرتلىرىنى ئەمدى ئېيتۇرمەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرېسى

قىرىق بىرىنچى باب

## ئەمىر ـ لەشكەرلىك شەرتلىرى ۋە ئادەتلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر ئەمىر ـ لەشكەر بولساڭ، لەشكىرىڭگە ئىهسان كۆرسەتكىن ھەم ئۆز تەرىپىڭدىن، ھەم پادىشاھ تەرىپىدىن ئۇلارغا ياخشىلىق قائىدىلىرىنى تۈزگىن. ھەمىشە ھەيۋەتلىك بولغىن. لەشكەر تارتىش ۋە ئۇرۇش قىلىش قائىدىلىرىنى بىلگىن. ئۇرۇش كۈنى ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە كۆپ ئۇرۇش كۆرگەن سەركەردىلەرنى بۇيرۇغىن. شىجائەتلىك سەركەردىنى ياكى باھادىر لەشكەرلەرنى قوشۇنىڭنىڭ ئارقا قانىتىغا قويغىن، تاكى لەشكىرىڭنىڭ ئارقىسى كۈچلۈك بولسۇن. ئەگەر دۈشمەن قانچىلىك ئاجىز بولسىمۇ، ئۇنى ئاجىز كۆرمىگىن ۋە ئۇنىڭغا كۈچلۈك دۈشمەنگە قىلغان ئېھتىياتنى قىلغىن.

ئۇرۇشتا ئالدىراقسانلىق قىلمىغىن، ئالدىراقسانلىق سەۋەبىدىن لەشكەرنى بەربات قىلۇرسەن ۋە دىلىغول بولمىغىنكى، دىلىغوللۇق سەۋەبىدىن ئۆز لەشكىرىڭ چېكىنىپ كەتمىسۇن.

جاسۇس ئەۋەتىپ دۈشمەنىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولۇشتىن غاپىل بولمىغىن. كېچە ـ كۈندۈز تىللا خەجلەشتىن يانمىغىن. ئۇرۇش بولغان كۈنى لەشكەرگە نەزەر تاشلىغىن ۋە ئىككى

تەرەپنىڭ لەشكىرى روبىرو بولغان چاغدا ئوچۇق چىراي ۋە ياخشى سۆزلۈك بولغىن. لەشكەرلىرىڭگە: «دۈشمەن لەشكىرى شۇنداق بىر ئىتكى، بىز ئۇلارنى بىر سائەتتىلا قىرىپ تاشلايمىز» دېگىن. لەشكەرلىرىڭنى بىر يولىلا ھۇجۇمغا بۇيرۇمىغىن، پادىشاھنىڭ ئالدىغا توپ - توپ لەشكەرنى ھۇجۇم قىلدۇرغىن. سەركەردە - قوماندانلارنىڭ ئاتلىرىنى بىرمۇبىر تۇتقىن، ئۇلارنى يالغۇز تەيىنلە ۋە ھۇجۇمغا بۇيرۇغىن. ئەي پالانچى، سەنمۇ ئۆز لەشكەرلىرىڭ بىلەن بارغىن، دېگىن. ھەر ئادەم ياخشى مەسلىھەتچىلەر جۇملىسىدىن بولسا، ئۆز قېشىڭدا ساقلىغىن.

ھەربىر كىشى ئۇرۇش قىلسا، ئۇرۇشتا بىرەر كىشىنى يوقاتقان بولسا، مەجرۇھ قىلسا ياكى ئۆزى مەجرۇھ بولسا، بىرەر دۈشمەننى تۇتسا ياكى ئاتنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلسە، ياكى باش كېسىپ كەلسە، ياكى باشقىچىرەك ياخشى خىزمەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاشۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئىككى ھەسسە مۇكاپات بەرگىن، تون - سەرۇپاي تەقدىم قىلغىن، ئىش ھەققىنى ۋە ۋەزىپىسىنى بۇرۇنقىدىن زىيادە قىلغىن ۋە مىلىڭنى خۇددى شۇ ۋاقىتتا سەرپ قىلغىن، تاكى مەقسىتىڭ تېزرەك ھاسىل بولغاي. بۇ سەۋەبتىن باشقىلارمۇ مەردانىلىككە ھەرىكەت قىلغاي ۋە سەن غەلىبە قازانغايسەن.

ئەگەر شۇنىڭ بىلەن ھەممە مەقسىتىڭ ھاسىل بولسا، سەن ئالدىراپ قالمىغىن، ئۆز ئورنۇڭدىن تەۋرىمىگىن، دۈشمەنگە ئات سالمىغىن، چۈنكى، ئەمىر - لەشكەر شىكەستە يېسە چوڭ نومۇسلۇق ئىش بولۇر.

ئەگەر ئۇرۇشقا كىرسەڭ، مەردانە ھەرىكەت قىلغىن ۋە كۆڭلۈڭگە قېچىش دېگەن ئوينى كەلتۈرمىگىن. ئۆلۈمگە كۆڭۈل قويغىن، چۈنكى ھەر ئادەمنىڭ مۇرادى ئۆلۈم بولسا، ئۇنى ھېچقانداق لەشكەر ئورنىدىن يۆتكىيەلمەس.

زەپەر قۇچساڭ، قاچقاننىڭ كەينىدىن قوغلىمىغىنكى، بۇ ئىشتا خەتەر كۆپ بولىدۇ. ئاتامنىڭ خۇلق ـ ئېتىبارى شۇنداق ئىدى، سۇلتان مەھمۇدمۇ شۇ خىلدىكى ئادەتنى كۆزدە تۇتۇپ، قاچقان دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلىمايتتى ۋە: «قاچقان كىشى جېنىنى ئايىماي ھەرىكەت قىلۇر ۋە ھەر كىشى جاننى تىكىپ قويۇپ جەڭ قىلسا، زەپەر قۇچار» دەيتتى.

ئۇرۇشتا زىنھار بىر قەدەممۇ كەينىگە چېكىنمە. ئەگەر بىر قەدەملا چېكىنسەڭ، ئەلۋەتتە مەغلۇپ بولۇرسەن. ھەمىشە جان ـ جەھلىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغىنكى، تۇرغان جايىڭدىن ئالدىڭغا ئىلگىرىلىگىن ۋە ھەرگىز بىر قەدەممۇ چېكىنمىگىن.

ھەرقاچان لەشكەرلەرگە يېقىملىق سۆز قىلغىن ۋە بىر بۇردا نان، بىر كاسا سۇ تاپساڭ، ئۇلار بىلەن بىللە ئېغىز تەگكىنكى، بىر پارچە ناننىڭ قىلغان ئىشىنى نۇرغۇن ئالتۇن ۋە تون ـ سەرۇپايلار قىلالمىغۇسىدۇر. لەشكەرنىڭ كۆڭلىنى ھەمىشە خۇشال تۇتقىن. ئۇلار مەندىن جېنىنىمۇ ئايىمىسۇن دېسەڭ، سەن ئۇلاردىن نېنىڭنى ئايىمىغىن... ئەگەر پادىشاھلىق شەرىپىگە يەتكۈزسە، پادىشاھلىق قائىدىسىنى جايىدا بېجىرگىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قىرىق ئىككىنچى باب

## پادىشاھلىقنىڭ شەرتى ۋە قائىدىلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر پادىشاھ بولساڭ، ئېتىقادلىق، تەقۋادار پادىشاھ بولغىن ۋە كۆزۈڭنى، قولۇڭنى خالايىقنىڭ خوتۇن ۋە بالىچاقىلىرىدىن يىراق تۇتقىن. پاك ۋە ئەمىن بولغىنىڭكى، پاك ۋە ئەمىنلىك پاك دىللىقتۇر.

ھەرقانداق ئىش قىلساڭ، ئەقىل پەرمانى بىلەن قىلغىن ۋە ئەقىلدىن مەسلىھەت سورىماي تۇرۇپ ئىش قىلمىغىن، چۈنكى پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى ئاقىلدۇر.

ھېچ ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلمىغىن. ھەرقانداق بىر ئىشقا كىرىشمەكچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ئاشۇ ئىشنى قانداق تۈگىتىشنى كۆزلىگىن ۋە ئىشنىڭ ئاخىرىغا قارىغىن. ھەربىر ئىشنىڭ ئۆلچىمىنى بىلگىن ۋە بارلىق ئىشنى ئويلاپ قىلغىن. ھەممە ئىشقا، سۆزگە ئەقىل كۆزى بىلەن قارىغىن، تاكى يوشۇرۇن ئىشلارنىمۇ كۆرەلىگەيسەن.

ھەمىشە راستچىل بولغىن، ئاز سۆزلىگىن ۋە ئاز كۈلگىن، تاكى كىچىكلەر ساڭا يەڭگىللىك قىلىپ قالمىسۇن، چۈنكى كونىلار دېگەنكى: «پادىشاھ ئۈچۈن ھەممىدىن يامان ئىش پۇقرالارنىڭ يەڭگىللىكى ۋە پەرمانىغا بويسۇنماسلىقىدۇر.»

ھەرقانداق نەرسىنى ئىنئام قىلساڭ تۆھپىسىگە لايىق

قىلغىن ۋە ئۆزۈڭنى ئەزىز تۇتقىن. ھېچقانداق بىر ئادەمدىن زىنھار بىر نەرسە تەلەپ قىلمىغىن ۋە بەندىلەرگە رەھىمدىل بولغىن، ئەمما رەھىمسىزلەرگە رەھىم قىلمىغىن. ھەمىشە لۇتۇق ۋە كەرەملىك ئادەت قىلغىن، لېكىن سىياسەتلىك بولغىن. بارلىق ئىشتى ۋەزىرگىلا تاشلاپ بەرمىگىن، ئۇنىڭ رايىغا ھەمىشە موھتاج بولمىغىن. ۋەزىر ھەرقانداق ئادەم ھەققىدە ھەرقانداق گەپنى قىلسا ئاڭلىغىن، ئەمما دەرھال قوبۇل قىلمىغىن. ۋەزىرگە: «ئويلاپ كۆرەي، ئەگەر شۇنداق قىلىشقا لايىق بولسا، ئۇ ئىشنى قىلىشقا سېنى بۇيرۇيمەن» دېگىن. ئۆزۈڭ بۇ ئىشنى ئەستايىدىل سىنىغىن تاكى ئۇنىڭ پايدا ۋە زىيىنىنى ساڭا مەلۇم بولغاندىن كېيىن قانداق ھۆكۈم قىلساڭ قىلغىن. ئەگەر خاھى قېرى، خاھى يىگىتلىكتە پادىشاھ بولساڭ، قېرى كىشىنى ۋەزىر قىلغىن، ياش يىگىتلەرگە ۋەزىرلىكنى بەرمىگىن. ئەگەر سەن قېرى بولۇپ، ۋەزىرىڭ ياش يىگىت بولسا، بۇ مۇناسىپ بولمىغان ئىشتۇر. ئەگەر سەن ياش يىگىت بولۇپ، ۋەزىرىڭمۇ يىگىت بولسا، ئىككى يىگىت بىر ئوت بولۇپ مەملىكەتنى كۆيدۈرىدۇ.

ۋەزىر قاملاشقان ۋە ئېگىز بويلۇق، قورسىقى كەڭ قېرى ئادەم بولسا ياخشىدۇر. پاكار، كۆرۈمسىز كىشى بولسا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھەيۋەت ۋە سۈر بولمىغۇسىدۇر. ئۇزۇن ساقاللىق ئادەم ۋەزىرلىككە ئەڭ مۇناسىپتۇر.

ھېكايەت:

بىركۈنى سۇلتان تۇغرۇل خۇراسان پازىللىرىدىن بىر كىشىنى ۋەزىر قىلماقچى بولۇپ، بىر دانىشمەن كىشىنى ۋەزىرلىككە تاللىدى. ئۇ دانىشمەننىڭ ساقىلى ناھايىتى قويۇق

ۋە ئۇزۇن ئىدى. ساقىلى شۇنداق ئۇزۇن ئىدىكى، ئېگىگىدىن تىزىغىچە كېلەتتى. ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، سۇلتاننىڭ پەرمانىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى ۋە:

— بىز سېنى ئۆزىمىزگە ۋەزىر قىلدۇق، چۈنكى سەندىن مۇناسىپراق ئادەمنى تاپالمىدۇق، — دېدى.

ھېلىقى دانىشمەن دېدى:

— سۇلتانغا ئېيتىڭلاركى، ۋەزىرلىك كۆپ خۇسۇسىيىتى ۋە ھۈنىرى بولغان كىشىگە مۇناسىپ كېلىدۇ. مېنىڭدە بولسا ساقىلىمدىن باشقا ھېچقانداق خۇسۇسىيەت ۋە ھۈنەر يوقتۇر. پادىشاھ مېنىڭ ساقىلىمغا ئالدانمىسۇن، ئۇشبۇ خىزمەتنى باشقا ئادەمگە تاپشۇرسۇن.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر بىر كىشىنى ۋەزىر قىلساڭ، ئۇنى تەمكىنلىك بىلەن ئۇزۇن تۇتقىن، تاكى مەملىكەتنىڭ ئىشلىرى توختاپ قالمىسۇن. ئەمما ۋەزىرنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ھېچقانداق ئىمكانىيەت بەرمىگىن.

پۇقرانىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغىنكى، پادىشاھلار خۇددى چوپان، پۇقرالىرى قوي پادىسىدەك بولۇر. ئەگەر چوپان قوي پادىسىنى ساقلاشقا تىرىشمىسا، قوي پادىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ھالاك بولۇر.

ھەرقانداق ئادەمدىن خىزمەتنى يوشۇرمىغىن ۋە لېكىن ھەرقانداق كىشىگە ئىش بۇيرۇساڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئىشنى بۇيرۇغىن، نامۇناسىپ ئىشنى بۇيرۇمىغىن. يەنى ئادەتتىكى خىزمەتكە مۇناسىپ ئادەمنى شارابچىلىققا، شارابچىلىققا مۇناسىپ ئادەمنى خەزىنىچىلىككە قويمىغىن. شۇنداقلا، ھەر كىشىگە

ھەرقانداق ئىشتى بۇيرۇغىلى بولماس. ئەگەر ئىش بىلمىگەن كىشىگە بىر ئىشنى بۇيرۇساڭ، ئۇ كىشى ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن بۇ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتمىسا، ئۇ ئىش دۇرۇس ۋە پايدىلىق بولمىغۇسىدۇر. بەس، ئىشنى بىلگەن ئادەمگە بۇيرۇغىن، تاكى دىلىڭغۇللۇقتىن قۇتۇلغان بولغايسەن.

ئەگەر بىر چاكارغا ئىنايەت قىلىپ، ئۇنى چوڭ ۋە ئۇلۇغ قىلماقچى بولساڭ، ئۇنى ئەمەلسىز ھەشەمەتلىك ۋە نېمەتلىك قىلسا بولۇر. ئەگەر بىر نادانغا خىزمەت بۇيرۇساڭ، ئۆزۈڭنىڭ نادانلىقىڭغا گۇۋاھلىق بەرگەن بولۇرسەن.

پادىشاھلىقىڭدا ھېچقانداق ئادەمنىڭ پەرمانىڭدىن بويۇن تولغىشىغا يول قويما، سۆزۈڭنى كەسكىن قىل، بولمىسا ئۆزۈڭنى خار قىلغان بولۇرسەن، چۈنكى پادىشاھلىقنىڭ راھىتى ئۆز ئەمرىنى يۈرگۈزۈشتۇر، بولمىسا پادىشاھ بىلەن پۇقرانىڭ خۇلقى بىردەك بولۇپ قالۇر. پادىشاھ بىلەن پۇقرانىڭ پەرقى پەرمانبەردارلىقتىدۇر.

ھېكايەت:

ئەي پەرزەنت، ئاڭلىشىمچە، سىنىڭ بوۋاڭ سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ زامانىدا ئۇنىڭ بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. ئۇنى ئەبۇلفەتھ بۇستىي دەيتتى. سۇلتان ئەبۇلفەتھنى نىسا شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئەبۇلفەتھ نىسا شەھىرىگە بېرىپلا بىر كىشىنى تۇتۇپ تامام مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، مال ـ مۈلكىنى ۋەخپە قىلىپ، ئۆزىنى زىندانغا تاشلىدى. ئۇ كىشى نەچچە مەھەل زىنداندا يېتىپ، بىر ھىيلە ـ مىكرى بىلەن زىنداندىن چىقىپ غەزنەيىنگە كەلدى. بۇ دەل سۇلتاننىڭ دەۋا سورايدىغان كۈنى

ئىدى. ئۇ سۇلتاندىن ئادالەت تەلەپ قىلىپ ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئۇ كىشىگە نامە پۈتۈپ بەردى. ئۇ كىشى نامەنى ئېلىپ يېنىپ ئىسا شەھىرىگە بېرىپ، نامەنى ھاكىمغا بەردى. ھاكىم كۆڭلىدە: ئۇ كىشى بۇنىڭدىن كېيىن غەزنەيىنگە بارالمايدۇ، دەپ ئويلاپ نامىگە ئەمەل قىلماي، سۇلتانىنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ كىشى يەنە غەزنەيىنگە بېرىپ سۇلتانىنىڭ يولىنى توسۇپ تۇردى. سۇلتان باغدىن يېنىپ چىقىشى بىلەن، ئۇ كىشى يەنە ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان يەنە نامە پۈتۈپ بەردى. ئۇ كىشى:

— بىر مەرتىۋە كەلدىم. نامە پۈتۈپ بەردىلە. نامەنى ھاكىمغا كۆرسەتكەنىدىم، ھاكىم نامەگە ئەمەل قىلمىدى، — دېدى. سۇلتان ئوڭايسىزلىنىپ:

— بۇ نامەنى ئېلىپ بار. ئەگەر ئۇ نامەگە ئەمەل قىلمىسا، بېشىڭغا توپا چاچ، — دېدى. ئۇ كىشى ئەجەبلىنىپ:

— ئەي پادىشاھ، نامەنى سىلى پۈتۈپ بەرگەن تۇرسىلا، ھاكىم قوبۇل كۆرمىسە، مەن بېشىمغا توپا چاچسام قانداق بولغىنى؟ — دېدى. سۇلتان:

— ئەي غوجا، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئەگەر ھاكىم مەزكۇر نامەنى قوبۇل كۆرمىسە، ئەلۋەتتە مېنىڭ بېشىمغا توپا چاچمىقىڭ لازىمدۇر، — دېدى، — شەھەر چوڭلىرىنى يىغىپ بۇ كىشىنىڭ تامام مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ بېرىپ، ھاكىمنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار ۋە پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئىشتىمىگەنىنىڭ سازاسى ئۇشبۇدۇر، دەپ جار سېلىڭلار، — دەپ دەرھال ئەچچە غۇلامنى بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن يارلىق قوبۇل قىلمايدىغان ئىشقا

خاتىمە بېرىلدى. ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىمۇ ئازار يېمەيدىغان بولدى. شۇ بىر سۆز بىلەن ھەممە ئادەم راھەت تاپتى.

ھېكايەت:

ئەي پەرزەنت، سېنىڭ تاغاڭ ھەزرىتى سۇلتان مەسئۇد مەردانىلىك ۋە باھادىرلىق يوللىرىنى قولىغا ئېلىپ داڭ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن يۇرت باشقۇرۇش يوللىرىنى ياخشى ئىگىلىمىگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى كېنىزەكلەر بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولاتتى. يۇرت ئىشى بىلەن كارى بولمايتتى. شۇ سەۋەبلىك لەشكەرلەر پەرمان تۇتماس، يەنى پەرمانغا بويسۇنماس بولدى. پۇقرالارنىڭ كۆڭلى قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىمۇ توختاپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىراق سەھرادىن بىر خوتۇن كېلىپ، ئادالەت تەلەپ قىلىپ سەھرادىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان نامە پۈتۈپ بەردى. ئەمما ھاكىم نامەگە ئەمەل قىلمىدى. ئۇ خوتۇن يەنە كېلىپ سۇلتانغا شىكايەت قىلدى. سۇلتان يەنە نامە پۈتۈپ بەردى. خوتۇن دېدى:

ــ ئەي پادىشاھ، ئۆتكەندە بىر نامە پۈتۈپ بەرگەنىدىلە، ئاپارسام ھاكىم نامە بويىچە ئىش قىلمىدى.

سۇلتان دېدىكى:

ــ مەن نامە پۈتۈپ بەردىم. ۋاقتىكى، ئۇ نامەگە بېقىپ ئىش قىلمىسا، مەن قانداق قىلاي؟!

خوتۇن دېدى:

ــ ئەي پادىشاھ، يۇرتنى باشقۇرالىسىڭىز تۈزۈك باشقۇرۇڭ، خەلق پەرمانىڭىزنى ئاڭلايدىغان، سىزدىن قورقىدىغان بولسۇن.

بولمىسا، باشقا بىرىگە قويۇپ بېرىڭ. ئۇ يۇرتنى سوراپ پەرماننى جارى قىلدۇرغاي. سىز ئەيش ـ ئىشرىتىڭىزنى قىلىپ يۈرۈۋېرىڭ. تا خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرى سىزنىڭ ھاكىملىرىڭىزنىڭ قولىدا ۋەيرانە بولۇپ كەتمىسۇن.

سۇلتان ئۇ خوتۇننىڭ سۆزىدىن تولىمۇ خىجىل بولدى ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇل خوتۇننىڭ دەۋاسىنى ھەل قىلىپ، ھاكىمنى دارغا ئاستۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۆزى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئادەم خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ھېچكىم سۇلتاننىڭ پەرمانىدىن چىقمايدىغان بولدى.

بەس، ئەي پەرزەنت، ھەربىر پادىشاھنىڭ ھۆكمى ئۆتمىسە، ئۇ پادىشاھ ئەمەستۇر ۋە پادىشاھلىق پەرمان بېجىرىلىشكە باغلىقتۇر. پەرماننى راۋا قىلدۇرۇشتا كەمچىلىككە يول قويۇش ياخشى ئەمەس.

سىپاھلارنى يۇقىرالارغا ئىگە قىلىپ قويمىغىن. سىپاھلاغا قانداق تەربىيەت قىلساڭ، يۇقىرالارغىمۇ شۇنداق مېھرىبانلىق يەتكۈزگىن، تاكى مەملىكەت ئاۋات بولغاي، چۈنكى پادىشاھ ئاپتاپتەكتۇر، ئاپتاپ بىراۋغا سايە چۈشۈرۈپ، يەنە بىراۋدىن يۈز ئۆرۈمەس. يۇقىرالارنى لەشكەر بىلەن باشقۇرسا بولۇر ۋە لەشكەرلەرنى يۇقىرا بىلەن خۇشال، خاتىرجەم قىلسا بولۇر. زۇلۇم قىلىشنى ئەسلا يادىڭغا كەلتۈرمىگىنكى، ئادىل پادىشاھنىڭ خانىدانى ئۇزۇن يىل باقىي قالۇر ۋە زالىمنىڭ خانىدانى تېزلا بەربات ۋە نابۇت بولۇر، چۈنكى ئادىللىق ئاۋاتلىقنىڭ نىشانىدۇر ۋە زۇلۇم ۋەيرانلىق ئالامىتىدۇر. ھۆكۈمالار دېگەنكى، ئادىل پادىشاھ ئالەم خۇشاللىقىنىڭ ئۇزۇلمەس بۇلىقىدۇر، زالىم

پادىشاھ جاھان خارابلىقىنىڭ توپانىدۇر.

مەزلۇملار دۇئاسىدىن غاپىل بولمىغىنكى، ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئەلۋەتتە قوبۇل بولىغۇسىدۇر. خىلۋەتتە كۆپ ئولتۇرمىغىن، لەشكەردىن ۋە باشقا خالايىقتىن قاچمىغىن، ئەگەر قاچساڭ، ئۇلارمۇ سەندىن قاچۇر. پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىغا قاراشتا كەسكىن بولغىنكى، بولمىسا دۈشمەنگە يوچۇق ئېچىپ بەرگەن بولۇرسەن. ئەمما، لەشكەر تۈتساڭ، ھەممە لەشكەرنى بىرلا قەبىلىدىن ئالمىغىن. ئەگەر پادىشاھ بارلىق لەشكەرنى بىر قەبىلىدىن ئالسا، لەشكىرى زەبۇن بولۇر، چۈنكى ئۇلار ھەمىشە بىر ـ بىرى بىلەن ئىتتىپاق بولۇر ۋە ھەممىسىگە بىردەك سىياسەت قىلىپ بولماس. ئەگەر ھەر تۈرلۈك قەبىلىدىن لەشكەر ئالساڭ، ئۇ ھالدا بىر تائىپە يەنە بىر تائىپىدىن قورقۇر ۋە پەرمانغا بويسۇنتاۋلىق قىلالماس، سېنىڭ پەرمانىڭ بولسا لەشكىرىڭگە راۋا بولۇر. سېنىڭ بوۋاڭ سۇلتان مەھمۇدنىڭ تۆت مىڭ تۈرك غۇلامى ۋە تۆت مىڭ ھىندى غۇلامى بار ئىدى. تۈركلەرنى ھىندىلاردىن قورقۇتاتتى. بۇ ئىككى تائىپە بىر ـ بىرىدىن قورقۇپ، پادىشاھقا پەرمانبەردار بولۇر ئىدى.

ئەي پەرزەنت، گاھ ـ گاھىدا لەشكەر ئۇلۇغلىرىنى نان يېيىش، شاراب ئىچىش ئۈچۈن ئۆز مەجلىسىڭگە چاقىرىپ، كەرەم ۋە مېھرىبانلىق كۆرسەتكىن ۋە تون ـ سەرۇپاي يېپىپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلغىن. لېكىن، كىشىگە ئاز نەرسە بەرمەكچى بولساڭ، كۆپ ئادەمنىڭ ئارىسىدا بەرمىگىن، تاكى ھەممىتىڭنىڭ تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولمىسۇن، مەسىلەن، مەن سەككىز يىل غەزنىدە سۇلتان مەۋدۇدنىڭ

مەھرىمى بولدۇم. ئۇنىڭدا ئۈچ ئىشنى ھەرگىز كۆرسەتمىگەن بىرى شۇكى، ئەگەر ئىنئام ئىككى يۈز تىللاردىن ئاز بولسا، ئۇنى كۆپچىلىك ئالدىدا بەرمەيتتى، خىلۋەتتە ۋەزىرنىڭ ياردەمچىسىگە بۇيرۇپ بەرگۈزەتتى. ئىككىنچىسى، ھەرگىز چىشى كۆرۈنگۈدەك قاتتىق كۈلمەيتتى، ئۈچىنچىسى، ھەرقانچە ئاچچىقى كەلسىمۇ ھەرگىز «نومۇسسىز» دېيىشتىن باشقا دەشنەم بەرمەيتتى. بۇ ئادەت ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر. ئاڭلىشىمچە، رۇم سۇلتانىنىڭ ئادىتىمۇ شۇ خىلدا ئىكەن. بەس، ئەي پەرزەنت، سېخىي بولغىن ۋە پەس ھىممەت بولمىغىن، بولمىسا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ھىممىتىڭنى كۆرسەتمىگىن. ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ، خەلق ساڭا دۈشمەن بولىۇر. گەرچە ھەتتا ساڭا بىرەبىر دۈشمەنلىك قىلالمىسىمۇ، ھەر ھالدا ساڭا بىر دۈشمەن بولسا، خىزمەت قىلماس ۋە دۈشمىنىڭگە دوست بولىۇر. ئەمما جاھىللىق قىلىپ پادىشاھلىق شارابىدىن مەست بولمىغىن. ئالتە خىسلەتتىن ۋاز كەچمىگىن ۋە ئۇلارنى مەھكەم تۇتقىن، مەسىلەن، سۈر ـ ھەيۋەت، ئادىللىق، ساخاۋەت، مۇھاپىزەت، مۇلايىملىق ۋە راستچىللىق. ھەربىر پادىشاھ بۇ ئالتە خىسلەتنىڭ بىرىدىن يىراق بولسا، پادىشاھلىق شارابى مەستلىكىگە يېقىن بولىۇر، ھەربىر پادىشاھ پادىشاھلىق شارابىدىن مەست بولسا، پادىشاھلىقتىن جۇدا بولغاندىن كېيىن، بۇ مەستلىكتىن ئايرىلىۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھ بولساڭ، بۇ ئىشلاردىن ئېھتىيات قىلغىن ۋە ئالەم پادىشاھلىرىنىڭ ھالىدىن شۇنداق خەۋەردار بولۇپ تۇرغىنكى، ئۇلارنىڭ نەپەس ئېلىشىدىنمۇ غاپىل بولمىغىن.

ھېكايەت:

فەخرۇددەۋلە قېرىنىدىشى ئەزۇدۇددەۋلەدىن قېچىپ ھېچ يەردە تۇرغۇدەك ماكان تاپالماي، ئاخىر بوۋام قابۇس ئىبىن ۋەشمىگىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئامانلىق (پاناھلىق) تىلەپتۇ. بوۋام ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ھەمشىرەمنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بېرىپتۇ ۋە بۇ مەرىكە ئۈچۈن ئىنتايىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سەرپ قىپتۇ. چۈنكى، مېنىڭ مومام فەخرۇددەۋلەنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقانىدى. ئەزۇدۇددەۋلە بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ شەمسۇل ـ مەئالىنىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى كېلىپ نامىنى بېرىپتۇ. نامىدە كۆپتىن ـ كۆپ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن شۇنداق يېزىلغانىكەن:

«مەلۇم بولسۇنكى، بۇرادىرىم سىزنىڭ قېشىڭىزغا بېرىپتۇ. سىزگە مەلۇم، سىز بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدىكى دوستلۇق ۋە بۇرادەرلىك مەڭگۈلۈكتۇر. سىزنىڭ ئۆيىڭىز بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ پەرقى يوقتۇر. ئەمما ئۇ بۇرادىرىم مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. مۇمكىن بولسا، ئۇنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز. مەن بەزى ۋىلايەتلىرىمنى سىزگە بەرسەم. دوستلۇقىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەم قارار تاپقان بولاتتى. ناۋادا يامان ئاتاقتا قېلىشتىن ۋەھىمە يەپ، ئۇنى بۇياققا ئەۋەتىشتىن ئەندىشە قىلسىڭىز، شۇ يەردە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ھەم مەقسىتىم ھاسىل بولغان بولاتتى. سىزمۇ يامان ئاتاقتا قالمايتتىڭىز.»

شەمسۇل مەئالى نامە پۈتۈپ دەپتۇكى:

«سۇبھانائاللا، سىزدەك ئۇلۇغ كىشىدىن مەندەك بىر كىشىگە بۇ قاتارلىق سۆزلەرنى ئېيتىش نە لازىم. مەن مۇنداق ئىشنى

قىلىپ تا قىيامەتكىچە بەتنامدا قالسام راۋا بولارمۇ؟!»

ئەلچى دەپتۇ:

«ئەي پادىشاھ، ئەزدۇد ۋەلىدەك دوست ـ بۇرادىرىڭىزنى فەخرۇد ۋەلىنى دەپ قولدىن چىقىرىپ قويماڭ. بىزنىڭ پادىشاھ سىزنى بىر تۇغقان بۇرادىرىدىن ھەم يېقىنراق دوست دەپ بىلىدۇ. ھەتتاكى مېنى بۇ تەرەپكە ماڭدۇرغان كۈنى ئەزدۇد ۋەلى سىز توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ: «خۇدايىتائالا بىلىدۇكى، مەن شەمسۇل مەئالىنى كاتتا دوستۇم دەپ بىلىمەن. ئاڭلىشىمچە، ئۆتكەن ئاينىڭ نەچچىسى شەنبە كۈنى شەمسۇل مەئالى ھاممامغا بېرىپتۇ. يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرگىلىۋاتقاندا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. مەن ھېسابسىز غەمدە قالدىم. شەمسۇل مائالنىغا تېخى ئەمدىلا قىرىق يەتتە ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق قېرىلىق يېتىپتۇ. قۇۋۋەت ـ ماغدۇرىدىن قاپتۇ.»

ئەلچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئېيتىشتىن غەرىزى «مېنىڭ پادىشاھىم سىزنىڭ تامام ئەھۋالىڭىزدىن تولۇق خەۋەرداردۇر» دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىكەن. بۇ ھەم ئەزدۇد ۋەلىنىڭ تەلىمى ئىدى. شەمسۇل مەئالى شۇئان:

ــ ئەزدۇد ۋەلىنى خۇدايىتائالا مەڭگۇ ئامان تۇتقاي، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماقۇل كۆردۈم. ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ غېمىم باردۇر. خەۋەردار قىلايكى، پالانى ئاينىڭ نەچچىسى شەنبە كۈنى ئەزدۇد ۋەلى بىركۈن كېسەل بولدى. كېچىسى پالانى يەردە شاراب ئىچىپ، شۇ يەردە ئۇخلاپ قالدى. كېچىدە ئۆگزىدىن چۈشكىچە ئايىغى تېيىلىپ كېتىپ، شوتىدىن يىقىلىپ بىقىنىنى ئاغرىتىۋالدى. مەن شۇ ئىش

توپەيلى بىسيار مالال بولدۇم (قايغۇردۇم). ئەمدىلا قىرىق ئىككى ياشقا چۈشۈپ قالغان ئەھۋالدا، تۈن يېرىمىدا ياتقان يېرىدىن قوزغالمىسا بولاتتى، — دەپ بۇ قاتارلىق ھادىسە، ۋەقەلەردىن ئۆزىنىڭمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئەلچىگە بىلدۈرۈپ قويۇپتۇ.

ئەي پەرزەنت، ئەتراپىتىكى پادىشاھلارنىڭ ھالىدىن ئاگاھ بولغاندىن كېيىن دۆلىتىڭ، پۇقرالار ۋە لەشكەرلىرىڭنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ ئاگاھ بولغىن. ئەگەر ئۆز شەھىرىڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىسەڭ، ياتلارنىڭ ئەھۋالىنى قانداق قىلىپ بىلۇرسەن؟

ھېكايەت:

ئەي پەرزەنت، تاغاڭنىڭ ئوغلى سۇلتان مەۋلۇد بىننى سۇلتان مەسئۇدنىڭ زامانىدا مەن غەزنىگە بارغانىدىم. مېنى كۆپ ئىززەتلىدى ۋە ئىھتىرام بىلدۇردى. بىر مۇددەتتىن كېيىن مېنى سىناپ، ئۆزىگە خاس خىزمەتكار قىلدى. ئۇ ھەممىشە تائامنى مېنىڭ بىلەن بىللە يەيتتى. خاھ باشقا خىزمەتكارلار بولسۇن ـ بولمىسۇن، مەن ئۇنىڭ سۆھبىتىدە ھازىر ئىدىم. بىركۈنى سۈبھى ۋاقتىدا خىزمەتكارلار بىلەن شاراب ئىچىپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا لەشكەرگە كىرۈنۈش قىلدى ۋە بارلىق لەشكەر كېلىپ سالام بېرىپ قايتىشتى. غوجا ئابدۇللا رەززاق ئەھمەد بىننى ھەسەن مەيمەندىي ئۇنىڭ ۋەزىرى ئىدى. بىر خەۋەرچى بىر پارچە خەت ئېلىپ كېلىپ غوجىغا بەردى. غوجا ئىچكىرى كىرىپ، ئۇ خەتنى خىزمەتكار ئەلىگە بەردى ۋە ئەلى سۇلتانغا بەردى. سۇلتان شاراب ئىچىپ ئولتۇرغانىدى، شۇ ھامان خەتنى ئوقۇدى ۋە غوجىغا قاراپ:

— مۇنھىيىنى بەش يۈز كالتەك ئۇرۇشقا بۇيرۇغىن، تاكى

بۇنىڭدىن كېيىن خەۋەر ئېلىپ كەلسە، شەرھلەپ بېرىپ كەلسۇن، چۈنكى، بۇ خەتتە: «ئۆتكەن كېچە غەزنىدە ئىككى مىڭ ئۆيدە ئاش پىشۇرۇلمىدى» دەپ يېزىپتۇ. مەن ئۇ ئۆيلەر كىملەرنىڭ ئۆيى، قايسى كوچىدا، قايسى مەھەللىدە ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالدىم، — دېدى.

غوجا دېدى:

— مۇنھىينىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىڭ، بۇ خەتتە ئۇ مۇجمەل گەپلەرنى يېزىپتۇ. ئەمما شەرھىيسى بىلەن يازسا بۇ بىر چوڭ كىتاب بولۇپ كېتىدۇكى، ئۇنى بىر مەجلىستە ئوقۇپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئائىلاج ئاشنى بايان قىلىپتۇ، ئەمما ئاشنىڭ رەڭگى، تەمىنى يازماپتۇ. ئەمدى رەھىم قىلسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق سۆزنى مۇجمەل قىلماي، پالان كىشى، پالان ۋاقىتتا ۋە پالان ئاش دەپ تەپسىلىي يازسۇن.

سۇلتان دېدى:

— بۇ نۆۋەت ئەپۇ قىلدىم. ئەگەر يەنە شۇنداق يازسا، گۇناھى ئۆز بويىنىدا بولسۇن.

بەس، ئەي پەرزەنت، ھەمىشە لەشكەر ۋە پۇقرانىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولغىن، خوسۇسەن، ۋەزىرنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەكشۈرگىن ۋە شاراب ئىچىشكە يول قويمىغىن. چۈنكى سەن بارلىق ئەھلى ئايال ۋە خانىۋانىڭنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانسەن. ئەگەر ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن غاپىل بولساڭ، ئۆزۈڭدىن، خانىۋانىڭ ۋە مال ـ مۈلكۈڭدىن غاپىل بولغىنىڭدۇر. ئەتراپىڭدىكى ئۆزۈڭگە ئوخشاش پادىشاھلار بىلەن كۆرۈنۈشتە دوست بولساڭمۇ، ئەمەلىيەتتە دوست بولمىغىن ۋە ئەگەر ئەمەلىيەتتە دۈشمەن

بولساڭمۇ، كۆرۈنۈشتە ئاشكارا قىلمىغىن.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئىسكەندەر رۇمىي بىركۈنى دۈشمىنىگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانماقچى بولدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

— ئەي پادىشاھ، دۈشمەن ھازىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىدۇر، شۇڭا، كېچىلەپ ھۇجۇم قىلىش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىشتى. ئەمما ئىسكەندەر دېدىكى:

— ئوغرىلىقچە غالىب كېلىش پادىشاھلىقنىڭ ئىشى ئەمەس. يوشۇرۇن (ئوغرىلىقچە) قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە مەن ئۈچۈن نومۇستۇر.

بەس، پادىشاھلىقتا ئۇلۇغ ئىشلارنى ئادەت قىلغىن، چۈنكى پادىشاھ ھەممە كىشىدىن ئۇلۇغراقتۇر. ئۇنىڭ سۆز ۋە قىلىقلىرى باشقىلارنىڭ سۆز ۋە قىلىقلىرىدىن ئۇلۇغراق بولۇشى كېرەكتۇر ۋە بۇنداق سۆز ۋە قىلىقى بىلەن ئۇلۇغ نام قازانسا بولۇر. پەس ھىممەت پادىشاھنىڭ نامى ھەرگىز چىقمايدۇ.

ھۆكمىڭنى ئۇلۇغ تۇتقىن ۋە ھەرقانداق ئېھتىقالانغان ئىشقا ھۆكۈم قىلمىغىن. ئەگەر بىرەر نەرسىگە ھۆكۈم قىلساڭ، ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلمىغىن، چۈنكى خىلاپ ئىش قىلىش ھەممە كىشىگە ياماندۇر، خۇسۇسەن پادىشاھقا ياماندۇر.

يۇقىرىدا پادىشاھلىق قائىدىلىرىنى بايان قىلدىم.

ئەگەر دېھقانچىلىق ۋە بازار ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولساڭ، ئۇلارنىڭمۇ بىر قاتار قائىدىلىرى بار. سەن ھەربىرىنىڭ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرگىن، تاكى ئىشىڭ ھەمىشە راۋاج تاپقاي ۋە مۇرادىڭغا يەتكەيسەن.

قىرىق ئۈچىنچى باب

## دېھقانچىلىق ۋە بازار ئىشلىرى بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر دېھقان بولساڭ ھەممە دېھقانلاردىن بىلىملىكرەك بولغىن ۋە بىر ئېتىزنى تېرىساڭ، ۋاقتىدىن ئۆتكۈزۈۋەتمىگىن. ۋاقتىدىن ئون كۈن بۇرۇن تېرىغىنىڭ ۋاقتىدىن ئىككى كۈن كېيىن تېرىغىنىڭدىن ياخشىراقتۇر.

ئىككى ئۆكۈزنى تەييار قىلىپ، بارلىق جابدۇقلارنى تەييار قىلغىن. شاشراق، كۈچلۈك ئۆكۈزلەرنى سېتىۋالغىن، ئوقۇرىدا ھەلەپ ۋە دانلارنى ئۈزۈلدۈرمىگىن. ئۇنى شۇ خىلدا تەربىيەت قىلغىنكى، ئۆكۈزلىرىڭ زورلۇقتا ۋە سېمىزلىكتە باشقىلارنىڭ ئۆكۈزىدىن ئۈستۈن بولسۇن. ئەگەر بىر ئۆكۈزۈڭ ئىشقا يارىماي قالسا، دەرھال يەنە بىر ئۆكۈز ئېلىشقا ھەرىكەت قىلغىن، تاكى تېرىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن. ئەگەر تېرىش ۋە ئورۇش ۋاقتى بولمىسا، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سۇغىرىپ، ئوتاشقا ئەھمىيەت بەرگىن. كېلەر يىلنىڭ تەدبىرىنى بۇ يىل قىلغىن. كۈچلۈك ـ قۇۋۋەتلىك يەرگە تېرىقچىلىق قىلغىن، ئەگەر يەرنىڭ كۈچى بولمىسا، يەر ساڭا پايدا بەرمەيدۇ.

ھەرقاچان يەرنى ئاغدۇرۇپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرساڭ، دېھقانچىلىقتىن بەھرىمەن بولغايسەن.

ئەگەر باشقا ئىشنى قىلماقچى بولساڭ، بازارچىلىق ئىشىنى

قىلغىن. ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭ چەبدەس بولغىن ۋە پاكىز ئىش قىلغىن. شۇندىلا سېنىڭ ئىشىڭ باشقىلارنىڭ ئىشىدىن ياخشىراق بولغاي.

دوست ـ بۇرادەرلىرىڭ كۆپەيسۇن. ئاز پايدىغا قانائەت قىلغىن ۋە مېلىڭغا يۇقىرى باھا قويۇپ خېرىدارنى ئۆزۈڭدىن قاچۇرمىغىن، تاكى بازارچىلىقتا رىزقىڭ زىيادە بولسۇن. خەلق سېنىڭ ئالدىڭغا بىر نەرسىنى ئېلىش ۋە سېتىش ئۈچۈن كەلسە، دوستۇم، بۇرادىرىم، دەپ يۈز قاراشتىن ساقلانغايسەن، تاكى سېنىڭ بۇنداق مېھرىبانلىقىڭنى كۆرۈپ، ئۇلار ماللىرىغا يۇقىرى باھا قويۇشتىن ھايا قىلسۇن ۋە سېنىڭ مەقسىتىڭ ھاسىل بولسۇن. شۇندىلا ھەمىشە كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىڭ چىققاي. ئەمما راست سۆزلىگىن، بېخىللىقتىن پەرھىز قىلغىن. سوداڭنى ياخشى ئىشقا سەرپ قىلغىن، قاشاقلارغا ئىنئام بەرگىن ۋە ئۆزۈڭدىن كۆچلۈكلەرگە ھاجەتمەن بولغىن. سودىدا بەك قاتتىق بولۇۋالمىغىن، غېرىبلاردىن كۆپ پايدا تەلەپ قىلمىغىن ۋە موھتاجلارنى خۇشال قىلغىن.

ئۆز پادىشاھىڭغا راستچىل بول، ئەمما پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ھېرىس بولمىغىن، ئەلەمدارلارغا ئارىلاشمىغىن. ھەمىشە بازار ئەھلى بىلەن بولغىن. تاش ۋە تارازىنى ھەقىقىي تۇتقىن. ئۆز پۇلۇڭ ھەققىدە دىلىغۇل بولۇپ، ئىككى ھەميان تۇتمىغىن. شېرىكلىرىڭگە خىيانەت قىلمىغىن، ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭ ھىيلە ئىشلەتمىگىن ۋە ھەمىشە ھەممە ئىشىڭنى بىردەك قىلغىن. ئەگەر باي بولساڭ، موھتاجلارغا قەرز بېرىشنى غەنىيمەت بىلگىن.

يالغاندىن قەسەم قىلمىغىن ۋە كىشىلەر بىلەن يېرىكلىشىپ قالمىغىن. پاك دىل بولغىن، تاكى سوداڭدا، پايداڭدا بەرىكەت بولغاي. ھەربىر ئىش مېنىڭ ئېيتقىنىمدەك بولسا، ھەممە كىشىنىڭ سېخىيسى بولغايسەن. ئەمدى بىلگىنكى، سېخىيلىقنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى قۇربىمنىڭ يېتىشىچە بايان قىلۇرمەن.

www.uyghurkitap.com

قىرىق تۆتىنچى باب

## سېخىيلىق بايانىدا

ئەي پەرزەنت، ئەگەر سەن سېخىيلاردەك ئىش قىلماقچى بولساڭ، ئالدى بىلەن سېخىيلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگىن. بىلگىنكى، ئادەم ئۈچ خىل سۈپەتكە ئىگىدۇر، بارلىق كىشى، ئۇ خاھى دانا، خاھى نادان بولسۇن، شۇ ئۈچ نەرسە بىلەن خۇشال بولۇر... بۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرى ئەقىل، بىرى راستچىللىق ۋە بىرى سېخىيلىقتۇر.

خەلقنىڭ دەۋاسىغا ھەقىقەت بىلەن قارىساڭ، ئەقىل راستلىق ۋە سېخىيلىق بىلەن يالغان دەۋا قىلىمغۇسىدۇر. چۈنكى، بۇ ئۈچ خىل سۈپەتكە ئىگە بولمىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. ئەمما ئادەتنىڭ شىددىتى ۋە خىرەلىكى خەلقنىڭ ئەسلىي يولىنى باغلاپ قويىدى. ئىنسان ئەسلىي بارلىق ئىلىمنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئادەمنىڭ تېنى كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ماددىلاردىن تۈزۈلگەن. دېمەك، ئىنسانىنىڭ بەدىنىدە بىر قىسىم تەبىئىي كۈچلەر ئاسمان گۈمبىزى، ماددىلار، ئۇنسۇرلار، نەپەس شەكىللىرى، جان، ئەقىل مەۋجۇتتۇركى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئالاھىدە بىر ئالەمدۇر، يەنى مۇرەككەپ بىر مەۋجۇتلۇق بولغاندۇر. بەس، كۆرمەمسەن، بۇ ئۇلۇغ جاھاندا ئاسمانمۇ،

يۇلتۇزلارمۇ، تەبىئىي كۈچلەرمۇ، ھەممىسى خىلمۇخىل ماددىلار بولسىمۇ، تەبىئەت قوينىدا بىر ـ بىرىگە باغلىنىقتۇر. يەنى ئوت بىلەن سۇ بارلىق سۈپەتتە بىر ـ بىرىگە زىتتۇر، تۇپراق بىلەن ھاۋامۇ بىر ـ بىرىگە زىتتۇر. دېمەك، يەر تۇپراق، ئوت ۋە سۇنىڭ ئارىسىدا ۋاستىچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى بىر باغقا باغلايدۇ. شۇ تەرىقىدە يەردىكى قۇرغاقچىلىقنىڭ ئوت بىلەن، سوغۇقلۇقنىڭ سۇ بىلەن باغلىنىشى ئارىسىدا باغ پەيدا بولىدۇ، لېكىن قۇۋۋەت ماددىسى بىلەن مەركۇر باغ ئۈزۈلىدۇ. كۈچ پەلەكتىن، پەلەكى ماددىدىن، يەنى ھەربىر نەرسىنىڭ ئەسلىي ماددىسى ۋە ماھىيىتىدىن، ماددا نەپەستىن، نەپەس ئەقلىدىن ئۆشبۇ قىياس بىلەن جۇدا بولىدۇ. ئادەم جىسمىدا تىرىكلىك ۋە ئېغىرلىق تەبىئەت قۇۋۋىتى ئارقىلىقمۇ بولىدۇ. سۈرەت، چىراي، ھايا، قۇۋۋەت، ھەرىكەت پەلەكتىنمۇ بولىدۇ. بەش خىل جىسمانىي سەزگۈ، يەنى ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش، سىلاش ماددىدىنمۇ پەيدا بولىدۇ؛ ياد ئېتىش، تەپەككۇر قىلىش، خىيال قىلىش، سۆزلەش، تەدبىر قوللىنىش جەم بولىدۇ. ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ مەنبەسى يوقتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىنىمۇ كۆرسىتىپ بولغىلى بولماس. چۈنكى، سېخىيلىق، دانىشمەنلىك، كامالەت، ئەزىزلىك ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەقلىنىڭ سەرمايىسىدۇر ۋە ئالىي ئەقىل تەشەببۇسى بىلەن بەدەندە پەيدا بولىدۇ. دېمەك، تەن جان بىلەن، جان نەپەس بىلەن ۋە نەپەس ئەقىل بىلەن تىرىكتۇر. ھەر كىشىنى تىرىك كۆرسەڭ، ئۇ جانسىز ئەمەستۇر، ھەر ئادەمنى جانلىق كۆرسەڭ، ئۇ نەپەسسىز ئەمەستۇر، ھەر كىشىنى نەپەسلىك كۆرسەڭ، ئۇ ئەقىلسىز ئەمەستۇر. بۇ ئەھۋال ھەممە ئادەمدە مەۋجۇتتۇر.

لېكىن، تەن بىلەن جاننىڭ ئارىسىدا بىمارلىق پەردىسى بولسا، جاندىن تەنگە ماددا، يەنى قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت يېتىشمەس. ھەر كىشىنىڭ نەپسى بىلەن جېنى ئارىسىدا ئېغىرلىق ۋە غەيرىيلىك پەردىسى بولسا، نەپسەتتىن جانغا ماددا تامامەن يېتىشمەس. ھەربىر ئادەمنىڭ نەپسى بىلەن ئەقلى ئارىسىدا جاھىل خىرەلىك پەردىسى بولسا، ئەقلىدىن جانغا پىكىر، تەدبىر، سېخىيلىق ۋە راستچىللىق يېتىشمەس. دېمەك، ھەقىقەتەن ئەقىل مانا بۇلارسىز بولمايدۇ. لېكىن روھقا يېتىدىغان بەرىكەت، مەرھەمەتنىڭ يولى، جاھالەت ئىللىتى بىلەن باغلىنىپ قالىدىكەن، ئوخشاشلا ھەرقانچە دەۋەت قىلغان بىلەنمۇ، ھېچقانداق مەنپەئەت ھاسىل بولمايدۇ.

دۇنيادا مەردلىك، يەنى سېخىيلىق دەۋاسىنى قىلمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوقتۇر. لېكىن، ئەي پەرزەنت، سەن ئىجتىھات قىلىپ باشقىلاردەك بولمىغىن ۋە بىمەنە دەۋا قىلمىغىن. يۈكسەك روھ ئارقىلىق ئىلىم نۇرىنىڭ، بەرىكەت ـ مەرھەمەتنىڭ يولىنى ئېچىشقا تىرىشقىن. بىلىش ۋە بىلدۈرۈش، ئاڭلاش ۋە ئاڭلىتىشنىڭ مەنىسىنى چۈشەن. بۇ دېگەنلىك، بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىش، بىلگەننى بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، دانىشمەنلەر ئەقىل ۋە جاۋانمەردلىكتىن سۆز بىلەن جەسەتسىز بىرنەچچە سۈرەت ياسىغاندۇر. بۇ سۈرەتلەر تەن، جان، سەزگۈلەر، مەنىلەر سۈرىتىدۇر. دېمەكچىمەنكى، بۇ سۈرەتنىڭ تېنى سېخىيلىق، جېنى راستچىللىق، سەزگۈسى دانىشمەنلىك، مەنىسى ساپادۇر. بۇ سۈرەتلەرنى خەلققە تەقسىم قىلىشتى: بىر گۇرۇھقا تەن تەگدى، باشقا نەرسە تەگمىدى؛ بىر گۇرۇھقا تەن، جان، سەزگۈ ۋە

مەنىلەر تەگدى. تەن تەگكەن گۇرۇھ ئەمەلدار ۋە ئەلەمدارلار بولۇپ، خالايىق ئۇلارغا سېخىيلار دەپ ئات قويۇشتى؛ تەن ۋە جان تەگكەن گۇرۇھ كۆرۈنۈشتە مەرىپەت ساھىبىدۇركى، خالايىق ئۇلارغا يالغان مەرىپەتچىلەر دەپ ئات قويۇشتى؛ تەن، جان، سەزگۇ تەگكەن گۇرۇھ ھۆكۈما، ئەنبىيا ـ ئەۋلىيالار بولۇپ، خالايىق ئۇلارغا دانىشمەن دەپ ئات قويۇشتى؛ تەن، جان، سۆز ۋە مەنىلەر يەتكەن گۇرۇھ پەرىشتىلەردىن بولۇپ، ئۇلارغا سېخىيلىق نېسىپ بولدى.

سېخىيلىق ئەسلي ئۈچ نەرسىدۇر: بىرى شۈكى، ئېيتقان سۆز بويىچە ئىش قىلىش؛ ئىككىنچىسى، راستچىللىقتا خىلاپلىق قىلماسلىق؛ ئۈچىنچىسى، خەيرلىك ئىشنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىش. ئادەمدىكى قالغان بارلىق سۈپەتلەر بۇ ئۈچ نەرسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

ئەي پەرزەنت، ئەگەر ساڭا قىيىن كەلگەن بولسا، مەن بۇ ئۈچ سۈپەتنى تەدبىر بىلەن، بۇ قوۋمنىڭ ھەربىرىگە مەرتىۋە ۋە ئەندازىسىغا لايىق تەقسىم قىلۇرمەن. بىلگىن، سېخىيلىق ۋە مەردلىك شۇنداق كىشىگە سازاۋەردۇركى، بۇنىڭدا بىلىشكە تېگىشلىك بىرقانچە ھۈنەرلەر باردۇر. بۇ ھۈنەرلەردىن بىرى: جەسۇر، مەرد، سەۋر ـ تاقەت، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، پاك دىل ۋە ھەق سۆزلۈك بولۇش بولسا، يەنە بىرى، ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئەسىرلەرگە ئازار بەرمىسە، بىچارىلەرگە مەدەت بەرسە، يامانلارنىڭ يامانلىقىنى ياخشىلاردىن يىراق تۇتسا، راست سۆزنى ئېيتسا، ياخشىغا يامانلىق يەتكۈزمىسە، زىياندىن ساقلانسا، ئادەملەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىسە، ياخشى قارىغىنىكى، بۇنداق ئىشلارنىڭ ئاخىرى يەنىلا ئاشۇ ئۈچ سۈپەتكە بىۋاسىتە باغلىنىدۇر.

ھېكايەت:

كۆھىستاندا بىركۈنى بىرنەچچە ھەييار (ىبكارچى) جەم بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە سالام قىلىپ دېدىكى:

— مەن شەھەردىكى ھەييارلار (ىبكارچىلار) نىڭ سىزلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى. شەھەردىكى ھەييارلار سىزلەرگە سالام ئېيتتى ۋە مۇنۇ ئۈچ مەسىلىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. ئەگەر سىزلەر بۇ ئۈچ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمىسەڭلار، سىزلەرنىڭ بىزنىڭ چوڭىمىز ۋە سەردارىمىز بولۇشۇڭلارغا ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن قوشۇلىمىز. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭلار ياكى سەۋەب كۆرسىتەلمىسەڭلار، سىزلەر ھەم رازى بولۇڭلاركى، بىز سىزلەرنىڭ چوڭۇڭلار ۋە سەرداriڭلار بولىمىز.

ھەييارلار سورىدى ۋە دېدىكى:

— ئۇ ئۈچ مەسىلە قايسى؟ ئېيتقىل، جاۋابىنى ئاڭلا!

— بىرىنچى، مەردلىك، سېخىيلىق دېگەن نېمە؟ ئىككىنچى، مەردلىك بىلەن نامەردلىك ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟ ئۈچىنچى، بىر ھەييار بىر دوقمۇشتا (كوچا ئېغىزىدا) ئولتۇرغان بولسا، بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، بىرپەستىن كېيىن يەنە بىر كىشى تىغ كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرگىلى كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ، دوقمۇشتا ئولتۇرغان ھەيياردىن: پالانى بۇ يولدىن ئۆتتىمۇ؟ دەپ سورىسا، بۇ ھەييار بۇ ئەھۋالدىن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى كېرەك؟ ئەگەر ئۆتمىدى دېسە، يالغان بولىدۇ. ئۆتتى دېسە، ناھەق خۇن تۆكۈشكە ياردەمدە بولغان بولىدۇ.

ھەييارلار بۇ مەسىلىلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە قاراشتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فەزىل ھەمەدانى ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ:

www.uyghurkitap.com

— بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى مەن بېرەي، — دېدى.

— جاۋاب بەرگىن، — دېدى شەھەردىن كەلگەن ھەييار.

فەزىل ھەمەدانى جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ مەنىسى، نېمىدېگەن بولساڭ، دېگەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ مەردلىك بىلەن نامەردلىكنىڭ پەرقى — سەبىر بىردۇر. ئەمدى دوقمۇشتا ئولتۇرغان ھەييارنىڭ جاۋابى شۇكى، قېچىپ كەلگەن ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ، يەنى دوقمۇشتا ئولتۇرغان ھەييارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەييار قوپۇپ ئەسلىي ئورنىدىن بىر - ئىككى قەدەم نېرىغىراق يۆتكىلىپ ئولتۇرسىلا بولدى. تىغ كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشى ئۇنىڭدىن: «پالانى كىشى بۇ يەردىن ئۆتتىمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «تاكى مەن بۇ يەردە ئولتۇرغاندىن بېرى ھېچ كىشى ئۆتمىدى» دەپ جاۋاب بەرسىلا بولىدۇ.

دېمەك، ئەي پەرزەنت، ئەمەلدارلارمۇ، ئەلەمدارلارمۇ بۇ قائىدە بويىچە ئىش قىلىشى شەرتتۇركى، ئەلەمدارلارنىڭ ئىشى ئەنە شۇ مەردلىك قىلىش بىلەن تامام بولۇر. لېكىن، لۇتف - كەرەملىك بولۇش، مېھماندارچىلىق، سېخىيلىق، توغرىلىق، ھەققانىيلىق، پاك نەسىللىك، ياخشى قورال ئىشلىتىش ئەلەمدارلارغا خاستۇر. ئەلەمدارغا تەۋازۇ ۋە كەمتەرلىك بىر ھۈنەردۇر. ئەمما بازار ئەھلىنىڭ سېخىيلىقىدىمۇ خېلى كۆپ شەرتلەر باردۇركى، ئۇلارنى مەن ئۆتكەنكى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتتۇم، تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. سېخىيلىق ئەدەپلىرى شۇنداقكى، خالايىق بىر ئىشتا خاتالىشىپ، ئامانلىق تىلەپ كەلسە، بېخىللىق قىلمايدۇ... خەلقنىڭ ئارىسىدا كىشىگە كۆپ نەسىھەت قىلمايدۇ. باشقىلارنىڭ قېنى تۆكۈلۈشىگە ھەرگىز يول قويمايدۇ. قەتل ۋاجىپ بولۇپمۇ پەتىۋا بەرمەيدۇ، چۈنكى خاتا پەتىۋانى

تۈزەتسە بولۇر، ئەمما بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەننى تۈزەتكىلى بولمايدۇ، ئۆلگەن ئەسلا تىرىلمەيدۇ، ئاۋامنى گۇناھ يولىغا باشلىمايدۇ.

ئەھلى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ سىخىيلىقىنى ئۆتكەن ئۇستازلار كۆپ كىتابلاردا بايان قىلىپ ئۆتۈپتۇ، مەن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىسامۇ بولار.

ئەي پەرزەنت، مېنىڭ مەقسىتىم بۇ كىتابتا ساڭا نەسىھەت قىلىشتۇر. ئەگەر سەن ئۇشبۇ گۇرۇھ بىلەن بىر مەجلىستە بولساڭ، سەن ئۇلارغا ئېغىرلىقىڭنى چۈشۈرمىگىن ۋە ئۇلارمۇ ساڭا ئېغىرىنى چۈشۈرمىسۇن. بۇ تائىپىنىڭ سېخىيلىقىنى ساڭا ئېيتىمەن، چۈنكى ياخشى تىرىكچىلىك قىلغان بۇ تائىپە باشقا تائىپىدىن كۆپ رەنج چېكىشىدۇ ۋە ئۇلارنى ھەممىدىن ياخشىراق كۆرىدۇ. سېخىيلىقنىڭ ئاساسىي پەزىلىتى مەنمەنلىكنى تاشلاش ۋە باشقىلارغا قەست قىلماسلىقتۇر. يەنە بۇ تائىپىنىڭ ئەدەپ ۋە سېخىيلىقى ئىككى تۈرلۈك بولۇر. بىرى، تەسەۋۋۇپ دەرۋىشلىرىگە خاس بولۇر، يەنە بىرى، مۇھىب (سۆيگۈچى) لەرگە مەنسۇپ بولۇر. مەن بۇنىڭ ئىككىلىسىنى بايان قىلىمەن.

بىلگىن، دەرۋىشلىكنىڭ شەرتى شۇدۇركى، ئۇ ھەمىشە خالىي بولغاي.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئىككى سوپى بىللە سەپەرگە چىققانىدى. بىرى «مۇجەررەد» (يالىڭاچ، دۇنيالىقتىن ھېچ نەرسىسى يوق) ئىدى. يەنە بىرىنىڭ بەش ئەشرەفى (بەش ئالتۇن ئاقچىسى) بار ئىدى. پۇلى يوق سوپى سەپىرىنى غەم - ئەندىشىسىز داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەر قونالغۇغا كەلسە، خاتىرجەم ۋە تىنچ ئۇخلايدىكەن. ھېچقانداق

ئەندىشىسىمۇ يوق ئىكەن. ئەمما ھېلىقى بەش ئەشرەفى (بەش ئالتۇن ئاقچىسى) بار سوپى گەرچە يەنە بىر سوپىغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ۋاقىت خاتىرجەم يول يۈرەلمەيدىكەن. دائىم غەم - قايغۇ ئىچىدە يۈرىدىكەن. ئاخىرى ئىككىسى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەر ئەسلىدىلا ئوغرى، قاراقچىلارنىڭ كېلىپ تۇرىدىغان جاي - ماكانى ئىكەن. پۇلى يوق سوپى كېلىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئىچىپ، يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەمما ھېلىقى ئالتۇن ئاقچىسى بار سوپى غەم - قايغۇ ئىچىدە زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ ھەم «قانداق قىلسام بولار؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى نالە قىلىدىكەن. پۇلى يوق سوپى ئويغىنىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆزى نالە قىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ بېشىڭغا نېمە بالالار كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ. سوپى:

— مەندە بەش ئەشرەفى بار ئىدى. سەن يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتىڭ. ئەمما مەن ئەشرەفىنىڭ غېمىدە خاتىرجەم بولالمىدىم.

— ئۇنداق بولسا، ئۇ بەش ئەشرەفىنى ماڭا بەر. مەن ئۇنى قانداق ساقلاشنىڭ تەدبىرىنى قىلاي، — دەپتۇ. سوپى يېنىدىكى بەش ئەشرەفىنى بېرىپتۇ. ئۇ، يەنى پۇلى يوق سوپى بەش ئەشرەفىنى ئېلىپلا قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ ۋە:

— ئەمدى نېمە قىلاي ۋە قانداق ئىلاج قىلاي؟ — دەپ نالە چېكىشتىن قۇتۇلدۇڭ. خاتىرجەم يېتىپ، غەم - ئەندىشىسىز ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، — دەپتۇ.

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئەگەر نەزىرىڭ بىر بولسا، بارلىق ئاپەتتىن ئامان بولغايسەن. ئەگەر بۇرادىرىڭ ھەققىدە جاڭجال قىلساڭمۇ، ئۆزۈڭ ھەققىڭدە بۇرادىرىڭ بىلەن ھېچ ۋاقىت تالاش - تارتىش قىلمىغىن، مەنمەنلىكنى يادىڭدىن چىقارغىن ۋە ھەر

ئىشتا غەرەزسىز بولغىن. تەستىق قىلىشقا ۋە ئىشنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاشقا ئەھمىيەت بەرگىن ۋە ھېچ نەرسىگە كۆزى كىچىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلمىغىن.

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، ئەگەر كىشى راستچىللىق بىلەن سۆز يۈزىگە قەدەم قويسا، سۆمۈ ئۇنىڭ ئايغى ئاستىدا قاتتىق بولۇر. ئەگەر بىرەر كىشى بۇ ساھەدە ساڭا ئەۋلىيا كارامىتىدىن بىر ھېكايەت سۆزلەپ بەرسە ۋە ئۇ ھېكايەت ئەقىلدىن يىراق بولسا ۋە ساڭا مۇمكىن بولمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇنىڭغا رايىڭنى بەرگىن ۋە ئېتىقاد قىلغىن. دەرۋىش شۇنداق كىشىدۇركى، ئۇ ھەربىر نەرسىگە راستچىللىق نەزەرى بىلەن قارىغاي، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن ئەمەلىيىتى بىر بولغاي ۋە كۆڭلىنى تەۋھىد پىكىردىن خالىي قىلمىغاي. قاتتىق ئەندىشە ۋە قايغۇنى ئىختىيار قىلغاي، تاكى تەپەككۇر ئوتىدا كۆيمىگەي. چۈنكى، بۇ ھەقتىكى كىشىلەر تەپەككۇرنى ئۇلۇغ ئوت دەپ بىلۇر، راستچىللىق سۆيى بولسا ئۇنىڭ تەسەللىسى بولۇر. دېمەك، ئۇلار ئىشرەت ۋە ئۇسسۇل، سامانى تەسەللىگە دام قىلغاندۇر، ئەگەر دەرۋىشلەر ساما ئاھاڭىغا مايىل بولمىسا، ھەمىشە تەپەككۇر ئوتىدا كۆيەر، چۈنكى ھەر كىشىدە تەۋھىد تەپەككۇرى بولمىسا، ئۇنىڭغا ساما ئوييناش جائىزدۇر... دەرۋىش مۇلايىم سۆزلۈك بولغاي؛ تەن ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنى پاك تۇتقاي؛ سەپەرنى دوست قىلغاي ۋە بۇرادەرلىرىگە ھەر ۋاقىت خىزمەت قىلغاي؛ سەپەرگە ھەرقانداق ئادەم ھەمراھ بولۇشنى ئارزۇ قىلسا، رەت قىلمىغاي ۋە بېلىنى مەھكەم باغلاپ، خەلق ئارىسىغا بارمىغاي، ھەر يەردىن جاي بەرسە، ئۇنىڭدا ئولتۇرغاي؛ ئىچكىرى كىرگەن ۋاقتىدا سالام بەرگەي؛ ياخشى ئادەملەر بىلەن سۆھبەت قىلغاي، بىھۇدە سۆزلەشمىگەي؛ بىر يەرگە چاقىرىشسا، تېزرەك

بارغاي، تاكى ئەزىز بولغاي. بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھەتى ۋە رازىلىقى بىلەن قىلغاي... ئەگەر ھاجەت يۈزىسىدىن بىر يەرگە كەتمەكچى بولسا، كۆپچىلىكتىن رۇخسەت ئالغاي؛ خەلقتىن يوشۇرۇن رەۋىشتە ھېچ نەرسە يېمىگەي ۋە خەلقنىڭ ئالدىدا كۆپ سۆزلىمىگەي... كۆپ خەلقنىڭ ئارىسىدا قالايمىقان ماڭمىغاي.

بۇ گۇرۇھ مۇشەققەتتە تاپقان نېنىنى ئەزىز بىلگەي. نان يېيىش ۋاقتىدا سۇپىرىدىن غايىب بولمىغاي، تاكى باشقىلار ئۇنى كېلىپ قالۇر دەپ ئىنتىزار بولۇپ قالمىغاي. كىشىلەرنىڭ ئالدىدىكى نانغا قولىنى سوزمىغاي. ئەگەر بىر ئىللەت سەۋەبى بىلەن تائام يېگۈسى كەلمىسە، سۇپرا يىغىلماستىن بۇرۇن ئۆزرە ئېيتقاي.

ئەي پەرزەنت، تىرىشقىنىڭكى، ھەرقانداق سۇپەتكە ئىگە بولساڭمۇ ئالدىڭنى كۆرىدىغان بولغىن ۋە سېخىيلىقتا يېقىن بولغىن، تاكى جاھان ئەھلىنىڭ ياخشىسى بولغايسەن.

ئەگەر سېخىيلىق يولىدا ماڭماقچى بولساڭ، ھەممىشە ئۈچ نەرسىنى كۆزدە تۇتقىن: كۆزنى يامان نەزەردىن، قولنى يامان ئىشتىن ۋە تىلنى يامان سۆزدىن ساقلاشنى بىلگىن. ئۈچ نەرسىنى دوست ۋە دۈشمەنگە ئوچۇق تۇتقىن: ئۆي ئىشىكىنى، داستىخاننى، ھەمىيىنىڭنىڭ بوغقۇچىنى.

ھەرگىز يالغان ئېيتمىغىنكى، نامەردلەر يالغان سۆزلىشىدۇ. ئەگەر ھەر كىشى سېنىڭ مەردلىكىڭگە ئىشەنسە، ئەزىز كىشى بولىسىمۇ، سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆزىنى خار تۇتار، ئەگەر چوڭ دۈشمەن بولىسىمۇ، ساڭا ئۆزىنى تەسلىم قىلۇر ۋە بارلىق خەلقنىڭ ئارىسىدا سېنىڭ سېخىيلىقىڭغا ئىشىنەر.

بەس، جېنىڭنىڭ بارىچە تىرىشىپ، سېخىيلىقنى ئىگىلىگىن

ۋە يەنە ھەرگىز ئۆتكەن ئىش سەۋەبىدىن ئىنتىقام ئېلىشقا مەشغۇل بولمىغىن، خىيانەت قىلىشنى ئەسلا ئويلىمىغىن، چۈنكى، خىيانەت قىلىش سېخىيلىقنىڭ شەرتى ئەمەستۇر.

ئەي پەرزەنت، ئاگاھ بولغىنكى، سۆز كۆپتۇر. ئەگەر ھەر تائىپىنىڭ سېخىيلىقنى ئېيتسام سۆز ئۇزىراپ كېتۇر، ئەمما سۆزنى مېغىزلىق قىلىمەنكى، ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پىكىرلەرگە تەۋەدۇر.

بىلگىنكى، مۇكەممەل سېخىيلىق شۇدۇركى، ئۆز مېلىڭنى ئېنىق بىلگىن، كىشىنىڭ مېلىنى كىشىنىڭ مېلى دەپ بىلگىن، خەلقنىڭ مېلىدىن تاما قىلمىغىن. ئۆز قولۇڭ بىلەن قويمىغان نەرسىنى ئالمىغىن. خەلققە ياخشىلىق قىلالمىساڭمۇ يامانلىق قىلمىغىن. ئالەمدە سېخىي بولغان كىشى ھەممىشە مېنىڭ ئېيتقىنىمدەك تىرىكچىلىك قىلغاي، تاكى بۇ دۇنيانى ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى تاپقاي.

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، بۇ كىتابىنىڭ بىرنەچچە يېرىدە قانائەتنى بايان قىلدىم ۋە يەنە تەكرارلايمەن. ئەمما ھەممىشە دىلىغۇل بولماسلىقنى ئارزۇ قىلساڭ، قانائەتلىك بولغىن، ھەسەتخور بولمىغىن، تاكى ۋاقتىڭ ھەممىشە خۇش بولغاي. چۈنكى، بارلىق غەمكىنلىكنىڭ ئەسلى ھەسەتتىندۇر. بىلگىنكى، پەلەك گەردىشىنىڭ تەسىرىدىن ئادەمگە ياخشى ۋە يامانلىق يېتەر. مېنىڭ ئۇستازىم دەيتتىكى: «پەلەك تەسىرى بىلەن ئادەم بوينىنى ئۇزاتقاي ۋە ئاغزىنى ئاچقاي. پەلەكتىن يەتسە، ئاغزىغا ئالغاي...»

پەلەك تەسىرىمۇ شۇ ئىككى ئىشتىن تاشقىرى ئەمەستۇر. بۇ قائىدىنى ئۇستۇن تۇتۇپ، قانائەتنى ئادەت قىلساڭ، ئۆز بەدىنىڭ

ھېچ كىشىنىڭ بەندىسى بولماس. ھەرگىز تامانى خىيالىڭغا كەلتۈرمىگىن. ياخشى ۋە يامان ئىشتىن قايسىكى ئۇيالدىڭغا كەلسە، رازى بولغىن. بىلگىنكى، ئادەملەر خىلمۇخىلدۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن كەم بولۇشى نىياز ۋە تاما جەھەتىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشى تامانى تەرك ئېتىپ، قانائەتنى ئادەت قىلسا، جاھان ئەھلىگە موھتاج بولمىغاي. دېمەك، ھېچ كىشىدىن تاما تەلەپ قىلمىغان كىشى جاھاندا ئەڭ ئەزىز، ئۇلۇغدۇر. ئۇ ھېچقانداق ئادەمگە موھتاج بولمىغاي، تاماگەر ۋە موھتاج بولغۇچى پەس ۋە خاردۇر. چۈنكى، بۇنداق كىشى ئۆز مېلى ۋە سېخىيلىقىدىن تاما قىلغاي.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، شەيخ شىبلى مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئۆتەپ بولۇپ، بىرەر سائەت ئارام ئالاي، دەپ ئولتۇردى. ئۇ مەسچىت ھەم مەكتەپ ئىدى. ئۇششاق باللارنىڭ تاماق يەيدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. باللار نان يەپ ئولتۇراتتى. ئىككى گۆدەك شەيخ شىبلىگە يېقىنراق جايدا ئولتۇرغان بولۇپ، بىرى باينىڭ ئوغلى، يەنە بىرى كەمبەغەلنىڭ ئوغلى ئىدى. باينىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىدىكى تاۋاق ئىچىدە ھالۋا بار ئىدى. كەمبەغەلنىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىدا بىر پارچە قۇرۇق نان بار ئىدى. كەمبەغەلنىڭ ئوغلى باينىڭ ئوغلىدىن ھالۋا تىلىدى. باينىڭ ئوغلى:

ــ ئەگەر مەن ساڭا بىر پارچە ھالۋا بەرسەم، مېنىڭ ئىتىم بولامسەن؟ ــ دېدى.

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى:

ــ ئەگەر ماڭا ھالۋا بەرسىڭىز، مەن سىزگە ئىت بولاي، ــ دېدى.

باينىڭ ئوغلى:

ــ ئەگەر مېنىڭ ئىتىم بولساڭ، ئىتقا ئوخشاش قاۋا، ــ دېدى.

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى شۇ زامان ئىتقا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ قاۋىدى. باينىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا بىر پارچە ھالۋا بەردى.

شەيخ شىبلى بۇ بالىلارغا قاراپ ئولتۇرغانىدى، بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. باشقىلار شەيختىن:

ــ ئەي شەيخ، نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ ــ دەپ سورىدى. شەيخ دېدىكى:

ــ ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ خالايىقنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار يەتمەيدۇ!؟ ناۋادا شۇ بالا ئالدىدىكى قۇرۇق نانغا قانائەت قىلغان بولسا ئىدى، ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر بالىغا ئىت بولماس ئىدى. بەس، ئەگەر ئېنىق ۋە پاسىق بولساڭمۇ، قانائەتلىك بولغىن.

ئەي پەرزەنت، بىلگىنكى، مەن مۇشۇ قىرىق تۆت بابتا ھەر خىل ئىشلار توغرىسىدا سۆز قىلدىم ۋە ھەربىر باب ھەققىدىكى مەسىلىلەر توپەيلىدىن پەند ـ نەسىھەت قىلدىم. ئەمما ئەقىل توغرىسىدىكى بىر بابنى زورۇقۇپ تۇرۇپ ئېيتالمايمەن. ئەقىلنى كىشىگە زورلۇق بىلەن ئۆگىتىپ بولغىلى بولمايدۇ. بىلگىنكى، ئەقىل ئىككى خىلدۇر: بىرى، تۇغما ئەقىلدۇر، ئۇنى ئەزەلىي دەيدۇ، ئىككىنچىسى، كەسپىي ئەقىل، كەسپىي ئەقىلنى دانىشمۇ دەيدۇ. بەس، ئەگەر ئەزەلىي ئەقىل بولمىسا، مەن بىلەن سەن ھېچقانداق ئىلاج قىلالمايمىز. سەن كەسپىي ئەقىلنى جارى قىلدۇرۇشتا ئاجىزلىق قىلمىغىن، قۇربىڭنىڭ يەتكىنىچە ئۆگەنگىن. ئەقىللىكلەر تائىپىسىدىن بولمىساڭمۇ، دانىشلار تائىپىسىدىنسەن، ئىككىسىدىن بىرىگە ئىگە بولغىنىڭ ياخشىدۇر،

چۈنكى، كونىلار، ئەگەر ئاتا بولمىسا ئانىدىن ياخشى كىشى يوقتۇر، دەپتىكەن. ئەگەر ئاقىل بولماقچى بولساڭ، هېكمەت ئۆگەنگىن، ئەقىل هېكمەت بىلەن كامالەتكە يېتەر.

ئەرەستۇ هېكىمدىن: «ئاقىلنىڭ قۇۋۋىتى نېمىدە؟» دەپ سوراپتۇ. دانىشمەن: «هەممە كىشىنىڭ كۈچى تائامدىدۇر، ئەقىلنىڭ كۈچى بولسا هېكمەتتىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

ئەي پەرزەنت، هەرقانداق ئىش مېنىڭ ئادىتىم ئىدى، هەممىسىنى سېنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتابقا يازدىم، بۇ پەقەت سېنىڭ ئۈچۈندۇر، يەنى بارلىق پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىمنى سېنىڭ ئۈچۈن كىتابقا يازدىم ۋە هەربىر ئىلىم، هەربىر هۈنەر ۋە هەربىر كەسىپنى بىلەتتىم، هەممىسىنى قىرىق تۆت بابتا بايان قىلدىم.

بىلگىنكى، كىچىكىمدىن تارتىپ مېنىڭ ئادىتىم شۇنداق ئىدى. مەن ئاتىمنىڭ ئۈچ يېشىمنى شۇ سۈپەت ۋە شۇ ئادەتتە ئۆتكۈزدۈم. بۇ كىتابنى ساڭا هىجرىيە تۆت يۈز يەتمىش بەشىنچى يىلدا باشلىدىم. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن خۇدايىتائالا ئۆمۈر بېرىپ، تىرىك بولسام، يەنە شۇ ئادەت بىلەن بولۇرمەن. ئەگەر سەن بۇنىڭدىن ياخشىراق خىسلەتنى بىلسەڭ، شۇنىڭ بىلەن بولغىن. شۇلارنى ئۆزۈمگە راۋا كۆردۈم، ساڭىمۇ راۋا كۆردۈم. ئەگەر سەن مېنىڭ بۇ پەندلىرىمنى ئاڭلىمىساڭ ۋە بۇلار بىلەن ئىش قىلمىساڭ، سېنى زورلىماسمەن. هەرقانداق كىشى بۇ كىتابنى ئوقۇپ، چۈشىنەر ۋە شۇ كىتاب يۈزىسىدىن ئىش كۆرەر، چۈنكى مېنىڭ هەربىر سۆزۈم بەختىنىڭ ئالامىتىدۇر.



www.uyghurkitap.com

# مەھبۇبۇلقۇلۇب

ئاپتورى: ئەلشىر نەۋايى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇقەددىمە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ھەمدۇسانالار پەقەت ئۇنىڭغا (ئاللاغىلا) خاستۇر. (ئاللانىڭ) ئۆز زاتىغا لايىق مەدھىيەسىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى، ئېھسانىغا مۇناسىپ تەشەككۈرلەرنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. زاتى بارلىق كامىل سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن بولۇپ، بۇ سۈپەتلەردىن مۇجەسسەملەنگەن كامالىتى دىلى يورۇق كىشىلەرگە ئاياندۇر. ئىلۇپەر يۈزىگە شەبنەم چاچقۇچى ۋە شەبنەم سۈيىدىن نىلۇپەرزار پەيدا قىلغۇچى، بەلكى ئېرەم بېغىدا گۈللەرنى ئېچىلدۇرغۇچىمۇ ئاشۇ (ئاللادۇر.)

(ئاللانىڭ) بىھاجەتلىكى ئالدىدا ئېگىلگەن پەلەك بىر گاداي، چارە ـ تەدبىرى ئالدىدا رەڭۋاز زامان ئاجىز بىر بىچارە؛ ۋۇجۇدى مۇلاھىزىسىدە ياراتقۇچىنىڭ ۋۇجۇدى مەۋجۇت ئەمەس، زاتى مۇھاكىمىسىدە ئاۋۋىلىمۇ، ئاخىرىمۇ يوق. ئېھسان داستىخىنى ئەتراپىدا يۈكسەك مەرتىۋە ئىگىلىرى (پادىشاھلار)مۇ رىزقى ئۈچۈن سائىل (تىلەمچى)؛ ئەقىل ـ ئىدراكى ئالدىدا كاتتا دانىشمەنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقىغا قايىل. قاھارلىق (قەھر ـ غەزەپ) بورىنى ئۈچۈرۈشقا باشلىسا، تۇرغۇن يۇلتۇزلارمۇ نەسترىن گۈلىنىڭ چېچىلغان ياپراقلىرىدەك، جەببارلىقى

(كۈچ ـ قۇدرەت) قۇيۇنى سورۇشقا باشلىسا، ۋاپاسىز دۇنيامۇ غەم ئۆيىنىڭ تۆكۈلگەن تۇپراقلىرىدەك يوقنى بار ۋە بارنى يوق قىلماق ئۇنىڭغا ئاسان؛ بارلىق ۋە يوقلۇق (ئىچىدىكى مەۋجۇدات) ئۇنىڭ (ئاللانىڭ) ئېھسانىدىن ئۈمىدۋار، قەھر ـ غەزىپىدىن قورقار. ئۇ بىر ئوچۇم تۇپراقنى پەرىشتىلەر گۇرۇھىدا ئىززباسارلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزالايدۇ؛ پەرىشتىلەرگە قانچە يىللار پېشۋالىق قىلغان بىرىنىڭ بوينىغا لەنەت چەمبىرىكىنى سالالايدۇ. نەزم:

قادىرىكىم، قۇدرەتىدىن مۇنچە يۈز ئەمرى غەرىب،
بولسە بىر سائەتدە مەۋجۇد ئاندىن ئېرمەسدۇر ئەجەب.
ئون سەككىز مىڭ ئالەمۇ ئادەم ياراتىپ، ئەيلەمەك،
بىر كىشىنى ئافەرىنىش دەفتەرىدىن مۇنتەخەب.
ئول قىلا ئالۇر ئاڭا كەلدى مۇسەللەم بۇ ئۇمۇر،
گەر ئۆزى ئېردى مۇسەببەب، لېك بۇ بولدى سەبەب.

*قادىر (ئاللا)نىڭ قۇدرىتى بىلەن بىرەر سائەتتە يۈزلىگەن ئاجايىپ ئىشلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئون سەككىز مىڭ ئالەم ۋە ئادەمنى يارىتىپ، يارالمىشلار دەپتىرىدىن بىر كىشىنى تاللاش،ئاللاغا خاس ئىشتۇر. چۈنكى، سەۋەبمۇ، سەۋەب قىلغۇچىمۇ ئۇ ئۆزىدۇر.*

پادىشاھلىق، قۇدرەت ۋە غەلىبىنىڭ ئىگىسى، راھەت ۋە نېمەتلىرى كەڭ، ئىما ـ ئىشارەتلىرى روشەن، ئۇلۇغ، ئىبادەتكە ئەڭ لايىق جانابىي ئاللاتائالانى پاكلىقى بىلەن يادلايمەن.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## پەيغەمبەرلەر غوجىسىنىڭ تەۋسىپى

ئاللانىڭ كەلگۈسى پارلاق يېقىن دوستى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھېسابسىز رەھمەتلەر تىلەيمىز.

ھەقتائاللا ئۇ زاتقا شۇنچە يېقىن ۋە ئالىي ئورۇن بەردىكى، ئاللانىڭ ئالەم ۋە ئادەمنى يارىتىشتىن مەقسىتى، ئۇنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇچۇن ئىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك تەبىئىتىنىڭ ئىسسىللىقى پاك روھتىنمۇ تازا، ۋۇجۇدى ئەناسىر (سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت) تەركىبىدىنمۇ پاك ئىكەنلىكى ئاشكارا؛ ئەناسىرنىڭ ھاۋاسى — ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپىسى؛ تۇپرىقى — يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىنىڭ تۇتىياسى؛ سۈيى — خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇلىقىنىڭ زۇلالى؛ ئوتى - مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرىخىدىكى ئوتنىڭ شولىسى. شۇڭا، بۇ ئەناسىرنى پاك روھ دېسە، دېگۈچىلىكى بار؛ مۇنداق روھقا جان تەسەددۇق دېيىشكە لايىق. سازاۋەر (يەتتىنچى ئاسماندىكى سىدرە دەرىخىدە تۇرغۇچى قۇش) ئۇنىڭ چاقماقتەك يۈگۈرۈك بۇرىقى (ئېتى)؛ سەير قىلغۇچى جىبرائىل ئەلەيھىسسالام بولسا، يۈكسەك ئورۇنلاردا يۈرىدىغان خەۋەرچىسى. پەلەك كېچىسى ئۇنىڭ چېھرى باھارى بىلەن گۈلشەن، پەرىشتىلەرنىڭ كۆزلىرى ئېتىنىڭ غۇبارى بىلەن روشەن. ئاللا ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەققىدە: ( «ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ»، نۇتقى توغرىسىدا: «پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ» دېگەن.

ئىلاھىي سىرلاردىن ئۇنىڭ زاتى ئەمەس، چەكسىز مەرھەمەتلىرىدىن ئىسمى بولدى «رەھمەتەن لىل ئالەمىن» (پۈتكۈل ئالەمگە رەھمەت ئېلىپ كەلگۈچى) نەزم:

ئىكى گىسۇيى ئىكى لەيلەتۇل - قەدر،
بۇ ياڭلىغ ئىكى لەيل ئىچرە يۈزى بەدر.
بۇ لەيلۇ بەدر ئولۇپ شەمئى شەبستان،
ئۇزارىدىن خوي ئاندا كەۋكەبىستان.
بۇ كەۋكەبلەرنى ئەيلەپ تەڭرى مەۋجۇد،
نۇبۇۋۋەت مەئشەرىغە دۇررى مەقسۇد.

*ئىككى چېچى ئىككى قەدىر كېچىسى، يۈزى ئىككى ئىچىدىكى تولۇن ئايدۇر. بۇ كېچىدىكى تولۇن ئاي قاراڭغۇ تۈننى يورۇتقۇچى چىراغ بولسا، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان تېنىق ئاسمان ئۇنىڭ ئۇزارىدىن خوي ئالغاندۇر. تەڭرى بۇ يۇلتۇزلارنى يارىتىپ، پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن مەقسەت گۆھىرى قىلغان.*

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلەر ئاسمىنىدىكى قۇياش ئىكەنلىكى (ھەممىگە) مەلۇم. ساھابىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۇلتۇزلارغا ئوخشاشتۇر.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىگە تا قىيامەتكىچە ئاللانىڭ رەھمىتى يېغىپ تۇرغاي.

ئاللاغا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى، ساھابىلىرىگە دۇرۇت ئاداسىدىن كېيىن، پېقىرلارنىڭ گادىيى،

غارايىپ سىرلارنىڭ يۇزىنى ئاچقۇچى، پىقىر ۋە مىسكىن، نەۋايى لەقەملىك ئەلىشىر (ئاللا گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىپ، ئەيىبلىرىنى ياپقاي) مۇنداق ئەرز قىلىدۇ ۋە بۇنى ئىپتىشنى ئۆزىگە پەرز دەپ بىلىدۇكى:

بۇ ئەرزىمەس ۋە پەرىشان ھاياتىمدا كەمىنە بالىلىق پەيتلىرىنىڭ باشلىنىشىدىن تا قېرىلىق زامانىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆتكەن دەۋرلەر ۋەقەلىرىدىن، ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك ھادىسىلىرىدىن، پىتنە قوزغىغۇچى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىدىن ۋە زاماننىڭ رەڭۋازلىقىدىن كۆپ ۋاقىت ۋە ئۇزاق مۇددەت تۈرلۈك خىيال، تەرەددۇتلار بىلەن قاڭقىپ يۈردۈم. ھەر تەرز ۋە رەۋىشتە خىلمۇخىل يوللاردا يۈردۈم، ئۆزۈمنى ياخشى ـ يامانىنىڭ خىزمىتىگە ۋە سۆھبىتىگە يەتكۈزدۈم. گاھىدا خارلىق ۋە ئۆلۈم خارابىسىدە نالە قىلدىم. گاھىدا ئىززەت ۋە باياشاتلىق بوستانىدا مەجلىس تۈزدۈم. نەزم:

گەھى تاپتىم فەلەكدىن ناتەۋانلىق،
گەھى كۆردۈم زەماندىن كامرانلىق.
بەسى ئىسسىغ، ساۋۇق كۆردۈم زەماندا،
بەسى ئاچچىغ، چۇچۇك تاتتىم جەھاندا.

*بەزىدە پەلەكتىن بەختسىزلىك تاپتىم، بەزىدە زاماندىن مۇراد تاپتىم. بۇ زاماندا نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى كۆردۈم، جاھاننىڭ نۇرغۇن ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى تېتىدىم.*

بەزىدە خارلىق، ناتىۋانلىقتا يەنى پالاكەت، نامراتلىقتا بەختسىز كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۈم، بەزىدە ئىلىم ـ بىلىم

مەدرىسلىرىدە ناھال شەكلىدىكى سەپتە ئورۇن تۇتتۇم ۋە ئالىملار مەجلىسىدە ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرگە قەدەم قويۇپ، گىلەم نۇرىدىن كۆڭلۈمنى يورۇتتۇم. بەزىدە تەقۋادارلارنىڭ مەسچىتلىرىدە ئۇلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرگە يۈز قويدۇم ۋە سەجدىنىڭ كۆپلۈكىدىن پېشانەمنىڭ تېرىلىرىنى سۈيدۇم. گاھى پاكلىق خاقانىسى ئەھلىنىڭ ئۆزرىقلىرىغا سۇ قۇيۇش بىلەن ھۆرمەتكە ئېرىشتىم. گاھى پانىيلىق مەيخانىسىنىڭ ساقىيلىقىدىن ئابرۇي تاپتىم. بەزىدە پەسكەش، بېخىل كىشىلەر ئالدىدا خورلاندىم ۋە بەزىدە رەزىل - ناكەسلەر ئالدىدا ئېتىبارسىز بولدۇم. گاھى ئىشق كويىدا بىپەرۋالىق قىلىپ، جان ئالغۇچى پەرى يۈزلۈك گۈزەللەر تەرىپىدىن ھالاكەتكە ئۇچرىدىم. گاھى سەۋدايىلىق مەھەللىسىدە رەزىل كىشىلەر بويىنۇمغا شاپىلاق ئۇردى، ئۇششاق باللار بېشىمغا تاش ياغدۇردى. گاھى شەھىرىم خەلقىنىڭ زۇلۇمىدىن مۇساپىر بولدۇم ۋە غېرىب خالايىققا قوشۇلدۇم. گاھى تاغ چوققىلىرى ئارامگاھىم بولدى، گاھى سەھرا ئېتىكى پاناھىم بولدى. گاھى بۇ قاتتىقچىلىقلارغا چىدىماي، ۋەتىنىمگە قايتتىم ۋە كىشىلەر بىلمەيدىغان خىلۋەتنى ماكان قىلدىم. گاھى غۇربەتچىلىكتە ئاجىز ۋە بىچارىلەر ئالدىدا خارلاندىم. گاھى ئۆزۈمنى ئەزىزلەر خىزمىتىدىن بەھرىمەن قىلدىم ۋە سۆزۈمنى ئۇلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتۇردۇم. نەزم:

گەردۇن ماڭا گەر جەفاۋۇ دۇنلۇق قىلدى،
بەختىم كەبى ھەر ئىشتا زەبۇنلۇق قىلدى.
گەھ كام سارى راھنەمۇنلۇق قىلدى،
ئەلقىسسە، بەسى بۇقەلەمۇنلۇق قىلدى.

*پەلەك ماڭا بەزىدە جاپا سالدى ۋە پەسكەشلىك قىلدى، بەختىمگە ئوخشاش ھەر ئىشتا ئاجىز ۋە تۆۋەن قىلدى. بەزىدە ئىستەك ـ مەقسەت تەرەپكە باشلامچىلىق قىلدى، قىسقىسى، ھېسابسىز رەھۋازلىق قىلدى.*

ئەمما، (بەزى) مەشغۇللۇق ۋە مۇراد تاپقان چاغلاردا، بەزى خالايىقنىڭ تۆھمەت ھۇجۇملىرىدا (بولدۇم). گاھى ئەمىرلىك مەنسىپىدە ئولتۇرۇپ، ھۆكۈمەت مەھكىمىسىدە خەلقنىڭ ئەرز ـ دادىنى سورىدىم. گاھى پادىشاھ يېنىدا ئورۇنباسارلىق قىلدىم ۋە ماڭا ئۇمىد نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان ئەلگە مۇرۇۋۋەت كۆرسەتتىم. بەزىدە ئىززەت ـ ھۆرمەت ئايۋىنىنى ماكان قىلدىم، ئۇلۇغ كىشىلەرنى ۋە يۇقىرى مەنسەپ ئىگىلىرىنى ھۆرمەت ـ تەزىم يۈزىسىدىن مېھمان قىلدىم. بەزىدە شادلىق بېغىدا زىياپەت داستىخانلىرىنى سېلىپ، ساقىي، سازەندە ۋە ناخشىچىلارنىڭ ئويۇن ـ كۈلكە، ناۋاسىدىن بەھرە ئالدىم.

بەزىدە پادىشاھلارنىڭ ئىختىلاپلىرىدا، ئارىغا چۈشۈپ، ئىتتىپاقلىق ئورناتتىم. بەزىدە ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىپ، جاھىل ۋە نادانلىق تۆھمەتلىرىنى بوينۇمغا ئالدىم. بەزىدە خەلق ئۈچۈن خەيرلىك ئىش قىلغۇچىلار قاتارىغا كىرىپ، ھەر خىل خەير ـ ئېھسان بىنالىرىنى ياساتتىم. تىرىشچانلىقىم نەتىجىسىدە تۈرلۈك قونالغۇ ـ سارايلار بەرپا قىلىندى. بۇنىڭدىن مۇساپىرلارغا شادلىق يەتتى. نەزم:

دىماغىمە تۇشۇبان كۆپ تەسەۋۋۇرۇ پەيدا،
ئۆزۈمنى جاھۇ ئۇلۇغلۇققە ئەيلەدىم ئىزھار.

*مېڭەمگە چوڭچىلىق ۋە مەغرۇرلۇق تەسەۋۋۇرلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئۆزۈمنى مەنسەپدار ۋە ئۇلۇغ قىلىپ كۆرسەتتىم.*

بۇ مۇقەددىمىدىن مەقسەتلىرىم شۇكى، ھەر كويدا يۈردۈم: ئالەم ئەھلىدىن ھەر تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم؛ ياخشى – يامانىنىڭ خۇي – ئەپئالىنى بىلدىم. ياخشى – يامانىنىڭ خىسلەتلىرىنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزدۈم. ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ شەربىتىنى ئىچىپ، زەھرىنى تېتىپ كۆردۈم. بېخىل ۋە پەسكەشلەرنىڭ زەخمىسىنى، ساخاۋەتلىك كىشىلەرنىڭ مەلھىمىنى كۆڭلۈم بىلىپ يەتتى. زامان ئەھلىدىن بەزى ھەمسۆھبەتلىرىم ۋە دەۋران كىشىلىرىدىن ئايرىم دوستلىرىم بۇ ھاللاردىن خەۋەرسىز. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدە بۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلاردىن تەسىرات يوق . نەزم:

نې بىلگەي ئو كىشىكىم، شەھدۇ مەينى تاتماپدۇر،
كى ھەجرۇ ۋەسلى كەبى ئول چۇچۇكدۇرۇر، بۇ ئاچچىغ.
بىلۇر زەلىل مۇسافىركى، پۈيە ئەيلەردە،
قۇمۇ توزاڭۇ يۇمشاغ، خارەۋۇ قاتتىغ.

*ھەسەل بىلەن مەينى تېتىپ كۆرمىگەن كىشى، ھەسەلنىڭ ۋىسالدەك تاتلىق، مەينىڭ ھىجراندەك ئاچچىق ئىكەنلىكىنى*

*قانداق بىلسۇن؟ يولۇچى چۆل كەزگەندىلا دالا ـ تۈزدىكى قـۇم ۋە توزانىنىڭ يۇمشاق ھەم تاشنىڭ قاتتىقلىقىنى بىلىدۇ.*

شۇ سەۋەبلىك، ھەمسۆھبەتلەرنى ۋە دوست ـ يارەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ ھاللاردىن خەۋەردار قىلىشنى زۆرۈر تاپتىم. ئۇلارمۇ ھەر تائىپىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولسۇن ۋە ھەر تەبىقىنىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولسۇن. بەلكى شۇنداق قىلىشنى زۆرۈر دەپ بىلسۇن. كۆرگەنلا كىشىگە مەخپىي سىرلىرىنى دەپ يۇرمىسۇن. ھەر خىل ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلىشنى ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەر بولسا، پېقىرنىڭ تەجرىبىسى ئۇلارغا يېتەرلىكتۇر. شەيتانلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىگە قايتا ئالدىنىپ قالمىسۇن.

دېمەك، بۇ ماقالىلىرىمىنىڭ كۆڭۈللەرگە يېقىشلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، شۇڭا ئۇنىڭغا «مەھبۇبۇلقۇلۇب» (كۆڭۈللەر سۆيگىنى) دەپ ئات قويۇلدى ھەم پۈتكەنلىرىمنىڭ پايدىسى ۋە تەسىرىگە قاراپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈندى:

بىرىنچى قىسىم، ھەر خىل ئادەملەرنىڭ پېئىل ـ ئەتىۋارى ۋە ئەھلى توغرىسىدا؛

ئىككىنچى قىسىم، ياخشى قىلىق (ئەخلاق)نىڭ خاسىيىتى ۋە ناچار قىلىقلار توغرىسىدا؛

ئۈچىنچى قىسىم، تۈرلۈك ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە پايدىلىق مىساللار توغرىسىدا.

ئۈمىدىم شۇكى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغان چاغدا بۇ ئەسەرگە

دىققەت ـ ئېتىبار كۆزى بىلەن نەزەر سالسۇن ۋە ھەرقايسىلىرى ئۆز پەم ـ ئىدراكلىرىغا يارىشا مەنپەئەت ئالسۇن، پۈتكۈچىمىز بىر دۇئاسى بىلەن بەھرە يەتكۈزسۇن ۋە روھىنى شۇ دۇئاسىنىڭ پەيز ـ پۇتۇھى ئارقىلىق سۆيۈندۈرسۇن !

بىرىنچى قىسىم

# كىشىلەرنىڭ هال ـ ئەھۋالى ۋە پېئىل ـ ئەتىۋارى توغرىسىدا

بۇ قىرىق پەسىلدۇر.

بىرىنچى پەسىل، ئادىل پادىشاھلار زىكرىدە؛ ئىككىنچى پەسىل، ئىسلام پاناھ بەگلەر زىكرىدە؛ ئۈچىنچى پەسىل، لاياقەتسىز نائىبلار زىكرىدە؛ تۆتىنچى پەسىل، زالىم، جاھىل (نادان) ۋە پاسىق پادىشاھلار زىكرىدە؛ بەشىنچى پەسىل، ئەخلاقسىز، خاراكتېرى ناچار، ھە دېسىلا پالۋانلىقتىن لاپ ئۇرىدىغانلار زىكرىدە؛ ئالتىنچى پەسىل، ياساۋۇللار زىكرىدە؛ يەتتىنچى پەسىل، ياساقلىق قارا چېرىكلەر زىكرىدە؛ سەككىزىنچى پەسىل، پادىشاھ قانداق بولسا، پۇقرالىرىمۇ شۇنداق بولىدىغانلار زىكرىدە؛ توققۇزىنچى پەسىل، شەيخۇلئىسلام زىكرىدە؛ ئونىنچى پەسىل، قازىلار زىكرىدە؛ ئون بىرىنچى پەسىل، مۇپتى ۋە ئالىملار زىكرىدە؛ ئون ئىككىنچى پەسىل، مۇدەررىسلەر زىكرىدە؛ ئون ئۈچىنچى پەسىل، تېۋىپلار زىكرىدە؛ ئون تۆتىنچى پەسىل، نەھمە گۈلىستانىنىڭ خۇش نەغمە ـ ناۋا قۇشلىرى زىكرىدە؛ ئون بەشىنچى پەسىل، كاتىپلار زىكرىدە؛ ئون ئالتىنچى پەسىل، مەكتەپ ئەھلىلىرى زىكرىدە؛ ئون يەتتىنچى پەسىل، ئىماملار زىكرىدە؛ ئون سەككىزىنچى

پەسىل، مەزىنلەر زىكرىدە؛ ئون توققۇزىنچى پەسىل، ھاپىزلار زىكرىدە؛ يىگىرمىنچى پەسىل، سازاندە ۋە ناخشىچىلار زىكرىدە؛ يىگىرمە بىرىنچى پەسىل، قىسسە ـ داستانچىلار زىكرىدە؛ يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل، نەسىھەت ئەھلىلىرى ـ ۋائىزلار زىكرىدە؛ يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل، مۆنەججىملەر (يۇلتۇزشۇناسلار) زىكرىدە؛ يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل، تىجارەت ئەھلى زىكرىدە؛ يىگىرمە بەشىنچى پەسىل، شەھەردە ئېلىپساتارلار زىكرىدە؛ يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل، بازار كاسىپلىرى زىكرىدە؛ يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل، سەييارە ھۈنەرۋەنلەر ۋە سەنئەتكارلار زىكرىدە؛ يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل، پاسىبان، مەھبۇس ۋە مىرشەپلەر زىكرىدە؛ يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل، دېھقانچىلىق زىكرىدە؛ ئوتتۇزىنچى پەسىل، يېتىملەر ۋە خەستىلەر زىكرىدە؛ ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل، غېرىب ـ غۇرۋالار زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل، تىلەمچى ـ سائىللار زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئۈچىنچى پەسىل، قۇشچى ـ ئوۋچىلار زىكرىدە؛ ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل، پەرۋىشكارىغا تۇزكورلۇق قىلغان نۆكەرلەر زىكرىدە؛ ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل، ئۆي ـ ئوچاقلىق ئەرلەر زىكرىدە؛ ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل، رىياكار شەيخلەر زىكرىدە؛ ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل، مەيخانا ئەھلى زىكرىدە؛ ئوتتۇز سەككىزىنچى پەسىل، دەرۋىشلەر زىكرىدە...

بىرىنچى پەسىل

## ئادىل پادىشاھلار زىكرىدە

ئادىل ۋە ئاقىل پادىشاھ ئاللانىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈستىگە

چۈشكەن سايىسىدۇر، شاھلىق سەلتەنىتى ئۇنىڭ پەرمانىدا، ئاللانىڭ «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە يارىتىمەن» دېگەن سۆزى شۇنىڭ شەنىدىدۇر. ئادىل پادىشاھنىڭ يۇكسەك مەرتىۋىسى ئۇنىڭ تەربىيە ـ تۆسىپىدىن بۇيۇكرەكتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «مەن ئادىل پادىشاھ زامانىدا مەيدانغا كەلدىم» دېگەن سۆزى شۇنىڭدىن بېشارەتتۇر. دېمەك، ئادىل پادىشاھ پەخىرلىنىشكە لايىقتۇر. شۇڭا، ئىككىلا ئالەمنىڭ پەخرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «بىر سائەت قىلىنغان ئادىللىق ئىنسان ۋە جىنىنىڭ ھەرقانداق تائەت ـ ئىبادىتىدىن ياخشىراقتۇر» دېگەن.

ئادىل پادىشاھ ئاللانىڭ خالايىققا كۆرسەتكەن مەرھەمىتىدۇر، مەملىكەت ئۈچۈن تىنچلىق ۋە پاراۋانلىق سەۋەبچىسىدۇر.

(ئادىل پادىشاھ) قۇياش بىلەن باھار يامغۇرىدەك قارا تۇپراقتىن گۇللەر ئېچىلدۇرىدۇ، مەملىكەت خەلقىنىڭ بېشىغا ئالتۇن بىلەن دۇرلار چاچىدۇ. پۇقرالار ۋە ناتىۋانلار ئۇنىڭ مۇلايىم، دوستانە مۇئامىلىسىدىن راھەتتە، زالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇنىڭ سىياسەت تىغىدىن قورقۇنچ ئىچىدە، سۇرىدىن قويلار بۆرە خەۋپىدىن ئەمىن. سىياستى ئاستىدا يولۇچى ـ مۇساپىرلار قاراقچى ۋەھىمىسىدىن خاتىرجەم. مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن بالىلار مەكتەپلەردە خۇشال ـ خۇرام، ھىمايىتىدىن زەئىپ بىچارىلەر ئەركىن ـ ئازادە، ھەيۋىتىدىن يوللار قاراقچىدىن خالىي، خالايىقنىڭ مال ـ مۈلكى كۆپ، زەپتىدىن ئەلەمدارلارنىڭ قەلىمى سۇنۇق، ستەمكارلارنىڭ ئەلىمى (بايرىقى) يىقىق. تىرىشچانلىقىدىن مەسچىتلەر جامائەتكە تولغان، مەدرىسەلەردە ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەر قايىنىغان. قىساس تىغىدىن ئوغرىلارنىڭ قولى ئەل مېلىدىن

نىرى، ئىنتىقام خەۋپىدىن قاراقچىلارنىڭ يوقلۇق باياۋىنىدا خارابىتۇر هالى. سودا ئۇچۇن دۇكانلاردا تۈن بويى چىراغ ئۆچمەيدۇ، ئىلىم ـ سىتىم قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرى كوچا ـ كويلاردا لاغايلاپ يۈرگەن باشباقتاقلاردىن غەم يېمەيدۇ. شامدىن تا سەھەرگىچە مەسچىت ـ خانىقالارنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، خىلۋەتخانىلار ئىبادەت نۇرىدىن يورۇق. شەھەردە كوچىلارنىڭ پاسىبانى ئۇ، يېزىلاردا قويلارنىڭ چوپانى ئۇ. پۇقرالارنىڭ هويلا ـ باغلىرى ئۇنىڭ شارابىتىدىن ئاۋات، سىپاهلىرى ئاررزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتكەنلىكى بىلەن ئۇنىڭدىن شاد (ئادىل پادىشاهنىڭ شاپائىتىدىن). كېچىلىرى ئەر ـ ئاياللار كۆڭۈل بەزمىسى بىلەن ياشنايدۇ. كۈندۈزى باللار بىمالال ئوشۇقلىرىنى ئوينايدۇ. مومايلار يىپ ئېگىرگەندەك، چاق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. قىز ـ چوكانلار پاختا ساۋىغاندا، ساۋاق ئاۋازىغا جور قىلىپ قوشاق قېتىپ، ئۇنى ئالقىشلايدۇ. پۇقرالارغا سېخىيلىق بىلەن مېهرىبانلىق كۆرسىتىش.

ئاچلارنىڭ غىزاسى ئادىل شاهنىڭ هەدىيە ۋە مەرھەمەت داستىخىنىدىن؛ يالىڭاچلارنىڭ لىباسى ئۇنىڭ ئىنئام ـ ئېهسان خەزىنىسىدىن. ئۇ (ئادىل پادىشاھ) مەملىكەت بېغىنى ئاۋات قىلىدىغان يامغۇرلۇق بۇلۇت. مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆزىنى يورۇتىدىغان نۇرلۇق قۇياش. شۇڭا، ئۆزگە مەملىكەتنىڭ خەلقى ئۇنىڭ ئاررزۇسىنى قىلىشىدۇ. ئەللەرنىڭ مەزلۇملىرى ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىنى دۇئا بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ. ئالىملار ئۇنىڭ ياخشى نامىنى تەرىپلەپ رىسالىلەر يازىدۇ، شائىر ئۇنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى مەدھىيىلەپ شېئىر ـ قەسىدىلەر پۈتىدۇ. سازەندىلەر ئۇنى كۈيلەپ ناخشا ئېيتىدۇ، يازغۇچىلار ئۇنىڭغا

ياخشى تىلەك ۋە دۇئا ئاھاڭىدا نەغمە ـ ناۋا تۈزۈپ ماقالە يازىدۇ.

ئۇ ئادىل پادىشاھ خەلقنى رازى قىلىش ئارقىلىق ھەقتائاللانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدۇ؛ كىشىنىڭ ئەرز ـ دادىنى سورىغاندا، ئاخىرەتتىكى سوراقنىڭ ۋەھىمىسى كۆڭلىدە كۆچلۈك بولىدۇ. نەزم:

ئۇلۇس پادىشاھىيۇ دەرۋىشۋەش،
ئاڭا شاھلىقدىن كېلىپ فەقر خەش.
جەھاندارلارغە سىپىھر ئىشتىباھ،
ۋەلې ئەھلى فەقر ئالىدا خاكى راھ.
جەھان مۇلكى ئالىدا خاشاكچە،
ۋەلې بىر كۆڭۈل مۇلكى ئەفلاكچە.
بارى بىنەۋالار نەۋاسازى ئول،
ھەمۇل نەۋئكىم، شاھ ئەبۇلغازى ئول.
كېلىپ ئەينى ئىنسانۇ ئىنسانى ئەين،
جەھان ۋارىسى شاھ سۇلتان ھۇسەين.
كى تا بولسە گەردۇنغە دەۋۋارلىق،
ئاڭا باقىي ئولسۇن جەھەندارلىق.
ۋەلې خەلق بۇ شەھدىن ئولسۇن نىشات،
دەمى بولماسۇن خالى ئاندىن بىسات.

*ئۆزى پادىشاھ، لېكىن دەرۋىش سۈپەت، شۇڭا ئۇ شاھلىقتىن كۆرە پېقىرلىقنى خۇش كۆرىدۇ.*

*ئۆزىنى جاھاندارلار ئالدىدا ئاسمان بىلەن، پۇقرالار ئالدىدا يولدىكى تۇپراق بىلەن تەڭ كۆرىدۇ.*

*جاھان مەملىكەتلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا خەس ـ خەشەك بىلەن*

*تەڭ؛ لېكىن بىر كۆڭۈلنىڭ مەملىكىتى بولسا ئاسمان بىلەن*
*تەڭ.*

*ئۇ بارلىق بىچارىلەرنىڭ غەمخورى، شاھلىقتا بولسا، گويا*
*شەۋكەتلىك ئەبۇلغازى (ھۈسەيىن بايقارانىڭ لەقىمى).*

*جاھاننىڭ ۋارىسى — شاھ سۇلتان ھۈسەيىن ئىنسانلارنىڭ*
*كۆزى، ھەقىقىي ئىنسان.*

*ئاسمان ـ پەلەك ئايلىنىپ تۇرىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا*
*پادىشاھلىق مەڭگۈلۈك بولسۇن.*

*بۇ شاھنىڭ خالايىققا شادلىق يەتسۇن، يەر ـ جاھان — ھايات*
*ئۇنىڭدىن ئەسلا خالىي بولمىسۇن.*

## ئىككىنچى پەسىل

## ئىسلامپاناھ بەگلەر زىكرىدە

مۇنداق (ئادىل) پادىشاھقا مۇسۇلمان بەگ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىدىكى تۆت كىشىنىڭ (چاھارىيارنىڭ) بىرىدەك.

بەگ نامرات ـ بىچارىلەرنىڭ پاناھى ۋە پادىشاھلار ئۇچۇن دۆلەتنىڭ خەيرخاھى. ئۇ شاھقا بۇ دۇنيا ھەققىدە چىن (راست) سۆز دېگۈچى ۋە شاھنىڭ ئاخىرەت غېمىنى يېگۈچى. ئۇنىڭدىن يامانلارنىڭ كۆڭلى ۋەيران، ياخشىلارنىڭ مۇشكۈلى ئاسان. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەل مېلىغا تاما يوق، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئائىلە، بالىچاقىلىرىنىڭ ئوي خىيالىغا ئورۇن يوق. مۇرادى پۇقرالارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، مەقسىتى، خەلق ـ جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ ھەممىشە مۇسۇلمانلارنى رازى قىلىشنى ئويلايدۇ. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئالىرىنى ئايىمايدۇ. ئۆزىنىڭ زاتى ئېسىل ئەسلىدە، قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ياخشىلىق شاھ ئىشكىدە.

شاھ ئىشكى مۇنداق بەگدىن خالىي بولمىسۇن، دۆلەت ئاسمىنىدا بۇنداق بەگلەرنىڭ ئۆمرى قۇياشى زاۋال تاپمىسۇن.

## ئۈچىنچى پەسىل

# نامۇناسىپ نايىب زىكرىدە

يالغانچى شۆھرەتپەرەس نايىبلارمۇ سەللەئى كاززاپ گۇرۇھىغا تەۋە. ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرمەن دەپ دەۋا قىلىشى، ئاللانىڭ جەبرائىل ئەلەيھىسسالامدىن ئەۋەتكەن ۋەھيىلىرىنىلا سۆزلەۋاتىمەن، دېگەنلىرى پۈتۈنلەي يالغان.

شۇنىڭدەك، شاھتا بولمىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ دېگەن ـ ئېيتقانلىرىنىڭمۇ ھەممىسى يالغان.

ئۇنىڭ يالغان ھۆكۈم يەتكۈزۈشكە سەۋەب بولغىنى ئاچ كۆزلۈكى، بىر نېمە ئالماقچى بولسا، چىن ئورنىغا يالغان سۆزلەيدۇ، دىن ئورنىغا مۇسۇلمانلارغا زەرەر يەتكۈزۈشنى قويىدۇ. ئېيتقانلىرى يالغان، چىن سۆزلىشى قىيىن، پارا ئالغاندا باشقىچە سۆزلەيدۇ ـ يۇ، كۆڭلىدە باشقىچە خىيال سۈرىدۇ. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىر بولمىغان بۇنداق نايىبلارنىڭ شاھ ئىشكىدىن يوقالغىنى ئەلادۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## تۆتىنچى پەسىل

## زالىم، جاھىل ۋە پادىشاھلار زىكرىدە

ئادىل پادىشاھ يالتىراپ تۇرغان ئەينەك؛ زالىم، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھ بولسا، ئۇ (ئەينەك)نىڭ ئارقا تەرىپىدۇر. ئۇنىڭ بىر تەرىپى سۈبھىدەك يورۇق بولسا، يەنە بىر تەرىپى گوياكى كېچىدەك قاپقاراڭغۇدۇر. زۇلۇم قىلىش ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەرزۇپ (يېقىملىق بىلىنىدۇ)، ئەخلاقسىزلىق - بۇزۇقچىلىق ئۇنىڭ تەبىئىتىگە مەھبۇب (دوست بىلىنىدۇ). مەملىكەتنىڭ تىنچسىزلىقى ئۇنىڭ دىلىغا ئارام بېغىشلايدۇ، جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ ۋەيرانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ. ئاۋات جايلار ئۇنىڭ زۇلمىدىن ۋەيران، كەپتەر ئۇۋىلىرى ھۇۋقۇشلارغا ماكان.

زالىم، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھلارنىڭ بەزمىسىدىكى مەي - شارابتىن ھاسىل بولغان سەل مەملىكەت ئاۋاتلىقىنى ۋەيران قىلىدۇ. چۈنكى، ساقىيلارنىڭ ئۆيىگە ياتقۇزۇلغان خىش مەسچىت راۋاقىدىن قومۇرۇۋېلىنغان؛ مەي ئىدىشلىرىنىڭ ئاغزىنى ياپقان خىش مېھرابنىڭ ئەگمىسىدىن سۆكۈۋېلىنغان. كۆپ قان تۆكۈش ئۇلارنىڭ دائىملىق ئادىتى، شۇڭا جېنى بارلىكى ئادەم ئۇلاردىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەي ئىچىشنى باشلىسىلا، كوچا - كويلاردا يۈرگەن مۇسۇلمانلارغا قورقۇنچ - خەۋپ يېتىدۇ. ئەگەر خۇلقى بۇزۇق ۋە يامان تەبىئەتلىك بولسا، خەلقنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا ئۇنىڭدىن خەۋپ - خەتەر (يېتەر)، ئەگەر ئەدەپسىز ۋە ئۆز بېشىمچى بولسا، شەپقەتلىك نەۋاينىڭ جېنىغا ۋاي!

بۇنداق زالىم، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھلارنىڭ بولمىغۇر ئىش ـ قىلىقلىرى ئۆزلىرىگە ياقىدۇ، ئەمما ئەل ـ خەلققە ياققان ئىش ئۇلار ئۈچۈن يېقىمسىز ۋە ئەيىب سانىلىدۇ. بىراۋنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ئازغىنە سەۋەنلىك تۈپەيلى يوققا چىقىرىلىدۇ؛ ھەق ۋە راست گەپ ئازغىنە خاتالىق تۈپەيلى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۇتۇنلەي يالغان. ئۆزلىرىنىڭ خاتا پىكرى ئوڭ كەلمىسە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاقىسى يوق ئادەملەرنى جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ھەتتا خەۋىرى يوق ئادەملەرگىمۇ تۆھمەت قىلىنىدۇ. ھاياتلىق سۈيىنى ئوغا دېسە، تەن ئالمىغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ. قۇياش يۈزىنى قارا دېسە، ئېيتمىغانلار قارا يۈز قىلىنىدۇ.

ئۆز پايدىسى ئۈچۈن قەترىنىڭ ھۆرمىتى دەرياچە ۋە زەررىنىڭ قىممىتى قۇياشچە. ئەلنىڭ ئالەمچە مال ـ بىساتى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر قارا پۇلدىن قەدىرسىز، پىدا قىلغان ئەزىز جانلىرىنىڭ پارچە تىيىنچىلىك قىممىتى يوق. ئۇلار قارا قۇزغۇننى ئاق تۇيغۇن (شۇڭقار) دېسە، «غازنى ياخشى ئالىدۇ» دېمىگەن ئادەم ئەيىبدار؛ يورۇق كۈننى قاراڭغۇ كېچە دېسە، «سۇھا يۇلتۇزى كۆرۈنۈۋاتىدۇ» دېمىگەن كىشى گۇناھكار.

چىن ـ راست سۆزلىگۈچىلەر جان خەتىرىدە، ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچىلار ئۆلۈم خەۋپىدە. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئالدىدا يالغان، دانالار ئۇلارنىڭ نەزىرىدە نادان. (نادان، جاھىل ۋە پاسىق پادىشاھنىڭ) خەلققە نىسبەتەن كۆڭلىدىكى ئاداۋىتى مەخپىي خەزىنىسىدىكى يوشۇرۇن بايلىقى. قەتل ئۈچۈن جان بېرىش ئۇنىڭ شوئارى، ئەلنىڭ مال ـ جېنىغا قەست قىلىش ئۇنىڭ ئۆز

شىكارى. بۇنداق يامان (ناچار) پادىشاھنىڭ ۋەزىرى بولسا، بۇ خۇددى پىرئەۋننىڭ ئورۇنباسارى بولغانغا ئوخشاشتۇر. نەزم:

ئۆيلەكىم شەھبازغە بولغاي مەدەدكا جەئفەرى،
ياۋۇماي ئول خەلقغە تائۇن ھەم ئولغاي بىر سەرى.

*بۇ خۇددى لاچىنغا زەھەرلىك قارا يىلاننىڭ ياردەمچى بولغىنىدەك ياكى خەلققە بىر ياقتىن ۋابا، يەنە بىر ياقتىن تاۋۇن كېسەللىكى يۈزلەنگەندەك ئەھۋال.*

تەڭرى بۇنداق بالالارنى يوقلۇق قۇدۇقىدىن مەۋجۇتلۇق تەختىگە يېقىن كەلتۈرمىسۇن، يوقلۇق زىندانىدىن بارلىق شەھرىستانىغا يەتكۈزمىسۇن.

## بەشىنچى پەسىل

## ۋەزىرلەر زىكرىدە

ۋەزىر سۆزى «ۋىزر» (گۇناھ) سۆزىدىن كەلگەن. بۇ ھال ئۇنىڭ (ۋەزىرنىڭ) تەبىئىتىگە تولىمۇ ماس ۋە لايىقتۇر. بۇ ئىشنى يەنى ۋەزىرلىكنى ياخشى قىلغان كىشى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىرى ئاسەف بولۇپ، ئۇ ئۇزۇكىگە: «ئىنسابلىق كىشىگە ئاللا رەھمەت قىلىدۇ» دېگەن ئىبارىنى نەقىشلەپ قويغانىكەن. ئاسەف دۇنيادىن كېتەر چاغدا ئىنسابنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى ۋە ئىنساب گۆھىرىنى نائىنسابلار ئارىسىدا قالدۇرمىدى. كىشى ئۆزىنى شامالدەك ھەر تەرەپكە ئۇرغان بىلەن، ئاسەفنى يەنى

ئاسەفتەك ۋەزىرنى بۇ دۇنيادا نەدىنمۇ تاپالىسۇن ! ئەگەر دۇنيا ئەھلىدىن بىرەر زات ئاسەف سۈپەت دېيىلىدىغان بولسا، بىلگەيكى، بۇ سۇلايمان تەختىنىڭ بەربات بولغىنى.

بۇ زالىملار يەنى زالىم ۋەزىرلەر مەملىكەتنى بەربات قىلغۇچى، خەلقنىڭ يىغقان ـ تەرگەنلىرىنى يوقاتقۇچىلاردۇر. ئەڭ ياخشىسى، ھېچكىم بۇلار توغرىسىدا قەلەم تەۋرەتمىگەي ۋە بۇ قەلەمدەك قارا يۈزلۈكلەرنىڭ نامىنى قەلەم تىلىغا كەلتۈرمىگەي. بۇلار يەنى زالىم ۋەزىرلەر دورا ئورنىغا زەھەر بېرىپ، بىمارنى ئۆلتۈرگۈچى تېۋىپلار بىلەن ئوخشاشتۇر. كىشىنى زورىغا ئۆلتۈرىدىغان تېۋىپقا كۆرۈنۈشتىن كۆرە، تېۋىپنى رەت قىلىش ياخشىراقتۇر. بۇ ئىككى تائىپىنىڭ ھەربىرى ئوخشاشلا يىلاندۇر. شۇڭا، بۇنداقلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىش شاھ ئۈچۈن ۋاجىپتۇر.

بۇلار (زالىم ۋەزىرلەر)نىڭ ھەممىسى چايان، خالايىققا يەتكۈزىدۇ كۆپ زىيان، قەلىمىنىڭ ئۇچى ـــ چايان نەشتىرى، خالايىقنىڭ جېنىغا زەھەر تەشۋىشى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ زالىملارنىڭ نەشتىرى مەزلۇملار جېنىغا قانچىلىك سانچىلغان بولسا، ئۇمىدىم شۇكى، زالىملارنىڭ باشلىرىمۇ ئەجەل تېشى بىلەن شۇنچىلىك يانجىلغاي. نەزم:

بۇلاردىن گەر ئەئلا گەر ئەدنادۇرۇر،
كى ئاندىن خەلايىقغە ئازاردۇر.
شەھ ئۆلتۈرمەك ئەۋلادۇر ئول ئەلنى پات،
نەبي دەپدۇرۇر: ئۇقتۇلۇ ـ مۇئزىيات.

*بەزىلىرى گەرچە كاتتا ۋە بەزىلىرى تۆۋەن ئورۇندا بولسىمۇ بۇلاردىن خالايىققا يېتىدىغىنى بەرىبىر ئازاردۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «زىياداشلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن. شۇڭا بۇنداقلارنى تېزراق ئۆلتۈرۈش شاھ ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلادۇر.*

## ئالتىنچى پەسىل

# ناقابىل مەنسەپدارلار زىكرىدە

دىيانەتسىز ئەمەلدار يۇقىرالار ئۈچۈن بالادۇر. ئەگەر ئۇ ناكەس، بىلىمسىز بولسا، تۇرغان - پۈتكىنى پىتنە - پاسات، بۇزۇقچىلىقتۇر. ئۇنىڭ بەزمىسىدىكى نەغمە - ناۋالىرى ئىلىم ۋە تەقۋادارلىققا تۇتۇلغان ھازىنىڭ ماتەم پەريادىدۇر. ئالىملار گۇلاب قاچىلاپ ئېلىپ كەلگەن شىشىلەر بوشىغاندا، مۇلازىملىرى ئېلىپ كېتىپ، ئۇلارغا مەي قاچىلايدۇ، ئالىملار ئېلىپ كەلگەن ناۋاتنى سۇندۇرۇشۇپ، ئەمەلدارلار ئۆز ئىچىملىكلىرىگە گېرەك (زاكۇسكا) قىلىشىدۇ. گۇلاب شىشىسى ۋە ناۋاتنىڭ ۋەزىپىسى باشقا نەرسىلەرگە كۆچۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ غەلۋىسى بەتقىلىقلىق، ئارزۇلايدىغىنى بۇزۇقچىلىق. نۆكەرلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمىكى خانىقا تائامىغا، خەج - خىراجىتى شەيخ - مۇدەررىسلەرنىڭ مائاشىغا شېرىك. مۇھتەسىپمۇ ئۇلارنىڭ بەزمىسىگە مەي كەلتۈرۈپ بېرىشكە رازى ۋە قازىمۇ ئۇلارغا مەي سۇزۇلدۇرۇپ بېرىشكە رازى. مەملىكەتتە بۇنىڭغا ئوخشاش مەنئى قىلىنغان ئىشلار كۆپىيىۋەرسە، ئىسلام ۋە شەرىئەتنىڭ نەئىززەت - ھۆرمىتى بولسۇن؟

ئەسلىدە ئەمەلدار ئالىملارغا دوست - يار. ماشايىخلارغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەتكار ۋە ياردەمچى، پۇقرالار خىزمىتىگە ھەمىشە تەييار تۇرىدىغان بولۇشى لازىم. ئەمەلدار زۇلۇم رىشتىسىنى ئۈزۈپ، ۋەخپە يەرلەرنىڭ بۇزۇلغانلىرىنى تۈزىگۈچى ۋە زىرائەت ــ دېھقانچىلىقنى راۋاج تاپقۇزۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان بولۇشى كېرەك. نەزم:

يوق ئۇلكىم، فاسىقۇ خەممارۇ زىككە،
كى بۇزغاي گەرچە بولغاي خاجە دىككە.
رىكابى نەقشى كىمسانلىق سەراسەر،
تونىدا ئاندىن ئارتۇق زىيبۇ زىۋەر.

*پاسىق، هاراقكەش ۋە قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئەمەلدار ھەتتا سائادەتمەن كىشىلەرنىمۇ بۇزىدۇ.*
*ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئۈزەڭگىلىرىمۇ ئالتۇن ھەل بىلەن نەقىشلەنگەن، تونىنىڭ زىبۇ ــ زىننەتلىرى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ.*

قىتئە:

كېرەككى باشىغە قويسە ئەلاقەلىق دەستار،
يانارىدا ھەم ئانىڭ ئەڭنى دۇرۇر مەۋالىدەك.
يوق ئۇلكى، مەركەبى بوينىغە باغلاپ ئاسسە قۇتاس،
ئاسىلغاي ئۆزىنىڭ ئۆز بوغزىدىن سەقالىدەك.

*دىيانەتسىز ئەمەلدار بېشىغا يەتلىك سەللە ئورىۋالسىمۇ، يەنە ئۇچىسىغا ئالىدىلارنىڭكىدەك رىدا (يېپىنچا) ئارتىۋالسىمۇ،*

*ھەتتا ئىپتىنىڭ بويىنىغا كاتتا تۇمار باغلىنىپ قالسىمۇ، ھامان ساقلىنىدەك ئۆزىمۇ ئۆز بوغۇزىدىن ئىسلىدۇ.*

يەتتىنچى پەسىل

## پاسىق ۋە بەتقىلىق، ھەدىسلا پالۋانلىقتىن لاپ ئۇرىدىغانلار زىكرىدە

شاھ ئىشكىدە (ئوردىسىدا) پۇل - مال زايە قىلغۇچى بۇنداق ئادەملەر يا تەڭرىگە ئىبادەت قىلمايدۇ، يا شاھقا ئىتائەت قىلمايدۇ. تۇتقان يولى شۆھرەتپەرەسلىك، ئادەتلەنگىنى مەغرۇرلۇق، يۇرۇش - تۇرۇشى مەست - ئەلەست، ئۆگەنگىنى شەخسىيەتچىلىك. «چىن»(راست) دېگەن سۆزلىرى لاپ، «مەنىلىك» دېگەن سۆزلىرى بىمەنە. دىنلىرى شارابخورلۇق، رەسىم - قائىدىلىرى دىنسىزلىق، ئىستەكلىرى ئات چاپتۇرۇپ زوق ئېلىش، سۆزلەشتىن مەقسىتى باشقىلارغا قارا چاپلاش. ئۇلار بەزمىدە ئۆزلىرىنى ھاتەمدەك، جەڭگى - جېدەلدە بولسا، ئۆزلىرىنى رۇستەمدەك كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. باشلىرىدىكى ئوتۇغاتلىرىنىڭ دەبدەبىسىدىن «نەسرى تايىر»، «بۇركۇت»ئۆركۈيدۇ؛ نەيزىلىرىنىڭ يالتىراقلىقىدىن «سىماكى زامىھ» (ئەسەد بۇرجىدىكى بىر يۇلتۇزنىڭ نامى) يۇلتۇزىنىڭ نۇرى باغلىنىدۇ. قىلىچلىرى تۇپەيلى ئورىۋالغان سەللىلىرى چۇۋۇلغان، سەللە ھالاقىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئۇچلىرى ئارام تاپمىغان.

مەملىكەت دۈشمەنلىرىنى يوقىتىمىز، يۇرتنى قوغدايمىز دەپ سالغان داۋراڭلىرى ئەمەلىيەتتە شاھقا قىلغان مىننەتلىرى. بۇ

داۋالىرىنى ئورۇنلاشنى باشلىغۇچە نەچچىسىنى مەي ئۆلتۈرىدۇ، يەنە نەچچىسى باشقا بۇزۇقچىلىق تۇپەيلى دوزاخقا راۋان بولىدۇ. پەقەت يۈزدىن بىرىلا جەڭ مەيدانىغا يېتىپ بارسىمۇ، نىشانسىز قىلىچ چېپىشلىرى ھەقتائالالا مەدەتكار بولغاي، پادىشاھقا تەڭرى ئىنتايىن قوشۇن بولغاي، تۇغى «نەسرۇن مىنەللاھ...» ئايىتى بىلەن زىننەت تاپقاي!

تەڭرىتائالانىڭ ئىنايىتىگە ئېرىشكەن پادىشاھنىڭ دۈشمىنى يەر بىلەن يەكسان بولۇر، ئۇنى دۆلەتكە يەتكۈزگۈچى تەڭرى، بەرگۈچىمۇ، ئالغۇچىمۇ تەڭرىدۇر. ئۇ (تەڭرى) بەرسە ھېچ كىشى ئالالماس؛ ئۇ يەتكۈزسە، ھېچ كىشى يىراقلاشتۇرالماس. پادىشاھ ھەق ئەمرىنى بەجا كەلتۈرسە، دۆلىتى كۆپ دۈشمەنلىرىگە خەۋپ – خەتەر يەتكۈزىدۇ. نەزم:

شەھىكى، سىدقى ئانىڭ تەڭرى بىرلە تۈز بولغاي،
نە غەم ئەدۇۋسى ئانىڭ بىر يوق ئېرسە يۈز بولغاي.
كىشىگە تەڭرى بېرۇر فەتھ يوقكى، خەيلى سىپاھ،
بەس، ئىئتىماد مۇڭا ئەيلەمەك نە سۆز بولغاي.

*پادىشاھنىڭ تەڭرىگە چىن ئېتىقادى بولسا، ئۇنىڭ دۈشمىنى بىر ئەمەس، يۈز بولغان تەقدىردىمۇ، نېمە غەم؟ كىشىگە غالىبىيەتنى تەڭرى ئاتا قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا لەشكەر ۋە سىپاھلىرىغا قانداقمۇ ئىشەنگىنى بولسۇن؟*

شېئىر:

چەرىك بولسەيۇ بولماسا بەخت يار،
سىپەھغە ئەدۇۋ خەيلىنىڭ ھۆكمى بار.

*لەشكىرى بولۇپ، بەخت يار بولمىسا، ئۇنىڭ لەشكىرى ئۆزىگە دۈشمەن دېمەكتۇر.*

## سەككىزىنچى پەسىل

## ياساۋۇللار گۇرۇھى زىكرىدە

ياساۋۇل بولغۇچى بىرەر زۇلۇم چەككۈچىنى زالىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزغان بولسا، لېكىن شۇ ئىشنى ئۇچۇن زۇلۇم چەككۈچىدىن ئارتۇقچە ھەق تەلەپ قىلسا، بۇنداق ياساۋۇل زالىمغا بەكرەك يېقىندۇر. ئەگەر خىزمىتىگە يارىشا ھەق ئېلىش خىيالىدا بولسا، ئۇ ئاتا مىراسى ۋە ئانا سۈتىدەك ھالالدۇر. ناۋادا تاماسى خىزمىتىدىن كەم بولسا، بۇ ئۇنىڭ مەردلىكى ۋە مۇرۇۋۋەتلىك ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئەگەر خىزمەت قىلىپ، ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەقنى ئالمىسا، بۇنداق ياساۋۇلنى ئەۋلىيا دېمەك لازىمدۇر. نۇرغۇن ياخشى ئادەملەر بۇ كەبى مۇرۇۋۋەتلىكنى ئۆزلىرىگە شوئار قىلىپ، شۇ يول بىلەن بارلىق مەقسەتلىرىگە يەتكەندۇر. نەزم:

ئەۋلىيائۇللاھ ھەر سۈرەتدە بار،  
بەئزى ئەتمىش بۇ رەۋىشنى ئىختىيار.  
چۈن ئېرۈرلار قۇببەلەر ئىچرە نىھان،  
ھەقدىن ئۆزگە كىمسەگە ئېرمەس ئەيان.

*تەڭرىنىڭ ئەۋلىيالىرى تۈرلۈك سۈرەتتە بولىدۇ، بەزىلىرى شۇنداق يولنى ئىختىيار قىلغانكى، ئۇلار گۈمبەزلەر ئىچىدە يوشۇرۇنغان، ئۇلارنى تەڭرىدىن باشقا ھېچكىم بىلەلمەيدۇ.*



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## توققۇزىنچى پەسىل

# ياساقلىق (لەشكەر) قارا چېرىك زىكرىدە

ياساقلىق (لەشكەر) قارا چېرىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قارا چېرىك يەجۇج ۋە مەجۇج گورۇھىغا شېرىك. ئىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارغا ئارام يوق، جازا يۈرۈشىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئويلاشقۇدەك پۇرسەت يوق. ئىشلىرى ئۇدۇل كەلگەننى تالاش، يات يۇرتلارغا چېكەتكىدەك بېسىپ كىرىپ، گىياھ ۋە ياپراقلىرىغىچە غاجاش. ئىنسانىيلىق بىلەن ئۇلار ئارىسىدا قارىمۇقارشىلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بىلەن ئۇلار ئارىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت. ئۇلار زاتىدىنلا پەم - پاراسەتسىز، ئەسلىدىنلا ئەقلۇ ئىنسابسىز. ئۇلار قاياققا يۈزلەنسە، قايتمايدۇ؛ كېچە - كۈندۈز غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايدۇ. تەنلىرى ئىسسىق - سوغۇقنى سەزمەيدۇ، ۋۇجۇدى ئاچلىق ۋە يالىڭاچلىقنى بىلمەيدۇ. رەزىللىكتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ، ھايۋانغا خاس قىلىقلىرى كۆپ، ئادەملىكى ئاز. نەزم:

ئول قەۋمدىن ئەئجۇبە خەلايىق بولماس،
كىم، مەئدەلەرى ھەرام يەردىن تويماس.
ئۆلگۈنچە بەلا چېكىپ ئېرۇرلارمەۋجۇد،
چىن بولدى بۇ دەئۋىكى، ياساغلىق بولماس.

*ئۇ قوۋمدەك ئاجايىپ خەلق يوق، ھارام يېيىشتىن قورساقلىرى تويمايدۇ. تا ئۆلگۈچە بالا ئىچىدە ياشايدۇ. «لەشكەر تۈزەلمەس» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ.*

قىزىقى شۇكى، ئاللانىڭ كىشىلەرگە پىنھان مەرھەمىتى بولغىنىدەك، بۇلار ئارىسىدا يوشۇرۇنغان ئادەملەرمۇ بار. ئۇلاردا قوشۇن بازىرىنى قىزىتىش ئۈچۈن ئۆزىنى لەشكەرلەرگە قوشقۇچىلار ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتىدۇ. ئەمەلدارلار مەملىكەت ئاھالىسىدىن پارا ئالغاندەك ئۇلارمۇ قوشۇن ئۇلۇشىدىن چوتار ئايرىپ تۇرىدۇ. نەزم:

سىپاھى مالىن ئول خەيلى تەباھى،
تۇنۇ كۈن مۇفت ئالىپ خاھى ناخاھى.

*بۇنداق ناپەسىل گورۇھ قوشۇننىڭ مال ـ مۈلكىنى كېچە ـ كۈندۈز خالىغىنىچە ئېلىۋېرىدۇ. ئىسراپ قىلىدۇ.*

ئۇلارغا جازا بېرىش مۇمكىن بولمىسا، ئۇلارنى تەڭرى ئۆزى جازالىغاي!

## ئونىنچى پەسىل

## پادىشاھ قانداق بولسا، پۇقرالىرىمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقى زىكرىدە

كىمكى شاھقا مۇلازىم ۋە قارام بولسا، ئىشى ۋە مۇناسىۋىتى شاھىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر شاھ ئادالەتپەرۋەر بولسا، ئۇنىڭ تەسىرىدە پۇقرالىرىمۇ ئادالەتنى ياقلايدىغان بولىدۇ. ئەگەر شاھ زۇلۇمغا ئادەتلەنگەن بولسا، پۇقرالىرىمۇ زۇلۇم ئەندىشىسى ئىچىدە ياشايدۇ. ئەگەر شاھ ئېتىقادلىق بولسا،

خەلقنىڭ دىلىدىمۇ ئېتىقاد ۋە دىيانەت قارار تاپىدۇ. ئەگەر شاھتا كۆپۈرلۈق خۇسۇسىيىتى بولسا، خەلقمۇ كۆپۈرلۈق يولىغا كىرىدۇ.

ھۆكۈمالار شاھنى مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا، ئاھالىسى ۋە يېقىنلىرىنى دەريا ئەتراپىدىكى ئۆستەڭگە ئوخشىتىدۇ. دەريا سۈيىدە قانداق كەيپىيات ۋە خاسىيەت بولسا، ئۆستەڭدىمۇ شۇ خاسىيەت ۋە كەيپىيات بولىدۇ، ئۇ ئاچچىق بولسا، بۇمۇ ئاچچىق؛ ئۇ تاتلىق بولسا، بۇمۇ تاتلىق؛ ئۇ لاي بولسا، بۇمۇ لاي؛ ئۇ سۈزۈك بولسا، بۇمۇ سۈزۈك بولىدۇ. نەزم:

ئارىقلاركى، ئول بەھردىن ئايرىلۇر،
بىلىكلىگ ئۇلارنىڭ سۈيىن بىر بىلۇر.
چۇ بىردۇر سۇ دەريا بىلەن نەھر ئارا،
ئەمەس تەئمىدە ھاجەتى ماجەرا.

*ئېرىق - ئۆستەڭ دەريادىن ئايرىلىپ چىققاچقا، بۇنى بىلگۈچىلەر ئۇلارنىڭ سۈيىنى بىر (ئوخشاش) دەپ بىلىدۇ؛ دەريا بىلەن ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىر بولغاچقا، ئۇنىڭ تەمى توغرىسىدا مۇنازىرىگە ھاجەت يوق.*

## ئون بىرىنچى پەسىل

## شەيخۇلئىسلام زىكرىدە

شەيخۇلئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ پېشۋاسىدۇر، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلماق ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن ئىشارەتتۇر. بۇنداق كىشى

ئىسلامپاناھ، يەنى ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىدىغان ئالىم ۋە ئۇنىڭ تەرغىباتچىسى؛ ئاللاغا يېقىن ۋە شەرىئەت قائىدىلىرىدىن چەتلىمەيدىغان دانا؛ پېقىرلىقتا قانائەت قىلىدىغان، پاكلىق يولىنى تۇتىدىغان، ياخشى - يامانغا بىردەك شەپقەتلىك، چوڭ - كىچىككە سۆزسىز توغرا يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان، شەرىئەت قانۇنلىرىدا مۇستەھكەم ۋە كامىل، ھەرقانداق بىدئەتچىنىڭ بىدئەتلىرىنى يوققا چىقىرالايدىغان بولۇشى لازىمدۇر. ئەنە شۇنداق شەرتلەرنى ھازىرلىغان ئادەمنى «شەيخۇلئىسلام» دېسە بولىدۇ. نەزم:

مۇندىن ئولدى مۇقەررەبى بارى،
شەيخۇل - ئىسلام پىرى ئەنسارى.

*شەيخۇلئىسلام پىر ئەنسارىيى شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئاللاغا يېقىن بولدى.*

## ئون ئىككىنچى پەسىل

## قازىلار زىكرىدە

قازى ئىسلام بىناسىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرى توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچىدۇر.

قازى كۆڭلى دىن ئىلىملىرى بىلەن بېزەلگەن، ئەقىل - پاراسەت جەھەتتە نۇقسانسىز بولۇشى، قەلبىدە شەخسىي مەنپەئەتكە ئورۇن بەرمەسلىكى، سادىق كۆڭلى بىدئەت ئەھلىگە مۇلايىم بولۇشتىن خالىي بولۇشى لازىم.



www.uyghurkitap.com

قازىنىڭ مەھكىمىسى شەرىئەت ئىلمىنىڭ خەزىنىسى. شۇڭا، ھۆكۈم قىلىدىغان ۋاقىتتا دوستقىمۇ، ياتقىمۇ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۇ ئىلىم - بىلىمى ۋە تەقۋادارلىقىدىن كىشىلەر كۆڭلىدە ئابرۇي قازىنىشى، ئىشلاردىكى ئىنچىكىلىكى ۋە پاراستى بىلەن دىيانەتسىزلەرنىڭ كۆڭلىگە غەم - ئەندىشە سالالىشى لازىم. كۆڭلى دائىم ھەق كالاملىرى بىلەن كۈچەيگەن بولۇشى ۋە ھۆكۈملىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە ئاساسلانغاندىلا بولۇشى لازىم.

قازى شەرئىي ھىيلىلەرنىڭ قاراڭغۇلۇق تۈگۈنلىرىدىن كۆڭلىنى ئوچۇق، پەتىۋارچىلار ئالدامچىلىق تۇتەكلىرى قاپلىغان قەلبىنى يورۇق تۇتسۇن. شۇندىلا پارىخور پەتىۋاچىلار ئۇنىڭ ئالدىدا خار - زار، ھىيلىگەرلەر ئەيىبدار بولىدۇ.

ئەگەر ئىلىمسىز قازى ھاراقكەش بولسا، ئۆلتۈرگۈلۈك؛ دوزاخ ئوتىغا يەتمەستىن بۇرۇن كۆيدۈرگۈلۈك.

ئەگەر قازى پارىخور بولسا، ئىسلام سېپىلىنىڭ ئۇلىنى كولايدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۆزى پارا بېرىپ، قازىلىق مەنسىپىگە ئولتۇرغان بولسا، ئۇمۇ پارا ئېلىپ شەرىئەت قانۇنلىرىنى بۇزىدۇ، ھەتتا قەلەمىمۇ شەرىئەت قانۇنلىرىنى خالىغانچە بۇرمىلايدۇ.

قازى شەرىئەت يولىدىن بىر قەدەممۇ تايماسلىقى، توغرا يولدىن چىقماسلىقى لازىم. توغرا خەتمۇ قائىدىسىز، خالىغان تەرتىپتە يېزىلسا، ئەگرى بولۇپ قالىدۇ؛ سازنىڭ تارىمۇ ئۆز تەڭكىشىدىن ئاشۇرۇۋېتىلسە، تۇزۇكى بۇزۇلىدۇ. قازى ئەلنىڭ مېلى ۋە جېنى ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان بولغاچقا، ئوچۇق - يورۇق بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئايىغى توغرىلىق كۆۋرۈكىدىن تېيىلىپ كەتسە، جەھەننەم تېگىدىن ئورۇن ئالىدۇ. قازىلىق

ئىشىنى خالىغانچە قىلىمەن دېيىش ھاياسىزلىق ۋە يالغانچىلىقتۇر. بۇنداق يالغانچى ۋە ھاياسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا قانداقمۇ مۇناسىپ كەلسۇن ! نەزم:

مۇخبىرى سادىق شەھىكىم قىلدى دىنىۇ شەرئىنى،
بارى ئەديان ناسخى ئانداغكى، مۇمكىن ئېردى تۈز.
كازىب ئول يولنى نىچۈك تۈزگەيكى، بىر كەززاب ھەم،
قىلدى كۆپ دەئۋا، ۋەلى قويدى جەھەننەم سارى يۈز.

*دىن ۋە شەرىئەتنى ئەڭ راستچىل خەۋەرچىلەرنىڭ پادىشاھى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۈزدى ھەم دىندارلارنى بىكار قىلىپ شەرىئەتنى توغرىلىدى؛ بۇ يولنى كاززاپلار قانداقمۇ تۈزەلەيدۇ، بىر كاززاپ كۆپ دەۋا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى جەھەننەم تەرەپكە يۈزلەندى.*

## ئون ئۈچىنچى پەسىل

## مۇپتىلار زىكرىدە

فىقھى ئالىمى بولغان مۇپتى دىندار، ئالىم بولۇشى، ئىمان - ئىسلام ئىلىملىرىدە ماھىر، دىيانەت نۇرى پېشانىسىدە چاقناپ تۇرىدىغان بولۇشى، كۆڭلى نۇقسانسىز، ھىيلە - مىكىردىن خالىي، قەلىمى بايان قىلىشتا راستچىل، يازغانلىرى مۇجتەھىدلەر سۆزىگە مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. (ئەگەر ئۇ) ئۇنداق بولماي، پاسىق، مەيخور، جاھىل، بەتقىلىق بولسا، بىر پۇل ئۈچۈن يۈز ھەقنى ناھەق بىر سىۋەت ئۈچۈم ئۈچۈن بىر باغنى

كۆيدۈرۈشتىن يانمىسا، بىر چارەك بۇغداي ئۈچۈن بىر خامانىنىڭ سورۇلۇپ كېتىشىگە پەرۋا قىلمىسا، ھىيلە ـ مىكىر بىلەن پەتىۋا چىقارسا، شەرىئەت كىتابىدىكى چېكىتلەرنى بۇزسا، ئىش ھەققى ئۈچۈن كۆمۈش ئېلىپ ئۆز مىلىغا قوشسا، دىنىنى دۇنياغا ساتقان بولىدۇ. بۇنداق مۇپتى ئادەم ئۆلتۈرگۈچى تېۋىپتۇر: بىرى ئىسلامنى ئۆلتۈرۈش بىلەن، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش بىلەن مەشغۇلدۇر. نەزم:

مۇفتىكى، ئىشىگە مۇزد ئالىپ قىلسە رەقەم،
مۇزد ئارتۇق ئېسە، مەيل كېرەك قىلغاي ھەم.

*مۇپتى ئەگەر بېجىرگەن ئىشى ئۈچۈن ھەق ئېلىپ قەلەم تەۋرەتسە، ناۋادا ئالغان ھەق ئارتۇق بولسا، مايىللىق قىلىدۇ.*

فەتۋادا چۇ بولدى مۇزد ئۈچۈن «نەئەم»،
قىلماق كېرەك ئول قەلەمزەن ئىلكىنى قەلەم.

*پەتىۋا چىقىرىشتا ھەق ئېلىش ئۈچۈن، «ياق» ياكى «ھەئە» دېگەن ھۆكۈمنى قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ قولىنى قەلەم قىلىپ كەسمەك كېرەك.*

## ئون تۆتىنچى پەسىل

## مۇدەررىسلەر زىكرىدە

مۇدەررىس بولغان كىشى مەنسەپ ـ ئەمەلگە قىزىقماسلىقى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆزى بىلمەيدىغان ئىلىمدىن گەپ ئېچىشقا تۇرۇنماسلىقى، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن دەرس ئورنىغا شاۋقۇن ـ سۈرەن سالماسلىقى، جاھىللار كەبى سەللىسى يوغان ۋە ھالاقىسى ئۇزۇن بولماسلىقى، ماختىنىش ئۈچۈن مەدرىسە ئايۋىنىنىڭ تۆرىنى ئىگىلىۋالماسلىقى لازىم.

ئۇ دىن ئىلمىگە ئائىت ئېنىق مەسىلىلەرنى ئوبدان بىلىشى ۋە ئەلگە بىلگەنلىرىنى تەلىم بېرىشى، يارىماس، ناچار ئىشلاردىن ھەزەر قىلىشى ۋە ناپاك قىلىقلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى بىلەلمەي، ئۆزىنى ئالىم چاغلايدىغان، تۇرلۇك پاسىقلارغا بېرىلىپ ھالال ھېسابلايدىغان؛ قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىش، قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ قالغان كىشىلەر مۇددەرىس ئەمەس، بەلكى بىدئەتچى (ناچار ئادەتلەرنى تارقاتقۇچى)دۇر. بۇنداق كىشىنىڭ سۆھبىتىدە بولۇش ئىسلام ئەھلى ئۈچۈن مەنئى قىلىنغاندۇر. مۇدەررىس ئالىم، تەقۋادار ۋە ھوشيار بولۇشى؛ ھەرقاچان ئاللانىڭ، رەسۇلۇللانىڭ سۆزلىرىنى نەقىل ـ ئۆرنەك قىلمىقى لازىمدۇر.

نەزم:

ھەرنېكى ئايتۇر ئولسە خۇداۋۇ رەسۇلدىن،
ئاندىن سۇڭ ئولسە مۇجتەھىدۇ ئەۋلىيا سۆزىن.
ئاندىن كىشى نې ئىشتۇرۇ نە ئۆرگەنۇر،
بولغاي خۇدا سۆزى، يوق ئېسە مۇستەفا سۆزىن.

*نېمىلا سۆزلىسە خۇدا ۋە رەسۇل (پەيغەمبەر)دىن سۆزلىسە، ئاندىن ئىجتىھاتلىق ئالىملار ۋە ئەۋلىيالارنىڭ سۆزلىرىنى*

ئېيتسا، بۇنداق ئالىمدىن كىشى نېمىنى ئاڭلىسا ۋە نېمىنى ئۆگەنسە، (ئاڭلىغىنى ۋە ئۆگەنگىنى) خۇدانىڭ سۆزى ياكى بولمىسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى بولىدۇ.

## ئون بەشىنچى پەسىل

# تېۋىپلار زىكرىدە

تېۋىپ ئۆز كەسپىگە ماھىر، رەھىم ـ شەپقەتلىك ۋە بىمارلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان تەبىئىتى مۇلايىم، ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىدىغان، سۆزلىرى دوستانە ۋە كۆڭۈل ئىزدەيدىغان، ئۆزى خۇش پېئىل ۋە خۇشخۇي بولغاي.

بىلىملىك تېۋىپ بىمارلارغا مېھرىبان بولىدۇ. ئۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزباسارى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام چىققان جاننى دۇئا قىلىش ئارقىلىق تەنگە كىرگۈزگەن تېۋىپ بولسا تەندىن چىققىلىۋاتقان جاننى داۋالاش ئارقىلىق توسۇپ قالىدۇ. بۇنداق تېۋىپنىڭ چىرايى كېسەللەرنىڭ كۆڭلىگە سۆيۈملۈك، سۆزى بىمارلارنىڭ جېنىغا يېقىملىق، تېنىقى ساقسىزلارغا داۋا، قەدىمى خەستىلەرگە شىپادۇر. ئۇنىڭ چېھرى نىجاتلىق ئاتا قىلغۇچى خىزىر، شەربىتى ئابىھاياتتۇر.

گەرچە تېۋىپ ئۆز كەسپىدە ماھىر بولسىمۇ، لېكىن بەتخۇي، بىپەرۋا ۋە قوپال سۆزلۈك بولسا، بىمارنى بىر تەرەپتىن داۋالىسىمۇ، ئەمما نەچچە تەرەپتىن ئۇنىڭ مىزاجىنى بۇزىدۇ. بىلىمسىز تېۋىپ جاللاتنىڭ شاگىرتىدۇر. جاللات تىغ بىلەن

ئۆلتۈرۈلسە، بۇ زەھەر بىلەن ئازابلايدۇ. جاللات بۇنداق تېۋىپتىن ياخشىراقتۇر. شۇبھىسىزكى، جاللات گۇناھكارلارنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇ بىگۇناھلارنى ھالاك قىلىدۇ. ھېچبىر گۇناھكار جاللات قولىدا خار بولمىسۇن ۋە ھېچبىر بىگۇناھ بىمار بۇنداق تېۋىپقا نىياز بولمىسۇن. نەزم:

ھازىق تەبىبى خۇشگوي تەن رەنجغە شىفادۇر،
ئامىيۇ تەشدىد خۇي ئەل جانىغە بەلادۇر.

*شېرىن سۆزلۈك ماھىر تېۋىپ تەن زەنجىگە شىپادۇر،*
*ساۋاتسىز، بەتخۇي تېۋىپ ئەل جېنىغا بالادۇر.*

## ئون ئالتىنچى پەسىل

## (نەزم) گۈلىستانىنىڭ خۇش ئاۋاز قۇشلىرى زىكرىدە

ئۇلار بىر نەچچە تەبىقىدۇر: بىرىنچى تەبىقىدىكىلىرى بىلەن بېيىغان ۋە خەلقىنىڭ تەرىپلەشلىرىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغانلاردۇر. ئۇلار مەنىلەر خەزىنىسىدىن جاۋاھىر تېرىدۇ ۋە شۇ جاۋاھىرلارنى ئەل پەيزى ئۇچۇن ۋەزىن يىپىغا ئۆتكۈزۈپ نەزم قىلىدۇ.

نەزم ئىلمى ناھايىتى ئەزىز، ئىنتايىن شەرەپلىك ـ يېقىملىقتۇر. چۈنكى، ئاللانىڭ كالامىدا ئۇ بار، ھەدىسلەردىمۇ ئۇنى ئىزدىسە تاپقىلى بولىدۇ. كىشىلەر ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنى شېئىر دەپ ئاتىمىغان.

بۇ ئەزىز قوۋمنىڭ پېشۋاسى ۋە باشلامچىسى، بۇ شارايەتلىك

زاتلار گۇرۇھىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكىسى ۋە سەرخىلى، ئەۋلىيالىق دېڭىزىنىڭ گۆھىرى ۋە كارامەت ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ھەزرىتى ئەلى ـــ تەڭرى ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن ۋە ئۇنىڭ تۇپەيلىدىن ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن ـــ بولۇپ، ئۇنىڭ نەزم دىۋانى (شېئىرلار توپلىمى) بار، ئۇنىڭدا سىر ـ ھېكمەتلەر ھەددى ـ ھېسابسىز.

ئەمدى بىز بۇ ئاجايىپ زاتلار گۇرۇھىغا تەۋە كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن بەزىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى:

شۇ جۈملىدىن پارسىي تىل بىلەن ئىلاھىي مەرىپەت سىرلىرىنىڭ جاۋاھىرلىرىنى نەزم يىپىغا تىزغۇچى شەيخ فەرىدۇددىن ئەتتاردۇر. يەنە بىرى مەسنەۋىچىلىك ۋە مەنىۋىچىلىكنىڭ قابىلى، ھەقىقىلىق دېڭىزىنىڭ غەۋۋاسى مەۋلانا جەلالۇددىن، يەنى مەۋلەۋى رۇمىيدۇر. بۇلارنىڭ شېئىر يېزىشتىن مەقسىتى ئىلاھىي سىرلارنى بايان قىلىش ۋە ئۇنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەرىپىتىنى تارقىتىشتىن ئىبارەت.

يەنە بۇلارغا ئەگەشكەن، ھەممىدىن خەۋەردار ئەۋلىيا ۋە تەڭرى يولىدىكى ماشايىخلار باركى، بۇلار تەڭرى سۆزلىرىنى ئىپادىلەشنى ۋە ھەقىقەت مەنىلىرىنى ياخشى بىلگەنلەردۇر. ھەقىقەت تەرىقىنىڭ بىلىمدانى، بەلكى كىمياگىرى ۋە كىبرىتى ئەھمەرىدۇر.

يەنە بىر گۇرۇھ شائىرلار باركى، ئۇلار ھەقىقەتەن سىرلىرىغا مەجازىي ۋاستىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆز پىكىرلىرىنى شۇ ئۇسلۇبتا مۇقىملاشتۇرىدۇ. مەنە ئەھلىلىرى ئىچىدىكى ھېكمەت ئىگىسى شەيخ مۇسلىھۇددىن سەئدى شىرازىي، ئىشق ئەھلىنىڭ چىن ۋە ساداقەتلىك ئاشىقى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى، تەسەۋۋۇپتا

نازۇك، قىيىن چىگىشلەرنى يەشكۈچى شەيخ زەھىرۇددىن ساتائىي، دىن ئەھلىنىڭ يېگانىسى، تەڭرىگە يېقىن زات شەيخ ئەۋھەدۇددىن كىرمانىي، سۆز بىلەن ھەرقانداق چوڭقۇر مەنىلەرنى يورۇتۇپ بەرگۈچى خاجە شەمسۇددىن مۇھەممەد ھافىزلار شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇلاردىن باشقا يەنە بىر گۇرۇھ باركى، ئۇلار نەزملىرىدە پىكرىنى كۆپىنچە مەجازىي يول بىلەن بايان قىلغان. ئۇلار بۇ ئادەتكە بەكرەك مايىلدۇر. ئۇلار كەمال ئىسفەھانىي، خاقانىي شىرۋانىي، خاجەئى كىرمانىي، مەۋلانا جەلالۇددىن، خاجە كەمال، ئەنۋەرىي، زەھىرىي، ئەبدۇلۋاسىئى دايىرىي، سۇلەيمان ياساۋچى، ناسىر بۇخارىي، كاتىبىي نىشاپۇرىي ۋە شاھىي سەبزەۋارىيلاردۇر.

يەنە ھەقىقەت، مەجاز تەرىقىدە كامىل ۋە ھەر ئىككى ئۇسلۇبتا كەم ـ كوتىسىز ماھىر، نەزم ئەھلىنىڭ پېشۋاسى ۋە يېتەكچىسى ھەزرىتى شەيخۇلئىسلام مىللەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى ئەبدۇررەھمان جامىيدۇر (ئاللا ئۇنىڭ ياتقان جايىنى نۇرغا تولدۇرسۇن، قەبرىسىنى مۇقەددەس قىلسۇن). ئۇ بىرىنچى گۇرۇھتىكىلەرگە ئوخشاشلا سۆزى شەرەپلىك ۋە كېيىنكى گۇرۇھتىكىلەرنىڭ ئۇسلۇبى گۈزەللىكلىرى بويىچە كامالەت ئىگىسىدۇركى، ئالەمدىكى ئىلاھىي ھەقىقەت شەيدالىرى، پاك ئىنسانىي مۇھەببەت ئەھلىلىرى ئۇنىڭ يېقىملىق ۋە مەنىلىك سۆزلىرى بىلەن خۇشاللىق تاپىدۇ ۋە تارتقان مەرىپەتلىرى بىلەن ھۇزۇرلىنىدۇ.

يەنە تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر جامائەتمۇ باركى، بۇلار پەقەت شېئىر يېزىش بىلەن شاد ۋە خۇرسەن، رازى ۋە بەھرىمەندۇرلار. ئۇلار يۇز مۇشەققەت بىلەن يەتتە بېيىتنى قۇراشتۇرۇۋالسا،

شائىرلىق دەۋاسىنى يەتتە قات ئاسماندىن ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما، سۆزلىرىدە نە ھەقىقەت ۋە نە مەرىپەت تەمىدىن لەززەت، نەزملىرىدە نە زوق ۋە نە ئىشق ئوتىدىن ھارارەت، نە شائىرانە تەركىبلىرىدە گۈزەللىك ۋە نە ئاشىقانە كۆيۈش - پىنىشلىرىدا يالقۇندىن ئەسەر بولسۇن. ئەگەر بەزىلىرىدىن گاھىدا بىرەر ياخشى بېيىت يارىتىلىپ قالسا، نەچچىلىگەن ئورۇنسىز دەۋا بىلەن ھەممە ياقىقا جار سېلىپ، شۇ بېيىتىنىمۇ زايە قىلىدۇ. بۇلاردىن بەزىدە بىرەر يېقىملىق، نازۇك مەنە كۆرۈلۈپ قالسىمۇ، ئۇنى يېقىمسىز دەۋا بىلەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. گويا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىچە ئەقىدىسى مۇۋاپىق ۋە ئۆزلىرى ياراتقان سۆز - بېيىتلىرىغا ئېتىقادلىرى مۇستەھكەم. قىزىق يېرى شۇكى، بۇ تائىپە شائىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ شېئىرلىرىدا مەنە ئازراق، ئەمما شائىرلىق دەۋالىرى كۆپرەك. ئەي تەڭرىم، نەپسىمىزنى ياۋۇزلۇقتىن ئىشلىرىمىزنى يامانلىقلاردىن ئۆزۈڭ ساقلىغىن ! رۇبائىي:

ئەئلالاردۇر نەدىن دەرسەڭ ئەئلا،
ئەدنالاردى ھەم بارچە دەنىدىن ئەدنا.
ئەۋسەتلەرىكىم، ھېچ نېمەگە ياراماس،
بىلكىم، نەفەس ئۇرماماق ئۇلاردىن ئەۋلا.

*ئۇلارنىڭ ئەلالىرى ھەممىسىدىن ئەلا، ئەلادىن تۆۋەنلىرى ھەممىسىدىن تۆۋەن؛ ئوتتۇرىلىرىدىكىلىرى بولسا، ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، بىلگىنىكى، ياخشىسى، ئۇلار تىنغىرىسىدا ئېغىز ئاچمىغان تۈزۈك.*

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى پەسىل

## كاتىپلار زىكرىدە

كاتىپ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ۋاراقنى بېزىگۈچى ۋە سۆز خەزىنىسىنىڭ خەزىنىچىسىدۇر. خەزىنىچىنىڭ ھۈنىرى (ۋەزىپىسى) ئامانەتنى ساقلاشتۇر، ئۇ ئامانەتنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالسا ياكى ئۆزگەرتىۋەتسە، خىيانەت قىلغان بولىدۇ.

ئامانەتنى ساقلىغۇچى كىشى خىيانەتچى بولسا، ئۆز كەسپىدە ئەيىبداردۇر. شۇڭا، بۇنداق كىشىنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەن ياخشى.

ياخشى يېزىلغان خەت ۋە جايىدا قويۇلغان چېكىت چىرايلىقلار يۈزىگە گۈزەللىك بەخش ئەتكەن خالدەك ئاق قەغەز جامالىنى بېزەيدۇ. خۇش خەت يەنى خەتنى چىرايلىق يازغۇچى كاتىپ سۆزگە زىننەت ۋە سۆزلىگۈچىگە راھەت بېغىشلايدۇ. ئەگەر خەت پۈتكۈچى خەتتات توغرا يازسا، ئۇنىڭ پۈتكىنى ياخشىلار كۆڭلىگە سۆزسىز مەقبۇل بولىدۇ. يازغۇچى خاھى بىر بېيىت، خاھى يۈز بېيىت يازسۇن، ئىملاسى توغرا بولسا، ئوقۇغۇچىلار ياخشى كۆرىدۇ؛ ئەگەر خەتنىڭ شەكلى چىرايلىق ۋە توغرا بولمىسا، بىلىم ئەھلى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشىدە مۈجمەللىك پەيدا قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدەك خېتى چىرايلىق بولسىمۇ، ئەمما ئىملاسىدا كۆپ خاتاغا يول قويىدىغان بۇنداق كاتىپنىڭ ئىككى قولى پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغاي. ئۇنداقلار چېكىتنى ئورۇنسىز قويۇپ «ھەبىب» (دوست)نى «خەبىس» (پەسكەش) قىلىدۇ، «مۇھەببەت»نى «مىھنەت» قىلىپ

يازىدۇ، ئۇنىڭدەك يارامسىز جاكارغا يۈز لەنەت!

خېتىمۇ سەت، خاتالىرىمۇ كۆپ بولغان كاتىپ ساقىلىنى بوياپ مەسخىرىگە قالغان قېرى كىشىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنداق كاتىپنىڭ خەتلىرىنى پارچىلاپ ئەۋرەزگە تاشلاش ۋە ئىگىسىنى بولسا جەھەننەمگە يوللاپ، دوزاخنىڭ پاسىبانىغا تاپشۇرۇش ھەممىدىن ئەلادۇر.

مەھبۇبىدىن كەلگەن مەكتۇپ خېتى چىرايلىق، مەزمۇنىمۇ ياخشى بولسا، كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرۈپ، جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ خېتى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، ھېچقىسى يوق. چۈنكى، ئاشىق مەشۇقىنىڭ خېتىنى ھېچقاچان يامان دېمەيدۇ.

گويا قەلەمنىڭ ئورنى قەلەمدان بولغاندەك، يامان كاتىپنىڭ مەنزىلى زىندان بولسۇن، بېشى قەلەمدەك يارا، يۈزى قەلەمدەك قارا بولسۇن. نەزم:

قايسى بىر كاتىبكى، ئول سۆزگە قەلەم سۈرگەي خىلاف،
ئول قارا يۈزلۈك باشى بولسۇن قەلەم يەڭلىغ شىكاف.

*سۆزنى چەلگەش ـ خاتا يازىدىغان ھەرقانداق بىر قارا يۈزلۈك كاتىپنىڭ بېشى قەلەمدەك تىلىنسۇن.*

## ئون سەككىزىنچى پەسىل

## مەكتەپ ئەھلى زىكرىدە

بەزى مۇئەللىملەر بىگۇناھ مەسۇملارغا جاپا قىلىدۇ. ئۇلار باللارنى ئازابلاش ۋە كالتەكلەشكە مايىل. زاتىدىنلا ئۇرۇشقاق،

كۆڭلى پولات، باغرى تاش، غەزەپتىن دائىم قاپاقلىرى تۈرۈك، گۇناھسىزلار بىلەن دۈشمەنلىشىشكە كۆنۈك، كۆپچىلىكنىڭ تەبىئىتىدە كېسەللىك بار، ئۇلار ئەقىلسىزلىك كېسىلىگە دۇچار بولغان. ئۇلار بالىلار كۆڭلىدىن ئىبارەت توسۇن تايىنى جاپا بىلەن كۆندۈرمەكچى، ئۇلارنىڭ قالايمىقان ئادەتلىرىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن تەرتىپكە سالماقچى بولۇشىدۇ. ئۇلار تولىمۇ قوپال ۋە ئاچچىقى ياماندۇر، بالىلارنىڭ قالايمىقان ئادەتلىرىنى تۈزەشتە بىر چوڭ ھەرىگە ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىقىنى ئىنسان قىلمايدۇ، ئىنسان تۇگۇل، دىۋىمۇ ئۇنداق قىلمايدۇ. لېكىن، بىر بالىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بىر توپ ئادەممۇ ئاجىزلىق قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، مۇئەللىم بولسا، بىر توپ بالىغا ئىلىم ـ ئەدەپ ئۆگىتىدۇ. قاراڭ، ئۇنىڭغا نىمە جاپالار يېتىدۇ. بالىلار ئارىسىدا پەمى ئاز ۋە ئىدراكى ئاجىزلار بولسا، ئۇ كىشىگە (مۇئەللىمگە) يەنە يۈزلەپ مۇشەققەتلەر يېتىدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن، بالىلار (ئوقۇغۇچىلار)دا مۇئەللىمنىڭ ھەققى ناھايىتى كۆپ. ئەگەر ئوقۇغۇچى پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يېتىشسىمۇ، ئۆز مۇئەللىمىگە قۇللۇق قىلسا ئەرزىيدۇ. شاگىرتى ئەگەر شەيخۇلئىسلام ياكى قازى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن پەقەت ئۇستازى رازى بولسىلا، ئاندىن تەڭرى رازى بولىدۇ. نەزم:

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرپ ئوقۇتمىش رەنج ئىلە،
ئەيلەمەك بولماس ئادا ئانىڭ ھەققىن يۈز گەنج ئىلە.

*ھەق يولىدا كىمكى ساڭا جاپا چېكىپ بىرەر ھەرپ ئۆگەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھەققىنى يۈزلىگەن خەزىنە بىلەنمۇ ئادا قىلغىلى بولمايدۇ.*

# ئون توققۇزىنچى پەسىل

## ئىماملار زىكرىدە

ئىماملىق قىلغۇچىلاردىن بەزىلىرى پەقەت ئۆز قىرائىتىگىلا ئاشىق ۋە ئۆز نامىزىغىلا مەپتۇندۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەڭ ياخشى تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ ۋە مەن ياخشى دەپ تەكەببۇرلىشىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامىزىنى مەقبۇل دەپ خىيال قىلىدۇ، ھەتتا جامائەت نامىزىنىڭ قوبۇلى ئۈچۈن كېپىل بولۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ قىرائەت قىلىشلىرى چىرايلىق ئاۋازىنى كۆز - كۆز قىلىشتۇر، ئۆزلىرىنى جامائەتتىن ئىلگىرى قويۇشى رەسۋالىقتۇر. ئۇلارنىڭ خىيالىغا نەپسانىيەت باشلامچىلىق قىلىدۇ، شۇڭا ئۆزلىرىنى ئەلگە يېتەكچىمەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. نامازغا ئىماملىق قىلىش كامالەت ئىگىلىرىنىڭ ئىشىدۇر. ئۆزىنى ئۆزى كامالەت ئىگىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغۇچى نادان ۋە چولتا كىشىدۇر. مېھىر - شەپقەت ئۈچۈن پىر مۇرىتلار توپىغا، مۇئەللىم نارەسىدە باللار توپىغا، ئالىم نادانلارغا؛ تەربىيەت ئۈچۈن ئەر بولىغۇچى خوتۇن - باللىرىغا ئىمامەتچىلىك قىلسا مۇناسىپتۇر. يەنە ئالاھىدە ئىبادەتنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ۋە شەرىئەتنىڭ رەسىم - يوسۇنلىرىنى باشقىلارغا ئېنىق قىلىپ، ئەينەن چۈشەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئىمامەتچىلىك قىلىشمۇ جايىزدۇر. ئەمما، مائاش ۋە تەمەنات يېيىش مۇددىئاسى بىلەن ئۆزىنى ئىمام دەپ ئاتاش ئىماملارنىڭ ئىشى ئەمەس ۋە ئۇنداق كىشىنى ئادەملەرمۇ ئىمام كىشى دېمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمىنچى پەسىل

# مەزنىلەر زىكرىدە

مەزىن ئەگەر يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئەزان توۋلاپ، جامائەتنى ھەق ئىبادىتىگە چاقىرىق قىلىدىكەن، ئۇنداق مەزىنگە جان پىدا قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق چاقىرىق پاكلىق ۋە خالىسلىق بىلەن يۇغۇرۇلىدىكەن، خاسۇ ئام كۆڭلىگە مۇتلەق مەقبۇل بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق چاقىرىق گويا سېھىرگەرلەر چىرايلىق كۈي ـ ئاھاڭلىرى بىلەن يىلاننى كاماردىن چىقارغاندەك، يامانلارنىمۇ پىسىق ـ پاسات كوچىسىدىن مەسچىت تەرەپكە باشلايدۇ.

ئەگەر مەزىن كېلىشكەن بولسىمۇ، ئاۋازى يېقىمسىز بولسا، گۈل يۈزلۈك بولسىمۇ ئۈنى ساز بولمىسا، بەدىنى تەرەتسىزلىك تۈپەيلى ناپاك ۋە ئەقىل ـ ھوشى ۋاقىتقا رىئايە قىلىشتىن بىپەرۋا، روھى تائەت زوقىدىن بىخەۋەر بولسا، ئۇنىڭ ئاۋازى ئېشەكنىڭ ھاڭگىرىشىدىنمۇ يېقىمسىزراقتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاغزىغا مەنئى ۋە ئىنكار تۈپرىقى بىلەن ئۇرماق ئەلا، بەلكى گۆمبەز مۇناردىن ئىتتىرىپ چۈشۈرگەن ياخشىدۇر. نەزم:

مۇقىررىكى، ئېرۇر پاكرۇي زاھىدۋەش،
ئەلھانى خۇشۇ ھۇسنى ئەداسى دىلكەش.
جان ئاڭا فىداكى، رۇھ ئېتەر ئاندىن غەش،
گەر بولسە مۇنىڭ ئەكسى، نەفەس ئۇرماسە خەش.

*مەزىن پاك، زاھىت سۈپەت بولسا، ئاۋازى گۈزەل، قىرائەتتى يېقىملىق بولسا، روھ ئۇنىڭغا ئەسىر، جان پىدا بولسۇن؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئەڭ ياخشىسى، ئۇن چىقارمىسۇن!*

## يىگىرمە بىرىنچى پەسىل

# ھاپىز (قارىي) لار زىكرىدە

قارىي (قۇرئانى) يېقىملىق ئاۋاز ۋە ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن قائىدىلىك تىلاۋەت قىلسا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، جانلىرى ھوزۇر تاپىدۇ. گۈزەل ئاۋاز بۇلارغا ھەمدەم بولسا، ئىشتىكۈچى ھوشيار كىشى بولسا، ئىشى تېخىمۇ مۇشكۇل. ناۋادا ئاۋازى يېقىمسىز، تەلەپپۇزى ناتوغرا، قىرائىتى ناچار بولسا، خۇدا ئۇنداق قارىينىڭ غىزاسىنى سورمە قىلغاي! ئەگەر پاسىق، ئەخلاقسىز بولسا، سورمىمۇ ئارتۇق كېتىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ بوغۇزىغا پەقەت تاش مۇناسىپتۇر. ئۇمىدىمىز شۇكى، شۇ ھالەتتە تۇرۇپمۇ كۆپلەپ ئوقۇۋەرسە، ئۇنداق قارىيلارنىڭ ئاغزى سادەپ ئاغزىدەك، تىلى سۆسەن تىلىدەك قۇرۇغاي! نەزم:

بارىكى، ھېچ يەردە كى ئۇل نەغمە قىلماغاي،
ئاغزى غىزادىن ئۆزگەگە ھەرگىز ئاچىلماغاي.

*بۇنداقلار ھېچ يەردە ئۇن چىقارمىسۇن، ئاغزى غىزادىن ئۆزگىگە ھەرگىز ئېچىلمىسۇن.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل

# ناخشىچى ۋە مۇغەننى زىكرىدە

ناخشىچى ـــ شادلىق ئاتا قىلغۇچى، مۇغەننى ـــ غەمدىن خالاس قىلغۇچىدۇر؛ ھەر ئىككىسىگە ھېسسىيات ئىگىلىرى ۋە دەردمەنلەر (ئاشىقلار) جانلىرىنى پىدا قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يېقىملىق نەغمىلىرىگە ئىشتىكۇچىلەرنىڭ ھايات دەسمايىسى پىدا بولسا نېمە غەم؟ چۇنكى، كۆڭۈل ئوزۇقى خۇش ئاۋازىدىن، روھنىڭ قۇۋۋىتى نەغمە قىلغۇچىدىندۇر. خۇش ئاۋازى سازەندىدىن دەرد ئەھلىنىڭ ئوتى ئۇلغىيىدۇ؛ ئەگەر گۈزەل بولسا، ھېسسىيات ئەھلى ئارىسىدا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ. ھەربىر سازەندە سازنى دەردمەنلەرچە چالغىنىدا، ئۇنىڭ زەخمىكى جاراھەتلىك يۈرەككە تېگىدۇ. ئوتتەك قىزىل يۈزلۈك سازەندە سورۇندا نەغمە ـ ناۋا باشلىغىنىدا، ھېسسىيات ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن دۈت چىقىرىۋېتىدۇ. ئىستىبدات ۋە پەم ـ پاراسەتلىك سازەندىگە ھەتتا باغرى تاش ئادەممۇ مەھلىيا بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئېيتىدىغان سازەندە كۆڭۈل مەملىكىتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋېتىدۇ. مەسلەك ئەھلى ئۈچۈن خەتەرلىك بولغان يەر بۇ مەنزىل بولۇپ، ئۇ يەردە ئۇقسانمۇ يۈز بېرىدۇ، كامالەتمۇ ھاسىل بولىدۇ. مەسلەك ئىگىسى بۇ يەردە بىر دەردلىك ئاھ بىلەن مەقسىتىگىمۇ يېتىدۇ، يەنە جانىنى قىينىغۇچى بىر جام مەي بىلەن يىللاپ قازانغىنى ئىلكىدىن كېتىپمۇ قالىدۇ.

شىبلىي ۋە نۇرىي ـــ ئاللا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي ـــ سامادا كەتتى ۋە مۇشۇ يول بىلەن مەقسەتلىرىنىڭ مەنزىلىگە يەتتى. ئاللانى ئىستىگۈچى نۇرغۇن كىشىلەر ئەرغەنۇن ساداسىغا مەپتۇن بولۇپ مەيخانىغا كىردى ۋە دىن ـ ئىسلام دەسمايىسىنى مەي قۇيغۇچىلارغا باج ئورنىدا بېرىۋەتتى.

مەيخانىدا كىمكى مەيدىن ئۆزىنى تارتماقچى بولىدىكەن، نەي ئاۋازى بىر دىلكەش ناۋا بىلەن ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ. ئەگەر كىشى مەي ھەۋىسىنى بېشىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسا، غىجەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان نالىسى بىلەن يالۋۇرسا، تەمبۇر پەدىلىرى مەپتۇنكارلىق بىلەن ھالاك قىلىدۇ، ئاقىۋەت ئۇنى دىن پەردىسىدىن يىرتىپ تاشلايدۇ.

چاڭ زارلىنىپ بوغۇزىنى سوزىدۇ، ئۇد ساداسى تىلىنىڭ جەلپكارلىقى چاڭنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. راۋاب بېشىنى يەرگە قويۇپ ئىلتىماس قىلسا، قوبۇز قۇلاق تۇتۇپ ئىشرەت ئاھاڭىغا تەڭكەش قىلىدۇ. قالۇن ۋە چاغانە نالىسى قۇلاققا يېتىدۇ، ئاي يۈزلۈك گۈزەل ساقىي بولۇپ يۈكۈنۈپ قەدەھلەرگە مەي قۇيىدۇ. شۇ چاغدا تەقۋادارلىقنىڭ، زاھىتلىقنىڭ نېمە ئېتىبارى؛ ئەقىل ـ ھوشنىڭ نېمە ئەركىنلىكى بولسۇن؟ گەرچە ئىشق تەقۋادارلارنى رەسۋا قىلىشتا ئۇلارغا موھتاج بولمىسىمۇ، لېكىن ئىشق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشتا نەي شامال، مەي ياغ بولىدۇ. ئەرەب تۆگىچىلەر قوشىقىنىڭ ئاۋازى بىلەن باياۋاندا يۈرۈشنى تېزلىتىدۇ، بۇلۇت پاختىلىرى گۈلدۈرماما ساداسىدىن چاقماق چاقىدۇ. ئىنسانغا ناتوغرا خىيال يۈزلىنىدۇ، ئادەمنىڭ بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلمىقى مۇشكۇلدۇر. ئەمما، بۇ تائىپە (ناخشىچى ۋە سازەندىلەرنىڭ) يەنە بىر خىلى باركى، گەرچە ئۇلار شادلىق

قوزغىغۇچى، غەمدىن خالاس قىلغۇچىلار بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پەس تەبىئەتلىك تىلەمچى سۈپەت كىشىلەردۇر؛ بۇنداق ناخشىچى ۋە چالغۇچىلار زارلىنىش ـ يىغلىنىشنى بىلەن پۇل تاپىدۇ. ئەگەر بۇيرۇغۇچىدىن ئىنئام ـ ئېھسان بولسا، مۇلاھىم بولۇپ خىزمىتىنى بېجىرىدۇ. سۆھبەتتە نازۇ نېمەت كەم بولسىلا، بۇيرۇلغان ۋە توسۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاشقا تەييار. ناۋادا بەزمىدە نازۇنېمەت كەم بولسا، ئۇلار نازلىنىپ تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. ئەگەر نازۇنېمەت يوق بولسا ــ داستىخان سېلىنمىسا، كۆڭلى سەندىن قالىدۇ. ھەتتا ھەممىسى يوق بولىدۇ. ئۇلار يىل بويى سېنىڭ ئېھسانىڭدىن بەھرە ئالغان تۇرۇقلۇق، يېنىڭدىن ھەرقانچە تونۇمايدىغان قىياپەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاز ئېلىپ قالسا، مىننەتدار بولمايدۇ؛ كۆپرەك ئالسا، ھەق قەدرىنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. كۆپىنچىسى پاسىق ۋە بەتخۇي، قالغىنى كاج تەبىئەت ۋە قوپال سۆزلۈك. ھەرىكەتلىرى تۇتۇرۇقسىز، گويا تۇزۇلمىگەن سازلىرىدەك. ۋاپا ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ئېتىبارسىز. ئۇلار ئالدىدا ۋاپا ئەھلى قەدىرسىز. «مۇغەننى ۋاپاسىز، مەست، ھاياسىز». ئۇلارغا ئەگەر يىللاپ ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلساڭ، سەن بىلەن بىر ئۆيلۈك بولۇپ كېتىدۇ، بىر قېتىم بىر نېمە بەرمىسەڭلا، سېنى تونۇمايدۇ؛ ئەر سۈرىتىدە كۆرۈنسىمۇ نازلىنىدۇ، يارىشىملىق كىيىملىرىدە پاسىقلىق، خانىۋەيرانلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ناخشا ۋە نەغمىلىرى بىلەن يالغۇز كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىدىغان، داقا ـ دۇمباق، ئەلەملىرى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ يولىنى توسۇيدىغان بۇلاڭچىلاردۇر. نەزم:

كىشىگە بولماسۇن بۇ فىتنە دۇچار،
كى ئۇنىدىن نەشاتى تەيرى ئۇچار.

يانسە قونماقغە تەبل ئۇرار ھەر دەم،
كىم ئوشۇل قۇشغە كۆپرەك ئولغاي رەم.

*ھېچ كىشى بۇنداق پىتنىگە دۇچار بولۇپ قالمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇنىدىن شادلىق قۇشى ئۇچۇپ كېتىدۇ؛ قۇش قونماقچى بولىدىكەن، دائىم دۇمباق چالىدۇ؛ شۇنداق قىلسا قۇشنى ئۈزلۈكسىز ئۈركۈتۈپ تۇرىدۇ.*

## يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل

## قىسسە توقۇغۇچى ۋە قىسسەخان زىكرىدە

قىسسە توقۇغۇچى ۋە قىسسەخان بىمەنە گەپ قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار يا مەجۇنخور ياكى بەڭگە. مەرىكە قۇرۇش ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى دائىملىق ئىستىكى؛ ئۇلارنىڭ دائىم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاۋاك چېلىشى ئەقىلسىزلەرنىڭ قۇشلىرىنى ئۈركۈتۈش ئۈچۈندۇر؛ ھەرىكەتلىرىدىن تەلۋىلەرنىڭ قىلىقى نامايان، سۆزلىرىدىن مەستلەرنىڭ ئادەتلىرى روشەندۇر. ئۇلار تۆگە مايىقىنى قەنت دەپ ساتىدىغانلار؛ ئۇلارنىڭ مەرىكىسىگە كەلگەن ئەگەشكۈچىلىرى بولسا، ئاشۇ مايىقنى سېتىۋېلىپ يېگۈچىلەردۇر. نەزم:

كىشىكىم بولماغاي مەئجۇنۇ قەندىنىڭ خەرىدارى،
ئانىڭ ھەنگامەسى بىرلە تۇزەلمەس ھېچ بازارى.

*كىشىلەر ئۇلارنىڭ «مەجنۇنى»، «قەنتى» نىڭ خېرىدارى بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ قىسسەسى بىلەن ھېچقانداق بازار قىزىمايدۇ.*

## يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل

## نەسىھەت ئەھلى — ۋائىزلار زىكرىدە

ۋائىز ئاللانىڭ دىگىنىنى ئېيتىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپ سۆزلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى؛ ئاۋۋال ئۆزى خۇدا ۋە پەيغەمبەرنىڭ يولىغا كىرىشى، ئاندىن نەسىھەت قىلىپ، ئەلنى ھەم شۇ يولغا باشلىشى لازىم. ئۆزى يۈرمىگەن يولغا ئەلنى باشلىماق — مۇساپىرنى يولدىن ئاداشتۇرۇپ باياۋانغا تاشلىماق ۋە سەھرادا يىتتۇرمەك بىلەن باراۋەردۇر. مەستنىڭ ئەلنى ھوشيار بولۇشقا ئۈندىشى — ئۇيقۇچى كىشىنىڭ ئادەملەرنى ئويغاق تۇرۇشقا دەۋەت قىلغىنىدەك ئىشتۇر. نەزم:

ئۇيقۇدا سۆزلەنگەن جۆلىگەن بولۇر،
ئول دىگەندەك قىلغان نە دىگەن بولۇر.

*ئۇيقۇدا سۆزلىگەن جۆيلۈگەنلىكتۇر، ئۇنىڭ دىگىنىدەك قىلغان تەنتەكتۇر.*



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋائىزلىق — پىر ئۇستاز ۋە ھوشيار كىشىلەرنىڭ، پىركامىل ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئىشىدۇر.

ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر يولغا كىرىپ مېڭىپ بىقىشىڭ كېرەك، ئاندىن ئەلنى شۇ يولغا باشلىشىڭ كېرەك. يولنى كۆرمەي ماڭغان ئادىشىدۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.

ئالىم ۋە تەقۋادار ۋائىزلارنىڭ نەسىھەتىدىن تاشقىرى چىققۇچىلار پاسىقلاردۇر. ئەگەر باشقىلارغا بۇيرۇپ، ئۆزى قىلمىسا، ئۇنداق ۋائىزنىڭ سۆز - نەسىھەتى ھېچكىمگە تەسىر قىلمايدۇ، پايدىمۇ بەرمەيدۇ. نەزم:

نەززارەخان بىلە سۆز سۇرگۇچى مەقال،
دەستىيار بىرلە يارلاغۇچى قەۋۋال.

*ياردەمچىلىرى ئارقىلىق نەسىھەت قىلغۇچى ۋائىز - شاگىرتىنى سۆزلەتكۈچى قوشاقچىدۇر.*

## يىگىرمە بەشىنچى پەسىل

## مۇنەججىملەر زىكرىدە

سەييارە ۋە يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان مۇنەججىملەر چېكىتلەرنى ھېسابلاپ لاپ ئۇرىدىغان رەمماللارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ چېكىتلەر توغرىسىدىكى ئۆلچەم جەدۋىلى خاتا؛ قىلىشقا ۋە ساقلىنىشقا بۇيرۇغان ھاياجانلىق سۆزلىرى ئەھمىيەتسىز، نەتىجىسى يوق سۆزلەردۇر.

ئاشۇ ئاددىي ئەسۋابلىرىغا تايىنىپ گەپ يورغىلىتىدىغان بۇنداق مۇنەججىملەر ھەقتائالانىڭ قازا ۋە تەقدىر ھەققىدىكى

سۆزلىرىنى ئۇنتۇغان غاپىللاردۇر. ئۇلار قولىدا بىر ئانار بولسا، ئۇنىڭ پوستى ئىچىدە نەچچە پەردە، نەچچە خانىسى بار ۋە ھەر خانىسىدا نەچچە دانىسى بار؛ ئۇ دانە ئاچچىقمۇ ياك تاتلىقمۇ ۋە ياكى چۈچۈمەلمۇ؟ بۇنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ مەلۇمكى، كىشىلەر ئۇنى (ئانارنى) كېسىپ يېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە تەركىبىنى بىلىپ، ئاندىن باشقىلارغا چۈشەنچە بەرگەن.

مۇنەججىملەر يەنە ئايلانغۇچى ئاسمان، يۇلتۇزلار ۋە ئۇنىڭ بۇرجلىرى توغرىسىدا ئەپسانە سۆزلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ئون سۆزىدىن بىرەرسى تاسادىپىي بولسىمۇ توغرا چىقمايدۇ؛ بۇ ئىشنىڭ قاباھەت ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى يا بىلمەيدۇ ۋە ياكى بىلسىمۇ كۆزىگە ئىلمايدۇ. «مۇنەججىم ـ كاززاپ» دېگەندەك، بۇلارنىڭ سۆزى يالغان، ئۆزلىرى راستلىق مەملىكىتىدىن يىراقتا قالغان، ئۆتكۈر كۆزلىرىگە غەپلەت پەردىسى تارتىلغان.

نەزم:

ئەمەس ئەفلاكۇ ئەنجۇم ھالى بىنەفئۇ زەرەر، لېكىن
ئانى تەڭرى بىلۇر، ئېرمەس مۇنەججىم بىلمەكى مۇمكىن.

*پەلەك ۋە يۇلتۇزلار ھالىتى پايدا ـ زەرەردىن خالىي ئەمەس، لېكىن ئۇنى تەڭرى بىلىدۇ، مۇنەججىمنىڭ بىلمىكى مۇمكىن ئەمەس.*

## يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل

## تىجارەت ئەھلى (سودىگەرلەر) زىكرىدە

سودىگەر ساياھەت يولىنى تۇتقان، دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئىقلىم ـ

شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەردار، جاي ـ جايلاردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپلار توغرىسىدا ئەپسانە ئېيتقۇچى، نادىر ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇ تاغلارنىڭ ئېشى، دەشت ـ سەھرالارنىڭ قۇملۇقلىرىدا تۆگە بىلەن يۈرگەن؛ دېڭىز قايناملىرى ۋە دولقۇنلىرىدىن پايدا ئالغان ۋە زىيانمۇ كۆرگەن؛ ھالال تىرىكچىلىك كەسپى ئۈچۈن مۇساپىلەرنى باسقان؛ قارىماققا تىنچ ـ ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك قىلىسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ تەشۋىش ـ پەرىشانلىقلىرى يەتكۈچە.

ئۇلارنىڭ بېشىدا بىرنى يۈز قىلىش سەۋداسى؛ كۆڭلىدە بۆزنى كەتانغا ئايلاندۇرۇش ئىستىكى ئورۇن ئالغان. مۇنداق كىشى پۈتۈنلەي پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلماسلىقى؛ پايدا ئالىمەن دەپ، ئۆزىنى قاتتىق مۇشەققەتكە قويماسلىقى؛ سودا قىلىپ پايدا تېپىش ئۈچۈن دېڭىزغا كېمە سۈرمەسلىكى؛ دۇر ـ گۆھەر ئۈچۈن لەھەڭ ئاغزىغا قاراپ قەدەم قويماسلىقى؛ خىزمەتكار ۋە سودىدىكى ھەمراھلىرىنى ئۆز ھەشەمەتى ـ ئابرۇيى ئۈچۈن سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى؛ نەپىس ماتالارنى ئاياپ، ئەسكى چاپان كىيمەسلىكى؛ لەززەتلىك غىزانى تېجەپ، قۇرۇق نان يېمەسلىكى لازىم. ئەلۋەتتە، سودىگەرنىڭ تارتقان مۇشەققەتلىرى تىرىكچىلىكنىڭ ياخشى ئۆتۈش، تاپقان پايدىسى كۆڭۈل پاراغىتى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك، سودىگەر يەنە سەپەر جەريانىدا ئەزىز ـ دانالار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى مەقسەت قىلىشى؛ پېقىر ـ بىچارىلەرگە غەمخورلۇق قىلىپ مەنپەئەتلەندۈرۈشى؛ شەرىئەت زاكىتىنى بويىندا قالدۇرماسلىقى؛ پۇقرالارنىڭ ھەققىنى بويىنغا ئارتىۋالماسلىقى زۆرۈردۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ماللىرىنى ئەزىز تۇتۇپ، ئۆزىنى خار قىلسا، باج ـ خىراجدىن قېچىپ، ئۆز مېلىنى تامغىدىن (باج ـ خىراجدىن) يوشۇرسا ئۆزىگە خورلۇق تېپىۋالىدۇ ياكى يىغقانلىرىنى مىراسخورلىرى بۇزۇپ ـ چاچىدۇ ۋە ياكى تاپقانلىرى بىرەر ھادىسىگە دۇچار بولىدۇ. مۇنداق كىشى غوجايىن ئەمەس، بەلكى مەدىكاردۇر. مۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ پەسلىكى، خەسىسلىكى بىلەن ھەمىشە ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قالىدۇ. نەزم:

مۇنداغ كىشىگە يوق خىرەدۇ ھۇشىدىن نىشان،
بىلگىل گەدا ئەگەرچە ئېرۇر خاجەئى جەھان.

*مۇنداق كىشىدە ئەقىل ـ ھوشتىن نىشان يوق؛ گەرچە جاھانغا غوجايىن بولسىمۇ، ئۇنى گاداي دەپ بىل.*

## يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل

# شەھەردىكى ئېلىپساتارلار زىكرىدە

شەھەر ئېلىپساتارلىرى ساختىپەز ـ خىيانەتچى. ئۇلار ئۆز پايدىسى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا ئاچارچىلىق تىلەيدۇ؛ ئەلگە زىيان سېلىش بەدىلىگە ئۆزلىرى پايدا ئالىدۇ. (تارازىدا) ئۆزىگە ئېغىر ئېلىپ، ئۆزگىگە يېنىك سېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئالىدىغاندا كەتاننى بۆز دەپ كەمسىتىدۇ، ساتىدىغاندا بۆزنى كەتاندىن ئاشۇرۇپ ماختاپ سۆزلەيدۇ. چەكمەننى شايى ئورنىدا ئۆتكۈزەلىسىلا، قىلچە ئىككىلەنمەيدۇ. بورىنى كىمخاب ئورنىدا

سېتىشتىن قىلچە ئۇيالمايدۇ. دۇكىنىدا ھەممە نەرسە بار، پەقەت ئىنساب يوق. ئۇلاردا نائىنسابلىقنىڭ ھەممە تۈرى بار، لېكىن ئۆز ئەيىبلىرىنى تونۇش يوق. مۇساپىر تىجارەتچى بىلەن ئۇنىڭ قىلمىشى مىسالەن تۇتۇرۇقسىز ئەر ــ خوتۇنغا ئوخشايدۇ. بەلكى بىرىنى ئەسكەر، ئىككىنچىسىنى ئۇنىڭ خوتۇنى دېسە بولىدۇ. بۇ گويا تىجارەتچىگە پايدا، خېرىدارغا نۇقسانلىق مال، دېگەندەك ھەر ئىككى تەرەپتىن يالغان قەسەم ئىچكۈچى دەللالردۇر. نەزم:

بۇ خەيل ئادەم ئېرمەس ياخشى باقساڭ،
ئېرۇر سۇدۇڭ ئۇلاردىن گەر بەر ئەتسەڭ.

*ياخشى باقساڭ، بۇ گۇرۇھتىكىلەر ئادەم ئەمەستۇر، شۇڭا زىيان تارتماي دېسەڭ، ئۇلاردىن يىراق تۇر.*

يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل

## بازار كاسىپلىرى زىكرىدە

بازاردىكى سودىگەر كاسىپلار تەڭرىگە خىيانەت قىلغۇچى، ۋەدىسى يالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار بىر پۇللۇق مالنى يۈزگە سېتىش بىلەن مىڭ قېتىملاپ ماختىنىدۇ. مىڭ پۇلغا يارايدىغان يۈز پۇلغا ئېلىشتىن زەررىچە ئۇيالمايدۇ. راستچىللىق بىلەن سودا قىلىش ــ ئۇلار ئۈچۈن گويا زىيان ھېسابلىنىدۇ؛ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ــ ئۇلار ئۈچۈن گويا يامان ئىش سانىلىدۇ. ئۇلار سودىغا بېرىلىپ، ئاخىرەت سودىسىغا ئەمەل قىلىشتىن ۋايسايدۇ. ئىش ــ ئەمەللەرنىڭ مىزانى ۋە ئادالەتكە ئېتىراز

بىلدۈرىدۇ: ئوغلى ئاتىسىنى ئالداش — بۇلارنىڭ ھۈنىرى؛ ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىقلىرىنى كىرامەيىن كاتىبىندىن (كىرامەيىن كاتىبىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى يەلكىسىدە ئولتۇرغان ئىككى پەرىشتە، ئوڭ يەلكىسىدە ئولتۇرغىنى ساۋاب ئىشلارنى، سول يەلكىسىدە ئولتۇرغىنى گۇناھ ئىشلارنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ) يوشۇرۇش بۇلارنىڭ ئوي - خىيالى. نەزم:

بۇلاردىن كىمكى دەر ئۆزنى ۋەلىيدۇر،
ئەگەر قىلساڭ يەقىن، بىر داغۇلىيدۇر.

*بۇلاردىن ئۆزىنى ئەۋلىيا دېگەنلەرنىمۇ ئىنىقلاپ كۆرسەڭ،*
*ئۇ بىر ھىيلىگەر، ئالدامچىدۇر.*

## يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل

## ھۈنەرۋەن، سەنئەتكارلار زىكرىدە

ئۇلارنىڭ يالغانلىرى كۆپتىن كۆپ، چىنلىرى ئاردىن ئاز. قىلغان ئىشلىرى ھەددىدىن زىيادە قوپال ۋە ساختا، ۋەدىسىگە ئويلىغان ۋە خىيال قىلغاندىن ئارتۇقراق خىلاپلىق قىلىدۇ. (بىلىش كېرەككى)، ئەر كىشى ئۇچۇن (راست) سۆز ئۇلۇغ ھۈنەردۇر؛ يالغان سۆز - زور ئەيىبتۇر. نەزم:

تاڭدىن ئاقشام ئىشىدا سەنئەتساز،
ھۈنەر ئەتۋارىدا فۇسۇنپەرداز.

ئەيلەبان بۇ تەرتقنى ۋەرزىش،
كى، بىر ەۋگە يۈگۈرتكەيلەر ئىش.
گەر مۇئەددىي، غەنى يوق ئىبرسە فەقىر،
ئاڭا بازى بىرۋردە يوق تەقسىر.

*ئەتىگەندىن كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى ھۈنەر ـ سەنئەتسازلىق، ھۈنەر ـ ئىشلىرىدا قىلىدىغىنى ھىيلە ـ نەيرەڭ؛ ئاشۇ ئادەت بىلەن بىراۋنىڭ ئىشلىرىنى يولغا سالىدۇ؛ ئىش بۇيرۇتقۇچى مەيلى باي بولسۇن، مەيلى گاداي بولسۇن، ئۇنى ئالداشتا ھېچ خاتا قىلمايدۇ.*

## ئوتتۇزىنچى پەسىل

## پاسبان ۋە مەھبۇسلار زىكرىدە

دورغا، پاسىبان ۋە قاراۋۇل بېشى ـــ ئوغرى، قانخورلارنىڭ ھىمايىچىسى ۋە ياردەمچىسىدۇر. زىندان ئەھلى يەنى مەھبۇسلار ـــ دوزاخ ئەھلى، يەنى دوزاخقا تاشلانغانلاردۇر. زىندان قاراۋۇللىرى بولسا ئازاب مالائىكىلىرىدۇر، قاراۋۇل بېشى بولسا، دوزاخ مۇئەككىلىدەك يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھۆكۈمرانىدۇر. گۇناھكارلار تاقاق بىلەن زەنجىرگە بەند؛ ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى ۋە بويۇنلىرىدىكى كويزا ـ كىشەن، گۇتىدا ـ ھالقا گويا دوزاخنىڭ زەنجىر، كويزا ـ كىشەن، گۇندا ھالقىلىرىنى ئەسلىتىدۇ؛ قاراۋۇللىرى بولسا، بازار ۋە قىمارخانىلاردىكى يانچۇقچى، قىمارۋازلاردىن چوتا ئايرىيدۇ. زىندان ئىچى گويا ئوغرىلارنىڭ قاپقارا كۆڭلىگە ئوخشايدۇ. ئۇ يەر گۇناھكارلارنىڭ پەرىشان

كۆڭلىدە قورقۇنچ ـ خەۋپ پەيدا قىلىدۇ. زىنداندا گۇناھكارلارغا ئۇمىدتىن كۆرە ۋەھىمە كۆپرەك. بەتقىلىقلارمۇ ئۇنى يەردە بويۇنتاۋلىقنى تاشلاپ كۆپرەك ئىتائەت قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ يەردىن بىرەرسىنى تارتىپ چىقاردىمۇ، قالغانلىرى ۋەھىمىدىن يىقىلىدۇ. چۈنكى، ئامان قايتىپ كەلگەنلىرىنىڭ نەقىل ـ ھېكايىلىرى دەھشەتلىك، ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرى تېخىمۇ تەشۋىشلىك:

بىرى: «دارغا ئاسقاندا ياخشى تۇردى» دېسە، بىرى: «بوينىنى چاپقاندا ياخشى ئۆلتۈردى» دەيدۇ. بىرى قەتل قىلىنغۇچىنىڭ ياشلىقىدىن ئەپسۇسلانسا، بىرى يېتىمنىڭ رۇبائىي ئوقۇغانلىقىدىن ھەيران...بۇ كەبى دەھشەتلىك خەۋەرلەر ساناقسىز ۋە بۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەھۋاللار ھېسابسىز. پاسىبانلىرى ئەمەل تاماسىدا يۈرگەن چاغلىرىدا ھەممە گۇناھكارلارنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا يۈگۈرۈشىدۇ، ئەمما مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن يەنى ئەمەل قامچىسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن بولسا، گۇناھكارنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدا ھەرىكەت قىلىشىدۇ. دۇنيادا بۇ جاي گويا قىيامەتكە، بەلكى قىيامەت كۈنىدىكى دوزاخقا ئوخشايدۇ. شەھەر زىندانىدىكى زەنجىر ـ كىشەنگە بەند قىلىنغان گۇناھكارلار بولسا، ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپ، غەم ئۆيىدە ياتقان ئاشىقلارنى ئەسلىتىدۇ.

تەڭرى بارچىنى بۇ يەردىن يىراق قىلغاي ۋە بۇ مەنزىلگە يېقىن يولاتمىغاي ! بېيىت:

بۇ مەنزىل ئىرۇر ئاندا بەسى رەنجۇ ئوقۇبەت،
تۇشكەن كىشىگە ئاندا ئۆكۈش دەردۇ سۇئۇبەت.

*بۇ كۆپ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك مەنزىلدۇر، ئۇنىڭغا چۈشكەن كىشى ھېسابسىز دەرد ـ ئەلەم تارتىدۇ.*

## ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل

## دېھقانلار زىكرىدە

دېھقان دان چاچىدۇ، يەرنى يېرىش بىلەن رىزىق يولىنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئۇ راستچىل ۋە ئەخلاقلىق بولسا، ئۆكۈزى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىدەك داڭ چىقىرىدۇ. قوشىمۇ ئىككى زور پالۋانغا ئوخشاش ھەرقانداق ئېغىر مېھنەتكە بويسۇنۇپ، ئالدىدا يۈرىدۇ، ئىش قىلۇردا ھەمدەم ۋە ھەمقەدەم بولىدۇ. دېھقان گوياكى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئۇلار بىلەن يەر ھەيدەيدۇ. ئالەمنىڭ ئاۋاتلىقى دېھقان بىلەن، ئالەم ئەھلىنىڭ شاھ ـ خۇرسەنلىكى يەنە شۇ دېھقان بىلەن. دېھقاننىڭ ئىچى ئۇستىدىكى ھەربىر مېھنەت ـ ھەرىكىتى ئەلگە ھەم قۇۋۋەت ھەم بەرىكەت يەتكۈزىدۇ.

دېھقان ھالال مېھنەت بىلەن دان چاچسا، ھەق ھەم بىرگە يەتتە يۈزنى بېرىدىغان بەرىكەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. چاچقان دان كۆكەرگۈچە، ئورۇپ خامان قىلىپ، ھوسۇلنى يىغقۇچە قۇرتلار ۋە قۇشلارمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن، چۆلدىكى ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆيى ئۇنىڭ بىلەن ئاۋات، قۇلۇنلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ بىلەن شاد. كەپتەرلەرنىڭ مەست ـ خۇشلۇقى شۇنىڭدىن، تورغايلارنىڭ شوخ ناۋاسىمۇ شۇنىڭدىن. ئاچلارنىڭ رىزقى ئۇنىڭدىن، باشاقچىلارنىڭ كۆزىنىڭ روشەنلىكىمۇ ئۇنىڭدىن. قوشچىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارزۇسىغا

يېتىدۇ؛ سامانچىنىڭ مۇرادىمۇ ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ. گاداي ئۇنىڭ بىلەن توق، خانىدانىنىڭ توقلۇقىمۇ پەقەت شۇ دېھقاندىن. كۆچمەنلەرگە تائامىمۇ ئۇنىڭدىن، ئولتۇراق كىشىلەر خۇرسەنلىكىمۇ شۇنىڭدىن. ناۋاينىڭ تونۇرى دېھقان بىلەن ئىسسىق، رەۋەندىنىڭ بازىرى ھەم دېھقان بىلەن قىزىق. پېقىرلارنىڭ رىزقى دېھقان بىلەن مول. غېرىب - غۇرۋالارنىڭ ئوزۇقىمۇ شۇ بىلەن تولۇق. زاھىتقا تائەت ھۇزۇرى دېھقاندىن، تەقۋادارلارنىڭ قانائەت لاپلىرىنى ئۇرۇشىمۇ شۇنىڭدىن. شۇنىڭ بىلەن تىلەمچىلەرنىڭ خالتىسى نان پارچىلىرىغا توشىدۇ، شاھ خەزىنىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مال ۋە ماتاغا ئېرىشىدۇ.

دېھقانىنىڭ بىر تال دان ئۈچۈن سەرپ قىلغان مېھنەت ئەجرىدە شۇنچە ھېكمەت تۇرسا، ئەلۋەتتە، باشقا ئىشلىرىنى تەرىپلەپ بولۇش قىيىن.

دېھقانىنىڭ بېغى جەننەتنى ئەسلىتىدۇ؛ مېۋە - چېۋىلىرى ۋە ئوتياشلىرىدىن جان ئوزۇقى نامايەندۇر. دەرەخلىرىنىڭ ھەربىرى گويا كۆپكۆك ئاسمان؛ گۈل ۋە مېۋىلىرى شۇ ئاسماندىكى يۇلتۇز. پېقىرلارنىڭ سىركە ۋە شىرنىلىرى دېھقاندىن، بايلارنىڭ گېزەك - ناۋاتلىرىمۇ دېھقاندىن. تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر بىلەن باغنى زىننەتلىگەن، چىمەن مەملىكىتىدە گۈلزارلارنى تۈزگەن بۇنداق كىشى سېخىيلىقتىن خالىي بولسا، يالغانچىلىق، خەسىسلىكتىن يىراق بولسا، شاھنىڭ خىراجىتىنى بېرىشتىن ئۈزىنى تارتمىسا، ئاجىزلارغا شېرىكلىرىگە جاپا قىلمىسا، چاچقان ھەربىر ئۇرۇقى بەخت - سائادەت گۆھەرلىرىنى بەرگۈسى. ئۇرۇق چېچىپ، يۈكسەكلىك يۇلتۇزلىرىنى يىغىدۇ. بۇنداق دېھقان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتى — ۋارىسى، بەلكى ئۇنىڭدىن

رىزىقلانغانلار شۇ دېھقاننىڭ پەرزەنتى، ئۇنىڭ ئۆزى ئادەمئاتىدۇر. نەزم:

كىمكى دېھقانلىق ئەيلەدى پېشە،
داغى نان ئولدى ئاڭا شىئار.
بۇيلە كىمسە ئۇلۇۋۋى رىفئەتىدىن،
ئادەم ئولماسا ئادەمىي خۇد بار.

*كىمكى دېھقانچىلىقنى كەسىپ قىلسا، ئۇنىڭ شوئارى نان بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر. دېھقان شۇ ئالىي ـ يۇكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئادەمئاتىچە بولمىسىمۇ، ئادەملىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى.*

## ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل

## ساياق ۋە خەسسلەر زىكرىدە

ساياق ۋە خەسسلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە خىسلەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكىدەك ئەمەس. ئۇلاردا ئىنسانىيلىق تەبىئىتى يوق. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ھايۋانىيلىق، بەلكى يىرتقۇچلۇقتۇر. ساياقنىڭ ئىشى باشقىلارغا پىچاق ئۇرماق، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزى بىر تەلۋە ئىت، پىچاق ئۇلارنىڭ چىشى. ساقلىقىدا ئۇلار بىر قۇترىغان ئىت؛ مەستلىكىدە بولسا، يۈز ئىت ئۇلاردىن قورقۇپ قاچىدۇ. پەنجىلىرى گويا دەشت يىرتقۇچلىرىنىڭ چاڭگىلىدەك ئەجەل نەشتىرى، ئۇلار ئولتۇرۇش كۆڭلىرى ئۇچۇن رۇبائىيلارنى ئىمان ئۆگەنگەندەك ئۆگىنىدۇ. ئۇلار ياخشى ـ يامان ھەممىگە

چىقىلىدۇ. چايانىدەك نىمىگە تەگسە، شۇنىڭدىن نەشتەر سانجىيدۇ. ئۇلاردا نە ئەقىل، نە دىن، نە ھايا، نە تەمكىنلىكتىن ئەسەر بولسۇن؟! ئىشلىرىدا ئىشەنچسىزلىك ۋە ناپاكلىق، ئادەتلىرى رەھىمسىزلىك ۋە بەڭباشلىق. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان رەزىل ئىشلىرىنىڭ شۆھرىتى يەر يۈزىدىكى ھاشارەتلاردەك تارالغان. خالايىققا ئۇلاردىن ھەزەر قىلماق ۋاجىپ، بەلكى پەرزدۇر. نەزم:

خەلايىق ئىزاسى ئۇلارغە سىفات،
نەبىي دېدىكىم: «ئۇقتۇلۇل ـ مۇزىيات».

*خالايىققا ئازار ۋە زىيان يەتكۈزۈش ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زىيانداشلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن.*

## ئوتتۇز ئۇچىنچى پەسىل

## غېرىب ـ غۇرۋالار زىكرىدە

جوت (قەبىلە نامى) ۋە لولىلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ ھەرىكىتى كۆلكىلىك، ئەمما ئۇسۇللىرى ئادەتتىكىچە. ئۇلارنىڭ دوممالاپ مولالاق ئېتىشلىرىدىن خاكسارلىقى، بېشىنى يەرگە تىرەپ تۈرۈشلىرىدىن بىئېتىبارلىقى ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاشۇ سەكرەشلىرى يەنى مايمۇن كەبى ھەرىكەتلىرى بىلەن ئادەملىك پەزىلەتلىرىدىن يىراقلىشىدۇ؛ ياخشىلىق ئورنىغا

مەسخىرىۋازلىق ئىشلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يۈزىگە مالامەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. بۇگۈن تاپقىنىنى بۇگۈن يەپ، ئەتىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ؛ تىلىگەنلىرىدە بىرەر نەرسە بەرمىسىمۇ، قىلچە شىكايەت قىلىشمايدۇ. ۋەتەن ۋە تۇرالغۇسى خانىۋەيرانە، مەنزىل ۋە ئارامگاھى چۇۋۇلغان چاڭگا كەبى سەرسانە. تاڭ ئېتىشى بىلەن ئەر ـ خوتۇنلىرى كەسىپ يەنى تىرىكچىلىك ئۈچۈن تارقىلىپ يۈرۈشىدۇ؛ ئوغۇل ـ قىزلىرى كوچا ـ كويلاردا يورغىلاپ، خالىغىنىنى قىلىشىدۇ. ھەرقايسىسى نېمە تاپسا، ئاخشىمى بىر يەرگە يىغىلىپ، تاپقانلىرىنى تۆگەتمىگۈچە كۆز يۇمىمايدۇ. بىر يەرگە يىغىلىپ، تاپقانلىرىنى تۆگەتمىگۈچە كۆز يۇمىمايدۇ. «ئەتە نېمە يەرمىز؟» دېگەن سۆزنى زادىلا بىلمەيدۇ. يەنە ئەتىسى قىلىدىغان ئىشلىرى ئالدىنقى كۈندىكى بىلەن ئوخشاش. ئەگەر ھۆددىسىدىن چىقالىسا، بۇ ھەم بىر خىل تىرىكچىلىك يولىدۇر. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق تىرىكچىلىك يولى ـــ خارلىق نۆۋىتىدە، ئىنسان ئارا بولىدىغان تەكەببۇرلۇقتىن دۇرۇسراق، بۇ خىل ئازغۇنلۇق ئىنسان ئارا كۆرۈلىدىغان ماختانچاقلىقتىن ياخشىراقتۇر. نەزم:

كىشى ئەگەر كىشى بولسا، ئۆزىن كىشى دېمىگەي،
قىلۇردا ھېچ ئىشىن ھەم كىشى ئىشى دېمىگەي.

*كىشى ئەگەر ئۆزىنى ھەقىقىي كىشى سانىسا، قىلغان ھەرقانداق بىر ئىشنى ئۆز ئىشىم دەپ بىلگەي يەنى كىشىنىڭ ئىشى دېمىگەي؛ ئۇنداق بولمىسا، ئۆزىنى كىشى ھېسابلىمىغاي.*

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# ئوتتۇز تۆتىنچى پەسىل

## تىلەمچى ـ گادايلار زىكرىدە

تىلەمچى ۋە گادايلارنىڭ كۆپرەكى غەيرەتسىز ھەم بىھايادۇر. ئۇلارنىڭ كۇندۇزى ئۆيمۇئۆي قاتىرىشى ـ تىلەپ يۈرۈپ خەلقتىن نەرسە ئالماق ئۈچۈن ۋە كېچىلەپ كېلىپ ئوغرىلاش نىيىتىدە ئەل مېلىغا كۆز سالماق ئۈچۈندۇر.

تىلەمچى ـ گادايلار خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىلاردىن ئالغان نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمايدۇ؛ ئىنئام بەرگۈچىلەرگە ئۆزرە ئېيتىشقا تېخى تىلى بارمايدۇ. يېگەن بىلەن ئاچ كۆزلەردەك قورسىقى تويمايدۇ؛ تىلىگەن بىلەن تەشنالىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىماردەك ئۇسسۇزلۇقى قانمايدۇ. يېنىغا ئېسىۋالغان قاپاقلىرى بەڭگىلەر خىيالاتى بىلەن تولغان؛ تۇۋرىلىرى رىياكار سوپىلارنىڭ كۆڭلىدەك تۈرلۈك ـ تۈمەن نەرسىلەر بىلەن تولغان تۈگۈنچەككە تۈگۈپ قويغان ئاقچىسىنى يۇغۇچىدىن ئۆزگە كىشى ئاچالمايدۇ؛ يەرگە كۆمۈپ قويغان تەڭگىلىرىنى تۇپراقتىن ئۆزگە بىرەر كىشى يېيەلمەيدۇ. كۆزلىرى «ھەرىس» (ئاچ كۆز) سۆزىدىكى «ساد» [س] ھەرپىگە ۋە «تەمەئ» سۆزىدىكى «ئەين» [غ] ھەرپىگە ئوخشايدۇ. بەلكى شۇ ھېرىس ۋە تامادىن كۆڭۈللىرىدە مەھرۇملۇق تەشۋىشى ئۆچمەيدۇ.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىگە «قەلەندەر» دەپ ئات قويغان مەلئۇنلىرى؛ ئادەملىكتىن مەھرۇم بولغان، دىۋە ـ شەيتانلاردىن بەتتەرلىرى ھەم بار. ئۇلار ئىنسانىيلىق ۋە مۇسۇلمانلىقتىن

يىراق، توڭگۇز ۋە ئېيىق ئادەملىكتە ئۇلاردىن ياخشىراق. ئۇلارنىڭ ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتىپ يۇرۇشى ئادەملىكتىن چەكلەشكىنى؛ جۇۋلىرىنى تەتۇر ئۆرۈپ كىيىشلىرى بولسا، يىرتقۇچ هايۋانلارغا يېقىنلاشقىنىدىن نىشانىدۇر.

تىلەمچى ـ گادايلار چوڭ ـ كىچىك ھەممىگە ھەرۋاقىت ۋەھىمە ئېلىپ كېلىدۇ؛ بۇزۇق خىيالى بىلەن ساپ كۆڭۈللەرگە تەشۋىش سالىدۇ. نەزم:

بەرمەك بولماس بۇلارغە ئىنسان ھۆلمى،
يا ئادەممۇ مۇئمىنۇ مۇسۇلمان ھۆكمى.
بۇ فاسىد ئەخلاتىغە ۋاجىبدۇر دەفئى،
بولغايمۇ كىشى بېرەي دېسە، جان ھۆكمى.

*بۇلارنى ئىنسان دېگىلى بولمايدۇ، يا ئادەم، مۆمىن ياكى مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ پەتىنە ـ پاساتلاردىن چەتتە تۇرماق ۋاجىپتۇر، چۈنكى، ئۇنداقلار جان بېرەي دېمىسىمۇ، جېنىنى جان سانىغىلى بولمايدۇ.*

## ئوتتۇز بەشىنچى پەسىل

# قۇشچى ۋە ئۇۋچىلار (ئۇۋچى قۇشلار) زىكرىدە

قۇشچى ئۇۋچىلارغا (ئۇۋچى قۇشلارغا) رەھبەر ۋە ئۇۋچىلار (ئۇۋچى قۇشلار) قۇشچىلارغا پەرمانبەردار. بۇ جامائەت يەنى ئۇۋچى (قۇش) ئۇنىڭغا يەنى قۇشچىغا قارام. شۇڭا ئۇۋچىلار (ئۇۋچى قۇشلار) ھەر ۋاقىت قۇشچىنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدۇ.

ئۇنىڭ (قۇشچىنىڭ) قولىدىكى قۇش كېچە – كۈندۈز رەنج – مۇشەققەتكە بەند. كېچىلىرى ئۇيقۇ هارام. كۈندۈزى مېھنەتتىن ئۇلارغا يوق ئارام. چۈنكى قۇشچى ئۆز نەپسىنى دەپ بىر بىگۇناھ قۇشنىڭ ئايىغىغا كىشەن سېلىپ، ئۇزۇن كېچىلەردە ئۇنىڭغا ئازاب سېلىش بىلەن خۇرسەن بولىدۇ؛ ئەجەل يىپىنى تاما يىڭنىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇ تىلسىز بىچارىنىڭ كۆرەر كۆزىنى تىكىدۇ. مەقسىتى ئۇنى ھەم ئوۋچى قىلىش ۋە ئۆزىگە جانلىقلارنىڭ جېنىغا قارماق سېلىشنى ئۆگىتىش...

قۇشچى كۈندۈزى غەشت ۋادىلىرىدا چېپىپ يۈرۈپ غەپلەتتە قالغان بىرنەچچە ئاجىزلارنى تېپىپ، يۈز ھىيلە – مىكىر بىلەن قۇشنى ئۇلارغا سالىدۇ – دە، ئۇ بىچارىلەرنى ئوۋلايدۇ ۋە دەرھال يېتىپ كېلىپ، باش – كۆزى قانغا تولغان بىچارە قۇشنى بوغۇزلىماي تۇرۇپ، قانتىنى قايرىپ – سۇندۇرۇپ قولتۇقىنى يارىدۇ. ئاندىن ئۇ قاتىل شاگىرتىنى – قۇشنى شەپقەت بىلەن تويغۇزىدۇ. شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە قۇشنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، قولتۇقىنى يېرىپ، قانتىنى سۇندۇرۇپ ئېتىنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاپ ئۆيىگە يانىدۇ. بۇ ئىشتىن ئۆزىمۇ خۇش، قۇشىمۇ خۇش...

شۇنداق قىلىپ، شۇم نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر، ئىككى قەدەھ ئوتلايدۇ. ئولجىسىنىڭ نەچچىسىنى كاۋاپ قىلىدۇ ۋە ئەتىسى ئىلتىپات تاماسىدا نەچچىسىنى ئېلىپ بېرىپ بېگىگە تارتۇق قىلىدۇ.

قۇشچىنىڭ ئوۋچى يەنى ئوۋچى قۇش توغرىسىدىكى تەرىپلىرى – ھەممىسى لاپ، ھەتتا ئۆزى توغرىسىدىكى ماختىنىشلارنىڭمۇ بارچىسى يالغان.

بۇنچە يامانلىقلارغا نەپسى ئىستىكى سەۋەب بولغان يەنى خاھى

ئـەمگـەكـى، خاھى تـامـاشاسى بـولـسۇن؛ خاھـى كـاۋىپى، خـاھـى بىگـىنىڭ ئىنئام - ئىلتىپاتى بولسۇن، ھەممىسى نەپىسىدىنـدۇر. نەزم:

بۇلار بارچەسى مەھز نەفسانىيەت،
كى، ئاندا ئىمەس داخىل ئىنسانىيەت.
قونالغە ئالىپ قاندا قونسە دىرەم،
ئاتۇ ئارفەسى قوشغە تۆئمە ھەم.

*بۇلارنىڭ بارچىسى نەپسانىيەتچىلىكتىندۇر، شۇڭا ئۇنداقلارنى ئىنسان قاتارىغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق ئادەملەر قانداقلىكى قونالغۇدا قونۇپ قالسا، ئامال بار، شۇ يەردىن پۇل، ئېتىغا بوغۇز، قۇشىغا تۆمە ئۇندۇرۇۋېلىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ.*

## ئوتتۇز ئالتىنچى پەسىل

# بىراۋنىڭ خىزمىتىدە تۇرۇپ تۇزكورلۇق قىلغان نۆكەرلەر زىكرىدە

غوجايىنىنىڭ نېمىتىدىن ئېتىبارغا ئېرىشكەن ۋە خىزمىتىگە نائىل بولغان نۆكەرلەر ئۇچۇن ئەركەكلىك ۋە ئىنسانىيلىق شۇنداق بولۇشى كېرەككى، غوجايىنىنىڭ قىلغىنىدىن ئارتۇقراق قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىق كۆرسەتكەي، بەلكى سەممىي - سادىق بولۇپ جان پىدالىق بىلەن غوجايىنىنىڭ شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇرغاي. غوجايىن باشقا بىرىگە كۆپرەك ئىلتىپات كۆرسەتسە،

ھەسەتخورلۇق بىلەن سۆز ـ چۆچەك تارقىتىپ شىكايەت قىلىش ـ ئار ـ نومۇسنى ساقلىغانلىق ياكى غوجايىنىنى ھىمايە قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بەلكى بۇ خىل ناشۇكۇرلۇك ئارىدا ئارازلىق يەنى ئۆزئارا ئۆچمەنلىك ۋە ماجىرا پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا بۇنداقلارنى، ھەتتا بىرەر سەۋەب تۇپەيلى تۇزكورلۇق قىلىپ قېچىش ياكى باشقا بىرىنىڭ خىزمىتىگە بېرىش نىيىتىدە بولغان نۆكەرنى ئادەم سانىماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇنداقلارنىڭ دەرىجىسى قىلمىشىدىن كۆرە قول ـ دېدەكلەردىنمۇ تۆۋەن بولىدۇ.

خۇسۇسەن، نۆكەر بولغۇچى كۆپرەك تەربىيە كۆرگەن ھەمدە ئوخشىمىغان مەسىلىلەردە ئوخشىمىغان مۇئامىلە بىلەن ئىش بېجىرەلەيدىغان بولغاي. ھە دېگەندە قوپاللىق بىلەن لاپ ئۇرىدىغانلاردىن بولمىغاي. ھەرقانداق بىر نۆكەر بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە قاچسا، نامەردلىك تۇپرىقىنى ئۆز بېشىغا چاچقان بولىدۇ. شۇڭا بۇ خىل كىشىنى ئەركەكلەر سانىنىڭ سىرتىدا ۋە يىگىتلىك دائىرىسىنىڭ تاشقىرىدا دەپ بىلىش كېرەك.

ئەلۋەتتە، پاراسەتلىك ھاكىم ئۆز ئەتراپىدا يۈقىرىقىدەك ناپەسىل خادىملار بولسا، مۇناسىپ سىياسەت يۈرگۈزگەي؛ ئۇلاردىن نامەردلىك سادىر بولىدىكەن، يۈكلەنگەن گۇناھىغا قاراپ جازا بەرگەي، ھەتتا بوينىنى ئۇزۇپ، تىغدىن چىققان (تىغقا چاپلاشقان) قان بىلەن شىر گۇناھكارنىڭ يۈزلىرىنى قىزارتقاي. ئەمما، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قان بىلەن قىزارتىلغان چاغدىكى قىزىللىقى گۈلسۈرۇخقا يەنى گۈل بىلەن قىزارتىلغان چىرايغا ئوخشاپ قېلىشى تۇرغان گەپ. شۇڭا شۇ گۇناھكارنى قىرىپ ئىشتىن چىققان مومايلار بىلەن شېرىكلەشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ

زىبۇ ـ زىننىتى بىلەن سىھىرلەپ، جادۇگەر سىياقىدا ياسىغاي. ئاندىن قاشلىرىغا ئۇسما قويۇپ، ساقىلىنى قىرىپ، قۇلاقلىرىدىن ئاشۇرۇپ، تا يۈزلىرىگىچە چۈۋۈلغان چاچلارنى ساڭگىلاتقاي. يەنە مەڭزىنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپىگە ئىككى خال چەككەي. يەنە بېشىغا كىيىتلىك ياغلىق ئورنىدا، گويا كېلىنچەكلەرگە سالغاندەك لېچەك سېلىپ، بەزىدە يۈزىنى يېپىپ، بەزىدە يۈزىنى ئوچۇق قويۇپ، نەئەر، نە ئايالغا ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە جابدۇغاي. ئاندىن مۇڭگۈزلۈك شاش ئۆيغا تەتۈر مىندۇرۇپ، شەھەرنىڭ مەھەللە كوچىلىرىنى قويماي ئايلاندۇرغاي. بۇنى كۆرگەن خەلق لەنەت ـ نەپرەت تاشلىرىنى ياغدۇرغاي!

ئەگەر قەغەزنىڭ يۈزىنى قارا قىلىۋېتىشتىن ئۆياتمىساق، قەلەمنىڭ قارا تىللىقىدىن ھەزەر قىلمايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ يەنى تۈزكور نۆكەرلەرنىڭ ھەمشىرىكلىرى ۋە ئاشىقلىرى (ئەگەشكۈچىلىرى) نىمۇ قالدۇرماي يازغان بولاتتۇق. شۇندىلا كۆڭلىمىز شادلىققا چۆمۈلگەن بولارىدى. ئەمما، ئۇنداق قارا يۈزلەرنىڭ ئىللەتلىرىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۇ خىلدىكى قارا يۈزلەرنى ئەيىبىنى ئېچىپ شەرمەندە قىلىش ئەلەم ئەھلىنىڭ ئارزۇسى بولسىمۇ، مۇشۇنچە دېگەنلىرىمىز كۇپايە قىلار. نەزم:

بۇ نەۋئ مەسخىرەلىق ئېلگە بەسىدۇرۇر ھەيرەت،
كى، ئۆلگەي ئىشىتىشىبان كىمكى بار ئېسە غەيرەت.

*تۈزكور نۆكەرلەر ئۇچۇن مۇشۇنچە مەسخىرە قىلغىنىمىزمۇ يېتەرلىك؛ ناۋادا ئۇلار ئاخلاپ غەيرەت يۈزىسىدىن ئۆلۈۋالسىمۇ،*

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئوتتۇز يەتتىنچى پەسىل

## ئۆيلىنىش ۋە خوتۇنلار زىكرىدە

ئۆيلىنىش — قۇتۇلماس بالاغا مۇپتىلا بولماق، داۋاسىز يەنى داۋاسى يوق رەنج - مۇشەققەت ئىچىدە خار - زار بولماق ۋە ئىلاجى يوق يەنى ئىلاج قىلغىلى بولمايدىغان جەبىر - جاپاغا گىرىپتار بولماق دېگەنلىكتۇر. گەرچە بۇ ئىش يەنى ئۆيلىنىش — باشتىن - ئاياغ ئەلەم ۋە ئازارغا تەئەللۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەنپەئەتى ھەم باردۇر. ئەگەر ئۆيلەنگەن خوتۇنۇڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ پايدىسى ھەسسىلەپ يېتىدۇ. چۈنكى ياخشى خوتۇن — ئائىلىنىڭ دۆلىتى ۋە بەختى. ئۆينىڭ ئارايىشى شۇ خوتۇندىن، ئائىلىنىڭ ئاسايىشىمۇ شۇ خوتۇندىن.

خوتۇن كىشىنىڭ گۈزەللىكى كۆڭۈلگە راھەت، خۇش مۇئامىلىسى يەنى تاتلىق خۇلق - مىجەزى بولسا جانغا ئوزۇقتۇر؛ ئەگەر ئەقىل - پاراسەتلىك بولسا، روزغارىڭ تەرتىپ بىلەن كۈنسايىن راۋاج تاپىدۇ؛ ئەسۋاب، ئۆي - بىساتىڭ ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن سەرەمجان تاپىدۇ.

كىشى ناۋادا بۇ سۈپەتلىك ھالال جۈپتى بىلەن باش قوشالىسا، مۇشۇنداق بەختكە ئېرىشەلىسە، بەرھەقكى، ئۇ غەم ۋە كۈلپەتتە سىرداشقا، ئاشكارا ۋە پىنھان دەرد - مۇشەققەتتە ھەمنەپەس ۋە ياردەمچىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. مۇنداق خوتۇن بولسا تۇرمۇشتا ھەرقانداق جاپاغا يولۇقساڭ، سىردىشىڭ ۋە

ياردەمچىلىك بولالايدۇ. ئەتۇر ئايلانغۇچى پەلەكتىن ھەر قىسمەتلەر كەلسە، ساڭا سىرداش ۋە مەدەتكار بولالايدۇ. كۆڭۈلۈڭگە غەم ـ قايغۇ چۈشسە، ئۇ ھەم قايغۇرىدۇ؛ بەدىنىڭگە ساقسىزلىق ۋە زەئىپلىك يەتسە، ئۇ ھەم ساقسىزلىق ئىلكىدە تەڭ ئازابلىنىدۇ.

ئەگەر خوتۇن كىشىنىڭ ھۆسن ـ جامالى ئوتتۇرا ھال بولسا، كېيىشىش ـ يول قويۇش يولىنى تۇتۇپ، ئۈمىد بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ، ئەقىل ۋە مادارا بىلەن ياشاش كېرەك.

ئائىلە قۇرغانىكەنسەن، بەزى ئىشلارنىڭ مۈشكۈل بولىدۇ ۋە بەزى ئىشلارنىڭ ئاسانلىشىدۇ. بىراق، كۆپرەك ھالدا كۆڭۈلۈڭ پەرىشان ئۆتىدۇ، كۆڭۈلسىزلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا پەرىشان ھالەتنى يوق قىلىپ، بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۈمىدۋار ۋە سەۋر ـ تاقەتلىك بولساڭ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ھەمجۈپتۈڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرەلەيسەن.

بىراق، ئاللا كۆرسەتمىسۇنكى، ناچار خوتۇن ئەر ئۈچۈن مەيلى ئاشكارا ۋە مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، بالا ياغدۇرغۇچى مەرەزدۇر.

ناۋادا خوتۇنۇڭ ئۇياتسىز ـ شاللاق بولسا، كۆڭلۈڭ ھەمىشە ئۇنىڭدىن ئازار يەيدۇ، قوپال بولسا، دىلىڭنى جاراھەتلەندۇرىدۇ؛ ئازار يەيدۇ؛ يامان تىللىق (ئاغزى بېزەپ) بولسا، يۈرىكىڭنى رىدە قىلىۋېتىدۇ؛ قىلغان ئىشلىرىدا پاكىز بولمىسا، كىشىلەر ئالدىدا يۈزۈڭ چۈشۈپ كېتىدۇ؛ ئەگەر مەيخور (مەي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن) بولسا، ئۆيۈڭنىڭ ئاۋاتلىقى يوقىلىدۇ؛ ئەخلاقسىز بولسا، ئۆيۈڭدىن مۇسىبەت، غەم ـ قايغۇنىڭ ھىدى كەتمەيدۇ، ئائىلەڭ رەسۋا بولىدۇ.

يۇقىرىدا تەرىپلەنگەننگە ئوخشاش ياخشى خوتۇنلار بۇ ئالەمدە

تولىمۇ كۆپ تۇغۇلىدۇ. بەرھەقكى، بۇنداق ياخشى خوتۇنغا يولۇققان كىشىنىڭ بېشىغا سائادەت تاجى، بەخت قۇشى قونغان بولىدۇ. ئۇنداقلارغا مۇبارەك بولسۇن !

ئەمما، بۇ تائىپەنى ھەقتائالا نۇقسانلىق، چەپ ۋە خۇي - پەيلىنى يامان قىلىپ ياراتقان. مۇكەممەللىك - نۇقسانسىزلىق جەھەتتە ئۇلارنى ئەرلەردىن پەرقلەندۇرگەن. بىراق، ئەرلەرنى بولسا، ياربىلىشىدىنلا كۆپرەك ئۇلار (خوتۇنلار) ئالدىدا ئاجىز ۋە ئۇلار (خوتۇنلار) نىڭ ھۈنىرى پىتنە ۋە ھىيلە، ئوي - خىيالى ئەپسۇن (يالغاننى توقۇش) ۋە خىيانەتچىلىك، ھەق نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلمايدۇ، خەلقنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قەدىرلىمەيدۇ. دىنلىرىدا سۇسلۇق ۋە قىلغان - ئەتكەنلىرىدە نائىنسابلىق. شۆھرەتپەرەسلىك (ماختانچاقلىق) ئۇلارنىڭ ئادىتى، مەنمەنچىلىك ئۇلارنىڭ ماھىيىتى. ئەقىلسىزلىكىدىن ئېتىقادىنى قۇسۇر، دىنىنىڭ سۇسلۇقىدىن ئەقىللىرىنى كۆپۈرلۈق چۇلغىۋالغان. نەپسى تۇيەيلى لىباسلىرىدىن ناپاكلىقى، كىيگەن كىيىملىرىدىن ئەسلىدىنلا ھاياسىزلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ھوشيارلىرى جاھىل (نادان) لىق مەيلىرى بىلەن مەست، مەستلىرى مەي ۋە مەشۇقەپەرەس. ئۇلارنىڭ بېقىنشلىرى باشقىلاردىن ئەيىب ئىزدەش، ھۈنەرلىرى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈش. چوڭىدىن كىچىكىگىچە جادۇگەر، ھىيلە - مىكىردە سېھىرگەر. ھەمىشە گۇناھسىزلارغا قەست قىلىنىشىدۇ، غەيۋەت - شىكايەتلەر بىلەن بىراۋنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشىدۇ. بىگۇناھلارغا يالغاننى راست قىلىپ تۆھمەتلەر چاپلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەق تەرىقىنى تۇتمىقى تولىمۇ مۇشكۇل، راستچىل بولمىقى تولىمۇ قىيىندۇر. ئەڭلىك بىلەن يۈزلىرىنى قىزارتماق

ئۇلار ئۈچۈن زىننەت، يالغاننى راست قىلىپ بىراۋنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتمەك ئۇلار ئۈچۈن ئادەت. شاھزادە كەبى پەرى سۈرەت ئەرلىرىگە خىيانەت ـ ۋاپاسىزلىق قىلىشىدۇ، زەڭگى كەبى دىۋە سۈپەت ئويناشلىرىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزلىرىنى تاشلايدۇ. پەردە ئىچىدە ئولتۇرمىقى پۈتۈنلەي ساختا، ياسىنىپ سىرتقا چىقىدىغانلىقى راست. بىراق، ئۇچىلىرىغا كىيمۋالغىنى كىيىم ئەمەس، گويا ئۆمۈچۈكنىڭ تورىغا ئوخشايدۇ. ھەتتا بەزى قېرى خوتۇنلار باركى، ئەسكى ساناچتەك قورۇلۇپ كەتكەن يۈزلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرتۈپ، تىترەپ تۇرىدىغان باشلىرىغا تېخى تىتىرىگۈچ (جىغا) سانجىۋالىدۇ. ياخشىسى شۇكى، پەلەك ئۇنداقلارنىڭ بېشىنى ئەجەل تېشى بىلەن يانجىغاي! بۇ تائىپەنىڭ قېرىلىرىمۇ ياسىنىشقا ئامراق. ئۇلار گويا ئارپا يېيەلمىسىمۇ، نەقىشلىك جۇلغا تەلپۈنىدىغان ئېشەككە ئوخشايدۇ. بىچارە ئەرلىرى بولسا، گويا ئۇلارنىڭ يۈك توشۇيدىغان ئېشەكلىرى، ئاجىز، ئېتىبارسىز خىزمەتكارى، بەلكى قۇل ـ دېدەكلىرىدۇر.

ۋاھالەنكى، بارلىق يارالمىشلاردا پەرق بولغىنىدەك، بۇلاردا ھەم ئوخشىمىغان دەرىجىدە پەرقلەر مەۋجۇتتۇر.

بۇ تائىپە ئۈچ قىسىمدۇر: بىرى ئاۋام (پۇقرا)؛ بىرى خاس كىشىلەر (پادىشاھنىڭ يېقىنلىرى)؛ يەنە بىرى خاسۇل ـ خاس (يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، ئۇلۇغ زاتلار).

ئاۋاملىرى چارپاي ـ يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار پەقەت يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئۇيقۇ بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلىدۇ: تائەتلىرى ياسىنىش ۋە ئۆزلىرىنى پەردازلاش؛ ئىبادەتلىرى زىننەت بىلەن ئۆزلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىش؛ غەپلەت ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزۈش — ئۇلارنىڭ ئادىتى، پىتنە ـ

پاسات ئارقىلىق شۆھرەت تېپىش ئۇلارنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىدۇر.

خاسلىرى دىۋە سۈپەت، گويا ئىبلىسقا ئوخشايدۇ: ھۈنەرلىرى ھىيلە ـ مىكىر؛ ئادەتلىرى ئۆچ ـ ئاداۋەت؛ ساۋابلىق دەپ قىلغانلىرى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق ـ مەككارلىق؛ ياخشىلىق دەپ بىلگىنى زۇلۇم ـ سىتەم؛ خىيانەتچىلىك ۋە ھىيلە ـ مىكىردە دىۋە ئۇلار ئالدىدا ئەرزىمەس بىر بىچارە؛ پىتنە ـ پاسات ۋە مەككارلىقتا شەيتان ئۇلار ئالدىدا بىر گول؛ پەرىشتىلەر تېخى ئۇلارنىڭ قېشىدا بالاغەتكە يەتمىگەن بىر نادان؛ شەيتان ھەم ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھاماقەتكە مەنسۇپ. ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى بۇزماق ئۇلار ئۈچۈن مەسچىت ياسىغاندەك، ناھەق قان تۆكمەك ئۇلار ئۈچۈن گويا ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك ياخشى ئىش سانىلىدۇ. يۈز ياخشىلىققا مىڭ يامانلىق ئۇلارنىڭ ئىشى، ھەسەل بەرگەنگە زەھەر بېرىش ئۇلارنىڭ ئادىتى. ئىپپەت ۋە ياخشىلىق ئۆيى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن بۇزۇلغان، پاكلىق ۋە تەقۋادارلىق بىناسى ئۇلارنىڭ سەۋەبىدىن يىقىلغان.

ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى تەرىپىدە كۆپلىگەن ئالىم، دانا ۋە پاراسەتلىك ھۆكۈمالار كىتاب تەسنىپ قىلغان ھەم بەزى مەزمۇنلارنى مۇبالىغە بىلەن بايانمۇ قىلىشقان. بىراق، ئائىلە ئىلكىدە تۇرۇۋاتقان يىگىتلەر بۇ جەھەتتە (مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى جەھەتتىن) يەنىلا ئۆزلىرىنى ئاجىز ۋە نۇقسانلىق ھېسابلىشىدۇ. قىسقىسى، بۇنچىلىك ئىبارە ـ بايانلار بىلەن ئۇلار ھەققىدىكى تەرىپلەشلەرنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ يۈزدىن بىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئاخىرىغا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ.

ئەمما، خاسۇل ـ خاسلىرى يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەكسىدۇر. ئۇلارنىڭ مۇتلەق راستچىل ۋە ھەقشۇناس. تىللىرىدىمۇ، كۆڭۈللىرىمۇ ھەقنى سۆزلەيدۇ يەنى خاسۇل ـ خاسلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ۋە قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئىسلام ئۆلىمالىرىغا پايدا ۋە ئۇممەت ئاتا قىلىدۇ؛ كاتتا ئەۋلىيالارمۇ ئۇلارنىڭ نەپەسلىرىدىن مەنپەئەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئەنبىيا ـ پەيغەمبەرلەرنى ئۇلار ئۈچۈن ئەلچى، پەرىشتىلەرنى ئۇلار ئۈچۈن ئىگىچە ـ سىڭىل دەپ بىل. چۈنكى ئۇلار باشلىرىغا ئىپپەت تارىدىن توقۇلغان قانائەت بۆكىنى كىيگەن؛ يۈزلىرىگە پاكلىق ماتالىرىدىن هازىرلانغان چۈمبەل تارتقان.

بۇ چۈمبەلنى ھەقتائاللا ئۇلارنىڭ يۈزىدىن يىراق قىلمىسۇن! مەيلى سۇسلۇق شامىلى، مەيلى باشقا سەۋەب بولسۇن، بۇ پەردە ھېچقاچان ئېچىلمىسۇن!

## ئوتتۇز سەككىزىنچى پەسىل

## رىياكار شەيخلەر زىكرىدە

رىياكار شەيخ ھەرقاچان ئۆزىنى ياخشى ۋە نۇقسانسىز كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مىسقا ئوخشايدۇ: تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال يەنى سىرتى كۆركەم، ئىچى قۇرۇق. كۆرۈنۈشى دەرۋىش سۈپەت، ئەمما ئىچى پۈتۈنلەي بۇلغانغان. ئۇنىڭ گويا ھەممىدىن قول ئۈزگەندەك قىياپىتى تامامەن ئالدامچىلىق. كارامىتى نەيرەڭۋازلىق. سەللىسى سالاپەت دەسمايىسى، بېشىدىكى ھەربىر تال تۈكىدە بار

بۇزۇق خىيالنىڭ ئالامىتى. ئۆچىسىدىكى تون — جەندىسى رەڭۋازلىقىنىڭ نىشانىسى ئۈستىدىكى يېپىنچىسى ئەيىبىنى يوشۇرغۇچى پەردە، ئۇنىڭ ھەربىر تال يىپى رىيا چاقىدا ئېگىرىلگەن. مىسۋاكى تاماخورلۇق چىشىنى بىلەپ ئىتتىكلىتىدىغان ئېكەك؛ ساقال تارغىقىنىڭ غىلاپى كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىشقا ئىشلىتىدىغان سايمانلىرىنى يوشۇرىدىغان جايدۇر. توختىماي تەسۋى سىيرىشى كۆز بويامچىلىق، نامازنى ئۇزۇنراق ئوقۇشىدىن غەرەز ئەلگە ئۆزىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈندۇر. سەللە ئورالغان كاتتا كۆلاسى ئۇنىڭ پوتكول دەسمايىسى، سەللىسىنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇن چۇچىسى تۇلكە قۇيرۇقىدىن نىشانىدۇر. ئۇنىڭ بىمەنە ۋارقىراشلىرى بەجايىكى، بىمەھەل چىلىلغان خورازنىڭ سوغۇق ئاۋازىنى، غەپلەت ئىچىدە ئوقۇغان دۇئالىرى گويا مەستلەرنىڭ بەزمىدىكى قىيا — چىيالىرى، ۋارقىراش — جارقىراشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بارلىق گەپ — سۆزىگە ھىيلە ئارىلاشقان، پوتكول ھەرىكىتىگە غەرەز ئارىلاشقان؛ كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ ھەممىسى ياسالغان، ئويغاقلىقىدا دىگەنلىرىنىڭ بارى يالغان. زىكىر — ساماسى ئۇسسۇلدىن تاشقىرى، زوق — شوق بىلەن ئوقۇغان تەلقىنلىرى ئاھاڭدىن نىرى. دەرھەقىقەت، ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشى ھەرقانچە دەبدەبىلىك بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى مەنىۋىيىتى باشتىن — ئاياغ قۇرۇق.

بۇنداق ئىپلاس شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مۇنچە پەردازلاپ، ياسىنىپ — جابدۇنۇپ يۈرۈشتىن مەقسىتى — ئۆزىنى پاك كىشىلەردەك كۆرسەتمەك ئۈچۈندۇر.

ھەيھات — ۋادەرىخا! ئۇيات، يۈزمىڭ ئۇيات! ئەپسۇسلىنىدىغان

يېرى، بۇ يارىماسلارغا ئىخلاس قىلىدىغان مۇرىتلار ھەم باركى، ئۇلار شەيخ خىزمىتىدە ھەرقاچان ئاشىق بىقارار بولۇشىدۇ؛ شەيخ بولسا (ھىيلە ـ مىكىر ماتالىرى تولدۇرۇلغان) دۇكىنىنى تەدبىر بىلەن يۈرۈشتۈرۈپ، ئالدامچىلىق بىلەن ئولجا يىغىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن شەيتان ھەيرەتتە، ھەتتا لەنىتى دىۋە ھەم نەپرەتتە.
نەزم:

فەقر ئىسمى بىرلە بولغاي مۇنچە زەرقۇ بۇ رىيا،
سەلتەنەتدەكدۇركى، قىلغاي پادىشاھى بورىيا.
بۇ ئەگەر دەرۋىش ئۆزىن قىلسا، كى ئول ھەم پادىشاھ،
يوق ئەجەپ، بۇ ئىككىسىدە بولماسا ئەقلۇ ھەيا.

*پېقىرلىق نامى بىلەن قىلسا مۇنچە ھىيلە ـ مىكىر، نەيرەڭ ۋە رىياكارلىق، شاھى بورا ئۈستىدىكى گادايغا ئوخشايدۇ؛ بۇ ئەگەر ئۆزىنى دەرۋىش، ئۇ ئەگەر ئۆزىنى پادىشاھ دېسە، ئەجەبلىنىشنىڭ ئورنى يوقكى، ھەر ئىككىلىسىدە نە ئەقىل، نە ھايا يوق.*

## ئوتتۇز توققۇزىنچى پەسىل

## خارابات ئەھلى زىكرىدە

ئەيش ـ ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان خارابات ئەھلىنىڭ پۈتۈن ۋاقتى مەيخانىلاردا مەي ئىچىش بىلەن ئۆتىدۇ، ئۇلارنىڭ بېشىدا مەي ھەۋىسى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك لەيلەپ يۈرىدۇ، باش قويار يېرى مەي ئىدىشىنىڭ يېنى. ھەر يەردە ۋە

مەيخانىلارنىڭ قايسىبىر بۇرجىكىدە بەزمە كۆرسە، مەي تۇشۇش باھانىسى بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ سىڭىدۇ؛ ھەتتا نۇمۇس سەللىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، ئۇنى بىر ئوتلام مەي ئۈچۈن مەيپۇرۇشنىڭ ئايىغى ئاستىغا سالىدۇ. بۇنداق ئادەملەر مەيخانا تۇپەيلى ئۆي ـ جايىدىن ئايرىلىدۇ، مەيخورلۇقى تۇپەيلى تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

ئۇ ھەربىر ساقىينىڭ ئىلكىدىن قەدەھ ئالسا، ئۆزىنى گويا جەمشىتتىن بەختلىك ۋە شەۋكەتلىك ھېس قىلىدۇ. مەي تۇشۇغۇچىلارنىڭ ھۇسنىگە بۇتپەرەستەك سەجدە قىلىدۇ. مەيخانا غوجايىنىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، يۈزلىرىنى تۇپراققا يەتكۈزىدۇ.

ياقىسى مەيپەرەس شوخلارنىڭ ئىلكى بىلەن يىرتىلغان، كۆڭلى ئۇلارنىڭ ئىشقى تىغىدىن تىلىنغان.

خارابات ئەھلىنىڭ مەيخانىدىكى مەشغۇلاتى ــ مەيخانىنىڭ سۇنۇق ساپال چىنىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مەي تىلەپ ئىچىش، رەسۋالىق كوچىسىدا ئايىغى يالاڭ، بېشى ھەم؛ بەتمەسلەرنىڭ دەستىدىن ماڭلىيى زەخىملىك، قېشى ھەم. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىنى ئۆزى پايمال قىلىپ، مەجلىسلەردە پەگاھتىن ئورۇن ئالىدۇ؛ بېشى سەللە مېھنىتىدىن خالىي، ئۇچىسى چايشاپ مىننىتىدىن نېرى. نەپسى گەرچە تۇپراق بىلەن تەڭ، لېكىن نىيىتى ــ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئالدىدا يۈكسەك ئاسمان گويا پەس. زامان قايغۇلىرىدىن كۆڭلى غەمسىز، پەلەك تەشۋىشلىرىدىن خاتىرىسى ئەلەمسىز. نە ھاياتتىن، نە ئۆلۈمدىن قورقۇش يوق، نىيەت ـ ئىقبالى ئالدىدا نە بار، نە يوق، ھەممىسى ئوخشاش. مەي ئىدىشىنىڭ ئاچچىق يىغىسىدىن (مەي ئىدىشىدىن پىيالىگە شاراب

قۇيغـاندا ئاڭلـىنىـدىغان ئاۋازدىن) شـادلىق تـاپـىدۇ؛ قەدەھـكـە قۇيۇلۇۋاتـقان مەينىڭ سارقىپ چۇشۇشلىرىدىن خۇشاللىق تاپىدۇ. مەيخانىدا بىردەممۇ ساق تۇرالمايدۇ، دۇنيانىڭ ياخشى ـ يامىنىغا كۆز سالمايدۇ؛ زاماننىڭ ياخشى ـ يامىنى بىلەن ئىشى يوق، شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئالەمدە مۇنداق بىغەم كىشى يوق !

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق كىشىلەر، زامانە زوراۋانلىرىنىڭ زۇلمىدىن شۇنداق كەچۈرۈشكە كۆنۈككەن، شۇڭا ئۇلار ئاللانىڭ ئەپۇ ۋە رەھمىتىگە لايىقتۇر؛ ۋۇجۇدى مەيخانا تۇپرىقىدا پانىي، ئۇمىدى ھەقنىڭ كىرىمىدىن ئەبەدىي ھاياتتۇر. ۋاھالەنكى، بۇنداق خارابات ئەھلى ـ گادايلار يېتىشكەن دۆلەت ۋە سائادەتكە نۆۋەتتە شاھلار ھەم ئارزۇ ۋە ھەسرەت بىلەن نەزەر سېلىشىدۇ. نەزم:

رىندىكى، فەنا جامىنى تارتار پەيۋەست،
دۇنيا بىلە ئاخىرەتكە ئېرمەس پابەست.
ھەق رەھمەتى ئۇمىدى بىلە تۈن ـ كۈن مەست،
كۆپ ئارتۇغراق ئىدىكى، زاھىدۇ زۇھد پەرەست.

*پانىيلىق جامىنى توختىماستىن كۆتۈرىدىغان خارابات ئەھلىنىڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە مەيلى يوق؛ ئۇلار ھەق رەھمىتىنىڭ ئۇمىدى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز مەست يۈرسىمۇ، يەنىلا ھىيلىگەر ـ رىياكار زاھىتلاردىن كۆپ ياخشىدۇر.*

ئۇمىدىم شۇكى، ئاللا نامراتلارغا ئەنە شۇ پانىيلىق دۆلىتىنى نېسىپ ئەتكەي ۋە تەۋۋا سائادىتى بىلەن مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلغاي !

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

## قىرىقىنچى پەسىل

## دەرۋىشلەر زىكرىدە

ئەگەر ئىچىدە يۈز نەشتەر سانچىلىپ تۇرغاندەك (كۆڭلى پاراكەندە) بولسىمۇ، ھامان (ئاللانىڭ) رىزالىقىنى ئىزدەيدىغان؛ ئۆزىگە مالامەت يەتسىمۇ، باشقىلارغا شىپالىق دورىدەك خۇشلۇق ئېلىپ كېلىدىغان، راستچىللىق ۋە پانىيلىق يولىنى تۇتقان، ئۆزى (تۇرقى ۋە قەلبى) قانداق بولسا، باشقىلارغا ھەم شۇنداق كۆرۈنۈشتە بولىدىغان؛ مەنمەنلىك ۋە غەپلەت قاراڭغۇلۇقىدا قالغانلارغا زور چىدام ـ غەيرەت بىلەن يورۇقلۇق ـ روشەنلىك ئاتا قىلالايدىغان؛ نەپسانىيەتنىڭ ئىشتىياقىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل كېچىپ، ھەق يولىغا قەدەم قويغان ھەمدە پانىيلىق جامائەتخانىسىغا قوشۇلغان؛ نىيەت ـ ئىقبالى بىلەن بىر ئاللادىن باشقا يەنە بىر ئىلاھنىڭ نامەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، بەلكى ياراتمىشتىن يەنى بىر ئاللادىن ئۆزگە بارچە يارالمىشنىڭ نابۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان؛ ئىچى بىلەن تېشى بىردەك، بەلكى ئىچى (قەلبى) تېشىدىنمۇ پاك؛ باتىنى (دىلى) بىلەن زاھىرى (تىلى، سىرتى) ئوخشاش، بەلكى باتىنى تېخىمۇ يورۇقراق كىشى دەرۋىش دېيىلىدۇ.

بىلىش كېرەككى، قەلبىدىكى مالامەتلەرنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە كۆرۈلگەن چىراي ئىپادىسىدىكى غەم ـ قايغۇ ۋە غەشلىك تۇپەيلى، ئىچى بىلەن سىرتى يەنى دىلى بىلەن تىلىنىڭ بىردەكلىكىگە گۇمانلىق قاراش ـــ سىرتىغا قاراپ، ئىچىگە باھا بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى خەزىنە بار جاي ۋەيران

بولغىنىدەك، دەرۋىشنىڭ تونى يىرتىق بولىدۇ ئەمەسمۇ!؟ بۇ خۇددى «قەلبى پاكلار جاھان خارابىسىدە، فەرىدۇننىڭ خەزىنىسى ۋەيرانىدا» دېگەنگە ئوخشاشتۇر. دېمەك، مەنە ئەھلىدە ھەقىقەت مەخپىي بولىدۇ. ۋاھالەنكى، سۇرەت ئەھلى (شەكىلۋازلار)نىڭ ھەقىقىتى مەنىسىز «ھەقىقەت» نىڭ دەۋاسىدۇر.

شۇنداق دەرۋىشلەر باركى، ئۇلار ئۆز ھال ـ ئەھۋالى — سۈرىتىنى يوشۇرۇپ، ئۆزگىچە ئىش تۇتقان؛ كۆرۈنۈش يەنى شەكىلۋازلىق بىناسىنى بۇزۇپ، قەلب يەنى مەزمۇن ئاساسىنى قۇرغان؛ تەقدىردىن نېمە كەلسە، شۇنىڭغا رازى بولۇپ، ئالەم ئەھلىدىن يەتكەن رەنج ـ مۇشەققەت ۋە مالامەتلەرگە چىدىغان؛ ھەق رىزالىقىنى ئىزدەش يولىدا يېمەك ـ ئىچمەك، مەئىشەتتىن كېچىپ، غەم يەپ، قان يۇتقان؛ رىزا ۋە ئىقتىدار خىلۋەتخانىسىنى ماكان تۇتقان؛ پېقىرلىق ۋە پانىيلىق سەھرالىرىنى ئارامگاھ قىلغانلاردۇر. ئەدەپلىك ۋە كەمتەر بولۇش — ئۇلارنىڭ ئادىتى؛ دوستقا، ھەتتا دۈشمەنگىمۇ ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش — ئۇلارنىڭ ئوي ـ خىيالى. دەرۋىش بولغان كىشى، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق سۈپەتلەرنى ئۆزلىرىدە ھازىرلىغان بولغاي! رۇبائىي:

يارەبكى، فەنا دەشتىنى رامىم ئەيلە،
رامىم دېمەيىنكى، سەيدى دامىم ئەيلە.
ھەم فەقر تەرىقىنى خىرامىم ئەيلە،
ھەم زاۋىيەئى فەنا مەقامىم ئەيلە.

ئەي تەڭرىم، پانىيلىق دەشتىنى ماڭا رام قىل، رام ئەمەس، بەلكى دامىم (تۇزاق) ئۈچۈن ئوۋ قىل؛ ھەم پېقىرلىق تەرىقىنى كۆڭۈل خۇشۇم قىل، ھەم پانىيلىق سەھراسىنى ماكانىم قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى قىسىم

# ياخشى قىلىقلار ۋە يامان خىسلەتلەر توغرىسىدا

بۇ قىسىم ئون پەسىلدۇر.

## بىرىنچى پەسىل

## تەۋبە زىكرىدە

ھەقىقىي تەۋبە — يامان قىلىقلار تۈپەيلى كېلىدىغان ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالماق ۋە ئاللانىڭ تەۋپىقى (ياردىمى، مەددىتى) بىلەن ئۇ قىلىقلاردىن قۇتۇلۇش دېمەكتۇر.

تەۋبە — گۇناھكار بەندىنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن گۇناھ غۇبارلىرىنى تازىلايدۇ ۋە ئەپۇ پەردىزى بىلەن ئۇ ئەينەكنىڭ يۈزىنى يورۇتىدۇ. تەۋبە — بەختسىزلىك يولىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە ھىدايەت يولىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

تەۋبە — تەكەببۇرلۇق غەپلىتىدىن سەسكەنمەك ۋە بەشەرىيەت (ئىنسانلىق) ئۇيقۇسىدىن ئويغانماق ھەمدە ئۆزىنىڭ ناشايان ئىش - ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولماق ۋە بىلىپ - بىلمەي سادىر قىلغان يارىماس قىلىقلىرىدىن قول ئۈزمەك؛ نالايىق دەۋا - ئىنتىلىشلەردىن ساقلانماق؛ قەبىھ قىلمىشلار، شەرمەندىلىك ۋە

رەسۋالىق تۆپەيلى خىجالەتكە قېلىشتىن ئاگاھ بولماقتۇر.

توۋا ـــ ئىنسانغا خاس بويسۇنتاۋلىق خاھىشىدىن ۋاقىپ بولماقلا كىشىنى ئازدۇرغۇچى نەپسىنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن، كۆڭۈل ئىتائەتسىزلىكىدىن نەپرەتلىنەمەك ۋە روھىي زەئىپلىكتىن يىرگەنمەكتۇر.

توۋا ـــ ھەقتىن نىجاتلىق تىلەش ۋاقتىنىڭ يەتكەنلىكى، بەندىنىڭ نەپسىگە تەۋە بولۇشنى تەرك ئەتكەنلىكىدۇر.

ۋاھالەنكى، كىچىنى يورۇتقۇچى بۇ گۆھەر (توۋا) قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆن كەچۈرگۈچى ھەربىر كىشىگە لايىق كېلىۋەرمەيدۇ. بۇ تەۋپىق شامىنى ياخشىلىقلار يولباشچىسى ھەركىمگە ھەم ئاتا قىلىۋەرمەيدۇ. ئەمما، قايسىبىر پاكىز تەبىئەتلىك يولدىن ئازغۇدەك بولسا ۋە قايسىبىر زاتى پاك قائىدە ـ نىزامدىن چىقىپ، گۇناھلىق ئىش قىلماق بولسا ۋە شۇ ئازغۇنلۇق ھالىتىگە شۇم نەپسى سەۋەب بولغۇدەك بولسا، ئاللا توغرا يول كۆرسىتىپ، ئۇنى شۇ ھالەتلەردىن ئاگاھلاندۇرغاي. ئۇ ھەم ئاگاھ بولغاچ، ئۆز قىلمىشىدىن خىجالەت بولۇپ، دىمىغىدىن ئۇيات دۇتى چىققاي ۋە بۇ كەبى ئىشلىرىدىن پۇشايمان يەپ، ئەپۇ سورىغاي؛ قىلغان يامان ئىشلىرى ئۈچۈن توۋا قىلىپ، ئورۇنسىز قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتكەي؛ ئاداشقان يولدىن چىقىپ توغرا يولغا كىرگەي!

بۇ مەرتىۋىگە يېتىشىش ـــ تەرىقەت ئەھلىنىڭ ئاۋۋالقى مەقسىتى ۋە مەقسەت مەنزىلىگە يېتىشنىڭ تۇنجى قەدىمىدۇر.

بۇ سائادەتكە يەتمەك كىشىگە ئۆزلۈكىدىن نېسىپ بولسۇن! ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئەنە شۇ ئاللانىڭ پەزلى بولۇپ، بۇ پەزلىنى ئاللا خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ» دېگەن. مەلۇمكى،

ھەربىر دۆلەت ئىگىسى (سائادەتمەن كىشى) بىرەر ۋاستە بىلەن بۇنىڭدىن يەنى يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن ئاگاھ، خەۋەردار بولغاي ۋە بىرەر ۋاستە بىلەن ئۇنى يەنى ياخشى قىلىقلارنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلغاي ! رۇبائىي:

ھەقدىن ئاڭاكىم، يەتتى ئىنايەت ۋەقتى،
كۆڭلىگە يامان سىرايەت ئەتتى ۋەقتى.
ئىسيانىغە پاش ئۆلۈپ نىھايەت ۋەقتى،
بۇ بولدى ھىدايەتغە بىدايەت ۋەقتى.

*ھەقتىن ئىنايەت يەتكەن ۋاقىت، ئىنايەتكە ئىرىشكۈچىنىڭ كۆڭلىگە يامان ئىشلىرى ئايان بولغاي ۋاقىتتۇر؛ بۇ گۇناھلىرى پاش بولۇپ ئاخىرىغا يەتكەن ۋاقىت، ئۇ ھىدايەتنىڭ باشلىنىش ۋاقتىدۇر.*

**ھېكايەت:**

شەيخ ئەبدۇللاھ مۇبارەك (ئۇنىڭ سىرى مۇقەددەس قىلىنسۇن) نىڭ تۈۋىسىنىڭ باشلىنىشى ۋە توغرا يولغا كىرگەنلىكىنىڭ ھىدايىتى مۇنداق:

ئۇ كىشى دەسلەپ بىر گۈزەلنىڭ ئىشقىغا گىرىپتار بولۇپ، خەلق ئارىسىدا مەجنۇن دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر شوخ گۈزەلنىڭ ھۆسنىگە مۇپتىلا بولۇپ، ئەقلى - ھوشى كۆڭۈل مەملىكىتىدىن جۇدا بولغانىدى. قىشنىڭ بىر كېچىسى ئۇ مەشۇقىنىڭ ئۆيىنىڭ تېمى تۈۋىدە ۋىسال ئۈمىدىدە گويا تۇزاقتا چۈشكەندەك مەست - ئەلەس ئولتۇراتتى. شۇ ئەھۋالدا، بۇلۇت ھاۋادىن قار - مۇز ياغدۇردى. تۈن قاراڭغۇلۇقى قار - مۇزلاردىن

ئاپپاق تۇسكە كىرگەنىدى. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قىشنىڭ سوغۇق شامىلى ۋە قار ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭۈل مەملىكىتىگە ئىشق لەشكىرى توختىماي ھۇجۇم قىلاتتى. ئەمما، ئۇ بۇ قاتارلىق شىددەتلەردىن ھېچبىر خەۋەرسىز ئىدى. شۇنداق قىلىپ تاڭ قۇشلىرى نالە قىلىشقا (سايراشقا) باشلىدى. مەزىنلەر بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلاشتى. ئۇ ئەزان ئاۋازىنى ئىشتىپ: «بەلكى بۇ خۇپتەن نامىزىغا توۋلانغان ئەزان بولسا كېرەك» دەپ خىيال قىلغانىدى، ھايال ئۆتمەي تاڭ يورۇشقا باشلىدى. قۇياش ئىچىگە ئىزتىراپ ۋە غوۋغا چۈشتى. سۇبھىنىڭ ئىللىق نۇرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يورۇقلۇق يەتتى. ھىدايەتنىڭ ئىلھامى ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇ ئۆزىگە دېدىكى: «ئەي مۇبارەكنىڭ نامۇبارەك ئوغلى، ئەي تەڭرىنىڭ قاچقان بىئەدەپ قۇلى! خۇپتەن نامىزىنىڭ قىرائىتىدە، ئەگەر ئىمام ئۇزۇنىراق بىر سۈرىنى قىرائەت قىلسا، ئىچىڭ پۇشۇپ كېتەتتى. ھەتتا تالاي پاسىق خىياللار كۆڭلۈڭدىن كېچەتتى. مانا ئەمدى شۇم نەپسىڭنىڭ خاھىشىغا مەپتۇن ۋە پەسكەش تەبىئىتىڭنىڭ ئارزۇ - خىياللىرىغا بەند بولۇپ، قىشنىڭ ئۇزۇن بىر تۈنىنى ئۆتكۈزدۈڭ. بىراق، خۇپتەنگۇ مەيلى، سەھەر ۋاقتى بولغانلىقى ھەم ھېس قىلمىدىڭ!»

بۇ ھالەتتىن ئۇنىڭ ئىچىگە قوزغىلاڭ چۈشتى. ئۇياتتىن روھى بەدىنىدىن چىقىپ كەتكىلى ئاز قالدى. ئاللا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنى يامان قىلمىشىغا پۇشايمان قىلدۇرۇپ توغرا يولغا كىرگۈزدى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ھېچبىر تەۋرەنمەي شۇنداق بىر رىيازەت يولىغا كىردىكى، ئاز ۋاقىتتا مەككە - مەدىنىدە شەيخۇل - ماشايىخ (كاتتا ئىشان) بولۇپ قالدى.

ئۇمىدىم شۇكى، ھەق سۇبھانەھۇ تائالا يولىدىن چىققانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئەزىز قىلغاي ۋە تۇۋىنىڭ بۇ قاتارلىق سائادىتىدىن بەھرىمەن قىلغاي! ئىنشائاللاھ تائالا (ئاللاتائالا خالىسا). رۇبائىي:

تەۋبەئىكىم، ئانىڭ سەئادەتىدىن،
بىرقۇل ئوغلى بۇ پايە كەسىب ئەتكەي.
كىم، ئاڭا شاھلار قۇل ئولغايلار،
مۇڭا ئۆزلۈك بىلە تېچۈك يەتكەي.

*تۇۋىنىڭ سائادىتىدىن، بىر قۇلنىڭ ئوغلى كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ ھەتتا ئۇنىڭغا شاھلار ھەم قۇل بولىدۇ، ئەگەر تۇۋىنىڭ سائادىتى بولمىسا، بۇنداق مەرتىۋىگە ئۆزلۈك بىلەن قانداق يەتكۈلۈك؟*

## ئىككىنچى پەسىل

## تەقۋادارلىق زىكرىدە

تەقۋادارلىق — دۇنيا ئارزۇلىرىدىن كەچمەك، نەپسىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ زەھىرىنى ئىچمەك، ئاي يۈزلۈك جانان ۋە مەرتىۋە خىيالىنىڭ رىشتىسىنى كۆڭۈلدىن ئۈزمەكتۇر.

تەقۋادارلىق — ئار - نومۇس بۇتلىرىنى پاچاقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى تۈزەپ، ئۈمىدۋارلىق نەزىرى بىلەن رىيازەت تەرىقىنى تۇتماق ۋە نەپسىنىڭ بارچە مۇددىئالىرىنى ئۇنتۇماقتۇر.

تەقۋادارلىق — شەرىئەت يولىدا مەردانە تۇرماق، تەرىقەت

ۋادىسىغا مەردانە قويماق، سەجدىگە رىيانى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلانماق، بەلكى ئۇنداق تائەتنى يەنى رىيا ئىبادىتىنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىك؛ بارچە نامەھرەم يۈزىدىن كۆزنى ئاسىرىماق، شەرىئەت قائىدىسىگە خىلاپ بارچە سۆزدىن تىلىنى يىغماق، ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپ ـ سۆزگە قارىتا قۇلاقنى گاس تۇتماق، خالايىققا تەۋە نەرسىلەردىن ئىلىك تارتماق، كۆپ گەپ قىلماق ۋە قوپال سۆزلىمەكتىن ھەزەر قىلماقتۇر.

تەقۋادارلىق ـــ نەپسىنىڭ ئارزۇسىنى رەت قىلىپ روزا تۇتماق، ئادەم تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بولغان ھەرقانداق شەيئىدىن نەپسىنى قاچۇرماق، تائامنى ئاز ۋە ئۆلچەملىك ئىستېمال قىلماق، قائىدە ـ نىزامغا ئەمەل قىلىپ، دائىما خىلۋەتنى دوست تۇتماق، ئۇزاق مۇددەت يالغۇزلۇقنى داۋام ئەتتۈرمەك ۋە كېچىلىرى دائىم قىيام تۇرۇپ ئاللانى سۆزسىز ياد ئەتمەكتۇر.

تەسەۋۋۇپ يولىغا كىرگەن ھەربىر كىشى بۇ مەرتىۋىگە يېتەلىسە، ئۇنىڭ تەبىئىتى چەككەن رىيازىتىنىڭ يۈزى بىلەن نەپسانىيەت ھېرىسمەنلىكىدىن ئېرىغدالغاي، كۆڭۈل ئۆيىگە ئاشنالىق چىرىغىدىن نۇر يەتكەي ۋە ئۇل نۇرنىڭ تەپتى ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەتكەي، ئىبادەتنىڭ ئۇنۇمىنى كۆرۈشكە ۋە چەككەن رىيازەتلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا باشلىغاي؛ ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشىدا سائەت ـ مىنۇتلاپ پايدا كۆرۈلگەي ۋە شۇ ئىشىغا قىزغىنلىقى ئېشىپ بارغاي ھەمدە بۇ ھۇزۇر ـ بەرىكەت قەدەھلىرىدىن ئىچىپ قانمىغان؛ بۇزۇق قەدەھلەرگە بولسا، (نەئۇزى بىللاھ) يېقىن يولىمىغاي!

ئەي تەڭرىم، تەقۋادارلىق جامىنى ئىچىشتىن مەھرۇم قالغان تەشنا لەۋلەرنى ئارزۇسىغا يەتكۈزگىن ۋە بۇ ۋادىدا ئاغزى قۇرۇغانلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغىن! نەزم:

بۇ تەلەبدە كىمكى بولسە ئاڭا روزى ئەتمە ھىرمان،
بۇ لەقەبدە كىمكى بولسە ئاڭا ۋەسلى ئەيلە دەرمان.

*كىمكى بۇ تەلەپتە بولسا، ئۇنى مەھرۇم قىلمىغىن، كىمكى بۇ سۈپەتتە بولسا، ۋەسلىگە يەتكۈز، دەرمان بەرگىن.*

**ھېكايەت:**

تەقۋادارلارنىڭ يېتەكچىسى مەۋلانا شەمھۇددىن جام ۋىلايىتىدىن ئىدى. ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بېرى بارلىق نازۇ - نېمەت، راھەت - پاراغەتتىن ئۆزىنى تارتقانىدى. كۆنلىرى كېچىسى ئىبادەت بىلەن، كۈندۈزى روزا تۇتماق بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ بىر مەسچىتتە يېگانە ياشايتتى. تەرەتتىن باشقا چاغدا سىرتقا چىقمايتتى. ئىنسان جىنسىدىن ھېچنېمە قوبۇل قىلمايتتى. ھەزرىتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەزرەتلىرىگە بولسۇن) نىڭ مۇبارەك چىشلىرى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىت بولغانىدى، ئۇ ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوتتۇز ئىككى تال چىشىنى قالدۇرماي سۇندۇرۇپ تاشلىغانىدى. ئۇ ئوتتۇز يىللىق ئىبادەت جەريانىدا ئاستىغا بىر بورىنى، بېشىغا بىر خىشنى قويۇپ كۆز ئۆتكۈزدى. بىر كۈنى كىچىك مىرزا (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) ئۇ ۋىلايەتتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، كىشىلەردىن بۇ



www.uyghurkitap.com

ئەزىزنىڭ سۆيەتلىرىنى ئىشتىپ، ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەپتۇ. كىچىك مىرزا مەسچىتكە كىرگەندە مەۋلانانىڭ ئۈچىسىدا ئەسكى چاپان، بېشىدا ئەسكى بۆك بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مىرزىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بىر ئۈچۈم كۈمۈش تەڭگە كەلتۈرۈپ، بۇ تەڭگىلەرنى قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

بىراق مەۋلانا: «مەن مۇشۇ تەرىقە بىلەن ياشاشنى ئادەت قىپتىمەن، ھېچنېمىگە (ماددىي بايلىققا) ئېھتىياجىم يوقتۇر. ئەگەر سىزنىڭ يۈز - خاتىرىڭىز ئۈچۈن بۇ تەڭگىلەرنى ئالسام، ماڭا تەلىم بېرىڭچۇ، ئۇنى نېمە قىلاي ۋە قەيەرگە قوياي؟! سىزنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغان بۇ قاتارلىق ئىلتىپاتىڭىزدىن مىننەتدار بولدۇم. سىز ھەم كەرەم قىلىپ مېنىڭ ئۆزرەمنى ماقۇل كۆرۈڭ» دەپتۇ. كىچىك مىرزا بۇ سۆزگە جاۋاب تاپالماي يىغلاپ، قولىقىنى تۇتۇپ يەر ئۆپۈپ يېنىپ چىقىپتۇ. بۇ ۋەقەلەرنى پېقىرغا رەھمەتلىك كىچىك مىرزا ئۆزى بايان قىلىپ بەرگەنىدۇر. بىرنەچچە ۋاقىتتىن كېيىن كەمىنە پېقىر ھەم مەۋلانانىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. بەرھەق، بۇ كىشىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، ئەخلاق - پەزىلىتىنىڭ كىچىك مىرزىنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بىلەن ئوخشاشلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ھەق سۇبھانەۋەتائالا بارلىق تەلەپ ئەھلى ۋە بۇ تەرىقە ھاجەتمەنلەرگە ئول گۈلىستاندىن شادلىق ۋە شۇ گۈلىستانىنىڭ گۈل - گىياھلىرىدىن خۇشاللىق نېسىپ قىلسۇن! نەزم:

كىمكى كۆڭلىدىن ئانىڭ قەاد ئارزۇسى كەتمىگەي،
بۇ دۇرۇر ئۈمىدكىم ھەق ئانى نەۋمىد ئەتمەگەي.

كىمكى كۆڭلىدىن كەمتەرلىك ئارزۇسىنى يىراق قىلمايدىكەن، ئاللا ئۇنى نائۈمىد قويمايدۇ ــ ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ.

## ئۈچىنچى پەسىل

## تەۋەككۇل زىكرىدە

تەۋەككۇل ــ ھەق يولىدا ۋاستە ئەھۋابلىرىنى يوق قىلماق ۋە سەۋەبلەرگە ۋاستىچى ۋە ئۆزرىنى ئارىلاشتۇرماي، باھانە كۆرسەتمەي، ئۆزرىسىز سەۋەب قىلغۇچىغا يەنى ئاللاغا بەندە بولماقتۇر. چۈنكى تەقدىرنىڭ قۇۋۋەت تۇۋرۇكى ئالدىدا سەۋەب رىشتىسى چۈرۈك، قازا مەشئىلىنىڭ نۇرى قېشىدا ۋاستە ئۇچقۇنى ئۆچۈكتۇر.

تەۋەككۇل ئەھلى مەقسەت ۋادىسىغا قەدەم قويىدىكەن، ئۇ ھالدا يول يىراقلىقىنى ئاللانىڭ ئىلتىپاتىدىن؛ تەۋەككۇلى دۇرۇس ئەلنىڭ يېمىكىنى ھەقتائاللانىڭ ئىنئامىدىن، ئىچمىكىنى شەربەتخانىسىنىڭ جامىدىن، كىيىمىكىنى ئېھسان خەزىنىسىدىن دەپ بىلىشى كېرەك. بەس، بولمىسىغۇ مەيلى، بولار يەنى يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيمەك ھازىر بولغانىكەن، يەنە نېمىگە خۇشال بولمىغۇلۇق؟! ئاۋادا دەريادىن ئۆتۈشكە كېمىنى سەۋەب دېسەڭ، تاپىنى نەم بولماي ئۆتكۈچىلەرگە نە سۆزۈڭ بار!؟ باياۋاندا يول يۈرۈشكە ئات ـ ئۇلاغنى ۋاستە دېسەڭ، يەر يۈزىنى ئازلا ۋاقىت ئىچىدە كېزىپ چىققۇچىلار ئالدىدا ئات ـ ئۇلاغقا نە ئېتىبار!؟ مەلۇمكى، سېنىڭ نېسىۋەڭنى يەنە بىرى يېمەس، باشقا بىرىنىڭ نېسىۋىسىنى سېنىڭ يېمىكىڭ ھەم مۇمكىن ئەمەس.



www.uyghurkitap.com

سىنىڭ روزغارىڭ ئۆزۈڭگە، باشقىلارنىڭ قىسمىتى ھەم ئۆزگىدۇر. گېزى كەلسە، تىلىمىسەڭمۇ تەڭرى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ يېمىسەڭمۇ يېگۈزۈپ قويىدۇ. ئەمما، «بۇنى ئاڭلىغان قۇتۇلۇپمۇ تۇرمۇش ئۈچۈن مېھنەت چېكەردىن، تىپىپتۇلار پاراغەت ئۈچۈن دانلار تېرىشتىن» دېگەندەك بولۇپ قالمىغاي، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھۈنەر ـ كەسىپتە تىرىشىش تەۋەككۇل تەسۋىرىدىن، مەئىشەت يەنى راھەت ـ پاراغەت ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش سۆزسىز ھالاكەتتىن نىشانىدۇر. لېكىن، تەڭرىنىڭ رىزىقلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى روزغار ئۈچۈن غەم يېمىگەي، رىزىق ئۆلەشتۇرگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى روزغار ئارزۇسىدا ھېچ سۆز دېمىگەي. پۈتكۈل ئۇچار قانات، جان ـ جانىۋارلارنىڭ رىزقىغا كېپىل بولغان تەڭرىم ساڭا رىزىق يەتكۈزۈپ بەرمەسمۇ؟ تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئەزەل قىسمىتىنى ئارتتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش — يېقىن رىشتىسىنى بوغۇپ قويۇشقا ئۇرۇنغان بىلەن باراۋەر؛ ئەستايىدىللىق بىلەن قەلەم يازغان قازاغانى قايتۇرۇشقا ئۇرۇنۇش — قۇرۇق يەردە كېمە ھەيدەشكە ئۇرۇنغان بىلەن باراۋەر؛ بەلكى بۇ كۆڭۈل ئۆيى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغان لەنىتىلەرنىڭ، قەلب كۆزى ھەقىقەت قۇياشىدىن چەتنىگەن كورلارنىڭ ئىشىدۇر.

تەۋەككۇل ئەھلى بارلىق سەۋەب ۋە ۋاسىتىلەردىن كۆز يۇمۇپ، ئۆزلىرىنى تەۋەككۇل دەرياسىغا تاشلىغاي؛ كېيىنكى رىزىق يەتكۈزگۈچى — ھەقنى بىلگەنىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا يەنى رىزىق يېگۈزگۈچىگە ھەم چىن ئىخلاس بىلەن ئەقىدە قىلغاي، شەك كەلتۈرۈشتىن، ئىككىلىنىش ۋە غەيرىي مەسىلەكلەردىن يىراق تۇرغاي، تەۋەككۇل باياۋانلىرىغا ۋاستىسىز قەدەم تاشلاپ

ئۆزىنى مەقسەت كەپىسىگە يەتكۈزگەي ! نەزم:

كىمكى قەتئى ئەتسە تەۋەككۇل قەدەمى بىرلە تەرىق،
ياغىنۇ سەيل ئاڭا مۇزىي ئېمەس بەرقى ھەرىق.

*كىمكى تەۋەككۇل قەدەمى بىلەن يول يۈرسە، ئۇنىڭغا يېغىن ۋە سەل، كۆيدۈرگۈچى چاقماقمۇ ئازار يەتكۈزەلمەيدۇ.*

**ھېكايەت:**

شەيخ ئىبراھىم بىر مۇرتى بىلەن (ئۇنىڭ سىرى مۇقەددەس قىلىنسۇن) تەۋەككۇل قىلىپ كەبىگە سەپەر قىلدى. شەيخ جانابى مۇرىتىغا دېدىكى:

— سەندە يوشۇرۇپ قويغان بىرەر نەرسە بارمۇ؟

— ياق، مەن ئۇشبۇ سەپەرگە تەۋەككۇل بىلەن قەدەم قويدۇم، — دېدى مۇرتى شەيخكە، — مەندە يوشۇرۇپ قويغۇدەك نېمە بولسۇن؟

يەنە بىر نەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن شەيخ مۇرىتىغا:

— ئۆزۈڭنى ياخشىراق تەكشۈرۈپ باق، يوشۇرۇۋالغان بىرەر نەرسە بولسا تاشلىۋەت، چۈنكى مېنىڭ ئايىغىم ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

مۇرتى دېدىكى:

— مەندە بىر - ئىككى تال ئاياغ بوغقۇچى بار. سەپەر جەريانىدا ئايىغىمنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتسە ئىشلىتەرمەن دەپ ئېلىۋالغان.

شەيخ مۇرىتىغا ئېيتتى:

— شۇ تاپتا ئايىغىڭنىڭ بوغقۇچى ساقكەن، تېخى

ئۇزۇلمەپتۇ. بەس، ئارتۇق بوغقۇچنى تاشلىۋەت!

مۇرىتى دەيدۇكى: «بوغقۇچنى تاشلىماي چارەم يوق ئىدى. ئامالسىز بوغقۇچنى تاشلىۋەتتىم. كۆڭلۈم غەش كېتىپ باراتتىم، يولدا كۆتۈلمىگەندە ئايىغىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتتى. بۇ خۇسۇستا شەيخكە تەنە قىلماق خىيالىدا ئۈزۈلگەن بوغقۇچنى يېشىپ تاشلىماق بولۇپ، قولۇمنى ئايىغىمغا ئۇزاتتىم. كۆردۈمكى، ئايىغىمنىڭ يېنىدا بىر تال بوغقۇچ تۇرۇپتۇ. مەن ئەجەبلىنىپ ئۇ بوغقۇچنى ئايىغىمغا تارتتىم ۋە شەيخقە ئەگەشتىم. قاچانكى، ئايىغىمنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كەتسە، شۇئان بىر بوغقۇچ پەيدا بولاتتى. بۇ ئىش تۆپەيلى مېنىڭ تەۋەككۇلۇم يەنى تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە بولغان ئىشەنچىم دۇرۇسلاشتى.»

تەۋەككۇل ئەھلى ھەق يولىدا مانا مۇشۇنداق ماڭغان ۋە غەيرىي خىياللارنى كۆڭلىدىن شۇ يول بىلەن چىقىرىشقاندۇر.

نەزم:

تەۋەككۇل چۈن دۇرۇست ئېرمەس مەھەلدۇر،
ئانى نەئلىنىڭ ئارتۇق شىراكى.
دۇرست ئۆلسە يىغىلغاچ گەنجى قارۇن،
يوق ئولدەم راھەرنىڭ ھېدچ باكى.

*تەۋەككۇل يەنى تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە بولغان ئىشەنچى دۇرۇس بولمىغان چاغلاردا، ئۇنىڭغا ئايىغىنىڭ بوغقۇچىمۇ ئارتۇقلۇق قىلىدۇ؛ ئەگەر تەۋەككۇلى دۇرۇس بولسا، قارۇننىڭ*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



## تۆتىنچى پەسىل

## قانائەت زىكرىدە

قانائەت ـــ ئىبادەت قىلغۇدەك قۇۋۋەت ھاسىل قىلىپ، شۇ قۇۋۋەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەك ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بارچە نېمىنىڭ ھەۋىسىنى خىيالىدىن كۆتۈرمەك، بىناۋالىق بىلەن نەپسىنى يىغماق ۋە مەھرۇملۇق بىلەن شەھۋەتنىڭ زورىنى سۇسلاشتۇرماقتۇر.

قانائەت ـــ بىر چەشمىدۇركى، ئالغان بىلەن سۈيى قۇرۇمايدۇ؛ ئۇ بىر خەزىنىدۇركى، بايلىقى ئىشلەتكەن بىلەن ئۆكسۈمەيدۇ. ئۇ بىر ئېكىنزارلىقكى، ئۇرۇقى ئىززەت ۋە شەركەت ھوسۇلىنى بېرىدۇ. ئۇ بىر دەرەختۇركى، شېخى غۇرۇر ۋە ھۆرمەت مېۋىسىنى بېرىدۇ.

قانائەت كۆڭۈلگە روشەنلىك يەتكۈزىدۇ، كۆز ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق نەتىجىسىنى كەسىپ ئېتىدۇ يەنى كۆز ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ھاسىل قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، قانائەتلىك دەرۋىشنىڭ قۇرۇق نېنى تاماگەر شاھنىڭ داستىخىنىدىكى نازۇ نېمەتلەردىن ياخشىراقتۇر. قانائەتكە ئادەتلەنگەن پېقىرنىڭ گۆشسىز ئۇمىچى ئېلىشنى بىلىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغان باينىڭ ئاۋات ـ ھالۋىسىدىن تاتلىقراقتۇر.

شاھ شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئالمىغاي، ئەمما بەرگەي. گاداي شۇنداق بولۇشى كېرەككى، بۇزۇپ چاچمىغاي، ئەمما تەرگەي. كىمكى قانائەتكە ئادەتلەنگەن بولسا، شاھلىق ياكى

گادايلىق تەشۋىشىدىن ئازاد بولغان بولىدۇ؛ گەرچە تىرىكچىلىك ئۈيى تار بولسىمۇ، ئەمما بۇ ھەقتە ھەرقانچە مۇبالىغە قىلساڭ بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، قانائەت بىر قورغانكى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ، نەپسىنىڭ غەلۋىسىدىن قۇتۇلىسەن. قانائەت بىر تاغدۇركى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقساڭ، دوست ـ دۈشمەنگە موھتاج بولمايسەن. قانائەت ـ كەمتەرلىكتۇركى، نەتىجىسى يۈكسەكلىك. قانائەت ـ موھتاجلىقتۇر، پايدىسى ئېھتىياجسىزلىق. قانائەت ـــ تېرىلغۇ يەردۇر، ئۇرۇقى بايلىق. قانائەت ـــ دەرەختۇر، مېۋىسى موھتاجسىزلىق. قانائەت ـــ مەيدۇر، ئاچچىق، لېكىن كەيپى تاتلىق؛ يولى قاتتىق، ئەمما مەنزىلى شادلىق.

قانائەتتە قانچىكى راھەت ـ پاراغەت بولسا، ئەكسىچە تامادا شۇنچە رەزىللىك ۋە ئوقۇبەت بولىدۇ.

خەسىس (بېخىل) تەبىئەتلىك ئادەمنىڭ دوستلۇقىغا ناكەس ۋە تىلەمچىلەر دۇرۇس؛ پەسكەشلىك ئۇلارنىڭ پېئىل ـ ئەتىۋارىغا مۇناسىپتۇر. ئۇلارغا يېقىنلىشىش ـــ خارلىقتىن، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ـــ تەنتەكلىكنىڭ نىشانىدۇر. ھەركىمدە بۇ خىل سۈپەت ۋە ئادەت مەۋجۇت بولىدىكەن، بۇنداق ئادەمنى خەلق يامان كۆرىدۇ، ياقتۇرمايدۇ؛ چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ناكەسلىك ۋە رەزىللىك راۋاج تاپقان، ئادەملىك ۋە ئىنسانىيلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە زاۋال تاپقان. بۇنداق ئادەملەر يەنى خەسىس تەبىئەتلىك ناكەسلەر ئار ـ نومۇس ئۆيىنى كۆيدۈرگۈچى ئوتتۇر؛ ئىززەت ـ ھۆرمەت خامىنىنى سورىغۇچى ۋە ئۇلۇغۋارلىق شامىنى ئۆچۈرگۈچى شامالدۇر. تاماگەر ئىنئامغا، شىرە (داستىخان) تائامغا تويمايدۇ. ئۇ بىرى يەنى تاماگەرلىك ـــ پەسلەرنىڭ ھەرىكىتى، بۇ بىرى، يەنى ئاچ كۆزلۈك ـ

ھايۋانلارنىڭ سۈپىتىدۇر.

قانائەت شۇنداق بىر جەۋھەردۇركى، ئەلنى ئەنە شۇ ئىككى بالادىن قۇتقۇزىدۇ ۋە شۇ خىل ئاپەتتىن خالاس قىلىدۇ.

بۇ ئىككىسى يەنى تاماگەرلىك ۋە ناكەسلىك شۇنداق يامان ئادەتكى، بۇلار گويا يېقىمسىز قوشكېزەكلەردۇر. ئۇ بۇنىڭدىن يامان، بۇ ئۇنىڭدىن يامان؛ ئىككىلىسى ھەممە ياماندىن ياماندۇر. بۇلارنىڭ بىرى ناكەس ۋە بىرىنىڭ ئىقبالى پەس، ئەمەلىيەتتە، ئىككىلىسىنىڭ ماھىيىتى بىردۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تولىمۇ مۇۋاپىق يەكۈنلەپ قانائەتنى ئەزىز، تاماني زەلىل (خار) دېگەن نەزم:

ھەركىمكى قەنائەت تۇرفى نىسبەتى بار،
بارچە ئەل ئارا تەۋازۇئۇ ئىززەتى بار.
ئوكىم تەمەئۇ ھەرىس بىلە ئۇلفەتى بار،
ياخشىيۇ يامان ئىچرە زىللەتۇنىكبەتى بار.

*قانائەتنىڭ ئېسىل خىسلەتكە ئىگە كىشى، بارچە ئەل ئارىسىدا ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ؛ تاما ۋە ھېرىس بىلەن ئۇلپەتلەشكەن كىشى، ياخشى ـ يامانلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشاشلا خار ۋە شۇم كۆرۈنىدۇ.*

**ھېكايەت:**

تەقۋادارلىقنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىنى ئاچقۇچى بىر شەيخ ئۇلۇغلارنىڭ زىيارەتگاھىنى تاۋاپ قىلىش (ئۇنىڭ سىرى مۇقەددەس قىلىنىشۇن) ۋە ئىبادەتنىڭ پاراغىتى ئۈچۈن قانائەتنى ئادەت قىلىپ، مەھەللىسىدىكى زىيارەتگاھنىڭ بىر

بۇرجىكىدە ماكان تۇتۇشنى ئىختىيار قىلدى. خەلقىنىڭ پۇل ـ مال ۋە ھەدىيەسىگە كۆز سالمىدى. شاھلارنىڭ ئىنئام ۋە سوۋغىلىرىغا پەرۋا قىلمىدى. مىراس قالغان كىچىككىنە يېرىگە دەرەخ تىكتى، زىرائەت تېرىدى. ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولى بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆتىدى. دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلدى. بۇ قاتارلىق قانائەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، تەڭرىنىڭ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ «قانائەت كىشىنى ئەزىز قىلىدۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ قانائىتىنىڭ نەتىجىسى شۇ يەرگە يەتتىكى، ھىرات شەھىرىنىڭ سۇلتانى، ۋەزىر ـ ئۆلىمالار، ماشايىخ ـ تەقۋادارلار ئۈچ فەرسەخ[①] يولنى كېزىپ، ئۇ بۇزرۇكنىڭ خىزمىتىگە كېلەتتى ھەمدە بوسۇغىسىنىڭ تۇپرىقىنى ئۆلچىمەك بىلەن پەخىرلىنىپ، باشلىرى كۆككە يېتەتتى. ھەتتا شەيخنىڭ تېرىغان زىرائەتلىرىدىن پىشۇرۇلغان ناندىن ۋە ياكى مېۋىلەردىن ئازغىنە بولسىمۇ قولىغا تەگسە، كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، قويۇنلىرىغا سېلىپ، تەۋەررۇك ئۈچۈن شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ خوتۇن ـ بالىلىرىغا بېرىشەتتى. نان، مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكەنلەر بولسا، ئاخىرەت نىجاتلىقىغا ئېرىشكەندەك ئۈمىدۋار بولۇشاتتى.

قانائەتنىڭ نەتىجىسىنى بۇنىڭدىن كامىلراق ھېچكىم تامايان قىلغان ۋە خۇرسەنلىك باغچىسىنىڭ گۈل ـ گىياھلىرىنى مۇنىڭدىن خوش پۇراقلىقراق ھېچكىم ئېچىلدۇرغان ئەمەس. نەزم:

جەھان ئىچرە كۆپ سۇنئ كۆرگۈزدى سانىئ،
ئىمەستۇر كىشى تۇرفە ئاغزاكى قانىئ.

---

①ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، بىر فەرسەخ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ.

كىشىدىن تەلەپسىز غىنا ھاسىل ئەمەلى
يەنە جۇدغە بولماماق ھېچ مانىئ.

*تەڭرىتائالا جاھان ئىچىدە (ئىنسانلار ئۈچۈن) نۇرغۇن يارالمىشلارنى ئاتا قىلدى، بۇنىڭغا ھەيران قالغۇلۇق ئەمەس، پەقەت قانائەت قىلغۇچىلاردىن بول؛ كىشىدىن تەلەپسىز ھاسىل قىلىنغان بايلىق يەنى ئۆزۈڭ ئىشلەپ يىغقان مال - دۇنيالىرىڭمۇ، سېخىيلىقىڭغا ھېچقاچان توسالغۇ بولمىسۇن.*

## بەشىنچى پەسىل

## سەۋر زىكرىدە

سەۋر ــ نەپسانىيەت خاھىشىدىن ئۆزىنى تارتماق ۋە جىسمانىي راھەت - پاراغەتتىن نەپسىنى يىغماق؛ ئىبادەت مېھنىتىدە قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلماق ۋە رىيازەت - مۇشەققەتتە ھەق يولدا قاتتىق ۋە يىرىككە چىدىماق؛ ياخشى - ياماندىن ئىشىتكەن ۋە كۆرگەنلىرىگە تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلماق دېگەنلىكتۇر.

سەۋر ــ ئاچچىقتۇر، ئەمما مەنپەئىتى تاتلىقتۇر؛ سەۋر ــ قاتتىقتۇر، ئەمما زىيان - زەخمەتنى يوق قىلغۇچىدۇر. سەۋر ئىپتىكىنى مەھكەم تۇتقان قايسىبىر بەختسىز مۇرادىغا يېتەلمەي قالغان ۋە سەۋر بەندىگە كۆڭۈل باغلىغان قايسىبىر گىرىپتارنىڭ بەخت تۈگۈنى يېشىلمەي قالغان !؟

سەۋر ــ شادلىق كەلتۈرگۈچى ۋە بەند ئىشىكىنى ئاچقۇچىدۇر. سۆھبىتى زېرىكتۈرەرلىك بولسىمۇ، سەۋر ــ بىر

يولداشتۇركى، ئۇ كىشىنى هامان مۇرادىغا يەتكۈزىدۇ؛ سەۋر ـ ئۈزاقنى كۆزلەيدىغان ئۇمىدۋار بىر ئۇلپەتتۇركى، ئۇ كىشىنى هامان مەقسەت ئىشىكىگە ئېلىپ بارىدۇ. سەۋر ــ ئاستا يۇرسىمۇ، ئەمما مەنزىلگە يەتكۈزگۈچى ئاتتۇر؛ سەۋر ــ قەدىمى ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما كۆزلىگەن بېكەتكە يەتكۈزگۈچى تۆگىدۇر.

سەۋر ــ ئاچچىق سۆزلۈك نەسىھەتچىدۇركى، كىشىنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭدىن ئازار يەيدۇ، ۋە لېكىن ئەمەل قىلساڭ، ئاخىرىدا مەقسىتىڭ هاسىل بولىدۇ. سەۋر ــ تېۋىپدۇركى، ئۇ گويا تەمسىز دورىغا ئوخشايدۇ، دەسلەپتە بىمار ئۇنىڭدىن بىئاراملىق هېس قىلىدۇ، ئەمما ئاخىرىدا يەنىلا ساغلام تەنگە ئېرىشتۇرىدۇ.

ئىشق ئەهلى بۇ سۆزنى (يەنى «سەۋر» سۆزىنى) ئىشىتكەن هامان ئۆزگىچە هېس قىلىشىدۇ، ۋە لېكىن سەۋر نەتىجىسىدىلا يار ۋەسلىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئايرىلىش ئازابىنى تارتقۇچىلار سەۋر سۆزىنى ئەسلەشتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرىدۇ، ۋە لېكىن ئاخىرىدا سەۋر تۇپەيلى يارى بىلەن دىدارلىشالايدۇ. سەۋرنىڭ ئۇمىدۋارلىق قەپىسىدە جان بۇلبۇلىغا نە خامۇشلۇق پايدا بەرگەي، نە كۈي ۋە نە نالە؛ سەۋر مەجلىسىدە روھ تۇتىسىغا نە سۈكۈت نەپ يەتكۈزگەي، نە پەرياد ۋە نە پىغان !؟

ۋاهالەنكى، سەۋر سەهراسىدا پاراغەت بىلەن ئىزتىراپ باراۋەردۇر؛ سەۋر دەشتىدە ئارام ئالماق بىلەن ماڭماق باراۋەردۇر. سەۋر بار يەردە ئايرىلىش ئوتىدا كۆيگەنلەرگە ئۆلۈم دېگەندىن غەم يوق، ئىشتىياق ئىگىلىرىگە غەم ئوتىدا كۆيۈش دېگەندىن ئەلەم يوق.

سەۋر ــ جۇدالىق شامىدەك قاراڭغۇ ۋە ئۇزۇن، ئەمما

نەتىجىسى ۋىسال تېگى؛ سەۋر ــــ ھەج يولىدىكى مۇشەققەتلىك ۋە يىراق، ئەمما مەنزىلى ئىقبال كەبىسى. بالاغا گىرىپتار بولۇپ، نابۇت بولۇش خەۋپى ئاستىدا قالغان كىشىنىڭ ھاياتى سەۋر تۈپەيلى ئازاد؛ ھەرقانداق نائۇمىدنىڭ ئۆلگەن روھى سەۋر تۈپەيلى تىرىك.

سەۋرسىزلىك ــــ ئاشىقلارنى ئۆلتۈرگۈچى مەرەز، بىمارلارنى ھالاك قىلغۇچى زەھەردۇر. ساق تەن سەۋرسىزلىك تۈپەيلى كېسەلگە مۇپتىلا بولىدۇ؛ كىشىنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى سەۋرسىزلىك تۈپەيلى كاردىن چىقىدۇ.

روھ سەۋرسىزلىك تۈپەيلى ئىللەتكە گىرىپتار بولىدۇ؛كۆڭۈل سەۋرسىزلىك تۈپەيلى بىتاقەت ۋە چىدامسىز بولىدۇ. سەۋرنىڭ يول - باياۋانلىرى ئاپەت قاراڭغۇلۇقى بىلەن قاپلانغان، كىمكى ئۇ يولنى كېسىپ ئۆتەلىسە، خىزىر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ھاياتلىق سۈيىدىن بەھرە ئالالايدۇ.

سەۋرنىڭ جەبىر - جاپا يۈكىنى كۆتۈرگەنلەردىن بىرى ئەييۇب نەبىي (ئەييۇب ئەلەيھىسسالام)، يەنە بىرى مۇھەممەد ئەرەبىي (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدۇر.

نەزم:

ئەجەب رەنجىكى ئاندىن سەئب يوق رەنج،
ۋەلى چەككەن كىشىنىڭ بەھرەسى گەنج.

*سەۋر ئاجايىپ بىر رەنج - مۇشەققەتكى، ئالەمدە ئۇنىڭدىن ئۆتە قىيىنچىلىق ــــ جەبىر ــــ جاپا يوق؛ لېكىن، شۇ رەنج - مۇشەققەتنى چەككەن، قىيىنچىلىق -جەبىر - جاپاغا چىدىغان كىشىلا خەزىنىگە ئېرىشەلەيدۇ.*

هېكايەت:

بىر ناتىۋاننىڭ كۆڭلىگە بىر گۈلىيۈزنىڭ ئىشقى چۈشتى. بىراق، ئۇ شۇ ئىش تۈپەيلى تۆھمەت بىلەن زىندانغا گىرىپتار بولدى. تۆھمەتنى بويىنىغا ئالدۇرۇش يەنى تۆھمەت بويىچە ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلمىغان ئازاب قالمىدى. ئەمما، ئۇ مەخپىي سىرىنى قىلچە بىلدۈرمىدى. ئاقىۋەت بىر كۈنى مىرشەپلەر بىرىپ ئۇنى كويزا - كىشەنلەرنى بوشاتماستىنلا زىنداندىن تارتىپ چىقاردى ۋە پۇت - قولىنى سوزۇپ يەرگە ياتقۇزدى. ئاندىن بىر قۇچاق ياغاچنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى تاكى ياغاچ سۇنۇپ تۈگىگىچە كالتەكلىدى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى باشتىن - ئاياغ جاراھەتلەندى. بارى ئەزاسىنىڭ تېرىسى سويۇلدى. تاياق زەربىسىدىن بەدىنى شۇقەدەر زەخىم يېدىكى، ئاققان قان مەيداننى قىپقىزىل بويىۋەتتى. ئەمما، ئۇ بىچارە مۇتلەق ئۈن چىقارمىدى ۋە ئىقرار سۆزىنى تىلىغا ئالمىدى. ناھايەت، مىرشەپلەر ئۇنى ئۇرۇپ - ئازابلاپ چارچىدى ۋە مەيداندىن سۆرەپ چىقىرىپ، نائىلاج قويۇپ بەردى. ئۇلار ھەرھالدا، ئىنساب ئالمىدە ئازغىنە بولسىمۇ توغرا ئىش قىلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئازاب قىلغۇچىلار يىراقلاشقاندا، يەتكۈچە ئازابلانغان بىچارە ئاغزىدىن پارچىلانغان تەڭگىنى چىقاردى. توپلىشىۋالغان كىشىلەر ئۇنى كۆردى ۋە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەلۇم بولدىكى، مىرشەپلەر بۇ بىچارىنى كالتەكلەۋاتقان چاغدا، مەشۇقى كەلگەن ۋە بىر بۇلۇڭدا تۇرۇپ، ئاشىقىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭغا جەبىر - زۇلۇم قىلىنىۋاتقاندا، ھەر زەربىدە ئاغزىغا سېلىۋالغان تەڭگىنى چىشىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، قاتتىق چىشلىگەن ۋە

چىشىنىڭ زەخمىدىن ئۇ تەڭگە سۇنۇپ ـ پارچىلىنىپ كەتكەنىكەن. ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى سەزگەن ئاشىق ئۆز مەشۇقىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ سەۋر ـ چىدام كۆرسىتىپ، ئوت ـ تىن چىقارمىغان.

بۇ مەنزىرە ـ ھالەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مەشۇقى مېھىر ـ شەپقەت بىلەن قېشىغا كېلىپ، يۇمشاق سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ يارىلىرىغا مەلھەم قويدى ۋە چۇچۇك تىللىرى بىلەن مەجرۇھ تېنىگە جان كىرگۈزدى. بۇ ئاشىق يىگىت خىيالىغىمۇ كەچمىگەن يەنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولماس دۆلەتكە سازاۋەر بولدى ۋە خىيال قىلىپمۇ يېتەلمەيدىغان سائادەتكە ئېرىشتى. مانا بۇ پۇتۇنلەي سەۋر ـ چىدامنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇ بۇنداق بەختكە پەقەت ئازاب ـ ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىش ئارقىلىقلا ئېرىشەلىدى. نەزم:

> كىمكى بىر شىددەت ئارا سەبرۇ تەھەممۇل ئەيلەدى،
> بەخت ئانىڭ نىشىنى نۇشۇ خارىنى گۇل ئەيلەدى.

*كىمكى بىرەر قىيىنچىلىق ـ مۇشەققەت ئارا سەۋر ۋە چىدام كۆرسەتسە، بەخت ئۇنىڭ زەھىرىنى ھەسەلگە، تىكىنىنى گۈلگە ئايلاندۇرۇپ بېرىدۇ.*

## ئالتىنچى پەسىل

## تەۋازۇ (كەمتەرلىك) زىكرىدە

تەۋازۇ (كەمتەرلىك) ــ كىشىنى خەلقنىڭ مۇھەببىتىگە

ئېرىشتۈرىدۇ، ئادەملەر بىلەن دوستلاشتۇرىدۇ. تەۋازۇ — دوستلۇق گۈلشىنىدە پاكلىق گۈللىرىنى ئېچىلدۇرىدۇ ۋە ئۇ گۈلشەندىن ئىنسان ئارا ئۈلپەتچىلىك بەزمىسىگە تۈرلۈك گۈللەرنى چاچىدۇ. تەۋازۇ — تەكەببۇر دۈشمەنگە مۇلايىملىق ۋە كەمتەرلىك يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ غەيرىي مىجەزلىك، مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئىنسانىيلىق زوقىنى ئولتۇرغۇزىدۇ. تەكرار كۆرسىتىلگەن تەۋازۇ — ئۇياتسىز مەنمەنچىنى ئۇيات چېگراسىغا باشلايدۇ ۋە ھەددىدىن تاشقىرى ئىنسابسىز دۈشمەننى يامانلىقتىن (يامان يولدىن) قايتۇرىدۇ.

كەمتەر كىشى بارچە ئادەمنىڭ ياخشىسى ۋە بارچە خەلق ئۈچۈن يېقىملىقتۇر. ئۇ غادىيىۋالغانلاردىن خېلىلا گۈزەل ۋە دۆلەتمەنلەردىن خېلىلا ھۆرمەتلىكتۇر.

كەمتەر كىشى مەيلى تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا بولسۇن، مەيلى كاتتىلار ئارىسىدا بولسۇن تەھسىن ـ ئاپىرىنغا لايىقتۇر. چۈنكى كەمتەر كىشى ھېچبىر سېخىيلىق قىلماي تۇرۇپمۇ، ئەلنى خۇش قىلالايدۇ، سەۋەب قىلماي تۇرۇپمۇ، ئەلنى غەمدىن خالاس قىلالايدۇ.

ئەدەپ يەنى كەمتەرلىك — كىچىك ياشلىقلارنى ئۇلۇغلار دۇئاسىغا سازاۋەر قىلىدۇ؛ ياشلار ئۇ دۇئانىڭ بەرىكىتى بىلەن ئۆمرىنى شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشىدۇ. ئەدەپ — كىچىكلەرنىڭ مېھرىنى ئۇلۇغلارنىڭ كۆڭلىگە سالىدۇ ۋە شۇ ئەدەپلىك ياشلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت ئۇلۇغلار كۆڭلىدە ئەبەدىي ساقلىنىدۇ. ياشلارنى باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئۇلۇغ قىلىپ كۆرسىتىدىغان پېئىل ـ ئەتىۋار — ئەدەپ يەنى كەمتەرلىكتۇر. كىشىلەر ئەدەپلىك ياشلارنى يۇرۇش ـ تۇرۇشىدىنلا ھۆرمەتلەيدۇ.

ئەدەپ (كەمتەرلىك) ـ باشقىلار تەرىپىدىن قىلىنىشى مۇمكىن بولغان ھۆرمەتسىزلىك ئىشىكىنى تاقايدۇ، ئادەمنى ھەزىل ۋە مەسخىرىدىن، كەمسىتىلىشلەردىن ساقلايدۇ. ئەدەپ (كەمتەرلىك) ـ كىشى تەبىئىتىگە ئىنسانىيلىق تەرىقىنى بېغىشلايدۇ، ئادەملىك مەنزىلىدە مىزاجنى تەڭشەپ، كىشىگە ئارام ئاتا قىلىدۇ.

ئەدەپتىن كىچىكلەرگە شۇقەدەر نەتىجە (مەنپەئەت) يەتكەن يەردە، ئۇلۇغلار (چوڭلار) غا قانچىلىك يېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولماس. ئەدەپ (كەمتەرلىك) ـ مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ زىننىتىدۇر. ئەدەپسىزلىك دوستلۇقنىڭ راۋاجىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ؛ ئەدەپ ۋە تەۋازۇ دوستلۇق كۆزگۈسىگە روشەنلىك ئاتا قىلىدۇ ۋە ئىككى ئارىغا يورۇقلۇق بېغىشلايدۇ.

تەۋازۇ ۋە ئەدەپ ئەھلىگە ھەممە تەزىم قىلىدۇ ۋە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئەدەپ ئۇرۇقىنى تىككەن ئادەمنىڭ ھاسىلاتىمۇ مول بولىدۇ.(جەمئىيەتتە) ئەدەپلىك ۋە گۈزەل خۇلقلۇق ئادەملەر كۆپەيگەنسېرى، كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقمۇ، بىر ـ بىرىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ. ئەگەر كىشى ئەدەپ ۋە تەۋازۇ كەبى ياخشى خۇلقىقا ئىگە بولىدىكەن، ھەرقاچان خەلقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. دوستلۇق ھەم ئەنە شۇنداق ئەدەپ ـ تەۋازۇ ئۈستىگە قۇرۇلسا، كىشىلەر ئارا شۇ يوسۇنلۇق سۆھبەت ۋە مۇناسىۋەت بولسا، نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە ! (بەرھەق) بۇنداق ئەھلى ئىتتىپاق، مۇھەببەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ــ دوستلار ئۈچۈن بەخت ـ سائادەتتۇر.

تەۋازۇ ۋە ئەدەپ ماھىيەتتە ئاللانىڭ رىزالىقىغا ئېرىشمەك ۋە

ئاخىرەتتە ھەقىقەت بوسۇغىسىغا يېتىشمەكنىڭ ۋاسىتىسىدۇر. شۇڭا كىشى ئەگەر، ھەر ئىش ـ ئەمەللىرىدە تەۋازۇ ۋە ئەدەپنى ئۆزىگە ئادەت قىلىدىكەن، ئاللانىڭ شەپقەت ـ سائادىتىگە؛ خەلققە بولغان دوستلۇقى ـ ھۆرمىتىگە يارىشا دۆلەتكە مۇيەسسەر بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مەرتىۋىگە ئېرىشمەكنى ئىستىگەن كىشى چوقۇمكى، مۇلايىم ۋە كەمتەر بولۇشى؛ تەكەببۇر، شەخسىيەتچى، جاھىل ۋە نادان بولماسلىقى لازىم. نەزم:

ئەقلۇ ھىكمەت ئىشىدۇر بۇيلە مەئاش ئايىن،
تاپقاي مۇنى ھەر نەفسپەرەست خۇدبىن.

*بۇنداق ھايات ئەقىل ۋە ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ نېسىۋىسىدۇر، نەپسانىيەتچى ۋە تەكەببۇر كىشىگە ئۇ ھەرگىزمۇ نېسىپ بولمايدۇ.*

**ھېكايەت:**

رىۋايەت قىلغۇچى ۋە قىسسە ئېيتقۇچى راۋىيلار شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر قېتىملىق شىكاردا خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ شاھلىق تاجىدىن چاقناپ تۇرغان بىر دانە گۆھەر ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ھەممە ئوۋ ھەلەكچىلىكىگە بەند بولغىنى ئۈچۈن، بۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمايدۇ. شىكار ئەھلى ئوۋدىن كېيىن مەداينىغا قايتىدۇ. شۇندىلا شاھ تاجىدىكى گۆھەرنىڭ يوقالغىنىنى بىلىدۇ ۋە شۇئان خالايىققا مەلۇم قىلىپ، ئۇ ئەتىۋارلىق گۆھەرنى ئىزدەشكە كىرىشىدۇ. چۈنكى شاھ تاجىنىڭ زىننىتى بولغان ئۇ گۆھەرنىڭ قىممىتى پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ خىراجىغا باراۋەر ئىدى. شۇڭا پادىشاھ گۆھەرنى تېپىپ

كەلگۈچىلەرگە كاتتا ئىنئام ۋە مۇكاپات بېرىشقانلىقىنى ۋەدە قىلدى.

خەلق ئۇ باياۋاندا گۆھەرنى تېپىش ۋە ئىنئامغا ئېرىشىش ئارزۇسى بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇ مەھەلدە بىرى غاپىل ۋە بىرى هوشيار ئىككى كىشى بۇ باياۋاندا ئۇچرىشىپ قېلىپ ، ھەمراھ بولۇشقانىدى. غاپىل جاھىللىقى تۇپەيلى غادايغان، هوشيار بولسا، تەۋازۇ ۋە ئەدەپ يۈزىسىدىن ئىززەتلىك ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى مۇقبىلى جەۋانمەرد (جەۋانمەرد ــ ئالىيجاناب، ھىممەتلىك، مەرد يىگىت)، يەنە بىرىنىڭ ئېتى جاھانكەچتى مۇدبىر ئىدى. بۇلار باياۋاننى كېزىپ، شەھەرگە قاراپ كېتىپ باراتتى. كۇتۇلمىگەندە گۆھەر ئىزدەپ چىققان ئادەملەرگە يولۇقتى. مۇدبىر تەكەببۇرلۇق قىلىپ خەلقنى باشلاپ چىققان كىشىگە قاراپمۇ قويماي ئۆتۈپ كەتتى. مۇقبىل بولسا، ئىنسانىيلىق يۈزىسىدىن ئالدىغا بېرىپ، سەركەردىگە ئەدەپ ۋە تەۋازۇ بىلەن ئېگىشىپ سالام بەردى ۋە ئايىغى ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان گۆھەرنى كۆردى. دەرھال ئېلىپ سەركەردىگە بەردى . ئۇ بۇ گۆھەر ئۇچۇن ۋەدە قىلىنغان مۇكاپاتنىڭ ئىجراچىسى ئىدى. سەركەردە مۇقبىلنى ئېلىپ شەھەرگە قايتتى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى خۇسرەۋ قېشىدا بايان قىلدى. خۇسرەۋ بەكمۇ خۇشال بولدى ھەمدە مۇقبىلغا تەشەككۇرلەر ئىزهار قىلىپ، دېڭىزدىن ئارتۇق ئېهسان بىلەن تارتۇقلىدى.

مۇدبىر تەكەببۇرلۇقى سەۋەبلىك شەھەردىكى بىر مۇنچىدا ئوت ياققۇچى (گۇلاخ) بولدى. مۇقبىل ئەدەپ ۋە تەۋازۇ شاراپىتىدىن مەقسەت گۆھىرىنى تېپىپ، شاھ گۇلشىنىدە ئارام تاپتى. نەزم:

مۇتەكەببىر كىرىبان شەھرىدە خارۇ مەردۇد،
مۇتەۋازىئنى غەنى ئەيلەدى دۇررى مەقسۇد.

تەكەببۇر شەھەردە خار ـ زار، سەرگەردان بولدى، تەۋازۇ *مەقسەت گۆھىرى بەدىلىگە باي بولدى.*

## يەتتىنچى پەسىل

# زاكىرلار زىكرىدە

زاكىر (ئىبادەت قىلغۇچى) كۆڭلىدە ھەر دائىم ئاللانى ياد ئېتىپ تۇرۇشى، تىلىدا ھەم ئاللا توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىپ تۇرۇشى لازىمدۇر. زاكىر ھەرقاچان ئاللانى ياد ئېتىشتىن ئۆزگە غەيرىي خىيالدىن كۆڭلىنى خالىي تۇتمىقى، يەنى «ئاللا ياراتقان نەرسىلەر ــ بارلىق يارالمىش پانىيدۇر، پەقەت ئاللاتائالا ــ ياراتمىشلا باقىيدۇر» دېگەننى كۆڭلىدە يادلاش بىلەن، تىلىدا «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن ئىبارىنى ئىزھار قىلىش بىلەن مەشغۇل بولمىقى لازىمدۇر. زاكىر بىر ئاللادىن باشقىسىنى ئۇنتۇشى، كۆڭلىنى پەقەت بىر ئاللانىڭ ئىبادىتىگىلا باغلىشى كېرەك. نەزم:

مەيخانەدە جەمئىيكى ئېرۇر بادە پەرەست،
زاھىر مەيىن ئىچكەندىن ئېرۇرلار بەدمەست.
مىڭدىن بىرى ئېمەس بويى ھەقىقەت مەيىدىن،
ئىچكەن ئانى ئەقسۇم ئولسە تاڭ يوق پەيۋەست.

ھېكايەت:

ئۇلۇغ ئالىلاتائالانىڭ يېقىن بەندىلىرىدىن خاجە ئەبدۇللاھ ئەنسارى قەددە سىرە (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) دەيدۇكى: بىر ۋاقىتتا مەنسۇر سۆزگە ئېغىز ئاچتى. مەن ھەم يانداشتىم. ئۇ ھەممىنى ئاشكارا ئېيتتى، مەن يوشۇردۇم. مەن بەزى سىرلارنى يوشۇرغىنىم ئۈچۈن تاجدارلىق ماڭا نېسىپ بولدى. ئۇ ئاشكارا ئېيتقىنى ئۈچۈن تاج ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىدى. ئۇ بەزى ئىشلاردا تېخى خام ئىدى. ئەمەلىيەتتە مەنىدىن چەتنەپ قولاي پۈرسەتنى كەتكۈزۈپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئىشتكۈچىلەرگە ماقۇل كەلمىدى. ئەمدىلىكتە، مەن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى سورۇنلاردا ئەينى بويىچە ئىزھار قىلسام، ھەتتا تەكرار ئېيتساممۇ، ھېچ كىشى ماڭا ھېچنېمە دېمەيدۇ ھەم دېيەلمەيدۇ. مەنە ئەھلى ئەسلىدە مەنىدىن بەھرە ئېلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ھازىر ئېيتقان سۆزلىرىم بىمەنە بولسىمۇ، مەنىسىگە ئەمەس، بەلكى «سۇرىتىگە» بېقىپ ئىش كۆرىدىغان بولدى.

ئەي تەڭرىم، بۇ ھوشيارلار ئايىغىنىڭ تۇپرىقىدىن بىز گۇمراھلارنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلىگە ئوچۇقلۇق، قارايغان كۆزلىرىمىزگە يورۇقلۇق يەتكۈزگەيسەن! نەزم:

ھەمۇل كەھلۇل ـ جەۋاھىرنى كۆزۈمگە تۇتيا ئەيلە،
ئول ئىكسىرى سەئادەتدىن ۋۇجۇدۇم كىمىيا ئەيلە.

ئەي تەڭرىم، ئاشۇ جاۋاھىرلار سۇرمىسىنى كۆزۈمگە تۇتيا قىلغىن، ئۇ سائادەتنىڭ ھېكمەت تېشى بىلەن ۋۇجۇدۇمنى پاكلىغىن.

## سەككىزىنچى پەسىل

# تەۋەججۇھ زىكرىدە

تەۋەججۇھ (ئىخلاس ) ـ ھەقتائالاغا يۈزلىنىش ۋە ھەقتائالاغا ئىلتىجا قىلماق دېگەنلىكتۇر. تەۋەججۇھ ــ مال ـ دۇنيا ھېرىسمەنلىكىنىڭ تارىنى ئۈزۈپ، كۆڭۈل رىشتىسىنى ئاللاغا بولغان سېغىنىش رىشتىسىگە ئۇلىماق؛ بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنى تاشلاپ، ھەقتىن ئۆزگىنى ئويلىماسلىق دېمەكتۇر. ناۋادا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى ھاۋالە قىلىسمۇ، سىددىق ـ پەيغەمبەرلەر مەرتىۋىسىدىن جىلۋە بەرسىمۇ، ھەق يولىغا كىرگەن كىشى ھېچقاچان نەزەر ئۇقىنى ئاتمىغاي، ھەتتا كۆڭلىگە رەت قىلىش ياكى قوبۇل قىلىش خىيالىنىمۇ مۇتلەق يولاتمىغاي. ئەگەر تەۋەججۇھ، يەنى ئىخلاس يولىدا يۈزىگە ئوقلار بەتلەنسە، كۆز يۇمماقنى ئۇنتۇغاي(كۆزىنى يۇمۇۋالمىغاي)؛ ئەگەر ئوقلار بىر كۆزىنى كاردىن چىقارسا، يەنە بىرى بىلەن ئالدىغا قارىغاي. ئەگەر ئالدى تەرەپتىن تاش ياغسا، بېشىنى يوشۇرمىغاي ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىمەن دەپ قاچۇرمىغاي. ئەگەر ئالدىدىن شىر ـ چايان چىقىپ كەلسە، ھەيۋىسى ئۇنىڭغا چۈمۈلىچىلىك كۆرۈنمىگەي. ئەگەر قورقۇنچلۇق پىل ئۇچرىسا، ئۇنى چۈمۈلە دەپ بىلگەي. بالا توپانىدىن تەۋەججۇھ تۇپەيلى ۋارىقىغا نەم يەتمىگەي، ئاپەتنىڭ دەھشەتلىك بورىنى بىر تال مويىنىمۇ تەۋرىتەلمىگەي. پىتنە قوزغىغۇچى تەتۈر پەلەك ئۇنىڭغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر ۋاراق قەغەزچىلىك كۆرۈنگەي، بىرەر ھادىسە ــ گۈلدۈرماما، چاقماق چېقىشلار ئۇنىڭغا شامال ئۇچۇرغان بىر تال

سېرىقگۈل ياپرىقىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىچىلىك بىلىنگەي. نۇرلۇق قۇياشنى زەررىدىن كەم، كەڭ دېڭىزنى نەزىرىدە بىر قەترە شەبنەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلغاي. ئۇنىڭ ئىخلاسىغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمىغاي، ھەتتا دېڭىز ـ دەريالارنىڭ سۈيىمۇ ئىخلاس يىلتىزىنى بوشىتالمىغاي. مانا بۇ ھەق يولىغا كىرگەن ئىخلاسمەنلەرنىڭ ئىخلاسىنىڭ پاكلىقىغا گۇۋاھ؛ ئاشىقلىقتا يەكدىللىقىغا، ئېتىقادتا بىردەكلىكىگە، ئىشتىياقىنىڭ كۆچلۈكلۈكىگە دەلىلدۇر. نەزم :

تەۋەججۇھ بىرلە ھىندۇ سەئيى ئېتەر چاغ،
تۇشۇرۇر قۇر يەغاچدىن تازە يەفراغ.
كەشق ئەيلەپ تەۋەججۇھ بەيزەسىغە،
يارار كۆز بىرلە باسماي كاسەسىغە.

*كىشى ئىخلاس بىلەن قاتتىق تىرىشىدىغانلا بولسا، قۇرۇغان دەرەخنىمۇ كۆكەرتەلەيدۇ. ھەتتا تەۋەججۇھ (ئىخلاس) تۇپەيلى، باسماي تۇرۇپمۇ تۇخۇمدىن چۈجە چىقىرالايدۇ.*

**ھېكايەت:**

ھامامىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالايدىغان بىر مىيھنەتكەشنىڭ كۆڭلىگە ئاي يۈزلۈك بىر شاھزادىنىڭ ئىشق ـ ھارارىتى چۈشتى. ھارارەت تەپتىدىن ئۇنىڭ قانلىرى قۇرۇشقا، روھى تېنىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالدى. ئەقىل ـ ھوشىدىن ئايرىلىپ، سەۋدالىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. باللار تاش ئېتىپ، قوغلاپ، ئۇنى كوچىدىن كوچىغا سۈرەر ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاغزىدىن شاھزادىنىڭ نامى چۈشمەيتتى. ئۇ ھەرقاچان

شاھزادىنى يادلاش بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. ئۇ بەزىدە بالىلارنىڭ تاش ـ تاياقلىرىدىن بىزار بولۇپ، قېچىپ ھامىمامغا بېرىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ، مەجنۇننىڭ شاھزادىگە بولغان ئىشقى تۇپەيلى، ھاممام ئەلگە مەشھۇر بولدى ۋە بۇ ھەقتىكى گەپ ـ سۆزلەر شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى.

مەجنۇننىڭ پاك ئىشقى ئاخىر شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتتى. پەرى سۈپەت شاھزادە دىۋانىسىنى كۆرمەككە قىزىقىپ قالدى. سەير ـ تاماشا ئارىلىقىدا شاھزادە ئىتىنى ھاممام تەرەپكە سۈردى. نا مۇراد مەجنۇن شاھزادىنى كۆردى. كۆرۈشلا ئەمەس، بەلكى تەۋەججۇھ نەزىرى تۇپەيلى خۇدىنى يوقاتتى. ھامامىنىڭ ئوتى بىچارە مەجنۇننىڭ باشتىن ـ ئايىغىغىچە تۇتاشتى. مەجنۇننىڭ شاھزادىگە تىكىلىپ قاراشتىن باشقا، بۇ ئىشلاردىن يەنى كۆيۈك ئازابىدىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. ئەل يىتىپ كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈۋالغۇچە مەجنۇندىن نە خەۋەر، نە ئەسەر قالمىدى. قاتىل شاھزادە دىۋانىسىنىڭ ھالىغا يىغلاپ غەم يۇتتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزى ھازا تۇتتى.

نەزم :

مەجازى ئىشقىدا مۇنداغ تەۋەججۇھ ئەيلە خەيال،
كى بولسە ئىشقى ھەقىقىيدە كۆر نە بولغاي ھال.

*مەجازىي ئىشقتا بولغان تەۋەججۇھنىڭ نەتىجىسى شۇنداق بولىدىغان بولسا، ھەقىقىي ئىشقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويدانىراق ئويلاپ باق.*

## توققۇزىنچى پەسىل

# رىزا زىكرىدە

رىزا ــ كۆڭۈل ئىستەكلىرىنىڭ خاھىشىدىن كەچمەك، ھەزرىتى ھەق سۇبھانەۋەتائالانىڭ رىزا مېيىنى بىر يولى ئىچمەك يەنى ئاللاتائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا تولۇقى بىلەن بويسۇنماق دېمەكتۇر. رىزا ــ ئۆز كۆڭلى تىلىگەنلەرنىڭ ھازىسىنى پەرز بىلمەك ۋە مەھبۇبىنىڭ ھەقىقىي رىزاسى بىلەن تىرىلمەكتۇر. بۇ ماقام (يەنى دەرگاھى ھەق ) ـ ھەق يولىغا كىرگەنلەرنىڭ كاتتا ماقاماتى ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى يۈكسەلدۈرگۈچى ماكاندۇر. چۈنكى، ھەق يولىغا كىرگەنلەرنىڭ ئورنى دەسلىپىدىلا تۆۋەنلىك ماقامىدا ئىدى. ھەقىرنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ھەم ھەقىرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز رىزاسىنى پانىيلىق ئوتىغا ئاتتى، ھەقتائاللا رىزاسى بىلەن ئۆزىنى ئۆزاتتى ۋە ئاللاغا بولغان سېغىنىشىدىن باشقا، ئار ـ نومۇستىن يىراقلا قۇتۇلدى ھەمدە «ئەل ـ مۇتەخەللىق بىخەللاقىللاھ» (ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلار ) دېگەن سۈپەت بىلەن ماختالدى.

بۇ ئاجايىب ماقامدۇركى، رىزا ئەھلى بۇ كارخانىدا ــ بۇ ماقامدا تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرگەي ۋە بارچە يارالمىشنىڭ ياراتمىشىنىڭ تەسەررۇپىدا ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بىلگەي؛ ھەر يەرنى ئۆز سەيرىدە بۇ يەرگە تەڭ بىلمىگەي، جەننەت بېغىدىن شاد بولۇپ ۋە دوزاخ دۇتىدىن كۆڭلى قاراڭغۇلىشىپ تۇتۇلۇپ كەتمىگەي. كەلىمۇللاھ (مۇسا ئەلەيھىسسالام) نىڭ مەدھىيەسىدە مۇبالىغە قىلىۋەتمىگەي،

پېرئەۋنىنىڭ سەلتەنىتى توغرىسىدا يەنىلا ئاشۇرۇۋەتمىگەي؛ خەلىلۇللاھ دانا بىلەن نەمرۇد (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوتقا تاشلىغان پادىشاھ) قوغلاندىنىڭ ئارىسىدىكى مۇخالىپ ئىشلارنى توغرا چۈشەنگەي ۋە كېلىشىش رىشتىسىنى دۇرۇس باغلىغاي. يارالمىش بېغىدىن ، ئەگەر ئايىغىغا تىكەن سانجىلسۇن، بېشىغا گۈل قادالسۇن، ئۇ باغۋەنىنىڭ چىمەنزار ئارا رىزالىقى ۋە ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ؛ نە بىرىدىن ئايىغىنى ۋە نە بىرىدىن بېشىنى يوشۇرالىسۇن؟!

شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەق يولىغا كىرگەن كىشى دوست رىزاسىغا جان پىدا قىلغاي، ئەگەر جان تىلىسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن شۈكۈرنى ئادا قىلغاي؛ تىرىكلىكنى بولسا، ئۇنىڭ رىزاسى ئۈچۈن تىلىگەي. ھەتتا ئۆلۈم بىلەن ئۇنىڭ (دوستىنىڭ) رىزالىقىنى تاپالايدىغان بولسا، جان بېرىپ تۇرۇپ، شۇ رىزالىقنى ئىستىگەي.

ھەق يولىغا كىرگەن كىشى دوست رىزاسىنى ھەق رىزاسى دەپ بىلگەي ۋە ئۇنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى ئۈچۈن ئۆز مۇرادىنى يوق قىلغاي، بەلكى ئۆزلۈكىدىن خەۋەر، ئۆزىگە ئۆز رىزاسىدىن ئەسەر قالمىغاي. ھەقتىن ئەگەر شەپقەت يەتسە، خۇش بولغاي؛ ئەگەر قەھر ـ غەزەپ يەتسە، سۆيۈنگەي. نەشتەر سانجىلسا، نەشتەرنى زەخىم ئۈچۈن مەلھەم دەپ بىلگەي؛ مەلھەم يەتسە، باغرىنىڭ زەخمى ئۈچۈن شىپالىق دورا دەپ بىلگەي. نەزم :

رازى بولغاي گەر يامانۇ ياخشى بولسە جىلۋەگەر،
سۇنئ كىلكىدىن مۇسەۋۋەردۇر چۇ ھەر يەڭلىغ سۇۋەر.

*ھەق يولىغا كىرگەن كىشى بېشىغا مەيلى يامانلىق، مەيلى*

*ياخشىلىق كەلسۇن، رازى بولغاي،چۈنكى ھەرقانداق سۈرەت قۇدرەت ئىگىسى ئاللانىڭ قەلىمى ئاستىدا سىزىلغاندۇر.*

**ھېكايەت:**

ئەۋلىيالىق دەرياسىنىڭ گۆھىرى ۋە ھىدايەت ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزى يەنى ئاللانىڭ غالىب شىرى، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) ئاللانىڭ ياخشىلىقلىرى ۋە ياخشىلىق قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى، ئورنى تەرىپىدە ھەمدە ھەق يولىغا كىرگەنلەرنىڭ ماختاشقا لايىق رىزالىقى ۋە تەرىپلەشكە تېگىشلىك سۈپەتلىرى توغرىسىدا ئۇزۇن ۋاراق يۇزىگە چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق يازغان:

ئۆز رىزاسىنى ھەق رىزاسىغا مۇۋاپىق قىلغان كىشىنىڭ رىزا ماقامى كامال تاپقاي. ئەگەر سول كۆزۈڭنىڭ خانىسى ئىشىك ئۆگىسىگە ماكان بولسۇن، ئىشىك ئېچىلۇردا ۋە يېپىلۇردا ئۆگە شۇ ماكاندا ئۇزۇلسۇن دېيىلسە، ئىشتكۈچى ئەسلى ھالەتتە رىزالىق بىلدۈرگەي، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەي؛ چۈنكى، كىبىرلىك ھەم رىزا جۇملىسىگە مۇخالىپتۇر. رىزا ماقامىدا ئۆزىنى نابۇت ۋە پەرمانبەردارلىقتا ئۆزلۈكىنى نامەۋجۇت قىلغاي.....

رىزانىڭ شەرتى شۇكى، پەرمانغا ئىتائەت قىلغاي ۋە بۇيرۇلغان ئىشقا بويسۇنغانلىقىنى ئەمەلدە كۆرسەتكەي. شۇندىلا ئەۋلىيالىق باغچىسىنىڭ دەرەخلىرىدىكى شېرىن مېۋىلەردىن ۋە بۇ لەززەتلىك مېۋىلەر ھىدايەت دەرىخىنىڭ سەمەرىسىدىن بولالايدۇ.

نەزم:

ۋەلايەتلەردە بولغاي مېۋەلەر خۇش تەئم ھالەتلىغ،
ۋەلى قايسى ۋەلايەت بولغاي مۇنچە لەززەتلىغ.

*خۇش تەم مېۋىلەر پەقەت ئەۋلىيالار بېغىدىلا باركى، بۇ باغدىن باشقا قايسى بىر باغدا مۇنچە لەززەتلىك مېۋە بولغاي!*

## ئونىنچى پەسىل

# ئىشق زىكرىدە

ئىشق - چاقناپ نۇرغۇچى يۇلتۇز، ئىنسانىيەتنىڭ كۆزىنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق گۆھەردۇر. ئىشق — ئىنسانىيەت تاجىنىڭ زىننىتى، قەدىر - قىممىتى ۋە تەلەي قۇياشىدۇر. ئىشق — قايغۇلۇق دىللارنىڭ تىكەنزارلىقىنى گۇلزارلىققا ئايلاندۇرغۇچى، قاراڭغۇ كۆڭۈللەرنىڭ كېچىسىنى روشەن قىلغۇچى بالقىپ تۇرغان تولۇن ئايدۇر. ئىشق — ھەر دولقۇنى يۇزلەپ ئەقىل - ھوش كېمىسىنى غەرق قىلىۋېتىدىغان پايانسىز دېڭىز، تىغقا ئوخشاش ئۆتكۈر قىرلىرى مىلڭ زۇھد - تەقۋا ئىگىسىنىڭ بېشىنى ئۇچۇرۇۋېتىدىغان ئېگىز تاغدۇر. ئىشق — كۆپلىگەن جان ۋە كۆڭۈللەرنى خەشەكنى كۆيدۇرگەندەك كۆيدۇرۇۋېتىدىغان كۆيدۈرگۈچى شولا، يالقۇنى بىلەن كۆپلىگەن جانۇ دىللارنى كۈل قىلغۇچى يالقۇنلۇق چاقماقتۇر. ئىشق — ئالەمنى دەم تارتىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان ئەجدىھا، ئالەم ئەھلىنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈش، قىرغىن قىلىش تەمەنناسىدا بولۇۋاتقان، ھەرقانچە

www.uyghurkitap.com

قان تۆكسىمۇ زېرىكمەيدىغان، قان تۆكۈپ قانمايدىغان قەھرلىك پادىشاھتۇر. ئىشق — ئەقلۇدىن خامىنىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغۇچى يېشىن، كۆيگەنلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيدىغان بوراندۇر.

ئىشق — شۇنچىلىك قەيسەركى، ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشاھ ھەم گاداي، ھەم تەڭدۇر؛ ئۇ شۇقەدەر زالىمكى، ئۇنىڭ قېشىدا پاسىق ھەم پاك دىل ئاشىق ھەم باراۋەردۇر.

ئاشىق كۆڭلىگە مەشۇق ھەۋىسىنى سالغۇچى ھەم شۇ ئىشق، بىر جىلۋىسى بىلەن كىشىنىڭ جېنىنى ئالغۇچى ھەم شۇ ئىشقتۇر؛ چۈنكى ، ئىشق بالاسىغا گىرىپتار بولىدىغىنىمۇ ئاشىق، ئىشقنىڭ كۆيدۈرگۈچى ئاپەتلىرىگە دۇچار بولىدىغىنىمۇ ئاشىقتۇر؛ ئىشق تۇپانىغا غەرق بولىدىغىنىمۇ ئاشىق، ئىشق يېشىنىنىڭ چاقماقلىرىدا ئۆرتىنىدىغىنىمۇ ئاشىقتۇر؛ شۇ خائىن (ئىشق) قولىدا ئېزىلىدىغان ۋە شۇ شەپقەتسىز (ئىشق) دەستىدىن دىۋانە بولىدىغىنىمۇ يەنە شۇ ئاشىقتۇر. ئاشىق — ئەنە شۇنداق پىتنە قوزغىغۇچىنىڭ مەپتۇنى ۋە شۇنداق قاتىلنىڭ مەجنۇنى؛ ئاشىق — ئەنە شۇ قانخورنىڭ قۇربانى ۋە شۇ بالا قوزغىغۇچىنىڭ يولىدىكى دەرد تارتقۇچىدۇر.

ئىشق تېغى زۇلمىنىڭ ئاشىقلىرىدىن بىرى — پەرھاد ۋە دىۋانىلىك سەھراسىنىڭ بىچارىلىرىدىن بىرى — مەجنۇندۇر. قاراڭغۇ كېچىنىڭ دىۋانىلىرىدىن بىرى — تىنىمسىز پەرۋانە ۋە گۈلىستان ئىشقىنىڭ سەۋرسىزلىرىدىن بىرى — دىۋانە بۇلبۇلدۇر. يۈرىكى هارارەت ئوتى بىلەن يانغۇچىلاردىن بىرىنىڭ نامى خۇسرەۋ ۋە ئىشق مەيخانىسى دەردمەنلىرىنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى — جامىيدۇر. نەۋۋەرەللاھۇ مەرقەدەھۇ

نۇرەن ۋەقفەقەنەللاھۇ (ئاللا بۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى نۇرلۇق قىلغاي، ئۇلار تۇتقان يولنى بىزگە ھەم نېسىپ ئەتكەي )! نەزم:

كى تا بولغاي بۇلار بىر ـ بىرلەرى بىرلە قەرىن بولسۇن،
سەمەندەرلەر كەبى ئىشق ئوتى ئىچرە ھەمنىشىن بولسۇن.

*بۇلار تا ئەبەت بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغاي، سەمەندەرلەر كەبى ئىشق ئوتى ئىچرە ئۇلپەت بولۇشقاي.*

يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن ئىشق ۋە بايان قىلىنغان ئەھلى ئاشىق پەقەت مەشۇق ۋۇجۇدى بىلەنلا تىرىك ھەمدە مەزكۇر ئەھۋاللارغا ھەرقاچان مەنسۇپتۇر. مانا بۇ مەشۇقنىڭ گۈزەللىكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەدىستىكى «ئىننەللاھۇ جەمىلۇن ۋە يۇھىببۇل ـ جەمال» (ئاللا ھەقىقەتەن گۈزەلدۇر ۋە گۈزەللىكنى سۆيگۈچىدۇر) دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن بېشارەتتۇر.

ۋاھالەنكى، ئىشق شۇنچىلىك ئېتىبارغا ۋە ئۇلۇغۋارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىگە، ئۆز ئىرادىسى ۋە ئىختىيارى بويىچە مەۋجۇتلۇقىغا قارىماي، ھۆسنىنىڭ ھەشەمەتلىك، نازاكەتلىك سارىيىدا ناچار بىر خىزمەتكار ۋە زەئىپ بىر قۇلدۇر. ھۆسن سۇلتانى قاچانكى گۈزەللىك نىقابىلىرىدىن ۋە يوشۇرۇنلۇق پەردىلىرىدىن چىقىش تەرەددۇتىنى قىلسا ھەمدە ئۆز يۈزىنى ئېچىپ، جىلۋە بىلەن تەبەسسۇم ئەيلىسە، ئايرىلىش ئازابىدا قىينىلىپ ياتقان ئاشىقنىڭ كۆزى يار نۇرى ئەكس ئەتكەن ئەينەكتەك يالتىراپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قارايدۇ؛ ئىشقنىڭ جەسۇر سىپەھرى بولسا، ئۇ ئەينەك ئارقىلىق ئۆزىنى كۆڭۈل ئۆيىگە تاشلايدۇ ـ دە، كۆڭۈل ئۆيىنى خاراب قىلىشقا

باشلايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن ئەقىل ۋە هوش كەبى نەرسىلەرگە قوزغىلاڭ سالىدۇ.

شۇنىسى مەلۇم ئەمەسكى، هۆسن سۇلتانىنىڭ بۇ ئادالەتسىزلىكىدىن مەملىكەت ئەهلىنىڭ مەزلۇملىرى نىمە قىلاركىن ۋە بۇنداق ئازاب تۆپەيلى ئۇلارنىڭ هالى قانداق بولاركىن؟

هالبۇكى، ئۇشبۇ ئىشق مەملىكىتىنىڭ ئەسىرلىرى ۋە بۇدىيارنىڭ ئۆلۈم، تالان ـ تاراجلىرىنى كۆرگەن خەلقى يەنىلا ئۇنىڭ گۇزەللىك مېيىنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە مەست ـ ئەلەس ۋە ئۇنىڭ لەززىتى تاماشاسىدا مەپتۇن ھەم ھەيران بولۇشۇپ، ئەقلىدىن ئېزىپ، ئۇنىڭ زوقىغا جان تەسەددۇق قىلىشىپ يۈرۈشمەكتە.

ئەمدى، هۆسن شاهى ئىشق مەملىكىتىنى ئىگىلەپ، مەملىكەت ئەهلىنى زۇلۇم ۋە تالان ـ تاراج بىلەن ئەسىر قىلىۋالغانلىقتىن، هۆسن سۇلتانى ئۆزىنىڭ جىلۋىلىنىپ تۇرغان جەننەت بېغىدىن قاراڭغۇ خىلۋەت هەرەمخانىسىغا كىرىۋالسا، نۇر زۇلمەت پەردىلىرى تامانىغا يۈرسە، جامالىنىڭ قۇياشىنى تۈن كەبى قارا نىقاب بۇلۇتى بىلەن يوشۇرۇۋالسا، بۇنىڭ بىلەن تالان ـ تاراج زورىدىن ئەسىر بولمىش مەملىكەت ئەهلىنىڭ ۋە ئۆلۈم ئازابى ئاستىدا خاراب بولمىش ئەلنىڭ ئۇنى كۆرۈش ۋە تاماشا قىلىش ئۈمىدى بەربات بولىدىغان بولسا، ئۇ هالدا ئۇلار يەنە شۇنداق داد ـ پەرياد سالىدۇ ۋە تۇپىلاڭ كۆتۈرىدۇكى، گويا قىيامەت قوپقاندەك بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ دۇنياغا سىغماس ئاھ ـ ۋاھلىرى زالىم پەلەككىچە ـــ ئايلىنىپ تۇرغۇچى ئاسمانغىچە يېتىدۇ.

بۇ شۇنداق بىر ھالەتتۇركى، ئۇنىڭ ئازابىنى سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە تىل، يېزىق بىلەن تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇنداق ئازابنى كۆرمىگەن كىشى بىلمەيدۇ ۋە بۇ دەرىجىگە يەتمىگەن ئادەم ئىشەنمەيدۇ. دېمەك، ھىجران ۋە پىراق دېگىنىمىز ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

ئىشق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى قىسىم — ئاۋام ئىشقىدۇر. بۇ خىلدىكى ئىشق خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، كەڭ تارقالغان. ئالايلۇق، «پالانى ئادەم پالانىچىغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ» دېگەندەك. بۇ تۇردىكى ئادەملەر كىمگىدۇر ئاشىق بولۇپ، ئىزتىراپ ئىچىدە شۇنىڭ خىيالى بىلەن يۈرۈيدۇ. بۇ ئىشق جىسمانىي لەززەت ۋە شەھۋانىي نەپسى بىلەن چېگرالانغان. شۇڭا بۇ قىسىم ئىشقنىڭ ئالىي مەرتىۋىسى پەقەت بارچە خەلق ئۈچۈن ئومۇمىي ۋە زۆرۈرىي يەنى سۈننەت بولغان شەرئى نىكاھتۇر. تۆۋەنرەك مەرتىۋىدىكىسى بولسا، جاڭجال، تەشۋىش، كۆڭۈلسىزلىك ۋە شەرمەندىلىكلەردۇركى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە سۆزلەيدىغىنى — ئەدەپسىزلىك، بايان قىلىدىغىنى — ھاياسىزلىقتۇر.

ئىككىنچى قىسىم - ئالاھىدە پەزىلەت ئىگىلىرىگە خاس ئىشق بولۇپ، بۇنداق خاس ئىشققا مەنسۇپ شەخسلەر پاك كۆزلىرىنى پاك نىيەت بىلەن پاك يۈزلەرگە تاشلايدۇ ۋە پاك كۆڭلى ئۇ پاك يۈزنىڭ شوق - زوقى بىلەن بىقارار بولىدۇ ھەمدە بۇ پاك يۈزنىڭ ۋاستىسى بىلەن پاك ئاشىق ھەقىقىي مەھبۇبىنىڭ جامالىدىن بەھرە ئالىدۇ.

ئىشق ئەھلىنىڭ چىن ئاشىقى، شوق - زوق ئەھلىنىڭ نەزم پۈتكۈچىسى، ئەپسانىگە زىننەت بەرگۈچى — ئىلگىرى ئۆتكەن

نەزم — شېئىرىيەت ئورمىنىنىڭ ئارسلانى، ئىشق ئاتەشخانىسىنىڭ سەمەندەرى، زوق — ھېس ۋادىسىنىڭ پاك يولۇچىسى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىدۇركىم، ئۇنىڭ تېپىسى ھەم پاك، گەپ ـ سۆزى ھەم پاك؛ ھەربىر ئىبارىسىنىڭ مەنىلىرى ھەم پاك. ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ئىشق ئەھلى ئارىسىغا غوۋغا، ھېس ـ ھال ئەھلىنىڭ كۆڭۈللىرىگە ھاياجان ۋە ماجىرا سالغان.

يەنە ئىشق ئەھلى ئارىسىدا كەم ئۇچرايدىغان، تەڭداشسىز ۋە يېگانە، مىللەت ۋە دىنىنىڭ پەخرى بولمىش شەيخ ئىراقىدۇركىم، ئۇ سۆزلىرىدە مەنىلەر، جۈملىلىرىدە پىكىرلەر پارلاپ تۇرىدىغان ئەسەرلەر ئىگىسىدۇر.

بۇلاردىن كېيىن، ئىككى دۇنيانى بىر دو بىلەن ئويۇنغا تىككەن قىمارۋاز سۈپەت چىن ئاشىق ۋە ئىشقىنىڭ پانىيلىق مەيخانىسىدا ھەقىقەت مېيىدىن مەست بولغان مەيپەرەسلەرنىڭ سىردىشى، مىللەت ۋە دىنىنىڭ قۇياشى خاجە ھافىز شىرازىدۇر.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى بىر ئاھ بىلەن ئۆرتىگەن پاك ئاشىقلار ئىمامى ۋە پەرىشتىلەر ئالىمىدە ياشىغۇچىلارنىڭ شەيخۇلئىسلامى، توغرا يولغا باشلىغۇچى ئۇلۇغ زات، مىللەت ۋە دىنىنىڭ نۇرى ئەبدۇررەھمان جامىدۇركىم، ( ئاللا ئۇنىڭ قەبرىسىنى مۇنەۋۋەر قىلغاي ) ئۇ كىشى شېئىرىيەتنىڭ ھەربىر ئۇسلۇبىدا تەڭداشسىز ئىدى ۋە نەزملىرىدە ھەربىر شېئىر بىلەن ئالەمگە ئوت ياققان، شېئىرلىرىدا ھەربىر بېيىت بىلەن دەردمەنلەرنىڭ جېنىنى ۋە كۆڭۈل ئالىمىنى كۆيدۈرگەنىدى.

يەنە ئۇ ھەزرەتنىڭ مۇھەببەت قەدەھىدىن ئېتىپ، توغرا يول كۆرسىتىشىدىن پانىي سۈپەت بولۇپ، دەرد ۋە ئىشقىنى تۈركىي

تىلىدا ھارارەت بىلەن ئىپادىلەپ، تۈركلەر ئارىسىدا ئۆز ئىجادى بىلەن ھاياجان ۋە سارتلار ئارىسىدا ئاپەت قوزغىغان كىشى ھەم بار ( بۇ ئىبارىلەر نەۋايىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان — نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن ).

يۇقىرىدا ناملىرى زىكىر قىلىنغانلىرىنىڭ ئىجاد قىلىش ۋە شېئىرىيەت ئۇستىدە باش قاتۇرۇشىدىن مەقسەت — ئىشقنى تەسۋىرلەشتۇر. ئۆزلىرىنىڭ شوق ۋە دەرد ـ ھەسرىتىنى بىلدۈرۈشى، يېلىنىش ـ يالۋۇرۇش ھالىتى ئىشقنىڭ دەرد ـ بالا چېقىنىدىندۇر. ھەممىسىنىڭ كۆيۈش ـ يېنىش ھەققىدىكى ۋەھىملىرى ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئىشققا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىمىقى، يەنىلا ئىشق يولىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى بىلدۈرمەك ئۈچۈندۇر.

بۇلارنىڭ مۇددىئاسى، ئىشق ئالىمىدە ئاشىقلىقنىڭ مۈشكۈلاتلىرىنى، مەشۇقىنىڭ تولىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. بەرھەق، ھەربىرىنىڭ ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئاشىق ۋە مەشۇقىنىڭ ئاجايىپ ھالەتلىرىنى، غارايىپ خىياللىرىنى، چېگراسىز ۋەقەلەرنى، ھېسابسىز رەنج ـ مۇشەققەتلەرنى تەسۋىرلىمەكى، ئەلۋەتتە زۆرۈردۇر. ئالايلۇق، مەشۇقىنىڭ ھۆسىن ـ جامالىدا تەڭداشسىزلىقى، ناز ـ كەرەشمىسىنىڭ قالتىسلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ھالەتلەر.

ئاندىن بۇلارغا مۇناسىپ، ئاشىقنىڭ دەرد ـ پىراقىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئاشىقنىڭ مەشۇققا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى، كۆيۈپ ـ پىشىشلىرىنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئىكەنلىكى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەرنى ھەم تەسۋىرلەش

لازىم. ئاندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىچكىرلەپ، ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى ۋە يېقىنچىلىقىنى، كەسىپ - ھۈنىرىنى، ئىقتىدارىنى، تەربىيەلىنىش ئەھۋالى ۋە شۇ ئاساستا بارلىققا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ھەمدە مەۋجۇت قىيىنچىلىقلارنى قالدۇرماي يېزىش كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن كىتابلار ۋە جىلد - جىلد ئەسەرلەر يارىتىلغاندىمۇ، ئۇنى تولۇق تەسۋىرلەش ۋە بۇ ھەقتىكى مەقسەتنى باشتىن - ئاياغ قەلەمگە ئېلىش — ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان تولىمۇ مۇشكۇل ئىشتۇر.

ۋاھالەنكى، دۇنيا بازىرىنىڭ غوۋغاسى ۋە ئالەمدە بار سەممە نەرسىنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى — ئىشق تۇپەيلىدىندۇر. چۈنكى، بۇنىڭسىز ئىنسان كالامى جانسىز تەنگە، كىشىلەرنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى گۈل ۋە رەيھانسىز چىمەنگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەگەر سۆزدە نەزم لەززىتىنىڭ ھارارىتى بولمىسا، شېئىردا ئىشق ھارارىتىنىڭ كۆيدۈرۈشى بولمىسا، ئۇنداق سۆز ۋە شېئىرنى نۇرسىز شام ۋە سەركىسىز جامائەت دەپ بىلمەك كېرەك.

ھاسىلكالام، نەزم لەززىتى ۋە ئىشق ھارارىتى بىلەن تويۇنغان سۆز — شېئىرىي سۆزدۇر، بۇنىڭدىن ئۆزگىسى بولسا، ئەپسانىدۇر. ئەسلىي سۆز — ئىشق ھەققىدىكى سۆزدۇر؛ كۆڭۈل ھاياتلىقىنىڭ لەززىتى بولسا، ئەنە شۇ ئىشقىنىڭ ئۆزىدۇر. نەزم:

سۆزكى، مەئنەسىدە ئىشق ئوتى نىشانى بولماغاي،
بىر تەھەررۇكسىز بەدەن ئاڭلاكى، جانى بولماغاي.

*مەنىسىدە ئىشق ئوتىنىڭ نىشانى بولمىغان سۆزنى ھەرىكەتتىن قالغان جانسىز بەدەن دەپ بىلگىن.*

هېكايەت:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىشقىنىڭ ئايرىلىق ئوتى مەجنۇننىڭ جېنىغا ئۇلاشتى، زەئىپ بەدىنىگە ئۇ ئوتنىڭ هارارەتلىك تەپتى تۇتاشتى. ھەرقانچە ئامال ـ چارە قىلغان بولسىمۇ، ھېچ پايدا بەرمىدى. كېسىلى ئارتتى. ئىستىمىسى چۈشمىدى. بىمارنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ جان ھەلقۇمىغا يەتكەندە، كىمدۇر بىرى بۇ ئەھۋالدىن لەيلىنى خەۋەردار قىلدى.

ئۇ خەۋەر پەرىۋەشنى ناشاد قىلغاچ، دىۋانىسىنىڭ ھالىنى سوراپ بىر پارچە مەكتۇپ يازدى ۋە ئۇل مەكتۇپنى ھايال قىلماي مەجنۇنغا يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ چاغدا مەجنۇننىڭ تېنىدە جاندىن ئەسەر قالمىغانىدى. شۇ ھالدا مەجنۇننىڭ مېھرىبانلىرىدىن بىرى لەيلىنىڭ نامىسىنى ئوقۇۋېتىپ، بىمارنىڭ ئاڭلاۋاتقان ۋە ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى. نامە ھەر قېتىم تەكرار ئوقۇلغاندا، بىمارنىڭ تېنىگە قايتىدىن جان كىرگەندەك بولاتتى. مەجنۇننىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ھەرقانداق دورا ـ دارمان، دۇئا ۋە تۇمارنىڭ تەسىر قىلمىغان ۋاقتى ئۆتكەنىدى. لېكىن لەيلىنىڭ خېتى تۇمار ۋە دۇئانىڭ ئورنىنى باستى.

بىمارغا كېسەلدىن ساقىيىپ، سىھھەت ـ سالامەت بولۇپ، تا بېشىنى كۆتۈرگۈچە ئۇشبۇ خەتنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇپ بېرىشتى. بىمار ساقايغاندىن كېيىن مەكتۇپنى تۇمار قىلىپ بوينىغا ئېسىۋالدى. دېمەك، ئىشق سۆزىدىن مەجنۇننىڭ كېسىلى ساقايدى، ئىشق سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن مەجنۇننىڭ بەدىنىگە قۇۋۋەت كىردى. نەزم:

ئاشىققا گەرچە زەئىفۇ مەرەزلىقدۇرۇر مىزاج،
مەئشۇق زىكرى ئول مەرەزىغە ئېرۇر ئىلاج.

*ئەگەر ئاشىققا زەئىپلىك ۋە كېسەللىك يېتىدىكەن، ئۇ كېسەلنىڭ داۋاسى پەقەت مەشۇقىنى يادلاشتۇر.*

ئۈچىنچى قىسىم، سىددىقلار، يەنى توغرا سۆزلۈكلەر ئىشقى بولۇپ، ئۇلار ھەقنىڭ جامالىنى ئوچۇق كۆرۈش ئۈمىدى بىلەن ياشايدۇ ۋە ھەرقاچان شۇ مەقسەتكە يېتىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈمىدىدە بولۇشى — ئۆزىنى ئۇنتۇش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكى ۋە بۇنىڭدىن ھەم ئۆتۈپ، پانىيلىق ماقامىغا كۆتۈرۈلگەنلىكى ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ھادىسىلەر بورىنى ئاسمان گۈلشىنىنىڭ بىر قەۋىتىنى ئۈچۈرۈپ كەتسىمۇ، ئۇلار بىخەۋەر يۈرۈۋېرىدۇ؛ يۇلتۇزلارنىڭ گۈل بەرگلىرىنى ھەر تەرەپكە سورۇۋەتسىمۇ، بۇلارغا ھېچ تەسىر قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ نىرۋىلىرى ھەق جامالىنى كۆرۈش تەشۋىشى بىلەن كاردىن چىققان؛ زوق ـ شوقلىرى بولسا، ئەنە شۇ ئىشقلىرىنىڭ ھۇجۇمى ئاستىدا يوقالغان. ئەمما، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ نەزىرى چۈشكەن يەردىن مەقسەت نەزىرىنى ئۈزمەيدۇ، مالائىكە ـ ھەمسۆھبەتلەر تەرىپىگە نەزەر كۆزىنى سالمايدۇ؛ ھاللىرى ھەقنىڭ جامالىنى كۆرۈش تەلىپى بىلەن، مەشغۇلاتى ھەم ھەقنى كۆرۈش مۇلاھىزىسى بىلەن بەند. كۆڭۈللىرى ۋىسال مېيىنىڭ زورىدىن بىخۇد ۋە مەست، ئەزەلىي جىلۋىلىنىش ئىستىكىدىن شىكەست. روھلىرىدا ۋەسىل مېيىدىن ئۆزگە شادلىق يوق، كۆڭۈللىرىدە ھەقنى كۆرۈشتىن ئۆزگە ئارام يوق. مانا بۇلار ئىشقتا ۋەسلىدىن مۇرادىنى تاپقان ۋە «ھەق يولىدا كۆڭۈلدىكىدەك ماقامدا ئارام ئالغان» — ئىشق ئارقىلىق مەقسىتىنى ھاسىل قىلغانلاردۇر.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

هېكايەت:

ھەج شەرىپىنى ھاسىل قىلغان ماشايىخ ۋە ئەۋلىيالار ئەرافاتتا دۇئا ۋە مۇناجات قىلىپ، ھەرقايسىسى مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى ئىستەپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرەر تىلەك تىلەيتتى. كۆپىنچىسىنىڭ دۇئاسى مۇنداق ئىدى: «ئىلاھىم، بىزگە تەۋپىقىڭ بىلەن ھەمراھلىق ۋە ئۆز ھەقىقىتىڭدىن ئاگاھلىق بەرگەيسەن! »

بىراق، تەسەۋۋۇپ يولىدا دانا، مەرىپەت تەرىقىدە ئەۋلىيادىن ئۈستۈن شەيخ ئەبۇ سەئىد ھەرراز ( ئۇ ئەزىزنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ) ئاغزىدا سۈكۈت مۆھۈرىنى چىشلەپ، ھەق جامالىنى كۆرۈش ئىستەكلىرىگە غەرق بولغان ھالەتتە ئاسمانغا قاراپ ھەيرانۇ ـ ھەس تۇراتتى. بىرى دېدىكى: «ئەي شەيخ، بۇ جايدا دۇئا مەقبۇلدۇر، شۇ تاپتا بارى ماشايىخ دۇئاغا مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ، سەن نېمە ئۈچۈن ئۈنچىقمايسەن؟ دۇئا تولپارىنى نېمە دەپ ئىجابەت مەيدانىغا سۈرمەيسەن؟ » شەيخ ( ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ) دېدىكىم: « بۇ خالايىق دۇئا بىلەن نېمىنى تىلىگەن بولسا، ئاللا ماڭا ھەم شۇنىڭ بارىنى بەرگەندۇر، ھەتتا بەرگەنلىرى كۆڭلۈم ئۈيىدە تىلىگەندىنمۇ ئارتۇقتۇر. يەنە نېمىنى ئىستەي ۋە دۇئا قىلىپ نېمىنى تىلەي؟! مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ تىلەيدىغىنى ئاگاھلىق، ئەمما مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىم بىر مەزگىللىك غەپلەت ۋە ئۆز ھالىم توغرىسىدا ئويلىنىۋالغۇدەك بىردەملىك مۆھلەتتۇر. چۈنكى، ھەق ۋۇجۇدىنىڭ جىلۋىسىدىن بىتاپ ۋە تاقەتسىزمەن، بەلكى شۇبۇ ئېغىر يۈك ئاستىدا خەستەك ناتىۋاندۇر. مەنكىم، ھەقنىڭ جامالىنى كۆرۈش ھەيرىتىدە ئۆزۈمدىن خەۋەرىم ۋە ئۆزلۈكۈمدىن ئەسەرىم يوقتۇر.»

شۇنداق، ئىشقىنىڭ قۇدرىتى غايەت زور ۋە ئاشىققا ۋەسلىنىڭ مەنزىلى ناھايەت ئۇزۇندۇر. مانا بۇنداق ئاشىقلار ھەق ئالدىدا قوبۇل قىلغۇچى ۋە ماشايىخنىڭ تەرىقىتى ئىسلاھاتىدا ھەق جامالىغا مۇشەررەپ بولغۇچىلاردۇر. شۇڭا بۇلارنى تەڭرىنىڭ ئاشىقى دېسە ، بۇلارغا تەڭرىنىڭ مەھبۇبى، تەڭرىگە تەلپۈنگۈچى ۋە تەڭرىنىڭ تەلەپكارى دەپ ئات قويسا، تازا مۇۋاپىق بولىدۇ.

رۇبائىي:

بۇ يەرگە يەتۇرسە بەندەسىن لۇتفى ئىلاھ،
تەھقىق بىلۇر ھەر كىشىكىم، بار ئاگاھ.
كىم، تاپماس ئانىڭ ئاللىدا مەۋجۇد سەۋاھ،
ئول قالدىيۇ تەڭرى قالدى ئاللاھ، ئاللاھ.

*ئاللانىڭ مەرھەمىتى بەندىسىنى ئەنە شۇنداق مەرتىۋىگە يەتكۈزسە، تەھقىق، بۇنىڭدىن ھەركىم بىر ئاگاھنىڭ بارلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەم بىر ئاللادىن باشقا ھېچنىمە بولمايدۇكى، كۆڭلىدە پەقەت تەڭرى جامالىغا مۇشەررەپ بولۇش ئىستىكىلا قالىدۇ.*

(ئەسكەرتىش: «مەھبۇبۇلقۇلۇب» نى نەشرگە تەييارلاشتا ئاساس قىلىنغان نۇسخا [ «ئا» نۇسخا ] دا ئۇشبۇ پەسىل چۈشۈپ قالغان. «ب» نۇسخىدىن تولۇقلاندى.)

ئۈچىنچى قىسىم

# تۇرلۇك پايدىلىق نەسىھەتلەر ۋە مىساللار

تەكەببۇرلۇق ۋە كىبىرگە مۇپتىلا بولغان سەلتەنەت ئەھلى-لىرىنىڭ ئورۇنسىز غۇرۇرىغا قارىتا ھەقنىڭ ھاكىملىقىنى مەقبۇل كۆرمەك، ئۇلارغا يەنى سەلتەنەت ئەھلىلىرىگە قارام بولغان ھېسابسىز مۇلۇكلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەك ھەم ئۇنىڭ يەنى ھەقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكى ھەققىدە ئەقىل يۈگۈرتمەك ھەممىگە راۋادۇر.

سائادەتمەن ئادەم ئەگەر ئالىم بولسا، نادانلارنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بىلىدۇ؛ بەختسىز ئەگەر جاھىل(نادان) بولسا، ھەتتا ئالىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشنىمۇ نومۇس قىلىدۇ. بەرھەق، نادانلىقتىنمۇ بەتبەخترەك نېمە بار بۇ دۇنيادا؟! كىمكى ئۆزىنى ئۆزى ماختىسا، بۇ ئەخمەقلىقتۇر؛ كىمكى ئۆز سۆزىنى ئۆزى ماقۇل كۆرسە، بۇ بەختسىزلىكتۇر.

ئالەمدىكى ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئۆزى سۆيىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ھەم ئۆزلىرىگە تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ؛ ئىنسان جىنسىدا بولىدىغان بۇ سۈپەت — ئۇلارنىڭ يەنى ئادەملەرنىڭ نادانلىقىغا دەلىلدۇر؛ نەپسى بولسا، ئىختىيارسىز شۇ دەۋا بىلەن مەشغۇلدۇر.

تەنبىھ :

نەپسىگە بېرىلگەن — نەپسانىيەت مەنزىلىگە بېرىپ توختايدۇ. ھېچكىم ئۆز كۆڭلىگە غەم ـ قايغۇ تىلىمەيدۇ ۋە ئۇنى نەپسىنى قىيناشنى خالىمايدۇ. ئەمما، ئۆزگىنىڭ ئەزىز زاتىدا ھېسابسىز خارلىق كۆرسە، ئۆزىگە كىچىككىنە بىر قىيىنچىلىق يۈزلەنگەنچىلىك بىلمەيدۇ. بىرەر ھۆرمەتلىك زاتنىڭ شەنىگە خېلى زور داغ تەگكەنلىكىنى ئاڭلىسا، ئۆزىگە ئازغىنە كۈلپەت يەتكەنچىلىك تەسىر قىلمايدۇ. ھەممە ئادەم ئۇچۇن ئۆزى ئۆزگىدىن ئەزىزراق؛ ئۆز سۆزى ئۆزگىلەرنىڭكىدىن ماقۇلراق. ئادەم ئالەمدىكى ياخشىلىقلارنى ئۆزىدىن ھېچ ئايىمايدۇ، ئەمما بۇ ياخشىلىقلارنى ئۆزگىلەرگە راۋا كۆرمەيدۇ.

تەنبىھ :

ئەركەكلەرنىڭ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش ئۇچۇن ياسانمىقى — خوتۇنلارنىڭ چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۇچۇن بېزەنگىنىگە ئوخشاشتۇر. ئەمما، بۇ خىل ياسىنىش ياكى بېزىنىش — ئىككىلىسى ئۇچۇن نامۇناسىپ، خۇسۇسەن، ئەركەكلەر ئۇچۇن كۆپرەك شەرمەندىلىكتۇر.

تۇتۇرۇقسىز سۆزلىرى بىلەن كۆلكە كۆتۈرۈشكە سەۋەبچى شائىر ئۆزىنى سەئدىي ۋە خۇسرەۋدىن ئارتۇق دەپ ئويلايدۇ.

بەتخەت (خېتى سەت) كاتىپ قاغىنىڭ ئىپلاس پۇتىدىن خۇنۇكراق قىلىپ يازغان خېتىنى جەئفەر ۋە ئەزھەر كەبى مەشھۇر كاتىپلارنىڭ خېتىدىن گۈزەل دەپ بىلىدۇ.

سىزغان رەسىملىرى ئادەمنىڭ كەيپىنى قاچۇرۇۋېتىدىغان ناچار رەسسام ئۆزىنى مەشھۇر ئەبدۇلھەي ۋە مانىيدىن ئۆتە

سەنئەتكار ھېسابلايدۇ.

كىتابلارنى ئالتۇن ھەل بىلەن بېزىگۈچى شىرازىچىنىڭ نەقىشلىرى خاتا بىلەن تولغان، سىزىق ـ قاپارتمىلىرى قەلەم ئەھلىنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدۇ؛ شۇنىڭغا قارىماي، ئۆزىنى تېخى ئەتارۇدقا ئوخشىتىدۇ. (ئەتارۇد ـــ مىركۇرى يۇلتۇزى.كىلاسسىك ئەدەبىياتتا يازغۇچىلارنىڭ ھامىيسى ھېسابلىنىدۇ.)

ھەربىر ھۈنەر ئىگىسى ئۆز ھۈنىرىنى مۇبالىغە بىلەن تەرىپلەيدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتۇر.

مەدرىسەدىكى بىھۇدە مۇنازىرە قىلغۇچىلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرىدىن مەنمەنچىلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ؛ بۇ ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلسا، ئۇ بۇنىڭ ئىسپاتلاشلىرىنى يوققا چىقىرىشقا ئۇرۇنىدۇ؛ ھەرقايسىسى ئۆز سۆزىنى ماقۇللايدۇ ۋە ئۆزىنىلا ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ( ئەسكەرتىش: كاتىپنىڭ «ۋەلايەتلەردە بولغاي مېۋەلەر خۇش تەئم ھالەتلىغ، نە بىلگەي، ئول كىشىكىم تاتماغاي بۇ ئاچچىغۇ ئول تاتلىغ. بۇ ھەم مەئلۇمى مۇبەييەن بولسۇنكىم، بىرنەچچە ئەلفازلار ۋە لەتىفەلەر ئارادىن يوق ئالىپدۇر ۋە بۇ گۇمان بولماسۇنكىم، كاتىب ئۆز ئەيىبىنى سالىپدۇر» دەپ يازغىنىدەك، ئۈچىنچى قىسمىنىڭ مۇشۇ يەرگىچە يەنى ئۈچىنچى تەنبىھكىچە بولغان بۆلىكى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» نى نەشرگە تەييارلاشتا ئاساس قىلىنغان نۇسخا [«ئا» نۇسخا] دا چۈشۈپ قالغان. «ب» نۇسخىدىن تولۇقلاندى.)

**تەنبىھ :**

ئۆزى ئۈچۈنلا بىنا سالغان يەنى ئۆزىنىلا ئويلايدىغان ئادەم ئەقىلسىزدۇر؛ ئۆزىنىلا بېزەيدىغان يەنى ئۆزىنى پەردازلاپ

كۆرستىشكە ئۇرۇنىدىغان ئادەم نومۇسسىز سانىلىدۇ.

باي — ئالدانغۇچى يەنى نەپسىنىڭ قۇلىدۇر، تەكەببۇر — مەلئۇن. شەھۋانىي نەپسگە بېرىلگەن — نەپسىنىڭ قۇربانى؛ ئۆزىگە چوقۇنغان — بۇتقا چوقۇنغانغا باراۋەردۇر. بۇ بالالاردىن ئۆزىنى تارتماق يەنى نەپسىنى يىغماق — ھالاكەتتىن نىجات تاپماق دېمەكتۇر.

تەنبىھ :

كىچىك پېئىل ئادەملەر كۆپ سۆزلىمەكتىن قاچىدۇ، كۆپ ئاڭلىماقنى ئىستەيدۇ ۋە خالايدۇ. ئاڭلىماق — كىشىنىڭ ئەقلىنى بېيىتىدۇ؛ كۆپ سۆز ئەلنى بىزار قىلىدۇ. كۆپ سۆزلىگۈچىنىڭ ھالى مۇنداق:

كۆپ سۆزلىگەن — كۆپ يېڭىلۇر، كۆپ يېگەن — كۆپ يىقىلۇر.

كېسەللىكنىڭ ئانىسى — كۆپ يېمەكتۇر، كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئانىسى — كۆپ دېمەكتۇر.

كۆپ دېمەك — مەغرۇرلۇقتىن بېشارەت، كۆپ يېمەك — نەپسگە بېرىلگەنلىكتىن ئىشارەت.

دېمەكچىمىزكى، بۇ خىل سۈپەت يەنى كۆپ دېمەك ۋە كۆپ يېمەك كىچىك پېئىل ئادەملەرگە ئەمەس، بەلكى شەخسىيەتچىلىككە، مەنمەنچىلىككە ئائىت سۈپەتلەردۇر.

تەنبىھ :

خۇدپەرەس (يەنى شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىك) — بەختسىزلىك، چۈشكۈنلۈكنىڭ ئاساسىدۇر. شەخسىيەتچى،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەنمەنچىنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشى ئۆزىگە خوپتۇر، لېكىن يېقىمسىز قىلىقلىرىدا پەرق ھەم كۆپتۇر. بۇلارنىڭ يەنى شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنمەنچىلىكنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس پەرقى ۋە دەرىجىلىرىمۇ بار. گەرچە تۈرلىرى كۆپ بولسىمۇ، بۇ يەردە قىسقارتىپ ئۈچ قىسىمغا يىغىنچاقلايمىز:

بىرىنچى قىسمى شۇكى، يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، شەخسىيەتچى، مەنمەنچىنىڭ گەپ - سۆزى، روھىي ھالىتى، قىلغان ھەربىر ئىش - ھەرىكىتى، گەرچە ئەلگە خوپ ۋە ماقۇل كۆرۈنمىسىمۇ، ئۆزىگە خوپ ۋە ماقۇل كۆرۈنىدۇ.

ئىككىنچى قىسمى شۇكى، شەخسىيەتچى، مەنمەنچىنىڭ بارلىق ھالىتى، ناخۇش خىياللىرى ئۆزىگە ماقۇل، چىرايلىق، مۇۋاپىق ۋە يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يارىماس قىلىقلىرىنى ياخشى دەپ ماختايدۇ. ھەتتا بۇ بەتبەشىرە ئۆزىنى دۇنيادىكى مەشھۇر ھۆسن ئىگىسى يۇسۇف كەنئانىغا تەڭلەشتۈرىدۇ. يېقىمسىز ئاۋازىنى يۇسۇف ئەندىجانىدەك كاتتا ھاپىزنىڭ ئاۋازىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. ئۆزىنىڭ قولاشمىغان بېيىتلىرىنى شائىر سەلمانىنىڭ مەسنەۋى، قەسىدىلىرىدىن ياخشىراق دەپ بىلىدۇ. بىمەنە گەپ - سۆزلىرىنى جارۇللاھ (ئالىم زەمەخشەرى) نىڭ «كەششاف» (ئەل - كەششاف — ئاشكارا قىلغۇچى، كەشىپ قىلغۇچى) ناملىق كىتابىدىن ئارتۇق گۇمان قىلىدۇ.

شەخسىيەتچى، مەنمەنچى ئادەم ھەقنىڭ ھېچ ئەمرىگە بويسۇنمايدۇ، ئەمما شەيتاننىڭ بارچە بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرۈشتىن يانمايدۇ؛ ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۆزى دانا ۋە چېچەن، قىلغۇاتقان ھەربىر نامۇۋاپىق ئىشى ئۆزىگە مۇۋاپىق. ئۇ مەيگە ھېرىس،

www.uyghurkitap.com

يۇرۇش ـ تۇرۇشى ھەممىشە مەست ـ ئەلەس؛ بىللە ئولتۇرۇپ مەي ئىچكەن ياكى ئۇنىڭ سۆھبىتىگە ئارىلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ئاسانلىقچە قۇتۇلمىقى مۇمكىن ئەمەس. كىمكى بىرى زىياپەتتە ئۇ نائەھلى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قالسا، ئۇنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكەتلىرى تۇپەيلى، ھەتتا جېنىدىن بىزار بولىدۇ؛ بەزمىدىكى ئورۇنسىز بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىشتىن ھەممە باش تارتىدۇ. ئۇنىڭ مەجلىسىگە كىرىپ قالغان ئادەم كەتمەكچى بولسا، بىر توپ مۇتتەھەملىرى يول قويمايدۇ؛ بىر ئامال بىلەن ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىققان تەقدىردىمۇ، دەرۋازىۋەنلىرى يول بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ تورزىقىغا ئىلىنغانلىكى ئادەم شۇنداق بالاغا گىرىپتار بولغايكى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈمنى كۆزىگە تۇتىيا قىلىشىدۇ؛ ناۋادا شۇ ئەھۋالدا بىرەر ئادەم: « ئۆلتۈرۈپ، شۇ بالادىن سېنى قۇتقۇزاي» دېسە، شۇ كىشىگە جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئەگەر قۇتۇلۇپلا قالسا، رۇم، فەرەڭگىچە كېتىدۇ، بەلكىم ئۇ يەردە ھەم تۇرمايدۇ. مۇبادا شۇ خۇدبىن (شەخسىيەتچى، مەنمەنچى) مەجلىس ـ بەزمىسىنى جەننەتكە ئورۇنلاشتۇرسىمۇ، ھېچكىم قەدەم باسمايدۇ.

بۇنداق مەنمەنچىلىككە بېرىلگەن ئەخلاقسىزنىڭ ۋە بۇنداق مەيپەرەس ناپاكنىڭ نىجىس مەجلىسىدىن زىنداڭ ياخشىراق؛ ئۇنداقلارنىڭ بەتبۇي، يىرگىنچلىك بەزمىسىدىن ھاجەتخانا ئېرىغداقراق. خۇدبىن (شەخسىيەتچى، مەنمەنچى) ئاغزىدا كېكىرىپ، كەينىدە يەل قويۇپ بەرسىمۇ، بۇ قىلىق ئۆزى ئۈچۈن يەنىلا چىرايلىق ۋە يارىشىملىق بىلىنىدۇ. خۇدبىنىنىڭ ئۇياتسىز قىلىقلىرى ئۆزىگە شۇقەدەر گۈزەل ۋە يېقىملىق تۇيۇلىدۇكى، ئۇنىڭچە تېخى بەزمىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغانلار ۋە ئۇنىڭ

ئۇياتسىز قىلىقلىرىنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلار گويا ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى چىرايلىق، ئاۋازىنى يېقىملىق، ھىدىنى خۇش پۇراق دەپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشلىرى لازىم ۋە بۇ يارىماس قىلىقلار توغرىسىدا ھەم ھېچكىم ئېغىز ئاچماسلىقى كېرەك؛ مۇبادا ئېغىز ئاچقان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھېچكىمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايدۇ؛ ئاڭلىدى دېگەندىمۇ، ھەق گەپنى يالغانغا چىقىرىدۇ؛ قىلىقسىزلىقىغا تەن ئالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان ـ كەمچىلىكىنى كۆرسەتكەن ئادەمگە ئىزا قىلىدۇ، ھەتتا ئۆچ ئېلىش ئۇچۇن پېيىگە چۈشىدۇ. بۇنداق قىلىقسىز، يارىماسلار، ناباب ئادەملەر بۇ دەۋردە ھەم مەۋجۇت، ھەم ھازىرمۇ بار.

مەلۇمكى، زامان ئەھلى ياخشىراق مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغانلا بولسا، ھەممىنى ئېنىق بىلىۋالالايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى يۇقىرىدا مەزكۇر بولغان «ئەزىزلەر » دىن كىچىك بولسا، بەزىسى كاتتىدۇر؛ بەزى ئىشلىرى ئۆكسۈك بولسا، بەزى ئىشلىرى ئارتۇقتۇر. ئەمما، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە كەمىنە پېقىر ھېسابسىز ياخشىلىقلار قىلغانمەن، ئەكسىچە شۇ ياخشىلىقلىرىم بەدىلىگە ئۇلاردىن ھېسابسىز زۇلۇم ۋە ھەددىدىن زىيادە ئازارلار كۆرگەنمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بۇنداق يارىماس قىلىقلىرىنى كۆرمەسلىككە سېلىپ، ئەيىبلىرىنى كەچۈرگەنمەن. تەڭرىم ئۇلارغا ئىنساب بەرگەي. مېنى ۋە ماڭا ئوخشاش بىچارىلەرنى ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن خالاس قىلغاي.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ھال ـ ئەھۋاللار ۋە خاتىرىگە ئېلىنغان خىسلەت ـ سۈپەتلەر خۇدبىن ( شەخسىيەتچى، مەنمەنچى ) نىڭ كۆپچىلىكە نىسبەتەن ئۆزىنى ئۇستۇن ۋە

www.uyghurkitap.com

قىلىقلىرىنى يېقىملىق دەپ بىلگەنلىكى ھەممىدە ئۆزىنىڭ تىزگىنىنى نەپسى شەيتانىنىڭ قولىغا بېرىپ، نەپسىنىڭ قولىدا بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تۈپەيلىدىندۇر، بەلكى شۇ يامان قىلىق – ئادەتلەر دەل شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىكنىڭ نەتىجىسىدۇر، شۇڭا ھەركىم بۇنداق يامان ئادەتنى يوقاتماقنى ۋە ئۇنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلماقنى ئىستەيدىكەن، ئۆزىنى كەمتەر تۇتمىقى لازىمدۇر. نەزم:

كىشىكى تافسە فەنا دەھر كۇرەسىدە گۇداز،
گەرچە زاتىدا يۇز نەۋئ قەلب غەشلىق بار.
ۋۇجۇدى ئالتۇنى ئول قەلب غەشدىن ئايرىلىبان،
نە جەۋھەرى ئانى كۆرسە تاپار تەمام غۇبار.

*كىشى ئۆزىنى ئۇنتۇپ ھاياتلىق ئالىمىدە ئىزتىراپ چەكسە، گەرچە قەلبىدە يۈز تۈرلۈك غەشلىك بولسىمۇ، ۋۇجۇدىنىڭ ئالتۇنى ئۇ قەلب غەشلىكىدىن ئايرىلىدىغانلا بولسا، جەۋھىرىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىسى ئۇ غۇباردىن بىر يولى پاكلىنىدۇ.*

ئۈچىنچى قىسمى، شەخسىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىكتە ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش، ھاياسىزلىق ۋە نورمالسىزلىقتۇر. بۇ ھەم ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى خىلى، يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، يۈرۈش – تۇرۇش، ئىش – ھەرىكەتتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان، ھاياسىز ۋە بىنورمال ئادەملەردۇر. شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنمەنچىلىكتە مۇشۇ خىلغا تەۋە كىشىلەرنىڭ كاللىسى سەلتەنەت – مەنسەپ ھەۋىسى بىلەن تولغان، ئۇلارنىڭ بېشى شۇ ھەۋەس بىلەن بەربات بولغان.

بۇ خىلدىكى ئەقىلسىز، نادانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ ۋە ئەزىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئاخىر خورلۇق ۋە خارلىق بىلەن سىياسەت دارىغا ئېسىلدى؛ تاج خىيالى بىلەن بېشىدىن ئايرىلدى ۋە يوقلۇق مەملىكىتىنىڭ تەختىگاھىغا كەتتى.

ئىككىنچى خىلى، ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلاپ، پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشىپ، شۇ مەيدانغا ئات سۇرگەن ۋە پاسىق خىياللىرى بىلەن شۇ قورغانغا قاراپ تۇغ كۆتۈرگەن، نەيرەڭۋازلىق بىلەن مۆجىزە يارىتىش تاماسىدا تۆھمەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىغان، بىمەنە سۆزلىرىنى ۋەھيىنىڭ ئورنىدا پەردازلاپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلاردۇر. ئالەمدە بۇ جامائەتتىن نادانراق ۋە بۇ گۇرۇھتىن شەخسىيەتچى، تەكەببۇرراق ئىنسان بولمىسا كېرەك. مەلۇمكى، بۇ خىلدىكى خائىن ۋە كاززاپلار بۇنداق دەۋالىرىنى قىلىشقا باشلاشلىرى بىلەنلا، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئەرۋاھلىرى تەرىپىدىن جازالىنىپ رەسۋا بولدى؛ دوزاخقا يەتمەستىن بۇرۇن، بەزىلىرى كۆيدۈرۈلدى ۋە بەزىلىرى سويدۇرۇلدى، كۆلى كۆككە سورۇلدى؛ ئۇلارنىڭ پىتنىسىنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈلدى.

ئۈچىنچى خىلى يۇقىرىقىلاردىنمۇ ئۆتە غەپلەتكە پاتقان، لەنەتكە سازاۋەرلىرى بولۇپ، بۇلار پىرئەۋنگە ئوخشاش ياردەمچىسىز ۋە نەمرۇد كەبى قوغلاندىلاردۇر. بۇلار شۇقەدەر بىئەدەپ ۋە بىھاياكى، سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلىرى تۆپەيلى ئاغزىغا تاش ـ تۇپراق ياغسىمۇ، يەنىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئۈچۈن دەۋا قىلىشىپ، لاپ ئۇرۇشقان؛ دەۋالىرى ئۈستىدە كاززاپلىق قىلىشقان. ئاخىرىدا ئوخشاشلا، تەڭدىشى يوق ئاللا ۋە ئوخشىشى ـ شېرىكى يوق، شەك ـ شۈبھىسىز، ئاۋۋىلى ۋە ئاخىرى نامەۋجۇت،

« ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھۇ لا ئىلاھە ئىللەللاھ » (ئۇ يېگانىدۇر ۋە ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. بىر ئاللادىن ئۆزگە ئىلاھ يوقتۇر) نىڭ چەكسىز ئىلاھىي قۇدرىتىدىن رەسۋا بولۇشۇپ، يارىماس ئىشلىرى بىلەن دېرەكسىز يوقالدى. نەزم:

زەررەدىن مىڭ قاتلا كەمراقدۇر قۇياشلىق ئۇرسە لاف،
كىمكى بولسە زەررەئى ئەقلى بىلۇركىم، دەر گەزاف.

*ئۆزىنى قۇياش دەپ لاپ ئۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا زەررىدىن مىڭ ھەسسە كەمدۇر، كىم بولسۇن، زەررىچە ئەقلى بارلىكى ئادەم بۇلارنىڭ لاپلىرىنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ.*

**تەنبىھ :**

سۇبھانائللاھ، ھەقتائاللانىڭ ئۇلۇغ دەرگاھى — يۈكسەك بارگاھىدا پىلنىڭ خارتۇمى پاشىنىڭ نەشتىرىدىن زەئىپ، ئۇنىڭ يەنى ھەقنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئەھلى ئىلىمنىڭ ئەقلى لال ۋە ئىلمى ئاجىزدۇر. بىراۋنىڭ يۈز تۇياق پىلى بار ئىدى. ئۇلار يېرىم جان بىر پاشىنىڭ نەشتىرىدىن ئاجىز كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقنى زار بولدى. بۇنىڭغا ئەسھابى پىل (پىل ئىگىلىرى) نى تەيرەنى ئەبابىل («ئەبابىل» ناملىق تاغ قۇشى) نىڭ ھالاك قىلغانلىق ۋەقەسى روشەن دەلىلدۇر.

**تەنبىھ:**

ھەرقانداق بىر يارالمىش مەڭگۈلۈك ئەمەس ھەمدە چوقۇنۇشقا لايىق كەلمەس ۋە ھەرقاچان ئۆزىدەك بىرىگە موھتاجدۇر؛ چۈنكى، ئۇ يەنى ھەرقانداق بىر يارالمىش ئەسلىدىلا ھەق

زېمىنىدا يارالغان، شۇڭا تەگرى كىشىگە ئوخشىمايدۇ ۋە كىشى تەگرىگە ئوخشىمايدۇ؛ شۇنداق ئىكەن، ئۇ يەنى بەندە ھەرگىزمۇ تەگرىلىككە يارىمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نە بىر كىشى تەگرىگە ئوخشىسۇن ۋە تەگرى نە بىر كىشىگە !؟ ھېچ كىشى ھەم ئۆز ئىشىنى تەگرىنىڭ ھەرقانداق بىر ئىشىغا ئوخشىتىمەن دەپمۇ ئوخشىتالمايدۇ. ئۇنىڭ يەنى تەگرىنىڭ زامانى ۋە ماكانىمۇ يوق ھەمدە ئۇنىڭدىن يەنى تەگرىدىن خالىي زامان ۋە ماكانمۇ يوق. ئۇ ئۇلۇغلۇق ۋە قۇدرەت ئىگىسى، پۈتكۈل يارالمىشلارنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر. «جەللە جەلالەھۇ ۋە ئۇممە نەۋالۇھۇ ۋە لا ئىلاھە غەيرەھۇ» (شانۇشەۋكىتى ئۇلۇغ ۋە نېمەتلىرى بارچىغا يېتەرلىكتۇر، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئىلاھ يوقتۇر.)

**تەنبىھ:**

تەكەببۇرلۇق — شەيتاننىڭ ئىشى ۋە مەنمەنلىك — نادانىنىڭ ئىشى. تەكەببۇر ئادەم - تەگرىنىڭ دوستلىرى ئالدىدا تولىمۇ يېقىمسىز، تەگرى قېشىدا بولسا، قوغلاندى ۋە مەلئۇندۇر. شەخسىيەتچى، مەنمەنچىنىڭ ھېچبىر ئىشى ئەل كۆڭلىگە ياقمايدۇ. ئۇ ئۆز بىلىمى بىلەن مەغرۇر، ئەمما بىلىملىكلەر ئالدىدا بولسا، ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ. دېمەك، خۇدپەرەسلىكتىن بۈتپەرەسلىك ياخشىراق يەنى ئۆزىگە چوقۇنغاندىن بۇتقا چوقۇنغان ياخشى.

**تەنبىھ:**

ئىنسان ئۇچۇن يەنە بىر ئۇلۇغ پەرز — ئېھساندۇركى، بۇ ھەقتە كۆپ سۆز ئاياندۇر. ئالايلۇق، «ئەل - ئىنسانۇ ئۇبەيدەل - ئىھسان» ( ئادەم ياخشىلىقلارنىڭ قۇلى ) دېگەن ھەدىس بۇنىڭ

دەلىلى ۋە «ھەللى جەزائى ئەل ـ ئىھسان ئىللەل ئەل ـ ئىھسان» (ياخشىلىققا بېرىلىدىغان مۇكاپات ياخشىلىق بىلىندۇر) دېگەن ئىبارە شۇ جۈملىدىندۇر.

مەلۇمكى، جىمىكى مەزھەب (تەلىمات، مەسلەك) ۋە ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى قېشىدا ياخشىلىققا ياخشىلىقتىن باشقا مۇكاپاتنىڭ يوقلۇقى ئىسپاتلانغان.

پەيغەمبىرىمىز ھەم مۆجىزىلىك بايانلىرى بىلەن « ئەھسىن كەمە ئەھسەنە ئەللاھۇ ئىلەيكە » ( تەڭرىدىن ساڭا قانداق ياخشىلىق يەتكەن بولسا، سەن ھەم باشقىلارغا شۇنداق ياخشىلىق يەتكۈزگىن) دەپ بېشارەت بەرگەن ۋە ئەمر قىلغان. بىلىشىمىزچە، « ئېھسان » سۆزىنى سۈپەتلەشتە بۇنىڭدىن ئۆتە چوڭقۇر مەنىلىك ئىبارە بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئەنبىيا ـ ئەۋلىيا، ھۆكۈما ۋە ئۆلىمالارنىڭمۇ بۇ ئەمر توغرىسىدىكى پىكرى بىردەك بولۇپ، ھېچ كىشى مۇخالىپ قاراشتا ئەمەستۇر؛ ھەتتا بۇ سۆزنى سۈپەتلەشتە بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىرەر ئىبارىنى تاپالىغىنى يوق.

دېمەك، ئېھسان دېگەن بۇ سۈپەتنى ئەبەدىيلىك سائادەت دەپ، ئۇنى پىتنە ۋە ئاپەت قوزغىغۇچى يەجۇج ـ مەجۇج يەنى بەتبەشىرە ئادەمخور مەخلۇقلارنىڭ يولىنى توسايدىغان سېپىل دەپ بىل. چۈنكى، ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ئەڭ گۈزەل دەرىخى ــ ئېھساندۇر ۋە ئادەملىك خەزىنىسىنىڭ ئەڭ بىباھا گۆھىرى ھەم ئېھساندۇر. بارلىق يېقىملىق سۈپەتلەر ۋە ماختاشقا لايىق ئىش ـ ئەمەللەر ئېھساننىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ ئېھسان سەۋەبلىك بارلىققا كەلگەن. ھاسىلكالام، ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى ــ ئېھساندۇر ۋە بارچە ياخشىلىق، ھەقىقەتەن ئېھساندىندۇر. نەزم:

ئەجەب سىفەت ئېرۇركى ئىھسان شەرىپ سىفەت،
كى، كەلسە جىنسى بەشەردىن ئاڭا ئېرۇر فازىل.
جەۋاھىر ئاڭلا سىفاتىنى جەۋھەرى قەفەسى،
كى، باردۇر ئاندا قايۇ ھەرنى ئىستەسەڭ ھاسىل.

*ئېھسان ئاجايىپ ئىپىسل بىر پەزىلەتتۇركى، ئۇ ئىنسان جىنسىغا ــ مەنسۇپ ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن مۇجەسسەملەنگەن. ئۇنى خەزىنىدىكى قىممەت باھالىق جاۋاھىر دەپ بىل، چۈنكى، ئۇ يەردىن قانداقىنى ئىزدىسەڭ تاپالايسەن.*

**تەنبىھ:**

ئەمما، بۇ زاماندا ۋە بۇ دەۋردە يا بۇ زاماننىڭ دەۋر قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىنىڭ نۇقسانلىرى ياكى دەۋر ۋە زامان ئەھلىدىكى يەنى بۇ دەۋر ۋە بۇ زامان ئەھلىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەقىل ۋە ئادەملىكنىڭ زەئىپلىكى تۈپەيلى، ھالا بۇ ۋاراق (ئېھسان سەھىپىسى) تەتۈر ئۆرۈلمەكتە ۋە بۇ ھۆكۈم (ئېھسان) ئەكس نەتىجە بەرمەكتە: ياخشىلىققا مۇكاپات ــ قوپاللىق؛ مۇلايىملىققا مۇكاپات ـ ۋارقىراپ ـ جارقىراش؛ ھەرقاچان تەكەببۇرلۇقتىن ئۆزگىچە مۇناسىۋەت كۆرمەيسەن. بىراۋ ئۈچۈن بىر يول خىزمەت قىلساڭ، ئۇنىڭدىن يەنى سەن خىزمىتىنى قىلغان كىشىدىن ئون يول زەربە يېيىشكە تەييار تۇرۇشۇڭ كېرەك؛ قايسىبىرىگە بىر قېتىم مۇلايىملىق كۆرسەتسەڭ، ئۇنىڭ مىڭ قېتىملىق قوپاللىقى ۋە كۆڭۈل ئاغرىتىشلىرىغا ھازىر تۇرمىقىڭ كېرەك. بىراۋغا قىلغان بىر قېتىملىق دۇئايىڭ سەۋەبلىك تۈگىمەس قارغىشقا ئۇچرايسەن؛ بىراۋغا تۇتقان بىر پىيالە مەي تۈپەيلى،

قەدەھ ـ قەدەھ خۇن قەرزىگە دۇچار بولىسەن؛ بىراۋنى بىر قېتىم ماختاپ قويغانلىقىڭ بەدىلىگە ئون قېتىملاپ خورلۇق تارتىسەن. ئەكسىچە، بىراۋنىڭ بىر پىيالە ھەسىلىنى ئىچىپ قويدۇڭمۇ، بولدى، ئاياق ـ ئاياق زەھەر ئىچىشكە تەييار تۇرۇشۇڭ كېرەك. چۈنكى، خىزمىتىنى قىلىپ ھەرقانچە جاپا تارتساڭمۇ، سېنىڭدىن يەنىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىشىڭنى كۈتىدۇ؛ ھەرقانچە ۋاپادارلىق كۆرسىتىپ، كۆز ئالدىدا رەنج ـ مۇشەققەت چەكسەڭمۇ، سېنىڭدىن يەنىلا قۇللۇق تاما قىلىدۇ. كۆرسەتكەن ھەربىر ۋاپادارلىقىڭ ئۈچۈن يۈز قېتىملاپ جاپا چەكمىسەڭ، گۇناھكارسەن؛ ھەربىر مېھىر ـ مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن مىڭلاپ دەرد ـ مۇشەققەت ۋە مېھنەت كۆرمىسەڭ، خانىۋەيرانسەن. ئۇلارغا جان پىدا قىلساڭ، يەنە جېنىڭ بەدىلىگە تەشەككۈر ئىزھار قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىشىدۇ؛ ئەگەر بۇ شۈكرانىنى(يەنى تەشەككۈر ئىزھار قىلىشنى) ئادا قىلساڭ، يەنە تەكرار جان پىدا قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈز مۇددىئاسىنى بىجىرىپ، ناۋادا بىرى قالسا، باشتىن ـ ئاياغ ئەيىبدارسەن؛ مىڭ قېتىم ئارزۇسىغا يەتكۈزۈپ، بىرىگە ئۆزرە سورىساڭ، باشتىن ـ ئاياغ ئىشىڭ ئالغا باسمايدىغان بەختسىزسەن. يامانلىق قىلىشقانلىرىدا مىڭ مەرتىۋە يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلساڭمۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە سەندىن يامانراق كىشى يوق؛ دوستلۇقۇڭنى بىلدۈرۈپ جېنىڭنى بەرمىسەڭ، جېنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشىدۇ؛ ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ناھەق قان تۆكمىسەڭ، سېنىڭ قېنىڭنى تۆكمەك ئۈچۈن سەۋەب ئىزدەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشىدۇ. تەلەپ قىلغان ئىشلىرىنى ھەرقاچان ئۆز ۋاقتىدا بىجىرىپ، بىرىنى كېچىكتۈرۈپ قويساڭ، دوق ـ دەشنەم، ھاقارەتتىن نېرى

بولالمايسەن؛ ئىشلىرىنى دائىم كۆڭلىدىكىدەك قىلىپ بېرىپ، بىرىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويساڭ، ئۆمۈر بويى قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى يوققا چىقىرىدۇ. توختىماي ئالماق ــ ئۇلار ئۆچۈن ھۇنەر؛ ھەتتا ئالغانلىرىنىڭ يۈزدىن بىرىنى قايتۇرماقنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمۇ ئۇلار ئۈچۈن زەرەر. مېھنەت ـ مۇشەققەتلىرىگە چىدىمىساڭ، پاراسەتسىز دېگەن ئاتاققا قالىسەن؛ بۇيرۇغانلىرىنىڭ بىرىنى ئۇنتۇساڭ، زاتى پەس دېگەن تۆھمەتكە قالىسەن. بارچە مېلىڭنى پىدا قىلىپ، بىر نۆۋەت سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويساڭ، مۇرۇۋۋەتسىز دېگەن لەقەمنى قويۇشىدۇ؛ قىلغان جەبىر ـ جاپالىرى ئۇستىگە يەنە ئۆزرىخاھلىق يۈزىسىدىن جېنىڭنى بەرمىسەڭ، پەزىلەتسىز دېيىشىدۇ. باشلىرىغا گۈل تاقىساڭ، ئۇلار يۈزۈڭگە تىكەن سانجىيدۇ؛ ئەگەر گۈل تاقىماقنى توختاتساڭ، باغرىڭغا مىخ سانجىيدۇ. ھەمىشە يىلىنىپ يالۋۇرىدىغانلارغا بولسا، ساختا ناز ـ كەرەشمە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، زۇلۇم ـ ستەم ئورنىغا ھەرقاچان لوتپۇ كەرەم قىلىش يولى بىلەن ئۆزلىرىنى كۆرسەتمەك بولۇشىدۇ.

قايسىبىر بىچارە مەزلۇم بۇ زۇلۇمكارلارنىڭ قولىغا گىرىپتار ۋە بۇ ستەمكارلارغا خىزمەتكار بولىدىكەن، بۇلارنىڭ جاپاسىنى ئەنە شۇ جاپاكەشلەرنىڭ ئەھۋالىدىن سورا ۋە جەبىر ـ ستەملىرىنىڭ جاراھەتلىرىنى ئەنە شۇ مەجرۇھلارنىڭ باغرىدىكى زەخىملىرىدىن كۆرۈۋال. بېيت:

> جەفالاركىم، مەنىڭ جانىمغە يەتمىش دەھر خەلقىدىن،
> بىرى كۇففاردىن كەلمەس ئەسىر ئولغان مۇسۇلمانغە.
> نە بىدادىكى، ئىستەرلەر قىلىپ سوگرە ئۆكۈش تۆھمەت،

داغى يۈكلەرلەر ئاخىر بۇ جەفاكەش زارۇ ھەيرانغە.
بۇ بىداد ئەھلىدىن گەر جان بېرىپ مەخلەس ئېرۇر ئىشقىن
قىلىپ جاننى فىدا، بىللەھى مىننەت قويغامەن جانغە.

*زامان خەلقىدىن مېنىڭ جېنىمغا يەتكەن جاپالارنىڭ بىرمۇ كۆپپارلارغا ئەسىر بولغان مۇسۇلمانغا كەلمەيدۇ؛ ئۇلار ئاۋۋال زۇلۇم سېلىپ، ئاندىن تۆھمەتلەر قىلىپ، ئاخىرىدا قىلغانلىرىنى بۇ زارۇ ھەيران جاپاكەشكە يۈكلەيدۇ؛ بۇ زالىملاردىن ئەگەر جاننى بېرىش بەدىلىگە خالاس بولۇش مۇمكىن بولسا ئىدى، خۇدا ھەققى، جان دىلىم بىلەن بۇ جاننى پىدا قىلغان بولاتتىم.*

## ساخاۋەت ۋە ھىممەت توغرىسىدا

ساخاۋەت ــ ئىنسانىيەت بېغىنىڭ ھوسۇلدار دەرىخى، بەلكى ئۇ دەرەخنىڭ مەنپەئەتلىك مېۋىسىدۇر. ساخاۋەت ــ ئادەملىك مەملىكىتىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان دېڭىزى، بەلكى ئۇ دولقۇنلۇق دېڭىزنىڭ بىباھا گۆھىرىدۇر.
ساخاۋەتسىز ئەر (ئادەم) يېغىنسىز باھار بۇلۇتىغا ۋە پۇراقسىز ئېپارغا ئوخشايدۇ. مېۋىسىز دەرەخ دېمەك ــ ئوتۇن دېمەك، يېغىنسىز بۇلۇت دېمەك ــ تۇتۇن دېمەك يەنى مېۋىسىز دەرەخ ئوتۇنغا، يېغىنسىز بۇلۇت تۇتۇنگە ئوخشايدۇ. ساخاۋەتسىز كىشىنىڭ گۆھەرسىز سەدەپتىن پەرقى يوق، گۆھەرسىز سەدەپنىڭ ئۆلۈپ قۇرۇغان تاشپاقا قېپىدىن پەرقى يوق.
بېخىل گەرچە غوجايىن بولسىمۇ، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ؛ سېخىي گەرچە قۇل بولسىمۇ، دوزاخقا كىرمەيدۇ. سېخىي ــ

خامان ـ خامان ھوسۇل، بەلكى خەزىنە بەرگۈچى بولۇتتۇر؛ بېخىل ـــ تىزىق ـ تىزىق دان يىغقۇچى چۈمۈلىدۇر.

ھىممەت ئەھلىنىڭ ئىختىساسى ـــ ساخاۋەتتۇر؛ بۇ ئۇلۇغ سۈپەت (ئىختىساس ۋە ساخاۋەت ) ـ پەقەت پاك نىيەت كىشىلەرگىلا خاستۇر. ساخاۋەت ئادەمنىڭ بەدىنى، ئۇنىڭ جېنىدۇر ھىممەت؛ ھىممەت ئەھلىدىن ئالەمگە يېتىدۇ ھېسابسىز مەنپەئەت.

ھىممەتسىز كىشىنى كىشى ئەر سانىغا كىرگۈزمەس؛ روھسىز بەدەننى كىشى تىرىك دېمەس.

ئالىي ھىممەتلىك ئادەم ـــ ئېگىز پەرۋاز قىلغۇچى لاچىندۇر؛ ھىممەتسىز ئادەم ـــ چاشقان ئوۋلىغۇچى ھۆۋقۇشتۇر. شۇڭقارنىڭ تۇرار جايى ـــ شاھنىڭ بىلىكىدۇر؛ ھۆۋقۇشنىڭ تۇرار جايى ـــ ئۆلۈمتۈك چاشقاننىڭ سېسىق بەدىنى ۋە سۆڭىكىدۇر.

ئارسلاننىڭ ئىشى ـــ ئوۋ ئوۋلاپ يىرتقۇچلارنى تويغۇزماق؛ چاشقاننىڭ ھەرىكىتى ـــ دان ئوغرىلاپ، تۈگۈننى ئاختۇرماق. ھىممەت ئىگىسى يوقسۇللۇقى تۈپەيلى پەس سانالماس؛ ھىممەتسىز ئادەم خەزىنە تېپىۋالسا ھەم ئۇلۇغلار بىلەن تەڭ بولالماس. چىنار دەرىخىنىڭ غولىنىڭ كاۋاك بولۇشى، ئېگىزلىكىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ؛ يەر تېگىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان خەزىنىنىڭ تۇپراققا پايدىسى تەگمەيدۇ. ھىممەت ئەھلىنىڭ مەرتىۋىسى يۈكسەك ۋە پارلاقتۇر؛ ئەمما، ساخاۋەتنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ يۈكسەك ۋە تېخىمۇ پارلاقتۇر.

ئىسراپچىلىق ـــ سېخىيلىق ئەمەس؛ ئورۇنسىز چىقىم قىلغۇچىلارنى ئەقىل ئىگىلىرى سېخىي دېمەس. ھەق يەنى ھالال

مالنى كۆيدۈرگەنلەر دىۋانە دېيىلىدۇ؛ يورۇق كۈندە شام ياققانلار مەجنۇن (ساراڭ) دېيىلىدۇ. ماختىنىش ئۈچۈن پۇل ـ مال بەرمەك، ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلماق ۋە شۇ يول بىلەن «سېخىي» دېگەن ئاتاققا ئېرىشىشنى ئىستىمەك ـ بىھايالىق بىلەن نام چىقارماققا ئۇرۇنغانغا باراۋەردۇر. كىمكى ئېھسان داستىخىنىنى ئەل كۆرمىگۈچە ئاچمايدىكەن، ئۇ پەسكەشتۇر، سېخىي ئەمەستۇر.

تىلىگەندىن كېيىن بەرمەكنى ھەم ساخاۋەتتىن يىراق بىل؛ ئامالسىز (مەجبۇرلاش نەتىجىسىدە) بەرگەندىن بەرمىگەننى ياخشىراق بىل. بىر ناننى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى بىرەر ئاچ ئادەمگە بەرگەننى سېخىي دەپ، ئۆزى يېمەي، بارىنى بىرەر موھتاجغا بەرگەننى دوست دەپ بىل.

**تەنبىھ:**

ياخشىلىققا ئېرىشەي دېسەڭ، يېگۈزگىن؛ ئەيىبلىرىڭنى ياپاي دېسەڭ، كىيگۈزگىن. زۆرۈر ۋاقىتتا بەرگەن ئەسكى بۆز تون ـ ساخاۋەتتۇر؛ بىمەھەل ھەدىيە قىلىنىغان زەرباب چاپان ـــ ھېچنېمىگە يارىمايدىغان ئەسكى پۇرۇچتۇر. تائامىم زايە بولمىسۇن (بەرىكەت تاپاي) دېسەڭ، يېدۇر؛ لىباسىم كونىرىمىسۇن (يېڭىلاپ تۇراي) دېسەڭ، كىيدۇر.

ساخاۋەت تەرىقىنى يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزدىن بىلىۋال؛ ئەمما ئالىيجانابلىق ۋە مەردلىك قائىدىلىرىنى ئۆزگىلەردىن ئاڭلىۋال.

## كەرەم (ئالىيجانابلىق) ۋە مەردلىك توغرىسىدا

كەرەم ـــ بىر جاپاكەشنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرمەك ۋە ئۇنى شۇ يۈكنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرماقتۇر. كەرەم ـ

بىراۋنىڭ تىكەنلىك مىھنەت يوكىنى كۆتۈرمەك ۋە شۇ تىكەننىڭ سانجىلىشىدىن گۈلدەك ئىچىلماق ھەمدە قىلغان كەرەملىرى ھەققىدە قايتا ئىغىز ئاچماسلىق، ئىغىزىغا ئالماسلىق، مىننەت قىلماسلىق، ئەسلا يۈزىگە سالماسلىقتۇر. كەرەم ـــ ئەكرەمۇل ـ ئەكرەمىن (ئەڭ كەرەملىك ئاللا) نىڭ سۈپىتى بولۇپ، كەرەم ساھىبى دەل ھەقنىڭ بۇ خىل سۈپىتىگە تەۋە كىشىدۇر.

ھازىرقى دەۋردە كەرەمنەڭ مايىسلىرى كۆكتات دۇكىنىدىن ئۆزگە يەردىن تېپىلمايدۇ؛ مېھىر ـ مۇھەببەت گۈلى پەلەك گۈلشىنىدىن ئۆزگە يەردە ئېچىلمايدۇ. كەرەم ـــ ئىنسان تەبىئىتىدىن ئۆچكەن، بەلكى يوقالغان؛ شۇ سەۋەبتىن كەرەم ئەھلىنى ئۇچراتقىلى، ھەتتا تاپقىلىمۇ بولمايدۇ.

**تەنبىھ:**

كەرەم كرم دىكى «كاف ـ ك » ھەرپىنى «كىميا» سۆزىنىڭ بېشىدىن؛ «رە ـ ر » ھەرپىنى «سىمۇرغ» سۆزىدىكى «ر» دىن ۋە «مىم ـ م» ھەرپىنى «مەھبۇب» ـــ گۇزەللەر ئاغزىدىن ئالغانمىش. ۋاھالەنكى، ھازىر بۇلاردىن ئەسەر قالمىدى، ئەل ھەم بۇلارنى ئۇنتۇپ كەتتى. ئەمدىلىكتە، كەرەم جەۋھىرىنى ئالەم ئەھلىدىن تىلىمەك ـــ گويا قۇياشنى زەررىدىن تەلەپ قىلغانغا، پەلەكنى سەھا يۇلتۇزىدىن تىلىگەنگە باراۋەر بولۇپ قالدى.

## مۇرۇۋۋەت توغرىسىدا

مۇرۇۋۋەت يوقىلىشقا يۈزلەنگەن كەرەمنىڭ ئۇرۇقى ۋە قاياشىدۇر، بەلكى قوشكېزەك قېرىندىشىدۇر. بىراق، بۇلارنىڭ ئىككىلىسى (كەرەم ۋە مۇرۇۋۋەت) ئەلنىڭ بىۋاپالىقىدىن

خەۋەردار بولغاچقا، بۇلاردىن يەنى ئادەملىكىنى يوقاتقان بىۋاپا ئەلدىن قېچىپ، يوقلۇق مەملىكىتىگە سەپەر قىلغان.

كەرەملىك ئادەم ئۇ نەپىس ماتادىن يەنى مۇرۇۋۋەتتىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەيدۇ؛ مۇرۇۋۋەت ئىگىسى ھەم شۇنداق گۈزەل كىيىمدىن يەنى كەرەمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئەسلا خالىمايدۇ.

ئىككىلىسى يەنى كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەت قايدا بولسا، تەڭرى پاناھىدا بولغاي، ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئارامگاھىدا ئورۇن تۇتقاي.

## ۋاپا ۋە ھايا توغرىسىدا

كەرەم، مەردلىك ۋە مۇرۇۋۋەت ــ خەلقنىڭ ۋاپادەك بىر ياخشى سۈپەتتىن مەھرۇم قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنى يەنى ۋاپانى تېپىش ئۈچۈن يوقلۇق مەملىكىتىگە كېتىپتۇ.

جاھان گۈلشىنى ۋاپا گۈلىنىڭ يوقلۇقىدىن زىنىنىتىنى يوقاتقان؛ ئىنسانىيەت گۈلى ۋاپانىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن ئايرىلغان. ۋاپا شامى قاراڭغۇ ئالەمنى يورۇتمىغان، زامان بىۋاپالىرىنىڭ كۆڭلى بىلەن ئۈلپەت بولمىغان. تېخى ۋاپانىڭ نەرگىسگۈلى دەۋر چىمەنىگە كۆز سالمايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل غۇنچىسىدا كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەتتىن ئۆزگە نەرسە تېپىلمايدۇ.

ۋاپا ــ شۇقەدەر پاك تەبىئەتلىك بىر مەھبۇبتۇركى، ئۇ تەبىئىتى ۋە كۆڭلى پاك بولمىغان ھەرقانداق بىرىگە رام ۋە ئۈلپەت بولمايدۇ؛ ۋاپا شۇنداق بىر پاكىز يارالغان مەقسەت ئۆيىكى، ئۇ زاتى تازا، تەبىئىتى پاك بولمىغان ئادەمنى ئۆزىگە

ھەرگىز يېقىنلاشتۇرمايدۇ ۋە ئىلتىپات كۆرسەتمەيدۇ. ۋاپا ــ شۇنداق ئېسىل بىر گۆھەردۇركى، ئۇ ئىنسانىيەت تاجىنىڭ زىننىتى ئىدى، لېكىن ئالەمدە بۇ گۆھەرنى ئادەملىك تاجىغا تاقاپ پارىلداتقۇدەك ۋاپاغا لايىق ئىنسان قالمىدى. ئالەم ئەھلىدە ئادەمگەرچىلىك يوق. شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ۋاپا ھايا بىلەن تۇتاشقان، ھايا ھەم ۋاپا بىلەن باغلانغان.

## ۋاپا بىلەن باغلانغان ھايا توغرىسىدا

كەرەم ۋە مۇرۇۋۋەت ئاتا ۋە ئانىلاردۇر؛ ۋاپا بىلەن ھايا بۇلارنىڭ يەنى كەرەم بىلەن مۇرۇۋۋەتنىڭ قوشكېزەك پەرزەنتلىرىدۇر. ئۇ ئىككىسىدە قانچىلىك روشەنلىك ۋە ساپلىق بولسا، بۇ ئىككىسىدە ھەم شۇنچىلىك يېقىنلىق ۋە بىرلىك بولىدۇ. ھەرقانداق بىر كۆڭۈل (يۈرەك) دە ۋاپا بولسا، ھايا ھەم بولىدۇ؛ ۋاپا بار يەردىن ھايا ھەم تېپىلىدۇ. ۋاپاسىزدا ھايا يوق؛ ھاياسىزدا ۋاپا يوق. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئادەمدە بۇ ئىككى سۈپەت بولمايدىكەن، ئىمان ھەم بولمايدۇ. ھەر كىمدە ئىمان بولمايدىكەن، ئادەملىكى ھەم بولمايدۇ. ۋاپاسىز مەھبۇبتىن مەڭگۈلۈك ۋىسال ئۈمىدىنى كۈتكىلى بولمىغىنىدەك، ۋاپاسىز ئۆمۈردىن ھەم ئۈمىد كۆزىنى يورۇتقىلى بولمايدۇ.

ئىمانى بارلار ۋاپادار؛ ئىمانسىزلار بىۋاپا. كامىللار ھايالىق؛ كامال تاپمىغانلار بىھايا.

ئەمدىلىكتە، ۋاپا بىلەن ھايا بۇ ئالەمنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، يوقلۇق ئالىمىدىن ماكان تۇتقان ۋە شۇ ئارقىلىق كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇشقان؛ قالغان ۋاپاسىز،

بىھايالار بولسا ئۇلارنى ئۇنتۇغان.

ۋاھالەنكى، كەمىنە بۇ چاغقىچە ھەركىمگە بىر قېتىم ۋاپادارلىق كۆرسەتسەم، ئۇنىڭدىن يۈز قېتىملاپ بىۋاپالىق كۆرمىگۈچە قۇتۇلالمىدىم؛ ھەركىم بىلەن بىر قېتىم مېھىر ـ مۇھەببەت مۇئامىلىسىدە بولسام، ئۇنىڭدىن مىڭ قېتىملاپ جەبىر ـ جاپا ۋە خورلۇق تارتمىغۇچە خالاس بولالمىدىم. نەزم:

كىمگە قىلدىم بىر ۋەفا ـ يۈ يۈز جافاسىن كۆرمەدىم،
كۆرگۈزۈپ يۈز مېھر، ئانىڭ دەردۇ بەلاسىن كۆرمەدىم.

*كىمگە بىر قېتىم ۋاپادارلىق كۆرسەتتىم، ئۇنىڭدىن يۈز قېتىملاپ جاپا كۆردۈم؛ كىمگە يۈز قېتىم مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرسەتتىم، ئۇنىڭ دەردۇ بالاسىدىن قۇتۇلالمىدىم.*

بۇ دەۋر بىۋاپالىرىنىڭ جەبىرلىرىدىن داد! بۇ زامان بىھايالىرىنىڭ زۇلمىدىن پىغانۇ پەرياد! تا ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى بۇ ئوتتا ھېچكىم مەنچىلىك ئۆرتەنمىگەندۇر؛ تا بىۋاپالىق باشلانغاندىن بېرى بۇ ئوتتا ھېچكىم مەن كەبى پۇچىلانمىغاندۇر.

زامان ئەھلىنىڭ بىۋاپالىقىدىن باغرىمغا تىكەنلەر سانجىلدى؛ دەۋر خەلقىنىڭ بىھايالىقىدىن قەلبىمدە تۈگۈن ـ جاراھەتلەر پەيدا بولدى. بۇلارنىڭ ھەربىرى ئۈستىدە يەنە قەلەم تەۋرىتەي دېسەم، سەۋر، چىدام ـ غەيرەت ماڭا ۋاپا قىلمىدى؛ قەلەم سۈرەي دېسەم، بۇ ئۆمرۈمدە تامامىغا يەتكۈزەلمىگۈدەكمەن.

خەيرىيەت، ھەق ئۇلارنى بىرەر بىشارەت بىلەن ئىنساب ۋە رەھىم ـ شەپقەت يولىغا باشلىغاي، ۋەياكى كەمىنە جاپاكەشكە سەۋر، چىدام ـ غەيرەت ئاتا قىلغاي. نەزم:

يا مەرھەمەت ئۇل خەيلى ستەمكارغە بەرگىل،
يا سەبرۇ تەھەممۇل مەنى بىچارەغە بەرگىل.

*ئەي تەڭرىم، يا ئۇ ستەمكارلارغا مەرھەمەت قىلغىن، ياكى مەن بىچارىگە سەۋر، چىدام ـ غەيرەت بەرگىن.*

## مۇلايىملىق توغرىسىدا

مۇلايىملىق ــ ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ مېۋىلىك بىغىدۇر ۋە ئادەملىك ئالىمىنىڭ جاۋاھىرلىق تېغىدۇر. مۇلايىملىقنى ھادىسىلەر دېڭىزىدىكى كېشىلىك كېمىسىنىڭ لەڭگىرى دېسە بولىدۇ ۋە تارازىنىڭ ئىنسانىيەت قەدرىنى ئۆلچەيدىغان تېشىغا تەڭلەشتۇرسە بولىدۇ.

مۇلايىملىق ــ ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ قىممەت باھالىق لىباسىدۇر، لىباسلا ئەمەس، بەلكى شۇ كىيىملەر توپى ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ چىداملىقىدۇر. ئۇ ــ كىشىنى نەپسىنى دەي ـ دەيگە سېلىپ يامان يولغا ئېلىپ بارغۇچى سوغۇق شامالنىڭ ئۇ ـ چۇرۇپ كېتىشىدىن ئاسرىغۇچى ۋە ئىككى يۈزلىمىچى مۇنا ـ پىقلارنىڭ بىمەنە، يولسىز ھەرىكەتلىرىدىن ساقلىغۇچىدۇر.

مۇلايىملىقتىن ئادەم خالايىقنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ؛ مۇلايىملىق تۆپەيلى كىچىكلەر كاتتىلارنىڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ۋاھالەنكى، چوڭلار ياشلارنى مەسخىرە ۋە كۈلكە قىلسا، ياشلار ئارىسىدا ئۆزى ھەم شۇنچە مەسخىرە ۋە كۈلكىگە قالىدۇ ــ ئابرۇيى چۈشۈپ كېتىدۇ؛ ياشلارمۇ چوڭلار ئالدىدا ھەزىل ـ

چاقچاق ۋە يەڭگىلتەكلىك قىلىدىكەن، ئۇلار ھەم ئوخشاشلا چوڭلار ئالدىدا ئۇياتسىز ۋە ئېتىبارسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئەمما، بۇ دەۋر بېغىنىڭ تۇتۇرۇقسىز چاكىنا ، شامالدەك بىتايىن، يەڭگىلتەك كىشىلىرى ئالدىدا مۇلايىم ئادەملەر گويا مىجەزى ئېغىر ۋە ناچار خاراكتېرلىك دەپ كەمسىتىلمۇاتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا، تۇپراقنى قۇيۇندەك ھاۋاغا سورۇشماقتا، يەڭگىلتەكلىكى ۋە تۇتۇرۇقسىز قىلىقلىرى بىلەن باشلىرىنى گويا كۆككە يەتكۈزۈشمەكتە. ھەتتا تاغ گەۋدىسىنى ئاياغ ئاستى قىلماق ئۇلارنىڭ ئادىتى، دالا ـ دەشتلەردىكى زەررىلەرنى ھاۋاغا ئۇچۇرماق بۇلارنىڭ تەمكىنلىكىدۇر. بۇنداق ئادەملەر شامالغا ئوخشاش ھەر ئىشىكتىن كىرىۋېرىشتىن نومۇس قىلمايدۇ؛ ئوتقا ئوخشاش ئاتەشدانىنى قىزدۇرۇشتىن ئۆزگە ئىشنى بىلمەيدۇ.

شامال گەرچە لالىنىڭ تاجىنى ئۇچۇرۇپ كېتەلىسىمۇ، لېكىن تاغ قىيانىڭ قاپتىلىغا قانداقمۇ تەسىر كۆرسىتەلىسۇن؟! ئوت گەرچە تاغ ئېتىكىدىكى خەس ـ خەشەكلەرنى كۆيدۇرۇۋېتەلىسىمۇ، لېكىن قۇياشىنىڭ تەپتىگە قانداقمۇ تەڭ كېلەلىسۇن؟!

خۇش ئاۋاز قۇشنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئالدىدا قارلىغاچنىڭ ۋىچىرلاشلىرى كىشىگە زېرىكىش تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىدۇ؛ بىراۋ قۇرئان ۋاراقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۆرۈپ پۈتۈن زېھنى بىلەن تىلاۋەت قىلىۋاتقاندا، غەرەز ئۇقمايدىغان كىچىك بىر بالىنىڭ يەلپۈگۈچ بىلەن قۇرئان ۋاراقلىرىنى يەلپۈپ مالاللىق يەتكۈزۈشى كىشىنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك ئېلىپ

كېلىدۇ.

شامال گەرچە كۆككە يەتسىمۇ، بەربىر يەڭگىل ۋە سالمىقى يوق؛ تاغ گەرچە تۇپراققا پېتىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنچە ھەيۋەتلىك ۋە شۇنچە تەمكىن. شامالدا بولسا، پەقەت ئوتقا تۇتۇرۇق قىلىغۇدەك خەس ـ خەشەكلا بار؛ تاغدا بولسا، شاھ تاجىغا تاقىغۇدەك چوغدەك قىزىل لەئەل بار. نەزم:

ئاغىرلىق ۋەزنىدىندۇر سەلدىن غەمسىز ھىرا تاغى،
يەڭگىللىك پەرتىدىن بەرباد ئېرۇر قامغاق يەفراغى.

*ھىرا تېغى ۋەزنى ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن سەل بېسىۋالسىمۇ غەم قىلمايدۇ، قامغاقنىڭ ياپرىقى يەڭگىل بولغانلىقى ئۈچۈن شامالدا ئاسانلا بەربات بولىدۇ.*

**تەنبىھ:**

تەڭرىنىڭ دوستلىرى ھەققىدىكى ھېكايەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ئۇيۇغان كۆڭۈللەرنى ئويغىتىدۇ؛ قېتىپ قالغان كۆزلەرنى يىغلىتىدۇ. ياخشىلارغا ئەگەشكەن ئىتنىڭ پاكلار قاتارىغا قېتىلغانلىقى (بۇ يەردە «ئەسھابۇل ـ كەھف» رىۋايىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ ــ نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن) ۋە يامانلارغا قوشۇلغان پەيغەمبەر ئەۋلادىنىڭ جەھەننەمگە ئۇزىتىلغانلىقى شۇنىڭ تىمسالى ئەمەسمۇ؟

**تەنبىھ:**

ھەقنى تونۇمىغان ئادەم ــ تەڭرىنىڭ دوستلىرىنى ھەم تونۇمايدۇ؛ ياخشىلىق يولىغا ئاياغ باسمىغان ئادەم ــ تەڭرى

باشلىغان يولغا ھەم كىرەلمەيدۇ ــ راۋاج تاپمايدۇ. دېمەك، مەيلى پادىشاھ، مەيلى ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى بولسۇن، ئىشنىڭ ئىلگىرى باسمىقى ـ ئۇنىڭ ئىنايىتىگە، ياخشىلىق يولىغا ئاياغ باسقانلىقى ياكى باسمىغانلىقىغا باغلىقتۇر.

تەنبىھ:

زالىملاردىن ئاسايىش كۆرەي يەنى خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، مەزلۇملارغا ياخشىلىق قىل؛ كۈچلۈكلەردىن زەرەر يەتمىسۇن دېسەڭ، ئاجىزلارغا نەپ يەتكۈز. ئاقىل ئادەم جەڭگى ـ جېدەلدىن قاچىدۇ؛ دوستلىشىش ئۈچۈن مۇلايىملىق ئىشىكىنى ئاچىدۇ. سىرىق ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشى ــ نەشتەر سانجىش، چېقىش ئۈچۈندۇر؛ ھەسەل ھەرىسىنىڭ غوڭۇلدىشى ــ ھەسەلگە مۇيەسسەر قىلىش ئۈچۈندۇر.

تەنبىھ:

سائادەتمەن يىگىت شەھۋانىيلىقتا بىرىلمەيدۇ؛ بىسائادەت يەنى بەختسىز قېرىنىڭ ئىلكىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

تەنبىھ:

دەرد ئەھلىنىڭ نەپسى بىر ئوتتۇركى، ئۇ قاتتىق كۆڭۈلنى يۇمشىتىدۇ ۋە كۆزى قېتىپ قالغان ئادەمنى يىغلىتىدۇ. كۆيگەنلەرنىڭ يەنى كۆيۈك ئەھلىنىڭ دېمى شۇنداق بىر يەل (شامال) كى، ئۇ مەنمەنلىك خەشىكىنى سورۇيدۇ، جاھالەت تۇپرىقىنى سۇپۇرىدۇ. ئاشىقنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرى ــ يىلىنىش ـ يالۋۇرۇش؛ ئىشقىنىڭ دەلىلى ــ كۆيۈش ـ يېنىش. پەرۋانىنىڭ ئادىتى ـ كۆيمەك ـ ئۆرتەنمەكتۇر؛ بۇلبۇلغا نالە ـ زار ۋە

پەريادتىن ئۆزگە تەسەللى يوقتۇر. كېچىسى يالتىرايدىغان قۇرت ــ ياللۇننىڭ يورۇقىنى بىرەلمەيدۇ؛ كېپىنەك پەرۋانىنىڭ ئىشىنى بىلمەيدۇ. (ئۇشبۇ تەنبىھ « ب » نۇسخىدىن تولۇقلاندى) نەزم:

كىشى ئۆزىن ياساغان بىرلە بولۇرمۇ ئاشىق،
سۇبھى كازىب يارۇماس، ئۇيلەكى سۇبھى سادىق.

*كىشى ئۆزىنى پەردازلىغان بىلەن ئاشىق بولۇرمۇ؟ يالغان تاڭ ھەقىقىي تاڭ يورۇقىدەك يورۇق بولۇرمۇ؟*

**تەنبىھ:**

ياراتمىش (بۇيۇك ئاللا) تىن ئۆزگە ھەرقانداق بىر يارالمىش (شەيئى) باقىي ئەمەستۇر، ئۇنىڭغا (يارالمىشقا) كۆڭۈل باغلىماق خاتادۇر. ياراتمىشتىن باشقا ھەممە يوقىلىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ (ياراتمىشنىڭ) ئىشقىنى بەك تۇت؛ ھەق باقىيدۇر، ئۇنىڭدىن ئۆزگە بار پانىيلارنى ئۇنتۇ. نەزم:

ئانىڭ ئىشقىنى بەرك تۇتماق كەرەك.
يەنە بار ـ يوقنى ئۇنۇتماق كەرەك.

*ھەقنىڭ ئىشقىنى بەك تۇتماق كېرەك، ھەقتىن ئۆزگە يەنە بار ـ يوقنى ئۇنتۇماق كېرەك.*

مەسىلەن، مەجازىي ئىشق بىر مەھبۇبتۇر، ئۇنىڭ ئىشقىغا بېرىلگەن مەغلۇبتۇر. ھەقىقىي ئىشق بىقاراردۇر ۋە ئۇنىڭ ئىش ـ

ئەمەللىرىنى ئادا قىلماق ئۆزلۈك بىلەندۇر. ئۇنىڭغا يۇلغان ھاياجان ۋە ئىزتىراپ ئىش ـ ئەمەلگە يارىشا بولغاي. ئۇنىڭ نەتىجە ۋە جازىبىلىرى ھەم شۇنىڭغا يارىشا بولغاي. نەزم:

سۇھانىڭ ئاشىقى چۈن نالە ئەتكەي،
قۇياشنىڭ ھالىغە كۆركىم، نە يەتكەي.

*يۇلتۇزلار تويى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك يۇلتۇز ــ سۇھانىڭ ئاشىقى شۇقەدەر نالە قىلغان يەردە، قۇياشنىڭ ئاشىقىنىڭ ھالىغا كىممۇ يەتسۇن !؟*

تەنبىھ:

دوست ۋىسالىغا يەتمەك ئارزۇسىدا بولساڭ، ئاشىق بول؛ ئەگەر ئاشىق بولۇشقا چامىڭ يەتمىسە، ئاشىقلار ئەتراپىدا بول. ھېچبولمىغاندا، شۇ ئوتنىڭ شولىسى ساڭا چۈشسە، ۋە ياكى بىرەر ئۇچقۇنى سەن تەرەپكە يۈزلەنسە بولدى، بەس ! نەزم:

بىر ئوتدۇر ئولكى، ئانىڭ شۇئلەسىدىن بىر شەرەر،
تۈشسە گەردۇن پەردەسىغە ئۆرتەگەي ئانداغ مەگەر.
سەنكى، جىسمىڭ تارىدىن ئانداغكى بولغايسەن نەھىف،
تۈشسە ئول يەڭلىغ چاقىن تۈزگەيمۇ ئول تارى زەئىف.

*ئىشق بىر ئوتتۇركى، ئەگەر ئۇنىڭ شولىسىدىن بىر ئۇچقۇن ئاسمان پەردىسىگە چۈشسە،ئۇنى گويا شايىنى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. سېنىڭ جىسمىڭ ئەنە شۇ پەردىنىڭ يىپىدىن ھەم نازۇك تارغا ئوخشايدۇ، ئاۋادا ئۇنىڭغا شۇنداق ئۇچقۇن چۈشسە، ئۇ بىچارە تار بەرداشلىق بېرەلەرمۇ!؟*

**تەنبىھ:**

كىمكى ئۆمرىنى مەردلەر خىزمىتىگە سەرپ قىلىدىكەن، ئۆمرى ئاخىرلاشقان تەقدىردىمۇ، شۇ ئىش ـ ئەمەللىرى سەۋەبلىك مەڭگۈلۈك ئۆمۈرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۆزۈڭنى بۇنداق كىشىلەردىن يىراق تۇتما، بىشىلىڭ كەتسىمۇ ھەم بۇ مۇددىئانى ئۇنتۇما. ئۆمۈر — پانىي ۋە بىۋاپادۇر؛ ئەمما، مەردانە ھايات — باقىيدۇر. نەزم:

ئېرەنلەر خىزمەتىدىن چەكمەگىل باش،
ئەگەر باشىڭغە گەردۇندىن ياغار تاش.
ئەگەر ئول تاش ئىلە باشىڭ ئۈشالغاي،
سەئادەت خەتتىدۇر، گەر زەخمى قالغاي.

*بېشىڭغا ئاسماندىن تاش ياغسىمۇ، مەردلەر خىزمىتىدىن بويۇن تولغىما؛ گەرچە ئۇ تاش بىلەن بېشىڭ يېرىلسىمۇ، ئۇ زەخمىنى سائادەتنىڭ ئىزناسى دەپ بىل.*

**تەنبىھ:**

نېمەت ئىگىسىگە ئەيىبنى راۋا كۆرگۈچى — ئۇستازىغا ھەم قارا سانايدىغان مۇرىتتۇر ۋە ئاتىسىنىڭ پۇشتىدىن بولمىغان هارامزادە ئوغۇلدۇر. مۇرىتقا پىرىنىڭ، ئوغۇلغا ئاتىنىڭ ۋە خادىمغا نېمەت ئىگىسىنىڭ ھەققى شۇ قەدەركى، ئۇ ھەقتائالانىڭ بەندىلىرىگە بۇيرۇلغان ھەققى بىلەن باراۋەردۇر. نەزم:

كىمكى ئاتا ئەمرىغە قويماس بويۇن،
پىر ئىلە مەخدۇم ئىشىن دەر ئويۇن.

بەلكى چەكەر تەڭرى يولىدىن ئاياق،
تەڭرى بىلە ئاق بولار، پىر ئىلە ئاق.

*ئاتا ئەمرىگە بويۇن سۇنمايدىغان كىشى، پىر بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ ئىشىنى ئويۇن دەپ بىلىدۇ؛ ھەتتا تەڭرى يولىدىن ئاياغ تارتىدۇ، تەڭرىدىنمۇ، پىر - ئۇستازىدىنمۇ يۈز ئۆرۈيدۇ.*

**تەنبىھ:**

كىمكى بىراۋ بىلەن دوست - يار بولىدىكەن ياكى دوست - يارلىق دەۋاسىنى قىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى دوست - يارىغا ھەم راۋا كۆرمەسلىكى كېرەك؛ ھەتتا ئۆزىگە راۋا كۆرگەن بەزى نەرسىلەرنىمۇ (قىلچە نۇقسانلىق گۇمان قىلسا) دوست - يارىغا راۋا كۆرمەسلىكى لازىم. تۈرلۈك مۇشەققەتلەردىن كىشى روھىغا ئەلەم يېتىشى مۇمكىن، جىسمۇ جان بۇنىڭغا تاقەت قىلىدۇ؛ ئەمما، بۇنداق مۇشەققەتنىڭ دوست - يارنىڭ بېشىغا چۈشۈشىنى خىيالىغا ھەم كەلتۈرمىگەي، دوست - يار ئۈچۈن جان بېرىشكە تەييار تۇرغاي؛ مۇبادا خىيالىغا كەلتۈرگۈدەك بولسا، ئۆزىنى دوستلۇقتا يارىماسلار قاتارىغا قوشۇۋەتكەي. نەزم:

يار ئۆلدۈركى، ھەر نېچەكىم ئۆزىغە -
ئىستەمەس، يارىغە ھەم ئىستەمەغەي،
ئۆزى ئىستەركى، يار ئۈچۈن ئۆلگەي،
ئانى مۇندا شىرىك ئەيلەمەغەي.

*دوستلۇق شۇنداق بولۇشى كېرەككى، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى دوستىغا ھەم راۋا كۆرمىگەي؛ دوستى ئۈچۈن*



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

*ئۆلمەككە هازىر تۇرمىقى لازىمكى، لېكىن دوستىنى بۇ ئىشقا شېرىك قىلمىغاي.*

تەنبىھ:

كۆڭۈل بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدۇر. كۆڭۈلنىڭ ساغلاملىقى بەدەننىڭ ھەم ساغلاملىقى؛ كۆڭۈلنىڭ ساقىسىزلىقى بەدەننىڭ ھەم ساقىسىزلىقىدۇر. دېمەك، كۆڭۈل بەدەن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى، بەلكى شاھلارنىڭ شاھىدۇر. بەدەننىڭ ساغلام ياكى ساقىسىزلىقى كۆڭۈلنىڭ ساغلام ياكى ساقىسىزلىقىغا باغلىق؛ مەملىكەتنىڭ ئاۋات ياكى خاراب بولۇشى شاھنىڭ ئادالىتى ياكى زۇلمىغا باغلىق. پادىشاھ مەملىكەت بەدىنىنىڭ جېنىدۇر، كۆڭۈل بەدەن مەملىكىتىنىڭ سۇلتانىدۇر. (ئۇشبۇ تەنبىھ «ب» نۇسخىدىن تولۇقلاندى) نەزم:

مۇلك ئۇچۇن سالىم كەرەكدۇرخۇسرەۋى كىشۋەر پەناھ،
تەن ئۇچۇن ئول ئۇزۇكىم، بولدى بەدەن مۇلكىدە شاھ.

*مەملىكەت ئۇچۇن دۆلەتنى ئاسايىشلىقتا تۇتقۇچى ساغلام پادىشاھ كېرەك، تەن ئۇچۇن بەدەن مەملىكىتىنىڭ شاھى بولغان ئەزا كېرەك.*

**تەنبىھ:**

شاھ ھەم مىھىر ـ شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك ھەم سىياسەت ئىگىسى (قاتتىق قوللۇق) بولمىقى لازىمدۇر. ئەمما، ھەربىرى ئۆز ئورنىدا بولغىنى ياخشىدۇر، بەس. شاھقا دوست بىلەن دۈشمەننى پەرق ئەتمەك ئۈچۈن كۆپ مۇلاھىزە ۋە پاراسەت

كىرەك؛ يارنى رەقىبتىن ئايرىماق ئۈچۈن كۆپ تەجرىبە ۋە هوشيارلىق كېرەك. ئومۇمەن، شاهنىڭ سىياسىتىدىن هەممە خەۋپتە ۋە مەرهەمەتتىدىن بارچە ئۈمىد ئىچىدە بولغاي. شاه ئۆزىنى هەم هەرقاچان خەلققە كەمتەرىن بىر ئادەم سۈپىتىدە كۆرسەتكەي. ئەمما، دوست ۋە دۈشمەننىڭ هەقىقىي قىياپىتى ئاشكارا بولغۇچە، نامۇناسىپ ئىشلارنىڭ سادىر بولۇپ قېلىشىدىن هەم ساقلانغاي. نەزم:

ناگەهان گەر بىتەئەممۇل سۇرسە بىر هۆكمى ئەنىق،
كىم، زەئىف ئاندىن قەۋى ياخۇد قەۋى بولغاي زەئىف.

*ئەگەر شاه ئويلانماستىن بىرەر ناباب هۆكۈم چىقىرىپ قويسا، كۈچلۈك زەئىپلىشىپ، زەئىپ كۈچلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.*

تەنبىه:

ئۆكتە هۆكۈم بىلەن بىراۋنى نابۇت قىلىپ، ئاندىن پۇشايمان قىلغانلىقنىڭ هېچبىر پايدىسى يوقتۇر؛ ئوخشاشلا، بىراۋنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، بىمەهەل ئالىي هىممەتكە ئىگە قىلىپ، ناپەسلىكنى بىلگەندىن كېيىن مەرتىۋىسىدىن چۈشۈرۈۋەتسەڭ، شانىڭغا زىياندۇر. نەزم:

تەئەممۇل مۇندا ۋاجىبدۇر بەغايەت،
كى، بولماغاي بۇ نەۋئ ئىش بىرئايەت.

*بۇنداق ئىشلاردا كۆپرەك ئويلىنىش ۋاجىپتۇر، تاكى بۇ خىل ئىشتا بىپەرۋالىق قىلمىغان تۇرۇۋكتۇر.*

تەنبىھ:

پادىشاھ دۈشمەنگە شۇنداق غەزەپ قىلمىقى كېرەككى، دوست ھەم ئۇنىڭدىن خەۋپ ھېس قىلمىغاي؛ ياۋغا شۇنداق سىياسەت يۈرگۈزمىكى كېرەككى، خەيرخاھلىرى ھەم ئۇنىڭدىن شۈبھىلىنىپ قالمىغاي. نەزم:

كېرەكمەس مۇخالىفغە ئانچە ئىناد،
كى، قىلغاي مۇۋاپىقنى بىئىئتىمال.

*دۈشمەنگە ئۇنچە قاتتىق زۇلۇم قىلماسلىق كېرەك، تاكى تەرەپدارلىرى ھەم نائۈمىدە قالمىغاي.*

تەنبىھ:

پاسىق ئالىم ئۆز نەپسىگە زالىم دانىشمەندۇر؛ دۆلەتمەن بېخىل ئۆز پايدىسىنىلا كۆزلىگۈچى ناداندۇر. بۇ ئىككى تائىپە ئۆمرىنى بىكارغا ئۆتكۈزىدۇ ۋە گۆرگە ھەسرەت ـ ئارمان ئېلىپ كېتىدۇ: بۇلارنىڭ بىرى ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن قانچىلاپ مۇشەققەت تارتىدۇ ـ يۇ، لېكىن ئىلمىغا ئەمەل قىلمايدۇ؛ ئىككىنچىسى مال ـ دۇنيا يىغىش ئۈچۈن كۆپ جاپا چېكىدۇ ـ يۇ، نېمىگە سەرپ قىلىشنى بىلمەيدۇ. قىتئە:

ئالىمكىم، ئىلمى ئېردى بىئەمەل،
يا غەنىيكىم، مالىغە بۇخل ئېردى يار.
ئۆلدىلەر يۈز ھەسرەتۇ ئارمان بىلە،
ئەلگە بولدى ئىشلارىدىن ئىئتىبار.

*ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم ياكى مېلىغا بېخىلىق قىلغان غەنىي يۈز ھەسرەت ۋە ئارمان بىلەن ئۆلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئەل ئۈچۈن ئىبرەتتۇر.*

**تەنبىھ:**

يامانلارغا مەرھەمەت ۋە كەرەم قىلماق — ياخشىلارغا زەرەر ۋە ئازار بەرمەكتۇر. مۈشۈكنى پەرۋىش قىلماق — كەپتەر ئۈچۈن ئاپەتتۇر. تۈلكىگە سەل قارىماق — تۇخۇ تۇخۇمىنى قۇرۇتماقتۇر. نەزم:

بۆرىنى قوزا بىلە قىلغان سېمىز،
كېيىك جەمئۇ خەيلىغەدۇر رەھمسىز.

*بۆرىنى قوزا بىلەن سەمرىتكەن، كېيىك توپىغىمۇ رەھىمسىزدۇر.*

**تەنبىھ:**

ئىلىم ئۆگەنمەك بايلىق توپلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىبتىغادنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر. ساخاۋەتسىز باي يېغىنسىز بۇلۇتقا ئوخشايدۇ؛ ئىلىمگە ئەمەل قىلمىغان ئالىم ئۈستىگە كىتاب ئارتىلغان ئېشەككە ئوخشايدۇ. نەزم:

ھامال نەفسى رەخت ئىلە گەر ئۇرسە قەدەم،
يوق نەفئ ئاڭا غەيرى مۇزد بىر ـ ئىككى دىرەم.

*ھامال ھەرقانچە قىممەت باھالىق نەپىس رەختلەرنى*

*توشۇسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىش ھەققى ئۇچۇن بىرىلگەن بىر - ئىككى يارماقتىن ئۆزگە نەپ تەگمەيدۇ.*

**تەنبىھ:**

بىخىل ئادەم مىلىنى ساقلاش ئۈچۈن قاتتىق جاپا چېكىدۇ. ھەسەتخور ناچار خۇي - پەيلى سەۋەبلىك خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ. ئالدىنقىسى ئۆزىگە ئۆزى قىلغان جاپادىن قىينىلىدۇ، كېيىنكىسى ئۆز قىلىقىدىن دەرد تارتىدۇ. بېيىت:

ئاڭا مالىنىڭ ھىفزى رەنجۇ ئەنا،
مۇڭا فېئلىنىڭ زىشتى دەردۇ بەلا.

*بىرىگە ئۆز مېلىنى ساقلاشنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى، يەنە بىرىگە ناچار خۇي - پەيلىنىڭ دەردۇ بالاسى.*

**تەنبىھ:**

كىشى ئۆز مېلىدىن قانچە پايدىلانسا ئۆزىنىڭكى؛ قانچە ساقلىسا ئۆزگىنىڭكىدۇر. جاپا بىلەن تاپقىنىڭنى ئۆزۈڭدىن ئايىما؛ دوستلار بىلەن مېھنەت قىلىپ تاپقىنىڭنى دۈشمەنلەر ئۈچۈن قالدۇرما. نەزم:

مال ئولدۇركىم، ئەل ئاندىن تاپسە بەھر،
دۈشمەن ئاندىن تاپسە تەگدۇر نۇشۇ زەھر.

*مال - دۇنيا شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدىن ئەل - خەلق بەھرە ئالسا، ئۇ مالدۇر؛ ئەگەر دۈشمەن پايدىلانسا، ئۇ زەھەرگە باراۋەردۇر.*

**تەنبىھ:**

ئاقىل ئادەملەر پادىشاھلارنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىپ كەتمەيدۇ؛ دانىشمەن كىشىلەر تەنتەكلەرنىڭ گەپ - سۆزىگە ئىشىنىشنى ئورۇنلۇق بىلمەيدۇ. بىراق، ئۇ بىرى ساھىبى ئىختىياردۇر يەنى نېمە قىلسا، ئىختىيار ئۆزىدىدۇر؛ بۇ بىرى بىئىختىياردۇر يەنى ئىختىيارلىق تىزگىنى باشقىلاردىدۇر. لېكىن ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىككىلىسىدىن ئېھتىيات قىلغىنى ياخشىدۇر. نەزم:

ئۇل چۇ ساھىب ئىختىيار ئولدى - يۇ بۇ بىئىختىيار،
ئىككىسىدە جەزمۇ ھىكمەتنىڭ خىلافى ئاشكار.

*ئۇ بىرى ئىختىيار ئىگىسى، بۇ بىرى بىئىختىيار، لېكىن ئىككىلىسىدە ئەقىل بىلەن ھېكمەتنىڭ زىتلىقى ئاشكارا.*

**تەنبىھ:**

جانغا تاقىشىدىغان ھەرقانداق بىر دىشۋارچىلىق ئىش، ئەگەر پۇل - مال سەرپ قىلىش بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا، شۇ دىشۋارچىلىقتىن پۇل - مال سەرپ قىلىش بىلەن قۇتۇلماقنى غەنىيمەت بىل؛ سالامەتلىك يولىغا يۈزلەن. قىتئە:

دىرەم بىلە بولا ئالسە زەرەرنى قايتارماق،
خەتادۇرۇر كىشى ئول ئىشدا ئەيلەمەك تەئتىل.
ئانىڭ پەناھىغە كىر، تەڭرىنى پەناھ ئەيلەپ،
ۋە لېك ئەيلە بۇ خەير ئىش قىلۇردا كۆپ تەئجىل.



www.uyghurkitap.com

*پۇل بىلەن زەرەرنى قايتۇرۇش مۇمكىن بولسا، بۇنداق ئىشتا كىشىنىڭ سۇسلۇق قىلمىقى خاتادۇر. تەڭرىنى پاناھ ئەيلەپ، تېز سۇرئەت بىلەن بۇ خەيرلىك ئىشنى بېجىرىشكە ھەرىكەت قىل.*

**تەنبىھ:**

ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلغىنىڭدا، ئۇنىڭدىن پايدا كۆزلىگەن بولساڭ، ئاۋادا شۇ ئىشنى بېجىرىش جەريانىدا قىيىنچىلىققا ئۇچرىساڭ ياكى ئىككىلىنىپ قالساڭ، ئاۋۋال مۇشەققەتتى ئازراق تەرەپكە كۆچ بەر؛ ئارتۇقچە جاپا چەكمەيسەن. مال ـ دۇنياغا تەئەللۇق ئىشلارنى چوڭ بىلىپ كەتمە. دىن ئىشلىرىدا پايدا تەسەۋۋۇرى بىلەن كۆڭلۈڭنى تىنچىت.

نادانىنىڭ نەسىھەتىدە يالغانىنىڭ بولۇشى مۇقەررەردۇر؛ دۈشمەننىڭ نەسىھەتىدە ئالدامچىلىقنىڭ بولۇشى شۈبھىسىزدۇر. ئۇنىڭدىن ئالدانما ۋە بۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئالداتما. نەزم:

خۇشتۇر خىرەدى كۆپ ئەل سۆزىگە كىرمەك،
نە بازى يەمەك خۇشۇ نە بازى بەرمەك.

*ئەقلى كۆپىنىڭ سۆزىگە كىرمەك ياخشىدۇر، لېكىن ئالدانماق ھەم، ئالدىماق ھەم ياخشى ئەمەستۇر.*

**تەنبىھ:**

نەپسىدىن ساڭا زۇلۇم يەتسە، نادامەت ئىشىكىنى ئاچ ۋە تەڭرى پاناھىغا قاچ. توۋا ئىپتىكىنى مەھكەم تۇت ۋە توۋا ئۈستىدە مەردانە تۇر. قىتئە:

نەفسى كافىردىن نەكىم، يەتكەي ساڭا،
تەۋبە ئەيلەپ، تەۋبەدە مەردانە بول.
يول ئىكىدۇر، جۇرمە بىردۇر، تەۋبە بىر،
ئول يول ئەر باغلاندى، ئاچۇغدۇر بۇ يول.

*نەپسى كاپىردىن ساڭا نېمىلا يەتسۇن، تـوۋا قىل، توۋىدا مەردانە بول. يول ئىككىدۇر: بىرى گۇناھ، بىرى توۋا. ئەگەر گۇناھ يولىنى باغلاپ، توۋا يولىغا ماڭساڭ، بۇ يول سەن ئۈچۈن ئوچۇقتۇر.*

**تەنبىھ:**

ئەگەر نەپسى بالادىن زۇلۇم يەتسە، شۈكۈر ـ سانا بىلەن تەگرىگە بولغان ھەمدىڭنى ئادا قىل. ئۆزۈڭنىڭ زالىم ئەمەسلىكىڭنى، ئەمما تەڭرى ئالدىدا تولىمۇ ئاجىز ۋە ھاجەتمەن ئىكەنلىكىڭنى تونۇ. چۈنكى، ئاجىزلىق ۋە ھاجەتمەنلىك سىنىقى زالىملىق بالاسىدىن ياخشىدۇر. نەزم:

كىشى مىلك زۇلم ئەگەر چەكسە كىرەك بولماسا قانىئ،
لېك بىر زۇلمغا مىلك نەۋئ كىرەك ئاڭلاسا مانىئ.

*كىشى بىر قېتىملىق قانائەتسىزلىكى تۈپەيلى مىڭ قېتىملاپ زۇلۇم چېكىدۇ، لېكىن بىر قېتىملىق زۇلمى تۈپەيلى مىڭ تۈرلۈك توسالغۇغا دۇچار بولىدۇ.*

**تەنبىھ:**

زامان ئەھلى ئىچىدە ئۆزىنى ھەممىدىن پاك دېگۈچىلەر —



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

يالغانچى، ئۆزىنى ئاشىق دەۋالغانلارنىڭ سۆزى ھەم يالغاندۇر. چۈنكى، «ئاشىق» لىق دەۋاسىنى قىلماق، «ئاشىق» بولماقتىن ھەم مۈشكۈلدۇر.....

تەنبىھ:

قاتتىق سۆز كىشىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىدۇ؛ ئاچچىق تىل كىشىنىڭ كۆڭلىگە گويا زەھەرلىك نەيزىدەك سانجىلىدۇ. كۆڭۈلگە سانجىلغان تىل نەيزىسىنىڭ جاراھىتى ساقايماس؛ ئۇ جاراھەتكە ھېچنېمە مەنپەئەت قىلماس.

ئەگەر بىراۋنىڭ كۆڭلىدە تىل نەيزىسىنىڭ جاراھىتى بولسىكەن، ئۇنىڭغا پەقەت ياخشى سۆز ۋە شېرىن تىللا مەلھەم ۋە راھەتتۇر. مۇلايىم سۆز دۈشمەننىمۇ دوستقا ئايلاندۇرىدۇ؛ سېھىرگەر يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ئەپسۇن ئوقۇپ، يىلاننى تۆشۈكتىن چىقىرىدۇ. بېيىت:

ھۆسنۇ جەمالسىز كىشى شىرىن كەلام ئايتسە،
سەيد ئەيلەر ئەلنى نۆكتە فەساھەت بىلە دېسە.

*شىرىن سۆز كىشى ھۆسن ـ جامالدا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، گۈزەل ۋە پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە قارىتالايدۇ.*

تەنبىھ:

گەپ ـ سۆزدە تۇتۇرۇقسىز ئادەم ــ ئەل ئىشىغا ھەم ئېتىبارسىز قارايدۇ. كۆپ ۋە بىمەززە سۆزلەيدىغان ئەزمە ـ كېچىلىرى تاڭ ئاتقۇچە تىنماي ھۈرىدىغان ئىتقا ئوخشايدۇ. يامان

تىللىق ئادەم ــ ئەل كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزىدۇ، ئۆز بېشىغىمۇ ئاپەت يەتكۈزىدۇ. نادانىنىڭ بوغۇزىنى كېرىپ ۋەھشىيلەرچە ۋارقىرىمىقى ئېشەكنىڭ بىمەھەل ھاڭرىغىنىغا باراۋەردۇر.

خۇش سۆزلۈك كىشىنىڭ مۇلايىملىق بىلەن ئېيتقان دوستانە سۆزلىرىدىن كۆڭۈلگە چۈشۈشى مۇمكىن بولغان يۈزلىگەن غەم ـ قايغۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. سۆزدە ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ ئىمكانى بار، شۇڭا دەيدۇكى: نەپەسنىڭ جېنى بار. ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆز نەپسى بىلەن ئۆلۈككە جان كىرگۈزگەندى. بۇ ئىبارە شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۆزى خۇنۇك، گەپلىرى بىمەنە، ئاۋازى يېقىمسىز ئادەم گويا پاقىغا ئوخشايدۇ.

ئىنسانغا بەخت بېغىشلىغۇچى پاك روھنىڭ مەنبەسى ـ تىلدۇر؛ بەختسىزلىك يۈلتۈزىنىڭ چىقىش ئورنىمۇ ھەم تىلدۇر. تىلدا ئىقتىدارلىق ــ دانىشمەن ئاقىل؛ گەپ ـ سۆزدە تۇتۇرۇقسىز ــ خىيالىغا كەلگەننى دەيدىغان پەسكەشتۇر. تىلنىڭ شېرىن ۋە يېقىملىق بولغىنى ياخشى؛ تىل بىلەن دىل بىر دەك بولسا، تېخىمۇ ياخشى. تىل بىلەن دىل ئىنسانغا خاس ئەڭ ياخشى ئەزادۇر. گۈلسۆسەر (سۆسەرگۈل)، غۇنچىگۈل ۋە رەيھانگۈللەر بوستانغا خاس ئەڭ يېقىملىق گۈللەردۇر.

ئادەم تىلى بىلەن باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىقتۇر؛ تىلى بىلەن ئىمتىيازغا، ئەۋزەللىككە ئىگىدۇر. تىل شۇنچە شەرەپكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن نۇتۇقنىڭ قورالىدۇر. ئەگەر نۇتۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىسا، بۇ، تىلنىڭ ئاپىتىدۇر.

مەلۇمكى، ئەينۇل ـ قۇززات تىلنىڭ شاراپىتىدىن «مەسھە گۇفتار» (سۆز بىلەن كىشىگە جان بېغىشلىغۇچى) ئاتالدى؛

ھۆسەيىن مەنسۇر (مەنسۇر ھەللاجى) تىلىنىڭ ئىتتىكلىكىدىن دارغا ئېسىلدى. بېيىت:

ھەر نېچە بىيمى ھەجر سۆزى ئاشىق ئۆلتۈرۈر،
ۋۇسلەت بەشارەتى يەنە جىسمىغە جان بەرۇر.

*«ھەجر» يەنى ئايرىلىش سۆزىنىڭ قورقۇنچى ئاشىقنى ئۆلتۈرگىنى بىلەن، ۋىسال ھەققىدىكى خەۋەر ئۇنىڭ جىسمىغا يەنە جان بېغىشلايدۇ.*

**تەنبىھ:**

شېرىن تىل كۆڭۈلگە يېقىشلىق: مۇلايىملىقى تەنگە پايدىلىق. چۈچۈك تىل ئاچچىققا ئايلانسا، كۆپچىلىككە زەرىرى يېتىدۇ؛ قەنتتىن مەي تەييارلانسا هارام بولىدۇ. شېرىن سۆز ساپ كۆڭۈللەر ئۈچۈن ھەسەل كەبى تاتلىقتۇر؛ مۇلايىم تەبىئەتلىك ئادەم باللار ئۈچۈن هالۋا ساتقۇچى كەبى سۆيۈملۈكتۇر. بېيىت:

خۇش سۆزگە كىم ئولسا مەستۇ بىھۇش،
شەربەت ئارا زەھرنى قىلۇر نۇش.

ياخشى سۆزدىن مەست ۋە بىھوش بولغان كىشى، شەربەت ئىچىدىكى زەھەرنىمۇ تاتلىق قىلالايدۇ.

**تەنبىھ:**

كىمكى يالغان سۆزلەيدىكەن، سۆزىنىڭ يالغانلىقى بىلىنىپ قالسىلا ئۇياتقا قالىدۇ؛ يالغاننى راستتەك سۆزلەيدىغان سۆزمەن

كۈمۈشكە ئالتۇن يالىتىپ ساتقۇچى زەرگەرگە ئوخشايدۇ. يالغان ئەپسانە سۆزلەپ ئۇيقۇ كەلتۈرگۈچى غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئىچىدە تۇرۇپ گەپ ساتقۇچىدۇر. سۆزنىڭ بىر ـ بىرىدىن پەرقى كۆپتۇر، ئەمما يالغاندىن يامانراق تۈرى يوقتۇر.

يالغان سۆزلەش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدىغان ئادەم خىجالەت بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى كىشىلەرنى ئالدىيالىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. يالغانچى ئۆز گېپىگە قۇلاق سالغۇچى گولنى تاپسا، ئۇلارغا يالغاننى راستتەك ئاڭلىتالىسا، مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ.

يالغانچى ھەق ئالدىدا گۇناھكار؛ خەلق ئالدىدا شەرمەندە. بۇنداق بەختسىزنىڭ نومۇسسىز يۈزى ھەمىشە يامانلىق تەرىپىگە قارايدۇ، شۇڭا بۇنداق تەتۈر پېشانىنى بەخت ـ تەلەي ئۆيىدىن يىراق قىلماق كېرەك. نەزم:

ئول كىشىنى قۇتلۇق ئېۋدىن تاشقارى سۈرمەك كېرەك،
قۇتلۇق ئېۋ دۇنيا دۇرۇر، يەئنىكى، ئۆلتۇرمەك كېرەك.

*يالغانچىنى قۇتلۇق ئۆيدىن تاشقىرى سۈرمەك كېرەك،*
*قۇتلۇق ئۆي دۇنيادۇر، دېمەك، ئۇنى ئۆلتۈرمەك كېرەك.*

**تەنبىھ:**

كىمكى بىراۋغا يالغان سۆز بىلەن تۆھمەت قىلىدىكەن، ئۆزىنىڭ قارايغان يۈزىنى تېخىمۇ قارا قىلىۋالىدۇ. كىچىككىنە يالغان ھەم كاتتا گۇناھتۇر؛ زەھەر گەرچە مىقدارى ئاز بولسىمۇ، ھالاك قىلغۇچىدۇر. نەزم:

زەھرنىڭ ئاز ئىسە مىقدارى داغى مۇھلىكدۇر،
ئىگنەنىڭ نوكى زەئىف ئىرسە، داغى كور قىلۇر.

*زەھەرنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ، ئادەم ئۆلتۈرەلەيدۇ؛*
*يىڭنىنىڭ ئۇچى ئاجىز بولسىمۇ، قارىغۇ قىلالايدۇ.*

**تەنبىھ:**

بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە گەپ توشۇغۇچىلار ئەلنىڭ گۇناھىنى ئۆز بويىنىغا ئارتىۋالغۇچىلاردۇر. چېقىمچىلىق ھەتتا راست گەپ ئۈستىدە بولسىمۇ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدۇ؛ يالغان بولسا، تېخىمۇ شۇنداق. گەپ توشۇغۇچىلار مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، ئۇنى دوزاخ ئوتىنىڭ تۇتۇرۇقى دەپ بىل. نەزم:

كىم سۆزنى تەرىپ ئايتقۇچى ئاغزىغە بەرگەي،
مالىك ئانى دوزاخ ئوتىنىڭ دۇدىغە تەرگەي.

*كىمكى چېقىمچىغا گەپ يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن، ھەق ئۇنى ھەم دوزاخ ئوتىنىڭ تۈتۈنىگە تاشلىغاي.*

**تەنبىھ:**

ھەقتائاللانىڭ قۇدرەت ـ كامىلەسىنى بىلمىگەن ئادەم كۈچلۈكلۈك دەۋاسى قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى خىيالى كۈچلۈكلۈك — گويا شامال ئۇچۇرۇپ كېتىدىغان تۇپراققا ئوخشايدۇ. بۇ دۇنيا ـ ھادىسىلەر

دۇنياسىدۇر، ئۇنىڭغا كۆڭۈل باغلىماق غەپلەتكە سەۋەبتۇر. ئالەم ئۆمۈرگە ئوخشاش بىۋاپادۇر، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىغا، راھەت ـ پاراغەتلىرىگە بېرىلمەك خاتادۇر.

**تەنبىھ:**

ئۆمۈرنىڭ بۈگۈن ـ ئەتىلىكىنى ھېچكىم بىلمەس، بەلكى بۈگۈن ئاخشامغىچە نېمە بولارى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس. ئىنسان ھامىنى باقىي ئالەمنىڭ خېرىدارىدۇر، تىرىكلىكتە بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ، غەنىيمەتتۇر. بۇ بەش كۈنلۈك پانىي ئالەمنى غەنىيمەت بىل، باقىي ئالەمنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنىڭ ھازىرلىقىنى قىل. ئۇ يولنىڭ ھازىرلىقلىرى ياخشى ئىش ـ ئەمەلدۇر، ئاندىن ھەقتائالانىڭ رەھمەت ـ مەرھەمەتلىرىگە كۆڭۈل باغلىماقتۇر. ياخشى ئىش ـ ئەمەللىرىڭ تەڭرىنىڭ مەقبۇلىغا مۇناسىپ كېلىدىكەن، سەن ھەم تەڭرىنىڭ تەۋپىقىگە ئېرىشەلەيسەن. ئىلمۇ ئەمەلگە ھەم ئىشىنىپ كەتمە، چۈنكى، پەزلۇ كەرىمى بولمىسا، ئۇنداق ئىلمۇ ئەمەل ھېچنېمە ئەمەس.

**تەنبىھ:**

قۇش خام تاماكە بېرىلمىگەن بولسا ئىدى، ئۇۋۇچىنىڭ ئىلكىدىكى توزاققا چۈشمەس ۋە ئۇنىڭغا ئەجەل قەپىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلماس ھەمدە توزاق ئۇستىدىكى دانغا كۆڭۈل باغلىماس ئىدى.

**تەنبىھ:**

سۇلتانلار دەرگاھىدىن يىراق ۋە خاقانلار بەزمىگاھىدىن

نېرىراق بولماق، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىن چەتتىرەك تۇرماق ياخشىدۇر. ئومۇمەن، بۇلاردىن قاچ، چۈنكى، بۇ ھەقتە: «ئەل ـ فىرارۇ مىمما لايۇتاق»(تاقەت قىلالمايدىغان نەرسىدىن يەنى تاقەتتىن تاشقىرى ئىشتىن قاچماق كېرەك) دېگەن گەپ بار.

كىمكى، كۆڭلىگە نېمە كەلسە، شۇنى قىلىسا؛ ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۇدۇل كەلگەنگە يېقىنلىشىۋەرسە، ئۆزىنى ئۆزى بالاغا دۇچار قىلىدۇ.

خالىغىنىچە ئەيىب تېپىش شاھلارنىڭ ھۈنىرىدۇر؛ ھەرقانداق بىر توغرا ئىشمۇ ئۇلارنىڭ قېشىدا گۇناھتىن بەتتەردۇر. بۇنداق زاتلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلماقچى بولغان ئادەم تەنتەك ئېشەكتۇر. چۈنكى، ھېچ كىشى مەنپەئەت ئۈچۈن شىر باقىمەن دېمەيدۇ؛ خاسىيەتكە ئىگە بولۇش ئۈمىدىدە زەھەر ئىچمەيدۇ. پادىشاھلار خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن جاسارەت كۆرسەتمەك ئۆز ھاياتىنىڭ يىپىنى ئۆز قولى بىلەن ئۈزگەنگە ۋە ئۆزىگە ئۆزى زەھەر تىلىگەنگە باراۋەردۇر؛ ئۇلارغا يېقىنلىشىشنى ئىستىمەك ئۆز ئۆلۈمى ئۈچۈن بالا تىغىنى راۋا كۆرگەنلىكتۇر.

شاھلارنىڭ كۆلۈشلىرى گويا قەرەلسىز يېنىپ تۇرىدىغان ئېتىبارسىز چاقماقتا ئوخشايدۇ؛ يالقۇنى كۆيدۈرىدىغان بولسا، جىسمىڭدىن ئەسەرمۇ قالدۇرمايدۇ. قىتئە:

چاقىن يارۇغلۇغى مەددى سەمادىن ئەرزغەچە،
زەمانى تۇلى ئىكى لەفز ئوقۇرغەچە يەتمەس.
ۋەلى نە يەرگەكى تۇشتى قاتىغ ۋە گەر يۇمشاق،
بارىپ ئانى سۇۋغا تا يەتمەگەي قارار ئەتمەس.

www.uyghurkitap.com

*چاقماقنىڭ يورۇقلۇقى ئاسماندىن يەرگىچە يېتىدۇ، بەلكى ئىككى ئېغىز سۆز قىلغىچە داۋاملىشىدۇ. ئەمما، مەيلى قاتتىق ياكى يۇمشاق يەرگە چۈشسۇن، ئۇنى بەربات قىلمىغۇچە تىنمايدۇ.*

**تەنبىھ:**

شاھلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالى ۋە كەيپىياتىنى تەتقىق قىلغان ھۆكۈمالار پادىشاھنى ئوتقا ئوخشىتىدۇ. ئوت ئادەمگە يىراقراق بولسا نەپ يەتكۈزىدۇ؛ ئوتتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن سەل چەتتىرەك تۇرغان ياخشى. گۈلخان ئوتىنى يىراقراق تۇرۇپ ئىسسىنغان خوپتۇر؛ بەك يېقىن بولۇپ كەتسەڭ ياكى ئىچىگە چۈشۈپ كەتسەڭ، دەرھال كۆيدۈرىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەر ئوتقا بەك يېقىن تۇرماسلىقى ۋە ئۇنىڭ كۈتۈلمىگەن بالاسىدىن ھەزەر قىلىشى لازىمدۇر. بېيىت:

ئوتدىن ئىسسىنۇرغەچە ئاۋۋۇچ ئاچ،<br>
كۆيدۈرگۈدەك ئاڭلاساڭ كېيىن قاچ.

*ئوتتا ئىسسىنماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئوچۇمىڭنى ئاچ؛*<br>
*كۆيدۈرۈش ئېھتىمالى بارلىقىنى سەزسەڭ، كېيىن قاچ.*

## پادىشاھلار توغرىسىدا

كەرەملىك ۋە پەزىلەتلىك، ئەلنىڭ مەدھىيەسىگە نائىل بولغان ئالىي غايىلىك بەزى پادىشاھلارنى ئەل كۆۋرۈككە ئوخشاتقان: بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، كۆۋرۈك مەيلى يېنىك، مەيلى ئېغىر

بولسۇن، پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ يۈكىنى كۆتۈرىدۇ. ئۇلارنى سۇنىڭ غەرق قىلىۋېتىشىدىن، لاي ـ پاتقاقنىڭ مۇشەققىتىدىن ئامان ـ ئېسەن قىلىدۇ.

بۇنداق شاھلار ئاللاغا بولغان ئىخلاسى بىلەن تۇرلۇك ـ تۇمەن ھايۋان ۋە ئىنسانىنى، سان ـ ساناقسىز قۇرت ـ قوڭغۇز ۋە ئۇچار قاناتنى پاناھلىققا ـــ ئارامگاھقا ئىگە قىلىدۇ؛ ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

يەنە بەزى شاھلار باركى، ھەربىر ئىشىدا ئاۋامغا نەپ يەتكۈزىدۇ، ئاۋامدىن ئىنئام ـ ئېھسانلىرىنى ئايىمايدۇ. بۇنداق شاھلارنى ئاۋام ئۈشبۇ خاسىيەتلىرى بەدىلىگە قۇياشقا ئوخشاتقان. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، قۇياش شەھەر ۋە باياۋاننى يورۇق قىلىدۇ؛ مەيلى ئاۋات جاي، مەيلى خارابىلىك بولسۇن، ئوخشاشلا يورۇقلۇق ئاتا قىلىدۇ.

يەنە بەزى شاھلار باركى، ئاۋام ئۇلارنى ھەممىگە تەڭ نەپ يەتكۈزىدىغان كەڭ قورساقلىقى بەدىلىگە بەخت بۇلۇتى دەپ ئاتاشقان: بۇلۇت شۇنداق خاسىيەتكە ئىگىكى، ئۇ قارا تۇپراققا دۇرلار چاچىدۇ ۋە شۇ دۇرلار ئارقىلىق قۇرۇغان تىكەنلەرنى ياشارتىپ، ئۇنىڭدىن گۇللەر ئېچىلدۇرىدۇ. بەزى تۇرك ھۆكۈمالىرى ۋە بۇ قوۋمنىڭ ئاقىل ـ دانالىرى ئۆز ئادەتلىرى بويىچە قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇلارنى بوز كىگىزگە ئوخشاتقان: بوز كىگىز سۇدىن ۋە تاش ـ تۇپراقتىن كەلگەن ھەرقانداق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ يەنى سۇ ۋە تۇپراقنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇۋالىدۇ.

ئەگەر نەشتەر ياكى تىكەن قانچە چوڭقۇر سانجىلسىمۇ، ھېچبىر تەسىر قىلمايدۇ، ھەتتا قېتىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ.

ناۋادا ئىككى جامائەت بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ تارتىشماق ئويۇنىنى ئوينىسىمۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ؛ قويۇۋەتسە يەنە ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ.

يەنە بەزىلىرى باركى، ئۇلارنى ھەم ئۆزلىرىگە مۇناسىپ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەش مۇمكىن ئىدى، ئەمما سۆزنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، دېمەكچى بولغانلىرىمىزنى قىسقارتتۇق. يۇقىرىدا مەزكۇر بولغىنىدەك، يەنە يۇزلىگەن ئادىل شاھلاردا يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەر باردۇر، لېكىن، بۇ يەردە پادىشاھلىرىمىزنىڭ زاتىدا مۇجەسسەملەنگەن سۈپەتلەرنىڭ پەقەت مىڭدىن بىرىنى زىكىر قىلدۇق. ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا مەزكۇر بولغان سۇلتانلارغا تۇپراقنىڭ ئەڭ كاتتا يېرىدىن قارار بەرگەي. ئۇلارنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىگە مادار ۋە قۇۋۋەت نېسىپ قىلغاي. تا كۆڭلى سۇنۇقلارنىڭ ئىشلىرى ئۇلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق پۈتكەي. يىقىلغانلار ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئورنىدىن تۇرغاي. ئامىن، يا رەببىل ـ ئالەمىن. نەزم:

تا قەمەردۇر، ئاتىغە نەئل ئولسۇن،
قۇياشدۇر، باشىغە لەئل ئولسۇن.

*ئاي ئۇلارنىڭ ئېتىغا تاقا بولسۇن، قۇياش ئۇلارنىڭ بېشىغا تاج بولسۇن.*

**تەنبىھ:**

يالغانچى ئادەم ئۇنتۇغاق كېلىدۇ؛ ئەندىشە ۋە ئېھتىيات تۇپەيلى ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ سۆزى

راست بولمىسا، ئۇ راست سۆز ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە مەقبۇل بولمايدۇ. يالغانچى ئۆزىنىڭ يالغان سۆزىگە كىشىنى بىر ـ ئىككى مەرتەم ئىشەندۈرۈشى مۇمكىن، كېيىنچۇ، كېيىن قانداق قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە، كېيىن يالغانچىلىقى ئاشكارا بولغاندا، رەسۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە خەلقنىڭ ئىشەنچى يوقىلىدۇ.

كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپىنى تىل؛ ئۇ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى سۆز دەپ بىل. نەزم:

كۆڭۈل ھالەتى سۆز دېگەچ بىلگۈرۈر،
كى، مەخزەندەدۇر يا سەدەف رېزەدۇر.

*كۆڭۈلنىڭ ھالىتى سۆزلىگەندە بىلىنىدۇ، ئۇنىڭ خەزىنىسىدە گۆھەر بارمۇ ياكى سەدەپ پارچىسى ــ كۆرگەندە بىلىنىدۇ.*

**تەنبىھ:**

چىن سۆز مۆتىۋەر؛ ياخشى سۆز مۇختەسەر. كۆپ سۆزلىگۈچى زېرىكتۈرگۈچى؛ دېگەنلىرىنى تەكرارلاۋەرگۈچى ئەقلىدىن ئازغۇچىدۇر. ئەيىب ئىزدىگۈچى ئەيىبلىك؛ كىشى ئەيىبىنى ئاچقۇچى ئۆز ئەيىبىنى ئاچقۇچىدۇر. كىشىگە توغرا نىيەت بىلەن قارىغۇچى ۋە كىشىنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرگۈچى پاك نەزەردۇر. كىمنىڭ مېڭىسىدە ئىللەت بولسا، سۆزىدە مەنتىق بولمايدۇ؛ مېڭىسى ساغلام بولسا، گەپ ـ سۆزى يېقىملىق ۋە خاتاسىز بولىدۇ. سۆزى ھېسابسىز ئۆزى ھېسابسىز؛ سۆزىدە پەرىشانلىق ــ ئۆزىدە پۇشايمانلىق. ئەگەر سۆز گۈزەللىك زىننىتى بىلەن بېزەلمىگەن بولسا، ھېچ گەپ يوق؛ ئۇنىڭدا چىنلىق بېزىكى

بولسىلا، يېتەرلىكتۇر. يالغانچىنىڭ سۆزى قانچە چىرايلىق بولغانسېرى، كىشىگە شۇنچە يېقىمسىز بىلىنىدۇ. چىن سۆز ھەرقانچە تەكەللۇپسىز بولسىمۇ، يېقىمسىز بىلىنمەيدۇ. گۈلنىڭ يوپۇرماقلىرى چاتنىۋېتىلسىمۇ، گۈزەللىكىگە نۇقسان يەتمەيدۇ؛ سەدەپ چاڭ ـ توزان ئاستىدا قالسىمۇ، ئۈنچىسىگە زىيان يەتمەيدۇ.

يالغان سۆز شېئىردىن باشقا يەردە نامەقبۇلدۇر؛ يالغانچىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن ھەم ئەقىلسىزدۇر. نەزم:

سۆز ئىچرەكى يالغان ئېرۇر ناپىسەند،
چۇ نەزم ئەتتىلەر قىلدى دانا پىسەند.

*گەپ ئارا ئېيتىلغان يالغان سۆز ھەممىگە نامەقبۇل، پەقەت شېئىر تىزمىسىدىلا داناغا ھەم بولىدۇ مەقبۇل.*

**تەنبىھ:**

نادان ــ ئېشەك، بەلكى ئېشەكتىن ھەم بەتتەر. ئېشەككە نېمىنى يۈكلىسەڭ، كۆتۈرىدۇ؛ قاياققا ھەيدىسەڭ، شۇ ياققا ماڭىدۇ. ئۇنىڭدا ئەقىل ـ پاراسەت دەۋاسى يوق. بەرمىسەڭ ئاچ، بەرسەڭ توق. ئۇ يۈك، ئوتۇن توشۇغۇچى بىر بىچارىدۇر.

نادان گەرچە يۈقىرىقى سۈپەتلەردىن خالىي بولسىمۇ، لېكىن زاتى بىلىم لىباسىدىن مەھرۇم. نادانىنىڭ ئىشى تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق؛ خىيالىدا بولسا، يۈز تۈرلۈك بىھۇدە تەشۋىش. بىراق، نادانىنىڭ شۇ بىمەنە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە ماقۇل؛ بارچە ناچار مىجەز ـ خاراكتېرى ئۆزىگە مەقبۇل. ئۇ كۆڭلىدە باشقىلارغا ئازار بېرىشنىڭ يۈز تۈرلۈك ئامالىلىرىنى

ئويلايدۇ؛ جاھىللىق بىلەن كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزۈشنىڭ مىڭ تۈرلۈك چارىلىرىنى ئىزدەيدۇ.

ئېشەكنىڭ قۇلاقتا خۇش ياقمايدىغان سەت ھاڭگىرىشىدىن ئۆزگە نېمە ئەيىبى بار؟ ئېشەك تۈگمەندىن ئۆيۈڭگە ئۇن توشۇپ بېرىدۇ؛ ئۇنى پىشۇرۇش ئۈچۈن دالادىن ئوتۇن ئەكىلىپ بېرىدۇ. ئېشەكنىڭ مېھنىتى بار، مىننىتى يوق؛ ئاۋارىچىلىكى بار، ئازارى يوق.

نادانىنى ئېشەك دېسەڭ، خاپا بولىدۇ، ئەمما ئېشەك ئۈچۈن ياخشى ـ يامان بەرىبىر. نەزم:

> بىرىدە مۇنچە ھۇنەر، ئول بىرىدە مۇنچە ئۇيۇب،
> قايسىنىڭ خوب ئىكەنىن ئەھلى خىرەد بىلگەي خوب.

*ئۇ بىرىدە مۇنچە ئەيىب، بۇ بىرىدە شۇنچە ھۇنەر، قايسىبىرىنىڭ ياخشىلىقىنى ئەقىل ئەھلى ئۆزى بىلگەي.*

**تەنبىھ:**

مەيلى كىچە ماڭ، مەيلى كۈندۈز؛ شەرىئەت يولىدۇر تۈپتۈز. كۆۋرۈكلىرى شۇقەدەر مۇستەھكەمكى، ئۇ يولدا ئېزىپ قېلىشتىن ۋەھىمە يېمەيسەن ھەرگىز. كىمكى ئۇ يولغا ئاياغ باسقاي، ئىككى جاھان سائادىتى ئۇنىڭغا مۇلازىم بولغاي. ئۇ يولدىن چىققان ئازىدۇ، ئۇدۇل ماڭغان مەقسىتىگە يېتىدۇ. ھەرقانداق بىر يولۇچى مەقسەت مەنزىلىگە يەتمەكچى بولىدىكەن، ئۇشبۇ يولدىن چىقمىغاي. ئاداشقانلارغا شۇنداق دېيىلىدۇكى: بۇ يول ئىستىقامەت يولىدۇر، «فەستەقىم كەما ئۇمىرتە» (ساڭا بۇيرۇلغان ئىش ئۇستىدە مەھكەم تۇر، ئۇنى بېجىر، توغرا بول)!

www.uyghurkitap.com

شۇنى بىلگىنكى، شەرئەت يولى قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچتىن ئىتتىكتۇر. ھەركىم بۇ يولدا مەردانە، قەتئىي بولسا، ئۇ ئەردۇر. كىمكى بۇ يولدا مۇستەھكەم ئەمەس، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ كەۋسەر سۈيىمۇ، ھۆرلىرىمۇ نېسىپ ئەمەس. نەزم:

جادەئى شەرئ بىلە كىمكى ئۆزىن تۈز قىلدى،
دەۋلەتى سەرمەد ئاڭا ھەر سارىدىن يۈز قىلدى.

*شەرىئەتنىڭ يولىدا رۇس ماڭغان كىشىگە، مەڭگۈلۈك بەخت ھەر تەرەپتىن نېسىپ بولىدۇ.*

**تەنبىھ:**

يامان قىلىقلىرىغا پۇشايمان قىلمايدىغان پاسىق ھەردائىم سائادەت ئەھلىگە شۇملۇق تىلەيدۇ. تەقۋادارلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق تەقدىرى قىسمەتتىندۇر، ئەمما ئىككىلىسىنى بىردەك كۆرمەك نادانلىقتۇر. تەقۋادارلار شۈكۈرنى ئۆزلىرىگە لازىم تۇتىدۇ؛ گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ. تەۋبە ۋە شۈكۈر تەۋپىق ئەھلىنىڭ بەلگىسىدۇر. كىمكى تەۋبە قىلىپ، پۇشايمانلىق ئوتىنى ئۇلغايتىدىكەن، ئەخلاقسىزلىق ئىللەتلىرىدىن بىر يولى قۇتۇلالايدۇ. گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ تەۋبە قىلىش تەۋپىق ئەھلىنىڭ نىشانىسى؛ تەقۋادارلىق غورۇرى بىلەن مەغرۇرلىنىش شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە ۋە ئەپسانىسى. بۇ خىل تەقۋادارلىق مەنمەنچى شەيخنىڭ ئىشى؛ تەۋبە - ئىستىغپار بولسا، ھاجەتمەنىنىڭ ئىشى. بۇ بىرى مەڭگۈلۈك ئۈمىدنىڭ سەرمايىسى، ئۇ بىرى بولسا، ئەبەدىي چۈشكۈنلۈكنىڭ دەسمايىسى. نەزم:

هەر زۇھدكى، ئۇجب ئاڭا ئېرۇر زەم،
كۆڭلۇم ھەرەمىغە قىلما مەھرەم.
ھەر فىسقى، ئۇزر ئاڭا ئېرۇر يار،
ئول يان مەنى مايىل ئەيلە زىنھار.

*ئەي تەڭرىم، شۆھرەتپەرەسلىك قوشۇلغان تەقۋادارلىقنى كۆڭلۇم ئۆيىگە يېقىن يولاتما؛ ھەرقانداق گۇناھقا توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىش ماڭا يار بولسۇن، مېنى توۋا ـ ئىستىغپار يولىغا باشلا.*

**تەنبىھ:**

يامان قىلىقلىق ئادەم بەتخۇي؛ ئاچچىقى يامان ئادەم بىر ەر بالاغا گىرىپتار ۋە بىرەر ئاپەتكە مۇپتىلا بەتبەشىرىدۇر. بۇنداق ئادەم نەگىلا بارسۇن، بالادىن قۇتۇلالمايدۇ؛ قەيەرگىلا قاچسۇن، ئاپەتتىن خالاس بولالمايدۇ. يامان قىلىق غالىب دۈشمەن ۋە قەھرلىك ياۋدۇر؛ يامان قىلىقلىق كىشى دائىم ئۇنىڭ ئالدىدا مەغلۇپ ۋە ۋۇجۇدى شۇ تۇپەيلى مەجرۇھتۇر.

**تەنبىھ:**

ئوچۇق چىراي ئادەم ئاداۋەت غۇبارلىرىدىن يىراق، بەلكى خۇش ئەخلاقتۇر. ئۇنىڭ گۇلشىنى بېھىشتەك جىلۋىگاھ، ماقامى ئەڭ كاتتا جەننەت. ئوچۇق چىراي ئادەمنىڭ ھەر تەبەسسۇمىدىن خالايىققا خۇرسەنلىك، چۈچۈك سۆزلىرىدىن ئەل ـ يۇرتقا خۇررەملىك يېتىدۇ؛ ئادەمگەرچىلىكى بىلەن كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۇرىدۇ، ئىنسانىيلىقى بىلەن جانلارغا راھەت ئاتا قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن دوست ـ دۈشمەن خاتىرجەم. شۇڭا بۇنداق ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. نەزم:

يۈزىدىن كۆڭۈللەرگە ئەيشۇ تەرەب،
سۆزىدىن بەدەنلەرگە دەفئى تەئەب.
ئاچۇغ چېھرەسى تازا گۈلدىن نىشان،
ھەدىسىغە بۇلبۇل بولۇپ جانفىشان.

*يۈزىدىن كۆڭۈللەرگە شادلىق ـ خۇرسەنلىك، سۆزىدىن بەدەنلەرگە مەلھەم مەسەللىك. ئوچۇق چېھرىسى تازا گۈلدىن نىشان بېرىدۇ، سۆزلىرىگە بۇلبۇل جېنىنى پىدا قىلىدۇ.*

تەنبىھ:

دۈشمەنىنىڭ ھىيلىسىگە سەل قارىما، مەدداھنىڭ خۇشامىتىنى راست دېمە. دۈشمەنىنىڭ غەرىزى ئۆز مەقسىتىگە يەتمەك، مەدداھنىڭ مەقسىتى ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىش ئارقىلىق سەندىن ئىنئام ئالماقتۇر. ئەگەر سەن ئىككىلىسىگە ئىلتىپات كۆرسەتمىسەڭ ـــ ئۇلارنىڭ ھىيلىسىگە پەرۋا قىلمىساڭ ۋە خۇشامىتىنى قوبۇل قىلمىساڭ، بىرى ئۆز مەقسىتىدىن ۋاز كېچىدۇ ۋە ھىيلە ـ مىكىر قىلماقتىن توختايدۇ؛ يەنە بىرىنىڭ خۇشامەتلىرى بولسا ھەجۋىيگە ئايلىنىدۇ. نەزم:

بىرىسىغە غەرەز ئۆز مۇددەئاسى،
بىرىسى قەسدى ئىنئام ئىلتىماسى.
چۈن سەندىن تاپمادىلار ھىچ پەرۋا،
بىرى خەسمۇ بىرىدۇر ھەجۇ ئارا.

*بىرىنىڭ غەرىزى ئۆز مۇددىئاسىغا يەتمەك، يەنە بىرىنىڭ مەقسىتى ئامال قىلىپ ئىنئامغا ئېرىشمەك. ئەگەر ئۇلار سەندىن قانائەتلەنگۈدەك مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىسە، بىرى دۈشمەن بولىدۇ، بىرى ماختاشنىڭ ئورنىغا ھەجۋىي قىلىدۇ.*

**تەنبىھ:**

شۇم خەۋەرنى راست بولسىمۇ، دوستۇڭغا يەتكۈزمە؛ بىراۋنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەڭ، يۈزىگە سالما. شۇنداق راست خەۋەرنى دۈشمەنىنىڭ يەتكۈزۈشىگە قويۇپ بەر، ئۆزۈڭ سەۋر قىل. ئەيىب ماجىراسىنى ھەم دۈشمىنى سورىسۇن. نەزم:

نې سۆزدىنكى، يەتكەي بىراۋغا غۇبار،
نې لازىمكى، سەن قىلغاسەن ئاشكار.
قويا بەركى، قىلسۇن ئايان دۈشمەنى،
كى، باردۇر ئەداۋەت ئەدۈۋنىڭ فەنى.

*بىراۋغا كۆڭۈلسىزلىك يەتكۈزىدىغان سۆزنى ئاشكارا قىلىشنىڭ ساڭا لازىمى يوق. كارىڭ بولمىغاي، ئۇنى دۈشمىنى بىلدۈرسۇن، ئاداۋەت قىلماقلىق دۈشمەنىنىڭ ھۈنىرىدۇر.*

**تەنبىھ:**

ئەقىللىق ئادەم يالغان سۆزلىمەس، ئەمما بارچە راست گەپنى ئېيتىۋېرىش ھەم دۇرۇس ئەمەس. ئالايلۇق، بىراۋنىڭ كۆزى ئەلەس ـ ئالغاي يارالغان بولسا، بۇ تەقدىرى قىسمەتتىندۇر. بۇنىڭغا ئۇ ئەيىبلىك ئەمەس. كۆزىنىڭ ئالغايلىقى راست، ئەمما، بۇنى شۇ كىشىنىڭ يۈزىگە سالساڭ، ساڭا نېمە پايدا!؟ شۇنداق

ئەيىبلىرى تۇپەيلى بىراۋنى ناھەق خىجالەتكە قويماق ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى ئىزھار قىلغانلىق ۋە ساددا بىر كۆڭۈللىكى ئاغرىتقانلىقتۇر. دېمەك، كىشىنى خاپا قىلىدىغان بۇنداق راست سۆزدىن، زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۆز ئورنىدا ئېيتىلغان يالغان سۆز ياخشىدۇر. نەزم:

يالغان ئولسا مۇلايىمەتئامىز،
ۋەھشەتئەنگىز چىندىن ئاڭلا ئەزىز.

*كىشىگە تەسەللى بېرەلەيدىغان يالغان سۆز، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدىغان راست سۆزدىن ياخشىدۇر.*

**تەنبىھ:**

بەزى شائىرلار ناچار شېئىرلىرىنى گويا پەرزەنتلىرى كەبى ياخشى كۆرگەندەك، ئادەم بالىسى ئۆزىنىڭ نۇقسانلىرىنى ئارتۇقچىلىق دەپ بىلىدۇ. قىلىقسىز پەرزەنتىمۇ ئەدەپلىك بىلىنىدۇ. بۇلار ئىنسان تەبىئىتىگە خاس خىسلەتتۇر. ئىككىلىسى يەنى شېئىر ۋە پەرزەنت ئادەمنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يارىتىلغاچقا، ياخشى ـ يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز نەزىرىدە چىرايلىق. ئاقىل ئادەم بۇ خىسلەتنى ئادەت قىلمىغاي، ياماننى ياخشى دېمىگەي ۋە ياخشىنى يامان دەپ بىلمىگەي. نەزم:

يامان ـ ياخشىنى تەگرىدىن ئاڭلاغىل،
ياماننى يامان، ياخشىنى ياخشى بىل.
ياماننى ئەگەر ياخشى قىلساڭ گۇمان،
ئېرۇر ياخشىنى ھەم دېگەندەك يامان.

*يامانى، ياخشىنى ھەم تەگرىدىن دەپ بىل، يامانىنى يامان، ياخشىنى ياخشى دەپ بىل. يامانىنى ئەگەر ياخشى دەپ ئويلايدىكەنسەن، بۇ ھەم ياخشىنى يامان دېگەنگە باراۋەردۇر.*

**تەنبىھ:**

قانائەت ــ موھتاجسىزلىقنىڭ سەرمايىسى، ئىززەت ۋە شەرەپنىڭ تەنتەنىسىدۇر. قانائەتلىك كەمبەغەل شاھ ۋە گادايغا ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان بايدۇر.

تاما خارلىققا سەۋەب؛ تاماگەر باي ـ خار ۋە بىچارە. كىمكى تاما بىلەن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى بار تۇرۇقلۇق شۇ نەرسىنى ئالمىسا، مانا بۇ تاماسىزلىق ھېسابلىنىدۇ ھەم بۇنداق پەزىلەت ھەرقانداق ساخاۋەتتىن قېلىشمايدۇ. ئەھلى سېخىيلار ئالىيجانابلاردۇر؛ تاما ئەھلى بولسا، ناكەس ـ پەسكەشلەردۇر. نەزم:

خارلىقلار باشى تەمەئ بىلگىل،
دائىما «ئەززە مەن قەنەئ» بىلگىل.

*شۇنى بىلگىنكى، خارلىقلارنىڭ باشلىنىشى تامادىنىدۇر، ھەمىشە «قانائەت قىلغان ئەزىزدۇر.»*

**تەنبىھ:**

قولىدا بار چاغدا ئاۋامغا كۆپرەك ئىلتىپات كۆرسەتكەن ئادەم يوقسۇزلۇقتا خىجالەتكە قالمايدۇ، ئەلنىڭ تاپا ـ تەنىسى ۋە تىل ـ ئاھانىتىگە ئۇچرىمايدۇ. نەزم:

www.uyghurkitap.com

چۇ دەفئ خىجالەت ئېرۇر كامىچە،
نەدامەت يوقكى ئەلدىن ئىنئامچە.

*ئىلتىپات ۋە سېخىيلىق خىجالەتنى يوق قىلىپ، كىشىنى ئارزۇ - ئارمانىغا يەتكۈزىدۇ؛ پۇشايمان قىلماق تۇگۇل، بەلكى ئەلنىڭ مۇكاپات - ئىنئامىغا ئېرىشتۈرىدۇ.*

**تەنبىھ:**

تېز قولغا كىرگەن بايلىق ئۇزاققا بارمايدۇ؛ ماختىمغان بىلەن هېچ نەرسىنىڭ باھاسى ئارتمايدۇ. بىر خۇمداندىن مىڭچە ساپال ئىدىش چىقىدۇ، ئەمما قىممىتى بىر تەڭگىدىن ئارتۇق بولمايدۇ؛ كۆندە يۈزى سۇنۇپ كەتسىمۇ، بىرى ۋاي دېمەيدۇ.

چىنە - ئىدىشنىڭ قىممىتى ئۇنى ياساش جەريانىدىكى جاپاسىغا يارىشا بولىدۇ؛ ياساشتا ھەم قىممىتىگە يارىشا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. دېمەك، قىممىتى ئازنىڭ ھۆرمىتى ئاز. نەزم:

قايۇ مەتائكىم ئاز ۋاقىتئ ئولسە قىيمەت ئاڭا،
ئېرۇر مۇۋافىق ئانىڭ قىيمەتىچە ھۆرمەت ئاڭا.

*قايسى نەرسە ئاز بولسا، شۇنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ قىممىتىگە يارىشا ھۆرمىتىمۇ ئارتىدۇ.*

**تەنبىھ:**

سەۋر بىلەن كۆپ مۇشكۈل ئىش ئاسانلىشىدۇ. ئىشتا ئالدىرىغان كۆپ تېيىلىدۇ، كۆپ تېيىلغان كۆپ يىقىلىدۇ.

ئىشتا ئالدىرىماق ياش باللارنىڭ ئىشى؛ سەۋر بىلەن ئىش قىلماق تەجرىبىلىك چوڭلارنىڭ ئىشىدۇر. نەزم:

هەر كىمسەكى ئەيلەمەس ئاشۇقماقنى خەيال،
يەفراغىنى ئىپەك قىلۇر، چەچەك بەرگىنى بال.

*كىمكى ئالدىراقسانلىق قىلمىسا يەنى ئىغىر - بېسىق بولسا، ياپراقنى يىپەك قىلىدۇ، چېچەك بەرگىدىن ھەسەل ئالىدۇ.*

**تەنبىھ:**

بەزى رەزىل ۋە چاكىنا ئادەملەر باركى، ئۇلار دائىم ئەخمىقانە ھەزىل - چاقچاقلارنى قىلىشىدۇ؛ بىراۋنى كۈلدۈرمەك ئۈچۈن تاپان قىچىقلايدۇ. گويا نومۇسسىز ئايال كۆرگەن - تۇتقانلىرىنى ھەممىگە كۆز - كۆز قىلغىنىدەك، بەزى ئەخلاقسىز ھەزىلكەشلەر قىزىقچىلىق قىلدىم دەپ بىراۋنى بىرىگە ئۇخشىتىدۇ ياكى دورايدۇ.

شۇنى بىلگىنكى، ئادەمنىڭ شەخسىيىتىگە تەگكۈزۈپ ھەزىل قىلماق ئەدەپسىزلىكتۇر: بۇنداق ھەزىل كىشىنى نومۇسقا قالدۇرىدۇ.كۆڭۈل خۇشاللىقى، شادلىق ۋە خۇرسەنلىك ئۈچۈن قىلىنغان ھەزىل - چاقچاق كىشىگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا ھەزىل - چاقچاق سىيلىق بولۇشى، ئۇنىڭغا قوپال سۆزلەر ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك. شۇندىلا ھېچ كىشى خىجالەت بولمايدۇ، ئازارمۇ يېمەيدۇ. جايىدا قىلىنغان چاقچاق خۇش چاقچاقتۇر؛ ئېشىپ كەتكىنى جاق - جاق (بىمەززە) دۇر. نەزم:

تىنىەت خۇش ئېرۇر بولسا دەقايىقدىن ئاڭا زىبا.
چۇن بولدى سەفاھەت نېتەر ئول سۆزنى كىشى دىيپ (دەپ).

*ھەزىل ئەگەر ئۆتكۈر ھەم نازۇك پىكىر بىلەن بېزەلگەن بولسا، كۆڭۈلنى خۇش قىلىدۇ؛ قوپال، بىمەنىلىككە يەتكەن بولسا، ئۇنداق سۆزنى ئادەم ئاغزىغا ئېلىپ نېمە قىلىدۇ؟*

**تەنبىھ:**

مەي ئىچىش — ھەق ھۆكمى بىلەن مەنئىي قىلىنغان، ھەر ـ ھالدا ئۇنى تەرك قىلغان ياخشى. بولۇپمۇ ئاشكارا ۋە كۆپ ئىچىش ناچار ئادەتتۇر؛ شەرتى مەخپىي ۋە ئاز ئىچمەكتۇر. ئاز ئىچمەك ھېكمەت جۈملىسىدىندۇر؛ مەخپىي ئىچمەك ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. مەي ئاز يەنى نورمال ئىچىلسە، ساغلام كىشىلەرگە جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىدۇ؛ كۆپ يەنى نورمىدىن زىيادە ئىچىلسە، سالامەتلىكنى بۇزىدۇ.

مەي «ئۇممۇل ـ خەبائىس» (ناچار ئىشلارنىڭ ئانىسى) دۇر؛ كۆپلىگەن ناچار ئىشلار مەي تۈپەيلى سادىردۇر. كۆپ ئىچكۈچى مەي ئالدىدا مەغلۇپ، ئەمما شۇ ناچار ئىشلارنى مەي كەلتۈرۈپ چىقارسىمۇ، مەيخۇمارلار ئۇچۇن مەي يەنىلا مەھبۇب.

بۇ ئادەملەر مەست بولغىچە ئىچمەكتىن نېمە پايدا تاپار؟ ئادەملىكنى يوقىتىدىغان بۇنداق زەھەرنى قەدەھ ـ قەدەھ ئىچمەكتىن قانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەر؟ بۇلارنىڭ مەستلىكتە تۇۋلاشقان قىي ـ چۇۋلىرى گويا غالجىر ئىتنىڭ قاۋاشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. مەستلەر ئارىسىدىكى ھوشيار ھوشيارلار ئارىسىدىكى مەست بىلەن باراۋەردۇر. كىشىلەرگە كۆرسىتىپ ئاشكارا ئىبادەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىش مەنئىي قىلىنغان يەردە، ئاشكارا گۇناھ قىلىش تېخىمۇ يامان، ئەلۋەتتە. نەزم:

كىمگەكىم ھەق روزى ئەيلەپدۇر تەرىيقى ئافىيەت،
ئاشكارا ئەيلەمەس نې تائەتۇ نې مەئسىيەت.

*ھەق كىمگە سالامەتلىك تەرىقىنى نېسىپ قىلىدىكەن، ئۇ ئاشكارا تائەتنى ھەم، گۇناھنى ھەم قىلماسلىقى كېرەك.*

**تەنبىھ:**

كۆپ سۆزلىگۇچى ۋە كۆپ يېگۇچى دوزاخنىڭ تۆرىگە ئالدىراپ كەتكۇچىدۇر. تولا گەپ قىلىدىغان ۋە يېمەككە قۇل بولغان ئادەم بىلىمنىڭ شاراپىتىدىن مەھرۇمدۇر. ھەسەتخور بىمار، بەلكى ھالاكەتلىك دەردكە گىرىپتار؛ پىتنە ـ پاساتچى ۋە مەي ساتقۇچى ھەم زىيان تارتقۇچى، ھەم زىيان سالغۇچىدۇر. ئىغۋاگەر ۋە غەيۋەتچى نىجاسەت يېگۇچى؛ نەشىكەش بەڭگى ئادەملىك نومۇسىنى يەرگە ئۇرغۇچىدۇر. ئاماخورنىڭ ئۆمرى زايە ۋە كۆڭلىرى غەم ـ ئەندىشىلىك. ئەركەك كىشى كۆپ ياسانسا، بۇۋۇمگە ئوخشاپ قالىدۇ؛ چۈنكى، بۇ سۈپەت يەنى ياسانچۇقلۇق ئاياللارنىڭ ئادىتىدۇر. نەزم:

ئەر كىشىگە زىيبۇ زىينەت ـــ ھىكمەتۇ دانىشدۇرۇر،
ياخشى كىيمەك بىرلە خاتۇنلارغا ئارايىشدۇرۇر.

*ئەر كىشى ئۈچۈن زىبۇ ـ زىننەت ئىلمۇ ھېكمەتتۇر، ياخشى كىيمەك خوتۇنلار ئۈچۈن زىبۇ ـ زىننەتتۇر.*

تەنبىھ:

ياسىنىشقا ئامراق قىرى بالاغەتكە يەتمىگەن بالىغا ئوخشايدۇ. كىچىك ياشلىقلار چوڭلارنىڭ قىلىقىنى قىلسا، بۇ ئۇلارغا ئەقىل ھەم ئۇياتنىڭ يوقلۇقىغا دەلىلدۇر. قىرى كىشىنىڭ ئۇسما بىلەن ساقال بويىشى گويا يىگىتلەرنىڭ ئۇنى گۇلاب بىلەن يۇغىنىغا ئوخشاشتۇر. يوقسۇلنىڭ ئىنئام قىلىش ئۇچۇن قەرز ئېلىشى قىزىقچىلىق قىلىش ئۇچۇن ساقال بويىغاندەك بىر ئىشتۇر. قەرز ئۆسۈمىنىڭ ئارتىشى بولسا، ئۆز بويىنىنى ئۆزى باغلاپ زىندانغا يېتىلەپ بارغانغا باراۋەردۇر.

ئەر كىشى زىيادە ياسانچۇق بولسا، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. رۇبائىي:

ئىيد ئاقشامى تىفل ئىلكىدە چەپۇ راست ھىنا،
يا شاھىدى شوخ ئىگىنىگە خەززۇ دىبا.
شايىستە دۇرۇر قارى بەجۇز دەلقۇ ئاسا،
كۆرگۈزسە ساقالىغە كۇلەرلەر ئۇقەلا.

*ھېيت ئاخشىمى ياش باللار قوللىرىغا خېنە يېقىشىدۇ ياكى گۈزەللەر ئۇچىسىغا مەيىن يىپەك لىباس كېيىشىدۇ؛ ئەمما، قېرى كىشى يىپىنچىسى ۋە ھاسىسىدىن بۆلەك ساقىلىغا ھەم زىيادە ئېتىبار قىلسا، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قالىدۇ.*

تەنبىھ:

باينىڭ ئۇچىسىدىكى بۆز چاپان كەمبەغەل كىيگەن ئەتلەس،

كىمخاب توندىن ئىبسىل كۆرۈنىدۇ. گۈزەل يىرتىق تون كىيسىمۇ، يەنىلا گۈزەل؛ گۈل ياپراقلىرى توزۇپ كەتسىمۇ، يەنىلا سۆيۈملۈك. زۇھەل يۇلتۇزى ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسىدا تۇرغىنى بىلەن قۇياشقا تەڭلىشەلمەيدۇ؛ دىۋە جەننەتنىڭ لىباسلىرىنى كىيىۋالغىنى بىلەنمۇ پەرى بولالمايدۇ. كەمپىر ھەرقانچە ياسانغىنى بىلەن ئوردا گۈزەللىرىنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. سىرتلان ھېچقاچان خوتەن ئاھۇسى بولالمايدۇ. ئەخلاقسىز قېرى يۇز ـ قاشلىرىنى ئۇپا ـ ئەڭلىك، ئوسما ـ سۇرمىلەر بىلەن ھەرقانچە بويىۋالسىمۇ، قىزىل، كۆك بوياقلار بىلەن نەقىشلەنگەن مەئىشەتخانىنىڭ بۇزۇق راۋىقىغا ئوخشايدۇ. خوتۇنى بار تۇرۇپ، دېدىكى (ياكى خىزمەتكارى) بىلەن ئىشپەش تارتىشىدىغان غوجايىن خوتۇنىنىڭ ئىپپەتلىك ئېتىكىنى ئۆز قولى بىلەن بۇلغايدۇ. نەزم:

كىشىگە بولماسا ئۆز شەئنىگە شايىستە سىفات،
قىلماسۇن ئەيب ئۆزىدەكدىن داغى ئانداغ ھەرەكات.

*ئەگەر ئادەمدە ئۆز شەنىگە لايىق سۈپەتلەر بولمىسا، ئۆزىگە ئوخشايدىغان يەنە بىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ئەيىبلىمىگەي.*

**تەنبىھ:**

نادانغا گەپ قىلماق نادانلىقتۇر. نادان پاساتچىدۇر، شوڭقا قىلغان گەپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يالغاندۇر. نادانلارغا نەسىھەت قىلماقچى بولساڭ، ئاز گەپ قىل؛ ئەڭ ياخشىسى گەپ قىلما. نادانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچماق؛ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ھەم، ئۆزىدەكلەرنى ھەم رەسۋا قىلماق،

بەلكى ئۆزىنىڭ ھەم، ئۆزىدەكلەرنىڭ ھەم ئەيىبىنى ئاشكارا قىلماقتۇر. نەزم:

ئەل ئەيىبىنى ئايتۇرغا بىراۋكىم، ئۇزاتۇر تىل،
ئۆز ئەيىبىنى فاش ئەيلەگەلى تىل ئۇزاتۇر، بىل.

*بىلگىنكى، بىراۋنىڭ ئەلنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشقا تىل ئۇزارتقانلىقى، ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشقا تىل ئۇزارتقانلىقىدۇر.*

**تەنبىھ:**

ئىلىم ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان يەر ھەيدەپ ئۇرۇق سالمىغانغا ياكى ئۇرۇق سېلىپ، ھوسۇلىدىن بەھرە ئالمىغانغا ئوخشاشتۇر. نەزم:

ئىلم ئوقۇپ قىلماغان ئەمەل مەقبۇل،
دانە ساچىپ كۆتەرمەدى مەھسۇل.

*ئىلىم ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلىق، ئۇرۇق چېچىپ ھوسۇل ئالالمىغانغا باراۋەردۇر.*

**تەنبىھ:**

مەستىنىڭ سۆزىگە ھېكمەتكە مۇخالىپ جاۋاب بېرىش ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس؛ ئەقلى بار ئادەم تەلۋە كىشىنىڭ ئىما ـ ئىشارەتلىرىگە ھەم ئەقىل تەلىپىدىن تاشقىرى بىرەر سۆز دېمەس. نەزم:

كىشىگە نېچچە كەلسە مۇشكۇل ھال،
ھېكمەتۇ ئەقل ئاڭا ئېرۇر ھەللال.
كېسەك ئاتقانغا چەكەر يۇمرۇق،
تونى يىرتۇق دۇرۇر، ساقالى يۇلۇق.

*كىشىگە ھەرقانچە مۇشكۇللۈك يۈزلەنسىمۇ، ئۇنى ھېكمەت ۋە ئەقىل بىلەن ھەل قىلماق كېرەك؛ كېسەك ئاتقانغا كىمكى مۇشت كۆتۈرسە، تونىنى يىرتىپ، ساقىلىنى يۇلماق كېرەك.*

**تەنبىھ:**

*كۆيۈمچان نەسىھەتچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانىنىڭ جازاسى* پۇشايمان يېمەك ۋە ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلىمەكتۇر. نەزم:

خىرەدمەند پەندىنى كۆرگەن ئاچىغ،
سوڭىدا پۇشەيمانلىغى نې ئاسىغ.

*ئاقىلنىڭ نەسىھەتىنى ئاچچىق دېگۈچىلەر كېيىن پۇشايمان يېسە — نېمە پايدىسى!؟*

**تەنبىھ:**

ھۈنەرۋەننىڭ ئالدىدا ھۈنەرسىزنىڭ قولى ھېچ ئىشقا يارىمايدۇ، لېكىن ئۇستىنىڭ ھەربىر ئىشىغا ئەيىب قويىدۇ. ئۈۋچى قۇشقا دوغداق (دوغداق قۇش) نىڭ كۈچى يەتمىسە، مايىقى بىلەن ئۇنى بۇلغايدۇ. نەزم:

بەسا ئاجىزكى خەسم ئاستىغا ياتمىش،
ئاغىز سۆيىن ئانىڭ يۈزىغە ئاتمىش.

*ئاجىز ئەگەر دۈشمەنىدىن يېڭىلسە، ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرىدۇ.*

**تەنبىھ:**

بىلىقچىنىڭ بىلىقىقا قارماق تاشلىشى نەپس مۇددىئاسى ئۈچۈن؛ بىلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىمىقى ھەم قورساق بالاسى ئۈچۈندۇر. نەزم:

بولدى سەييادغە ـ يۇ سەيدغە نەفس ئارزۇسى قەيد،
يوقسە نە ئول ئىدى سەيياد، نە بۇ ئېردى ئاڭا سەيد.

*ئوۋچىغا ھەم، ئوۋغا ھەم نەپسى بالاسى توزاق بولدى، نەپسى بالاسى بولمىسا، ئوۋچى توزاق قۇرمىغان، ئوۋمۇ توزاققا چۈشمىگەن بولاردى. (يۇقىرىقى تەنبىھلەر « ب » نۇسخىدىن تولۇقلاندى)*

**تەنبىھ:**

ئاز دېمەك ھېكمەتكە بائىس؛ ئاز يېمەك سالامەتلىككە بائىس. ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك نادانىنىڭ ئىشى؛ ئالدىغا كەلگەننى يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى. نەزم:

كۆپ دېمەك بىرلە بولغايۇ نادان،
كۆپ يېمەك بىرلە بولغايۇ ھەيۋان.

*كۆپ سۆزلىمەك نادانىنىڭ ئىشى؛ كۆپ يېمەك ھايۋاننىڭ ئىشى.*

**تەنبىھ:**

كۈچلۈك دۈشمەننىڭ مەغلۇپ بولسا، شادلانما؛ ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن غاپىل بولما. دۈشمەننى جازالاشتا سەۋرلىك، مۇئامىلىدە ئېھتىياتچان بولماق ۋاجىپتۇر. نەزم:

دۈشمەن رەجا ـ ۋۇ خەۋفى دېسەڭكىم، فەن ئۆلماغاي،
ئانداغ تىرىلكى، كىمسە ساڭا دۈشمەن ئۆلماغاي.

*دۈشمەنىنىڭ شۇم نىيىتىدىن خەۋپ يېتىپ قالمىسۇن دېسەڭ، شۇنداق ھەرىكەت قىلكى، ھېچكىم ساڭا دۈشمەن بولمىسۇن.*

**تەنبىھ:**

ئالىم كىشى بىرەر نادانىنى يېڭىغا تارتىپ، مۇلازىم قىلىش خىيالىدا بولىدىكەن، بۇ شۇ ئالىم ئۈچۈن ھاقارەتتۇر. ئالىم ئالدى بىلەن ئۆز ئىلمىنىڭ دەرىجىسى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى ئاسرىشى، گۆھەرنى سىناپ باقماق ئۈچۈن تاشقا ئۇرماسلىقى لازىم. نەزم:

خارەغە ھەر كىشىكىم، دۇررى سەمىنىنى تۇرغاي،
خىرەد ئاڭلاركى، قايۇ بىرى بىرىنى سىندۇرغاي.

*كىمكى گۆھەرنى تاشقا ئۇرىدىكەن، قايسىسىنىڭ قايسىسىنى سۇندۇرىدىغانلىقىنى ئەقىل ئىگىلىرى ئوبدان بىلىدۇ.*

**تەنبىھ:**

گۆھەر پاتقاقتا چۇشۇپ كەتكىنى بىلەن باھاسى ئۆزگەرمەيدۇ، قىممىتى كېمەيمەيدۇ؛ ئېشەكمۇنچاقنى تاجغا تىككەن بىلەنمۇ گۆھەرنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ ھەمدە ھېچكىم ئۇنىڭ كەم باھالىقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. نەزم:

زىۋەر بىلە شەكلى خوب بولماس،
ھەر قىزكى، ئېرۇر يامان لىقالىغ.
ھەر نېچە قاراڭغۇ بولسە ھۇجرە،
شەمئ ئاندا بولۇر فۇزۇن زىيالىغ.

*ھەر قىزكى، ئەسلىي سەت بولسا، بېزەك بىلەن چىرايلىق بولمايدۇ؛ ھۇجرا قانچىكى قاراڭغۇ بولسا، شامنىڭ يورۇقى شۇنچە نۇرلۇق بولىدۇ.*

**تەنبىھ:**

قابىلىيەتلىك ئادەمنى تەربىيەلىمەسلىك ئەپسۇسلىنارلىق-تۇر؛ قابىلىيەتسىز ئادەمنى تەربىيەلىمەك نادانلىقتۇر. ئالدىنقى-



www.uyghurkitap.com

سىنى تەربىيەڭنى ئاياپ نابۇت قىلما، كېيىنكىسىنى تەربىيەلەي-
مەن دەپ ۋاقتىڭنى زايە قىلما. نەزم:

قابىلغە تەربىيەت ئېرۇر ئول نەۋئكىم، دۇررى،
تۇشسە نىجاسەت ئىچرە يۇغاي كىمسە ئانى پاك.
گەر ئىت ئۇزۇمىگە كىشى مەي بىرلە بەرسە سۇۋ،
بۇ تەربىيەت ئىلە قىلا ئالغايمۇ ئانى تاك.

*قابىلىيەتلىك كىشىگە قىلىنغان تەربىيەت گويا بىراۋنىڭ نىجاسەتكە چۈشۈپ كەتكەن گۆھەرنى يۇيۇپ تازىلىغىنىغا ئوخشايدۇ؛ بىراق، ئىتئۈزۈمىنى مەي بىلەن سۇغىرىپ، ھەرقانچە پەرۋىش قىلغان بىلەنمۇ، ئۇنى ھامان ئۈزۈمگە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ.*

**تەنبىھ:**

ھەزىل كۆپەيگەنسېرى ھۆرمەتسىزلىك ئارتىدۇ، ھەددىدىن ئاشقان ھەزىل ئاخىر كىشىنى جېدەلگە ئېلىپ بارىدۇ ۋە نومۇس - ھايا پەردىسىنى يىرتىدۇ؛ ئەدەپ ۋە ھۆرمەت ئەھلىنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا قولۇڭدىن كەلگىنىچە تەزىم ۋە ئەدەپ بىناسىنى يىقىتما؛ ھايا ۋە ئەدەپ پەردىسىدىن تاشقىرى چىقما! نەزم:

ئىمانغە ئېرۇر نىشان ھەيا بىرلە ئەدەب،
ھۆرمەت بىلە تەئزىم سەئادەتغە سەبەب.
ھەيا - يۇ مۇئەددەب ئاڭاكىم، بولسە لەقەب،
مەقسۇدىغە كەچ يەتسە ئەجەب، ئاڭلا ئەجەب.

ھايا بىلەن ئەدەپ ئىماننىڭ نىشانىدۇر، ھۆرمەت بىلەن تەزىم سائادەتكە سەۋەبتۇر. ھايالىق ۋە ئەدەپسىزلىكى دەپ تونۇلغانلار مەقسىتىگە كەچرەك يەتسىمۇ، ئەجەبلىنىش بىھاجەتتۇر.

تەنبىھ:

پاسىق يەنى ئەخلاقسىز ئادەم ھەممە مىللەتتە نادان ھېسابلىنىدۇ؛ بولۇپمۇ دىلى پاك كىشىلەر ئارىسىدا تېخىمۇ شۇنداق. پاسىقنى ھەممە ساھەدە يامان كۆرىدۇ؛ بولۇپمۇ تەقۋادارلىقتا روھانىي قىياپەتكە كىرىۋالغانلىرىنى تېخىمۇ شۇنداق.

قايسى ئەلنىڭ ئارىسىغا كىرسەڭ ئۆزۈڭگە شۇ ئەلنىڭ يولىنى لازىم تۇت؛ ئۆزۈڭ ئەسلىدە قانداق بولساڭ، شۇ ھالىتىڭنى ساقلا. نەزم:

ھەياۋۇ ئەدەب بىرلە تۈزگىل مەئاش،
يەنە ئەيلە تەئزىمۇ ھۆرمەتنى فاش.
نە ئەل يەرى بولساڭ، ئالار رەڭگى بول،
نېچۈك بار ئېسەڭ،تۇتقىل ئول سارى يول.

ھايا ۋە ئەدەپ بىلەن ھايات كەچۈر، ھەر دائىم تەزىم ۋە ھۆرمەت كۆرسەت؛ قايسى ئەلنىڭ يېرىدە بولساڭ، شۇلارغا ماسلاش، ئەسلىدە قانداق بولساڭ، ئۆزۈڭنى شۇ ھالەتتە تۇت. (ئۇشبۇ تەنبىھ «ب» نۇسخىدىن تولۇقلاندى)

تەنبىھ:

سەۋەنلىك ۋە خاتاغا يول قويۇش ئادەمگە خاس خۇسۇسىيەتتۇر؛ ئەمما، سەۋەنلىك ۋە خاتاسىنى تۇزىتىپ، ساۋاقنى قوبۇل قىلغان سائادەت ئىگىسىدۇر. خاتالىقنى ئېتىراپ قىلغان ئادەم قايتا خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنالايدۇ. كىمكى خاتالىقنى بويىنغا ئالماي، بىھۇدە دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ باھانا ئىزدەيدىكەن، گۇناھى تېخىمۇ ئارتىدۇ. كىمكى خاتا قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە لاپ ئۇرۇپ ئۇزىنى قانچە ئاقىلماقچى بولىدىكەن، خاتالىقى شۇنچە روشەن ۋە راست بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ناۋادا كىبىر كۆرسىتىپ جاھىللىشىدىكەن، خەلقئالەم ئارىسىدا سۆزسىز رەسۋالىشىدۇ. نەزم:

خەتاغە تەدارۇك نېدۇر بىخىلاف،
ئەيان ئەتتى ئۆز سەھۋىغە ئىئتىراف.
ۋە گەر قىلسە سەھۋىغە ئىجرا دەلىل،
كى، ياخشىدۇر ئەيلەر ئىكى ئانچە بىل.

*خاتانى تۇزىتىشنىڭ چارىسى — ئۆز سەۋەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر؛ ئەگەر خاتالىقنى تونۇماي سەۋەب كۆرسىتىۋەرسە، توغرا بولىسمۇ، خاتالىقنى ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇۋېتىدۇ.*

تەنبىھ:

ھەرقانداق بىر دۆلەتمەن تىرىكلىكىدە خەير - ئېھسان يولىنى تۇتمىغان ۋە كىشىلەرنى خۇرسەن قىلمىغانىكەن، ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم دۇئالىرىدا ياد ئەتمەيدۇ. ئېھسان — تىرىكلىكتە ياخشى نام قالدۇرماق ۋە ئۆلگەندىن

كېيىن دوزاخ ئوتىدىن نىجات تاپماقنىڭ يولىدۇر. نەزم:

كىشىدە بارچە ئەخلاقى ھەمىدە،
چۇ جەمئ ئولدى قويارلار ئاتىن ئىھسان.
بىرى ئاندىن سەخا، بىرى مۇرۇۋۋەت،
بۇ كېرەككىم، يوقتۇر ئىھسان، يوقتۇر ئىنسان.

*كىشىدە، ئەگەر بارچە گۈزەل پەزىلەتلەر جەم بولىدىكەن، ئىسمى ئېھسان دەپ ئاتىلىدۇ؛ بۇلاردىن: بىرى سېخىيلىق، بىرى مۇرۇۋۋەتتۇر، بۇ پەزىلەتلەر بولمىغان ئادەم ئىنسان ھېسابلانمايدۇ.*

**تەنبىھ:**

بېخىل بوگوۇن تاپقىنىنى يېمەي ـ ئىچمەي يىغىدۇ، تاڭلا قەبرىسى بوگوۇنكى روزغارىدەك قاراڭغۇ بولىدۇ.

ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىق ھەرقاچان كۆڭۈلگە ماقۇل، يىگىتلىكتە بولسا تېخىمۇ مەقبۇلدۇر. گۇناھ ۋە غاپىللىق ھەرچاغدا نامۇناسىپتۇر، ئەمما قېرىلىقتا تېخىمۇ شۇنداق. كۆڭلى يۇمشاق ۋە ھايالىق ئادەم ھەممە جايدا ئەزىزدۇر، كاتتىلار نەزىرىدە تېخىمۇ قەدىرلىك.

ياخشىلىق قىلدىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىسەن؛ يامانلىق قىلدىڭ جازاسىنى تارتىسەن. كىمكى ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىدى مۇكاپاتى شۇنىڭ؛ كىمكى پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقىنى تېرىدى جازاسى شۇنىڭ. نەزم:

ياخشىلىق تۇخمىنى ساچقىلىكىم، بۇ دۇر دېھقانغە سۆز،
كىم، قايۇ دانەئى ئىكتىلىڭ غەبرە تۇتكىم، ئانى كۆز.

*دېھقانغا ئېيتىلدىغان سۆز شۇكى: ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچ، قانداق داننى تېرىغان بولساڭ، شۇنىڭ ھوسۇلىغا كۆز تۇت.*

**تەنبىھ:**

يېتىملارغا ۋە قېرىلارغا رەھىم قىلماقنى غەنىيمەت بىل، قولۇڭدىن كەلگىنىچە ئۇلارغا ئېھسان قىل. لېكىن ياش يىگىتلەر كەمبەغەل بولسىمۇ، كەتمەن چاپالايدىغان، ئوتۇن توشۇماق بىلەن تىرىكچىلىك قىلالايدىغان بولسىلا، ئۇلارغا ئېھسان قىلماق خۇدا مېلىنى زايە قىلغانغا باراۋەردۇر.

**تەنبىھ:**

كىمخاب تونغا ئورىنىۋالغان پۇلپەرەس گويا نىجاسەت ئۈستىدىكى يالتىراق چىۋىنگە ئوخشايدۇ؛ پاك يۈزلۈك تەقۋادارنىڭ مەسچىتتە ئىبادەتكە ئولتۇرغان چاغدىكى قىياپىتى گويا قۇرئان ۋاراقلىرى ئارىسىدىكى گۈل ياپرىقىغا ئوخشايدۇ.
نەزم:

بىرى بەيتۇل - ھەرام ئىچرە فەرىشتە،
بىرى دەير ئىچرە شەيتان بارچە ئىشتە.
نە ھاجەت شەرھ قىلماغلىق تەفاۋۇت،
كى، بەيتۇللاھدىندۇر فەرقى سابۇت.

*بىرىنىڭ كەبىدىكى ئىشلىرى پەرىشتە سۈپەت، بىرىنىڭ بۇتخانىدىكى بارچە ئىشى شەيتان سۈپەت. كىبە بىنىلىرى بۇتخانىنىڭ پەرقىنى بىلگەن كىشىگە، بۇلارنى شەرھلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق پەقەت.*

**تەنبىھ:**

بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم ۋە نومۇس قىلىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم. ئاز - ئاز ئۆگىنىپ ئالىم بولۇر؛ قەترە - قەترە يىغىلىپ دەريا بولۇر. ئۆگىنىشتىن قاچقان ناكەس؛ ئۆگەنمەسلىك كويىدا يۈزىگە باھانە ئىشىكىنى ئاچقان كارغا كەلمەس. جاپا چېكىپ ئىلىم ئۆگەنگەن دانىشمەن؛ ئۆگەنمىگەن بولغۇسى ئاخىر گال كەتمەن. نەزم:

ئىلمىدىن ئارىي ئۇلۇسنىڭ جاھىلى خۇد كامەسى،
ئۆرگەنۇرگە جىددۇ جەھد ئەتكەن جەھان ئەللامەسى.

*ئىلمىدىن چەتنىگەن كىشى ئەل ئارىسىدىكى ئەڭ جاھىل ۋە ئەڭ شەخسىيەتچى كىشىدۇر؛ ئۆگىنىشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشكەن كىشى جاھان ئەللامىسىدۇر.*

**تەنبىھ:**

كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىلمى — دانالىقى بىلەن كاتتىلارغا سىرداش (مۇشاۋۇر)؛ باينىڭ بالىسى ناكەسلىكى بىلەن يارىماسلارغا دەمسازدۇر. ئۇ ئىلمى، دانالىقى يۈزىدىن شاھلارنى ئۆزىگە ھاجەتمەن قىلىدۇ؛ بۇ جاھىللىقى، بويۇنتاۋلىقى تۈپەيلىدىن خەلق ئالدىدا ئابرۇيسىزدۇر. نەزم:

بەسا يىگانەئى مۇفلىسكى مۇلك سۇلتانى،
ئۇلۇم مەسىئەلەسىدە ئاڭا مۇھتاج ئېرۇر.
بەسا جەھالەتۇ بىباكلىكىدىن غەنىينى -
كى، سۇلتان ئۆز مۇلكىدىن ئىخراج قىلۇر.

*ئۆزى كەمبەغەل، ئەمما ئىلىم - ھېكمەتتە يېگانە ئالىملار باركى، پادىشاھلار ئىلىمگە ئائىت مەسىلىلەردە، كۆپىنچە ئۇلارغا موھتاج بولىدۇ؛ يەنە نۇرغۇن بايلار باركى، ئۇلارنى جاھىللىقى ۋە بويۇنتاۋلىقى تۇپەيلى سۇلتان ئۆز مەملىكىتىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ.*

**تەنبىھ :**

تىنچ ۋە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ ئىچكەن قۇرۇق ئۇماچ بىراۋنىڭ مىننىتى ۋە تاپا - تەنىسى ئاستىدا يېگەن ھالۋىدىن ياخشىراق. ئەسكى چاپان بىلەن تۇپراق ئۇستىدە خاتىرجەم ئولتۇرماق كىمخاب تون كىيىپ بىراۋنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ ئولتۇرماقتىن ياخشىراق. نەزم:

گەدالىغ بورياسى ئۆزرە مەسكىن،
كى، خاتىر فارىغ ئولغاي ھەر تەرەفدىن.
كۆپ ئارتۇقكىم بولۇپ ئۆزۈڭگە مەئمۇر،
خەزۇ دىبادا يەر تۇتساڭ تەرەبدىن.

*ئۆزىدەك بىرىگە قارام بولۇپ شادلىق ئىچىدە كىمخاب - ئەتلەس ئۇستىدە ئولتۇرغاندىن، بارلىق تاپا - تەنىلەردىن*

*خالىي، خاتىرجەم هالدا كەمبەغەللىك بولۇشى ئۈستىدە ئولتۇرغان كۆپ ياخشىدۇر. (كېيىنكى ئىككى مىسرا «ب» نۇسخىدىن تولۇقلاندى)*

**تەنبىھ:**

كىشى ھەرقانداق بىر قوۋمنىڭ يولىنى تۇتسا ياكى ئەگەشسە، شۇ قوۋم يەتكەن يەرگە يېتىدۇ؛ ئەگەر بۇ سۆز ساڭا غەلىتە بىلىنسە، «ئەسھابۇل ـ كەھف» نىڭ ئىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەپ باق. نەزم:

نەبىي ئوغلى تەمۇغنى قىلدى مەسكەن،
تەمۇغ ئەھلى گۇرۇھى چۇن ئېرەشتى.
ۋە لېكىن جەننەت ئەھلى پەيرەۋى ئىت،
يەتىشتى قايداكىم ئول ھەم يەتىشتى.

*دوزاخ ئەھلىگە يەنى يامان ئادەملەرگە ئەگەشكەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى دوزاخنى ماكان قىلدى؛ لېكىن جەننەت ئەھلىگە ئەگەشكەن ئىت جەننەت ئەھلى يېتىشكەن يەرگە يېتىشتى.*

**تەنبىھ:**

ئادەم ئىككىلا دۇنيادا شەرەپ ئىگىسىدۇر. ئىت ئەسلىدىلا نىجىس مەخلۇقتۇر. ئەمما، ھەقنى تونۇمايدىغان، بىۋاپا ئادەم ياخشىلىقنى ئۇنتۇمايدىغان، ۋاپادار ئىتتىن پەستۇر. ۋاپادار قوتۇر ئىت ۋاپاسىز، ھەقنى تونۇمايدىغان بىر يىگىتتىن ياخشىراقتۇر. نەزم:

بىۋەفا، ھەق ناشۇناس ئەلدىن يىراغلىق ئىستەكىم،
كەلمەگەي ھەرگىز ئۇلاردىن غەيرى بىدادۇ جەفا.
ئىتغە ئىتلىق ئىستەمەك جانۇ كۆڭۈل بىرلە بولۇر،
ھەقشۇناس ئولسە، ئول ئىتكىم ئاندا ئايىنۇ ۋەفا.

*بىۋاپا، ھەقنى تونۇمايدىغان ئادەملەردىن يىراق تۇر، چۈنكى ئۇلاردىن جەبىر ـ جاپادىن باشقا ھېچنېمە كەلمەيدۇ؛ ئەگەر ياخشىلىقنى بىلسە ۋە ۋاپادار بولسىلا، ئىتقا جانۇ كۆڭۈل بىلەن باغلىنىش مۇمكىن.*

**تەنبىھ:**

ئاچ كۆز ئادەمنىڭ قولىدىن يېيىش ـ ئىچىشتىن ئۆزگە ھېچ ئىش كەلمەيدۇ؛ نەپسانىيەتچى ئادەمدىن كىشىگە قۇرۇق گەپتىن ئۆزگە نەپ يەتمەيدۇ. ئۇ بىرى يېگەن ـ ئىچكەنلىرى بىلەن، بۇ بىرى ئازغىنە پۇل ـ ماللىرى بىلەن ماختىنىپ ئۆزىنى خۇش قىلىپ يۈرۈشىدۇ. نەزم:

ئول بىرى تەئامدىن، بۇ بىرى تەئرىفى نەفسى كەلامىدىن،
ئول تۇئمە نەۋالە سۆزىن ئايتىپ ئانچەكى خالىي ئەيلەپ ئۆزىن.

بۇ ئۆز ئەۋسافىغە مۇئەررىف ئەۋلا،
ئەيلەبان بەزم ئەنجۇمەننى تولا.

*ئۇ بىرى يېگەن ـ ئىچكەنلىرى بىلەن، بۇ بىرى ئازغىنە پۇل ـ ماللىرى بىلەن ماختىنىپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ ئۆزىنى خۇش قىلىدۇ؛ ئۇلار ئۆز قىلىقلىرىنى تەرىپلەپ، كۆككە كۆتۈرۈپ، بەزمە ۋە يىغىلىشلارنى خۇشامەت سۆزلىرى بىلەن تولدۇرۇۋېتىدۇ.*

تەنبىھ:

تەڭرىم ئەلنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بىپىپ تۇرىدۇ؛ ئەمما جازالاشقا قادىردۇر ــ ئالدىرىمايدۇ. تەڭرىنىڭ دۈشمەنلىرى بولسا، ئۇنى كۆرەلمەيدۇ ۋە بىلمەيدۇ؛ ئەمما، تۆھمەت بىلەن ئەيىب ئىزدەپ پاش قىلماققا ئالدىرايدۇ. نەزم:

تەڭرى ئىشىن قىلماق ئېرۈر فەرزى ئەين،
كىم، كۆرۈبان ئەيلەمەمەك شورۇ شەين.
كۆرمەيىن ئولكىم، ئىشى بوھتان ئېرۈر،
بىلكى، بۇ خىسلەت بىلە شەيتان ئېرۈر.

*تەڭرىنىڭ ئىشىنى قىلماق تولىمۇ زۆرۈر، ئەمما كۆرگەنىنىلا داۋراڭ قىلىۋەرمەسلىك لازىم؛ كۆرمەي تۇرۇپ، ھەممە ئىشتا بوھتان قىلىدىغان ئادەم ــ بىلگىنكى، شۇ خىسلەتلىرى بىلەن شەيتاندۇر.*

تەنبىھ:

ئەقىللىق ئادەم كىشىنىڭ خاتالىقىدىن ساۋاق ئالىدۇ ۋە شۇ خاتانى باشقىلار سېزىپ قېلىشتىن ياكى يۈزىگە سېلىشتىن ئىلگىرى توغرا يولنى تاللايدۇ. نەزم:

ئاقىل چۇ كۆرسە ئەلدە خەتا ئىجتىناب ئېتەر،
ئاندىن سەۋاب يول سارى مايىل قىلۇر ئۆزىن.
قويماس ئانىڭ خەتاسىغە ئەل ئەيلەپ ئىئتىراز،
ئايتۇرغە يۈزى ئوترۇسىدا سەھۋىنىڭ سۆزىن.

ئاقىل ئادەم باشقىلارنىڭ خاتا قىلمىۋاتقانلىقىنى كۆرسە دەرھال ئۆزىنى تارتىدۇ، ئاندىن ئۆزىنى توغرا يول تەرەپكە مايىل قىلىدۇ؛ ھەتتا باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ خاتاسىغا ئېتىراز بىلدۈرۈشىگە يول قويمايدۇ ۋە ئەيىبىنى يۈزىگە سېلىشقىمۇ ئورۇن قالدۇرمايدۇ.

## ياشلىق كۈنلىرى زىكرىدە

يىگىتلىك ــ ئۆمۈر گۈلشىنىنىڭ باھارىدۇر ۋە ھايات كېچىسىنىڭ تېڭىدۇر. بۇ بىرىدىن شاد ـ خۇراملىق گۈللىرى ئېچىلىدۇ؛ ئۇ بىرىدىن زوق ۋە خۇرسەنلىك ئۆيلىرىنىڭ يورۇقلۇق ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ئىنساننىڭ گۈزەللىكى شۇ ياشلىقتا، كۈچ ـ قۇدرىتى ھەم شۇ ياشلىقتا. سەزگۈ ئەزالار ۋە تومۇرلار شۇ ياشلىقتىن قۇۋۋەت تاپىدۇ؛ قول ـ پۇت ۋە بەدەننىڭ ساقلىقى ھەم شۇ ياشلىقتىن ئوزۇق ئالىدۇ. كۆڭۈلنىڭ ئىشق ـ ئارزۇلىرى شۇ ياشلىقتىن؛ شوخ ـ گۈزەللەرگە مەپتۇن بولماققا سەۋەب ھەم شۇ ياشلىقتىن. يىگىتلەرنىڭ ئۆز قامەتلىرىگە تەمەننا قويۇشمۇ ئەنە شۇ نەۋقىرانلىقتىن؛ ئەكسىچە، قېرىلارنىڭ ياش تۆكۈپ، يىلىنىپ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇشى ھەم شۇ ياشلىقتىن مەھرۇم قالغانلىق تۈپەيلىدىن. كۆز ئۆيىنىڭ مەشئىلى يەنە شۇ ياشلىق بىلەن روشەن؛ يۈز بېغىنىڭ ئەنجۈمەنى ھەم شۇ ياشلىق بىلەن گۈلشەن. يىگىتلەرنىڭ گۈزەللەرگە قارام بولۇشىغا سەۋەب ــ ياشلىق؛ ئاشىقلارنىڭ ئىشق بالاسىدا جەبىر ـ جاپا چېكىشىگە سەۋەب ھەم ياشلىق. زەبەردەسلەرنىڭ خىيالىدىكى ئۆزگە

مەملىكەتلەرنى بېسىۋېلىش ئىشتىياقىمۇ شۇ ياشلىقتىن؛ ئاجىزلارنىڭ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، مۇساپىرلىقنى ئىختىيار قىلىشىمۇ، شۇ ياشلىقتىن.

شوخ يىگىتلەر ئەنە شۇ ياشلىق تۇپەيلى مەيداندا ئات چاپتۇرىدۇ؛ بەلكى مەيداندا ئات چاپتۇرۇپ، كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىشىدۇ. بىلمەك كېرەككىم، كىمكى مۇراد - مەقسىتىگە يەتمەكنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ياشلىق - يىگىتلىك دەۋرىدىلا گۇناھىغا توۋا قىلىپ، نەپسىنى يىغىپ، روھىنى پاك تۇتۇپ ئىبادەت مەنزىلىنى ئىختىيار قىلغاي. ۋاھالەنكى، مەيخانا ئەھلىگە ئەيش - ئىشرەت ۋە مەيپەرەسلىك يىگىتلىكتە كۆڭۈللۈك بىلىنىدۇ؛ ئەمما مۇناجات ئەھلىگە تەقۋادارلىق ۋە ئىبادەت يىگىتلىكتە بىنەزىر. نەزم:

ئەھپەسىل، يىگىتلىكنى غەنىمەت تۇتۇڭىز،
ئۆزنى قەرىلىق مىھنەتىدىن قۇتقارىڭىز.
ئايىنى ئەداۋەتۇ ھەسەدىن ئۆتۈڭىز،
ھەر نەۋئ ئىلە ئۆزنى نەچە كۈن ئاۋۇتىڭىز.

*دوستلار، ياشلىقنى غەنىيمەت بىلىڭلار، ئۆزۈڭلارنى قېرىلىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇڭلار؛ ئاداۋەت ۋە ھەسەت قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، ئامال بار، نەچچە كۈن بولسىمۇ ئۆزۈڭلارنى خۇشال تۇتۇڭلار.*

## قېرىلىق زىكرىدە

قېرىلىق ــ ياشلىق شارابىغا خۇمارلىقتۇر ۋە يىگىتلىكتىكى

ساغلاملىقتىن جۇدا بولغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. قىرىلىق كۆنلىرى خۇشال يۈرگەن ئادەملەرنىڭ شادلىقىنى ناشاد قىلىدۇ؛ كىشىنىڭ قەددىنى مۈكچەيتىپ، ئۆمرى بىلەن ۋىدالاشتۇرىدۇ. كۆڭۈلدىكى ھەۋەس ۋە ئارزۇلارنىڭ شېخى سۇنىدۇ؛ بەلكى بارچە ھەرىكەت ۋە تەرەددۇتلاردىن كۆڭلى تىنىدۇ. يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىش خىيالى بېشىدىن چىقىدۇ؛ ھەسرەت ۋە نادامەت يېشىنىڭ كەلكۈنى بەدەن قەسرىنىڭ دىۋارىنى يىقىتىدۇ. بۇھال يەنى قېرىلىق — نامۇرادلىق زىندانى؛ ئۈمىدسىزلىك خارابىسىدۇر.

قەدنىڭ ئېگىلمىكى تۇپراققا مەيل ئەتمەككە دەلىلدۇر؛ جانانلاردىن بىزار بولمىقى ئېيتقانلىرىمىزغا ئىسپاتتۇر. قوللارنىڭ تىترىشى ئۆمۈرنىڭ ئاخىرقى شارابىنى ئىچمەككە خۇمار بولغانلىق؛ كۆزىدىن ياشلارنىڭ ئېقىشى ھاياتقا ماتەم تۇتقانلىق سەۋەبىدىندۇر.

قېرىلىقتا ئەسلەشنىڭ ئورنىنى ئۇنتۇش ئىگىلەيدۇ؛ ئۆگەنمەكنى، بەلكى ئۆگەنگەننى ھەم ئۇنتۇيدۇ. بەدەندە سالامەتلىكتىن ئەسەر قالمايدۇ؛ كۆڭلىدە ئەقىل - ھۇشتىن خەۋەر بولمايدۇ. قېرىلارنىڭ پەرىشانلىقى يىگىتلەرگە ، ئىگراشلىرى باللارغا ياقمايدۇ، ھەتتا مەسخىرە قىلىنىدۇ. قېرىلارنىڭ ھەر موييدىن بىر كېسەل پەيدا بولسا، ۋۇجۇدىدىن مىڭ ئىللەت تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ.

خوتۇن - باللىرى پەرۋىش قىلىشتىن ھالسىرايدۇ؛ خىزمەتچى - مۇلازىملار قاراشتىن زېرىكىدۇ. تۈرلۈك - تۈمەن ئىللەت بەدەن ئۆيىدە جەم بولىدۇ؛ كېسەللىكنىڭ كۆپلۈكىدىن تىرىكلىك جېنىغا پاتىدۇ.

خىزمەتچى ـ مۇلازىملىرىغا سۆزىنىڭ ئۆتمەسلىكى تۇپەيلى تۇرمۇشى كۇنسايىن ناچار؛ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بىپاشلىقىدىن تىرىكچىلىكى بىمەنە. ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى سۆزىنىڭ مەززىسىنى قاچۇرىدۇ؛ ئاغرىقىنىڭ ئېغىرلىقىدىن يېقىنلىرى ئاغزىغا سۇ تېمىتىدۇ. لەۋلىرى بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلمەي، ئۆز ھالىغا ئۆزى كۇلىدۇ؛ بېشى كۆكسىگە چۇشۇپ، قوۋزىدىن چىشلىرى تۆكۇلىدۇ. ساقلىق ۋە ساقىيىش ئۇمىدى كۆڭلىدىن يىراق؛ بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلگەن يۈز قەتلە ياخشىراق.

رۇبائىي:

چۇن يىگىتلىك ئۆزادى، قەرىلىق يەتتى،
دەم ساۋۇدى، يەئنى قان قالمادى ھەم ئىسسىغ.
ئاغزىغە ھەيات شەربەتى بولدى ئاچچىغ،
ئۆلمەك خۇشراقكى، بۇ نەۋئ ئاچچىغۇ قاتتىغ.

*يىگىتلىك ئۆزىدى، قېرىلىق يەتتى، دەم سوۋۇدى يەنى قان ھەم ئىسسىق، ھەم قالمىدى؛ ھايات شەربىتى ئاغزىغا ئاچچىق تۇيۇلدى، بۇنداق ھاياتتىن ئۆلۇم مىڭ ياخشى.*

نەزم:

ئەفسۇسكى، ئۇمرى نەۋجەۋانلىغ كەتتى،
تەنغە قارىلىقدا ناتەۋانلىغ يەتتى.
كىم، يۈز يىل ئەگەر كامرانلىغ ئەتتى،
ھىچ تاپمادى مەرگدىن ئامانلىغ كەتتى.

*ئەپسۇسكى، يىگىتلىك ئۆمرى كەتتى، تەنگە قېرىلىقتا*

*زەئىپلىك يەتتى؛ ئەگەر كىشى يۈز يىل دەۋران سۈرسىمۇ، ئۆلۈمدىن ھېچبىر ئامانلىق تاپالمىدى.*

**تەنبىھ:**

ھەرقانداق بىر يولۇچى ھامان ۋۇجۇد مەملىكىتىدىن يوقلۇق ئالىمىگە سەپەر قىلىدۇ. بۇ سەپەر مەخسۇس ساڭا ۋە ماڭىلا ئەمەس؛ قاچان سەپەر قىلىشنى شاھ ھەم، گاداي ھەم بىلمەس. ھەركىم يوقلۇق خىلۋەتخانىسىدىن ۋۇجۇد ئەنجۇمەنىگە يۈز كەلتۈردى، بۇ ئۆتكۈنچى ئارامگاھتا بىر نەپەس ئولتۇردى. ئەمما، يەنە قايتىپ ئەسلىي ۋەتەنگە كېتىدىغانلىقىنى، قەيەردىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە سەپەر قىلىدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك. بەش كۈنلۈك بۇ پانىي ئالەمدە تىرىكلىكىگە خۇرسەن ۋە دۆلىتىدىن مەمنۇن بولمىقى لازىمدۇر. ئۆلۈمگە چارە يوقتۇر؛ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغۇدەك ھەم ھېچبىر ياردەمچى يوقتۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ تەييارلىقىدا بولماق زۆرۈردۇر ۋە سەپەر ھازىرلىقلىرىنى قىلماي چارە يوقتۇر. سەپەر ھازىرلىقىدا بولماق ــ ياخشى ئەمەل ۋە ياخشى خىسلەتتۇر(بۇ توغرىدا ئىككىنچى قىسىمدا تەپسىلىي توختالغان).

ئەمما، مۇساپىرغا يولنىڭ مۇشەققىتىنى ئاسانلاشتۇرۇش ۋە مەنزىلىنىڭ يىراقلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇش؛ مۇساپىرنى يامان ئاقىۋەتكە ۋە ئېغىر خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن يولباشچى كېرەك. كامىل بىر يولباشچى، يېتۈك بىر ئۇستازنىڭ يېتەكلىشى بولماي تۇرۇپ، بۇ يولغا قەدەم باسماق مۇشكۈلدۇر. ئۇلۇغلار، ئەۋلىيالار ھەم رەھبەرسىز بۇ يولدا يۈرۈشنى جايىز كۆرمىگەندۇر، بەلكى ئەزىز يولۇچىلىرىنىمۇ بۇ يولغا رەھبەرسىز

يېقىن يولاتمىغاندۇر. ھەرھالدا بىر مۇساپىر كۆرمىگەن – بىلمىگەن يولغا قەدەم باسسا، ئاياغ يەتمەيدىغان ۋادىغا يۈگۈرسە، يولنى يىتتۈرۈپ قويۇش ۋە يولدىن ئېزىپ قېلىش ئېھتىمالى باردۇر. شۇڭا ئۇنداق ئازاب – ئوقۇبەتتىن ۋە ئۇ يولدا يۈز بېرىدىغان خەتەرلەردىن مۇساپىرنى پەقەت بىرەر يولباشچىلا راۋان ئۆتكۈزۈپ قويالايدۇ. دېمەك، مۇساپىر كامىل ئۇستازنىڭ يېتەكلىشى ئارقىلىقلا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ھەرقانداق بىر يولۇچى كامىل بىر يولباشچىنىڭ يېتەكلىشى بولمىغان ئەھۋالدا ھەق يولىغا قەدەم باسقان ۋە تەلەپ تۇلپارىنى ئىستەك ۋادىسىغا سۈرگەن ئەمەس. دېمەكچىمىزكى، ھېچبىر يولۇچى رەھبەرسىز بۇ يولغا قەدەم باسالىسىقى، ھەتتا قەدەم بېسىش خىيالىدىمۇ بولالىسىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ يولدا رەھبەرسىز مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدۇ. گاھىدا يۈزدىن بىر يولۇچىنىڭ ئاشكارا پىر – ئۇستازى بولمىسىمۇ، مەشھۇر پىر – ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ياكى ۋاپات بولغان بىرەر كامىل ئۇستازنىڭ روھانىيىتى بىلەن بۇ يولغا قەدەم بېسىپ، مەقسىتىگە يەتكەنلىرىمۇ بولغان.

بىلمەك كېرەككىم، بۇ يولنىڭ دۈشمىنى — نەپسى شەيتاندۇر؛ ھەرقايسىسى يەنى نەپس ۋە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق زور ئاپەتتۇر. تا بىرەر يولباشچى باشقۇرماي، بىرەر پىر – ئۇستازغا ئەگەشمەي بۇ يولغا كىرىش ۋە مەقسىتىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۆزلۈكى بىلەن بۇ ۋادىغا يەتمەك ۋە مەنزىلگە قەدەم باسماق — مەغرۇرلۇققا گىرىپتار بولماق، نەپسگە بېرىلمەك، شەيتاننىڭ مەسخىرىسىگە قالماق ۋە رەنج – مۇشەققەت تارتماقتىن بېشارەتتۇر. كىمكى مەقسەتكە يەتمەكچى بولىدىكەن، چوقۇم بىرەر پىر – ئۇستاز



www.uyghurkitap.com

ۋاستە بولغاي؛ ئۇنداق بولمايدىكەن، مەقسەتكە يەتمەك مۇمكىن ئەمەس ۋە ياكى پىر ـ ئۇستازسىز يەتكەننى ھەم مەقسەتتىكە يەتتى دېگىلى بولماس.

مۇرىتنى مەقسەتكە يەتكۈزگۈچى ــ ھەقتۇر؛ يولۇچىنى پىر ـ ئۇستازنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئارزۇسىغا يەتكۈزگۈچى ھەم ھەقتۇر. پىر ـ ئۇستاز بولسا، پەقەتلا ۋاستىدۇر.

ھېكايەت:

نەقىل قىلىنىشىچە، يولۇچىلارنىڭ يولباشچىسى، دانالارنىڭ سۇلتانى ۋە ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ئىمامى شەيخ بايەزىد بىستامى قۇددىسە سىررىھۇ (ئاللا ئۇنىڭ سىرىنى مۇقەددەس قىلغاي) بىر تەرەپكە سەپەرگە چىققانىدى. بىر مۇرىت ئۇنىڭغا مۇلازىم ئىدى. ئۇلار سۇيى ئۇلۇغ بىر دەريانىڭ لېۋىگە كەلدى. شەيخ: «ئاللا» دەپ مۇرىتنى يېتىلەپ سۇغا قەدەم قويدى. ئۇلار سۇ ئۈستىدە گويا تاڭ سەھەردىكى مەيىن شامالدەك كېتىپ باراتتى. تۇساتتىن مۇرىتنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كەچتىكى، «شەيخ بۇ يولدا مېنى باشقۇرۇپ ئاللا زىكرى بىلەن كېتىۋاتىدۇ، مەن ھەم ۋاستىتە شامىنى ئۆچۈرۈپ، ۋەھدەت دەرياسىدا ئاللا زىكرى بىلەن قەدەم باساي.» مۇرىت ئۇشبۇ مۇددىئا بىلەن قەدەم قويدى ـ يۇ، سۇغا چۆكتى. شەيخ دەرھال ياردەم قولىنى ئۇزاتتى ۋە مۇرىتنى قولىدىن تۇتۇپ دەريا ساھىلىغا سۆرەپ، ئامان ـ ئېسەن قىرغاققا چىقاردى. بايەزىد دېدى:

ــ ئەي پەرزەنت، ئاۋۋال بايەزىدكە يەت، ئاندىن كېيىن تەڭرىگە يەتمەككە ھەۋەس قىل.

شەيخ بايەزىد مۇرىتقا بۇ قاتارلىق سىياسەت قىلىپ، يولباشچىلىق شەرتىنى بەجا كەلتۈردى.

يولباشچى ھەركىمگە پىر ـ ئۇستازدۇر. شاگىرتىنى مۇنداق ھالاكەت گىردابىدىن ئامان ـ ئېسەن قىرغاققا چىقارغۇسىدۇر.

يەنە بايەزىد دېدى:

— ئەي پەرزەنت، ئاۋۋال پىر ـ ئۇستازىنىڭ خىزمىتىڭىزگە قەدەم قويغىن، مۇشۇنداق ھالاكەتلىك پەيتىدە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

بۇنى ھېكايە قىلىشتىن مەقسەت شۇكى، پىر ـ يولباشچىسىز بۇ يولغا قەدەم باسماسلىق كېرەك. نەزم:

كىمنىكى بۇ يول قەتئىغە سالدى تەقدىر،
پىر ئەمرىنى قىلماسا كېرەكدۇر تەغيىر.
ئانسىز قەدەم ئۇرسە، ئۆلكى مەكرۇ تەزۋىر،
مەلئۇن دېسە بىھراقكى، دېگەنلەر بىپىر.

تەقدىر كىمنى بۇ يولغا باشلايدىكەن، پىر ـ ئۇستازنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماسلىق كېرەك؛ يولباشچىسىز قەدەم بېسىشنى ھىيلە ـ مىكىر، يولباشچى بولمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلەرنى مەلئۇن دېگەن تۇزۇك.

## سەپەرنىڭ مەنپەئەتى زىكرىدە

تۇرغۇن يەر قايدا، ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك قايدا؟ جىم تۇرىدىغان تۇپراق قايدا، سەير قىلغۇچى يۇلتۇز قايدا؟

بىرى جىم تۇرغانلىقتىن كىشىلەرنىڭ ئايغى ئاستىدا پايانداز بولدى؛ بۇ بىرى ھەرىكەتتە بولغىنى سەۋەبلىك يۈكسەكلەرنىڭ يۈكسىكى بولدى.

ئازاب ۋە مۇشەققەت تاۋازۇ ۋە ئەدەپنىڭ نىگىزىدۇر. سەپەر بولسا، رەنج ـ مۇشەققەتكە سەۋەبتۇر. سەپەر ـــ ئىرىتكۈچى ۋە كۆيدۈرگۈچى چاناقتۇر. ئىرىش ۋە كۆيۈش ـــ ئەر كىشىنىڭ ۋۇجۇد ئالتۇنىنى تاۋلاپ تازىلىغۇچىدۇر.

سەپەر ـــ جۇدالىقتا قالغانلارنى ئارزۇسىغا يەتكۈزگۈچى ۋە مەھرۇملارنى مۇراد ئۆيىگە باشلاپ كىرگۈچىدۇر. سەپەر ـــ خام ئادەملەرنى پىشۇرغۇچى ۋە تائاملارنى سىڭدۈرگۈچىدۇر. سەپەر كىشىلەرنى ئالەمنىڭ غارايىباتلىرىدىن ۋە ئاجايىباتلار دۇنياسىدىن خەۋەردار قىلىدۇ. سەپەر ـــ يولۇچى يەنى سەپەر قىلغۇچىدا جاسارەت ۋە گۈزەل خۇلق ـ ئادەتنى يېتىلدۈرىدۇ، كۆڭۈلگە سەيلە ـ ساياھەت ھەۋىسىنى سالىدۇ ۋە ئاراملىق ھېس قىلدۇرىدۇ.

مەھرۇملارنى مۇرادىغا يەتكۈزگۈچى، ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلغۇچى سەپەردۇر. مەشھۇر، كاتتا زاتلارنىڭ خىزمىتىگە نائىل قىلغۇچىمۇ ۋە شۇ خىزمەت ئارقىلىق ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرگۈچىمۇ سەپەردۇر.

سەپەر ـــ مۇساپىرلارنى مەنزىللەر بىلەن تونۇشتۇرىدۇ؛ جاي ـ جايلارغا باشلايدۇ. سەپەر ـــ ئىسسىق ـ سوغۇقتا جانغا ئارام بېغىشلايدۇ؛ دۇنيانىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىدىن كۆڭۈلنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.

سەپەر ۋادىسىدا مۇساپىرنىڭ ئايىغىغا كۆپ دەرد ـ بالا تىكەنلىرى سانجىلىدۇ، لېكىن سانجىلغان ھەربىر تال تىكەندىن مەقسەت گۈلى ئېچىلىدۇ. يول مۇشەققىتى ئازابىدىن بەدەن كۆپ ئازار يەيدۇ؛ ۋۇجۇدى يولۇچىلار ئايىغا چۈشۈلىدۇ، ھەر ئەزاسى

ئاياغ ئاستىدا پۇچىلىدۇ. ئەمما، كۆڭلىنىڭ ۋەيرانلىقى تۈزۈلىدۇ ۋە كۆڭۈل ئەينىكى پاكلىنىپ روشەنلىشىدۇ.

ھەر مەملىكەتنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە ھەر مەنزىلنىڭ ئاسايىشلىقىنى سەپەر ئەھلىدىن سورا، مۇساپىرلاردىن ئىشتىن سەپەر قىلمىغان ئادەم ئارام ئالماقنىڭ پاراغىتىنى قانداق بىلسۇن؟ مۇساپىرلىق ئازابىنى چەكمىگەن ئادەم ۋەتەندىكى تۇرمۇش باياشاتلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئاقمايدىغان دېڭىز سۈيىنى ئىچكىلى بولمايدۇ، ئاقار دەريانىڭ سۈزۈك سۈلىرىنى ئىچىشتىن ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ.

ھەرىكەت — ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىق بەلگىسىدۇر؛ جانسىز مەخلۇقاتلار — تىرىكلىك نىشانىسىدىن بىخەۋەردۇر.

بۇ يەردە پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشتىكى سەپەر توغرىسىدىلا بايان قىلىندى، ئەمەلىيەتتە ھەقىقەت يولىدىكى سەپەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ بىر كىنايە، خالاس.... نەزم:

بۇ جەمائەتدۇركى، مەنزىلگاھىدىن ئالماي قەدەم،
كۆز ھەم ئاچماي ئول تەرەفكىم، ئالەمى كەۋنۇ فەساد.
بەھرىدىن زەۋرەقنى تارتارلار تۇتۇپ ساھىل سارى،
كىم، ئانى غەرق ئەتكەلى يەتكۈرمىش ئۇلغاي تۇندۇ باد.

*بۇ شۇنداق بىر جامائەتكى، مەنزىلگاھىدىن قەدىمىنى ئالمايدۇ، بارلىق ۋە يوقلۇق ئالەمىگە ھەم قىلچە كۆز يۇگۇرتمەيدۇ؛ قاتتىق بوران غەرق قىلماقچى بولغان كېمىنى مەھكەم تۇتۇپ، دېڭىزدىن ساھىل تەرەپكە تارتىدۇ.*

رۇبائىي:

يارەبكى، بۇ قەۋم ئېرۇر خىزىر قەدەم،
ئۆلگەن كۆڭۈل ئەھياسى ئۈچۈن ئىسادەم.
ئۆلگەنۇ يېتكەنلەرگە قىلىپ لۇتفۇ كەرەم،
يەتكۇرگەندەك يەتكۇر مەنىڭ باشىمە ھەم.

*ئەي تەڭرىم، خىزىر قەدەملىك بۇ قوۋمنىڭ ئۆلگەن كۆڭۈللىرىنى تىرىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپسىنى يەتكۈز؛ ئۆلگەن ۋە كەتكەنلەرگە لۇتپۇ كەرەم قىل، شۇ لۇتپۇ كەرەملىرىڭنى ئۇلارغا يەتكۈزگەندەك، مېنىڭ بېشىمغا ھەم يەتكۈز.*

**تەنبىھ:**

ئادەمنىڭ ياخشىسى — تەقۋادار ۋە پاك بولغاي؛ ھەق سۆزنى ئېيتىشتا ۋەھىمە يېمىگەي ۋە قورقۇمسىز بولغاي.

ئۆزى پاك ۋە كۆزى پاكنى ئادەم دېسە بولۇر؛ تىلى ئېرىغ ۋە كۆڭلى ئېرىغنى مۇسۇلمان دېسە بولۇر. مۇسۇلمان شۇنداق بولۇشى كېرەككى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە ئىلكىدىن ئەمىن، كۆزى ۋە كۆڭلىدىن خاتىرجەم بولغاي.

**تەنبىھ:**

ياخشىدىن يامانلار يامانلىق كۈتمەيدۇ؛ ياخشى ھەم يامانلارغا ياخشىلىقنى ئايىمايدۇ.

كىشىگە ياخشىلىق قىلالمىساڭ، ئىمكان بار يامانلىق ھەم قىلما. ياخشىلىقتىن يامانلىقنى يامانراق يەنى ياخشىلىقنى

يامانلىقتىن ياخشى دەپ بىلمىسەڭ، يامانلىقنى ھەم ياخشى دەپ بىلمە. ياخشىلىق قىلىشنى بىلمىسەڭ، ياخشىلارغا قوشۇل؛ ياخشىلار قاتارىغا قوشۇلالمىساڭ، ياخشىلار ئەترىپىدا يۈر. بۇزۇقچىلىق ـ ئەخلاقسىزلىققا بېرىلمە؛ ئۆزۈڭنى ياخشىلار قاتارىدىن چەتلەتمە ۋە يامانلار ئارىسىغا قوشۇلۇپ كەتمە. ۋاھالەنكى، بەزى قىلىقلار گەرچە ئەقىلگە خىلاپ بولسىمۇ، لېكىن نەپس ئۈچۈن سۆيۈملۈكتۇر؛ ھەق يولىدا مۇخالىپ ئىشلار شەيتان يولىدا مەرغۇپتۇر.

**تەنبىھ:**

ئىمكانىڭ باركى، مەيگە يېقىن يولىما. مەي تەشۋىشى بىلەن كۆڭۈل ئارامىڭنى بۇزما ۋە مەي كەيپى بىلەن بالا دەرياسىغا پاتما. مەي ـــ دىن ۋە ئىمان يولىنى ۋەيران قىلغۇچى كەلكۈندۇر. ئۇ رەنج ۋە ئازاب ئۇرۇقىنى ئۈندۈرۈپ، ھايات كۆچىتىنى نابۇت قىلىدۇ. مەي بەدەن قۇتىسىدىن دۇرلار دانىسىنى چېقىرىپ تاشلاپ، جىسمىڭنى گۆھەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. جىسمىڭ شىشىسىگە مەي تامچىسى ئۈچۈن يول بەرسەڭ نەپس ۋە ھەۋەسىنىڭ قۇربانى بولىسەن. مەي پىتنە ـ پاسات ئۈندۈرمىسىدۇر، شۇڭا ئۇنى ئۆزۈڭگە يېقىن يولاتما، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇر. دېمەك، مەي ئىچتىڭ ـــ شەيتاننىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىدىڭ؛ مەي ئىچتىڭ ـــ جىگەرىڭنىڭ قېنىنى ئىچتىڭ ـــ زەھەر يۇتتۇڭ؛ مەي ئىچتىڭ ـــ جېنىڭنىڭ سەرمايىسىنى بۇزۇپ ـ چاچتىڭ، نەسلىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتتۇڭ! (ئۇشبۇ تەنبىھ «ب» نۇسخىدىن تولۇقلاندى)



www.uyghurkitap.com

تەنبىھ:

دەردلىك كۆڭۈل — شولىلىق چىراغ؛ ياشلىق كۆز — سۇلۇق بۇلاق.

تۆگىقۇشقا يۈك ئارتقان بىلەن كۆچكىلى بولمايدۇ، غاز قانىتىنى كېرىگەن بىلەن ئۇچالمايدۇ.

ئوتنىڭ ئىسى — قۇرۇماق؛ شامالنىڭ ئىسى — سورۇماق.

سۇنىڭ مەززىسى مۇز بىلەن، ئاشنىڭ تەمى تۇز بىلەن.

سالامەتلىك تىلىسەڭ، كۆپ يېمە؛ ئىززەت تىلىسەڭ، كۆپ دېمە.

خوتۇن كىشىگە باغلانما، ھەيزگە ئىشەنمە.

ياخشى لىباس — تەنگە ئارايىش (زىننەت)، ياخشى قولداش — جانغا ئاسايىش (راھەت.)

تاماخوردىن كەرەم تىلىمە، گادايدىن دىرەم (تەڭگە) تىلىمە.

بېخىلغا ئامانەت بەرمە، سېخىيدىن خىيانەت كۈتمە.

چاقماقنىڭ چېقىنى ئۆكسۈمەس، يامغۇرنىڭ رىشتىسىنى تۇرۇپ بولماس.

تەلۋىنىڭ قۇلىقىغا نەسىھەت كىرمەيدۇ، قۇيۇننىڭ ئايىغىنى باغلاپ بولمايدۇ.

تەنبىھ:

بىھايا — دوستلۇققا يارىماس، ناپاك — سىرداشلىققا يارىماس.

تەر سىڭىدۇ (قۇرۇيدۇ)، ئوسۇرۇق يېيىلىدۇ (پۇرايدۇ.)

ئەرنىڭ قىلىقى — سۆزىنىڭ ئىللىقى.

ياسانچۇق مەردانە بولماس، كېپىنەك پەرۋانە بولماس.

دوست جەۋرىدىن ئىڭرانما، دۈشمەن زۇلمىدىن زارلانما.

تەنبىھ:

باي نادانىنىڭ دىمىكى، پارقىراق چىۋىنىنىڭ يىمىكى (باي نادان ئاغزىغا كەلگەننى دەيدۇ، پارقىراق چىۋىن ئالدىغا كەلگەننى يەيدۇ.)

پاسىقتىن ھايا تىلىمە، زالىمدىن ۋاپا تىلىمە.

ئوچۇق چىراي بىلەن قىلىنغان مەرھەمەت ــ ساخاۋەت ئۈستىگە ساخاۋەتتۇر.

ھالاللىق بىلەن قىلىنمىغان ئىش ياخشى بولماس، يىپ نۆكچىسى ھاسا بولماس.

شاھلارغا خىزمىتىڭ ياقتى، خەۋپىڭ ھەم كۆپەيدى.

تەنبىھ:

ئىشقىسىز كىسەك، دەردسىز ئېشەك.

قانائەتلىك ئادەم ــ دانىشمەندۇر، قانائەت ــ تۈگىمەس خەزىنىدۇر.

ئەلگە قوشۇلغان ئارايىش (شادلىق) تاپتى، ئەلدىن ئايرىلغان ئاسايىش (يالغۇزلۇق) تاپتى.

يۈگۈرگەن يېتىشەلمەس، ئايرىلغان قوشۇلالماس.

جوھۇت ئۆز دىنىدىن ھىجراندا، ھەسەتخور ئۆز پەيلىدىن ئازابتا.

دۈشمەن ھەرقانچە ئاجىز بولسىمۇ، كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلمايدۇ؛ خەس ئۇششاق بولسىمۇ، كۆزگە ئارامىلىق بەرمەيدۇ.

يەرنىڭ ئاۋاتلىقى ئەل بىلەن، دېڭىز دولقۇنى يەل بىلەن.

كىچىك بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس، پىستە شاكىلى كېمە

بولماس.

دۈشمەننىڭ ماقالاتى، بەلكى، خىيالاتى. (دۈشمەننىڭ سۆزىگە قارىما، قىلغىنىغا قارا.)

مال ــ دۇنيا ۋاپاسىز، تاز ھاياسىز.

**تەنبىھ:**

ياخشى بول يا يامان؛ ھەر ئىككىسى بولمەن دېگەننىڭ ئۆزى يامان. يامان بىلەن ياخشىنىڭ ئارىسىدا پەرق كۆپتۇر؛ ئىككى كىمنىڭ بېشىنى تۇتقان سۇغا غەرقتۇر.

قايسى قوۋمنىڭ تۇرقىدا كۆرۈنسەڭ، شۇلاردەك سەن. ئۇلار يامان بولسا، سەن ھەم يامان؛ ئۇلار ياخشى بولسا، سەن ھەم ياخشى. دېمەك، ياخشىلارنىڭ ئېتىكىنى تۇتقان ياخشىراقتۇر ۋە خەۋپ ــ خەتەردىن يىراقتۇر. ئىت ياخشىلارغا قوشۇلۇپ ياخشى بولدى «(ئەسھابۇل ــ كەھف» تىن بېشارەت )؛ نىجىس تۇزلۇققا چۈشۈپ تۇز بولدى. نۇرغۇن قابىلىيەتلىك كىشى ياخشىلاردىن ئايرىلدى، يامانلار سۆھبىتى ئۇلارنى نابۇت قىلدى. ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى پاسىق ــ ھاياسىزلارغا قوشۇلسا، ئالدامچىلىق ــ ئەسكىلىكتىن باشقا نېمە ئۆگىنىدۇ؟ شاھ قەسرىنىڭ كەپتەرلىرى سەھرا كەپتەرلىرىگە قوشۇلسا، كېچىدە قونار يېرى گەمە بولامدۇ!؟

ياماندىن ياخشىلىق كۈتمەك ــ بىھۇدە خىيالدۇر؛ ئىتتىن كېيىككە ۋە مۈشۈكتىن كەپتەرگە رەھىم ــ شەپقەت تىلىمەك ــ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر.

دۈشمەن زاتىنى ۋە سەن بىلەن قارشىلاشقۇچىنى دوست دېمە؛ ئۆزۈڭنى ئالدىما، ئۆزگىگە ھەم ئالدانما.

سۇ ئوتنى ئۆچۈرمىگەن ۋە يەل تۇپراقنى سورىمىغان ۋاقىتتا تەبىئىيكى، دۈشمەن سەن بىلەن دوست بولىدۇ. ئىنسان بىلەن شەيتان ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە تەبىئىي ئىختىلاپ بار، چۈنكى، بىرى ئوتتىن يارىتىلغان، بىرى تۇپراقتىن. ناۋادا ئوت غالىب كەلسە تۇپراقنى كۆل قىلىدۇ؛ تۇپراق غالىب كەلسە، ئوتنى ئۆچۈرىدۇ.

ئادەم بىلەن شەيتاننىڭ زىددىيىتىنى ئۇنتۇما، ئاتاڭنىڭ دۈشمىنىنى ئۆزۈڭگە دوست تۇتما. ئاتاڭ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن بېھىشتەك ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ۋە يىللاپ تۇپراق غېرىبىستاندا خارلىققا مۇپتىلا بولغان. ۋاھالەنكى، ئاتاڭنىڭ ئەۋلادىدىن بەزىلىرى ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالماق بولۇپ، ئۇنى خار ـ زار قىلىپ، جاپالار كۆرسەتتى. نەپسى شەيتاننى چىن تەقۋادارلىق رىيازىتى بىلەن بەند ئەيلەپ، يەرگە ئۇردى. ئەپسۇس، ئادەم بىلەن شەيتان ئارىسىدىكى ئاداۋەت بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەيدۇ؛ ئارىدىكى دۈشمەنلىك ھەرگىزمۇ سۇسلاشمايدۇ. شۇڭا بۇ غالىب دۈشمەندىن بىردەممۇ غاپىل بولما، ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان ئىسيان ئوتىنى ئۆز خامىنىڭغا تۇتاشتۇرما. (ئۇشبۇ تەنبىھ « ب » نۇسخىدىن تولۇقلاندى )

**تەنبىھ:**

نادان دوستنى دوست سانىغا كىرگۈزمە، ئەقىل شامىنى ئۇنىڭ بىھۇدە ئەپسانىسى بىلەن ئۆچۈرمە. گۆدەكلەر ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئاتلىرىنىڭ ساقاللىرىنى تارتىپ يۇلۇشىدۇ ۋە جايىناماز ئۈستىدە ئەدەپسىزلىك قىلىپ، نامازغا دەخلى يەتكۈزۈشىدۇ. مەستلەر بولسا، ئىلتىپات يۈزىسىدىن كاتتىلارنىڭ ئايىغىنى ئۆپمەك بولۇشۇپ ئېگىلىدۇ ـ يۇ، ئىختىيارسىز



www.uyghurkitap.com

قۇسۇپ، ئۇلارنىڭ پاك ئىپتەكلىرىنى بۇلغايدۇ. دانا دۈشمەندىن پايدا ئىمكانى بار، نادان دوستتىن زەرەر ئىمكانى كۆپرەك. شۇڭا ئۇلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماسلىق كېرەك.

**تەنبىھ:**

ئىنسان جىنسىدىن ۋاپاغا كۆز تۇتما (ۋاپا كۇتمە)، ئەقىل كۆچىتىنى ئۇنىڭ خىيالىي شامىلى بىلەن قۇرۇتما.

بىر ۋاپا قىلساڭ، ئون جاپا تارتماققا ھازىر بول؛ تېخى شۇنىڭلىق بىلەن قۇتۇلساڭ، ئۆزرە ئېيتىپ جېنىڭ بىلەن مىننەتدار بول.

**تەنبىھ:**

گۈزەل كۆڭۈلنى ئاچىدۇ؛ سەت ئۆمۈرنى ئۆكسۈتىدۇ.

خۇش خۇلق نازىنىن جەننەتنىڭ ھۆرلىرىگە ئوخشايدۇ؛ يامان مىجەزلىك خۇنۇك دوزاخنىڭ ئىشىكىگە قارايدىغان دىۋىگە ئوخشايدۇ.

نامەردنىڭ ئىشى ــ يالغاننى دېمەك؛ مېكىياننىڭ ئىشى ــ نىجاسەت يېمەك.

ياخشىلارنىڭ ھۈنىرى سۆزىدە، پەسلكارنىڭ ھۈنىرى بۆزىدە.

پەسكەش ماختانغان بىلەن بۈيۈك بولالماس، ئۆچكە يۈگۈرگەن بىلەن كېيىك بولالماس.

كۆڭلىدە دەردى بار كىشىگە كۈلكە ھارام، شاھقا دۈشمەنلىك قىلماقچى بولغان كىشىدە ئۇيقۇ ھارام.

تەڭرى بارچىنى ئۆز يولىدا نەپسى شەيتاندىن ئاسرىسۇن، شاھ ئالدىدا دۈشمەندىن ساقلىسۇن ! نەزم:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆز يولىدا تەڭرى تۇتسۇن ئەلنى شەيتاندىن يىراق،
شەھ قاشىدا كىمكى شەيتانۇەشدۇرۇر، ئاندىن يىراق.

*تەڭرىم ئۆز يولىدا ئەلنى شەيتاندىن يىراق تۇتقاي، شاھ قېشىدىكىلەردىن كىمكى شەيتانغا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭدىن ھەم يىراق قىلغاي.*

**تەنبىھ:**

ئۆمۈرنى غەنىيمەت بىل، ساقلىق ۋە ئامانلىققا شۈكۈر قىل. بايلىق توپلاشنىڭ كويىغا چۈشمە، كەم دۇنيالىق بىلەن ئېپتىخارلان يەنى مال ـ دۇنيالىرىڭنى كۆز ـ كۆز قىلما. ئېتىقادىڭنى ھەممىگە ئېيتىپ يۈرمە. پۇل ـ پۇچەكلىرىڭنى بۇزۇپ ـ چاچما. كەمتەرانە خۇي تۇت، كىچىك پېئىللىق بىلەن كۆڭلۈڭنى ئاۋۇت.

پايدىسىز سۆزنى كۆپ ئېيتما، پايدىلىق سۆزنى ئاڭلاشتىن قايتما.

ئاز دېگەن ئاز يېڭىلۇر، ئاز يېگەن ئاز يىقىلۇر.

ئاچلىقنىڭ نېگىزىدە ھېكمەت بار، توقلۇقنىڭ نېگىزىدە غەپلەت بار .

قورساق تويغۇزماقنىڭ ھېرىسىنى كۆڭلۈڭدىن يوق قىل، ئۆزۈڭ ئاچ قالساڭمۇ، يەنە بىر ئاچنى توق قىل.

ئۆزۈڭنى گۈزەل كىيىملەر بىلەن بېزەش خىيالىنى كۆڭلۈڭدىن كۆتۈر؛ گۈزەل لىباس كىيىشنى ئىستىسەڭ، بىر يالىڭاچنىڭ كىيىمىنى پۈتكۈر. لىباس ھەرقانچە زىبادۇر، كىيگىنىڭدىن كىيدۈرگىنىڭ ئەلادۇر. نەزم:

نېچەكىم، تونىنى رىئايەت بىرلە كىيسەڭ ئەسكىرۇر،
چۈنكى كىيدۇردۇڭ كىشىگە ئۇفراماس تون ئول ئېرۇر.

*تونىنى ھەرقانچە ئاۋايلاپ كىيسەڭمۇ كونىرايدۇ، ئەگەر يالىڭاچلارغا كىيدۈردۈڭمۇ، بولدى، ئۇ تون كونىرمايدۇ.*

**تەنبىھ:**

كۆرگەنلىكى كىشىنى سىردىشىم دېمە، ئەھلى ئالەم ئىچىدە چىن سىرداشنى كۆپ دېمە. ئىنسان جىنسىنى سىرىڭغا سىرداش قىلما، ھەتتا پەرىشتىنىمۇ ئۆزۈڭگە سىرداش دەپ بىلمە. ئۆز سىرىڭنى ئۆزۈڭ ياخشى ئاسرىمىساڭ، باشقا بىرىنىڭ ئۇنى ئاسرىمىقى مۇمكىن ئەمەستۇر. ئۆز خەزىنەڭنى ئۆزۈڭ ئاچساڭ، مەخپىي دۇرلىرىڭنى ئۆزۈڭ چاچساڭ، ئۇنى تېرىۋالغان كىشى باشقا بىرىگە ئېيتماي تۇرالايتتىمۇ؟! «ئاسرا!» دەپ تاپىلىغانلىرىڭنى بىراۋ ئاڭلايتتىمۇ؟! ئۆزۈڭنىڭ سىرىنى ئۆزۈڭ ساقلىيالماي تۇرۇپ، بىرى يەنە بىرىگە ئېيتسا، ئۇنى تېخى ئەيىبدار قىلىسەن...ئاۋۋال ئۆز ئەيىبىڭدىن كۆزۈڭنى ئالما، ئۆزگىلەرنىڭ ئەيىبىگە كۆزۈڭنى سالما. نەزم:

بىينەتدەدۇر ئولسە كىشىكىم، ئەيىبغە نازىر،
كۆز ئاچمە بۇلارغە، يەنەلەر ئەيىبغە ھازىر.

*ھوشيار ئادەم ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى كۆرەلەيدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆز ئاچمايدۇ.*

**تەنبىھ:**

چىن سۆزنى يالغانغا جورىما، راستچىل تىلنى يالغانغا بۇرىما.

يالغانچى — ئادەم ئەمەس، يالغان ئېيتماق — مەردلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

يالغان سۆز — دېگۈچىنى بىئېتىبار قىلىدۇ، گۆھەرنى سەدەپ كۆرسىتىپ خار قىلىدۇ.

كىمكى چىن سۆزنى يالغانغا قاتتى، بىباھا دۇرنى نىجاسەتكە ئاتتى. نەزم:

گەۋھەرىكىم، شاھلارغە زىيىبى تاجۇ تەخت ئېرۇر،
تاشلاماق ئانى نىجاسەتكە ئەجەب بەدبەخت ئېرۇر.

*شاھلارنىڭ تاج ۋە تەختى ئۈچۈن بېزەك بولىدىغان گۆھەرنى نىجاسەتكە تاشلىماقچى بولغانلىق — تولىمۇ بەتبەختلىكتۇر.*

**تەنبىھ:**

ساداقەت ۋە پاكلىقنىڭ كانى — تەڭرىنىڭ دوستلىرىدۇر، يالغانچى — تەڭرىنىڭ دۈشمىنىدۇر.

تىلىڭنىڭ ئىختىيارلىق تىزگىنىنى مەھكەم ساقلا، دېمەكچى بولغان ھەربىر سۆزۈڭنى ئېھتىيات بىلەن باشلا. دېيىشكە تېگىشلىك سۆزنى يوشۇرۇپ ئولتۇرما، دېيىشكە تېگىشلىك بولمىغانغا زورۇقما. شۇنداق سۆزلەر باركى، بەزىلىرى ئىشىتكۈچىنىڭ تېنىگە جان كىرگۈزىدۇ؛ بەزىلىرى ئېيتقۇچىنىڭ بېشىنى شامالغا سورۇيدۇ. تىلىڭ بىلەن دىلىڭنى بىردەك تۇت، تىلى بىلەن دىلى بىر كىشىنىڭ ئېيتقان سۆزىگە



www.uyghurkitap.com

چىنپۇت. سۆزنى كۆڭلۈڭدە پىشۇرۇۋالمىغۇچە تىلىڭغا بەرمە، كۆڭلۈڭدە بارلىكى سۆزنى ھەم دەپ يۈرمە. تىلنى باشقۇرماق — دىلغا مېھنەتتۇر، ئاغزىڭغا كەلگەننى دېمەك — باشقا ئاپەتتۇر. دېيىشكە تېگىشلىك سۆزنى دەيدىغان يەردە ئۇنتۇما، دېمەيدىغان يەردە ئۆزۈڭنى سۆزمەن تۇتما. ئېيتىشقا تېگىشلىك سۆزنى ئېيت، ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزدىن قايت. ئاقىل چىن سۆزدىن ئۆزگىنى دېمەس، ئەمما بارچە چىن سۆزنى دېمەك ھەم ئاقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. نەزم:

خىرەدمەند چىن سۆزدىن ئۆزگە دېمەس،
ۋەلى بارچە چىن ھەم دېگۈلۈك ئېمەس.
كىشى چىن سۆز دېسە ئەۋلادۇر،
نەچە مۇختەسەر بولسە زىيبادۇر.

ئەقىللىق ئادەم چىن سۆزدىن ئۆزگىنى دېمەيدۇ، ئەمما چىن دەپلا ھەممە سۆزنى ھەم دەپ يۈرمەيدۇ؛ كىشى چىن سۆز بىلەن گۈزەلدۇر، ئېيقانلىرى قانچە قىسقا بولسا، شۇنچە گۈزەلدۇر.

**تەنبىھ:**

ئويغاقلىقتا بېشىڭغا نېمە كەلسە، تەقدىردىن دەپ بىل؛ ئۇيقۇلۇقتا چۈشۈڭگە نېمە كىرسە، ياخشىغا ئۆرۈ. ئەلنىڭ سۆزىدىن ھەرقاچان يامانلىق ئاختۇرما؛ ناۋادا دۈشمىنىڭ كۈچلۈك تۇرۇپ سەندىن يېڭىلسە، يامان تەرىپىنى ئاشكارىلاپ، ياخشى تەرىپىنى ياپىدىغان ئىشنى قىلما. كۈچلۈك دۈشمەن ئەسىرىڭ بولسا، مۇرۇۋۋەت قىل، ياخشىلىق كۆرسەت، ئەپۇ يولىنى تۇت.

زالىم، غەم ـ قايغۇسىز ئادەملەرنىڭ سۆھبىتىدە ئېغىز ئاچما؛ نامەرد، چېقىمچى ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۈن چىقارما. دانا ئادەم قولىدىن كەتكەن نەرسە ئۈچۈن سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ياشلىق ئارزۇ قىلغان بىلەنمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۆتكەن كۈن ـــ ئۆچكەن كۈندۇر؛ قولغا كەلمەيدىغان نەرسە ئۈچۈن گەپ ساتقۇچىلار ـــ ئەھلى نادامەت يەنى پۇشايمان قىلغۇچىلاردۇر. بۇ ھەقتە ئۇلۇغلاردىن بىرى مۇنداق دېگەن:

«مازىيۇ مۇستەقبەل ئەھۋالىن تەكەللۇم ئەتمە كىم،
ني ئۈچۈنكىم، دەم بۇ دەمدۇر، دەم بۇ دەمدۇر، دەم بۇ دەم. »

*ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈڭ ۋە كەلگۈسىڭ توغرىسىدا زارلانما، ئەمما پۇرسەتنى غەنىيمەت بىل!*

**تەنبىھ:**

كېسەك ئۆينى سۇدىن، ئاقئۆينى شامالدىن، ياغاچ ـ قومۇش ئۆينى ئوتتىن، كۆز ئۆينى تۇپراقتىن، كۆڭۈل ئۆينى بىر ئاللادىن باشقا بارلىق يارالمىشتىن ئاسرىغۇلۇق. نەزم:

نەچۇككىم، تۆرت ئۆيگە تۆرت شەيئى نۇقسانى شايىئدۇر،
بەشىنچى ئۆي داغى ئەغياردىن بۇ نەۋئ زايىئدۇر.

*ھەممىگە مەلۇمكى، تۆت ئۆيگە تۆت شەيئى يەنى سۇ، شامال، ئوت، تۇپراقتىن نۇقسان يېتىدۇ، بەشىنچى ئۆي يەنى كۆڭۈل ئۆيى بولسا، ئوخشاشلا غەيرىيلەر تەرىپىدىن زايە بولىدۇ.*

ئالەم ئىشلىرىنىڭ پۈتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇششبۇ ئوخشىتىش كۆپايدۇر:

بىرى كەپىشتىن تام قوپۇرماقچى بولسا، مەلۇمكى، كېسەكنى ھەرگىزمۇ بىرىنى بىرىگە چاپلاپ قاتىرىسىغا تىزىپ قويمايدۇ، بەلكى ئاراچ قالدۇرۇپ ـــ چاك باستۇرۇپ قوپۇرىدۇ. شۇ ھالدا بىرىنچى قېتىم ياندىشتۇرۇپ قويۇلغان كېسەكنىڭ ئۈستىگە يەنە كېسەك قويغاندا، ئىككى تەرەپتە چاك باستۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى ئىككى پارچە بوشلۇق پەيدا بولىدۇ. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئىككى پارچە كېسەك لازىم بولىدۇ. مۇشۇ تەرىقىدە مىڭ ياكى ئىككى مىڭ كېسەك قويۇلسا، بۇ خىل پارچە بوشلۇقمۇ ئوخشاش نىسبەتتە كۆپىيىپ بارىدۇ. بوشلۇققا كېسەك قويۇلۇپ تام قوپۇرۇلغانسېرى، شۇ كېسەككە كۆرە پارچە بوشلۇق تېخىمۇ كۆپىيىدۇ... بىرىگە مىڭ، بەلكى يۈز مىڭ، ھەتتا ئۈنىڭدىنمۇ كۆپ بوشلۇق كۆرۈلۈشى تۇرغان گەپ. شۇڭا بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇ خىل بوشلۇقنى تولدۇرۇپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئىلاجى كېسەكلەرنى پارچىلاش. پەقەت كېسەكلەرنى پارچىلاپ، پۈتۈن كېسەك بىلەن پارچە كېسەكنى ئارىلاشتۇرۇپ بوشلۇقنى تولۇقلاش چارىسىنى قوللانغاندىلا مۇددىئاغا يەتكىلى ـــ بىر پۈتۈن تامنى قوپۇرۇپ پۈتكۈزگىلى بولىدۇ.

يەنە ئالەم ئىشلىرىغا ئوخشىتىلغان مەسىلىگە كېلەيلى: كىشىلەر ئالەم ئىشىدا كۆڭلى خالىغان ۋە ئىنسانلار گۇرۇھىنى تەقەززا قىلىدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدەنسە ھەمدە ئارزۇ قىلغانلىرىغا ۋە كېرەكلىك نەرسىلەردىن بەزىلىرىگە مۇيەسسەر بولسا، ئېرىشكەنلىرىنى يەنە تولۇقلاش ـ سەرەمجانلاشتۇرۇش

ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ ئېھتىياج تۇغۇلىدۇ، ھەتتا كەمدەك ھېس قىلىدۇ؛ ئاخىر بىر-بىر ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان تەسەۋۋۇرلارغا پېتىپ قالىدۇ. مەسىلەن، بەزى بىر پادىشاھ نەچچە شەھەر - مەملىكەتنى ئىگىلىۋالغان تۇرۇقلۇق، كاللىسىغا يەنە باشقا بىر مەملىكەتنى ئىشغال قىلىۋېلىش خىيالى چۈشىدۇ. شۇڭا بۇنداق تۈگىمەس ئىستەك - تەسەۋۋۇردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى — يەنىلا ئارتۇقچە مۇددىئا ۋە ئارزۇدىن كەچمەكتۇر. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىدىكى مال - دۇنيا ھېرىسمەنلىكى، پەقەت ئۆلگەندىن كېيىنلا تۈگەيدۇ.

ئەمدى سۆزىمىزنىڭ ئەسلىگە كەلسەك، بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىدا بىرەر غەيرىي مۇددىئا ۋە غەيرىي ئارزۇدىن كۆڭۈلنى پاك تۇتقاندىلا، ھەرقانداق تەشۋىش ۋە ئەندىشىلەردىن خالىي بولغىلى بولىدۇ؛ بارلىق غەيرىي مۇددىئا ۋە غەيرىي ئارزۇدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ، ھەق يولىغا توسالغۇ بولىدىغان بارلىق ئىشلاردىن ئىلىك تارتقاندىلا، دۇنيانىڭ بارچە ئاپەت ۋە بالا - قازالىرىدىن ئازاد ۋە خالىي بولغىلى بولىدۇ. بۇنداق دۆلەت ئۇشبۇ يولنى تۇتقان كۆپلىگەن بەندىگە مۇيەسسەر بولغان، ئەمما بۇ يولدا ئارىدا قالغان ۋە ئارىدىن چىقىپ كەتكەنلەرمۇ بار. بۇ ھەقتىكى بايانلار ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرىدا مەزكۇردۇر...

### ھېكايەت:

ھارۇن رەشىد شەيخ بەھلۇل بىلەن سۆھبەتتە بولۇشنى ھەۋەس قىلدى. بەھلۇل بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ھارۇن رەشىدنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى. خەلىپە ھارۇن رەشىد شەيخ بەھلۇلنىڭ يالاڭ ئاياغ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئاياغ



www.uyghurkitap.com

كىيىمگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. شەيخ بەھلۇل يىللاپ ئاياغ كىيمەي يۈرەتتى. ئاياغ دېگەننىڭ نېمىلىكى يادىدىن چىقىپ كەتكەندى. ئاياغنىڭ بۇ دۇنيادا تېخىچە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تەبەسسۇم بىلەن دېدىكى:

— كىشى ئۇنى ئارزۇ قىلسا، قەيەردىن تاپىدۇ؟

— بازاردا كۆپتۇر، — دېدى ھارۇن، — ئۇنى ھەركىم ئايىغىغا قاراپ سېتىۋالىدۇ.

بەھلۇل سورىدى:

— ھەركىم سېتىۋالماقچى بولسا، پۇلنى نەدىن تاپىدۇ؟

ھارۇن دېدىكى:

— بازارغا بېرىپ ئىزدەيلى، سەن ئۈچۈن بىز سېتىۋالايلى.

بەھلۇل يەنە سورىدى:

— ئاياغنى كىيگەن ئادەم گاھىدا پۇتىدىن سىلىۋەتسە، ئۇنى كىم ساقلايدۇ؟ كېچىسى ئوغلاپ قالغاندىچۇ؟

ھارۇن دېدىكى:

— قۇل بېرەيلى، شۇ ساقلىسۇن، سەن قەيەردە سىلىۋەتسەڭ، شۇ يەردە قارىسۇن.

بەھلۇل دېدىكى:

— ئۇ ھەم يالاڭ ئاياغ بولسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئاياغ سېتىۋالماقچى بولسا، پۇلنى نەدىن غەملىگۈلۈك؟

— پۇلىنى بىز بېرەيلى، — دېدى ھارۇن، — ساڭا كېيدۇرگەندەك، ئۇنىڭغىمۇ كىيدۇرەيلى.

بەھلۇل دېدى:

— ئۇ ئاچ قالسا، نېمە يەيدۇ؟ يالىڭاچ قالسا، دەردىنى كىمگە دەيدۇ؟

هارۇن دېدى:

— كىيمەكنى خەزىنىدىن يەتكۈزەي، يېمەكنى ئاشخانىدىن ئەۋەتەي.

— مەن، — دېدى بەھلۇل، — يالاڭ ئاياغ يۈرۈپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن، كېيىش - ئۆتۈكتىن چىقىپ قاپتىمەن. ناۋادا پۇتۇمغا ئاياغ كىيسەم، ئېنىقكى، بېشىمغا سەللە ئوراتقۇزىسىز، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ باش ۋە ئايىغىمنى بالاغا گىرىپتار قىلىسىز. ئۇ قولنى ھەم جاپادا قويىسىز. ئۆزىڭىزمۇ بۇ ئىككى تەكلىپ تۈپەيلى ئاۋارىچىلىككە قالىسىز. ياخشىسى بۇ سودىدىن ۋاز كېچىڭ، شۇندىلا سىز ھەم بۇ ئاۋارىچىلىكتىن قۇتۇلىسىز، مەن ھەم باش ۋە ئايىغىمغا كېلىدىغان بالادىن خالاس بولىمەن.

شەيخ بەھلۇل بۇ قاتارلىق كۆڭۈل بىلدۈرۈپ، سۆز گۆھەرلىرىنى ھارۇن شاھنىڭ قۇلىقىغا ئۆردى ۋە پادىشاھنى بۇ ماجرادىن نېرى قىلدى؛ ئۆزىنىڭ ئايىغىنى بولسا، كېپىشتىن تارتتى ۋە بېشىنى سەللىدىن قۇتقۇزدى. نەزم:

فارىغ ئەتتى بىسەرۇ پا شەھنى ئول گۇفتارىدىن،
ھەم ئاياغىن كەفشدىن ھەم باشىنى دەستارىدىن.

*قىيىن ئەھۋالدا قالغان شەيخ چىرايلىق گەپلىرى بىلەن شاھنى قايىل قىلىپ ئايىغىنى كېپىشتىن، بېشىنى دەستاردىن قۇتۇلدۇردى.*

**تەنبىھ:**

كېپىشسىزلىكتىن مالال بولما، ئايىغى يوقلارغا بېقىپ

شۈكۈر قىل.

دەستارىڭنىڭ يىرتىقلىقىدىن غەم يېمە، بېشى يېرىقلارغا قاراپ شۈكۈردىن ئۆزگىنى دېمە.

كىيىمىڭ يىرتىق بولسىمۇ، تېنىڭنىڭ دۇرۇسلۇقىغا شۈكۈر قىل؛ قورساق ئاچلىقىغا غىزا تاپالمىساڭمۇ، قورساق ئاغرىقىڭنىڭ يوقلۇقىغا شۈكۈر قىل.

كاساڭدا ئاقچاڭ يوق، يانچۇقچىدىن غېمىڭ يوق (كاساڭدا پۇلۇڭ بولمىسا، يانچۇقچىدىن غەم قىلمايسەن.)

جاپا چېكىشنى خالىمىساڭ، شادلىقنى ئۇنتۇ (جاپا چەكمەي، ھالاۋەت يوق)؛ ھەرھالدا شۈكۈر ـ قانائەت تەرىقىنى بەك تۇت.

ئېتىڭ بولمىسا، ئارپىدىن غەم يېمەيسەن؛ قۇلۇڭ بولمىسا، كىشىگە قۇل بولمايسەن.

ئاي توقىچى(شولىسى) غا قولۇڭ يەتمىسە، قوغلاشما؛ قولۇڭدىكى توقاچ غەنىيمەتتۇر. زەرپەسىل تۆشىكىڭ (سېلىنچا) بولمىسا، ئەپسۇسلانما؛ پاراغەت بورىسى ئۇنىڭدىن كەم ئەمەستۇر.

ئەگەر بېشىڭدا شۇڭقارنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويغاندەك زەر بىلەن كەشتىلەنگەن قىيىش تۇماق بولمىسىمۇ، شۈكۈر قىل؛ كۆزۈڭ بار، يورۇق دۇنيانى كۆرەلەيسەن، كۆزگە موھتاج ئەمەسسەن.

ئەگەر بېلىڭدە شۇڭقار ئىگىسىنىڭكىدەك زەر بىلەن زىننەتلەنگەن پەلەي قىستۇرۇقلۇق بولمىسىمۇ، شۈكۈر قىل؛ قولۇڭ بار، قولۇڭنىڭ پەنجىلىرى پەلەي پەنجىسىدەك يارامسىز ئەمەس.

بىرەر مۇشەققەتكە دۇچار بولساڭ، ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق مۇشەققەتنىڭ بولمىغانلىقىنى پەرەز قىل؛ بىرەر قىيىنچىلىققا

ئۇچرىساڭ، كۆپ كىشىنىڭ شۇنداق قىيىنچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى خىيالىڭغا كەلتۈر. ئۆزگىلەر كۆرگەن مۇشەققەتنى سەن كۆرمىگەن بولساڭ، مانا بۇ تەڭرىنىڭ ساڭا بەرگەن نېمىتىدۇر؛ ئۇ شۈكۈر قىلمىقىڭغا سازاۋەردۇر. تەڭرى باشقىلارغا بەرمىگەن نېمەتنى ساڭا بەرگەنىكەن، مانا بۇ تەڭرىنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىدۇر؛ بۇنىڭ ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئېيتمىقىڭ ھەقلىقتۇر. تەڭرىدىن ساڭا شۇنچە ئىنايەتلەر يەتكەنىكەن، بۇنى بىلىشىڭ ۋە شۇنىڭغا يارىشا بەندىلىك قىلمىقىڭ لازىمدۇر. ھەرقاچان ئىبادەت قىلساڭ، تىلىڭنى ئۆزرە ئېيتماقىقا ئادەتلەندۈر؛ قىلغان ئىبادىتىڭنى خاس ئاللاغا ئاتا، بىر ئاللادىن غەيرىگە كۆڭۈل باغلىما.

بۇ كىتابتا ياخشى ۋە يامانغا ئائىت سۆزلەرنى، كىشى كۆڭلىگە مەقبۇل كېلىدىغان ۋە كەلمەيدىغان ئەھۋاللارنى بايان قىلدىم. ئەي تەڭرىم، ئۇشبۇ كىتابنى پۈتكۈچى، گەرچە ياخشىلاردىن ئەمەس، يامانلاردىن بولسىمۇ، ئەمما سەندىن ياخشىلىق تاماسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى يەنىلا يامانلاردىن دېمەيدۇ.

ئەي تەڭرىم، ئۇنى ياخشىلار ئارىسىدىن يىراق قىلما ۋە يامانلار گۇرۇھىغا قاتما. تىلىنى دىلىغا سادىق تۇت ۋە قەلبىنى يازغانلىرىغا مۇۋاپىق تۇت. ئۆزۈڭدىن ئۆزگىدىن يۈزىنى قايتۇر ۋە ئۆزۈڭدىن ئۆزگىلەرنىڭ سۆزىنى كۆڭلىدىن ياندۇر. ساڭا يېتىشمەك چۆلۈۋۈرىنى قولىغا تۇتقۇز ۋە ساڭا قوشۇلماق ئېتىنى يولىغا كىرگۈز. دىلىغا ئۆزۈڭدىن ئۆزگىنى يولاتما ۋە كۆڭلىنى ئۆزۈڭدىن ئۆزگە بىلەن ئاۋۇتما. كۆڭلىنى تەسەللى ۋە ۋىسالىڭ

ئۆمىدى بىلەن ئاۋۇت، كۆزىنى جامالىڭنىڭ نۇرى بىلەن يورۇت. بۇ قەلبىمنىڭ پەرزەنتىنى يەنى ئۇشبۇ كىتابىمنى كۆزلەرگە مەھبۇب ئەت ۋە بۇ ياغرىمنىڭ رىشتىسىنى كۆڭۈللەرگە مەرغۇپ ئەت. رۇبائىي:

بۇ نامەكى، خامەسىغە قىلدىڭ مەكتۇب،
قىل ئەھلى قۇلۇب ئالىدا «مەھبۇبى قۇلۇب».
ئەل ئەيب تاپاردىن قىلمە مەئيۇب،
ھەركىم ئوقۇسە نەسىب ئەتكىل مەتلۇب،

*قەلەم تەۋرىتىپ يازغان ئۇشبۇ ئەسىرىم، قەلب ئەھلى نەزىرىدە «مەھبۇبۇلقۇلۇب» بولغاي؛ ناۋادا نۇقسانلىرى بايقالسا، ئەيىبدار قىلمىغاي، ھەركىم ئوقۇسا، شەكسىزكى، ئارزۇسىغا يەتكەي.*

## كىتابنىڭ يېزىلغان تارىخى زىكرىدە

بۇ نامەغەكىم، لىسانىم ئولدى قايىل،
كىلكىم تىلى ھەر نەۋئ ئەل ئىشىگە ناقىل.
تەرىخى چۇ «خۇش» لەفزىدىن ئولدى ھاسىل،
ھەركىم ئوقۇسە، ئىلاھى، ئولغاي خۇش دىل.

بۇ كىتابتا يازغانلىرىمغا تىلىم ھەمكارلاشتى، قەلىمىم ئەل ئىچىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنى نەقىل قىلدى؛ ئەسەرنىڭ تاماملانغان يىلى «خۇش»سۆزى ــ ئەبجەت ھېسابىدا 1501( 906ــ )1500

دىن ھاسىل بولدى، ھەركىم ئوقۇسا، ئىلاھىم، دائىم خۇشال بولغاي.

بۇ كىتاب بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ تاماملاندى. ئۇنىڭ راستلىقىنى (يەنى توغرا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى) ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. كىتاب يازغان بەك ساۋاب.

ئاسۇقلۇق ھەمدۇللا ئاخۇننىڭ ئوغلى ھاجى مۇھەممەتنىياز-نىڭ كۆچۈرگەن كىتابىدۇر. ھىجرىيە 1010 - يىلى (مىلادىيە 1602 — 1601) رامىزان ئېيىنىڭ يىگىرمە ئۈچى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

# ئەخلاقۇل مۇھسىنىن

ئاپتورى: ھۈسەيىن ۋائىز كاشفى
تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم ئىلھام

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

مۇسۇلمان مىللەتلەر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئېتىبارلىق ئەسەر ــ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى تەرىپىدىن 15 ـ ئەسىردە ھىراتتا، پارس تىلىدا يېزىلغان. كېيىن مەشھۇر ئەدىب ۋە تەرجىمە ئۇستىسى موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر بولغاچقا، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، «كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەنگە ئوخشاش زور ھەجىملىك ئەسەرلەرنى ئاجايىپ يۇقىرى تالانت بىلەن ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدىكى خەلقنىڭ ئېڭىغا گويا ئۆز ئەسىرىدەك چوڭقۇر سىڭىشىپ كەتكەن.

بۇ ئەسەردە ئەخلاق كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولغان ناھايىتى كەڭ مەسىلىلەر ئىلمىي ۋە بەدىئىي يول بىلەن تەسىرلىك يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئاپتور مۇئەييەن بىر جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق قۇرۇلمىلىرىغا قارىتا ئىمكان بار ئىجابىي تەرەپتىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ غوللۇق ئەزالىرىنىڭ شاھلارنىڭ، ۋەزىرلەرنىڭ، ئەركان ۋە ئەربابلارنىڭ، ئالىم ـ ھېكىملارنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىپ، ئۇلارنى ئۆزىدە ھازىرلىغان بۈيۈك ئەخلاق سەمەرىلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ سۆيۈشى ۋە ھۆرمەتلىشىگە

مۇۋەپپەق قىلماقچى بولغان. ئەسەردە دالالەت قىلىنغان مۇتلەق كۆپ قىسىم تەشەببۇسلار هالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئائىلە تەربىيەۋى قىممەتكە ئىگە. ئەسەرنى ئوقۇغان كىشى مەيلى ئۇ ئادەتتىكى جەمئىيەت ئەزاسى بولسۇن ياكى مەرتىۋە ئىگىلىرى بولسۇن، ئۆزىدە بەلگىلىك ئاكتىپ تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى هېس قىلالايدۇ.

مەندەك بىر كەم ئىستىتائەت، ھەقىر بىسالاھىيەت كىشىگە «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» كىتابىنى تەرجىمە قىلغىلى، تاكى خاس ۋە ئامىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولۇپ بەرھى تاپسۇن. كىتابقا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن يوللاردىن مېڭىپ ھەمدە ئۇنىڭغا ئەمەللەر قىلىپ ياخشى خۇي، ئەخلاق ۋە ئادەتلەرنى ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرۈپ، يامان ئىشلارنىڭ يۈزىنى يايسۇن دەپ بۇيرۇلدى. ئەل مەئمۇرۇ مەئزۇرۇ (بىر ئىشقا بۇيرۇلغان كىشى ئۇنى قىلماسلىققا چارىسىز) دېگەن سۆزنىڭ ھۆكۈمى بويىچە، بىلىكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان يانى قولۇمغا ئالدىم، قەدىمىم توختىيالمايدىغان يولغا ئۆزۈمنى سالدىم، مەقسىتىم بۇ كىتابنى كېيىنكى زامان ئۆلىمالىرى ۋە شۇ دەۋرنىڭ پازىل كىشىلىرىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش، ئۇلاردىن ئۈمىدىم شۇكى، بۇ كىتاب نۇسخىسىنىڭ ھەربىر ھەرپ كەلىمىسىدە خاتالىق كۆرۈلسە، ئۇنى شەپقەت پەردىسى بىلەن يېپىپ، مەرھەمەت قەلىمى بىلەن ئىسلاھ قىلىپ تۈزەتكەيلەر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇن بىلىپ، سەۋەنلىكنى ئەپۇ قىلىش، بارلىق ئىشلاردا دەرمانىدە بولۇپ ئامالسىز قالغان، يولدا يۈرەلمەي يىقىلغان كىشىلەرگە مەدەت بېرىشنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابى ئۇلارغا مەلۇمدۇر. ئىننەللاھەلايەت زىيۇ

www.uyghurkitap.com

ئەجرەلمۇھسىنىن (ئاللا جەزمەن مۇھسىنلەرنىڭ ئەجرىنى زايە قىلمايدۇ)، شۇنداق بىر سۆز ئېيتىلغان: «ياخشى خۇي - ئەخلاق دۇنيانىڭ بەخت - سائادىتى ۋە ئاخىرەت كۈنىنىڭ شارائىتىگە ئاساس بولىدۇ». روھ ۋە ئىنسانلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ يارىتىشتىن مەقسەت، ئۇ ئېرىش ۋە ئۇلۇغۋار سۈپەتنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىبادەت ۋە مەرتىۋەتكە مۇقتەسسىپ بولماقتۇر.

ۋەماخەلەقتۇل جىننەۋەل ئىنسەل ئىللالىيە ئۇدۇنى، ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىكى «بۇئىستۇل ئوتۇممەمەكارىمەل ئەخلاق» (مەن ئۇلۇغ ۋە ئېسىل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىندىم) دېگەن سۆزلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولىدۇكى، پۈتۈن ئالەمنىڭ سەرۋەرى، يەنى ئادەمنىڭ سەردەفتەرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ پايدىسى ئەھلى ئالەمگە ئۇلۇغۋار، ياخشى خۇي - ئەخلاقلارنى ئاشكارا قىلىش بىلەن ياخشى سۈپەتلەرنى كامالىغا يەتكۈزۈشتۇر. شۇڭلاشقا، ئۇل ھەزرەت ئۆزىنىڭ مۆجىزە بايان تىللىرى بىلەن «تۇخەللىقۇبىئەخلاقىللاھ» (ئاللا راھى بولىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرۈڭلار) دېگەن. بەلەم ھەممەتلىك ئۇممەتلەر ئاللاتائالانىڭ مەخلۇقلىرى قاتارىدا ئۆزىنىڭ ئىناۋەت ۋە ئابرۇيلىرىنى ساقلاپ قېلىشى ياخشى ئەخلاق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر. مۇنداق بەلەن مەرتىۋىگە يېتىش كامىل پەرىزدۇر، ياخشى خۇي - ئەخلاقمۇ قىيامەت كۈنىدە بەندىلەرنىڭ ياخشى قىلغان تائەت ۋە ئىبادەتلىرىنىڭ پەللىسىدە تارتىلىدۇ. يەنە ھەدىستە بەندە ياخشى خۇي - ئەخلاقلىق بولغانلىقتىن، كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزى تۇتقان كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنى تاپىدۇ دېيىلىدۇ. ھۆكۈمالار ياخشى خۇي - ئەخلاق بولسا، ئىنسانلارنىڭ

ئىززەت ۋە شەرەپلىك ئورۇنغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن نېسىپ ئۆتمەي بولمايدىغان يولدۇر، بۇ يولدا قەدەم ئالمىغاي تۇرۇپلا ئىنسانلار ۋۇجۇد رەختى هايۋانات باياندىن ئىنسانىيەت ئابادلىقىغىچە يەتكۈزۈش مۇمكىن بولماس دەپ ئېيتقان. شائىر يازىدۇ:

هەر كىمكى ئۇنىڭ سىرەتى كىم نىكۇدۇر،
ئادەملەر ئارا ئادەمسىزات ئولدۇر.
ئەل خۇبلىغىكىم هۆسنى جامالىدىن ئەمەس،
خۇشخۇي ئەمەس كىشى ياخشى دېمەس.

ياخشى خۇي ـ ئەخلاقلار ۋە كىشىلەرگە مەقبۇل سۈپەتلەر ئادەم جىنسىدىن بولغان هەرقانداق كىشىدىن سادىر بولسا، بۇ چىرايلىق ۋە ياخشى كۆرۈنىدۇ. يەنە هەم بىر مەتنۋە كىشىلەرگە شۇنداقكى، ئاللاھ سۇبھانە ۋە تائالانىڭ «رەئىيۇكە يەخلۇ قۇمايە شائۇ ۋە يەختادۇ» دېگەن ئايىتى كەرىمەسىنىڭ هۆكمى بىلەن قۇدرەت ۋە قۇۋۋەت نۇختىسىنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا بېرىدۇ هەم ئاللانىڭ تۈگىمەس ئىنايەت ۋە شەپقەت مەرھەمەتىنىڭ ئاچقۇسى «تۆئىتلمۇلكە مەنتە شائۇ» دېگەن قەۋلى بويىچە پادىشاھلىق ئىشكىنى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئېچىپتۇ، ئەگەر بۇ تايىپەلەردىن ياخشى خۇلق ـ ئەخلاق سادىر بولسا، باشقىلاردىن تېخىمۇ ياخشى ۋە مۇناسىپتۇر.

ياخشى خۇي كىمدىنكى دۇنيا هۆسنىگە زىننەت بېرۇر،
پەقرى ئىلىگە خوبدۇر شاھلارگە، ئۇندىنمۇ خۇيراق.

بىزنىڭ شەۋكەتلىك پادىشاھىمىز ئەبۇلغازى بولسا، ئۇنىڭ دىنىي ئىسلامىمىزنىڭ ئۈستىگە شەپقەت سايىسىنى سالغان پادىشاھتۇر ۋە ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن، ئاللاتائالا يەر يۈزىدىكى بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن رەھمەت سايىسىدۇر. جەمشىت كەبى ئالىي دۆلەتلىك، ئاپتاپتەك نۇرلۇق پادىشاھتۇر. ئۇنىڭ تەختى، ئۇنىڭ ھەممە پايى جايى خەلققە خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ، ئۇ پۈتۈن دۆلەتنى ھەقىقەت ۋە ئادالەت نۇرى بىلەن يورۇتتى، شاھلىق ئۆگزىسىگە ئادالەت بايرىقىنى تىكلىدى، ئۇ شۇنداق پەزىلەتلىك كىشىكى، شېئىرلاردا شۇنداق تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئەبۇلغازى ئول شاھى ساھىبقىران،
بىرىپتۇر قولىغە زامانە ئىنان.
خۇدا سايەسىدۇر جەھانغە پەناھ،
جەھا تۇتقۇچى مۇلكىدۇر مەھرۇماھ.
ئەزىزى جەھان تابىئى خا پىقەيىن،
كى ئاپاق سۇلتانى سۇلتان ھۇسەيىن.

ئاللاتائالا ئەبۇلغازى پادىشاھنىڭ ئالىي بەختىگە ۋە ئۇنىڭ خەلق ئۈستىگە سالغان رەھمەت سايىسىگە ئاپەت يەتكۈزمىسۇن، ئول پادىشاھنىڭ خەلققە قىلغان غەمخورلۇقى ۋە تۆكمەس نېمەتلىرىنى قىيامەتكىچە يوقاتمىسۇن. ئاللا ئول پادىشاھنىڭ بارلىق مەخسۇد ۋە مەتلۇبلىرىنى ئوڭۇشلۇق مۇيەسسەر قىلىپ بەرسۇن، ئول پادىشاھنىڭ شەۋكەتلىك نامى تاكى مەشرىقتىن مەغرىبكە قەدەر تارقالسۇن. ئۇنىڭ ۋۇجۇد پەرزەنتلىرى بولسا،

بەختى دۆلەت ئاسمانىنىڭ نۇرلۇق قۇياشىدەك، كېچىلىرى چاقناق يۇلتۇزدەك مەڭگۈلۈك پارلىسۇن. ئاللاتائالا ئۇلارغا ئېسىل ئەخلاق، گۈزەل ھۆسن، پەم ـ پاراسەت، يۇقىرى شىجائەت، مول دىيانەتلەر بەخش ئەتسۇن. بۇ ئوغۇللارنىڭ ھەربىرى خۇددى قۇياشتەك جۇلالاپ، كائىناتقا نۇر تاشلاپ تۇرغان سائادەت گۆھەرلىرىدۇر، پادىشاھلىقنىڭ بەختى ۋە دۆلەت بايرىقى نۇر تاشلاپ تۇرغان سائادەت گۆھەرلىرىدۇر، پادىشاھلىقنىڭ بەختى ۋە دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرگۈچى، مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ چىرايىغا روشەنلىك زىننىتىنى بەرگۈچى كىشىلەردۇر.

شاھى ئەبۇلمۇھسىنكى ئولدۇر مۇلكى مىللەت ياۋەرى،
ئېھتىرام ئەيلەپ ئاڭا خۇرشىد خىزمەتكار ئېردۇر.
سەھنى رىپئەت شەھسىۋارى قەدىرى مەيدانى ئارا،
دەۋرى ئاتى ھۆكمى جىلۋەدارىغە پەرماندار ئىرۇر.
چۇن كۆڭۈل مەنشۇرىغە سالدى ئىنابەت تەۋقىئىن،
نامەئى ئىززۇ شەرەپ ئەنىڭ ئاتىدا بار ئىرۇر.

ئاللا ئۇل پادىشاھنىڭ مەملىكەتنى داۋاملىق ئەمىنلىك ئىچىدە تۇتۇپ، گۈللەپ ـ ياشنايدىغان قىلسۇن. پادىشاھلىق دەرياسىدا ئۇنىڭ دۆلەت كېمىسىنى يورۇتۇپ، كۆڭلىنى خۇشال قىلسۇن، بىزنىڭ بۇ پادىشاھىمىزغا مۇنداق دۇئادا بولۇشىمىزنىڭ بائىسى ئۇنىڭ ئەزالىتى، ئىنسانپەرۋەرلىكىنىڭ شەپقىتى چوڭ ـ كىچىك ھەممىلىرىگە يەتكەنلىكتىن، ئەل خۇي ـ ئەخلاقلىرى، پەزىلەت سۈپەتلىرى ھەممىسى ئامىتى رازىمەن قىلغانلىقتىندۇر،

خۇددى «ھەر تەرەپ قۇلاق سالساڭ ئاڭلىنىدۇر ئۇنىڭ مەدىھى» دېگەندەك.

بۇ ياخشى نىيەتلىك شاھزادىنىڭ پايدىلىق خىزمەتلىرى، ئۇنىڭ دۇنيادا ئىززەت تېپىپ ياخشى نام ئېلىشىغا، ئاخىرەتتە خۇدانىڭ رەھمىتىگە مۇشەررەپ بولۇشىغا شەرت بولىدۇ.

بۇ شاھزادىنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى ئاتىسىغا سەمىمىي بولۇپ، خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭ رازىلىقىغا نائىل بولغانلىقىدا ئايان بولىدۇ.

بىر ۋاقىتتا چېقىمچىلارنىڭ بۆھتانى سەۋەبىدىن پادىشاھ بىلەن شاھزادە ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەل كېلىشمەسلىك بولغانىدى. شۇ سەۋەبتىن شاھزادىنىڭ ئاتىسىنىڭ قېشىغا كېلىشكە ئىمكانىيەت يۇرۇشمەي قالدى (دەرۋەقە، ئاتا ــ بالا ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كېلىشمەسلىك خەلق ئارىسىدىمۇ كۆپ بىئاراملىق پەيدا قىلدى). ئەنە شۇنداق ھالقىلىق ھالەتتە پادىشاھ ئۆز شاھزادىسىنىڭ كېلىشىنى، يۈز كۆرۈشۈشنى ئاددىيلا ئىشارەت قىلدى. شاھزادە دەرھال ئۇنىڭدىن ئىشەنچ تېپىپ، ئۆزىنىڭ قورال ــ ياراغ ۋە قوشۇنلىرىنى تاشلاپ، ئۆزىنىڭ شۇ ئازغىنا خاسلىرى بىلەن ھېچبىر شۈبھە قىلماي، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە بارماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەمىرلىرى: «ھازىر ئۆزلىرى بىلەن ئاتىلىرى ئوتتۇرىسىدا خۇسۇمەت تۇرۇپتۇ، مۇنداق ناتەييار ھال بىلەن ئۇ يەرگە بېرىش ياخشى مەسلىھەتتىن بولماس» دەپ توستى. شاھزادە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى، بەلكى «ماڭا ۋە ئاتا ــ ئاناڭغا ئىتائەت قىلغىن» دېگەن سۆزگە ئاساسەن، ئۆزى تۇرۇشلۇق مەرۋىي

شەھىرىدىن چىقىپ، ئاتىسىنىڭ ئۆمىدىگە بويسۇنۇشنى مۇھىم بىلدى ۋە ئاتىسىنىڭ خىزمىتىگە يېتىپ باردى. بۇ چاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالى ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ كۆزىگە رەۋشەنلىق بېغىشلىغاندەك، بۇ شاھزادىنىڭ ئىللىق چىرايى ئاتىسىنىڭ كۆزىگە روشەنلىك، قەلبىگە ئاراملىق بېغىشلىدى. شۇ رەۋىشتە ئاللىقاچان پۈتۈن شەھەرنى قايتىپ كەلگەن شاھزادىنى قۇتلۇقلاش مۇراسىمى قاپلاپ كەتكەندى.

كەلدى مەلىك ئۆزرە ئېيتىپ ھەق پەيزىدىن بىر شەھرىيار،
مەقدەمى شۆھرەت سېلىپ شەھەر ئىچرەكىم خورشىدىۋار.
سەبزە خۇررەم ئولدى ئول كەلمەك بىلەن كۆشتى مۇراد،
غۇنچە ئۈمىدى ئېچىلدى، يەتتى گويا نەۋ باھار.

شاھزادە ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئاقىللىقى ئارقىلىق ئاتىسىنىڭ مېھىر ــ شەپقىتىگە ئېرىشىپ، پەزىلەتتە باشقا تۇغقانلىرىدىن ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا مۇيەسسەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ــ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ئەمىنلىكنىڭ خۇش خەۋەرلىرى تارقىلىشقا باشلىدى، پۇقرالارنىڭ بىئارام دىللىرى ئەمىنلىك شەربىتىنى ئىچىپ، قايتىدىن شاد ــ خۇراملىق جارى بولدى.

شكرىكىم ھەردۇئا ئوقى ئاتتىلەر ئەنى ئەھلى زار،
ئەجزۇ نىياز ياسىدىن تەگدى بارىپ نىشانغە.
سۇبھى نىشات ئۆرلىدى مەشرىقى ئىززۇ جاھىدىن،
شامى ئۈمىد يورىدى نۇر بېرىپ زامانغە.

ھەممە كىشىنىڭ تىلى پادىشاھ بىلەن شاھزادىدىن ئىبارەت

بەختى دۆلەت گۈللىرىنىڭ مەڭگۈ ئېچىلىپ تۇرۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزاق ۋە خاتىرجەم بولۇشىنى تىلەشكە ئېچىلدى، خاسۇ - ئاملەر ئول ئادالەت ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق قۇياشلىرىغىچە مەدھىيەلەر ئوقۇشقا يۈزلەندى.

مانا مۇشۇنداق ئەڭ ئەۋزەل ۋە خاسىيەتلىك كۈنلەردە كەمىنە مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىزى كاشىغى مۆتىۋەر شاھ ئەبۇلغازىنىڭ زىيارىتىگە بېرىشنى نىيەت قىلىپ، ئۇنىڭ دەرياغا ئوخشاش جاۋاھىر تۆكىدىغان ساخاۋەتلىك قوللىرىنى بۇسە قىلىپ سۆيۈشنى ئالىي ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە بارغانىدىم، بىرىپ پادىشاھىمىزنىڭ پەزىلەت يېغىپ تۇرىدىغان نۇرلۇق چىرايىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ چېھرىدىن كىشى يۈرىكىنى مەھلىيا قىلىدىغان بىھۇدە ئىللىق ئىپادىلەرنى كۆردۈم، پادىشاھنىڭ بەختى - دۆلىتىنى تىلەپ دۇئالار قىلغاندىن كېيىن، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ناباب تىلىم بىلەن ئالەم - پاناھ شاھىمىزنىڭ شەۋكەتلىرىنى سۆپەتلەش ئىمكانىيىتىگە تەۋەككۈل قىلدىم. گەرچە بۇ ئىمكانىيەت پەقىردىن تولۇق مەنزۇر بولالمىسىمۇ، ئۈمىد ئىلكە يەنە روھلىنىپ، مۇرادىمنىڭ شاھى ئېكرامىنىڭ ئەۋساپىغە يەتمىشىنى تىلەك قىلدىم، كېيىدە ئاشۇ شاھىمىزنىڭ مۇلازىملىرىنىڭ ياخشى ئەۋزائى ۋە مەقبۇل ئەپئالىدىن بىرقانچە كەلىمە راۋان قىلىپ بايان ۋەرەقىسىگە يازدىم. مۇنداق قىلىشىم باشقا پادىشاھلارنىڭ ئەۋلادىغا ئىبرەتنامە ۋە دەستۇرۇل ئەمەل بولماقدىندۇر، نەچان ئويلىنىشلاردىن كېيىن بۇ رىسالىنىڭ ئاتىنى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» دەپ ئاتاشقا تەيىن تاپتىم.

ۋەتتەۋپىقۇ مىئەللاھىل مەلىكىل مەئبۇد (بۇ كىتابنى

يېزىشقا تۇتۇنىشىم ئۆز زورىمدىن ئەمەس، بەلكى ئىبادەتكە لايىق پادىشاھنىڭ تەۋپىق ۋە نۇسرەتىدىندۇر).

ئەسلىي مەقسەتنى باشلاشتىن بۇرۇن شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئادەملەر ئەسلىي تەبىئەتكە شەھەرگە مەنسۇپتۇر، بىنى ئۇلارغا بىر ـ بىرى بىلەن تېپىشىپ، بىر شەھەردە ياكى بىر جايدا جەمئىي بولۇپ توپلىشىپ ئولتۇرماي چارە يوق، لېكىن ھەق بىھانۇھۇۋەتائالا ئۇلارنىڭ مىزاج ۋە تەبىئەتلىرىنى مۇختەلىپ ياراتقانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەئىشەت ئىنتىزاملىرىنى تەرتىپلىك باشقۇرىدىغان، كىشىلەرنى ھەرخىل پاساد ۋە خاتالىقلاردىن خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بىرخىل قائىدە كېرەك. ئۇ بولسىمۇ، شەرىئەتتۇر. ئۇنىڭ ئەسلىي ئاساسى ئاللا ياراتقان دىن بولۇپ، ئۇنى زوھۇرغە كەلتۈرۈپ، ئاشكارىلاپ، كىشىلەرگە بايان قىلغۇچى پەيغەمبەردۇر، ئەگەر بۇ قائىدە بەرپا بولۇپ تۇرغۇزۇلسا، بۇ چاغدا ئۇنى نازارەت قىلىپ قوغداش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە بىرەر زىيان ـ زەخمەتكە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ھوقۇقلۇق ۋە قۇدرەت ئىگىسى بولغان بىر كىشى كېرەك، مانا ئۇ كىشى پادىشاھ دەپ ئاتىلىدۇ، ئەنە شۇنداق بولغاچقا، پادىشاھنىڭ دەرىجىسى پەيغەمبەرنىڭ دەرىجىسىگە يانداشتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر شەرىئەتنى بەرپا قىلغۇچى بولسا، پادىشاھ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى، قوغداپ راۋاج ئەتكۈزگۈچىدۇر. لەھۇلھۇلكۇ ۋەددىئۇ (دىن بىلەن پادىشاھلىق قوشكېزەكلەردۇر، قەيەردە دىن مەۋجۇت بولسا، مۈلۈك ھەم ئاندە مەزكۇردۇر)، دىن ـــ شەرىئەتكە، مۈلۈك پادىشاھقا ئىشارەتتۇر، بۇ مەندە شائىرلار مۇنداق دەيدۇ.

ئەقلىي ئالىيدە شاھلىق ـ پەيغەمبەرلىك،
ئىككى نەگۇندۇركى، بىر ئەنگۇشتەرلىك.
ئىپتىقۇچى بۇ سۆزنى خىرەد مەنلەر،
كىم بۇ ئىككىسىز زايىدە پەرزەندلەر.

شۇنىڭ ئۇچۇن ھەق سۇبھانەۋەتائالا بەندىلەرنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرىنىڭ ئىپتىقادىغا بۇيرۇغاندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى تۇتماققا بۇيرۇيدۇ. قەۋلەھۇ تائالا ئەتىئۇللاھە ۋە ئەتىئۇر روسول ۋەئۇلىل ئەمىرمىنكوم (ئىتائەت قىلىڭلار، ئاللاغا ۋە ئىتائەت قىلىڭلار پەيغەمبەرگە؛ ئىتائەت قىلىڭلار ئۆزۈڭلاردىن بولغان پادىشاھ ئۇمرالارغە). شۇنداق ئىكەن، پادىشاھلارغا شەرىئەت ئىگىسى بولغان پەيغەمبەرنىڭ خۇي ـ ئەخلاقلىرى بىلەن خۇي قىلىش كېرەك بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا شەرىئەتى ياخشى شارائىتلار بىلەن قوغداپ نازارەت قىلالايدۇ. ئاللا تائالا پادىشاھقا يەنە شۇنداق كارامەت ئاتا قىلغانكى، ئۇنىڭ ئىتائىتىنى پەيغەمبەرنىڭ ئىتائىتى بىلەن يانداش زىكرى قىلدى، ئۇنى ئۆز بەندىلىرى ئارىسىدا بىر تائىپەگە ھۆكۈمران ۋە ساھىبى پەرمان قىلدى. ئۇنىڭ بايرىقىنى ئۇلۇغلۇق سەھنىسىدە كۆتۈردى. ئىرادەئى ئەزەلىيەسى بىلەن ئىختىيار تاجىنى ئۇنىڭ ئىختىيدار پەرقىغە قويدى، خاھىشلىمىيەزەلى بىلەن خالايىقلاردىن بىر جەمئىغە ئەمرى ۋە ۋەھيى قىلماقىنىڭ نۇقتىسىنى ئۇنىڭ تەسەررۇپ ئىلكىگە بەردى.

بەسبۇئەتىيياتلارنىڭ شۇكۇر ئۇچۇن ئۇنىڭغا ۋاجىپ بولغان

نەرسە شۇكى، ئۇلۇغۋار زاتنى ياخشى خۇي ـ ئەخلاق ۋە ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن مەۋسۇپ تۇتقايلەر.

بۇ رىسالىنى قىرىق باب بىرلە يېزىپ چىقتىم، تۈرلۈك سۆز ـ ئىبارىلىرى ۋە ئاسان لۇغەتلەر بىلەن يازغۇچىلارنىڭ مۇشەققەت چېكىشىدىن، مەئىتە گۇيلارنىڭ تەكەللۇپ تارتىشىدىنمۇ خالىي قىلىپ، ھەربىر بابتا ياخشىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىدىن رىۋايەتلەر ۋە ئۇيغۇن ھېكايەتلەرنى زامانىنىڭ يار بېرىشىگە قاراپ يازدىم. بۇنىڭغا تەۋفىق ۋە رۇشتى ھىدايەتلەرنى ھەق سۇبھانەۋە تائالادىن تاپتىم.

## بىرىنچى باب

# ئىبادەت توغرىسىدا

ئىبادەتنىڭ مەنىسى — ئاللا بۇيرۇغان پەرھىز ۋە ۋاجىپلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىپ، هارام نەرسىلەردىن، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىش، بۇيرۇق ۋە ئاگاھلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى لازىم بىلىش، ھەزرىتى رىسالەت پاناھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈنەتلىرىگە چىن ئىخلاس بىلەن ئەگىشىش ۋە شۇ يولدا ئاللا تائالاغا قۇللۇق قىلماقتۇر. شۇ نەرسە ھەقىقەتەن ئاللانىڭ ئىبادىتى دۇنيادا سالامەتلىكنىڭ ۋاستىسى، ئاخىرەتتە نىجات ۋە كارامەت تېپىشنىڭ رابىتەسىدۇر.

دۇنيا بەختىگە سەرمايىدۇر ئىبادەت،
ئۇقبە كارامەتىغە پىرايەدۇر ئىبادەت.

ئەھۋال شۇنداق بولغاچ، پادىشاھلارغا لازىمدۇركى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋال سەھىبىسىنى ئىبادەت گۈللىرى بىلەن زىننەتلىگەيلەر. ئاللاتائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا كېرەكلىك ۋە ئېھتىياجلىق نەرسىلىرىنى سەۋەبسىز مۇيەسسەر قىلىپ بەرگەي، ئۇلار ھەق پەرمانىنى تۇتۇشنى دۇنيا ئىشلىرىنىڭ

مەشغۇلدىنمۇ ئەلا بىلىشى، كۈندۈزلىرى ئەل ئىشلىرى بىلەن كېچىلىرى ھەق خىزمىتى بىلەن مەشغۇلىنىشى لازىمدۇر. ھەزرىتى ئەلى كەرەمۇللاۋەجھۇخىلاپەتتە تۇرغان مەزگىلىدە دائىم كۈندۈزلىرى خالايىقنىڭ خىزمىتى بىلەن، كېچىلىرى خالىق تائالانىڭ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭدىن «يا ئەمىر، نېمە ئۇچۇن مۇنچە كۆپ رەنجىلەرنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرىسەن، نە كۈندۈزى ئاسايىشىڭ، نە كېچىسى ئارامىڭ يوق، ھەمىشە ئۆمرۈڭ بۇنداق جاپادا ئۆتەمدۇ؟» دەپ سوراشتى. ئەمىرۇل مۇئمىنىن شۇنداق دېدى: «ئەگەر كۈندۈزى ئىستىراھەت قىلسام رەئىيەت زايە بولىدۇ، ئەگەر كېچىسى ئارام تۇتسام قىيامەت كۈنى زايە بولۇرمەن، شۇ سەۋەبتىن كۈندۈزى خالايىقنىڭ مۇھىملىرى بىلەن بولۇپ، كېچىسى خالىق تائالانىڭ قۇللۇقىدا بولىمەن.»

ھىرات پادىشاھلىرىدىن بىرسى شاھى سىنجان قەددەسىدە سىررۇھۇغا: «يا بۇزرۇكۋار، ماڭا بىر مۇھىم ۋەسىيەت قىلغىل» دەپ ئېيتتى. شاھى سىنجان مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئاخىرەتنىڭ نىجادىتى تىلىسەڭ، كېچىلىرى ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا ئۆز گادايلىقىڭ ۋە ھاجەتمەنلىكىڭنىڭ دادىنى ئېيتقىن، كۈندۈزلىرى دەرگاھىڭدا گادايلار ۋە زۇلمى رەسىدىلەرنىڭ دادىغا يەتكىل.»

ھەق بەندىلىرى جۈملە ساڭا پەرمانبەر،
سەن ھەم ئاڭا قۇللۇق بىلە پەرماندار ئول.
ھەر شاھكى خۇدا خىزمەتىغە بەل باغلار،
خەلق ئەنىڭ ئىتائىتىغە باغلار قول.

پۇقرالارنىڭ خۇيى پادىشاھلارنىڭ خۇيىغا تابىئەدۇركى،

ئەنناسۇئەلا دىنى مۇلۇكىھىم (ئادەملەر ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ دىنى ئۇستىدۇر) دۇرلەر. ھەرقاچان پادىشاھلار تائەت ـ ئىبادەتكە مەيىل قىلسا، رەئىيە ھەم ئۇل ئىشقە مايىل بولىدۇ. رەئىيەلەرنىڭ قىلغان ئىبادىتىنىڭ بەرىكىتى ھەم پادىشاھنىڭ دۆلىتىگە تەئەللۇق تاپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# ئىخلاس توغرىسىدا

ئىخلاسنىڭ مەنىسى — قىلغان ياخشى ئىش - ئەمەللىرىنى رىيا ۋە تەمەدىن خالىس تۇتۇپ، ئابىد ۋە پارسا ئاتىلىپ، كىشىلەرگە زورلىنىشتىن يىراق بولۇش، نىيەتنى خۇدايى ئەززەۋەجەللەگە راست قىلىش دېمەكتۇر.

هەر كىم ئىخلاسقا قەدەم ئۇردى،
ئېيساۋەقىت دۇركى دەم ئۇردى.

بەندە هەربىر ئىشتا ئۆزىنىڭ نىيەت - ئىقبالى ئۈچۈن هەقتە ئالانىڭ خۇشخۇيلۇقى ۋە رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش كېرەك. ئۇل ئىشتا ئۆز نەپسىنىڭ پىلانىنى ئارا قوشماسلىقى لازىم، نەپسانى غەرەز هەققانى ئەمەلنى ۋەيران قىلىدۇ، بۇ هەقتە مۇنداق هېكايەتلەر قىلىنىدۇ:

مىسىر پادىشاھلىرىدىن بىرسى بىر بىئەدەپنى سىياسەتگاھىغا ئېلىپ كېلىپ، «ئەدەپ تايىقى ئۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇدى، ئۇل بىئەدەپ تاياق ئاستىدا تۇرۇپ، يامان تىل بىلەن پادىشاھنى ھاقارەتلىدى. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ «ئۇنى ئۇرماقتىن قويۇۋېتىڭلار» دېدى، ئەجەبلەنگەن خاسلاردىن بىرى:

— ئى پادىشاھ، بۇ شوخ چەشمەئى بىئەرمىنى تېخىمۇ

زىيادىرەك ئەدەپلەش لازىم ئىدى، ئەپۇ قىلىشىڭغا نىمە سەۋەب بولدى؟ — دەپ سورىدى. پادىشاھ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن ئۇنى خۇدا رىزاسى ئۇچۇن ئەدەپلىگەنىدىم، ئۇ مىنى ھاقارەتلىدى. نەپسىم ئىزا تارتىپ، غەزەپلىنىپ، ئاڭا تېخىمۇ زىيادىرەك ئەدەپ بېرىشنى خاھلىدى. شۇنداقتىمۇ ھەق ئىشىدا ئۆز نەپسىمنىڭ ئارزۇسى دەپ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئېلىشنى ياخشى كۆرمىدىم، شۇنى ئويلىدىمكى، خۇدا رىزاسىدىكى ئىشقا نەپسنىڭ ئارزۇسىنى قوشمىقىم ئىخلاس جۇملىسىدىن ئەمەس. غەرەز ئارىلاش ئىشلار بىلەن ياخشى ئەمەل قىلغۇچى كىشى ساۋابتىن مەھرۇمدۇر.

ئەرنىڭ تىلىدىن غەزەپ ئوتۇم تېز ئۆلدى،
ھەق يادىدىكى ئىش غەرەز ئامىز ئۆلدى.
نەپسىم تىلەگى ئائدەكى نۇر كۆرگۈزدى،
بەس مەنئىي ئىخلاسنى قويماي بۇزدى.
ھەر ئىشكى ئەنىڭدىن ئولسا ئىخلاس يىراق،
تەرك ئەتمەكى قىلماقلىقتىن لايىقراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۈچىنچى باب

# شۈكۈر توغرىسىدا

شۈكۈرنىڭ مەنىسى — نېمەت بەرگۈچىنى شول نېمەت بەدەلىدىن ياخشى تىل بىلەن يادى قىلىپ، ئۇنىڭغا مەمنۇنلۇق ۋە مىننەتدارلىق ئىپادىلەشتۇر، دۇنيادا ئىنسانلارغا بېرىلگەن پادىشاھلىق نېمىتى ھەممە نېمەتلەردىن ئالىي بولغانلىقتىن، پادىشاھ داۋاملىق بۇ نېمەتلەرنىڭ شۈكۈرسىنى ئادا قىلىشى كېرەك. شۈكۈر قەلب بىلەن، تىل بىلەن، تاشقى ئەزالار بىلەن بولىدۇ، قەلبنىڭ شۈكۈر - نېمەت بەرگۈچىنى تونۇش، ئۆزىگە يەتكەن ۋە يېتىۋاتقان ھەربىر نېمەتنى بەرگۈچىنىڭ سانسىز شەپقىتى ۋە مېھرىبانلىقىدىن دەپ بىلىشتۇر. تىلنىڭ شۈكرى - نېمەت بەرگۈچى ئاللانى داۋاملىق مەدھىيىلەش، ئەلھەمدۇلىللا كەلىمەسىنى كۆپ ئېيتىدۇ، ئەزالارنىڭ شۈكرىسى بولسا، بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى نېمەت بەرگۈچىنىڭ تائەتكە سەرپ قىلىشىدۇر.

ھەربىر ئەزانىڭ قۇربىتى ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان ئەمىرلەرگە بويسۇندۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، كۆزنىڭ تائەتى كائىنات دۇنياسىدىكى بارلىق مەخلۇقلارغا تەپەككۇر نەزىرى بىلەن قاراپ، شۇ نەرسىنى خەلق ئەتكەن خالىق ئاللانىڭ بارلىقىغا، ئۇنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنىش، ئالىملارغا، سالىھلەرگە ھۆرمەت نەزىرى

بىلەن قاراش. زەئىپلەرگە شەپقەت نەزىرى بىلەن قاراشتۇر، قولاقنىڭ تائەتى ھەقنىڭ سۆزىنى ۋە پەيغەمبەرنىڭ يەتكۈزگەن خەۋەرلىرىنى، ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ كارامەتلىرىنى، پىشۋالىرىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاشتۇر، قولنىڭ تائەتى موھتاج، ھاجەتمەنلەرگە ساخاۋەت قىلىش، باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتۇر، ئاياغنىڭ تائەتى مەسچىت ۋە مەدرىسىگە ئىبادەت ۋە ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن قەدەم قويۇپ مېڭىش، ئالىملارنى خالىس زىيارەت قىلىشتۇر. باشقا ئەزالارنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تائەتلىرى باردۇر. «ۋەلەئىن شەكەرتۇم لەئەزىدەننەكۇم» ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە مەلۇم بولىدۇكى، شۈكۈر قىلماق نېمەتنىڭ زىيادە بولۇشىغا سەۋەب بولغانلىقتىن، ھەقتائالا «شۈكۈر قىلغۇچىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە ھۆرمەت سائادىتىنى زىيادە قىلۇرمەن» دېدى.

شۈكۈر ئەيلىگۈسى بەختى ـ سائادەت يولىن كۈشادە،
ھەر كىمكى شۈكۈر قىلسە بولۇر نېمەتى زىيادە.

ئاخبارات كىتابلىرىدا مۇنداق بىر خەۋەر باردۇر، ئۆتكەندە سۇلتانى سەنجەر مازى ئەنارەللاھۇ يول ئۈستىدە كېتىۋاتتى، سوپىلارچە كىيىنگەن بىر كىشى سۇلتانغە ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىپ سالام قىلدى. سۇلتان تەسۋى ئوقۇۋاتقانلىقتىن، بېشىنى ئېگىپ قويۇپلا جاۋاب بەرمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئول دەرۋىش:

— ئى سۇلتان، سالام قىلماق سۈننەتتۇر، جاۋاب قايتۇرۇش پەرھىز. مەن سۈننەتنى ئادا قىلدىم، سە نېمە ئۈچۈن پەرھىزنى تەرك قىلىسەن؟ — دېدى. سۇلتان ئىنساب يۈزىدىن ۋە دىنى ئىسلامنىڭ ھەيبەتىدىن دەرھال ئۆزىنى ئەدەپ ـ ئەخلاق نۇقتىسى

بىلەن تىزگىنلەپ، ياۋاشلىق بىلەن ئۆزرە بايان قىلدى:

— ئى دەرۋىش، مەن ماڭا نېمەت بەرگۈچىگە شۈكۈر ئېيتىشقا مەشغۇل ئىدىم، سېنىڭ سالامىڭدىن غاپىل بولۇپ قاپتىمەن، — دېدى. دەرۋىش ئېيتتى:

— كىمگە شۈكۈر ئەيتار ئىدىڭ؟

— خۇدايىتائالاغا، بارلىق نېمەتلەرنى بەرگۈچىنىڭ ئۇلۇغى ئول خۇدادۇر، ھەممە نېمەت ۋە ئاتالەرنى ئول بەرگەن، — دېدى سۇلتان.

ماھىدىن ماھىغە تەگرۇ ئەرشىدىن تا پەرشىغە،
جۇملە زەررات ئۇنىڭ نېمەتلىرىغە غەرق ئىرۇر.

ئاندىن دەرۋىش «قايسى ئۇسۇلدا شۈكۈر ئېيتىسەن؟» دەپ سورىدى. سۇلتان:

— «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن» كەلىمەسى بىلەن شۈكرى ئېيتىمەن، ھەممە نېمەتلەرنىڭ شۈكۈر ئۇنىڭ ئىچىدە باردۇر، — دېدى. دەرۋىش ئېيتتى:

— ئى سۇلتان، سەن تېخى شۈكۈر ئېيتىشنىڭ ۋە سىپاسدارلىقنىڭ يولىنى بىلمەيدىكەنسەن، شۈكۈر دېگەن ئاللاتائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ تېگىدە ۋە ئاتالىرىنىڭ باراۋىرىدە بولۇشى كېرەك، بۇ نېمەتلەر ھازىر سېنىڭ دۆلەت كۆنىگىدە ۋە سەلتەنەتىڭدە باردۇر، شۈكۈر دېگەن ھەربىر نەپەس زابان بۇلبۇلىنى «ئەلھەمدۇلىللاھ» كەلىمەسى بىلەن سايرىتىپ، نەغمە سادالىق قىلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى پادىشاھلارنىڭ دەرىجىسىگىچە مۇناسىپ ۋەزىپە بار، شۇنىڭ بىلەن بولۇشى كېرەك. سۇلتان:

— ئى ئۇلۇغ بۇزرۇكۋار، ئۇل ۋەزىردىن مېنى ئاگاھ قىلساڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى، دەرۋىش ئېيتتى:

— پادىشاھنىڭ شۇكۇر — بارلىق مەملىكەت خەلقىگە، يەنى ئادەمگە ئەدلى ئېھسان قىلماقتۇر.

مەملىكەت ۋە ۋىلايەتنىڭ كەڭرىلىكىنىڭ شۇكۇر — پۇقرالارنىڭ مۇلكىدىن تەمە قىلماسلىق. ھۆكۈم - پەرمانلار ئىجرا قىلىنغانلىقىنىڭ شۇكۇر - پەرمان تۇتقان كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ساقلاش، بەختى بەلەنلىك ۋە دۆلەت ئۇلۇغلۇقىنىڭ شۇكۇر — مەزەللەت تۇپراقىغە يىقىلغان كىشىلەرگە رەھمى قىلىش بىلەن بولىدۇ. خەزىنە - ئامبارلار تولغانلىقىنىڭ شۇكرى - سەدىقە ۋە غەيرىي - ئېھسان ئارقىلىق بىچارىلەرنى يوقلاش ۋە ئۇلارنىڭ ھەققىنى بېرىش بولىدۇ. قۇدرەت ۋە قۇدىنىڭ شۇكۇر — كەمبەغەللەرگە زۇلۇم قىلىشتىن قول يىغىش، تەن سالامەتلىكىنىڭ شۇكۇر - زۇلمى — رەجىدىن كېسەل بولغانلارغا ئەدلى دورىسى بىلەن شىپا بەرمەكتۇر. لەشكىرى سىپاھ ۋە ئەسكىرىي كۈچلەرنىڭ كۆپلۈكىنىڭ شۇكۇر — ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارغا يېتىدىغان ئاپەتنى يىراق قىلىش ۋە يوق قىلىشتۇر. بەلەن ئىمارەتلەر ۋە جەننەت كەبى باغلارنىڭ شۇكۇر - پۇقرالارنىڭ تۇرالغۇلىرىغا لەشكىرى سىپاھلار بىلەن چۇشۇپ ۋەيران قىلماسلىقتۇر. شۇكۇرنىڭ خۇلاسىسى — غەزەپ ئوتى شۆئلە ئۇرغاندا پۇقرالارنىڭ دادىغا يېتىش، ئىش قىلغاندا ھەق تەرەپتە تۇرۇش، خەلقنىڭ خاتىرجەملىك ئارامىنى ئۆزىنىڭ ئارامىدىن يۇقىرى بىلىش.

ئەگەر تىلەرسەن ئۆز ئاسايىشىڭ،<br>
دىيارىڭدا ئارام ئاللاماس كىشىڭ.

دەرۋىشنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن سۇلتان كۆپ زوق ۋە لەززەتلەر ئالدى ۋە ئۇنى يىگىنباشتىن ئالاھىدە زىيارەت قىلىشنى پىلانلىدى. ئاتتىن چۈشۈپ قارىغانىدى، دەرۋىشنى كۆرمىدى. قانچە كۆپ ئىزدىدى، ھېچ كىشى ئۇنىڭدىن نىشان بەرمىدى. ئاندىن سۇلتان ئۇل كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئالتۇن ھەل بىلەن يازدۇرۇپ، ئۇنى ئۇمۇر بويى ئۆزىگە دەستۇر قىلدى.

بېيىت:

كۆڭۈل كۆزگۈسىغە دەرۋىش فەندى سەيقەلى كامىل،
ئىرۇر ئىككى جاھان مەقسەتلىرى ئۇل بەندىدىن ھاسىل.



www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## سەۋر توغرىسىدا

سەۋرنىڭ مەنىسى — ھەقتائالادىن كەلگەن بالالارغا، تۈرلۈك رەجى ـ زەخمەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا بىئاراملىق ھېس قىلماستىن، ئۆزىنى توختىتىش دېمەكتۇر. سەۋر بولسا كىشىلەر ئۇچۇن ئىنتايىن مەرغۇپ بولغان بىر سۈپەتتۇر، ئۇنىڭ ياخشىلىق تەرىپىگە ئاللا تائالانىڭ «ئىننەللاھە مەئەسسابىرىن» (ئاللا سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىرگىدۇر) دېگەن سۆزى كۇپايە قىلىدۇ. ئاللانىڭ لۇتفى ۋە نۇسرەتى سەبىر قىلغۇچىلارغا مەنسۇپتۇر. «ئىننەما يۇۋەپپەسا بىرۇنە ئەجرەھۇم بىغەيىرھىسابىن» (سەۋر قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىگە ھېسابسىز ۋاپا ياغدۇرۇلىدۇ).

خەۋەرلەردە كېلىبدۇركى، ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا ھەقتائالا شۇنداق ۋەھيى قىلدى: «ئى داۋۇت، سەن تىرىشىپ مېنىڭ خۇيۇمنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆز ئەھۋالىڭغا زىننەت بەرگىن، مېنىڭ ئۇلۇغ سۈپەتلىرىمنىڭ بىرى سەۋردۇر، يەنى مەن سەۋردۇرمەن.»

سەۋر قىلماق ئەگەردۇر ياخشى سۈپەت،
تاكى تاپقاي ئۆز مۇرادى ئاقىبەت.

ھەر كىم زامانە ھاۋادىلىرىنىڭ تېرە بارانىدە سەۋر سۈپىرىنى يۈزىگە تارتسا، ئەلۋەتتە، ئۇل كىشىنىڭ ئۈمىد ئۇفقى مۇراد نىشانىسىغا يېتىدۇ. ھەرنە بالالار ئۈنىڭغا رەج كەلتۈرمەيدۇ، چۈنكى سەۋر بولسا خۇرسەنلىك ئاچقۇسىدۇر، راھەت ۋە ئامانلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكى بۇنىڭدىن ئۆزگە ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلماس.

مۇراد گەنجى ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىدۇر سەۋر،
بۇ بەند بولغان ئىشىكلەرنى ئاچقۇچىدۇر سەۋر.
چۇ تاغ جامەسى تاش بالا گۆش ئەھلىنىڭ،
تۈزۈلمەس ئىكىنى ۋە يا بەند پۈشتىدۇر سەۋر.
ئەلەم دەستىدە دەرت ئەھلى كۆڭلى كۆز گۆسىدىن،
سىتەم غۇبارىنى بىل كۆللى ئىرىتقۇچىدۇر سەۋر.

تۈركىستان پادىشاھلىرىنىڭ سۆزلىرىدە شۇنداق خەۋەر كەلتۈرۈلدۇ: ئافراسىياپ ئۆزىنىڭ ئۇمىرالىرىغا «كىشىنىڭ سۈرىتىگە، زەخامىتىگە، چىرايى ۋە تەركىبىگە، لاپ ئۇرغانغا قاراپ، ئۇلارنى مەردلىك ۋە مەردانىلىك ئەمەللىرىدە سىناپ كۆرمەي تۇرۇپ، ئالدىنىپ كەتمەڭلار» دېگەن ئىدى.

دەئۋايى لاپىتىن ئەمەسدۇر، ئەرەنلەر قەدىرى،
قەدرى ـ قىممەتلىك ئىرور ئول كىشىكىم بار سەۋر.

بىر كۈنى بىر پادىشاھ خىزمەتچىلىرىدىن بىرىنى ئالدىدا ئۇلتۇرغۇزۇپ، بىر مۇھىم ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلەن كېڭەش قىلدى، تەقدىر ئىلاھى بىلەن قازادىن بىر چايان كېلىپ ئۇل ئەمىرنىڭ كىيىمىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى ۋە چېقىپ نىش

ئۇرغىلى تۇردى. چەندان نىش ئۇردىكى، ھەر نەچچە زەھىرى نىش كارىسىز بولدى، ئەمىر شۇ قەدەر سەۋر قىلدىكى، ھەرگىز چىرايىنى ئۆزگەرتمىدى، مەسلىھەتتىن توختاپمۇ قالمىدى. كېچىش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۆيگە بىربىر چاياننى كىيىمدىن ئېلىپ تاشلىدى. بۇ ئەھۋالنىڭ خەۋىرى پادىشاھقا ئاڭلاندى. پادىشاھ ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، ئۇ ئەمىر ئىككىنچى قېتىم شاھنىڭ مۇلازىمىتىگە كەلگەندە، سورىدىكى «ئىنسان زەرەرنى ئۆزىدىن دەفئى قىلىش زۆرۈر ئىدى، سەن نېمە ئۈچۈن دەرھال چاياننى ئېلىپ تاشلاپ ئازابتىن ئازاد بولمىدىڭ؟» ئەمىر جاۋاب بەردى: «مەن شول كىشى دۇرمەنكى، ئۆزلىرىدەك پادىشاھى بۈيۈكنىڭ خىزمەت شەرىپىنى چاياننىڭ چېقىپ نىش ئۇرۇشى بىلەن ئۈزۈۋەتمەيمەن. ئەگەر بۈگۈنكى كېچەشتە چاياننىڭ چېقىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىسەم، كەلگۈسىدە ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرنىڭ زەھەرلىك تىغىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيمەن!؟» ئەمىرنىڭ بۇ سۆزلىرى پادىشاھقا ئىنتايىن خوپ كەلدى، ئۆز ئەمىرىنىڭ خىزمەت دەرىجىسىنى كۆڭلى خالىغاندەك ئۆستۈردى. ئەمىر بۇ قەدەر سەۋر - تاقىتى بىلەن بەلەن مەرتىۋىگە مۇيەسسەر بولدى.

قازا توپانىغە نوھ نەبىدەك سەۋر ئەگەر قىلساڭ،
بالالەر قاتىبان يەتكەيسەن مىڭ يىللىق مۇرادىڭغە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# هايا توغرىسىدا

هايانىڭ مەنىسى — يامان سۆز ۋە يامان ئىشلاردىن ئۇيېلىش دېمەكتۇر. ئىنسانلار ئۇچۇن هايا ئىنتايىن شەرەپلىك بىر خىسلەت ۋە ئۇلۇغۋار ئەخلاقتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «هايا بولسا، ئىمان دەرىخىدىن ئۆسۈپ چىققان بىر شاختۇر» دېگەنىدى. هايا ئادەمىزات جەمئىيىتىنىڭ گۈزەل ۋە تەرتىپلىك بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم بىر شەرتتۇر. هايادىن ئىبارەت بۇ ئەخلاق كىشىلەر ئارىسىدىن يوقىلىپ كەتسە، كىشى ـ كىشىدىن سۆز ۋە ھەرىكەتتە ئۇيالمايدىغان بولۇپ قالسا، ئالەمنىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ. خەلق ئارا ئېسىل رەسمىيەتلەر يوقىلىدۇ، مەئىشەت ئامانلىقىغا زور بالالار تۇغۇلىدۇ، كىشىلەر بىر ـ بىرىنىڭ ھەققىدە دىيانەت ۋە ساداقەت ساقلىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى تالاپ ۋەيران قىلىدۇ، هايا كىشىلەرنى ناچار ئەخلاق ۋە قىلىقلاردىن چەتكە تارتىدىغان تەبىئىي كۈچتۇر.

مەنئىي ئىشلارنى بۇزۇشقا سەپشىكەن بولمىش هايا،
لائۇبالىلار يولىغە راھزەن بولمىش هايا.

يۇقىرىقىلاردىن مەزكۇركى، ئىنسانغا هايادىن تولۇق پايدا ۋە مەنپەئەت باردۇر، ياخشى خۇي ـ ئەخلاق مېۋىسى هايانىڭ سۈيى ۋە ئاپتاپىدىن پەرۋىش تاپىسا، تولۇق پىشالمايدۇ.

خەلق ئاراسىدىن هايا كەتسە ئىبارەسى كېتەر،
گەر هىجابى بار بولسە، ئول هەم هايا ئاسارىدۇر.

هايا جۈملىسى بىرقانچە خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى هايايى ئاتا، بۇنىڭ زاھىرى شۇكى، گۇناھكار ئۆز گۇناھى بىلەن تۇرۇقلۇق ھەقتائالانىڭ ئاتىغانلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇنىڭ دەرگاھىدا گۇناھ كەسپى قىلغاندىن شەرمى قىلىشتۇر. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام جەننەتتە بۇغداي دەرەخلىرىدىن يېدى. ئاندىن ئۈستىبېشىدىكى جەننەت كىيىملىرى تۇزۇپ كەتتى، ئادەم ئۇيالغىنىدىن ھەر تەرەپكە قېچىپ يوشۇرۇنۇپ باقتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا: «ئى ئادەم، مەندىن قاچامسەن؟!» دېگەن نىدا كەلدى. ئادەم: «ئىلاھا، سەدىن بۇ قەدەم نەسىۋە ۋە ئىھسالار ماڭا يېتىپ تۇرۇقلۇق قايان قاچۇرمەن، پەقەت ئۆزۈم گۇناھقا يۈزلەنگىنىم ئۈچۈن ئۇيۇلۇۋاتىمەن. ئەگەر گۇناھىمنى ئەپۇ قىلساڭ، يەنە شەرمەندىلىكىم قېپقالىدۇ» دېدى.

مىسرا: ئەگەر يازۇقنى ئەپۇ ئەتسە تەقى شەرمەندىلىك باقى.

يەنە بىرسى كەرەم ھاياسى بولۇپ، كەرەم ئۆز دەرگاھىغا كەلگەن سائىلنى مەھرۇم قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ، ھەدىستە «ھەقتائالا ھايا ۋە كەرەم بىلەن مەۋسۇبتۇر» دېيىلىدۇ. ئەگەر بەندىلەردىن بىرەرسى دەرگاھىدا ھاقەت تىلەپ قول كۆتۈرۈپ تۇرسا، ئۇنىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ سانسىزلىغان رەھمىتى بىلەن تولدۇرماي قۇرۇق قايتۇرۇشتىن ھايا قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئارزۇ

ئالىقىنىغا مۇراد سەرمايىسىنى قويىدۇ.

بۇ ئۇلۇغ دەرگاھقا قويساڭ باشىڭ ھاجەت قۇلۇپ،
مۇمكىن ئەرمەس يانماغىڭ تاپماي تىلەك مەھرۇم ئۇلۇپ.

باغداد پادىشاھى مەئمۇن خەلىپىنىڭ دەۋرىدە شورلۇق زېمىندا ئۆسكە بىر ئەئرابى (تاغلىق) بولۇپ، داۋاملىق ئاچچىق سۇ ئىچەتتى. ئۇ ئۆمرىدە تاتلىق سۇ ئىچمىگەن، تاتلىق مېۋە يېمىگەن. بىرچاغدا ئەئرابىنىڭ كەنتىدىن قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ئاشلىق ئىزدەپ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چىققانىدى. شورلۇق زېمىندىن يىراقلىشىپ سۈيى تاتلىق مۇنبەت زېمىنغا يېتىپ بارغاندا، يامغۇر سۈيى توپلىشىپ قالغان بىر ئويمانغا كېلىپ يامغۇر سۈيىنى كۆردى. سۇزۇلۇپ شامالدا لەپىلدىگەن بۇ سۇ بەكمۇ پاك ۋە چىرايلىق كۆرۈندى. ئەئراب بەكمۇ ھەيران بولدى، دەرھال سۇ لېۋىگە كېلىپ بىر ئاچ ئىچتى. سۇ ئۇنىڭ تامىقىغا بەكمۇ ھۇزۇرلۇق تېتىغاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە: «ھەق ئاللانىڭ جەننەت ئىچرە شىرىن ۋە ھوزۇرلۇق سۈيى بار، دەپ ئاڭلىغانىدىم. فىيھا ئەنھارۇن مىن مائىن غەير ئاسىنىن، ئەگەر گۇمانىم توغرا بولسا، ھەق سۇبھانەۋەتائالا موھتاجلىقىم ۋە تاشنالىقىمغا رەھمى كېلىپ، بۇ سۇنى جەننەتتىن ماڭا يەتكۈزگەن بولغاي، بۇ سۇدىن بىرئاز ئېلىپ بېرىپ، پادىشاھقا تۆھپە قىلسام، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشاھ ماڭا ئىنئام بەرسە، بالا - چاقىلىرىم ئۇل مۇكاپاتنىڭ بەرىكىتى بىلەن قەھەتتىن قۇتۇلۇپ قالۇر...» دەپ ئويلىدى.

بىر تۇلۇمغا ھېلىقى يامغۇر سۈيىدىن قاچىلاپ، باغداد يولىغا كىرىپ، خەلىپىنىڭ ھۇزۇرىغا يۈرۈپ كەتتى. بىرقانچە مەنزىل

يۇرگەندىن كېيىن، يول ئۈستىدە شىكارغا چىققان خەلىپەنىڭ شەۋكەت ئاسارىنى كۆردى ـ دە، شاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، دۇئاغا ئېغىز ئاچتى. پادىشاھ ئەئراپقا قاراپ:

ـــ سەن قايدىن كېلىسەن؟ ـــ دەپ سورىدى ئەئراپ.

ـــ مەن پالان سەھرادىن بولىمەن، ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى قەھەتچىلىك بالاسىغا دۇچار بولۇپ، قىيامەت ئەھۋالىدا قالدى، ـــ دېدى ئەئراپ.

ـــ قايسى تەرەپكە بارىسىز؟ ـــ دەپ سورىدى خەلىپە.

ـــ سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم، لېكىن قۇرۇق قول كەلمىدىم، ئۇلۇغ تۆھپە ئېلىپ كەلدىم، ھېچبىر كىشىنىڭ ئارزۇ قولى ئۇنىڭ ۋىسال دامىغا يەتكەن ئەمەس ۋە ھېچبىر مەخلۇقنىڭ كۆزى ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئەمەس، ـــ دېۋىدى، خەلىپە ئۇنىڭدىن تەئەججۈپ بولۇپ:

ـــ ئەكەلگەن تۆھپىڭىزنى كەلتۈرۈڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، ـــ دېدى. ئەئراپ تۇلۇمنى خەلىپىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ:

ـــ ھازامائۇل جەننىتى، بۇ سۇنى ئالەمدە ھېچكىم ئىچكىنى يوق، ـــ دېدى.

سۇ دېمەك كىم ئول ئىرۇر شاخى شەكەرنىڭ شىرەسى.
جانغا راھەت بەرگۈچى ھايۋان سۇيى ھەمشىرەسى.

خەلىپە بىر خادىمغا بىر قاچا سۇ ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇدى، سۇنى ئىچىپ كۆردىكى، ئۇ سۇنىڭ رەڭگى بۇزۇلغان، تۇلۇمنىڭ تەسىرى ئارقىلىق قاڭسىق تەمگە ئۆزگەرگەنىدى، خەلىپە پراسەت بىلەن ئەئرابنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدى، ئەمما كەرەمنىڭ شەرمىسى ئەئرابنىڭ ئەھۋال يۈزىدىن پەردىنى ئېلىپ تاشلاپ،

ھالىنى ئاشكارىلاشقا يول قويمىدى. پادىشاھ:

— ئى ئەئرابى راست ئېيتتىڭ، بۇ ھەم تاتلىق، ھەم سۈزۈك سۇ ئىكەن. بۇنى ھەرقانداق كىشىگە بېرىشكە بولمايدىكەن، ئەمدى قالغان سۇنى مېنىڭ مەخسۇس مەتھەرەمگە قويۇپ بېرىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. سۇنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئەئرابىغا قاراپ:

— ئى بۇرادەر، سىز ماڭا ناھايىتى ياخشى تۆھپىلەرنى كەلتۈرۈپسىز، نېمە سەۋەبتىن كەلدىڭىز، نېمە ھاجىتىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى. ئەئرابى:

— ئى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى، بىزنىڭ كەنتىمىزنىڭ خەلقلىرى قەھەتچىلىك ۋە سۇسىزلىق دەردىدىن ھالاكەتكە يېقىنلاشتى، ئەھلى يۇرتلىرىمىنىڭ، بالا ـ چاقىلىرىمىنىڭ ھالى خاراب، شۇ ئاجىزلىقىمدىن قاشىڭغە كېلىپدۇرمەن، — دېدى، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەئرابىغا مىڭ دىنار پۇل بېرىلدى، ئاندىن پادىشاھ ئەئرابىنى ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا بۇيرۇدى، ئەئرابى كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ خاسلىرىدىن بىرسى:

— ئى پادىشاھ، سىز نېمە ئۈچۈن ئول ئەئرابى ئېلىپ كەلگەن سۇدىن باشقىلارغىمۇ بەرمەيسىز، ئۇنى بۇ يەردىن ئۆتكۈزمەي قايتۇرۇۋېتىسىز؟ — دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— بۇ سۇ بەكمۇ قاڭسىق ۋە بەتبۇي ئىكەن، ئول ئەئراب ئۆزى ئىچىپ كۆنگەن سۇيىگە سېلىشتۇرۇپ، بۇ سۇنى جەننەتنىڭ سۈيى دەپ خىيال قىلغان. ئەگەر بۇ سۇنى سىلەرگىمۇ بەرگەن بولسام، سىلەر ئول ئەئرابىنى ئەيىبلىگەن بولاتتىڭلار، ئول بىچارە ئۆزىنىڭ بۇ ياخشى نىيەتلىك ئىشىدىن شەرمەندە بولغان بولاتتى، ئەگەر بۇ يەردىن قايتۇرۇۋەتمىسەم، ئۇ بېرىپ دەريانىڭ

تاتلىق ۋە تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق سۆيىدىن ئىچىدۇ ــ دە، مۇنچە بەتبۇي سۇنى مېنىڭ قاشىمغا ئېلىپ كەلگىنىگە بەكمۇ خاپا بولاتتى. بىر موھتاج كىشى مېنىڭ مۇكاپات ۋە ئېھسانىمدىن ئۈمىد كۈتۈپ كېلىپ، ئاقىۋەت نائۈمىد بولۇپ، چىرايىمغا خىجالەت غۇبارىنى قوندۇرۇپ قايتىشىدىن ھايا قىلىدىم، ــ دېدى.

سەخىلەر شەرمى تۇتارلاركى، مۇبادا سائىل،
دەرگاھى سارىدىن ئەنىڭ يانغاي بولۇپ خىجىل.

يەنە بىرسى ئەدەپ ھاياسى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى شەرىئەتتە ياكى ئەقىل ئالدىدا توغرا بولسىمۇ، ئەدەپ ھاياسى ئۇنى توسىدۇ.

نۇشىرۋانى ئادىل نەرگەس گۈلى بار ئۆيدە ھەرگىز خاتۇن ــ كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە بولمايتتى، چۈنكى ئۇ نەرگەس گۈلى خۇددى قاراپ تۇرغان كۆزگە ئوخشايدۇ، شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن ئۇيىلىمەن، ــ دەيتتى.

مىسرا:

كۆڭۈلكىم ھايا ۋەسپىدىن تولغۇسى،
خۇدا نۇرى ئائىنەسى بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب

# پاكىزلىق توغرىسىدا

پاكىزلىق دېگەندە، شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان بارلىق نەرسىلەردىن، بولۇپمۇ ھارام شەھۋەتتىن قېچىشنى كۆزدە تۇتىمىز. پاكىزلىق ئىنسان ئۈچۈن گۈزەل پەزىلەت ۋە ئادەتلەردىندۇر. قەدىمكى ئالىملار، ئادەملەر خۇي ـ ئەخلاق جەھەتتە پەرىشتە ۋە چارپايلاردىن ئىبارەت ئىككى خىل مەخلۇققا نىسبەتەن قىلىنىدۇ، پەرىشتىگە نىسبەت بولغانلىقتىن، ئۇ ئادەم ئىلىمگە ۋە ئەمەل ـ ئىبادەتكە مايىل بولىدۇ؛ ھايۋانغا نىسبەت بولغانلىقتىن، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە جامائ قىلىشقا قىزىقىدۇ دەپ تەتقىق قىلغان. ئەقىلنىڭ تەلپى ۋە شەرتى ـــ ئادەم مۇمكىنقەدەر ئۆزىنىڭ پەرىشتىلىك نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ھايۋانات نىسبىتىگە ياتىدىغان تەرەپلىرىنى تۆۋەنلىتىشى كېرەك.

ھەم مەلەكتىن بەھرىۋەرسەن ھەم باھايىم سارىدىن،
ئۆت باھايىم لەززىتىدىن يا مەلەكتىن ئۆتكەسەن.

ھەرقاچان ئادەملەردە يېمەك ـ ئىچمەك ئارزۇسى كۈچەيسە، بۇ چاغدىكى ئەھۋال ھەم شۇنداق بولىدۇ، مۆئمىنلەر ۋۇجۇدىدا

شەھۋەت غەلىبە قىلغاندا، نەپسىنىڭ نۇقتىسىنى تارتىپ، ھىممەت ئېتىكىنى ھارام ـ چىركىنلەردىن پاك تۇتۇشى كېرەك. بۇ ئىشقا شەرىئەت ئەمرىدىن تاشقىرى قەدەم قويماسلىق، نامەئقۇل ئىشلاردىن كۆز يۇمۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا خەيرى ۋە سالاھ كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭغا بەختى ـ سائادەت ئىشىكى ئېچىلىدۇ. ئەگەر پادىشالار پاكىزلىق بىلەن ئۆزىگە زىننەت بەرسە، چوقۇم زۇلمى ستەم، پىسقى ـ پۇجۇر ئىشلار ئۇنىڭ مەملىكىتىدىن كېتىپ، ساپلىق ئەۋج ئالىدۇ، كىشىلەرنىڭ مال ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا بوھتان يەتمەيدۇ.

پاكلىق ئاندەكىم ئەلەم كۆتەرۇر،
دىنىي دۇنيا ئىشغەزىب بېرۇر.
نەپسى ئۇنىڭ بىلەخارۇ ـ زار بولۇر،
روھ مەقبۇلى كىردىگار بولۇر.

ھەممە مەدھىيىلەر ئاللاغا سابىت بولسۇنكى، شاھزادە ئالىي مىقدار، شاھى ئەبۇلھەسەن نىيكۇكارىنى ئاللاتائالا بەخت ۋە دۆلەت بىلەن بەھرىمەن قىلسۇن، ئۇنىڭ ئەھۋال سەھىپىلىرى پاكىزلىق رەقىمى بىلەن مۇزەييەن بولسۇن، ئەھۋال ئائىنەسى پادىشاھلىق سەيقەلى بىلەن روشەن بولسۇن.

جامال خول كامال يىلەن پاكدامەنلىق، ئىككى جاھاندا ھەممە پاكلىق ئۇنىڭ بىلەن ئىرۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يەتتىنچى باب

# ئەدەپ توغرىسىدا

ئەدەپنىڭ مەنىسى — بۇزۇق سۆز، بۇزۇق ئىشلاردىن نەپسىنى توسۇش، ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى ساقلاش، كىشىلىك ئىناۋىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى تۆكمەسلىك دېمەكتۇر. ئەدەپنىڭ نىسبىتى — ھەممە ئىشلاردا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا — (تەبىئەتنى لازىم تۇتۇپ) ئەگىشىشتۇر، روسۇلىللاغا ئەگەشكەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى كامالىغە يەتكۈزگەن بولىدۇ، ھەتتا مەكتەپخانىسىدىمۇ ھېچبىر كىشى ئۇنىڭدەك ئەدەپ ئۆگىنىپ، نامىقۇل ئەخلاقتىن پاك بولغان ئەمەس.

ئول مۇئەددىبدىن ئەدەپ ئۆگەنكىم،
ئەدەپ ئۆگەتتى ئاڭا ھەزرەتى ھەق.
سەبەق ئالغىل كىم سەن ئول كىشىدىن،
كىبرىيا لەۋھىدى ئول ئالدى سەبەق.

ئەدەپ ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن ئالىي زىننەت، بولۇپمۇ مەملىكەت باشقۇرغۇچى پادىشاھلار ئۈچۈن ئەدەپ قائىدىسىگە رىئايە قىلىدىغان بولسا، رەئىيەلەرمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئەدەپ

يولىدىن چىقمايدۇ، بۇ چاغدا مەملىكەت ئىشلىرى تەرتىپلىك ۋە ئىنتىزاملىق ئىجرا بولىدۇ، كىشىلەر مەئىشەت ئەسبابلىرى تەييارلانغان بولىدۇ.

ئىزدەيلى ھەقتىن ئەدەپ ـ تەۋفىقنى،
بىئەدەپ تاپمىدى ئۇنىڭ پەزلىنى.
بەس، ئەدەپتىن نۇر تاپتى بۇ پەلەك،
ھەم ئەدەپتىن چاك بولدىلەر مەلەك.

ئۆتمۈش پېشقەدەملىرى «كىشىلەر ئۇچۇن (پادىشاھلار ئۇچۇن بەكمۇ) ئەدەپ پۈتۈن سەرمايىنىڭ ياخشىراقى، ھەممە زىننەتلەرنىڭ گۈزەلرەكى» دېگەنىدى. خەۋەرلەردە شۇنداق ھېكايە بار: مىسىر پادىشاھى رۇم سۇلتانى بىلەن بولغان ئاداۋەتنى يوقىتىپ، ئوتتۇردا ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز قىزىنى رۇم سۇلتانىنىڭ ئوغلىغا نىكاھلاپ بەردى، سۇلتانمۇ ئۆز قىزىنى بۇ پادىشاھنىڭ ئوغلىغا بەردى. ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئەلچىلەر ۋە نامەلەر ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي يۈرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ ئىككى پادىشاھ ئىتتىپاقلاشقانلىقتىن، ھەر ئىككى دۆلەت گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئىككى پادىشاھ ئۆزلىرىنىڭ قىلماقچى بولغان ھەربىر چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدا بىر ـ بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ تۇردى، ھېچبىر مۇھىملىرىغا ئۆزئارا مەسلىھەت قىلىشماي قەدەم قويمايتتى. بىر كۈنى مىسىر پادىشاھى رۇم پادىشاھىغا:

— بىزنىڭ ئوغلانلىرىمىز تىرىكلىكىمىزنىڭ ئاساسى،

ھاياتىمىزنىڭ جەۋھەرلىرىدۇر. بىزلەر ئالەمدىن ئۆتسەك، تام نىشانىمىز ئەنە شۇلارنىڭ ھاياتلىقى بىلەن مەركۇر بولىدۇ. ھېكمەتلەردە:

تىرىكتۇر دىيارىمدە ھەر كىمكى ئۇل،
قويۇپ كەتتى ئورنىدا ياخشى ئوغۇل.

دېيىلگەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىزلەردىن كېيىن خۇشال ـ خۇرام يارغىبال ئۆتۈشىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئەسبابلىرىنىڭ پىكرىنى قىلىش كېرەك، مەن ئوغلۇم ئۈچۈن قىممەت باھالىق نەپىس ماللار، سانسىز ياخشى ئات تۆگىلەر ۋە باشقا ھەرخىل جارۋىلار، كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ـ ئىمارەت، سارايلار، تۆگۈرمەن ۋە باشقا مۈلۈكلەرنى زەخىرە قىلدىم. سىز ئوغلىڭىزنىڭ مەئىشەتى ئۈچۈن نېمە تەدبىر قىلىپ، نېمىلەرنى تەييار قىلدىڭىز؟ — دېدى. بۇنى ئاڭلىغا رۇم سۇلتانى كۈلۈپ كېتىپ مۇنداق دېدى:

— مال ۋاپاسىز، يار باقاسىز دىلداردۇر، ئۇنىڭ ھېسابىنى قىلىش كېرەك. لېكىن، بۇ دۇنيانىڭ ماتائىلىرىغا ئالدانماسلىق كېرەك. مەن ئوغلۇمنى ئەدەپ كىيىملىرى بىلەن جابدۇپ قويدۇم، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى سۈپەت ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقلارنى ساقلاپ قويدۇم، مالغا زاۋال يەتسىمۇ، لېكىن ئەدەپ ئۆزگەرمەس، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان مىسىر پادىشاھى «ئەل ئەدەبۇ خەيرۇن مىنەززە ھەبى» دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ، رۇم سۇلتانىنىڭ پىكرىگە تەسلىم ئەتتى. بۇ مەنىدە مۇنداق بىر شېئىر بارلىققا كەلدى.

ئەدەپ گەنجىگە يەتمەس گەنجى قارۇن،
بولالماس ھەم تېگى مۈلكى پەرىدۇن.
ئەمەس ھەنزۇر ھۇش ئەھلىغە مالى،
نىچۇنكىم مالىنىڭ باردۇر زاۋالى.
ئۇلار مەتلۇبى بولمىش ئىلمى ئاداپ،
كى تاپمىشلەر ئەدەپتىن ياخشى ئەلقاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب

# بەلەن ھىممەتلىك توغرىسىدا

ئىنىنەللاھە يۇھىببۇ مەئالىيەل ئۇمۇر (ئاللا بەلەن ھىممەتلىك كىشىلەر دوست تۇتىدۇ، ئۇلارغا ئۇلۇغۋار، ياخشى ئەمەللەرنى مۇشەررەپ قىلىدۇ) ئۇلۇغلۇق، سائادەتمەنلىك بەلەن ھىممەت بىلەن ئايرىلمايدىغان سەپداشلار بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق كەلتۈرۈلىدۇ:

مۇرغى ھىممەت قانات ئېچىپ ئۇچسا،
شەرەپ ـ دۆلەت ئاشىيان بولمىش.
بولسا جۇگان ئەگەر ئۇلۇغ ھىممەت،
كەمتەرىن كۆي ئاسمان بولمىش.

بەلەن ھىممەت پادىشاھلار ئۇچۇن تىخىمۇ مەنپەئەتلىكتۇر. ئۇ پادىشاھلارنىڭ ئىشلىرىدا ئوخشۇشلۇق مەدەتكاردۇر، ھەرقانداق كىشىنىڭ ھىممىتى كۆپ بولسا، ئىززەت ۋە شەۋكەت جەھەتتە باشقا كىشىلەردىن ئالىيراق ئورۇندا تۇرىدۇ.

خۇدا قاشىدا خەلق ئىچرە، ئالىي ھىممەت بول.
كى ھىممىتىڭغە باقا ئېتىبار تاپقايسەن.

بىر قېرى خوتۇن ياقۇپ لەيىسكە مۇنداق دېدي:

— ئى ياقۇپ، سېنىڭ بۇ قىرانلىق دەۋرىڭ شەھۋەت ئارزۇسى غەلىبە قىلىدىغان ۋاقتىڭدۇر. سېنىڭ تەشنالىقىڭغا ئارام بېرىدىغان كىشىڭ يوق، بۇ ھالىڭغا ئېچىنىمەن، جابدۇق تەييارلىغىن، ساڭا خۇپ يەردىن خوتۇن ئېلىپ بېرەي؟ — دېدى. ياقۇپ:

— خوتۇن مېنىڭ خاھىشىمغا كەلگەندە ئۇنى ئېلىشىمغا جابدۇقۇم تەييار، — دېدى. قېرى:

— ئۇنداق بولسا، تەييارلىغان جابدۇقۇڭنى مەن بىر كۆرەي، ساڭا مەقبۇل كەلگەن مەرغۇبىڭ كىمدۇر؟ — دېدى. ياقۇپ دەرھال ئۆيگە كىرىپ بىر دانە شەمشەرنى ئېلىپ چىقتى ۋە:

— مەن گېزى كەلگەندە مەغرىپ ۋە مەشرىقنىڭ قىزلىرىنى ئالالايمەن، ئۇلارغا مېنىڭ جابدۇقۇم مانا مۇشۇ شەمشەردۇر، — دېدى.

ياخشى بەختنى ئەسلا خوشلىماس كىشى يوقتۇر،
مەملىكەت ئۇدۇسىنىڭ مېھرى تىغ بىلەن ئوقتۇر.

تەقى دېگە بىر كىشى بۇمەئىنىدە «ئەگەر بىر كىشى ئالىي ھىممەت بىلەن قىلىچىنى سۆيسە، مەملىكەت قىزلىرىنى ئۆز قۇچىقىدا تۇتالايدۇ.» دەپ ئېيتقان. ھەزرىتى ئىسكەندەر پادىشاھلىق يۈرگۈزگەن زامانلاردا جاھانگىرلىك بايرىقىنى رۇم دائىرىسىدىنمۇ كېڭەيتىپ، ئەرەب ۋە ئەجەم زېمىنلىرىغىچە تىكلەشنى نىيەت قىلىپ، پۈتۈن دەريا ۋە قۇرۇقلۇقنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىدا ئۇرۇش ئاتلىرىنى يۈرۈشكە سالدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەلبىدە بىرخىل ئەندىشە ۋە كۆپ مالالىقلار

ئەكس ئەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستە ئىسىملىك بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ، ئۆتكۈر پەھىملىك، زېرەك كىشى بولغانلىقتىن، شاھنىڭ قەلبىدىكىنى دەرھال بايقاپ:

— ئەي شاھى جاھان پاناھ، دۆلەت ئەسبابلىرىمىز تەييار، خادىملار ۋە ئەسكەرلىرىمىز كۆچلىرىمىز بەندىلىك بىلەن بۇيرۇق كۈتۈپ، خىزمەتكە تۇتۇناقتا. خازانىلەر ئىقتىسادتىن توشۇپ كەتكەن، دۆلەت مەئمۇرلۇقتا ئابادلىشىپ كەتكەن، بەختى دۆلەت مەڭگۈلۈك زىنەتلىنىپ ئاراستە بولغان، دۆلەتنىڭ بەرگى بەرقارارلىق شەرىپى بىلەن پەرەستە سائادەت ۋە ئىقبال مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كەمەرىنى باغلاپ ھوزۇرۇڭدا تۇرۇقلۇق، ئەزىمەت ۋە جەلال خىزمەت ئۈچۈن ئەستانەڭ ئەتراپىدا بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنەقەلبىڭنى، ئەندىشىلىك خاتىرەڭنى، غەملىك تۇتۇشقا سەۋەب نېمىدۇر؟ — دېدى. ئىسكەندەر ئېيتتى:

— پىكىر قىلىمەنكى جاھان مەيدانى بەكمۇ ھەقىر، بۇ يەتتە ئىقلىم بولسا، ئۇنىڭ مەيدانى تولىمۇ ئاددىي ۋە كىچىك، مەن مۇنداق ئاددىي ۋە ئەرزىمەس مۈلۈك ئۈچۈن ئاتلىنىشتىن ئۇيالدىم، مۇشۇ ئاز سەرمايەمنى تەسەررۇپ قىلىشقا مەشغۇل بولغايمەن.

كىراي قىلمىغاي كىم بۇ جاھانىڭ يەتتە ئىخلىمىغىن،
مۇسەخىر ئەيلەگەيمە دەپ ئۆزۈم ئات ئۆزرە ئالغايمەن.
بۇ ئالەمدەك ئەگەر يۈز مىڭ جاھان بولسا كەمدۇرمكىم،
ئۇنىڭ قەستى ئۈچۈن ناگاھ قەدەم يول ئىچرە سالغايمەن.

— توغرا سۆز قىلدىڭىز، — دېدى ئەرەستە تالى، — بۇ قىسقا ھەم ئاددىي جاھانىڭ ھۆكۈمەتى سىزنىڭ ئالىي ھەم بەلەند

ھەممەتىڭىزغە لايىق ئەمەس ۋە مۇختىسەر مۇلۇكىنىڭ رىياسىتى سىزنىڭ ئالىي سەلتەنىتىڭىز ئۇچۇن يارىماس، شۇنىڭ ئۇچۇن ئەبەد (قىيامەت ئاخىرەت) مەملىكەتىنىڭ مەيدان سەھنىسىنى قوشۇۋالسىڭىز، تىغ زەربى بىلەن پانىي جاھان ئىقلىمىنى باشقۇرۇش قەيدىگە كىرسىڭىز، پۈتۈن ئالەم ئارا ئەدلىڭىز بەرىكىتىدىن باقى ئاقىبەت مۈلكى ھەم ئىستىھقاقىڭىزنىڭ قەبزەسىگە كىلىشى مۇمكىن. دۇنيا كىشىۋەرنىڭ كەملىك تەرازۇكى ئاخىرەت دارىلمۇلكىنىڭ ئارتۇقلۇق بىلەن بولىدۇ. بۇ ئاز كۆپ بىلەن تەرەققىي قىلىدۇ.

مۇلكى ئوقبا ئىستەكىم خۇررەم دۇرۇر،
زەررەسى ئانىڭكى يۈز ئالەم دۇرۇر.
جەھدە قىلغىل تابۇ ئالەم ئىچرە سەن،
ئاخىرەت مۇلكىن قولۇڭغە ئالغايسەن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەر بىلەن تەسەللىي تاپقاچ، ھەكىمغە ئاپىرىنلەر قىلدى. بۇ، كۈن ھەربىر كامىلنىڭ ئاقىل قۇشى ئىسكەندەرنى مەدھىيىلەپ، ماختاش ھاۋاسىدا پەرۋاز قىلىپ، بەخت ـ سائادەت ھۇماسى دۇنيانىڭ چىرىپ كەتكەن ئۇستىخانىغا مەيلان قىلمىدى.

شاھ قولى شەھبازى سەن ھەرگىز سۆڭەككە باقماغىل،
ئۆرلەبان دۆلەت ھاۋاسىغا بەلەند پەرۋاز قىل.

www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

# قەست قىلىش توغرىسىدا

قەستىنىڭ مەنىسى — پىلان قىلغان ئىش ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش دېگەن بولۇپ، ئۇ، مۇراد ـ مەقسەت يولۇچىلىرىنىڭ يول باشلامچىسى ۋە ھەربىر مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلىدۇر. بىر مەملىكەتكە باشچىلىق قىلىۋاتقان پادىشاھلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ توغرا پىلانى بولماي مۇمكىن ئەمەس. قەستى ـ پىلانى بولماي تۇرۇپ، بىر مەملىكەتنى تەرتىپلىك باشقۇرۇش ۋە بويسۇندۇرۇشنىڭ تىزگىن تۇتقىسى ئۆزىنىڭ قۇدرەت قەبزەسىغە كېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ. تولۇق قىزغىنلىق ۋە ئاكتىپ تىرىشچانلىق بولماي تۇرۇپ، پادىشاھلىق مەرتىۋىسى جاھاندارلىق مەسنەدىگە يەتمەيدۇ.

قەستىن ئىلمەي مەھكەم سەئيىن ئەتمەيى كامىل،
ھەرگىز ئولمادى كىشىنىڭ ھېچ مەقستى ھاسىل.

كىمكى بىرەر ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈش مەقستى بىلەن شۇ ئىشنى پۈتكۈزۈشكە مەشغۇل بولسا، ئۇل كىشى بارلىق ئوڭغۇشسىزلىق ۋە توسالغۇلارنى تەسلىم بولماستىن، داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، غەلىبىدىن ـ غەلىبىگە ئاتلاپ ئۆتەلىسىلا، ئۇ

توغرا پىلان قىلغان بولىدۇ.

كىشىلەر بىر ھەكىمدىن: «پادىشاھلارنىڭ توغرا پىلانى قايسى چاغدا ياخشى كۆرۈنىدۇ ۋە قايسى چاغدا ياراملىق بولىدۇ؟» دەپ سوراشتى. ھەكىم جاۋاب بەردى: «مەملىكەت ئۆز دۈشمەنلىرىنى يوقىتىش ۋاقتىدا ئەڭ چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئەگەر پادىشاھ (پەئىزا ـ ئەزىمىتە پەتەۋەككۇل ئەلالّلاھ) بىلەن ھىممەت ئاياغىنى ئەزىمەت ئىزاڭغۇسىغا قويسا، ئەلۋەتتە غەلىبە نۇسرەتنىڭ لەشكەرلىرى قوش ئات بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، چۈنكى توغرا قەست دشمەن ئۈستىدىن غالىپ بولۇشنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.»

قويسا سۇلتان ياخشى قەست ئەيلەپ ئىزانگۇغا ئاياغ،
دۈشمەندىن زەھرى كەتكەي بىرىپ ئىلكىدىن ئىنان.

ئۆتكەن زامان پادىشاھلىرىدىن بىرى لاي يېيىشنى ئادەت قىلىۋالغانىكەن، ھۆكۈمالار ئۇنىڭغا لاي يېيىشنىڭ زىيانلىرىنى ۋە يامان ئاقىۋەتلىرىنى كۆپ سۆزلەپ بېرىپتۇ، لېكىن پادىشاھ بۇنىڭغا ئىشەنمەي ئۆز ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇ مەزگىلدە ئۇلۇغلاردىن بىرسى ئۇنى كۆرگىلى كەپتۇ، قارىسا پادىشاھ كۆپ ئورۇقلاپ، بەدەنلىرى خارابلىشىپ، چىرايىنىڭ قىزىللىقى سارغىيىپ، كۈچلۈك تەنلىرى ئاجىز ۋە ناتىۋان بولۇپ كېتىپتۇ.

بۇ كىشى ئۇنىڭ ھالىنى سورىغاندا پادىشاھ:

ــــ ئۇزاق ۋاقىت بولدى، بۇنامەرغۇپ ئىش ماڭا ئادەت بولۇپ كەتتى، بۇنى ئۆزگەرتىشكە بىرەر ئامالىم يوق، بۇ خىل لاي يېيىش ئىشى ھەيرەت ئىياغىم لاي ئىچرە تۇرۇشلۇق، يەنە بۇ

ئادىتىمدىن ھەسرەت قولۇم كۆكسۇمدە تۇرۇشلۇق، — دېدى.
دەرۋىش كىشى:
— لاي دېگەن ئۆزۈڭگە زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن يەيسەن؟ — دېدى. سۇلتان:
— بۇ ئادەتنى تاشلاش ئۈچۈن ھەرقانچە كۆپ قەست قىلغان بولساممۇ، لېكىن ئۆز - ئۆزۈمگە كۈچۈم يەتمىدى قىلالماسمەن، — دېدى.
ئۇ كىشى بۇ چاغدا:
— ئەمن ئەزىمەت مىن ئەزاماتىل مۇلۇك، يەنى توغرا بولغان بىر پىلان پايدىلىقتۇر. بۇ پىلان پەقەت پادىشاھلاردىلا بولىدۇ، پادىشاھ ئۆزىنىڭ تۈزگەن پىلانىدا شۇنداق مۇستەھكەم تۇرالايدۇكى، باشقىلار توشقان بىلەنمۇ، ئۇلار ئۆز پىلانىدىن ھەرگىزمۇ يۈز ئۆرۈمەيدۇ، — دېدى. بۇ سۆز پادىشاھقا كۆپ تەسىر قىلدى ۋە غەيرەتلىنىپ لاي يېمەسلىك پىلانىنى توغرىلىدى. بۇ پىلاننىڭ بەرىكىتى بىلەن بۇ يامان ئادەتتىن قۇتۇلدى.
نەزمە:

سەن ئەگەر قەستىڭ قىلاۋىن قايتۇرىسەن ھەر تەرەپ،
قىلماغىل ھەرگىز تەرەددۇد ئەيلەبان قەستىڭنى سىست.
تاپمىغاي ھەر كىم مۇرادى مەنزىلى سارىغە يول،
سەيئىي قىلماي تامام قەسدىنى ئەتمەي دۇرۇست.
ھەر كىشى قەستى رىكابىغە قۇيار پايى تەلەپ،
مەكرىمەت تەختىغە چىققاي ئۆزگىلەردىن تىز جۇست.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# جىددى جەھەد توغرىسىدا

جىددىينىڭ مەنىسى — مەتلۇپ ۋە مەخسۇدىنى ھاسىل قىلىپ، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆڭۈلنىڭ رىغبىتىنى پاكىز قىلىشتۇر. جەھەدنىڭ مەنىسى — پىلان قىلغان ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇشەققەتلەرگە چىداپ، شىددەت بىلەن تىرىشىش دېمەكتۇر.

جىددى جەھەد — دۆلەت باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئالىي سۈپەتلىرىدىن بولۇپ، بۇ ھىممەتكە ئەگىشىپ كېلىدۇ. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ھىممىتى بەلەن بولسا، ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدا مۇشەققەت تارتىشتىن، ئېغىر توسقۇنلۇقلاردىن قورقمايدىغان بولىدۇ. بۇ ھالدىكى ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئىككى ئېھتىمالدىن تاشقىرى ئەمەس ياكى شۇ تىرىشچانلىق بىلەن مەقسەت ئىتەگىنى قولغا كەلتۈرۈپ تۇتۇشى مۇمكىن ياكى مەقسەت قولغا كەلمەي قالسا، ئاقىللار ئالدىدا ئۇنىڭ ئۆزرىسى ئوچۇق ۋە روشەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن بەلەن ھىممەت ۋە چوڭ غەيرەت بىلەن تىرىشقىنى كىشىلەر قەلبىدە ئايان بولىدۇ.

تەلەبدە كۆشىش ئەيلەرمەن ئەگەر تاپمسان نى ئارماندۇر،
ۋەگەر مەقسۇد ئىلكىگە كەلمىسە ھەم ئۆزرەم ئاساندۇر.

www.uyghurkitap.com

ھىندى ھۆكۈمالىرىنىڭ مەسەللىرىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر چۈمۈلە تىرىشچانلىق كەمەرىنى بېلىگە باغلاپ، ئادەملەرمۇ يۆتكەپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر دۆۋە توپىنى زور غەيرەت بىلەن زەررە ـ زەررىدىن بىر تەرەپكە توشۇپ يۆتكىمەكتە ئىدى. شۇ جايدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر قۇشنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قېلىپ قارىسا، بىر زەئىپ جانىۋار زور قىزغىنلىق بىلەن ئۇ دۆۋىنىڭ توپىلىرىنى تۈگىتىش بىلەن تۇتۇشماقتا ئىدى. قۇش:

— ئى مەۋجۇداتلارنىڭ ئاجىزى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ناچىرى، سەن نېمە مۇشەققەتلەرنى تارتىپ يۈرىسەن؟ — دېدى. چۈمۈلە ئۇنىڭغا:

— مېنىڭ ئۆز قەۋمىمدىن بىرسىگە خاتىرەم باغلىنىپتۇ، ئۇنىڭ ئىشقىدا ۋىسال تىلىگەن ئىدىم. بۇ چاغدا ئۇ، تىرىشچانلىق ئاياغىڭنى مۇشۇ تۇپراق ئۈستىدە توختاتقىن ۋە ئۇنى باشقا بىر تەرەپكە يۆتكىۋەتكىن، ئاندىن ۋىسال دۆلىتىنى تاپالايسەن، دېگەنىدى. ھازىر بۇ ئىشقا قەدەم قويۇپتۇرمەن، قەستىم شۇكى، بۇ مەشغۇللۇق بىلەن بۇ شەرتىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىپ، مەقسىتىمنى قولغا كەلتۈرگەيمەن، — دېدى. قۇش دېدى:

— سېنىڭ بۇ گۇمانىڭ كۆتكەن ئارزۇيۇڭنىڭ قەدرىگە ئۇيغۇن ئەمەس، بۇ ياچاقنى قولغا ئېلىپسەن، بىلىكىڭنىڭ قۇۋۋىتى ئۇنىڭغا باراۋەر كەلمەس، — دېدى. چۈمۈلە:

— بۇ بىر ئىشكى، ئۇنىڭ قەستىگە قەدەم قويۇپتۇرمەن، تىرىشچانلىق ئورنىدا مۇستەھكەم تۇرۇپتۇرمەن، ئەگەر تامامىغا يەتكۈزەلىسەم، مەقسىتىم قولغا كەلگەن بولىدۇ، ئەگەر تامامىغا يەتكۈزەلمىسەم، مەئزۇر تۇتۇشى مۇمكىن.

مەن بولۇرمەن سەئىي يولى ئىچرە تەك،
يوقتۇر ئىش ئىنسانغا كۇششتىن بۆلەك.
گەر مۇرادىم ئىلكىم ئىچرە يەتكۇسى،
غەم بىلەن ئەندۇھ مەندىن كەتكۇسى.
بولمىسا جىددىمدىن ئەر مەقسەت تامام،
ئادە مەن مەئىزۇر بولغۇم ۋەسسالام.

بۇرۇنقى زاماندا پەرىدۇن ئىسىملىك بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ سالامەتلىك تەختى ئۇستىدە ئارام ئېلىۋاتقان، دۆلەتنىڭ خوش پۇراق گۇللىرى سائادەت بېغىدا، خۇشاللىق شامالىنىڭ تەسىرىدە پورەكلەپ ئېچىلماقتا ئىدى، شۇ مەزگىلدە ئۇ باشقا پادىشاھلارنىڭ تەسەررۇپىدىكى بەزى مەملىكەتلەرنى ئۇرۇش بىلەن بېسىۋېلىشنى پىلان قىلدى.

ئەگەرچە مەملىكەتىم بەسىسدۇرۇر ۋەلى بۇ جاھان،
بىزەربە تىخ ئىشىم، ھىممىتىم ئۇلۇغلۇقىدۇر.

پەرىدۇن ئۆزىنىڭ پىلانىنى دۆلەت ئۆمىرالىرى ئارىسىدا بايان قىلدى، ئۇلاردىن بىر بۆلەك كىشىلەر: «ئى پادىشاھ، خۇدايتائالا ساڭا ئارەستە مۇلۇكلەرنى ئاتا قىلىپتۇ ۋە ھەم دىلخەستە خەزىنىلەرنى بېرىپتۇ، مۇنداق چاغدا پىستىنە غۇبارىنى بەرپا قىلىشنىڭ ۋە تەشۋىش ئوتىنى ياندۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەس، قولۇڭدا بار بولغان دۆلەت ۋە مۇلۇكلەرگە قانائەت قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ پىكرىنى كۆڭۈلدىن چىقارغىل دېدى» بېيىت:

www.uyghurkitap.com

فەراغەت ئەيلە ۋە ئىشرەت قىلغۇرغە كۈشەش قىل،
تۈگەنمىگەي بۇ جاھان ئىچرە ئاررزۇ ھەرگىز.

پەرىدۇن: «كۆز ئالدىدا بار نەرسىلەرگە قانائەت قىلىش، خۇددى باشنى ئالدىدىكى ھەلەپكە ئېگىپ تۇرغان كالىنىڭ ئىشى بولۇۋىدا ئولتۇرۇۋېلىش، ئىشتىن قېلىش — تۇل خوتۇننىڭ ئادىتىدۇر. پۇرسەت ۋاقىت چېقىنىداقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇنى غەنىيمەت بىلىش ۋە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمۈرنىڭ زىرائەتگاھىدىن چاققانلىق بىلەن ھوسۇل ئېلىشنى ئويلاش كېرەك.

بېيىت:

پادىشاھلىق كەمەرىنى باغلىمىغاي،
بولسا كىشىنىڭ ئىشىدىن پەرۋەرلىك.
قويغۇسى ئۆزىنى مۇشەققەت ئىچىدە،
كىشىنىڭ ھىممىتىدۇر سىرۇرلۇق.

خەۋەرلەردە مۇنداق بىر ھېكايە سۆز بار: بىر پادىشاھ ئوغلىنى جەڭگە ئاپاردى، ئوغلىدىن تەن ئاسايىشلىقىغا مايىل بولۇۋالغان، بەزىدە كىيىملەرنى سېلىپ تاشلاپ، ئىستىقامەت چېدىرلىرىنى تىكىپ، ئارام ئېلىۋالغانلىق ھەققىدە خەۋەر كەلدى. ئاتىسى ئوغلىغا: «ئي ئوغلۇم، ھەقتائالا ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا كۈلپەت ۋە مۇشەققەتنى يولداش قىلدى. مېھنەت ۋە مۇزەللەتنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا ئارام ئىستىراھەتنى يانداش قىلدى. ئاندىن ئاللا ئىززەتنى پادىشاھلارنىڭ، مۇزەللەت ۋە ئىستىراھەت پۇقرالارنىڭ نېسىۋىسى بولۇپ، بۇ ئىككى ئاتا

ھەرقانداق چاغدا بىر كىشىگە كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن پادىشاھلار راھەت ۋە ئاسايىشتىن ئۇزۇل - كېسىل ۋىدالىشىپ، راھەتنى رەئىيەلەرگە بېرىپ، مېھنەت ۋە مۇشەققەت ھۆنىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ كەسپى قىلىش بىلەن، ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەملىكەتنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئىستىراھەتنى دوست تۇتۇپ، ئىززەت ۋە مەملىكەتتىن يۈز ئۆرۈشى كېرەك» دەپ تاپىلىدى.

ساڭا يەتكۈسى شاھلىق لەززىتى،
يەنە ئۆزگە راھەت ئەنى ئىستىمە.
شاھىنشاھلىق سەندە سابىت تۇرۇپ،
تەقى ئۆزگە پىرايەنى كۆزلىمە.

يەئقۇب لەيس دەسلەپكى چاغلىرىدا تولىمۇ خەتەرلىك ئىشلارغا قەدەم قويغانىدى ھەمدە كۆپ ھالاكەتلىك ئىشلارنى ئۆزىگە لازىم تۇتاتتى. نەپسىنىڭ ئاسايىشىدىن ئۇزۇل - كېسىل يىراق بولۇپ، مۇشەققەتتىن قىلچە ئارام ئالمايتتى، بۇ چاغدا باشقىلار ئۇنىڭغا:

— سەن ئۆز ھالىڭغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئىشقا تۇتۇنغىن، سېنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرىڭ بىناھايەت مۇشكۇل ۋە قاتتىقتۇر، — دېدى. يەئقۇب:

— مەن بىلىمەنكى، بۇ ئامانەت جاننى بىر كۈنى تاپشۇرۇپ، دۇنيادىن كېتىپ، پەۋت بولۇپ، مۇشەققەت يۈكىنى كۆتۈرۈشۈم مۇمكىن. ئەھۋال مۇنداق ئىكەن، مېنىڭ ھەقىر ئىشلار بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈپ، دۇنيادىن كەتكىنىمدىن بەلەن ئىشلار ئۈستىدە ئۆلگىنىم خوپراق، — دېدى. ھەقىقەتەنمۇ يەئقۇب لەيس

ئۆز تىرىشچانلىقىنىڭ بەرىكىتى بىلەن كەمبەغەللىك بۇلۇڭىدىن سەلتەنەت تەختىگە چىقتى ھەم جاھانگىرلىك كىشۋەر ـ كۆشايلىق بىلەن ئالەمدىن كەتتى.

ئىش ئۈستىدە جىددى ـ جەھەت بىلەن بول،
كۆشىش ئىستەكىدىن ئالماغىل قول.
گەرچە يىراق بولسا ئىش يىلكىدىن،
جەھەد ئەتە قۇتۇلمىغاي ئىلكىدىن.

مەسىلە، تىرىشچانلىق بىلەن ئەقىلگە سىغمايدىغان ئۇلۇغلۇق ئىمارەتلىرى بەرپا بولىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، ھورۇنلۇق، سۇسلۇق ۋە ئېغىرلىق بىلەن دۆلەت بىناسىغا ۋەيرانلىق يېتىدۇ. تاھىر ئەۋلادلىرىنىڭ بىرىدىن:

— پادىشاھلىقىڭىزنىڭ زاۋال تېپىشىغا نىمە سەۋەب بولغان؟ — دەپ سورىدى. ئۇ:

— بىز كېچىلىرى شاراب ئىچىپ، سەھەرلەردە غەپلەتتە بولۇپ ياتقانلىقىمىزدىن، يەنى ھورۇن ۋە بوشاڭلىقىمىزدىن مەملىكەت ئىشلىرىغا پەرۋا قىلماي، نەپسىمىزنى غەپلەت يولىغا باشلىغانلىقىمىزدىن ئىززەت ۋە شەۋكەت رەسمىسى قولدىن بېرىۋەتتۇق. ناچار ئىختىيارىمىزنىڭ كېمىسى ۋەيرانلىق گىردابىغا توشتى، ئۈمىدىمىز مۇرات ساھىلىغا يەتمەي، مەھرۇملۇقنىڭ مەۋجىدە غەرق بولدى.

بېيىت:

دۆلەت بىناسىنى ئول كىشى خاراب ئەيلەر،
كېچىلەر ئىچىپ مەيى سۇبھى ياتسە خاپ ئەيلەر.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئون بىرىنچى باب

## ئادالەت توغرىسىدا

ئادالەتنىڭ مەنىسى — پۇقرالار ھەققىدە باراۋەرلىكنى كۆزلەش دېگەنلىك بولۇپ، بۇنى ھەربىر ھوقۇق ئىگىسى ئېسىدە ئەڭ مەھكەم ساقلاش زۆرۈردۇر. ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ رىيانى ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك. ئادالەت — پادىشاھلىقتا زىنەت بېرىدىغان قىممەتلىك بايلىقتۇر. ئادالەت — بىر ماياكتۇركى، ئۇنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇق يورۇيدۇ. ھەقتائالا بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىننەللاھەيەئمۇرۇبىل ئەدلى ۋەل ئىھسان» (ھەق سۆز شۇكى، ھەقتائالا بەندىلەرنى ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە ئەدلى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇيدۇ) دېگەن قەۋلى ئارقىلىق، ئەدلى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەدلى دېگەن — زۇلمى رەسىدىلەرنىڭ دادىغە يېتىپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىپ، ئارزۇسىغا قاندۇرۇپ، شەپقەت نۇرى بىلەن قاراشتۇر، ئىھسان دېگەن — غەم ـ غۇسسە تېگىدىن يارىدار بولغانلارنىڭ جاراھىتىگە راھەت مەلھىمىنى يېقىش دېمەكتۇر. خەۋەرلەردە بىر سائەت ئەدلى قىلىشنىڭ ئەجرى ـ ساۋابى ئاخىرەتتىكى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنى تارتىپ ئۆلچەيدىغان تارازامىزاندا 60 يىللىق نەپلى قىلغان تائەت ۋە ئىبادەتنىڭ ياكى 60 ھەجنىڭ ساۋابىدىن ئارتۇق دېيىلگەن.

چۈنكى، ھەجنىڭ نەتىجە ـ ساۋابى ھاجىلاردىن باشقا كىشىلەرگە بولمايدۇ، ئەدلىنىڭ نەتىجىسىدىن پۈتۈن خەلق بەھرىمەن بولىدۇ. دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ خەلق ئارىسىدا ئىززەت ۋە نوپۇزى ئۆسۈپ، ئۆز ئىشلىرىدا غەلىبە قازىنىپ، شەۋكەتى ۋە ھەشەمەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىمۇ ئەدلى ئارقىلىق بەرپا بولىدۇ. مەملىكەت ۋە خەلقنىڭ تەرەققىيات ئەسبابلىرى شۇ ئەدلىنىڭ بەرىكىتى بىلەن مۇھەييا بولۇپ تۇرۇلىدۇ.

ئەدلىنىڭ ساۋابى ھېسابى ھەددىدىن تاشقىرى، ئەقلىي قىياستىنمۇ نېرى بولىدۇ، بۇ ھەقتە خەۋەرلەردە كەلتۈرۈلگەن مۇنداق بىر ھېكايە سۆز بار:

قەدىمكى زامان پادىشاھلىرىنىڭ بىرىنىڭ دىلىغا ھەج قىلىپ، ھاجىلارنىڭ مەرتىۋىسىنى تېپىش خىيالى چۈشۈپتۇ ۋە ھۆرمەت قەدىمى بىلەن ئىززەت ھەرىمىنى تاۋاپ قىلىشقا پىلان قىلىپتۇ، سافانىڭ زىيارىتى، مۇمتىياز دۇئانىڭ ئىجابىتى بىلەن سەرەپراز بولۇشنى ئويلاپتۇ.

كەئبەنى ھەر كىم سافا ۋەسىدقى بىلە تاۋاپ ئېتەر،
ئىككى ئالەم ئىچرە ئول شاھلىق مەقامىغا يېتەر.

بۇ چاغدا دۆلەت ئەركانلىرى، مەملىكەتنىڭ چوڭلىرى، پادىشاھنىڭ يېقىنلىرى، ئاتاقلىق كىشىلەر مۇنداق بىر تىلەكنى ئەدرىز مەۋقەب قىلدىكى، «ئى پادىشاھ ھەج قىلىشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى — يولنىڭ ئەمىنلىكىدۇر. دۇنيادا پادىشاھلارنىڭ دۈشمەنلىرى كۆپتۇر، ئەگەر قوشۇن تەشكىللەپ، لەشكەر ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەشەم بىلەن بارماقچى بولسىڭىز، يول يىراق، مۇشەققەت كۆپ بولىدۇ. ئەگەر ئازغىنا خادىملار بىلەن ئىختىيار

www.uyghurkitap.com

قىلىسىڭىز يول خەتىرىدىن ئەمىن بولالمايسىز. يەنە بىر تەرەپتىن، پادىشاھ بولسا خەلقلەر ئۇچۇن خۇددى سايىۋەنگە ئوخشاشتۇر، ئەگەر دۆلەتنىڭ سايىسى رەئىيەلەرنىڭ باشىدىن يىراقلاشسا، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋەيرانلىق ۋە پالاكەت يۈزلىنىدۇ. ئام - خاسلەر تۇرمۇش مەئىشەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىنتىزام رىشتىدىن ئايرىلىدۇ، دېدى. پادىشاھ دېدى:

— ئۇنداق بولسا، سەپەر مۇيەسسەر بولماي تۇرۇپ ھەج ساۋابىدىن قايسى رەۋىشتە بەھرىمەن بولىمەن؟ — ئەركەنلار ئېيتتى:

— سىزنىڭ بۇ مەملىكىتىڭىزدە ئۆمرىنى ھەرەم مۇبارەكنىڭ مۇجاۋىرىتىدە ئۆتكۈزۈپ ئاتمىش ھەجنىڭ شارائىتىنى بەجا قىلغانلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ھازىر ئۆزلەت بۇلۇڭىنى لازىم تۇتۇپ، بېرىش - كېلىش ئىشىكىنى خالايىقلارنىڭ يۈزىگە تاقاپ ئولتۇرىدۇ.

خەلق غەۋغاسى مەلال ئەتكەندىن ئەيلەدى رەم،
تاغ يەڭلىغ ئىتەك ئىچرە ئېلىپ ئولتۇردى قەدەم.

ئۈمىد شۇلكى، ھەجنىڭ ساۋابىنى ئۇنىڭدىن سېتىۋېلىش سىزگە مۇيەسسەر بولسا، شۇ ساۋاب بىرلە ئۇلۇغ دەرىجىلەرگە يېتەلىسىڭىز كېرەك.

پادىشاھنىڭمۇ دەرۋىشلەرگە ئەقىدىسى بولغانلىقتىن، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال دەرۋىشنىڭ قاشىغە كەلدى، ئاردا بىر قۇر سۆزلەر جارى بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ دەرۋىشكە:

— ئى بۇزرۇكۋار، ھەج ئارزۇسى قەلبىمگە راسىخ بولۇپ ئورنىشىپتۇ، مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ ئىشلىرى مېنىڭ بۇ نىيەت

ـ ئارزۇلىرىمنى توسۇيدۇ، ئاڭلىسام سىز كۆپ ھەج قىلغان كىشى ئىكەنسىز، ئۈمىدىم شۇكى، ئاشۇ بىر ھەجلىرىڭىزنىڭ ساۋابىنى ماڭا ساتسىڭىز، تاكى سىزگە بەخت ـ شەرەپ، ماڭا ئەجىر ساۋاب بولسا، ـــ دېدى. دەرۋىش:

ـــ ئۇنداق بولغان، مەن ھەممە ھەجلىرىمنىڭ ساۋابىنى سىزگە كۆرسىتىپ بېرەي، ـــ دېدى. پادىشاھ:

ـــ ھەربىر ھەجىڭىزنىڭ ساۋابىنى قانچىلىك باھاغا ساتارسىز؟ ـــ دېدى. دەرۋىش:

ـــ مەن ھەج سەھنىسىدە باسقان قەدەملىرىمنىڭ ھەربىرسىنى پۈتۈن كائىناتتىكى بارلىق دۇنياغا ساتۇرمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ.

ـــ مەندە دۇنيا مۈلكىدىن ئازغىنا ئىقتىسادىم باردۇر، بۇ سىزنىڭ بىر قەدىمىڭىزنىڭمۇ باھاسىغا يارىمىغۇدەك، ئۇداقتا مەن بىر ھەجنىڭ ساۋابىنى سىزدىن قانداقمۇ سېتىۋالالايمەن؟ بۇ ئۇسۇلدا ھەممە ھەجنىڭ باھاسىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ؟ ـــ دېدى. دەرۋىش:

ـــ ئى پادىشاھ، مېنىڭ ھەممە ھەجلىرىمنىڭ باھاسى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەكمۇ ئاسان ۋە ئاددىيدۇر، ـــ دېدى. پادىشاھ:

ـــ قانداق ئاسان بولىدۇ؟ ـــ دېدى. دەرۋىش:

ـــ زۇلمى رەسىدىلەرنىڭ ھەققىدە بىر قېتىم ئەدلى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇلارنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلغانلىقىڭىزنىڭ ساۋابىنى ماڭا بەرسىڭىز، مەن ئاتمىش ھەجنىڭ ساۋابىنىڭ ھەممىسىنى سىزگە بەرسەم، بۇ سودىدا مەن تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت كۆرگەن بولىمەن، ـــ دېدى.

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، پادىشاھلار ئۇچۇن پەرھىش، ۋاجىپ ۋە سۈننەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بىردىنبىر مۇھىم ۋەزىپە — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنى، يۈز ـ ئابرۇيلىرىنى قوغداپ، كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ ھىمايىسى بولمىسا، دۆلەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئىگىلىرى ئاجىزلارنىڭ ھالاكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاجىزلارنىڭ گۆشلىرىنى ھالاكەتنىڭ پىل ۋە ئىتلىرىغا يەم قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۈچلۈكلەر يەنە خاتىرجەملىك تاپالمايدۇ ـ دە، پۈتۈن مەملىكەتنى ۋەيرانچىلىققا يۈزلەندۈرىدۇ. چۈنكى، بايلار بىلەن ئاجىزلارنىڭ، كۈچلۈكلەر بىلەن زەئىپلەرنىڭ مەئىشەتلىرى ھەممىشە بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. خەلقنىڭ ئەھۋالى تەرتىپ، نىزام ۋە ئەدلىدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئىستىقبال تاپالمايدۇ.

ئەدلى نۇردۇركى، مۈلك ئاندىن مۇنەۋۋەر بولغۇسى،<br>
جۈملە ئالەم نەسىمىدىن مۇئەتتەر بولغۇسى.<br>
ئەدلىنى پىش ئەيلە، مىسكىنلەرنى ھاجەتتىن چىقار،<br>
تا سېنىڭ جۈملە مەخسۇدىڭ مۇيەسسەر بولغۇسى.

ئەدلىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئارتۇقچىلىقى، زۇلۇمنىڭ رەزالىتى ۋە كاساپىتى توغرىسىدا ئۇشبۇ بىر نۆكتە سۆز يېتەرلىكتۇر. ئادىل پادىشاھ ئەدلى قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ھېچبىر مەنپەئەت كۆرمىسىمۇ، ھەممە خەلق ئۇنى دوست تۇتىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ.

ئەمما زالىم پادىشاھ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن زىيان ـ زەخمەت تارتمىغان كىشىلەرمۇ قارشى تۇرىدۇ ۋە دۈشمەن كۆرىدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭغا نۇشىرۋانى ئادىل بىلەن ھەججاج زالىمنىڭ قىسسەلىرى يېتەرلىك پاكىتتۇر.

نۇشىرۋان ئوت پەرەس مەجۇسى ئىدى، ھەججاج بولسا، ئىسلام دىنىدا تۇغۇلغان مۇسۇلمان بولۇپ، تابىئىنلارنى كۆرگەن. ئەگەر كىشىلەر ئارىسىدا نۇشىرۋاننىڭ ھېكايىسى سۆزلەنسە، ئەدلى قىلغانلىقتىن ھەممەيلەن ئۇنىڭغا سۆيۈنىدۇ، لېكىن ھەججاج توغرىسىدا سۆز بولسا، زالىم بولغانلىقتىن، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئەيىپ ۋە لەنەت ياغدۇرىدۇ.

شاھ جاھان مۈلكىن تۇتالماس گەر ئەمەسدۇر دادىگەر،
دۆلەتى باقى تاپار ھەر كىمكى بولسە بى زەرەر.
مەملىكەت ئەسلى ئادالەت بىرلە بولمىش پايىدار،
مۈلك ئىشى ھەم پادىشاھلارغا ئەدلىدىن تاپقاي قارار.
ھەرشاھىكىم بۇ جەھادا خەلق دادىغە يېتەر،
ئۆز مەقامىن جەننەتۇل مەئۋا ئارا ئاباد ئېتەر.

ئابدۇللا تاھىر بىر كۈنى ئوغلىدىن: «بۇ دۆلەت بىزنىڭ نەسلىمىزدە قايسى ۋاقىتقىچە باقى تۇرۇر؟» دەپ سورىدى. ئوغلى ئاتىسىغا: «ئەدلى بىساتى بىلەن ئىھسان فىراشى بىزنىڭ دۆلەت ئايۋانىمىزدا مەۋجۇت بولسا، سەلتەنەت شۇ ۋاقىتقىچە ساقلىنىپ تۇرىدۇ. مۇداھىكى، بىزنىڭ ئەدلى ـ ئىھسان تۈزۈمىمىز ئۆزگىرىپ كەتسە، بۇ سەلتەنەتكىمۇ شۇ چاغدا زاۋال يېتىشى مۇمكىن» دەپ جاۋاب بەردى.

شاھ ئاياغى تۇردى ئادالەت بىساتىدا،
پەرقى ئۆززە ھەمىشە بولۇر تاجى سۇرۇرى.
ۋاقتىكى شاھ زۇلمى يىڭىدىن چىقاردى قول،
بولغاي داۋام گەدەندە تەۋقى مۇدەببەر.

ئادىل پادىشاھ ئاللاتائالانىڭ يەر يۈزىدىكى رەھمەت سايىسى، ئۇنىڭدىن ھەربىر مەزلۇملار پاناھلىنىپ، بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنداق ھەقىقەت مۇقەررەركى، ھەرقانداق كىشىگە ئاپتاپنىڭ تاۋۇشىدىن ھارارەتنىڭ مۇشەققىتى يەتسە، ئىستىراھەت ئۈچۈن بىرەر سايىنىڭ پاناھىغا بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇشەققىتى راھەتكە ئۆزگىرىدۇ. زۇلمى ـ رەسىمدىلەر ھەم سىتەم ھارارىتىنىڭ تەڭلىكىگە قالسا، ئۇلارغا ھەم خۇدانىڭ رەھمەت سايىسى ئادىل پادىشاھ بولۇپ، ئول پادىشاھنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىلتىجا كەلتۈرۈش ئارقىلىق، زۇلۇمنىڭ كۆلپىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئامانلىق سايىسىدە راھەتكە نائىل بولىدۇ.

تەڭرى لۇتپى سايىسىدۇر ھەم شاھىكىم ئەدلى بار،
بەلكى مۇتلەق لۇتپىدۇر ھەر كىمكى بولمىش ئەدلى دار.
خەلقنى سايەڭگە ئالغىل ھالىدىن ئەيلەپ سوراغ،
تا شاراپەتتىن پەلەك پەرقى ئۆززە قويغىل ئاياغ.

ھۆكۈمالار ئەدلىنىڭ مەنىسى خەلقئارا باراۋەرلىكنى كۆزلەش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ مەزمۇن بىر گۇرۇھنى يەنە بىر گۇرۇھقا غالىپ قىلماسلىق، ھەربىر تائىپە كىشىلەرنى ئوخشاش ئورۇندا

www.uyghurkitap.com

قويۇپ، ئۇلارنى ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە باشقىلاردىن خاتىرجەم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر دەيدۇ.

ھەربىر پادىشاھلارنىڭ تاۋابىئى تۆت گۇرۇھتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى شەمشەر ئەھلىدۇر، ئۇلار ئۇمىرا ۋە لەشكەردۇر. ئۇلار ئوتقا ئوخشايدۇ. ئىككىنچىسى ئەھلى قەلەملەردۇر. مەسىلەن، كىتابدارلار، ۋەزىرلەر، ئۇلار ھاۋاغا ئوخشايدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەھلى مۇئامىلىلەردۇر. ئۇلار سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر بولۇپ، سۇغا ئوخشاشتۇر، تۆتىنچىسى، ئەھلى زىرائەتتۇر، ئۇلار دېھقانلار بولۇپ، تۇپراققا ئوخشايدۇ.

ئەگەر ئادەم بەدىنىدىكى ئاناسۇرنىڭ بىرى يەنە بىرىگە غالىپ كېلىپ، ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، خۇددى ئادەمنىڭ مىجەزى بۇزۇلۇپ، كېسەل بولغاندەك بولىدۇ. يۇقىرىقى تۆت تابىئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلسا، بىر ـ بىرىگە غالىپ كەلسە، مەملىكەتنىڭ مىزاجى بۇزۇلىدۇ. ئالەم سالاھى بۇزۇلۇشى بىلەن يەى ئادەمنىڭ مەئىشەت ئىنتىزامى بۇزۇلىدۇ.

باردۇر ھەر نىشىدە مەرتىبە،
كى بۇرۇن ۋاقىت تاپمىش ئول تەئىن.
كىشى ناگاھ ھەددىدىن ئاشسا،
قويغۇسى ئۇل ـ سولىدا پىتنەۋە كىن.
ھەر كىشىنى ئۆز يېرىدە ئولتۇرغۇزۇپ،
بەختىڭ ئۆزرە ئۆزۈڭگە بەر تەسكىن.

قەدىمكى ئالىملار ئەدلىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا گەپ قىلىپ ئەگەر ئادىل پادىشاھ دۇنيادىن كەتسە، ئۇنىڭ جەسىتىگە تۇپراق

تەسىر قىلماس دېيىشكەنىدى. باغداد پادىشاھى مەئمۇننىڭ ھۇزۇرىدا بىر ئالىم: «ئادىل پادىشاھنىڭ جەسىتى قەبرە ئىچىدىمۇ بۇزۇلمايدۇ، ئەزا ئۇستىخانلىرىمۇ بوغۇملىرىدىن ئاجرىمايدۇ» دېگەن بىر ھەدىسنى بايان قىلدى.

پادشاھ: «مەن روسۇلۇللانىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمەن، ھېچ شەك كەلتۈرمەيمەن، لېكىن مەن ئەدلىنىڭ نەمۇنىسى بولغان نۇشىرۋاننىڭ مەقبەرىسىگە بېرىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرگەيمەنكى، روسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ توغرىسىدا مۇبارەك تىللىرى بىلەن ئەلھەمدۇلىللا، مەن ئادىل پادىشاھنىڭ زامانىسىدا دۇنياغا كەلدىم دېگەنىدى» دېدى. ئاندىن كېيىن مەدەنىيەت تەرەپكە يۈز كەلتۈردى، ئۇ جايغا يېتىپ بېرىپ نۇشىرۋاننىڭ گۆرىنى ئاچتى، مەئمۇن خەلىپە كىرىپ قارىسا، نۇشىرۋان خۇددى ئۇخلىغاندەك يېتىپتۇ.

ئۇنىڭ ئۈچ بارمىقىغا بىردىن نەسىھەت سۆز يېزىلغان ئۈزۈك سېلىنغانىدى. بىرىنچى ئۈزۈكتىكى نەسىھەت سۆز: «دوست ـ دۈشمەنلەر بىلەن مادارا قىلىپ كېلىشكىن» دېگەن سۆز ئىدى. ئىككىنچىسىدىكى سۆز «ھەرقانداق ئىشقا ئاقىللارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپ قەدەم قويمىغىل»دېگەن سۆز ئىدى. ئۈچىنچى ئۈزۈكتىكى سۆز «پۇقرالارى رىئايە قىلىشنى تاشلىما» دېگەن سۆز ئىدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە، نوشىرۋاننىڭ بېشىغا بىر تاختاي ئېسىلغان، ئۇنىڭغا «ھەر كىشى مۇلكىنىڭ ئۇلۇغ ۋە بەختىيار بولۇشىنى ئاللاتائالادىن تىلىمەكچى بولسا، ئالىملارنى ھۆرمەت قىلسۇن ۋە ئۇلۇغ بىلسۇن، ئەگەر مەملىكەتنىڭ ئاۋۇن بولۇشىنى

بىلمەكچى بولسا، ئەدلىنى كۆپ قىلسۇن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان دېيىلىدۇ.

مەئمون ئۆزىنىڭ خادىملىرىغا يۇقىرىقى نەسىھەت سۆزلەرنى يېزىۋېلىشقا بۇيرۇدى، ئاندىن نوشىرۋانىڭ ياتقان يېرىنى خۇشبۇي نەرسىلەر بىلەن بېزەپ، مۇئەتتەر قىلىپ بېشىنى ياپتى، مەئمۇننىڭ خاسلىرىدىن بىرى سۆزلەشكە ئىجازەت ئېلىپ دېدى:

— ئادالەتنى خاسىيىتىدىن ئاللاتائالا كاپىرنىڭ بەدىنىنى گۆر ئىچىدە تۇپراقنىڭ زەرىرىدىن ساقلاپتۇ، ئەگەر بۇ ئادىل پادىشاھ ئىسلام سائادىتىنى تاپقان بولسا، ئۇنى ئاللاتائالا يەنە دوزاخ ئوتىنىڭ زەرىرىدىن ساقلاپ قالۇر ئەردى، — دېدى. ئۇنىڭ سۆزى مەئمۇننىڭ تەبىئىيتىگە بەكمۇ خۇپ كەلدى، بۇنى ھەم يۇقىرىقى ۋەسىيەتلەر قاتارىدا يېزىۋېلىشنى بۇيرۇدى.

قىلغۇسى ئەدلى سېنى ئالەم ئارانىكۇنام،
تەخى ئۇقباده نىيكۇ بەختۇ سائادەت پەرجام.
غورۇرى شەۋكەت بىلە دۇنيادە سەرە پراز ئەيلەر،
رۇزى مەھشەردە ناۋازىش بىلە مۇمتاز ئەيلەر.

ئادالەتلىك پادىشاھلارنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، زۇلمى رەسىدەلەر داد ئېيتىپ كىرسە، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە شەپقەت قۇلاقىنى تۇتۇش، ئۇلارنىڭ ھاجەت ۋە تەلەپلىرىنى ھەل قىلىش، ئۇلارغا رەھمەت يۈزىنى كۆرسىتىش، ئۇلارنىڭ ھاجەت ۋە تەلەپلىرىنى ھەل قىلىش، ئۇلارغا رەھمەت يۈزىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار داد قىلىش پۇرسىتىدە ناھايەت ئۇزاق سۆزلەپ كەتسىمۇ، مەلال بولماسلىقتىن ئىبارەت. چۈنكى، پادىشاھ بولسا

تىۋىپقا، ئەھۋال ئېيتىپ كەلگىنى بولسا كېسەلگە ئوخشاشتۇر، بۇ خۇددى كېسەلنىڭ ھالىنى كۆپ ئاڭلىغان تېۋىپنىڭ بىمارنى تېخىمۇ ئەتراپلىق داۋالىيالىغانلىقى بىلەن ئوخشاش.

خەۋەرلەردە شۇنداق كەلتۈرۈلىدۇكى، بىر كۈنى بىر كىشى ئۇلۇغلاردىن بىرىگە ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلدى، لېكىن ئۇ كىشى قۇلاق سالمىدى. ئىككىنچى قېتىم ئەھۋال ئېيتقاندا، يەنە شۇنداق قىلدى، ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلانغاندا ئول كىشى تەئەددى بىلەن:

— سەن ئەجەبمۇ باش ئاغرىقى كەلتۈردۈڭ، — دېدى. ئەھۋال ئېيتقۇچى:

— ساڭا باش ئاغرىقى بولىدۇ دېسەم، بۇ ئەھۋالنى ساڭا ئېيتماي قايان بارىمەن؟ — دېدى ئۇ كىشى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جىددىي تەسىرلەندى ـ دە، ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋان قىلدى.

دۆلەت بىلەن باش كۆتۈردىڭ مەرتكە قىل ئەلگە لۇتىف،
دەستى ـ دەس بەردى خۇدا ئۇپتادىلارنىڭ ئىلگى ئال.

پادىشاھلارنىڭ بىرى بىر ئالىمدىن: «ھەر نەرسىنىڭ زاكاتى بار ئىكەن، ئۇنداقتا پادىشاھلىقنىڭ زاكاتى نېمە؟» دەپ سورىدى. ئالىم پادىشاھنىڭ سوئالىغا پادىشاھلىقنىڭ زاكاتى — زالىملارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان كىشىلەر ئەھۋال ئېيتىپ كەلسە، ئۇنىڭغا شەپقەت بىلەن قۇلاق سېلىش، مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، ئۇنىڭغا مەرھەمەت بىلەن سۆزلەش، زەئىپ ھېقىرلار بىلەن سۆزلىششنى ئار ـ نومۇس بىلمەسلىكتۇر. چۈنكى، پەس ـ ھەقىرلەر بىلەن سۆزلىشىش چوڭلارنىڭ سۈپىتى بولىدۇ دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزى پەيغەمبەر ۋە پادىشاھ بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئاجىز چۈمۈلىنىڭ سۆزىگە مېھرىبانلىق بىلەن قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى.

نەزەر سالماق كىچىكلەرگە ئۇلۇغلۇقنى زىياد ئەيلەر،
سۇلايمان مۇنچە ھەشەمەت بىرلە باقتى مۇرھالىغە.

مەلۇماتلاردا، يەمەن پادىشاھى ئۆز دۆلىتىدە ئەدلى زىننەتلىرى بىلەن ئارەستە، ئەھۋال سۈپەتلىرى ئىنساپ بىلەن بېزەلگەن پىراستە ئىدى دەپ خەۋەر كەلتۈرۈلىدۇ.

ستەمغە زىيان ئەدلىغە سۇد ئىدى،
خۇدا رازىيۇ خەلق خۇشنۇد ئىدى.

پادىشاھقا تۇيۇقسىز ئاپەت يېتىپ، ئۇنىڭ قۇلاقلىرى ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرىنى يىغىپ ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتىپ، ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلىپ تاشلىدى، ئەھۋالنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ يىغلاشتى، ئۇلار ئۆز پادىشاھىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن كۆپ چارە ـ تەدبىرلەرنى قىلىشتى. بۇ ئەسنادا پادىشاھ مۇنداق سۆز ئاچتى: سىلەر مېنى قۇلىقىمنىڭ ئاڭلىماس بولۇپ قالغانلىقىدىن كۆز يېشى قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلىسىلەر. مېنىڭ كۆز ياشى قىلماقىم بۇ جەھەتتىن ئەمەس، خاس بىر قۇلىقىم ئەمەس، بەلكى ئاقىۋەت مەن ھەممە ئەزالىرىمنىڭ سەزگۈسىدىن ئايرىلىپ، دۇنيادىن كېتىشىم مۇقەررەر. ئاقىللار ھەرگىز مۇنداق بى باقار نەرسىلەر ئۈچۈن غەم ـ ئەندىشە قىلمايدۇ، مېنىڭ كۆز ياشىمنىڭ سەۋەبى زۇلمى

رەسىدىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا كېلىپ داد ـ ئەھۋال قىلسا، مېنىڭ قولىقىم ئاڭلىمىغانلىقتىن ھاجەتنى ھەل قىلالمىغاي ئالدىمدىن مەھرۇم بولۇپ يانسا، قىيامەت كۈنى ھەقتائالا قېشىغا بارغاندا، ئۇلار مېنى «ھال ئېيتىپ بارساق، پەرۋا قىلمىغان» دەپ تۇتسا، مەن دەل ئالالانىڭ دەرگاھىدا شەرمەندە بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يىغلايمەن. مېنىڭ تاپقان قارارىم مۇنداق، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىمگە: «ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن دادىخادىن باشقا ھەرقانداق كىشى قىزىل كىيىم كەيمىسۇن دەپ ئېلان قىلىڭلار، مەن شۇ قىزىل كىيىم بەلگىسى بىلەن دادىخاھلارنى تونۇۋېلىپ، ئۇلارغا ھەمداد بولاي» دېدى.

زۇلمىكەش دادىنى بەرمەھزۇنى دىلشاد ئەيلەگىل،
دىنۇ ـ دۇنيانى بۇدادىڭ بىرلە ئاباد ئەيلەگىل.

دۇنيادا كۆپلىگەن پادىشاھلار بىر قېتىملىق ئەدلى بىلەن مەزلۇملارنىڭ دادىغا يېتىپ، ئۇلارنى ھەسرەتتىن خالاس قىلغان سەۋەبتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ نۇسرەتىنى تېپىپ، ھەممە مەقسەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن.

ئۆتكەنكى زاماندا سۇلتانى مەلىك شاھى سەلجۇقى دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن، ئۇ بىر كۈنى زىنىدە رۇدكە نارىدە شىكار قىلىۋېتىپ، ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، ئىستىراھەت قىلىش ئۇچۇن بىر مىرغىزارلىقتا چۈشتى، ئۇنىڭ خادىملىرىدىن بىرى كەنتتىكى ئېرىق لېۋىدە ئوتلاپ يۈرگەن بىر كالىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆز ئادەملىرىگە تۇتقۇزۇپ كەلتۈرۈپ، ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىر پارچە گۆشى كاۋاپ قىلىپ يېگەن ئىدى. كالىنىڭ ئىگىسى شۇ جايدا ئولتۇرۇشلۇق بىر تۇل خاتۇن

بولۇپ، تۆت بالىسى بىلەن ئاشۇ كالىنىڭ سۈتىنى سېغىپ سېتىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. ئۇل خاتۇن بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تولا ئەندىشە تارتىپ يىغلاپ بىھوش بولدى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى پادىشاھ ئۆتىدىغان يولدىكى كۆۋرۈكتە ساقلاپ ئولتۇردى. پادىشاھ دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن يېتىپ كېلىۋاتقاندا، ئۇل خاتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئەھۋال ئېيتماقچى بولغاندا، كالىنى ئۆلتۈرگۈزگەن خادىم ھېلىقى خاتۇننى ئۇرۇپ ھەيدىۋەتمەكچى بولدى. پادىشاھ تۇرۇپ:

— بۇ مەزلۇم بىچارە كۆرۈندۇ، كۆرۈپ باقايلى، بۇنىڭغا كىم زۇلۇم قىلىپدۇر، ئۇنىڭ دادى كىمنىڭ بىدادلىقىدىن بولۇپتۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمىز كېرەك، زۇلمى رەسىدىلەر جۇرئەتلىك ۋە تىلى ئۆتكۈر كېلىدۇ، — دېدى.

ئايال ئەرز تىلىنى ئېچىپ دېدىكى: ئى ئالىپ ئارسلانخاننىڭ ئوغلى، ئەگەر سىز بۇ زىندەرۇد كۆۋرۈكىدە دادىمغا يەتمىسىڭىز، قىيامەتتە سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە خۇسۇمەت قولۇمنى ئېتىكىڭىزدىن ئالماسمەن، قايسى بىرىنى ئىختىيار قىلىسىز، ئويلاپ كۆرۈڭ؟

ئىنساپ بىلە دادىمنى بۇيەردە بەرگىل كىم،
ئوقبادە سىرات ئۈستىدە بەرگۈنچە.

ئۇل خاتۇننىڭ سۆزىنىڭ ھەيبەتىدىن سۇلتان دەرھال پىيادە بولدى، دېدىكى، «ئى ئانا، مېنىڭ ئۇل كۆۋرۈك ئۈستىدە سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى بېرىشكە تاقىتىم يوق، ھازىر ئېيتىڭ، كىمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىڭىز؟ داد ـ ئارمانىڭىزنى ئېلىپ

بەرگەيمەن.» خاتۇن:

— ئى پادىشاھ، ھازىرنىڭ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ماڭا ئازاب قامچىسىنى كۆتۈرگەن بۇ خادىمىڭىز مېنىڭ مەئىشەتىمىنىڭ بۇلىقىنى زۇلمى تۇپراق بىلەن تولدۇردى. سۈتى بىلەن يېرىم بالىلىرىم ۋە مەن ئاجىزەنىڭ زىرقىنى مۇھەييا قىلىپ بېرىدىغان كالامنى ئۆلتۈردى، ئۇنى ئۆزىنىڭ غىزاسى ئۈچۈن كاۋاپ قىلدىكى، شۇنىڭ بىلەن بىللە باغرىمنىمۇ كاۋاپ قىلدى، — دېدى.

پادىشاھ خاتۇننىڭ دادىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇل خادىمغا بىر كالا ئورنىغا ئۆزىنىڭ ھالال ماللىرىدىن يەتمىش سېغىن كالا بېرىشنى بۇيرۇدى،ماللارنى ئۇل خاتۇننىڭ قولىغا ئېلىپ بەردى. ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتتى، پادىشاھقا يات ۋاقتىدا ئۇنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن خاتۇن پادىشاھنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، ھاجەت يۈزىنى دۇئا قىبلىسىگە قارىتىپ ئاللادىن تىلىدى: «ئى خۇدا، مەن دەرماندا بولغان ۋاقتىمدا بۇ تۇپراق ئىچىدە ياتقان بەندەڭ ماڭا دستىگىرلىك قىلىپ، ھاجىتىمنى ھەل قىلغان ئىدى. ھالا دەرماندە سېنىڭ رەھمىتىڭگە موھتاج بولۇپتۇر، مېنىڭ بىچارىلىك ۋاقتىمدا ئۆزىنىڭ مەخلۇقلۇق ئەجرى بىلەن ماڭا رەھىم قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ ھەم بىچارە بولۇپتۇر، سەن ھەم ئۆزۈڭنىڭ خالىقلىق پەزلىڭ بىلەن بۇنىڭغا رەھىم قىلغىل.

شۇ كۈنلەردە پادىشاھلارنىڭ تابىئەلىرىدىن بىرى پادىشاھنى چۈشىدە كۆرۈپ، «ئى پادىشاھ، ئاللا سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟» دەپ سورىدى. پادىشاھ: «ئەگەر ماڭا شول خاتۇننىڭ دۇئاسى بولمىغان بولسا، مېنىڭ ئوقۇبەت چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن بولمايتتى» — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىدىكى قەبرىم ئۆزە كەندە پىر،
بولمىسا ئەپۇھ مېنى قويۇپ دەستىگىر.
قىلماس ئىكەن رەھمى ماڭا ئول ئىلاھ،
بولۇر ئىكەن غەم بىلە ھالىم تەباھ.

ئەدلىنىڭ يەنە بىر ئۇلۇغ سۈپىتى كىشىلەرنىڭ دادىغا يېتىشتە، خۇدانىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇش، ئۆزىنىڭ قىلغان ھۆكۈمى شەرىئەت ھۆكۈمىگە ئۇيغۇن بولۇش، خۇشاللىق ۋە غەزەپلىك چاغلاردىمۇ ئوخشاشلا ھەق تەرەپنى كۆز ئالدىدا تۇتۇش بولۇپ، ئاللانىڭ ھۆكۈمى ھەممە ھۆكۈملەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ھەر كىشى ئاللانىڭ ھۆكۈمىگە باش ئەگسە، ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھۆكۈمىدىن باش تارتمايدۇ.

ھەر يەردىكى پادشاھ سەرۋەرلەر،
ھەق دەرگاھىدا ھۆكمىگە قويمىشلەر باش.

## ھېكايە

بۇرۇن مەئمۇن پادشاھنىڭ دەۋرىدە پۇقرالاردىن بىر كىشى گۇناھ قىلىپ قويغانلىقتىن، گۇناھىدىن قورقۇپ، شەھەردىن قېچىپ كەتكەنىدى، قاچقۇنىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ گۇناھسىز بىر تۇغقىنى تۇتۇپ كېلىندى. پادشاھ ئۇنىڭغا: «سەن قاچقان بۇرادىرىڭنى تاپقىن، ئەگەر تاپمىساڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېنى ئۆلتۈرىمەن!» دېدى. ئۇ چاغدا ئۇ كىشى:

— ئى پادشاھ، سىزنىڭ بىر ئادىمىڭىز مېنى ئۆلتۈرمەكچى

بولسا، سىز ئۇنىڭغا بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمىگىن دېسىڭىز، ئۇل ئادەم بويسۇنامدۇ ـ يوق؟ — دېدى. پادىشاھ: «شۇنداق، بۇ چاغدا مېنىڭ ھۆكۈمىمگە بويسۇنۇپ، ئۆلتۈرۈشتىن ئەلۋەتتە قول يىغىدۇ»، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە بىر پادىشاھتىن مۇنداق بىر ھۆكۈمنى ئېلىپ كەلدىم، سىزمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئىش قىلىسىز، سىز نىڭ ھۆكۈمىڭىزمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە تابىئەدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز، ئەلۋەتتە مېنى ئۆلتۈرمەيسىز، — دېدى. پادىشاھ:

— كەلتۈرگەن ھۆكۈمىڭىز قايسى؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ئالLAنىڭ قەۋلى «ۋەلا تەزىرۇ ۋازىرە تۇن ۋىزىرە ئۇخرا» (ھېچ كىشى ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ گۇناھ يۈكىنى كۆتۈرمەس) دېمەكتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئى يار ـ بۇرادەر ھەم ئىگەرمۇ ئىمىنىسىز،
بىرنىڭ يۈكىنى بىرسىگە يۈكلىمەڭسىز.
ئىچۇنكى دېدى تەڭرى كەلامى ئىچرە،
كىشىنىڭ گۇاھىن كىشى كۆتۈرمەس ھەرگىز.

مەئمۇن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كەتكەنلىكتىن، يىغلاپ تاشلىدى ھەمدە: «بۇ كىشىنى قويۇپ بېرىڭلار، ماڭا ئۇلۇغ يەردىن ھۆكۈم يەتكۈزدى» دېدى.

ھەر ھۆكۈمكىم قىلىبدۇر ئۇنى ھاكىمى ئەھەد،
چۇنۇ ھەرا ئەتكىلى يوقدۇر كىشىغە ھەد.

ھۆكمىنى زاھىر ئەيلەدى سۇلتانى لەم بەزەل،
يوقدۇر كىشىگە زىھرەكى تاقىلغاي ئۆزىنى دەد.

## ھېكايە

بىرچاغدا ئۆمەر بىن لەيس بىر كىشىنى چىقىمچىنىڭ سۆزى بىلەن زىندانغا سالدى. ئۇل كىشىنىڭ بىر قىرى ئانىسى بولۇپ، ئەرز يېزىپ، ئۆمەر پادىشاھنىڭ ئۆتىدىغان يولىنى توسۇپ ئولتۇردى. بىر ۋاقىتدا ئۆمەر شۇ جايغا يېتىپ كەلدى، ئۇل خاتۇن ئەرزىمنى پادىشاھقا سۇنىمەن دەپ قەغىزىنى ئاچقانىدى، قەغەزنىڭ ئاۋازىدىن پادىشاھنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كەتتى، ئاچچىقلانغان پادىشاھ خاتۇننى قوغلىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇ يەردە ئۇل خاتۇن پادىشاھنى توسۇپ تۇرۇپ ئەرز ـ داد قىلدى، پادىشاھ:

ــ بۇ كىم بولىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى. خاتۇن:

ــ مەن ئۆتكەندە زىندانغا سالغان كىشىنىڭ ئانىسىدۇرمەن، ــ دېدى. پادىشاھ غەزەپلىنىپ بولغانلىقتىن، خاتۇندىن دەرھال يۈز ئۆرىدۇ. خاتۇن:

ــ ئى پادىشاھ، مېنىڭ بىگۇناھ ئوغلۇم توغرىسىدا نېمە ھۆكۈمىڭ بار؟ ــ دەپ سورىدى. پادىشاھ:

ــ ئۇنى يۈز تاياق ئۇرۇپ، يۈزىنى قارا قىلىپ شەھەر ئايلاندۇرۇپ، «مەگەر كىمكى پادىشاھقا ئاسىي بولسا، جازاسى مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ ئېلان قىلىنىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى. خاتۇن:

ــ سىز مۇشۇنداق ھۆكۈم قىلامسىز؟ ــ دەپ سورىدى. پادىشاھ:

— شۇنداق قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. خاتۇن:
— ھەرقانداق ھۆكۈمنى ئۆزىڭىزنىڭ خاھىشى بويىچە قىلىۋەرسىڭىز، ئاللانىڭ ھۆكۈمى قايان بارىدۇ؟ — دېدى.
پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ بىھوش بولدى، ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال ئۇل كىشىنى زىنداندىن چىقىرىپ ئەكەلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئۇستىدىكى تونلىرىنى سېلىپ، ئۇل كىشىغە كەيدۇردى ھەم مىنگەن ئېتىنىمۇ ئۇنىڭغا بەردى. ئاندىن كېيىن پادىشاھ ئۆزلىرىنىڭ خاسلەرىگە:
— ئۇ كىشىنى پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىغا ئاچىقىپ: «ئۆمەر بىننى لەيس ئاللاتائالانىڭ ھۆكۈمىنىڭ ئەكسىچە ئىشنى ئۆز كۆڭلىدە ئويلايدىغان كىشىلەردىن ئەمەس» دەپ ئېلان قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

ھاكىم، خۇدا ۋە بىز ھەممە ھۆكۈم خاكىسار،
ھۆكمى ئۇنىڭ ئۇلغىسىدۇر بىزدەنە ئېتىبار.

ئەدلىنىڭ ئۇلۇغۋار شەرەپلىرىدىن يەنە بىرسى شۇكى، پادىشاھلار داۋاملىق ھالدا پۇقرالار ھەققىدە ئۆزىنىڭ نىيىتىنى تۈز ۋە توغرا تۇتۇش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى كۆزلەشتۇر. چۈنكى، پادىشاھنىڭ ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغان نىيىتى ۋە قىلغان سۆزىنىڭ تەسىرى خەلق ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ، ئەگەر پادىشاھ ئەدلى قىلىشنىڭ نىيىتىنى قىلسا، خەلق ئارىسىدا بەرىكەت، بىرلىك ۋە خاتىرجەملىك پەيدا بولىدۇ. ئەگەر خەلقلەرگە زۇلۇم قىلىشنىڭ خىيالىنى قىلسا، مەملىكەتنىڭ ئىقتىساد بەرىكىتىگە، خەلقنىڭ بىرلىك ۋە خاتىرجەملىكىگە ئاپەت يېتىدۇ. دىن ۋە دۇنيانىڭ سالاھى ئۈچۈن سەئىدى شەيخ بۇ

مەنىنى نەزم تىزىقىغا مۇنداق تارتىبدۇر:

بۇ تەۋىر ئۇلغىل كى قىلساڭ ھەرنە نىيەتنى،
ئەنىڭدىن ياخشىلىق تاپقاي رەئىيەت.
ئەگەر قىلسا يامان ئەندىشە سۇلتان،
بولۇر ئاندىن جاھاننىڭ نەزمى ۋەيران.

بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايەتلەرنى كەلتۈرىمىز: ئۆتكەندە پادىشاھى قوباد شىكارغا چىققان جايدا، بىللە چىققان ئەدەملىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ھاۋا قىزىپ كەتكەنلىكتىن، ھارارەتتە ئۇسساپ كېتىپ، بىتاقەت بولۇپ، بىرەر بۇلاق ياكى بىرەر سايە تېپىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قارىدى. بىر ۋاقىتتا چۆلگە تىكلىگەن چېدىرنىڭ قارىسى كۆرۈندى، پادىشاھ ئېتىنى ھەيدەپ كېلىپ، بۇ جايدا ئورۇنلاشقان بىر قىز بىلەن ئۇنىڭ قېرى ئانىسىنى كۆردى. بۇنى كۆرگەن خاتۇن پادىشاھنى باشلاپ كىرىپ مېھمان قىلدى، پادىشاھ مېھمان بولۇپ، غىزا يېدى، سۇ ئىچتى، ئىستىراھەت قىلدى، كېچىسى شۇ جايدا قوندى.

ئۇ خاتۇننىڭ بىر كالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويدى، پادىشاھ سۈتنىڭ كۆپلۈكىدىن تەئەججۇپ قىلىپ، «بۇلار كالىلىرىمىزغا كىشىلەر خەۋەردار بولۇپ قالمىسۇن دەپ بىزدىن قېچىپ سەھرادا ماكان تۇتۇپتۇر» دەپ پەھىم قىلدى ۋە ھەر كۈنى بىزلەرگە مۇشۇنچىلىك سۈت بەرسە، ئۇلارنىڭ ھالىغا ھېچبىر تەسىر يەتمەس، مېنىڭ خەزىنەمگىمۇ كۆپ مەنپەئەت بولۇركەن، شۇنىڭ ئۈچۈن شەھىرىمگە بارغاندا بۇ جايدىكى خەلقلەرنى دۆلەتكە سۈت

بىرىشكە بۇيرۇق قىلغايمەن، دېگەن پىلاننى قىلدى.

ئەتىسى قىز كالىنى ساغقانىدى، سۈت ئادەتتىكىدىن خېلىلا ئاز چىقتى، قىز بۇ ئەھۋالنى ئانىسىغا خەۋەر قىلغانىدى، ئانىسى: «بۇنىڭدا ھېچ ئەجەپ يوق، ئېھتىمال پادىشاھ بىز پۇقرالارغا زۇلۇم قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا كېرەك» دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تەئەججۇپ قىلدى ۋە ئۇل خاتۇندىن: «سىز بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىغاندا، خاتۇن: «بىزنىڭ بۇ كالىمىز ھەر كۈنى كۆپ سۈت بېرەر ئىدى، ئەمما بۈگۈن سۈت ئاز چىقتى، ھەرقاچان پادىشاھ زۇلۇمنىڭ نىيىتىنى قىلسا، ئاللاتائالا يۇرتتىن بەرىكەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. قوباد «سىزنىڭ بۇ سۆزىڭىز راستتۇر» دەپ دەرھال ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە پىلان قىلغان سۈتكە ئالۋان قويۇش نىيىتىنى دىلىدىن چىقاردى. ئاندىن كېيىن قىزنى يەنە كالىسىنى سېغىشقا بۇيرۇدى، دەرۋەقە، بۇ قېتىم سۈت يەنە ئاۋۋالقىدەك كۆپ چىقتى، قىز دەرھال كىرىپ ئانىسىغا سۈتنىڭ يەنە كۆپ چىققانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، ئانىسى ئۇنىڭغا: «پادىشاھنىڭ نىيىتى ئوڭشالغاندۇر» دېدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئادىل پادىشاھ دېگەن يامغۇرلۇق بۇلۇتتىن تاپۇش قىلىپ، شۆئەئۇرۇپ تۇرغان قۇياشتىن ياخشى دېيىلگەن.

بىر كۈنى ئىسسىق ھاۋادا بەھرامگور بىر باغنىڭ ئىشىكىگە كەلدى، باغىۋان بىر قېرى چال بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن باغۋاندىن بۇ باغدا ئانار بار - يوقلۇقىنى سورىدى، باغۋان ئانارنىڭ بارلىقىنى ئېيتقاندا، بىر قاچا ئانار شەربىتى ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى. شەربەت كەلتۈرۈلدى، شەربەتنى ئىچتى ۋە «بۇ باغدىن ھەر يىلى قانچىلىك مەھسۇلات

ئالىسىلەر؟» دەپ سورىدى. باغبان باغدىن 300 دىنار قىممىتىدە ھوسۇل ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بەھرام:

— بۇنىڭدىن پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە قانچىلىك تاپشۇرىسەن؟ — دەپ سورىدى. باغبان:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىز دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن بىر نەرسە ئالمايدۇ، ئەمما ئاشلىق تېرىلىدىغان يەرلەرنىڭ مەھسۇلاتىدى ئون پىرسەنت ئۆشرە ئالىدۇ، — دېدى. بەھرام پىكىر قىلدىكى، «مېنىڭ مەملىكىتىمدە كۆپ باغلار بار، ھەرقايسى باغلاردا مېۋىلىك دەرەخلەر بار. ئەگەر خەلقلەر باغىنىڭ مەھسۇلاتىدىنمۇ ئۆشرە بېرىدىغان بولسا، مېنىڭ خەزىنەمدە تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ توپلىنىدۇ، بۇنىڭ خەلقلەرگە يېتىدىغان زىيىنى ئازغىنا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن باغلاردىنمۇ خىراج ئېلىشقا بۇيرۇيمەن» دېگەن پىلاننى ئۆز كۆڭلىدە ئويلىدى، ئاندىن باغبانغا يەنە بىر قاچا شەربەت ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. بۇ قېتىم ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتا، يېرىم قاچىدىنمۇ ئاز كېلىدىغان شەربەت كەلتۈرۈلدى. بەھرام «ئالدىنقى نۆۋەت تېز كەلدىڭىز ھەم شەربەتنى كۆپ ئەكەلدىڭىز. بۇنىڭدا يەنە سەۋەب بار؟» دەپ سورىدى. باغبان بەھرامنى تونۇماي: «ئى يىگىت، بۇ گۇناھ مەندە ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ پادىشاھىمىزدا، ئېھتىمال پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، خەلقلەرگە زۇلۇم قىلىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، شول سەۋەبتىن مېۋىلەرنىڭ بەرىكىتى كېتىپ قالغان بولغاي، ئىلگىرى بىر ئانار بىلەن بىرقاچىنى تولدۇراتتىم، بۇ قېتىم ئىككى ئانار سىقتىمكى، لېكىن بىر قاچىنى تولدۇرالمىدىم» دېدى. بۇ سۆز شاھى بەھرامغا كۆپ تەسىر قىلدى بولغاي، دەرھال ئۆزىنىڭ ئويلىغان باغ بولۇش كېرەك. شول سەۋەبتىن

مېۋىلەرنىڭ بەرىكىتى كېتىپ قالغان بولغاي، ئىلگىرى بىر ئانار بىلەن قاچىنى تولدۇراتتىم، بۇ قېتىم ئىككى ئانار سىقتىمكى، لېكىن بىر قاچىنى تولدۇرالمىدىم.» دېدى. بۇ سۆز شاھى بەھرامغا كۆپ تەسىر قىلدى بولغاي، دەرھال ئۆزىنىڭ ئويلىغان باغ مېۋىلىرىدىن خىراج ئېلىش نىيىتىدىن ياندى، ئاندىن باغۋەنغا يەنە بىر قېتىم ئانار شەربىتى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. باغۋەن دەرھال بېرىپ بىر ئانارنى سىققانىدى، بىر قاچا شەربەت بولدى. ئۇنى خۇشاللىق بىلەن بەھرامغا سۇندى، ئاندىن كېيىن بەھرامغا قاراپ ئېيتتى: «ئى يىگىت، ئەجەب بىر ھالەت يۈز بەردى، بۇ قېتىم بىزنىڭ شاھىمىز زۇلمى قىلىش نىيىتىنى ئەدلى قىلىشقا ئۆزگەرتكەن ئوخشايدۇ، بۇ شەربەتتە دەرھال بەرىكەتنىڭ ئەسىرى كۆرۈندى.»

بۇ چاغدا بەھرام ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، يۇقىرىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆرەتى ئەھۋاللارنى باغۋەنغا بايان قىلدى، ئاندىن كېيىن بۇ ھېكايەت ئۇل سائادەتمەن پادىشاھتىن كەلگۈسىدىكى پادىشاھلارنىڭ دەستۇر قىلىپ، يۇرت خەلقىنى باشقۇرۇشى ئۇچۇن ۋە ئۆزىنىڭ تۇزۇم ـ سىياسەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ يېڭىلاشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن تارىخ بەتلىرىدە يېزىپ قالدۇرۇلدى.

ھەر پادىشاھىكى نىيەتىن راست قىلۇر،
تاپقاي ھەقتىن ھەرنىكى دەرخاس قىلۇر.

ھۆكۈمالار «ئەدلى بولسا، بارلىق سۇپەتلەرنىڭ ۋە پەزىلەتلەرنىڭ ياخشىراقى، زۇلۇم بولسا بارلىق يامان نىيەت ۋە رەزالەتلەرنىڭ شۇمراقى» دەيدۇ. ئەدلى ئادالەتنىڭ نەتىجىسىدە

پادىشاھلىق ئۇستىدە ئۇزاق زامان بەختىيارلىق داۋام قىلىدۇ. مەملىكەت گۈللەپ ياشنايدۇ، جەمئىيەت خاتىرجەم ۋە ئاۋات بولىدۇ، خەزانىمۇ مول ۋە مەمۇر بولىدۇ. شەھەرلەر باياشادلىق ئىچىدە گۈللەيدۇ، خەلقلەر ئەخلاقلىق ۋە دىيانەتلىك بولۇپ، پارلاق ئىستىقبال بارلىققا كېلىدۇ، زۇلمى ستەم نەتىجىسىدە ئاۋۋال خەلقلەر كاردىن چىقىدۇ، مەملىكەت زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، شاھنىڭ ۋە سەلتەنەتنىڭ نوپۇزى يوقىلىشقا باشلايدۇ، ئاقىۋەت پۈتۈن دۆلەت زور ۋەيرانچىلىققا يۈزلىنىپ، ئاپەتكە دۇچار بولىدۇ.

سىيامەكنىڭ ئوغلى ھوشەنككە قىلغان ۋەسىيىتىدە مۇنداق يېزىلغانىدى: «ئى ئوغلۇم، سەن تەختكە چىققاندا، زۇلۇمنىڭ بەلگىسى كۆرۈنسە، دەرھال يوقىتىشىڭ كېرەك. ئەدلى ـ ساخاۋەت بايرىقىنى تىكلىگەيسەن، ئىزىلگۈچىلەر ۋە مېھنەتكەشلەرنىڭ ئاھىدىن قېشىڭغا ئەھۋال ئېيتىپ كېلىپ، مەھرۇملۇق بىلەن يانغۇچىلارنىڭ يىغىسىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغايسەن.

ئاھ ئۇرسا پىرەزەن ۋاقتى سەھەر،
قىلغاي ئاندىن يۈز تۈمەن تەبرۇ ـ تەبەر.

زۇلمى ستەم ئىشلىرى ئاقىۋەت يامانلىق نەتىجىسىنى كۆرسىتىدۇ. سەن شۇنىڭدىن قورقۇشۇڭ كېرەككى، زۇلۇم دېگەن دۆلەتنىڭ زاۋالىغا ۋە قولدىكى نېمەتنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبتۇر، ناكەسنىڭ ئاياغىدە پايمال بولىدىغان، خەسسىسنىڭ ئىلكىدە پەرسۇدە بولىدىغان مالنى دەپ خەلقلەر بىلەن زىتلەشمىگىن».
رەئىيەتنىڭ بىئاراملىقى شەكسىز ھالدا سەلتەنەتنىڭ ۋەيرانلىقىغا سەۋەب بولىدۇ، بۇ بىر ھەقىقەتتۇر.

شاھىكىم ئالدى رەئىيەتتىن خىراجى شىمار،
ئۆي تىگىن بۇزدى، قىلدى تام ئۇستىنى ئۇستىۋار.

ھېكمەت ئەھلى بۇ بابتا كۆپ مىسالLARنى بايان قىلغان، ھەقىقەتنى تونۇمايدىغان زاھىربىنلەر بۇنى بىر ھېكايە قاتارىدا كۆرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆزىنىڭ خادىملىرىغا: «ئىنسانلار ئارىسىدىن ئەڭ ئەخمەق كىشىدىن بىرنى تېپىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇغان ئىدى. پادىشاھنىڭ خادىملىرى بۇ ئىشنىڭ پېيىگە چۈشتى. ھەكىملەر، نەدىملەر، زېرەكلەر، خۇش تەبىئەت كىشىلەرنى مەملىكەتنىڭ ئەتراپلىرىغا، يېزا ـ قىشلاقلارغا ئەۋەتتى. ئۇلار بۇ سۈپەتلىك كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا كىرىشتى ۋە جاھاندىكى بارلىق ئەخمەقلەرنىڭ قىلىقلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتى. ئاخىر دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، ئۆزى دەسسەپ تۇرغان شاخنىڭ تۈۋىگە پالتا سېلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆردى، ئەگەر كەسكەن شاخ ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشسە، ئۇ ئادەمنىڭ مىڭ جېنى بولسىمۇ، بىرسى قالمايتتى. بۇلار بۇنى كۆرۈپ بىلدىكى، پادىشاھ دېگەن ئەڭ بىرىنچى ئەخمەق مۇشۇ بولسا كېرەك دېيىشىپ، ئۇنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئارقىدىن ئۇنىڭدىن كۆرۈلگەن ئەھۋاللارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىشتى. پادىشاھ تۇرۇپ: «بۇنىڭدىنمۇ ئەخمەقراق كىشى بار، شۇنى ئەكېلىڭلار» دېدى. ئەركانلار: «ئۇ قانداقراق كىشىدۇر، ئۇنىڭ ئەخمەقلىق خۇسۇسىيەتلىرى نېمىدۇر؟» دەپ سوراشتى. پادىشاھ: «ئۇ بىر زالىم كىشىكى، زۇلمى ستەم بىلەن پۇقرالارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ رەنجىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ قۇرۇتۇپ ۋەيران قىلىدۇ، سىلەر ئەنە شۇنداق ئەخمەقنى تېپىڭلار» دېدى.

شاھ دەرەخ يىلتىزى بولمىش رەئىيەتلەرگە بار،
ھەر دەرەخكىم بولۇر يىلتىزىدىن ئۈلمىش بىرقارار.
ئول دەرەخكىم تۇتۇپسەن شاخ ئۇستىدە ئورۇن،
پالتۇ بىرلە يىلتىزىغە ئۇرمەغىل بۇدۇر يۇسۇن.
چۈنكى تېشەر زەربىدىن سۇس ئولسا ھەر بىخى دەرەخ،
سەرنەۋۇن قىلغاي ئۇنى ئاگاھ تىكىپ بەريادى سەخ.
شاھىكىم قىلمىش رەئىيەتلەرگە كۆپ زۇلمى سىتەم،
يىل يېقىنكىم تىخ ئىلە ئۈز يىلتىزىن قىلمىش قەلەم.

خوجا ئىمانى خەتىبى مەدەنىي گۈيتەندىنىڭ كىتابىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار. سەمەرقەند ۋىلايىتىدە بىر زالىم بولۇپ، پۈتۈن خەلق ئۇنىڭ زۇلمى ئازابىدىن قاتتىق ئېزىلگەنىدى، ئۇنىڭ خەلققە قىلغان زۇلمى ھەددىدىن ئاشقانلىقتىن، بىر كۈنى تەختتە ئۇخلاۋاتقان پەيتتە، ھاۋادىن بىر ئوق كېلىپ سىنەسىدىن تېگىپ، ئارقىسىدىن چىقىپ، شۇ ھامان ئۆلدى. ئەتىسى ئۇ ئوقنى ئۇنىڭ سىنەسىدىن چىقىرىپ قارىسا، ئۇ ئوققا مۇنۇلار يېزىلغانىكەن: «سەن كىشىلەرگە زۇلمى قىلۇرسەن، زۇلمى قىلۇرسەنكى، بۇ ئوقلار ئەزالىرىڭغا خۇددى يىگىنىدەك تېز سانجىلىپ تۇرىدۇ» بۇ مەنىلەر ھەققىدە ئۇلۇغلار يەنە مۇنداق بېيىتلارنى ئېيتقان:

ئى قويۇپسەن زۇلمى باشقا جاپا ۋە جەۋىر ئوقىن،
قىل ھەزەر ناۋكىلەردىن كىم قەسىدەڭگە چۈشمەس كەمىن.
ئەگەر سىنىڭ ئاتقا ئوقىڭ پولات جەۋشەندىن ئۆتەر،
ھايىل ئولماس ئاھ پەيكانىغا كوھى ئاھنىن.
زەئىپ ئەل تىرە بارانى كەمىن تۇتمىش جەۋرىدۇر خەبەردار ئول،

كى ھەر كىم زەئپى ئارچۇقدۇر قەۋرىدۇر زەخمى پەيكانى.
زەھەر قىل زۇلمىكەشلەردىن ئاھىدىن كىم قان ياغار ئاندىن،
ئۇيۇساڭ باشىڭ ئۆزدە كىم تەشكەي سەيلى بارانى.

شۇكۇر ئەلھەمدۇلىللا، ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن مەرتىۋىسى بەلەن بولغان، ئۆز ئۆمرىدە ھەممە مەقسۇدلىرىنى تاپقان ھەزرىتى شاھزادىنى دۆلىتىگە پۈتۈن جاھان خەلقى پەخرى تاپاخور قىلسا، مەرۋە دىيارىدىن ماكان تۇتقان بارلىق خۇراسان خەلقى كامالى خۇشاللىقتىن باشنى كۆككە يەتكۈزسە، ئەلۋەتتە يوللۇق ۋە ئورۇنلۇق. ئەدلى ـ ئادالەتنىڭ ئاسارى، قىلغان ئىھسانىڭ ئەنۋارى پۈتۈن ئالەمگە يەتتى، دۆلەت پەرراشى شەپقەت بىساتى بىلەن مەرھەمەت پىراشىنى يەر يۈزىگە يايدى. دوستى پايدارلەر، ئۆز مەملىكىتىدىن خۇرسەن بولۇپ، نازىشلەر قىلدى، دۈشمەنلەر كەسكىن تىغ زەربىدىن ھالاكەتكە باردى.

دۆلەتۇ ـ مىللەتكە ياۋەر شاھى ئەبۇلمۇھسىنكى ئول،
ئىززۇ شەۋكەت بىرلە تەگمىشدۇر پەلەك ئۆزرە ئەلەم.
ئەدلىدىن يەر يۈزى تازا پەيزىدىن خۇررەم زامان،
مۈلكى ئابادۇ رەئىيەت شاد ئەلدىن باردى غەم.
دۆلەتى مەنشۇرى ئىچرە كاتىبى ھۆكمى ئەزەل،
پەتھى نۇسرەت نەۋقەئىن سالماق ئۈچۈنن سۇردى قەلەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئىككىنچى باب

## ئەپۇ تونغرىسىدا

ئەپۇنىڭ مەنىسى — ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى گۇناھ قىلسا، ئۇنى جازالاشقا نىسبەتەن كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە شارائىتى بار تۇرۇپ، گۇناھكارنى ئازابلىماسلىقتۇر. بۇ سۈپەت ئاللاتائالانىڭ نەزىرىدە بارلىق سۈپەتلەردىن ياخشى ۋە پەزىلەتلىكتۇر.

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ مۇشرىكلىرىدىن چەندان ئازار ۋە كۆلپەتلەرنى كۆرگەن. لېكىن، مەككە پەتھى بولغان كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلىپ، ئۇلارغا: «سىلەر ئازاددۇرسىلەر» دەپ بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئەپۇنىڭ خۇش خەۋەرلىرى بىلەن خۇرسەن قىلدى. ئۇلارغا يەنە: سىلەرگە بۈگۈن ھېچ باك ۋە مالامەت يوق، — دەپ ئېيتتى.

بىز ئادىتىمىزنى ھېچ تەرك ئەتمەسمىز،
ياخشىلىق ئىشىكىدىن يىراق كەتمەسمىز.
گەر ئەھلى جاھان بىزگە يامانلىق قىلسا،
زىنھار مۇكاپاتىنى كۆرسەتمەسمىز.

ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرىدە گۇناھ ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئەپۇنىڭ ساۋابى ھەم كۆپتۇر، بىر كىشى بىر ئەرەب پادىشاھىنىڭ بىر قانچە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، قېچىپ كەتكەندى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزى قايتىپ كېلىپ، پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا مېنىڭ ھاياتىمدا مۇنداق چوڭ گۇناھ قىلىپ تۇرۇپ، يەنە مېنىڭ ئوقۇبەتىمدىن قورقماي، خاتىرجەملىك بىلەن قېشىمغا كېلەلەيدىغان ئەجەبمۇ جۈرئەتلىك ئادەم ئىكەنسەن، دېدى. ئۇ، گەرچە مېنىڭ گۇناھىم چوڭ بولسىمۇ، لېكىن سىزنىڭ ئەپۇ ـ مەرھەمىتىڭىز ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق، شۇ سەۋەبىدىن قورقماي كەلدىم، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا بەكمۇ خوپ كەلدى، ئۇنىڭ پۈتۈن گۇناھىنى ئەپۇ قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە كۆپ ئىنئاملارنى بەردى. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ خاسلىرىدىن بىرى: «ئىيھ مەلىك، سىز مۇنداق چوڭ جىنايەت قىلغان كىشىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە، ئىنتىقام ئالماقنىڭ جەيىز ئىدى، ئەجەب ئۇنىڭ سۆزىگە بەرىپتە بولدۇڭ»، ــ دېدى.

پادىشاھ ئۇنىڭغا: «ئەھۋال سىز دېگەندەك ئەمەس، مەن پىكىر قىلدىم، ئۇنى جازالاپ ئىنتىقام ئالسام، مېنىڭ كۆڭلۈم خۇرسەن بولىدۇ. ئەگەر ئەپۇ قىلسام ئۇنىڭ كۆڭلى خۇرسەن بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى نام كۆتۈرگەيمەن ھەم شۇنى بىلگەيمەنكى، ئەپۇ ئىچرە لەززەتكە، يوق ئول ئىنتىقامدە مەئمۇن خەلىپە ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە: «ئەگەر خالايىقلار مېنىڭ كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىشتىن قانداق لەززەت ئېلىپ راھەتلىنىدىغانلىقىمنى بىلىدىغان بولسا، ھېچقانداق بىر كىشى

مېنىڭ ئالدىمغا گۇناھىدىن باشقا تۆھپە ئېلىپ كەلمەس ئىدى» دېگەن. ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن: «سىز پالانى گۇناھكار توغرىسىدا نېمە دەيسىز؟» دەپ سورىغان ئىدى، ئۇل كىشى: «ئى پادىشاھ، ئەگەر گۇناھ بولمايدىغان بولسا، ھەممە پەزىلەتتىن ئارتۇق شەرەپلىك بولغان ئەپۇ خىسلىتى ھېچبىر كىشىدىن كۆرۈلمىگەن بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار دېگەن ئەپۇنىڭ ئەينىكى ۋە نامايەندىسى بولىدۇ. گۇناھكارلار بۇ ئۇلۇغۋار سۈپەتنىڭ ئەمەلىيەتتە كۆرۈلۈشىگە بىۋاسىتە سەۋەبچى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار توغرىسىدا سىز بۇ سۈپەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەيسىز، — دېدى. بېيىت:

گۇنەھ ئەپۇ كەرەم كۆرگەزمىسىدۇر ئى شېيخ،
گۇنەھلىق ئەلگە ھاقارەت كۆزى بىلەن قارا ماڭ.

ئىسكەندەر: ئەپۇ قايسى ۋاقىتتا ياخشىراق دەپ سورىدى. ئەرەستۇ: ئەگەر سىز دۈشمەن ئۈستىدىن زەپەر تېپىپ، ئۇنى قولغا چۈشۈرسىڭىز، دىشمەنگە قۇدرەت تاپقاندا ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى كەچۈرۈپ ئەپۇ قىلسىڭىز، دۈشمىنىڭىزنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىپ شۈكۈرگە ئېرىشكەن بولىسىز، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۆتكەندە بىر پادىشاھ ئۆزىنىڭ بىر دۈشمەنىنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇنى ئەسىر قىلىپ قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى جازالاش ئورنىدا تۇتقاندا، پادىشاھ ئۇنىڭدىن: سەن ئۆزۈڭنى قانداق كۆرىسەن؟ — دەپ سورىغانىدى. ئۇ: سىز غەلىبە قىلىشنى دوست تۇتارسىز، ئاللاتائالا ئەپۇ قىلىشنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاتائالا سىز دوست تۇتقان غالىبىيەت زەپەرنى سىزگە بەردى، سىزمۇ ئاللاتائالا دوست تۇتقان ئەپۇنى

ئەمەلىيەتتە جارى قىلدۇرغايسىز، — دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا مەقبۇل كېلىپ يېقىپ قالغانلىقتىن، ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلار جاھاندا گۇناھلاردىن سادىر بولغان يامان ئىشلارنىڭ باراۋېرىدە يامان مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۇنى جازالاش خىيالىنى ئۆز كۆڭلىدىن ئەلتۈكۈس چىقىرىپ تاشلاپ، جازالاشقا قۇدرەت تاپقان چاغلاردىمۇ ئۇلارنى ئەپۇ بېشارىتى بىلەن نەۋازىش قىلىش كېرەك، بىلىملىك شاھلارنىڭ ئادەتلىرى مۇنداق بولماقدۇر.

دەۋرى ئادەمدىن بۇ كۇن دەۋرىچە ئولدۇر رەسمىي راھ،
كىم ئۇلۇغلاردىن كېرەم بولمىش كىچىكلەردى گۇناھ.

ئۆتكەندە بىر پادىشاھنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى گۇناھ قىلغانلىقتىن، ئۇنى جازالاش ئۈچۈن تۇتتى. پادىشاھ بىر كۇنى ئۇنى قانداق جازالاش توغرىسىدا بىر كىشى بىلەن مەسلىھەتلەشتى، بۇ چاغدا ئول كىشى: ئەگەر مەن سىزدەك ھوقۇققا مۇيەسسەر ئادەم بولغان بولسام، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا سىياسەت بىلەن قاتتىق ئەدەپ بەرگەن بولاتتىم، — دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا: سىز مەندەك بولمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، مېنىڭ قىلىدىغىنىم سىزنىڭكىگە ئوخشاش ئەمەس. مېنىڭ ئىشىم سىزنىڭكىدىن تەتۈرىچە بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلدىم، ئۇنىڭدىن گۇناھ يامانلار كۆرۈلگەندە، مەندىن ئەپۇ قىلىش ياخشىلىقى سادىر بولۇشى كېرەك، — دېدى.

كىچىكلەر يازۇقى گەرچە ئۇلۇغدۇر،
ئۇلۇغلەر ئەپۇسى ئاندىن ئۇلۇغراق.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ توغرىسىدا يەنە بىر كىشىدىن گۇناھ سادىر بولسا، ئەلۋەتتە پىكىر قىلىپ ئويلاش كېرەك. ئەگەر ئۇ گۇناھكار خۇدانىڭ ئەپۇ قىلىشىغا موھتاج بولسا، ئەلۋەتتە گۇناھنى ئەپۇ قىلىشنى دەرىخ تۇتماسلىق كېرەك، ئاللاتائالامۇ ھەم ئۇنىڭ يۈزىگە ئەپۇ دەرۋازىسىنى تاقىمايدۇ، ئەلۋەتتە.

گەر خۇدايى سەمەد بەخشىشىگە كۆز تۇتساڭ، گۇناھكارنىڭ گۇناھىدىن كەرەم قىلىپ، ئەپۇ ئەت، قەدىمكى زاماندىكى بىر پادىشاھ بىر كىشىنى خىزمەتكە بۇيرۇدى، خىزمەت ئۈستىدە ئول كىشىدىن خاتالىق سادىر بولغانلىقتىن، پادىشاھ بۇ كىشىنى ئۆز مەنسىپىدىن ئېلىۋەتكەندىن تاشقىرى ئۇنى باغلاپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن كايىدى. ئول كىشى پادىشاھقا: ئاڭلاڭ، قىيامەتتە سىزنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىڭىز سەۋەبىدىن خۇدانىڭ قاشىدە غەزەپ مەقامىدە تۇتۇلسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز نېمىنى خالايسىز؟ — دەپ سوئال قويدى.

پادىشاھ ئۇنىڭغا: «مەن ئەلۋەتتە ئاللاتائالانىڭ مېنىڭ گۇناھىمنى ئەپۇ قىلىشىنى خالايمەن» دېدى. بۇ چاغدا ئۇ بىچارە «ئۇنداق بولسا، سىز مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى، ئاللاتائالانىڭ ئەپۇ قىلىشى بەندىلەرنىڭ بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىشىغا باغلىق، ئەگەر بەندە بەندىدىن سادىر بولغان گۇناھنى ئەپۇ قىلسا، ئاللاتائالا ھەم ئۇنى ئەپۇ قىلىدۇ.

مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مۇجرىم سەن خۇدانىڭ ئالدىدا،
ئەپۇ قىل مەندىن كى سەندىن ھەم خۇدا ئەپۇ ئەيلەگەي.

پادىشاھقا مەزكۇر سۆز مەقبۇل كەلدى ۋە ئۇنىڭ گۇناھىنى

ئەپۇ قىلغاندىن تاشقىرى يەنە بۇرۇنقى ھوقۇق مەرتىۋىسىنى بەردى.

ئەپۇ قىلماق ياخشىراق خىسلەتدۇر،
ئەپۇ قىلغان ساھىبى دۆلەتدۇر.
ئەپۇ نۇرىدىن كۆڭۈل روشەن بولۇر،
بويىدىن ئەل سىنەسى گۇلشەن بولۇر.
ئەپۇنى ھەق دوست تۇتمىش ئى سىبى،
دوست تۇت ھەق دوست تۇتقان نەرسىنى.

لېكىن، شەرىئەتنىڭ چېگراسىنىڭ سىرتىدىكى ئىشلار توغرىسىدا ئەپۇ قىلىش ياخشى ئەمەس، بەلكى ئۇنداقلارنى قەھر ـ غەزەپ بىلەن قاتتىق جازالاشلا ئاقىلانىلىكتۇر.

ھەر گۇناھىكىم بولۇر ھۆكمى شەرىئەتكە خىلاپ،
قىلغۇلۇق ئەرمەس ئۇي ئەپۇ ئەيلىمەك بىرلەمۇئاپ.
بەلكى ئول سائەتتە شەرئى ئىچرە بولمىش ھۆكمى رەپ،
كىم سىياسەتگاھ ئارا ئۇرماق كېرەك ۋە جۇپى ئەدەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئون ئۈچىنچى باب

# ياۋاشلىق توغرىسىدا

ئاللا تائالانىڭ بىر سۈپىتى ياۋاشلىق بولۇپ، بۇ سۈپەت «ئىننەللاھەغەپۇرۇن ھەلىم» (ئاللاتائالا بەندىلەرنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە بىئاھايەت ياۋاشلىق كۆرسەتكۈچىدۇر) دېگەن قەۋلى بويىچە ئاتىلىدۇ. پۈتۈن ئەنبىيالارغا مۇشۇ سۈپەتتىن نەسىبە بېرىلىدۇ. شۇنىڭ رىغبىتى بىلەن ئىمانىنى ۋەيران قىلىدىغان غەزەپ سۈرىتىنى باسىدۇ ۋە شەيتان لەشكەرىنىڭ چوڭ باشچىسىنى سۇندۇرىدۇ. ھەدىستە شۇنداق بىر سۆز بار: «ئى ئۈممەدلەر، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى كۈچ - قۇربەتلىك ئادەم شۇكى، غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى بېسىۋالالايدىغان، ئاچچىقىنى يۇتۇپ، نەپسى خالىغان ئىشلارنى قىلمىغان ئادەمدۇر.

دېمەك ھەركىمنى مەردانە، ئول پورزور پوردىلدۇر،
كىشىكىم ئاچچىقى زەھرىن يۇتار، ئول مەردى كامىلدۇر.

ئىنجىلدا پادىشاھلار غەۋاجىپ بولغان ئىشلارنىڭ بىرى ئۆز نەپسلىرىنى ياۋاشلىق بىلەن مۇشەققەتكە سېلىپ چېنىقتۇرۇش بىلەن تىزگىنلەش، تەبىئىيىتىگە ياقمايدىغان ئىشلار ئالدىغا كېلىپ قالسا غەزەپلەنمەسلىكتۇر.

چۈنكى، ئاللاتائالا ئۇلارغا ئۇلۇغ قۇدرەت ۋە تاۋانالىق بەرگەن ۋە كۆپ سانلىق خەلقلەرنى ئۇلارغا زىردەست ۋە مۇتئى قىلىپ بەرگەن. مۇنداق بولغاچقا، پادىشاھلار ياۋاشلىقنى ئاچچىقلار ئۈستىگە قويمىسا، بەرداشلىق ۋە سەۋرچانلىق بىلەن غەزەپلىرىنى باسمايدىغان بولسا، مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەربىر سۆز، ھەربىر ئىشى ئۇچۇن ئىنچىكە ھېساب قىلىپ جازالاۋېرىش تەرىپىگە ئېغىپ كېتىدۇ، نەتىجىدە خالايىقنىڭ ئۇرۇقى ئۇزۇلۇپ، ئەلنىڭ روناقى قالمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنۇ مىسرانى ياخشى ئېيتىدۇ.

تەھەممۇل ئەيلىمەك گەنجى خىرەددۇر،
ياۋاش ئەرمەس كىشىلەر دىۋە دۆتدۇر.
ياۋاشلىق دىۋىنى بەندىغە سالمىش،
غەزەپنى تېخى زىندان ئىچرە سالمىش.

ياۋاش كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، غەزەپ كەلگۈنى ئەگەر تاغلارنى ئېقىتقۇدەك شىددەت بىلەن مەۋج ئۇرسىمۇ، ئۇنى بېتەرەپ قىلالايدىغان، ئاچچىق ئوتى قاتتىق تاشلارنى كۆيدۇرگۈدەك يالقۇن ئۇرۇپ كۆيۈۋاتسىمۇ، ئۇنى پەس قىلالايدىغان بولۇشتۇر. ياۋاشلىقنىڭ تەسىرى بولماي تۇرۇپ، قايسى بىر سۇلتاننىڭ غەزەپ ئوتى توختىمايدۇ. سەۋرچانلىق يار بەرمەي تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھېچبىرىنىڭ غەزەپ ئوتى توختىمايدۇ. ئەگەر پادىشاھلارغا سەۋرچانلىق يار بەرمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا رەئىيەلەرنىڭ نامەئقۇل سۆزلىرىدىن ھېچ ۋاقىت مەيلى دەپ ئۆتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئادىل پادىشاھلار ئۆز ھاياتىغا ياۋاشلىق

گۈللىرى بىلەن زىننەت بېرىشى كېرەك. ياۋاشلىق كۈچى بىلەن ئادەم كۆيدۈرىدىغان غەزەپ ئوتىنىڭ ئاسىسىنى يوقىتىش كېرەك.

ياۋاشلىق چۈ يەتتى غەزەپ بولدى پەست،
غەزەپكە تەھەممۇل بۇيرۇدى شىكەست.
خىزەد سەقىپىغە دۇر تەھەممۇل سىتۇن،
يەڭگىللەر بولۇر ھەمە سەرنىگۇن.

سۇلايىما ۋەرراقى ئۆز سۆزىدە: «مەن بىر كۈنى مەئمۇن خەلىپەنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ياقۇتتىن ئۈزۈنلۈقى تۆت ئىلىك، توغرىسى بىر ئىلىك چامىسىدىكى بىر نەرگىسنى كۆردۈم، ئۇ ئۆزىنىڭ روشەن،ساپلىقى بىلەن ئاپتاپتەك شۆئلە ئۇرۇپ تۇراتتى. خەلىپە بىر زەرگەرنى چاقىرتىپ، شۇ ياقۇتتا كۆز قويۇپ بىر ئۈزۈك ئېتىشكە بۇيرۇدى. زەرگەر ياقۇتنى ئېلىپ ئۆيگە قايتتى، يەنە بىر كۈنى مەن خەلىپەنىڭ خىزمىتىگە باردىم، خەلىپە ئەڭگۈشتەر ئۈزۈكنى ئويلاپ زەرگەرنى چاقىرتىپ كەلدى، كۆزۈم زەرگەرگە چۈشۈپ قالدى، قارىسام ئۇ خۇددى ئۆششۈك تەگكەن غازاڭدەك تىترەپ تۇراتتى. خەلىپە زەرگەردىن قورقۇش ۋە تىترەشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى، زەرگەر: گۇناھىمدىن قورقىمەن دېدى، پادىشاھ: سېنىڭ ھەرقانداق گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم، بۇ قورقۇشنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلغىل، — دېدى. زەرگەر ياقۇتنى چىقاردى، قارىسا ئول ياقۇت تۆت پارە بولغان، مەئمۇن بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بۇنى ئاپىرىپ تۆت ئۈزۈككە كۆز قىلغىل، بۇ ھەقتە ھەرگىز سەندە گۇناھ يوق، — دېدى. مەئمۇن خەلىپىدىن كۆرۈلگەن بۇ خىسلەت ياۋاشلىقنىڭ غايىتىدۇر.

ياۋاشلىقتىن بۇ كار ـ كەسپۇن ـ كامالىڭ،
كى ھەم ئاندىن بولۇر ئەزىزۇ جەلالىڭ.
ياۋاشلىق شادلىق بەرمىش خىجىلغە،
بولۇر چۇن مۇمىيا شىكەستە دىلغە.

بىر كۇنى نۇشىرۋان بۇزۇر جۇمھۇردىن يۇۋاشلىق قانداق؟ دەپ سورىدى. بۇزۇر جۇمھۇر: ياخشى خۇي ـ ئەخلاق دېگەن ھۆكۇمەت ۋە پادىشاھلىق داستىخىنىنىڭ تۇرى بولۇپ، ياۋاشلىقنى ئەرەب تىلىدا «ھەلىمى» دەپ ئاتايدۇ. تۇزىنى «مەلھى» دەپ ئاتايدۇ. ھەلىمىنىڭ ھەرپ شەكلىنى ئەكسىچە قىلىپ ئۆزگەرتكەندە، «مەلھى» بولىدۇ، تۇزى يوق تائام مەززە بەرمىگەندەك، ئەخلاق، ياۋاشلىقنىڭ تەسىرىسىز گۇزەللىك كەلتۇرەلمەيدۇ، ــ جاۋاب بەردى. ئاندىن نۇشىرۋان: ياۋاش كىشىنىڭ قانداق بەلگىسى بار؟ دەپ سورىدى. بۇزور جۇمھۇر: ياۋاش كىشىدە ئۇچ نىشانە بولۇر، دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭ بىرسى ئاچچىق، تۇرتۇك يۇزلۇك، قاتتىق سۆزلۇك كىشىلەر ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن سۆزلىسە، ياۋاش كىشىلەر ئۇنىڭ باراۋېرىدە ياخشىلىق كۆرسىتىدۇ، خوجا ھاپىز بۇ بابتا مۇنداق بېيىتلەرنى كەلتۇرگەن.

ھېلىمىنىڭ غايەتى بۇدۇركى ساڭا،
بەرسەلەر زەھەر سە شەكەر بەرگىل.
بولماغىل كەم دەرەختىكى سېنى،
ئۇرسالەر تاش بىلە سەمەر بەرگىل،
قىلسالەر باغرىڭنى پارە ـ پارە،
كان يەڭلىغ ئۇلارغە زەربە بەرگىل.

ئىككىنچى بەلگىسى، ياۋاش كىشى ئاچچىقى كەلگەندە، ھەتتا غەزەپىنىڭ باشتىنلا كامالى سەۋر ـ تاقەت خامىنىنى سورۇۋەتكەن چاغلاردىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن خامۇش بولۇپ شۈك تۇرىدۇ. بۇ سۈپەت، كۆڭۈل خاتىرىسى ئارام ئېلىپ، روھ تەسكىن تېپىشنىڭ دەلىلىدۇر. مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويغان دەرۋىشلەر غەزەپ ئوتىغا دەل مۇشۇ يول بىلەن ئىلاج قىلىمىشلەر، ئۈچىنچى بەلگىسى، بىر كىشىدىن قەبىھلىك سادىر بولۇپ، ئۇقۇبەت قىلىش لازىم بولغاندا، گەرچە ئازابلاشقا قۇدرىتى يەتسىمۇ، يەنە ئاچچىقى يېڭىپ، غەزەپنى يۇقىتىدۇ. ئاخبارات كىتابلىرىدا مۇنداق يېزىلىدۇ: بىر كوي ۋىلايەت گۈلىستانىنىڭ غۇنچەئىي نەۋشە گىيتەسى، ھىدايەت باغىستانىنى نىھال نەۋرەستەسى — نەبىنىڭ نەبرەسى، ۋەلىنىڭ جىگەر كۇشەسى ھۇسەيىن بىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر بەزمە ئارەستە قىلىپ، ئەرەب ئەشرەپلىرىنى يىغدى، بىر چاغدا ئىمامنىڭ خادىملىرىدىن بىرى بىر مىس تاۋاقتا ئاش كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاشنى ھەزرىتى ئىمامنىڭ ئالدىغا قويماقچى بولۇپ كېلىۋاتقاندا، قولى كۆيۈش بىلەن مەجلىسنىڭ ھەيۋەتلىكىدىن ئىزتىراپقا چۈشۈپ، خۇدىنى بىلمەي، ئىمامنىڭ بىساتلىرىدا ئاياغلىرى تولغىشىپ كېتىپ، تاۋاق قولىدىن ئاجراپ، ھەزرىتى شاھزادە ئىمامنىڭ مۇبارەك باشلىرىغا تۆكۈلۈپ، ئىسسىق ئاش ئىمامنىڭ گۈلدەك يۈزلىرىنى بۇلغىدى. ئەدەپ يۈزىسىدىن ئىمام ئۇل خادىمغا قارىغان ئىدى، ئۇ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ تىلىغا بۇكالام جارى بولدى: «جەننەت — غەزەپ زەھىرىنى يۇتالىغان مۇتتەقىيلەرنىڭ جايىدۇر». ئىمام دەرھال: «جەننەت —

كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىرىنى ئەپۇ قىلغۇچىلارنىڭ جايىدۇر» دەپ وشۇپ قويىدى ھەمدە: «مەن سېنىڭ سەۋەبىڭنى ئەپۇ قىلدىم» دېدى، بۇ چاغدا خادىم: «ئاللاتائالا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن ئايەتنى تاماملاپ ئوقۇدى. ھەزرىتى ئىمام: «مەن سېنى ئۆز مالىمدىن ئازاد قىلدىم ھەم ئەۋقاتىڭ ئۈچۈن قانداق نەرسە كېرەكلىك بولسا، ئۇنى تەييارلاپ بېرىشنى ئۆزۈمگە بۇرچ قىلدىم» دېدى.

بويلىمىش سۈرەت ئەھلى ئىچرە ئادات،
يامانلىق نە يامان قىلماق مۇكاپات.
كىشىكىم پەي ئۇرۇپ مەئىمغە يەتمىش،
يامانلىق ئورغىنە ياخشىلىق ئەتمىش.

بىر كۈنى كىشىلەر ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن: «ھەممىدىن قاتتىق دىشۋار نەرسە نېمە؟» دەپ سوراشتى ئۇل كىشى: «ئاللاتائالانىڭ غەزىپى» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار يەنە ئۇنداق بولسا، ئاللاتائالانىڭ غەزىپىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ دەپ سوراشتى. ئەيسا ئەلەيھىسسالام: «كىشىنىڭ غەزىپى كەلگەندە ئۇل غەزەپنى يۇتۇش بىلەنلا قۇتۇلۇش مۇمكىن.» دەپ جاۋاب بەردى، مەۋلانەرۇمى بۇ ھېكايىگە مۇنداق بېيىتلەر بىلەن ئىشارەت قىلغانىدى.

سوردىلەر ئەيسادى: ئى سۇلتانىدىن،
نىدۇر ئۇل دىشۋار بولغاي بارچەدىن؟
ئېيدىكى: دىشۋارىراق قەھرى خۇدا،
دەۋزەخ ئاندىن بىز كەبى قورقۇنچىدا.

ئېيدىلەر: ھەق قەھرىدىن نېدۇر ئامان؟
ئېيىدى: ئۆز قەھرىن يوق ئەتمەك شول زەمان،
ھەشمۇھىر سۇ شەھۋەتنىڭ تەرك ئەيلەگىل،
كىم ئىرەنلەر ۋەزئىرۇر مۇي بىل.

يەنە شۇ ھەقىقەتنىمۇ بىلىش كېرەككى، بەزى ۋاقىتلاردا ياۋاشلىقتىن غەزىپى ھالەت زۆرۈردۇر، چۈنكى غەزەپ ـ ھېرىس ياكى تەمە ئىشىنىڭ سەۋەبىدىن بولسا ياكى خۇدبىنلىق خۇدنامالىقىدىن بولسا بەكمۇ قەبىھتۇر، لېكىن دىن بايرىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شەرىئەتكە راۋاج بېرىش ئۈچۈن بولسا، تەبىئىي غەزەبى ھالەت ئىنتايىن زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن، بىر كىشى ئۆز مەھرەمىنىڭ خىيانىتىگە رازىلىق بېرىپ، ياۋاشلىق يولىنى تۇتسا، بۇ ھەرىكەت شەرىئەت قەۋمى ئالدىدا بەكمۇ يامان ۋە قەبىھتۇر، مۇنداق كىشى مۇرۇۋۋەت ئەھلى ۋە ئىنسانىيەت نەزىرىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەن بولىدۇ. ئەرەنلىكنىڭ كامالىتى ياۋاشلىقنىڭ ۋاقتىنى، غەزەپلىكنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنى تەھەممۇل ۋە تەپەككۇر بىلەن ئايرىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئىككى يول ۋە ئىككى ئىشنىڭ قايسىسى ئەقىلگە ئۇيغۇن بولسا، شۇنى تۇتۇش كېرەك.

بېيىت:

قەھرۇلۇتپىڭ بىمەھەلدۇر ئول ئەمەس خوپ ھەسەن،
بول مەھەللىغە بېقىپ گاھى گۇل، گاھى تىكەن.

## ئون تۆتىنچى باب

# خۇلقى ئەخلاق ۋە مۇلايىملىق توغرىسىدا

خۇلقىنىڭ كۆزدە تۇتقان مەقسىتى خۇشخۇيلۇقتۇر، مۇلايىملىق، يۇمشاقلىق ۋە ساپ تەبىئەتلىكتۇر، كىشىلەرگە ئىللىق ۋە مېھرىبان بولۇش، ھەربىر ئىشتا كىشىلەر بىلەن ئوبدان چىقىشالايدىغان بولۇشتۇر. خۇشخۇيلۇق ئىنسانغا بېرىلگەن نېمەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىراقى، ھەممە سۈپەتلەرنىڭ چىرايلىقراقى، ئاللاتائالا ئىمانىنى ياراتتى، بۇ چاغدا ئىمان «خۇدايا، ماڭا قۇربەت ۋە كۈچ بەرگىن» دەپ تىلىگەندى، ئاللا ئۇنىڭغا خۇشخۇيلۇق ۋە ساخاۋەتنى بەردى. ئاندىن كېيىن ئاللا كۇفرىنى ياراتتى، كۇفرىمۇ ئاللادىن كۈچ - قۇربەت تىلىدى، لېكىن خۇدا ئۇنىڭغا بەدخۇيلۇق ۋە بېخىللىقنى بەردى. بۇ توغرىسىدا ھەدىستە «بەدخۇيلار، بېخىللار جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىلىدۇ.

كۆرمىدۇق، سەير ئەيلىبان ئاپاقىنى،
ياخشى خۇيدىن ئۆزگە ياخشىراقىنى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىر يەرگە بارماقچى

بولۇپ يول ئۈستىدە يېتىۋاتتى، بىر ئەبلەخ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئول ئەبلەخ ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن بىر مەسىلىنى سورىدى، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خۇشخۇيلۇق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن جاۋاب بەردى. بۇ ئەبلەخ ئۇنى راۋا كۆرمەي، ئەكسىچە، ئاھانەت قىلدى. ئول ئەبلەخ قانچە باش توغلۇق ۋە قوپاللىق قىلغانسېرى، ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام شۇنچە خۇشخۇيلۇق بىلەن ئىللىق ھالەت كۆرسىتىپ، ياخشىلىق ۋە يېقىنلىق ئىزدەپ تۇردى، ئۇ قانچە دەشنام قىلغانسېرى ئۇنىڭغا مەرھەمەت يولىنى تۇتتى. شۇ پەيتتە مۇنازىرە ئۈستىگە بىر ئەزىز كېلىپ:

— ئى نەبىيۇللاھ، نېمە ئۈچۈنم بۇ ئەبلەخ ئالدىدا مۇنچە بىچارە بولىسىز؟ ئۇ شۇنچە قوپاللىق بىلەن سىزگە غەزەپ قىلىۋاتىدۇيۇ، سىز ئۇنىڭغا شۇنچە خۇشخۇيلۇق كۆرسىتىۋاتىسىز؟ — دېدى. ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— سىز، ھەرقاچىدىن ئۆز ئىچىدىكى بار نەرسە چىقىدۇ، دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟

مىسرا:

كۆزىدىن ئول مەي تۆكۈلگەيكىم ئىچىدە باردۇر.

ئۇنىڭدىن ئۇ سۈپەت كۆرۈلسە، مەندىن بۇ سۈپەت ئاشكارا بولىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن غەزەپ كۆرمەسمەن، لېكىن ئۇ مەندىن ئەدەپ ـ ئەخلاق ھاسىل قىلىشى مۇمكىن، مەن ئۇنىڭ سۆزى بىلەن جاھىل بولماسمەن، لېكىن ئۇ مېنىڭ خۇلقى ـ ئەخلاقىم بىلەن ئاقىل بولۇشى مۇمكىن. نەزم:

بولسام ئۇنىڭ ئىشىدىن پۇر غەزەپ،
ئول تاپار بۇ ياخشى خۇيۇمدىن ئەدەپ.
مەنكى تىرگۈزمىشدۇرمەن مۇردىنى،
خۇلقى خۇشىدىن تاپمىشىم بۇ رۇتبەنى.
ياخشى خۇي ئەيسا كەبى جان بەخش ئىرۇر،
خۇدى بەدئەل ئۆمرىنى بەلگە بىرۇر.

ھۆكۇمالار خۇشخۇيلۇقنىڭ بەلگىسى ئون خىل بولىدۇ دەيدۇ، بىرىنچى ياخشى ئىش توغرىسىدا كىشىلەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىق. ئىككىنچى، ئۆز نەپسىدىن ئۆزلۈكىدىن ئىنساب كۆرسىتىش. ئۈچىنچى، كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەسلىك. تۆتىنچى، كىشىلەردىن نالايىق ئىشلار سادىر بولسا، ئۇنى ياخشىلىققا سىلىش. بەشىنچى، گۇناھكار گۇناھىدىن ئۆزرە ئېيتىپ كەلسە، قوبۇل قىلىش. ئالتىنچى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىش. يەتتىنچى، كىشىلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن مۇشەققەت تارتىش. سەككىزىنچى، ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەسلىك. توققۇزىنچى، باشقا كىشىلەرگە ھېچرى مېھرىلىك كۆرسىتىش. ئونىنچى، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش، بۇ بابتا تۆۋەندىكى بېيىتلار كەلتۈرۈلگەن.

كىشىكىم خالايىققا ياخشى خۇيى كىرگۈزسە،
بىھىش سارىغە رەھبەر ساڭا بولغىسىدۇر.
خۇشدۇرۇر خۇشخۇيلۇق ئالەمدە ئىي نىگۇ سەرشىت،
بۇ مۇقام ئىچرە مۇقىم ئول گەرتىلەر ئەرسەڭ بىھىشت.

مۇلايىملىقنىڭ مەنىسى يۇمشاقلىق بىلەن خەلق ئارىسىدا مادارا كۆرسىتىش بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا مۇلايىملىق بار بولسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە كامال تېپىشتىن باشقا ئېھتىمال يوق، شۇنىڭدەك، بەدخۇيلۇق ھەمراھ بولغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدە ۋەيران بولماقتىن باشقا ئېھتىمال يوق. ئاللاتائالا ئۆز ھەبىبىنى قۇرئانى كەرىمدە بۇ سۈپەتلەرنى تەرىپ قىلىدۇ، قاتتىق، قوپال سۆزلەر ئاشالىق رىشتىسىنى ئۈزگۈچى ئامىل بولۇپ، يۇمشاق - چىرايلىق سۆزلەر بولسا، كىشىلەرنى ئاداۋەت پەللىسىدىن دوستلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ.

رام قىلغاي ئۆزگە شىرىن زەبانلىق يىلنى،
سۆرىگەي ھەريان ئۇنى ئەيلەپ بەرەندۇق قىلنى.

سەلتەنەت تەختىنى ھېكمەت زىننىتى بىلەن ئارەستە قىلغان ئەردەشىربابەك ئۆز ئوغلىنى ئۇستىگە قىممەت باھالىق ئالىي كىيىملەرنى كىيىۋالغان ھالەتتە كۆرۈپ:

— ئوغلۇم، پادىشاھلارنىڭ كىيىمى باشقا بىرىنىڭ خەزىنىسىدە تېپىلمايدىغان رەختلەردىن بولسا، ئەڭ ياخشى بولغان بولاتتى. سېنى كىيگەن كىيىمىڭ ھەممە كىشىدە بارغۇ؟ — دېدى. ئوغلى:

— ئاتا، دۇنيادا مىسلىسىز كىيىم قايسى؟ — دەپ سورىدى. ئاتىسى:

— ئۇل كىيىم شۇكى، ئۇرۇشلىرى خۇشخۇيلۇقتىن، ئارقاقلىرى مۇلايىملىقتىن بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بۇ سۆزنى ئوبدان تەئەممۇل قىلىپ، پىكىر

يۈرگۈزىدىغان بولسا دۇنيادىكى بارلىق ياخشى سۈپەت ـ خۇشخۇيلۇق بىلەن بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايدۇ.

شاھلار ۋە شەھرىيار ئەھلىگە،
جۇملە خەلقىنىڭ سالاھى ئۇچۇن،
خۇبدۇر كارسازلىق ھەممە ۋاقىت،
خۇبدۇر دىلنەۋازلىق بىر كۈن.

پەرىدۇن شاھ بىر كىشىدىن:
ــ خادىملارنى نېمە بىلەن خىزمەتتە تۇتۇش كېرەك؟ ــ دەپ سورىغانىدى. ئۇل كىشى:
ــ ياۋاشلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تۇتۇش كېرەك، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن «قىيىن ـ مۇشكۇللەرنى قانداق ھەل قىلىش كېرەك؟» دەپ سورىدى. ئاندىن ئۇل كىشى يەنە «ياۋاشلىق ۋە مادارا يولى بىلەن» دەپ جاۋاب بەردى. شائىرلار مۇنداق ئوقۇغان:

مۇھىمكى بىسيار مۇشكۇل دۇرۇر،
بولۇر قىلسا رەپقۇ مادارا بىلە.
پۈتەر نەرمىلىق بىرلە ئۇل كاربار،
كى پۈتمەس بولسا تىغى بۇردا بىلەن.

جەمشىت ئۆزىنىڭ ۋەزىرىدىن:
ــ پادىشاھلارغا قايسى سۈپەت بىلەن ئىنساپ كۆرسىتىش لازىم؟ ــ دەپ سورىدى. ۋەزىر:
ــ يۇمشاقلىق ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ــ چۈنكى بۇ سۈپەتلەر ۋەجىدىن پۇقرالار داۋاملىق پادىشاھنىڭ

بەختى ۋە دۆلىتىنىڭ داۋاملىشىشى ئۇچۇن دۇئادا بولىدۇ، بارلىق ئەسكىرىي خادىملارمۇ پادىشاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدۇ. پادىشاھلىق رەئىيەلەرنىڭ دۇئاگويلۇقى، ئەسكىرىي سۇباھلارنىڭ رىزاجۇيلىقى بىلەن تەرتىپكە كىرىپ، ئىنتىزام راۋاج تاپالايدۇ. گۇناھكارلارغىمۇ يۇمشاقلىق ۋە شىرىن زابانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، قوپاللىق ۋە قاتتىق سىياسەتلەر بىلەن قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قەدىمدە ئۆزىنىڭ يۇمشاقلىق ۋە خۇشخۇيلۇقى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر پادىشاھ، بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئاشپىزىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا «ئۆزۈڭنىڭ ھەممە ھۈنىرىڭنى ئىشلىتىپ تاماق تەييارلاپ بەرگىن!» دەپ بۇيرۇدى. ئاشپەز بۇيرۇق بويىچە تاماقنى تەييارلاپ، باشقا تائاملار بىلەن قوشۇپ پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ ئۆزى بۇيرۇغان تاماققا قاراپ، ئۇنىڭدا بىر دانە چېچىن كۆردى، ئۇنى ئېلىپ تاشلاپ، بىر لوقما يېمەكچى بولۇۋىدى، يەنە بىر چېچىن كۆردى. ئۇنى تاشلىۋېتىپ يەنە يېمەكچى بولغاندا يەنە بىر چېچىن كۆردى. پادىشاھ ئۇنىڭدىن قولىنى يىغىپ، باشقا تاماقلارنى يەپ، تاماقتىن كېيىن ئاشپەزنى چاقىرتىپ كېلىپ: «سىزنىڭ بۇ ئەتكەن تامىقىڭىز بەكمۇ لەززەتلىك بولۇپتۇر، ئەتە ھەم شۇ ئاشتىن تەييارلاپ كېلىڭ، لېكىن بۇنىڭدا بوگۇنكىدەك چېچىن كۆپ بولۇپ قالمىسۇن» دېدى. پادىشاھنىڭ يېنىدىكى ھەممە كىشىلەر پادىشاھ ئاشپەزنى ئەدەپ بېرىشكە ھاجەت بولمىغۇدەك سىلىق مۇئامىلە بىلەن خىجىل قىلدى، دەپ تەئەججۇپ بىلەن كۈلۈشتى.

گۇناھ باراۋېرىدە تاكى لوتفى كۆرسەتسە كىشى،
كېرەك ئەمەس بۇ خىجالەت ئۆزرە ۋقۇبەت ئىشى.

# ئون بەشىنچى باب

## شەپقەت ۋە مەرھەمەت توغرىسىدا

يۇقىرى مەرتىۋىلىك پادىشاھلار پۇقرالارغا شەپقەت ۋە مەرھەمەت يولىنى تۇتۇشى لازىم. چۈنكى ئاللاتائالا پۇقرالارنى ئەركىن ئىختىيارلىق پادىشاھلارغا ئۆز پاناھىدا ھىمايەت ۋە ئىستىراھەت بىلەن ساقلاشقا ئامانەت بەرگەن، شۇنداق بولغاندا ئۇلار خەلقپەرۋەرلىكنىڭ مەرھەمەتتىكە نائىل بولۇپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ھۆجۇمى ۋە زالىملارنىڭ ھۆجۇمىدىن ئەمىن تاپالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ئىرھەم تورھەم» (مىسكىنلەرگە رەھىم قىلغىل، ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىسەن) دېيىلىدۇ، ئاللانىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان كىشى ئاجىزلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىشى كېرەك.

رەھىمدىل پادىشاھلار ئۆز پادىشاھلىقىنىڭ چىرايىغا ھەمىشە رەھىم ـ شەپقەت خالى بىلەن زىننەتلەر بېرىشنى ئويلايدۇ.

شەپقەت يېرىدە كۆتۈردى ھەركىمكى ئەلەم،<br>
پۈتكۈزدى ئۆز ئىشىنى ۋە خەلق ئىشىنى ھەم.<br>
دۆلەت كۆزى ئول كىشىگە ئېچىلماسكىم،<br>
شەپقەت يولىغا كىرمەي ئۇردى قەدەم.

ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى، دۇنيانىڭ سالامەتلىكى، مەرھەمەت ۋە شەپقەتكە باغلىقتۇر، سۇلتان مەھمۇت غەزنەۋىنىڭ ئاتىسى سەبۇكتىگىن ياشلىق دەۋرىدە بىر ھەمجۇرىگە مۇلازىم بولۇپ تۇراتتى، ئۆزى بەك كەمبەغەل بولۇپ، بىر ئاتتىن باشقا بىساتى يوق ئىدى، كۈن ـ ئوقتى ھەمىشە قىيىنچىلىق ۋە تەڭلىكتە ئۆتەتتى. ھەر كۈنى ئاشۇ ئات بىلەن شىكارغا بېرىپ، بىر سەيدىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۇنىڭ بىلە بىر كۈنلۈك مەئىشەتىنى ئۆتكۈزەتتى. ئۇ، بىر كۈنى شىكاردا بالىسى بىلەن ئوتلاپ يۈرگەن بىر كىيىكنى كۆردى، سەبۇكتىگىن كىيىكنى تۇتماقچى بولۇپ ئاتنى چاپتۇرۇپ كېلىۋىدى، كىيىك قاچتى، كىيىكنىڭ بالىسى كىچىك بولغاچقا، ئانىسى بىلەن تەڭ يۈگۈرەلمەي قالدى ـ دە، سەبۇكتىگىننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. بۇ ئەھۋالغا چىدىيالمىغان كىيىك سەبۇكتىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىتاقەتلىكتىن ئاۋاز چىقىرىپ يىغلايتتى. سەبۇكتىگىننىڭ بۇنى كۆرۈپ رەھمى كەلگەنلىكتىن كىيىك بالىسىنى قويۇپ بەردى. كىيىك بالىسى ئانىسىنىڭ قېشىغا شۇنداق يۈگۈرۈپ باردى، ئانا كىيىك، بالىسىنى ئېلىپ خۇشاللىق بىلەن يۈزىنى ئاسمانغا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھال تىلىنى ئېچىپ، سەبۇكتىگىن ھەققىدە دۇئا قىلىپ مۇناجات قىلدى.

ئول خۇدا سەنكى بىلۇرسە بىزە بانلىق تىلنى

سەبۇكتىگىن ئول كۈنى قۇرۇق قول قايتىپ كېلىپ كېچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چۈشىدە كۆردى. روسۇلىللا ئۇنىڭغا «ئى سەبۇكتىگىن، ئۇ تىلسىز تۇغرىسىدا سەندىن ۋۇجۇدقا كەلگەن شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق ئۈچۈن

ئاللاتائالا ساڭا دۇنيانىڭ پادىشاھلىق بەخت ـ شەرىپىنى بەردى. كېيىنكى دەۋرىڭدىمۇ ھازىرقىدەك مەرھەمەت ۋە شەپقەت قولۇڭنى ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ باشىدىن كۆتۈرمىگەيسەن، پۇقرالار ۋە قېيىنچىلىقتا قالغان بىچارىلەرگە شەپقەت قىلىشنى ئۇنتۇمىغايسەن» دەپ ۋەسىيەت قىلغۇدەك.

بۇ پەزىلەتتىن تەسىرلەنگەن بىر ئۆلىما: ھايۋانغا شەپقەت قىلغان سەۋەبتىن بىر كىشى دۇنيانىڭ پادىشاھلىقىنى تاپتى، ئەگەر ئادىمىزاتقا ياخشىلىق ۋە مېھرىبانلىق قىلغان بولسا، ئۇ كىشى جەزمەن ئاخىرەتنىڭمۇ بەختىيار پادىشاھى بولۇشى مۇمكىن، دېگەن.

رەئىيەتتىن ئالما رىيائەت قولىن،
رەئاياغە تاپشۇر رەئىيەت ئىشىن.
ئۇلار راھەتىنىڭ غېمىنى يىگىن،
جىگەر ـ خەستەلەردۇركى رەھىم ئەيلىگىن.

پادىشاھلارنىڭ كىشىلەرگە قىلغان شەپقەت بەلگىلىرىدىن بىرى خەلقلەرنى دوست تۇتىشىدۇر، شەپقەتلىك پادىشاھلار ئۆز خەلقىنى دوست تۇتىدۇ، خۇددى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە مېھرىبان بولغانلىقىغا ئوخشاش خەلققە كۆيۈنىدۇ. ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ئىشلارنى خەلققە راۋا كۆرمەيدۇ، ئۆزىدە بار بولغان ئىمتىياز ۋە ئىقتىسادنى كىشىلەردىن دەرىغ تۇتمايدۇ، پادىشاھلار پۇقرالارغا قانچە كۆپ مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە شەپقەت قىلسا، ئاللاتائالا ئول پادىشاھقا شۇنچە رەھمەت كۆزى بىلەن قارايدۇ.

ئەگەر رەھىم ئەيلىسەڭ ھەق رەھىم قىلغاي،
يۈزۈڭگە مەرھەمەت ئىشىكى ئېچىلغاي.
تۇتار بولساڭ خۇدانىڭ لۇتپىغا كۆز،
كىشى ھەققىدە سەن ھەم رەھىم كۆرگۈز.

ئەردى شىربابەك ئۆز ئوغلىغا: «ئى ئوغلۇم، سەن يۇرت خەلقىنى ۋە مەملىكەت رەئىيەلىرىنى ئاجىزلىق ئورنىدىن دوستلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقىن، كۆپ مېھىر ـ شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالغىن. كىشىلەرنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ساڭا مايىل بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئەزالىرىدىن خالىغان مەقسىتىڭ ئاسانلىق بىلەن قولغا كېلىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ ئۆتىدۇ. كىشىلەر بىر ھەكىمدىن:

— پادىشاھ شىكار قىلىپ قولغا كەلتۈرگەن سەيدىنىڭ ياخشىراقى قايسى؟ — دەپ سورىدى. ئول ھەكىم:

— خەلقنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئوۋلاپ قولغا كەلتۈرۈش، — دەپ جاۋاب بەردى، — چۈنكى پادىشاھلارنىڭ مۇھەببىتى ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتسا، پادىشاھتىن ھېچ نەرسىنى دەرىخ تۇتمايدۇ.

بېيىت:

مۇلكى مەئنى ئىزدىسەڭ، جەمئىي ئەت كۆڭۈللەر لەشكىرىن،
يىغمايىن لەشكەرنى يۇرت ئالماققە بولماس ئېھتىمال.

www.uyghurkitap.com

پادىشاھ پۇقرالارغا قىلىدىغان مېھرىبانلىقىنىڭ يەنە بىر بەلگىسى كىشىلەرنى مۇمكىنقەدەر يەر تېرىپ زىرائەت قىلىشقا، ئۆي ـ ئىمارەت سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، كىشىلەرنىڭ كارىز كولاپ سۇ ئاقتۇرۇش، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ياسىشىغا ھەر جەھەتتىن ياردەم ۋە مەدەت بېرىش لازىم، نۇشىرۋانى ئادىل ئۆزىنىڭ بىر ھاكىمىغا:

ــ ئەگەر سېنىڭ يۇرتۇڭدا بىر ئېتىز يەر تېرىلمىسىز قالىدىغان بولسا، سېنى دارغا ئاسىمەن! ــ دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەممە خەلقنى ئىشلەپچىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۇلارنى باياشاد، مەملىكەتنى ئاۋات قىلىش مۇددىئاسىدىن تۇتۇلغان.

مۇلكى ئابادىن تىلەرسە خەلقنى مەئمۇر قىل،
باشلارىدىن بارچە زالىملار جاپاسىن دۇر قىل.

ئەبۇسەئىد زامانىسىدا ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى خەلقلەرگە كۆپ زۇلۇم قىلىپ، پۇقرالارنى بەكمۇ ۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئۆلچەمدىن ئارتۇق ئېلىۋالاتتى، بىر كۈنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلىرىغا مەسلىھەت بېرىپ:

ــ ھەممەڭلەرگە مەسلىھەتىم شۇكى، ئەمدى مەن پۇقرا تەرەپ بولىمايمەن. پۇقرالارنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى يىغىپ تارتىۋالايلى، ۋاھالەنكى، ھېچقايسىڭلارنىڭ مەندىن مائاش تەلەپ قىلماسلىقىڭلارنى شەرت قىلىمەن، ئەگەر كىمىكى مەندىن مائاش تەمەسى قىلىدىكەن، ئۇنى قاتتىق جازالايمەن، ــ دەپتۇ. بۇنى

ئاڭلىغان ئەمەلدارلار:

— بىز مائاشسىز قانداق تىرىكچىلىك قىلىمىز، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانداقلارچە بىجىرىمىز، دېيىشتى. بۇ چاغدا پادىشاھ تۇرۇپلا دېدىكى:

— بىزنىڭ ھەممە مەنپەئەتلىرىمىز خەلقنىڭ زىرائەت، ئۆي ـ ئىمارەت، كەسىپىي ـ تىجارەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بىراقلا يىغىۋالساق، ئۇ چاغدا ھەرقايسىمىزغا ئۇل مەنپەئەتنى كىم كەلتۈرىدۇ؟ سىلەر ئويلاڭلار، ئەگەر پۇقرالارنىڭ يەر ئاغدۇرىدىغان كالىلىرىنى، يەرگە سالىدىغان ئۇرۇقلىرىنى تارتىۋالساق، يەنە ئۇلارنىڭ يەيدىغان ئوزۇقلىرىنى يەۋالساق، ئۇلار زىرائەت قىلالمىسا، يۇرت ئىچىدە ئاپەت كۆتۈرۈلمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا بىز نېمە يەيمىز، نېمە كىيىمىز؟

ئەمەلدارلار بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇپ، ئۆزلىرىنى تۈزىتىپ، ھەممىسى پۇقرالارغا شەپقەت قىلىش يولىغا ماڭىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

پادىشاھلارنىڭ پۇقرالارغا قىلىدىغان شەپقەت ـ مەرھەمىتىنىڭ يەنە بىر خىلى — ھەر كۈنى دىگۇدەك ئەمەلدارلار پۇقرالار بىلەن مەجلىسلەر ئۇيۇشتۇرۇپ، دەرتمەنلەرنىڭ، دادىخاھلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن ئۆزلىرى بىۋاسىتە خەۋەردار بولۇش، كىشىلەر ئۆز ئەھۋالىنى ئۆز پادىشاھىغا تارتىنماي ئېيتالايدىغا بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشتە كۆرۈلىدۇ. ياساۋۇللار، نايىپلار، دورغا ـ بەگلەر تەمە تۆپەيلىدىن ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ يولىغا توسالغۇ بولالمايدىغان ھالەت بەرپا بولۇشى كېرەك. ئىككى ھەرەمنىڭ باشلىقلىرى ناسىر خەلىپىگە:

«سېنىڭ ئىشلىتىۋاتقان خادىملىرىڭ، دورغىلىرىڭ خەلققە كۆپ زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەلىپىلىك ساڭا لايىق ئەمەس» دەپ خەت يازدى، ناسىر خەلىپە:

— سىلەر ئېيتقان بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئۇلار يەنە خەت يازدىكى، خەتتە مۇنداق دېدى: «سېنىڭ بۇ جاۋابىڭ يۇقىرىقى خاتالىقلىرىڭدىنمۇ ئېغىردۇر، ھەرگىزمۇ مەقبۇل كۆرگىلى بولمايدۇ، بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدە (پادىشاھلارنىڭ ئۆزلىرى جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ھەرقانداق ئىشلار ۋە مەسىلىلەردە باشقا كىشىلەرنىڭ جاۋاب بېرىشىگە ھاۋالە قىلىنمايدۇ) دەپ ئېيتىلغان». يۇقىرىلارنىڭ ھاجەتلىرىنى بىۋاستە ئۆز ئۇستۈڭگە ئېلىپ ئاڭلىشىڭ، ئۇلارغا ئۆزۈڭ ھازىر جاۋاب بولۇشۇڭ كېرەك. بۇ بىخەۋەرلىكىڭ ۋە غاپىللىقىڭ ھېچنەرسىگە سەۋەب بولالمايدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ئۆزۈڭگىمۇ مەقبۇل كەلمەيدۇ. مەسىلەن، بىر ۋىلايەت ماڭا قاراشلىق بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا ۋالىي بولسام، مەن تۇرغان شۇ يۇرتتا ئەگەر بىر كۆۋرۈك بۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردىن مال - پادىلار ئۆتۈش ۋاقتىدا بىر دانە قوزىنىڭ تۆشۈككە پۇتى كىرىپ كېتىپ ئاغرىسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىدىن چىقىش ماڭا لازىم كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلىق ئورنىغا چىققان كىشى قۇدرەت ئاياغىنى ھۆكۈمەت تەختىگە قويسا، ئۇ چاغدا، ئەلۋەتتە بۇ ئىشنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك، پادىشاھلىقنىڭ رەسمىيەت يوللىرىنى شەپقەت ۋە مەرھەمەت نۇرلىرى بىلەن جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

شاھلىق تەختىدە ئولتۇرماقلىقىڭ ئاسان ئەمەس.
ئول مەقام ئۈستىدە بىيار ئېھتىيات ئەتمەك كېرەك.
ئاجىزۇ ـ مىسكىنۇ، مېھنەتكەش مۇرادىنى بېرىپ،
پەقىر ئەھلىنىڭ غېمىن يەپ ھالىغە يەتمەك كېرەك.

ئون ئالتىنچى باب

# خەيرات ۋە ياخشى ئىشلار توغرىسىدا

ھەربىر بەختى دۆلەت ئىگىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆزى ياشىغان بۇ پانىي جاھاندىكى ئۆمرىنىڭ ۋاپا قىلىشىغا قاراپ، ئۆزىنىڭ ھەممە كۈچ ـ قۇربەت ۋە ھىممىتىنى ياخشى ئىشلارنىڭ بىناسىنى بەرپا قىلىشقا سەرپ ئېتىش بۇرچى يۈكلەنگەن بولىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئادەم بىر تۈرلۈك ياخشى ئىش قىلسا (مەسىلە، مەسچىت ـ ئىبادەتخانا سېلىش، لەڭگەر ياساش، كۆل كولاش، كۆۋرۈك ۋە يول ياساش قاتارلىق ئاممىغا مەنپەئەتلىك ئىشلارنى ئۆز جاپاسى بىلەن قىلسا) ئول كىشى دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابى داۋاملىق شول كىشىگە يېتىپ تۇرىدۇ، مانا بۇ تىلىمىزدا سەدىقە جارىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

ياخشى نەمۇنە ئەيلەپ ھەر كىم ۋاپات ئەتمىش،<br>ھەرلەھزە تازە پەيزى روھى قاشىغا يەتمىش.

ئەگەر ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسى ئىنسانىيەت ئىشەنچ چارىسى بىلەن غەپلەت داغلىرىنى قەلب ئائىنەسىدىن تازىلاپ، بۇ دۇنيا دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، مەتائىلارنىڭ ۋە ھاياتلىقنىڭ زاۋال

تاپىدىغانلىقىدىن ھەقىقەتنى تونۇپ يەتسە، ئەلۋەتتە كىشىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنىڭ نەتىجىسىدىن، ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن باشقا نەرسە قالمايدۇ. ھەر ئالىي ئىمارەتلەر، ئۇلۇغ جالالار، پادىشاھلار، ئەمىرلەر ۋە دۆلەتمەنلەردىن ئېشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئەسەرلىرى روزىگار سەھنىسىدە ۋە دەۋرانلار بەتلىرىدە گۈلدەك يېزىلىپ، نۇر چاچىدۇ. ئۇلارنىڭ ناملىرى بولسا ئاقىللار ۋە ناقىللار ئالدىدا مەشھۇر ۋە زاھىر بولۇپ قالىدۇ.

چۈنكى قالماس بۇ جاھان بىقارار،
ياخشى ئىش قىلغىلكى قالغاي يادىكار.

بۇ ئالەمدە ھەر نەرسىنىڭ يادىكارى دۇنيا يۈزىدە قېپقالىدۇ، بولۇپمۇ ياخشى ئىشلارنىڭ ئىزلىرى ۋە ئۇنىڭ بىنالىرىنىڭ رەقەم ـ چېكىتلىرىمۇ بىرەر ھادىسىنىڭ سۈيى بىلەن زامانە تاختايلىرىنىڭ يۈزىدىن يۇيۇلۇپ كەتمەيدۇ. قەدىمكى كىشىلەردىن ۋە پادىشاھلاردىن قېپقالغان ياخشى ئىمارەتلەرنىڭ خەۋەر ـ ھېكايەتلىرى ئاتىدىن ئوغۇلغا، ئوغۇلدىن نەۋرىگە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قىلىش يولى بىلەن قولاقتىن ـ قولاققا يۆتكىلىپ، پۈتۈن زامان ئەھلىگە قەدەر تارقىلىدۇ.

كەتتى كىسرا قالدى لەيك ئايۋانىنىڭ قىسسەسى،
باردى نىھانلىك تاھالا بۇرۇنقى زىكرى بار.

خەيرات نەمۇنىلىرىنى بەرپا قىلىشتىن، مەسىلەن، سەدىقە جارىيە قاتارلىق ئىشلاردىن ئاخىرەت سەپىرىنىڭ ئوزۇقى

هازىرلىنىدۇ، دۇنيادا ئۇنىڭ ئىمەتلىرىنىڭ تەشەككۇرى، سۆز ۋە كىراملىرى ئەتراپى جاھانغا تارقىلىدۇ. ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ تەھسىن ـ ئاپىرىنلىرى ھەر زامان، ھەر جايدا جارى بولۇپ تۇرىدۇ.

زىبەرجەت تاق ئۆزە ئالتۇن بىلەن بۇ سۆز يازمىشكىم،
كەرەم ئەھلىنىڭ ئىھسانىدىن ئۆزگە قالمىغاي باقى.

ھەدىستە «ئەگەر بىر كىشى دۇنيادىن كېتىپ، ئاخىرەتكە بارسا، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭغا ساۋاب يېتىدىغان بىرەر ئىش بولماسكى، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ھايات ۋاقتىدا قىلىپ ئۆتكەن ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىشنىڭ بىرى بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ئىشلارنىڭ ساۋابى داۋاملىق يېتىپ تۇرىدۇ» دېيىلىدۇ. بىرىنچى، سەدىقە جارىيەدۇر. مەسىلەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئىبادىتى ئۈچۈن مەسچىت سالغان بولسا، چۆللەردا ھاجەتى راۋا لەڭگەر قىلغان بولسا، دەڭ ـ ساراي بىنا قىلغان، كۆۋرۈك ۋە يوللارنى ياسىغان بولسا ۋە ياكى كۆل كولىغان بولسا. ئىككىنچى، كىشىلەرنىڭ ئەگىشىشى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكنىڭ كىشىلەرگە تونۇلمىغان سۈننەتلىرىدىن بىرسىنى يولغا قويغان بولسا. ئۈچىنچى، ئۆزىدىن كېيىن دۇئا قىلىدىغان دىيانەتلىك سالىھ بالىنى تەربىيىلىگەن بولسا.

پادىشاھلىق ۋىلايىتىنى باشقۇرۇپ، تەسەررۇپ قىلىشقا قول قويغان كىشىلەر ۋە ياكى شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان كىشىلەرمۇ ئالدى بىلەن ئۆز ھىممەتلىرىنى مەسچىت بىنا قىلىشقا قارىتىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاتائالانىڭ قۇرئانى

كەرىمدە «ئاللانىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت ئاللانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، قەلبى بىلەن تەستىق قىلغان كىشىلا بىنا قىلىپ ياسىيالايدۇ» دېيىلىدۇ.

ھەدىس كالامدا يەنە «ھەرقانداق كىشى خۇدانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مەسچىت سالسا، ئاللاتائالا ئول كىشى ئۈچۈن جەننەتتە ئالىي ئىمارەتلەرنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن بىنا قىلىپ بېرىدۇ، كونا مەسچىتلەرنى تەئمىر قىلىپ بەرسىمۇ ئۇنىڭغا ھەم جەننەت ئۆيلىرىدىن بېرىدۇ» دېيىلگەن. مەسچىت سالغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئىمام، مەزىنلەرنى سايلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئىمام ـ مەزىنلەرنىڭ جان بېقىشى ئۈچۈن باشقا دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قېلىپ، مەسچىتلەرنى تاشلىۋېتىپ، خالىي قالدۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى ۋاقتىدا مەسچىتلەرگە ھازىرلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەئىشەت ـ ئەسبابلىرىنى تەييارلاپ بېرىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن بەلەن، تاقىلىق مەدرىسلەرنى قۇرۇپ، مەئنى ـ مەشۇقلارى ئىبادەت پەردىسىدىن چىقىرىپ، تەرجىمە ۋە تەقدىر مەيدانىدا ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ ھۆسنى ھالىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان قابىل مۇدەررىسلەرنى مەپھۇم گۆھەرلىرىنى ئەلپاز دەرياسىنىڭ تېگىدىن تەلىم غەۋۋاسلىقى بىلەن بايان مەيدانىغا چىقىرالايدىغان مۇئەللىملەرنى سايلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇلار دەرس ئېيتىش ئارقىلىق شەرئەت ئىلمىنىڭ ئۇرۇقىنى ئالەم سەھنىسىگە چاچقايكى، ئۇنىڭ ئەجرى ـ ساۋابى ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىگە مەددەتكار بولغاي، شۇنىڭدەك يەنە ۋەلى شەيخلەر تامام بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇقىم ئورۇنلاشقان تالىپلار ۋە ئىبادەت

قىلغۇچىلارنىڭ مەئىشەتلىرى توغرىلىق غەم قىلماسلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارغىمۇ ئەلۋەتتە مائاش ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى تەيىنلەپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنى خاتىرجەم ئوقۇش ۋە ئىبادەت قىلىش شارائىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك يەنە دارىل خەير ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ، كەمبەغەل ۋە ئاچ قالغان كىشىلەرنىڭ ئۈچ ۋاخ تاماقلىرىنى تەييارلاپ بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ياشىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دارىلشىپالارنى بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا تېبىبىي هازىق ۋە هەكىمى مۇشپىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ (ماهىر تېۋىپ ۋە كۆيۈمچان دوختۇر دېمەكچى) بىمارلار ئۈچۈن كېرەكلىك دورى - شەربەت ۋە غىزا - غەنىيمەتلەرنى تەييارلاپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ دۇنيادا سەهتى - سالامەتلىكى، ئاخىرەتتە بولسا ئاپىيەتلىك ۋە كارامەتلىكى قولغا كەلتۈرۈلۈشلىرى كېرەك.

مۇستەهكەم ۋە جايىغا قورۇلغان لەڭگەرلەر يول جاپاسىدىن مۇشەققەت چەككەن مۇساپىرلارنىڭ ئارامگاهى، مېهنەت چەككەن غېرىپ يولۇچىلارنىڭ خاپىگاهىدۇر. هەرقانداق ساۋابقا ئىنتىلگۈچىلەر بۇ ساۋابلىقلارنى قىلىپ، ئاللا تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئەجرى ساۋاب مېۋىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

كىشىلەرنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭ، دەريا ئېقىنلارنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈشتىكى قىيىنچىلىقىنى هەل قىلىش ئۈچۈن كۆۋرۈك ياسىلىدۇ. بۇ خىزمەت ئىنتايىن پەزىلەتلىك بولۇپ، ئاللاتائالانىڭ نەزىرىدە تولىمۇ مەرغۇپ خىزمەتتۇر، خەۋەرلەردە شۇنداق كەلتۈرۈلگەن: هەر كىشى مۇسۇلمانلىق يولىدا كۆۋرۈك ياساپ قويسا، ئاللاتائالا ئۇل كىشىنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى سىراج

كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈشتىكى قىيىنىنى ئاسان قىلىدۇ.

كىشىلەرنى سىراپ قىلىش ئۈچۈن كۆل ياكى قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىپ قويسا، ئاللاتائالا ئۇل كىشىنى قىيامەت كۈنىنىڭ تەشنالىقىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

رەسۇلۇللانىڭ ئەسھابلىرىدىن بىر كىشى:

— مەن ئانامنىڭ روھى ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىش قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇ كىشىگە:

— بارلىق سەدىقىلەرنىڭ ياخشىراقى سۇ. سەن سۇ سەدىقە قىلساڭ بولىدۇ، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ كىشى دەرھال باشقىلارنىڭ ئىگىلىكىدىكى بىر قۇدۇقنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ۋەخپى قىلدى ۋە ئۇنىڭ ساۋابىنى ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ بەخشەندى قىلدى.

ئەل ئۈچۈن تۆھپە كۆرسەتكەن ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى تەئمىر قىلىشمۇ ئەجرى ـ ساۋاب بابىدىندۇر.

ئۇلۇغ ياخشىلىقنىڭ يەنە بىرسى، ئۆتكەن سېخىيلارنىڭ ۋەخپە ئەۋقاپلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن نازىرلارنى بېكىتىپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سەرپ قىلىپ بېرىشكە مەسئۇل قىلىشتۇر. ئەگەر ئۇلاردىن خىيانەت كۆرۈلسە، ئۇنداق ئادەملەرنى ياخشى، ئىنساپلىق كىشىلەرگە ئالماشتۇرۇپ، موھتاجلىقتا قالغان ئاجىزلارغا ۋەخپى نەسىۋەسى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ۋەقپەنىڭ مۇھىمماتى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتلىرىنى ئاددىي ۋە سەل تۇتماسلىق كېرەك، چۈنكى خىزمەت ئىشلەشنىڭ ئۆزى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كۈچەيتىش بولۇپ، ھەربىر كىشى بۇنىڭغا شەرىئەت قانۇنى بويىچە كۆڭۈل

بۆلۇپ راۋاج بەرسە، «ياخشى ئىشقا دالالەت قىلىپ يېتەكلىگۈچى كىشىگە شۇ ئىشنى قىلغۇچىلار بىلەن ئوخشاش ساۋابلىق بېرىدۇ» دېگەن قەۋلى بويىچە ساۋابلىق بېرىلىدۇ.

خەير قىل ياخەيرىغە بولغىل دەلىل،
تاكى تېپاقىل قىلغۇچى يەڭلىغ ساۋاب.

سەدىقە جارىيەنىڭ ئەجرى ۋە ساۋابى ھەقىقەتەن كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ ھەقتە ھەم ئۇزاق ۋە كۆپ سۆزلەر بايان قىلىندى. قەدىمكى ئۇلۇغلاردىن بىرسى ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن باشقىلار ئۇنى چۈشىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇ دۇنياغا كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرىنى سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «مەن دۇنيادىن يېنىپ كىرگەندىن تارتىپ ئازاب ئىسكەنجىسىدە ئوقۇبەت چاڭگىلىغا گىرىپتار بولغانىدىم، يېقىندا رەھمەت ئىلاھىدىن ماڭا ئازادلىق ئىلتىپاتنامىسى كەلدى، ئاللا گۇناھىمنى ئەپۇ قىلدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ، ساھىل يەنە: «بۇ قۇتۇلۇشۇڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «مەن ھايات ۋاقتىمدا بىر باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا لەڭگەر ياسىغانىدىم، ھارارەت ئازابى تارتقان بىر دەرۋىش ئول لەڭگەرگە كېلىپ ئارام ئالدى. ئۇنىڭ مۇشەققىتى راھەتكە، ئۇسسۇزلۇقى سىيراپلىققا ئۆزگەردى. راھەتلەنگەن دەرۋىش خۇدايا، شۇبۇ لەڭگەرنى بىنا قىلغان كىشىنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغايسەن دەپ دۇئا قىلدى. ئەنە شۇ دەرۋىشنىڭ دۇئا ئوقى ئىجابەت نىشانىسىگە تېگىپ، ئاللاتائالا مېنى ئەپۇ قىلدى ۋە جەھىم ئۇراسىدىن ۋەئىم باغچىسىغا يەتكۈزدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون يەتتىنچى باب

# ساخاۋەت ۋە ئېھسان توغرىسىدا

ساخاۋەت ئۆزگىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېمەكتۇر، ئېھسان ــ ئۆ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش دېمەكتۇر. ساخاۋەت ئىنسانىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نام ۋە ياخشى سۆيەت قالدۇرۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئېھسان بولسا، كىشىلەر قەلبىنى مايىل ئېتىشنىڭ ئاساسىدۇر. جىمى ئادىمزات ئۈچۈن مەيلى ئۆ شاھ بولسۇن، گاداي بولسۇن، ئالىم بولسۇن، باي بولسۇن ھەممىسىگە ساخاۋەت ۋە ئېھساندىن ئارتۇق سۆپەت ۋە پەزىلەت يوقتۇر.

كىشى تاپقاي ساخاۋەتنى جودىدىن،
ھۆرمەتى قۇربىسى سۆجۇدىدىن.
كىشىكىم يوق ئەنىڭدە بۇ ئىككى ئىش،
يوقلۇقى خۇبدۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن.

ساخاۋەت خۇددى جەننەتنىڭ دەرەخلىرىگە ئوخشاش، جەننەتنىڭ دەرەخلىرى بولغاندىمۇ ئاللا تائالانىڭ رازىلىق ئېرىقلىرىنىڭ لېۋىدە ئۆسكەن، شاخلىرى ئەئلايى ئىللىيىنگە

ئۆرلىگەن دەرەختۇر. ساخاۋەت بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نام ـ شەرەپ بولسا، ئۇنىڭ چېچەكلىرىدۇر، ئاخىرەتتىكى ئېرىشكەن بەخت ـ سائادەت ئۇلۇغلۇقى بولسا، ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر.

بۇ ساخاۋەت شاخىدۇر بەر مېۋە جەننەت باغىدىن،
ۋاي ئاڭا كىم سەھۋى ئىلە ئايرىمىش ئىلگىدىن.

كىشىلەر ھېكىمدىن:
ــ ئادەمنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقىنى يەپ كېتىدىغان چوڭ ئەيىپ قايسى؟ ــ دەپ سورىدى. ھېكىم:
ــ بېخىللىق، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن يەنە:
ــ ئىنساننىڭ بارلىق سەھۋەنلىكلىرىنى يۇيۇپ كېتىدىغان پەزىلەت قايسى؟ ــ دەپ سوراشقان ئىدى، ئۇل ھېكىم:
ــ ساخاۋەت، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

ھۇنەر ساخاۋەت ئىرۇر ئادىن ئۆزگىسى ھېچ،
ئەگەرچە ھەر ئىلگىڭ يۈز ھۇنەر قىلۇر ئىزھار.

كىشىلەرنىڭ بىلمەكلىكى زۆرۈركى، ئادەم ئىقتىساد مالىنى قاتتىقلىق بويۇنتۇرۇقىدىن بوشاتماي تۇرۇپ، ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس.

تەجرىبە قىلدىم ھەمە ئەندىشىدىن،
كىم يوق ئىرۇر خوپ ساخاۋەت پىشەدىن.
خاس كېلىبدۇر كەرەم ئۇچۇن دەرەم،
بولدى دەرەم قاپىيەسىدە كەرەم.

www.uyghurkitap.com

ئىسكەندەر ئارەستۇدىن:

— دىن ۋە دۇنيانىڭ سائادىتى نېمىدىن بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئەرەستۇ:

— خەيرى - ساخاۋەت ۋە ئېھساندىن ھاسىل بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ئەمما بۇ يەردىكى ساخاۋەت ۋە ئېھسان دىنىنىڭ سائادىتىگە تەبلە بولۇپ، ئىنسان قەلبىنىڭ مەيلى دۇنيا سائادىتىنىڭ ئالىيسى دەپ قارىلىدۇ. ئاللاتائالا قۇرئان كەرىمدە شۇنداق خەبەر قىلىدۇ: «ھەر كىشى مېنىڭ دەرگاھىمغا بىر ياخشى ئىشنى كەلتۈرسە، مەن ئۇنىڭغا ئۇن ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بېرىمەن».

تەڭرى دەرگاھىغا ھەربىر تۆھپە سەندىن يەتكۈسى،
بىر ۋەسلەڭ بىرلە ئول ئانداغ ئۇن ئىنئام ئەتكۈسى.

خالايىقنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرىنى كەرەم بىلەن سەيد ئەتمەك كېرەكتۇر، چۈنكى كۆڭۈل دېگەن سۇلتان بولۇپ، ئول سۇلتان بىر كىشىنىڭ شاپائىتىگە مەيل ئەتسە، بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرى تەڭ ئۇنىڭغا تابىئەت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مەيل ئەتمەي قالمايدۇ. شۇنداق بولغاچ ئەگەر سېخىيلار خالايىقنىڭ قەلبىنى مەيل ئەتسە، چوقۇم بەختى - سائادەتنىڭ ئىشىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۈزىگە ئېچىلىدۇ.

پادىشاھى خىسراۋنىڭ شان - ئابرۇيىدا تەڭداشسىز بىر لەشكىرى قوماندانى بار ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش جەھەتتىكى مىسلىسىز ئىستېداتى بىلەن مەشھۇر ئىدى، ئۇ كارامەت تەدبىرلىك ۋە ئۈستۈن شجائەتلىك دەپ قارىلاتتى. پادىشاھمۇ ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا كۆپ مەمنۇن ئىدى، شۇڭا ئۇنى

ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يېقىنى، ماھىر پىكىر كېڭەشچىسى دەپ بىلەتتى، گويا شېئىرلاردىكى:

مەملىكەتنىڭ ھۆسنىغە زىننەت ئىدى،
دۆلەتنىڭ بازۇسىغا قۇربەت ئىدى.

دېگەن مەرتىۋىدە تۇراتتى. بىر كۈنى مۇخبىرلار پادىشاھقا:
— بىزنىڭ ئىمتىھان قىلىشىمىزچە، سىزنىڭ پالۋانىڭىز ئاقىبەت سىزگە ئىتائەت قىلىش يولىدىن چىقىپ، باشتۇڭلۇق بىلەن سىزگە ئاداۋەت قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەھۋال يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا مۇداپىئە كۆرۈش كېرەكتۇر، — دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ۋاقىئە پىكرىنى بولماستىن بۇرۇن قىلماق كېرەك،
ئىش ئىلكىدىن بارغاندىن سوڭرە سود ئەتمەس دەرىغ.

خىسراۋ بۇ ئۆتۈنۈشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايغۇغا چۆمۈپ بېشى قاتتى، ئويلىنىپ پىكىر قىلغاندىن كېيىن كۆڭلىگە شۇنداق بىر خۇلاسە مەلۇم بولدى: ئول پاسىبانىم قەست قولىنى چىقىرىپ، مۇخالىپچىلىق قىلىپ، مەملىكەت شەھەرلىرىدىن بىرىگە يۈزلەنسە، سىپاھلىرىمنىڭ كاتتىلىرى، لەشكەرلىرىمنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ تەرەپدار بولىدۇ. ئۇنىڭ باغى بولۇپ كېلىش ئاۋارىسىدىن دۆلىتىمنىڭ قائىدىسىگە نۇقسان، شاھلىق گۈلزارىمىزغە خازان يېتىدۇ.

باغى بولۇر بولسا مۇبادا ئەگەر،
مۈلكىم ئارا بولغۇسىدۇر شەدرۇدشەر.

پادىشاھ دۆلەت خاسلىرى ۋە تەدبىرلىك كېڭەش ئەھلىلىرى بىلەن مەجلىس قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى بەنگە سېلىنىش قارارىغا كەلدى. خىسراۋ مەسلىھەتچىلەرنىڭ بۇ پىلانىغا قوشۇلۇپ، ئەرتىسى ئۇل ئەمىرنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتىپ ئەكىلىپ، بۇرۇنقى دەرىجىسىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ بارلىق ياخشى سۈپەتلىرى توغرىسىدا ۋە مەقبۇل بولغان ئەمەللىرى ئۈستىدە كۆپ مەدھىيىلەر ئېيتىپ، ماتائلارنى، ئالتۇن، كۈمۈش بۇيۇملىرى ۋە باشقا ھەرخىل ئالىي دەرىجىلىك بۇيۇملارنى تەقدىم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى بەدنىيەت مۇدبىرلەر شىكايەت تىللىرىنى چىقىرىپ، «پادىشاھ تۈنۈگۈن قىلىشقان كېڭەشكە نېمە ئۈچۈن بۈگۈن مۇخالىپلىق قىلىدۇ؟» دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپ: «مەن كېڭەشكە مۇخالىپلىق قىلمىدىم، قىلغا سۆزلىرىمدىنمۇ يېنىۋالمىدىم، كېڭەشتە ئۇل ئەمىرنى بەنگە سېلىشنى پىكىرلەشكەن، مەن ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل ھالدا بەنلەشنى قارار قىلدىم. ئۇ بەن ئېھسان ۋە ئىنئامدىن باشقا ئەمەس، پەقەت مۇشۇ بەنلا ئۇنىڭ قەلبىنى ئەڭ چىڭ باغلىيالايدۇ، بەنلەشتە ئۇنىڭ قەلبىدىن باشقا ئەزانىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدى، ئىنئام ئېھسان ئارغامچىسى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى باغلىسام، ئۇنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭ قەلبىگە ئىتائەت قىلغاچقا، قالغان بارلىق ئەزالىرىنىمۇ ئۇنۇملۇك بەنلىيەلەيمەن، سىلەر ئويلىغان تۆمۈر بەنگە كىشىلەر ئىككى سالسا بۇزۇلۇپ ئاجرايدۇ. ھالبۇكى، قەلبكە سالغان بەنگە ھېچنەرسە تەسىر قىلالمايدۇ، سىلەر بىلىپ قېلىڭلاركى، ئۆتكەنلەرنىڭ قوشلارنى دان بىلەن، ئىنسانلارنى ئېھسان بىلەن سەيد قىلماق كېرەك دەيدىغان مۇقەددەس تەمسىللىرى بار» دېدى.

ئولۇسنى سەيد قىل ئىشام بىلەن،
باياۋان ۋەھشىلىرىنى دان بىلەن.
كىشى خەسمىن كەرەم بەندىگە ئالغاي،
كى ھاشا تىغ ئىلە ئانى كېسەلىگەي.
ئەگەر دۈشمەنگە كۆرسەتسەڭ ساخاۋەت،
چىقارغاي كۆڭلىدىن كىنە ـ ئاداۋەت.

خالايىقىقا مەلۇم بولسۇنكى، پادىشاھ خىسراۋنىڭ شول ۋاقىتتىكى كۆڭلىگە «ئاداۋەتكەر ئەمىرىنىڭ مۇخالىپەتچىلىكىنى ئىنئام، ئېھسان بىلەن يوقاتقىلى بولىدۇ. دۈشمەنلىك دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى بولسا كەرەم ۋە ساخاۋەت سەرپەجىسىنىڭ زورى بىلەن يۇلۇپ تاشلىغايمەن» دېگەن ئاقىلانە پىكىر چوڭقۇر ئورۇنلاشقانىدى. ئەمەلدىمۇ ئول ئەمىر خالىس نىيەت ۋە مۇقەددەس ئەقىدە بىلەن جان پىدالىق كەمەرىنى چىڭ باغلاپ، قالغان ئۆمرىدە پادىشاھنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىدىن قىلچىمۇ تەۋرەنمىدى. ساداقەت ۋە ئىتائەت يولىدىن ھەرگىزمۇ چىقمىدى.

ھەر كىم كەرەمىڭ كۆرسە ساڭا يار ئولغاي،
ياخشى سۆپاتىڭ تىلغا گۇفتار ئولغاي.
دۈشمەنگە ئەگەر ساخاۋەت، ئېھسان ئەتسەڭ،
ئۆمرى بارى ساڭا ۋاپادار ئولغاي.

سېخى ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ خەيرى ـ ئېھسانىدىن بەھرىمەن بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۆزىگە دوست ھېس قىلىدۇ، بۇمۇ ساخاۋەت

جۇملىسىدىندۇر.

مەسىلەن، قەشقەر خەلقى ھىندىستاندا بىر سېخىي كىشى بار دەپ ئاڭلىسا، ئۇنى كۆرمەستىن دوست تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئىھسانىغا تەھسىن ئوقۇيدۇ، شۇنىڭدەك بۇ سېخىي دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنى ئەسلەيدۇ، پەزىلەت ـ ساخاۋىتىنى مەدھىيىلەيدۇ.

ھاتەم تەئىنىڭ ۋاپاتىغا 945 يىل بولدى، (بۇ رىسالىنىڭ تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقىغا ھازىر بىر مىڭ بىر يۈز يىگىرمە ئالتە يىل بولدى). ھازىر ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەسلىگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ خاتىرە سۆزلىرىنىڭ باھارى مەدھىيە ۋە ئاپىرىن شاماللىرى بىلەن مۇئەتتەر بولماقتا، ئۇنىڭ جانىنى ياشارتقۇچى ھېكايە بابلىرى تەھسىن گۈللىرى بىلەن زىننەتلەنمەكتە.

ھاتەمى تائى جاھادىن كەتتى لېكىن تائەبەت،
ياخشى ئەۋسابى ساخا ئەھلى ئارا قالدى سەنەت.

ھېكايەت: ھاتەمنىڭ سېخىيلىق نامى ۋە قىلغان ساخاۋىتىنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن ئەرەب دىيارلىرىغا تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خەلقىنىڭ كۆڭلىنى زىلزىلىگە سېلىۋاتقان مەرھەمىتىدىن بارغانسېرى ھەسەت ئوتىغا گىرىپتار بولغان يەمەن مەلىكىسى، شام پادشاھى ۋە رومنىڭ قەيسىرى ئۇنىڭغا ئاداۋەت قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا ساخاۋەت دەئۋاسىنى قىلىشىپ، جاۋانمەرتلىك لاپلىرىنى ئۇرۇشاتتى.



www.uyghurkitap.com

ھالبۇكى ھاتەمنىڭ سېخىيلىقى ھەققىدىكى مەدھىيىلەر كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چۈشمەيتتى ۋە بەلكى ئۇنىڭ كەرەملىرىنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن ئالەمگە تارقاپ باراتتى.

ئەبرۇدىل ئۇنىڭ جودىدىن ئەردى شەرمىسار،
ھىممىتى ئالدىدا ئالەم مالىغە يوق ئېتىبار.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولغاچ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ھاتەمنى ئۆز ئالدىغا سىناپ كۆرمەكچى بولدى، ئالدى بىلەن شام پادىشاھى ھاتەمنى ئىمتىھان قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن يۈز دانە قىزىل يۇڭلۇق، قارا كۆزلۈك تۆگە تەلەپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. بۇنداق تۆگىلەر پۈتۈن ئەرەب ۋىلايەتلىرىدىمۇ كەمدىنكەم كۆرۈلەتتى. تېپىلغاندىمۇ ئىنتايىن قىممەت سېتىلاتتى. دەرۋەقە بۇ سۈپەتلىك تۆگە ھاتەمنىڭ ماللىرىدا ئەسلا يوق ئىدى، شام پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى ھاتەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، پادىشاھنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى، ھاتەمى مەقبۇل قولىنى پەرمانبەردارلىق كۆكرىكىگە قويۇپ، ئىتائەتچانلىق بىلەن تىلىغا بۇ مىسرانى جارى ئەتتى:

ھەر ھۆكمىڭگە بىز بەندەئى پەرمانبەردار

ئاندىن كېيىن ھاتەمى بۇ ئەلچىلەرنى ياخشى مەنزىل مېھمانخانىلارغا چۈشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلار ئۈچۈن ئۆز مەرتىۋىسىدىن ئالىي قىلىپ زىياپەت بەردى. ئاندىن كېيىن ھاتەمى ئۆزىنىڭ خادىملىرىنى يىغىپ: «ھەممە ئەرەب قەبىلىلىرىگە بېرىڭلار، ھەركىمنىڭ قىزىل يۇڭلۇق، قارا كۆزلۈك تۆگىسى بولسا ھاتەمى قېشىغا ئېلىپ بارسا ،ئىككى

باراۋەر باھاسىغا ئالىدۇ. تۆگىنى ئېلىپ بارغان كىشىگە يول مۇشەققىتىنىڭ ئەجرى تولۇق بېرىلىدۇ دەپ ئېلان قىلىشقانلار» دەپ بۇيرۇدى. ھاتەمى شۇ ئۇسۇل بىلەن ئەرەب خەلقىدىن يۈز دانە تۆگە قەرز ئېلىپ شام پادىشاھىغا تۆھپە قىلىپ ئەۋەتتى. ئەلچىلەر بۇ تۆگىلەرنى شاھقا توغرا قىلدى، شاھ بۇنى كۆرۈپ، ھەيران قىلىپ: «مەن بۇ ئەترابىنى مۇنداقچە ئىمتىھان قىلىپ كۆرۈۋېدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى بىھېساب قەرزگە سېلىپتۇر» دېدى. ئاندىن پادىشاھ بۇ تۆگىلەرگە مىسىر ۋە شامنىڭ ئالىي سورتلۇق ماللىرىنى يۈكلەپ، شۇ ماللىرى بىلەن قايتۇرۇپ ھاتەمگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى بۇيرۇدى. بۇلار تۆگىلەرنى نۇرغۇن ماللار بىلەن ھاتەم قېشىغا ئاپارغاندىن كېيىن، ھاتەمى بارلىق تۆگە ئىگىلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۆز تۆگىسى بىلەن تۆگىدىكى ماللارنى قوشۇپ بېرىۋەتتى. ھاتەمى بۇنىڭدىن ھېچنەرسە ئالمىدى، بۇ ئىشلارنىڭ خەۋىرى شام پادىشاھىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، شاھ: «مۇنداق ئۇلۇغۋار ھىممەت ئادىمىزاتنىڭ قولىدىن كېلىشى بەكمۇ تەس، مەن ھاتەمنىڭ ساخاۋەت بابىدا تەڭداشسىز ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندىم» دېدى.

بېيىت:

سەخايى ھاتەم كىم شۆھرەت ئالمىش،<br>
دېگەندەك راستتۇر بىھۇدە ئەرمەس.

رۇمنىڭ پادىشاھى قەيسەر ھاتەمنىڭ ساخاۋەت دەبدەبىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىمتىھان قىلىشنىڭ خىيالىغا چۈشتى، شۇل سائەتتە ئۇ ھاتەمنىڭ ئۇقتەك تېز چېپىشلىق بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدى، ئۇل ئاتقا مۇنداق سۆپەتلەر كېرەك ئىدى:

چۇ شىرىن ئاتىدەك گۇلگۇن خۇشرۇ،
ئاڭا ئەرگەشىمچىدۇر شەبدىز خۇسرۇ.
يۇگۇرسە بەرق يەڭلىغ دۇر سەبۇك خىز،
كى پۇيە ۋەقتىدە سەرسەر كەبىر تىز.

قەيسەر شاھ ۋەزىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، بۇ خىيالىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى:

ــ ھاتەمنىڭ ساخاۋىتى ئەرەب ۋە ئەجەم دۇنياسىدا ئايان بولدى، ھازىر ئۇنىڭ مۇرۇۋۋىتى مەغرىبتىن مەشرىققە قەدەر تارقالدى. مەن ئۇنىڭ دۇنيادا مىسلىسىز بىر ئېتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم، بۇنىڭ ئۇچۇن كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئېتىنى تەلەپ قىلىش ئىمتىھانىغا تەۋەككۇل قىلۇرمەن.

پادىشاھ ۋەزىرى بىلەن خۇپلاشقاندىن كېيىن، لايىق تۆھپە ـ سوۋغاتلار بىلەن ھاتەمى قېشىغا شۇل ئاتنىڭ تەلىپىدە ئەلچى ماڭدۇردى. ئەلچىلەر تەي قەبىلىسىگە يېتىپ بارغاندا، ھاۋا سوۋۇپ كېتىپ قار ياغدى، ھاتەمى ئەلچىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارنى ئالىي دەرىجىلىك مېھمانخانىلارغا چۈشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، خادىملىرىغا مېھمانلارنىڭ زىياپىتى ئۈچۈن ئات ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. مۇلازىملار ھاتەمگە:

ــ ئاتلارنىڭ ھەممىسى يايلاقتا، بۇ يەردە پەقەت ھېلىقى

تەڭداشسىز ئاتتىن باشقا ئات يوق، — دەپ ئېيتتى. ھاتەمى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— مەيلى، ئاشۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. مېھمانلار شاھى قەيسەر تەلەپ قىلغان ئاتنىڭ گۆشىدە مېھمان بولۇشتى. ئاندىن كېيىن ھاتەمى مېھمانلارنى ئازادە ئىستىراھەت قىلىشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆز خانىسىغا چىقىپ كەتتى. تاڭ ئاتقاندا ھاتەم مېھمانلارنىڭ قېشىغا ئۆزرە بىلەن كىردى، ئاندىن كېيىن ئەلچىلەر قەيسەر شاھنىڭ خېتىنى ۋە تۆھپە ـ سوۋغاتلىرىنى ھاتەمنىڭ ئالدىغا قويدى. ھاتەمى پادىشاھنىڭ خېتىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئىنتايىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلىپ، ئېچىنىش ۋە ئەپسۇسلىنىش ئىپادىسىدە بولدى، بۇنى كۆرگەن ئەلچىلەر:

— ئېھ ھاتەمى، سىز پادىشاھنىڭ تەلىپىگە مۇنچىۋالا پەرىشانلىق كۆرسەتسىڭىز، بىزنىڭمۇ سىزنى ئارتۇقچە تەڭلىك قىلىشقا ئامالىمىز يوق، — دېيىشتى. ھاتەمى جاۋاب بەردى:

— يوقسۇ، ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، رۇمدەك بىر ئۇلۇغ ۋىلايەتنىڭ سۇلتانى مەندەك بىر خاكساردىن ئات تىلىكى قىلىپتۇ، بۇ خىزمەت ئۈچۈن مۇنداق ئۇلۇغ ئەلچىلەرنى ۋە ئېسىل تۆھپىلەرنى ئەۋەتىپتۇ. مېنى ئۇمىد ئىچىدە خىزمەتكە لايىق كۆرۈپتۇ، مېنىڭ ھازىرقى خىجالەتچىلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇنداق پۇشايمان ئۈچۈنكى، تۈنۈگۈن سىلەرگە ئۆلتۈرۈپ زىياپەت قىلغىنىم ئەنە شۇ ئاتنىڭ گۆشى ئىدى، ئىستت! ئەھۋالدىن نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق خەۋەر تاپمىدىم، ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر تاپسام، پادىشاھنىڭ ئۈمىدىنى زايا قىلماس ئىدىم، شاھىمىزنىڭ خىزمىتىدىن مەھرۇم بولماس ئىدىم.

ئول ئات دەرسىز ئانى بادى سۇرئەت،
تۆنۆگۈن ئەيلىدىم سىزگە زىياپەت.
ھاۋابىھەدسوغۇق ئىدى يېغىپ قار،
كى يىلقاسىرى بارماق ئەردى دىشۋار.
يوق ئولغاچ ئۆزگە ئات ئىشكىمدە باغلاقلىق،
ئىنى كۆردۇم زىياپەتكە ياراغلىق.
مۇرۇۋۋەتتىن ئەمەسكىم بىر زامانى،
گورسىنە بولغاي ئۆيدە مېھمانى.
مىڭ ئات ئۇنداق ئەگەر يوق بولسا بولغاي،
كى ئالەم ياخشى ئاتىم بىرلە تولغاي.

ئەنە شۇ ئەھۋال تۇپەيلىدىن رۇم سۇلتانىغا بۇ ئات نېسىپ بولمىدى، ئاندىن كېيىن ھاتەمى بۇ ئەلچىلەرگە نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ، بىسيار تۆھپە ـ سالاملار بىلەن ئۇلارنى رازى قىلدى، ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ، سۇلتانغا يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئۇنىڭ ئىنساپ ـ ساخاۋەتتە مىسلىسىز، ئەخلاق جەھەتتە ھېسابسىز مەرت ئىكەنلىكىگە تەسلىم بولۇپ، ئۇنى سېخىيلىق بابىدا يېگانە جاھان دەپ تەرىپلىدى.

دېسە بولغايكىم بەنى ئادەم ئارا،
كەلمەدى ئاتداغ يانا ساھىب ساخا.
بىلدىلەرنانى مۇسەللەم خاسۇ ئام،
جۇدئىشى ئۇنىڭ بىلە بولدى تامام.

يەمەن شاھى ساخا ۋە كەرەملىك سۈپىتى بىلەن مەشھۇر، پېقىر ۋە موھتاجلارغا زىياپەت دەستۇرخانىنى كەڭ يايىدىغان ئىنئاملىغ، ئالىي كېرەملىك بىر كىشى ئىدى. بۇ پادىشاھ ئۆز كۆڭلىدە خالايىقلارنىڭ تىلىدا ئۆز ساخاۋىتىدىن باشقا نەرسىنىڭ سۆزلەنمەسلىكىنى، بۇ بابتا ئۆزىنىڭ يېگانە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. باشقىلاردىن بولسا بىرەرمۇ ئېھسان كۆرۈلمەسلىكىنى، باشقىلارنىڭ بۇ بابتا مەشھۇر بولۇپ قالماسلىقىنى ئويلايتتى. شول سەۋەبتىن ئۇنىڭ قېشىدا ھاتەمى تىلغا ئېلىنسا، غەزەپ ئوتلىرى شۆئلە ئۇرۇپ، ھاتەمگە ئىزا قىلماقنى قەدەم قوياتتى. ھەتتا غەزەپلىنىپ «ھاتەمى بولسا مېنىڭ ۋىلايىتىمنىڭ پۇقراسى، بىر سەھرالىقتۇر، ئۇنىڭدا نە جاھاندارلىق مەرتىۋىسى ياكى مۇلۇكدارلىق مەنسىپى يوق، ئالەمگىرلىق قۇۋۋىتى ياكى پۇقرى مەرتىۋىلىك شۆھرىتى يوق، بەلكى بۇ دەرىجىنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇمدۇر» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىپ، ھاتەمنىڭ بۈيۈك ئىززىتىگە شەك كەلتۈرمەكچى بولاتتى.

نە ئۇنىڭدا تەخت بار ئولغاي، نەتاج،
نەخازانە ئاندە، نەباخ ۋە خىراج.

ئەھۋال ئەنە شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ قولىدىن كىشىلەر ماختاپ مەدھىيىلىگۇدەك قانچىلىك ساخاۋەت كېلىدۇ؟ ھاتەمنىڭ پەقەت بىرقانچىلا ئات - تۆگىلىرى بار، بۇنىڭ بىلەن قانچىلىك ساخاۋەت ئىشىكىنى ئاچالايدۇ؟ مەن ھاتەمنىڭ بىر يىللىق ساخاۋىتىنى بىر كۈندە بىر گادايغا بېرىمەن، ئۇنىڭ يۈز مېھماندارچىلىقىنى ماڭا كەلگەن بىر مېھماننىڭ ناشتىلىقىغا بېرىمەن.

تاپاۋەت قوي ئىككىمىزگە ئارادە،
كى مەن ئاتلىقدۇرمەن، ئول پىيادە.

ئول پادىشاھ شۇنداق ئۇلۇغ بىر زىياپەت قىلدىكى، شاھانە دەستۇرخانلارنى كەڭ يايدى، پۈتۈن خاسۇ ـ ئاملارنى جەمئىي قىلدى، پۈتۈن ئاخشام زەربەخشلەر قىلدى ۋە دەريادەك كەڭ گۆھەر پاشلىق كۆرسەتتى. زىياپەت خۇشلۇقى ئارىسىدا بىرسى توساتتىن زىكرى قىلدى.

بىرۇھاتەم سۇپەتىن زىكرى قىلماقتا ئىغىز ئاچتى،
ساخاسىدىن بايان قىلماق بىلەن ئەل سەرى دۇر چاچتى.

پادىشاھ بۇ سۆزنىڭ رەشكىدىن پەرىشان بولۇپ، ھەسەت تومۇرلىرى ھەرىكەتكە كەپكەتتى، شۇ ئارىدا ئۇنىڭ پىكىر ئائىنەسىدە «بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەرنىڭ تىلىدىن ھاتەمنىڭ نامى چۇشمەيدۇ، ھەممىنىڭ زەبانى ھاتەمنىڭ مەدھىيىلىرىدىن خالاس ئەمەس، ئۇنىڭ مۇرۇۋۋەت ۋە ساخاۋەتلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە نە دەرىجىدە ئورۇنلاشقان؟!» دىگەن ئەندىشىلەر ئايان ئەتتى. مەسلىھەت شۇلكى، مەن تەدبىر كىمىچىسىنىڭ مەدىتىگە تايانمىسام بولماس، ئول ياردەم بىلەن ھاتەمنىڭ ھاياتلىق دەسمايىسىنى پانا غەرقابىغە سالغايمەن.

كى تا باردۇر جاھان سەھنىسىدە ھاتەم،
مېنى ياخشى دىمەسلەر ئەھلى ئالەم.

پادىشاھنىڭ كىشىلىرى ئىچىدە بىر دەرھەم ئۈچۈن يۈز كىشىنىڭ قېنىنى تۆكۈشتىن يانمايدىغان، ئانچىكىلىك ئىشلار ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل شىشىسىنى ئاراز تېشى بىلەن سۇندۇرۇپ ئۆتىدىغان بىر ئەييارى بار ئىدى، كىشىلەر ئۇنى مۇنداق سۈرەتلەيتتى:

پەرىۋەش كۆزىدەك ئەردى خۇنرىز،
كى مەھۋەشلەر ساچىدەك پىتنە ئەنگىز.

پادىشاھ ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ، ئادەتتىكىدىن كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ نۇرغۇن ئىنئام ۋە مۇكاپاتلارغا ۋەدە قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق ئۆتۈنۈشلەرنى قىلدى:

— سەن تېزلىكتە ھاتەمى قەبىلىسىگە بارغىن، كۆڭلۈڭگە يەتكەن ھەممە نەيرەڭلەرنى ئىشقا سالغىن، خاتىرەڭ قوبۇل قىلغان بارلىق جىلغىلار بىلەن ماڭغىن. ئۇل ھاتەمىنى ھاياتلىق مۈلكىدىن ماماتلىق سارايىغا يوللاپ، تامامى ھاتەمىلەرنىڭ ماتەمىنى چىقارغىن. مەگەر شۇ ۋەزىپىنى بېجىرسەڭ، شاھانە ئىنئام ۋە خۇسراۋانە ئىكرام بىلەن بېشىڭنى بەلەن قىلىمەن.

ئۇل ئەييار شاھنىڭ ئىشەنچىسىدىن قىن - قېنىغا پاتماي، مىسلىسىز ھىيلە پىشە ۋەسۋەسى ۋە ئەندىشە ھالىتى بىلەن ھاتەمىنى ئۆلتۈرۈشنى ۋەزىپە قىلىپ ئالدى. يەنى تەي قەبىلىسىگە يۈزلىنىپ، بىرقانچە مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاخىرى تەي قەبىلىسىگە يېتىپ باردى، لېكىن ئۇ بۇرۇن بۇ جاينى كۆرمىگەچكە، ھاتەمىنىڭ قورۇسىنىڭ پەھمىنى ئاڭلىماي، ھەر تەرەپلەرگە ئايلىنىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ، ناگىھان بىر يىگىتكە

ئۆچراشتى. بۇ ياشنىڭ زاھىرى خۇشرۇي بولۇپ، چىرايى نۇرلۇق قۇياشتەك جۇلالىنىپ، شۇئىلە ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ دۆلەتمەنلىكىدىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى، بۇ يىگىت ئۇل ئەييارنى شۇ مەھەلدە بىر مۇساپىر دەپ پەھىم قىلدى ـ دە، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھر-بانلىق كۆرسىتىپ، شىرىن زەبانىدا سورىدى:

ــ نى يەردىن كەلدىڭىز ۋە قەيەرگە بارىسىز؟

ــ مەن يەمەندىن كەلدىم، شامغا بارماقچىمەن، ــ دېدى.

يىگىت:

ــ ئۇنداق بولسا، بۇگۈن مېنىڭ ئۆيۈمگە قەدەم تەشرىپ كەلتۈرۈڭ، پېقىر خىزمەتكارلىق سۇپەتتە شەرەپ نەزىرىڭىزگە ئېلىنغايمەن، ئۆيۈمنىڭ سەھنىسىنى ھوزۇرىڭىزنىڭ زىننىتى بىلەن يورۇتسىڭىز، مەن جان ـ دىلىم بىلەن مىننەتدار بولغايمەن، ــ دېدى ۋە بۇ مىسرالارنى ئوقۇدى:

ئۆيۈمگە كىرگىل مېنى بىردەم ئاۋۇتقىل،
يۈزۈڭدىن تېرە كۆلبەمنى يورۇتقىل.

ئەييارى بۇ يىگىتنىڭ خۇشخۇيلۇقى ۋە دىل جۇيلىقىغە دەسلەپتە بولدى ۋە يىگىتنىڭ مەنزىلىگە باردى. يىگىت زىياپەت بىلەن مېھماندارلىقنىڭ رەسمىيىتىنى شۇ قەدەر يۈكسەك ئورۇنلاپ بەجا قىلدىكى، ئۇل ئەييارى ئۆمرىدە تېخى بۇنداق زىياپەتنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە مۇنداق سۇرەتنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغان. رەڭمۇرەڭ نېمەتلەر، خىلمۇخىل تاماقلار، گۈنە ـ گۈن شەربەتلەر تەرتىپ بويىچە ئۇزۇلمەي، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. مېھمان بۇ يىگىتنىڭ مەتئۇمات ۋە مەشرۇباتلارنى

بىغايەت ۋە بىنىهايەت بىلەن مۇھەييا قىلىنۋاتقانلىقلىرىغا قاراپ ئۆزلۈكسىز ئاپىرىن ئوقۇيتتى ۋە ئۆزىنىڭ خۇشاللىق زەۋقىدىن قايناپ:

بارىكاللا، پەزلى ئىشى مۇنداق كېرەك،
ئەردە ھەممەتلىك كىشى مۇنداق كېرەك.

دەپ كېتەتتى. ئۇلار بۇ كېچىنى ئەنە شۇنداق ساخاۋەت ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ، سۇبھىدەم بۇ مېھمان ئۆيىدىن ئىقامەت رەختىنى كۆتۈرۈپ، مەقسۇد تەرىپىگە يۈزلەنمەك بولىدى، يىگىت مېھمانىنىڭ خوشلىشىش تەرەددۇتىدىن پەرىشان بولۇپ، ئوتلۇق بېيىتلارنى تىلىغا جارى قىلىپ مۇنۇلارنى ئېيتتى:

يۈز داغ تۈشتى كۆڭلۈمە يەتكەچ جۇدالىقىڭ،
ئى كاش بولمىغاي ئەردى بۇ ئاشنالىقىڭ.

ئاندىن يەنە تېخىمۇ دىلنەۋازلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

ھايال قىلماق مېنى بۇ يەردە بىسيار،
كى باشىمدە مېنىڭ مۇشكۇل ئىشىم بار.

ئاندىن يىگىت:

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىشلىرىڭدىن مېنى خەۋەردار قىلغىل، قەدەم قويۇپ شوغلى قىلغان مۇھىمماتىڭنى ماڭا ئېيت، قولۇمدىن كەلگىنىچە ئۇل كارۇبارىڭدە بولغايمەن، — دېدى. بۇ ئەيىيارى ئۆمرىدە تېخى تۇنجى دۇچ كەلگەن بۇ سۈپەتلىك، بىشەك

يارامىلىقتىن ھېچقانداق قۇسۇر كۆرمىگەچكە، مەن مۇنچە چوڭ كۆڭلى مۇھىمغا قەدەم قويۇپدۇرمەن. يارسىز، مەدەتكارسىز ئىشىم سەرەمجان قىلماس، بۇ كىشى ئالىي ھىممەتلىك، تەجرىبە ساۋاقلىق، سېخىي ۋە غېرىپ ناۋاز ئىكەن، شۇڭا ئۇنى پۇتۇن مۇشكۇلۇمدە ھەمراھ قىلسام قىلغايمەن، دەپ ئويلىدى.

بىر گۆلى بۇ گۆلىستاندىن بى مەدەت،
ئۈزسە بولماس گەرچە گۈلدۇر بى ئەدەت.
يار ئىلگىنى تۇتۇپ بولسا راۋان،
يەتكەيسەن مەنزىل باشىغا بىگۇمان.
ياردىن كارىڭ مۇكەممەل بولغۇسى،
ھەمنەپەستىن مۇشكۇلۇڭ ھەل بولغۇسى.

بۇ مەككار پىكرىنى شۇ يەرگە يەتكۈزگەدىن كېيىن يىگىتكە قاراپ ئۆزىنىڭ بۇ مەقسىتىنى خۇپىيانە تۇتۇش ھەققىدە قەسەم بەرگەندىن كېيىن، يەنە كۆپ تەكىتلەرنى قىلىپ ئۆز سىرىدىن بايان قىلىشقا باشلىدى.

— يەمەن پادىشاھىغا ئاڭلىنىپدۇركى، بۇ ۋادىدا ھاتەمى ئاتلىق بىر كىشى بار ئىمىش، ساخاۋەت ۋە مەرتلىك لاپلىرىنى تولا ئۇرار ئىمىش، مۇرۇۋۋەت ۋە دىلنەۋازلىق داپلىرىنى چالار ئىمىش. بۇ خەۋەردىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە رەشكى ـ ھەسەت ۋەسۋەسە چۇشۇپ، مېنى ئۆز بارگاھىغا چاقىرىپ كېلىپ، بىھەد مەرھەمەتلەرنى قىلىپ، ھېسابسىز خەزىنە ۋە دەپىنىلەرنى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، ئول ھاتەمىنى ئۆلتۈرگەيسەن، باشىنى ئېلىپ ئالدىمغە تۆھپە قىلغايسەن دېدى. مەن بۇ ئەھدىنىڭ جەھەتىدىن ۋە مەئىشىتىمىنىڭ زۆرۈرىيىتىدىن ئول ھۆكۈمنى

قوبۇل قىلىپ بۇ دىيارغە كەلدىم، ھازىر مەن ھەيراندۇرمەنكى، نە ھاتەمنى بىلمەيمەن، نە ئۇنىڭ مەنزىلىنى ئۇقمايمەن. سىنىڭ مۇنچە دىلبەرلىكىڭدىن ۋە مۇنچە غېرىپ پەرۋەرلىكىڭدىن ئىمانىم كامىل، ھاتەمدىن ماڭا خەۋەر بەرسەڭ، ئەھدىنى ئورۇنلىشىمغا يارىسازلىق قىلساڭ، مەن ئەھدىگە ۋىسال تاپقاندىن كېيىن پادىشاھ ۋەدە قىلغان ئىنئام ۋە مۇكاپاتلارنى ئېلىپ، سېنىڭ ياردىمىڭ بىساتىدە مالدىن بىھاجەت غەنى بولسام.

يىگىت بۇ بايانلارنى ئاڭلاپ، خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

كىلۇپ ئېيتايكى، ھاتەمى مەن ئىرۇرمەن،
باشىم كەسكىن دەرىخ ئەتمەي بېرۇرمەن.

— ئەي ئەزىز مېھمان، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئەھلى ـ ئايال، خىزمەتكارلىرىم خەۋەر تېپىشتىن بۇرۇن باشىمنى ئېلىپ يولغا چىقىڭ، شاھىڭىزغا باشىمنى تۆھپە قىلىپ، ئۇ ۋەدە قىلغان مۇكاپاتلارنى ئېلىڭ.

چۇ ئەييار ئول زامان ھاتەمنى بىلدى،
خۇرۇش ئەيلەپ ئاياغىغە يىقىلدى.

ھەمدە ھاتەمنىڭ تاپانلىرىغا كۆزىنى سۈرتۈپ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنۇلارنى ئېيتتى:

ئايا، ئى ئالىي ھىممەت سۆزى تاتلىق،
كەچرگىل كىم ساڭا بولدۇم ئۇياتلىق.
سېنىڭدەك ياخشىغا بولغاچ بەند ئەندىش،
خىجالەتتىن ئورۇپمەن جانىمغە نىش.

ئەگەرچە تىغدەك ئەردىم يۈز ئاپەت،
كى ھالاقەتلىكغە يوق مەندە تاقەت.
سىنىڭ سارىغە ھەركىم تىخ ئاتمام،
كى ھاشا تىخ كىم گۈل بىرلە ئاتمام.
بۇ يەڭلىغ ئۆزرەدىن بىھەد دەم ئۇردى،
يولىن تۇتتى يەمەن سارىغە يۇردى.

ھاتەمى ئۇنىڭغا يول جابدۇقلىرىنى تەل قىلىپ بېرىپ يولغا سالدى، ئەيىيارى يوللارىنى قەتئىي قىلىپ يەمەن شاھىنىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ باردى. ھاتەمنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە سۈرەتى مۇئامىلىسىنى بىر ـ بىر بايان قىلدى، پادىشاھ ئىنساپ يۈزىسىدىن ھاتەمنىڭ مۇنچە ئازادىلىكى ۋە جاۋانمەرتلىكىگە ئىخرار ئەيلەپ «ئادىمىزات ئىچىدە مۇنداق كەرەملىك كىشى چىقماس، ئەھۋال ئول ئەيىيارىنىڭ بايانىدەك بولسا، ھاتەمنىڭ دەرىيادەك ساخاۋىتىگە مەن تەڭ كېلەلمەس ئىكەنمەن» دەپ ئويلىدى.

يۈز مىڭ ئولغاي بۇ جاھاندا بەرگۈچى كىشىگە دەرەم،
لەيكى كىمدۇر ئول كىشى كىم جانىنى قىلغاي كەرەم.

«جاۋاھىرىلئەمارە» دېگەن كىتابتا مۇنداق يازىلمىش ئىكەن: كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئول ھاتەمنىڭ ھاياتلىقى ئاجىرلىشىپ، ۋاپات ئېتىپتۇ. ئۇنىڭ قەبرىسى سەل سۇلىرى ئاقىدىغان بىر جايغا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقتىن، يەنە بىسيار يامغۇرنىڭ كەلكۈنى ئېقىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى ۋەيران قىلىشقا ئاز قاپتۇ. ھاتەمنىڭ ئوغلى بۇنىڭدىن خەۋەرلىنىپ، دادىسىنىڭ قەبرىسىنى

باشقا بىر جايغا يۆتكەمەكچى بولۇپ، ئۇل قەبرىنى ئېچىپتۇ، قارىسا ھاتەمنىڭ باشقا ئەزالىرى چىرىپ بۇزۇلۇپتۇ - يۇ، ئۇنىڭ قولى ئۇنىڭ ھاياتلىق ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش ساپساق تۇرۇپتۇ. بۇ ھال كۆپ كىشىلەرنى تەئەججۇپكە قالدۇرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر ساھىب دىل ئوتتۇرىغا چىقىپ: «سىلەر ھاتەمنىڭ ئۇنىڭ قولىنىڭ ساق تۇرغانلىقىدىن ھەيران بولماڭلار، چۈنكى بۇ جاۋانمەرد ئەنە شۇ قولى بىلەن ساھىللەرگە خەيرى - ئېھسان قىلاتتى، ئۇنىڭ قىلغان خەيرى - ساخاۋىتى ئەجرىدىن ئاللاتائالا ئۇنىڭ بۇ قولىنى ساق ساقلىغان» دىدى. بۇ ئەھۋالدىن بىز شۇنداق بىر تەسىرات ئالغايمىزكى، ئۇل بىئىمان ئۆزىنىڭ ئۆمۈر بويى كۆرسەتكەن ساخاۋىتى تۈپەيلىدىن گۆردە بىر قولى ساق ھالەتتە يېتىپتۇ، ئەگەر بىر مۆئمىن ئۆز ئۆمرىنى ئەنە شۇنداق ساخاۋەت ئەجرى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا نېمە خاسىيەتلەرنى بېرۇر؟

ئاللا ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان ۋەجىدىن دوزاخنىڭ بارلىق ئازابىدىن ئامان دەرىجىسىنى بېرىدۇ، ئاخىرەتنىڭ تۈگىمەس بەختى - سائادىتى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولىدۇ، چۈنكى «مۆئمىنلەرنىڭ ئاخىرەت سائادىتى پۈتۈنلەي ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن قولغا كەلگەي» دېيىلگەن، بۇنىسى شۈبھىسىزدۇر.

ئەھلى دەۋلەت ئۆمرىدىن كۆز ياپتىلەر،
دۆۋلەتى باقى كەرەمدىن تاپتىلەر.

دارا دېگەن بىر كىشى ھەكىمدىن:
— سەلتەنەتنىڭ زىننىتى نېمە؟ — دەپ سورىدى، ھەكىم:

— ئىززەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش، — دەپ جاۋاب بەردى.
دارا يەنە:
— ئىززەتنى قانداق مۇيەسسەر قىلىش مۇمكىن؟ — دەپ سورىدى. ھەكىم:
— كىمكى مال - دۇنيانى ئادەمدىن ئەزىز كۆرمىسە ئۇل كىشى ھەممە ئەلنىڭ نەزىرىگە ئەزىز ۋە مۇكەررەم كۆرۈلىدۇ. كىمىكى مال ۋە ئالتۇنلىرىنى ئادەمدىن يۇقىرى تۇتسا، ئۇل كىشى كىشىلەر نەزىرىگە ئېتىبارسىز كۆرۈنىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.
بېيىت:

ھالىدىن مەقسەت ساڭا بولغاي بۇ كىم،
تاكى ئۇل تەن ھېيىزىغە بولغاي سۇپەت.
قىلسا ھەر كىم تەننى مالغە پىدا،
ھەم تەنۇھەم مالىغە بولغاي خەتەر،
ھەر كەرىم كى كىم تۇتار مالىنى خار،
دائىم ئىززەتتىن ئۇلغاي بەھرىۋەر.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئون سەككىزىنچى باب

# تەۋازۇئ توغرىسىدا

تەۋازۇئنىڭ مەنىسى — ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش دېمەك بولغاي، تەۋازۇئ قىلىش كىشىلەرنىڭ بەلەن مەرتىۋىلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىمۇ مۇشۇ مەنىنى ئۇلۇغلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتىدۇركى، ئاللانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئۆزىنى تۆۋەن ۋە كەمتەر تۇتۇپ، باشقا كىشىلەرنى ھۆرمەتلىسە، ئاللاتائالا ئۇ كىشىنىڭ دەرىجىسىنى بەلەن ئېتىدۇ.

تەۋازۇئ سېنى قىلغۇسى ئەرچىمەن،
شاراپەت يۇزىدىن قىلۇر سەر بەلەن.

سامانىيە پادىشاھلىرىدىن بولغان نەپەر ئىبنى ئەھمەت ئۆز ئوغلىغا ئېيتتى: «ئى پەرزەنتى دىلبەن، سېنىڭ بۇ ئاتاڭ ئۆزى كۆپ مۇشەققەتلەر تارتىپ قولغا كەلتۈرگەن مەملىكەتنى، ئۆز ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ قۇرغان سەلتەنەتنى ئۆز قولۇڭدا ئۇزۇن ئالەم داۋام ئېتىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر سەنمۇ شۇنداق بولۇشنى خالىساڭ، بۇنداق بولماقنىڭ شەرتلىرىنى ساڭا يەنە بايان قىلغايمەن. ئۇ بولسا، مەرتلىك ۋە سېخىيلىقنى ئادەت ۋە

ئەخلاق بىلىپ، زەئىپ بىناۋالارنىڭ يۈزلەرىگە خەيرى ـ ساخاۋەت ئىشىكلىرىنى ئوچۇق تۇتقىل، ئۆزۈڭنى كەمتەر تۇتۇپ، خەلقلەرگە ئىززەت ۋە تەۋازۇئىدا بولغىل. چۈنكى، خەيرى ـ ساخاۋەت بىرلە تەۋازۇ خەلقنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە جەم قىلىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بىشارىتىدۇر. خەلقنىڭ كۆڭۈل مەيلى تەۋرەنمەيدىكەن، ئول يۇرتتا سەلتەنەت ساغلام ۋە خاتىرجەم داۋام ئېتىدۇ. خەزانىدىكى بايلىقلار ھەممىشە زاۋالىققا تەمشىلىپ تۇرىدۇ، ھەتتا بەزىدە قۇرۇقلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ئىشەنچ جەھەتتە مەڭگۈلۈك قىلغىلى بولمايدۇ، لەشكىرى قوشۇنلارمۇ داۋاملىق قولدا تۇرمىغانلىقتىن، ئىشىنىپ بولمايدۇ، مۈلكىنىڭ داۋامىغىمۇ مەڭگۈلۈك قارىماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇمۇ تەنەززۇلدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەئنىگە ئىشارەت قىلىپ، «ھەربىر دەۋردىكى ئاممىۋى كىشىلەرنىڭ خوجىسى ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسىدۇر» دەپ ئېيتقان. ئەگەر سەن ھەرقانداق بىر كىشىگە خىزمەت بىلەن تەۋازۇ قىلساڭ، ئۇنىڭ كۆڭلى ساڭا ئىللىيدۇ. مۇھەببىتىڭگە مەيل ئېتىپ، بۇيرىقىڭدىن چىقمايدىغان بولىدۇ، مانا بۇ ئەمەلىيەتتە سېنىڭ خوجا بولغان ۋاقتىڭدۇر.

تەۋازۇ دۇر كۆڭۈلگە روشنالىق،
تاپار بىگانە ئاندىن ئاشنالىق.
تەۋازۇ كىشىنى دۆلەتمەن ئەتكەي،
تەۋازۇئلۇق كىشى ئىززەتكە يەتكەي.

تەۋازۇئنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، كىشى ئۆزىنىڭ

مىقدارىنى باشقىلارنىڭ مىقدارىدىن كەم بىلىش، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى پەش قىلماي، باشقىلارنىڭ نامىنى ئىزىپ ۋە مۆھتەرەم بىلىش، ھەقىقەتتە كىشىلەرگە چۈشلۈق زاتى يوق، شاراپىتى يوق، تەكەببۇر ئادەملەر، بىلىمسىز ئادەملەر تەۋازۇدىن قاچىدۇ. ئۇلۇغ زادىلەر، بىلىملىك، مەرتىۋىلىك ئادەملەر كىشىلەرگە تەۋازۇ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. چۈنكى ھېچ ۋاقىتدا تەۋازۇ بىلەن ئۇلۇغلارنىڭ مەرتىۋىسى، پەزىلىتى چۈشۈپ كەتكەن ئەمەس، بەلكى ئەزەلدىن تەۋازۇئلۇق كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ھەممە خالايىق ۋە خالىق تائالانىڭ قارىشىدە زىيادە قىلغان.

ئۇلۇغلارغە تەۋازۇ زىننەت ئولغاي،
گەدالارغە تەۋازۇ ئادەت بولغاي.

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولغايكى، تەۋازۇئنىڭ ئەكسىچە كىبىرە قىلىش پەقەت ناقىس ئادەملەرنىڭ، ئادەمىيەتچىلىك رەسمىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ، بىلىمسىز، بەدقىلىق ئادەملەرنىڭ خۇلقى ۋە ئادەتلىرىدىندۇر.

ئۇلارنىڭ بۇنداق كىبىرە قىلىشتىكى غەرەزلەرى پەقەت ئۆزىدىكى ئەيىب ۋە نۇقسانلارنى يېپىش ئۈچۈندۇر، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى تەرسا، گالۋاڭلاردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇ خىلدىكى يامان سۈپەتلىرى ئۆزلىرىدىكى قاباھەتلەرنى ئاشكارىلاپ، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزلىرىنى ئېتىبارسىز، مەرتىۋىسىز قىلىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى بىلمەيدۇ.

ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن تەۋازۇ خوپ زىننەت، دۆلەت ئىگىلىرى ۋە پادىشاھلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ خوپتۇر.

چۈنكى بارلىق ئۆلۈغلار تەۋازۇئلۇق زىننىتى ئارقىلىق ئاندىن ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكەن. قەدىمكىلەرنىڭ ھېكايىسىدە ئىبنى سەمماك دېگەن بىر كىشى پادىشاھ ھارۇن رەشىدنىڭ مەجلىسىگە كىرگەن ئىكەن، پادىشاھ ئۇل كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تازىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. بۇ چاغدا ئىبنى سەمماك: ئى پادىشاھ، تەۋازۇئ دېگەن پادىشاھلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھلىقىدىن ئارتۇقتۇر» دېدى. پادىشاھ: «ياخشى سۆز قىلدىڭىز، ئەمما ماڭا تەۋازۇئنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ بېرىڭ» دەپ ئۆتۈندى.

ئىبنى سەمماك: «ھەرقانداق كىشىگە ئاللاتائالا مال - مۈلۈك ۋە ھۆسنى - جامال جەھەتلىرىدە ئۇلۇغلۇق بەرسە، ئۇ چاغدا بۇ كىشى مالى بىلەن ئاللانىڭ بەندىلىرىگە خەيرى - ئېھسان قىلسا، جامالى بىلەن ئاللاغا تائەت - ئىبادەت قىلىپ، بەندىلىك قىلسا، كىشىلەرگە قارىتا ئىززەت - ئىكرام ۋە تەۋازۇئ ئەيلەسە، ئۇ چاغدا ئاللاتائالا ئۇل كىشىنى ئۆزىنىڭ خاس بەندىلىرى قاتارىغا ئالىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. سەمماكنىڭ بۇ مۇھاكىمىسى ھارۇن رەشىدغە ئىنتايىن خۇش كەلدى، ئۇ ئۆز كاتىبلىرىغا بۇ سۆزلەرنى قالدۇرۇشقا بۇيرۇدى، بۇ سۆزلەرنى ھارۇن رەشىدنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىۋېلىشىمۇ ئۇنىڭدىن تەۋازۇئنىڭ ئالامەتلىرى ئىدى.

تەۋازۇئ بىلەن ئېھتىرام — ئەشرەپلەر، سەيىدلەر، ئالىملار ۋە باشقا ئۇلۇغلار ئۈچۈن ئالاھىدە خاس سۈپەتتۇر. چۈنكى، بۇلار تەۋازۇئ بىلەن دۆلەت بازۇسىنىڭ كىچىك، شەۋكەت بايراقلىرىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

بىر كۈنى ھەسەنى شەيبان ھارۇن رەشىدنىڭ قاشىغا كەلدى. ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا كۆپ ئېھتىرام بىلە ھۆرمەت ئىپادىلەپ

تۆردى. مەسىلەن، ئۇ ئۆز تەختىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنى باشلاپ كېلىپ تەختكە تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئول كىشى كەتمەكچى بولۇۋېدى، يەنە ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە باشقىلار، بۇنى كۆرگەن خاسلاردىن بىرسى:

— ئى پادىشاھ، سىزنىڭ مۇنچە كۆپ ھۆرمەت ۋە تەۋازۇئىلىرىڭىز ئۆز پادىشاھلىقىڭىزنىڭ ھەيبەتى ئۈچۈن ئارتۇقچە ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى. ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا:

— تەۋازۇئ ۋە ئىززەت بىلدۈرۈش يۇزىسىدىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولغان ئابرويىنىڭ دەرھال چۈشۈپ كەتكىنى ياخشى، ئالىم، ھەكىملەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ چۈشۈپ كەتكەن ئىززەتنى كىم كۆرگەن؟! — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى.

خۇراسان پادىشاھلىرىدىن بولغان ئىسمايىل سامانىنىڭ قاشىغا بىر كۈنى بىر ئالىم كەلدى، پادىشاھ ئول كىشىنى ناھايىتى كۆپ ئىززەت بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇ ئالىم پادىشاھ بىلەن سۆھبىتى تۈگىگەندىن كېيىن قايتماقچى بولدى، پادىشاھ ئۇنى يەتتە قەدەم يەرگىچە ئۇزاتتى، پادىشاھ شۇ كېچىسى چۈشىدە رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى كۆردى. روسۇلۇللا ئۇنىڭغا: «ئى ئىسمايىل، سەن مېنىڭ ئالىم ئۇممەتنى ھۆرمەتلەپ، ئىززەت قىلدىڭ، شۇنىڭ سەۋەبىدىن مەن سېنىڭ ھەققىڭدە دۇئا قىلدىم. دۇئايىمدا ئاللا سېنى ئېزىز - مۇكەررەم قىلىشنى، ئول كىشىنىڭ ئارقىسىدىن يەتتە قەدەم يەرگىچە ئۇزىتىپ بارغىنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن يەتتە كىشىنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى، ئۇلار ئۈچۈن يەتتە دوزاخنىڭ ئوتىنى ھارام قىلىشنى تىلىدىم، مېنىڭ قىلغان بۇ ئىككى دۇئايىم ئىجاۋەت

بولدى» دەپ خەۋەر قىلدى.

تەۋازۇئىنىڭ يەنە باشقا بەلگىلىرى ئاللاتائالادىن تەپتارتىدىغان، رەھمەت ئۇمىد قىلىپ ياخشى ئەمەللەردە بولىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە بېرىشقا ئارزۇ قىلىش ۋە ئۇنداق كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىش ئىستىكىدە مەلۇم بولىدۇ. بۇ يەردە بىزنىڭ كۆرسىتىۋاتقىنىمىز كېيىنرىسىز، خۇدانىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇندايدىغان كىشىلەر بولۇپ، كىشىلەرگە ئۆزىنى ئۆلىما، ماشايىخ قىلىپ كۆرسىتىپ يۈرىدىغان، دۇنيا يىغىش مەقسىتىدە كىشىلەرگە ھەق سۆزلەرنى قىلماستىن، كىتاب ھۆكۈملىرىنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىدىغان ئاچكۆز، پاسىق كىشىلەردىن ئەمەستۇر.

ئابدۇللا تاھىر دېگەن كىشى خۇراساندا پادىشاھ بولۇپ بېرىش ۋاقتىدا يول ئۈستىدە نىشاپۇرغە چۈشتى، ئۇ ۋىلايەتنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋاقتىدا ئۇ يەرنىڭ بارلىق كاتتىلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن تاھىر خوجا باشقىلاردىن «مېنىڭ ئالدىمغا كەلمەي قالغان كىشى بارمۇ؟» دەپ سورۇشتە قىلدى. ئۇلار: «بۇ ۋىلايەتتىكى شۆھرىتى بار ھەممە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كەلدى، مەگەر كەلمىگەن بولسا، بىرەر بۇلۇڭدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان ئىككى ئابىد كىشى كەلمىگەندۇر. چۈنكى، ئۇلار جاھاننىڭ ئىشلىرىنى كۆرۈشتىن يانغان، كىشىلەرنىڭ غوۋغاسىدىن قېچىپ، ئاللانىڭ ئىبادىتىگىلا مەشغۇل بولغان ئادەملەر» دېيىشتى.

تىلەپ گەج ئىچرە ياتمىشلەر خۇدانى،
چىقارمىشلەر كۆڭلىدىن ماسىۋاى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كۆرەرلەر ئىككى ئالەمنى نەزەرسىز،
ئۇچارلەر پەرىشىدىن تائەرىش پەرسىز.

ئابدۇللا: «بۇلار كىم، ئىسمى نېمە؟» دەپ سورىدى. قاشىدىكىلەر: «بۇلارنىڭ ئىسملىرى ئەھمەد ھەرىب ۋە ئەھمەد ئەسلەم بولۇپ، بۇلار ئۆلىمائىي رەببانىدۇرلەر، مۇنداقلار پادىشاھ ـ ئۇمىراھلارنىڭ قاشىغا بېرىشنى ئويلىمايدىغان كىشىلەردۇر» دېيىشتى. ئابدۇللا: «ئۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ قاشىغە مەن بېرىشىم كېرەك» دېدى ـ دە، ئۇلارنىڭ تەرىپىگە ئاتلاندى. ئالدى بىلەن ئەھمەد ھەرىبنىڭ تەرىپىگە يۈزلەندى، ئارىلىقدا بىر كىشى ئەھمەد ھەرىبكە: «سىزنىڭ قاشىڭىزغا پادىشاھ كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلغاچ، بۇ كىشى دەرھال بۇ يەردىن قېچىشقا تەرەددۇد قىلدى ـ يۇ، لېكىن دەل ئۇستىگە پادىشاھ كېلىپ قېلىپ، قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەھمەد بىر مۇددەت باشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى، ئابدۇللا ئۇ كىشىگە ھۆرمەت ساقلاپ ئالدىدا بىر سائەت تۇردى، ئەھمەد ھەرىب ئاخىرى باشىنى كۆتۈرۈپ ئول كىشىگە قارىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا شۇنچە خۇشرۇي، بىپەد قامەتلىك بىر ۋۇجۇد ئايان بولدى، ئەھمەد ھەرىب ئىختىيارسىز تۇردە مۇنداق دېدى:

— ئى ئوغۇل، مەن سېنى كۆپ چىرايلىق، خۇش پېئىل كىشى دەپ ئاڭلاپ ئىدىم، ھازىر قارىسام ئاڭلىغاندىن تېخىمۇ ئارتۇقراق ئىكەندۇرسەن، ئەمدى ماڭا كەپسەن، ساڭا نەسىھەتىم شۇكى، سەن بۇ قەدەر چىرايلىق يۈزۈڭنى ئاللانىڭ بەندىلىرىگە تۇرمىگەيسەن، مۇنداق گۈزەل جامالىڭنى دوزاخ ئوتىغا ئوتۇن قىلىپ بەرمىگەيسەن! ئۇ، بۇ نەسىھەتنى كەلتۈرۈپ بولغاندىن

كېيىن دەرھال يۈزىنى قىبلىغا كەلتۈرۈپ بىخارامان ئاماز ئوقۇشقا باشلىدى، ئابدۇللا كۆز يېشى قىلىپ، بۇ ئېزىزدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقتى. ئاندىن ئەھمەد ئەسلەمنىڭ تەرىپىگە باردى، كىشى كەلگەننى بىلگەن ئەسلەم دەرھال ئۆينىڭ ئىشكلىرىنى ئېتىۋالدى. ئابدۇللا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ، كۆرۈشمەكچى بولۇپ ھەرقانچە كۆپ تىرىشتى، لېكىن كۆرۈشەلمىدى. باشقىلار پادىشاھقا: «بۇ زات ھەر جۈمە كۈنىدە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن جامەگە بارىدۇ، ئۆزلىرى جۈمە كۈنىگىچە كۈتكەيلا، ئۇنىڭ مەسچىتكە بېرىش - يېنىش يولىدا ساقلاپ ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەيلا» دېيىشتى. ئابدۇللا بۇ نەسىھەتكە كۆنۈپ، دەل جۈمە كۈنى ئەسلەمنىڭ ماڭار يولىدا ئۇنى ساقلاپ تۇردى، ئەسلەم ئۆز ئىبادەتخانىسىدىن چىقىپ، ئۆتەر يولىدا تۇرغا بىرقانچە ئاتلىقلارنى كۆرۈپ دەرھال توختىدى. بۇ چاغد ئابدۇللا دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئەھمەد ئەسلەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تازىمدە تۇردى ئەھمەد ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىپ سورىدى: «سەن كىمدۇرسەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟» ئابدۇللا جاۋاب بەردى: «مەن بولسام تاھىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاردۇرمەن، سىزنى زىيارەت قىلىش ئىستىكىدە كەلدىم». ئەھمەد: «شاھ، سېنىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشىڭ بار، مېنىڭ سەن بىلە نېمە سۆزۈم بار؟» دەپلا، دەرھال يۈزىنى ئۆرۈپ ئابدۇللاغا ئارقىسىنى قىلىپ تام تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى، ئابدۇللا بۇ ھالى كۆرۈپ بىخۇد بولۇپ، شېخنىڭ ئايىقىغا يىقىلدى ۋە يۈزىنى بۇ كىشى دەسسەپ تۇرغان تۇپراققا سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئاللاغا دۇئا قىلىپ مۇنۇلارنى دېدى:

— ئى خۇدا، بۇ كىشى سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئىزلەپ مېنى

يامان ۋردى، ئەمما مەن بولسام سېنىڭ بۇ ياخشى بەندەڭنى دوست بىلدىم، ئۇنىڭ مېنى دۈشمەن بىلىشى ۋە مېنىڭ ئۇنى دوست تۇتۇشۇمنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى شۇكى، بۇ ھەر ئىككىلىسى سېنىڭ رازىلىقىڭ ئۈچۈندۇر. مېنىڭ يامانلىق گۇناھىمنى ئۇنىڭ ياخشىلىقى ھۆرمىتىدى ئەپۇ قىلغىن، شۇ چاغدا غايىپتىن:

— ئى ئابدۇللا، بېشىڭنى كۆتۈرگىن، سېنىڭ گۇناھىڭنى بۇ ئىززىزنىڭ ئىبادىتى بىلەن ئوخشاش قويدۇم، — دېگەن نىدا كەلدى.

ئەگەرچە يۇقىرىدۇر مەندىن يامانراق بۇ جاھان ئىچرە،
نە بولغايكىم خۇدايا لۇتپىڭدىن قىلساڭ قىيامەتتە.
يامانلار ئۆزىنى ھەم ياخشىلار تۈرغان ماكان ئىچرە.

بۇرۇنقى پادىشاھلاردىن بىرى بىر دەرۋىشنى زىيارەت قىلماقچى بوپتۇ، دەرۋىش دەرھال يۈزىنى يەرگە قويۇپ سەجدىگە بېرىپتۇ، بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ۋەزىرى: «ئى ئىززىز، بۇ قانداق سەجدە؟» دەپ سوراپتۇ، دەرۋىش: «ئاللا مېنى پادىشاھلارنىڭ قېشىغا بېرىشتىن ساقلاپ، پادىشاھلارنى مېنىڭ قېشىمغا كەلتۈرۈپتۇ، بۇنداق ھىممىتىڭ شۈكرىسى ئۈچۈن قىلغان سەجدە، سەجدەئى شۈكرانەم مۇشۇنداق بولىدۇ، پادىشاھلارنىڭ، دەرۋىشلەرنىڭ سۆھبىتىگە بېرىشى ئىبادەت، دەرۋىشلەرنىڭ پادىشاھلار قاشا بېرىشى مەئسىيەت (گۇناھ) دۇر، بۇ ھالدا مەندىن مەئسىيەت سادىر بولماي پادىشاھتىن ئىبادەت ھاسىل بولدى، شۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن سەجدە قىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

شاھ ئەگەر دەۋىشلەرنى سورماقىدىن ئۆرسادەم،
دەۋلەتى قويمىش بەلەلىكىدىن فەلەك ئۆزئرە قەدەم.
ھەر كىشكىم ئىستىئانەت ئەيلىدى دەرۋىشتىن،
ياخشى ئىمداد ئەيلەبان ئالغاي پەرىدۆندىن ئەلەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئامانەت ۋە دىيانەت توغرىسىدا

ئالىملار ئامانەت بارلىق ياخشى سۈپەتلەرنىڭ تۈۋرۈكى، دىيانەت بارلىق ياخشى خۇي - ئەخلاقلارنىڭ يىلتىزى. ئىمان بولسا ئەمىنلىك بىلەن قارارىغا يېتىدۇ، دەپ ھۆكۈملەيدۇ. «لائىمانە لىمەنلا ئامانەتەلەھۇ» (ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلاردا ئىمان بولمايدۇ). شەرىئەت قائىدىسى دىيانەت رەسمىنى ساقلاش بىلەن نىزام تاپىدۇ.

شەرئىكى قارار ئالدى سىيانەت ئۆزرە،
دىن قائىدە سى قويدى دىيانەت ئۆزرە.
كۆڭلدە بولسە ئەگەر دىيانەتتىن ئەسەر،
يەتمەس دەۋزەخ ئوتىدىن ھېچ زەرەر.

ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ قىياپىتىگە، ھادىساتلارنىڭ ھالىتىگە تەپەككۇر كۆزى بىلەن قارايدىغان بولسىڭىز ۋە باشقا ئاڭلىغان - بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇ ئىشلارنىڭ بىر تەرىپى ئامانەتكە، يەنە بىر تەرىپى خىيانەتكە باغلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. شۇڭا ھەربىر كىشى ئۆز ئەمەللىرىدە سەزگۈرلۈك بىلەن ئامانەت يولىنى ئايرىمايدىغان

بولسا، ئاسانلا خىيانەت يولىغا مېڭىپ قالىدۇ. ئاللاتائالانىڭ ھەربىر بەندىگە بەرگەن نېمەتلىرى، جۈملىدىن ھەربىر ئەزالىرى شۇ بەدەندە قويۇلغان ئامانەتتۇر. مەسىلە، كۆز ئاللاتائالانىڭ كائىنات ئالىمىدە قويغان قۇدرەتلىرىگە قاراپ ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن قويۇلغان بىر ئامانەتتۇر، قۇلاق بولسا ئاللاتائالانىڭ كالاملىرىنى، روسۇللىلانىڭ ھەدىسلىرىنى، ئالىم - ھەكىملەرنىڭ، ئەھلۇللالەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەتتۇر، تىل بولسا، ئاللانىڭ كالاملىرىنى ئوقۇش، ئاللاغا ھەمدۇ سانا ئوقۇش، كىشىلەرنى ياخشى مەئرۇپ يوللارغا باشلاش، نەسىھەت قىلىشقا بېرىلگەن ئامانەتتۇر، قول بولسا، ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەتتۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنساننىڭ باشقا ھەربىر ئەزالىرىمۇ ئۆزىگە لايىق بىردىن ياخشى ئىشلار ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەتلەردۇر، ئەگەر بىر كىشى مۇبادا كۆزىنى ھارام نەرسىلەرنىڭ تەرەپىگە ئاچسا، يالغان سۆزلەرگە قۇلاق سالسا، تىلنى بوھتانغا، يالغانغا ۋە غەيبەتكە ئىشلەتسە، قوللىرىنى مۇسۇلمانلارغا زىيان سېلىش ئۈچۈن ئىشلەتسە، بۇ چاغدا ئۇ كىشى ئاللاتائالانىڭ ئۆزىگە بەرگەن ئامانىتىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. پادىشاھلار ئۈچۈن ئالغاندا، ئامانەتلەرنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىپ، ئۇبدان ساقلاشتا باشقا يەنە بىر ئامانەتمۇ بولۇپ، ئۇنىمۇ ئوبدان ئاسرىشى ۋە ساقلىشى ۋاجىپتۇر، ئول ئامانەت بولسا پۇقرالاردۇر، پۇقرالار ئاللاتائالانىڭ پادىشاھلارغا تاپشۇرغا ئامانەتلىرىدۇر، ئەگەر پادىشاھلار پۇقرالارنى ئاسراپ مۇھاپىزەت قىلىشتا كەمچىلىك ۋە

www.uyghurkitap.com

خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئامانەتدارلىق ئەركانىغا نۇقسان يېتىدۇ، ئەگەر پادىشاھ بىر زالىمنى ئەمەلدار قىلىپ ھوقۇق بەرسە، پۇقرالارنىڭ ھاجەتلىرىنى شۇ زالىمغا تاپشۇرسا، پۇقرالارنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى بىر زالىمنى ھوقۇقسىز پۇقرالارغا مۇتىسەددى قىلىشنىڭ ئۆزى خۇددى بۆرىنى قويچى قىلغانغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر.

مەسىلدۇركىم سەتەمكارە بۆرىدۇر،
رەئىيەتلەر ئاڭا قوي ـ قوزىدۇر.
بۆرىنى ئەيلىسەڭ قويلەرگە سەردار،
بالا ئىلكىگە بولغايلەر گىرىپتار.

مۇسۇلمانلار دىيانەتنى بۈيۈك تۇتۇش كېرەك، دىيانەتنىڭ مەنىسى يەنە ئامانەت ساقلاش بولۇپ، بۇ ئامانەت خۇدا بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىدا مەخپىي تۇتۇلىدۇ، ئەگەر ئاشكارىلاش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئۆز تىلى بىلەن بايان قىلىپ ئاشكارىلىسا بولىدۇ. بەندىلەر ئۆزىنىڭ مەيلى يوشۇرۇن، مەيلى ئاشكارا بولغان ئەمەللىرىدە دىيانەتنى چىڭ تۇتۇپ، خىيانەتتىن ساقلانسا، ئاللاتائالا ئۇنى ئۆز رازىلىقى بىلەن بەھرىمەن قىلىپ، ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. نوشىرۋان ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدە (ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، خەلق ئىچىدە تونۇلۇپ مەشھۇر بولۇشتىن ئىلگىرى) ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىغا قارىمىغانىدى. ئۇنىڭ يېقىن بىر قوشنىسى بولۇپ، ئول كىشى ئۆزىنىڭ سېخىيلىقى ۋە مېھماندوستلۇقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ھەممە خالايىقلارنىڭ تىلىدا ماختىلاتتى، ئول كىشىنىڭ ئىنئام زىياپەتلىرى ھەمىشە

يېيىقلىق تۇراتتى، ئام خەلقلەرنى ھەمىشە ئۆزىنىڭ مېھماندارلىقىغا تەكلىپ ئېتەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇل كىشىنىڭ شۆھرىتى يېيىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدا مەشھۇر بولۇشقا باشلىدى. بىر چاغدا نوشىرۋان ئۇل قوشنىسىنى ئىمتىھان ئەتمەكچى بولۇپ، سودىگەرچە ياسىنىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، بۇ جاۋانمەرد كىشى نوشىرۋاننى تونۇماي ئالدىغا چىقىپ، ئۆيۈمگە مېھمان كەلدى دەپ قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن ئېكرام ئىلە ئۆيىگە باشلاپ كىردى. نوشىرۋان راھەتلىك بىر سۇپىدا ئولتۇردى، ئۇنىڭغا كۆرسىتىلگەن ئادىمىگەرچىلىك رەسمىي، زىياپەتنىڭ قائىدىسى، ئومۇم مېھماندارچىلىقنىڭ رەۋىشى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە بولدى. بۇنىڭدىن نوشىرۋان ئىنتايىن تەسىرلەندى ۋە ھەيرانلاندى. نوشىرۋان ئولتۇرغان سۇپىدىن باغ تەرەپكە ئېچىلغان دەرىزىلەرمۇ بار ئىدى، دەرىزىدىن قاراپ ئوخشاپ پىشقان تەك ـ تەك ئۈزۈملەرنى كۆرۈپ ھوزۇرلانغان نوشىرۋان: «مەن بولسام بىر سودىگەر ئىدىم، سىزنىڭ سېخىلىق ۋە دوستلۇق جەھەتتىكى تەۋسىپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كېلىپ ئىدىم، سىزگە مېھمان بولۇپ سىزنى ئاۋارە قىلدىم، ئەمەلىي پايەم بىلەن سىزنىڭ دىلجۇيلىقىڭىزنى كۆرۈپ، پەزىلىتىڭىزنى كىشىلەر ئېغىزىدا ئېيتىلغىنىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق تاپتىم. ئەمدى مەن ئۆيۈمگە قايتىپ بارىمەن، ئالدىدا مېنىڭ سىزدىن سورايدىغىنىم، مەن سىزنىڭ زىياپىتىڭىز ئۈچۈن نېمە تەييارلىسام بولىدۇ؟ ئۆزىڭىز نېمىنى ياخشى كۆرىسىز، قانداق تۆھپە ئەۋەتسەم بولىدۇ؟» دېدى. ئۇل كىشى: «ئى ئېزىز مېھمان، سىزنىڭ تۆھپىڭىز ۋە زىياپىتىڭىزگە ئېھتىياجىم يوقتۇر، لېكىن ئۈزۈم يېيىشكە مەيلىم بار، شۇنىڭ

ئۆچۈن سىز بىرەر باغقا ئۆزۈم سەيلىسىگە بارسىڭىز ياكى ئۆزۈم تۆھپە ئېتىپ كەپقالسا، شۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئەۋەتسىڭىز» دەپ جاۋاب بەردى. نوشىرۋان: «سىزنىڭ بۇ باغىڭىزدا ئۆزۈم شۇنچە كۆپ كۆرۈنىدۇ، نېمە ئۆچۈن بۇ ئۆزۈمدىن يېمەيسىز؟» دېدى. بۇ كىشى: «ئى ئېزىز، بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ تەبىئىتى بەكمۇ زالىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىدىن غاپىل كىشى، بۇ يۇرتتىكى پۇقرالارنىڭ باغلىرىنىڭ ئۆزۈملىرى تازا پىشىپ مەۋسۇمىگە يەتتى. پادىشاھ ھازىرغا قەدەر ئۆزۈملەردىن ئۆشرە ئېلىشقا كىشى ئورۇنلاشتۇرمىدى. باشقىلار ئۆشرىگە قارىماي ئۆزۈملىرىنى يېيىشكە باشلىدى، لېكىن بۇ باغدا پادىشاھنىڭ ھەققى بۇيرۇلغان، ئۇنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ئۆزەم يېسەم، پادىشاھنىڭ چۈشكەن ھەققىگە خىيانەت قىلغان بولۇپ قالىمەن، بىزنىڭ مەزھىپىمىزدە خىيانەتنىڭ ئۆزى ھارام بولغانلىقتىن، بۇ ئۆزۈملەرنىڭ ئۆشرىسىنى ئايرىماي تۇرۇپ يېيىشتىن مەھرۇمدۇرمەن. مەن ھەر يىلى ئۆزۈم تۆغۇپ غورا بولغان ھامان باغنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، دەرۋازىغا خەت چاپلاپ موھۇر باسىمەن تاكى پادىشاھ بۇ باغدىن ئۆشرە ئالمىغۇچە باغقا بىر كىشىنى كىرگۈزمەيمەن، پادىشاھ باغدىن ئۆشرىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن يېيىشكە قەدەم باسىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. نوشىرۋان بۇ باياننى ئاڭلاپ يىغلاپ سالدى، شول ھامان ئۆزىنى ئاشكارىلاپ: «سىز ئېيتقان زالىم تەبىئەتلىك، غاپىل پادىشاھ مەندۇرمەن. مەن سىزنىڭ بۇ ديانەتلىك ھالىتىڭىز سەۋەبىدىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندىم، بۇنىڭدىن كېيىن پۇقرالارنىڭ ھالىدىن بىخەۋەر بولماسلىققا، ئادالەت يولىدىن چىقماسلىققا قەسەم

قىلدىم»، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نوشىرۋان بۇ كىشىنى يۇرتىدا كۆپ ئېزىز ۋە مۇكەررەم قىلدى.

تاپقۇسى ھەر ئىش دىيانەتتىن نىزام،
ھەم ئامانەتتىن كىشكىم كامىل بولۇر.
ھەر كىشى بولسا دىيانەتلىك ئاڭا،
ئىككى ئالەم دەۋلەتى ھاسىل بولۇر.

بەلىخ ھاكىمىنىڭ ئوغلى بىر كۈنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن سەھراغا چىقتى، كېتىۋېتىپ پەس تاملىق بىر جايغا كۆزى چۈشتى ۋە ئۇ يەردە بىلىگە زۇننار باغلىغان، قولىدا كەتمەن تۇتقان بىر قېرىنى كۆردى. ئۇل قېرى دەرەخ تىكىپ يۈرگەن ئىكەن، ئەمىرزادە ئۇل كىشىگە: «ئى پىر، سىز تىكىۋاتقان بۇ دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىنى يېيىشكە ئۆمرىڭىز يار بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن مۇنداق بىھۇدە مۇشەققەت تارتىسىز؟» دەپ سورىدى. ئۇل پىر بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر دەرەخ تىكىپ يېتىشتۈرۈپ قويغان، لېكىن ئۇنىڭ مېۋىسىنى بىزلەر يىدۇق، بىزنىڭ تىكىۋاتقان بۇ كۆچەتلىرىمىزنىڭ مېۋىسىنى بىزنىڭ كېيىنكى كىشىلىرىمىز يەيدۇ. ئەگەر نېسىپ ئەتسە، بىز ھەم يېگەيمىز» دېدى. ئەمىرزادە ياش بولغانلىقتىن، ئۆز غۇرۇرىغا بەس كېلەلمەي: «سەن ھەرگىزمۇ بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېيەلمەيسەن» دەپ خوتۇنىنىڭ تالىقى بىلەن قەسەم قىلدى.

ئەمىرزادە بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتى كېيىن ئۇ باشقىلاردىن «بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟» دەپ سورىدى. باشقىلار «بۇ بەلىخ ھاكىمىنىڭ ئوغلىدۇر» دېيىشتى. بۇ ۋەقەدىن ئىككى –

www.uyghurkitap.com

ئۈچ يىل ئۆتۈپ، ئەمىرزادىغە يەنە سەيلە قىلىش ھەۋىسى پەيدا بولۇپ قالدى، بىرقانچە يېقىن تائىبەلىرى بىلەن ئاتلىنىپ چىقىپ، يەنە شۇ باغنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. قارىسا بۇ باغ شۇنچە ھەۋەسلىك، دىل ئاچىدىغان خۇش ھاۋالىق باغ بولۇپتۇ.

دەرەختى بارچە ئۈچىغا يېتىشمىش،
كى ھەر شاخ ئۈزئرە شىرىن مېۋە پىشمىش.
قونۇپ قۇشلار دەرەخ ئۆزرە ھەريان،
بولۇرلەر سايرىماق بىرلە خۇش ئەلھان.

ئەمىرزادىغە بۇ جاي ئىنتايىن خوپ كۆرۈندى ۋە باغ ئىچىگە كىرىپ قارىدى. يەنە شۇ كۆچەت سالغان پىرىنى بېلىگە زۇننار باغلىغان ھالدا كۆردى. ئول پىر ئەمىرزادىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن تونۇمىدى. ئەمىرزادىمۇ بۇ پىرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولالمىدى. پىر تازا ئوخشاپ پىشقان مېۋىلەردىن بىر قاچىغا تولدۇرۇپ ئېلىپ ئەمىرزادىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. ئەمىرزادە ئازراق تاناۋۇل قىلغاندىن كېيىن، قېپقالغان مېۋىلەرنىڭ بىر قىسمىنى پىرغا بەرگەندىن كېيىن، پىر ئۆزى يېمەي، ئەمىرزادىنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىرىگە بەردى ۋە: «مەن بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېمەسمەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەمىرزادە: «نېمە ئۈچۈن يېمەيسىز؟» دەپ سورىدى. پىر: «مەن بۇرۇن مۇشۇ باغنىڭ مېۋىلىرىنى تېكىپ يېگەن ۋاقتىمدا بىزنىڭ ھاكىمىمىزنىڭ ئوغلى مۇشۇ يەرگە كېلىپ، مېنىڭ مۇشۇ كۆچەتلەرنى تىكمۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، ماڭا تەنە - قىسىرلار قىلغانىدى. مەن ئۇنىڭغا يوللۇق جاۋابىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى باسالماي، سەن بۇ باغنىڭ مېۋىسىدىن

ھەرگىزمۇ يېپىلمەيسەن، دەپ سۆزىنى تەكىتلەپ، خوتۇن تالىقى بىلەن قەسەم قىلغاندى، مەن شۇ ئەمىرزادىنىڭ قەسىمىنى كۆزدە تۇتۇپ، خوتۇنىنىڭ تالاق بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ باغنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىككە قەسەم قىلغاندۇرمەن. مېنىڭ بۇ ئىشتىكى مەقسىتىم دىيانەت ئەھدىسىدىن چىقمىشتۇر» دېدى، ئەمىر زادە بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— شول قەسەمنى قىلغان ھاكىم ئوغلى مەندۇرمەن، مەن سېنىڭ دىيانىتىڭدىن بەھەد ئارتۇق تەسىرلەندىم. بۈگۈندىن باشلاپ سېنى ۋەزىرلىككە مەنسۇپ ئەتتىم، سەندىن مەسلىھەتسىز ھېچبىر ئىشقا قەدەم ئۇرمايمەن، — دېدى. پىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىر ھازا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ پىكىر قىلدى، ئاندىن باشىنى كۆتۈرۈپ: «مەن ئۇمىدلىرىنى قوبۇل قىلدىم، لېكىن مۇسۇلمان پادىشاھقا ۋەزىر بولۇش پېقىرنىڭ سۈپىتىدە مەنزۇر بولماس، ئاۋۋال شەرت ئادا قىلىشىم كېرەك» دەپ قول كۆتۈرۈپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى، ئول پىر ئۆزىدىكى دىيانەت ھېسابىدىن ئىسلام دۆلىتىگە مۇشەررەپ بولدى.

گەر ئۇلۇغلۇقنى تىلەرئەرسەن دىيانەت بىرلە بول،
كىم بۇدۇر مۈلكى سائادەت سارىغە بارماقغە يول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## يىگىرمىنچى باب

# ئەھدىگە ۋاپا قىلىش توغرىسىدا

ۋەدىگە ۋاپا قىلىش پەزىلى كامال كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بولۇپ، بۇ ئەخلاق ۋەسىل تاپقان كىشىدە باشقىلارنى چوڭقۇر رازى قىلىدىغان، ئىشەنچىگە ئىگە قىلىدىغان روھىي ھالەت بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا ئەھدى ۋاپالىق دىيانەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن بىرخىل كەسپىي ھۈنەر ۋە ئادەتتۇر. ئەگەر ئەھدىنىڭ چىرايى ۋاپا خالى بىلەن زىننەتلەنسە، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قۇشلىرىنى ئەڭ مۇكەممەل ھالدا ئوۋلاپ كېتەلەيدۇ. ھېچبىر يۈرەك قۇشى بۇ توردىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاتائالا قۇرئانى كەرىمدە بەندىلەرگە «ئى مۆمىنلەر، ۋاپا قىلىڭلار، ئۆزئارا بىر - بىرىڭلار بىلەن باغلىغان ئەھدىلەرگە» دەپ بۇيرۇدى. يەنە ئايەتتە «ۋاپا قىلىڭلار ماڭا قىلغان ئەھدىڭلارغا، ئەگەر ماڭا ئاتالغان ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلساڭلار مەن ھەم سىلەرنىڭ ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلۇرمەن» دېدى. ۋەللاھۇئەئلەم ھەم بۇ خۇسۇستا «لادىنەلىمەن لائەھدەلەھۇ» (ئۆزى قىلغان ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغان كىشىدە ئىمان بولمايدۇ) دەپ كەلتۈرىدۇ. دېمەك، ئەھدىنى كۆزدە تۇتقان ۋە چىڭ ساقلىغان كىشىلەرلا دىنىي كامىل بولالايدۇ.

جەھدى ئەيلەپ تاپىمىش ئەھلى نەزەر،
ئالەم ئىچرە ئەھدىدىن ياخشى ھۈنەر.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر دوستى بىلەن بىر جايغا بارماق بولۇپ يولغا چىقتى. يول ئۈستىدە بىر ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھېلىقى كىشى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامغا: «بۇ مېنىڭ ئۆيۈم بولىدۇ، ئۆيدە ئازغىنە ئىشىم بار ئىدى، كىرىپ ئورۇنلاپ قويۇپ چىقسام، ئەگەر مېنىڭ ھەمراھلىقىمنى خالىسىڭىز، بۇ جايدا بىر ئاز كۈتۈپ تۇرسىڭىز» دېدى ۋە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام بۇ كىشىنىڭ ۋەدىسىنى قوبۇل قىلىپ شۇ جايدا قېپقالدى. ئەمما ئۇ كىشى ئۆيگە كىرىپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئىسمايىل پەيغەمبەر بىلەن قىلىشقان ۋەدىسىنى ئۇنتۇپ، ئۆينىڭ باشقا تەرەپتىكى ئىشىكىدىن چىقىپ يەنە باشقا ئىشلارنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالدى. ئەمما ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام ۋەدىسىگە بىنائەن ئۇ جايدا ئۈچ كۈن كۈتۈپ تۇردى، ھېلىقى ئاغىنە ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باشقا خۇسۇسلىرى بىلەن كېتىۋېتىپ، ئۇ جايدا قوپماي ئولتۇرغان ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى ـ دە، خىراماں ھالدا: «ئى دوستلۇق دەرىخىنىڭ سەمەرى، ئى مىللەت ئاتىسىنىڭ ئوغلى. بۇ جايدا ئولتۇرۇپسەن، نېمە ۋەجىئى بىلەن ئولتۇردۇڭ؟» دەپ سورىدى. ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام ھېلىقى كىشىگە دېدى: «بۈنىڭدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال سەن مېنى بىر ۋەئدە بىلەن بۇ جايدا ئولتۇرغۇزغان ئىدىڭ، مەن

شۇ ۋەدىگە بىنائەن سىنىڭ قايتىپ چىقىشىڭىزنى كۈتۈپ بۇ جايدا ئولتۇرۇۋېتىمەن.» ئۇ كىشى: «مېنىڭ كىچىككىنە قانىلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام: «مەن سىز كەلگۈچە مۇشۇ جايدا تۇرۇشقا ۋەدە قىلغانىدىم، ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىشنى راۋا كۆرمىدىم، ئەگەر بىر قانچە يىللارغىچە يېتىپ كەلمىسىڭىز، يەنە مۇشۇ جايدا ئولتۇرغان بولاتتىم» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا قۇرئانى كەرىمدە ئىسمايىل ئەلەيھىسسالامنى ئالاھىدە مەدھىيىلەپ: «ئىنىنەھۇكانە سادىقەل ۋەئدە» (ئۇل ئىسمايىل ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ۋەدىسىگە سادىق ئىدى) دەپ ئېيتقان.

ئەھدى ئەيلەپ ئەھدىسىدىن چىقسا ھەر نىگۇ ناھاد،
ھەرنەكىم قىلدىڭ گۇمان ئۇل بولغۇسى ئاندىن زىيادە.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، خەلقلەرنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىگە قىلىشقان ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىش ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ ئەخلاقلىرىدىندۇر. ئاللاتائالانىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراقتۇر. «ھېكايەتىسالىپىن» دېگەن رىسالىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

بۇرۇن ئۆتكەن بىر خوجا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر مۇتتەقى قۇلى بار ئىدى، ناگىھان بىر ھالدا ئۇل خوجا كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇ كېسەل يېتىپ، ئەگەرمەن شۇبۇ كېسەلدىن شىپا تېپىپ قالسام، بۇ قۇلۇمنى ئازاد قىلىۋېتىمەن، دەپ ئەھدى قىلدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاللاتائالا ئۇل خوجىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بېرىپ ساقايدى، لېكىن بۇ خوجىنىڭ ھېلىقى قۇلغا مۇھەببىتى

بولغانلىقتىن، ئۇنى ئازاد قىلمىدى. خوجا ئىككىنچى قېتىم يەنە كېسەل بولۇپ ياتتى، بۇ چاغدا ئۇ: «مېنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپ چاقىرىپ كەلگىن» دەپ بۇيرۇدى. بۇ قۇل سىرتقا چىقىپ قايتىپ كىردى. خوجا: «ماڭا ئېلىپ كەلگەن تېۋىپ قېنى؟» دەپ سورىدى. قۇل: «تېۋىپ ھەزرەت ئۇنىمايۋاتىدۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى. خوجا: «نېمە دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ» دەپ يەنە سورىدى. قۇل: «ئۇل تېۋىپ خوجا ماڭا ناپەرمانلىق قىلىدۇ، قىلغان ۋەدىسىگە تۇرمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كېسىلىنى داۋالىمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى» دەپ جاۋاب بەردى. خوجا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قۇلىغا ئېيتتى: «ئى غۇلام، سەن چىقىپ تېۋىپقا ئېيتقىن، مەن مۇخالىپەتچىلىكتىن ياندىم، ئەھدىمنى سۇندۇرغان خاتالىقىمدىن تۆۋە قىلدىم.

ئەگەرچە كەتسە باشىم كەچمەگەيمەن ئەھدە باشىدىن

ئۇ قۇل دەرھال: «ئى خوجا، تېۋىپ ھەزرەت ئۇل خوجىڭىز ۋاپا سۈپىتىنى تۇتىمەن، ئۇنىڭدىن شىپا شەربىتىنى دەرىخ تۇتماسمەن دېدى» دەپ ئېيتتى. خوجا بېشارەتتىن خەۋەرلىنىپ، بۇ قۇلنى دەرھال ئازاد قىلىۋەتتى، ئاندىن بۇ خوجىغا تېبىبى ھەققى تەرىپىدىن شىپا شەربىتى مۇيەسسەر بولدى.

ئەگەر قىلسام ۋاپا ئەھدىغەكى قىلغىل خۇدا بىرلە،
ساڭا ھەم رەھمەت لۇتفى بىلەن تەڭرى ۋاپا قىلغاي.

بىر پادىشاھ بىر قېيىن ئىشقا دۇچ كېلىپ قالدى، باش قېتىنچىلىقىدا ئۇل پادىشاھ: «ئاللاتائالا مېنىڭ بۇ مۇشكۇلۇمنى

ئاسانلىق بىلەن ھەل قىلىپ بەرسە، خەزىنەمدىكى بارلىق نەقدىنەلىرىمنى مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىمەن» دەپ ئەھدى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا ئۇنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئۆز كۆڭلىدىكىدەك ھەل قىلىپ بەردى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ لەۋزىگە ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىن خازانىگەرگە بارلىق نەقدىنەلەرنى ھېسابلاپ كۆرۈشكە بۇيرۇدى. خازانىگەر ھېسابلاپ ئىدى، ھېسابتىن تاشقىرى كۆپ مەبلەغ چىقتى، بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ خاسلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى. ئۇلار: «ئى پادىشاھ مۇنچە بىھەت ماللارنى پەقىرلەرگە بېرىۋېتىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئەگەر بۇ ماللارنىڭ جەمئىينى ئۇلارغا بېرىۋەتسىڭىز، مۇنچە كۆپ لەشكىرى قوشۇنلىرىڭىز مائاشسىز، جابدۇقسىز قالىدۇ. ئۇنى قانداق قىلۇرمىز؟» دېيىشتى. پادىشاھ ئۇلارغا: «بۇ ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىنقى مۇھىمماتىم ئۈچۈن سەدىقە قىلىشقا ئەھدى قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەندىشىلەنگەن مۇلازىملار پادىشاھقا قارىتىپ ئېيتتى: «بىز ئالىملاردىن بۇ مەسىلىنى سورىدۇق، ئۇلار ۋەل ئامىلىنە ئەلەيھا دېگەن قەۋلىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە مۇلازىملارمۇ سەدىقە ئالىدىغان مۇستەھىقلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ دېدى. مۇنداق بولغاندىكىن سەدىقە ماللىرىنى مىسكىنلەرگىمۇ، بىز خىزمەتچىلەرگىمۇ ئىلتىپات قىلىسىلا بەربىر ئوخشاش، ئەھدىلىرىگە زىيا يەتمىگەي.»

پادىشاھ بۇ ئەھۋاللاردىن ھەيران بولۇپ راۋاق ئۈستىدە ئولتۇرغاچ بىر دىۋانىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىماق نىيىتىگە كەلدى ـ دە، ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا: «مەن بىر مۇھىم مۇشكۇلگە دۇچ كېلىپ، ئاللاھدىن شۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇققا

كەلتۈرۈپ بېرىشنى ئۆتۈندىم ھەمدە مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلسا، خەزىنەمدىكى ھەممە بىساتىمنى پەقىرلەرغە سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىمەن دەپ ئەھدى قىلدىم، مۇشكۇلۇم مەن ئۈمىد قىلغاندەك ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى، خەزىنەمدىكى ماللىرىم كۆپ، ئۈمىرالار ئۇنى پەقىرلەرگە بېرىشكە رازى بولمايۋاتىدۇ، ئالىملەرگە، سۇپاھلەرگە، خىزمەتچىلەرگە بېرىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە سىز نېمە دەيسىز؟» دەپ سورىدى. دىۋانە پادىشاھقا قاراپ: «سىز شۇ ماللارنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىشكە ئەھدى قىلغاندا ئەسكىرى سۇپاھلار، ئۈمىرالارمۇ كۆڭلىڭىزگە كەچكەنمۇ؟» دەپ سورىدى. پادىشاھ: «مەن ئۇ چاغدا پەقەت گادايلاردىن باشقىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم» دېدى. دىۋانە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: «ئۇنداق بولسا سىز شۇ ئەھدىڭىزگە ۋاپا ئەيلەپ، ماللىرىڭىزنى مىسكىن ـ گادايلارغا بەرسىڭىز بولىدۇ» دېدى. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرىدىن بىرى پادىشاھ بىلەن دىۋانىگە قاراپ: «خەزىنىدىكى ماللار كۆپ، بۇنى بىراقلا بېرىۋەتكەندە، ئەسكەرلەر جابدۇقسىز، خىزمەتچىلەر مائاشسىز قالامدۇ؟» دېدى. دىۋانە بۇ ئەمىردىن يۈز ئۆرۈپ پادىشاھقا قاراپ دېدى: «ئى پادىشاھ، سىز ئەھدى قىلغان ماللىرىڭىزنى ئەززە قىلماقچى بولغان كىشىلەرگە يەنە ھاجىتىڭىز چۈشەمدۇ ـ يوق؟ ئۇيلاپ بېقىڭ، ئەگەر يەنە شۇ زاتنىڭ رەھمىتىگە موھتاجمەن دېسىڭىز، ئەھدىڭىزگە تولۇق ۋاپا قىلىڭ، ئەگەر قايتا موھتاج بولماسمەن دېسىڭىز، ئۇ چاغدىكى ئىختىيار ئۆزىڭىزدە» دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزدىن تەسىرلىنىپ كۆپ يىغلاپ كەتتى ۋە دەرھال خەزىنىنى بارلىق مال ـ مۈلكىنى پېقىر ـ ئاجىزلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەتتى.

ئاڭا موھتاج بولغۇڭ ئاخىرى كار،
بەس ئەنىڭ ھەققىدە بولغىل ۋاپادار.
ئۇلار كىم بولدىلەر ساھىبى ھۆكۈمەت،
ۋاپادىن تاپتىلەر بۇ نەۋئى دۆلەت.
ۋاپا قىلماق ئىرۇر شاھلار يۇسۇنى،
ئەر ئولدۇركىم يىگەي ئەھدى غەمىنى.

چۈنكى رەئىيەلەرنىڭ سۆزلىرى ھەممە كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ، ئەھۋاللىرى ھەممە مەجلىسلەردە پادىشاھلارنىڭكىدەك كۆپ سۆزلەنمەيدۇ. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ كۆپ دىققەتلىرى پادىشاھنىڭ ئەھدى پەيمالىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بارىدۇ. ئەگەر پادىشاھلار ئۆز ئەھدىگە رىئايە قىلمىسا، ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ، دۈشمەنلىرىمۇ ئىشەنچ ئارغامچىسىنى يىغىۋالىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

دەلىل بىلەن كەلتۈرۈبدۇرلەركىم، پادىشاھ ھۇشىنەك ئۆز ئوغلىغا ئەھدىنى بۇزۇشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلغىل، ئەگەر ئۆز ئەھدىڭگە تۇرماي ۋەدەڭنى بۇزۇپ قويساڭ، بۇنىڭ شۇملۇقى ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىدۇ، دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. بېيىت:

ئەھدىڭ بىلىغە ئۇرغىل ئەلبەتتە ۋاپادىن قول،
جەھدى ئەيلىگىل زىنھار ئەھدىڭ ئۆزرە مەھكەم بول.

ئەھدىنىڭ ئۇلۇغلۇقى زۆرۈرىدىن پادىشاھلارغا يەنە سەلتەنەت ئەھدىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ھەممىدىن ئالىي بۇرۇچ بولىدۇ، دەپ بۇيرۇلىدۇ.

ئەفراسىياپ سۇپاھلارنىڭ ئىچىدە زالىملارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاشقا، زۇلۇمغا ۋە ئۇۋالغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلىشكە ھەممىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇ خىزمەتلەر يولىدا كۆپ جاپالار ۋە رەنجى مۇشەققەتلەر چېكەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ سەپداشلىرى: «ئى پادىشاھ، شۇ زالىملارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشتىن بىر كۈنمۇ قولىيىغىپ ئارام ئالمايسىز ياكى كۆڭۈل تاماشاسىغا يۈز قويمايسىز؟» دەپ سوئال قويۇشتى. ئەفراسىياپ ئۇلارغا: «مەن ئۆز ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىشنى ياقتۇرمايمەن» دېدى. ئۇلار: «بىز سىزدىن ھېچقانداق ۋەئدە جۈملىسىنى ئاڭلىمىدۇققۇ؟» دەپ سورىدى. پادىشاھ: «بىز ئىدارە قىلىۋاتقىنىمىزنىڭ ئۆزى بىر پادىشاھلىق، پادىشاھلىق دېگەن پادىشاھنىڭ باشىدا خۇددى ئۆزى قىلغان ئەھدىدەك بويۇك تۇرىدىغان نەرسىدۇر. بۇنى مەن ئۇستۇمگە ئېلىپدۇرمەن، مېنىڭ بۇ چوڭ ئەھدىگە ئەمەل قىلىشىم تولىمۇ زۆرۈردۇر. مېنىڭ ئەمەل ۋاپالىرىمنىڭ ئىپادىسى ئەلۋەتتە زالىملارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ خار بولغان بىچارىلەرنىڭ دادىغا يېتىپ، ئۇلار ئۇچۇنىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرىشىمدە جارى بولىدۇ، ھەرقانداق بىر ئاقىل پادىشاھ مۇشۇنداق قىلىش كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەن، باشقا چۈشكەن ئەھدىگە ئەمەل قىلمىغان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

بىر كۈنى بىر پادىشاھ ھېكىمدىن سوراپتۇ: «قايسى سۈپەت كىشىنى ئەزىز ۋە مۆكەررەم قىلىدۇ؟» ھېكىم: «ۋەدىگە ۋاپا قىلىش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەھدى ۋەدىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ تەرتىپىنىڭ ئۇزۇنغىچە نورمال تۇرۇشى ھەر تەرەپ، ھەر ئەھلىلەرنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلىشىغا

باغلىق، چۈنكى دۆلەت ئىنتىزامىنىڭ مادارى، شۇ دۆلەتنى باشقۇرىدىغان پادىشاھنىڭ تۇتقان يولىغا باغلىق. ئەگەر پادىشاھ ئەسكىرى قوشۇن تولغرىسىدىكى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمىسا، قوشۇنلارنىڭ ئىشەنچسىزلىك كەيپىياتى ئۆرلەپ، دۆلەت خىزمىتىگە ھەقىقىي بەل باغلىمايدىغان بولۇۋالىدۇ. چۈنكى، پادىشاھلار خەزىنىنى لەشكەرلەر ئۈچۈن سەرپ قىلىغاندا، پەيدا بولغان ھەرقانداق دۈشمەننى يېڭىپ خىزمەت كۆرسىتىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن سەرپ قىلىدۇ. ئەگەر توغرا ئەھدىگە ئەمەل رەسمىيىتى ئارادىن كېتىپ قالسا، دۆلەت نىزامىغا چوقۇم نۇقسان يېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك سودا ـ مۇئامىلە، زىرائەت، تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ ئەھدى ـ ئەقىدىلەر كۆپ بولىدۇ، ئەگەر بۇلارغا ۋاپا قىلىنمايدىغان بولسا، جاھاننىڭ نىزامى بۇزۇلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى ۋاپا يولىدىن باش ياندۇرماسلىقى لازىم.

ۋاپادار كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش ۋە ئۇلارنىڭ خاسىيەتلىرىنى ئاڭلاش ئوخشاشلا پەزىلەت ۋە دىيانەت جۈملىسىدىندۇر.

مەيلى ئاڭا قىلكىم ساڭا ۋاپا،
قاچماغاي سەندىن ئەگەر يەتسە جاپا.
باركىم بۇ قىسمى يارى سازدۇر،
جان پىداسى بولسا تېخى ئازدۇر.
چۈنكى مەھبۇب ئەرمەس ئانداغ ھېچ يار،
گەر ۋاپا قىلماس ئاڭا نى ئېتىبار.

يار باردۇر ئالەم ئىچرە بىشۇمار،
لەيكى تاپىلماس ۋاپا ئەيلەرگە يار.
ئىختىيارئەت سىدقى ئەھلى خىزمىتىن،
ئىستەگىل ئەھلى ۋاپالەر سۆھبەتىن.

ياقۇپ لەئىس پادىشاھلىق بايرىقىنى كۆتۈرۈپ نىشاپۇرغا كەلگەندە مۇھەممەت تاھىر نىشاپۇرغا ھاكىم ئىدى. تاھىر ياقۇپ لەئىسنىڭ ئىتائىتىنى قوبۇل قىلماي، شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقىۋالدى. ياقۇپ لەئىس شەھەر ئەتراپىنى قامال قىلىپ قورشىۋالدى، شۇ ۋاقىتدا مۇھەممەت تاھىرنىڭ سۇپاھلىرى ياقۇپ لەئىسكە مەخپىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولغانلىقىنى ھەمدە خىزمەتكارلىق كەمىرىنى بەللەرگە باغلىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازدى. لېكىن بۇ سۇپاھلار ئارىسىدىكى ئىبراھىم ئاتلىق بىر ياساۋۇللا خەت يازمىدى. ياكى ياقۇپ لەئىسكە ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى، ياقۇپ لەئىس ئاخىر نىشاپۇرنى ئېلىپ پۈتۈن خەلقنى ئۆز ئىتائىتىگە كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئىبراھىمنى چاقىرتىپ كېلىپ، ھەممە كىشىلەر ماڭا قۇللۇق ئىپادىلەپ نامەلەر يازدى. ۋاھالەكى، سەن بىرەر ئىپادە كۆرسەتمىدىڭ، بۇ ئىشىڭ نېمە سەۋەبتىن؟ دەپ سورىدى. ئىبراھىم: «مەن ساڭا خەت يازاي دېسەم، بۇرۇن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت شەكىللەنمىگەن. شۇنداقتىمۇ مۇھەممەت تاھىردىن يۈز ئۆرىگۈدەك ھېچبىر رەنجىگە ئۇچرىغىنىم ھەم يوق، شول سەۋەبتىن مەن ساڭا ھېچبىر ئىپادە بىلدۈرمىدىم. مەن ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئېھسانلىرىغا ئەھدى ـ فەيمان سۇندۇرۇش يولى بىلەن جاۋاب

قىلالماسمەن» دېدى، ياقۇپ لەئىس بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— سەن ھەقىقەتەن تەربىيەت قىلىشقا لايىق ئادەم ئىكەنسەن، يېقىنلىق دەرىجىسىنى بېرىپ ئەزىز تۇتۇشقا مۇناسىپ كىشى ئىكەنسەن، — دېدى ـ دە، بۇ مىسرانى ئوقۇدى:

بۇ ۋاپادار ئولغانىڭغە ئەيلىدىم يۈز ئاپىرىن.

ئاندىن ئىبراھىمنى نۆرغۇن ئىنئاملار بىلەن مۇكاپاتلاپ، شەئنىگە زور ئىززەت ـ ئىكراملارنى قىلدى، ئاندىن ياقۇپ لەئىسكە تەسلىم بولۇپ نامە يازغانلارنى ئىلگىرى ـ ئاخىر قىلىپ، بىر ـ بىرلەپ يوق قىلدى، چۈنكى بۇلار ئۆزلىرىگە ئۇزۇن يىللار نىئمەت بەرگەن كىشىگە خىيانەت قىلغان كىشىلەر بولۇپ، ئۆز تەبىئىتى بىلەن كۆڭلىرىنىڭ بىرىدە يەنە ياقۇپقىمۇ شۇنداق يۈزسىزلىكلەرنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ھەمنەپەسلەر ھەققىنى ساقلىمىغانلاردىن ئۈز ئۈمىد،
بىۋاپالەر سۆھبەتىغە ئورماغىل ھەرگىز قەدەم.
ياخشى ئەھدى بىرلە ئالەمدە كۆتەرسەڭ ياخشى ئات،
ئۆتكەرۇر بەختىڭ بەلەنلىك بىرلەگەردۇندىن ئەلەم.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# راستچىللىق توغرىسىدا

راستچىللىقنىڭ خاسىيىتى بىلەن كىشىلەر ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ھەربىر ئاقىل ئەلۋەتتە يالغاندىن ساقلىنىشنى ئۆزىگە بۇرچ ۋە پەرھىز بىلىشى كېرەكدۇركى، راستچىللىق كىشىنى ئىززەت ۋە ئىناۋەتلىك قىلىدۇ. يالغانچىلىق بولسا، ئادەمنى ھەممە نامۇس ۋە ئابرويدىن مەھرۇم قىلىدۇ، يالغانچى كىشى ئىناۋەتسىز ۋە خار ـ زەبۇندۇر.

ئەگەر يالغان دېسەڭ بولغۇڭ كەم كاست،
ئەزىز ئولغۇڭ ئەگەر بولسا سۆزۈڭ راست.

مۇستەرەشىد خەلىپە ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدە شۇنداق يېزىپتۇ: «ئى ئوغلۇم، ئەگەر ھەممە كىشى مەندىن ئىناۋەت ھاسىل قىلسۇن دېسەڭ، بىر قېتىممۇ ۋە ھەتتا بىر ئېغىزمۇ يالغان سۆز قىلماغىل، چۈنكى يالغان سۆز ئېيتقۇچىلار ئىناۋەتسىز ۋە ھەيبەتسىزدۇر. ئەگەرچەندە ئۇنىڭ ئەتراپىدا مىڭلارچە شەمشەر تۇتقان پاسىبانلار كېچە ـ كۈندۈز ھەيبەتتە تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ زەبان تېغىدا راستكويلۇق جەۋھەرى بولمايدىكەن، بەرھەقكى، ئۇ كىشىلەر نەزەرىدە بەربىردۇر.»

www.uyghurkitap.com

راستلىق سەرى ئەيلەسەڭ كۆشش،
بولغۇڭ ئاسۇدە ئوڭلانىپ ساڭا ئىش.
ھەر كىشىدۇر جاھاندا كاج رەپتار،
قۇل بولۇر راستلىقغە ئاخىركار.
بولغاچ ئوق راستلىق بىلەن قايىم،
ئاڭا تەئزىم ياقىلۇر دايىم.

ئۆلۈم نۆۋىتىگە دۇچ كەلگەن بىر كىشى ھەججاج زالىمغە يالۋۇرۇپ ئېيتىپتۇ: «مەن سىزنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم. ئى ئەمىر، مېنى ئۆلتۈرمىسىڭىز.» بۇنى ئاڭلىغان ھەججاج: «ماڭا نېمە خىزمەتلەرنى قىلدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «سىزنىڭ قاشىڭىزدا سىز ئۈچۈن بىرمۇنچە مەدىھلەر قىلىپ يۈرگەن پالانى كىشى سىزنىڭ كەينىڭىزدە دۈشمەن بولۇپ، غەيبەتتە بولدى، مەن ئۇنىڭ غەيۋەت تىلىنى توستۇم، سىزنىڭ خۇسۇسىڭىزدا تەۋسىپ قىلىپ ئول غەممازنى تىلىنى يىغدۇردۇم» دەپتۇ. ھەججاج: «بۇ توغرىدا سېنىڭ گۇۋاھىڭ بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئول كىشى: «مېنىڭ گۇۋاھىم بار» دەپتۇ ـ دە، شۇ نۆۋەتتە ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلاردىن بىر ئەسىرنى كۆرسىتىپتۇ، بۇ ئەسىر گەرچە بۇ ۋەقەدىن بىخەۋەر بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى كىشىنى قۇتۇلدۇرۇش يۈزىسىدىن: «بۇ كىشى راست ئېيتىدۇ، شۇ چاغدا مەن ھازىر ئىدىم، بۇ كىشى بىر ئادەمنىڭ سىزنىڭ غەيۋىتىڭىزنى قىلغانلىقىنى توستى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ، ھەججاج ئۇ كىشىگە: «ۋاقە ئۈستىدە سەن ھازىر تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ئۇنى توسۇشتا مەزكۇرغە ياردەملەشمىدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى: «مەن سىزنى دۈشمەن تۇتاتتىم، ئۇنداق

ئىكەن، مەن ئۇ كىشىنىڭ تىلىنى توسۇشقا ئەلۋەتتە بارالمايمەن» دەپتۇ. بۇ چاغدا ھەججاج بۇلارنىڭ بىرسىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقتىن، يەنە بىرسى راست سۆز قىلغانلىقتىن، ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ۋەقە كىشىلەر ئارىسىدا ھېكايە بولۇپ قاپتۇ.

«ئىنكا نەلكىز بۇناجىيەن پەسد قۇئەنجا» (ئەگەر يالغان كىشىنى خالاس قىلىپ قۇتۇلدۇرغۇچى بولسا، راستچىللىق شۇ خالاسلىقنى تۇغقۇچىدۇر).

راستلىق قايدەكىم كۆتەردى ئەلەم،
ھەقنىڭ ئىمدادى بولغاي ئاندە ھەم.
قالماغاي راستلەر ئىشى پىنھان،
راست سۆز كىشگە قىلماغاي زىيان.

يالغان سۆز شۇ كىشىنىڭ ئىززىتىنى تۆكىدۇ، شۇنىڭدەك ئورۇنسىز مۇتايىبە، بىھۇدە ھەزىللەرمۇ كىشىلەرنى خەلق ئىچىدە ھۆرمەتسىز ۋە خار قىلىپ قويىدۇ، بولۇپمۇ يۇرت ئىگىلىرى، ھوقۇق ئەھلىلىرى ھەزىل ـ مۇتايىبە قىلىشقا خۇشتار بولسا، ئۇنىڭ ھەيبەت ھالىغا شۇنچە ئاپەت يېتىدۇ. چۈنكى، تولا چاغلاردا قىلىنغان ھەزىل ـ بەھسلەردىن، بىھۇدە گەپلەردىن كىشىلەرنىڭ دىلى رەنجىيدۇ. ئىنسانلار بىلسۇنكى، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى يىراق كۆرۈپ مەنسىتمەسلىكى، ھەتتا كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ، مۆرىتى كەلگەندە ئۆچ ـ ئىنتىقام ئېلىشلىرى، پاسات كۆتۈرۈپ يۇرۇشلىرى كېلىپ چىققان.

نەزمە:

ھەزلە يالغاننى قىلماغىل پىشە،
ئۇرماغىل ئۆز ئاياغىڭغە تىشە.
ئەيلەگەي ھەزلە شاھنى خىرە،
ئاينى تۇپراقتىن قىلۇرتىرە.

شاھلار ۋە ئەمىرلەرنىڭ خەلقلەرنىڭ غەيۋەتنى قىلىشى بەكمۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، ئاللاتائالا ئۇلارغا ھەممە سۆزلەرنى ھەرجاي، ھەر زاماندا، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا دادىل تۇرۇپ ئېيتىۋېتىشكە قۇدرەت بەرگەن، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، پادىشاھلارنىڭ، ئەمىرلەرنىڭ ئۆزلىرىنى غەيۋەتخورلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇشى ئەلۋەتتە ئاقىلانىلىك ئەمەسكى، پادىشاھلار تېخى ئۆزىدىن تۆۋەنلەرنىمۇ غەيۋەت قىلىشتىن توسۇشى كېرەك. چۈنكى، غەيۋەتنىڭ شۇملۇقى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەكمۇ كۆپتۇر.

تا ئىملاجىڭ بار بولسا، قىلما كىشىنى غەيۋەت،
چۈنكى غەيۋەتچى ئىرۇر ئەل كۆزىدە بى ئىززەت.
كىمكى ئەيلىسە غەيۋەت سەن ئاڭا سالما قۇلاق،
تاگۇناھىغە ئۇنىڭ قىلما ئۆزۈڭنى ئورتاق.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ھاجەت راۋا قىلىش توغرىسىدا

ئەگەر ھەر كىشى ئۆز ھاجىتىنىڭ ئۈمىدىنى تىلىسە، ئاۋۋال ئۆزىگە ھاجەتمەن بولغانلارنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشىشى كېرەك. ھەدىستە: «ئاللاتائالا ئۆز بەندىسىگە ھەربىر ئىشلاردا ياردەم بېرىدۇ. بەلكى شۇ بەندە خۇدانىڭ ئۆزگە بەندىلىرىگە ياردەم بېرىدىغانلا بولسا» دەپ كەلتۈرۈلىدۇ.

بېيىت:

ئەگەر خۇدايى سەمەد بەخشىشىغە كۆز تۇتساڭ،
شىكەستىلەرگە كەرەم بىرلە لۇتپى رەھىم ئەيلە.

ھەدىستە يەنە «ھەر كىشى ئاللانىڭ نەسىبى بىلەن قانچىلىك مال ـ دۇنياغا ئېرىشكەن بولسا، شۇ مال مىقدارىچە تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئاجرىتىپ، ئاجىزلارغا بېرىشىنى ۋاجىپ بىلىشى كېرەك» لىكى ئېيتىلىدۇ.

بۇ نىسبەت مال ـ دۇنيا بىلەن ھوقۇق ۋە مەرتىۋىگە ئوخشاشلا راۋا كېلىدۇ، ئەگەر كىشىلەردە مەيلى پادىشاھلىق ھوقۇقى بولسۇن ياكى باشقا مەنسەپلەردە تېگىشلىك مەرتىۋە كەلسۇن، شۇ ھوقۇق ۋە مەرتىۋە نىسبىتىدە ئاجىزلارنىڭ، ھال

ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى رازىلىق بىلەن ھېچبىر تاپا ـ تەنىسىز ھەل قىلىپ بېرىشى پەرھىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالادىن پادىشاھلىق دۆلىتىنى ئالغان ئەزىمەت جاھاندارلىق ۋە كامىكارلىق مەيدانىدا كۆتۈرگەن سائادەت ئىگىسى (پادىشاھ) پۈتۈن خەلقنىڭ ئومۇمىي ئەۋقاتلىرىنىڭ لاۋازىماتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىشى كېرەك، قۇدرىتىنىڭ بارىچە موھتاجلارنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۆزى ئۈچۈن تەبىئىي ۋەزىپە بىلىشى كېرەك. ھېچبىر مۇستەھىق مەقسۇد چىرايىنى بىپەرۋالىق پەردىسى ئىچىدە كۆرۈشنى خالىمايدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئۆز بەخت ـ سائادەت گۈلىنىڭ دۆلەت بېغىدا داۋاملىق ئېچىلغان ھالىتىدە تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغا بولسا، ئۇ ئاجىزلارنىڭ مۇرادىنى بېرىشنى غەنىيمەت بىلىشى كېرەك. مەھرۇم بىچارىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئاساسى دەپ بىلىشى كېرەك.

بار بولسا ھەقدىن ئۈمىدىڭ دۆلەتىڭنىڭ بارىدا،
لۇتف ـ شەپقەت بىرلە قىلغىل خەلق ئۈمىدىنى راۋا.
پەقىرلەرگە مۇرادىنى بېرىپ شاد ئەيلەگىل،
تا ساڭا بەرگىسى بارچە مۇرادىڭنى خۇدا.

يەنە بىر ھەدىستە: «مۆمىن كىشىنىڭ كۆڭلىگە خۇرسەندىلىك يەتكۈزۈشنىڭ ئۆزى ساۋاب جەھەتىدە ئادەم ۋە پەرىلەرنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرىگە باراۋەردۇر» دەپ ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى ـــ موھتاجلارنىڭ ھاجەتلىرىگە كۆز تۇتۇش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇرسەندە قىلىشتۇر.

مۆمىنلەر، شاھلار، جىمىكى كىشىلەر بىلسۇنكى، ياخشىلىقتا بولماق، توغرا ئەجرى ساۋابىنىڭ شەرىپىنى قولغا كەلتۈرمەك ئاسان ئەمەس.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىر كۈن ئەتىگەندىن كەچكىچە ھۆكۈمەت مەجلىسىنى قۇرۇپ ئولتۇردى، لېكىن شۇ بىر كۈندە ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا ئەھۋال ئېيتىپ ياكى ھاجەت تىلەپ كەلمىدى. كۈن كەچ بولۇپ ئىشتىن چۇشەر ۋاقتىدا پادىشاھ ئۆزىنىڭ خاسلىرىغا:

— مەن بۇ بىر كۈننى ئۆمۈر كۆرگەن ھېسابتا سانىمايمەن، — دېدى. بۇ چاغدا بىر ئەمەلدار شۇنداق سۆز ئارىلاشتۇردى:

— ئى پادىشاھ، بۈگۈن ئۆمرىڭىز سەھتى ـ سالاھەت، ياخشى سۆھبەتلەر بىلەن ئۆتتى، دۆلەت ئەربابلىرى مەقسىدىڭىزغا مۇۋاپىق، ھەممە مۆھىملىرىڭىز مۇرادىڭىزغا ئۇيغۇن. خاتىرىڭىز پاراغەت مۇيەسسەرلىكى بىلەن مەسرۇر، لەشكىرى سىپاھلەر مۆكەممەل، خەزىنىلەر مەئمۇر، شۇنداق تۇرۇقلۇق شۇ بىر كۈنى ئۆمۈر كۆرمىگەن ھېسابىدا كۆرسىڭىز، بۇ كۈننى نېمە دېيىش كېرەك؟

ئىسكەندەر:

— ئەگەر پادىشاھتىن زۇلمى ـ رەسىمدىلەرگە راھەت يەتمىسە، مەھرۇملارنىڭ ھاجىتى راۋا بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ پادىشاھلىق سۈرۈشتە ئۆمۈر كۆرگەن دېگىلى بولسۇن؟ — دېدى.

جاھان ئىچرە بۇدۇر بىل ئۆمرى كىم،
خالايىق نەپئىنىڭ شوغلىدە كەچكەي.
شۇ بۇ يەڭلىغ تىرىكلىكتىن نەھاسىل،
كى دائىم نەپسىنىڭ پىكرىدە كەچكەي.

بىرسى پادىشاھ ئىسكەندەردىن: «پادىشاھلىقنىڭ لەززىتىنى نېمىدە تاپتىڭىز؟» دەپ سورىدى، ئىسكەندەر ئۇنىڭغا: «مەن ئۈچ نەرسىدە تاپتىم، بىرىنچى، دۈشمەنلەرنى يېڭىپ، مەغلۇپ ۋەيران قىلىشتا تاپتىم. ئىككىنچى، دوست ـ يارەنلەرنى ئۆستۈرۈپ، سەرەپراز ۋە خۇشال قىلىشتا تاپتىم. ئۈچىنچى، ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشتا تاپتىم. بۇنىڭدىن باشقا ھېچبىر لەززەتلەرنىڭ ئېتىبارى يوق.»

ئىرۇر شاھلاردىن ئۇشبۇ رەۋىش خوپ،
كى دۈشمەنلەرى قىلغاي خارۇ ـ مەغلۇپ.
ئىككىنچى، دوستلارنى شاد قىلغاي،
رەئايە كۆڭلىنى ئابات قىلغاي.
ئۈچىنچى، بۇدۇر ئەتكەي ھەمىشە،
كىشىنىڭ ھاجەتىن بەرمەكنى پىيشە.
بەسى شاھلەركى بولدىلەر جاھانگىر،
جاھاندىن ئۆتتىلەر ھەرقايىسى بىر ـ بىر.
ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئۇ كىشىگە قالمىش،
كى ئانىڭدىن خالايىق نەپئىي ئالمىش.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## سالماقلىق توغرىسىدا

سالماق بولۇشنىڭ ئەۋزەللىكى بۇ ھەدىس بىلەن ئىسپاتلىدۇر: «ئەتتە ئەنى مىنەررەھمانى ۋەل ئەجەلەتۇ مىنەششەيتانى» (ھەر ئىشتىكى ئاستىلىق رەھماندىن، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن). كىشىلەرنىڭ مەشغۇل ئىشلىرىدا ئۆز پۇرسىتىنى تېپىپ، پىلان بىلەن تەرتىپلىك ئىش قىلىشنى ئاللاتائاغا، ئالدىراڭغۇ، پىلانسىز ئىش قىلىشنى بولسا شەيتانغە نىسبەتەن ئېتىلگەن دېيىلىدۇ. كىمەرسىكى بىرەر ئىشقا قەدەم قويغاندا سالماقلىق بىلەن كىرىشسە، شۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرىدۇ. ئەگەركى تاقەتسىزلىك قىلسا، كۆپىنچە ھاللاردا كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. ئىش مۇرادىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، كىشىنى خىجالەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ.

بېيىت:

سەن جاھاننىڭ ئىشلىرى ئاھىستەقىل.  
ئىش قىزىقلىق بىرلە يەتمەس بۇنى بىل.  
شەمئى يورۇغاچ قىزىقلىقتىن بەسى،  
ھەم ئۆزى كۆيدى ۋە ھەم پەرۋانىسى.  
بەن ئىشلارنى ئاشۇقماسلىق ئاچار،  
ھېچ پۇشايمان بولماغاي ئاھىستەكار.

پەرۋىزنىڭ ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە مۇنداق يېزىلىپتۇ: «ئى ئوغلۇم، سەن يۇرت ـ خەلققە ھاكىم بولغاندىكى، سېنىڭمۇ ئەقلىڭ ئۆزۈڭگە ھاكىمدۇر، پۇقرالار ساڭا قانداق ئىتائەت قىلغان بولسا ۋە قانداق ئەمەل قىلغان بولسا، سەنمۇ ئۆز ئەقلىڭگە شۇنداق ئىتائەت قىلغىن ۋە شۇنداق ئەمەل قىلغىن، دۇچ كەلگەن ھەربىر مۇھىم ئىشلاردا ياخشى پىكىر ۋە تەئەممۇل قىلغىن. ئەقلىڭدىن ئەڭ ئۇنۇملۇك ھالدا ھوكۇم سورىغىن. بولۇپمۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزلەرىگە ۋە مال ـ مۈلكىگە زىيان يېتىدىغان ئىشلاردا تېخىمۇ شۇنداق قىلغىن.»

بېيت:

ھەر ئىشتا بولماغىل سەن بى تەئەممۇل،
ئاشۇقماقى كۆڭۈلدىن تاشلا بىلكۇل.
كىشىنىڭكىم تەئەممۇل بولدى يارى،
مۇرادىغا مۇۋاپىق بولدى كارى.

ھۆشەنكنىڭ ۋەسىيەتلىرىدە بولسا مۇنداق يېزىلىپتۇ: «لەيسەمەل ئەدۋى سۇرئەتۇن» (ئالدىراقسانلىق ــ ئىشنىڭ سىنىقى ئەمەس). بۇ سۆز بىزگە تولا ھېكمەت كەلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ سپاھلارنىڭ ئىشلىرىغا قەدەم قويۇش ۋاقتىدا يەڭگىللىك قىلماسلىق كېرەك. ئاچچىقى ئۆرلىگەندە ئۇنى غەزەپكە تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك ۋە بەلكى پىكىر تەپەككۇر يۈزىسىدىن قىلىدىغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە نەزەر سېلىش كېرەك. چۈنكى، ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىنكى تاپ ۋە مالامەتلەر ھەرگىزمۇ مەنپەئەت بەرمەستۇر.

قىتئە:

سىياسەت بارەسىدە قىلما سۆرئەت،
ئاشۇقماق يەتكۈرۈر ئاخىر نادامەت.
بولۇر ئۆلتۈرسە يز كىشىنىڭ زەمانى،
ۋەلى تىرگۈزسە بولماس هېچ ئانى.

يەڭگىللىك ۋە ئالدىراقسانلىق دېگەن خۇددى ئوقئا ئوخشاشتۇر، ئەگەر ئۇ جايىدىن چىقىپ كەتسە، قايتۇرۇپ كەلمەك مۇمكىن ئەمەس، ئېغىر ـ بېسىقلىق ۋە سالماقلىق خۇددى قىلىچقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى خالىغان چاغدا ئىشلىتىشكە، خالىغان چاغدا هېچبىر ئىشقا سالماي ساقلاپ قويۇشقا بولىدۇ.

ئالدىراقسانلىق هۆكۈمەت كىشىلىرى مىزاجىغا هېچبىر ۋاقىتتا غەزەپ هالىتىدىكىدەك غالىپ بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۆزى دۇچ كەلگەن هەربىر ئىشقا قارىتا هۆكۈم نۇقتىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى بىلەن شۇ ئىشنىڭ ئاقىۋەت ـ نەتىجىسىنى ۋە ئۇنىڭ شەكىل ـ سۈرئىتىنى تەپەككۇر ئائىنەسىدە كۆزىتىپ چىقىشى كېرەك.

ئۇلۇغ شاهەنشاهلاردىن بولغان ئەردشىر بابەك ئۆز كاتىپلىرىغا ئۈچ پارچە خەت يازدۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ خەتنى ئۆز خادىملىرىغا تاپىلىدى: ئەگەر مەن هۆكۈمەت مەجلىسلىرىدە ئولتۇرغىنىمدا روهىي كەيپىياتىمنىڭ، تەبىئەت ـ خۇيۇمنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ غەزەپ هالەتلىرىمنى سەزسەڭلار، دەرهال شۇ بۇ خەتلەرنىڭ بىرىنى هېچبىر ئاياتماستىن كۆرسىتىڭلار، ئەگەر شۇنىڭ بىلەن يەنە كەيپىياتىم بېسىقمىسا، ئىككىنچىسىنى ۋە هەتتا ئۈچىنچىسىنى

كۆرسىتىڭلار. بىرىنچى خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئالدىراڭغۇلۇق قىلما، ئىختىيارىڭنىڭ نۇقتىسىنى نەپسى ئەممارىڭغا تاپشۇرما، چۈنكى سەن بىر مەخلۇق، سېنى ياراتقان خالىق ئاللا باردۇركى، ئۇ سەندىن قۇدرەتلىك، سەندىن قادىردۇر».

ئىككىنچى خەتنىڭ مەزمۇنى: «ئېغىر ـ بېسىقلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل، قول ئاستىڭدىكى پۇقرالار بولسا، ھەقتىئالا ساڭا تاپشۇرغان ئامانەتلەردۇر. ئۇلارنىڭ خۇسۇسىدا يەڭگىللىك قىلما، سەن ئۇچۇن پەرمان تۇتقان كىشىلەرگە شاپائەتچان بولغىن، شۇنداق قىلساڭ سېنىڭ ۋە جىمى مەخلۇقاتلارنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاتائالا سېنىڭ ئەمەل قىلغان خىزمىتىڭ ئۇچۇن رەھمەت قىلىدۇ». ئۈچىنچى خەتنىڭ مەزمۇنى: «ھەرقانداق ئەھۋال ۋە ئىشلار ئۈستىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن ھالدا ھۆكۈم قىلغىن، شەرىئەتتىن ۋە ئىنساپ يولىدىن چىقىپ كەتمىگىن» دېگەندىن ئىبارەت.

غەزەپىنىڭ تۈسىنى تېز قىلما،
كى قەھرىڭ تېغىنى خۇنرىز قىلما.

خاتىرىلىنىشىچە، پادىشاھ ئەھمەد سامانى ئالەمدى ئۆتۈپ، پادىشاھلىقتا ئۇنىڭ نەزەر ئىسىملىك ئالتە ياشلىق ئوغلى قالدى، نەزەر بالىغ بولۇپ ئەقلى يېتىشكىچە توغرا كەلگەن ئىشلارنى ئەركان دۆلەتلەرنىڭ ئىتتىپاقى بىلەن ھۆكۈم قىلاتتى. پادىشاھ بالاغەتكە يېتىپ، ئەقلى كۆرۈلگەندە، ئاتىسىنىڭ دۆلىتىنى ئۆز ئىدارىسىغا ئېلىپ ئۆزى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. كۆپ ياخشى ئەخلاقلار، مەقبۇلى ئام بولغا ئىلغار

سۈپەتلەر ئۇنىڭ زاتىدا زاھىر بولدى.
بىراق، شاھزادىنىڭ باشلىقى، تەجرىبىسىزلىكى ۋە غۇرۇرى تۈپەيلىدىن، ئىشلار ئۈستىدە تولا ھالدا غەزەپكە، ھېسسىياتقا بېرىلىش ھادىسىلىرى يۈز بەردى. ئازغىنە گۇناھلار ئۈچۈن ئىغىر جازا ۋە كۆپ ئوقۇبەتلەر بۇيرۇلدى.
بىر كۈنى ئۇ ئۆز ۋەزىرىدىن: مېنىڭ زاھىرىمدە ئەيىب ــ سەھۋەن كۆردىڭىزمۇ؟ دەپ سوراپ قالدى (بۇ سوراقتىن مەقسەت شاھزادىنىڭ ئۆزىنى تۈزىتىش ئىدى). بۇ چاغدا ۋەزىرنىڭ جاۋابى مۇنداق بولدى: ئاللاغا شۈكرى، سىزنىڭ زاتىڭىز ئۇلۇغۋار سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن، پاكىز ۋە يۈكسەك خۇي ــ ئەخلاقلار سىزدە جەم بولغان، سىزنىڭ شەپقەت داستىخانىڭىز خاسۇ ــ ئامنىڭ نەزەرىگە ئىلىنغان، كەرەم ۋە مۇرۇۋۋىتىڭىزنىڭ شۆھرىتى ئەتراپى ئالەمگە پۇر تارقالغان. خۇلقى ــ پەزىلىتىڭىزنىڭ مېھمانخانىسىدا لەتىپ ــ نېمەتلەر، شىرىن، شەربەتلەرمۇ تەييار تۇرۇپتۇ، لېكىن مەزكۇر داستىخانىڭىزنىڭ تائاملىرىدا تۇز كەمرەك بىلىنىۋاتىدۇ، تۇزسىز تائام تەبىئىيكى، لايىقىدا لەززەت بېرەلمەس، شاھزادە:
ــ ئۇنداق بولسا بۇ زىياپەتخانامنىڭ تۇزى نېمە ئىرۇر؟ ــ دەپ سورىدى. ۋەزىر:
ــ بۇ خانىڭىزنىڭ تۇزى ــ ئىغىر ــ بېسىقلىق ۋە سەۋرچانلىقتۇر، ــ دەپ جاۋاب بەردى ۋە يەنە، ــ سىزنىڭ بۇ پادىشاھلىق ئىمارىتىڭىزنى ۋەيران قىلىدىغان ئامىل غەزەپ ۋە يەڭگىللىكتۇر، ــ دېدى. شاھزادە:
ــ سىزنىڭ ئېيتقان ھەربىر سۆزىڭىزنى بىلدىم، مەندە بۇ خىل ئەيىبلەرنىڭ بارلىقى ئۆزۈمگىمۇ مەلۇم بولغانىدى، ئەمما

بۇ خۇلۇق ماڭا ئادەت بولۇپ قالغاندى. تەبىئىتىم شۇنىڭ ئۈچۈن خۇيلىناتتى، خوش، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە چارە كېرەك؟ — دېدى ۋەزىر:

— ئەگەر سىز ھۆكۈم قىلىش ۋاقتىدا ئېغىر - بېسىقلىقنى مىزان بىلىپ، ئالدىراڭغۇلۇق ۋە بىقارارلىقتىن ساقلىنىشنى خالىسىڭىز، خىزمىتىڭىزدە پاكىزە، ياخشى خۇي - ئەخلاقلىق، يۇقىرى سۈپەتلىك كىشىلەرنىڭ بولۇشى لازىمدۇر. مەسىلەن، سىزدە غەزەپلىك ھالەت غالىپ بولغاندا سىزنى توسۇپ قالالايدىغان، سىز ھەرقانداق بىر جازاغا ھۆكۈم قىلغان كىشىنى تىلەپ، قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغان كىشى بولسا، ئۇ چاغدا يۇقىرىقى ئۈمىدلەرنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ مۇھىتتا ناھايىتى كەڭ بىلىملىك ۋە ئەقىللىق بىر سودىگەر ياشايتتى، شاھزادە ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىگە ئەڭ يېقىنلىق دەرىجىسىنى بېرىپ، مۇنداق بىر ئىشنى تاپشۇردى:

— ھەرقانداق كىشىنى مەن جازالاشقا ۋە ئازابلاشقا بۇيرۇسام، سىز شۇ ھۆكۈمنى ئۈچ كۈن كېچىكتۈرۈڭ، ئۈچ قېتىم ئۇنى مېنىڭ ئالدىمغا ئەكىلىپ توغرا قىلىڭ، ئاندىن كېيىن، يەنە جازاغا ھۆكۈم قىلسام، ئۇ چاغدا ئۇنى يۈز تاياقتىن كەم ئۇرماڭ.

ئاندىن شاھزادە ئۆزلىرىنىڭ خاسلىرىنى چاقىرىپ:

— ئەگەر مەن گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدىغان بىر كىشىنى جازاغا بۇيرۇسام، ئۇنى ياخشى رەۋىشلەر بىلەن مەندىن تىلەپ قېلىڭلار، — دەپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئاخىرى ياش پادىشاھنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرى ئەنە

شۇنداق تەرتىپ تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئازغىنە زاماندا ئۇنىڭ ئادالەت دەبدەبىسى ۋە سەلتەنەت تەنتەنىسى كەڭ ئەتراپقا مۇنتەشىر بولدى.

بېيت:

بولما لاچىنلار كەبى سەن تېز پەر،
سال قەدەم ئاھىستەكى چۈن شىر نەر.
ئال جىلاۋىن چۇستىراق ئەندىشەنىڭ،
چۈن خاتاسى تولاراق بۇ پېيشەنىڭ.
ئىشىكىم ئۇزاتتىڭ ئەنىڭ ئۈستىدە قول،
شوغلىدە ئاھىستە، ئاھىتە بول.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# كېڭەش ۋە مەسلىھەت توغرىسىدا

ئاللا تائالا ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «ۋەشاۋىرھۇم فىل ئەمرى» (ئىشلار توغرىسىدا ئۆز سەپداشلىرىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىڭ) دەپ بۇيرۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئومۇمىي مەخلۇقاتلار ئىچىدە ھەممىدىن دانا تۇرۇقلۇق، ئاللاتائالا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا كېڭەش، مەسلىھەت توغرىسىدا بۇيرۇيدۇ؟ بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، ھەرقايسى مۇھىملەردە كېڭەش بىلەن پىكىرنى جەمئىي قىلىپ بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن قەدەم بېسىش - ئۇممەتلەر ئارىسىدا سۈننەت بولۇپ قالسۇن دېمەك ئۈچۈندۇر، چۈنكى كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماستۇر.

بىرىنچى، قىلغان شۇ كېڭەشلىك ئىش توغرىلىققا يېقىن بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىشقا مەسلىھەت بىلەن قەدەم باسقاندا، گەرچە كۆڭۈلدىكى مەقسەت ئورۇنلانماي قالسىمۇ، كىشىلەر ئارىسىدا تاپا - تەنە كۆرۈلمەيدۇ. كېڭەشنىڭ ھۆرمىتى مەنزۇر تۇتۇلىدۇ.

ئۈچىنچى، بىر كىشىنىڭ زېھنى ھەممە تەرەپلەرنى ئىھاتە قىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئەگەر ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلغان بىر توپ كىشىلەر مۇھاكىمە ئېلىپ بارسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ

خاتىرىسىگە بىردىن تەسەۋۋۇر يېتىپ، ئارىدا ياخشى مەسلىھەت ۋە توغرا يوللار مەيداغا كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى دۇچ كەلگەن ئىشلار توغرىسىدا ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن كۆپ مەسلىھەتلىشىشى، مەسلىھەتسىز ھالدا ئىشقا كىرىشمەسلىكى لازىمدۇر. مۇشكۈللەرنى ھەل قىلىشتا كېڭەش قىلىشنى پەقەت ئاقىللارلا بىلىدۇ، بىرقانچە ئاقىللارنىڭ تەدبىرى بىر ئاقىلنىڭ تەدبىرىدىن پايدىلىقراقتۇر.

پارچە:

ئى ئۈچۈن باغلادىڭ ئى دوست كېڭەشنىڭ ئىشىكىن،<br>
ئەقىلنىڭ مەزھەبىغە سەن مەگەر ئولدۇڭ مۇنكىرى.<br>
ھېكمەت ئەھلى ئارا مەشھۇردۇر بۇ سۆزكىم،<br>
تولا ئەقلى ئولغۇسى تەدبىرىگە بىردىن قادىر.

ئىشلار ۋە ھاۋادىساتلارنىڭ ھۆددۈتى توغرىسىدا كېڭەشتىن باشقا بىلىش چارىسى يوق. ۋەزىرلەر، چوڭ ئىش بېجىرگۈچىلەر بولسا، ئەھلى ـ ئىلىملەردىن، ئاقىۋىتىنى ئويلىيالايدىغان دانىشمەنلەردىن مەسلىھەت ئېلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ تەدبىرلىرى مەقبۇل ۋە مەئقۇلدۇر. تەدبىر بىلەن يىلان خۇددى ئولجىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇ يالغۇز بىر كىشىنىڭ قولىغا چۈشمەيدۇ، بىر توپ ئادەملەر ئارىغا ئالغاندا، ئۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر دۇچ كەلگەن مۇشكۈل بىرەر مەسلىھەت بىلەن ھەل بولسا، باشقا نەرسىگە مايىل قىلماسلىق كېرەك، ھەرقانداق چوڭ مەتلۇبلار يىلان، تەدبىر، مەسلىھەت بىلەن ھەل بولىدۇكى، قىلىچ بىلەن چارە تاپقىلى بولماستۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پارچە:

كېڭەش قىلماق بىلەن ئىشلارنى تۈزگەي ئاقىل ـ كامىل،
كى مىڭ لەشكەر بىلەن گەرچە مۇيەسسەر بولماغاي ھەرگىز.

رۇم پادىشاھى بىلەن مىسىر پادىشاھىنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك پەيدا بولۇپ، لەشكەر تارتىپ ئۇرۇشماقچى بولدى. رۇملۇقلار نەچچە مىڭ لەشكىرى قوشۇن بىلەن مىسىرغا بېسىپ كەلدى، رۇم لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىدە بىر كىشى بولۇپ، ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بولاتتى. بۇ كىشى رۇمنىڭ ئەھۋالىنى داۋاملىق مىسىر پادىشاھىغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. مىسىر پادىشاھى بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنەتتى. جەڭ پەيتىدە رۇم پادىشاھى ئۇل كىشىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ قالدى، پادىشاھ سىرىنى ئۇل كىشىگە بىلدۈرمەستىن، جەڭ ۋاقتىدىن سەل ئىلگىرى ئۇنى ئۆز يېنىدا قالدۇردى ـ دە، ئەمىرلەرنى، لەشكىرى باشلىقلارنى چاقىردى ۋە ئۇلارغا دېدى: ئەمىرلەر، سىلەر ۋاقىپلىنىپ قېلىڭلاركى، مىسىر پادىشاھىنىڭ بەگلىرىدىن ماڭا نامە كەلدى، ھازىر نامىنىڭ ئۆزىنى ئوقۇتۇرىمەن: «جەڭ سىياقى باشلانغان ھامان، بىزلەر مىسىر پادىشاھىنى تۇتۇپ، قول گەردىنىنى باغلاپ سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە قەسەم قىلدۇق، سىزنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپلىنىپ، تولۇق تەييارلىق، شىددەت بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.» نامىنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى جەھەننەمگە چۆكۈپ كەتكەندەك ھەيران بولۇپ، دەرھال مەجلىستىن چىقىپ كەتتى ـ دە، ۋەزىيەتنى مىسىر پادىشاھىغا مەلۇم قىلدى. مىسىر پادىشاھى بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ، جەڭ قىلىش تەرتىپىدىن

يېنىپ، قېچىشقا باشلىدى. قەيسەرنىڭ قوشۇنلىرى ئارقىسىدىن تۇتقامىش قوغلاپ باردى ۋە نۇرغۇن ـ مال ـ مۈلۈك، ئوق ـ ياراق غەنىمەت ئېلىپ قايتىپ كېلىشتى. بۇ تەدبىر بىلەن جەڭنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، دۈشمەنلەر شىكەستە بولدى.

پارچە:

كىشى تەدبىرىنى تەرك ئەتسە تۇتالماس مۈلكىن،
چۈنكى ئىقلىم كېڭەش بىرلە تاپار نەزمى سىياق.
مۈلكى تەسخىرىغە دەركار خىلۇ ھەشەم،
لەيكى تەدبىردۇر بارچەسىدىن لازىمراق.

قەدىمكى پادىشاھلاردىن بىرسى ھېكىمدىن: تەدبىر ـ پىلان ياخشىمۇ ياكى غەيرەت ـ شىجائەت ياخشىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ھېكىم دەرھال:

ــ شىجائەت دېگەن خۇددى قورالنىڭ تىغىغا ئوخشايدۇ، تەدبىر بولسا، شۇ قورالنى تۇتۇپ ئىشلىتىدىغان قولغا ئوخشايدۇ. ۋاھالەنكى قول بولسا، تىغسىزمۇ ئىشقا يارايدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى. بۇرۇنقى ئالىملار: «كىشىلەرگە ئالدى بىلەن غەيرەت ـ شىجائەتتىن بۇرۇن پىلان ۋە تەدبىر كېرەك» دەپ ئېيتقانىكەن.

بىر ئېزىزدىن كىشىلەر:

ــ تەدبىر ـ پىلانىنىڭ ياخشىراقى قايسى؟ ــ دەپ سوراشتى، بۇ ئېزىز:

ــ مۇمكىنقەدەر پىتنىنى يوقىتىشقا تىرىشىش، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

مەسىلەن، پادىشاھى پەياتىلەنىڭ ئۈستىگە خۇراساندىن چوڭ

بىر دۈشمەن قەست قىلىپ، ساناقسىز لەشكەرلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا پەياتىلەمۇ بۇنىڭغا زەربە بېرىپ چېكىندۈرۈش نىيىتىدە ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ، دۈشمەنگە قارىتىپ قويىدى. پەياتىلەنىڭ ئەمەلدارلىرى بولسا، خۇراسان شاھى بىزدىن غەلىبە قىلىپ چىقىدۇ، بىزلەر شەكسىز يېڭىلىپ قالىمىز دەپ ئويلاپ، ئاقىۋەتتىن ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولۇپ، خۇراسانغا ئىخلاس قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، نامە يېزىشتى. خۇراسان شاھى بۇ نامىلەردىن خەۋەر تېپىپ خۇشال بولدى، بەگ ـ ئۆمىراھلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. پادىشاھ دەرھال بۇ نامىلەرنى خەزىنىگە سېلىپ ساقلاشنى بۇيرۇدى. ئارىدا جەڭ بولدى، پادىشاھ پەياتىلە دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، دۈشمەنلىرى تامام قېچىپ كەتتى. خەزىنىلەر، مال ـ مۈلۈكلەر شۇ پېتى پەياتىلەنىڭ قولىغا چۈشتى، پەياتىلە خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى ئاچماي، موھۇرلاپ قويىدى. ئاندىن كېيىن شۇنداق پىكىر قىلدىكى: ئەگەر بۇ خەتلەرنى ئاشكارا قىلسام، ھەممە ئەمىرلەرگە كۆرسىتىش لازىم بولىدۇ. ئۇلار ئەھۋالدىن خەۋەرلەنگەندە، مەندىن گۇمان قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ دىلىغا ۋەھىمە چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ زەرەرىنى دەپئى قىلىش نىيىتىدە ماڭا سۇيىقەست قىلىدۇ، ئاقىۋەت پىتنىنىڭ ئوتى ئۇلغىيىپ قالىدۇ، بۇ ئوتنى پەس قىلماق مۈشكۈلدۇر. شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ئاخىر ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سەپداشلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ساندۇقنى ئېچىپ، بۇ خەتلەرنى ئۇلارغا كۆرسەتتى. ئاندىن پادىشاھ ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

— بۇلار ئاقىۋەتتىن ئەندىشە قىلىپ، بىزنىڭ نۇسرىتىمىزدىن ئۇمىدسىزلەنگەن، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ تەسلىم بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، بۇ نامىلەرنى يازغان. دۇشمەنلەر بۇنى ھۆججەت بىلىپ، بىرەر ۋاقىتتا پايدىلىنىش ئۈچۈن خەزىنە ساندۇقلىرىدا ساقلاشقان. قاراڭلار، بۇ ساندۇقلار مۆھۈرلەر بىلەن تۇرۇپتۇ. بۇ خەتلەر قولۇمغا چۈشكەندىن بۇيان ئىچىپ كۆرگەن ياكى ئوقۇغان بولسام ۋە ياكى خەتنى يازغۇچى ھەرقايسى كىشىلەرنى مۇئەييەن بىلگەن بولسام، خۇدا ئۈچۈن پىيادە ھەج قىلىش گەردىنىمگە ۋاجىپ بولسۇن، — دەپ قەسەمياد قىلدى. ئاندىن كېيىن بۇ نامىلەرنى يىغىپ كەلتۈرۈپ ھەممىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. پادىشاھتىن مۇنداق كاتتا مەرھەمەت ۋە ئەپۇ ھالىنى كۆرگەن پۈتۈن دۆلەت ئەركانلىرى تېخىمۇ بۆلەكچە ھالدا ئۆز شاھىغا ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن سۆيۈندى، ھەممىسى يەكدىل ـ يەك جەھەت بولۇپ، پادىشاھقا ئەگىشىدىغان بولدى. ئەقىللىق شاھ بۇ ئاقىلانىلىقى بىلەن ھەممە لەشكەرلىرىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئۆز مەيلىگە ئىختىيار قىلدۇردى.

پارچە:

تاپار تەدبىر بىلە ئىشلار سەرەنجام،
كى ئانسىز ئىشقە بارماس تىغ قەمقام.
ئىشەنمە گەنج ئىلە لەشكەرگە زىنھار،
كېڭەش قىلماقنى بىل ياخشى مەدەتكار.

ئەمىن ۋە ئىشەنچلىك بولغان چوڭ ـ كىچىك ھەرقانداق كىشىلەردىن مەسلىھەت ۋە كېڭەش سوراش لازىم. بەزى چاغلاردا چوڭ ئاتىلارنىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن ياخشى پىكىر ۋە خىياللار

كىچىكلەرنىڭ خاتىرىسىگە كېلىپ قالىدۇ. ئىچى ھېچبىر كىشى مەسلىھەت ۋە پىلاندىن زىيان تارتقىنى يوق.
بىر ئالىمنىڭ ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىدى، شەھەرنىڭ ھەممە نامدار كىشىلىرى بۇنىڭغا خېرىدارلىقىقا كېلىشكە باشلىدى، ئۇل ئالىم بۇ توغرىدا كۆپ ھەيران بولۇپ بېشى قاتتى، ئاخىر كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش قارارىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ كونا قوشنىسىنى (بۇ قوشنا ئوت پەرەس مەھبۇس ئىدى) مەسلىھەتكە چاقىردى، ئالىم دېدىكى:
— ئى قوشنام، قىزىمغا كېلىۋاتقان خېرىدارلارنىڭ ھېسابى ئارتىپ كەتتى، بۇ ئىشتىن ھەيرانلىقىم كۆپ، ھازىر بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئاڭلاشنى خالاپ تۇرۇۋاتىمەن، زادى قايسى كىشىگە، قانداق كىشىگە بەرسەم بولىدۇ؟
بۇ چاغدا بۇ گەبرى:
— مەن بولسام سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىزنىڭ كېڭەشكىزگە مېنىڭ سالاھىيىتىم بارمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئالىم:
— گەرچە سىز ئىسلام دىنىدە بولىسىڭىزمۇ، لېكىن پىلانلىق، ئەمىن كىشىسىز، قەدىمكى ئالىملار كېڭەش بابىدا ئېيتىپ: «بىلىملىك ۋە ئەمىن ئادەملەر بىلەن ھەمىشە مەسلىھەتتە تۇرۇش ئەۋزەلدۇر» دېگەن. يەنى «ئەلمۇستەشارۇ مۇئتەمىنۇن» دېمەك شۇ جۈملىلەردىندۇر. ھازىر سىزنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭىز بولسا، مەن ئۇنى قوبۇل كۆرىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق مەسلىھەتىڭىزنى بۇيرىسىڭىز، — دېدى. ئاندىن گەبرى:
— نىكاھتە كىپائەت شەرتتۇر (قىز بىلەن يىگىتنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

باراۋەرلىك شەرتى)، كىيائەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ مەزھىپىدە دىن ۋە مىللەت بىرلىك قىلىندۇ. بىزنىڭ رەسمىيىتىمىز بويىچە ئەسلى نەسەب ئاساس قىلىنىدۇ، ھازىرقى زامان ئەھاسىنىڭ رەۋىشىدە مال، نوپۇس، ئۇلۇغلۇق ئاساس قىلىنىدۇ، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، ئەگەر ئۆز دىنىڭىزغا بارسىڭىز، دىنىي جەھەتتىكى ھەمتەڭلىكنى ئاساس قىلىڭ، ئەگەر بىزنىڭ رەسمىمىزگە كەلمەكچى بولسىڭىز، ئەسلى نەسەب - نىسبەتنى ئاساس قىلىڭ. ئەگەر ئەھلى زامانىنىڭ ئادىتىنى ماقۇل كۆرسىڭىز، مال ۋە مەنسەپنى ئىختىيار قىلسىڭىز بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. گەبرىنىڭ بۇ جاۋابى ئالىمنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ خوپ كەلدى، ئادىن مەمنۇنلۇق بىلەن دېدى: دىن بولسا، بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىزغا مەنسۇپتۇر، شۇل نۇقتىدىن تۇرۇپ، مەن دىننى ئىختىيار قىلدىم.

ئالىمنىڭ مۇبارەك ئىسمىلىك بىر قۇلى بار ئىدى، بۇ بىتقايەت ئالىم ۋە دىندار كىشى ئىدى. بۇ ئالىم: «مەن ھېچ كىشىنى مۇبارەكتىن دىيانەتلىكرەك كۆرمەيمەن، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىشىم كېرەك» دېگەن قارارغا كەلدى - دە، مۇبارەكنى چاقىرتىپ كېلىپ، قىزىنى شۇنىڭغا نىكاھلاپ قويدى. ھەقتەئالا مۇبارەكگە ئۇ قىزدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت بەردىكى، ئوغۇل ئىسلام ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، دىن ئالىملىرىنىڭ مۇقتىداسى، زاھىدلار ئىچىدە يەكتا، ئارىپلەر ئارىسىدا ھەم تەڭسىز بولغان مەشھۇر ئەبدۇللا ئىبنى مۇبارەكنىڭ ئۆزى شۇ كىشىدۇر.

بېيىت:

كېڭەشتىن يۈز ئۆگۈرمەڭ چۈنكى ئەيىپتۇر خىرەد ئەھلى،
كى دۆلەت ئەھلىگە يوقدۇر كېڭەشتىن ياخشىراق رەھبەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر كىشى مەيلى شاھ، مەيلى بەگ ـ سىپاھ ياكى ئاددىي پۇقرالار بولسۇن، دۇچ كەلگەن قىيىنلىرىنى مەسلىھەت ۋە تەدبىر قولىنىڭ ئۈچى بىرلە ھەل قىلىش لازىم بولىدۇ. ئۈچرىماقچى بولغا ھەربىر ھاۋادىساتلارنىڭ خەتىرىنى ھەم شۇ يول بىلەن توساش لازىم بولىدۇ.

بېيىت:

تىغىڭ ئۆلتۈرگۈسى دۈشمەنىنىڭ بىرىن،
لەيكى تەدبىرىڭ يوق ئەتكەي بارچەسىن.
بولماغىل مەغرۇر سەن ئۆز ئەقلىڭغە،
ئال كېڭەش ئائىنەسىنى ئىلكىڭگە.
ھۇش ئەھلى دامەنىدىن ئالمە قول،
تاپقا سەن مەقسۇدىڭ سارىغە يول.

بۇ بابتا يەنە مۇنداق بىر پارچە ئېيتىلىدۇ:

كېڭەش بىرلە ھەر ئىشقا قول قويارسەن،
كۆرەرسەن ئول ئىشىڭدىن سۇدى بىسيار.
ئەگەر ھەر نەرسىنى قىلساڭ كېڭەشسىز،
يېقىن بىلگىلكى بولغۇڭدۇر زىيانكار.



www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئېھتىيات ۋە ئاقىۋەتلىك بولۇش توغرىسىدا

ئەقىللىق كىشىلەر شەخسلەرنىڭ ئىسمىتى ۋە ئېھتىماللىق نەرسىلەر توغرىسىدا ئېھتىياتچان ۋە ھوشيار بولىدۇ، ئۇلار ئىشنىڭ ئاقىۋەت ئەتراپلىرىغىچە ئېھتىيات پىكىرلىرىنى يۈگۈرتۈپ كۆزىتىدۇ. ئەگەر بىرەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئازراق خەلەل ياكى نۇقسان سەزسە، ئىشتىن بۇرۇن تەدبىر كۆرىدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەت بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئەھلىلىرىگە ئالدىن زۆرۈردۇر.

ئەفراسىياپنىڭ سۆزلىرىدە شۇنداق كەلتۈرۈلۈپتىكى، پىكىرلىك كىشى قولىغا دۇر بېرىن، ئۈستىگە زىرە ئېلىۋېلىپ، ھەرقانداق دۈشمەننىڭ ھىيلە ئوقلىرىدىن ساقلىنىپ ماڭىدۇ، ئاقىللار ھەربىر ئىشىدە يىراقنى كۆرەلەيدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆز ئىشىدىكى ياخشىلىق، يامانلىق ئاقىۋەتلىرىنى مۇكەممەل تۇردە پەھىم قىلالايدۇ. ئەگەردە بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئېھتىماللىرىنى سېزىپ قالسا، دەرھال ئۇنىڭ چارىسىنى كەلتۈرەلەيدۇ. مۇنداق كىشىلەر شۇنىڭ ئۇچۇن خەتەرنىڭ ئالدىدا ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرالايدۇ. مەسىلەن، ھوشيار كىشىدىن بىر مىسال قىلايلى: بىر دۈشمەن قولىغا تاش ـ چاقماق ئالدى، دەيلى. بۇ چاغدا ھوشيارنىڭ ھەرىكىتى نېمە بولىدۇ؟ بۇنى كۆرگەن ھوشيار كىشى دۈشمەننىڭ ئوت يېقىپ، ئۆزىنىڭ خانىمانىسىنى كۆيدۈرۈپ،

ۋەيران قىلماقچى بولغانلىقىنى بايقىيالايدۇ ـ دە، چاپسانلىق بىلەن دۈشمەنگە تۈيدۇرماستىن مۇداپىئە كۆرۈپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ، بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرا زاھىر بولغان:

زاھىر ئۇلماستا بالايى بارغىل ئۆز پىكرىڭدە بول.

ئىھتىماللىقنى پەملەش نۇقتىسىدىن ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى كۆپرەك ئويلاشنى ئەرەب لۇغىتىدە «ھوزنى» دەپ ئاتايدۇ.

كىشىلەر ئالىمدىن «ھوزنى» نىڭ مەنىسىنى سورىغانىدى. ئالىم: «ھوزنى» نىڭ مەنىسى گۇمان قىلىش دېمەكتۇر، دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭ توغرا مەنىسىنى بىلمەكچى بولغانلار تۆۋەندىكى مىسرادىن بىلسۇن:

بولماغىل بەد نەپسى، بولغىل بەد گۇمان،
تاكى تاپغىل پىتنە ـ شەردىن ئامان.

بۇ سۈپەت ھەرقانداق كىشىدە جارى بولسا، گىنە جۈيلەرنىڭ ھۇجۇم سەللىرى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ھادىسە ئورۇنلىرىغا ئىلاجى قوللىرى بىلەن مۇستەھكەم توغان سوقالايدۇ. ئاپەت يوللىرىنى پۇختا تەدبىر توساقلىرى بىلەن ئېتىپ تاشلايدۇ. زامان ئەھلىلىرىنىڭ راستگۈيلۇقلىرىغىمۇ ئاسان ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، ئۆز سىرىگە بۇزغۇنچىلارنىڭ ئاپەت قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سىشىينى مەھرەم قىلمايدۇ.

قىتئە:

دىن بىلەن دۇنيا ئامانىن ھەر كىشىكىم ئىستەدى،
ھوزمە ئاڭا رەھبەرلىك ئەتمەدى، مەقسەدىغە يەتمەدى.

هوزمه ئاتىدە كۆرمىشدۇر مۇرادىن ئول كىشى،
هوزمىدىن مەفسەل ياساپ ئانى مۇسەففا ئەيلەدى.

ئىبىراھىم ئىمام بىرىنچى نۆۋەتتە ساھىبۇددە ئىۋەت ئەبۇ مىسلىمنى خۇراسانغە ئىبەردى، ئىبراھىم ئىمامنىڭ بۇ كىشىگە قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى مۇنداق بولدى: ئەگەر سىزنىڭ چاقىرىقىڭىز خالايىقلار ئىچىدە جارى بولۇپ، ھەممە مەقسىتىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىنىپ ھەل بولۇشنى خالىسىڭىز، ئۆزىڭىز يامان دەپ گۇمان قىلغان ئادەم ۋە ئىشلارنى يوقىتىشقا تىرىشىڭ. پادشاھلار ئۈچۈن مۇھىم بولغان ھوزمەلەردىن بىرى شۇكى، گۇمانلىق ئادەملەرنى ئۆز مەملىكىتىدىن دەرھال يوقىتىش، مۇنداق ھېكمەت مىسالدۇر:

قايۇ كىشىدىن كۆڭۈلدۇر گەرىزان،
كۆتەرگىل تېزراق ئانى ئارادىن.

سۇلامىيىنىڭ تارىخىدا شۇنداق يېزىلىپتۇ: شىرۇيەنىڭ ئوغلى ئەسقار دەي مەملىكىتىنى مۇسەخخەر قىلىشنى قەستلەپ، قوشۇن باشلاپ ھەمەدانغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە ئۇ ئەبۇجەئفەر سەمىنانىنى ئۆلتۈرۈشكە ھەممىدىن بەك قىزىقىپ قالدى. بۇ ۋەھىمىنى ئاڭلىغان ئەبۇجەئفەر تولىمۇ قورقۇپ، بىئارام بولدى.
ئەبۇجەئفەرنىڭ بىر مۇستەھكەم قەلئەسى بولۇپ، دەرھال شۇنىڭغا مۇداپىئەلەندى. ئەسقار دەي ۋىلايىتىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ۋەيلەمىي دېگەن بىر ئەمىرنى كۆپ لەشكەر بىلەن بۇ قەلئەگە ئىبەردى. ۋەيلەمىي بېھەد تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ

باققان بولسىمۇ، لېكىن قەلئەنى ئالالمىدى. ۋەيلەمىي ئاخىر سۇلھى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى، سۇلھىنىڭ مەسلىھەتى مۇنداق پىلانلاندى: ئەبۇ جەئفەر سۇلھىنى قوبۇل قىلىپ، زىياپەت تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ ۋەيلەمىينى چاقىرىدۇ، چاقىرىققا بىنائەن ۋەيلەمىي لەشكەر باشلىقلىرى بىلەن قەلئەگە كىرىپ، زىياپەت ئۈستىدە ئەبۇ جەئفەرنىڭ پۇتىغا ئاغرىق تېگىپ ماڭالماي، ئەتراپىغا خەندەك كولانغان بىر داق ئۈستىدە ئولتۇراتتى. بۇ خەندەكلەرنىڭ بەزى جايلىرىدا قەلئەنىڭ سىرتىغا چىقىدىغان يوشۇرۇن يوللارمۇ بار ئىدى. ۋەيلەمىي مۇشۇ راۋاققا كەلتۈرۈلۈپ، زىياپەت بېرىلدى. ئۇلار زىياپەتنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھەرخىل ئىشلار، ھادىسىلەر ئۈستىدە پاراڭلاشتى، بىر پەستىن كېيىن ۋەيلەمىي ئەبۇجەئفەرگە دېدى:

— سىز ئۆزىنى خالىي قىلسىڭىز، مېنىڭ سىزگە مەملىكەتنىڭ مەخپىي سىرلىرىدىن ئېيتماقچى بولغان سۆزلىرىم بار.

ئەبۇ جەئفەر ئۆز يېنىدىكى خاسلەرنى قايتۇردى، لېكىن بىر كىچىك غۇلام قېپقالدى، ۋەيلەمىي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكلەرنى تاقاپ، خەنجەر تارتىپ ئەبۇجەئفەرنى ئۆلتۈردى، بۇ تاسادىپىينى كۆرگەن غۇلام قورقۇنچتىن بىھوش بولۇپ يىقىلىپ قالدى. ئاۋازىنى چىقىرىشقىمۇ پېتىنالمىدى، ئاندىن ۋەيلەمىي ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا تىقىپ ساقلىغان بىر يىپەك كىمەننى راۋاق تاۋىدانلارنىڭ ۋە دەرىجىلىرىنىڭ ئاغزىغا بېكىتىپ، شۇ كەمەن ئارقىلىق خەندەك لېۋىگە چۈشۈپ، خۇپىيانە يول بىلەن مېڭىپ قەلئە سىرتىغا چىقتى ـ دە، ئۆز لەشكەرلىرىگە قوشۇلدى. ئەگەر



www.uyghurkitap.com

ئەبۇجەئفەر ھوزمىنى قوللىنىپ، پىلانلىق ئىش قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە دۈشمەن بىلەن خىلۋەت قالماس ئىدى. دۈشمەننى ئۆنى ئۆلتۈرۈشكە قەست تاپالماس ئىدى. تارىختا مۇنداق ھېكايەتلەر ۋە ھادىساتلار ناھايىتى كۆپ. تولا كىشىلەر ئېھتىيات ئارغامچىسىنى تۇتالمايدۇ، بىپەرۋالىق قىلىدۇ، ئاخىرى زىيان تارتىپ نىستىۋ - نابۇت بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كىشىلەر بىلسۇنكىم ئىنسانغا ھەر بالالار غەپلەت ۋە بىپەرۋالىقتىن كېلىدۇ.

بېيىت:

ھوزمىنى پىشە ئەيلەكىم غەبلەت يولىدۇر پۇرخەتەر،
ئېھتىيات ئەيلەپ قەدەم قوي كىم بار ئاندە سەۋرۇ - شەر.
ياغسا گەر يامغۇر خىيالىڭدا كۆچۈرگىل مۇنى كىم،
يەتكۈسىدۇر سەل ئۆيۈڭغە ئەيلىگىن ئاندىن ھەزەر.
بولمىغىل غەپلەتتە تەرك ئەتمىگىل ھوزمىڭنى كىم،
ھوزمىدۇر دەۋرانە بالاسى ئوقىغە مەھكەم سۇفەر.
ھەر كىشىكىم دۇربىنىۇ ئاقىبەت ئەندىشەدۇر،
بولغۇسى ئەلۋەتتە ئول دائىم ئۆزىدىن باخەبەر.
بولسا ئۆزدى باخەبەر ئەنىڭ نەھالى دەۋلەتى،
دائىما بولغاي مۇرادى باغى ئىچرە بارىۋەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## شىجائەت توغرىسىدا

شىجائەت قورقۇنچاقلىق بىلەن چوڭ يۈرەكلىك ئارىسىدىكى ئوتتۇرا هال دەرىجىدە ئىپادىلىنىدىغان بىرخىل قۇۋۋەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت ئەخلاقىدىكى بارلىق ئارتۇقچىلىقلارنىڭ ئانىسىدۇر. مانا مۇشۇنداق ئالىي سۈپەت بولغان شىجائەت توغرىسىدا قۇرئانى كەرىمدە «ئىننەللاهە يۇهىببۇششۇجائ» (ئاللا تائالا شىجائەتلىك كىشىلەرنى دوست تۇتىدۇ) دېگەن ئايەت نازىل بولغاندۇر. هەدىستە «شىجائەتلىك كىشىلەرنى مۇبارەك بىلىڭلار، چۈنكى ئۇلار ئۆز پەرۋەردىگارىدىن ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىدىغان كىشىلەردۇر» دەپ كەلتۈرۈلىدۇ.

جەڭ كۈنىدە يۈرەكسىزلەر قېچىشقا يۈزلىنىدۇ، يۈرەكلىك كىشىلەر ئاللانىڭ پەزلى ـ رەهمىتىگە تايىنىدۇ. بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام ئۆز زاتىنى شىجائەتكە نىسبەت بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: «رىزقى پىتەهتى زىللى رۇمهى» (مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسىدىدۇر). پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزىدە كۆزدە تۇتقان مەقسەتلىرى ئۆز سەپداشلىرىنى ئۇرۇش ۋاقتىدا جەڭ قوراللىرىنى جۈرئەت بىلەن ئىشلىتىشكە، جەڭ ۋەجىلىرىنى ئۆزىگە مۇهىم بىلىشكە قىزىقتۇرۇش ئىدى.

بېيت:

ئالغۇسى ھەركىم شىجائ ئۆلسە جەھا،
كەلمەدى بىيدىل قولىدىن ھېچ كار.
ھەر كىشى جەڭ ئىچرە جۇرئەت كۆرگۈزۈر،
ئۆزىنى قىلغاي تەختى ئۆزرە تاجىدار.

خالىد (ۋەلىنىڭ ئوغلى) ئىسلام لەشكەرى ئىچىدە مەئىرۇپ ـ مەشھۇر كىشى ئىدى. ئول كىشىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ دۇنيادىن كېتىش ۋاقتىدا ئۆزىگە قاتتىق ئېچىنغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت ياشلىرىنى تۆكۈپ: «مەن كۆپلىگەن جەڭ سەپلىرىنى ئوشاتتىم، نۇرغۇن ئۇرۇش مەيدانلىرىدا شىجائەت كۆرسەتتىم، بىغايەت تىخ ـ جاراھەتلەرنى، نەھايەت نەيزە ـ ئوقلارنىڭ ئەلەملىرىنى كۆتۈردۇم، ھازىر ئەمدى مەن قېرى خوتۇنلاردەك تۆشەك ئۈستىدە دۇنيادىن كېتەر بولدۇم. ماڭا يەتكەن بۇ ئەجەلگە چارە يوق، ئۈمىدىم بۇ ئېرىز جانىمنى نىكىنامىلىق باھاسىغا بېرىپ، شېھىدلىق بەخت ـ سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، دۇنيادىن شەرەپ بىلەن كېتىپ، شېھىتلەرنىڭ سائادەت ئەبەدىيەسىنى قولغا كەلتۈرگەن بولسام دەپ يىغلىغانىدى. بۇ سۆزنىڭ يەتكۈزمەكچى بولغان ھەقىقىتى شۇكى، يۈرەكسىز ئادەملەر قېچىشنى جاننى قوغداش ئۈچۈن دەپ بىلىدۇ، لېكىن بۇ كەچ خىيال ۋە باتىل تەسەۋۋۇر بولۇپ، باتۇرلۇقنى قاتىل كېلىدۇ. يۈرەكلىكلىك — دۈشمەنلەرنىڭ چىشلىرىنى سۇغۇرۇۋالايدۇ. يۈرەكسىزلىك دۈشمەنلەرنى ئەركىلەندۈرۈپ قويىدۇ، شۇنداق بولغانلىقتىن، يۈرەكسىزلەرنىڭ كۆپى خەنجەر بىسىدا ئۆلىدۇ.

شىجائەتلىك كىشىلەر بولسا، تولا چاغلاردا ھالاكەت تورلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن چىقىپ كېتەلەيدۇ.

ھەر كىشىكىم جەڭدە قورقۇنچاق بىدىل ئىرۇر،
بىلكى دۈشمەن قولىدا جانى ئول ئەرگە بىرۇر.
رەزمى ئىچرە ئىرانلەر قاشىدە قىل جۇرئەتى،
تاكى خەلق ئىچرە ئىرەنلىك بىرلە تاپغىل شۆھرەتى.

پادىشاھلاردىن بىرى جەڭ مەيدانىدا پەھلىۋانلىرىغا:
— ئى يارەنلەر، بۇ كۈن ئىمتىھان كۈنىدۇر، ھەربىر مەئرىكەسى ۋە ئىرانلەرنىڭ كۆرگەزمىسىدۇر. ئەگەر بىر كىشى جۇرئەت - شىجائەت بابىدا خالىس بولۇپ، ئالتۇنغا ئوخشاش ساپ بولسا، جەڭدىن سالامەت قايتىپ چىقىشى مۇمكىن، ئەگەر قورقۇنچ داشقىلى ئارىلىشىپ قالسا، ئۇنىڭ ساق قېلىشىدىن ئۇمىد ئاز.

شىجائەتلىك ئەرلەرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئول كىشىلەر ئۆزلىرىنى ھەمىشە ئۇلۇغ ۋە قىيىن ئىشلارغا بېغىشلايدۇ. ئۆز خاھىشىنى نى - نى ئەلەم يۈكلىرىنى كۆتۈرۈشكە كۆندۈرىدۇ. ئۇلار ئۆز ئەجرى - پاكلىقى بىلەن بۈيۈك سەردارلىق دەرىجىسىگە تەرەققىي قىلىدۇ.

پارچە:

كېرەك بىزگە شىجائەت بىرلا شۆھرەت،
كى ئەنىڭدىن كىشى تاپقاي شاراپەت.
ئەر ئۆلدۈركىم ئۆزىنى مەشھۇر ئەتكەي،
كى شۆھرەت تېپىلىپ جان كەتسە كەتكەي.

ئەپراسىياپ ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھەمىشە ئۆلمەككە ئارزۇلۇق بولۇڭلار، ئاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلەيسىلەر، جانىڭلارنى ئۆلۈمگە چاقىرىڭلار، ئاندىن دۆلەت ۋە ئىززەت سەرمايىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيسىلەر دەيتتى. ئىنسان ئۇچۇن ئۆلۈغلۇق ئىككى نەرسىدە بولىدۇ (ياكى ياخشى نام ۋە ئات بىلەن ئۆلۈشتە ياكى خالايىققا مەقبۇل بولۇپ ئۆمۈر كۆرۈشتە بولغاي).

پارچە:

ئەگەر تۇتسا ئۆلۈمنى ھەر كىشى خار،
شىجائەت بىرلە بولغاي ئالىي مىقدار.
كىشىكىم جاننى تۇتسا مۇئەززەز،
جاھاندا بولماغايدۇر تۆرپە ـ دىشۋار.

ھەزرىتى ئەلى جەڭ ۋاقتىدا ئۆزىنى دۈشمەن سېپىگە خۇددى پەرۋانىدەك ئۇراتتى. قايسى تەرەپتە دۈشمەن كۆپ بولسا، شۇ تەرەپكە يۈزلىنەتتى. دىلاۋەرلىك بىلەن جەڭ يولىغا كىرەتتى. ئۆز ھاياتىدىن قىلچە غەم قىلمايتتى، بىر كىشى ئۇنىڭدىن:

— ئى ئەمىر، سىز جەڭ ۋاقتىدا ئەجەپمۇ شىجائەت كۆرسىتىسىز، ئۆز ھاياتىڭىز توغرىسىدا قىلچىمۇ پەرۋا قىلمايسىز؟ — دەپ سورىغاندا، ئول زات:

— مەن ئەجەل يەتكەن ۋاقتىدا ھەزەر قىلىشنىڭ ھېچقانداق سۇد بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۆلۈم ھۆكۈمى قازا ھاكىمىدىن سادىر بولمىغاندا، ماڭا بۇ جۇرئەتنىڭ ھېچبىر زىيان قىلمايدىغانلىقىنى ھەم بىلىمەن، — دەپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئېيتتى:

«لايۇقى مىنەل مەۋتى ئىن ئەپەر،
يەۋمە يۇ قەددىرۇ ۋە يەۋ مەلەم يۇقەددەر،
يەۋمەلايۇ قەددەر لايە ئىستىلقەزا،
يەۋمەيۇ قەددەر ۋەلا يۇغنىل ھەزەر».

(ئۆلۈمدىن قېچىش مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ، ۋاھالەنكى، ماڭا ئۆلۈم بەلگىلەنمىگەن كۈندە ئۆلۈم ماڭا تەقدىر قىلىنماس، ئۆلۈم ھەم ماڭا يەتمەس. ماڭا ئۆلۈم تەقدىر قىلىنغان كۈندە قېچىشنىڭ ھېچبىر سۈدى بولماس) «لايۇقى»، «ۋەلايۇغنى» كەلىمەلىرىدە مەيئۇلۇنە بىھ تاشلىنىدۇ. «ئەپەر» كەلىمەسىنىڭ ئاخىرىنىڭ ساكىن بولۇشى قاپىيىنىڭ رىئايەسى ئۈچۈندۇر.

«يۇ قەددىرۇ» ۋە «لەم يۇ قەددىرۇ»، «لايۇ قەددىرۇ» ۋە «يۇ قەددىرۇ» كەلىمەلىرىدە مەيئۇل مالەم يۇ سەممە پائىل زەمىرى مۇستەتىر بولۇپ، «مەۋت» (ئۆلۈم) غا قايتىدۇ. بۇ كەلىمەلەرنىڭ مىسرالىرىدا مۇسبەت ۋە مەنپىلىقى تەرتىپ بىلەن بولماستىن، لەپپى نەشرى مۇشەۋۋەش بولۇپ كېلىشى شېئىر ۋەزنىگە ۋە قاپىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلغانلىقتىن بولۇشى مۇمكىن.

ئاندىن باشقا بۇ كەلىمە مازى مۇزارىئ نۇسخىسىدا كېلىشىنىڭ سەۋەبى ئاللا سۇبھانە ھۇۋەتەئاللانىڭ تەقدىرات سۇپەتلىرىدىن ئۇ بىر زاماندە مۇبەررادۇر. شۇل سەۋەبتىن مەجازەن بەزى ھال، بەزى ئىستىقبال زامانلىرى بىلەن ئىبارەت كەلتۈرۈلدى، بۇ بېيىتلارنى بۇرۇنقى ئالىملار مۇشۇ خۇسۇستا پارسچە زابان بىلەن ئېيتقان بولسىمۇ، بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى بايان قىلىمىز.

رۇبائى:

ھەزەر قىلماق ئۆلۈمدىن بۇ ئىككى كۈن ئىچرە سۇد ئەتمەس،
ئوشۇل كۈنكىم قازا يەتكەي، ئوشۇل كۈنكىم قازا يەتمەس.
ئوشۇل كۈنكىم قازا يەتسە بۇ كۈشىش بەرمەگەي سۇدى،
ئوشۇل كۈنكىم قازا يەتمەس ھاياتىڭ ئورنىدىن كەتمەس.

بۇ سۆزنىڭ ھەقىقىتى — ئەگەر بىر كىشى جان كۈيىدىن كەچمىسە، جەڭ كۈنى ئۇنداق كىشىدىن باشقىلارنى خۇشال قىلغۇدەك بىرەر نەتىجە، ھېكايە قىلغۇدەك بىرەر خىزمەت مەيدانغا چىقمايدۇ.

تاكى كۆڭلۈڭ جانغا باغلىق دۇرۇر جا جىسمىغە،
ئۆز كانارىڭدا قاچا يەتكۈندۇرۇر مەقسۇدىڭغە.

ھەبەش لەشكەرلىرى يەمەنگە تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالدى، سەيپى زۇل يەزنى (پادىشاھ) مەغلۇپ بولۇپ، ئۇ يەرنى تاشلاپ قېچىپ، جىلايى ۋەتەن بولۇپ، نوشىرۋاننىڭ پاناھىغا باردى. يەمەن شاھى ئۇنىڭدىن ياردەم سورىغانىدى، ئۇنىڭغا ئۆز تۈرمىسىدىكى ئوغرى ـ قاراقچى ۋە تۈرلۈك بۇزغۇنچىلاردىن بىر مىڭ 800 نەپەر كىشىنى چىقىرىپ قوراللاندۇرۇپ، سەيپىنىڭ ياردىمى ئۈچۈن بەردى. سەيپ بۇلارنى ئېلىپ بىر كېمىگە چۈشۈپ، دەريادىن ئۆتتى. قوشۇن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن كېمە چېقىلدى، ئېلىپ كېلىنگەن بارلىق ئاش ـ ئوزۇقلار دەرياغا تۆكۈلدى، سەيپ ئۇلارغا جاكارلىدى:
— ئى يارەنلەر، بىز ھازىر يەمەن مەملىكىتىگە ياكى بىزگە

تاجاۋۇز قىلىپ كىرگە دۈشمەن ئۈستىگە كەلدۇق. ئەمدى بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇرۇش قىلىش، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرىدىغان ئىشلار: بىرى، غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەنلەرنى يېڭىپ غەلىبە قىلىش ياكى دۈشمەن قولىدا مەغلۇپ بولۇپ تۇگۇشۇش، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ئوبدان پىكىر قىلىپ ئويلاپ كۆرۈڭلار.

ئوغرىلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى، قايتىپ كېتىشكە ئاش، ئوزۇق يوق، كېمىلەر تېخى سۇنۇق، نائىلاج ھەممەيلەن جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ناھايىتى زور تىرىشچانلىق ۋە شىجائەت يىغىپ ئۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئازغىنە ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن ھەبەش لەشكەرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۈشمەننى چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. خۇلاسە ئېيتىمىزكى، جەڭگە كىرگەن ھەرقانداق كىشى كۆڭلىنى ۋەھىمە تەرىپىگە ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك. باھادىرلىق بابىدا ئاجايىپ داڭ ئالغان پالۋان رۇستەمى داستان «كېسەللىك ياتىقىدا يېتىپ ئۆلۈشتىن كۆرە، جەڭ ئۈستىدە دۈشمەندىن مىڭ زەخمى ـ جاراھەت يېيىشنى ئەۋزەل تۇتىمەن» دېگەندى.

بېيىت:

خۇشىدۇرۇركى ياخشى ئات بىرلە ئۆلۈم يەتسە بىھەم،
ئېيىلىپ ياخشى لەقەب جان بەرسە بولماس ھېچ غەم.

قەدىمكى پادىشاھلار ئىچىدىن جۇرئەت ـ شىجائەتتە ئۈستۈن بولغانلىرى، مۇشەققەت يۈكىنى كۆتۈرۈشتە تاقەت كۆرسەتكەنلىرى مەقسەت مەنزىللىرىغە تېز يېتىپ باردى، مۇرات چىرايىنى مەقسەت ئائىنەسىدە كۆڭلى خالىغاندەك ھالدا

كۆرەلىدى.

ئەمرى لەيسنىڭ دۆلىتى تازا تەرەققىي قىلغان بىر زاماندا پادىشاھىنىڭ نىيىتىگە خوراسان ئېلىنى بويسۇندۇرۇپ ئېلىش خىيالى پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇپ جەڭگە ھازىر قىلدى. ئۇرۇشقا شۇنداق سەپەرۋەر قىلىندىكى، تامامى كىشىلەر، ھەتتا ئەمىرلەر ـ ئەمەلدارلارمۇ تولۇق تەييارلاندى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئاراغا مۇنەججىملار كېلىپ قالدى ـ دە، مۇنداق دېدى: ھازىرقى مۇشۇ سائەتلىك ۋاقىتنىڭ يۇلتۇز ئېقىمىنى كۆزىتىشىمىزچە، مەزكۇر سائەت نەھس ۋاقىت ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرچە توختاپ، يەنە سەككىز سائەتتىن كېيىن يولغا چىقساڭلار دەل ياخشى سائەتتە ماڭغان بولىسىلەر.

بۇنى ئاڭلىغان ئەمرى لەيس ئۇستىدىكى تۆمۈر كىيىملىرى بىلەن بىر تامنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇردى. ھاۋا ئىنتايىن قىزىپ كەتكەن بولۇپ، شۇنچە قىزىق ھاۋادا تۆمۈر كىيىملەر بىلەن تامدا تۇرۇۋاتقان پادىشاھنى كۆرگەن ئەركانلار ئۇنىڭدىكى غايەت زور شىجائەتكە ھەيران بولدى. ئۇلار پادىشاھتىن: ئى پادىشاھ، سىزنىڭ مۇنچە ئىسسىق ھاۋادا تۆمۈر كىيىملەر بىلەن ئۇزاق تۇرۇشىڭىزغا نېمە سەۋەبتۇر؟ دەپ سوراشتى. پادىشاھ ئۇلارغا: بىزنىڭ ئالدىمىزغا چوڭ بىر ئىش توغرا كەلدى، بۇنىڭغا نازۇك تەن بىلەن قەدەم قويماق مۇمكىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنى بۇ ئىسسىق ھاۋادا ئېغىر كىيىملەر بىلەن، تاقىتىم بارمۇ ـ يوق، ئىمتىھان قىلىپ كۆردۈم. ھازىر ئۆز نەپسىمنىڭ بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلدىم، ئەمدى ھەممىيلەن بىلىڭلاركى، مەقسەت قولغا كېلىدىغا بولدى دېدى، ئەمرى لەيس

دۆلەت تەلپىدە ئەنە شۇنداق شىجائەت ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىستىقبال يولىدا ئاسانلىقلار ياراتتى.

بېيىت:

كىشىكىم تاشلىسا نازۇ ـ نەنە ئىئوم بىرلە راھەتى،
قىلۇر پەرۋەردىگارى ئۇنى ئالەم ئەھلىگە سەرۋەر.
چىمەندە شانلىق رەسمىنى گۈل ياخشى بىلۇر چۈنكىم،
بۇ رەڭ نازۇكلۇقى بىرلە تىكەدىن ئەيلەدى بەستەر.

پادىشاھ يەئقۇب لەئىس بىر كۈنى سۇخەندان يىگىتلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىپتۇ، سۆھبەتتە ھەر بابىدىن يېڭى ـ يېڭى ئاجايىپ سۆزلەر تۆكۈلۈپتۇ. بۇ چاغلار تېخى يەئقۇب لەئىسنىڭ مەردى ـ مەردانىلىك بايرىقىنى كۆتەرمىگەن، مەملىكەتنىڭ تەلەپلىرىگە كۆڭۈل قويمىغان چاغلىرى ئىدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قىلغان سۆزلىرى: بىرى، ھەممە كىيىملەرنىڭ نەپىسى ـ خىتاي ئەتلەسى دەيتتى. يەنە بىرى: بارلىق تاجلەرنىڭ زەربىراقى — رۇمنىڭ تاجىسى؛ ئۈچىنچىسى، ھەممە جاي ۋە ئورۇنلارنىڭ ياخشىراقى گۈل ۋە رەيھانلىق باغ دېدى، تۆتىنچىسى، ھەممە شارابلارنىڭ ئېسىلى كونا ھاراق دېدى. بەشىنچىسى، سايىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تال سايىسى دېدى. ئالتىنچىسى، ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئۇدنىڭ نەغمىسى دېدى. ئاندىن يەتتىنچىسى ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس بولۇشقا ئەڭ چىرايلىق قىز ـ چوكانلار ئايال ـ خانۇنلار دېدى، ئاندىن سۆھبەت يەئقۇب لەئىسكە كەلدى، ھەممىسى يەئقۇبكە قاراشتى ۋە سىزمۇ ھەم ئۆز كۆڭلىڭىزدە ئويلىغانلىرىڭىزنى ئېيتىڭ دېدى، بۇ چاغدا يەئقۇب لەئىس:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— كىيىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى زىررە (تۆمۈر كىيىم) دۇر. تاجلەرنىڭ ئەڭ مەھبۇبراقى دوبۇلغا (جەڭ كۈنى مەردانىلار بېشىغا كىيىدىغا كىيىم)، ھەممە مەنزىل جايلارنىڭ ياخشىراقى جەڭ مەيدانى، شارابلارنىڭ ئېسىلراقى دۈشمەن؛ سايەلەرنىڭ ئەڭ مەرغۇپى نەيزە سايىسى، ئاۋازلارنىڭ بەلەنراقى ئاتنىڭ كىشنىشى، ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس بولىدىغانلارنىڭ ئەڭ لايىقراقى جەڭ كۈنىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان، شىجائەتلىك مەردانىلەر، — دېدى.

ھەزرىتى ئەلى كەررەموللاھۇ ۋەجھۇنىڭ ئەشئارلىرىدە:

«ئەسسەيپۇ ۋەل خەنجەر رەيھانۇنا،
ئۇپپىن ئەلەننەر جگسى ۋەل ئەلەسى،
شەرابۇ نامىن دەمى ئەئدائىنا،
ۋەلكە ئىسۇمىن جىم جىمە تەررەئىسى.

دەپ كەلتۇرۇلىدۇ. بۇ بېيىتنىڭ مەزمۇنى مۇسەننىپ فارسى تىلىدا نەزىم قىلغانىدى. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى بايان قىلىمىز:

گۈلى ـ رەيھانىمىز دۇر تىغى خەنجەر،
كېرەكمەسدۇر گۈلى كاسىن بىلەن نەرگەس.
شارابىمىز تېخى دۈشمەن قېنىدۇر،
كى باشى كاسەسى جام ئۆلسەدۇر بەس.

شۇنىڭ ئۈچۈن پادشاھلارنىڭ زەرب نەيزىسىنىڭ ئۇچى خۇددى ئوغرىنىڭ جان بىساتلىرىغا رەھىمسىزلىك بىلەن

قادالغىنىغا ئوخشاش، دۈشمەننىڭ سىتەمىگە داۋاملىق نەقەپ ئۇرۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۆتكۈر قىلىچلىرى ئەيىبلىرىنىڭ جان گۆھەرنىڭ قەستىنى قىلىپ، بەدەن سىپىللىرىدىن بېشى چىقىرىشى كېرەك.

پادىشاھنىڭ ئۆزى يۈرەكلىك بولسا، ئۇرۇش ئۈستىدە لەشكەرلەرنىڭ جۈرئىتى ئارتۇق بولىدۇ، بىدىل (يۈرەكسىز) پادىشاھقا جاھانگىرلىك دۆلىتى مۇيەسسەر بولمايدۇ.

«ئەسائىھل مەلەكۇت» دېگەن كىتابتا مۇنداق ئىبسىل ھېكمەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

«ئەدەپسىز ياش خۇددى گۈلى يوق بوستانغا ئوخشايدۇ، ھەقنى تونۇمايدىغان دەرۋىش بولسا، گوياكى كۆرمەيدىغان كۆزگە ئوخشايدۇ. ھاياسىز ساھىبجامال تۇزسىز تائامغا ئوخشايدۇ، ديانەتسىز ئالىم بولسا يۈگەنسىز ئاتقا ئوخشايدۇ، ساخاۋىتى يوق باي - يامغۇرى يوق بۇلۇتقا، مېۋىسى يوق دەرەخكە ئوخشايدۇ. قورقۇنچاق سىپاھلار سەرمايىسى يوق سودىگەرگە ئوخشاشدۇر.»

ئەرەب پادىشاھلىرىدىن بىرىگە بىر كۈنى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش توغرا كەلدى، ئۇرۇش ۋاقتى يېتىپ كېلىپ، ئىككى لەشكىرى قوشۇن بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش سەپلىرىگە تىزىلدى، ئاردا ئەمىرلەردىن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ پادىشاھتىن سورىدى:

— ئى پادىشاھ، جەڭ ئىشى غەلىبە قازىنىپ نۇسرەت تېپىش بىلەن، مەغلۇپ بولۇپ يېڭىلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشتۇر.

ئەگەر بىزلەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ يېڭىلسەك، بۇ چاغدا بىز سىزنى ئىزدىسەك، نەدىن تاپىمىز؟

پادىشاھ بۇ سۆزلەردىن قاتتىق غەزەپلەندى، ئاندىن:



www.uyghurkitap.com

— ئەگەر مېنى قاچقان، دېگەن گۇمان بىلەن ئىزدەيدىغان كىشى ئالالاتائالانىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولسۇن، لېكىن دۈشمەنلەر غالىبىيەتكە ئېرىشىپ، بىزلەر يېڭىلسەك، مېنىڭ باشمنى ئاتلارنىڭ ئاياغىدىن ئىزدىسەڭلار بولىدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلىشتىن مەقسىتى ياكى غالىپ بولىمەن ياكى تىغ زەخمىدىن ئۆلىمەن دېمەكچى بولماقتۇر.

بېيىت:

ياكى چىققۇم چەرخ ئۇستىگە بەلەن،
تا ئاياغ ئاستىدە بولغۇم سەرپەگەن.

ئۇ پادىشاھ ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، دۈشمەن قوشۇنلىرىغا خۇددى شېئىرى غەرراندەك ھەملە قىلاتتى. شەمشەر بۇلۇتىدىن دۈشمەن باشلىرىغا ئۆلۈم يامغۇرىنى ياغدۇراتتى.

ئاپتاپ چۈش ۋاقتى بولۇپ، ھاۋامۇ قاتتىق قىزىپ كەتتى، مۇبارىزلەرنىڭ سىنەلىرىگە ھارارەت دەپتى قاتتىق ئۇرۇلماقتىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن لەبلەر قۇرۇپ كەتكەن، چىرايلىرىغا جەڭ غۇبارلىرى ئورنىغانىدى. دەل شۇ پەيتتە پادىشاھنىڭ خاسلەرىدىن بىرى ئات چاپتۇرۇپ، سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى ـ دە:

— ئەيىۇھەلمەلىك، ئۇسسىغاندۇرسىز، بىر ئاز توختاپ بۇ سۇدىن بىر ئاز ئىچىۋالسىڭىز، — دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا قاراپ:

— مېنىڭ بۇ تىغىم مەندىنمۇ كۆپ ئۇسسۇغاندۇر، قىلىچىم ئەگەر دۈشمەن قېنىدىن سىراپ بولمىسا، مەن ھەم تەشنەلىكىمگە تەسكىن بەرمەسمەن دېدى. ئۇنىڭ مۇستەھكەم

پىلانى، ئۇلۇغۋار شىجائىتىنىڭ بەرىكىتىدىن ئاللا تائالا ئۇنىڭغا دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كېلىش نۇسرىتىنى بەردى.
بېيىت:

كىشىگە ھەق تائالا بولسا ياۋەر،
ئاڭا كىم دۈركى تا بولغاي بەرابەر.

پادىشاھ ئىسكەندەردىن كىشىلەر: «شىجائەتلىك پادىشاھنىڭ بەلگىسى نېمە؟» دەپ سوراشتى، ئىسكەندەر ئۇلارغا:
— دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ سىنىقىدىن قورقماسلىق، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرۇن كۆزىتىپمۇ ئولتۇرماسلىق، بەلكى مەردانىلىق بىلەن جەڭگە كىرىشتۇر دەپ جاۋاب بەردى.
بېيىت:

ئەگەر شەمشەرى ھىندى ئالسە ئىلكىگە،
پەردىشانلىق بىرۇر دۈشمەن سىپىغە.
گەر ئالسە نەيزە، گۇرزە، گەرانى،
جەھان خەلقىغە تۈشكەي قوزغۇلاڭى.

بىر كۈنى نۇشىرۋان بوزۇر جۇمھۇردىن سورىدى:
— شۇجائەت دېگەن نېمە؟
بۇزۇر جۇمھۇر:
— كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن نۇشىرۋان:
— نېمە ئۈچۈن قولنىڭ قۇۋۋىتى دەپ جاۋاب بەرمەيسىز؟ — دەپ سورىدى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تادرىسى

ھېكىم:

— ئەگەر كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتى بولمىسا، قولدا قاچان قۇۋۋەت بولىدۇ؟ — دېدى.

مەن بۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم، بۇرۇن ئۆتكەن مۇبارىزلەر ئىچىدە ناھايىتى داڭلىق بىرسى بولۇپ، ئۇ ياش جەھەتتە قېرىپ ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى كۈچلۈك ۋە غەيرەتلىك ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئاتلانماقچى بولۇۋېدى، ئىككى كىشى ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇرۇپ قويىدى، توساتتىن بىر بىئەدەپ بۇنى كۆرۈپ بۇنىڭغا تەئنە تىلىنى ئۇزارتتى ۋە بۇ قېرى پىر ھەر ئاتلاماقچى بولسا، ئىككى كىشىنى ئىشلىتىدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ بۇنداق شىجائەتنىڭ قانچىلىك نەتىجىسى بولسۇن؟ — دېدى. پىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— ئارى، شۇنداق، ماڭا ئاتلىنىش ۋاقتىمدا ئىككى كىشى كېرەك بولىدۇ. ئەمما ئاتلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈرۈشكە مىڭ كىشى كېرەك، — دېدى. نۇشىرۋان ھېكىمنىڭ بۇ سۆزىگە تەسلىم دىل بولدى. ھەم:

— سىز راست ئېيتتىڭىز، قولنىڭ قۇۋۋىتى كۆڭۈلنىڭ قۇۋۋىتىگە تابىئە ۋە ھەم بويسۇنغۇچى بولىدۇ، — دېدى.

گەر كۆڭۈل قۇۋۋەتلىك ئولسا، ئولغۇسى بازۇ قەدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان چوڭ جاھانگىر بولۇشنى قەستلەپ ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئەرەستۇ ھېكىمنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئېيتتى.

— ئېي ھېكىم، مەن بۇ مەيدانغا قەدەم قويدۇم، بۇ مۇھىمنى ئۆز ئالدىمغا ئالدىم. بۇ ئىشتا ئەلۋەتتە ماڭا دوستلار ۋە دۈشمەنلەر پەيدا بولىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟

ئارەستۇ ھېكىم بۇنى ئاڭلاپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ئەسلى قائىدە بويىچە ئىش قىلماقچى بولسىڭىز، دۈشمەننى ئۆزۈڭغا قەدەر قالدۇرماڭ ھەم ئۆزىڭىزگە دۈشمەننى كۆپەيتمەڭ. دوستلارنى خارلىماڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭ، ئەگەر سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا بىرەر دۈشمەن كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇمكىنقەدەر شەپقەت ۋە دىل نەۋازلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. بۇنداق قىلغانلارنىڭ دۈشمىنى تولا ھاللاردا دوستىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. دوستلارنىڭ كۆڭلىگە دائىم ئىكرام لازىم بولۇپ تۇرىدۇ، دوستلارنىڭ دىل ئېرىقىغە ئىززەت سۈيى بىلەن يېتىپ بارسا، دوستلاردا ئەقىل كۆچىيىپ بارىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر:

— تېخىمۇ ئوچۇقراق ئىزاھلاپ بەرسىڭىز، — دېدى.

ھېكىم:

— دۈشمەن گەرچە ئىقتىدار جەھەتتىن ئاجىز، سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەرگىز غاپىل بولماڭ، لەشكىرىڭىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ھەرگىز ئۇلارنىڭ كۆپلىكىگە ئىشىنىپ كەتمەڭ، ئەگەر كۆز ئالدىڭىزدىكى مۇھىم ئىشلىرىڭىز يۇمشاقلىق بىلەن ھەل بولىدىغاندەك بولسا، خەنجەرنى غىلاپتىن چىقارماڭ، — دەپ ئىزاھلىدى.

ئىسكەندەر:

— ئەگەر مېنىڭ ئىشىم دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشقا توغرا

كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇنىڭغا قانداق قەدەم قويۇشىم كېرەك، ــ دېدى. ھېكىم:

ــ جەڭ ۋاقتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى ھالەتتىن تاشقىرى ئەمەس، ياكى سىز باشقىلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۇستىگە بارىسىز ياكى باشقىلار سىزنىڭ ئۇستىڭىزگە كېلىدۇ، ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۇستىگە ئۇرۇشماقچى بولۇپ بارسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز تۆۋەندىكى ئون تۆرلۈك شەرتكە تولۇق رىئايە قىلىسىز.

بىرىنچى، شۇ جەڭ غەلىبىسىدىن كۆزدە تۇتقان مەقسىتىڭىز خەيرى ۋە سالاھىتىن باشقا نەرسە بولمىسۇن، بارلىق مەتلۇبىڭىز ھەق دىنىگە راۋاج بېرىش، زالىملارنى، بۇزۇقلارنى، ئەلىي پىتنىلەرنى ئالەم سەھنىسىدىن يوق قىلىش بولسۇن.

ئىككىنچى، ھەقىقەتئالانىڭ دەرگاھىغا ۋە رەھمەتىگە يۈزلەشتۇرۇش، ئاللادىن ياردەم ۋە مەدەت تىلەش، ياخشى دۇئالارنى، سەدىقىلەرنى كۆپ قىلىشقا تىرىشىش.

ئۇچىنچى، ھۆزمىلىك (زېرەك) يىراقنى كۆرەر كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن غاپىل بولماسلىق، مۇخبىر ـ جاسۇسلارنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ كۈچىدىن مۇداپىئەلىنىش ئارقىلىق دۇشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ۋە ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن داۋاملىق ھۇشيار تۇرۇشنى ئۆزىڭىزگە ۋاجىپ ۋە زۆرۈر دەپ بىلىڭ.

تۆتىنچى، سىزنىڭ ئۇرۇشقا ئېلىپ بارغان ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى يەكدىل، بەك زەبان بولسۇن. سۇپالەرنىڭ ئىتتىپاقى پەتىھى ـ نۇسرەتنىڭ ئاساسىدۇر.

بېيىت:

زۇفەر ئۇستىگە زۇفەر ئول كىشىگە ھاسىل ئېرۇر،
كى ھەمە لەشكەرى پۇر دىللىخ بىلە يەكدىل ئېرۇر
كىشىكىم پەتھۇ زۇفەرگەردەنىغە سالدى كەمەن،
يەكدىل، يەكجەھەت بىلە ئىشى بولدى بەلەن.

يەنە بىرى، ئەمىر ئەكابىرلەر، قابىلىيەتلىك ھەكىملەر بىلەن، ئالىملار بىلەن ھۆرمەت ئىتتىپاقلىقنى چىڭ ساقلاشنى لازىم بىلمەكتۇر.

بەشىنچى، لەشكىرىي قوشۇنلەرنىڭ خاتىرىنى، سۆز ـ ھىممەتلىرى بىلەن ئۆز مۇھەببىتىگە كەلتۈرۈش، قىلغان ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىشنى ھەر ۋاقىت كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتمەسلىك.

ئالتىنچى، جەڭ باشلانغاندا، مۇمكىنقەدەر مەيدانغا ئۆزى كىرىش، ئوڭۇشسىزلىق يۈز بېرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەھۋال مەغلۇبىيەتكە بېرىپ قالغاندا، ۋاقىت جەھەتتىن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

يەتتىنچى، لەشكىرىي قوشۇنلارغا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولغان ئىلغار كىشىلەرنى مىر ۋە قوماندان قىلىپ تەيىنلەش كېرەك.

بىرىنچى، ئول كىشى شىجائەتلىك، كۈچلۈك ھەم چوڭ يۈرەك باھادۇر بولسۇن. قوشۇن ئىچىدە ئىززەت ۋە ئابرۇيى بار، مەشھۇر بولسۇن. چۈنكى، مۇنداقلاردىن دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكى ھامان ئەندىشە تارتىدۇ.

ئىككىنچى، ئول كىشى ياخشى كېڭەشلىك، تەدبىرلىك، پىلانچان كىشى بولسۇن. چۈنكى، جەڭنىڭ جەريانى مۇنداقلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

مۆلچىرىنىڭ سىرتىدا سادىر بولمايدۇ، ئۇلار ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا تەدبىر بىلەن تاقابىل تۇرالايدۇ، جەڭ ۋاقتىدا ھىيلە قىلىش ـ پاراسەتنىڭ زاھىرىدۇر. خەۋەرلەردە دائىم «ئەلھەد بۇخەدە ئەتۇن» (جەڭ دېگەن ھىيلە قىلماق دېمەكتۇر) دەپ نەقىل كەلتۈرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇل كىشى كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان، تەجرىبىلىك، باغىيلىق ئىشلارنى كۆپ قېتىم سىناق قىلغان كىشى بولسۇن، ئۇرۇش ئۇستىدىكى ھۆكۈم ۋە قارارلار تەبىئىيكى تەجرىبىنىڭ پايدىلىرى ئاساسىدا چىقىرىلىدۇ.

سەككىزىنچى شەرت بولسا، جەڭ ئۇستىدە يۇقىرى شىجائەتلىك بىلەن ماھارەت ئىشلىتىپ، باشقىلاردىن كۆپ ۋە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرگە مۇكاپات بېرىش، ئۇلارنىڭ روھىغا تەھسىنلەر ئوقۇش، مەدھىيىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆستۈرۈش، شۇ ئارقىلىق باشقىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى جەڭگىۋارلىق كۆرسىتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش.

توققۇزىنچى، جەڭ كۈنى غەپلەتتىن يىراق بولۇشتۇر.

ئۇرۇش غالىبىيەتكە يېقىنلاشقاندا، ئازغىنە بىپەرۋالىق قىلىنغانلىقتىن، ئۇرۇش كەيپىياتى ئۆزگىرىپ كېتىپ، تۇيۇقسىز ئوڭۇشسىزلىقلار سادىر بولىدىغان ئەھۋاللار تارىختا كۆپ يۈز بەرگەن.

ئونىنچى، ئەگەر دۇشمەن لەشكىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ يېڭىلىپ قاچسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن دەرھال قوغلاپ بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھەرىكەتلىرىنى ۋە كەيپىياتلىرىنى كۆزىتىش ئۇچۇن ئادەم ئەۋەتىش كېرەك، بۇرۇنقى تارىخلاردا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۇشمەنلەر بەزى پۇرسەتلەرنى تېپىپ،

قاچقۇنلارنى توپلاپ، قوغلاپ بارغانلارنى داسىغا چۈشۈرۈپ يوقىتىش ياكى يەنە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، غالىپلارنى شىكەستلەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ ئۆتكەن.

ئەگەر سىزنىڭ ئۇستىڭىزگە سىرتتىن دۈشمەن كېلىپ ئۇرۇشماقچى بولسا، بۇمۇ چوقۇم ئىككى خىل ئەھۋالدىن تاشقىرى بولمايدۇ ياكى ئۇ دۈشمەنگە باراۋەرلىك قىلالايسىز ياكى باراۋەرلىك قىلالمايسىز. ئەگەر باراۋەرلىك ئىقتىدارىڭىز بولسا، ھۇشيارلىق بىلەن تەدبىر كۆرۈپ، دۈشمىنىڭىزنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، تىنچلىق بىلەن ئىشنى ھەل قىلىش كېرەك. ئەگەر بۇ سۈرەت مۇيەسسەر بولماي، ئىش ئۇرۇش قىلىشقا تەئىن تاپسا، ئۇ ھالدا يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەرتلەر بويىچە ئۇرۇش قىلىش كېرەك.

ئەگەر سىزنىڭ جەڭدە بۇ دۈشمەنلەرگە باراۋەرلىك بولغۇدەك ئىقتىدارىڭىز بولمىسا، مۇخبىر، جاسۇسلارنى ئىشلىتىپ، يوللارنى توسۇش، دۈشمەنلەرنىڭ ئەلپازىنى كۆزىتىش بىلەن قەلئەلەرنى قوغداشنى كۈچەيتىپ، مۇھاپىزەتنى چىڭىتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مال ـ مۈلۈك ۋە ئەسلىھەلەرنى توپلاش كېرەك، ھۇشيارلىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، يوچۇق ـ دەرۋازىلەرنى تاقاش، بىر قىسىم مالالارنى چىقىم قىلىشتىن ئايانماي، ئىشنى پاراسەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا، مادارا قىلىپ ئۇرۇشماسلىققا يۈزلىنىش كېرەك. ئېھتىماللىق بىلەن گۇمانلىق ئىشلارغا ھەرگىزمۇ ئۇرۇنماسلىق كېرەك. ئەگەر دۈشمەن سۈلھى تەرەپدارى بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىش، مۆتىدىللىككە ئۆتۈش كېرەك. چۈنكى، ھەرقانداق كىشى سۈلھى

تەرەپكە مايىل ئەتسە، پاراسەت تەرەپكە ئۆتۈپ، چىقىمدار بولمايدۇ.

نەزىم:

قىلما غىل ئىستىزە كىم باردۇر سىتىمىز،
قىلغۇسى ئىنساپ بارغىن بەرگى رىز.
بىل سىتىزە بىرلە گىنە ئۆلغايۇر،
خانۇمان بونيادىن ئول ۋەيران قىلۇر.
سۆلھى يولىدە قىلۇر ئەھلى سەير،
سەن بۇ يولنى قويما كىم ئەسسۆلھۇ خەير.

ئىسكەندەر ئەرەستۇ ھېكىمدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىگە دەستۇرىل ئەمەل قىلىش ئۈچۈن كاتىپلىرىغە بىرمۇبىر يازدۇرۇۋالدى. ئاندىن قىلماقچى بولغان ھەربىر جەڭنىڭ ئاساسىنى بۇنىڭ ئۈستىگە قۇردى، بىزنىڭ بۇ باياندىن بارلىق دۆلەت ئىگىلىرىگە ۋە شىجائەت ئەھلىگە ئەڭ مۇھىم بولغان سۈپەتلەر بولۇپ، مەزكۇر بابتا سۆز ئۇزارتىلدى.

بېيىت:

ئەبۇلھەسەن ئا شاھى رۇشەن زەمىر،
جەۋان بولدى دەۋرىدە دەۋرانى پىر.
جاھاندار شاھكى تۇتسا، مەساپ،
يېتەر ھەيبەتىگە زورىدىن كۆھى قاپ.
چىقارسا ئەگەر جەڭدە تىغىنى تېز،
قىلۇر تىغ بىلەن تاغنى زەبەرۇ ـ زىر.

كاھىكارلىق بازۇسىنىڭ كۈچى بەختى بىدارلىق قولى بىلەن

نۇسرەت بايرىقىنى ھەر تەرەپكە قاراتسا، پەتھى ـ نۇسرەت قۇش ئات بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، ئۇنىڭ بەلەن ھىممىتىنى ۋە ئالىي ئىرادىسى ھەر تەرەپكە يۈزلەنسە، ئىقبال ئالدىراشلىق بىلەن ئۇنىڭ بايرىقى تەرەپكە ئۇچىدۇ. بەختى ـ سائادەت بولسا، مۇۋەپپەقىيەت قولى بىلەن ئۇنىڭ خىزمەت ئاياغىنى قۇچاقلايدۇ.

ھەر تەرەپكە كىم قىلۇر قەستى رىكابىنى گەران،
پەتھى ـ نۇسرەت ئول سەرى يۈرگەي سەبۇك ئەيلەپ ئىنسان.

ئۇنىڭ لەشكەر ـ دىلاۋىرىنىڭ ھەربىرى دۈشمەنلەرنىڭ بۇنىيادىنى كۆيدۈرۈشكە ئۆتتەك ھەممىلە قىلغۇچىدۇر. جەڭ مەيدانىدا بولسا، سەبات ۋە دەرەڭ سۈپەتى بىلەن كوھلىبوززۇردەك مۇستەھكەمدۇر.

ياز كۆزىدەك ھەممىسى تىغى زەن،
زۇلفى كەبى ھەربىرىدۇر سەپ شىكەن.
جەڭ تەلەبدۇر ھەممىسى چۇن رەقىب،
بارچە جاھانگىرچۇ ھۆسنى ـ ھەبىب.
ئىشقى ئوتىدا ھەمە جان سۆزىدۇر،
غەمزە ئوقىدەك ھەمە دىل دۆزىدۇر.
بارچەسى خۇنرىزدۇرچۇن پىراق،
ھىجرىدىن بولمىش بارى قەتتال راق.

ھەقتائالانىڭ مېھرىبانلىق سايەلىرى ئول كىشىنىڭ باشىدىن ھېچ كەتمىسۇن، ئول سايەلىق مۇلازىملىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەبەدىي تۇرسۇن.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## غەيرەت توغرىسىدا

غەيرەتنىڭ مەنىسى ــ ئەسلى قىياپەتتىن ئۆزگىرىپ، باشقا ھەيئەتتە بولۇش دېمەكتۇر، ئىسلاھىدا كىشىنى ياكى مۆمىننى مەسئۇلىيەت بىلەن مۇھاپىزەت قىلىشقا ئۆزگىرىدۇ.

ھەربىر چوڭ ۋە مۇھىم تەدبىرلەردە، سىياسەتنى كۆچەيتىشتە، پادىشاھلار ئۇچۇن غەيرەتنى كۆزدە تۇتماي چارە يوق. مىللەت ۋە مەملىكەت ئىشلىرىدا غەيرەتنى ئاساس قىلىشى كېرەك، غەيرەت ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى دىنىي غەيرەت، يەنە بىرى دۇنياۋى غەيرەتدۇر. دىن غەيرىتى بولسا ئالدى بىلەن پادىشاھلار، ھۆكۈمەت ئەھلى بولغان كىشىلەر ئاللاتائالا بۇيرىغان بارلىق ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە بىجا كەلتۈرۈپ ئىجرا قىلىش، ئاللاتائالا چەكلىگەن ئىشلارنى قىلماسلىق، ھەممە خادىملارنى، تامام رەئىيەتلەرنى ئاللا ئىتائىتىگە ۋە رەسۇلۇللا ئىتائىتىگە بۇيرۇش بىلەن مەئسىيەت ۋە مەنھىيەتلەردىن توسۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ھەدىستە شۇنداق ئەمرى كەلتۈرۈلىدۇ: ئەگەر سىلەر بىر كىشىدە شەرئىيەتتىن تاشقىرى گۇناھ مەئسىيەتكە دائىرلىك ئىشلارنى كۆرسەڭلار، ئۇنى قولۇڭلار بىلەن توسۇڭلار، يەنى شەرئىيەتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە، دەررە شەمشەر بىلەن ئەدەپ

بېرىڭلار. بۇ ئىقتىدار ئەھلى بولغان پادىشاھلار ۋە ئىختىيار ئەھلى بولغان ھاكىملارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەگەر قۇلۇڭلار بىلەن تۈزىتىشكە ئىقتىدارىڭلار يەتمىسە، تىل ئارقىلىق تۈزىتىڭلار، يەنى ئالدى بىلەن نەسىھەت قىلىپ تەربىيىلەڭلار، گۇناھنىڭ قول يىغمىسا، قاتتىق سۆزلەر بىلەن بولسىمۇ تۈزىتىڭلار، بۇ ئالىملارنىڭ ۋە مۇتتەقىيلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. تىل بىلەن تۈزىتەلمىسەڭلار، كۆڭۈل ئارقىلىق ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ، دىلىڭلاردا ئۆچمەنلىك ساقلاڭلار، مۇنداق قىلىش ـ زەئىپ ـ ناتىۋانلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۇنداق دەپ ئىخچاملىدى. «لەيسەۋەرا ئەزالىكەن ئىسلاھۇ» (كىشىنىڭ قولى ياكى تىلى بىلەن مەئسىيەتلەرنى توسىيالمىغاندا، كۆڭلىدە بولسىمۇ ئۆچمەنلىك ئىپادىلىمىسە، ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقتىن نەسىبەسى قالمايدۇ).

قىتئە:

نەھى مۇنلەر قولۇڭ بىرلە قىلغىل،
گەر مۇيەسسەر قىلالمىساڭ بۇكار.
تىل بىلەن مەنئىي قىل ۋە گەر بولماس،
ئەيلە كۆڭلۈڭ بىلە ئاڭا ئىنكار.

شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمىنى ساقلاشقا، دىنىي ئىسلامنىڭ ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشقا تىرىشىدىغان پادىشاھلار ئاللاتائالانىڭ زېمىندىكى رەھمەت سايەسىدۇر، پەيغەمبەر نەبىنىڭ تايىبىدۇر دېيىلىپتۇ.

ئەگەر پادىشاھلار مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ كۆپ بولغانلىقى تۈپەيلىدىن شەرىئەت ئىھتىسابىغا پۇرسەت تاپالماي قالسا، ئۇ



www.uyghurkitap.com

چاغدا مەملىكەتتە شەرىئەت ھۆددىنى ساقلاش ئۈچۈن مۆھتەسىپلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مۆھتەسىپ بولىدىغان كىشىلەر دىنىي ئىسلامدا ئالىي ھەممىيەتلىك، غەيۇر كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. دىيانەت ۋە تەقۋادالىق جەھەتتە غەرەزسىز، رىياسىز، نەپسى - ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇشى كېرەك. شۇنداق سۈپەتلىك كىشىلەرنىڭ ھەربىر سۆزى خالايىقلارنىڭ قەلبىگە ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

سۆز ئەگەر بولسا غەرەز بىرلە تەمەدىن خالىي،
گەر دېسەڭ تاشقا ئەنى قىلۇر ئەلبەتتە ئەسەر.

شەيخ ئەبۇلھەسەننىڭ مۇنكىر ئىشلارنى كۆرسە داۋاملىق توساپ چەكلەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ توسىماقچى بولغان ئىشلىرىنى تاكى ئۆلۈم خەۋپى كۆرۈلسىمۇ دادىل توساتتى. بۇ كىشى بىر كۈنى تاھارەت ئالماقچى بولۇپ، دەريا لېۋىگە چىقتى. ئىچىگە نۇرغۇن كوزىلارنى قاچىلىغان بىر كېمىنى كۆردى، قارىسا بۇ كوزىلارغا «لەتىب» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىدى. شەيخ تەئەججۇپ بىلەن كېمىچىدىن:

— مەن ھېچبىر سودىگەر ماللىرىدە مۇنداق «لەتىب» دەپ يېزىلغان كوزىلارنى كۆرمىگەنىدىم، بۇ كوزىلاردا نېمە بار؟ — دەپ سورىدى.

كېمىچى:

— سىز بولىسىڭىز بىر دەرۋىش كىشى، بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ بىرەر مۇناسىۋىتىڭىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، بۇنى سوراپ ئولتۇرماڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان شەيخنىڭ ئۇنى بىلىپ بېقىشقا تېخىمۇ رىغبىتى

كۆچەيدى ـ دە، كېمىچىگە دېدى:

ــ مەن ئەلۋەتتە بۇنى بىلىشكە ئۈمىدۋارمەن، سەن بۇنى يوشۇرماستىن ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك، ــ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. كېمىچى ناچار بولۇپ:

ــ بۇ كوزىلاردىكى شارابتۇر، بۇنى باغداد پادىشاھى مۆھتەزىد خەلىپە كەلتۈرگەن، ــ دېدى. شەيخ كېمىگە قاراپ بىر تاياقنى كۆردى ۋە ئۇنى قولىغا ئېلىپ، كوزىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۇرۇپ سۇندۇردى، كېمىچى بۇ تاسادىپىي ھادىسىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ ۋارقىراپ تاشلىدى. ئەھۋال ئۈستىگە باغدادنىڭ يونۇس ئەقلەھ ئىسىملىك بىر پاششەپچى كەپ قالدى ـ دە، شەيخنى تۇتۇپ، خەلىپەنىڭ قېشىغا ئېلىپ باردى، ئاندىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتتى.

مۆئتەزىد بولسا ئىنتايىن زالىم، جاپىر ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ تولا سىياسەتلىرى شەمشەر بىلەن ئورۇنىدىلاتتى. باغداد خەلقى شەيخنىڭ مۆئتەزىدنىڭ قاشىدە سوراقا تارتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىر ۋەھىمىگە چۈشۈشتى ۋە ئۇل شەيخنى دەرھال ئۆلتۈردىمىكىن دېگەن گۇمانغا كېلىشتى. چۈنكى بۇ چاغدا خەلىپە ئۈستىگە قىزىل كىيىم كىيىپ، قولىغا تۆمۈر گۈرزى ئالغانىدى، بۇ ھال ئۇنىڭ غەزەپلىك ھالىتىدىن دېرەك بېرەتتى.

خەلىپە شەيخقا قاراپ غەزەپ بىلەن سوراق قىلدى:

ــ سەن نېمە سەۋەبتىن مېنىڭ ھەققىمدە مۇنداق بىئەدەپلىكلەرنى قىلدىڭ؟ شەيخ بولسا تەمكىن بولۇپ:

ــ مەن بولسام مۇھتەسىب، ــ دېدى. مۆئتەزىد:

ــ سېنى كىم مۇھتەسىب قىلغان؟ ــ دېدى. شەيخ:

ــ ساڭا پادىشاھلىقنى بەرگەن ئۇلۇغ ئاللانىڭ ئۆزى ماڭا

مۆھتەسىبلىكنىڭ بەرگەن، ـــ دېدى.

مۆئتەزىد:

ـــ سەن كىمنىڭ ئەمرى بىلەن ئېتىساپ قىلىسەن؟ ـــ دېدى. مۆئتەزىد شەيخنىڭ بۇ دادىل سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، خېلى پۇرسەتكىچە باشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئويلىنىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن باشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

ـــ ساڭا نېمە زەرەرلەر بولدىكى، شۇنى سەۋەب قىلىپ بۇ كوزىلارنى سۇندۇرىسەن؟ ـــ دەپتۇ، شەيخ:

ـــ ئالدى بىلەن ساڭا، ئاندىن پۇقرالارغا شەپقەتتە بولغانلىقىمدىن بۇ كوزىلارنى سۇندۇردۇم، ـــ دېدى. خەلىپە:

ـــ مېنىڭ ھەققىمدە قانداق شەپقەت قىلدىڭ؟ ـــ دېدى.

شەيخ بولسا تېخىمۇ تەرتىپ بىلەن مۇنداق دېدى:

ـــ ئەگەر سەن ھارام ئىشلارنى ئۆزۈڭگە ئۆزلەشتۈرۈۋالىدىغان بولساڭ باشقا رەئىيەلىرىڭمۇ ساڭا ئەگىشىپ مۇنكىر ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھارام يولغا مېڭىش ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر سەن ئالدى بىلەن بۇ يولدىن ئۆزۈڭنى يىغساڭ باشقىلار مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولىدۇ. ئاممىلار بۇزۇق ئىشلارنى پادىشاھقا ئەگىشىپ قىلىدۇ، ئەگەر پۇقرالار ئۆز پادىشاھلىرىنى سالاھ ۋە توغرا ئەمەللەر ئۈستىدە كۆرسە، ھەممىسى ياخشى ئىشلارنىڭ ئەجرى ـ ساۋابى ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر كىشىلىكتىن تولۇق بېرىلگەندىن تاشقىرى، بۇ ساۋاپلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشايدىغان ساۋاپلىق پادىشاھقا ھەم بولىدۇ، ئەگەر رەئىيەتلەر پادىشاھلارنى بۇزۇقلۇق ئۈستىدە كۆرسە، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم مۇنكىر ئىشلارغا، ناچار ئادەتلەرگە بېپەرۋالىق بىلەن قەدەم قويغان

بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر كىشىلىك گۇناھ يېزىلغاندىن تاشقىرى، پادىشاھقا ھەم ئوخشاش ئۇلۇشتە گۇناھ يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سەن ۋە بارلىق رەئىيەتلەرگە مېھرىبانلىق ۋە شەپقەت كۆرسەتتىم؛ مېنىڭ بۇ ئىشتا خۇدايى تائالانىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا غەرىزىم يوق ئىدى.

خەلىپە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تەسىرلەنگىنىدىن يىغلاپ كەتتى، ئاندىن شەيخكە قاراپ دېدى:

— ئېي ئېزىز، بۇ ئېھتىساب ئىشلىرى سىزگە لايىق ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم كۆرۈلگەن تۈرلۈك نامەشرۇ ئىشلارنى سىز تۈزەتكەيسىز، پېقىر سىزنى ئېھتىسابلىق ئىشلاردىن توسماسلىقتا، كىشىلەرنىڭ سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىزگە بويسۇنۇشقا كاپالەتلىك قىلغايمەن.

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە مەلۇم بولغايكى، ئەگەر مۆھتەسىپ ھەققانىي ۋە غەرەزسىز بولسا، ئۇنىڭغا ھېچبىر ئاپەت يەتمەس.

نەزىم:

ئىدى سىرىفە بىرەۋئىيكاى نۇر،
مەن پاسات ئىشلارنى مەنئىي ئەتكۈم كېلۇر.
لەيكى قورقۇمەنكى ساھىب لەئىنەتى،
يەتكۈرۈر بولغاي ماڭا بىر ئاپەتى.
ئەيدى گەر بۇ ئىشدە بولساڭ بىغەرەز،
ھىچ جانىپتىن ساڭا يەتمەس مەرەز.

ئەمما دۇنيا غەيرىتى ئاساسەن ئۈچ خىل بولىدۇ.

بىرىنچى — پادىشاھلارنىڭ ئۆزلەرىگە باراۋەر كىشىلەرنىڭ،



www.uyghurkitap.com

بۇرادەرلىرىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ ئارىسىدا كۆزدە تۇتىدىغان غەيرىتى.

ئىككىنچى — ئۆز خاتۇنلىرى ۋە مەھرەملىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا كۆزدە تۇتىدىغان غەيرىتى.

ئۈچىنچى — ئومۇمىي خەلق يولىدا كۆزدە تۇتىدىغان غەيرىتى. ئۆز بۇرادەرلىرى ۋە ھەمتەۋەلىرىگە نىسبەتەن قوللىنىدىغان غەيرىتى تىرىشىپ ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چېنىپ قالماسلىقنى، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان غەيرەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، مەنسەپ، دۆلەت، قەدىر - قىممەت، ئىززەت ۋە ھەشەمەت، نام ۋە شۆھرەتلەردە ھەممىدىن ئايرىم تۇرۇشنى كۆزلىمەكتۇر. ئەلۋەتتە بۇ خىل غەيرەتنىڭ ۋۇجۇدى ۋە بۇ ھەمىيەتنىڭ ھوزۇرىدىن پادىشاھنىڭ بارلىق ئىشلىرى ئۆتكىنىپ، مەقسەت ھۇزۇرلىرى ھەل بولۇپ، ھالى خۇشنۇدلۇقتا سەۋەب بولىدۇ، بۇ خىل غەيرەت ھىممەت ئەھلىنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر. ھىممەت قانچە بەلەن بولغانسېرى غەيرەتمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. پادىشاھلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بىر ھەكىمدىن:

— مەن ئۆز بۇرادەرلىرىمدىن شەۋكەت ۋە ئەزىمەت جەھەتتە بەلەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، دۆلەت بايرىقىنى قابىلىيەت قولى بىلەن ئىختىيار مەيدانىدىن ئېلىشنى ھەۋەس قىلىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن قايسى سەۋەبنى قولغا كەلتۈرۈشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى. ھەكىم ئۇنىڭغا:

— ئېي مەلىكىزادە، دۆلەت كەسپىگە ھېچبىر سەۋەب ھىممەت بىلەن غەيرەتكە يەتمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

نەزىم:

غەيرەت بىلە ھەر كىمگە قىلۇر تىغ كۈشادە،
ھەمتەڭلەردىن قايغۇسى ئالدىدە پىيادە.
غەيرەت سەبەبىدىن تېپىلۇر نەڭ ئىلە نامىڭ،
ھەم غەيرەت ئىلە ھاسىل ئىرۇر بارچە مۇرادىڭ.

ئەمما ئۆز خاتۇنلىرىنىڭ نىسبەتىدىكى غەيرەت بولسا، ئۇلارنى پاكىزلىق ۋە پاكىدامەنلىك ھۇدۇدى ئىچىدە تۇتۇشتىن، شەرئە ئۇلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا كۆندۈرۈپ ئۆگىتىش ئارقىلىق بولىدۇ. شاھ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرىنىڭ بەرىكەتىدىن رەئىيەلەرنى خاتۇن، بالا ـ چاقىلىرىمۇ شەرىئەتتە بۇيرۇلغان مەئرۇپ ئەمەللەرنى ئۆگىنىپ، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرالايدۇ.

بىر ئالىم ئۆز مەھرەملىرى توغرىسىدا مۇنداق ئېيتتى:

نەزىم:

بىلگىل ئېي غەپلەت پاناھى خۇش ـ پىرام،
مەھرەمىڭدىن ئۆزگىگە جىلۋەڭ ھارام،
قويماغىل ھەر كۈيى سارىغە قەدەم.
ھەر كىشىگە ئاچماغىل كۆزۈڭنى ھەم،
ئاھەمە ئاپەتكى جانغە قەست ئېتەر.
مەھرەم ئەرمەسكە قارىغانى يېتەر،
كۆزنى مەھكەم باغلا چۈن دۇررى ـ سەدەپ،
تا بالا ئوقىغە قىلماغىل ھەدەپ.

هەر كىشىم بولسە ئول غەيرى ھالال،
يۈز ئاڭا كۆرگۈزمە گەرچە بولسا ھال.

ئەمما ئومۇم خەلق ئارىسىدىكى غەيرەت بولسا، پادىشاھلار ئۆز مەھرەم ـ خاتۇنلىرى توغرىسىدا قانداق تەرىزدە غەيرەت ساقلىغان بولسا، ئومۇم ـ پۇقرالارنىڭ مەھرەم خاتۇنلىرى نىسبىتىدە ھەم خۇددى شۇنداق غەيرەت ساقلىشى زۆرۈركى، ئۆز خادىملىرىدىن پۇقرالارنىڭ ئەھلى ـ ئاياللىرىغا بەدنام يېتىشتىن قاتتىق ساقلىنىشى زۆرۈردۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى سەۋەبلىرىدىن پەردىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا پاش قىلىپ، خىجالەت قىلىشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك، رەئىيەلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى مۇمكىنقەدەر مەخپىي تۇتسۇن دەپتۇرلەر.
ھەدىستە «ھەر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ بىر ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاتائالا ئول كىشىنىڭ بارلىق ئەيىبلىرىنى ياپىدۇ» دېيىلىدۇ.
يەنە بىر رىۋايەتتە «ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاتائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاشكارا قىلماي، مەخپىي تۇتىدۇ» دېيىلىدۇ. ئۆلىمالار بۇ ھەقتە «ئۇستۇر سەتەرەللاھۇ ئەلەيكَ» (كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى مەخپىي تۇتقىن، ئاللا سېنىڭ ئەيىبلىرىڭنى مەخپىيەت قىلىدۇ) دەپ نەقىل كەلتۈرىدۇ.
مىسرەئ:

بۇزماساڭ ئەل پەردەسىن، بۇزماس كىشى پەردەڭنى ھېچ.

ھەممىيەتمۇ ئاساسىي جەھەتتىن غەيرەتدۇر، لېكىن بۇنىڭ شۇنچىلىك پەرقى باركى، غەيرەت بولسا، ئۆزىنىڭ ۋە باشقا مۇتەئەللىقلەرنىڭ ئەھۋالىنى مۇھاپىزەت قىلىش جەھەتتە

ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ھەممىيەتلىك كىشى ئەگەر باشقا بىر كىشى ئۆزىنىڭ پاناھىغا كەلسە، ئەلۋەتتە ئۆز پاناھىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچبىر زەرەر يەتكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ. پۈتۈن ئەرەب خەلقى ئىچىدە بۇ ئەخلاق ھەممە كىشىگە بىردىنبىر دەستۇر بولۇپ ئومۇملىشىپ مەشھۇر بولغان. ھازىر ھىجاز ۋىلايىتىدە مۇنداق بىر ئادەت بار، ئەگەر ئۇلارنىڭ تاملىرىنىڭ سايىسىغا ياكى چېدىرلىرىنىڭ كۆلەڭگىسىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭغا پاناھ بېرىپ، ئۇنى دۈشمەن قولىغا بەرمەيدۇ. ئۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرقانچە كۆپ ماللىرى سەرپ بولۇپ كەتسىمۇ، ھەتتا باشلىرى كېسىلىپ، قانلىرى ئاقسىمۇ رازى بولىدۇكى، ئۆز پاناھىغا كەلگەن بۇ مەخلۇقتىن ھەرگىزمۇ كەچمەيدۇ. بەزى جانىۋارلار ئۇلارنىڭ خىمەلىرىگە كىرسە ياكى ئوتلاقلىرىغا كىرسە، ئۇلارنى ھەم ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدۇ.

بەھرامگور ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدە نىئمان بىنى مۇنزىرگە مۇلازىم ئىدى، نىئمان ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە تەربىيەت قىلىپ باققانىدى، بەھرام بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ بىر دانە كىيىكنى ئۇچراتتى، ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ كەلگەنىدى، كىيىك قاچتى، بەھرام ئارقىسىدىن قوغلاپ بىر كەنتكە يېتىپ باردى، ئۇ يەردە قەبىسە ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى، كىيىك قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ چېدىرىغا كىردى. قەبىسە ئۇنى تۇتۇپ باغلاپ تۇرۇشىغا بەھرام يېتىپ كەلدى، ياندىن بىر ئوق چىقىرىپ ياسىغا بەنت قىلىپ:

— ئېي ئەرابى، مېنىڭ سەيدىم بۇ يەرگە كىردى، چىقىرىپ بەرگىن، — دەپ ۋارقىراپ تەھدىت سالدى. قەبىسە ئۇنىڭ بەھراملىقىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭغا:

— ئېي ئاتلىق يىگىت، مېنىڭ چېدىرىمغا پاناھ تىلەپ كەلگەن بىر جانىۋارنى ساڭا بېرىش ھەرگىز مۇرۇۋۋەت ئەمەس، تاكى مېنى ئۆلتۈرگەيسەن، — دېدى.

بەھرام ئۇنىڭدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يەنە تەھدىت سالدى. قەبىسە:

— ئېي يىگىت، بىھۇدە گەپلەرنى قىلمىغىل، ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەرگىل، قولۇڭدىكى ئوق بىلەن مېنى ئۆلتۈرمىسەڭ، بۇ كېيىكنى مەندىن ئالالمايسەن، ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈپ بۇ جانىۋارنى مەندىن ئېلىپ كەتمەكچى بولساڭ، بۇ قەبىلىنىڭ خەلقى ھەرگىزمۇ ئۇنى ساڭا بەرمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز جانىڭغا رەھىم قىل، بۇ جانىۋارنىڭ باشىدىن ئۆتكىل. ئەگەر ھېرىسىڭ بەك زىيادە بولسا، مېنىڭ بارىگاھىمدىكى بەرقى رەپتار ئېتىمنى ساڭا بېرەي، شۇنى مىنىپ كەتسەڭ بولىدۇ، — دېدى. قەبىسەنىڭ بۇ ھەممىيەتى بەھرامغا خۇش كەلدى. ئۇ ئاتقا قارىماي، ئۆز ئاتىنىڭ ئۇقتىسىنى قايرىپ، ئۆز جايىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ كۈنى ئۆز تەختىگە چىقىپ، ئىختىيار تاجىنى ئىختىيار باشىغا قويۇپ ئەردى، پۈتۈن ئەرەب، ئەجەم خەلقى ئۇنىڭ بۇيرۇق تەۋقىنى ئىتائەت گەردىنىگە سالدى، ئاندىن كېيىن بەھرام قەبىسەنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا كۆپ ئىززەت - ئىكرام ۋە تەربىيەتلەرنى قىلدى.

ئەرەب خەلقى ئۇنىڭغا «كېيىككە پاناھ بەرگۈچى» دېگەن لەقەمنى قويدى.

نەزم:

كىشىگە كىم بىرونىڭ پاناھىڭ ئىچرە بەر،
جەھدى ئىلە دەفئى ئەيلە باشىدىن زەر.

قىل ھىمايەتدىن ئۆنى ئۆزۈڭگە خاس،
كىم ئىرانلىق زورىدىن ئەيلە خالاس.
ئىستىگەچ بىر قەترە دەريادىن پاناھ،
ئەيلەدى ئاڭا سەدەپتىن تەكىگاھ.
قىلدى ئاخىر ئۇنى دۇررى شاھىۋار،
خەلق ئاراسىدە ئەزىز، نامىدار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# سىياسەت توغرىسىدا

سىياسەتنىڭ مەنىسى كىشىنى غەمگە سالماق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىلاھ مەنىسى مەملىكەتنىڭ تەسەررۇپ قىلىپ باشقۇرۇش، ھەر كىشىنى ئۆزىگە لايىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. سىياسەت ئىككى خىل بولۇر، بىرى، ئۆز نەپسىگە سىياسەت قىلىش، ئىككىنچىسى، باشقا كىشىلەرگە سىياسەت قىلىش.

كىشىنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ سىياسىتى بولسا، بارلىق كىشىلەر نەپرەت قىلىدىغان يىرگىنىشلىك ئىللەتلەرنى ئۆزىدىن ئېلىپ تاشلاپ، بۈيۈك ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرمەكتۇر.

باشقىلارغا قوللىنىلىدىغان سىياسەت يەنە ئۆز بۇرچىدا ئىككى خىل بولۇر. بىرى، ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىغا ۋە مۇلازىم، ئەمەلدارلىرىغا قوللىنىلىدىغان سىياسەت. يەنە بىرى، باشقا رەئىيەلەرگە قوللىنىلىدىغان سىياسەت، بۇنىڭ بىرىنچى تارمىقىنى كېيىن قىرىقىنچى بابتا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. ئىنشائاللا، ئىككىنچى قىسمى پادىشاھ ئۆز مەملىكىتىدىكى بارلىق بۇزۇقلارنى، ئوغرى ـ قاراقچىلارنى، ناكەسىپ كىشىلەرنى داۋاملىق بېسىم ۋە زەربە ئاستىغا ئېلىش ئارقىلىق، ھەمىشە ئىزتىراپتا ۋە بىئاراملىقتا تۇتۇش، ياخشى نىيەت، ساپ دىل كىشىلەرنى ھەمىشە خۇشاللىقتا ۋە ئۈمىدۋارلىق ئىلكىدە

تۇتۇش.

بىر كۈنى كىشىلەر بوزۇر جۇمھۇردىن:

— قايسى پادىشاھ ئۇلۇغراق؟ — دەپ سوراشتى، ئۇ كىشىلەرگە:

— بىگۇناھلار ئۇنىڭدىن ئەمىن بولۇپ، بۇزۇقلار ھەمىشە ئۆزىنى ئوق نىشانىسىدەك ئىزتىراپتا ھېس قىلسا، ئۇنىڭ پەيزى-سان لۇتپى بولۇنى دەرۋىش بىچارىلەرگە داۋاملىق ئىنئام ۋە ئېھسان يامغۇرى بىلەن بىر تۇتاش بولسا، ئۇل پادىشاھ ئۇلۇغراقتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

ھۇشنەك ھەمىشە «مەن ياخشى دىل كىشىلەرگە ھەقتى ئەلانىڭ رەھمەتىدۇرمەن، بۇزۇقلارغا ئاللانىڭ غەزىبىدۇرمەن، بۇزۇقلارغا ئاللانىڭ غەزىبىدۇرمەن، قەھرىمىنىڭ نەشتەرى بولسا، شەپقەت شەربەتىمگە بىر تۇتاشتۇر» دەيتتى.

بېيىت:

زەھەر تەرياقىكىم ھەر ئىككىسى غەزىنەمدە بار،
ئەنى دۈشمەنگە بىرۇرمەن، مۇنى يارۇ ــ دوستغە.

ھۆكۈمالار ھەر ئىككى ئالەمنىڭ مادارى سىياسەت بولۇپ، ئۇنى كەۋنۇ ــ پاسات دۇنياسىنىڭ پاششەپلىكىگە نامزەت قىلىپتۇر، ئەگەر توغرا سىياسەت بولمىسا، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ نورمال تەرتىپ ــ نىزامى بولمايدۇ. ئەگەر ئەدەپ بېرىش بىلەن ئازابلاش رەسمىيەتى بولمىسا، ئۇ چاغدا يۇرتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى بۇزۇلۇشقا يۈز تۇتىدۇ، — دەپ ھۆكۈم قىلىنىشىدۇ.

قىتئە:

مەملىكەت تاپقاي سىياسەتتىن نىزام،
گەر سىياسەت بولمىسا يەتكەي خەلەل،

تاپماغاي ئالەم ئىشى ئەسلا تۈزۈت،
بى سىياسەت ھېچ ۋەقتۇ ھېچ مەھەل.

«لامۇلكە ئىللابىلئەدلى» (مەملىكەت ئىشلىرى ئەدلىسىز بەرپا بولمايدۇ)، كىشىلەرنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدىغان بىر زىبا يۈزلۈك بولسىمۇ، لېكىن «لائەدلەئىللابى سىياسەتى» پەدەزلەر بىلەن زىنەتلەنمىسە ۋە ھەر پادىشاھكىم «ئەررىياسە تۇ زەئۆپەتبى ئەدەم سىياسەتى» نىڭ مەزمۇنىدىن بىخەۋەر بولسا، تېزلىكتە ئول مەملىكەتنىڭ نىزامىغا پەرىشانلىق يېتىدۇ، سەلتەنەتنىڭ بۇنيادى خەلەل تاپىدۇ. چۈنكى، مۇلكى ـ مىللەتنىڭ زىننىتىدىن بولسا، ئۇنىڭ مەسلىھەتى سىياسەتتۇر.
بېيىت:

گەر نۇر بەرسە مولىك يۈزىغە سىياسەتىن،
ئەنى جاھان يورۇتقۇچى قىلغايچۇ ئاپتاپ.
مىئماردەك سىياسەت ئەگەر قىلمىسا مەدەت،
بولغاي جاھان بىناسى جاپا سەيلىدىن خاراب.

ئەگەر شەرىئەتنىڭ قائىدىسى بولمىسا، ھېچقانداق بىر ھەق ئۆز مەركىزىدە قارار تاپمايدۇ، سىياسەتنىڭ باشقۇرۇشى يوق بولسا، شەرئىدى ئىشىغە نىزام ھاسىل بولمايدۇ.
بېيىت:

ئەگەر شاھلەر سىياسەت تىغىن ئەلگە قىلمىسا زاھىر،
جاھاندا پاك سۇ ئىچمەككە بولماس ھېچكىم قادىر.
پادشاھلارنىڭ سىياسىتى شەرىئەتكە راۋاج بەرگۈچى ئامىلدۇر،
شەرىئەتنىڭ ئەھكامى ئۇلارنىڭ مۇلۇكلەرىغە قۇۋۋەت بەرگۈچىدۇر.

قىتئە:

كۆكلەمەس دەۋلەت نىھالى ملكى باغى سەھندە،
گەر داۋان ئەرمەس ئەنىڭ سارى شەرئەت چەشمەسى.
لەيكى بۇ كىم شەرئى مىللەت چەشمەسى جارى ئەمەس،
تۇرماسا گەرئەنىڭ ئۈستىدە سىياسەت سايىسى.

دەرۋەقە ئالەمنىڭ مەدارى، مەملىكەتنىڭ قارارى سىياسەت ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ھەدىسدە «ئەگەر پادىشاھلار بولمىسا دۇنيادىكى ئادەملەر بىر ـ بىرىنى يەپ كەتكەن بولاتتى» دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەتنى سىياسەتتىن باشقا نەرسە بىلەن زەپتى قىلىپ باشقۇرغىلى بولمايدۇ، دۆلەت ئىشى پادىشاھسىز تەرتىپ تاپمايدۇ، قەدىمكى پادىشاھلاردىن بىرى بىر قولىغا قۇرئاننى، يەنە بىر قولىغا خەنجەرنى ئېلىپ مۇنبەرگە چىقتى، خۇتبە ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ: «ئېي خالايىق، سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلارغا بۇ قۇرئانى كەرىم كۇپايىدۇر، يامانلىرىڭلارنىڭ خۇي ـ ئەخلاقلىرى بۇ خەنجەردىن ئۆزگە نەرسە بىلەن تۈزەلمەيدۇ» دېدى.

قىتئە:

سىياسەت ئاتەشىكىم بولمىشكى دائىم،
پاسات ئەھلىگە يادۇرغايلەر ئۇنى.
كىشىكىم زۇلىم ئوتىنى ئەيلىسە تېز،
شۇ بۇ ياخشىكى كۆيدۇرگۈيلەر ئۇنى.

تەمىئاجى دېگەن كىشى پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە قوللانغان سىياسىتى بارلىق زۇلمى ستەمنىڭ يىلتىزىنى شەھەر



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە دۆلەت زېمىنىدىن يۇلۇپ تاشلىغانىدى.

سىياسەت مەسقەلىدە زۇلمى رەڭگىن،
جاھان كۆزگۈسىدىن پىلكۇل ئەتتى.
كى قەھرى بىسىدىن پەششا قاچىبان،
ئەدەم سەھرا سىغە كەتتى ۋە يەتتى.

بىر كۈنى شەھەرنىڭ بىباك بىكار تەلەتلىرىدىن بىرى بىر باغلام گۈلدەستە ئەكىلىپ پادىشاھقا سوۋغا قىلدى. پادىشاھى تەمسئاج:

— بۇنى قەيەردىن ئېلىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى، ئول كىشى:

— مەن بۇنى گۈللۈك باغدىن ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. پادىشاھ:

— ئول باغلار سىزنىڭ ئۆز مۈلكىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئول كىشى:

— مېنىڭ گۈللۈك باغىم يوق، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، بۇ گۈلنى باغ ئىگىسىدىن سېتىۋالغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ئېي پادىشاھ، بۇ شەھەردە گۈلنى ساتمايدۇ ۋە ئالمايدۇ. بۇ يەردە گۈل دېگەن كۆپ بولغانلىقتىن، ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، بارغانلا يەردىن ئىختىيارىي ئېلىۋېرىمىز، — دېدى. پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر سائەتچە پىكىر قىلغاندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى، ئەگەر خالىغان كىشى خەلقلەرنىڭ گۈلباغلىرىدىن مۇشۇنچىلىكتىن گۈللەرنى ئۈزۈۋېرىدىغان بولسا ۋە بەلكى مۇشۇنداقتىن مېۋە ئۈزۈۋالىدىغان بولسا، رەئىيەلەرنىڭ

باغ - بوستانلىرى تەرتىپسىز، بىزابىتە بولۇپ كېتىدۇ، شاھ باشنى كۆتۈرۈپ ياساۋۇللىرىغا:

— ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئەربابلار، ئاكابىرلەر ئۇل كىشىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ باقتىيۇ، پادىشاھ توغرا تاپمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئوغرىنىڭ ئۇششاق بارماقلىرىدىن بىرسى كېسىلدىلەر، تەمەئاج داۋاملىق بۇزۇقلارنى، نا ئەخلاق، بىباكلارنى ئۆلتۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ دەرۋازىسىغا بىر گۇرۇھ جامائەتلەر كەلدى:

— بىزلەر ھەرقانچە بىشەمىزنى كۆپ كەسسىڭىز، شۇنچە كۆكلەيدىغان مايسا ۋە بىدىگە ئوخشاشتۇرمىز، — دېيىشتى ئۇلار. بۇ خەۋەر تامىئاجغە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، دەرھال شۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپلا:

— بىزلەرمۇ ھەم باغىباندۇرمىز، سىلەرگە داۋاملىق كۆز تىكىپ تۇرىمىز، سىلەر بىزدىن قانچە باش تارتساڭلار، شۇنچە كېسىپ تۇرىمىز، — دېدى.

بېيىت:

ھەر تىكەنكىم باش چىقارسا مەملىكەت گۇلزارىدىن،

بىتەۋەققۇپ تىغ بىلەن باشىن ئۇزمەكلىك كېرەك.

نوشىرۋاننىڭ ئوغلى ھورمۇز پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندا ئەدلىنى سىياسەتكە، لۇتىف - مەرھەمەتنى قەھرى - غەزەپكە بىرلەشتۈرۈپ، خەلقنى ئىككى قوللۇق سىياسەت بىلەن باشقۇراتتى. ساپ دىل كىشىلەرنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن دىنلىنىۋازلىق قىلسا، يامان نىيەتلىك بىسۇپەتلەرنى غەزەپ ئوتىدا كۆيدۈرەتتى.

بېيىت:

سىياسەت ئۆزمىش جاپا كارۋاندىن،
يايىپ لۇتفى ئۈز ئەدلى خانىن.

بىر كۈنى ھورمۇزنىڭ بىر مۇلازىمى بىر باغقا كىرىپ، باغۋەندىن رۇخسەت ئالماي بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئۈزدى، باغۋەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ:
— مېنى رازى قىلغىل، بولمىسا، پادىشاھقا سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئەرز يېزىپ بارىمەن، — دېدى، ئۇ بىچارە ھورمۇزنىڭ سىياسىتىدىن قورقۇپ، باغۋەنگە بىر نەرسە بەردىكى، رازى بولماي، ئاخىرى مىڭ تىللا بېرىپ بوشاندى.
ھۆكۈمالار دەيدۇ: سەلتەنەت دەرەخكە، سىياسەت بولسا، سۇغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلار پادىشاھلىق دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى سىياسەت سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ، ياشاڭ ھالدا تازا تۇتۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭدىن ئەمىنلىك مېۋىسى پىشىپ چىقىدۇ.
قىتئە:

نىخۇشىدۇر شاھكىم قىلسە تەئەممۇل،
سىياسەتنىڭ كىتابى ئىچرە ھەردەم.
كى تۇتقاي تىغ باغى سەلتەنەتى،
سىياسەت سۈيى بىرلە سەبزە خۇررەم.

شۇنىسى ناھايىتى يوللۇقكى، سىياسەتنى ئايرىم ساندىكى يامان نىيەتلىك بۇزۇقلارغا ئىشلىتىش كېرەك، كىشىلەرگە

داۋاملىق زىياداشلىق قىلىدىغان، چاپانلىغا ئوخشاش ئۈچرىغانلىكى كىشىلەرنى چېقىپ تۇرىدىغان، ئازار بېرىشتەك بەدئەندىشىلەرگە ئىشلىتىش كېرەك.

بىر پادىشاھ بىر ھەكىمدىن:

— خەلق ئىچىدىكى سىياسەتكە تېگىشلىك ئادەم كىم؟ — دەپ سورىدى. ھېكىم:

— خەلق ئىچىدە ھېچكىم سىياسەتكە تېگىشلىك ئەمەس، بەلكى سىياسەتنى بىر ئوچۇم ۋەھشىيلەرگە يۈرگۈزۈش كېرەك، — دېدى. پادىشاھ:

— بۇ سۆزىڭىزنىڭ مەزمۇنىنى ماڭا تېخىمۇ ئوچۇق بايان قىلىڭ، — دېدى. ھېكىم:

— ئەي پادىشاھ، مەخلۇقلار ئىچىدە شۇنداق بىر بۆلەك كىشىلەر باركى، ئۇلارنىڭ ھەممە ۋۇجۇدى مۇتلەق ياخشىلىق ئىلكىدە تۇرىدۇ، ئۇلاردىن ياخشىلىقتىن ئۆزگە ئەمەللەر سادىر بولالمايدۇ، ئۇلار پەرىشتىلەردۇر، يەنە بىرخىل مەخلۇقلارمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ھەممە ۋۇجۇدى يامانلىق ئىلكىدە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدە يامانلىقتىن ئۆزگە نەرسە سادىر بولمايدۇ، ھايۋانلار تىپىدا يولۋاس، بۆرە، چايانلار شۇنداقتۇر.

— ئادەملەردىن ھەركىشى پەرىشتىلەرنىڭ خۇي - ئەخلاقى بىلەن ئۆزىنى يېتىشتۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەلىدۇر، بۇلارغا سىياسەتنىڭ ھاجەتى بولماس، ۋەھشىيلىك سۈپەتتىكىلىرى بولسا، ئادەم جىنسىنىڭ ئەڭ يامىنى بولۇپ، دەررەندىلەردىنمۇ بەتتەردۇر. سىياسەت يۈرگۈزۈپ باشقۇرۇلىدىغان ئادەملەر مۇشۇلاردۇر. شائىرلەر ئېيتىپدۇرلەر:

قىتئە:

سىياسەت خۇبدۇر شاھلىق ئىشىغە،
ۋەلەيكىن خۇپ ئىمەسدۇر ھەر كىشىغە.
ئال، يىگىل موزىرلەر جانسپاكىن،
بولىپ ئالغىل يامان قۇشلەر پەررۇبالىن.

نوشىرۋاننىڭ زامانىسىدە بىر زالىم بىر ئەزىزنى بىر قامچە ئۇردى، ئول بىچارە بىرىپ نوشىرۋانغە ئەزىز ھال قىلدى، نوشىرۋان دەرھال ئول زالىمنى سىياسەت ئورنىغا ئېلىپ كېلىپ، جۇدايى تەن قىلدى، بۇ چاغدا نوشىرۋاننىڭ خاسىبلىرىدىن بىرى:

— ئېي پادىشاھ، مەن سىزنىڭ قىلمۇاتقان بۇ ئەدلىڭىزدىن تەئەججۇپ قىلىۋاتىمەن، چۇنكى سىز ئازغىنە جىنايەت سەۋەبىدىن بىر ئادەمنى جانسىز قىلدىڭىز، — دېدى. نوشىرۋان ئۇنىڭغا:

— سەن خاتا ئېيتتىڭ، مەن ئادەمنى ئۆلتۈرمىدىم، بەلكى ئىت ـ بۆرىنى ئۆلتۈردۈم. يۇرتتىكى يىلان ـ چايانىنىڭ بېشىنى ۋە نەشتىرىنى ئۈزدۈم، — دېدى.

بېيت:

ئىرۇر ھەر ئادەمكىم مەردئازار،
ئەنىڭدىن ياخشىراقدۇر گەژدۇمى مار.

مۇنداقلارنى تېخىمۇ تەربىيەت ئاستىغا ئېلىپ، كىشىلەرگە يامانلىق قىلالمايدىغان قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى خار تۇتۇش

لازىم بولىدۇ.

بەشىنچى، كىشىلەرگە يامانلىق ۋە زۇلۇم ـ ستىمىدىن باشقا ئىش كەلمەيدىغانلار، مانا بۇلارغا سىياسەتنى راسا قاتتىق ئىشلىتىپ، جازالاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارنى باشقۇرۇشتا مۇنداق مۇئامىلىدە بولغان دۇرۇس: ئالدى بىلەن ئۇلارغا شەپقەت ۋەدىسىنى بېرىش، ياخشى ئىش قىلىشقا ئۈندەش، يامان جازالار بىلەن تەنبىھ قىلىپ، يامان يولدىن ياندۇرۇش، نەتىجە بولمىسا، ئۇلارغا قاتتىق پوزىتسىيە بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىش، يەنە نەتىجىسى بولمىسا جازا كۆرسىتىش، ئۇنىڭ بىلەن تۈزەلمىسە قاماش، بەندىگە سېلىش كېرەك، ئاخىرقى پەيتتە ئۆزگەرمىسە، ئۆلتۈرۈش جازاسى قىلىش كېرەك.

ئۆتكىم ئۇنىڭ تابۇشىدىن خەلقىنىڭ جانى كۆيەر،
ھېچ ئىلاجى بولماغاي ئاخىر ئۆچۈرمەكتى بۆلەك.

سىياسەتنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى يىتىنىنى يوقىتىشتۇر، چۈنكى يىتىنىنى قوزغايدىغان ئادەم ئاخىرىدا خەلق ئارىسىدا ئەندىشە ئۇرۇقلىرىنى ھەر تەرەپ چېچىپ بارىدۇ، ئەگەر ئۇلار سىياسەتنىڭ ئوتى ئۆرلەپ ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنى كۆرسە، دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ پىنھان بولىدۇ، ئەگەر سىياسەت ئىشىدا ئازغىنا يوچۇق ياكى بوشلۇقنى تاپسا، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، مىڭ يىتىنىنىڭ بۇلاقلىرىنى ئاچىدۇ، ئالەمگە ھەر تەرەپتىن بۇزغۇنچىلىق ئوتلىرىنى ياقىدۇ.

نەزىم:

ئەگەر قىلمىش بولسە سۇلتان سىياسەت،
ئۇرار ھەرنا كەسى لاپى رىياسەت.

سالۇرلەر سەۋرىشى رۇيى زىمىنگە،
كى ۋەيرانلىق يېتەر دۇنيا ۋە دىنگە.
رەلا زەپتىن ئارا كۆرمەس خالايىق،
بىلۇرلەر پىتنەنىڭ يولىنى لايىق.

بۇ مەنىدە يەنە مۇداق بېيىتلەر خاتىرىدۇر:

ئەگەر يوق بولسا ناگەھ شاھنىڭ شەمشەرىدىن ھەيۋەت،
زامانى كەچمەي ئول شەھەر ئىچرە شەۋرىشلەر بولۇر پەيدا.
كىشىكىم گەرچە ئوڭ، سول ئىلكىن ئىستىياز ئەتمەس،
قولىدىن كەلسەكى بىر دەمدە مىڭ پىتنە قىلۇر پەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# ھوشيارلىق ۋە بىدارلىق توغرىسىدا

پادىشاھلار مەملىكەت ئىشلىرىدا بىپەرۋالىق قىلالمايدۇ. بەلكى، خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى بەكمۇ زۆرۈر بولىدۇ.

بۇرۇنقى پادىشاھلار ئارىسىدا نىيەتتە ئادىل، راسكۆي كىشىلەرنى خەلق ئارىسىغا مەخپىي قويۇپ، جەمئىيەتنىڭ، دۆلەت ئىشلىرىنىڭ، خەلق ھالەتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار قويغان ھېيلىقى خالىسلەر، ئەڭ راستچىللىق بىلەن مەملىكەت ۋە شەخسىيلەرنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئەھۋاللىرىدىن مەلۇمات بېرەتتى. پادىشاھلار ئۇلارغا تايىنىپ، يۇرت باشقۇرۇشنىڭ بىر يۇرۇش ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەيتتى. ئادالەت بىناسىغا نۇقسان يېتىدىغان ياكى دۆلەت ئىشلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان ئەھۋاللارنى بولسا، ئۆز ۋاقتىدا چارە قىلىپ ئالدىنى ئالاتتى. بېيىت:

پۇتكەي ئاسانلىق بىلەن ھەرنىچە مۇشكۇل كارۇ ـ بار،
گەر قەدەم قويساڭ ئىلكىدىن بەرمەستىن ئىختىيار.

بۇرۇن، كېچىلەردە كىشىلەر تونۇمايدىغان ھالدىكى

كىيىملەرنى كىيىپ، جەمئىيەت ۋە پۇقرالارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان كىشىلەر بار ئىدى. چۈنكى پادىشاھلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ئاشكارا مۇخبىرلىقتا قويۇلغانلار كۆپىنچە ئۆز مەنپەئىتى بىلەن زامان يۈزلىنىشىنى كۆزلەپ (ياكى پۇرسەت تاپالماي)، پادىشاھقا يۇرت ئەھۋالىنى ئوبدان تونۇشتۇرمىغانلىقىدىن بولغانىدى. ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ كېچىلىرى شەھەر كوچىلىرىدا، خەلق ئارىسىدا يۈرۈۋېرەتتى. ئۇچراتقان تونۇش تەبىقە كىشىلەردىن: «داۋۇت سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭ خادىملىرى سىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر كىشىلەرنىڭ پىكرىدىن ئۆزىنىڭ خەلقنى باشقۇرۇش تۈزۈمىدە بىرەر يېتەرسىزلىكنى ھېس قىلسا، دەرھال ئۇنى تۈزىتەتتى.

سۇلتان مەھمۇد غازىدىنمۇ مۇشۇنداق ئەمەللەر سادىر بولاتتى. ئەگەر پادىشاھلار كېچىلەردە كوچىلارغا چىقىپ ئەھۋال ئىگىلەشتە بىرەر خەتەرلىكلەرگە ئۇچراپ قېلىش ئېھتىمالى بولسا، ئۇنىڭغا مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سەممىي كىشىلەردىن مۇخبىرلىققا ئورۇنلاشتۇراتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلار بولسا، رەھمەت ئېيتىپ، زىياپەتلەر قىلىپ، ئۇلارنىمۇ يۇرت ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ۋاقەگويلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قالماسلىقىغا، مال ـ دۇنيا بېرىپ ئالداپ قويماسلىقىغا قاتتىق دىققەت قىلاتتى. كىشىلەرنى خالىغان چاغلاردا مەيلى پادىشاھقا ياكى ۋەزىرلەرگە كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتالايدىغان تۈزۈملەرنى جارى

قىلىدۇرغاندا، پادىشاھ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كۆللى جۇزئى ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولالايدۇ. ئەنە شۇ ھالدا پادىشاھنىڭ مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك خادىملىرى ۋە پۇقرالار ئىچىدە پادىشاھ يولغا قويغان تۈزۈملەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان، ھېچبىر كىشى قالايمىقان سۆز ـ ھەرىكەت قىلالمايدىغان نوپۇزلۇق كەيپىيات ئومۇملىشىدۇ.

نى خۇشدۇر ۋەھكى بۇدەھر ئىچرە كار ئاگاھلەر خىيالى،
كى ھەرگىز بولماسۇن يارەپ جەھان بۇ خۇلقىدىن خالى.

قەدىمكى پادىشاھلاردىن بىرى ئۆزىنىڭ خاترە بەتلىرىگە «ئەتتە ئەزىمۇل ئەمرىللاھ» (خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا تەزىم قىلىش ھەربىر كىشىگە لازىمدۇر) دەپ، نەقىش سىزىقى بىلەن زىننەت بەرگەنىدى ۋە «ۋەششەپقەتۇئەلا خەلقىللاھ» (بەندىلەر ئۈستىدە داۋاملىق شەپقەت سايىسىنى تۇتۇش كېرەك) بايرىقىنى مەرھەمەت مەيدانىدا كۆتۈرگەنىدى. بۇ توغرىدا بىز ئۇن توققۇزىنچى بابتا بايان بەردۇق.

ئەنىڭ ئەدالىتىدىن جۇپت ئەردى بازۇ كىلەك،
كى بىر ـ بىرىغە داغۇ ھەمدەم ئەردى شىرۇشۇغال.
نى ئول ھاۋادا ئەنىڭ سارىغە جەڭگال،
نى بۇ يەر ئۆزرە ئۇزاتمىش مۇنىڭ سارى چاڭگال.

ئۇنىڭ زامانىدا ھېچبىر كىشىنىڭ پىسقى ـ پۇچۇر ئىشلارغا جۈرئەتى ۋە مەجالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ خىزمىتىدە ھەربىر كىشىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى شۇلارنىڭ رۇخستى

بىلەن قىلىدىغان ھوقۇق ئىگىلىرىمۇ بار ئىدى، پادىشاھنىڭ قاشىدە تۇرغان بۇ ئەمىرنىڭ ئۆزى بۇزۇق نىيەتلىك كىشى بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈنۈشنى ئىنتايىن سەمىمىي ساداقەت بىلەن توغرا ئىش قىلىۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتەتتى ۋە ھېچ كىشىدە ئۇنى پاش قىلىش جۈرئىتى يوق ئىدى. ئاخىرى پادىشاھنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارىلىغاندا، مەملىكەتنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ۋە سەلتەنەت نوپۇزىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا مەخپىي ھالدا ئاگاھ بېرىش قارارىغا كېلىپ، بۇ ئەمىرنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا:

— ماڭا بىر قۇش كېرەك، ئۇنىڭ تۇمشۇقى قىزىل، قاناتلىرىنىڭ ئۈچى قارا، باشقا ئەزالىرىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇشى كېرەك، بۇ قۇشنى سەندىن باشقا بىرسى تاپالمايدۇ. سەن بېرىپ شۇ قۇشنى تېپىپ كەل، — دەپ بۇيرىدى. ئەمىر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى سەمىمىيلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇ بۇيرۇقنى ئورۇنلاشقا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلدى. پادىشاھ بۇ ۋاقىتنى قوبۇل قىلدى، ئەمىر چىقىپ بۇ سۈرەتتىكى قۇشنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ كۈنلۈك ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، پۈتۈن شەھەر ـ قىشلاقلارنى قويماي ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قۇشنى تاپالمىدى. ئاخىر ئاجىز بولۇپ، شاھنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە كۆپ ئۆزرە ئېيتىپ:

— ئېي شاھىم، مەن ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى بىجانىدىل ئورۇنلاش يولىدا ھەممە ئىقتىدارىمنى سەرپ قىلدىم، لېكىن بۇنىڭدىن بىرەر نەتىجە چىقىرالمىدىم. ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا ئىجازەت بەرسىلە، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىر قۇش ئېلىپ كەلسەم، — دەپ يىلىندى.

پادىشاھ:

— مېنىڭ شەرتىم شۇ خىل قۇشتىن باشقا قۇش ئەمەس، مەن ئۇمۇمىي ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ئىمتىيازىنى ساڭا بەرگەن. ھازىر مۇشۇ ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك جانۋارنى تېپىشقا ئاجىز كېلىسەن؟ ھازىر مەن ساڭا يەنە ئۈچ كۈنلۈك ئىجازەت بەردىم، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە جەزمەن شۇ قۇشنى تېپىشىڭ كېرەك، — دەپ قەتئىي كەلتۈردى.

ئەمىر يەنە بىرىپ بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئىزدىدى. لېكىن، ئۇ خىل قۇش كۆرۈنمىدى، شۇنىڭ بىلەن يەنە قايتىپ كېلىپ، شاھقا ئاماقۇل بولدى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ:

— بارىكاللا! سەن پۈتۈن شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە كېلىپ بۇ خىل قۇش مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە بىر ئۆيدە تۇرۇقلۇق، سەن ئۇنىڭدىن بىخەۋەرسەن، ھازىر چىقىپ شەھەر چارسۇسىغا بېرىپ شەرقىي بازار بىلەن يۈرسەڭ، پۈستانى مەسچىتىنىڭ ئىشىكىگە بارىسەن. شۇ مەسچىت ئالدىدا تۇرۇپ، ئوڭ قول تەرەپكە قارىساڭ، ئۇ يەردە بىر مەھەللىنى كۆرىسەن، ئۇ مەھەللىدە مۇنداق بەلگىلىك بىر كوچا بار، ئۇ كوچىدا مۇنداق شەكىللىك بىر ھويلا بار، ئۇ ھويلىنىڭ ئىچىدە ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە ئېچىلغان بىر ئۆي بار. شۇ ئۆينىڭ ئالدىدا بىر سۇپا بار، سەن شۇ سۇپىغا چىقىپ ئالدى بىلەن سول قول تەرەپكە قارىساڭ، بىر ئۆي كۆرىسەن. بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ئۆي بار، شۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسەڭ، ئۇ يەردە سېرىق يوپۇق يېپىلغان بىر قەپەز بار. شۇنى ئېلىپ چىقساڭ، مەن ئېيتقان قۇش شۇنىڭ ئىچىدە بار. شۇنى ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ، — دەپ بۇيرىدى. ئەمىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران

بولۇپ، پادىشاھ كۆرسەتكەن يولغا كىرىپ، ئىزدەپ تېپىپ ئۇ قۇشنى قەپەزلىرى بىلەن ئېلىپ كەلدى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ئەمىرگە قاراپ:

— ھۆكۈمەت ۋەزىرلىرى دېگەن ئۆز شەھەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خۇددى ماڭا ئوخشاش خەۋەردار بولۇشى كېرەك، — دېدى.

ئەمىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق پىكىر قىلدى:

«پادىشاھ شەھەرنىڭ بازار، كوچا ـ مەھەللە، ئۆي ـ ئايماق ۋە ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن بۇ قەدەر خەۋەردار بولغان يەردە، مېنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىمدىن ئەلۋەتتە خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمدى خۇپىيانە ئىش قىلماسلىقىم كېرەك» دەپ ئىرادە قىلىپ، توغرا يولدا مېڭىشقا باشلاپتۇ. بۇ ھېكايەتلەردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولىدۇكى، پادىشاھلار ھەر ۋاقىتتا ئەھۋالدىن مۇشۇنداق چوڭقۇر ۋە ئىنچىكە خەۋەردار بولسا، سەلتەنەت پىلانى ۋە ئەمىنلىكى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق زور مەنپەئەتى بولىدۇ. مەسنەۋى:

بۇ يەڭلىغ بەردى مەرھەمەت ئائىن،
خەۋەر ئىران زېمىنىنىڭ شاھلىرىدىن.
كى ھورمۇز نەز ئىجانلىق ھالەتىدە،
دېدى خۇسرۇۋغا كىم «ئېي نۇردىدە.
جەھان ئەھلى ساڭا ۋابەستە دۇرلەر،
كى ھۆكمىڭ قەيدىدە پابەستە دۇرلەر.
ھەمىشە ئۆزۈڭنى ئەيلەگىل بىدار،

ۋىلايەت ھالىدىن بولغىل خەۋەردار،
سېنىڭ زېمىنىڭگەدۇر بۇ شەھەر سەھرا،
كى غاپىل بولماغىل ھىچ ۋاقىت ئەسلا.

غەپلەتنى قايتۇرۇش ۋە ئۇنى بېسىپ چۈشۈش ئەلۋەتتە ھوشيار كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىدۇر، بولۇپمۇ پادىشاھلار ھوشيار ۋە بىدارلىقنى ئۆزىگە پەزىلەت قىلسا، كۆز ئالدىدىكى ھەربىر ئىشلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

مەنسۇر خەلىپە «مەن ئۈچ خىل كىشىگە موھتاج» دەيدۇ. بىرىنچى، خەلقلەرنىڭ مالىنى ماڭا بەرمەيدىغان، مېنىڭ مالىمنىمۇ خەلقنىڭ قولىدا قويماي، سەممىيەتلىك بىلەن ئىشلەيدىغان خادىمدۇر. ئىككىنچى، كىشىلەردىن تەمە قىلمايدىغان، غەيرى غەرەزدە بولماي ئىللا ھۆكۈم قىلالايدىغان، زۇلمى رەسىدىلەرنىڭ ئىنتىقامىنى زالىملاردىن چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئالالايدىغان ھاكىملەردۇر.

ئۈچىنچى، ئۇ شۇنداق كىشىكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى كەمىيابدۇر دەپ، چوڭ نەپەس ئالدى خەلىپە. ئۇنىڭ سەپداشلىرى:

— ئۇ كىشىلەر قانداق كىشىلەردىن بولغاي؟ — دەپ سوراشتى.

خەلىپە:

— ئۇ پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ چوڭ ـ كىچىك، ئىچكى ـ تاشقى ئەھۋاللىرىنىڭ سۈرەتى قايسى ھەيئەتتە بولسا، شۇ بويىچە ماڭا ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئەگەر مۇنداق كىشى پادىشاھنىڭ قولىغا كەلسە، خەلق ئىچىدە پىتنە ـ پاساتلار يوقىلىپ، ھەممە كىشىدە تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق، ئالىي

ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ئومۇملاشقان بولاتتى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى.
ئەردەشىر بابەك ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە تۇۋەن قاتلام ئەمەلدارلىرىنىڭ ئەھۋالىنى داۋاملىق تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا ئەھمىيەت قىلاتتى. ئۇ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ ھەربىر ھاكىم، ھەربىر ئەمىرىگە: «سەن تۈنۈگۈنكى بىر كۈنلۈك خىزمىتىڭدە ئۇنداق ئىشلىدىڭ، پالانى يەردە مۇندا يۇردۇڭ، مۇنداق تۇردۇڭ، پالانى كىشىگە مۇنداق قىلدىڭ، پالانى جايدا ئۇ قىلدىڭ» دېگەنگە قەدەر ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇراتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل سۆزلىرىدىن تەئەججۈپ قىلىپ، ئۇنىڭغا پەرىشتىلەر خەۋەر قىلىپ تۇرىشىدۇ دېيىشەتتى. لېكىن ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس ئىدى، بەلكى پادىشاھنىڭ ھەربىر خىزمەتچىسىنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىنى ئىگىلەپ تۇرىدىغان، پادىشاھقا يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان خەۋەرچىلىرى بار ئىدى. رۇبائى:

ساھىبى خەير ئەل شاھىغە ھەمدەم دۇرلەر،
شاھ ئالدىدا مەقبۇل مۇكەررەم دۇرلەر.
زۇلۇم ئەھلى جانىغە يەتكۈزۈرلەر يۈز نىش،
ھەم زۇلمىكەش ئەل زەخمىگە مەرھەم دۇرلەر.

پادىشاھلار ئۆز ئالدىغا توغرا كەلگەن ئىشلار توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك لىللا خەۋەرچىلەرنىڭ خەۋەرىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلماسلىق كېرەك.
چۈنكى، ھەربىر ئاگاھلىق، ھۆكۈمدە يېڭىلمەسلىكنىڭ ئاساسىدۇر. ئالىملار مۇنداق دېيىشىدۇ، پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى قازا ۋە قەدەرگە ئوخشاشتۇر، چۈنكى ئاللاتائالا تەرىپىدىن ھۆكۈم

كەلسە، ھېچبىر يول بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس.

بېيىت:

ئەگەر بولسە قازانىڭ ياسىدىن تىر،
ئەنى مەنۇۋ ئېتەلمەس ھېچ تەدبىر.

شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلىق جارىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرى: ئۈچۈق دەلىل - ئىسپات ۋە غەرەزسىز گۇۋاھچىلارنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ ئەينەكىدە ۋەقەلىكنىڭ ھەقىقىي جامالىنى كۆزىتىپ كۆرمەي ھۆكۈم قىلماسلىقدۇر دېيىلدۇ. قىتئە:

نى خىرەد پىسەنت قىلغاي ى شەرىئەت ئەھل تەجۋىز،
كى گۇۋاھ سابىت ئوماي قىلۇر ئەرسە شاھ پەرمان.
شاھ ئەگەر يورۇتسە ھۆكمى بولۇر قازا مەسەللىك،
گەھى جان ئالۇر مۇنىڭدىن گەھ بەرگۈسى ئاڭا جان.

پادىشاھلىقنىڭ يەنە بىر شەرتى — گۇمانغا تايىنىپ بىگۇناھ كىشىلەرنى زەرەرجازا قۇدۇقىغا ئىتتىرىۋەتمەسلىكتۇر، چۈنكى تولا چاغلاردىكى ئاساسسىز گۇمانلار كىشىلەرنى ئاسىيلىق تەرىپىگە ئېلىپ بارىدۇ، ئاللاتائالا قۇرئانى كەرىمدە «ئىننەبەئزەز زەننى ئىسمۇن» (ھەقىقەتەن بەزى گۇمانلار گۇناھدۇر) دەپ كەلتۈرگەن.

ئەگەر پادىشاھ ۋە ھاكىملەر ئالدىغا كەلگەن چوڭ - كىچىك ھەرقانداق ئىشنى دەلىل - ئىسپاتلىرى بويىچە ھەقىقەتلىمەستىن، پەقەت گۇمانى تۇيغۇلار بىلەن ھۆكۈم

قىلىۋەتسە، يەنە كېلىپ بۇ گۇمان خاتا بولۇپ كۆرۈلسە، ئۇ چاغدا ئۆزىنى ئاللانىڭ جازاسىغا قالدۇرغان بولىدۇ.

قىتئە:

گۇمان بىرلە ئەلەم يەتكۈرمەگىل كىم،
يېقىن بىلمەي ئۇقۇبەت جايىز ئەرمەس.
مۇھەققەق بولسا بۇ باتىل ئىش ئاخىر،
پۇشايمان ئاندە ھەرگىز سۇد بەرمەس.

پادىشاھى قۇبادنىڭ زامانىدە بىر كىشى بىر كونا ئۆيگە كېلىپ بېشى كېسىلگەن بىر جەسەتنى كۆردىكى، ئۇنىڭ مەيدىسىدە باشنى كەسكەن پىچاق قويۇلغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ كىشى بىھوش بولۇپ يىقىلدى، نەق مەيدانغا بۇ شەھەرنىڭ ھاكىمىنىڭ بىر خىزمەتچىسى كېلىپ، ھېلىقى كىشىنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، قانلىق پىچاقنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئاستى، ھاكىم قاشىغا ئېلىپ كىرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى، بۇنى كۆرگەن ھاكىم تولىمۇ غەزەپلەندى، ئاندىن:

ــ ئېي خۇدادىن قورقماس، نېمە ئۇچۇن ناھەق قان تۆكتۇڭ؟ ــ دەپ سوراق قىلدى. ئۇ بىچارە:

ــ ئېي ئەمىر، مەن ھېچكىمنىمۇ ئۆلتۈرگىنىم يوق، يول ئۈستىدە كېتىۋېتىپ بۇ جايغا كىرگەنىدىم، شۇ يەردىن بۇ كىشى مېنى باغلاپ ئەكەلدى، مېنىڭ نە ئۆلگۈچىدىن، نە ئۆلتۈرگۈچىدىن ھېچ خەۋىرىم يوق، ــ دېدى.

ھاكىم:

ــ مېنىڭ گۇمانىمچە سەن ئۆلتۈرگەندۇرسەن، بۇ يەردە ئانچىكىم يالغاندا بولۇپ، مېنىڭ ئالدىمدىن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى

www.uyghurkitap.com

بولغاندۇرسەن، ــــ دېدى. ئۇ كىشى:

ــــ ئېي ئەمىر، گۇمان بىلەن ماڭا غەزەپ قىلماڭ، چۈنكى ئاللاتائالا خەۋەر بېرىپ، «ئىننەززەننەلايۇغنى مىنەلھەققى شەيئەن» (ئاساسسىز گۇمان ھەقىقەتتىن خەۋەر بېرەلمەيدۇ) دەپ كەلتۈرگەن.

ئىزاھات: ھېچبىر ۋەقەدە گۇماننى ھەقىقەت ئورنىدا قويغىلى بولمايدۇ. ھاكىم ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي، ئۇنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنى دار ئاستىغا ئېلىپ كېلىپ، بويىنىغا ئارغامچا سېلىپ ئاسماقچى بولۇپ تۇرغاندا، كۆرمەككە كېلىپ تۇرغانلار ئىچىدىن بىر ياش چىقىپ جاللاتلارنىڭ قېشىغا كەلدى:

ــــ بىر سائەت توختاڭلار، مەن ھاكىمنىڭ قاشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئەسلى سۈرەتى بىلە مەلۇم قىلىمەن، بۇ كىشى بىگۇناھتۇر، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈش ــــ شەرىئەتتىكى ئېغىر ۋاباللىقدۇر، ــــ دەپ ھاكىم قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، ــــ ئېي ئەمىر، ئۇ ۋەيرانەلىكدە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قاتىلى مەندۇرمەن، ئۇنى مەن ئۆلتۈرگەنىدىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى، پۇرسەت كېلىپ قېلىپ، دەرھال ئۆلتۈردۈم، ھازىر دارغا ھۆكۈم قىلىنغان كىشى بىگۇناھتۇر، ــــ دېدى.

ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆپ پىكىر ـ تەئەممۇل قىلغاندىن كېيىن، «مېنىڭ بۇنداق گۇمان بىلەن كىشىلەرنى گۇناھقا ھۆكۈم قىلىشىم ئادىللىقتىن بولمىسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ، ئاندىن كېيىن ئاساسلار ئېنىقلىنىپ بولغۇچە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى زىندانغا ئېلىڭلار، دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاندىن

ھاكىم شاھى قۇبادقە بۇ ۋاقىئەلىكلەرنى ئۆز سۆزىدە بايان قىلدى، شاھ بۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئالىملاردىن سورىدى. ئۇلار:

— بۇ ئىككىيلەننىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئۆلۈم توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى بىگۇناھتۇر، يەنە بىرى بولسا، يەنە بىر كىشىنىڭ ھاياتلىقىغا سەۋەب بولۇپتۇر، — دېدى. شاھ بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئىسىل كىيىملەرنى بېرىپ ئازاد قىلمۇەتتى. ئاندىن كېيىن بۇ ۋەقەلىكلەرنى كېلەچەكلەرگە «گۇمان بىلەن قان تۆكمەسلىك» كە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ۋەسىيەتنامىسىگە يازدۇرۇپ قويدى. قىتئە:

ئادالەت رەسمىدىن ئەرمەس گۇمان بىرلە غەزەپ قىلماق،
يەنە تەھقىق بىلمەي ئەل قانىن يوقتۇر راۋا ساچماق.
دىيارىكىم گۇمان بىرلە ئەنىگدە ھۆكمى سۈرگەيلەر،
ئىرۇر ۋاجىبكى جان ۋەھمىدە ئاندىن چۈستىراق قاچماق.

پادىشاھلاردىن بىرى بىر كۈنى يۇرت ئەھلىلىرىنى جەم قىلىپ بىر چوڭ مەجلىس ئۇيۇشتۇرۇپتۇ، ئۇ پادىشاھنىڭ ھىمايۇن جەمالىدىن كىشىلەر تەۋەرۈك ئىزدەپتۇ.

مىسرائ:

شاھلارغا قارىماق دىدەنى روشەن ئەيلەر.

مەجلىستىكى كىشىلەر ئارىسىدىن بىرسى سۆز باشلىدى:

— ھەر كىشى پادىشاھنىڭ جامالىغا مۇشەررەپ بولسا، ئۇ كىشىگە نەپىس ھەدىيە، ئىززىز تۆھپىلەرنى پادىشاھنىڭ

نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈش لازىم. ئەمما مېنىڭ ئىمكان قولۇم بۇ نەرسىلەرگە يەتمەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئورنىدا ھېكمەت خەزىنىسىدىن شاھسۇار سۆز گۆھەرلىرىنى پادىشاھ مەجلىسىگە نىسار قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى.

پادىشاھ:

— مېنىڭ نەزىرىمدە سۆز جەۋھىرى بارلىق جەۋاھىراتتىن ياخشىراقتۇر، سېنىڭ يۈرەك ساندۇقۇڭدا ساقلانغان قانچىلىك بىساتىڭ بولسا ئاشكارا قىلغىن، — دېدى. بۇ كىشى سۆز باشلاپ مۇنداق دېدى: «ئەي پادىشاھ، جەزمىيەت بىلەن گۇماننىڭ ئارىلىقى تۆت ئىلىكتىن ئارتۇق ئەمەس، يەنى كۆز بىلەن كۆرۈلگەن ھەرقانداق نەرسە ھەق ۋە ھەقىقەتتۇر، ئەمما قۇلاق بىلەن ئاڭلانغان نەرسە گۇماندۇر، ئۇنىڭ باتىللىق ئېھتىمالى ھەم كۆپتۇر. مىسرا:

ئىشتىمەكلىك قاچان كۆرمەككە ئوخشاش.

پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى ھەربىر نەرسىدە جارى بولىدۇ، ئەھۋال مۇنداق بولغاچ ھۆكۈم قىلماقچى بولغان ھەربىر مۇھىم ئىشنىڭ ئۈستىدە گۇمان پەردىسىنى يۈزۈڭدىن كۆتۈرۈپ، تەئيىن كۆزى بىلەن ئېنىق كۆرۈشۈڭ كېرەك، ناۋادا ھەقىقەتسىز ھۆكۈم قىلىنىغاندىن كېيىن گۇمان پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ، ھەقىقىي ئەھۋال باشقا قىياپەتتە يۈز كۆرسەتسە، ئۇ چاغدا سەن دۇنيادا چوڭ بەدنامغا قالىسەن، ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولىسەن.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرگە تەھسىن قىلىپ، قوبۇل قىلىشقا قۇلاق سالدى.



www.uyghurkitap.com

قىتئە:

ھوكمىكىم تەھقىق ئاڭا ھەمراھ ئىرۇر،
مۇلكى مىللەت ھۆسنىغە رۇتبەت بىرۇر.
ھۆكمىكىن بەس ئاڭا بولدى نۇمان،
تەنگە ئاپەتتۇر يەنە ئاشۇ بىجان.

كىشىلەر بىر ھەكىمدىن:
— پادىشاھنىڭ ئەقلىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا قانچە نەرسە سەۋەب بولۇر؟ — دەپ سوراشتى. ھەكىم:
— چىرايلىق، ئۈز نەرسىلەر پادىشاھلارنىڭ ئەقلىنى بۇزىدۇ، چۈنكى پادشاھ دىگەن چىرايلىق نەرسىلەرگە ئامراق، سۇرەتپەرەس بولۇپ قالسا، ئۇ ھالدا مەملىكەتنىڭ ئەھۋالىدىن بىخەۋەر، نەپسىگە ئەگىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەر كىشى ھەم نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا ھېرىس بولسا، ئۇ چاغدا ھېچ كىشىدىن پەرۋا قىلمايدىغان، ھەممە نەرسىدىن بىخەۋەر بولۇپ قالىدۇ.
بېيىت:

كىشىكىم نەپسى شەھۋەت ئارزۇسى ئەنى مەست ئەتتى،
دىگىل ئەلۋەتتە كىم بارچە ئىش ئەنىڭ ئىلكىدىن كەتتى.

تارىختا مۇنداق مەشھۇر بىر ۋاقىئەلىك بار، پادىشاھ ئىسكەندەرگە كىشىلەر:
— سىز ئۇلۇغ پادشاھ بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە كۆپ خوتۇنلارنى ئالسىڭىز، پەرزەنتىڭىز كۆپرەك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىزنىڭ ۋارىس ۋە يادىكارىڭىز بولۇپ قالىدۇ، — دەپ ئېيتتى. ئىسكەندەر بۇلارغا جاۋاب بىرىپ:

— مېنىڭ يادىكارىم ئەدلى ۋە ياخشى ئاتىدۇر، ئەگەر بىر كىشى بارلىق ئەرلەرگە غالىپ كېلىپ، ئاخىرى خوتۇنلارنىڭ ئالدىدا خار ۋە زەبۇن بولسا، ئۇ ئىنسانغا بەكمۇ قەبىھ ۋە نومۇسدۇر.

بېيىت:

مەردلىك رەسمىدىن ئەرمەس بىر دەمى شەھۋەت ئۈچۈن،
ئۆزىنى سۆس ئەيلەپ خوتۇنلار ئالدىدا بولماق زەبۇن.

ئىككىنچى، ھېرىس بولۇپ ئەگەر پادىشاھلار مال يىغىشقا ھېرىس بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ھالال ـ ھارامغا چەك قويمايدۇ ھەم مەملىكەت بىلەن خەلقنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ. ئۆزىدىن باشقا كىشىدە ئىقتىسادىي مال ـ مۈلۈكنىڭ بولۇشىنى راۋا كۆرمەيدۇ، ھەممە ئىقتىسادنى ئۆزىگە توپلايدۇكى، تويمايدۇ.

ھېرىس ئەھلى كۆزلەرىنىڭ كاساسى پۇر بولمىدى،
تاسە دەپ قىلماي قانائەت ئاغزى دۇردىن تولمىدى.

بىر زاھىد پادىشاھلاردىن بىرسىگە ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «ھازىر سېنىڭ بارلىق پۇراقلىرىڭ مالدار بايدۇر، بۇ ھالەتتە سەن بايلارنىڭ پادىشاھىدۇرسەن، ئەگەر ئۇلار بۇ بايلىقلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇ ھالەتتە سەن گادايلارنىڭ شاھى بولۇپ قالىسەن، خۇددى فىردەۋسى دېگەندەك:

ئەگەر پادىشاھ كۆزلىسە گەنجىنى،
رەئىيەتكە يەتكۈزگۇسى رەنجىنى.

خەزىنەكى ئول زۇلمى ئىلە تولغۇسى،
يىقىن بىلكى، يەل بىرلە سورۇلغۇسى.

بەزى كىشىلەر پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپ:

— پۇقرالاردىن پۇل ئېلىپ خەزىنىنى تولدۇرغىن، — دېيىشتى.

بۇ چاغدا پادىشاھ:

— پۇقرالارمۇ خەزىنىدۇر، بەلكى ھەممە خەزىنىلەرنىڭ ياخشىراقىدۇر. ئۇنى ھەرقانچە سەرپ قىلغان بىلەنمۇ تۈگىمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ خەزىنەمنى تولدۇرغاندىن كۆرە، بەلكى شۇ خەلقنىڭ قولىدىكى خەزىنىلەرنى تولدۇرغىنىم ياخشىدۇر، — دېدى.

غەپلەتنىڭ ئۈچىنچى سەۋەبى — شارابى ئىشرەت بىلەن مەشغۇللىنىپ كېتىپ، بىپەرۋالىققا مەيلان قىلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھلار شارابخۇمارلىق ۋە مەست ھالەتتىن ساقلىنىشى كېرەك. ئەگەر پادىشاھلار مەستلىككە يۈزلەنسە، ھەممە مۈلكىدىن بىخەۋەر بولىدۇ. بۇ پۇرسەتتە پادىشاھنىڭ بىر قىسىم قالاق خادىملىرى ئۇنى مۈلۈكتىن غاپىل تېپىپ، ئۆزلىرى خالىغانچە ئىسراپ ئېتىدۇ.

بېيىت:

بىخەۋەر ئولكىم لىبىسىنى مەيدىن ئەتمەك بىلە نەم،
بىخەۋەرلىك سەيھەسى ئۆزرە يورۇتمىشىدۇر قەلەم.

مەستلىكىدە سادىر بولغان قەبىھ ئىشلار بەكمۇ كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىدىن ئىنسانغا يېتىدىغان زەرەرنىڭ سانىنى بىلىپ

بولماستۇر، ناۋانىكى، ھۇشيارلىقنىڭ يېنىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ خىل زىياننى يەنە تولدۇرالمايسەن.
قىتئە:

مەست بولماغلىق جاھاندار ئەھلى رەسمىدىن ئىمەس،
سەلتەنەت ئىچرە ياراشۇر شاھىغە ھۇشيارلىق.
شاھ جەھانغە پاسىبان مەستلىك ئۇيقۇدەدۇر،
پاسىبانغە لايىق ئولمىش ئۇيقۇدىن بىدارلىق.

«ئەلھەمدۇلىللا ھىستتەۋۋاب» (مەدھىيە ـ تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچى ئاللاغا خاستۇر) بۇ شاھزادە شۇنداقكى، دارايى مەملىكەت، ئارايى پەرىدۇن بەخت، ئىسكەندەر تەخت، ئافتابى تەلئەت، جەمشىدى شەۋكەتدۇر. قىتئە:

ئەبۇلمۇھسىن ئول خىسرەۋى نامدار،
قاۋانمىش ئاڭا سۇرۇرى سەمەند.
ئادالەت بىلەن سەنجەرى ساندۇر،
ئاڭا بەردى ھەق مۇلكى سەنجەرى.

ئول زادە «توبۇ ئىلەللاھى تەۋبەتەن نەسۇھا» (ئۆز گۇناھىڭلاردىن قايتىپ، ئاللاغا نەسۇھادەك تۆۋە قىلىڭلار) پەرمانى بىلەن تەۋبە ئالەمىگە قەدەم قويدى. ئىستىغپار ئىشىكىنى «ئەستەغپىرلىزە نىبكە» (گۇناھىڭغا مەغپىرەت تىلىگىل) ئاچقۇچى بىلەن ئاچتى. «ۋەئەنبۇ ئىلا رەببىكۇم» (ھەممىڭلار پەرۋەردىگارىڭلەر تەرەپكە قايتىڭلار) غا قوبۇل قولنى باغلىدى. لالەئى سىراپتەك شاراپ ساغەرىنى ئۇشاتتى.

سەۋسەنى ئازاد يەڭلىغ ئەستەغپىرۇللاھ كەلىمەسىنىڭ تەكرارىغە تىل ئۆزاتتى. مۇبارەك چېھرىسىدە مۇھەببەت شارابىنىڭ ئەسەرىدىن گۇلرەڭ ئادلەر ئىبادەتىنىڭ بەلگىسىنى پەيدا قىلدى. «ۋە سەقاھۇم رەببۇھۇم شەرابەن تەھۇرەن» (ئۇل مۇئمىنلەركىم ياخشى ئەمەل قىلىۇرلەر قۇرئاندا تۇسۇلغان بارلىق يامان ئىشلاردىن ئىپتىيات بىلەن ساقلىنۇرلەر، ئۇلارنىڭ ساۋابى ئۆچۈن ئاللا ئۇلارغا جەننەتنىڭ پاك شاراپلىرىدىن ئىچىرۇرلەر) بۇ ئايەتتىكى ۋەدىگە كۆز تۇتۇپ، غۇرۇردىن بولغان مەئسىيەت شارابىنى ئۆزىگە ھارام قىلدى، ئۇنىڭ ھىمايۇن مەجلىسىدە مەيخورلار غەۋغاسىنىڭ ئورنىنى دۇئاگۇيلارنىڭ دۇئاسىنىڭ ساداسى ئالدى. مەستلەرنىڭ ھاي ـ ھۇيلىرىنىڭ ئورنىنى مۇئمىنلارنىڭ تەسبىھلىرىنىڭ ئاۋازى ئالدى.

بېيىت:

نەغمە ئورنىدا دۇر ھايىزى قۇرئان سەۋتى،
بادە ئورنىدە مۇھەببەت مەيى دەر جۇش ئولمىش.

ھەقتە ئالا ئۇل ھەزرەتىنىڭ تەۋبە ئىناۋەتى بەرەكاتىدىن زامانىنىڭ بارلىق خەلقلىرىنى ئۆز مەغپىرەتىغە ئۇچراشتۇرغاي. ئۇنىڭ ياخشى ھالەتىنىڭ بەرىكەتىنى ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىگە ھەمراھ قىلغاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئوتتۇزىنچى باب

# پاراسەت توغرىسىدا

پاراسەت ــ لۇغەتتە ئاتنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى كۆرۈپ تونۇش دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ، پاراسەتنىڭ ئىستېمالدىكى مەنىسى ئام بولۇپ، ھەربىر ئىگىنىڭ تاشقى سۈرىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قەلبى ۋە نىيىتىدىن خەۋەر تېپىشنى ئۇقتۇرىدۇ.

پاراسەت ــ ھۆكۈمەت ئەھلىلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي سۈپەتلىرىدىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى يۈز بەرگەن ھاۋادىساتلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، سەۋەب ـ نەتىجىسىگە ئەقىل كۆزى بىلەن قاراش كېرەك. دەلىللەر، ئىسپاتلار ھەقىقەتلەنگەندە، ئۇنىڭغا شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئادالەتنىڭ يولى بىلەن توغرا ھۆكۈم قىلىش كېرەك. ئەگەر مەسىلىنىڭ ھەقىقىتى يوشۇرۇن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا پاراسەتنىڭ نۇرى بىلەن تەھلىل يۈرگۈزۈشكە يۈزلىنىش كېرەك، بۇنىڭدا ھەرگىز سۆز يۆتكەيدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ، قەدىمكى ئالىملار ھۆكۈمەتنىڭ زىننىتى ــ پاراسەت نۇرى بىلەن بولىدۇ دەيدۇ.

مەشھۇر خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىككى ئايال بىر بوۋاقنى ھەرقايىسى مېنىڭ بالام ئىدى دەپ تالىشىپ، ھەزرىتى سۇلايمان

ئەلەيھىسسالامنىڭ قاشىغا كەلدى، سۈلايمان ئەلەيھىسسالام گۇۋاھ ـ ئىسپات سورۇشتە قىلدى، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى گۇۋاھ ـ ئىسپاتتىن ئاجىز كەلدى. بۇ چاغدا سۈلايمان ئەلەيھىسسالام بالىنى خەنجەر بىلەن چېپىپ ئىككى پارچە قىلىپ، ئىككى ئايالغا بىردىن بېرىشنى بۇيرىدى، جاللات شەمشەرنى كۆتۈرۈپ بالىنى چاپماقچى بولۇپ كەلدى، بۇ ئىككى زەئىپەنىڭ بىرسى بىتاقەت بولۇپ تولا يىغلىدى ۋە:

— مەن نۆز ھەققىمدىن ئۆتتۇم، بۇ بالىنى ئۆلتۈرمەڭلار، — دەپ يالۋۇردى. ئەمما يەنە بىر ئايالنىڭ چىرايىدا ھېچبىر ئالامەت كۆرۈلمىدى، بۇ ھالنى كۆرگەن سۈلايمان ئەلەيھىسسالام:

— بالىنى ئەنە شۇ يىغلىغان ئانىسىغا بېرىڭلار، — دەپ بۇيرىدى. چۈنكى، بۇ يەردىكى پاراسەت ھەقىقىي ئانىنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى جۇش ئۇرغانلىقتىن، بالىنىڭ ھايات قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ يىغلىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن ئىبارەت.

پاراسەت بولسا، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ مۆئمىنلەرگە بەرگەن ئۇلۇغۋار نۇرىدۇر.

«ئىتتەقۇ فەراسەتەل مۆئمىنى فەئىننەھۇ يەنزۇرۇ بىنۇرىللا» (مۆئمىنلەرنىڭ پاراستىدىن قورقۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن قارايدۇ)، شۇنىڭ ئۈچۈن پاراسەت ئەھلىگە ھېچنەرسە يوشۇرۇن ئەمەستۇر دېيىلىدۇ.

تەپسىر ئالىملىرى «ئىننە پىزالىكەلە ئاياتىن لىلمۇ تەۋەسسىمىن» دىكى تەۋەسسۇمنى قەفەرروس مەئىنىسىدە دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنى (پاراسەت ئەھلىگە ھەقىقەتەن بۇ يەردە بەلگىلەر باردۇر، شۇ نىشانلار بىلەن ھەقىقەتتىن خەۋەردار بولغايلەر).

پاراسەت ئىككى خىلدۇر: بىرى، پاراسەتى ھۆكۈمى، يەنە بىرى پاراسەتى شەرئىدۇر. پاراسەتى شەرئى بولسا، كىشىنىڭ ئىچكى ئەزاسى پاك، كۆڭلى ساپ بولۇش، بىپەرۋالىق پەردىسى دىل كۆزىدىن كۆتۈرۈلۈپ، جەمئىيەت نۇرى بىلە شەيئىلەرنى كۆرىدىغان، كۆرگەن مەنزىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى تاپالايدىغا بولۇش.

بېيىت:

گەر يىراقتىن ئاڭا ئىش تەگسە ئاتىڭ،
قىلغۇسى مەئۇم بارچە ھالەتىڭ.

ئىمامى جەئفەر بىلەن ئىمامى مۇھەممەدى باقىر ئىككىيلەن بىر كۈنى كەئبەنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، مەسچىتنىڭ ئىشىكىدىن بىر كىشى كىردى. بۇنى كۆرۈپ ئىمامى جەئفەر:

— بۇ كىشى دۇرۇدگەر كۆرۈنىدۇ، — دېدى. ئىمامى مۇھەممەدى باقىر:

— مېنىڭچە بۇ كىشى تۆمۈرچى بولسا كېرەك، — دېدى.

ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ كەسپىنى سوراشتى، بۇنىڭغا ئۇ كىشى:

— مەن بۇرۇن تۆمۈرچىلىك قىلاتتىم، ھازىر دۇرۇدگەرلىك قىلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلۇغلارنىڭ پاراسىتىنىڭ توغرىلىقى ئەنە شۇنداق رەۋىشلەردە مەلۇم بولىدۇ.

بېيىت:

ھەر كۆڭۈل كىم بولۇر، ئول ھەق نەزەرىغە مەنزەر،
جىلۋە گاھ ئۇلغىسىدۇر ئەينى پاراسەتكە داۋام.

شەيخ ئابدۇخالىق غىژدەۋانى بىر كۈنى كىشىلەرگە مەرىپەت

سۆزلەپ ئولتۇراتتى، بىر ياش كېلىپ، ئۆزىنى ئابىد قىياپەتتە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇردى، بىر سائەتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئىتتەقۇ فىراسەتەل مۇئمىنى فەئىننەھۇ يەنزۇرۇ مۇربىللاھ» دېگەن سۆزلىرىنىڭ سىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى. شەيخ ئابدۇخالىق:

— بۇنىڭ سىرى «سەن بۇتنى تاشلاپ ئىمان كەلتۈرگىن دېمەكتۇر» دېدى. يىگىت:

— «نە ئۇزۇبىللاھ» قايەردە مەندە زۇننار (بۇت) بولسۇن؟ — دەپ تانىدى. خوجا ئۆزىنىڭ بىر خادىمىغا ئىشارەت قىلدى، خادىم كېلىپ بۇ يىگىتتىن چاپاننى تارتتى، ئۇنىڭ تېگىدىن زۇننار چىقتى.

بېيىت:

هەر كۆڭۈلكىم بولدى پاك، بىغۇبار،
غايىب نەقىش ئاندە بولغاي ئاشكار.

بۇ يىگىت دەرھال زۇننارىنى كېسىپ تاشلاپ، ئىمان ئېيتىپ، مۆئمىن بولدى، بۇ چاغدا خوجا ئابدۇلخالىق ئۆزىنىڭ سۆھبىتىدىكى كىشىلەرگە:

— سىلەرمۇ بۇ يىگىتكە ئوخشاش قەلبىڭلاردىكى زۇننارنى ئېلىپ تاشلاڭلار، — دېدى. خالايىقلار بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ چۇقان سېلىپ يىغلىشىپ كەتتى. مەسنەۋى:

تەۋبە بولغاي پۇشايمان كەلمەكىڭ،
ھەق سارى تازە مۇسۇلمان كەلمەكىڭ.

ئامغە تەۋبە يامان كىرداردىن،
خاسىغە تەۋبە كۆزى ئاساردىن.
ئەيدى پىر مۇرشىدى ساھىب يەقىن،
تەۋبەلەر قىلغىل خۇدادىن ئۆزگەدىن.

ئىككى پاراسەتلىك ھۆكۈم بولۇپ، بۇنى بۇرۇنقى ھۆكۈمالار تەجرىبە بىلەن تاپقان. مەسىلەن، كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپەت، چىراي شەكلىنى بەلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئەخلاق، مىزاج، نىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ۋەھاكازالار. بۇنداق ھۆكۈمنىڭ تولىسى ئۇيغۇن چىققان، نوشىرۋاننىڭ زامانىسىدا ھۆكۈمالار ئۇنىڭغا پاراسەت بابىدا بىر كىتاب تەييارلاپ بەرگەن ئىدى. نوشىرۋان داۋاملىق شۇ كىتابنى كۆرەتتى، شۇنىڭغا ئاساسەن ئىش قىلاتتى، بىر كۈنى كالتە بويلۇق بىر ئادەم نوشىرۋانغا ئەھۋال ئېيتىپ:

— مەن زۇلۇمغا ئۇچرىغان ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىدۇرمەن، ماڭا پالانى كىشى زۇلۇم قىلدى، — دەپ شىكايەت قىلدى. نوشىرۋان ئۇنىڭغا:

— سەن يالغان ئېيتىسەن، پاراسەت ئىلمىدە كالتە بويلۇق ئادەم ھىيلىگەر، ئالدامچى ھەم زالىم بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بەلگىلەر بىلەن تورۇقلۇق سەن ئەلۋەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىدىڭ، بەلكى باشقىلارغا زىيان سالغانسەن، — دەپ ئېتىراز قىلدى. كېيىن ئاشكارىلىنىشىچە، ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى نوشىرۋاننىڭ ھۆكۈمىدەك چىققان.

بېيىت:

پاراسەتتىن كۆڭۈلگە كۆز ئېچىلغاي،
ھەمە ھالەتنى ئول مەئلۇم قىلغاي.

ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر كالتە بويلۇق كىشى نوشىرۋانغا ھال ئېيتىپ:

— ماڭا پالانى كىشى زىيانكەشلىك قىلدى، — دەپ شىكايەت قىلدى. نوشىرۋان:

— كالتە بويلۇق پايىغە ھېچكىم زۇلۇم قىلالماس، بەلكىم سەن زۇلۇم قىلغاندۇرسەن، چۈنكى سېنىڭ بويۇڭ قىسقا تۇرىدۇ، — دېدى. ئۇ كىشى:

— ئەي پادىشاھ، ماڭا زۇلۇم قىلغان كىشى مەندىنمۇ كالتىراق، — دېدى. نوشىرۋان ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەردى، مۇرشىدى سەمەدانى ئەمىر سەييىد ئەلى ھەمەدانى ئۆزىنىڭ «زەخىرەتۇلمۇلۇك» دېگەن كىتابىدا «پاراسەت بەلگىلىرىنىڭ بابىدە ھېكمەت ئەھلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلغاندەك مەنمۇ شۇنداق يېزىپ پادشاھلار ئۈچۈن قوللانما قىلىپ بېرىشنى ئويلايمەن، بۇ كىتابىمغا ئىمامى ھەققانى ۋە ئەلى سانىنىڭ سۆز - ئىبارىلىرى بىلەن زىنىنەت بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن» دەپ يازغان.

بېيىت:

دەستەئى گۇلكىم گىياھى ئۆززە باغلار لەرئانى،
ئۆزگىچە زىنىنەت تاپىپ ھۆسنى زىياد بولغاي ئەنىڭ.

ئەي ئەزىز، بىلگىنكى، ھۆكۈمالار ئۆز رىسالىلىرىدە مۇنداق كۆرسەتكەن: ئەگەر بىر كىشىنىڭ رەڭگى ئۆتكۈر ئاق، كۆزى كۆك ۋە يېشىل بولسا، ئۇ يۈزى قاتتىق، بىھايا، خىيانەتكار، كەم ئەقىل، كاج تەبىئەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېڭىكى ئىنچىكە، كۈسا، تېز نەزەر، يەس پېشانە، باشىدە چېچى كۆپ بولسا، ھۆكۈمالار مۇنداق كىشىدىن قېچىش كېرەك. ئۇنداقلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئەبئا يىلانلارنىڭ سۆھبىتى ياخشىراق دەپ ئاگاھ قىلغان. چاچنىڭ يېرىك، قىزىل بولۇشى شۇ كىشىدىكى شىجائەت مېڭىنىڭ تازەلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. چاچنىڭ يۇمشاق بولۇشى يۈرەكسىزلىك، مېڭىنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە كەم پەملىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. گەدەندە، مەيدىدە چاچ - مويلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، جۈرئەت بىلەن ھاماقەتلىكنىڭ بەلگىسىدۇر. ئەزالىرىدا چاچ مويلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى، مەيدىسىدە ۋە قورسىقىدا موينىڭ كۆپ بولۇشى، قورقۇنچاقلىق، زېھنى ئېغىر، جاپا - مۇشەققەتكە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چاچنىڭ سىرىق بولۇشى ھاماقەتلىك، مۇتەكەببۇرلۇقنى ۋە يامان ئاچچىقلىقنى كۆرسىتىدۇ. چاچنىڭ قارا بولۇشى ئەقىل - ئىدراك ئەمىنلىكىنىڭ، ئەدلىنى دوست تۇتىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر. چاچنىڭ قوڭۇر رەڭدە بولۇش — بارلىق ئەخلاق سۈپەتلىرىنىڭ رومالىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر پېشانىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا قورۇق بولمىسا ئەقىلسىز، خۇسۇمەتچى، لاپچى ھەم خەسىسلىكنى كۆرسىتىدۇ. پېشانە ئوتتۇرا ھال بولۇپ، ئۇنىڭدا قورۇق بولسا، راستچىللىق، مۇھەببەت پەھمى تېز، بىلىملىك ۋە ھوشيارلىقنى كۆرسىتىدۇ، قۇلاقنىڭ چوڭ بولۇشى جاھىللىقنى كۆرسىتىدۇ.

بەزى نۇسخىلاردا پەھىملىك مۇھاپىزەتى (ياد ئېلىش قابىلىيىتى) نىڭ ياخشىلىقى كۆپىنچە خۇي ـ ئەخلاقى تېز ئۆزگىرىدىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ دېيىلىدۇ. قۇلاقنىڭ كىچىك بولۇشى ـــ ئەخمەقلىق، ئوغرىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. ئوتتۇرا ھال قۇلاق شۇ كىشىنىڭ ھەممە ئەخلاقى نورمال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قاشنىڭ كەڭ، تۈكى ئۇزۇن، قويۇق بولۇشى شۇ كىشىنىڭ گەپ ـ سۆزى يىرىك، نەپسى سوغۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قاشنىڭ ئۇزۇن، چېكىسىگە قەدەر سوزۇلغان بولۇشى لاپچىلىق ۋە مۇتەكەببىرلىقنى كۆرسىتىدۇ، قاشنىڭ قارا، ئۇزۇن قىسقىلىقىدا نورمال بولۇشى پەھمى دىيانەتنىڭ بەلگىسىدۇر.

كۆزنىڭ ھەممىدىن ياماراقى ئەزرەق (چېقىر كۆز) دۇر، كۆزى چوڭ ھەم تېز نەزەر بولسا، ھەسەت، خىيانەت، بىھايالىق ۋە ھورۇنلۇقنى كۆرسىتىدۇ. كۆز ھەرىكىتىنىڭ كەم بولۇشى ـــ نادانلىق ۋە تەبىئىي ئېغىرلىقنى كۆرسىتىدۇ. كۆز ھەرىكىتىنىڭ تېز بولۇشى ھىيلە ـ مىكىر ۋە ئوغرىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. كۆزلىرىنىڭ قىزىللىقى شىجائەت ۋە دادىللىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر كۆز چانىقىنىڭ ئەتراپىدا سېرىق نۇقتىلەر بولسا، پىتنىخور ۋە يامانلىق ئاپىتىگە ئىشارەتتۇر. كۆزنىڭ چوڭلۇق، كىچىكلىك، قارىلىق، قىزىللىق ئوتتۇرىسىدا نورماللىق بولسا، ئەڭ ياخشى تەبىئەتتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ سىياقتىكى كۆز پەھىمنىڭ تېزلىكى، ھوشيار ۋە راستچىللىقنى كۆرسىتىدۇ.

بۇرۇن چوڭ بولسا، ئول كىشىنىڭ ياۋاشلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر بۇرۇن ئەگرى بولسا، بۇ شىجائەتلىك ۋە يۈرەكلىكىنى

كۆرسىتىدۇ. بۇرۇننىڭ يېسسىس بولۇشى شەھۋەتپەرەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ كەڭ بولۇشى ھەسەتخور، زىيادە ئاچچىق تەبىئەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇن يوغان بولۇپ، ئۇچى يېسسىسى بولسا، يالغانچى، سۇخەنچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇرۇننىڭ يوغانلىق، ئىنچىكىلىكى، ئۇزۇن ۋە يېسسىلىقى ئوتتۇرا ھال بولسا، ئەقىل ۋە پەھىملىكنى كۆرسىتىدۇ. ئېغىزنىڭ كەڭ بولۇشى شىجائەتنى كۆرسىتىدۇ. لەۋنىڭ قېلىنلىقى ئەخمەقلىقنى كۆرسىتىدۇ، لەۋ قېلىن ۋە يۇپقىلىقى نورمال بولسا ھەم قىزىل بولسا، تۇز كېڭەش، ياخشىلىقنى خالايدىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. چىشنىڭ ئەگرى بولۇشى ھىيلىگەر، مەككارلىقنى كۆرسىتىدۇ. چىشنىڭ ئارىلىقى ئوچۇق ھەم سىلىق بولسا، ئاددىيلىق، ئەمىنلىك ۋە پىلانچانلىقنى كۆرسىتىدۇ. يۈزنىڭ گۆشى كۆپ ھەم ئۆسۈك بولسا، جاھىل، ئىككى خۇيلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تېنىدە كېسەل يوق، لېكىن يۈزى ئورۇق، سېرىق بولسا، ئىچى يامان، كۆڭلى تار، ئادەتخور ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۈزنىڭ گۆشلۈك، سېرىقلىق، ئورۇقلۇق ۋە قىزىللىق دەرىجىسى ئوتتۇرا ھال بولسا، خۇي - ئەخلاقتىكى نورماللىقنى كۆرسىتىدۇ، ئاۋازنىڭ ئۈنلۈك ۋە يوغانلىقى شىجائەتنىڭ بەلگىسىدۇر، ئاۋازنىڭ ئىنچىكىلىكى بەد گۇمانلىق ۋە قورقۇنچاقلىقنى كۆرسىتىدۇ، ئاۋازنىڭ نورماللىقى تەدبىرلىك، پىلانلىق، قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاۋازنىڭ مېڭە تەرەپكە مەيلان قىلىپ چىقىشى كىبىرلىك ۋە بىپەملىكنى كۆرسىتىدۇ.

ئاستا - ئاستا، ئايرىم - ئايرىم سۆزلەش — ھەممە

جەھەتتىن ياخشىلىقنى كۆرسىتىدۇ. سۆز ۋاقتىدا قول تەۋرىتىش زىيرەكلىك ۋە بىلىملىكىنى كۆرسىتىدۇ. بويۇننىڭ قىسقىلىقى مەككار، ئىچى يامانلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بويۇن ئۇزۇن ھەم ئىنچىكە بولسا، ئەخمەقلىق ھەم قورقۇنچاقلىقنى كۆرسىتىدۇ. بويۇننىڭ يوغان بولۇشى جاھىللىق، ھاماقەتلىكنى، كۆڭلى سۇس، تۇراقسىزلىقنى، تاماقپەرەسلىكنى كۆرسىتىدۇ. بويۇننىڭ يوغان ـ كىچىكلىكى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوتتۇرا ھال بولسا، شۇ كىشىنىڭ راستچىل، ئادىل، پىلانچان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قورساقنىڭ يوغان بولۇشى جاھىل، بىلىمسىز، كۆڭلى تۇراقسىزلىقنى كۆرسىتىدۇ. قورساق ۋە سىنەسىنىڭ نورماللىقى ياخشى تەدبىرلىك، ساپ ئەقىل كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئارقا تەرەپ ئىككى تاغاقنىڭ كەڭ بولۇشى شىجائەت بىلەن ئەقىلنىڭ ئاز ۋە تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. كۆكرەكنىڭ تار ۋە ئورۇقلۇقى ئىچى بۇزۇق، مەزھەبى يامانلىقنى كۆرسىتىدۇ. قول بارماقلىرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى بارلىق ئىشلاردا زىيرەك، قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەنجىنىڭ يوغان، گۆشلۈك بولۇشى نادان ۋە يۈزى قاتتىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ، قول پەنجىنىڭ ئوتتۇرا ھال بولۇشى ھەممە ئەھۋالىنىڭ نورماللىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەربىر ئەقىلگە خەلق ئەھۋالىنى تونۇپ يېتىشتە، پاراسەت بەلگىلىرىنى بىر قۇر بايان قىلدۇق، بۇ ساھەبى زەخرانىڭ سۆزلىرىدۇر. بۇ بابتا ھەربىر كىشى بىلىشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر نوختا سۆز بار. ھۆكۈمالارنىڭ بۇ بەلگىلەرنى بايان قىلىشى، ئومۇمىي خەلق توغرىسىدا ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرخىل خۇي ـ ئەخلاقلارنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشمايدىغان، ئۆزىنىڭ

هايۋانلىق سۈپەتتىن ھالقىپ، ئادىمىيەت دەرىجىسىگە يەتمىگەن بىرخىل كىشىلەرنى ئاساس قىلغان. بۇ بەلگىلەر بىلەن يۇقىرىقىدەك تەلىم ـ تەربىيە ئالمىغان ئادەملەرنىڭ ماھىيىتىگە ھۆكۈم قىلىۋردۇرمىز. ئەگەر بىر كىشى ئالىملاردىن ئىلىم ئۆگىنىپ تەربىيىلەنگەن، ھېكىملارنىڭ ھېكمەتلىرى بىلەن قۇلاقلانغان، ئىلىم ـ بىلىم بىلەن ئۆز ئەخلاقىنى ئىلغار سەۋىيىگە يەتكۈزگەن كىشىلەردە گەرچە يۇقىرىقى يامانلىق بەلگىلەر زاھىر بولسىمۇ، ئۇلار بىلىملىك بولغانلىقتىن، ئىلمى پەزىلەت بىلەن ئۆز جىسمانىيىتى كۆرسەتكەن غەيرىي بەشارەتلەرگە دەپئى بەرگەنلىكتىن، تامامەن مۇخالىپ سۈپەتتە تۇرىدۇ. مەسىلەن، يۇنانلارنىڭ ئاخباراتىدا مۇنداق بىر كەلىمە بار: ئەپلاتون ھەكىم بىر تاغ ئۈستىدە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار ئىدى، ئۇ يولغا بىر نەققاشنى مىنىڭ سۆھبىتىمگە كەلمەكچى بولغان كىشىنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ ماڭا تۇغرا قىلىپ كۆرسەتسەن دەپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. رەسسام ئەپلاتۇنىنىڭ سۆھبىتىگە كىرمەكچى بولغان ھەربىر كىشىنىڭ رەسمىنى سىزىپ، ئەپلاتۇنغا تۇغرا قىلاتتى. ئەپلاتۇن بۇنى كۆرگەندىن كېيىن سۆھبەتكە لايىق ياخشى بەلگىلىك كىشى بولسا، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىپ، سۆھبىتىگە قوبۇل قىلاتتى، ئەگەر سۈرىتىدە يامانلىق بەلگىسى كۆرسە، سۆھبەتكە قوبۇل كەلتۈرمەيتتى، بىر كۈنى بىر ئەمىر كەلدى، رەسسام ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئەپلاتۇنغا تۇغرا قىلدى، ئەپلاتۇن بۇ ھەيئەتلىك كىشى مىنىڭ سۆھبىتىمگە لايىق ئەمەس، قايتۇرۇۋىلار دىدى. ئول كىشى بۇنى ئاڭلاپ:

ـــ مېنىڭ تاشقى قىياپىتىمدە پاراسەت بابىدا كۆرسىتىلگەن بەزى غەيرى ئالامەتلەر كۆرۈلسىمۇ، لېكىن مەن رىيازەت بىلەن تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ، ئۆزۈمنىڭ ئەسلى خۇي ـ ئەخلاقىمنى ئۆزگەرتكەن، ـــ دېدى. ئەپلاتون بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە رازى بولدى، شۇنىڭ ئۇچۇن كۆپىنچە ئىشلارنىڭ ئاساسىنى پاراسەت ئىلمىنىڭ ئۇستىگە قويۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ساپ زېھنى ۋە توغرا ھۆكۈمى ئاساسىغا قويۇش كېرەك.

بۇ بابتا تەلىم ـ تەربىيە نەتىجىسىدە ئەخلاقى نۇرلانغان كىشىلەرنى تونۇۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# سىر ـ ئەسرارىنى يوشۇرۇن تۇتۇش توغرىسىدا

پادىشاھلارنىڭ رەسمىي ئادەتلىرىدىن بىرى سىر يوشۇرۇش بولۇپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى مۇمكىنقەدەر مەخپىي تۇتۇش شەرت قىلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بەزى سەپەرلىرىنى يوشۇرۇن تۇتاتتى. ئۆز سەپداشلىرىغا قىلغان بەزى سۆزلىرىدىن رەسۇلۇللانىڭ بىر تەرەپكە سەپەر قىلماقچى بولغانلىقى سېزىلەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار گۇمان قىلغان جايدىن باشقا تەرەپكە سەپەر قىلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ سەپىرى قىلغان سۆزلەرنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولۇپمۇ قالمايتتى، بۇرۇنقى پادىشاھلارمۇ جەڭ ئىشلىرىدا مۇشۇنداق ئۇسۇل قوللىناتتى.

مەسنەۋى:

ھەر ئىشقا گەر شۇرۇئ ئەتسەڭ بۇ تەۋر ئول،
كى ھېچكىم تاپماغاي ئەسرارىڭغە يول.
ئىسكەندەر قىلدى مەشرىق جىڭى قەستىن،
ئېچىپ مەغرىب سارىغە خىيمە ئىشلىن.
ساڭا ھېچكىم ئىمەس بۇ ئىشتا ھەمدەم،
ئۆزەڭدىن ئۆزگە يوق رازىڭغە مەھرەم.
ئەگەر بولسا كىشى رەئىڭغە ئاگاھ،
بۇ رەئىڭغە كىرەكتۇر گەريە ۋە ئاھ.

«ئوستۇر زەھابىكە ۋە مەزھەبەكە ۋەزەھەبىكە» (سەپىرىڭنى مەخپىي تۇتقىن، چۈنكى دۈشمەنلەر ھازىردۇر. مەزھىپىڭنى مەخپىي تۇتقىن، چۈنكى غەممازىلەر كۆپتۇر. ئالتۇنىنى مەخپىي ساقلىغىن، چۈنكى تەمەخورلار كۆپتۇر) دېگەن مەشھۇر سۆز بار. ھەرقانداق سىرنىڭ مەخپىي تۇتۇلغىنى ياخشىراقتۇر، چۈنكى سىر ـ ئەسرارنىڭ مەھرەمى دۇنيادا ھەممىدىن كەمدۇر.

ھۆكۇمالار مۇنداق دەيدۇ: ئادەمىزاتنىڭ قەلبىدىكى نەرسە ئىككى ئىشتىن تاشقىرى ئەمەس ياكى نېمەتنىڭ بەلگىسى ياكى مېھەتنىڭ بايانى. ئەگەر نېمەتنىڭ ئاتىسى بولسا، بۇنى ھەسەتخورلار كۆزى چۈشمەسلىك ياكى ئاپەتى يەتمەسلىك ئۈچۈن مەخپىي تۇتۇشى كېرەك، ئەگەر مېھنەت بالاسى بولسا، دوستلارنى غەمگە تاشلىماسلىق، دۈشمەنلەرنى خۇشال قىلماسلىق ئۈچۈن مەخپىي تۇتۇش كېرەك.

نەزىم:

تا ئىلاجىڭ بار بولسا، سىرىڭنى كىشىغە ئەيتمەغىل،
چۈنكى ھەر سىردىن نەتىجە شادلىقدۇر يامەلال.
گەر مەلال غەمدۇر ئاندىن دوستلار بولغاي مەلۇل،
ۋەر پەرەھلىك دۇر بار ئانده كۆز تىكەرگە ئېھتىمال.
بەس كۆڭۈل ئەسرارىنى خىلۋەت گاھى سارىغە سەن،
بەرمەگىل يول ھېچكىمگە ھېچ ۋاقتى ھېچ ھال.

بىر كىشى بىر ھەكىمغە:
ــ مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر سىرىم بار، ئۇنى يوشۇرۇن تۇتۇشقا ھېچبىر تاقىتىم يوق، ئۇنى كىمگە ئېيتىمەن؟ ــ دەپ

سورىدى. ھەكىم:

— ساڭا لازىملىق سىرنى ئەگەر ئۆزۈڭ ساقلىمىساڭ، باشقا كىشىگە ئۇ سىرنىڭنىڭ ھېچ لازىمى يوقتۇر، — دېدى.

بېيىت:

ھەر يۇككىم ئۆزۈڭ كۆتەرمەكىڭ دۇر دىشۋار،
رەنجىش قىلارگەر كۆتەرسە ئۇى يار.

ئىسكەندەر ئۆز خاسلەرىدىن بىرسىگە ئۆز سىرىنى ئېيتقانىدى، ئۇ سىرنى مەخپىي تۇتۇش توغرىسىدا كۆپ مۇبالىغە بىلەن تاپشۇرۇق بەرگەن بولسىمۇ، كېيىن بۇ سىر ئاشكارا بولۇپ ئىسكەندەرگە ئاڭلاندى. ئىسكەندەر ئەرەستۇ ھېكىمدىن بۇ سىرنى پاش قىلغان مۇلازىمنى قانداق جازالاش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. ھەكىم:

— ئېي ئىسكەندەر، سەن بۇنىڭدىن ئاغرىنمىغىن، ئۆز سىرىڭنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتۇپ، ئۆزۈڭ كۆتۈرۈشنى خالىماپسەن، ئەمدى بۇنى باشقىلار كۆتۈرمىگەن بولسا، ھەرگىز تەئەججۈپ قىلمىغىن، — دەپتۇ.

نەزىم:

سىرىڭغە مەھرەم ئۆزۈڭ بولكى تېپىلماس مەھرەم،
ھەمدەم ئول ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭكى تېپىلماس ھەمدەم.
ئىستەدىم يارى مۇۋاپىقنى دېدى ئەھلى خىرەد،
نىيرى ئۆتكىل كى جەھا ئەھلىدە بولماس بۇ بىھەم.



www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىش توغرىسىدا

ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ كۆڭۈل ئائىنەسىدە ئوچۇق ـ ئاشكارەدۇركى، ئىنساننىڭ ئەزىز ئۆمرى خۇددى كېچىلىرى چاقنىغان چېقىنداقتەك تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىدۇر، تىرىكلىكنىڭ سائەتلىرى خۇددى دەريا مەۋجىدەك ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ھاياتلىقتىن ئۆتكەن ھەربىر سائەت تەڭداشسىز گۆھەردۇركى، ھەربىر ئىنسان ئۇنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلىشى كېرەك.

بېيىت:

دەمىكى ئۆتكۈسىدۇر ئىستەمەڭ ئاندىن نىشان،
چىراكى ئۆتتى ھايات ئەلچىسى نىشان ئىستەب.

ھاياتلىقتىن مەلۇم مىقدار قالىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مىقدارىدىن ھېچبىر كىشىگە بەلگە بەرمەيدۇ، ئۆتكەن زامان بىلەن كەلگۈسى زامان ئوتتۇرىسىدا بىر ۋاقىت بولۇپ، بۇ ھازىرقى زامان دەپ ئاتىلىدۇ. ئاخىرقى ھاياتلىق دەپ شۇنى تونۇپ، ھەربىر ئىشنى شۇ ۋاقىتدا پۇتتۇرۇۋېلىش كېرەك.

قىتئە:

غەنىمەت بىل ھاياتىڭ پۇرسەتنى،
ئۆتۈپ كەتمەسىدە ئىلكىڭدىن بىناگاھ.
ئىشەنمەس دەھر ئارا دەرۋانغا ئاقىل،
جەھانغا تەكىيە قىلماس ھېچ ئاگاھ.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ھەمىشە تۇرمايدىغان روزىغار ۋە بىقارار زاماندا، چوڭ بەخت دۆلەت ئىگىسى بولالايدىغان كىشى، ئۆزىنىڭ ياخشى ئەخلاق ۋە ساخاۋەتلىرىدىن خەلق تىلىدە يادىكار قالدۇرالىغان كىشىدۇر. چۈنكى، ياخشى نام ئىنسان ئۈچۈن ئىككىنچى ھاياتلىق ئورنىدا نۇسرەت بېرىدۇ.
قىتئە:

ئېي جاھاندا ئۆمرى باقى بولماقنىڭ تالىبى،
ياخشى ۋەسفىڭدىن قالۇر ئالەمدە سەندىن ياخشى ئات.
ھېچ ئېرۇر مالۇ ـ مەنال قەدرۇ ھەشمەت ئىززۇجاھ،
بولغۇسى دەھ ئىچرە ئۆمرۈڭ ھاسىلى ياخشى سۇفات.

بىر كۈنى بىر پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە كىشىلەر بىر ئۇلۇغنى تىلغا ئېلىپ، كۆپ مەدھىيىلەشتى. ئۇنىڭ پاساھەت، بالاغەتكە مىسلىسىز ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاشتى. نەتىجىدە بۇ كىشىنى كۆرۈشكە پادىشاھنىڭ زەۋقى قوزغىلىپ، ئۇ كىشىنى بىر دانىشمەن ئارقىلىق چاقىرتتى. ئۇ كىشى كېلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ ئۆمرى مىڭ يىل باقى بولسۇن دەپ دۇئا قىلدى. پادىشاھ:

— سەن مەجلىستە ئولتۇرماستىنلا بىھۇدە سۆزنى قىلدىڭ، مۇنداق بىھۇدلۇق سەندەك ھەكىمدىن بەكمۇ بىئەجەپ كۆرۈلدى، — دېدى. ھەكىم:

— خالايىقلارنىڭ تىرىكلىكى پەقەت بۇ تەن بىلەن جاننىڭ باقىلىقى ئەمەس، ھەممە كىشى بىر ئادەمنىڭ جىسمانىي ھاياتىنى مىڭ يىلغا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ كەلگەندىن كېيىنكى قېپقالىدىغان ياخشى نامى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىككىنچى بىر ھاياتىدۇر، مېنىڭ غەرىزىم، پادىشاھنىڭ ياخشى نامى دۇنيا يۈزىدە مىڭ يىل داۋام قىلىشىنى تىلەش ئىدى، — دەپ چۈشەندۈردى.

قىتئە:

كىشىم بولدى ياخشى ئاتى مەشھۇر،
ۋاپاتىدىن كېيىن ئەنى زىندە دەرلەر.
ۋەلى ئانكىم ئالمىشىدۇر يامان ئات،
ئەگەر چەندە تىرىكدۇر مۇردە دەرلەر.

يەنى سەئىدى بۇ مەنادا مۇنداق بىر بېيىت ئېيتىدۇر:

سەئدىيا ياخشى سۇپەتلىك كىشى ھەرگىز ئۆلمەس،
ئۆلۈگ ئول بولغۇسىدۇر، ياخشى ئات ئېلىپ كەتمەس.

قەدىمكى ئالىملاردىن بىرسى ئۆز كىتابىغا مۇنداق يازىدۇ؛ نۇشىرۋاننىڭ ئايۋانى بەلەنلىكتە پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇردۇر. ئەمما بۇ ئايۋاننىڭ بەلەنلىكى كۇنگۈرەسىنىڭ بەلەنلىكىدە، پەنجىرەسىنىڭ ھۆسنىدە ئەمەس، چۈنكى بىرقانچە خىشلارنى

بىر - بىرىگە ئۇلاش، ئىمارەت ئەتراپىدا بىرقانچە ئىشلەتكەلەرنى ئېچىش ئۇنچىلىك مەدھىيىگە ئېرىشمەيدۇ، ئەمما ئەقىل - پاراسەت نەزىرىدە ئۇ پىرەزەننىڭ ۋەيرانە مەنزىلى بۇزۇلغىنى نۇشىرۋان ئاۋۇ ئاياللارنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئورۇنلاشقان ئىدى، ھەربىر كىشى ئەقىل - پاراسەت نەزىرىنى ئۇنىڭغا سىلىپ، ئۇنىڭ ۋاقىئەسىنى ئويلاش كېرەك.

نوشىرۋاننىڭ بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ چىقتى، نوشىرۋان بۇ ئىمارەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ھەكىم، ئالىملارنى، ۋەزىر - ئۆمىرالارنى يىغىپ:

— بۇ ئىمارەتكە قاراڭلار، ئەگەر ئۇنىڭدا بىرەر نۇقسانلىق بولسا، ئۇنى تۈزىتىمىز، — دېدى. ئۇلار ئىمارەتكە ئەتراپلىق سەپسالغاندىن كېيىن:

— ئېي پادىشاھ، بۇ ئىمارەت بەلەنلىكتە جەۋزا كەمەرىنى تېشى ئۆتكۈدەك، ئۇنىڭ ئالىي كۇنگۈرەسى شەرەپ ئاياغىنى كەيۋاننىڭ ئايۋاننىڭ باشىغە قويغۇدەك بولۇپتۇر، — دېيىشتى.

نەزىم:

كۆرمەدى مۇنداق ئىمارەت چەرخى يەرنىڭ كۆز بىلە،
يوق بىنايى ئالىي مۇنداغ ياخشى ئەل كۆڭلىدە ياد.
ئول زامانكى، بەختى مىئمارى ئاڭا ئاچتى ئىشىك،
جەننەت ئىشىكى ئەل يۈزىغە گويا بولدى كۈشاد.

بىزلەر بۇ ئايۋانى كەيۋاندە ھېچبىر ئەيىپ، نۇقسان - خەلەلنى كۆرمەدۇق. مەگەر ئول بىر ھەقىر ئۆيكىم، بۇ ئايۋاننىڭ بۇلۇڭىدا ئورۇنلىشىدۇر، ھەر كۈنى ئۇنىڭ مۇرەسىدىن تۈتۈن

چىقىپ، بۇ پاكىزە قەسىرنىڭ ئىچىدىكى تاملىرىنى قارا قىلدۇ. ئەگەر بۇ ۋەيرانە ماكان بۇ يەردىن يوقالسا، بەك ياخشى بولغان بولاتتى. بۇ ھەيۋەتلىك سۇرەتنى، بۇ سۈپەتلىك ئايۋاندىن دەپسى قىلىش زۆرۈر ۋە ۋاجىپتۇر دېيىشتى، نوشىرۋان:

— بۇ ئۆي بىر قېرى ئايالنىڭ مۈلكىدۇر، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ باھارى خازانلىققا يېتىپ قالغان. مەن بۇ ئايۋاننىڭ سىياقىنى پىكىر قىلاتتىم، ئۇستىلار ئۇنىڭ پىلانىنى سىزاتتى، دەل شۇ پەيتتە بۇ ئۆي توسالغۇ بولاتتى. مەن بۇ ئايۋاننىڭ ئورنىنىڭ تەكشى بولۇشىنى ئويلاپ، ئول خاتۇنغا بۇ ئۆينى ئۆزى خالىغان باھاغا سېتىپ بەرسۇن ياكى ئالتۇن مۇكاپاتى بېرەي، ياكى ياخشى بىر ئىمارەتنى بۇنىڭ ئورنىغا سالدۇرۇپ بېرەي دەپ كىشى ئەۋەتتىم. ئول خاتۇن ماڭا مۇنداق جاۋاب قىلدى: «مەن بولسام مۇشۇ جايدا تۇغۇلدۇم، ئۆستۈم، مۇشۇ جايدا ئۆلۈپەت ئالدىم. پۈتۈن ئالەم سېنىڭ مۈلكۈڭدۇر، مەن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلمايمەن، سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بۇ ھەقىر مەنزىلىمنى كۆرەلمەيسەن» دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا ئىنتايىن تەسىر قىلدى، شۇنىڭدىن بۇيان قايتا ئېغىز ئاچمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى، شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئۆيدىن ھەمىشە تۈتۈن چىقىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا: «بۇ يەرنى نېمە ئۈچۈن تۈتۈن قىلىسەن؟» دەپ كىشى ئەۋەتتىم. ئۇ تاماق پىشۇرۇپ يەيمەن دېدى، مەن ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دېمىدىم، ئەتىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچار قۇشلارنىڭ گۆشلىرىدىن كاۋاپ قىلىپ، لەزىز تائاملارنى دەستۇرخان قىلىپ ئەۋەتتىم. مەن ھەر كۈنى مۇشۇنداق تائاملارنى ئەۋەتىپ تۇرىمەن، سىز بۇ مەنزىلدە ئوت ياندۇرماڭ دېدىم، بۇ خوتۇن: ئېي پادىشاھ، دۇنيادا نۇرغۇن ئاچ ـ زار

كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چىقىنداپ، يۈرەكلىرى كاۋاپ بولۇۋاتسا، مەن بۇ يەردە قۇشلارنىڭ كاۋىپىنى يەپ ئولتۇرالايمۇ؟ بۇ نېچۇك داۋا بولسۇن، مەن پاك، ئۇدا ھالال غىزا قىلىپ يەپ، ئۆمرۈمنى بۇ مەنزىلگە يەتكۈزدۈم، ئەمدى بۇ ھالەتتە مۇنداق بىر شۈبھىلىك تائامنى يەپ، پەرۋەردىگارى ئالەمنىڭ دەرگاھىدا شەرمەندە بولۇشتىن قورقىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ بۇ ماكانىمنى ئۆز پېتى قويساڭ، بىر تەرەپتىن سېنىڭ ئايۋانىڭنىڭ بىر زىننىتى بولۇپ تۇرسا، چۈنكى سېنىڭ بەگ ـ ئەمەلدارلىرىڭ سېنىڭ كامالى ئەدلىڭدىن مېنىڭ بۇ ۋەيرانە ئۆيۈمنى ئېلىۋېلىشى راۋا كۆرمىگەنلىكىڭنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ پۇقرالارنىڭ مۈلكىگە زۇلۇم قولىنى ئۇزارتماس. يەنە شۇنىسى بەرھەقكى، سېنىڭ بۇ ئايۋانىڭ ئاخىرى بىر كۈن ۋەيران بولىدۇ، ئەمما مېنىڭ بۇ زوقچاق ئۆيۈم بىلەن سېنىڭ ئايۋانىڭنىڭ قىسسەسى دىل ۋەرەقلىرىنىڭ بېتىدە يېزىلىپ، قىيامەت دەۋرىغىچە ساقلىنىپ بارىدۇ دېدى. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۇ ئايالنىڭ قوشنىلىقىغا رازى بولدۇم.

بۇ ئايۋاننىڭ ئالدى تەرەپتىكى سەھنىسى ھەرخىل جاۋاھىراتلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى، بۇ خوتۇننىڭ بىر دانە ئورۇق كالىسى بولۇپ، ھەر كۈنى ئوتلاقتا چىقىرىپ، ئاخشىمى قايتۇرۇپ كېلەتتى. بۇ كالا ھەر قېتىم بۇ ساھىننىڭ رەڭمۇرەڭ ئالىي بىساتلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەچكە، بۇ بىساتلارنى پاسكىنىلاشتۇرۇپ قوياتتى. پادىشاھنىڭ خادىملىرىدىن بىرى ئۇ خوتۇنغا:

— سىز مۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلماڭ، پادىشاھنىڭ شانلىق ھۆرمىتىنى بۇزماڭ، — دېدى. ئۇ خوتۇن:

— پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئەدلى بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلۇم بىلەن بۇزۇلىدۇ، پادىشاھنىڭ شەۋكەت بىناسى ئەدلى ئاساسىغا قۇرۇلغان. مەن بۇ جايدا ھەرقانداق ئىشنى قىلسام، پادىشاھنىڭ ياخشى نامىغا شۆھرەت بېرىمەن. ئۇنىڭ ياخشى سۈپاتىنى زامانىڭ ئاخىرىغىچە باقى قىلدۇرىمەن، — دېدى. بۇ خوتۇن ھەقىقەتەن راست سۆزلىگەن، چۈنكى نوشىرۋاننىڭ دەۋرىدە بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ يازغان ۋاقىتقا بىر مىڭ بىر يۈز ئەللىك ئالتە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ۋەقەلىك تارىخ بەتلىرىدە سابىت بولۇپ، پۈتۈن خەلقلەر تىللىرىدا جارى بولماقتىدۇر.

بېيىت:

كۆرۈڭ بۇ ياخشى ئەمەلنىڭ نەتىجىسىنى ھوۋز،
خاراپ قىلمادى كىسرا زامانىنى دەۋران.

مەنۇ چەھرىنىڭ سۆزىدە بۇ دۇنيا دېگەن كىشىلەرنىڭ ئىشىنىشىگە يارىمايدۇ، ئاقىل كىشى بۇ دۇنيانىڭ ئارىيەت دۆلىتىگە كۆڭۈل باغلىمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاتائالا ھەر كىشىگە پادىشاھلىق دۆلىتىنى بەرسە، ئۇ نىمەتنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭغا پەرھىز قىلغانلىقىنىمۇ چۈشىنىدۇ، ئاللاتائالا پادىشاھلارغا پەرھىز قىلغان پادىشاھلىق دۆلىتىنىڭ ھەققى بولسا، پۈتۈن خەلق ئىچىدە ئادالەت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاپ دۇنيادا ياخشى نام ئېلىشىدۇر.

بېيىت:

سەن مۇرۇۋۋەتكە رەفىق بولغىل ساخاغە ھەم سىپەر،
سۆگرە تەختۇ ـ تاج ئىلە دەۋلەتتىن ئولغىل بەھرىۋەر.

كەيقۇباد ئۆز مەملىكىتىنى ساخاۋەت قۇربىتى بىلەن باشقۇراتتى. ئۇ دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن ياخشى نەمۇنىلەرنى يادىكار قالدۇردى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بىرى؛ كىشىلەرنى ماختاپ، مەدھىيىلەيدىغان ئادەملەرنى، شائىر - ئەدىبلەرنى دوست تۇتاتتى. ئۇلارغا ئىززەت - ئىكرام ۋە ئېھسان قىلىشتا قىلچە قىسلىق قىلمايتتى، ئۇ ئۆز سۆزلىرىدە داۋاملىق ئادەمنىڭ ياخشى نامى، ئۆزى مۇشەررەپ بولغان مەدھىيە ۋە دۆلەت ئۇچۇن ياساتقان قۇرۇلۇشلىرى بىلەن مەڭگۈلۈكتۇر دەپ زىكرى قىلاتتى.

قىتئە:

بولماسا ئەردى ئەگەر پىردەۋسىنىڭ شاھنامىسى،
شۆھرەت ئالماس ئەردى كەي، رۇستەمۇ ئىسپەندىيار.
يايدى ئالەمغە ئىزامى نەزمە بەھرام ئاتىنى،
ئەنۋەرنىڭ شېئىرى سەنجىر ۋەسپىن ئەتتى ئاشكار.

سۇلتان مەھمۇد «پىردەۋس» (جەننەت باغى) گە ئوخشاش دىللارنى ئاچىدىغان بىر باغ ئارەستە قىلغانىدى، ئۇنىڭ مۇسەففالىقى خۇددى باغى ئىرەمگە ئوخشاپ كېتەتتى. تەراۋەت - نازاكەتتە جەننەت بوستانىدەك تازە خۇررەم بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق نەزمىم بارلىققا كەلگەن.

قىتئە:

بەسى گۈل ئېچىلدۇردى بۇتازە باغ،
كى ھەرقايىسىسى ئوت ياندۇرۇپ چۇن چىراغ،

رىياھىنىدە تۈتمىشىدۇر ئەتراپى جۇي،
سەبا ئەترە پەرۋەر ھاۋا مىشكىبۇي.

سۇلتان مەھمۇت بۇ باغنىڭ ئىچىدە ئاتىسى ناسىرۇد دۆلەت سەبۇك تېگىنگە بىر زىياپەت بەردىكى، پەلەكنىڭ زىياپەتچىلىرى مۇنداق يېقىملىق بەزمىنى كۆرمىگەن، زامانەنىڭ قۇلاقلىرى مۇنداق ئالىي ئاسايىشلىق مەجلىسنى ئاڭلىمىغان، بۇ زىياپەتنىڭ لەزىز تائاملىرى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن نىشان بېرەتتى، خۇشكىۋار شىرىن ــ شەربەتلەرمۇ ھازىر قىلىنغانىدى.
نەزىم:

تىزىلدى بەزىم ئارا بىسيار نىمەت،
كى جەننەت نىمەتىدەك ئەينى لەززەت.
تولۇپ خۇن ئىچرە بىھەد مۇرغى بەريان،
يەنە ھەرنەۋئى ئەتئۇمە پاراۋا.
تۈتۈپ شىرۇ ــ شەكەر مەجلىس تەكسىير،
بولۇپ مەجلىس ئۇلاردىن تەنگى شېكەر.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد ئاتىسىدىن:
ــ بۇ باغ نەزىرىڭىزگە قانداق كۆرۈندى؟ ــ دەپ سورىدى.
ناسىرۇد دۆلەت مۇنداق دېدى:
ــ ئېي ئوغلۇم، بۇ باغ ئىنتايىن زىبا، ھەربىر مەنزىللىرى دىل كۇشا، مەرغۇب بىر باغ بوپتۇ، لېكىن بىزنىڭ مۇلازىملىرىمىز ۋە خەلقلىرىمىزنىڭ ھەرقايسىسى ئەگەر خالىسا مۇنداق باغنى بەرپا قىلالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاھنىڭ باغلىرى دېگەن باشقىلار ياساپ بەرپا قىلالىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئالاھىدە باغلاردىن بولۇشى كېرەك ئىدى ۋە ئۇنىڭ

مېۋىلىرىنى ھېچ كۆز كۆرمىگەن ۋە ھېچ بىر ئېغىز تېتىپ باقمىغان بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، ــ دېدى سۇلتان:

— ئېي ئاتا، سىز ئېيتقان بۇ باغ قانداق باغ بولىدۇ، ــ دەپ سورىدى. ئاتىسى جاۋاب بېرىپ:

— ئوغلۇم، ئۇ باغ بولسا پوزۇلا، ئۆلىما ـ ھۆكمالارنىڭ سۆھبەتىدۇر، ئۇ باغنىڭ دەرەخلىرى ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ۋە ھېكمەتلىك سۆز بۇلاقلىرىدىن تەربىيەت تېپىپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە ياخشى ئىشلارنى ئاشكارىلىغان، ئۇ باغنىڭ مېۋىسى زامانىنىڭ ئاخىرىغىچە تارىخ ۋەرەقلىرىدە قىشنىڭ سوۋۇقى، يازنىڭ ئىسسىقى ھېچبىر تەسىر يەتكۈزمەستىن ساقلىنىپ قالىدىغان ياخشى نامدۇر، بۇ بارىستە ئىزامى شۇنداق يازىدۇ:

ئىمارەت ئەيلەدى مەھمۇد بىسيار،
بەلەند ھەرقايسىسى گويا چەرخ دەۋۋار.
كى ئاخىر دەۋر ۋەيران قىلدى ئانى،
بىرسىنىڭ قالمادى نامى ـ نىشانى.

بۇ تەرىزدە يەنە مۇنداق بىر قىتئە مەشھۇردۇر:

بىر كۈنى بوزۇر جۇمھۇر ئەيتتىكىم ئەي شاھجاھان،
مۈلكى يەرۇ سۈيى ئەلھال ئىلكىڭ ئىچرەدۇر.
ئەيلەگىل باغكى، سالغىل ئاندە نەخىل جاۋەدان،
تاكى ئاندىن دەۋلەتى باقى سەمەر ئولغاي ساڭا.
ئۆمۈر باغىغە يېتەر گاھى باھار، گاھى خازان،
بوستانى قىلكى بولغاي ياز ۋە قىشتىن بى ئەسەر.

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا

ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىش ۋە بىجىرىش ھەممە مۆمىنلەرگە، بولۇپمۇ پادىشاھلارنىڭ، دۆلەت ئىگىلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن بۆيۈك ۋەزىپىدۇر. چۈنكى، بۇ ئىش ھەر كىشىنىڭ زاتى سۈپاتىنىڭ پاكلىقى، نەسەپ ۋە ھەسەپلىرىنىڭ بەلەنلىكى ئۈچۈن دەلىلدۇر. ھەربىر مۆمىن ئاللاتائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانا شەپقەتلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلىش كېرەك، ئاللاتائالا ئۆز رازىلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆز بالىلىرىدىن بولغان رازىلىقىغا باغلايدۇ.

«مەنرەزىيە ئەنھۇۋالداھۇ پەئەنە ئەنھۇرازىن» (ھەر كىشىكى، ئۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانىسى رازى بولسا، مەن ھەم ئۇنىڭدىن رازىدۇرمەن).

ئاللاتائالا ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆز ئىبادىتىگە يانداش قىلىپ قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق بۇيرىغان:

«ۋەقەزا رەببۇكەئەنلا تەئىبۇدۇئىللائىيياھۇ ۋەبىلۋالىدەينى ئىھسانەن» (ئاللاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاللاغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار).

بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنى خۇرسەندە قىلىشى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى كۆزلەشنىڭ نىشانەسىدۇر.

نەزمە:

ھورمۇز ئول پەرۋەزدىن خۇشنۇد ئىدى،
كىم ئاڭا يىزلەندى بەختى سەرمەدى.
قىلماغاچ شىرۇيەخۇسرونى رىزا،
كۆرمەدى ئىقبالۇ دۆلەتتىن ۋەفا.

مالىك دۇنيا بىر يىلى ھەجگە بارىپ كىشىلەر بىلەن ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. ھاجىلەر ئەراپاتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مالىك بىر كېچىسى مۇنداق چۈش كۆردى. چۈشىدە ئىككى پەرىشتە ئاسماندىن چۈشۈپ بۇ يىل كىمنىڭ ھەجى مەقبۇل بولدى، كىمنىڭ قوبۇل بولمىدى دېگەن مەزمۇندا سورىشاتتى. ئارىدا، ھەممە كىشىنىڭ ھەجى مەقبۇل بولدى. مەگەر مۇھەممەتنىڭ ئوغلى ئەھمەدنىڭ ھەجى قوبۇل دەرىجىسىگە يەتمىدى، ئورۇنسىز سەپەر مۇشەققەتىنى تارتتى، دېگەن ئاۋازلار چىقاتتى.

بىر مەھەلدىن كېيىن ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغاندى، چۈشىدە بەشارەت بولغان ھېلىقى ئەندىشىلەردىن بىئارام بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بەلخ ھاجىلىرىنى تېپىپ، ئۇلاردىن ئەھمەد بەلخىنى سوراپ، ئۇنىڭ چېدىرىنى تاپتى، ئۇ يەردە بىر ياشنى كۆردى، ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئۇستىگە پالاس كىيىم كىيىۋالغاندى. پۇتىغا بەند،

بويىنىغا غول سىلىۋالغانىدى. ئۇ، ياش مالىكنى كۆرۈپ سالام قىلدى ۋە مالىكقا قاراپ:

— سەن چۈشۈڭدە ھەجى مەقبۇل بولماي كۆرگەن كىشى مەندۇرمەن، بۇ پالاس بىلەن غول مېنىڭ مەھرۇملىقىمنىڭ بەلگىسىدۇر، — دېدى.

مالىك بۇنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا سورىدى:

— سېنىڭ ھۆسنۈڭ كامالىغا يەتكەن، كۆڭلۈڭ ئۇچۇق كىشى ئىكەنسەن؟ شۇنداقتىمۇ ھەجىڭنىڭ نامەقبۇللىقىنى بىلدىڭمۇ؟

ئۇ يىگىت:

— مېنىڭ بۇنداق قوبۇلسىيەت شەرىپىدىن مەھرۇم بولۇشىمنىڭ سەۋەبى ئاتام مەندىن رازى ئەمەس ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

مالىك ئۇنىڭ ئاتىسىنى سورىدى، يىگىت ئۆز ئاتىسىنىڭ شۇ ھاجىلەر ئارىسىدا بارلىقىنى ئېيتتى. مالىك:

— ئېي يىگىت، ماڭا ئادەم قوشۇڭ، مېنى ئاتىڭىزنىڭ قاشىغا ئېلىپ بارسۇن، مەن ئۇنىڭدىن سىزنىڭ گۇناھىڭىزنى تىلەپ كۆرەي. بەلكىم ئۇ سىزدىن رازىلىق ئىپادىلىسە، ئەجەپ ئەمەس، — دېدى. يىگىت دەرھال بىر ئادەم قوشتى، مالىك ھەمراھىنىڭ يول باشلىشى بىلەن يىگىتنىڭ ئاتىسىنىڭ قاشىغا باردى، مالىك بېرىپ كۆردىكى، بىر سايىۋەنىنىڭ تېگىدە شاھانە كىيىملەر بىلەن ئالىي بىساتلەرنىڭ ئۈستىدە خۇش قىياپەت بىر كىشى ئولتۇرغۇدەك، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا سەپ تارتىپ ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

مالىك ئۇ كىشىگە سالام بېرىپ سورىدى:

— ئېي پىر، سىزنىڭ ھېچبىر ئوغلىڭىز بارمۇ؟

ئۇ كىشى:

— بار، مەن ئۇنىڭدىن رازى ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى.

مالىك ئېيتتى:

— ئېي پىر، بۇ ئۇلۇغ بىر ۋاقىتتۇركى، ھەر كىشى كىشىدىن رەنجىگەن بولسا، ئۇنىڭدىن كۆڭلىگە ئاداۋەت چۈشكەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ، ئەپۇ قىلىدىغان كۈندۇر، ھازىر مۇشۇ كۈندە ئوغلىڭىزنى ئاللانىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىسىڭىز، مۇبارەك سالاھىيىتىڭىزگە مەلال يەتكۈسىدۇر، مەنكى مالىك دىنار، ئوغلىڭىزنىڭ ھەجىنى مەقبۇللىقىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى چۈشۈمدە كۆرۈپ قاشىڭىزغا كەلدىم، ئوغلىڭىزنى ئەپۇ قىلىپ رازى بولسىڭىز!

مالىكنىڭ كۆپ ئىلتىجا بىلەن قىلغان ئۆزرەسىدىن كېيىن ئول كىشى ئوغلىدىن رازىلىق ئىپادىسىنى بىلدۈردى، مالىك ئۇ كىشىنىڭ شەپقىتىدىن مەمنۇن بولۇپ، چەندانە رەھمەتلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن ھېلىقى ئوغۇل قېشىغا كەلدى. مالىك بۇ پۇرسەتتە كۆردىكى، ھېلىقى يىگىت ئۇستىدىكى پالاسىنى تاشلاپ، ئورنىغا چىرايلىق، پاكىزە كىيىملەرنى كىيىپتۇ، بويىنىدىكى غول، ئاياغلىرىدىكى بەندلەردىن ئازاد بوپتۇ، يىگىت تولىمۇ خۇشاللىق بىلە مالىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ئاتام بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامىغا سۆلھى داستىخانىنى سېلىپ، ئاتامنىڭ رازىلىقىنى ئالغانلىقىڭىزدىن ئاللاتائالا ھەجىمنى مەقبۇل قىلدى، ئاللا ئىگەم سىزگە ياخشى جازا بەرسۇن» دېدى.

قىتئە:

ئول كىشىكىم جىسمىڭ ئۇنىڭ پارەسى،
بەلكى ئۇنىڭ چەشمەسىنىڭ قەترەسى.
سەن ئاڭا خىزمەت قىل، تاپقىل مۇراد،
سەن ئاڭا قول باغلا ۋە تاپقىل كۇشاد.

ئانىسىنىڭ رازىلىقى ۋە دۇئاسى ئانىسىنىڭ خوشنۇدلىقى ۋە دۇئاسىدىنمۇ كۆپ نەتىجە بېرىدۇ. ھەدىستە: جەننەت ئانىنىڭ قەدەملىرىنىڭ تېگىدىدۇر، ھەر كىشى ئانىسىنىڭ قەدىمى سۆيۈپ خىزمىتىنى قىلسا، شەپقەتىنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلسا، ئۇ كىشى جەننەتكە يېتىدۇ دېيىلىپتۇ.

بېيىت:

بىھىشتىكىم بارچە مىزغە مۇددەئادۇر،
ئانامىزنىڭ ئاياغى ئاستىدادۇر.

يېقىن تۇغقان ـ قېرىنداشلارنىڭ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىپ، ئۇلارغا مېھرى ـ شەپقەت قىلىشمۇ دىنىي ئىسلامىمىزدە مۆمىنلەرگە ۋاجىپ قىلىنغان ئەمەللەردىندۇر. ھەق يولىدا بېرىلگەن ئېھسان، قىلىنغان سىلە ـ رەھىمى كىشىلەرنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن، رىسقىنى كەڭ قىلىدۇ. ھەدىستە ئاللاتائالا: «مەن رەھمان، كۆپ رەھىم قىلغۇچىدۇرمەن. رەھىم ـ شەپقەت بولسا، مېنىڭ تولۇق سۈپىتىمدۇر، ھەر كىشى مېنىڭ بۇ سۈپەتىمنى ئۆز ئەمەلىدە جارى قىلالىسا، مەن ئۇنى ئۆز رەھمىتىمگە يېتىشتۈرىمەن» دەپ كەلتۈرۈلىدۇ. ئاللا سۇبھانەھۇ ۋە تەئالا

مۇسا ئەلەيھىسسالامغا «خىش ـ ئەقرەبالەرىڭگە ياخشىلىق قىل» دەپ بۇيرىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ئۈچۈن «نېمە ئىش قىلسام، سىنىڭ رازىلىقىڭنى تاپالايمەن» دەپ سورىغانىدى، ئاللاتائالا «سەن ئۇلار يوق بولغاندا سالام ۋە خەت بىلەن ھازىر بولۇپ، پېقىر موھتاج بولغاندا، موھتاجنى بېرىش بىلەن مەگەرغەنى بولسا، بارىپ ھال سوراش بىلەن ياخشىلىق قىلساڭ بولىدۇ» دەپ بۇيرىدى.

بېيىت:

ئەقرىبالەر ۋۇسلەتى يولىن ئۆزەڭگە قىل كۇشاد،
تاكى دەۋلەت بىرلە ئەلدىن ئىلگەرى بول ھەم زىياد.

ئۇستاد ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەشمۇ دىنىي ئىسلامىمىزدا مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ قىلىنغان ھوقۇقلاردۇر. بۇ ھوقۇقلارنى ئەمەل تۇتۇش بۇ دۇنيادا بەرىكەت، ئاخىرەتتە سائادەت تېپىشنىڭ نىشانەسىدۇر. ئۇستادلىرىنى ھۆرمەتلەش ھەممە شاگىرتلارنىڭ شەرەپلىك خۇسۇسىيىتى دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ .ئالەم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بەرىكەتىدىن بەرپا بولۇپ تۇرىدۇ.

نەزىم:

فەراموش قىلماغىل سەن ھەقىقىي ئۇستاد،
كى ئانىڭدىن دۇرۇر ئىلمىڭغە بۇياد.
ئەگەر ئۇستادىڭغە مەھرىڭ يوق ئولدى،
دىگىل كىم ئىلمىي يومىنى مەھۋى ئولدى.
كىشىكىم قىلدى ئۇستادىغە خىزمەت،
زامانە ئۆتمىدى تاپتى ئول ئىززەت.

قۇلۇم ــ قوشنا، ھەقەمسايىلەرنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىشمۇ دىنىي ئىسلامىمىزنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار كىشىنىڭ ئۆي ــ ئىمارەت، باغ ــ بوستانلىرىغا يېقىن بولغاندەك دىل بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئىكرام ۋە ئېھسانىنى ئاشكارا قىلغان بولىدۇ.

ئالىم ــ ھەكىملەرنىڭ، شەرەپ ئىگىلىرىنىڭ خىزمىتىدە كەمچىللىك ئۆتكۈزۈش خىجالەت ۋە نادامەتنى كەلتۈرىدۇ، ئاجىزلارنىڭ خىزمىتىدە كەمچىللىك ئۆتكۈزۈش بەدناملىق بىلەن پۇشايماننى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ نەزمىنى ئاڭلاڭلار:

مېھماننى تۇتقايسەن دائىم ئەزىز،
كەلتۈرۈپ رەسمۇ مۇرۇۋۋەتنى بىجا.
گەر بىز رۇك لايىقى خىزمەت دۇرۇر،
قىلدىڭ ئۇلغاي خىزمەتى ھەققىن ئادا.
گەر كىچىك بولسا دېمەسلەر مۇنىكىم،
نە ئۇچۇن مۇنداق كەرەم قىلدىڭ ئاڭا.

بۇرۇنقى ئۇلۇغلاردىن كۆپ كىشىلەر ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ مېھماندارلىق رىئايىسىنى قىلاتتى. گېرمان پادىشاھى ئىنتايىن سېخى ۋە مېھماندوست بولۇپ، ئۇنىڭ مېھماندارچىلىق ئىشكى داۋاملىق ئوچۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېھسان دەستۇرخانى ھەمىشە يېيىقلىق تۇراتتى، ھەرقانداق كىشى گېرمان شەھىرىگە كەلسە، ئۇنىڭ ساخاۋەت ۋە كەرەم دەستۇرخانىدىن تائام يەيتتى. بۇ شەھەردىكى تولا كىشىلەر ھەر كۈنىنىڭ ئۈچ ۋاقتىدا ئۇنىڭ زىياپەت دەستۇرخانىدىن بەھرى ئالاتتى. بىر چاغدا ئىززۇددەۋلە

لەشكەر تارتىپ گېرمان شاھى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ بېسىپ كىردى، بۇساخاۋەت پىشە پادىشاھ ئۇلارنىڭ يۇرتىغا شەھەر دەرۋازىسىنى تاقاپ قويغا بولۇپ، ھەر كۈنى ئىككى لەشكەر بىر-بىرىگە روبىرو بولۇپ ئۇرۇشاتتى. كۈندۈزى ئۇشۇ قىلاتتىيۇ، كېچىسى گېرمان پادىشاھى ئىززۇددەۋلەنىڭ لەشكەرلىرىگە تولۇق يەتكۈدەك تاماق بېرەتتى. بىر كۈنى ئىززۇددەۋلە كىشى قويۇپ: «كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىپ، كېچىسى تائام بېرىشنىڭ نېمە سىرى بار؟» دەپ سوراتتى. گېرمان پادىشاھى تەرەپتىن «كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىش مەردلىك ۋە شجائەت جۈملىسىدىندۇر. كېچىسى تائام بېرىش ئادىمىگەرچىلىك ئەخلاقىنىڭ رەۋىشىدىندۇر. ئەگەرچە سىزلەر دۈشمەن بولساڭلارمۇ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كەلگەن مۇساپىر مېھماندۇرسىلەر.»

ئىززۇددەۋلە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، «ئەگەر كىشى مۇنداق مۇرۇۋۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشمۇ ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتچىلىكتىن ئەمەس» دەپ دەرھال ئۇرۇشتىنياندى.

بېيىت:

گەرچە دۈشمەندۇر ئاڭا مەردۇملۇق ئەت،
كىم بۇ ئىشتىن كۆرمەگەن ھەرگىز زىيان.

مېھماندارلىقنىڭ يەنە بىر نىشانەسى ئەگەر مېھماندىن مېھمانلىق ھالىتىدە بىرەر خاتالىق كۆرۈلسە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن سەۋەنلىك يۈز بەرگەن بولسا، ئاندىن كىشىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ بىر لوقما تائام يېسە، ئەلۋەتتە ئۇنى ئەپۇ قىلىش كېرەك. ھېكايەت:

مەئنى بىنى زايىدنىڭ قاشىغا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئۈچ

يۈز ئەسىرنى ئېلىپ كەلگەنىدى، مەئىنى بۆلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىماقچى بولدى، بۇ چاغدا ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىن بىر كىچىك بالا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى پادىشاھ، خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن بۇيرۇڭ، ماڭا بىر قاچا سۇ بەرسۇن، مېنى مۇنچە تەشنا ھالەتتە ئۆلتۈرمىسۇن، — دەپ يىلىندى. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بالىغا سۇ بېرىلدى، بالا جامنى قولىغا ئېلىپ:

— ئېي پادىشاھ، بۇ قەۋملىرىمنىڭ ھەممىسى قاتتىق سىيراپ كەتتى، ئەگەر مەن بۇ سۇنى ئۇلارغا بەرمەي ئىچسەم، ئىنسانىيەت مۇرۇۋۋىتىدىن بولمايدۇ، ئەگەر مەن بۇ سۇنى ئۇلارغا بەرسەم مەن تەشنالىقدە قالىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزلەرنى بىر قاچىدىن سۇ بېرىپ سىيراپ قىلىپ ئاندىن ئۆلۈمگە بۇيرىسالڭ، — دەپ يەنە ئىلتىجا قىلدى. مەئىن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سۇ بېرىشنى بۇيرىدى. سۇ بېرىلگەندىن كېيىن بالا يەنە دېدىكى:

— ئېي ئەمىر، بىز ھەممىمىز سېنىڭ سۇيۇڭنى ئىچتۇق، ئەمدى سېنىڭ مېھمانىڭ بولدۇق، مېھماننى ئۆلتۈرۈش كەرەم ئەھلىنىڭ ئادەتلىرىدىن ئەمەستۇر، — مەئىن بۇ گۆدەكنىڭ مۇنداق پاراستىدىن تەئەججۇپ قىلىپ، بارلىق ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىۋەتتى. مەزكۇر رەۋىشتە يەنە بىر ھېكايەت باردۇر.

ئومرالەردىن بىرسىنىڭ بىر كىشىدە كۆپ مەبلىغى بار ئىدى، ئۇ كىشى بۇ قەرزنى تۆلەشتە ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈپ، تولىمۇ كېچىكتۈرۈۋەتتى. ئاخىر ئۇنى قاتتىق بىر دورغىغا تاپشۇردى، بۇ دورغا ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، قەرزنى تۆلەشكە قىستاپ تەھدىت ئىشلەتتى. ئول كىشى بەك ئىلتىماس بىلەن ئۆزىنى ئەمىر قاشىغا ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى، دورغىنىڭ

ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، ئۇنى ئەمىرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى، ئۇلار كىرگەندە ئەمىر غىزا ئۈستىدە ئىدى، دورغىنى ئاشخانىدا ئولتۇردى، قەرزدارنىمۇ ئاشقا چاقىردى، ھەر ئىككىسى تائامغا تاناۋۇل بولدى، ئەمىر بۇنى كۆرۈپ ئۇل دورغىغا دېدى:

— بۇ كىشى بىزگە مېھمان بولدى، بىزنىڭ غىزايىمىزدىن يېدى، ئەمدى بۇنى ئاغرىتىش ئىنساپ جۈملىسىدىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغان مەبلەغنى ئۇنىڭغا مۇكاپات قىلىپ بەردىم، ئەمدى ئۇنى قويغىل، خاتىرجەم بولۇپ ئارامى بىلەن كەتسۇن.

نەزم:

جان ـ دىل بىلە ئېھتىرام ئەيلە،
مېھمان گەر ئۆيۈڭگە قويسا قەدەم.
مىزبانلىخ ئېرىقنىڭ لەبىگە،
تىكمەگەيسەن مىگەر نىھالى كەرەم.

يەنە سائىللەرنىڭ ھوقۇقىنى ئادا قىلىش ۋاجىبدۇر، مەيلى ئۇ قوپاللىق بىلەن كەلسۇن، مەيلى يۇۋاشلىق بىلەن كەلسۇن دېيىلىبدۇر. ئۇلارنى «ۋەئەممە سائىلە پەلاتەنھەر» ئايەتىنىڭ ھۆكۈمى بويىچە مەھرۇم قايتۇرۇش راۋا ئەمەسدۇر. ھەدىستە:

«لىسائىلى ھەققۇن ۋەلۇجائە ئەلا پەرەسىن» (سائىل گەرچە ئاتلىق كەلمىسىمۇ، يەنە ھەققى بىلەن كېلۇر) مۇنداق مۇبالىغە بىلەن تەكىتلەشنىڭ سەۋەبى ھېچ ۋاقىتدا سائىلنىڭ ھەققى زايا بولمايدۇر دېمەك ئۈچۈندۇر. يەنە ئېيىسانىڭ سۆزلەرىدە سەلا موللاھى ئەلا مەسىدە رىنا دەپ يېزىلغان. ئەگەر بىر كىشى بىر سائىلنى مەھرۇم قىلىپ قايتۇرسا، ئۇنىڭ ئۆيىگە بىر

ھەپتىگىچە رەھمەت پەرىشتىلىرى كەلمەيدۇ دېيىلىبدۇر.

ئىبراھىم ئەدھەم ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە خوتۇن ـ باللارغا، خەزىنىچىسىگە دائىم مۇنداق دەيتتى: بىزنىڭ ئىشىك ئالدىمىزغا كەلگەن سائىل بولسا، ياخشى دوستلاردۇر. ئۇلار ئاخىرەتنىڭ پوچتىلىرى بولۇپ، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەبەرتىدىغان نەرسىلىرىڭىز بارمۇ دەپ سوراپ كېلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ھەر نەرسە بەرسەڭلار، ئۇنىڭدىن ئون ھەسسە ئارتۇق ئەجىر ساۋاب تاپىسىزلەر.

قىتئە:

گەر تىلەرسەن ھەر ئىككى دۇنيادا بولماق شادىمان،
جۇدى ئېھسان بىرلە سائىللەرنى دىلشاد ئەيلەگىل.
ۋە تىلەرسەن ھەر بالانىڭ قەيرىدىن ئازادلىق،
ناتەۋان مىسكىننى غەم بەندىدىن ئازاد ئەيلەگىل.

يەنە گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى تىلەپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىشمۇ ۋاجىب ئېيتىلىدۇ. چۈنكى، گۇناھكارنى شاپائەت قىلغۇچى، ئەلۋەتتە، ئۇلۇغ كىشىلەردىن بولۇشى مۇمكىن. شاپائەت ـ ئىلتىجا بىلەن تىلەش بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ھۆرمەتلەش گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى شۇلارنىڭ تىلىكى بىلەن ئەپۇ قىلىش سائادەت ئەھلىنىڭ پەزىلەتلىرىدىن بولىدۇ.

بىر كۈنى مەنسۇر خەلىپەنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى ئەكابىرلەردىن بىرى تىلەپ كەلدى. خەلىپە:

ــ بۇ چوڭ گۇناھ قىلغان، ــ دېدى. بۇ ئەزىز:

— مەن ھەم شۇنداق چوڭ گۇناھنى تىلەپ شاپائەت قىلىمەن. كىچىك گۇناھنى ئەپۇ قىلىشىڭىزدا شاپائەتكە ھاجەت يوق، — دېدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى خەلىپىگە خۇش كېلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى.

بېيىت:

ھەر كىشىغە كىم بولۇر مۇنداق شەفىئ،
بارچە يەردە بولغۇسى قەدرى رەفىئ.

نىگارىستاندا مۇنداق بىر سۆز بار، پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ئۈچۈن، گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنىڭ بەلەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھىممەتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، شاپائەتچىلەرنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ مەرھەمەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەبتۇر.

بىر كىشىنى خىيانەتچى دېگەن نام بىلەن ئەيىبلەپ، ۋىلايەتنىڭ ساھىبىغا تۇغرا قىلغانىدى، ئۇ زىندانغا قامالغانىدى. ئۇزاق زامانغىچە ئۇنىڭ توغرىسىدا گەپ ـ سۆز بولمىدى، ئارىدا ۋاپادارلىق ۋە ھەقىقەتپەرۋەرلىك سۈپىتى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر كىشى بار ئىدى، ئۇنىڭ بۇ گۇناھكارغا مۇھەببىتى بار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالماق بولۇپ، شاپائەت تىلەپ ساھىبقا خەت يازدى، خەتتە شۇنداق بايان ئېتىلدى:

گۇناھكارلارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلىش ئىختىيار ئەھلىنىڭ مەرھەمەتى، ئىختىدا ئىگىلىرىنىڭ شەپقەتلىرى ئەسەرلىرىدىندۇر.

ھازىر زىنداندا دەرماندە بولۇپ ياتقان، يەنە كېلىپ ھالاكەتكە

يېقىنلاشقان بىر پېقىر باردۇركىم، جانابى ئالىيلىرىنىڭ كەرەملىرى تۇتقۇنلارنىڭ قۇتۇلۇشىغا باھانەدۇر. ئەگەر شۇ بىچارىنىڭ ئېتىكى گۇناھ داغلىرىدىن پاك بولسا، ئۇنىڭ خالاسلىقىغا ئالىي ئىشارەتلىنى يۇرىتىسىلەر ۋە ئەگەر ئۇنىڭ ياقىسىغا گۇناھ داغلىرى چۈشكەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى ئەپۇ سۆيى بىلەن يۇيۇۋەتسىلە، كەرەم نىشانەسىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولسا، ئەگەر بۇ ئىككى تەرەپتىن باشقا سۈرەت بولسا، ئۇنىڭ گۇناھىنى شاپائەتچىلەرنىڭ تىلىكى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىۋەتسىلە. قىتئە:

ئېي مەسنەدىل لۇتفى بىھەد ئىنئام جۇدئام،
فەيزىڭ ساھاب يەڭلىغ يەزلىڭچۇ ئاپتاپ.
بۇ ئەپۇ سۆيى بىلەن گۇناھكار نامەسىن،
بىجۇرمى بولسا قىلما غەزەپ ئوتىدا كاباپ.

ئول ئەزىزنىڭ نامەسى ساھىبقا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئوقۇپ كۆرۈپ، بۇ ماقالىنىڭ پاساھىتى ۋە شاپائەت لاتاپىتىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋابىغا بىر خەت يازدى. «ئېي ئەزىز مۇشپىق:

ئانىكىم لۇتفى ئىلە دەرخاست قىلدىڭ،
سالاھ ئەيلەپ ئىشنى راست قىلدىڭ.

سېنىڭ شاپائەت سۆزلىرىڭنىڭ گۈللۈك بېغىدىن مېھىر ـ ۋاپانىڭ پۇرىقى چىچىلدى. سېنىڭ نامەڭ ئاپتاپىنىڭ يورۇپ چىقىدىغان بۆلىقى بولدى، ئۇنىڭدىن سىدقى ساپانىڭ نۇرلىرى

شۆئلە ئۇردى، ئۇ پېقىرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدىم، ئىنتىقام تىزگىنىنى ئۇنىڭ گۇناھ ۋۇجۇدىدىن قايتۇرۇپ ھەيبەت زىندانىدىن ئازاد قىلدىم.»

بېيىت:

ئەي سېنىڭ ئەمرىڭ بىلەن ئۆتسە بولۇر بۇ جاندىن،
بەس كىشى قىلسا گۇناھ سەھلى ئۇلغاي ئۆتمەك ئاندىن.

شەرىئەت چېگراسىدىن چىقىپ كەتكەن، ئاللاغا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكارنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە جازالاشقا توغرا كەلگەن چاغدا، ئۇنى شاپائەت قىلىپ تىلىمەسلىك كېرەك. چۈنكى، قۇرئانى كەرىمدە ۋەلا تەئخۇزكۇم بىھىمارەئىپەتۇن (شەرىئەت چېگراسىدىن چىققان كىشىگە شەپقەت قىلماڭلار) ئايەتى زاھىردۇر.

تەمغاچخانىنىڭ زامانىسىدا بىر ياشنى ئوغرىلىق قىلغان جىنايەت بىلەن تۇتۇپ كەلگەندى، ئۇ يىگىت ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ھۆسنى جامال گۈلىستانىنىڭ بىر خۇشپۇراق گۈلىگە ئوخشار ئىدى. ئۇنىڭ يۈز ئائىنەسىگە قۇدرەت ئىلاھىنىڭ پەردازگەرى ۋە «سەۋۋەرە پەئەھسەنە سۇۋەرەكۇم» (سۈرەتكە كەلتۈردى خۇدايىتائالا سىزلەرنى، پەس، ياخشى ياسىدى سۈرەتلىرىنى) چەرخىنى چىراي سەھىپىسىگە جۇلا بەرگەن، ئۇنىڭ يۈز سەھىپىسىگە سۈنئىي رەببانانىڭ سۈرەتچىسى — «لەقەد خەلەقنەل ئىنسانە پىئەھسەنى تەقۋىم» (ھەقىقەتەن ياراتتۇق سىز ئادەملەرنى، سۈرەتلەرنىڭ ياخشىراقىدە) قەلەمى بىلەن زىبالىق سۈرەتنى تارتقان.

بېيىت:

تارتمىش ھەرنە كۆڭۈل سەپھەسىغە كەلكى خىيال،
قىلدىلەر سۈرەتى زىبايىڭنى ئاندىن زىبا.

پادىشاھ ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ چىقىپ، قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدى، دۆلەت ئەركانلىرىدىن تارتىپ تۆرلۈك سۈپەتلەردىكى كىشىلەرگىچە بۇنىڭغا ئېچىنىپ، دەستارلىرىنى باشلىرىدىن ئېلىشىپ يالۋۇرۇپ:
— ئى پادىشاھ، بۇ ياشنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن، ئۇنىڭغا بۇيرۇلغان ھۆكۈمنى بىز مۇلازىملەرىڭغە يۈرگۈزگىن، — دېيىشتى. پادىشاھ:
— بۇ ھۆكۈمدە مېنىڭ ھېچقانداق غەرەز ۋە مۇددىئايىم يوق، ئاللاتائالا ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇيدۇ، — دېدى. ئۇلار:
— ئى پادىشاھ، بۇ ياشنىڭ قولىنى كېسىش بەكمۇ ئەيىبتۇر، بۇ قولغا بىزلەرنىڭ بەكمۇ رەھمىمىز كېلىۋاتىدۇ، — دېيىشتى. پادىشاھ:
— سىلەر بۇ ئوغرىنىڭ نازۇك قولىغا قارىماي، مال ئىگىسىنىڭ قانلىق كۆڭلىگە قارىساڭلار، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ غەم سىلەرگە تېخىمۇ ئاسان كۆرۈنىدۇ، — دېدى.
يەنە ئازغىنا ئاشنالىقى بار، ئازغىنا خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىشمۇ ۋاجىپ دەپ قارىلىدۇ، گەرچە ئۇنىڭ قىلغان خىزمىتى ئاز بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ كەرەمى بويىچە ئۇنى كۆپ بىلىپ، ئول پېقىرغا مۇمكىنقەدەر دىلناۋازلىق قىلىش كېرەك.

بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ بىر مەزگىل ئولتۇرغاندىن كېيىن، باشقا بىر ۋىلايەتكە بارماقچى بولۇپ، سەپەر قىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن بۇ كىشى ۋەزىرلىك مەنسەپىنى تاپتى، ئۆي ئىگىسى شۇ ۋەزىر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، بۇ ۋىلايەتكە كەلدى ۋە ۋەزىرنىڭ مەنزىل قورۇسىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولۇۋېدى، دەرۋازا خادىمى ئۇنى توسۇپ كىرىشكە قويمىدى، ئۇ كىشى:

— مەن ۋەزىرنىڭ ئاشناسى بولىمەن، — دېدى. ياساۋۇل:

— سەن ۋەزىر بىلەن قانداق ئاشنا بولىسەن؟ — دەپ سورىدى. بۇ كىشى:

— بۇرۇن بۇ ۋەزىر مېنىڭ ئۆيۈمنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانىدى. شۇ ئاشنالىق دەرىجىسىنى كۆزدە تۇتۇپ ۋەزىر مېنى خالىرىق تۇپراقىدىن كۆتۈرۈپ، ئىززەت - ھۆرمەت دەرىجىسىگە ئالۇرمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن كەلدىم، — دېدى. ياساۋۇل بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— سەن ئېھتىمال نادان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئانچىلىك بىر ۋەسىلەرى ۋەزىر بارەسىد بايان قىلىۋاتىسەن، ئۆز كۆڭلۈڭدە بۇنى ماقۇل خىيال دەپ ئويلاپ، بىھۇدە ئاۋارە بولماقچى بولۇپسەن، ئەمدى تەمە رەنجىنى چەكمەستىن ئۆز يولۇڭ بىلەن قايتىپ كەتكىن، — دېدى. ۋەزىر پەردە ئارقىسىدا بۇ سۆزلەرى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، ياساۋۇلنى چاقىرتىپ كېلىپ كىم بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى سورىدى. بۇ چاغدا بۇ ياساۋۇل بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەت ئەھۋالىنى بايان قىلدى. ۋەزىر:

— سەن ياخشى ئىش قىلماپسەن، تېز بېرىپ ئۇ مېھمانى باشلاپ كەلگىن، — دېدى. ياساۋۇل بېرىپ ھېلىقى مۇساپىرنى

باشلاپ كەلدى. ۋەزىر ئۇنىڭغا كۆپ ئىززەت ۋە ئېكرام بىلەن دىلنەۋازلىق قىلغاندىن باشقا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە نۇرغۇن ماللارنى ئىنئام قىلدى، خوتۇن ـ بالىلىرىغىمۇ ئالاھىدە تۆھپىلەرنى سوۋغا قىلدى.

قىتئە:

كۆڭۈلگە نۇر بەر مېھرۇ ۋەفادىن،
ئۆگۈرمە يۈز بۇرۇنقى ئاشنادىن.
رەپىقىڭ گەر پېقىر بولسا ئۇنۇتما،
كىم ئانىڭ سۆھبەتىنى سەھل تۇتما.

يەنە، ھىممەت ئەھلىگە ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ھەققىغە رىئايە قىلىش پەرھىزدۇر. بۇنىڭ مىسالى مۇنداق: بىر كىشىنىڭ ھۆكۈمەت ئەھلىدە ھېچبىر ھەق ۋە مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، بىرەر ھىيلە بىلەن ئۆزىنى سىياسەت توردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئازادلىققا ئېرىشىدۇ. پادىشاھ بۇ ھىيلىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، بۇ بولسا مۇرۇۋۋەتنىڭ غايەتى، كەرەمنىڭ ناھايەتىدۇر.

بىر كۈنى بىر كىشىنى قاتىللىق تۆھمىتى بىلەن زىياد مىسرى دېگەن پادىشاھنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىشتى، پادىشاھ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرىدى. جاللات ئەمىرگە بىنائەن تىغ تارتىپ ئۇنىڭ كۆزىنى تاڭماقچى بولدى، بۇ بىچارە بالا دەرياسىنىڭ مەۋج ئۇرغانلىقىنى، ئەجەل لەھەڭىنىڭ ئېغىز ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يىغلاپ يالۋۇرغان. تەۋبە ـ ئىستىغپار قىلغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سود بەرمىدى. ئاخىرى ئۇ بىچارە ئېيتتى:

ــ ئېي ئەمىر، بىزنىڭ ئارامىزدا قوشنىلىق ھەققى بار،

قوشنالىق ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش مۇرۇۋۋەت مەزھەپىدە كۆپ مۆئتىبەردۇر، ئەگەر بۇ ھوقۇقلارنى كۆزدە تۇتمىسىڭىز، ئەيىب جۇيلەر سىزگە تەئنە تىلىنى ئۇزىتىشى، سىزنى قوشنىلارنىڭ ھەققىغە ساقلىماي، قوشنىسىنى جاپاغا پايمال قىلدى دېيىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۇچۇن مەندەك بىر ئاجىزنىڭ قېنىنى تۆكمەك بىلە ئۆزىڭىزنى مالامەت ئوقىغا نىشانە قىلىپ بېرىش، سىزدەك ئەخلاق گۇلىستانىدىن ئازار تىكەنى ئۇنمىگەن ئۇلۇغنىڭ شەنىگە تەئەججۇپ كەلتۇرىدۇ.

قىتئە:

ماڭا بۇ جاندىن ئۆتمەك سەھەل بولغاي،
نى غەم گەر يۈز مىڭىمدەك بولسا نابۇت.
ۋەلى سەندەك كىشى بەدنام بولساڭ،
پۇشايمان ئاندا ھەرگىز بەرمىگەي سود.

زىياد بۇ بابتا ئويلىنىپ، ھەر تەرەپتىن پىكىر يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ھېچ ئاشنالىق يولىنى تاپالمىدى. ئاندىن كېيىن:

— قايسى جايدا ماڭا سېنىڭ ئاشنالىقىڭ ھەققى سابىت بولغان؟ — دەپ سورىدى. ئۇ بىچارە:

— بۇرۇن مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ئۆيى بەسرەدە سېنىڭ ئۆيۈڭگە تام قوشنا ئىدى، ئاتام كۆپىنچە سېنىڭ مۇلازىملىرىڭ بىلە بىرگە ئولتۇراتتى، — دېدى. زىياد:

— ئۇنداق بولسا سېنىڭ ئاتاڭنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدى. بۇ كىشى:

— ئي ئەمىر، مەن جان قورقۇنچىسىنىڭ ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ

ئىسمىنىمۇ ئۇنتۇدۇم، ئاتامنىڭ ئىسمىنى قانداق ئەسلەي؟ — دېدى. زىياد كۈلۈپ كەتتى ھەمدە ئۇنى ئازاد قىلىۋەتتى.

يەنە ئەدلى ۋە ئېھسان بىلەن پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش كېرەك، ئەۋلادلارنىڭ، ئەمىر - ۋەزىرلەرنىڭ، سۇپاھ خادىملارنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش بابىنىڭ ئاخىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى

## ئوتتۇز تۆتىنچى باب

# ياخشى كىشىلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتە ئولتۇرۇش توغرىسىدا

ئالىملار، ھېكىملەر، دانالار بىلەن سۆھبەتتە ئولتۇرۇش سائادەتنى ئەبەدىنىڭ كىمياسى، دۆلەتنى ئەبەدىنىڭ رەھنىماسىدۇر.

نەزم:

ياخشىلارنىڭ زىيلىيغە ئۆزۈڭنى ئال،
پاكلارنىڭ مەھرىنى كۆڭلۈڭگە سال.
ھەر سۈپەتكىم ياخشى ئول كىشىنى قىلۇر،
ياخشىلارنىڭ سۆھبەتىدىن تېپىلۇر.

پارس پادىشاھلىرىنىڭ ئادىتىدە، ھەر مەجلىسلەر ئالىملار، فۇزىلالارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بولاتتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىسىز ئىشقا ھۆكۈم يۈرگۈزۈلمەيتتى، شۇنداق بولغاچ، ئۇلار پادىشاھلىقنىڭ ئادالەت بىناسىنى راستىچىللىق ۋە ھەقىقەت ئۈستىگە قۇرغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ مەملىكەتلىرى تۆت مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق مۇددەت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ قولىدا خاتىرجەملىك بىلەن تۇردى.

سۇلتانى سانجىرمازى ئۆمەر ھەييامنى ئۆز سۆھبىتىدىن

يىراق قىلمايتتى، ئاباسىيەنىڭ خەلىپەلىرى ئۆزلىرى دانىشمەن بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە بارلىق ئىشلىرىنىڭ بىناسىنى ئالىملار، مۇتتەقىيلەر ۋە پەرھىزكارلارنىڭ مەسلىھەتىنىڭ ئۈستىگە قۇرغانىدى. خىلاپەتنامە ئىسلاھىدە مۇنداق بىر سۆز بار: پادىشاھنىڭ ئۆزى شەۋكەتلىك بولۇپ، قىلغان ھەربىر ھۆكۈملىرى ھېكمەت قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولغان كىشىنى پادىشاھ قىلىپ ئاتاشقا بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ھوقۇق ئىگىسى ئۆزىنىڭ ھەربىر ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە نەتىجىسىنى ئويلاپ بىلەلەيدىغان، ھېكمەت، سىپەتنى ئۆزىگە مۇنداق ئۆلتۇرۇۋېلىشى لازىم:

دۆلەت باشقۇرۇش ۋە يول تۇتۇشنىڭ ئۇنىۋېرسال چارىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن ئۇنى ئەمەللەردە تەتبىقلاپ نەتىجە ھاسىل قىلالىسا، ھېكمەت ـ سىپەتنى ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىما، ھۆكۈما ۋە ئارىپلەر بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، جاھىللارغا، غاپىللار ۋە بۇزۇقلاردىن ساقلىنىش لازىم. قىتئە:

ھەمنىشىن كىم زىرە كۇبىر دانىشمەن ئېرۇر،
ھەم كۆڭۈل ئارامى ھەم روھىغە پەيۋەند ئېرۇر.
ئول كىشىكىم غەپلەتۇ نادانلىق ئەنىڭ ۋەسپىدۇر،
زەھىر قاتىللىق يىلانغە سۆھبەتى مانەند ئېرۇر.

يۇنانلىقلارنىڭ بۇنداق بىر ئادىتى بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق ھالدا ۋىلايەتنىڭ شاقاۋۇللىرىنى، شەھەر ھاكىملىرىنى ئىلىم ـ بىلىم ۋە ھېكمەتتە بارلىق ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان كىشىلەردىن تاللاپ قوياتتى. ئەڭ كەمىدە ھۆكۈمالار ئالدىدا مەقبۇل كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇراتتى، چۈنكى ئالىم،

ھاكىملارنىڭ سۆھبىتىگە قاتناشقان كىشىلەر ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن نۇرغۇن بىلىم ئالغان، دىللىرى يورۇغان، ئىشقا يارامىلىق كىشىلەردىن بولىدۇ.

ياخشى سۆھبەتلىك ھەمراھ خۇددى ئەترەچىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئەترەسىدى بەرمىگەندىمۇ، يانىغا بارساڭ، دىماغىڭ مۇئەتتەر بولۇپ، كۆڭلۈڭ بەھرىمەن بولىدۇ. يامان ھەمراھ دېگەن تۆمۈرچىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ تۈتۈن، بۇخار، قارالىرىدىن رەنجىپ قالىسەن. قىتئە:

سەيلەگىل ئەتتارنى سەن جىستىجۇي،
تاكى تاپقايسەن ئۇلاردى ياخشى بۇي.
قىلما ئاھىنگەر دۇكانىغە نەزەر،
يەتكۈزۈر ئوت بىرلە دۇدىدىن ئەسەر.

پادىشاھلارنىڭ سۆھبىتىگە ئېھتىياجلىق كىشى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بىلىدىغان ئالىم، ئۆزى ئادىل، مۇتتەقىي كىشىلەر بولۇپ، پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىلىم نۇرلىرى بىلەن قورالالانسا، ئۇنىڭ پادىشاھلىق دۆلىتى تېخىمۇ روناق تېپىپ بارىدۇ. ئۆلىما ھۆكۈمالار پادىشاھنىڭ دۆلىتىنى راۋاج ئەتتۈرىدىغان تايانچتۇر.

بېيىت:

ئەگەر مەسائىلى شەرئىيە تاپماس بولسا بايان،
بولۇر مەزاھىپ مىللەت بىنالىرى ۋەيران.

يەنە، ئاخىرەت ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بېرىدىغان، قىلىشقا

تېگىشلىك بولغان نەتىجىلىك ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدىغان، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن يامان سۆز، يامان قىلىقلارنى توسۇيالايدىغان، هارامغا مايىل قىلغانلارنى قايتۇرالايدىغان توغرا نىيەت، ساپ دىل نەسىهەتچىلەر بولۇشى كېرەك.

نەسىهەتچىلەر ئۆزىنىڭ پادىشاهقا قىلماقچى بولغان پەند ـ نەسىهەتلىرىنى ئەلۋەتتە پىنهانراق ئېيتىدۇ. نەسىهەت سۆزلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن چىرايلىق، يېقىملىق ئىبارىلەر بىلەن باشلايدۇ. چۈنكى، يۇمشاقلىق، خۇشخۇيلۇق بىلەن بولمىغان نەسىهەتنىڭ نەتىجىسى بولمايدۇ، شۇنداقتىمۇ قەدىمكى ئۆتكەن پادىشاهلار هۆكۈمالاردىن بەزى ئاچچىق سۆزلەرنى ئاڭلىسىمۇ، ئۇنى سەمىمىي، ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن قوبۇل قىلاتتى، هارۇن رەشىد شەقىقى بەلىخدىن:

ــ ماڭا دەستۇر قىلىۋېلىش ئۈچۈن بىر نەسىهەت سۆز قىلىپ بەرسىڭىز، ــ دەپ سورىدى. شېيخ مۇنداق دېدى:

ــ ئى ئەمىر، ئاللاتائالا بىر سارايىنى بىنا قىلىدۇ، ئۇ دوزاخ دەپ ئاتىلىدۇ، سىزنى شۇ سارايغا دەرۋازىۋەن قىلدى، بارلىق خەلقنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سىزگە ئۈچ خىل نەرسە تاپشۇردى، بىرى مال، ئىككىنچىسى شەمشەر، ئۈچىنچىسى تازىيانە (قامچا) دۇر. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋەزىپىنى ئورۇندىشىڭىز كېرەك. بىرىنچى، شەھىرىمىزدىكى كەمبەغەل ـ موهتاجلار هاجەت زۆرۈرىدىن هارام يەپ سالماسلىق ئۈچۈن قولىڭىزدىكى مال بىلەن ئۇلارنىڭ ئېهتىياجىنى قاندۇرىسىز. ئىككىنچى، شەمشەر بىلەن، مۇسۇلمانلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن زالىملارنى قىرىپ يوقىتىسىز. ئۈچىنچى، قولىڭىزدىكى تازىيانە بىلەن شەرىئەتتىن چىقىپ كەتكەن پاسىقلارغا ئەدەپ بېرىپ،

ئۇلارنى توغرا يولغا باشلايسىز، ئەگەر مۇشۇ ئەمەللەرنى قىلسىڭىز ھەم ئۆزىڭىزنى، ھەم پۈتۈن خەلقىڭىزنى دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغان بولىسىز، ئەگەر بۇ سۆزلىرىمنىڭ ئەكسىچە ئەمەلدە بولسىڭىز، بىلىپ قويۇڭكى، ئالدى بىلەن دوزاخقا سىز بارىسىز، ئارقىڭىزدىن خەلقىڭىز بارىدۇ.

ھارۇن رەشىد بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شەقىقنىڭ قولىنى سۆيۈپ، تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى.

بېيىت:

نەسىھەتكىم قىلۇرلەر سىدقى بىرلە،
قوبۇل ئەتكەي ئۇنى ھەركىم ئىشتىسە.

يەنە، كېسەلنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلىنى ياخشى بىلىدىغان ھازىق تېۋىپلار بارىدۇ، ئۇلار كېسەل دەردىنى يوقىتىشتا كۆللى جۇزئى يەنلەردە بەر كامال بولۇشى كېرەك.

بېيىت:

ئاغرىق جېنى تارە بولغاي ئەنىڭ دەمىدىن،
راھەت تاپقاي روھى ئۇنىڭ مەقدەمىدىن.

ئۇلار پادىشاھنىڭ مىزاجىنى داۋاملىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ پىكرىدە بولۇشى كېرەك، ئەگەر پادىشاھنىڭ تەبىئىدە ئازغىنا ئۆزگىرىش بارلىقىنى سەزسە، دەرھال ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىش كېرەك.

پادىشاھلىق ئۈچۈن يەنە ئىلمىي ھەيئەت قائىدىلىرىنى چۈشەنگەن، ياخشىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ بەلگىلىرىنى

ئايرىپ چىقالايدىغان مۇنەججىملەرمۇ كېرەكلىكتۇر.

بېيىت:

ساپتۇ سەييارىلەر ئەھكامىنى، تەقۋىمى،
بى مۇشەققەت رۇي كاغەز ئۆزرە تەسۋىر ئەيلەگەي.

بۇلار پادىشاھنىڭ تەلىيىنى يۇلتۇزلارنىڭ سەيلە قىلىش ۋە تۇرۇشىدىن كۆزىتىپ، پادىشاھنىڭ بەخت ـ سائادەت بەلگىلىرىنى كۆرگەندە پادىشاھ شۇكۇر ئادا قىلىش يولىغا باشلايدۇ. «بىششۇكۇر تەدۇمۇننىسئەم» (شۇكۇر بىلەن نېمەت داۋاملىشىدۇ) دېگەن سۆزنىڭ ھۆكۈمى بىلەن دۆلەتكە ئامانلىق ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلار يولدىن خەتەرلىك ـ ئاپەت بەلگىلىرىنى كۆرگەندە، دەرھال ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن پادىشاھنى ياخشىلىق ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلىپ، «ئەسسەدەقەتۇ تەرەددۇلبەلا ئەۋەتەزىدۇ پىل ئۆمرى» (سەدىقە بالانى قايتۇرۇپ، ئۆمرىنى ئۇزاق قىلىدۇ) دېگەن قەۋلى بويىچە بالالارنىڭ يوقىلىشىنى تىلەش كېرەك.

تىلەرسەنكىم بالادىن جان قۇتۇلغاي،
تەزەررۇئ ئەيلەگىلكىم چارە بولغاي.
كىشىكىم ئىلگىنى ئېھسانغا ئاچتى،
غەمى مېھنەت ئەنىڭدىن چۇست قاچتى.

يەنە، پەساھەت ـ بەلاغەت مەيدانىدا شەھسۇۋارلىق شۆھرىتىنى كۆتۈرگەن، شېئىر ـ ئەشئار مەيدانىدا خۇشكۇيلۇق نامىنى ئالغان شېرىن زەبان شائىر ـ ئەدىبلەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر.

نەزمىدىن بولغاي پەساھەت چەھرەسىغە ئابرۇي،
شېئىرىدىن يەتكەي بالاغەت گۈلشەنىگە رەڭگۇ ـ بوي.

ئۇلار پادىشاھنىڭ ۋەسپى ـ ئەۋساپ جاۋاھىرلىرىنى تېرىم يىپىغا تىزىپ، شۆھرەت بازارىدا جىلۋەغە كەلتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ ياخشى نامىنىڭ تاۋارىخ بەتلىرىدە ساقلىنىشىغا ئاساس سالىدۇ.
نەزم:

شائىر ئېلىنى تۇتقايسەن دائىم ئەزىزۇ ئېتىبار،
چۈنكى نەزمىدىن قالۇر ئالەمدە ئاتىڭ يادىكار.
قالدى سالمان شېئىرى بىرلە شۆھرەتى سۇلتان ئۇۋەيس،
شەيخ سەئدى نەزمىدىن بۇ بەكرى بولدى نامدار.
يايدى ئالەم ئىزامىگە نەزمى بەھرام ئاتىنى،
ئەۋرىنىڭ شېئىرى سەنجىر ۋەسپى ئەتتى ئاشكار.
بولماسا ئەردى ئەگەر پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى،
شۆھرەت ئالماس ئەردى كەي، رۇستەمۇ ئىسپەندىيار.
ھەرنە تەسپى جامى ۋە ناۋايى قىلدىلەر،
مەدىھەتى سۇلتان ھۆسەينى ئەنىڭ ئىچرە يەنە بار.

قەدىمكى ئالىملەر: ھەممە كىشى ئەقىلگە موھتاج، ئەقىلنىڭ يەنە تەجرىبىگە ئېھتىياجى بار. چۈنكى، تەجرىبە دېگەن ئەقىلنىڭ ئەينىكى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىق سۈرىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ دەيدۇ.
ھاياتلىق روزىغارىنىڭ تەجرىبىلىرى ئۇزاق ئۆمۈر ۋە كۆپ


www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خىل تىرىكلىك ئىشلىرى بىلەن قولغا كېلىدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ تەجرىبىسىدە بۇ ئارىيەتلىك ئۆمرىدە ئۇنداق مەقسەتلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېھرىبانلىق بىلەن شەپقەت يۈزىسىدىن بىر ئىنسانىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئومۇمىي تەجرىبىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ كېتەلمەسلىكىدەك نۇقسانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن مۇنداق بىر چارىنى بەرپا قىلدى. ئۇلار بۇ چارە بىلەن بارلىق تەجرىبىلەرنىڭ بىر يولى قولغا كېلىشىنى كۆزلىدى. بۇ چارە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ھېكايىلەر، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى، ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ھېكمەتلىرى كىتابلارغا قەيت قىلىپ يازدى. بۇنى كېيىنكى دۆلەت ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە دەستۇرۇل ئەمەل قىلدى. ھەربىر پادىشاھ ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ئۆز ئىستىبداتلىرى بويىچە بۇ ھېكايىلەرنى مۇتالىئە قىلىپ، تېگىشلىك بەھرە ئېلىشتى. «ۋەسە ئىدۇمەن ۋە ئەزەبغەيرىھى» (باشقىلاردىن نەسىھەت ئالغان كىشى سائادەتمەندۇر) دېگەن سۆزنىڭ خاسىيىتى ئەنە شۇ ساۋاقلارنى تەمىن ئېتىدۇ.

بۇرۇنقى پادىشاھلاردىن ھېكايەت،
قەدىمى ئەھلى دانىشتىن رىۋايەت.
كۆڭۈل كۆزىگە بەرگەي روشنالىق،
خىرەد ئىلمىگە بەرگەي ئاشىنالىق.
خۇخەئۇەرلەر چېكىپ بىسيار رەنج،
تېپىپ ھەر بابتىن ھەرنەۋئى گەنج.
قىلىپ ھەر گۇنەھدىن بىر قىسسە ئاغاز،

بېرىپ ھەر قىسسەغە بىر تەرزى پەردان.
يورۇتتىلەر سەھائىپ ئۆزرە خامە،
قويۇپ كەتتىلەر ئەنى يادنامە.
كېرەكدۇركىم ئۇلەرگە فىكرى سالساڭ،
كى ھەربىر قىسسەدىن بىر نۆكتە ئالساڭ.
دەرەخ تىكتىلەر ئالەمدە بىسيار،
قىلىپ ھەر شاخى شىرىن مېۋە ئىزھار.
ئەنىڭ سارىغە كىم ئەمدى ئۆگۈر ياز،
كى شاخ ئۇستىدىن بىر مېۋە ئۈز.



www.uyghurkitap.com

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# يامانلارنى يوق قىلىش توغرىسىدا

ياخشى كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش ۋە ئۇنىڭغا مەيىل قىلىش ۋاجىپ بولغاندەك، يامانلارغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىشمۇ ۋاجىپتۇر. چۈنكى ھەر تائىپەنىڭ سۆھبىتى ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ياخشى كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىش دۆلەتكە بەخت ـ سائادەت نەتىجىسىنى بەرگەندەك، بەدنىيەتلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىشمۇ خارلىق ۋە پۇشايماننى كەلتۈرۈپ بېرىدۇ.

قىتئە:

بولۇپ ھەمراھ كەھىپ ئەسھابىغە سەگ،
ئۆزىنى ياخشىلەر قەۋمىغە ئالدى.
قوشۇلغاچ كۇفىر ئېلىغە نۇھ ئوغلى،
ئۇلار زەيلىد غەرقاپ ئىچرە قالدى.

يامانلار ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى خىل بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى شەھەر ـ ۋىلايەتتىن يوقىتىپ، ئاپىتى تۇگىتىشكە تېگىشلىك بولغانلار، ئۇلار ئوغرى، قاراقچى، بۇلاڭچىلار بولۇپ، ئۇلارنى يىلتىزىدىن يوق قىلىپ، پۇقرالارنى خاتىرجەم قىلىش ھوقۇق

ئىگىلىرىگە ۋاجىپتۇر. ئىككىنچىسى، ئۆز سۆھبەتىگە داخىل قىلمايدىغانلاردۇر.

پادىشاھلىق ھۆشنەكىنىڭ قىلغان ۋەسىيىتىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئى پەرزەنتىم، سىز داۋاملىق پاسىقلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىڭ، ئۇلارنى ھەممىشە سىياسەت تىغىنىڭ ئاستىدا تۇتۇڭ، بۇزغۇنچىلارنى خار ۋە زەبۇن تۇتۇڭ، ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ئاپىتىنى ۋىلايەت مەيدانىدىن، يولۇچىلارنىڭ باشىدىن تولۇق يوق قىلىڭ، شۇنداق قىلغاندا، يولۇچىلار خاتىرجەم بولۇپ، شەھىرىڭىزگە ھەر تەرەپتىن كېلىدىغان سودىگەرلەر كۆپىيىدۇ، كەلدى - باردىلار كۆپەيگەنسېرى، شەھەر - بازارلار گۈللىنىپ، خەلق بەھرىمەن بولىدۇ».

قىتئە:

گەر ئادالەت سەرى كۆشىش قىلماساڭ،
تاپماغايسەن سەلتەنەتتىن شادلىق.
ساقلاغىل يولنى قاراقچى شەردىن،
گەر تىلەرسەن مۈلكۈڭگە ئابادلىق.

«جەۋاھىرول ئەمارە» دېگەن كىتابتا مۇنداق ھېكايە بار: ئەمىر ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى تىجارەت ئۈچۈن مەداين تەرەپكە باردىم. (بوردى يەمانى) دىن قىرىق تون ئېگىن بار ئىدى، مەداين چېگراسىغا يەتكەن ۋاقتىمدا قاراقچىلار يولۇمنى توسۇپ ماللىرىمنى بۇلاپ كەتتى، مەن يۈز مېھنەت بىلەن ئۆزۈمنى مەداين شەھىرىگە ئالدىم، نوشىرۋانغا ئەھۋال ئېيتىپ باردىم. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمدىن خەۋەر تېپىپ مېنى بىر خادىمغا

تاپشۇردى. ئۇ مېنى بىر جايغا ئېلىپ باردى ۋە (بىز ئوغرىلارنى تېپىپ ماللىرىڭىزنى قولىڭىزغا تاپشۇرغۇچە مۇشۇ يەردە تۇرۇڭ) دەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇ يەردە قىرىق كۈن تۇردۇم، ھەر كۈنى پادىشاھ تەرەپتىن مەخسۇس تائام ئەۋەتىلدى، مەن شۇنىڭ بىلەن تەمىنلىنىپ، نوشىرۋاننىڭ ئوردىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئەدلى - ئادالەت ۋە پۇقرا باراۋەرلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆزەتتىم، قىرىقىنچى كۈنى ئوردىدىن قايتىپ مەنزىلىمگە قارىسام، مال - يۈكلىرىم ئۆز پېتى بويىچە تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە قىرىق تىللا تۇرۇپتۇ، ئۇ يەردە قويۇلغان بىر پارچە خەت بار ئىكەن، ئوقۇپ كۆرسەم، ئۇنىڭدا (ماللىرىڭىزنى قاراقچىلاردىن ئېلىپ بولغۇچە قىرىق كۈن كۈتۈپ تۇردىڭىز، بۇ قىرىق تىللانىڭ ھەربىرى بىر كۈنلۈك كۈتۈپ تۇرغان ئەجرىڭىز، ئۆز ۋىلايىتىڭىزگە بارغاندا بىزدىن شىكايەت قىلماي رازى بولسىڭىز) دەپ يېزىلىپتۇ...»

بۇ ھېكايىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالىي شەۋكەتلىك پادىشاھلار ئوغرى - قاراقچىلارنى يوق قىلىشتا چوڭ جۈرئەتلىك بولۇپ، ئۇلارغا رەھىمسىز زەربە بېرەر ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادىل پادىشاھلار سىياسەت ھەيۋىتى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ يوللىرىنى قاراقچىلاردىن خاتىرجەم قىلىش كېرەك. ھەر كىشى بىر مۇسۇلمانغا يول ئۈستىدە ئازار بەرسە، ئۇنى جازالاش تەخىرسىزدۇر. جازاغا رەھىم ئارىلىشىپ قالسا، ئىبرەتنىڭ قىممىتى بولمايدىكەن.

مەسنەۋى:

قاراقچى باشىن ئۈزگىل، دۇر قولىن،
ئەنىڭدىن ئەمىن ئەتكىل خەلق يولىن.

ئەگەر پاش بولسا ئەلگە يول ئامانى،
يۇرشكەي ھەر تەرەپتىن كارۋانى.
چۇكەلدى مەملىكەتكە ئەھلى تۇججار،
ئۇلردىن ئەلگە يەتكەي نەپسى بسيار.
بولۇر مەئمۇر شەھرۇ ـ كەنتلەر ھەم،
كېتەر ئەل خاتىرىدىن غۇسسە ـ غەم.

ئىككىنچى، خۇنرىزلەر (قان تۆككۇچىلەر)، پىتنىخورلار، شەھەر ـ يېزىلاردا بەدخۇيلۇق بىلەن كىشىلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە، ماللىرىغا تاجاۋۇز قولىنى سۇندۇ. ھۆكۈمەت ئەھلىدىن باشقا ھېچبىر كىشى ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئەھلىلىرى مۇنداق گۇرۇھلارنى پۈتۈن ئىقلىمدىن يوقىتىپ تۇرۇشى كېرەك.

ھەلەب شەھىرىدە بىر گۇرۇھ باشتۇڭلار بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنىڭ تالاپىتىگە كۆپ ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن قارشىلىق كۆرسىتەلمىگەنلىكتىن، نائىلاج مىسىر پادشاھىغا ئەرز ئېيتىپ باردى، پادشاھ ئۇ يەرگە مۇسلىھ ئاتلىق بىر كىشىنى ھاكىم قىلىپ، ئۇ گۇرۇھلارنى يوقىتىشنى تاپشۇردى. مۇسلىھ ھەلەبكە بارغاندىن كېيىن، ئۇلارغا سىياسەت قىلىپ باقتى، لېكىن ئۇلار جىنايەتتىن قول يىغماي بارغانچە غالجىرلىشىپ، ئاپەت ئوتى ئۇلغىيىپ كەتتى. ھەتتا ئۇلار ئەمىرنىڭ مەسچىت مېھرابىغا، ئەمىرنىڭ ئۆزى نامازادا تۇرىدىغان جايغا قەبىھ خەتلەرنى يېزىپ چاپلاپ «ئېھ مۇسلىھ، سەن بىزلەرنى يوقىتىمەن دەپ بىھۇدە بولماغىل، بىز شۇنداق ئادەملەرمىزكى، بىرىمىزنى ئۆلتۈرسەڭ، ئونىمىز باش كۆتۈرىمىز، بۇنى لۇكچەكلىك، بىپاكلىق ئوتىدا

كۆيدۈرسەڭ، ئۇ چاغدا سەن بىزگە كاتتا ئابروي بەرگەن بولىسەن، ئۇ بىزنىڭ بەخت ـ شەرىپىمىز، بىز ئۇنىڭدىن نومۇس قىلماسمىز» دەپ تەھلىكە سېلىشتى.

نەزم:

ئۆلۈم بىزگە سەنەد بولمىش ئېرۇرمىز رىندە ئەۋباشى،
ئەگەر ئولساڭ ئاتىڭىز پىتنە تىغىن قەبرىمىز تاشى.
تۆكۈلسە قانىمىز ھاسىل بولۇر بەس لەئلى ئىلە گەۋھەر،
جەۋاھىرگە ھەدىس بولغاي بىزنىڭكىدەك مەردى قىلاشى.

خەتنىڭ ئاياغ بېتىگە يەنە «سەن بىزنى ئۆلتۈرۈشتىن زېرىكسەن، ئەمما بىز ئۆلۈشتىن قاچمايمىز» دەپ يېزىلغانىدى. مۇسلىھ بۇ خەتنى كۆرۈپ، بۇلارنى يەنە باشقا تەدبىر بىلەن يوقىتىش پىلانىغا كەلدى، ئاندىن خەتنىڭ تېگىگە مۇنداق دەپ يازدى: «مەن سىلەرنىڭ مەردانە ۋە جۈرئەتلىك ئىكەنلىكىڭلارنى بىلدىم، ماڭا سىلەرنىڭ بىردىل، بىر نىيەت ئىكەنلىكىڭلار مەلۇم بولدى.

مەرتلىك بابىدە ھەرگىز مىسلىڭىزلەر يوقدۇر،
بۇ سۈفەت ئېرەنلەرگە قىلۇرمەن ئاپىرىن.

ھازىر مەن سىلەرگە قىلغان ئىشلىرىمدىن قاتتىق پۇشايماندىدۇرمەن، مەن سىلەرگە ئۆزرە ئېيتىش ئورنىغا كەلدىم، ھازىر مەن سىلەرنى تەربىيىلەپ كۈچەيتىش پىكرىگە چۈشتۈم ۋەسسالام». ھازىر بولغان كىشىلەر بۇ جاۋابتىن ھەيران قېلىشتى، مۇسلىھ بولسا، ئۇلارنى داۋاملىق مەدھىيىلەشكە

تۇرۇشتى، ئۇلارنى تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش، قاماشتىن قول يىغدى.

بىر كۈنى شەھەرنىڭ چوڭلىرى كېلىپ، بۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلماقچى بولۇۋېدى، مۇسلىھ ئۇلاردىن بۇرۇنراق:

— ئەي ئاكىلار، ھازىر ئاڭلىدىڭلار، مەن بۇ يىگىتلەرنىڭ ئۆلتۈرگەنىمدىن، جازالىغانىمدىن كۆپ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن؛ ئۇلاردەك دىلاۋەرلەرگە ئازار يەتكۈزۈش قاتتىق ئەيىبتۇر، ئۇزاق يىللار تۇتسىمۇ مۇنداق ئىرەنلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. رۇم تايىپەسىدىن ماڭا دۈشمەن پەيدا بولۇپتۇ، بۈگۈن مەن ئۇلارغا موھتاجدۇرمەن. ئۇلارغا زەربە بېرىشتە مۇشۇنداق شىجائەتلىك كىشىلەر كېرەك بولىدۇ. ئەگەر سىلەر مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلساڭلار، بۇلارنىڭ باشلىقلىرىنى بۇ يەرگە ھازىر قىلىڭلار، مەن ئۇلارنى مۇكاپاتلاپ، زىياپەت بىلەن دىلنەۋازلىق قىلىمەن.

ئەگەر كەلسە ئۇلاردىن ھەر دىلاۋەر،
سەرەپراز ئەيلەگۇم ئىنئام ئېيتىپدۇر.
ئۇرۇش ئەسبابىنى تەخى بېرۇرمەن،
قىلىچۇ ـ ئوق، نەيزە، ئات جۇشەن.

— ھازىر ئۇلار سىلەرنىڭ سىياسەتلىرىڭلاردىن قورقۇپ ياقا يۇرتلارغا ئورۇنلىشىۋالغان، دەرھال ئۇلارنى ھازىر قىلىڭلار، — دېدى.

ئۇلار كەلگەندىن كېيىن كۆپ زىياپەتلەر قىلىپ، ھۆرمەتلەپ، قېرىلىرىنى ۋەزىرلىككە قوبۇل قىلدى، ئوغۇللارنى ياساۋۇل قىلدى ۋە ئۇلارغا خاسلىقتىن كىيىملەر بەردى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇلار خاتىرجەم بولدى، ئاندىن كېيىن مۇسلىھ:

— مەن ئەيياربلەرگە ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدىم، ئۇلارنى ئېلىپ كەلسەڭلار، مەن ئۇلارغا ئىززەت - ئىكرام بەجا كەلتۈرۈپ، مۇكاپات - ئىنئاملىرىنى قىلىپ دىلەۋازلىق قىلغايمەن، — دېدى. ياساۋۇللار دەرھال چىقىپ 300 نەپەر خۇنخور ئەيياربلەرنى هازىر قىلدى، مۇسلىھ بۇلارغا شاهانە زىياپەتلىرىنى بەرگەندىن كېيىن، ھەممىسىگە بىر يۇرۇشتىن كىيىم - كېچەك تارقاتتى. ئاندىن ھىلىقى پىرغە ئېيتتى:

— ئەتە بۇ دىلاۋەرلەرنى ئېلىپ كەلگەيسەن، مەن ئۇلارغا يەنە يېڭىدىن خاسلىق كىيىمى بېرىمەن، — دېدى. ئەيياربلەر بۇنى ئاڭلاپ چەدا خۇشال بولۇشتى، شەھەر چوڭلىرىمۇ، ئەھلى شەھەرلەرمۇ بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىشتى ھەدمە تەئەججۇپلەر قىلىشىپ، «شەھەر ئاتىمىز مىسىر پادىشاھى كۆرسەتكەن يولنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلدى» دېيىشتى.

ئۇلارغا زەھەر ئىچۈرمەي بەردىلەر شەكەر،
تىكەن ئورنىغا گۈل ئۈندۈردى يەكسەر.

مۇسلىھ شۇ كېچىسى ئۆزىنىڭ داڭلىق باھادىرلىرىدىن 300 نەپەر پالۋانىنى قوراللاندۇرۇپ كىيىم خانىغا ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ئۇلارغا كىيىم كىيمەكچى بولۇپ كەلگەن ھىلىقى «مېمانلار» نى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئەتىسى ئۇلار يېتىپ كېلىشتى، «ھەربىرىڭلار كىيىم خانىگە بېرىپ يېڭى كىيىملەردىن ئېلىپ كىيىڭلار» دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار كىيىم خانىگە كىرگەن ھامان باھادىرلارنىڭ چاققانلىق بىلەن قىلغان ھوجۇملىرىغا ئۇچراپ جېنىدىن جۇدا بولۇشتى، پالۋانلار ئۇلارنىڭ باشلىرىنى نەيزىگە سانجىپ چىقىپ شەھەر

ئايلاندۇردى، ئىنتايىن ئۇستاتلىق نەتىجىسىدە شەھەر بىردىنلا ئاپەتتىن تازىلاندى.

بەدپىئال ئەلنى ۋىلايەتتىن يوق ئەتمەك خۇبدۇر،
ھەر دەرەخكىم ياماندۇر كەسمەكى مەرغۇبدۇر.

ئۈچىنچى، كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان زالىملاردۇر. «ئەززۇلمۇ زۇلۇماتى يەۋمەل قىيامەتى» (زۇلۇم دېگەن قىيامەت كۈنىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدۇر) بۇ قاراڭغۇلۇقتا مۇسۇلمانلارنىڭ مېلى قەستىكە ئۇچراپ تۇرىدۇ، زالىملار «خۇداى لەنىتى زالىملارغا» دېگەن سۆزدىنمۇ ئەندىشە قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئازابىدىن، پادىشاھنىڭ سىياسىتىدىنمۇ قورقمايدۇ، ئۇنداق ئىكەن، ئۇلارنى يوقىتىش پادىشاھلارنىڭ بۇرچىدۇر.

زۇلۇم ئىشى ئالەمنى ۋەيران قىلغۇسى،
بارچە ئەل كۆزىنى گىريان قىلغۇسى.
ئەيكى قويدۇڭ زۇلمى ياسى ئىچرە ئوق،
ساڭا ھەم تېخى بالادىن چارە يوق.

سۆھبەت ۋە مەجلىسلەردىن چەكلەشكە بۇيرۇلغان كىشىلەر يامان سۈپەتلىك بۇزۇقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئەھلىگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى بىسياردۇر. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى چېقىمچىلار گۇرۇھىدۇر. ئۇلار يالغان بىلەن راستىنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز پىتنىلىرى خەلق ئىچىدە چوڭ پىتنە غۇبارىنى قوزغايدۇ. دوستلارنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھەدىستە «سۆخەنچىلەر جەننەتتىن مەھرۇمدۇر» دەپ

كەلـتـۈرۈلـىدۇ. ئـالـلاتائالا تـەۋراتـتا مۇسـا ئـەلەيهـسـسـالامـغـا: «قىيامەتتە سۇخـەنچـىـنـىـڭ پېشـانىسى ۋە بـۇرنىغا (ئـايىسۇن مـىـن رەھمەتىللا)» (سۇخەنچىلەر ئاللانىڭ رەھـمىتىـدىن مەھرۇمـدۇر) دەپ يېزىلىدىغانلىقىـنى بىلـدۈرگەن. يەنە بـىر جەھەتـتىن ئۇنـى پـاسىق دەپ ئـىـبارە قىلـغان. «ئـجـائەكۇم پاسـىقۇن بـىـنەبەئـىـن پـەتەبەيـيـەنۇ» (ئەگەر پـاسىقـلار سـىلەرگـە بـىرەر خەۋەر بـەرسـە، ئۇنىڭغا ھۆججەت قىلماڭلار).

بۇزرۇكۋار ئېيتۇلەركـى، ئەگەر بـىـر كىشى سـاڭا بىر خـەۋەر بەرسە، پالانـى سېنى مـۇنداق دېدى دېسـە، ئۇ چاغدا سـاڭا ئالـتـە نەرسە ۋاجىپتۇر. بىرىنچى، ئۇنـى راستىچـل دەپ ئىشەنـمىگـىـن، چـۈنـكـى ئـالـلا ئـۇنـى پـاسـىـق دېـدى. ئـىـككـىـنـچـى، ئـۇنـى سۇخەنچىلىكتىن توسمىغـىن، چۈنكـى يامان ئـىشتىن كـىشىنـى توسۇش ــ ئىماندىندۇر. ئۈچىنچى، ئۇنى دۈشمەن تۇتقىن، چۈنكى خۇدا ئۇنى دۈشمەن بىـلگەن. تۆتـىنچى، ئـۇنىڭ سۆزىـگە كـىرىـپ مۇسۇلماننى يامان گۇمان قىلمىغىن. بەشىنچى، ئۇنـىڭ سۆزىـنـى ياقتۇرمىغىن. ئالتىنچى، ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلمىغىن.

ئـەڭ كۆپ ئەمەل قـىلىدىغان قائىـدە ــ سۇخەنچـىنـىـڭ ئـۆز تەرىپىگە يول بەرمەسلىـك، ئۇنى دىـلدا دۈشمەن تـۇتۇپ، سۆزىگـە قۇلاق سالماسلىقتۇر.

سۇخەنچىگە قاشىڭدا بەرمەگىل جاي،
كى بىر دەمدە قىلۇر يۈز پىتنەنى بەرپاي.

بىر كىشى بىر قۇل سېتىۋالماقچى بولدى، قۇلنىڭ ئىگىسـى «بۇ قۇلنـىڭ سۇخەنچىلىك ئەيىبى بار» دېدى، ئۇ كىشى ئـۇنىڭغـا بـاراۋەر قىلمـاي ئالدى، بـىـرنەچچـە كـۈندىن كـېـيـىن، بۇ قـۇل

خوجىسىنىڭ خوتۇنىغا: «خېنىم، خوجام سىزنى ياخشى كۆرمەيدۇ، سىزنى قويۇۋېتىپ باشقا خوتۇن ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېدى. ئۇنى ئاڭلىغان خوتۇندا دەرھال ئۆزگىرىش يۈز بەردى، بۇ ھالنى كۆرگەن قۇل قىلغان سۆزىنىڭ ئەسەر قىلىپ ئوقنىڭ نىشانغا تەگكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، «سىز خوجامدىن مۇھەببەت ۋە ئامراقلىق ئارزۇ قىلىسىگىز، مەن مۇھەببەت ئەپسۇنىنى بىلىمەن، سىز شۇنى قىلىسىگىز، خوجايىن سىزگە تېخىمۇ كۆپ مۇھەببەت ۋە ئامراقلىق ياغدۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز چىقىپ بىر ئۇستۇرا ئەكىلىپ، خوجايىن ئىستىراھەت قىلىپ ئۇخلىغاندا، ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ تېگىدىن بىر تۇتام چاچ ئېلىپ ماڭا بەرسىگىز، مەن ئەپسۇن دۇئاسىنى شۇنىڭغا ئوقۇپ بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن خوجام سىزدىن كۆڭۈل تارتالمايدىغان بولىدۇ» دېدى. خوتۇن بۇ ئىشنى شۇ كۈنى ئورۇندىماقچى بولدى، خوتۇننى يولغا سالغاندىن كېيىن قۇل خوجايىنغا بېرىپ:

— بىزنىڭ ئارىمىزدا تۇز ھەققى بار، خوتۇنىگىز بىر دوست پەيدا قىلىپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سىزنى ئۆلتۈرمەكچى، ئەگەر بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى بىلەي دېسىگىز، ئۆيگە بېرىپ ئۇخلىغان بولۇپ يېتىڭ، نېمە ئىشلارنى كۆرىسىز،— دېدى.

راست دېگەندەك، خوجايىن ئۆيگە كېلىپ چۈشلۈك تاماقنى يەپ، ئۇخلىغان بولۇپ ياتتى. خوتۇن، خوجايىننى ئۇخلىدى دەپ گۇمان قىلىپ، قولىغا ئۇستۇرىنى ئېلىپ، خوجىنىڭ ساقىلىدىن بىر تۇتام كەسمەكچى بولدى، خوجا كۆزىنى ئېچىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇلنىڭ سۆزى راست ئىكەن دەپ ئويلاپ، خوتۇنىنىڭ قولىدىن ئۇستۇرىنى تارتىۋېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى



www.uyghurkitap.com

كەستى.

خوتۇننىڭ تۇغقانلىرى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، خوجىنى قىساس قىلىپ ئۆلتۈردى، سوخەنچىنىڭ شۇملۇقىدىن ئۆلارنىڭ پۈتۈن خانىمانى ۋەيران بولدى.

خالايىق ئارا جەڭ ئۈچۈن ئوت تۇرۇر،
سوخەنچى ئول ئوتقا ئوتۇن يەتكۈزۈر.
يېتىڭ ئايۇ يىل بەندۇ زىندان ئارا،
ۋەلى سۆز تىشمەگىل ئەنىگىدىن مۇڭا.

سۆھبەتتىن چەكلەشكە زۆرۈر بولغانلارنىڭ يەنە بىر قىسمى چېقىمچى بولۇپ، كىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئاشكارىلىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆرمەسلىك، سۆزىنى ئاڭلىماسلىق دۇرۇستۇر.

كۆرمەدىم غەممازىدىن سەرگەشتەراق،
تىرە بەختۇ تالىئى بەرگەشتەراق.

غەمماز دېگەن ئەسلىدە هالال زادە بولمايدۇ.

بەنى ئىسرا ئىلدا يامغۇر ياغماي، سۇ كەلمەي قۇرغاقچىلىق بولدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە قەھەتچىلىك بولدى. بۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام سۇ تەلىپى قىلىپ چىقتى، تۆت كېچە ـ كۈندۈز تىلاۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئىجابەت بولمىدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ: «مەن تۆت كۈندىن بېرى دۇئا قىلسام، نېمە ئۈچۈن ئىجابەت بولمايدۇ؟» دەپ يىغلىدى. ئاللادىن:

ــ ئەگەر قىرىق كۈن دۇئا قىلساڭمۇ، يەنە ئىجابەت بولمايدۇ، چۈنكى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا غەمماز بار، ئۇنىڭ

شۇملۇقىدىن دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇچۇن سىلەرنىڭ دۇئايىڭلار ئىجابەت بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئادەملىرىڭگە غەممازلىقتىن تەۋبە قىلىشنى بۇيرۇغىن. قەۋمىڭ تەۋبە قىلغاندا ئۇلارغا قوشۇلۇپ چېقىمچىلارمۇ تەۋبە قىلىدۇ، — دەپ نىدا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام پۈتۈن قەۋمى بىلەن تەۋبە - ئىستىغپارغا ئەمەل قىلدى، ئاللا تائالا ئۇلارغا يامغۇر بەردى، شۇ سەۋەبتىن بۇرۇنقى پادىشاھلىرىمىز غەممازلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي كەلدى.

بىر پادىشاھ بىر كىشىنى مەخسۇس تەربىيىلەيتتى، ئۇنىڭغا داۋاملىق نەسىھەت قىلىپ: «ئەگەر مېنىڭ مەرتىۋەم ئۆسسۇن دېسەڭ، پادىشاھنىڭ قېشىدا بارلىق مۇلازىملاردىن يېقىنراق بولاي دېسەڭ، ئۈچ خىل ئىشنى قىلمىغىن. بىرىنچى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا خار ۋە زەبۇن بولماسلىق ئۈچۈن يالغان سۆزلىمىگىن، يالغاچىنىڭ ھالى زەبۇندۇر، ئىككىنچى، مېنىڭ قېشىمدا مېنى مەدھىيىلىمە، چۈنكى مەن ئۆز ئەھۋالىمنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن. ئۈچىنچى، چېقىمچىلىق قىلمىغىن، خىزمەتچىلەرنىڭ، پۇقرالارنىڭ يامانلىقىنى ماڭا ئېيتمىغىن. ئەگەر مەن سېنىڭ چاققانلىقىڭغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئۇلارغا يامان گۇماندا بولسام، ئۇنى باشقىلار ئاڭلىسا قورقىدۇ، ئاندىن باشقىلارغا تېۋىنىدىغان، ئۇنىڭدىن ئىلتىپات كۈتىدىغان بولۇپ قالىدۇ، پۇقرالار ئاڭلىسا، مەندىن قورقۇپ، باشقا پادىشاھنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئەنە شۇ كىچىك سەۋەب چوڭ بولۇپ، مۈلكى دۆلەتكە ئاپەت ۋە ئەندىشە پەيدا بولىدۇ» دېدى.

بولغۇسى غەممازىدىن ئالەم خاراب،
يەتكەي ئاندىن بارچە ئەلگە پىچۇ تاپ.

شۇملۇقىدىن سەرنگۈن بولغاي جاھان،
چۈنكى بەد سىرەت دۇرۇر ناپاك جان،
گەر كىشى غەممازلىقتىن ئۇرسا دەم،
قۇدرەتىڭ يەتسە تىلىن قىلغىل قەلەم.

نوشىرۋاننىڭ خاسلىرىدىن بىرى بىر كىشىنى چېقىپ كەلدى، نوشىرۋان ئۇنىڭغا:

— ئەگەر سېنىڭ ئېيتقان سۆزۈڭ راست بولسا، مەن سېنى چېقىمچى بولغىنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن تۇتىمەن، ئەگەر سۆزۈڭ تەكشۈرۈشتە يالغان بولۇپ چىقسا، ئۇ چاغدا مەن سېنى قاتتىق جازالاپ، ئازابلايمەن، ئەگەر سەن دەرھال بۇ خاتالىقىڭدىن تۇۋا قىلساڭ، مەن ئەپۇ قىلىمەن، — دېدى.

ئۇ كىشى تۇۋا قىلدى، تۇۋا قىلغان جەھەتتىن نوشىرۋان ئۇنى ئەپۇ قىلدى.

كىشىكى بولدى شاھ ئالدىدا غەمماز،
قىلۇر ئۆزىنى رەسۋالىقتا مۇمتاز.
ئۇلۇس رەنجىردۇر ئانىڭ ئىشىدىن،
خۇدا رازى ئەمەس مۇنداق كىشىدىن.

بىر كىشى مۆئتەسىم خەلىپىگە خەت يېزىپ ۋىلايەت چوڭلىرىدىن ۋاپات قىلغان بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى، مەزكۇردىن نۇرغۇن مال ـ دۇنيا قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر نارەسىدە بالىسى بار ئىكەن، ئۇ كىشى خېتىدە ئۇ نارەسىدىنىڭ مەئىشەتىگە تۇشلۇق ئىقتىسادىنى قالدۇرۇپ، باشقا مۈلۈكلىرىنى سېتىۋېلىش يولى بىلەن خەزىنىگە كىرىم قىلساق،

بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن، باھاسىنى بەرسەك، خەزىنىڭگە بايلىق مەبلىغى توپلىشاتتى، — دەپ تەلەپ قويىدى. خەلىپە ئۇنىڭغا جاۋاب يازدى. «ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھىنى خۇدا مەغپىرەت قىلسۇن، مىراس مىلىغا بەرىكەت بەرسۇن، يېتىمنى كېپىل بولغۇچىنى ياخشى نىيەت بىلەن پەرۋىش قىلسۇن، ماڭا بۇنى تونۇشتۇرغان چېقىمچىنى خۇدا لەنەت قىلسۇن».

قىلما غىل غەممازلىق ئەي بىخەۋەر،
بىگۇناھلەر ئاھىدى قىلغىل ھەزەر.
كىم ئۇلار ئاھى دۇرۇچۇن بادى سەخت،
بىر كۈنى سەندىن ئۆچۈرگەي رەخت پەخت.

يەنە بىر خىللىرى ساھىب غەرەزلەردۇر، ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلغان ھەربىر ئىشلىرىدا ئۆزىنىڭ بىر غەرىزىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ھۇشنەك ئۆز ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە «ھەي ئوغلۇم، غەرەزلىك ئادەمى ئۆزۈڭگە ئەگەشتۇرمىگىل، چۈنكى ئۇلار بىمەنا دەۋالار بىلەن دەۋلەتخالىق لايىنى ئۇرىدۇ. ياخشىلىق جاۋاھىرلىرىنى يامانلىق يىپلىرىغا تىزىدۇ، مەقبۇل ئىشلارنى نامەقبۇل سۈرەتتە كۆرسىتىدۇ» دەپ قالدۇرىدۇ.

بولماغىل ساھىب غەرەزگە ئاشىنا،
ئاقىۋەت جانىڭغە يەتكۈزگەي جاپا.
ئىش ئاڭا ھەر لەھزە مەكرۇپەن ئېرۇر،
زاھىرى دوست، ئىچى دۇشمەن ئېرۇر.

غەرەز گۈيلۇق ھەر تاما ئىشلاردا ئۆز مۇددىئاسىنى كۆزلەيدۇ، ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ساختىلىق قىلىدۇ، ياخشىلىقنى يامانلىق،

ياماننىلقنى ياخشىلىق ھېسابىدا كۆرسىتىدۇ. ئويلىماستىن ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ھۆكۈم سۈرمەسلىك كېرەك.

ئاچىا ئاغزىن غەرەزگۆي ھەر زامان،
دېگىنىدۇر ياخشى ئىشلارنى يامان.
قىلماغىل ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىقتىساد،
تا ھەقىقەت پەردەدىنن بولغاي كۇشاد.

پادىشاھ ئىسكەندەر گەرەستۇدىن سورىدى:
— پادىشاھنىڭ مۇلازىمىتىگە قانداق ئادەم مۇۋاپىق كېلىدۇ؟
ھەكىم جاۋاب بەردى:
— پادىشاھنى خىزمىتىگە ئەمىن كىشىلەر مۇۋاپىقتۇر، خىيانەتچىل ئادەملەر بولمايدۇ. چۈنكى، ئەمىنلىك ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى جارى كەلتۈرىدۇ، خىيانەت خارلىق ۋە ئاھانەتنى پەيدا قىلىدۇ، يەنە ئۇلار تەمەخور بولماي قانائەتچان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك، چۈنكى قانائەت دېگەن تۈگىمەس بايلىق، تەمە بولسا داۋاسىز كېسەلدۇر.

مەردى قانىئ بۇزرۇكۋار بولۇر،
تامى ئەلۋەتتە خارۇ زار بولۇر.

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەستىن، ياخشى ئەخلاقلارنى سۆزلەيدىغان بولۇشى كېرەك، چۈنكى ياخشى سۆز بىلەن ئادەم باشقىلارنىڭ ئالدىدا مەرغۇپ ۋە مەقبۇل بولىدۇ، ئەيىب ئىزدەش بىلەن ئۆزى خار ۋە مەرد بولىدۇ، جەڭ مەيدانىدا ئىشقا يارىغان كىشى مەرتىۋىلىك بولىدۇ، لاپ ئۇرغان كىشى ئىناۋەتسىز

بولىدۇ، پادىشاھلار ئۈچۈن مۇناپىق ئەمەس، مۇۋاپىق كىشىلەر كېرەك.

مۇۋاپىقەتنىڭ نەتىجىسى مېھرى ـ ۋاپا،
مۇناپىقەتنىڭ نەتىجىسى جەبىر ـ جاپا.

شۇنىڭدەك، يەنە سۈننەت يولىدا مېڭىپ، بىدئەت يولىغا كىرمىگەن كىشىلەر كېرەك. چۈنكى، سۈننەت ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى جەننەتكە، بىدئەتمۇ ئۆز تابىئەلىرىنى دەرەخكە باشلايدۇ، پادىشاھلار تۆۋەندىكى يەتتە خىل ئادەمنى مۇلازىم قىلماسلىق كېرەك: بىرىنچى، ھەسەتخورلار. ھەسەت دېگەن ھېچقانداق دارى بىلەن ئىلاج قوبۇل قىلمايدۇرغان بىرخىل زەھەر، شىپا تاپمايدۇرغان بىرخىل كېسەلدۇر.

خالايىققا ھەسەت ئوتتۇركىم ئۇنىڭ بىلەن جان كۆيگەن،
ئىچانكىم ھاسىد ئەلنىڭ شەررىدىن بارچە جاھان كۆيگەي.

ھەسەت بالاسى چوڭ بۇزغۇنچىلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ، چۈنكى ھەسەت ئىنسانغا يۇققان بەكمۇ قەبىھ، بەكمۇ يامان ئەخلاقتۇر.

پاسكىنا تەبىئەتنىڭ خىيالى كىشىلەرنىڭ زاتىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئاللاتائالا قۇرئانى كەرىمدە ئۆز پەيغەمبىرىگە «ئاللانىڭ ياردىمىنى سوراپ، ئاللاغا ھەسەت قىلغان چاغدا يەتكۈزىدىغان ئاپەتتىن پاناھ تىلىگىن» دەپ بۇيرۇغاندۇر. ھەدىستە «ھەسەت دېگەن ئوت ئوتۇننى كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەنگە ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ قىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللىرىنى يوق

قىلىدۇ» دەپ كەلتۈرۈلگەن. ھەسەت دېگەن ئىنساندىكى بارلىق سۈپەتلەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن ناچار، ھەممىدىن پەسرەكى بولۇپ، ئۇ تۆۋەن قىممەت، پاسكىنا تەبىئەتتىن تۇغۇلىدۇ. ئۇ ھەم بىلىمسىزلىكنىڭ نەتىجىلىرىدۇر، ھەسەت ئەقىلنىڭ ناچار، بۇزۇقلۇقىغا پاكىت، ھەسەتخور داۋاملىق رەۋىشتە باشقىلارنىڭ راھىتىدىن مۇشەققەت چېكىدۇ.

كۆيەر ئۇنىڭ بۇ غۇسسە بىرلە جانى،
كى «نىچۈن بولدى مەۋجۇت ئول پالانى؟»

ھەربىر سائەتتە مۇشۇنداق مىڭ غەم ـ غۇسسىنىڭ زەھەرلىك شەربىتىنى ئىچىدۇ، ھەر يەردە باشقا كىشى ئىشرەت قەدىمىنى يەرگە قويسا، ئۇ ھەسەتخور ھەسەت قولىنى باشىغا ئۇرىدۇ، بۇ ھەقتە «ھەسەت قىلغۇچىغا ئۆزىنىڭ ھەسىتى كۇپايە» دېگەن بىر مەشھۇر ھېكمەتمۇ بار.

ھەسەت ئالەم ئارا ھاسىدغە بەسدۇر،
كىم دائىم غۇسسە بىرلە ھەمنەپەسدۇر.
كىشىگە گەرچە ئوت ياندۇرغۇسىدۇر،
ۋەلى ئوت ئوتقا ئۆزىنى ئۇرغۇسىدۇر.

ئىسكەندەرنىڭ زامانىسىدا بىر جانىۋار پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭغا ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھالاك بولاتتى. ئىسكەندەر بۇ بالانى يوقىتىش ئۈچۈن كۆپ چارىلەرنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئۇنۇمى بولماي كەلدى، ئاخىر ئەرەستە تالىس دېگەن بىر ھەكىم ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر ئەينەك پەيدا

قىلدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان كىشى كۆرۈنمەيتتى، بۇ ئەينەكنى بىر هارۋىغا سېلىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ، هارۋىنى شۇ جانىۋار تەرىپىگە ئېلىپ باردى. بۇ جانىۋارمۇ ئادەمنىڭ تىنىقىنى سېزىپ قېلىپ، هارۋا تەرەپكە كەلدى، يېقىنلىشىپ كەلگەندە كۆزى ئەينەككە چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ، دەرھال يىقىلىپ ئۆلدى. ئىسكەندەر بۇنىڭدىن هەيران قېلىپ، هەكىمدىن ئۇنىڭ هېكمىتىنى سورىدى. هەكىم:

— بۇ جانىۋار ئۇزاق يىل يەر قاتلىمىدا كۆمۈلۈپ ياتقان بۇس - بۇخارات، گازلاردىن پەيدا بولغاچقا، ئۇنىڭ كۆزىدە ئۆلتۈرگۈچى زەھەر بار ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا دۇچ كەلگەن كىشى زەھەرلىنىپ ئۆلەتتى، بۇگۈن مەن ئۇ ئەينەكنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم، ئۇ ئەينەكتە ئۆزىنىڭ شولىسىنى كۆردى، قايتقان تەسىر بىلەن ئۆزىنىڭ زەھىرى ئۆزىگە تەسىر قىلىپ ئۆلدى، — دېدى. بۇ هالەتلەر خۇددى هەسەتخورنىڭ هالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ هەسەتلىرىنىڭ شەررى هەم ئۆزىگە قايتىدۇ.

ئەنىنادۇ تەئكۇلۇ نەپساهە،
ئىنلەم تەجىد ماتەئكۇ لۇهۇ.

(ئوت كۆيدۇرۇشكە بىر نەرسە تاپالمىسا، ئۆزىنى ئۆزى كۆيدۇرۇپ يەيدۇ.)

يەنە بىرخىل كىشىلەر بېخىللار بولۇپ، ئۇلار هەممە كىشى ئۆچ كۆرىدىغان مەردۇدلەردۇر. ساخاۋەت كىشىنىڭ باشقا ئەيىبلىرىنى ياپقاندەك، بېخىللىقمۇ كىشىنىڭ سۈپەت ۋە نەتىجىلىرىنى يېپىپ كېتىدۇ.

مەرد كۈشىش قىلىپ ھۈنەر تاپقاي،
لەيكى بۇ خىلى ئۇنىڭ يۈزىن ياپقاي.
چۈستىراق سەن لەئىملەردىن قاچ،
كەرەم ئەھلى سارى يولۇڭنى ئاچ.

جامىئۇل ھېكايەتتە «پادىشاھ بېخىلنى ئۆزىگە مۇلازىم قىلماسلىقى كېرەك» لىكى يېزىلىپ، مۇنداق ھېكايە بايان قىلىنىدۇ:
ئەمىر ئىبنى لەيسىنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغان بىر ئەمەلدارى بار ئىدى، ئۇ ئەمەلدار بەكمۇ بېخىل كىشى ئىدى. ئۇ بىر يىلى مېۋىلەرنى خام قېقىمۇەتتى، ئەمىر ھەر يەردە مېۋە بولسا سېتىۋېلىشقا بۇيرۇدى. بېخىل مېۋە ئالمىدى، بىر كۈنى ئەمىر ئەتراپتىن كەلگەن ئەلچىلەرنى يىغىپ چوڭ مەجلىس ئۇيۇشتۇردى، مېۋىلەرنىڭ كەملىكىنى بىلگەن پادىشاھ بۇ كىشىگە مېۋىلەرنى كۆپرەك تەييارلىغىن دەپ تاپىلىدى، ئۇ كىشى «بىر ئاز بۇزۇلغان مېۋىلەردىن بار، شۇنى ئەكەلسەم بولار؟» دېۋىدى، پادىشاھ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا بۇ سۆزدىن ئىنتايىن خىجىل بولۇپ، ھېلىقى بېخىلنى خىزمەتتىن بوشىتىشنى بۇيرۇدى ۋە پەرىشان بولۇپ «بۇ پىخسىق مەن ئۈچۈن ئورنىنى تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان ئېغىر خىجالەتنى پەيدا قىلدى» دېدى.
بېيىت:

ئۇلۇغلار ئالدىدا بىشەك بى رەيىپ،
يوق ئولمىش بىخىل قىلماقتىن يامان ئەيىپ.

تۆۋەن ھىممەتلەر پەسكەشلەر بولۇپ، مۇنداقلار پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە بەكمۇ نالايىق كېلىدۇ، چوڭ ھېسابتا پادىشاھلار ھىممەت ئەھلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدە پەس ھىممەتلىكلەرنىڭ تۇرغانى تولا پالاكەتلىكتۇر، تۆۋەن ھىممەت بېخىللىقتىنمۇ، مۇمسىكلىكتىنمۇ يامان ئەخلاقتۇر. بېخىللار ئانچە ـ مۇنچە يەيدۇكى، كىشىگە بەرمەيدۇ. مۇمسىكلەر ئۆزىمۇ يېمەيدۇ، كىشىگىمۇ بەرمەيدۇ. ئۆز مۈلكىگە نىسبەتەن ئۆزى ئامانەتچى بولىدۇ، سىپىلەر كىشىگە بەرمەيدۇ، ئۆزىمۇ يېمەيدۇكى، باشقىلارنىڭ يەنە بىرووغا بىر نەرسە بېرىشىگىمۇ يول قويمايدۇ.

قەدىمدە ئۆتكەن بىر پادىشاھ سېخىيلىق بىلەن دۇنيا يۈزىدە داڭق ئالغانىدى، ئۇ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ يېقىن بىر ئەمەلدارىغا:

— مەن ئۆزۈم خالىغان بىر كىشىگە مىڭ دەرەم ئالتۇن ئىنئام قىلىشنى ئويلاۋاتىمەن، سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن، — دەپ مەسلىھەت سورىدى. ھېلىقى كىشى دەرھال:

— مۇنچە كۆپ ئىنئامنى بىر كىشىگە بەرسىڭىز مۇۋاپىق بولماس، ئۇنى يۈز ئادەمگە بەرگەيسىز، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، يېرىمىنى بىر كىشىگە بەرسەم قانداق بولىدۇ؟ — دېدى. ئۇ كىشى:

— بۇمۇ كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا، ئۈچتىن بىر قىسمىنى بەرسەم بولامدۇ؟ — دېۋىدى، ھېلىقى كىشى يەنە قوشۇلمىدى. پادىشاھ يەنە:

— ئەگەر تۆتتىن بىرىنى بەرسەمچۇ؟ — دېدى. ئۇ كىشى:
— مۇنداقتىمۇ يەنە كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۇردى، تالاش ـ تارتىش ئاخىرىدا ئۇن كىشىگە بىرىشكە بېرىپ تاقالغاندا، پادىشاھ:
— ھەي بەختسىز، بى دۆلەت، مەن بۇ ئىنئامنى بىر يولى ساڭا بېرىۋەتمەكچى ئىدىمغۇ، سەن ئۆزۈڭنىمۇ مەھرۇم قىلدىڭ. مېنىمۇ ساخاۋەت يولىدىن قالدۇردۇڭ، — دېدى.
ھېلىقى كىشى بۇنى ئاڭلاپ پۇشايمان ئوتىدا كۆيدى، ئاندىن يىغلاپ پادىشاھقا يېلىندى ۋە:
— مەن خاتا تۇيغۇدا بوپتىمەن، ئۆز كەرەملىرىدىن يانمىسىلا، مېنىڭمۇ مەھرۇم قىلمىسىلا، — دېدى. پادىشاھ تەنە بىلەن دېدى:
— ئى سېپىلە، سەن بولساڭ ئوقۇبەتكە لايىقكى، ھەرگىزمۇ ئاتاغە لايىق ئەمەسسەن، سېنىڭ جەھەتىڭدىن سەنمۇ زىيانغا قالدىڭ، مەنمۇ ھەم شۇنداق. بۇ مىقدار مالنى مەن ئەگەر بىرلا كىشىگە بەرسەم، مەن ساخاۋەتتە مەشھۇر بولغان بولاتتىم، سەنمۇ مالدىن بەھرىمەن بولغان بولاتتىڭ. زاماننىڭ ئاخىرىغىچە كەرەممىنىڭ شۆھرىتى ياقى قالغان بولاتتى. بولدى، ئەمدى سەن بېرىپ يۈز دەرەم پۇلنى ئالغىن، ئىككىنچى مېنىڭ قېشىمدا مۇنداق كەم ھىممەتلىك قىلمىغىن دەپ بۇيرۇدى.

سىسىپلە يەتكۈزمەس كىشى كامىغە،
خەس يۈرۈتمەيدۇ چىۋىننىڭ جاھىغە.
ئىككى ئالەمدە قارا يۈز سىسىپلەردۇر،
ئۇنى كۆرسەڭ قارا تۇپراق بىرلە ئۇر.

يەنە بىرخىل تايىپە غەيۋەتچىلەردۇر، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە بىر كىشىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىغا چىقسا، دەرھال ئۇنىڭ يامانلىقىنى ئاچماقچى بولىدۇ، ئەگەر بۇ سۆز راست بولسا، غەيۋەت بولىدۇ، يالغان بولغان تەقدىردىمۇ بوھتان بولىدۇ.

خەۋەرلەردە قىيامەت كۈنى غەيۋەتخورلارنىڭ ئازابى پاھىشەلەرنىڭ ئازابىدىنمۇ قاتتىق بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلىپتۇ.

ئاللاتائالا قۇرئانى كەرىمدە «غەيۋەت قىلماسۇ مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرىنىڭ ئۇستىدە، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى غەيۋەت خۇددى ئۆلگەن بۇرادىرىنىڭ گۆشىنى يېگەن بىلەن ئوخشاش» دېدى. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدا غەيۋەتچىلەرگە چوڭ تەھدىت بار، غەيۋەتخورلار مۇردا تاپى يەيدىغان قۇرتلاردۇر. ھەر ئادەمدە ئادەملىك سالاھىيەت بار بولسا، تاپ يېيىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك.

بېيىت:

قىلما زىنھار كىشىنى سەن غەيۋەت،
تۇتما غەيۋەتچىلەر بىلەن سۆھبەت.

بۇرۇنقى مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرىگە ھەمىشە ۋەقەلىكلەر چۈشىدە مەلۇم بولاتتى. ئۇ كېچىدە ئۇيقۇدا مۇنداق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى، «ئەتە سەن پالانى جايدىكى سەھراغا بارغىن، بىرىنچى قېتىم ئۇچرىغان نەرسىنى يېگىن. ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىغان نەرسىنى مەخپىي قويغىن، ئۈچىنچى قېتىم ئالدىڭغا كەلگەن نەرسىگە پاناھ بەرگىن، تۆتىنچى قېتىم قېشىڭغا كەلگەن نەرسىنى مەھرۇم قايتۇرمىغىن. بەشىنچى قېتىم كۆرۈنگەن نەرسىدىن قاچقىن»، ئۇ كىشى ئەتىسى تۇرۇپ

چۈشىدە كۆرسىتىلگەن سەھراغا باردى، بىرىنچى قېتىم ئۇنىڭغا چوڭ بىر قارا تاغ كۆرۈندى. پەيغەمبەر بۇ كارامەتنى كۆرۈپ، بۇ تاغنى يېيىش قانداق مۇمكىن بولسۇن دەپ ئويلاندى ـ دە، بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، ئاللانىڭ ھۆكۈمىدە بۇنى يېيىشكە جارى بولدى. يېمەي چارە يوق دەپ تاغنىڭ قېشىغا كەلدى، ئەمدى قاراپ كۆردىكى، بۇ تاغ كىچىككىنە بىر لوقما غىزا بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئۇنى ئېلىپ يېدى، ئۇنىڭ تەمى ھەسەلدىن تاتلىق، پۇرىقى ئىپاردىنمۇ خۇشبۇي ئىدى، ئۇ يەردىن ئاللاغا شۈكۈر قىلىپ ئۆتتى. ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭغا بىر دانە ئالتۇن جام يولۇقتى، ئۇنىمۇ كۆرسەتمىگە بىنائەن يەرنى كولاپ كۆمۈپ مەخپىيلىدى. لېكىن، ئۇ ئاشكارىلىنىپ يەر ئۈستىگە چىقىپ قالدى، ئىككىنچى قېتىم يەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق كولاپ كۆمۈپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېدى، جام يەنە ئاشكارىلىنىپ چىقىپ قالدى. ئۈچىنچى قېتىم يەنە كۆمدى، يەنە چىقىپ قالدى، ئول زات كۆمۈشنى ئارقىمۇئارقا داۋاملاشتۇردى، يەھ ئاشكارىلىنىپ چىقتى، ئۇ تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، مەن قولۇمدىن كەلگەن چارىنى قىلدىم، باشقا ئىلاجىم بولماس دەپ ئۇ يەردىن ئۆتتى، ئالدىغا بىر دانە قۇش تېزلىك بىلەن ئۇچۇپ كەلدىكى دېدى:

— ھەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، ماڭا پاناھ بەرگىن، ئارقامدا دۈشمەن كېلىۋاتىدۇ.

پەيغەمبەر ئۇنى ئېلىپ قويىنىغا سالدى، بىر دانە قارچىغا غەزەپ بىلەن يېتىپ كەلدى:

— يا نەبىيۇللا، مەن بۇگۇن بۇ سەيدىنىڭ تەلىپىدە ئاچ ـ زار يۈردۈم، ئول سەيدىم سىزنىڭ پاناھىڭىزغا كىرىۋالدى. مەن بولسام بىغايەت ئاچتۇرمەن. مېنى رىزقىمدىن نەۋمىد قىلماڭ، —

دېدى. پەيغەمبەر ئۆز كۆڭلىدە ئاللاتائالا ماڭا پاناھ بەرگەن، نەۋمىد قىلمىغىن دەپ بۇيرۇغان، ھازىر نېمە قىلىشىم كېرەك دەپ بىر سائەتكىچە پىكىر قىلغاندىن كېيىن پىچاق چىقىرىپ، بۇ قۇشنىڭ سان گۆشىدىن ئىككى پارچە كېسىپ قارچىغىغا تاشلاپ بەردى، قارچىغا گۆشتىن ئالدى، قۇشنى قويۇۋەتتى. پەيغەمبەر ئۇ يەردىن ئۆتۈپ بەكمۇ سېسىپ كەتكەن بىر مۇردا تاپنى كۆردى، ئۇنىڭدىن دەرھال قاچتى، ئۇ كۈنى كەچ كىرىپ، كۈن قاراڭغۇ بولدى، پەيغەمبەر ئاللاغا مۇراجىئەت قىلىپ دۇئا قىلدى. «ئي خۇدا، سەن بۇيرۇغان ئىشلارنى ئورۇندىدىم، بۇنىڭ سىر ـ ھېكمىتىنى ماڭا مەلۇم قىلغايسەن!» ئاللادىن نىدا كەلدى:

ــ ئالدى بىلەن سەن كۆرگەن قارا تاغ ئالدىڭدا ئىنتايىن لەززەتلىك بىر لوقما غىزا بولدى، سەن يېدىڭ، ئۇ بولسا غەزەپ ۋە ئاچچىقتۇر. ئەگەر غەزەپنى يۇتساڭ، ئۇنىڭ لەززىتىنى تاپىسەن. سەن كۆمۈپ يوشۇرالمىغان ئالتۇن جام بولسا، خەير ـ ئېھساندۇر. ئۈچىنچى، ھەرقانداق بىر مەخلۇق سەندىن پاناھ تىلەپ كەلسە، ئۇنىڭغا پاناھ بەرگىن. تۆتىنچى، بىرەر مەخلۇق سەندىن نەرسە تىلەپ كەلسە، ھەرگىز ئۇنى نائۈمىد قىلما.

بەشىنچى، سەن كۆرۈپ قاچقان سېسىق تاپ بولسا غەيۋەتتۇر، ئۇنىڭدىن مىڭ ھەزەر يىراق قېچىش كېرەك. چۈنكى، غەيۋەت ياخشى ئەمەلنى باتىل قىلىدۇ.

قىتئە:

زىنھار كىشىنى قىلماغىل سەن غەيۋەت،
غەيۋەت ئىشىدىن بۇزۇلغۇسىدۇر تائەت.

ھەر غەيۋەت بىلەن بولغۇسى بىر تائەت كەم،
بەس، ھېچ مۇسۇلمان مۇڭا قىلماس رىغبەت.

مۇلكى ھاكىملار ئۆزىنىڭ سۆھبەتلىرىنى ۋە خادىملىرىنى غەيۋەت ۋە بوھتاندىن پاك تۇتۇشى كېرەك، غەيۋەت قىلىش ھارام بولغاندەك، ئۇنى ئاڭلاشمۇ ھارامدۇر، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئازابتا ئوخشاش بولىدۇ.

بېيىت:

ئەيمەغىل غەيۋەت سۆزىنى ھەم ئاڭا سالما قۇلاق،
ئاندىن ئېغىز ـ قۇلاقىڭ پاك بولسا ياخشىراق.

يىگىرمە ئىككىنچى بابتا بۇ ھۆكۈمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇنداق بېيىت بار:

تا ئىلاجىڭ بار بولسا قىلما كىشىنى غەيۋەت،
چۈنكى غەيۋەتچى ئېرۇر ئەل كۆزىدە بى ئىززەت.
گەر كىشى ئەيلىسە غەيۋەت سەن ئاڭا سالما قۇلاق،
تا گۇاھىغا ئۇنىڭ قىلما ئۆزۈڭنى ئورتاق.

يەنە بىر قىسىملار ھەقنى توزۇمايدىغان، نېمەت ئىگىسىنىڭ ھوقۇقلىرىنى بىلمەيدىغان، نېمەتكە تانىدىغان گۇرۇھلار بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەممىدىن يامانراق، ئاشنا بىگانەنىڭ كۆڭلىدىن يىراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ بەختسىز، دۆلەتلىرىمۇ بەھرىسىز بولىدۇ.

قىتئە:

كىشىكىم ئۇنۇتمىش يېگەن نېمەتىن،
ئەنى ھەم ئۇنۇتماقتۇر كۆپ ساۋاب.
يىراق بول كىشىدىن كىم بىلمەس ھوقۇق،
كۆرەر روھ ئەنىڭ سۆھبەتىدىن ئازاب.

سۆئتەزىد خەلىپە ئۆز سۆزىدە ھەقنى سۆزلەشكە ھۆرۈن بولغان تىلنى ئەيىبلەپ، ئۇنداقلارنى تىل تىغى بىلەن زەربە بېرىش كېرەك دېگەندى.

نەزم:

ئولكى نان، نەمەك ھەققىنى ئۇنۇتۇر،
ئاقىبەت باشى، گەردەنى ئۇشالۇر.
ۋەلى نېمەتكە گەر ياماندۇر سەن،
يىقىلۇرسەن گەر ئاسماندۇرسەن.
تاپقايسەن بەختى ھەق شىناس.

مەن ئېيتمىغان ھەربىر سۆزگە غالىپ ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچىدۇرمەن. ئەمما ئېغىزىمدىن چىقىپ سۆزلىنىپ بولغان ھەربىر سۆز ماڭا غالىپ ۋە مېنى باشقۇرغۇچىدۇر. يەنى سۆز قىزى دىل پەردىسىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈزى ئېچىلمىغان بولسا، ئۇ ھامان سېنىڭ ئىختىيارىڭغا بويسۇنىدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆز خاموشلۇق پەردىسىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇ ھالدا ھەرگىزمۇ ساڭا بويسۇنمايدۇ، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ياكى مەخپىي قىلىش ئېھتىمۇ مۇمكىن بولالمايدۇ.

قورساق بېتىدىن ئاشكارىلىق مەيدانىغا چىققان ھەربىر كەلىمە سۆز ياكى راستلىق سۈرەتىدە ياكى يالغانلىق ھالىتىدە ئاشكارىلىنىدۇ. ئەگەر شۇ سۆز راست بولغان تەقدىردە ئۇنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر يالغان بولغاندا، ئۇنىڭ زىيانلىرىنى سۆزلەپ بايان قىلىش ھاجەت ئەمەس، ھەر ئىككى ھالدا سۆزلىمەسلىك ياخشىراق.

قىتئە:

بارىپ يۇنانغا بىر پىرىنى كۆردۇم،
ئاڭا ئېيدىمكى ئېي بائەقلى باھۇش.
ماڭا نىقال ياخشىدۇر سەن ئېيغىل،
دېدى خامۇش بول خامۇش، خامۇش.

كېيىنكى ھۆكۈمالار خامۇشلۇق (شۈك تۇرۇۋېلىش) يامان سۆز قىلىشتىن ياخشى، پايدىلىق سۆز قىلىش خامۇشلۇقتىن ياخشى دېيىشىدىكەن.

قىتئە:

تۇتۇپ ئاغزىڭنى سەن خۇمۇش بولغىل،
بېتىشكەن چاغدا كۆڭلۈڭگە يامان سۆز.
ۋەلى گەر بولسا ياخشى سۆز مەھەللى،
تىلىڭنى سۆزگە كەلتۈرگىل ئېچىپ كۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

# تابىئەلەر ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ تەربىيتى توغرىسىدا

بۇ بابتا ئىككى تۈرلۈك ئىش توغرىسىدا ئىزاھات بېرىمىز: بىرىنچى، پادىشاھلارنىڭ ئۆز خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا. ئىككىنچى، مۇلازىملارنىڭ پادىشاھقا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش ۋە قانداق ئەدەپ ساقلاش توغرىسىدا.

بىرىنچى، پادىشاھىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى ۋە تۈرلۈك تەرتىپتىكى ئىشلارنى بېجىرىشى ئۈچۈن ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر ۋە ئەمەلدارلار كېرەك بولىدۇ. پادىشاھنىڭ جاھاندارلىق ئىشلىرى ئۇلارسىز مۇيەسسەر بولمايدۇ، ھەرقانداق كىشى ئەگەر بىرەر دۆلەتنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈپ، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنى ئىتائەت ئاستىغا ئالماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن زور ئېھتىياتچانلىقتا ئىگە، مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي ۋە ئايرىم ئەھۋاللىرىدىن تولۇق خەۋەردار كىشىلەرگە موھتاج بولىدۇ. پادىشاھ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى رەئىيەلەرنىڭ ئىچكى كۆڭۈل سىرلىرىنى بىلىش ۋە مۆلچەرلەش شەرتتۇر.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاقلا يارىمايدۇ، بەلكى كۆپلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە كۆپ كۆز، كۆپ قۇلاق لازىم بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ بىلىملىك ھەم قابىلىيەتلىك

خادىملارنىڭ بولۇشى كېرەكتۇر، ئۇلار ئارقىلىق پادىشاھ كۆپ كۆز، كۆپ قۇلاققا ئىگە بولالايدۇ. شۇلار ئارقىلىق پادىشاھ مەملىكەتنىڭ ھەممە خەۋەرلىرىنى ئاڭلىيالايدىغان بولىدۇ، بۇ كۆپ كۆزلەر بىلەن مەملىكەت خەلقىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا نەزەر سېلىپ كۆزىتەلەيدىغان بولىدۇ. بۇ خادىملار ئومۇمەن پادىشاھقا كۆز قۇلاق ئورنىدا خىزمەت قىلغانلىقتىن، پادىشاھ ئەلۋەتتە ئۇلارنى ياخشى ئاسراپ، مۇھاپىزەت قىلىشى كېرەك. ئۇلار ياخشى مۇھاپىزەتكە ئېرىشكەندە، دۆلەت ئۈچۈن خاتىرجەم ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەت بىجىرىپ بېرىدۇ.

پادىشاھقا يېتىدىغان ئاپەت ھېچ ۋاقىت مەملىكەت ئىچى ۋە خەلق ئەھۋالىدىن بىخەۋەر بولغان چاغدىكىدىن پاجىئەلىك ۋە ئېغىر بولمايدۇ.

نوشىرۋان بىر ھەكىمدىن: «مەملىكەت نەچچە ئىشنىڭ سەۋەبىدىن زاۋال تاپىدۇ؟» دەپ سورىدى، ئۇل ھەكىم «ئۈچ نەرسىدىن مەملىكەتكە زاۋال كېلىدۇ» دېدى.

بىرىنچى، پادىشاھ مەملىكەت ئەھۋالىدىن بىخەۋەر، بىپەرۋا يۈرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدىكى پىتنىخورلارنىڭ ئاداۋەتلىرىدىن بىخەۋەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىگە پۇرسەت تۇغۇلۇپ، بۇزغۇنچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، قارشىلىق ئاپەتلىرىنى قوزغايدۇ. ئىككىنچى، قارا دىللار ھوقۇققا ئېرىشسە، ئۆز تەبىئىيىتىنىڭ خەسسىلىكىدىن، ئاچ كۆزلۈكىدىن ۋاستە تاللىماي يۇرۇپ مال ـ دۇنيا توپلاشقا يۈرۈش قىلىدۇ. چوڭلارنىڭ قەدرىنى دەپسەندە قىلىدۇ، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئابرۇيىنى خارلىققا سالىدۇ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىنى بىلمەس بولۇۋالىدۇ، نەتىجىدە كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىزارلىق ھېس

قىلىپ، پادىشاھنىڭ نوپۇزىدىن تەشۋىشكە چۈشىدۇ. ھەر كۆڭۈلدە ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ، پادىشاھنى يوقىتىشقا تىرىشىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دۆلەت ۋە ھەر پادىشاھ قارا دىللارنىڭ ئەتىۋارلىق سەھنىسىگە چىقىپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلىشلىرى لازىمدۇر.

نەزم:

ئەگەر سىپىيلە تاپسا ئۇلۇغلۇقۇقا دەست،
بېرۇر سەلتەنەت رەۋنەقى شىكەست.
ئەمەس سىپىلەر لايىقى ئىززۇجاھ،
ئۇلارنىڭ سازاسىدۇر بەندۇچاھ.

ئۈچىنچى، ئەگەر ئەمەلدارلار يۇقىرىلارغا زۇلۇم قىلسا، يۇقىرىلار پادىشاھنىڭ ئۈستىدە يامان نىيەت قىلىدىغان بولىدۇ، زىرائەت، ئىمارەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولىدۇ، خەزانىغە كىرىم بولىدىغان مەبلەغ ئازىيىدۇ، لەشكەرلەرمە ئاشى ئازىيىپ كېتىدۇ.

سىپاھلەر مائاش ـ كاپالەتتىن نارازى بولسا، بەرھەق مەسئۇلىيەت ئەمەللىرىدىن باش تارتىدۇ، دۈشمەن پەيدا بولغاندا ئۇلار پادىشاھقا قول ـ قانات بولماي، ئەكسىچە باش تارتىپ سۈكۈت قىلىدۇ. بۇ ھالدا دۆلەت ۋە پادىشاھنىڭ ھالىنى پەرەز قىلماق قىيىن ئەمەستۇر.

زۇلمى ئامىل جەھان خاراب قىلۇر،
بارچە ئەل كۆڭلىنى كەباب قىلۇر.
مەملىكەتكە بەسى فۇتۇر يېتەر،
سەلتەنەتكە يەنە قۇسۇر يېتەر.

پادىشاھلىق ئىمارەتنىڭ تۆت تۈۋرۈكى باردۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرسى بولمىسا، بۇ ئىمارەت ئىشەنچلىك ئەمەس.

بىرىنچى، مەملىكەتنى دۈشمەندىن قوغداپ، مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەمىر. ئىككىنچى، پادىشاھنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا توغرا مەسلىھەت كۆرسىتەلەيدىغان، پادىشاھنىڭ خەزىنە ئىقتىسادلىرىنى ئۆز يولىدا شەرىپ ئىتتىشكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خادىملارغا ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ـ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلالايدىغان ۋەزىر.

ئۈچىنچى، بۇزۇقلارنى تەربىيە قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدىغان ھاكىم.

تۆتىنچى، ساپ دىل، توغرى نىيەتلىك خەۋەرچى. بۇلارسىز پادىشاھلىق ئىشلىرى ۋۇجۇد تاپمايدۇ، پادىشاھ ئەمىر ـ ۋەزىرلىرىگە داۋاملىق ئىززەت ۋە ھۆرمەت ئىپادىلىشى، ئۇلارغا شەپقەت نۇرى بىلە مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۇلار ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان نەرسە ۋە شارائىتنى ئۇلاردىن ئايىماسلىقى لازىم. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئۇنۇملۇك ئورۇندىسا، ئۇنىڭغا نەۋازىشلەر قىلىپ، تېگىشلىك ئىنئام ۋە مۇكاپاتنى بېرىش كېرەك. ئەگەر ئۇلاردىن ئۆز ۋەزىپىسىنى بېجىرىشتە بوشاڭلىق، بىپەرۋالىق قىلىدىغانلىرى كۆرۈلسە، مەسئۇلىيەت بويىچە نەسىھەت قىلىش كېرەك. ئەگەر يەنە ئەيىبىنى تۈزەتمىسە، سالاھىيەتكە توغرا كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارغا ۋاقتىدا ئەدەپ ئىجرا قىلىش كېرەك بولىدۇ.

شاھلىق ھەيئىتىنى داۋام ئەتتۈرۈشتە، پادىشاھ ئىمكانقەدەر ياكى تامامەن دېگۈدەك ئۆز خاسلىرىنىڭ ئەيىبلىرىنى كىشىلەر ئالدىدا پاش قىلماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىنى، نورمال

ھاياتىنى گوياكى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىدەك ئەزىز بىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىگە لايىق دەرىجە ۋە مەرتىۋىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، خادىملار ئوتتۇرىسىدا گىنە ـ ئاداۋەت پەيدا قىلىپ قويماسلىقا تىرىشىش كېرەك، ئەگەر ئۇلار ئارىسىدا خۇسۇمەت ۋە جېدەل ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ قالسا، جاراھەتنىڭ كىچىكىدە پەسەيتىپ، ئۇلارنى گىنە تۇتماسلىق ھالىتىگە كەلتۈرۈش كېرەك. پادىشاھ مانا مۇشۇنچىلىك روھىي ھال ئىشلارغىچە پەخەس بولمىسا، كۆڭۈل قويمىسا، ئاقىۋەت ئوردا ئىچىدە چوڭ بالا ـ قازانىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلۇغلار مەملىكەتنىڭ بۆلۈنۈشى ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ئارازلىق ئىلكىدە تۇرۇشىدىن كېلىپ دەپ ھېكمەت قىلغاندى، چۈنكى خۇسۇمەت ماددىسى ئۇلغايسا، بۇزغۇنچىلىقنىڭ دەرۋازىسى ھېسابسىز ئېچىلۇر دېيىلىدۇ.

قىتئە:

ئەگەر يەكدىل ئەمەس ئەئيانى دۆلەت،
بۇزۇلغاي شاھ ئىشىيۇ رەئىيەت.
ياراشماس دۆلەت ئەھلىنىڭ نىزائى،
كى ئاندىن بولغۇسى مۇلك ئىنقىتائى.

بەھمەن پادىشاھ بىر ھەكىمدىن: «مۇلازىملارنىڭ تەربىيەتىنىڭ ئاساسىنى نېمىگە قۇرۇش كېرەك؟» دەپ سورىدى. ئول ھەكىم: «شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق بىلەن قەھر ـ غەزەپتىن ئىبارەت ئىككى نەرسە ئۈستىگە قۇرۇش كېرەك، يەنى پادىشاھ غەزەپ بىلەن شەپقەت ئەسەرلىرىنى خادىملارغا داۋاملىق كۆرسىتىپ تۇرۇشى كېرەك. بەزى چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئەدىپى بېرىلىپ،

بىئەدەپلىك قىلماسلىقا مەجبۇر قىلىنىدۇ. بەزى چاغلاردا شەپقەت بارەسىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ نائۇمىد بولماسلىقى ئۈچۈن دىلنەۋازلىق قىلىدۇ، بەزى ئەيىبلىرى كەچۈرۈلىدۇ.

خادىملارنى تەربىيە قىلىشنىڭ ھېكمەتلىك ئۇسۇللىرىدىن بىرى، ئەگەر تەربىيە، شەپقەت چارىلىرى بىلەن ئۈنۈم بەرسە، ئۇ چاغدا غەزەپ ۋاستىلىرىنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ. ئەگەر غەزەپ كۈچى بىلە ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش توغرا كەلسە، ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ يۇمشاقلىق چارىسىنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك، ھېكمەت شۇكى، جاراھەتكە تىغ ئۇرۇش، مەلھەم قويۇشتىن ياخشىراق ئۈنۈم بېرىدۇ.

ھەمىشە لۇتفى يولىن تۇتمىغايسەن،
يۇرۇتكىل ۋەقتىدە قەھرۇ غەزەب ھەم.
جاراھەتكە ياراشۇتر تىش ئۇرماق،
ئاڭا گەر نەفئىي قىلماس بولسا مەلھەم.

ھۆكۈمالار شۇنداق دەيدۇ: ئەگەر پادىشاھ بىر كىشىنى تەربىيىلىمەكچى بولسا، ئۇنى قايتا ـ قايتا ئىمتىھان قىلىپ كۆرۈش كېرەك. ئۇنىڭ پۈتۈن ماھىيىتىنى بايقىماي تۇرۇپ، تەربىيەت نەزىرى بىلەن قاراشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك، ئەگەر سەن ئىشەنچ قويغان كىشى (تەربىيە قىلىنغۇچى) ئەسلىدە نالايىق بولۇپ، سېنىڭ بىلىش تەربىيەتنىڭ نەتىجىسىگە توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا ئۇنى نەزەردىن تاشلاش كۆپ قىيىنغا چۈشىدۇ. چۈنكى بىر كىشىنى تېز كۆتۈرۈپ، تېز چۈشۈرۈش سەلتەنەت ھەيئىتىگە يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ.

نەزم:

كىشىگە كىم تەربىيەت قىلغۇر بولساڭ،
ئىمتىھان قىل ئۇنى بەسى چەندان.
بولسا گەر قابىلىيەتنى زاھىر،
تەقۋىيەت ئەيلەگىل قىلىپ شادمان.
قابىل ئەرمەس بولسا كۆتەرمە ئۇنى،

كۆتۈرۈلگەن ئادەمنى تېز پەسلەتمەك كۆپ مالامەتلىك ئىشتۇر، ئەگەر بىر كىشىگە غەزەپ قىلىنىپ ئەدىپى بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا ھەم تېز ئىززەت ۋە شەپقەت قىلماسلىق كېرەك.
بىر پادىشاھ ئۆزىنىڭ بىر سەپدىشىغا سۆزلەۋاتقانىدى، دەلمۇدەل ئۇنىڭدىن بىر مۇخالىپ سۆز ئاڭلاپ قالدى، پادىشاھ ئاغرىنچىلىقتا ئۇنى سۆھبىتىدىن ھەيدىۋەتتى، ئۇ بىچارە ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، سەۋرىنىڭ ئاچچىق شەربىتىنى ئىچىپ مۇنداق دېدى:

ئەي كۆڭۈل تالە قىلما سەۋرى قىل،
سەۋرى بىلەن مۇرادىڭغا يەتكىل.

بۇ بىچارە پادىشاھتىن ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىپ قالغانلىقتىن، بىر كۈنى ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا بىر نامە يېزىپ، پادىشاھنىڭ مەھرەملىرىدىن بىرىگە بەردى. مەھرەم خەتنى پادىشاھقا سۇنۇپ بەردى، پادىشاھ ئۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ كۆلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ مېنىڭ سۆھبىتىمدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا بۇ قەدەر ئېغىر سەۋەبىمۇ يوق ئىدى، لېكىن ھەر

ۋاقتىنىڭ بىر كۆكـۈمى بار، ئۇ ۋاقىت كەلمىگۈچە ئۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولۇش ئۇنىڭ ئەيىبىدۇر.

ۋاقتى يەتمەيىن ھەرگىز زاھىر ئولماغاي ھەر ىش،
ئادىن ئىلگەرى زىنھار سۇد بەرمەگەي كۆشىش.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ بۇ كىشىنى مەجلىسكە چاقىرىپ ئۇنىڭ خاتالىقىنى ئەپۇ قىلىپ تون كىيدۇردى.

ھۆكۈمالار دېيىشىدۇ، ئەگەر پادىشاھ بىر كىشىنى ئەتىۋارلاپ ئۆزىگە يېقىن تۇتماقچى بولسا، بىراقلا ئۆستۈرمەي، دەرىجىمۇ ـ دەرىجە قىلىش كېرەك. شۇنىڭدەك تۆۋەنلەتمەكچى بولغاندىمۇ ھەم شۇ يولنى تۇتقان يوللۇقتۇر.

بېيىت:

قىلماغىل كىشىنى ئۇلۇغ يەكبارە،
ك ئاخىر سىنى ئېتەر بىچارە.

نوشىرۋان بىر كۈنى بۇزۇر جۇمھۇردىن تەربىيەتكە لايىق كىشى توغرىسىدا سورىدى. بۇزۇر جۇمھۇر: «ئەدەپلىك، نەسەپلىك كىشىنى تەربىيەت قىلىپ ئۆستۈرۈش كېرەك» دېدى. ئۇ يەنە «ئۆز زاتى يامان بولغان كىشىنىڭ ئەسلىسىمۇ يامان بولىدۇ، ھەر نەرسە ئەسلىنىڭ تەئسىرىنى ئالىدۇ» دېدى.

بۇرۇنقى ئالىملارنىڭ ئەۋلادىدىن چىققان زەكى ئاتلىق بىر كىشى بىر دېدەك سېتىۋالغانىدى، لېكىن ئۇ تولىمۇ بەد ئەخلاق چىقىپ قالدى، كېيىنچە ئۇ زەكىدىن بىر ئوغۇل تۇغدى، بىر كۈنى بىر ھەكىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قالدى. بالا ئۇلارنىڭ

قېشىغا كەلدى، زەكى ئۇنى بىر ئىشقا بۇيرۇدى، بالا دەرھال قوپۇپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ قايتىپ كېلىپ، يەنە سۆھبەتكە ياندىشىپ ئولتۇردى، باشقىلار بالىنىڭ قىلىقىغا ھەيران بولۇشتى ھەم بۇ بالا ئىشقا بۇيرۇلغاندا دەرھال قوپۇپ ماڭدىيۇ، لېكىن بۇيرۇتمىنى قىلماي يېنىپ كېلىپ ئولتۇردى، بۇ نېمە سەۋەبتىندۇر دەپ ئويلاشتى، ھەكىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— زەكىنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ مېڭىشنى خالىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى باشتا كۆرۈلدى، لېكىن ئانىسى نۇشاد بەد ئەخلاق بولغاچ ئۇنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن خىزمەتنى بىجىرمەي قايتىپ كەلدى، ھەر ئىككى ۋۇجۇدنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدا كۆرۈلدى، ئاق كۆڭۈل بولۇشتىمۇ، بەد ئەسلىي بولۇشتىمۇ بالا ھامان ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ ھەقتە ھەكىم فىردەۋسىنىڭ بېيىتلىرى باردۇر:

دەرەختىكىم ئاچچىقتۇر ئەسلىي ئانىڭ،
ئۇنى گەرچە جەننەتكە ئېلىپ تىكىڭ.
بېھىشت ئېرىقىدىن سۇغارماق مەھەل،
بى ئاخىركى ۋاقتى ھوسۇلى يېتەر.
قويۇڭ يىلدىزى ئۈزرە شىرى ئەسەل،
ئوشۇل مېۋە تەلخ ئىزھار ئېتەر.

خەسىسكە پەرۋىش قىلىش خۇددى ئۆز ئابرۇيىن ئۆزى تۆكۈش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ، چۈنكى خەسىس سۇدىن تۆرەلگەن مەخلۇق، ھەرقانچە ياخشىلارنىڭ تەربىيىسىنى ئالسىمۇ، ئۇ ھامان ئۆز يامانلىقىدىن ئۆزگىرىپ كېتەلمەيدۇ.

قىتئە:

قىلماغىل ئەلۋەتتە سەن بەد ئەسلىلەرگە تەربىيەت،
قويۇنىڭ ئىچرە قويماغىل زىنھار ئەپئا مارىنى،
نەي شەكەر تەمئىنى ھەرگىز قىلما مەنزىلدىن تەمە،
گۈل ئۈزۈلمەس ئول كىشىكىسى ئۈندۈرۈيدۇر خارىنى.

مۇلازىملارنىڭ تەربىيىتىدە مۇھىم بىر نۇقتا باركى، ئۇ بولسىمۇ بىر كىشىگە ھەر ۋاقىتتا بىر يولى ئىككى ۋەزىپە تاپشۇرۇلماسلىقى كېرەك، ئۇنداق ھاللارنىڭ تولاسىدا بەجا قىلغۇچى يېتىشەلمەي، ۋەزىپىنى چالا قىلىپ گۇناھ نۇقتىسىغا بېرىپ قالىدۇ.
بېيىت:

بەرسىڭىز ئىككى ئەمەلنى بىر كىشىگە ناگىنان،
ئىككى ئىشنى بەركەمال ئەتمەكتە بولغاي ناتەۋان.
بىر ئەمەل ھەم ئىككى كىشىگە بولمىغاي زىبەندە كىم،
بىر ئوچاقتا قاينىماس بىر ـ بىر ئۆزە ئىككى قازان.

ئەمىرلەر — پادىشاھلىقنىڭ شەۋكىتى، مەملىكەتنىڭ كۈچ ـ مادارى بولۇپ، پادىشاھ ئۇلارنى ئەزىز ھەم مۇكەررەم تۇتۇشلىرى كېرەكتۇر. چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنى ئۆزى ئەركىن، قولى ئازادە، كۆچلۈك تۇتۇش كېرەك، مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە سالماستىن، بۇرۇن تۇتۇش قىلماسلىق لازىمدۇر. خەزىنە مۇلۇكلىرى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇلارغا

مەسلىھەتلىك بىلغان تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارغا ئىشەنچىلىك ھالدا تايىنىش كېرەك. ئەلچى لەشكەر مۇلازىملىرى، قوشۇن جابدۇقلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشى كېرەك. ئەلچى — پادىشاھلارنىڭ تىلىدۇر، ئاقىللار تولا چاغلاردا پادىشاھلارنىڭ ئەھۋالىنى ئەلچىلەرنىڭ كەيپىياتى ئارقىلىق كۆزىتىپ بارىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلچىلىك خىزمىتىگە بىلىملىك، خۇشخۇي، خۇبرۇيلار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

بېيىت:

تەۋاناغا تەۋانائى ئەبەرگىل،
كى ھەم داناغا دانائى ئەبەرگىل.

بىر چاغلاردا مۇھەللىب خاۋارىجغەشكەستە بېرىپ ئۇنى مەغلۇپ قىلدى. كۆپ غەنىيمەت ماللارنى قولغا چۈشۈردى، ئاندىن ھەججاج قاشىغا مالىك ئىسىملىك بىر ئەلچىنى ئەۋەتتى، ھەججاج ئۇنىڭدىن: «مۇھەللىب قانداق ھالەتتە قالدى؟» دەپ سورىدى، مالىك: «ئۇنىڭ دوستلىرى خۇشال، دۇشمەنلىرى غەمكىن ۋە زەبۇن ھالدا» دەپ جاۋاب بەردى. ھەججاج يەنە: «ئۇنىڭ قوشۇنلارغا شەپقەتى قانداق؟» دەپ سورىدى. مالىك: «خۇددى ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە مەرھەمەت قىلغاندەك» دېدى.

ھەججاج: «ئۇنىڭ پەرزەتلىرىنىڭ كەيپىياتى قانداق؟» دەپ سورىدى. مالىك: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇشاللىقتا» دەپ جاۋاب بەردى. ھەججاج يەنە: «ئۇلارنىڭ جەڭدىكى پوزىتسىيىلىرى قانداق؟» دەپ سورىدى. مالىك: «ئۇلارنىڭ ئالدىدا جاننىڭ ئېتىبارى يوق، ھايات ـ ماماتلىقنى ئوخشاش كۆرىدۇ» دېدى. ھەججاج: «ئۇلارنىڭ ئالدىدا زىياپەت ئىشلىرى قانداقراق؟» دەپ



www.uyghurkitap.com

سورىدى. مالىك: «ئۇلارنىڭ زىياپەت دەستۇرخانىدا پۇل ـ مالنىڭ ئېتىبارى يوق» دېدى. ھەججاج سورىدى: «ئۇلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىكى پەزىلىتى قانداق؟» مالىك جاۋاب بەردى: «ئۇلارنىڭ ئەقلىي پەزىلىتى گوياكى دېڭىزدەك ھەيۋەتتە كېتىپ بارىدۇ.»

ھەججاج بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مۆھلىبىنىڭ ھەشەمىتى ۋە شەۋكىتى بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە چۈشتى، ئۇنىڭ ئەقىل ئادابىنى ئەلچىسىنىڭ ئەقىل ئادابى ئارقىلىق بىلىۋالدۇق» دېدى.

بېيىت:

ئەلچى كېرەك كىم ھەكىمى سۇخەندان، ھوشمەند،
دانا ۋۇكارىدە ۋۇخۇشخۇيۇ دىل پىسەنت.
خۇش تەرزە خۇپ خىلئەتۇ، خۇش خۇلقۇ با ئەدەپ،
ساھىبى ساخابىتە مەۋە ھىممەتى بەلەند.

دۆلەتنىڭ سائادىتى ئۈچۈن، لەشكىرىي قوشۇنلارنىڭ تەربىيىتى ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئىشلارنىڭ نەتىجىسىمۇ چوڭ بولىدۇ، بۇ نەتىجە مۇنداق تۆت رەۋىشكە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، پادىشاھقا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ھەيۋەت پەيدا قىلىدۇ.

ئىككىنچى، دۈشمەننى يوقىتىدۇ، چېكىندۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۇلاردىن پۇقرالار خاتىرجەملىك تاپىدۇ.

تۆتىنچى، ئۇلاردىن ئوغرى ـ قاراقچىلار قورقۇپ تۇرىدۇ.

مۇنداق قوشۇنلار تۆۋەندىكىدەك تەلەپنىڭ ئەھدىسىدىن چىقار ھالىتىدە تۇرىدۇ، بىرىنچى، پادىشاھنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن قەتئىي تانمايدۇ، ئىككىنچى، پادىشاھقا داۋاملىق بىر دىل، بىر نىيەت كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى، (بۇ ماددا ئەسلىي مەتبەئەدىن چۈشۈپ

قالغان ـــ ت). تۆتىنچى، جەڭ مەيدانىدا مەردانىلىك كۆرسىتىپ، غەيرەت بىلەن دۈشمەننى يېڭىدۇ، پادىشاھمۇ بۇنىڭ پەزىلىتى ئۈچۈن ئۇلارغا تۆت ئىشنى قىلىپ بېرىدۇ. بىرىنچى، ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئات ۋە قورال ـ ياراغلىرىنى تەييار قىلىپ بېرىدۇ. ئىككىنچى، ئەمىرلەرنىڭ، ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىرىنى ئۆز مەرتىۋىسى بويىچە ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ. ئۈچىنچى، ئۇلارنى باشقا كىشىلەردىن ئالاھىدىرەك ئېتىبار بىلەن تەربىيىلەيدۇ. تۆتىنچى، غەنىيمەتلەردىن ئۇلارنى تولۇق بەھرىمەن قىلىدۇ.

پادىشاھى قۇباد بىر كۈنى بىر ھەكىمدىن لەشكىرىي قوشۇنلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى سورىدى. ئول ھەكىم قۇبادقا: «سىز باغۋەنگە ئوخشاش ئۇسۇل قوللىنىسىز، باغدىكى جىمىي ئۆسۈملۈكنى كۆكۈل قويۇپ تەكشۈرىسىز، ئاندىن پايدىسىز ۋە زىيانلىق بولغانلىرىنى يۇلۇپ تاشلايسىز، قالغانلىرىنى كۆكۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىسىز، لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ خۇددى شۇنداق يارامسىزلىرى، ھەتتا زىيانلىق كەلتۈرىدىغانلىرىمۇ بار.

دۈشمەننى كۆرگەندە ھالى خارابلىشىدىغانلارنى مائاش ئىسمىلىكىدىن ئۆچۈرۈشىڭىز كېرەك، ئۇلارغا بېرىلىۋاتقان مائاش بىھۇدىدۇر. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىرەن ـ باھادىرلارنى ياخشى بېقىش لازىمدۇر» دېدى. قۇباد: «ئۇلارنىڭ مائاشىنى قانداق ئۇسۇلدا بېرىشىم كېرەك؟» دەپ سورىدى. ھەكىم: «نورمال دەرىجىدە بېرىش كېرەك، ئەگەر ئۇلارنىڭ مائاشى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، بىھاجەت بولۇۋېلىپ، خىزمەتتە ھورۇن، تۇرمۇشتا كەيىپ ـ ساپالىق بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ مائاشى بەك تۆۋەن بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئۇلار سەندىن مالال بولۇپ خىزمەتتىن قاچىدىغان بولۇۋالىدۇ، ھەتتا سەندىن يۈز ئۆرۈپ، باشقىلارغا

ئەگىشىدىغان بولۇپ كېتىدۇ» بۇ ھەقتە نىزامىدىندىن بىر نەزم ئاڭلاڭ:

گەر بېرۇر بولساڭ سۇغا غەمالى زەر،
بەرمەگىل ئەندازەسىدىن بى شىتەر.
بولسا قورساقنىڭ قۇلى، بىسيارىسىر،
بېدىل ئولغاي گەرچە بوسلا ئول دەلىر.

ھەم يەنە بىسيار تۇتما بىھوسۇل.
بولمايغايلەر تا گەرىزانى مەلۇل.
قىلماسا گەر شاھ لەشكىرىنى رىزا،
ئەيمەسلەر خىزمىتىدە جان پىدا.

دەپ جاۋاب بەردى.

يەنە ۋەزىرلەرگە كېلەيلى، ئۇلار پادىشاھلىقنىڭ تايانچىسى، خەزىنىنىڭ ئامبارچىسىدۇر، پادىشاھلىق ئىشى ئۇلارسىز پۈتمەيدۇ. ئەگەر مەملىكەتنىڭ مۇھىماتى ۋەزىرسىز ھەل بولىدىكەن، ئۇ ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ بۇرادىرىم ھارۇننى ماڭا ياردەمچى قىلىپ بەرگىن» دەپ تىلىمەس ئىدى، بۇنىڭدىن ۋەزىرلەر پادىشاھلىق بىناسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى ئىكەنلىكى ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

بېيىت:

گەر ۋەزىركى پاك سىيرەتىدۇر،
مەملىكەت چېھرەسىگە زىننەتتۇر.

ئۇلارنىڭ تەربىيىتى بولسا، داۋاملىق پادىشاھنىڭ غەمخورلۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ، پۈتۈن خەلق ئالدىدا ئەزىز ۋە

مۇكەررەم بولۇشتۇر، شاھ ئالدىدا ئۆلارنىڭ سۆزلىرى ئۆتىبەر، ھۆكۈملىرى ھەردەم جارى تۇتۇلىدۇ، دۆلەتنىڭ مۇھىماتىغا نىسبەتەن پادىشاھ ئۆلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپ، قەدەم ئۆرماسلىقى كېرەك، پادىشاھ ئۆلارنىڭ تەدبىرىنى مۇھىم تۇتىدۇ. چۈنكى خەنجەر ۋە قىلىچ بىلەن قىلىشقا مۇمكىن بولمايدىغان تولا ئىشلارنى سۆز ۋە قەلەم بىلەن قىلىپ كېتىش مۇمكىن.

يەتكۈرگىسى ئىشنى بىر مۇقامىغە قەلەم،
شەمشەر ئاڭائى دەم، ئورالغاي نى قەدەم.

بىر كۈنى بىر ئەمىر بىلەن بىر ۋەزىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈستۈنلۈك تالىشىش بارىسىدا غەلۋە يۈز بەردى، ئەمىر دەيدۇ: «مەن بولسام تىغ ئىگىسى، سەن بولساڭ قەلەم بەندىسى، شەمشەر بىلەن شەھەرنى ئالالايمەن، شەھەرنى قوغدىيالايمەن، قەلىمىڭنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كېلەمدۇ؟» دەيدۇ. ۋەزىر:

— قەلەمنىڭ راستچىللىقى بىلەن زىددىيەت ئىناقلىققا ئايلىنىدۇ، شەمشەرنىڭ كەجلىكى بىلەن ئىناقلىق ئاداۋەتكە ئايلىنىدۇ، — دەپ ھېكمەت ئوقۇدى. ئۆلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ماجرا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى، پادىشاھ ئۆلارنى چاقىرتىپ كېلىپ، ۋەزىرگە: «قەلەم ئەھلى شەمشەر ئەھلىگە خىزمەتكاردۇر، سەن ئەمدى نېمىدەپ ئۈنىڭدىن ئۈستۈنلۈك دەۋاسىنى قىلىسەن؟» دېدى. ۋەزىر: «ئەي شەھرىيار، شەمشەر دېگەن پەقەت دۈشمەن ئۈستىدىلا جارى بولىدۇ، ھالبۇكى، ئۈنىڭ تىغى دوستلارغا يۈرمەيدۇ. شاھ بىلىدۇكى، قەلەم دوستلارنىڭ مەنپەئەتىگە تۈرتكە بولىدۇ، مۆرىتى كەلگەندە دۈشمەننى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى دەسمايىسىنىمۇ ھازىرلاپ بېرىدۇ. شەھەر ئىگىلىرىگە ئەگەر پادىشاھلىق ھەۋىسى بولۇپ قالسا،

ئاۋايلىماي تېمەت ئىگىلىرىنىڭ يۈزىگە قارا چاچىدۇ، بۇ ئىش ئەزەلدىن قەلەم ئىگىلىرىدىن يۈز بەرمەيدۇ، يۈز بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، شەمشەر تۇتقانلار گەرچە خەزىنىنى قوغدىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خەزىنىنى قۇرۇقداپ ماڭىدۇ، مۇلۇك ئەھلىلىرىدىن ھەم خەزىنىنى قوغدايدۇ ھەم خەزانىنى تولدۇرۇپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە پەيدا قىلغۇچى يوقاتقۇچىدىن ئەزىزراقتۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

قىتئە:

ئەيلەگىل دائىم ۋەزىرىڭ خامەسىن ئەئزازكىم،
مەملىكەت باغىدە ئولدۇرخۇش نەھالى مۆئتەبەر.
تەربىيەت ئىچۇنغە كەلمەس ياغىبان نەخلىغەكىم،
شاخى ئۆزرە مېۋەسىدۇر لەئلى گەۋھەرسىمۇزەر.

پادىشاھنىڭ ئۆز يېقىنلىرىنى تەربىيىلەشتە ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىگە لايىق بىرخىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قائىدىدۇر. بىرى مەسئۇل بولغان ئىشقا ئىككىنچىسى ئارىلىشىۋالماسلىقى لازىم. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىگە لايىق ئىززەت - ئىكرام بەخش ئېتىلىشى لازىمكى، ئۇلارنىڭ قالايمىقان ئىشلىرىغا يول قويۇلماسلىقى كېرەك، ئۇلار بىرەر پىكىر بايان قىلسا، ئاڭلاش كېرەك، لېكىن ئۇلارنى كۆپ قېتىملىق كۆزىتىشتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ ئىشەنچ مەۋقەسى ئىكلەشكە بولماستۇر، مۇلازىملارنىڭ بىر - بىرىگە قىلىشقان غەلۋىلىرىنىڭ تولىسىدا ھەسەت ئۇچقۇنلىرى ئۇچۇپ يۈرىدۇ، مۇنداق رەۋىشتىكى ھەرقانداق مەلۇمات شاھ تەرىپىدىن ئېتىبارسىز قالدۇرۇلۇشى كېرەككى، ئىشەنچ تۇرغۇزۇلماسلىقى لازىم. شاھ ماھىر بولۇپ مۇلازىم خادىملارنى بىر - بىرىگە

يېقىن، كۆڭۈلداش تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. مۇلازىملار ئارىسىدىكى ھەسەت، گىنە ـ ئاداۋەت شەكسىزكى، شاھنىڭ تەختىنى ئىچىدىن ۋەيران قىلىدۇ.

شاھ مۇلازىملىرى ۋاقتىكى مۇۋاپىق دۇرلەر،
مال بىيار بولۇپ مەملىكەت ئاباد بولغاي.
قىلسا گىنۇ ـ خۇسۇمەتنى ئارادە پەيدا،
ملۇكنىڭ نەزمى سىياقى ھەمە بەرباد ئولغاي.

يەنە خىزمەتكار قۇللار بار، ئۇلار ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قول ـ ئاياغلىرىدەك زەرۈردۇر. مەسىلەن، بىر كىشى ئۆز قولى بىلەن بىر ئىشنى قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭغا شۇ قۇلنى مەسئۇل قىلىپ ئورۇنلاشتۇرسا بۇ قۇل قولىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ. ئەگەر بىر يەرگە بارماقچى بولۇپ، يەنە شۇ قۇلنى ئەۋەتسە، ئاياغنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئاللاھ بۇلارنى ئاتا قىلغانغا قۇل ئىگىلىرى شۈكۈر ئېيتىش كېرەك. ئۇلارغا كۆپ مېھرىبانلىق ۋە شەپقەت كۆرسىتىش كېرەككى، قىلچىمۇ دىل ئازار قىلماسلىقى لازىمدۇر. شەپقەت يۈزىسىدىن ئۇلار سادىق بولىدۇ، ئۇلارنى تاقىتى، قابىلىيىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا زورلىماسلىق كېرەك، ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق ئەقەللىي لازىملىقلىرىنى ھازىرلاپ بېرىش كېرەك، ئۇلارنىڭ جانپىدالىق كەمەرلىرىنى داۋاملىق باغلاپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا پەقەت مېھىر ـ شەپقەت نۇرىلا لازىمدۇر، ھېكمەت كىتابلىرىدا خوجايىن ئۆز خىزمەتچىسىنى بىرەر گۇناھ سەۋەبى بىلەن ئۆز يېنىدىن جۇدا قىلىشىمۇ ئادىللىق ئەمەس، چۈنكى قۇل دېگەن ساپ ئېتىقاد ۋە ۋاپادارلىق بىلەن ئۆز خوجايىنىنىڭ قېشىدىن ئايرىلماسلىقنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەتكارنى ئازغىنا سەۋەنلىكى

تۆپەيلىدىن تەرك ئىلىش بەكمۇ كۆپ ئۇۋاللىقتۇر. ئەگەر ئۇنىڭدىن ئوغرىلىق، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىرى كۆرۈلسە، ئۇ چاغدا ئۇنى ئەھۋالغا قاراپ ئۆز پەللىسىدە يوقاتماق كېرەك، ئەگەر ئۇ ئېغىر گۇناھ سادىر قىلدى، كۆپ قېتىملاپ تەنبىھ ۋە تەربىيە قىلىندى، لېكىن ئۇ تۈزىتىش رەۋىشىدە بولمىدى، مۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار يوقىتىلىدۇ، بۇ بەدەلگە باشقا خادىملار ئىبرەت قىلىدۇرۇلىدۇ، بۇزغۇنچىلىقلىرى يەر يۈزىگە تارقىلىپ كېتەلمەيدۇ.

ياخشى خۇيىن بۇزغۇسىدۇر ھەر كىشى،
بولسا بەد كىردارلەر غەھەمىنىشىن.
قىلغۇسى ھەر ئادەمنى ئەڭنىن قارا،
گەر ياۋۇق تۇتسا قازان بىرلە ئۆزىن.

بۇ بابنىڭ ئىككىنچى قىسمى مۇلازىملارنىڭ ئادابى توغرىسىدا باردۇ. بۇلار دۆلەت ئەركاى، ئەمىرلەر، ۋەزىرلەر، مەسلىھەتچىلەر، بارگاھنىڭ خاسلىرى، شۇنىڭدەك پادىشاھ تەرىپىدىن ھەر تۈرلۈك ئىشلارغا قويۇلغانلاردۇر، بۇلارنىڭمۇ پادىشاھ ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى ۋە ئەمەل ـ رەۋىشلىرى باردۇر. پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان كىشى ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ سەۋەبىدىن پادىشاھنىڭ ياخشىلىقى، ئابرۇيى، مەملىكەتنىڭ ئاباداتلىقى، خەلقنىڭ خۇشاللىقى ۋە كەيپىياتىنىڭ ئاشكارا بولۇشىنى نىشان قىلىش لازىم، بۇ نىشان تۆت جەھەتنى رىئايە قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. بىرىنچى، ھەق تەرەپنى، ئىككىنچى، پادىشاھ تەرەپنى، ئۈچىنچى، ئۆز تەرەپنى، تۆتىنچى، رەئىيە تەرەپنى.

ھەق تەلەپنى رىئايە قىلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بەش شەرتى

باردۇر، بىرىنچى، خۇدانىڭ فەزلىدىن ئۇنىڭغا يەتكەن ھەربىر نېمەتكە شۈكۈر قىلىش. ئىككىنچى، ئاللانىڭ تائەتىنى ئورۇنداش، يەنى ئاللانىڭ تائەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، پادىشاھنىڭ تائەتىنى ئىككىنچى قىلىش، مۇنداقلار كىشىلەر نەزىرىدە ئۇلۇغۋار مۆكەررەم بولىدۇ، قەدىمكى پادىشاھلاردىن بولغان ئەبۇ نەسىر سۇلتان غورەلىنىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى ناماز بامداتتىن كېيىن كۈن چىققۇچە ئەۋراد ئوقۇپ، ئاندىن پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە باراتتى، پادىشاھ تۇغرا كەلگەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالماقچى بولۇپ چاقىرىشقا ئادەم يۇرگۈزەتتى. لېكىن ئۇ ئىبادەت ئۈستىدىن قوپمايتتى، بىر كۈنى ھاسىدلاردىن بىرسى پۇرسەت بولدى دەپ بىلىپ، غەممازلىق ئوتىنى ياقماقچى بولۇپ، پادىشاھقا:

— بۇ ۋەزىر كىبرى - غۇرۇر پەيدا قىلىپ ھەددىدىن ئاشتى، سىزنى كۆزگە ئىلمىدى. ھەتتا چاقىرساڭمۇ كېلىشنى خالىمىدى، — دەپ پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ياغ چاچتى، ۋەزىر كېلىۋېدى، پادىشاھ غەزەپ ئاچچىقى بىلەن:

— نېمە ئۈچۈن ۋاقتىدا ھازىر بولمايسەن؟ — دەپ كايىدى.

ۋەزىر:

— ئى پادىشاھ، مەن خۇداغا بەندىدۇرمەن، ساڭا چاكاردۇرمەن. بەندىلىك خىزمىتىدىن بوشىماي تۇرۇپ، چاكارلىق خىزمىتىگە كېلەلمەسمەن، — دېدى. سۇلتان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، دەرھال ئاچچىقىدىن ياردى ۋە كۆز يېشى بىلەن ۋەزىرنى مەدھىيىلىدى.

نەزم:

دائىما ھەق تائەتى شۇغلىدە بول،
قۇللۇقىنىڭ دامەنىدىن ئالما قول.

تەڭرىنىڭ ئەمرىنى قىلساڭ جىستىجۇي،
تاپقايسەن ئىككى جاھاندا ئابرۇي.
گەرچە لازىمدۇر ساڭا شەھ خىزمەتى،
لەيكى ئېرۇر ئادىن قەۋى ھەق تائەتى.

ئۈچىنچى، خۇدا رازىلىقىنى پادىشاھنىڭ رازىلىقىدىن ئىلگىرى تۇتۇش، ئاللاتائالا بىر بەندىدىن رازى ۋە خۇش بولسا، ئۇ چاغدا باشقا مەخلۇقلارنىڭ غەزىپىدىن ھېچبىر زىيان يەتمەيدۇ.

بىر ئاقىل بىر پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە تۇرغاندا ناماز ۋاقتى ئاخىرلىشىپ قالدى، پادىشاھ بىر ئىشقا مەشغۇل بولغانلىقتىن، نامازنى ئۇنتۇدى. ئاقىل دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى، بۇنى كۆرگەن يەنە بىر كىشى، نېمە ئۈچۈن سۇلتان ئورنىدىن تۇرماستىن تۇرۇپ نامازغا بارىسەن دېدى. ئۇ ئاقىل: خۇدانىڭ ھۆكۈمىنى كىشىنىڭ ھۆكۈمىگە قاراتماسلىق كېرەك دېدى. ئۇ كىشى سۇلتان ساڭا غەزەپ قىلىدۇ دېدى، ئاقىل: خۇدا رازى بولسا، مەخلۇقنىڭ غەزىپىدىن ھېچ پاك يوق دەپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئاقىلغا كۆپ ئىززەت - ئىكرام قىلدى، ئېتىراز قىلغۇچىنى بولسا شۇ سائەتتىن تارتىپ نەزىرىدىن ساقىت قىلدى.

تۆتىنچى، ئاللاھتىن كۆپ قورقۇش، مەجازى پادىشاھلاردىن قورقماسلىق كېرەك. چۈنكى ئاللاھتىن قورققان كىشىدىن ھەممە كىشى ئەيمىنىدىغان بولىدۇ.

بەشىنچى، خۇدادىن ئۈمىد كۈتۈشنى پادىشاھتىن تەمە كۈتۈشنىڭ ئورنىغا قويۇش، چۈنكى خۇدا بەرگەندە مەخلۇق بېرەلەيدۇ، ئەگەر خۇدا بەرمىسە، مەخلۇق بىچارىدۇر، ھەممە

ئۇمىد ھەق ئاللانىڭ كەرەمىگە باغلىنىدۇكى، ھېچبىر ئۇمىدۋار ئۇنىڭ دەرگاھىدىن نائۇمىد بولۇپ ياناماس.

بېيىت:

بۇ ئىشقا باش قويۇپ ھەر كىم قىلۇر ئىزھارى ھال،
ھاجەتىنى تاپمايىن مەھرۇم ياناماقدۇر ماھال.

ئەمما پادىشاھ تەرەپنى رىئايە قىلىشنىڭ 25 شەرتى بار. بىرىنچى، پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئاجىز ۋە خارلىق رەۋىشتە تۇرۇش، ھەر ۋاقىت خىزمەت ئىرادىسى ۋە ئىپادىسىدە بولۇش ۋاجىپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، پادىشاھلار خۇدانىڭ سەلتەنەتىنىڭ دۇنيادىكى مەزھەرى (كۆرۈنۈشى) دۇر، شۇڭا ئۇلاردا ئۇلۇغۋار ھىممەت ۋە چوڭ ھالەتلەر بار، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا كىشىدىن نەپرەتلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى خۇدانىڭ زېمىندىكى سايىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ مەنىنىڭ سەۋەبىدىن بۇ سۈرەت ئۇلاردىن يوشۇرۇن ۋە مەخپىيدۇر.

(ئەسكەرتىش: بۇ كىتابنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىسىنىڭ داۋام ئاخىرى مۇشۇ يەرگىچە ساقلانغان، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قىرىقىنچى بابنىڭ تولۇق‌لىمىسىنى بېرىشكە مۇۋەپپەق بولالمىدۇق. — تەھرىردىن).

# سىدىقنامە

ئاپتورى: مۇھەممەت سىدىق رەشىدى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت

www.uyghurkitap.com

## مۇقەددىمە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، تەقۋادارلارنىڭ ھامىيىسى ئاللاتائالاغا ھەمدۇ سانالار بولسۇن! بارلىق يارالمىشلارنىڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ بارلىق ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن!

بۇ كىتابنى (يەنى «قابۇسنامە»نى) تەسنىپ قىلغۇچى ئەمىر نەسىر ئۇنسۇرۇل ـ مەئانىي كەيكاۋۇس ئىبنى ئىسكەندەر ئىبنى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىر ئۆز پەرزەنتى گىيلان شاھقا شۇنداق ئېيتتىكى:

ئەي ئوغۇل، مەن ياشىنىپ قالدىم. زەئىپلىك ۋە كەم قۇۋۋەتلىك ماڭا غالىب كەلدى. تىرىكلىكىمدىن ئايرىلماق، تىرىكلىك دەپتىرىدىن ئېتىمنى ئۆچۈرمەك ئۈمۈر شەھرىستانىدىن يوقلۇق سەھراسىغا كۆچۈرمەك خەۋىرىنى يەتكۈزمەككە چېچىمنىڭ ئاقلىقىنى ئەلچى، ساقىلىمنىڭ ئاقلىقىنى گۇۋاھچى دەپ بىلىمەن. چېچىڭنىڭ ئاقارغانلىقى ئاخىرەتتىن بېشارەتتۇر. يوقلۇق ئەلچىسىدىن چارە ئىزدىمەكچى بولىدىكەنسەن، بىچارىلىقتىن ئۆزگە چارە يوقتۇر.

بەس، ئەي ئوغۇل، مەن ئىسمىمنى [ئالەمدىن] ئۆتكەنلەر دائىرىسىدىن تاپتىم ۋە شۇنداق مەسلىھەتكە كەلدىمكى، خەۋەرچىلەر ئەزەل (ۋىدالىشىش) نامىسىنى ماڭا يەتكۈزمەستىن

ئىلگىرى، ئەلچىلەر ئۆلۈم خەۋىرىنى قولۇمغا بەرمەستىن بۇرۇن، ئالەمنىڭ ياخشى ـ يامىنىدىن(ياخشى ـ يامان ئىشلىرىدىن) نامە پۈتۈپ، ياخشى نام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولغان جاھان دەپتىرىنى [ساڭا] يادىكار قىلغايمەن ۋە ئاتىلىق ھەققىنى ساقلاپ، ساڭا ئۈنىڭدىن بەھرىلەر يەتكۈزگەيمەن. تا زامانە قىسمەتلىرى يىرىك ۋە يۇمشاقنى ساڭا ئاڭلاتماستىن ئىلگىرى ئەقلىڭنىڭ كۆزى بىلەن مېنىڭ سۆزۈمگە قارىغايسەن ۋە بۇ پەند ـ نەسىھەتلىرىمدىن ئارتۇقچىلىق تاپقايسەن ۋە ئىككى جاھاندا ياخشى ئات (نام) ھاسىل قىلغايسەن! مۇبادا سېنىڭ كۆڭلۈڭ بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىشتىن توختىسا، ئاتىلىق ھەققى مەندىن ئادا بولمىغان بولىدۇ. ئەگەر سەن مېنىڭ سۆزۈمنى خالىمىساڭ، ئۆزگە خالىغۇچىلار بولىدۇ. [ئۇلار] ئاڭلىماق ۋە ئەمەلگە ئاشۇرماقنى غەنىيمەت بىلىدۇ. ناۋادا ئالەم تەقەززاسى چۈشىدىكەن، ھېچبىر پەرزەنت ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلمايدۇ. چۈنكى يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە غەپلەتتىن شۇنداق بىر ئوت چۈشكەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلايدۇ؛ ئۆز ئەقىل ـ پاراستىنى قېرىلاردىن زىيادە دەپ بىلىدۇ. گەرچە بۇ ھال ماڭا مەلۇم بولسىمۇ، ئاتىلىق مېھرى ـ مۇھەببىتى مېنىڭ جىم تۇرۇۋېلىشىمغا يول قويمىدى. شۇڭا ئۆز تەبىئىتىم ۋە ئەقىل ـ پاراستىم ئارقىلىق ھەربىر بابتا نەچچە سۆز جەمئىي قىلىپ، ھەممىگە لايىق ۋە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، بۇ كىتابتا بايان قىلدىم. مۇبادا سەن [مېنىڭ بۇ پەند نەسىھەتلىرىمنى] ئەمەلگە ئاشۇرساڭ، شۈبھىسىزكى، مەن ئاتىلىق بۇرچۇمنى بەجا كەلتۈرگەن بولىمەن. شۇنداق دېيىلىدۇكى:

«ئېيتماق مەندىن، ئاڭلىماق سەندىن؛ دېمەك ماڭا لازىم، ئىشتەمەك ئىختىيارلىقتۇر.»

بىلگىن، ئەي ئوغۇل! ئادەم ئوغلىنىڭ تەبىئىتى شۇنداق يارالغانكى، ئولتۇرغان ـ قوپقان، قويغان ـ تۇتقانلار دۇنيادىن قانچىلىك نېسىۋىنى قولغا كەلتۈرمىسۇن، ئۆزلىرىدىن كېيىن بىر ئەزىز كىشىگە قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ماڭا دۇنيادىن كەلگەن نېسىۋە ئۇشبۇ سۆزدۇر: سەن مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئەزىز كىشىمدۇرسەن. شۇڭا كېتىش ئالدىدا سەن ئۈچۈن «يۈك» قالدۇرماقچى بولۇپ، ماڭا تەئەللۇق نېسىۋىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىڭغا ئەۋەتتىم.

ئەي ئوغۇل، شەخسىيەتچى بولمىغىن، يەنى نەپسىڭنىڭ خاھىشىچە ئىش قىلما؛ ناشايىستە ۋە نالايىق ئىشلاردىن پەرھىز قىلغىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭغا ئوخشاش پاك ياشا! چۈنكى سېنىڭ ئەسلىڭ شاراپەتلىك خەلقتۇر. ھەر ئىككى تەرەپتىن سەن ۋە سېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ جاھانغا پادىشاھ بولۇپ كەلگەندۇر. سېنىڭ ئۇلۇغ بوۋاڭ مەلىك شەمسۇل ـ مەئالى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىر ئەرغۇشنىڭ نەۋرىسى ئىدى. كەيخۇسرەۋنىڭ ۋاقتىدا گىيلان پادىشاھى ئىدى. ئەبۇل ـ مۇئەييەد بەلخى ئۇنىڭ زىكرىنى «شاھنامە»دە بايان قىلغاندۇر.

گىيلان دىيارىنىڭ پادىشاھلىقى سېنىڭ بوۋىلىرىڭغا ئۇنىڭدىن يادىكار قالغانىكەن.

سېنىڭ موماڭ مېنىڭ ئانامدۇر. ئۇ مەرزەبان ئىبنى رۇستەم سەردىنىڭ قىزى ئىدى. [ئۇ توغرىلىق] «مەرزەباننامە» ناملىق كىتاب تەسنىپ قىلىنغان.

كابۇس سېنىڭ ئون ئۈچىنچى بوۋاڭدۇر. سېنىڭ ئاناڭ مېنىڭ ئاجىزەمدۇر. [ئۇ] پادىشاھ غازى مەھمۇددىن ناسىرۇددىنىڭ قىزى ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مېنىڭ بوۋام چىن ـ مەردان كىشى بولۇپ، يەلمان مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى ئىدى.

بەس، ئەي ئوغۇل، ھوشۇڭ بىلەن بولغىن! شۇ تاپتا مەن ساڭا ياخشىلىقنىڭ نىشانىسى ۋە ئوبدان بولماقنىڭ ئالامەتلىرىنى ئاشكارا قىلدىم.

ئەي ئوغۇل، مېنىڭ بۇ جاھاندىن كېتەر كۈنۈم يېقىنلاشتى. سەن ھەم مېنىڭ ئىزىمنى بېسىپ كېلىسەن.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل! بۇ جاھان زىرائەتگاھدۇر. ياخشى ۋە ياماندىن نېمىنى تېرىساڭ، شۇنى يىغىۋالىسەن. سېنىڭ تېرىغىنىڭنى يەنە بىر كىشى ئۆز تېرىلغۇسىغا قوشۇپ يېمىسۇن. سەن ئۇنى ئاۋات يەرگە ئاپىرىپ يېگىن. ئاۋات يەر دەل «سەرايى باقىي» (ئەبەدىيلىك سارىيى)دۇر. ياخشىلار بۇ جاھاندا شېرىن ھىممەتلىك بولىدۇ؛ يامانلار سەگ (ئىت) ھىممەتلىك بولىدۇ. نەدە تاپسا، شۇ يەردە يېيىش ئىتلارنىڭ ئادىتىدۇر. [ئۇلجىسىنى باشقا بىر يەرگە ئاپىرىپ يېيىش شىرلارنىڭ رەسمىدۇر. سېنىڭ شىكار قىلىدىغان ماكانىڭ ئۇشبۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدۇر. سېنىڭ شىكارىڭ بۇ ئالەمدە ياخشىلىق قىلماق ۋە ياخشى ئات (نام) كۆتۈرمەكتۇر.

بەس، ئەي ئوغۇل، شىكار قىلساڭ، [ئولجىلىرىڭنى] تا «سەرايى باقىي» غا ئاپىرىپ يېگىن! شۇندىلا ياخشىلىق نەتىجىسىنى كۆرگەيسەن ۋە ئىنسانلىق دەرىجىسىگە يەتكەيسەن! ئەمما، بۇ ئىشلارنىڭ تەرتىپسى خۇدايىتائالاغا تائەت ۋە ئىبادەت قىلماق بىلەندۇر. كىمكى خۇدايىتائالاغا تەلپۈنىدىكەن، ئۇتقا ئوخشاش بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئوت كۆيگەنسېرى ئۆلغىيىپ بارىدۇ. خۇدا يولىغا كىرمەي، ئۇنىڭ (ئاللاتائالانىڭ) تائەت ۋە

ئىبادىتىگە بويۇن سۇنماي، ئۆزىنى ئىبادەتتىن يىراق تۇتقان كىشى سۇغا ئوخشايدۇ. چۈنكى سۇ ھامان ئېگىزگە ئەمەس، پەسكە قاراپ ئاقىدۇ ھەمدە تۇپراققا سىڭىپ توگەيدۇ.

※ ※

ئەربابلار، دانىشمەنلەرگە مەلۇم، ساھابىلەر، ۋاپا ئەھلىگە روشەن بولغايكى، «قابۇسنامە» ناملىق كىتاب ھىجرىيە تۆت يۈز ئەللىك بەشتە يېزىلغانىكەن①. شۇ زاماندىن تا بۇ دەمگىچە قۇدرەتلىك پادىشاھلار ۋە نامدار ئەمىرلەر بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، بۇ نامە سىرلىرىدىن خەۋەر تېپىپ، كۆرۈپ ۋە ئىشىتىپ، پەم ـ پاراسىتى يەتكىنىچە ئەمەل قىلىپ، ئەقىل ـ ئىدراكلىرىغا بېقىپ [مەزكۇر كىتابتا قەيت قىلىنغان] پەند ـ نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ جاھاندارچىلىق قىلىپ، پادىشاھلىق بىلەن مەشھۇر بولۇپ، نامدارلىق بىلەن نام چىقىرىپ، ۋۇجۇدلىرىنى ئالەم شەھرىستانىدىن زامانە سەھىپىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆتكەنىكەن.

زامانە شۇنداق پۈتكەنكى: كىشى تارىخ كىتابلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭ مەنىسىدىن ئاگاھ بولۇپ، كىتاب مەزمۇنىچە پادىشاھلىق، ۋەزىرلىك ۋە ئەمىرلىك قىلماقنى ئىززەدىغان ۋە خېرىدارلىق قىلىدىغان بولۇشى لازىم. [چۈنكى ھەرقانداق] زېرەك كىشىمۇ ئىلىمدىن بەھرە ئالمايدىكەن، ئىلىم ئۆگەنمەيدىكەن، مەنە دۇردانىلىرىدىن خەۋەرسىز قالىدۇ، ئىلىم مەنىلىرىنى

① «قابۇسنامە»دە ھىجرىيە 473 ، (مىلادىيە 1080 ـ يىلى) دېيىلگەن. «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى. 5 ـ بەتكە قارالسۇن.

چۈشەنمەيدۇ.

بۇ ئون سەككىز شەھەر موئەللىيە مەملىكەتتۇر. ئۇنىڭ ئىستىلاھاتى (تىل ـ يېزىق بىلەن بولىدىغان ئەمىر ـ پەرمان ۋە ھۆكۈمدارلىق) تۈركىي تىل (چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى) بىلەن جارى بولغاندۇر. ئىلىم گۆھەرىدىن نېسۋە قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ئەرەبچە ـ پارسچە كىتابلارنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئىلگىرى ئۆلىمالار ۋە ئىلىمدىن نېسۋە ئالغان پادىشاھلار، ۋەزىر ۋە ئەمىرلەر بۇ كىتاب ئىلىمدىن [پايدىلىنىپ] ، پادىشاھلار خانلىق قىلىپ، ۋەزىرلەر ۋەزىرلىك ئىشىنى بىلىپ، ئەمىرلەر ئەمىرلىك مەنسىپىدە كامالەت تېپىپ، ھەر تائىپە (گۇرۇھ) ئۆز مەرتىۋىلىرىنى كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە يېتىپ [ئالەمدىن] ئۆتكەنىكەن. ھالا ئالەمنىڭ ئۆمرى بىزگىچە يېتىپ كەپتۇ. زامانە تەقەززاسى ئىلىم ھاسىلاتلىرىنى تونۇتۇش مەزمۇنىغا ئۆلىشىپتۇ. ۋاھالەنكى، بىزدىن كېيىن قالسا، بۇ كىتاب ئەھۋالاتىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ئەھلى ئىلىملەردىن كىم قالىدۇ؟ ئەمما شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۈگەيدۇ! [ئەمدىلىكتە بولسىمۇ] سەلتەنەت ئەھلىلىرى ئىچىدە بۇ كىتابتىن خەۋەردار قىلىش ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىگە يەتمىدى. بۇ نەپىس جاۋاھىرنى ئالەم بازىرىغا سېلىپ، ئاموخاسلارنى بەھرىمەن قىلىش پىكرى دۇنيادارلاردىن ھېچبىرىنىڭ خاتىرىسىگە كەچمىدى.

مەن دۇنيانىڭ مال ـ ماتالىرىدىن تۈرلۈك ـ تۈمەن ۋە ھېسابسىز يىغدىم، لېكىن [ئۇلار] پانى ۋە باقاسىزدۇر. شۇڭا مەن بىر «گۆھەر»نى قولغا كەلتۈرمەكچى. ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك سەررىشتەسى (تۈتىشىش ئۇچى) باقىي ئالەمگە باغلىق، ۋۇجۇدى

ئىسلام تورىغا ئۇلاقلىق بولغاي! ئۈمىدىم شۇكى، جاھاندارچىلىق سەھىپىسىگە قارىغانلارنىڭ كۆزى مېنىڭ ئىسمىمغا چۈشسە، رەھمەت بىلەن ياد قىلغاي. ئالەم دەپتىرىنى مۇلاھىزە قىلغانلار مېنىڭ سەرگۈزەشتىمنى كۆرگەندە مەرھەمەت ۋە دوستلۇققا نىشان، ئاخىرەتلىكىمنىڭ نەتىجىسىگە ۋاستە، ئالەم ۋە ئەھلى ئالەم ئارا ياخشى تەرىپلىرىمنىڭ قېلىشىغا سەۋەب بولغاي!…

مەلۇمكى، پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ۋە نامدار ئەھلى دۇنيادارلاردىن ھېچبىرى بىخەستەلىك قىلىپ، بۇ مەيداندا ئات چاپتۇرۇشقا [يەنى «قابۇسنامە»دەك بىرەر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا] ھەرىكەت قىلىشمىدى. شۇ سەۋەبلىك ئول ئىسىللىق سەدىپىنىڭ يېگانە گۆھىرى، قەدىمىي خانىدانلىقنىڭ سۆيۈملۈك ئەۋلادى مۇھەممەد ئىبراھىم كۈڭ بەگ ئىبنى خاجە كەفەك كۈڭ بەگ ئىبنى ئەۋەز بەگ ئىبنى مۇھەممەد ئەبدۇللاھ بەگ (ئۇنىڭغا ئاللا رەھمەت قىلغاي) ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، تەۋپىق تاجىنى بېشىغا تاقاپ، ھىدايەت تونى بىلەن قورشىنىپ، بۇ ئۇلۇغ مەرىكىگە كىرىپ، نامدارلىق چېگىسىگە ئۆزىنى ئوراپ، بۇ مۇھەببەتلىك ئىشقا كىرىشىپ ۋە بۇ ۋەزىپىنىڭ مۇھىم، مۇشكۇللۇكىنى بىلىپ، چىن ۋىلايىتىدىن ماچىن دىيارىغا كېلىپ، پېقىرنىڭ خانىسىنى، يەنى كەمىنە ساداقەتمەن كىشىنىڭ قەدىمىنى بۇسە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ ئالەم ئىچىدە مەخپىي، ئەھلى ئالەم ئارا يوشۇرۇن قالغان نەسىھەت گۆھەرلىرى، پەند ـ ساۋاق جاۋاھىرلىرىنىڭ ئاچقۇچى يوقلۇقىدىن ۋە ياكى ھېچ كىشىنىڭ ئاچقۇسى يوقلۇقىدىن، بۇ خەزىنىلەر ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچى ئەلھال ئىمكانىم ئىلكىگە چۈشتى. ئاخىر خەزىنە ئىشىكىنى

ئېچىپ، [بۇ دۇر ـ جاۋاھىرلارنى] ئەتراپ ئالەمگە چېچىپ، جاھان ئەھلى ئىچىدە ئامۇخاسقا مەنپەئەت يەتكۈزمەك ئۈچۈن «مالالىتى سەندىن، سەئيى (تىرىشىش) ۋە ئىستىقامەت مەندىن» مەزمۇنىچە قۇۋۋەت ئىپىسىپ، «يادىكارى مەندىن قالغاي، تۆھپىسى خانىدان خەزىنىسىدىن يەتكەي» دېگەن ئۈمىدتە، بۇ دەرگاھىنىڭ خىرىدارى، ئەرزىمەس كەمىنە ۋە ئېتىقاد قىلغۇچى، يەنى ساداقەتمەن، كەمتەر، ئەھلى تەسدىق مۇھەممەد سىددىق ئەل ـ مۇلەققەب بەر ـ رەشىدى شۇبۇ كىتابنى يېشىم يەتمىش بەشكە يەتكەندە نەزمە:

قارىغاندا كۆرەشتىم تاغ بىرلە،
قازدىم تاغنى تىرناغ بىرلە.

ھىجرىيە مىڭ ئىككى يۈز (مىلادىيە 1786 ـ 1785 ـ يىلى)دە باشلاپ، ئىككى يۈز بىر (مىلادىيە 1787 ـ 1786 ـ يىلى)دە زۇلقەئدە (11 ـ ئاي) ئېيىنىڭ ئون بەشى، ئازنا كۈنى تامامىغا يەتكۈزدۈم. (ئاللا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر. ئاللا ناھايىتى مېھرىبان، ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر.)

## بىرىنچى باب

# ھەقتائالانى تونۇماقنىڭ بايانى

— بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، ئەي ئوغۇل، بۇ ئالەمدە [مەۋجۇد] بولغان ۋە بولىدۇغان نەرسىلەردىن ئىنسان تونۇمايدىغان ۋە بىلمەيدىغان ھېچنەرسە يوقتۇر. ئەمما، ھەقتائالانى تونۇشتا ئاجىزسەن. ناۋادا خۇدادىن ئۆزگىنى ئىلاھ دەپ تونۇساڭ، ئۇنى، يەنى ھەقتائالانى تونۇشقا يول قالمايدۇ. سەندە خۇدانى تونۇغۇدەك قابىلىيەت بولغاندىلا، ئاندىن خۇدانى تونۇغۇچى بولالايسەن.

قابىلىيەت - تونۇماقنىڭ ۋە تونۇلماقنىڭ مىسالى نەقىش ئىشلىنىدىغان تاشنىڭ نەقىشنى قوبۇل قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئوخشايدۇ. قوبۇل قىلغۇچى ئۆزىگە نەقىشنى قوبۇل قىلمىغۇچە، ھېچ نەققاش ئۇنىڭغا نەقىش ئويالمايدۇ. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مىسال شۇكى، مۇمنى كۆرمەمسەن، مۇم ئۆزىگە نەقىشنى تاشتىن ياخشىراق قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭغا مۆھۈر باسقىلى بولىدۇ. ئەمما تاشقا مۆھۈر، يەنى تامغا باسقىلى بولمايدۇ.

خوش، ھەممىنى تونۇيدىغان ئاپىرىدە نەرسىلەرنى، يەنى ئادەملەرنى يارىتىشتىكى مەقسەت، ئۇلارغا، يەنى ئىنسانلارغا خۇدانى تونۇتۇشتۇر. ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى - تەڭرىم سېنى قوبۇل قىلغۇچى قىلىپ ياراتقانىكەن، سەن ئىقتىدار ۋە قابىلىيەت جەھەتتە ئۆزۈڭگە تايان. ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى، يەنى

تەڭرىگە تايىنىۋالما. قۇدرەت ۋە سۈپەت بىلەن قىلىنغان ئىشتىن قىلغۇچىنى، يەنى تەڭرىنى تونۇۋال. چۈنكى تېخى قىلىنمىغان ئىشنى قىلىش ئۈچۈن بىر قىلغۇچى كېرەك بولىدۇ ھەم شۇ قىلىنماي قالغان ئىشلار ۋاقتى ـ سائىتى يەتكەندە ھامان قىلىنىدۇ. بەرھەقكى، بۇ زامان كەلگۈچى ۋە كەتكۈچىدۇر. ئۇنىڭ، يەنى شۇ كەلگۈچى ۋە كەتكۈچى زاماننىڭ باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششى بولىدۇ. شۇڭا سەن بۇ جاھاننىڭ مۇنتىزىم كونترول قىلغۇچىسى بار ئىكەنلىكىنى بىلگىن. دائىم ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ جاھاننىڭ سىرلىرىنى ئېچىلماس ۋە بۇزۇلماس دەپ گۇمان قىلما، يەنى بۇ جاھان داۋاملىق مۇشۇ ھالەتتە تۇرىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما. خۇدايىتائالانىڭ ياخشىلىقلىرىنى، قۇدرىتىنى ۋە بەرگەن نېمەتلىرىنى ئويلا. لېكىن ۋۇجۇدى توغرىسىدا ئويلاپ يۈرمە، يەنى ۋۇجۇدى بارلىقى توغرىسىدا گۇماندا بولما. چۈنكى بۇنداق ئويدا بولۇش پۈتۈنلەي گۇناھتۇر. بۇ ھەقتە دېيىلىدۇكى: ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسىنى، يەنى تەڭرىنى ئويلاش شەرتتۇر. ئەمما ئاللانىڭ زاتى، يەنى جىسمى توغرىسىدا ئويلاش ـ ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى تەڭرىنىڭ زاتى ـ جىسمى توغرىسىدا خىيالغا يول بېرىش گۇناھتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن): «ئاللانىڭ نېمەتلىرى ھەققىدە ئويلىنىڭلار» دېگەن.

خوش، ھەر ئىسىم ۋە ھەر سۈپەت بىلەن خۇدايىتائالانى ياد قىلغان ۋاقتىڭدا، خۇدايىتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە ئۇنىڭ ھەممىنى ياراتقۇچى ئىكەنلىكىنى؛ ئۆزۈڭنىڭ بولسا، ئاجىز ۋە بىچارە ئىكەنلىكىڭنى ئىزھار قىلغىن. بولمىسا، سەن خۇدايىتائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايسەن.

خۇدايىتائالانى بىرلىك ۋە يېگانىلىق بىلەن تونۇساق، شېرىكىدىن، يەنى شېرىك كەلتۈرۈشتىن قۇتۇلالايسەن. چۈنكى بىر ۋە يېگانىلىق، دەرھەقىقەت، خۇدايىتائالاغىلا خاستۇر. خۇدادىن ئۆزگىسىنىڭ ھەممىسى ئىككىدۇر. چۈنكى ئۇلار، يەنى تەڭرىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ئىككىلىك سۈپەتتە مەۋجۇد بولىدۇ. مەسىلەن، جىسىمغا ئوخشاش مۇرەككەپ تەركىبلەرنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىشى ئارقىلىق ئىككى بولۇشى ياكى بۆلۈنۈشى ئارقىلىق ئىككى بولۇشى ۋە ياكى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىككى بولۇشى؛ مولېكۇلا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىككى بولۇشى (بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار «شەرھى ئەقائىد» تا بايان قىلىنغان) ياكى ئاتا ـ ئانىلارغا ئوخشاش تۇغۇلماق بىلەن ئىككى بولۇش ياكى شەيئى ـ ماددىغا ئوخشاش بىر نەرسىدىن بىر نەرسە ھاسىل بولۇش ياكى ماكانغا ئوخشاش سان جەھەتتىن ئىككى بولۇش ياكى زامانغا ئوخشاش ۋاقىت جەھەتتىن ئىككى بولۇش ياكى خۇسۇسىيەت، يەنى خاراكتېرگە ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىنى قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق ئىككى بولۇشى ياكى بارلىق ـ يوقلۇق بىلەن ئىككى بولۇش ياكى چۈشەنچە ـ بىلىش جەھەتتىن ئىككى بولۇش قاتارلىقلار.

يۇقىرىدا ئىككىلىكنىڭ ئالامىتى ۋە نىشانلىرىنى بايان قىلدۇق. دېمەك، تەڭرىملا ھەمتەڭدىن مۇستەسنا يەككە ـ يېگانىدۇر. بۇنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، خۇدادىن بۆلەك ھەرقانداق نەرسىنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالايسەن. چۈنكى ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى تەڭرى شەكسىز ۋە شۈبھىسىز، ئۇنى كۆڭلۈڭگە پەيدا قىلغان!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

## پەيغەمبەرلەرنىڭ يارىتىلىشىنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ھەقسۇبھانەۋەتائالا بۇ جاھاننى ھاجەتمەن بولۇپ ئاپىرىدە قىلمىدى، نە ئۆيۈن ئۈچۈن ۋە نە جەبىر زۇلۇم ئۈچۈن ياراتمىدى. بەلكى ئادالەت ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلدى ھەمدە ھېكمەت بىلەن ياسىدى ۋە زىننەتلىدى. دانالىقى، ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن بارلىقنىڭ يوقلۇقتىن ئوبدان، ياخشىلىقنىڭ يامانلىق يەنى بۇزۇقچىلىقتىن بەلەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ھەرقانداق نەرسىنى پەيدا قىلغان بولسا، شۇنىڭغا يانداش ئادالەتنى پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنسىز قىلمىدى. بەلكى بىلىپ تۇرۇپ ھېكمەت يوسۇنى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقاردى. قايسىسى لايىق ۋە ئوبدان بولسا، شۇنى قىلدى. قۇياشسىز ئالەمنى يورۇتالايدىغان، بۇلۇتسىز يامغۇر ياغدۇرالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئەمما ھەرقانداق ئىشنى ھېكمەت تەقەززاسى بويىچە قىلىشنى خالىدى. شۇڭا ۋاسىتىسىز ھېچنېمىنى پەيدا قىلمىدى، يەنى بارلىق يارالمىشنى ۋاسىتە ئارقىلىق ياراتتى. ھەتتا ۋاسىتىنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق، يەنە پىتنە ـ پاسات، بۇزۇقچىلىققا سەۋەب قىلدى. چۈنكى ۋاسىتە ئارىدىن كۆتۈرۈلسە، يەنى ۋاسىتە بولمىسا، تەرتىپ ـ نىزامنىڭ مۇۋاپىقلىقى، شارايىت ۋە ئۇلۇغلۇقى ھەم

ئاربدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەر ئىدى. ئىش ـ ھەربىكەت ۋە يارالمىشنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەرتىپ قانداق لازىم بولسا، شۇ تەرتىپكە مۇۋاپىق ۋاسىتىنى ھەم پەيدا قىلدى. شۇنىڭدەك، بىر غەزەپ قىلغۇچى، يەنى تەرتىپ ـ نىزام ئىگىسى ۋە غەزەپ قىلىنغۇچى، بىر رىزىق بەرگۈچى ۋە رىزىق يەتكۈزگۈچى لازىم بولدى. چۈنكى بۇ ھەر ئىككى ئىش خۇدايىتائالانىڭ بىرلىككە گۇۋاھتۇر. شۇنداق ئىكەن، سەن ھەرقانداق ئىشتا ۋاسىتىنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەن. ئەمما ۋاسىتىگە ئېسىلىۋالما. يەنى ئىشىڭنىڭ نەتىجىلىك ياكى نەتىجىسىز، ھوسۇلىنىڭ كۆپ ياكى كەم بولۇشى قاتارلىقلارنى ۋاسىتىدىن كۆرمە. بەلكى ۋاسىتىنى پەيدا قىلغان ئاللاتائالادىن دەپ بىلگىن. مەسىلەن، ئەگەر زېمىن ھوسۇل بەرمىسە، ئۇنى يەردىن كۆرمە؛ يۇلتۇز دەردىگە يەتمىسە، ئۇنى يۇلتۇزدىن كۆرمە. چۈنكى يۇلتۇزنىڭ دەردۇ ئەھۋالىدىن قانداقمۇ خەۋىرى بولسۇن؟! ئوخشاشلا زېمىننىڭ كۆپ ياكى ئاز ھوسۇل بېرىشىدە قانداقمۇ قۇدرىتى بولسۇن؟! بىراق يەرگە زەھەرلىك دورا ئۈسسۈملۈكى تېرىساڭ، ئۇ ئەلۋەتتە زەھەرلىك ھوسۇل بېرىشكە قادىردۇر. ئەمما ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىلەن يۇلتۇزنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق (كىشىلەر يۇلتۇزغا قاراپ ياخشىلىقنىڭ ياكى يامانلىقنىڭ بېشارىتىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ خاتا قاراش، چۈنكى ئۇمۇ يارالمىش جۈملىسىدىندۇر).

تەڭرىم بۇ جاھاننى ھېكمەت بىلەن بەرپا قىلدى ۋە ھەر تۈرى بويىچە ئۆز لايىقى ۋە سىياقى بىلەن ياسىدى. جاھاننىڭ زىننىتى ئۈچۈن ھايۋاناتنى، يېمەك ـ ئىچمەكنى، كىيىم كېچەكنى ۋە تۈرلۈك ياخشى نەرسىلەرنى لازىملىقلارنى ياراتتى.

ئاللاتائالا قۇرئاندا: «ئاسمان ـ زېمىننى ھەق بىلەن ياراتتۇق» دېگەن.

ھەقسۇبھانەۋەتائالا جاھاندا ھېچبىر نېمەتنى بىھۇدە ئاپىرىدە قىلمىدى. ئەگەر «بىھۇدە» دېيىلسە، دەل بەرگەن نېمەتنىڭ ۋە رىزىقنىڭ قەدرىنى بىلمەسلىكتۇر. چۈنكى تەڭرىم ئىنسانىنى ئاپىرىدە قىلىش بىلەن تەڭ، يېيىش ئۈچۈن تۈرلۈك نېمەتنى پەيدا قىلدى ۋە ئىنسانلارغا ئاتا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەرتىپسىز ـ قالايمىقان بولمىسۇن ئۈچۈن ئىنسانلارغا يەنە سىياسەت، ئۇلارنى تەرتىپلەش ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى ۋە يول باشلىغۇچى لازىم بولدى. ئەسلىدە ھەربىر رىزىق يېگۈچى رىزىقنى ئۆز تەرتىپى ۋە ئادالەت بىلەن يېيىشى لازىم ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا رىزىق بەرگۈچى قەدرىنى بىلمىگەن ۋە شۈكرى قىلمىغانلارغا رىزىق بەرگەن بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ مۇكاپاتى، يەنى جازاسى رىزىق بەرگۈچىگە يېتىدۇ. ۋاھالەنكى، رىزىق بەرگۈچى نۇقسانسىز ئىدى. شۇڭا رىزىق يېگۈچىلەرنى ھېچنېمە بىلمەسلىك سەۋەبىدىن گۇناھلىق بولۇپ قالسىمۇ تاشلىۋەتمىدى. بەلكى ئۇلار ئۈچۈن، يەنى رىزىق يېگۈچىلەرنى تونۇتۇش، رىزىق يېمەكنىڭ تەرتىپىنى بىلدۈرۈش ۋە رىزىق بەرگۈچىگە شۈكرى ـ قانائەت قىلىشنى ئۆگىتىش ۋە ئالەم ئىشلىرىنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتتى. بۇ ھالدا ئادالەت ھېكمەت بىلەن نەتىجە بېرىدۇ؛ ھېكمەت نېمەت بىلەن نەتىجە بېرىدۇ؛ نېمەت رىزىق يېگۈچى (ئاۋام) بىلەن نەتىجە بېرىدۇ؛ رىزىق يول باشلىغۇچى پەيغەمبەرلەر بىلەن نەتىجە بېرىدۇ. ئەگەر ھەممە ئىش مۇشۇ تەرتىپتىن تاشقىرى بولمىسىلا، ھەقىقەت ئۈچۈن يول ئوچۇقتۇر. ئۆزۈڭگە قىياس

www.uyghurkitap.com

قىلىش، يەنى رىزىق يېگۈچى رىزىق بەرگۈچى تەرىپىدىن پەزىلەت ۋە ھۆرمەت بىلەن بېرىلگەن نېمەتلەرنى قوبۇل قىلغان ئىكەنسەن، ئەلۋەتتە، يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەققىنى تونۇشۇڭ؛ رىزىق بەرگۈچى ئۇچۇن رەھمەت ئېيتىشىڭ ۋە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا تەۋە بولۇشۇڭ، يەنى ئۇلارغا ئەگىشىشىڭ ۋە پەيغەمبەرلەرنى ھەق ۋە راست ئېيتقۇچى، دەپ بىلىشىڭ لازىمدۇر. شۇڭا ئادەمدىن، يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تاكى ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ھەممىسىنىڭ پەرمانلىرىدا بولغايسەن ۋە دىنىي ئىسلام ئىشىدا ھەمدە بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش يولىدا قىلچە سەۋەنلىك سادىر قىلمىغايسەن. دىنىي ئىسلامغا ئائىت پەرھىزلەرنى ئۇبدان بەجا كەلتۈرگەيسەن. تا ئالەمدە ياخشى نامغا ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولاي دېسەڭ، كىتابلارنى، يەنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەرنى، پەيغەمبەرلەرنى ھەق ۋە راست بىل. ئۇلار توغرىسىدا ھېچقانداق شەك كەلتۈرمە. شۇندىلا ئىككى جاھاندا، يەنى بۇ ئالەم ۋە ئۇ ئالەمدە گۇناھتىن خالاس بولىسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب

## نىمەت ئىگىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، بەرگەن نىمىتى ئۈچۈن نىمەت ئىگىسىگە شۈكرى ئېيتىش ھەممە ئادەمگە ۋاجىبتۇر، يەنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيەتتۇر. ھەقسۇبھانەۋەتائالا: «بەرگەن نىمەتلىرىمگە شۈكرى قىلىڭلار» دەپ پەرمان قىلغان. شۇڭا بىز شۇ نىمەت ئىگىسىگە ئۈشبۇ پەرمان يۈزىسىدىن، يەنى پەرمان قىلغانلىقى سەۋەبىدىنلا ئەمەس، بەلكى نىمەت ئاتا قىلغانلىقى سەۋەبلىك شۈكرى قىلىشىمىز شەرتتۇر. چۈنكى ئادەمزات ئۆز ۋۇجۇدىنى پۈتۈن ئۆمرىدە پەقەت شۈكرى ئۈچۈنلا سەرپ قىلسىمۇ، نىمەت ئىگىسى ئاتا قىلغان نىمەتنىڭ مىڭدىن بىرىنىڭ شۈكرىسىنىمۇ ئادا قىلىپ بولالمايدۇ. دىنى ئىسلامدا تائەتنىڭ سانى بەشتۇر. بۇنىڭدىن ئىككىسى پەيغەمبەرلەرگە خاستۇر؛ ئۈچى خالايىققا، يەنى ئاۋامغا خاستۇر. بۇ ئۈچىنىڭ بىرى، تىل بىلەن ئىقرار قىلماق ۋە كۆڭلى بىلەن ئېتىراپ قىلماق؛ ئىككىنچىسى، بەش ۋاخ نامازنى ئادا قىلماق؛ ئۈچىنچىسى، ئوتتۇز كۈن روزا تۇتماق.

«ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دىمەك ئاللاتائالادىن ئۆزگە ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا دەلىل

ئېيتقانلىق بولىدۇ. ناماز ئۆتىمەك، تىلىدا ئېيتقانغا تەستىق قىلىپ، بەندىلىككە ئىقرار قىلغانلىق بولىدۇ. روزا تۇتماق، دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، خۇدايىتائالانىڭ خۇدالىقىغا ئىقرار قىلغانلىق بولىدۇ. ناۋادا سەن «مەن خۇدانىڭ بەندىسى» دېگەن ئىكەنسەن، ئۇ ھالدا بەندىلىك ھالىتىدە بولۇپ، ئۆزۈڭنى بەندىلىك يوسۇنىدا تۇتۇشۇڭ كېرەك. مىسالەن، ساڭا بەندە بولغان كىشى، ئەلۋەتتە ساڭا تائەت قىلىشى لازىم. ئوخشاشلا سەن خۇدانىڭ بەندىسى ئىكەنسەن، سەنمۇ ھەم خۇدانىڭ بەندىلىكىدە بولۇپ، خۇداغا تائەت قىلىشتىن باش تارتماسلىقىڭ شەرتتۇر. «ئىتائەتسىز بەندە» بولما. ئىتائەتسىز بەندىدە ئېتىقاد بولمايدۇ. ئېتىقادسىز بەندىنىڭ ئۆمرى كوتا بولىدۇ، يەنى ئېتىقادسىز بەندىدە ئىنسانىي خىسلەت كەم بولىدۇ. نەزمە:

كىشى تۇتسە ئۆزىنى ساھىب گۇلۇ،
خۇدالىقنى قىلغان بولۇر ئارزۇ.

ئاگاھ بول، ئەي ئوغۇل، ناماز ۋە روزا خاس خۇدايىتائالانىڭ ئىبادىتىدۇر، يەنى خاس خۇدايىتائالاغا قىلىنىدىغان ئىبادەتتۇر، شۇڭا بۇ توغرىدا سەۋەنلىك سادىر قىلما. چۈنكى خاس خۇدايىتائالاغا بولغان ئىبادەتتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزسەڭ، باشقا تائەتتە توختاپ قالىسەن. شۇنى بىلگىنكى، شەرىئەت ئىگىلىرى نامازنى ھەممە دىنغا باراۋەر بۇيرۇغان. شۇڭا ھەرقانداق بىر كىشى نامازدىن قول يىغسا، ھەممە دىندىن يۈز ئۆرىگەن بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، نامازنى تەرك قىلىشنى كۆڭلۈڭگە ۋە ياكى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمە. ئەگەر دىيانەت يۈزىسىدىن ۋە ياكى ئەقىل

يۈزىسىدىن تەسەۋۋۇر قىلساڭ، نامازنىڭ كۆپلىگەن پايدىسى بارلىقىنى بىلىسەن. بىرىنچى پايدىسى شۇكى، ھەرقانداق كىشى بەش ۋاخ نامازنى بەجا كەلتۈرسە، ئالدى بىلەن ئىگىنىنى (كىيىمىنى) پاك تۇتمىقى لازىم بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا، پاكلىق: يەنى پاكىزلىق ئىرىغسىزلىقتىن ئۈبداندۇر؛ يەنە بىرى، ناماز ئۆتىسەڭ، تەكەببۇرلۇقتىن خالىي بولىسەن. چۈنكى نامازنىڭ ھەقىقىتى كەمتەرلىك، يەنى ئۆزىنى ئەدەپ بىلەن تۇتۇشتۇر. ئەگەر سەن تەبىئىتىڭنى كەمتەرلىك ـ كىچىك پېئىللىق بىلەن بېزىسەڭ، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇڭ ئەزالىرىڭ شۇ يوسۇنلۇق زىننەتلىنىدۇ. ئۇلار قول، پۇت، كۆز، تىل، قۇلاق، قورساق ۋە ئەۋرەتلىرىڭدۇر. بۇلارنى تىزگىنلىمەك ۋە پاك تۇتماق شەرتتۇر. بەدەن ئەزالىرىڭنى ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە ناشايىستە ئىشلاردىن يىراق تۇت. تا روزىنىڭ ھەقىقىنى ئادا قىلغان بولىسەن. بىلىپ قوي، روزا تۇتۇشنىڭ پايدىسى شۇكى، كىچىلىك ۋە كۇندۇزلۇك نېنىڭ بولسا، كۇندۇزى يەيدىغان نېسىۋىنى موھتاجلارغا بەرگىن. تا ئاچلىق تارتقانلارنىڭ ساۋابى ساڭا بولىدۇ. قىلغان ئىشىڭنىڭ شەپقەت ۋە مەنپەئىتىنى كۆرىسەن. ئومۇمەن، بۇ ئۈچ تائەتكە ئەمەل قىلىش جاھان خەلقىنىڭ ئىشىدۇر. شۇڭا بۇنىڭدا سەۋەنلىكنى، يەنى سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمە. بۇ ئۈچ تائەتنى ھەرگىز تەرك قىلما. ناۋادا تەرك قىلساڭ، بۇنىڭغا ھېچبىر ئۆزرە يوقتۇر. ئەمما بۇ ئىككى تائەت، يەنى پەيغەمبەرلەرگە خاس تائەت ئۆزرە بولسا، تەرك قىلماق راۋادۇر.

بۇ بابتا سۆز كۆپ ئىدى، ئەمما زۆرۈرلىرىنىلا بايان قىلدۇق.

## تۆتىنچى باب

# قۇۋۋەت باردا تائەتنى زىيادە قىلماقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، خۇدايىتائالا باي ۋە كۈچ ـ قۇدرىتى بارلارغا خاس ئىككى ئىشنى پەرھىز قىلدى. بىرى زاكات، بىرى ھەج. كىمىكى دۇنياسى ۋە قۇدرىتى بولسا، زاكات بەرسە، خانەئى كەئبەنى زىيارەت قىلسا بولىدۇ. قۇدرىتى بولمىسا، پەرھىز ئەمەس. ھەجنى دۇنيادارلار، پۇل ـ مېلى بار بايلار ئادا قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ھەج قىلماقنىڭ ئالدىنقى شەرتى سەپەردۇر، نامرات ۋە ئاجىزلارغا سەپەر بۇيرۇماق تولىمۇ ئەقىلسىزلىقتۇر. كۆرمىگەننى كۆرۈش، يېمىگەننى يېيىش، تاپمىغاننى تېپىش ـ سەپەرنىڭ لەززىتى. بىلگىنكى، لەززەتنىڭ ھەممىسىنى سەپەردە كۆرىسەن. كۆرمىگەننى كۆرىسەن، يېمىگەننى يەيسەن، تاپمىغاننى تاپىسەن. ئەمما بۇ ئىشلارغا سەپەر قىلماي تۇرۇپ مۇيەسسەر بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا سەپەر ئەھلى جاھان كۆرگەن بولغاچقا، تەجرىبىلىك ۋە دانا كېلىدۇ. ئۇلار باشقىلار كۆرمىگەننى كۆرگەن، باشقىلار ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىغان. بۇ ھەقتە دانالار: «ئاڭلىغان كۆرگەندەك ئەمەس» دېگەن.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئەگەر دەرۋىش ۋە نامرات كىشى ھەج

قىلسا، ئۆزىنى ھالاكەتكە سالغان بولىدۇ، چۈنكى دەرۋىشلەر دۇنيادارلارنىڭ قىلىقىنى قىلسا، گويا ساقلارنىڭ ئىشىنى قىلغان ئاغرىقلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ خۇددى ھاجىنىڭ قىسمىتىغا ئوخشاشتۇر.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، بىر ۋاقىتلاردا بۇخارانىڭ ھاكىمى ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلدى. ئۇ نېمەتكە باي، دۇنيادار كىشى ئىدى. شۇ قېتىم سەپەرگە چىققانلار ئىچىدە ئۇنىڭدىن بايراق كىشى يوق ئىدى. ھەممىگە ئۇ ھەمدەمدە بولاتتى. يۈزدىن ئارتۇق تۆگە ئۇنىڭ يۈكىنى تارتاتتى. ئۆزى ھارۋىدا ئولتۇرۇپ خىرامان يول يۈرەتتى. دەرۋىش ۋە پۇلدار بايلار ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. ۋاقىتكى، ئۇلار ئەرافاتقا يېقىن كەلگەندە ئاچ ۋە ئۇسسۇز، يالاڭ ئاياغ بىر دەرۋىش كىشى ئۇدۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەرۋىش ھاكىمنى بۇ قاتارلىق نازۇ نېمەت، راھەت پاراغەت ئىچىدە كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئۇ ئالەمگە بارغاندا مۇكاپاتمۇ، جازامۇ ھەر ئىككىمىز ئوخشاش تەڭ باراۋەردۇر. سەن بۇ قاتارلىق راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە يول يۈرۈپسەن، مەن بولسام بۇ قاتارلىق جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە كۈن كەچۈرۈۋاتىمەن، ـ دېدى. ھاكىم:

— مۇكاپات كۈنىدە ئەلۋەتتە، خۇدايىتائالا ماڭىمۇ ساڭا ئوخشاشلا جازا بېرىدۇ. ئەمما، مېنىڭ مەرتىۋەم، يەنى ھال ـ كۈنۈم سېنىڭ ئۈشبۇ مەرتىۋەڭ، يەنى ھال ـ كۈنۈڭ بىلەن ئوخشاش بولغان بولسا، ھەرگىزمۇ دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىپ بۇ يەرگە كەلمەسىدىم، دېدى. دەرۋىش:

— نېمە ئۈچۈن كەلمەسىدىڭ؟ — دېدى.

ھاكىم دېدىكى:

— مەن خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن كەلدىم. سەن بولساڭ خۇدانىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلدىڭ. مېنى بولسا خۇدا چىللاپ كەلدى. شۇڭا مەن مېھماندۇرمەن. سەن بولساڭ تېخى بىر بالا ئىكەنسەن. بالىنىڭ ھۆرمىتى نەدىمۇ مېھماننىڭ ھۆرمىتى بىلەن تەڭ بولالىسۇن؟! خۇدايىتائالا ھەج قىلماقنى دۇنيادارلارغا بۇيرۇغان ۋە: «ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە سالماڭلار»دېگەن. ئەمما سەن خۇدايىتائالانىڭ پەرمانىغا خىلاپ ھالدا ئاچ، ئۇسسۇز ۋە بىچارىلىك بىلەن چۆل كېزىپ ئۆزۈڭنى ھالاكەتكە تاشلاپسەن. شۇڭا پەرمان تۇتقانلار، يەنى پەرمان بويىچە ئىش قىلغانلار بىلەن ئۆزۈڭنى قانداقمۇ باراۋەر ئورۇندا قويالايسەن؟! ھەر كىشى ئۆز ھالىغا بېقىپ ھەج ئادا قىلسا، خۇدايىتائالانىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، بەرگەن نېمىتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ!

ئەي ئوغۇل، ۋاقتىڭكى، سەندە ھەم ھەجنىڭ سەرەمجانلىرى، يەنى تەييارلىقلىرى تولۇق پۈتكەن بولسا، تائەتتە سەۋەنلىك سادىر قىلما. ھەجنىڭ سەرەمجانلىرى بەش تۈرلۈك بولىدۇ، ئۇلار: بايلىق (مال ـ بىسات)، مۇددەت (ۋاقىت)، ھۆرمەت، خاتىرجەملىك ۋە راھەت. ناۋادا بۇ بەش تۈرلۈك شەرتنى ھازىرلىغان بولساڭ، تىرىشىپ ھەجنى تامام قىل. شۇنى بىلگىنكى، ھەج قۇدرىتىڭ، يەنى ئىمكانىيىتىڭ بولغاندا سەندىن ھېچ ۋاقىتتا ساقىت بولمايدىغان، يەنى ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان تائەتتۇر.

بىلگىنكى، خۇدايىتائالا زاكات بەرگۈچىنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ھېسابلايدۇ. زاكات بەرگۈچى ئۆزگە قۇۋۋىتىنىڭ ئارىسىدا پادىشاھ مەسەللىكتۇر. چۈنكى ئۇ ئۆزگىلەرگە (يوقسۇللارغا) تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن، يوقسۇللار قولىغا

تەگكەن شۇ زاكات ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلسۇن.

خۇدايىتائالا ھەممىگە قادىردۇر. ئۇنىڭ قولى ھەمىشە بايلار ئۈچۈن ئوچۇقتۇر. شۇڭا مۇشۇ ھېكمەت بويىچە بەزىلەر باي بولىدۇ، بەزىلەر كەمبەغەل. بۇ سەۋەبلىك كىشىلەر ئارا مەرتىۋە ۋە شاراپەتتە بىر ـ بىرىدىن كەم ـ ئارتۇق ياكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك جەھەتتىن پەرق كېلىپ چىققان.

ئادەتتە زاكاتنى يىلدا بىر قېتىم بەرگەن تۈزۈك. ئەمما سەدىقە ئۆزگىچە ۋە ئالاھىدە تائەتتۇر، ئۇ پەرھىز ئەمەس.

سەدىقىنى ساخاۋەت ۋە ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن قانچىلىك بەرگىڭ كەلسە، شۇنچىلىك بەرگىن. ئۇنى سەۋەنلىك دەپ بىلمە، سەدىقە بەرگۈچىلەرنى تەڭرىم دائىم پاناھىدا ساقلايدۇ.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام:«سەدىقە بالانى رەت قىلىپ، ئۆمۈرنى زىيادە قىلىدۇ» دېگەن.

ئەي ئوغۇل، ھەجنىڭ، زاكاتنىڭ ۋە سەدىقىنىڭ ھەققىدە كۆڭلۈڭدە شەك بولمىسۇن. بۇ ھەقتە «نېمە ئۈچۈن؟»دېگەندەك ناباپ سوئاللارنى سورىما. يىگىرمە مىسقال ئالتۇندىن يېرىم مىسقالنى، كالا، قوي ۋە تۆگىلەرنى نېمە دەپ بەرگۈدەكمىز؟ نېمە دەپ قۇربانلىق قىلىمىز؟ دېگەندەك سۆزلەردىن كۆڭلۈڭنى پاك تۇت. گۇمان قىلما. بىلمىسەڭ كېرەك يوق. پەقەت خۇدايىتائالانىڭ پەرمانىنى تۇتساڭ بولدى. چۈنكى سەن بەندە. «نېمە ئۈچۈن مۇنداق ۋە نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس؟» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىش بەندىنىڭ ئىشى ئەمەس.

ھەرقاچان خۇدايىتائالانىڭ پەرمانىنى بەجا كەلتۈرگەن ۋاقتىڭدا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھەققىنى ھەم تونۇ. چۈنكى ئۇمۇ، يەنى ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇش خۇدانىڭ پەرمانىدۇر.



www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

## ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇماقنىڭ بايانى

ــ بىلگىن، ئەي ئوغۇل، تەڭرى بۇ جاھاننى ئاۋات قىلىشنى ئىراده قىلىپ، [ئىنسانلارنىڭ] نەسلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن شەھۋەتنى پەيدا قىلدى. ئاتا ـ ئانىنى پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب قىلدى.

بەس، پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرمەك پەرزەنت ئۈچۈن ۋاجىبتۇر. ئاتا ـ ئانامنىڭ مەندە نېمە ھەققى بولسۇن، پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇلارنىڭ (يەنى ئاتا ـ ئانىنىڭ) نەپسى خاھىشىدىن بولغان، شۇڭا پەرزەنتلىرىگە شەپقەت قىلىش ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى، دېمە. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھەققى شۇكى، ئاتا ـ ئاناڭ سەن بىلەن پەرۋەردىگارىڭ ئارىسىدا سېنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭ ئۈچۈن ۋاستە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭنى قانچىلىك ئۇلۇغ كۆرسەڭ، ۋاستە بولغۇچىنى (يەنى ئاتا ـ ئاناڭنى) شۇنچىلىك ھۆرمەت قىلغىن! ئاتا ـ ئاناڭ سېنى كىچىككىڭدىن تارتىپ مېھرى ـ مۇھەببەت، شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن پەرۋىش قىلدى. خۇدايىتائالا: «ئۇلۇل ـ ئەمر» دېگەن. ھەدىستە كۆردۈمكى، «ئۇلۇل ـ ئەمر»نىڭ بىر مەنىسى «ئاتا ـ ئانا»

دېيىلگەن. ئەرەب تىلىدا «ئەمر»نىڭ مەنىسى ئىككىدۇر: ھەم پەرمان ھەم قۇدرەت ۋە قۇۋۋەت. ئاتا ـ ئانىدا قۇدرەت بولغانلىقى ئۈچۈن سىزنى پەرۋىش قىلدى؛ پەرمان (يەنى پەرمان ئىگىسى) بولغانلىقى ئۈچۈن ساڭا ياخشىلىق ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆگەتتى.

ئەي ئوغۇل، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن ساقلان! ئاتا ـ ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسەڭ، تەڭرىم ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ھەققىنى غەزەپ بىلەن سەندىن سورايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) دىن سورىدى:

ئاتا ـ ئانىنىڭ ھەققى نىمە ۋە نەچچە؟

ھەزرىتى ئەلى دېدىكى:

ئاتا ـ ئانىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ئۇشبۇ مەسىلە كۇپايىدۇر: ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن) ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆز زامانىسىدا ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ سۆھبەتلىرىگە داخىل بولغانلىرىدا، ئۇل ھەزرەت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆزىدىن يۇقىرى ئولتۇرغۇزۇپ، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ۋاجىب دەپ قارايتتى.

بەس، ئەي ئوغۇل، ئاتا ـ ئانىنى دىنى ئىسلام سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋۇجۇدۇڭ (يەنى دۇنياغا كېلىشىڭگە ۋاستە بولغانلىق) سەۋەبىدىن بولسىمۇ ھۆرمەت قىل. ئاتا ـ ئاناڭ سىنى پەرۋىش قىلىپ، ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقانلىقى سەۋەبلىك ھۆرمەت قىل. ئاتا ـ ئانا ھەققىدە ھەرگىز قارا سانىما. ئەگەر ئۇلار ھەققىدە قارا سانىساڭ، ئۇلارنى

ھۆرمەتلىمىسەڭ، ھېچبىر ياخشىلىقنى ساڭا لايىق ۋە سازاۋەر بولالمايسەن. ئاتا ـ ئانىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمىگەن، ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئادەم باشقىلارنىڭ قەدرىنى ھەم بىلمەيدۇ. ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش دۇرۇس ئەمەس. شۇڭا سەن ھەم ئۆزۈڭگە دۇرۇس بولمىغان ئىشنى ئىزدىمە.

پەرزەنتلىرىڭدىن ھۆرمەت تەمە قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئاناڭغا ھۆرمەت قىل. چۈنكى پەرزەنت تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ. مىسالى، ئاتا ـ ئانىنى بىر مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاتساق، پەرزەنت شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. دەرەخنىڭ تەربىيىتى قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى مېۋە بېرىدۇ. ئوخشاشلا ئاتا ـ ئاناڭنى قانچە كۆپ رازى قىلساڭ، ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن تەلەپ قىلغان نەرسەڭگە شۇنچە تېز ئېرىشەلەيسەن. ئاتا ـ ئاناڭ سەندىن رازى بولسا، تەڭرىمۇ سەندىن رازى بولىدۇ. مىراسنى دەپ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمە. ئاتا ـ ئاناڭ ئۆلمىسىمۇ، ساڭا قىسمەت بولغان رىزىق ھامان ساڭا يەتكۈسىدۇر. رىزىق (مىراس) ئۈچۈن مۇشەققەتنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتما. ناۋادا شۇ رىزىق تەقدىر ـ قىسمەتتە ساڭا پۈتۈلگەنىكەن، ئۇ ئارتۇق ياكى كەم بولماي ساڭا تەگكۈسىدۇر. ھەرقانچە ھەرىكەت قىلغىنىڭ بىلەنمۇ كۆپىيىپ قالمايدۇ. شۇنداق دېيىلىدۇكى: قىسمەتتە پۈتۈلگەن رىزىق ئۆزگىرىپ قالماس ۋە ھەرىكەت قىلغان بىلەنمۇ كۆپىيىپ قالماس. ئەگەر تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى ئىرادە قىلساڭ، سەھەر تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن تۆۋەن مەرتىۋە، تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرنىڭ ھالىغا قارا. شۇندىلا ئاللىقاچان تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا

ئېرىشكەنلىكىڭنى بىلەلەيسەن. گەرچە دۇنيا (پۇل ــ مال)نىڭ يوقلۇقىدىن كەمبەغەل بولساڭمۇ، ئەقىل ـ پاراسەتكە باي بولغىن. چۈنكى ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ــ مال ـ دۇنيادىن كۆپ ياخشىدۇر. ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىلىمنى پۇل ـ مالغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. مالدار (پۇل ـ مال ئىگىسى) نادان، ئىلىمسىز بولسا، پات پۇرسەتتە موھتاج ۋە گاداي ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاقىل (ئىلىم ئەھلى)نىڭ مېلىنى ئوغرى ئالالماس، ئوتتا كۆيمەس، سۇ ئاقتۇرۇپ كېتەلمەس! پەم ـ پاراسەتلىك ۋە ساھىبى ئاقىل بولساڭ، ھۈنەر (ئىلىم) ئۆگەنگىن. چۈنكى ھۈنەرسىز (ئىلىمسىز) «دانا» گويا كىيىمسىز تەن ۋە جانسىز سۈرەتكە ئوخشايدۇ. بۇنى «ئەدەپ ــ ئەقىلنىڭ سۈرىتى» دېگەن ئىبارىدىن چۈشەن!

# ئالتىنچى باب

## ھۆنەرنىڭ قىممىتى گۆھەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

گۆھىرىڭ (پۇل ـ مېلىڭ)نىڭ كۆپ بولۇشىدىن، ھۆنىرىڭ (بىلىمىڭ)نىڭ كۆپ بولۇشى ياخشىدۇر.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ھۆنەرسىز (ئىلىمسىز) كىشى مۇغىلان (چۆلدە ئۆسىدىغان تىكەنلىك ئۆسۈملۈك) دەرىخىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ (مۇغىلاننىڭ) غولى بار، سايىسى يوقتۇر. نە ئۆزىگە پايدىسى تەگمەس، نە غەيرىگە.

ئالىي نەسەبلىك كىشىمۇ ھۆنەرسىز (ئىلىمسىز) بولسا، خەلق ئارىسىدا ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى كىشى ھۆنىرى (ئىلمى) بىلەن ئىززەت تاپىدۇ. ئەمما گۆھىرى (پۇل ـ مېلى)نىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك ئىززەت تېپىشى ناتايىن. نەسلى نەسەب گۆھىرىڭ بولمىسا (نەسلى ـ نەسەبىڭ تۆۋەن بولسا)، بۇنىڭ كارى چاغلىق. تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئىنسانلىق گۆھىرى (ئىنسانغا خاس ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم)نى ھاسىل قىلغىن. چۈنكى ئىنسانلىق گۆھىرى نەسلى ـ نەسەب گۆھىرى (ھۆنەرسىز ئالىي نەسەبلىك، ئېسىلزادىلەر)دىن كۆپ ياخشىدۇر.

ئېيتىپتۇلاركى: شەرەپ نەسەبتىن ئەمەس، بەلكى ئەقىل بىلەن ھۆنەر (ئىلىم)دىن؛ ئۇلۇغلۇق پۇل ـ مال ۋە ياكى ئاتا ـ

ئانا قويغان كاتتا ئىسسىمدىن ئەمەس، بەلكى ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن هاسىل بولىدۇ. چۈنكى ئاتا - ئانا قويغان ئىسىم كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە سىپىنى چاقىرىشىنىڭ نىشانىسى — ئالامىتىدۇر. ھەقىقىي نام - شەرەپ، ئۇلۇغلۇقنى ئىلىم - ھۈنەر ئارقىلىق ئۆزۈڭ قويغايسەن! شۇنى بىلگىنكى، ئىلىم - ھۈنەرىڭ بىلەن ئۆمرۈڭ باقىيدۇر. قانداقتۇر كىتاب تەسنىف قىلغان، مەدرىسە بىنا قىلغانلارنىڭ ۋە ياكى ئەھمەد، مۇھەممەد، مۇسا، جەئفەر ... دېگەنگە ئوخشاش ئۇلۇغلارنىڭ ۋە ياكى كامىل ھۆكۈمالارنىڭ ئىسمىلىرىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويۇۋالغان بىلەنمۇ، ئەھلى نەسەبلىرىنىڭ ئىلكىدە ھۈنەر گۆھىرى بولمىسا، ھېچ كىشىنىڭ سۆھبىتىگە يارىمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، كىم بولسۇن، ئىلكىدە ھۈنەر گۆھىرى بولسىلا، ئۇنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇت، قولۇڭدىن چىقىرىپ قويما!

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ناتىقلىقتۇر. تەڭرىم ئىنساننى ھەممە مەخلۇقاتتىن كاتتا قىلىپ ياراتتى. باشقا جانلىقلاردىن ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئون نەرسىنى زىيادە قىلدى. ئۇ ئون نەرسىدىن بەشى بەدەننىڭ ئىچىدە، بەشى بەدەننىڭ تېشىدا. بەدەننىڭ ئىچىدىكى بەش نەرسە: پىكىر قىلماق؛ يادىغا (يادقا) ئالماق؛ بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماي، كۆڭلىدە ساقلىماق؛ خىيال قىلماق؛ سۆزلىمەك.

بەدەننىڭ تېشىدىكى بەش نەرسە: ئاڭلىماق؛ كۆرمەك؛ پۇرىماق؛ سىيلىماق (سىيلاش ئارقىلىق قاتتىق - يۇمشاقنى بىلىش)؛ تېتىماق (تېتىش ئارقىلىق ئاچچىق - تاتلىقنى بىلىش). بۇ نەرسىلەر ھايۋانلارغا نېسىپ بولغان ئەمەس. نېسىپ

بولدى دېگـەندىمـۇ، ئـادەمدە بولـغـان دەرىجىـدە ئـەمەس. ئۇشـبـۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار ئۆزگە جانلىقلارغا پادىشاھتۇر. قاچانكى بۇلارنى چۈشەنگەن بولساڭ، ئۇنداقتا ھۇنەر (ئىلىم) ئۆگەنگىن؛ تىل بىلەن ھۇنەر (سۆز ماھارىتىنى) ئۆگەنگىن، يەنى يېقىملىق سۆزلەشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. تا سۆزنى جاي ـ جايىدا، ئۆز ئورنىدا سۆزلە. ئورۇنسىز ئېيتىلغان سۆز كىشىنى بىزار قىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ــ ئارتۇقچە سۆز بولۇۋاتقان ئورۇندا، سەن خامۇشلۇقنى ئىختىيار قىل. پايدىسى يوق سۆز ھەرۋاقىت زىيانلىقتۇر.

ھۇنەرنىڭ (ئىلىمنىڭ) ئەسىرى مەلۇم بولمىغان ھەرقانداق سۆزنى دېمىگەن ياخشى. ھۆكۈمالار سۆزنى شارابقا ئوخشىتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەم خۇمار رەنجى (شاراب ئىچىپ ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ يەنە ئىچكۈسىنى كەلتۈرىدۇ) ھەم داۋا، ھەم ئازار رەنجى (ئىچكەندىن كېيىن باش ئاغرىيدۇ) بولغانلىقىدىندۇر. شۇڭا سورىمىغان سۆزنى زىنھار ئېيتما. بىھۇدە ۋە ئورۇنسىز سۆزلىمەكتىن پەرھىز قىل. قاچانكىم، بىرى سەندىن سۆز سورىسا، راست ئېيتقىن. كۆرگەنلىكى كىشىگە پەند ـ نەسىھەت قىلىپ يۈرمە. ئېيتىپتۇلاركى:

ئاشكارا قىلىنغان نەسىھەت، گويا تاشقا مۇشتلىغانغا باراۋەر.

ئەگەر بىر تۈپ دەرەخ ئەگرى ئۆسۈپ شاخ ۋە يوپۇرماق چىقارغان بولسا، ئۇنى تۈز ئۆستۈرۈشنىڭ چارىسى كەسمەك ۋە يونۇماقتۇر. يېقىملىق سۆزلەرنى قىلغاندا (ياكى سۆزنىڭ ئۆز ئورنى تېپىلغاندا) بېخىللىق قىلما. چۈنكى ئادەملەر مال ـ دۇنياغا قارىغاندا ياخشى سۆز، ماختاش، ئىنئام ـ ئېھسانغا بەكرەك قىزىقىدۇ. تۆھمەت تولا يەردە بولماقتىن، يامان نىيەتلىك

ۋە ناچار قىلىقلىق دوستلار ئارىسىدا يورمەكتىن ئۆزۈڭنى قاچۇر. ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئالدىما، يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىڭنى ياخشى دەپ گۇمان قىلما. مۇقىم بىر يەردە تۇرۇشقا ئادەتلەن. ئەگەر بىرسى سېنى ئىزدىمەكچى بولسا، شۇ يەردىن تاپسۇن. خالايىق غەم ـ قايغۇغا يولۇققاندا، سەن شادلانما. خەلق قايغۇرسا، سەنمۇ تەڭ قايغۇرغىن. شۇنداق قىلساڭ، باشقىلارمۇ سېنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىڭغا ھەمشىرىك بولىدۇ. ئەل ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلا، تا ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئادالەتنى ياقلىغان بولىسەن؛ باشقىلارغا توغرا سۆزلىسەڭ، سەنمۇ باشقىلاردىن توغرا جاۋاب ئاڭلايسەن. شور ئارىلاش يەرگە ئۇرۇق سالما. ھوسۇلنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقان بىلەن باراۋەردۇر. ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە ياخشىلىقىڭنى ئايىما. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما. ئېيتىپتۇلاركى: «ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچى، شۇ ياخشى ئىشنى قىلغانغا ئوخشاشلا ساۋاب تاپىدۇ.»

بىلگىنكى، ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە ياخشىلىققا (ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغۇچى ـ بۇ ئىككىسى بىر تۇغقاندۇر. زامانە ئۆلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلما. ياخشىلىقىڭ ياكى يامانلىقىڭنىڭ جازاسىنى ئۇشبۇ دۇنيادىلا كۆرىسەن. چۈنكى سەن بىراۋغا ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇ كىشى قانچىلىك راھەتلەنگەن ۋە خۇشال بولغان بولسا، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ ھەسسىلەپ خۇشاللىق ۋە راھەت سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشىگە يامانلىق قىلساڭ، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ ھەسسىلەپ پۇشايمان ۋە غەشلىك پەيدا بولىدۇ. دەر ھەقىقەت، نەزەر سالغىنكى، كىشىنى خۇشال

قىلساڭ، ئۆزۈڭمۇ خۇشال بولىسەن. كىشىنى رەنجىتسەڭ، ئوخشاشلا ئۆزۈڭمۇ رەنجىيسەن. ھەرقانداق ئادەم ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇ جاھانغا بارماستىن ئىلگىرى، ئۇشبۇ دۇنيادىلا كۆرگۈسىدۇر. بۇ سۆزنى ھېچ كىشى ئىنكار قىلالمايدۇ. سەن ۋە مەن ھەم بۇ سۆزدە بەرھەقدۇرمىز. شۇڭا، قۇدرىتىمىڭ يەتسىلا كىشىگە ياخشىلىق قىلىشتىن باش تارتما. قىلغان شۇ ياخشىلىقىڭ ھامان بىر كۈنى ساڭا مېۋە بېرىدۇ. شۇنداق ئېيتىپتۇلاركى:

مۇتەۋەككىل خەلىپىنىڭ باغداتتىكى چاغلىرىدا فەتھ ئاتلىق بىر قۇلى بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ بەختلىك ۋە سائادەتمەن ئىدى. ئۇ ياخشى خۇيلۇق، ئەدەپلىك ئوغۇل ئىدى. خەلىپە ئۇنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلغانىدى. فەتھ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە ئىرادە قىلدى. فەتھ گۆدەك ئىدى. سۇ ئۈزۈشنى تېخى مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولمىغانىدى. ئەمما ئۆزىنى كامىل كۆرسىتىش گۆدەكلەرنىڭ ئادىتىدۇر. فەتھ بىر كۈنى ئۇستازىغا بىلدۈرمەي، سۇ ئۈزمەك بولۇپ دەريا لېۋىگە باردى. سۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئىدى. فەتھ ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. سۇ غالىپ كەلدى. فەتھنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. سۇ بىلەن كۈچ ئېلىشالمىدى. ئۆزىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بەردى. سۇ يۈزىدە ئېقىپ، تا خالايىقنىڭ كۆزىدىن يوٗتتى. سۇ فەتھنى دەريا لېۋىگە ئېلىپ كەلدى. دەريا لېۋىدە سۇ كولاپ كەتكەن تۆشۈكلەر بار ئىدى. تۆشۈكلەرگە يېقىن كەلگەندە، فەتھ ئۆزىگە ھەرىكەت بېرىپ، شۇ تۆشۈكلەردىن بىرىگە ئۆزىنى ئالدى ۋە كىرىپ يەتتە كېچە ۋە كۈندۈز شۇ چوقۇردا ئولتۇردى.

ئاۋۋالقى كۈنى: «فەتھ دەرياغا غەرق بولۇپ كەتتى» دەپ

خەلىپىگە خەۋەر قىلىشقانىدى. خەلىپە تەختىدىن چۈشۈپ يەردە ئولتۇردى. كېمىچىلەرنى چاقىرىپ:
— ھەرقانداق كىشى فەتھەنى يا تىرىك يا ئۆلۈك بولسۇن، مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىمەن ۋە مەن فەتھەنى قايسى ھالەتتە بولمىسۇن، كۆرمىگىچە تائام يېمەيمەن، — دەپ پەرمان قىلدى.
كېمىچىلەر دەرياغا چۈشۈپ فەتھەنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە ئۈزۈشتى، تا يەتتە كۈن ئۆتتى. بىر كېمىچىنىڭ كۆزى فەتھە ئولتۇرغان تۆشۈككە چۈشتى. كېمىچى فەتھەنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىسيار خۇشال بولدى ۋە: «مەن بېرىپ بىر نەچچە ئادەم باشلاپ كېلەي» دەپ خەلىپىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دېدىكى:
— ئەي ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن، ئەگەر فەتھەنى تىرىك كەلتۈرسەم، ماڭا نېمە بېرىسىز؟ خەلىپە دېدى:
— بەش مىڭ ئاقچا (ئالتۇن) بېرىمەن. كېمىچى:
— مەن فەتھەنى تاپتىم. تىرىك كەلتۈرىمەن، ـ دەپ چىقىپ كەتتى ۋە بىرنەچچە كىشى بىلەن بېرىپ، فەتھەنى خەلىپە ئالدىغا سالامەت ـ تىرىك ئېلىپ كەلدى. خەلىپە كېمىچىگە ئانچىكىم دەپ قويغانىدى. ئەمما لەۋزىدە تۇرۇپ ۋەدە قىلغان ئاقچىنى شۇ زامان بەردى ھەمدە ۋەزىرىگە:
— خەزىنىدە ھەر نېمە بولسا، نىسپىنى كەمبەغەللەرگە بەرگىن، ـ دېدى. ئاندىن:
— يەتتە كېچە ـ كۈندۈز بولدى، فەتھ ئاچ ۋە ئۇسسۇزدۇر، ـ دەپ [خىزمەتچىلەرنى] تائام كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئەمما فەتھ:
— ئەي ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن، مېنىڭ قورسىقىم توق، تائامغا مەيلىم يوق، ـ دېدى. خەلىپە:

— سۇ بىلەن تويدۇڭمۇ؟ دېدى. فەته:

— بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى بىر تاۋاق ئۇستىدە ئۇن نان ئېقىپ كېلەتتى. مەن قول ئۇزىتىپ شۇ ناندىن ئىككى - ئۈچنى ئېلىۋالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلدىم. ھەربىر ناننىڭ يۈزىگە «مۇھەممەد ئىبن ھۇسەن ئەل - ئەشكاف» دېگەن سۆز پۈتۈلگەنىكەن، - دېدى. خەلىپە پەرمان قىلدىكى:

— دەرھال جار سېلىڭلار! دەرياغا نان تاشلىغان كىشى كىم بولسۇن، ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار ۋە ئەمىرۇل - مۆئمىنىنىن ساڭا ئىنئام بېرىدۇ، خالىغان ھاجىتىڭنى ئورۇنلايدۇ، دەڭلار!

بىر كۈندىن كېيىن بىر كىشى پەيدا بولدى ۋە دېدىكى:

— دەرياغا نان تاشلىغان كىشى مەن ئىدىم. خەلىپە سورىدى:

— قانداق نىشان ۋە ئالامەت (بەلگە) بىلەن ئىسپاتلايسەن؟ ئول كىشى:

— نىشانە ۋە گۇۋاھىم شۇدۇركى، ھەربىر ناننىڭ يۈزىگە «مۇھەممەد ئىبن ھۇسەن ئەل - ئەشكاف» دېگەن سۆزنى پۈتكەندۇرمەن، - دېدى.

ھەممە «راست شۇكەن» دېيىشتى.

خەلىپە سورىدى:

— دەرياغا نان تاشلاۋاتقىنىڭغا نەچچە كۈن بولدى؟

— بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىلى بىر يىل بولدى.

— بۇنداق قىلىشىڭدىن غەرىزىڭ نېمە؟

غايىبتىن: ياخشىلىق قىلغىل، دەرياغا نان تاشلا، بىر كۈنى ساڭا ھوسۇل بەرگۈسىدۇر، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغانىدىم، - دېدى. خەلىپە:

— ھەر نەكىم قىلدىڭ، ھوسۇلىنى تاپتىڭ، - دەپ ئول

كىشىگە باغدات دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن بەش پارچە يەر بەردى. ئول كىشى شۇ يەرنى باشقۇرۇپ تولا دۇنيادار بولدى.

مۇئەللىف شۇنى سەمىڭلارغا سالىدۇكى: خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ۋاقىت ـ سائىتى يېتىپ، مەن ھەجگە (ھەج تاۋىپىغا) باردىم. ھەقتائاللا ماڭا خانەئى مۇبارەكنى تاۋاپ قىلىشنى نېسىپ قىلدى. ئول كىشىنىڭ نەۋرىلىرىنى باغداتتا كۆردۇم. بۇ ھەقتىكى ھېكايىنى شۇ يەردە ـ ياشانغان كىشىلەردىن ئاڭلىغانىدىم.

ئەي ئوغۇل، قۇدرىتىڭنىڭ بارىدا ياخشىلىق قىلىشتىن توختىما. خالايىققا ئۆزۈڭنى ياخشىلىق ۋە ياخشى پېئىلىڭ بىلەن كۆرسەتكىن. يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلان. تىلىڭدا بىر خىل، دىلىڭدا بىر خىل بولمىغىن. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتما. ھەممە ئىشلاردا ئۆزۈڭنىڭ ھالىغا ئۆزۈڭ يەت. ھەر كىشى ئۆز ھالىغا ئۆزى يەتسە، كىشىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. ئەگەر غېمىڭ ۋە شادلىقىڭ بولسا، كۆرگەنلا كىشى ئالدىدا ئاشكارا قىلىۋەرمە. غېمىڭگە غەم ۋە شادلىقىڭغا شاد بولىدىغان مۇڭداش تېپىپ ئاندىن ئېيتقىن. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھالىتىڭگە تېز سۆيۈنمە ۋە ھودۇقما. بۇنداق قىلىش، يەنى تېز سۆيۈنۈش ۋە ھودۇقۇش گۆدەكلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئازغىنا بىر ئىش ئۈچۈن تەبىئىتىڭنى ئۆزگەرتمە. ئەقىل ئىگىلىرى بۇنداق ھالەتنى خوپ كۆرمەيدۇ. شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق شادلىقنىڭ ئاخىرىدا قايغۇسى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى شادلىق دەپ بىلمە. ئوڭۇشسىزلىقتا دۇچ كەلگەن ۋاقتىڭدا ئۈمىدۋار بول. ئۈمىدسىزلىك ئىشىكىنى ئۈمىد ئىشىكى بىلەن تاقا. ھەممە ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بۇ جاھاندىن

ئۆتكۈلـۈك ۋە بۇ ئالەمـدىن كەتكـۈلۈك دەپ بـىـل. ھـەققانـىـي ۋە توغرا ئىشلارنى ئىنكار قىلىـشتىن ساقلان. ئەگەر كـىشى ساڭـا ئاچچىقلىـسا، سەن ئۇنـىڭ ئاچچـىقىنـى خامۇشلـۇق بىلەن پـەس قىل. ئەخمەقنىڭ سۆزىـگە جاۋاب بېـرىشتـىن ئۆزۈڭنى تـارت ۋە ھـېچ كىشـىنىڭ ئـەمگـىكـىنى زايا قـىلما. خـۇدا رىزاسى ئۈچـۈن كىشـىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىل. ئۆز يۇرتۇڭدىكى يېشى چـوڭ، قـېرى كىشـىلەرگە كـۆپ ئىززەت قـىـل. رەسۇل ئەلەيـھىسسـالام: «ئۆز قەبىلىسىدىكى قېـرىلار شۇ قەبـىلە ئۈمـمەتلىـرى ئارىسـىدا پەيغەمبەرگە ئوخشاشتۇر» دېگەن. قېرىلارنـىڭ سۆھبىـتىگە تـولا ھېرىـس بـولما. ئـۇلارنـىڭ ئەيـىـب ـ نۇقسـانـلىرىـنى بىلـىـپ قىلـىشتـىن ساقلىـنالايسەن. ئـەمـما، قېـرىـلارنىڭ ھـۈنـەر ـ پەزىلەتلـىرىگە نـەزەر سال. ئەيـىـب نۇقسانـلىرىـغا كۆز سالـمـا. كـىشـىنىڭ ئەيىبىگە كۆز سېلىش ئەيىبتۇر.

خاتىرجەم ـــ ئامان بولاي دېسەڭ، ناتونـۇش كـىشـىلەر بىلـەن ھەمسۆھبەتتە بولما. چۈنكى ناتونۇش كىشى بىلەن ھەمسۆھبەتتـە بولساڭ، گـۇمان ـ شۈبـھـىدىن خـالـىي بولالـمـايسەن. زەھـەرنى مەنپەئەتلىك دورا دەپ گۇمان قىلىش نادانلىقتۇر.

ھۈنەرۋەنلەرنىڭ (ئىلىم ئەھلىنىـڭ) پەم ـ پاراسـىتىگە بـاق. ھۈنەر (ئىلىم) ئۆگەنمەي، پەم ـ پاراسەتلىك بولماي تۇرۇپمۇ جان باقالايمەن دېيـىش، ئەقىـلسىزلـىك، پاراسەتسىزلىكتۇر. شۇڭـا ھـۈنەر (ئىلىم) ئۆگەنگىن. ئۆگـەنمەك، ئاڭـلىماقـتىن نومـۇس قىلما. ئىلىم ئۆگـەنسەڭلا، ئـار ـ نومۇستـىن خالـىي بولـىـسەن. ھۈنەرۋەنلـەرنىڭ (ئـىلىم ئەھـلىنىـڭ) ھۈنىرىـنى (ئىلـىمـىنـى) ئۆگـىنىش جەريـانىدا، ئۇلارنـىڭ ئەيـىبلىرىـگە كۆزۈڭ چـۈشـۈپ قالسا، «پايدا ـ زىيـىنى قانچىلـىك، زىيىنـى نەگىچە يېتىـدۇ؟»

دېگەنلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئارىدىن ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئەتىنى ئىزدە. ئەگەر ئۇ خەلقىقە پايدىسىز بولسا، سەن ھەم ئۇنىڭدىن يىراق بول. ئۆزۈڭنى ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگەنمەككە ئادەتلەندۈر، نېمىنى بىلمىسەڭ، شۇنى ئۆگەن. ھەرقانداق بايلىق ھۈنەردىن ياخشى ئەمەس. ھەرقانداق ئىززەت ـ ھۆرمەت ئىلىم ۋە بىلىمدىن ئۇلۇغ ئەمەس. ھەرقانداق زىبۇ زىننەت شەرم ـ ھايادىن گۈزەل ئەمەس ۋە ھەرقانداق دۈشمەن يامان خۇيدىن يامان ئەمەس. ئۆگەنمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا ۋاقىت بەلگىلەپ قويما. ھەر ۋاقىت، ھەرقاچان، ھەرقانداق ئەھۋالدا تىرىشىپ بىرەر ئىلىمنى ئۆگەن. بىر سائەت ۋاقىتنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمە. ئەگەر ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولغان ۋاقتىڭدا بىرەر دانا كىشى، يەنى ئالىمنى تاپالمىساڭ، ناداندىن ئۆگەنسەڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى كۆڭۈل كۆزى بىلەن نادانغا قارىساڭ، ئۇنىڭ يارىماس ئىشلىرىنى كۆرىسەن. ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەقىل ـ ئەندىشىسىنى يورۇت، يەنى ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا ئادەتلەندۈر. بىلگىن، نادان قىلغان ئىشنى قىلمىغۇلۇق، بولمىسا، نادان ساڭا يېقىمسىز كۆرۈنگىنىدەك، سەنمۇ باشقىلارغا نادان ياكى يېقىمسىز كۆرۈنىسەن. ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين):

«مەن مەنپەئەتنى دوستلىرىمدىن ئەمەس، بەلكى تولاراق (تولا چاغلاردا) دۈشمەنلىرىمدىن تاپقانمەن. ناۋادا مەندىن بىرەر ناچار قىلىق كۆرۈلسە، دوستلىرىم شەپقەت ـ مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئۇل يامان قىلىقلىرىمنى ياپىدۇ. مەن ئۇنى (مەندىن سادىر بولغان يامان ئادەتلەرنى) بىلمەي قالىمەن. دۈشمەنلىرىم بولسا، دۈشمەنلىك جەھەتتىن ئاشكارا قىلىدۇ. مەن ئۇ يامان قىلىقلىرىمنى ئۆزۈمدىن يىراق قىلىمەن. بەس، مانا بۇ نەپ ـ

مەنپەئەتنى دۈشمەنىمدىن تاپقىنىمدۇر» دېگەن. دېمەك، بۇ دانالىقنى ناداندىن ئۆگەنگەنلىك بولىدۇ. مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىكلەر بولسۇن، ھۈنەر ۋە بىلىم ئۆگىنىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۆزگىلەردىن ئۆزىدە بولمىغان ئارتۇقچىلىقنى، پەزىلەت ۋە ئىلىم ـ ھۈنەرلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. قاچانكى سېنىڭ باشقىلاردا يوق بىرەر ھۈنىرىڭ بولسا، ئۆزۈڭنى ھەمىشە ئۆزگىلەردىن زىيادە كۆرىسەن. باشقىلار ھەم ھۈنەر ۋە پەزىلىتىڭگە بېقىپ سېنى تەڭتۇشلىرىڭدىن ئارتۇق ۋە ئۇلۇغ كۆرىدۇ. چۈنكى خەلق ئاقىل كىشىنى ئۆزگىلەردىن ئارتۇق ئۇلۇغ كۆرىدۇ ئەمەسمۇ؟! تىرىشقان، ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەن كىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلۇغ ۋە ھۈنەرۋەن، بىلىملىك بولىدۇ. بەرھەقكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ئۆگىنىش كويىدا يۈرگەن كىشى پات پۈرسەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرالايدۇ. ھۈنەر ـ ئىلىم ئۆگىنىشتىن قول يىغماق ۋە تىرىشماسلىق جاھىللىق ۋە موھتاجلىققا رازى بولغانلىق بولىدۇ. ھۈنەر ئۆگىنىش ۋە شۇ يولدىكى تۇرلۇك مەشغۇلات بىلەن بەدەننى چېنىقتۇرۇش تولىمۇ مەنپەئەتلىكتۇر. ئېيتىمپىتۇلاركى: ھۇرۇنلۇق بەدەننى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر بەدىنىڭ سېنىڭ پەرمانىڭغا بويسۇنمايدىكەن، سەن خاتىرجەم بولالمايسەن. چۈنكى بەدىنىڭ سۇس ۋە بوشاڭ بولۇشى خاتىرجەملىكىڭنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بەدىنىڭ ئۆز مەيلىچە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ خاھىشىڭ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. سەن خالىمىساڭ ياكى سېنىڭ ماقۇللۇقۇڭ بولمىسا، بەدەن ھېچبىر ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بەس، سەن چېنىقتۇرۇش بەدىلىگە بەدىنىڭنى پەرمانىڭغا بويسۇندۇر. قەھرىڭ بىلەن ئىتائىتىڭگە كەلتۈر. ھەرقانداق

كىشى ئۆز بەدىنىنى پەرمانىدا تۇتالمىسا، ھۆنەردىن بەھرە ئالالمايدۇ. قاچانكى بەدىنىڭنى ھۆنەر ئۆگىنىشكە پەرمانىڭغا بويسۇندۇرساڭ، ھۆنەر بىلەن ئىككىلا جاھاندا سالاپەتلىك ۋە خاتىرجەملىك تاپالايسەن.

ھەممە ياخشىلىق ۋە ئوبدانلىقنىڭ سەرمايىسى ـ ئاساسى مۇنۇ سەككىز ئىش بىلەندۇر:

بىرىنچى، ئىلىم ئۆگەنمەك؛ ئىككىنچى، نەپسىنى يىغماق، تائەت ـ ئىبادەت بىلەن بولماق؛ ئۈچىنچى، ياخشىلار، تەقۋادارلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق؛ تۆتىنچى، راست سۆزلىمەك (ئۆزىنى راستلىق بىلەن تۇتماق)؛ بەشىنچى، ئىخلاس ۋە ئېتىقادىنى دۇرۇس قىلماق؛ ئالتىنچى، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزۈشتىن يىراق بولماق؛ يەتتىنچى، باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرمەك؛ سەككىزىنچى، شەرم ـ ھايالىق بولماق.

ئومۇمەن، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاساسى يەنىلا شەرم ـ ھايادۇر. بىراق «ھايا، يەنى ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق رىزىقنا توسالغۇ بولىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. بەزىدە تارتىنچاقلىق چېكىدىن ئاشسا، ئۇۋۇالچىلىقتا قالىسەن، شۇڭا ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق قىلمىغىنكى، ئىشلىرىڭدا يېتەرسىزلىك كۆرۈلمىسۇن ۋە پايدىلىق ئىشىڭدا زىيان بولمىسۇن. كۆپ ۋاقىتلاردا تارتىنىش تۈپەيلى مەقسىتىڭ ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا تارتىنماسلىق كېرەك. ئەمما گۇناھتىن (گۇناھلىق بولۇپ قېلىشتىن)، بېخىللىقتىن، ئۇنۇتقاقلىقتىن، يالغانچىلىقتىن (يالغان ئېيتماقتىن) شەرم تۇتماق كېرەك. بىراق مەنپەئەتلىك سۆز ـ ھەرىكەتلەردە ۋە پايدىلىق ئىشلاردا ھايا قىلىپ تارتىنىپ تۇرساڭ، يامان نەتىجىگە قالىسەن، مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن.

مەقسىتىنىڭ ھاسىل بولمايدۇ. ھايا قىلىدىغان (تارتىنىدىغان) ۋە ھايا قىلمايدىغان (تارتىنمايدىغان) ۋاقىت ۋە ئورۇننى بىلىش كېرەك. ساۋابلىق ئىشلاردا ۋە شۇنداق ئورۇنلاردا تارتىنچاقلىق قىلىشقا بولمايدۇ. «ياخشىلىق ۋە ئوبدانلىقنىڭ ئېپتىداسى شەرم ـ ھايادۇر، يالغانلىقنىڭ ئېپتىداسى ھاياسىزلىقتۇر.»

نادان ۋە جاھىللارنى ئادەم قاتارىدا ھېسابلىما. ئالىم ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ھەقىقىي ئادەم ۋە دانا دەپ بىل. تۇرۇك (بىلىمسىز) ۋە جاھىل پەرھىزكارلارنى تەقۋادار بىلمىگىن. تۇرۇك (بىلىمسىز) ۋە نادان كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولما. ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ، ياخشى ئاتاقنا ئىگە بولىسەن. ئەمما ئۆزىنى دانا، بىلىملىك ھېسابلايدىغان، ئۆزىنىڭ جاھالىتىگە خۇرسەن بولىدىغان كىشىلەر بىلەن تېخىمۇ ھەمسۆھبەت بولما. ھەر ۋاقىت ياخشى نام بىلەن تونۇلغان ئىلىم ئەھلى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشقا تىرىش. ئېيتىپتۇلاركى:

يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇچە، ياخشىنىڭ يامانى بول،
قارامۇق [نىڭ] دانەسى بولغۇچە، بۇغداينىڭ سامانى بول.

ئۆزۈڭدىن كەم بىلە قىلمە ياۋۇقلۇق،
سەن ئاندىن كەم بولۇر [سەن] ، ئول سەندىن ئارتۇق.

قوشۇلسە مۇشك ئەگەر تۇفراغ بىلە،
بولۇر تۇفراغ مۇشك، مۇشك تۇفراغ.

ناۋادا كۈنجۈت يېغى گۈلگە ياكى بىنەپشىگە قوشۇلسا ۋە نەچچە مەھەل بىر شىشە ئىچىدە تۇرسا، ئۇنى گۈل يېغى ياكى

بىنەپشە يىغى دەپ ئاتايدۇ. بۇ خۇددى ياخشىلار بىلەن سۆھبەت قۇرغانغا ئوخشاشتۇر. ھەر قاچان ياخشىلىق قىلساڭلار، ئۇلارنى ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشىلارنىڭ) ياخشى ئىشلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما. ساڭا ھاجىتى چۈشكەنلەرگە ئىزا قىلما ھەم ئۇلارنى ھىممەتسىز ياندۇرما. خۇشخۇيلۇق بىلەن ئاتالماقنى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل. كىشىلەر يامان دەيدىغان خۇيدىن يىراق بول. زىيانكار بولمىغىن، يەنى زىيانلىق ئىش قىلمىغىن. چۈنكى زىيانلىق ئىشتىن موھتاجلىق ھاسىل بولىدۇ ۋە موھتاجلىقتىن نامراتلىق ھاسىل بولىدۇ. ھەمىشە ياخشى ئىش قىلىشقا تىرىشقىن. ئاددىي خەلقنىڭ ۋە جاھىللارنىڭ سېنى ياخشى ۋە ئوبدان دېگىنى ھېساب ئەمەس، تا ئاقىللار ـ ئىلىم ئەھلى سېنى ئوبدان ۋە ياخشى دېگەي!

**ھېكايەت:**

بىركۈنى، ئەپلاتون[1] ھۇجرىسىدا ئولتۇراتتى. خاس شاگىرتلىرىدىن بىر شەرى مەرد كىرىپ كەلدى ۋە ئولتۇرۇپ تۇرلۇك پاراڭلارنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇ سۆز ئارىسىدا: «ئەي ھەكىم، مەن بىر كىشىنىڭ سۆھبىتىدە بولغانىدىم، ئۇ سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىپ: ئەپلاتون ئۇلۇغ كىشىدۇر. ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشى ئۆتكەن ئەمەس. مۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق كىشى ئالەمگە كەلمەيدۇ، دېدى. سىزنىڭ بارىڭىزدا ئۇنىڭ سانا ۋە دۇئاسىنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇم» دېدى.

ئەپلاتون شاگىرتىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆپ بىئارام بولۇپ يىغلىدى. شاگىرتى:

---

[1] ئەپلاتون ــ پلاتون (مىلادىدىن بۇرۇن 427 ـ 347)، قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئىدېئالىست پەيلاسوپى.

— ئەي ھەكىم، بۇ سۆزدىن سىزگە نېمە ئەلەم ۋە رەنج يەتتى، نېمە ۋەجىدىن يىغلايسىز؟ ـ دەپ سورىدى. ئەپلاتون دېدىكى:

— ئەي خاجە، سىزدىن ماڭا ھېچ رەنج ۋە ئەلەم يەتمىدى، لېكىن ماڭا شۇ تاپتا ئۆلۈم خەۋىرى يەتتى. بۇنىڭدىنمۇ ئەنسىز يەنە قانداق ئىش بولسۇن!؟ بىر جاھىل ـ نادان مېنىڭ تەرىپىمنى قىلىپ مېنى ياخشى، ئوبدان دەپ ماختاپتۇ، قارىغاندا مېنىڭ بىرەر ئىشىم ئۇنىڭغا ياراپتۇ. بىلمىدىم، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ماس كەلگۈدەك ۋە ئۇ ياخشى كۆرگۈدەك قايسى جاھىلانە ئىشنى قىلغان بولغىيتىم؟ ئەگەر خاتا قىلغىنىمنى ئۇ نادان ياخشى كۆرۈپ ماختىغان ئىشنى بىلگەن بولسام ئىدىم، تۈۋا قىلغان بولاتتىم. شۇبۇ غەم بىلەن يىغلايمەن.

يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھېكايە بار:

بىر كۈنى مۇھەممەد زەكەرىيا ھەكىم شاگىرتلىرى بىلەن [مەھەللە ئىچىدىن] ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر دىۋانە ئۇدۇل كېلىپ: ھېچ كىشى مۇھەممەد زەكەرىيادەك ياخشى ۋە ئوبدان ئەمەس، دەپ كۈلدى. مۇھەممەد زەكەرىيا ئۆيىگە كېلىپ شاگىرتلىرىغا تەييارلىتىپ ھېلىلە ۋە ئەفتىمۇن[1] قايناتقۇزۇپ ئىچتى. شاگىرتلىرى:

— ئەي ئۇستاز، بۇ شەربەتنى نېمە ئۈچۈن ئىچىسىز؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇستاز جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئۇ دىۋانە مېنىڭ تۇرقۇمدىن ئۆز ھالىغا مۇۋاپىق بىر نەرسە كۆرمىسە، ماڭا قاراپ كۈلمەسىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەربەتنى ئىچتىم. ھۆكۇمالار ئېيتقاندەك: «ھەربىر قۇش ئۆز جىنسى بىلەن پەرۋاز قىلىدۇ.»

---

[1] سەۋداغا پايدىلىق سېرىق ئوت.

ئەي ئوغۇل، جاھىل ۋە ئاچچىقى يامان بولمىغىن. ھەر ئىشتا ئىتتىكلىك قىلما. سەبىرلىك ۋە ياۋاشلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. يۇمشاق بولساڭ، ھەر كىشى تىلى بىلەن يالارۋە بىرلىك (قاتتىق) بولساڭ، ھېچ كىشى ئىلكى (قولى) بىلەنمۇ تۇتماس.

ھەممە تائىپە بىلەن چىقىشىپ ئۆتكىن. دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمە. ھېچ كىشىگە يامانلىق قىلىشنى ئۆگەنمىگىن، بولمىسا، يامانغا يانتاياق بولۇپ قالىسەن. ناۋادا كىشى ساڭا ئۇرۇنسىز ئازار بەرسىمۇ، سەن ئازار بەرمەسلىككە تىرىش. ئەركەك بولساڭ، كىشىنى رەنجىتمە. تۇرقۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، ئەينەككە قاراپ باق. ئەل ئارىسىدا «قىلىقى چىرايلىقنىڭ يۈزىمۇ چىرايلىق، قىلىقى سەتنىڭ يۈزىمۇ سەت» دېگەن گەپ بار. قىلىقى چىرايلىق، يۈزى چىرايلىق. قىلىقى سەتنى ھېچ كىشى ياخشى كۆرمەيدۇ. دوستلارنىڭ مۇۋاپىق نەسىھەتىنى قوبۇل قىل. دوستلىرىڭ بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇر. مۇنۇ سۆزنى ساڭا يادىكار قالدۇرايكى، بىرەر ئىلىمنى ئوقۇغان ياكى بىرەر ھۈنەرنى ئۆگەنگەن بولساڭ، بۇ پەزىلەت ۋە ھۈنىرىڭ تۈپەيلى مەغرۇرلانمىغىن. ھەممىنى بىلىمەن دەپ بىلەرمەنلىك قىلما. بىلىدىغانلىرىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۆزۈڭنى بىلمەيدىغانلار قاتارىدا سانا. ئۆزۈڭنىڭ نادانلىقىنى - يېتەرسىزلىكىنى بىلەلىسەڭ، ئاندىن دانالار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايسەن.

ھېكايەت:

خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ زامانىدا، بۇزۇر جۇمھۇر[1] نىڭ ۋاقتىدا رۇمدىن بىر ئەلچى كېلىپ خۇسرەۋ بىلەن كۆرۈشۈشنى

① ساسانىي ھۆكۈمدارى نۇشىرۋاننىڭ ۋەزىرى.

ئىلتىماس قىلدى. خۇسرەۋ ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بويىچە ئەلچىگە كۆرۈنۈش بەردى. ئەلچى كىرىپ خۇسرەۋنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. خۇسرەۋ مېنىڭ دانا ۋە زېرەك ۋەزىرىم بار دەپ بۇزۇر جۇمھۇرنى ئەلچىگە بىلدۇرۇش خىيالىدا:

ــــ ئەي دانا، بۇ ئالەمدىكى مەۋجۇت نەرسىلەرنى بىلەمسەن؟ ـ دېدى. بۇزۇر جۇمھۇر:

ــــ ئەي جاھاننىڭ پادىشاھى، مەن قانداق بىلەي؟ ـ، خۇسرەۋ بۇ سۆزدىن تېرىكتى ۋە ئەلچىدىن خىجىل بولۇپ بۇزۇر جۇمھۇرغا:

ــــ ئۇنداق بولسا، ھەممىنى (مەۋجۇت نەرسىلەرنى) كىم بىلىدۇ؟ ـ دېدى. بۇزۇر جۇمھۇر دېدىكى:

ــــ ھەممىنى بىلگۈچى دەۋرداشلاردۇركى، ئۇلار تېخى ئانىسىدىن تۇغۇلمىدى.

بەس، ئەي ئوغۇل، سەن ئۆزۈڭنى جامائەت ئارىسىدا ھەممىدىن نادانراق تۇتقىن. قاچانكى، ئۆزۈڭنى نادان تۇتتۇڭ، دانا بولغىنىڭ شۇ. بىلگىنكى، مەمەدانلىق قىلىپ، ھە دېسە ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلىغان كىشى ئەمەلىيەتتە ناداندۇر. بۇقرات ھەكىم[1]شۇ قەدەر دانالىقى ۋە ئىلمى بىلەن: «مەندىن كېيىن كەلگەن ئالىملار ۋە ھۆكۈمالار بۇقرات پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىلمىنى بىلىمەن دەپ زور دەۋا قىلغانىكەن، دەپ مېنى ئەيىبلەشلىرىدىن قورقىمىسام، ھېچنەرسە بىلمەيمەن، دەپ ئېيتاتتىم ۋە ئۆزۈمنى ئاجىز دەيتتىم. ئەمما نېمە دەيمەنكى، ماڭا ئوخشاش كىشىنىڭ سۆزى بۇ ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆز زور دەۋادۇر» دېگەنىدى.

ئەبۇ شۈكرى بەلخىمۇ بۇ ھەقتە:

---

① ئاتاقلىق يۇنان پەيلاسوپى ۋە ئالىمى.

«مەن دانالىقىم بىلەن ماختىنىپ، ئۆزۈمنى بىلىمىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بىلمەيدىغىنىم يوق، ئىلمىم كامالىغا يەتتى دەپ ھېسابلايتتىم، ئەمدى بىلدىمكى، مەن بىر بىلىمسىز نادان ئىكەنمەن» دېگەن.

ئەي ئوغۇل، ھەرقانچە بىلىملىك بولساڭمۇ، ئۆز بىلىمىڭدىن مەغرۇرلانما. بىرەر ئىش ئالدىڭغا كەلسە، ئۇ ئىشنى ئۆزۈڭ پۈتۈنلەي ھەل قىلالايدىغان بولساڭمۇ، ئۆز خاھىشىڭغا بىر بىلىمە ۋە ئۆز بىلىمىڭگە ئىشىنىپ كەتمە. ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن كىشى ھەمىشە پۇشايماندىن خالىي بولالمايدۇ. باشقىلار بىلەن كېڭەشمەستىن نومۇس قىلما. ئاقىل قېرىلار ۋە يېقىن دوستلىرىڭ بىلەن پىكىرلىشىپ تۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ۋە ھېكمەت ئۆگەتكۈچى بولسىمۇ، ھەقسۇبھانە ۋەتەئالا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ: «يا مۇھەممەد، ئىشلىرىڭدا ساھابىلىرىڭ، سىرداش دوست ـ يارەنلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىن، تەدبىرى سەندىن، نۇسرىتى مەندىن» دېگەن.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، بىر كىشىنىڭ ئەقلى ئىككى كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ ۋە بىر كۆز ئىككى كۆز كۆرگەننى كۆرەلمەيدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، بىر تېۋىپ ئاغرىپ قالسا، ئۆزىگە ئۆزى داۋا قىلالمايدۇ. گەرچە تېۋىپلىق ئىلمى ئۆزىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، باشقا بىر تېۋىپنىڭ تەدبىرى ۋە داۋالىشىغا موھتاج بولىدۇ. جىنسىداشلىرىڭنىڭ بىرەر ئىشى تۈپەيلى ساڭا ھاجىتى چۈشسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشقىن. ئەمما ئۇنىڭ پۇل ـ مېلىنى كۆزلىمە. ھاجەتمەن كىشى ھەتتا سېنىڭ ھەسەت قىلغۇچى دۈشمىنىڭ بولسىمۇ، ياردىمىڭنى ئايىما. ئۇنىڭ دەردىگە يەتكىنىڭ، ئۇنىڭغا

ياردەم بەرگەنلىكىڭ تۆپەيلى، مۇرادى ھاسىل بولۇپ، مۇشەققەتتىن خالاس بولسا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئايلىنىشى مۇمكىن.

قاچانكى، ئوبدان سۆزلەرنى بىلىدىغان ۋە ئېيتىدىغان ئالىملار ئالدىڭغا سالامغا كەلسە، ئۇلارغا كۆپ ھۆرمەت بىلدۈر. ئىلتىپاتىڭنى ئايىما. تا سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ ۋە سۆھبىتىڭگە ھېرىس بولغاي! چۈنكى كىشىلەر ئارىسىدا باشقىلارنىڭ سالىمىغا ئېرىشەلمىگەن كىشى ئەڭ ناكەس كىشىدۇر.

كىشىلەرگە سۆز قىلساڭ تولا ئەزمىلىك قىلما. چۈنكى دانالار سۆز قىلغاندا ئەزمىلىك ـ سۇسلۇق قىلمايدۇ. گەرچە ھۆكۈما بولسىمۇ، سۇس ـ ئەزمىلىك بىلەن سۆز قىلسا، ئۇنىڭ ھېكمىتى ھېكمەت بولماي قالىدۇ، سۆزىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇي تاپاي دېسەڭ، سۆزلەشنىڭ شەرتلىرىنى بىل، ناتىقلىقنى ئۆگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# يەتتىنچى باب

## سۆزلىمەك ۋە سۆزنىڭ ياخشى ـ يامىنىنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، سۆز سۆزلىگىن، لېكىن يالغان سۆزلىمىگىن. ئۆزۈڭنى يالغانچىلىق بىلەن مەشھۇر قىلما. راست سۆزلۈك ۋە راستچىللىق بىلەن شۆھرەتلەن. ناۋادا، زۆرۈرىيەتتىن يالغان ئېيتىپ سالساڭمۇ، باشقىلار قوبۇل قىلىۋالىدۇ. شۇڭا، ئىمكان بار راست سۆزلىگىن. ھەتتا يالغانغا ئوخشايدىغان راست سۆزنى ھەم دېمە. چۈنكى يالغانغا ئوخشايدىغان راست سۆزدىن راستقا ئوخشايدىغان يالغان سۆز ياخشىراقتۇر. بەزى ھاللاردا كىشىلەر راست سۆزنى قوبۇل قىلماي، يالغاننى قوبۇل قىلىۋالىدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت راستچىل بولۇشقا تىرىش. بولمىسا ئەبۇس ـ سەۋاد بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدىكىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسەن:

شاھ بىنى ئەبۇل ـ فەزل رەھمەتۇللاھۇ ئەلەيھىنىڭ زامانىدا مەن ھەج زىيارىتىدىن قايتىپ كەلگەن يىلى، غازات قىلغىلى گەنجەگە باردىم. ھىندىستان غازىتىنى تولا قىلغان، جەڭلەردە تولا يۈرگەنىدىم. شۇڭا رۇم غازىتىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولدۇم (شۇ زامانلاردا رۇمنىڭ چېگرىسى گەنجە دېيىلىدىغان بىر مەملىكەتكە قەدەر سوزۇلاتتى).

ئەمىر ئەبۇس ـ سەۋاد ئۇلۇغ پادىشاھ، قەيسەر ۋە دانىشمەن، خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئادىل ۋە باتۇر، ناتىق،

يىراقنى كۆرىدىغان كىشى ئىدى (ئۆتكەن شۇ قەدەر ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ پادىشاھ ئەمىر ئەبۇس ـ سەۋادنىڭ بوۋىسى ئىدى). مەن ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا بارغانىدىم. مېنى كۆرۈپلا بىسيار ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئالدىمغا كەلدى. ئارىمىزدا نۇرغۇن سۆھبەتلەر بولدى. ئۇ تۆرلۈك سوئاللارنى سورايتتى. مەن جاۋاب بېرەتتىم. مېنىڭ بەرگەن ھەربىر جاۋابىم، قىلغان سۆزلىرىم ئۇ زاتقا تولىمۇ ماقۇل كېلەتتى. ئۇ كۆپتىن ـ كۆپ ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ مېنى قايتقىلى قويمىدى. مەن ھەم بۇ قاتارلىق ئېھسان، مەرھەمەت تۇيەيلى كۆڭۈل باغلاپ گەنجەدە نەچچە يىل تۇرۇپ قالدىم. ھەمىشە مەجلىستە، يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتىم. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ مەندىن تۆرلۈك سوئاللارنى سوراپ تۇراتتى. [بىر كۈنى گەپتىن گەپ چىقىپ گۇرگان توغرىسىدىكى مۇنۇ ھېكايىنى] بايان قىلدىم:

گۇرگان شەھىرىنىڭ سەھراسىدا بىر كەنت بار. ئۇ كەنتتىن يىراقراق بىر بۇلاق بار. ئاياللار سۇ ئۈچۈن شۇ بۇلاققا بېرىپ قاپاق ۋە سوغىلىرىدا سۇ ئېلىپ كېلىدۇ. سۇغا بارغانلار سۇ ئېلىپ قايتقۇچە دىققەت بىلەن مېڭىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ زېمىندا يېشىل قۇرت كۆپ بولۇپ، سۇ ئېلىپ كەلگەن كىشى ھەر يەردە شۇ قۇرتنى كۆرسە، ئېلىپ يولنىڭ چېتىگە تاشلىۋېتىدۇ. ناۋادا قۇرت سۇ يۈدىگەن ئاياللاردىن بىرەرسىنىڭ ئايىغىغا دەسسىلىپ ئۆلسە، شۇ زامان يېنىدا ئېلىۋالغان سۇيى سېسىپ بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈدۈپ كەلگەن سۇيىنى تۆكۈۋېتىپ، بۇلاقتىن قايتا بېرىپ سۇ ئېلىپ كېلىشى لازىم.

قاچانكى، ئەمىر ئەبۇس ـ سەۋاد بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، مەندىن يۈزىنى ئۆرىدى. خېلى

كۆڭلەرگىچە ماڭا ئىلگىرىكىدەك ئىلتىپاتلىق مۇئامىلىدە بولمىدى.

[بىر كۈنى ئەمىرنىڭ] يېقىنلىرىدىن بىرى ماڭا:

ئەمىر ئەبۇس ـ سەۋاد سەندىن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ: «مېنىڭ سۆھبىتىمدە نېمە ئۈچۈن گۆدەكلەرگە ئېيتىپ بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ؟» دەپ كۆڭلى رەنجىپ قاپتۇ دېدى. مەن دەرھال گەنجە شەھىرىدىن گۇرگان شەھىرىگە: «شەھەردە بارلىكى قازى، خەتىب ۋە ھاكىم، ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىنى بىلدۈرۈپ، شۇ كەنتنى، كەنتنىڭ چېتىدىكى شۇ قۇدۇقنى، قۇدۇقنىڭ ئەھۋالىنى نامە قىلىپ پۈتۈپ، مۆھۈرلىرىنى بېسىپ ئەۋەتسۇن» دەپ ئەلچى ماڭدۇردۇم. تۆت ئايدىن كېيىن نامە كەلدى. ئۇ كەنت، قۇدۇق (بۇلاق) ۋە قۇرتلار توغرىسىدىكى بايانلار مېنىڭ ئېيتقانلىرىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەن تۆت ئايدا ئەمىرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ مۆھۈرلۈك خەتنى ئەبۇس ـ سەۋادنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ زات خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

ـــ ساڭا ئوخشاش كىشىنىڭ ھەرگىز يالغان ئېيتمايدىغانلىقىنى، خۇسۇسەن، مېنىڭ ئالدىمدا يالغان ئېيتمايدىغانلىقىڭنى ئوبدان بىلەتتىم. ئەمما شۇنداق راست سۆزنى نېمە ئۈچۈن ئېيتىسەن؟! شۇ سۆزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆت ئاي داۋامىدا نەچچىلىگەن ئىلىم ئەھلىنىڭ مۇشەققىتىنى قوبۇل قىلدىڭ ۋە بۇ قەدەر جاپاغا گىرىپتار بولدۇڭ. ـ دېدى.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، سۆز تۆت قىسىم بولىدۇ: بىرى شۇكى، بىلگۈلۈك ھەم ئەمەس، ئېيتقۇلۇق ھەم ئەمەس (بىلمە ھەم سۆزلىمە)؛ ئىككىنچىسى، ھەم بىلگۈلۈك ۋە ھەم ئېيتقۇلۇق



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىڭى ئادرىسى

(بىلىۋال ھەم سۆزلە)؛ ئۈچىنچى، ئېيتقۇلۇق، ئەمما بىلگۈلۈك ئەمەس (سۆزلە لېكىن بىلمە)؛ تۆتىنچىسى، بىلگۈلۈك، ئەمما ئېيتقۇلۇق ئەمەس (بىلىپ قوي ئەمما سۆزلىمە). ھەم بىلگۈلۈك ۋە ھەم ئېيتقۇلۇق (بىلىۋال ھەم سۆزلە) دېگىنىم شۇكى، بىلىۋېلىشقا ھەم ئېيتىشقا تېگىشلىك سۆزلەر دىنىڭ ۋە ماكانىڭنى مەدھىيىلەيدىغان، ياخشى تەرىپىنى قىلىدىغان، بۇ جاھان ھەم ئۇ جاھاندا، يەنى ئىككىلا ئالەمدە پايدىلىق سۆزلەردۇر. بۇنداق سۆزلەر ئېيتقۇچىغىمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

بىلگۈلۈك، ئەمما ئېيتقۇلۇق ئەمەس (بىلىپ قوي ئەمما سۆزلىمە) دېگىنىم شۇكى، بىرەر ئۇلۇغ كىشىنىڭ ۋە ياكى بىرەر دوستۇڭنىڭ ئەيىبى ساڭا مەلۇم بولسا، يەنى ئەقىل ۋە تەدبىر تۈپەيلى شەرىئەت ھۆكۈمىدىن تاشقىرى ئالەم ئىشلىرىغا مۇخالىپ بىرەر ئىش يۈز بەرسە، ناۋادا باشقىلارغا ئېيتساڭ، ئۇلۇغلار سەندىن ئاغرىنىدۇ، دوستۇڭغا ئازار يېتىدۇ ياكى شۇ ئىش سەۋەبىلىك غوۋغا ـ ئەنسىزلىك پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق سۆزلەرنى بىلگۈلۈك، ئەمما ئېيتقۇلۇق ئەمەس.

ئېيتقۇلۇق، ئەمما بىلگۈلۈك ئەمەس (سۆزلە، لېكىن بىلمە) دېگىنىم شۇكى، خۇدايىتائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن)نىڭ ھەدىسلىرىگە قارىتا ئۆلىمالار ئۆز چۈشەنچىلىرى بويىچە شەرھىي يازغان ۋە تەپسىر قىلغان بولغاچقا، مەنىلىرىدە بەزى ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. ئەسلىدە بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى تەگرىدىن باشقىلار بىلمەيدۇ. شۇڭا بۇ شەرھىي ۋە تەپسىرلەرنى ئوقۇساڭ، ئېيتساڭ

بولىدۇ، مەنىسىنى بىلمىسەڭ، ساڭا ھېچ زىيىنى يوق، تەڭرىمۇ غەزەپ قىلمايدۇ.

يۇقىرىدا تۆت تۈرلۈك سۆزنى بايان قىلدىم. بۇلاردىن ئەڭ ياخشىسى «ھەم ئېيتماق ھەم بىلمەكتۇر». ھەر بىر سۆزنىڭ ئىككى يۈزى بولىدۇ: بىرى ياخشى (يېقىملىق)، بىرى يامان (قوپال). ھەرقاچان كىشىلەرگە سۆز قىلساڭ، ياخشى (يېقىملىق) تەرىپى بىلەن سۆزلە. ياخشى (يېقىملىق) سۆزلەرنى كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە سېنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىڭنى سۆزۈڭگە قاراپ بىلىۋالالايدۇ. چۈنكى ئادەمزات تىلى ئاستىدا مەخپىيدۇر. بىراۋنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۆزىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ. سۆز شۇنچىلىك قۇدرەتكە ئىگىكى، بەزى سۆزلەر ئاڭلىغۇچىنىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ، كۆڭلىنى پەرىشان قىلىۋېتىدۇ؛ بەزى سۆزلەر روھىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭلىنى خۇشاللىققا چۈمۈلدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرىدىغان، كۆڭلىنى پەرىشان قىلىدىغان ئىبارىلەرنىڭ ئورنىغا كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان، كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان لۇغەت (ئىبارە)لەرنى ئىشلەتمەك لازىم.

ھېكايەت:

ھارۇن رەشىد ئاغزىدىن ھەممە چىشى تۆكۈلۈپ چۈش كۆردى. ئەتىسى مۇئەببىر (چۈشكە تەبىر ئېيتقۇچى)نى چىللىتىپ، چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى:

— ئەي ئەمىرۇل - مۆئمىنىن، - دېدى مۇئەببىر، سىزنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز سىزدىن بۇرۇن ئۆلگىسىدۇر، سىز ئۇلاردىن كېيىن تەنھا قالغۇدەكسىز، سىزدىن كېيىن ھېچبىر تۇغقىنىڭىز قالمايدۇ.

ھارۇن پەرمان قىلىپ دېدىكى:

— ئانداقچى، مۇنداقچى، ... كۆكۈلگە ئازار بېرىدىغان بۇ قاتارلىق سۆزلەرنى يۇزۇمدىن يۇزۇمگە ئېيتقىنىڭ نېمىسى؟! ھەممە ئۇرۇق - تۇغقىنىم كەتسە، مەن كىم بىلەن بارىمەن؟ بۇ گادايىنى يۇز تاياق ئۇرۇپ قوغلاڭلار!

ھارۇن رەشىد يەنە بىر مۇئەببىرنى چاقىرتىپ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغانىدى، ئۇ:

— سىزنىڭ بۇ چۈشىڭىز شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇكى، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقىنىڭىزنىڭ ئۆمرىدىن سىزنىڭ ئۆمرىڭىز ئۇزۇنراق بولغۇسىدۇر، دەپ تەبىر ئېيتتى.

بۇ ئىككى تەبىر، - دېدى ھارۇن، - ئەقىل يوسۇنى بىرلە بىر مەنىدىدۇر، ئەمما، ئېيتماقتا پەرقى كۆپتۇر، بۇ كىشىگە يۈز ئالتۇن بېرىڭلار!

بەس، سۆزنىڭ يۈزىنى ۋە ئارقىسىنى بىلمەك كېرەك. سۆزلىمەكچى بولساڭ، سۆزنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا قاراپ، ئوبدان تەرىپى بىلەن سۆزلە، سۆزلىسەڭ، ئەمما مەنىسىنى بىلمىسەڭ، تۇتى قۇشتىن پەرقىڭ بولماي قالىدۇ. چۈنكى تۇتى قۇش سۆزلەيدۇ، ئەمما مەنىسىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا سۆزلىگۈچى ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ سۆزلىسە، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بىر نەرسىنى بىلىۋالالايدۇ. ئۇ ھالدا سۆزلىگۈچى ھەم كىشىلەر نەزىرىدە ئاقىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، يەنى قىلغان سۆزۈڭنىڭ مەنىسىنى بىلمىسەڭ، ئاڭلىغۇچى سۆزۈڭدىن بىرەر نەرسە بىلەلمىسە، ئۇ ھالدا ھايۋانچىلىكمۇ بولالمايسەن. سۆز ئۇلۇغ. سۆزنى ئۇلۇغلا. سۆزگە ئېتىقاد قىل. سۆز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ تەڭرىنىڭ

ئىلتىپاتى بىلەن ئىنساننىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققىدۇ. گېپىرى كەلگەندە، ئۆز جايىدا بىلگىنىڭنى ئايىماي سۆزلە. ئورۇنسىز جايلاردا سۆزۈڭنى زايا قىلما. يەنى پۇرسەت بولمىسا، سۆزلىمە تائەقلىڭگە، ئىلمىڭگە زۇلۇم قىلما. ئەمما ھەرنىمە دېمەكچى بولساڭ، توغرا سۆزلە. دەلىللىك بولمىسا، سۆز ھەققىدە ئىلمىي بولمىغان ئورۇنسىز دەۋالارنى قىلما. مەلۇم بىر ئىلىمدىن خەۋىرىڭ بولمىسا، يەنى بىلمەيدىغان ئىلىمگە نىسبەتەن بىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالما ھەم ئۇنىڭدىن نان (پايدا) تەلەپ قىلما. ئەگەر بىلگەن، ئۆگەنگەن بولساڭ، شۇ بىلگەن، ئۆگەنگەن ئىلىم ۋە ھۈنىرىڭنى ئەمەلدە كۆرسەت، مەقسىتىڭ ھاسىل بولىدۇ. بىلمىسەڭ، ئۆگەنمىسەڭ، ھېچنېمە ھاسىل بولمايدۇ.

ھېكايەت قىلىنىشىچە:

خۇسرەۋنىڭ ۋاقتىدا بىر ئايال مەسىلە سورىغىلى بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مەسىلە سورىدى. بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاب ئېيتقۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. شۇڭا «بىلمەيمەن»دېدى. ئايال دېدىكى:

— شۇنچىلىك مەسىلىگە جاۋاب ئېيتالمىساڭ، ئۇنداقتا پادىشاھ بەرگەن ئىنئام (مائاش) نى نېمە دەپ يەيسەن؟

— پادىشاھ بىلگىنىمگە بېرىدۇ، بىلمىگىنىمگە مائاش بەرمەيدۇ، — دېدى بۇزۇر جۇمھۇر.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر بىلمىسەڭ، كېلىپ سورىغىن. سوراشتىن نومۇس قىلما. سۆزلەش توغرا كەلسە، قىسقا سۆزلە. كۆپ سۆز ئۆزۈڭگە شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ. كۆپ گەپ قىلىدىغانلارنى كىشىلەر نېرەڭۋاز دەيدۇ. ھەرقانداق ئىشتا ئوتتۇرا ھال ھالەتنى

كۆزدە تۇت. چۈنكى شەرىئەت ئىگىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام): «ھەر ئىشنىڭ ئوتتۇرا ھال بولغىنى ياخشى» دېگەن. سۆزلىگەندە ياكى بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئېغىر بېسىق بول، يەڭگىللىك قىلما. كىشىلەر ئېغىر بېسىق خاراكتېرىڭنى ياقتۇرمىسا مەيلى، ئەمما ئۆزۈڭ بۇ خىل مىجەزىڭنى ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يەڭگىللىكتىن ئوبدان دەپ بىل. ساڭا مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى بىلىشكە ھەۋەس قىلما. سىرىڭنى ئۆزۈڭدىن ئۆزگىگە ئېيتمىغىن. ئەگەر ئېيتساڭ ئۇنى سىر ياكى مەخپىيەتلىك دەپ بىلمە. جامائەت ئارىسىدا يېنىڭدىكى كىشىگە پىچىرلاپ سۆزلىمە. گەرچە ياخشى سۆزلەرنى قىلغان بولساڭمۇ، ئۆزگىلەر يامان سۆز قىلدىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىدۇ. چۈنكى خېلى بىر قىسىم كىشى گۇمانخور كېلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭ ياكى سۆزلىسەڭ، تېگى - تەكتىنى بىلىپ قىل ۋە بىلىپ سۆزلە. قىلغان ئىشىڭنىڭ ۋە سۆزۈڭنىڭ ئاساسى بولسۇن، شۇندىلا خەلق سېنىڭ راست سۆزلۈك ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىدۇ. ئەگەر جامائەت ئارىسىدا ئەيىبكە قالماي دېسەڭ، بىرەر ئىش ئۈستىدە ئالدىراپ گۇۋاھلىق بەرمە. گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، ئىمكان بار ئۆزۈڭنى چەتكە ئال. كىشىلەر نېمە دېمىسۇن، دىققەت بىلەن ئاڭلا. لېكىن قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭ بىل. دېمەكچى بولغان سۆزۈڭ ئۈستىدە ئاۋۋال ئوبدان ئويلىنىپ، ئاندىن سۆزلە. يەنى ئويلانماي تۇرۇپ سۆزلىمە. ئويلاشنى سۆزلەشنىڭ مۇقەددىمىسى قىل. شۇندىلا قىلغان سۆزۈڭدىن پۇشايمان قىلمايسەن. ساڭا پايدىسى بولسۇن ياكى پايدىسى بولمىسۇن، ھەرقانداق سۆزنى زېرىكمەي - تېرىكمەي ئاڭلا. سەن تۆپەيلى دېيىلىۋاتقان سۆز ئۇزۇلۇپ

قالمىسۇن. كىشىلەرگە سوغۇق سۆزلىمە، يەنى ئاچچىقلىما. سوغۇق سۆز دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. گەرچە داغا (بىلىملىك) بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى نادان (بىلىمسىز) دەپ تونۇ. تاكى ئۆگەنمەك يولى ساڭا ئوچۇق بولغاي!

بىراۋ سۆز قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمە. ئالدىراپ ھەم ماختىما. سۆزلىگۈچىنىڭ ئەيىبىمۇ، ھۈنىرى (پەزىلىتى)مۇ ساڭا مەلۇم بولىدۇ. ئاۋامغا سۆز قىلغاندا چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلە، ئەمما ھېكمەت (ئىلىم) دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمە. ئاڭلىغۇچىغا ئۇۋال بولمىسۇن. يەنى ئاڭلىغۇچى سۆزۈڭنى چۈشىنەلمەي قىينىلىپ قالمىسۇن. ئىمكان بار خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە سۆزلىگىن. تا ھەر قوۋمنىڭ ئارىسىغا كىرسەڭ سالامەت چىقالايسەن. ھەرقانچە سۆزمەن (ناتىق) بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى بىلگىنىڭدىن كەمرەك كۆرسەت. سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالما. ھەرقانداق سورۇندا كۆپ ئاڭلا، ئاز سۆزلە. ئەمما ئاز ئاڭلاپ، كۆپ سۆزلەيدىغانلاردىن بولۇپ قالما. چۈنكى تولا سۆزلەش ئەيىبتۇر. ھۆكۈمالار:

«خامۇشلۇق، يەنى سۈكۈتتە تۇرۇش — ئىككىنچى سالامەتلىكتۇر، تولا سۆزلىگەن — ئىككىنچى ئەخمەقتۇر» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تولا سۆزلۈك، يەنى كۆپ گەپ قىلىدىغان كىشىنى ھەرقانچە دانا، ئەقىللىق بولسىمۇ، ئاددىي خەلق ئەقىلسىزلەر قاتارىدا سانايدۇ؛ ئەگەر نادان، كەم ئەقىل بولسىمۇ، ئاز سۆزلىگەن كىشىنى، ئۇنىڭ سۈكۈتتە تۇرغانلىقىغا قاراپ ئاقىللار قاتارىدا سانايدۇ. ھەرقانچە پاك، تەقۋادار بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى ماختىغۇچى بولما. چۈنكى كىشى ئۆزى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرسە، ھېچكىم ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل

كـۆرمـەيدۇ. تـوخـتـىمـاي تـىـرىـش، ئـەمـمـا ئـۆزۈڭـنـى ئـۆزۈڭ مەدھىيىلىمە، سىنى خەلق مەدھىيىلىسۇن. ئەگەر بىلسەڭ، لازىملىق يېرىنى دېگىن. لازىمى يوق سۆزلەرنى دېمە. تاكى دېگەن سۆزۈڭ تۆپەيلى ئۇۋاللىق يەتمىسۇن.

سەئىدزادە زەنگان شەھىرىنىڭ مۇپتىسىغا دېدىكى:

ئاڭلىشىمچە، ساھىب خەلىلنىڭ زامانىدا زەنگان شەھىرىدە بىر مەردى كەلان بار ئىدى. ئۇ ئىمام شافىئىنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى كاتتىلىرىدىن بولۇپ، مۇپتى (پەتىۋا بەرگۈچى) ۋە مۇدەررىس كىشى ئىدى.

شەھەر رەئىسى ۋە ئۇلۇغىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇمۇ سەئىد ــ كاتتا مەرتىۋىلىك كىشى ئىدى. ھەممىشە بۇ ئىككى بۇزرۇك ئارىسىدا مۇنازىرە ۋە سۆھبەت (تالاش ـ تارتىش) بولۇپ تۇراتتى. بەزىدە بىر ـ بىرىگە غايىبانە (يوشۇرۇن) تەنىلەر قىلىشاتتى. بىر كۈنى سەئىد مۇدەررىس دەرس ۋاقتىدا كۈرسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۇپتىنى «كاپىر» دېدى. بۇ سۆز مۇپتىغا ئاڭلاندى. مۇپتىمۇ دەرس ۋاقتىدا كۈرسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەئىد مۇدەررىسنى «ھارامزادە» دېدى. بۇ سۆزمۇ سەئىدكە يەتكۈزۈلدى. سەئىد ئورنىدىن قوپتى ۋە مۇپتىدىن ئۆچ ئېلىش قەستىدە شىكايەت قىلىش ئۈچۈن ساھىب خەلىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ:

ــ مۇپتى مەندەك بىر پەرزەنتى رەسۇلۇللاھنى «ھارامزادە» دەپ تىللىدى. سىزدەك ئۇلۇغ كىشىنىڭ زامانىدا بۇنداق ئاتاش راۋامۇ؟! ـ دېدى.

ساھىب خەلىل بۇ سۆزدىن ئاچچىقلىنىپ:

ــ شەھەرنىڭ بارلىق ئۆلىما، ئالىم ۋە كاتتىلىرى

يىغىلسۇن! ـ دەپ پەرمان قىلدى ۋە چىقىپ دىۋانخانىدا ئولتۇردى. ئاندىن مۇپتىنى چاقىرتىپ:

— ئەي شەيخ، سىز ئىمام شافىئىنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى كاتتا ئالىم ۋە قازى تۇرۇقلۇق، ياشىنىپ قالغىنىڭىزغا قارىماي پەرزەنتى رەسۇلۇللاھنى «ھارامزادە» دەپسىز. بۇ سۆزنى دېيىش سىزگە لايىق ئەمەسىدى. ئەمدى سىز بۇ سۆزنى دېگەن ئىكەنسىز، ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاڭ. ئېيتقان سۆزىڭىزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىمىسىڭىز، شۇنداق قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەت يەتكۈزەيكى، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئازاب بولمىغاي! بۇ ئەلۋەتتە شەرىئەتتە ۋاجىپتۇر. تاكى خالايىق ئىبرەت ئالسۇن. مۇندىن كېيىن كىشىلەر بۇنداق بىئەدەپلىكنى قىلمايدىغان بولسۇن! ـ دېدى. مۇپتى دېدىكى:

— بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا ئۇشبۇ سەئىدنىڭ ئۆز سۆزى ئۆزى ئۈچۈن ياخشى گۇۋاھتۇر. مېنىڭ سۆزۈم بويىچە بولغاندا، سەئىد پاك، ھالالزادە ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ھارامزادەدۇر.

ساھىب خەلىل سورىدى:

— بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

مۇپتى دېدىكى:

— شەھەر خەلقى بىلىپ تۇرۇپتۇ. سەئىدنىڭ ئاتىسىغا ئانىسىنى مەن نىكاھلاپ قويغانىدىم. ئۇ مېنى ئاشكارا «كاپىر»دېدى. ئەگەر بۇ سۆزنى ئېتىقادى بىلەن (چىن كۆڭلىدىن) دېگەن بولسا، «كاپىر» گۇۋاھ بولغان نىكاھ دۇرۇس ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ مۇشۇ سۆزى بىلەن شەكسىز «ھارامزادە»دۇر. ئەگەر ئېتىقادى بىلەن ئېيتمىغان بولسا، ئۇ ھالدا يالغان ئېيتقان بولىدۇ. پەرزەنتى رەسۇلۇللاھ يالغانچى بولسا، يەنى يالغان



www.uyghurkitap.com

ئېيتسا بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا خەلق ھەم ئۇنى يالغانچى دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىدىن بىرىگە توختاش كېرەك.

مۇپتىنىڭ بۇ سۆزىگە سەئىد زادە ھېچ جاۋاب تاپالمىدى. خىجالەتتىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇيلانماستىن دەپ سالغان سۆزى ئۆزىنى ئۇۋالچىلىققا قويدى.

ئەي ئوغۇل، سەن ھەم سۆز قىل، ئەمما بىھۇدە سۆزلەرنى قىلما. بىھۇدە سۆزلەش دىۋانە ۋە مەجنۇنلارنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. ھەرقانداق كىشىگە سۆز قىلماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ مىجەزىگە قارا. ئۇ كىشى سېنىڭ سۆزۈڭگە خېرىدارمۇ ياكى خېرىدار ئەمەسمۇ، يەنى سېنىڭ سۆزۈڭگە قىزىقامدۇ ياكى قىزىقمامدۇ؟ ئەگەر خېرىدار بولسا، يەنى قىزىقسا، «مېلىڭ»نى ئۇنىڭغا كۆرسەتكىن. ئەگەر خېرىدار بولمىسا، يەنى قىزىقمىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭغا خۇش كەلگۈدەك سۆزنى دە، تاكى سېنىڭ سۆزۈڭگە قىزىقىدىغان بولسۇن. ئەل ئىچىگە كىرسەڭ ئەلدەك بول. ئەل ئىچىدە «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سوغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەن مەسەل بار ئەمەسمۇ؟! ئادەمگە قوشۇلساڭ، ئادەمدەك بول. ئەل بۆلەكتۇر، ئادەمىيلىك (ئادەمگەرچىلىك) بۆلەكتۇر. غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ھەرقانداق كىشى ئەل ئىچىدە مەن ئېيتقاندەك ھايات كەچۈرسۇن. ئىمكانىيىتىڭ بولسىلا، سۆز ئاڭلاشتىن زېرىكمە. كىشى سۆز ئاڭلىماق بىلەن سۆزمەن (سۆزگە ئۇستا، ناتىق) بولىدۇ. مىسالى، بىر گۆدەكنى ئانىسىدىن تۇغۇلۇشى بىلەنلا، كىشى يوق خىلۋەت يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، شۇ يەردە پەرۋىش قىلسا، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ياكى ئىنىكئانىسى ئۇنىڭغا سۆزلىمىسە ياكى ئۇ ھېچ

كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقمىسا، كامالەتكە يېتىپ چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ گاچا بولىدۇ. ھېچقانداق سۆزنى بىلمەيدۇ. پەقەت بىر مەزگىل خەلققە ئارىلىشىپ ياشىغاندىلا، ئاندىن سۆز قىلىشنى ئۆگىنەلەيدۇ. بۇ خۇددى ئانىسىدىن گاچا ھالەتتە تۇغۇلغان گۆدەكلەرنىڭ قۇلىقىمۇ پاك بولىدىغانلىقىغا ئوخشاشلا بىر ئىش. چۈنكى سۆزنى ئاڭلىيالمىغان بالا سۆزلەشنىمۇ بىلمەيدۇ.

ھۆكۈمالار: «پادىشاھلارنىڭ كۆزى ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا روشەندۇر، چۈنكى كۆڭۈل كۆزىنىڭ تۇتىياسى ۋە سۇرمىسى ھېكمەتتۇر» دېگەن. ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قۇلىقى، يەنى پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا. ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن كۆڭۈل بەر. نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئەنە شۇنداق ياخشى سۆزلىرىدىن نەچچە جۈملە ئېسىمدە بار ئىدى. شۇلاردىن ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى بۇ كىتابتا بايان قىلدىم. شۇنى بىلگىنكى، پادىشاھلارنىڭ نەسىھىتىگە ئەمەل قىلماق ۋاجىپتۇر.

مەن ئىلگىرى ئۆتكەن خەلىپىلەرنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن مۇنۇلارنى ئوقۇغانىدىم:

«مەئمۇن خەلىپە نۇشىرۋان ئادىلنىڭ مازىرىغا باردى ۋە ئەزالىرىنى تامام كۆردى. ئەزالىرى پارچە ـ پارچە بولۇپ تەخت ئۈستىدە يېتىپتۇ. تەختنىڭ ئۇدۇلىغا ـ ئۆيىنىڭ تېمىغا پارس تىلىدا ئالتۇن ھەل بىلەن نەچچە قۇر خەت پۈتۈلگەنىكەن. مەئمۇن خەلىپە پەرمان بىلەن پارسچىنى بىلىدىغان ئالىملاردىن چاقىرتىپ پۈتۈلگەن ئىبارىلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدۇردى. بۇ ئىش پۈتكۈل ئەجەم[1] دىيارىغا مەشھۇر بولدى.

خەتنىڭ مەنىسى بۇ ئىدىكى:

ھايات ۋاقتىمدا خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىدىن چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى قېشىمغا كېلىپ، مېنىڭ ئادالىتىمدىن بەھرىمەن بولغانىدى. مۇندىن كېيىن ھېچ كىشى مېنىڭ خىزمىتىمگە كەلمەيدۇ ۋە مېنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمىتىمدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. چۈنكى ئاجىزلىق (يەنى، ئەجەل) زامانى يەتتى. ئامالسىزلىق ۋاقتى ماڭا چاپلاشتى. شۇڭا لەھەدنىڭ تېمىغا بىر نەچچە نەسىھەت سۆزلىرىمنى يازدۇرۇپ قويۇشتىن ئۆزگە ھېچ چارە تاپالمىدىم. ئەگەر مېنىڭ زىيارىتىمگە قەدەم قويغان ھەرقانداق كىشى ئۇشبۇ خەتنى ئوقۇسا، بىلسە، يادىغا ئېلىۋالسا ۋە ئەمەلدە كۆرسەتسە، تا مەندىن كېيىن بولسىمۇ، ئوخشاشلا مېنىڭ مەرھەمىتىمدىن مەھرۇم بولمىغان بولىدۇ.

① ئەسلىدە ئاسىيادىكى غەيرىي ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، كېيىنچە پۈتۈن ئىران زېمىنىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب

## نۇشىرۋان ئادىلنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، كېچە بىلەن كۈندۈز كېلىپ ۋە كېتىپ تۇرىدۇ. يەنى كېچە بىلەن كۈندۈز ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ئالەم ئىشلىرىنىڭ بۇنداق ئايلىنىپ تۇرۇشىدىن، يەنى بۈگۈن مۇنداق، ئەتە ئۇنداق ئۆزگىرىشلىرىدىن ھەيران بولما. بۈگۈن كەلگەن دۆلەت (ئامەت)نىڭ ئەتە كېلىدىغان قايغۇسىنى ئۇنتۇپ قالما.

خەلق پۇشايمان قىلغان (ئۆزىنى تارتقان) ئىشتىن سەنمۇ ئۆزۈڭنى تارت.

تىنچ، خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، پادشاھلار بىلەن دوستلاشما.

ئۆز شەخسىيىتى ــ نەپسى ئۈچۈن ياشايدىغان كىشىنى تىرىكلەر قاتارىدا كۆرمە.

خەلققە ئازار بەرگەن كىشىنى دۈشمەن دەپ بىل.

دوستلىرىڭنىڭ دۈشمىنىنى دوستۇم دېمىگىن.

ھۈنەرسىز (ئىلىمسىز) كىشىنى دوست تۇتما. چۈنكى ھۈنەرسىز كىشى نە دۈشمەنلىككە يارىماس، نە دوستلۇققا.

نادان، ھېچنېمە بىلمەيدىغان تۇرۇپ، ئۆزىنى دانا (بىلىملىك) ھېسابلايدىغان كىشىدىن ئۆزۈڭنى تارت.

باشقىلارغا ھاجەتمەن بولماي دېسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىل.

گەرچە كىشىلەرگە ئاچچىق ئاڭلانسىمۇ، راست سۆزلە.
دۈشمەن ئاڭلاپ قالمىسۇن دېسەڭ، دوستۇڭغىمۇ سىرىڭنى ئېيتما.
زامانىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولاي دېسەڭ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزۈڭنى چوڭ تۇتما.
خەلق ئارىسىدا قەدىر - قىممىتى يوق كىشىنى تىرىكلەر قاتارىدا سانىما.
جاپا - مۇشەققەتكە قالماي، باي، دۆلەتمەن بولاي دېسەڭ، ھەرقانداق ئىشنى ئويلاپ قىل.
ئۆزۈڭگە پايدىسىز ۋە مەنپەئەتى يوق نەرسىلەرنى ئالما. پايدىسىز ۋە مەنپەئەتى يوق نەرسىلەرنى باشقىلارغىمۇ ساتما.
ئۆزۈڭگە باراۋەر كىشىگە موھتاج بولغاندىن، ئۆلۈمنى خوپراق بىلگىن.
گاداي (يوقسۇل)نىڭ نېنى بىلەن تىرىكچىلىك قىلغاندىن، ئاچلىقتا ئۆلگەن ياخشىراقتۇر.
كۆڭلۈڭدىكى ئوي - خىيالىڭنى ئىشەنچسىز كىشىلەرگە ئېيتما، ئەمما ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئىشەنچىڭنى ھەم يوقاتما.
ئۆزۈڭدىن تۆۋەن (كەمبەغەل) ئۇرۇق - تۇغقانىغا موھتاج بولغاندىن، ئۆلۈم - مۇسىبەتنى ياخشىراق بىل. چۈنكى قۇمچاقنىڭ پاناھىدا تىرىكلىك قىلغاندىن، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلگەن ياخشىراقتۇر.
مال - دۇنياغا ھېرىس خۇداجۇي، تەقۋادار ۋە تەكەببۇر زاھىدتىن، ئۇ دۇنيالىقنى تەلەپ قىلغۇچى كەمتەر پاسىق ياخشىراقتۇر.
تېگى پەس ۋە ئىچى تار كىشى كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشكەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىنمۇ، باشقىلارغا شۇ تېگى پەس، ئىچى تار ۋە كۆزى كىچىكلىك نەزەرى بىلەن قارىسا، بۇنداق كىشى دۇنيادا ھەممىدىن نادان كىشىدۇر.

دۇنيادا ئۆزى بىلىپ تۇرۇپ دەۋا قىلىدىغان، يەنى بىلمەسلىككە سالىدىغان ۋە بىلمەي تۇرۇپ يالغان سۆزلەيدىغان يەنى ئۆزىنى بىلىدىغاندەك كۆرسىتىدىغان ئىشتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ بولماس!

بارىنى يوقۇقا خىراجەت قىلىدىغان، يەنى قولىدىكىنى قولغا كەلمەيدىغان نەرسىگە سەرپ قىلىدىغان كىشىگە ئالدانما.

بىراۋنىڭ ھاجىتى چۈشسە، شۇ ھاجەتنى ئادا قىلغۇدەك قۇدرىتى تۇرۇپمۇ ئادا قىلمىغان كىشى جاھاندا ھەممىدىن نامرات كىشىدۇر.

بىرسى سېنى يامان دېسە، ئۇ كىشىدىن، يەنى سېنى يامان دېگەن كىشىدىن، بۇ سۆزنى ساڭا يەتكۈزگەن كىشىنى يامانراق بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇر.

پايدىسى يوق ئىش ئۈچۈن بىھۇدە ۋاقىت سەرپ قىلغان كىشىنىڭ ھال ـ ئەھۋالى گويا بىرەر ئەزىز كىشىسى ئۆلۈپ مۇسىبەت يەتكەن كىشىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا ئوخشاشتۇر.

يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ قۇلى، يەنى نەپسىنىڭ قۇلى بولغاندىن، كىشىلەر ئېلىپ ـ ساتىدىغان قۇل بولغان ئەۋزەلدۇر.

ئالەم ئىشلىرىنىڭ تەجرىبە ۋە ئىمتىھانى، يەنى جەمئىيەت پاراسەتلىك قىلالمىغان ھەرقانداق كىشىنى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەدەپكە ئۆگىتىمەن، دەپ ھېچبىر ھۆكۈما رەنج ـ مۇشەققەت تارتمىغاي!

ھەرقانداق نەرسىنى ئۆز بەدىنىدىن ئاسرىماقتىن، نادانلاردىن ئاسرىماق ئاسانراقتۇر.

باشقىلار مېنى ھۆرمەتلىسۇن دېسەڭ، سەن ئاۋۋال باشقىلارنى ھۆرمەتلە.

ئەگەر سەن مېنىڭ چەككەن رەنج ـ مۇشەققىتىم (رەنج ـ مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەم) خەلق ئارىسىدا زايا بولمىسۇن، يەنى بىكار كەتمىسۇن دېسەڭ، سەن ئاۋۋال خەلقنىڭ رەنج ـ مۇشەققىتىنى، يەنى خەلقنىڭ رەنج ـ مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ئەمگەك مېۋىسىنى زايا قىلما.

ھاياتىڭنى ئاسانلىق ـ ئاسايىشلىقتا ئۆتكۈزەي دېسەڭ، يۈرۈش ـ تۇرۇشۇڭ بۆلەك، قىلغان ئىشىڭ بۆلەك بولمىسۇن.

كىشىلەر مېنى دىۋانە، يەنى ساراڭ قاتارىدا سانىمىسۇن دېسەڭ، تېپىلمايدىغان نەرسىنى ئىزدىمە.

كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇيۇم بىلەن ياشاي دېسەڭ، ياخشى خۇيلۇق بولماقنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت، يەنى ئابرۇيۇم تۆكۈلمىسۇن دېسەڭ، ھايانى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىل.

كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ـ تەنقىدىگە ئۇچرىماي دېسەڭ، قىلمىغان ئىشنى قىلغاندەك كۆرسەتمە، يەنى قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتما.

ئەگەر ئۇياتقا قالماي دېسەڭ، ئۆزۈڭ يەردە قويمىغان نەرسىنى ئۇستۇن كۆتۈرمە. يەنى خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلما.

ئەگەر ئۆزۈڭدىن تۆۋەن كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالماي دېسەڭ، ئۇلۇغلارنى كەمسىتمە.

ئەگەر تۈگىمەس پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، كۆڭلۈڭنىڭ خاھىشىچە ئىش قىلما.

ئەگەر ئۇلۇغلار، زېرەك ئادەملەر جۇملىسىدىن بولاي دېسەڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزگىلەرنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈپ باق.

ئەگەر قەدىر ـ قىممىتىمنى ساقلاي دېسەڭ، ئاۋۋال

ئۆزگىلەرنىڭ قەدرىنى بىلگىن.

ئەگەر كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشەي دېسەڭ، پاراسەتسىز، كەم ئەقىل كىشىلەرگە سىرىڭنى ئاشكارا قىلما.

ئەگەر خەلق ئارىسىدا ئابرۇي تاپاي دېسەڭ، ئاش ـ نېنىڭنى يەنى داستىخىنىڭنى كەڭرى قىل.

ئەگەر خەلق ئىچىدە ئۆزۈڭنى ئازادە تۇتاي دېسەڭ، كۆڭلۈڭدە تەمەگە يول بەرمە، يەنى تەمەگەر بولمىغىن.

كىشىلەرنىڭ دادىغا يەتكۈچىلەردىن بولاي دېسەڭ، ئىمكانىيىتىڭنىڭ بارىچە نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بول.

ئەگەر كىشىلەرنىڭ يامان دېيىشىدىن، يەنى يامان ئاتاققا قېلىشتىن ساقلىناي دېسەڭ، كىشىلەرنى كەينىدىن ماختا.

ئەگەر خەلق مېنى كۆڭلىدە دوست تۇتسۇن، مەندىن ئاغرىنمىسۇن دېسەڭ، خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە سۆزلە.

ئەگەر كۆڭلۈمگە ئازار ـ زەخمەت يەتمىسۇن دېسەڭ، نادان كىشىلەر بىلەن مۇنازىرە قىلما ۋە سۆزلەشمە.

ئەگەر تىلىم ئۇزۇن بولسۇن دېسەڭ، قولۇڭنى ئۇچۇق تۇت.

نوشىرۋان ئادىلنىڭ نەسىھەتلىرى شۇ ئىدى. ئېسىمدە بارىچە بايان قىلدىم. بۇ سۆزلەرنى، يەنى نەسىھەتلەرنى ئاددىي كۆرمە، ئۇبدان ئۇقۇ. بۇ سۆزلەردىن ھېكمەتنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. چۈنكى بۇ ئىبارىلەر ھۆكۈمالار ۋە پادىشاھلارنىڭ سۆزلىرىدۇر. شۇنى ئاڭلىغىنىكى، بۇ سۆزلەرنى ياش ۋاقتىڭدا ئوبدان ئۆزلەشتۈر. قېرىغاندا ھېكمەت سۆزلىرىنى ئاڭلاش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. چۈنكى قېرىلار ئۈچۈن زامانىنىڭ تەجرىبە ۋە ئىمتىھانلىرى يېتەرلىكتۇر، يەنى قېرىلار نۇرغۇن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

## توققۇزىنچى باب

# يىگىتلىك ۋە قېرىلىقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، گەرچە يىگىت بولساڭمۇ، ئەقلىڭ قېرىلارنىڭ ئەقلىدەك بولسۇن. بۇ ھەرگىزمۇ يىگىتلىكنى تاشلا دېگىنىم ئەمەس. بەلكى ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، باتۇر بول، بوشاڭ يىگىتلەردىن بولۇپ قالما دېگەنلىكتۇر. يىگىتلىك ۋاقتىدا ئادەمدە بىر خىل شوخلۇق ۋە بىپەرۋالىقلار بولۇپ تۇرىدۇ. ئەرەستايىش ھەكىم: «يىگىتلىك — ساراڭلىقنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسى (دەرىجىسى)دۇر» دېگەن. ئەمما جاھىل ۋە تۇرۇك (بىلىمسىز) يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولما. گەرچە شوخلۇقنىڭ ھېچبىر زىيىنى بولمىسىمۇ، لېكىن بارلىق بالايىئاپەتنى جاھىللىق ۋە تۇرۇكلۇك (ئىلىمسىزلىك) پەيدا قىلىدۇ. يىگىتلىكتىن بەھرە ئالغىن، ئەمما چېكى بولسۇن، يەنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمە. بولمىسا، قېرىغاندا ئۆزۈڭنى يىغالمايسەن ۋە توختىتالمايسەن. ياشانغان بىر كىشىنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ باق:

«ئەگەر ۋاقتى يېتىپ قېرىپ كەتسەم قانداق قىلارمەن. ئۇ چاغدا يىگىتلەر، خۇشرۇيلار مېنى خالىمايدىغان بولۇپ قالارمۇ، دەپ نەچچە يىل ھەسرەت تارتىپ غەم يېگەنىدىم. مانا ئەمدى قېرىدىم. بىراق مەن ئۆزۈم ئۇلارنى (يىگىتلەرنىمۇ، خۇشرۇيلارنىمۇ) خالىمايدىغان بولۇپ قالدىم. خالىسامۇ ئۇلار

www.uyghurkitap.com

كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ.»

— ئەي ئوغۇل، ياش ۋە يىگىتلىك دەۋرىڭدىمۇ خۇدايىتائالانى ئۇنتۇما. ئۆلۈمنى ئېسىڭدىن چىقارما. ئۆلۈم ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ. ئۆلۈم باشقا كەلگەندە، نە قېرىغىمۇ نە ياشقىمۇ چارە يوقتۇر:

باقماس ئۆلۈم قارى بىرلە ياشقە،<br>
چارە نەدۇر يەتسە ئۆلۈم باشقە.

**ھېكايەت:**

ھىرى شەھىرىدە تىككۈچىلىك ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر كىشى بار ئىدى. دۇكىنى قەبرىستانىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىدى. ئۇ بىر مىخقا بىر كوزىنى ئېسىپ قويغان بولۇپ، قاچانكى كىشىلەر شەھەردىن جىنازا كۆتۈرۈپ كەلسە، شۇ كوزىغا بىر تال تاش سالىدىكەن. ھەر ئايدا بىر قېتىم كوزىدىكى تاشنى تۆكۈپ ساناپ، بۇ ئايدا مۇنچە كىشى ئۆلۈپتۇ، دەپ ھېساب قىلىپ، يەنە كوزىنى ئېسىپ قويىدىكەن. تا يەنە بىر ئاي توشقاندا تۆكۈپ يەنە ھېساب قىلىپ، يەنە يىغىۋاشتىن بىر جىنازا (ھەربىر مېيىت) ئۈچۈن بىر تال تاش سالىدىكەن. ئۇ (تىككۈچى) نەچچە يىلنى ئۇشبۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزۈپ، بىر كۈنى ۋاپات بوپتۇ. بىر كىشى تىككۈچىنىڭ ئۆلگىنىدىن خەۋىرى يوق ئۇنى ئىزدەپ كەلگەندى، ئىشىكنىڭ مەھكەم ئېتىكلىك تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە تىككۈچىنىڭ قوشنىسىدىن:

— تىككۈچى نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى. قوشنىسى دېدىكى:

— ئۇ ھەم ئۆزىنى كوزىغا سالدى.

ئەي ئوغۇل، ھوشۇڭ بىلەن بولغىن. يىگىتلىكىڭ ۋە ياشلىقىڭغا مەغرۇرلانما. خاھى تائەتتە بول، خاھى گۇناھ ئىچىدە بول، ھەرقانداق ئەھۋالدا خۇدايىتائالانى يادىڭدا تۇت. خۇدادىن مەغپىرەت تىلە: ئۆلۈمدىن قورققىن، يەنى ئەجەلنى يېقىن بىل. گۇناھ يۇكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاشۇ تىككۇچىگە ئوخشاش توساتتىن كوزىغا چۈشۈپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلە.

ئەي ئوغۇل، ھەمىشە يىگىتلەر بىلەنلا ھەمسۆھبەتتە بولىۋەرمەي، قېرىلار بىلەنمۇ ھەمسۆھبەتتە بولغىن. ھەمراھلىرىڭنى، نەۋكەرلىرىڭنى ھەم يىگىتلەر ھەم قېرىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇتقىن. ئەگەر يىگىتلەر مەغرۇرلىنىپ بىرەر خاتا سۆز قىلسا، قېرىلار ئۇنى مەنئى قىلىدۇ. چۈنكى قېرىلار يىگىتلەرگە قارىغاندا كۆپنى بىلىدۇ. ۋاھالەنكى، يىگىتلەر قېرىلارنىڭ ئۆزلىرىگە موھتاج بولىدىغانلىقى سەۋەبلىك، قېرىلارنى كەمسىتىپ زاڭلىق قىلىشىدۇ، قېرىلارغا ئارتۇقچە تەلەپ قويۇپ، ئۇلاردىن قۇسۇر ئىزدەپ ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ. ھالبۇكى، قېرىلارمۇ يىگىتلىك ئارزۇسىنى قىلىدۇ. ئەكسىچە، يىگىتلەرمۇ ھەم شەكسىز قېرىلىق ئارزۇسىدا، يەنى قېرىلاردەك ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولۇش ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئەمما پات ئارىدا راستىنلا قېرىلار قاتارىغا قوشۇلۇپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالىدۇ. بىراق چوڭقۇرلاپ مۇلاھىزە يۈرگۈزىدىغان بولساق، ھەر ئىككىسى ـــ يىگىتلەرمۇ، قېرىلارمۇ بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىشىدۇ. ئەمما، ئۆزلىرىنى ھەممىدىن دانا دەپ ھېسابلايدىغان يىگىتلەر جۈملىسىدىن بولۇپ قالما. قېرىلارنى ئىززەتلە، ھۆرمەتلە. قېرىلاردىن قاتتىق جاۋاب ئاڭلاپ قالماي دېسەڭ، قېرىلار بىلەن سۆزلەشكەندە ھۆرمەتسىزلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلما.

**ھېكايەت:**

يـۈز ياشقا كـىرگەن بىـر كىشى قـەددى پۈكۈلگـەن ھالەتتـە ھاسىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. كېتىۋاتقان بىر يىگىت بوۋاينىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

— ئەي شەيخ، بۇ ھاسىنى نەچچە پۇلغا ئالدىڭىز؟ مېنىڭمۇ بىرنى ئالغۇم بار، — دېدى. شەيخ جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئەگەر ئۆمـۈر تاپساڭ ۋە سەۋر قىلساڭ ساڭا بۇنداق ھاسىنى بىكارغا بېرىدۇ. ناۋادا شۇنداق ياشاش ساڭا نېسىپ بولسا!؟

ئەمما، ساددا ۋە ئەخمەق قېرىلار بىلەنمۇ ھەمسۆھبەتتە بولما. چۈنكى ئاقىل يىگىتلەر ئەخمەق ۋە نادان قېرىلاردىن كۆپ ياخشىدۇر. تاكى يىگىت سەن، يىگىتلىك ھالەتتە، يەنى يىگىتلەردەك بول. ناۋادا قېرىدىڭ، قېرىلىق ھالەتتە، يەنى قېرىلاردەك بول. چۈنكى قېرىغاندا يىگىتلىك ياراشمايدۇ. قېرى كىشىنىڭ يىگىتلىك قىلغىنى گويا مەغلۇپ بولغان قوشۇننىڭ جەڭدىن قېچىپ كېتىۋېتىپ كاناي چالغىنىغا ئوخشاشتۇر.

ناپاك ۋە پاسىق قېرىلاردىن قورققىن. ياسانچۇق قېرىلاردىن ھەم بولما. يىگىتلەردىن قېرىلارنىڭ قەدىردانلىقى ئۇلۇغراقتۇر. شۇ ۋەجىدىن يىگىتلەر قېرىلىقتىن ئۈمىد تۇتىدۇ. ئەمما قېرىلارنىڭ ئۆلۈمدىن باشقا ئۈمىدلىرى بولمايدۇ. بۇ شۇنىڭغا ئوخشاشكى، زىرائەت پىشىپ ئاقارسا، ئۇنى ئورۇۋېلىش (يەنى يىغىۋېلىش) كېرەك. ئەگەر ئورۇۋالمىسا، تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. مېۋە پىشقاندىن كېيىن دەرەخ ئۈستىدە تۇرمايدۇ، تۆكۈلۈپ يەرگە چۈشىدۇ. نەزمە:

ئايۇ كۈن ئۆزرە گەر پايتەختىڭ بولسۇن،
ئالەمدە سۇلەيمان كەبى بەختىڭ بولسۇن.
تاشلار تۇگەنسە ئۇمر، ھەرنە رەخشىڭ بولسۇن،
پىشقان مېۋەسىن گەرچە دەرەختىڭ بولسۇن.

ھەرقانداق نەرسە كامالىغا يەتكەندىن كېيىن زاۋاللىققا قايتىدۇ.

ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلگىنكى، سەن مۇنداق ياشلىق ھالىتىڭدە تۇرۇۋەرمەيسەن. ۋاقتىكى، يىگىتلىكىڭ قېرىلىققا ئورۇن بېرىدۇ. ئۇ چاغدا سۆزلىمەك، كۆرمەك، ئىشتمەك (ئاڭلىماق)، يۈرمەك، سىلىماق (تۇتماق) ۋە تېتىماق قاتارلىقلارنىڭ ئىشكى سېنىڭ يۈزۈڭگە يېپىلىدۇ. ئۇ ھالدا نە سەن تىرىكلىكىڭدىن خۇرسەن بولمايسەن، نە خالايىق سەندىن خۇرسەن بولمايدۇ. ھەتتا باشقىلارغا يۈك بولۇپ قالىسەن. شۇڭا نۆۋىتىدە ئۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلۈم ياخشىراقتۇر. مىسالى، ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئاپتاپقا (قۇياشقا) ئوخشاتساق، يىگىتلىكنىڭ ئاپتاپى (قۇياشى) مەشرىق بۇرجىدۇر. ئۇ سائەتمۇ سائەت يەرگە پاتىدۇ. شۇڭا مەن دەيمەنكى، شېئىر:

پىرلىق ئىلكىدە، ئەي كەيكاۋۇس[1] ئاجىز بولدۇڭ،
ئۆمر تەدبىرىنى قىلكى، ئالتىمىش ئۈچ ياشىڭ كەلدى.

شۇ سەۋەبلىك، قېرىغان كىشى (گەرچە كۆرگەن — بىلگىنى

① ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى.

كۆپ، تەجرىبىلىك بولسىمۇ) ئەقىلدىمۇ، ھەرىكەتتىمۇ يىگىتلەر بىلەن تەڭلىشەلمەيدۇ.

قېرىلارغا يۇمشاق مۇئامىلىدە بول، چۈنكى قېرىلىق شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنى ھېچ كىشى كۆرگىلى بارماس؛ قېرىلىق شۇنداق بىر زەئىپدۇركى، ئۆلۈمدىن بۆلەك ھېچ كىشى ئۇنىڭ داۋاسىنى بىلمەس.

قېرى كىشى قېرىلىقتىن ئۆلمىگۈچە ھېچبىر ئاسايىشلىقتا بولالمايدۇ. ئادەم ھەرقانداق كېسەل ـ ئاغرىققا گىرىپتار بولسىمۇ، شۇ ئاغرىق ئۆلۈمگە تاقالمىسىلا ساقىيىدۇ. ئەمما، قېرىلىق ئاغرىقى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بارىدۇكى، ئۇنىڭدىن ساقىيىش ئۇمىدىنى تۇتۇپ بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېكمەت كىتابلىرىدىن ئوقۇپ كۆردۈمكى، ئادەم ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگىچە كۈندىن كۈنگە قۇۋۋەت تېپىپ، بەدىنى كۈچلىنىپ بارىدۇ. ئاندىن كېيىن تا قىرىق ياشقا كىرگىچە ئارتۇق ۋە كەم ئەمەس، شۇ بىر خىل ھالەتتە تۇرىدۇ. گويا قۇياش ئاستا ـ ئاستا سەير قىلىپ (ئايلىنىپ) ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگىنىگە ئوخشاش.

ئادەم قىرىق ياشتىن ئۆتۈپ تا ئەللىك ياشقا كىرگىچە ھەر يىلى ئۆزىدە ئالدىنقى يىلى ھېس قىلمىغان كەم قۇۋۋەتلىكنى ھېس قىلىدۇ. ئەللىك ياشتىن تا ئاتمىش ياشقا يەتكىچە ھەر ئايدا ئۆزىدە ئالدىنقى ئايدا ھېس قىلمىغان مەلۇم نۇقسانىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى، ئايمۇ ئاي ئاجىزلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئاتمىش ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەر ھەپتە ئۆزىدە ئالدىنقى ھەپتىدە ھېس قىلمىغان مەلۇم ئىللەت ۋە كەم قۇۋۋەتلىك پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ناۋادا

سەكسەندىن ئۆتسە، ھەر سائەتتە ئۆزىدە ئالدىنقى سائەتتە ھېس قىلمىغان رەنج، كېسەل ـ ئاغرىقنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئۆمۈر لەززىتىنىڭ ئىنتىھاسى پەقەت قىرىق ياشقىچىدۇر. ۋاقتىكى، قىرىق يىل تامام بولدى، ئۆمۈر لەززىتىمۇ تاماملىغان يەتتى دېگەن سۆز. ھەتتا تۆردىن، يەنى تەختتىن ئورۇن ئالغان پادىشاھ بولسىمۇ، ھەر يىلى، ھەر ئاي، ھەر ھەپتە، ھەر كۈن ۋە ھەر سائەت شۇ تەرىقە بىلەن تۆرنىڭ، يەنى تەختنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىپ ئولتۇرسىمۇ، ئوخشاشلا شۇ ھالەتتە شەكسىز ۋە شۈبھىسىز پەسكە، يەنى پەگاغا چۈشمەي قالمايدۇ. شۇڭا ئىمكان بار كىشىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزدە. چۈنكى كىشىگە كەلگەن شۇ رەنج، ئاغرىق ھەپتە، كۈن، سائەت ئۆتمەي ساقىيمۇ كېلىدۇ.

بەس، ئەي ئوغلۇم، ۋاي كۆزۈمنىڭ نۇرى بالام. ساڭا قېرىلىق ھەققىدە ئۇزۇن ۋە ئارتۇقچە سۆز قىلدىم. چۈنكى مەن قېرىلىق ئازابىنى يەتكىچە تارتتىم. شۇ تاپتا مېنىڭ دۈشمىنىم ـ قېرىلىقتۇر. شۇڭا شىكايەت قىلسام سەن ھەيران بولما. مەن پەقەت ئۆز ئورنىدا جاننىڭ ئاپىتى بولغان قېرىلىقتىن ئىبارەت شۇ دۈشمىنىم توغرىسىدىلا شىكايەت قىلدىم. ئەسلىدە بۇنداق شىكايەتنى كىشىلەر كۆپىنچە ئەڭ يېقىن دوستىغا قىلاتتى. ئەمما مەن ساڭا قىلدىم. ئۈمىدىم شۇكى، ساڭا قىلغان بۇ شىكايەتلىرىمنى پەرزەنتىڭگە قىلىپ بەرگەيسەن. چۈنكى سېنى ھەم خۇدايىم پات پۇرسەتتە قېرىلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ. مەن بۇ توغرىدا مۇنداق ئىككى بېيت پۈتتۈم.

بېيت:

كىمگە قىلايىن شۇكۇھ بۇ پىرلىغىم دەردىن،
سورىغان كىشى دەر رۇتبە، بۇ دەرد داۋاسىدۇر.

قېرىلىقنىڭ رەنج ـ ئازابىنى ۋە ئاجىزلىقىنى قېرىلاردىن ئۆزگە كىشى بىلمەيدۇ. پەدەر بۇزرۇكۋارىمنىڭ ياساۋۇللىرىدىن بىرى بار ئىدى. ئۇنى كەلان ياساۋۇل (ئۇلۇغ ياساۋۇل) دەپ ئاتايتتى. ئۇ سەكسەندىن ئاشقان قېرى كىشى ئىدى. ئۇ ياۋاش ۋە بېسىق بىر ئات ئېلىشنى ئىختىيار قىلغانىدى، ئۇنىڭغا بىر ئات كەلتۈردى. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق ۋە سېمىز، ھەممە ئەزاسى دۇرۇس ئات ئىدى. ئۇلۇغ ياساۋۇل ئاتنى كۆرۈپ ئالمىدى. چۈنكى ئات قېرى ئىدى. ئەمما بۇ ئاتنى باشقا بىر كىشى ئالدى. مەن دېدىم:

— ئەي ياساۋۇل ئاتا، ئۇ ئاتنى پالانى كىشى ئالدى، سىز نېمە ئۈچۈن ئالمايسىز؟

ياساۋۇل دېدى:

— ئۇ ئاتنى ئالغان كىشى ياش يىگىتكەن. ئۇ قېرىلىقنىڭ رەنجى ۋە ئاغرىقىدىن بىخەۋەردۇر. ئەگەر رەڭ ـ تۇرقىغا قاراپ سېتىۋالسام ئالدانغان بولاتتىم. مەن قېرىلىقنىڭ رەنجى ۋە زەئىپلىك ئاپىتىدىن خەۋىرىم بار تۇرۇپ، بۇ قېرى ئاتنى ئېلىپ بىرەر ئاپەتكە يولۇقسام خەلق مېنى ئەيىبلىمەمدۇ!؟

ئەمما، ئەي ئوغۇل، قېرىغان ۋاقتىڭدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بىر ئورۇندا قارار تاپقىن. قېرىغاندا سەپەر قىلىش ـ ئەقلى بار كىشىنىڭ ئىشى ئەمەس. خۇسۇسەن، كۈچ ـ قۇدرىتى يوق يوقسۇل كىشىنىڭ سەپەر قىلمىقى تېخىمۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى قېرىلىق بىر دۇشمەن، يوقسۇزلۇق بىر دۇشمەن. ئىككى

دۈشمەن بىلەن بىرگە سەپەر قىلماق نادانلىق جۈملىسىدىندۇر. ئەمما زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ، يەنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇز ۋەتىنىڭدىن ئايرىلىپ يىراق، باشقا بىر يۇرتقا بېرىش ساڭا نېسىپ بولسا، خۇدايىتائالا شۇ سەپىرىڭگە رەھمەت قىلغاي! ئاۋادا شۇ سەپىرىڭ تۈپەيلى غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ساڭا ياخشىلىق قۇچاق ئاچقان بولسا، شۇ تۇپراقنى ئۇلۇغلا، ھەرگىز يۇرتۇڭنى، يەنى يۇرتۇڭغا قايتىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلما. قايسى يەردە مۇرادىڭ ھاسىل بولسا، شۇ يەردە تۇرۇپ قال. يېمەك ـ ئىچمەك، مەئىشەتىڭ قەيەردە كاپالەتكە ئىگە بولسا، شۇ يەرنى يۇرتۇم دەپ تونۇ. گەرچە «ۋەتەننى سۆيمەك ئىمان جۈملىسىدىندۇر؛ ۋەتەن ئىككىنچى ئانا» دېيىلسىمۇ، سەن كۆچۈپ بارغان ۋەتەن ئوخشاشلا ئىنىكئاناڭدۇر. بەختىڭ قەيەردە ئېچىلسا، شۇ يەردە ۋەتەن تۇت. بەختلىك ئادەمگە ئالەم قۇچاق ئاچىدۇ. بەختسىز ئادەملەرلا پەقەت ئاتا ـ ئانىنىڭ ئابرۇيى بىلەن كۈن كەچۈرىدۇ. شۇڭا سەن ئالەمنىڭ قايسى يېرىدە راۋاج تاپساڭ ۋە مەنپەئەتلىك بىر ئىشنى (كەسىپنى) قولۇڭغا ئالساڭ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ شۇ كەسىپنى پۇختىلا، ئۇنى مەھكەم تۇت. ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىنى تاپىمەن دەپ، قولۇڭدىكىدىن ئايرىلىپ قالما. چۈنكى تەمەنىڭ كەينى تۆشۈك. ئەمما، ھايات كۈنلىرىڭنى تەرتىپسىز ئۆتكۈزمە. ھەرقانداق ئىش قىلساڭ، ئۇز تەرتىپى بىلەن قىل. ھەتتا تاماق يېيىش، سۇ ئىچىش قاتارلىقلارمۇ تەرتىپ ئىچىدە بولسۇن. ئەگەر دوست ـ دۈشمەنلىرىمنىڭ ئالدىدا مەرتىۋە ۋە ئابرۇي تاپاي دېسەڭ، سېنىڭ ھال ـ ئەھۋالىڭ ئاددىي خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن يۇقىرىراق مەرتىۋىدە بولغاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# ئونىنچى باب

## تائام يېيىش تەرتىپىنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئاددىي خەلق ئۆز ئىشلىرىدا ۋاقىت ۋە تەرتىپنى ئىزدىمەيدۇ، يەنى ئاددىي خەلقتە ۋاقىت ۋە تەرتىپ قارىشى بولمايدۇ. ئۇلار ئىشلىرىنى خالىغان چاغدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇلۇغلار، ئەھلى ئىلىملەر قىلماقچى بولغان ھەربىر ئىشى ئۈچۈن ۋاقىت بەلگىلەيدۇ، يەنى بىر كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەت بولۇپ، بۇ يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ ھەر بىرىنى مەلۇم بىر ئىشقا تەيىن قىلغان بولىدۇ. ھەربىر ئىشنىڭ ئارىلىقىدا مەلۇم ۋاقىت پەرقى ھەم قويغان بولۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ ۋە قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ، يەنى ھەربىر ئىشى رەت ـ رېتى بىلەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلىقى خىزمەتكارلارغىمۇ ئاياندۇر. تا ھەر بىر ئىش ئۆز ئورنىدا رەت ـ رېتى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ.

ئەمدى ئالدى بىلەن ئاخشىمى تائام يېيىش ئادەتلىرىنى بايان قىلايلى:

ئاخشىمى تائام يېيىش ــ بازار خەلقىنىڭ ئادىتىدۇر. بىلىشىڭ كېرەككى، بۇنداق ئادەت تولىمۇ زىيانلىقتۇر. قاچان، قايسى ۋاقىتتا تاپسا، شۇ چاغدا يېيىش ــ لەشكەرلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئۇلار ۋاقىتقا قارىمايدۇ.

نەدە ئوت ـ سامان بولسا، شۇ يەردە ۋە شۇ ۋاقىتتا يېيىش ــ ھايۋانلارنىڭ ئادىتىدۇر.

بىر قېتىمدىن ئارتۇق تائام يېمەسلىك، يەنى كۈنىگە بىر ۋاخ تائام يېيىش خاسلار ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ئىشىدۇر. گەرچە بۇ ئۆزىنى سالامەت تۇتۇشنىڭ يولى بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئوزۇقلانغاندا بەدەن زەئىپلىشىپ كېتىدۇ، ماغدۇرى بولمايدۇ. شۇڭا تاماقلىنىشنىڭ مۇۋاپىق تەرتىپى شۇكى، كاتتىلار ۋە ئۇلۇغلار ئەتىگىنى خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ ئازراق تائام يەپ، يەنى ناشتا قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ھاكىمىيەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولمىقى لازىم. تا ناماز پېشىن (چۈش ۋاقتى) بولغاندا قائىدە بويىچە ئىشنى تامامىغا يەتكۈزۈپ، تائام ـ كاسىلارنى ھازىر قىلىپ، تاماقلانماق كېرەك. تائام يېگەندە ئىمكانقەدەر ئالدىرىماي ئاستا يېيىش لازىم. تائام يەۋېتىپ ھەمداستىخانلارغا، يەنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئولتۇرغان كىشىلەرگە گەپ قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، بېشىڭنى تۆۋەن قىلىپ سۆزلە، كىشىنىڭ يۈزىگە ۋە ياكى تائامغا قاراپ تۇرۇپ سۆزلىمە. ئاڭلىشىمچە:

پادىشاھ ساھىب ئاباد ئۆز كىشىلىرى بىلەن تائام يەپ ئولتۇرغانىدى. بىر كىشى قاچىسىدىن بىر لوقما تائامنى ئېلىپ ئاغزىغا سالماقچى بولدى. ساھىب ئاباد ئۇ كىشىنىڭ ئاغزىغا سالماقچى بولغان لوقمىسىدا بىر تال قىل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.ئۇ كىشىنىڭ بۇنىڭدىن، يەنى لوقمىسىدا قىل بارلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. ساھىب ئاباد:

ــ ئەي پالانى، لوقمىڭىزدىكى قىلنى ئېلىپ تاشلاڭ، ــ دېدى. ئۇ كىشى لوقمىنى قاچىسىغا سېلىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تەمشەلدى. ساھىب ئاباد:

ــ ئەي پالانى، مېھماندارچىلىق ئاخىرلاشماي تۇرۇپ،

داستىخىنىمدىن نېمە ئۈچۈن تۇرۇپ كەتتىڭىز دەپ سورىدى. ئۇ كىشى دېدىكى:

— قولۇمغا ئالغان لوقمىدىكى قىلنى كۆرۈپ تۇرغان كىشىنىڭ تائامنى يېمەك مەكرۇھدۇر.

بۇ سۆزدىن ساھىب ئاباد خىجىل بولدى.

ئەي ئوغۇل، سەن ئاۋۋال ئۆزۈڭگە مەسئۇل بولۇپ، تائام يېيىشكە تەييارلىنىپ ئولتۇر. ئاندىن تائام كەلتۈرۈشكە بۇيرۇغىن. ئۇلۇغلاردا تائام تارتىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى ئىككى تۈرلۈكتۇر: بەزىلىرى تائامنى ئاۋۋال ئۆزىگە قويۇپ، ئاندىن مېھمانغا تارتىدۇ؛ بەزىلىرى ئاۋۋال مېھمانغا تارتىپ، ئاندىن ئۆزىگە قويىدۇ. مانا بۇ ئەڭ مۇۋاپىق قائىدىدۇر. ھەم ئالىيجانابلىق، سېخىيلىق تەرىقىسىدۇر. ئاۋۋالقى قائىدە بولسا، سەيىد ـ خوجىلار رەسمىدۇر. ئەمما ئاش تارتىلغاندىن كېيىن، داستىخاننى يىغىۋېتىشكە ئالدىراپ پەرمان چۈشۈرمە، مېھمان ئالدىرىماي يەپ تويسۇن. داستىخاننى ھەممىسى تائامدىن قول يىغىپ بولدى قىلغاندا ئاندىن يىغقان تۈزۈك. ئىمكان بار داستىخاندىكى تائام يېيىلىپ تۈگىسۇن. ناۋادا سېنىڭ ئالدىڭدا تائام بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۈگىگەن بولسا، ئۇلارغا ھەم ئالدىڭدىكى تائامدىن نېسۋە بەرگىن. تائام يەۋاتقاندا قاپىقىڭ تۈرۈلۈپ، چىرايىڭ تۇتۇلۇپ قالمىسۇن. تائام ئۈستىدە تائامغا چوڭلاردىن ئىلگىرى قول سالما ھەم باشقىلار بىلەن چېدەللەشمە. چۈنكى ئۇ ياخشى ئادەت ئەمەس. بۇ توغرىدا كېيىنكى بابتا يەنە توختىلىمىز. قاچانكى تائام يېمەكنىڭ تەرتىپىنى بىلگەن بولساڭ، ئەمدى شاراب ئىچمەكنىڭ تەرتىپلىرىنى بىل ۋە ئاڭلا.

# ئون بىرىنچى باب

## شاراب ئىچمەكنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، شاراب ئىچىشنىڭ تەرتىپلىرى توغرىسىدا نەچچە كەلىمە بايان قىلاي: مەن ساڭا شاراب ئىچكىن دېمەيمەن. ئىچمىگىن ھەم دېمەيمەن. چۈنكى يىگىتلەر يىگىت ۋاقتىدا كىشىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايدۇ. قىلما دېگەن ئىشىدىن يانمايدۇ. [چوڭلار] ماڭا ھەم شاراب ئىچمە؛ دەپ نۇرغۇن قېتىم ئېيتقان. لېكىن مەن ئاڭلىمىغانىدىم. تا ئەللىك يىلدىن كېيىن خۇدايتائالانىڭ رەھمىتى مېنى توۋىغا مۇشەررەپ قىلدى. ناۋادا سۆزۈمنى ئاڭلاپ شاراب ئىچمىسەڭ ئىككىلا ئالەمدە يۈزۈڭ يورۇق بولىدۇ: بىرى، ھەقتائالانىڭ رازىلىقىغا مۇيەسسەر بولىسەن؛ يەنە بىرى، كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن، نادانلار بىلەن ھەمداستىخان بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالىسەن. قولدىن كەلمەيدىغان، مۇمكىن بولمايدىغان قىلىق ۋە ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىشتىن ساقلىنالايسەن. ئىشلىرىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ياخشىلىق بىلەن روناق تاپىدۇ. لېكىن يىگىت سەن، بىلىمەنكى، يامان ھەمراھلىرىڭ سېنىڭ ئىچمىگىنىڭگە قويمايدۇ. شۇڭا «يامان سۆھبەتداشتىن تەنھالىق ياخشى، يەنى يامان كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرغاندىن تەنھا ئۆتكەن ياخشى» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. ناۋادا شاراب ئىچىپ قالساڭ، كۆڭلۈڭنى

توۋا بىلەن تۇت. قىلغان تۇۋاڭ ئۈچۈن ھەقسۇبھانە ۋەتائالادىن تەۋپىق تىلە. سەھۋەنلىكلىرىڭدىن ھەمىشە پۇشايمان قىل، قىلغان تۇۋاڭ ۋە پۇشايمانلىرىڭنىڭ بەدىلىگە ھەقسۇبھانە ۋە تائالا پەزلى كەرىمى بىلەن ساڭا تەۋپىق نېسىپ قىلغاي!

مەيزاب (شاراب) ئىچمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنى قايسى تەرىقىدە ئىچىدىغانلىقىنى بىلىۋال. ئەگەر تەرتىپ ـ قائىدىلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ ئىچسەڭ، ئىچكەن شاراب سەن ئۈچۈن ئوغا بولىدۇ. تەرتىپلىرىنى بىلسەڭ، دەرھەقىقەت، ئۇ سەن ئۈچۈن تەرياك (زەھەر قايتۇرغۇچى دورا) بولىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەك ـ تائام ۋە شارابلارنى كۆرۈپ ھەددىدىن زىيادە ئىچسەڭ ۋە يېسەڭ ئۇ زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن، نەزمە:

ئەگەر تەرياك بولسۇن بولغۇسى زەھەر،
گەر ئىچسە تاشقارى ئەندازەسىدىن.

ناۋادا تائام يېگەندىن كېيىن ئۇسساپ كەتسەڭ، ئۈچ مەرتىۋە ئۇسسۇلۇق ئىچىپ، ئاندىن مەيزاب ئىچ، يەنى ئۇسسۇلۇق ئىچمەي تۇرۇپ مەيزاب ئىچمە. ئەگەر ئۇسسىمىغان بولساڭ، تائامدىن كېيىن ئۈچ سائەت تەخىر قىل. ئاندىن مەيزاب ئىچسەڭ بولىدۇ. ئەگەر ئاشقازان قۇۋۋەتلىك، يەنى كۈچلۈك ۋە ياخشى بولسا، قانچىلىك تائام يېگەن ۋە قانچىلىك شاراب ئىچكەن بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، يەتتە سائەتتە ھەزىم قىلىنىپ بولىدۇ، يەنى ئاشقازان يېمەكلىكنى ئۈچ سائەتتە پىششىقلايدۇ، يەنى ئۈچ سائەتتە تائامنىڭ قۇۋۋىتىنى سۈزۈۋېلىپ جىگەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. جىگەر باشقا ئەزالارغا تەقسىم قىلىدۇ. جىگەر تەقسىم



www.uyghurkitap.com

قىلغۇچى ئەزادۇر. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن قالغان كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئۈچەيگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاشقازان سەككىزىنچى سائەتتە ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنى ئاشقازان ئەمەس، قاپاق دېيىش كېرەك. شۇڭا تائام يەپ ئۈچ سائەتتىن كېيىن مەيزاب (شاراب) ئىچسەڭ ھەم تائامدىن بەھرە ئالالايسەن ھەم شارابتىن ھۇزۇر تاپالايسەن.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، شاراب ئىچىدىغان خۇش تەبىئەت مەيپەرەسلەرنىڭ ئۈچ تۈرلۈك قائىدىسى بولىدۇ:

بىرى، «سەلاسەئى غەسساله» (ئۈچ قېتىم يۇيۇش)؛ يەنە بىرى، «خەمسەئى ھازىمە» (بەش قېتىم ھەزىم قىلىش)؛ ئۈچىنچىسى، «سەبئەئى نايىمە» (يەتتە قېتىم ئۇخلىتىش). ئۇلارنى بۇ يەردە بايان سەھىپىسىگە سىزماق ۋە تەقدىر رىشتىسىگە تىزماق لازىم كەلدى:

«سەلاسەئى غەسساله» (ئۈچ قېتىم يۇيۇش) دېگىنى شۇكى، ئەيش - ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان مەيخورلار شاراب بەزمىسى قۇرماقچى بولسا، ئاۋۋال ئۈچ پىيالە ئىچىۋالىدۇ. بۇ ئۈچ پىيالە مەينى ئۇلار ئۆز چۈشەنچىلىرى بويىچە «غەسساله» (پاك قىلغۇچى) دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاۋۋال ئىچىۋالغان بۇ ئۈچ پىيالە مەي دىلنى غەشلىكتىن پاك قىلىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، كەيپىنى چاغ قىلارمىش؛

ئىككىنچى قەدەمدە نۆۋەتنى «خەمسەئى ھازىمە»گە بېرىشىدۇ، يەنى ئىشتىھا بىلەن يېمەكلىككە تۇتۇش قىلىدۇ. بۇ مەيپەرەسلەرنىڭ يەنە بىر قائىدىسى بولۇپ، تويۇنۇپ يېيىلگەن بۇ غىزا ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھەزىم قىلىشنى ياخشىلاپ، زەھەر

قايتۇرغۇچى دورىغا ئوخشاش كىشىگە مەجۇنى ياقۇت (ياقۇت ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان كەيپ قىلغۇچى دورا) مەسىلىنىڭ خاسىيىتىنى بېرەرمىش.

ئاندىن كېيىن نۆۋەت «سەبئەئى نايىمە»گە كېلىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مەي ئىچىشتىكى ئۇچىنچى تۇرلۇك قائىدىسى بولۇپ، يەتتە پىيالە مەي بىلەن مەيخور ئۆزىنى ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، ئاڭقىرالمايدىغان ھالەتتە بىخودلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزۇپ، تەلۋىلىك تەكىيىسىگە باش قويارمىش.

ناۋادا مەيخورلۇقنىڭ بۇ ئۇچ تۇرلۇك قائىدىسى بويىچە مەي ئىچىش توغرا كەلسە، شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت: «سەلاسەئى غەسسال»نى نامازدىگەر بىلەن باشلا. تا بەشىنچى ۋە يەتتىنچىسىگە يېتىپ مەستلىك ۋە بىئىختىيارلىق سېنى ئەسىر قىلغىچە، قاراڭغۇ چۇشۇپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىقىدۇ. كىشىلەر سېنىڭ مەست بولۇپ قالغان ھالىتىڭنى كۆرمەيدۇ. ناۋادا مەست بولۇپ قالساڭ، بەتخۇيلۇق قىلما. مەستلىكتىكى بەتخۇيلۇقنى ھېچبىر تائىپە خوپ كۆرمەيدۇ. ئىمكان بار باغلاردا، سەھرالاردا مەي ئىچمە، غېرىب بولۇپ قالىسەن. غېرىب، مۇساپىرنىڭ ئىلكى ھېچيەرگە يەتمەيدۇ. ئەگەر مەي ئىچسەڭ مەست بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆيۈڭگە قايت. مەستلىكنى ئۆيۈڭدە قىل، يەنى مەست بولغۇڭ كەلسە، ئۆيۈڭدە بول. چۈنكى تۆت تامنىڭ سايىسى دەرەخ سايىسىدىن ياخشى. كىشى ئۆز ئۆيىدە گويا پادىشاھقا ئوخشايدۇ. يەنە بىرى، مەينى ھەر كۈنى ئىچىشتىن پەرھىز قىل. ئىچسەڭمۇ ئارىلاپ ئاز ئىچ. ئىككى ـ ئۈچ پىيالە بىلەن توختاپ قال. تويۇنۇپ تائام يېيىش ۋە مەست بولغۇچە مەي ئىچىشتىن پەرھىز قىل. تويۇنۇپ تائام يېيىش ۋە مەست

بولغۇچە مەي ئىچىش ـــ ھەر ئىككىلىسى سالامەتلىككە زىيانلىقتۇر. مەستلىكتە ئىككى تۈرلۈك ئىش يۈز بېرىدۇ: بىرى، ئاغرىق، يەنى شاراب تەسىرىدىن مېڭە، جىگەر، يۈرەك زەھەرلىنىپ، بېشىڭ ئاغرىپ، ساغلام بەدەننى زورلاپ كېسەلگە گىرىپتار قىلىسەن؛ ئىككىنچىسى، ساراڭلىق، يەنى شاراب ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەزالىرىڭ ئىختىيارسىز ھەرىكەتكە كېلىدۇ: تىلىڭ دېمەيدىغاننى دەيدۇ، پۇتۇڭ بارمايدىغان جايغا بارىدۇ. قولۇڭ تۇتمايدىغاننى تۇتىدۇ. كۆزۈڭ قارىمايدىغانغا قارايدۇ. ئاغزىڭ يېمەيدىغاننى يەيدۇ، ... شۇنداق قىلىپ ئۆز ئەزالىرىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ كىشىلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى يەرگە ئۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا رەسۋا بولىسەن.

ئەي ئوغلۇم، ماڭا مەلۇم، سەن مەيزابىتىن قول يىغالمايسەن. نەسىھىتىمنىمۇ قوبۇل قىلالمايسەن. شۇنداقتىمۇ ئىمكان بار تىرىشىپ كۆر. بىلىپ ـ بىلمەي مەست بولۇپ قالساڭ «سۇبۇھى» (مەستلىكنى يېشىدىغان ئەتىگەنلىك شاراب) ئىچمە. يەنى ئەتىگەندە ئورنۇڭدىن تۇرۇپلا شاراب ئىچمەكنى ئادەت قىلما. بۇنىڭ زەرىرى ناھايىتى يامان. بۇ خىل ئادەتنى ھۆكۇمالار ۋە ئەقىل ئىگىلىرى خوپ كۆرمەيدۇ. ئەتىگەندە شاراب ئىچسەڭ بىرى، بامدات نامىزىنى قازا قىلىسەن؛ يەنە بىرى، كۈندۈزى ياكى ئاخشىمى ئىچكەن شارابىڭ گېزى ۋە تەسىرى مېڭىدىن تېخى يوقىمىغان بولغاچقا، ئەتىگەنلىك شارابىڭ بىلەن بىرلەشسە، مالىخولىيا (ئەقىلدىن ئازغان نېرۋا كېسىلى)غا گىرىپتار بولىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخشىمى شاراب ئىچسەڭ ئۇيقۇدىن مەھرۇم بولىسەن. ئۇ ھالدا باشقىلار ئۇخلىغاندا سەن ئويغاق، باشقىلار ئويغانغاندا سەن ئۇخلايدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. چۈنكى

كېچىسى ئۇخلىمىغاندىن كېيىن كۈندۈزى ئۇخلىساي چارە يوق. كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ئۇخلىمىساڭ، مىجەزىڭ ئوساللىشىپ كېتىدۇ. پۈتۈن بەدىنىڭ ئاجىزلىشىپ پۈشايمانغا، ئاغرىق ئازابىغا قالىسەن. ناۋادا مەيزاب ئىچىشكە ھېرىس بولساڭ، ھەرگىزمۇ ئازنا (جۈمە) كېچىسى ۋە ئازنا كۈنى ئىچمە. مەيزاب ئىچىش ئەسلىدىلا ھارام. شۇنداقتىمۇ ئازنا كېچىسى، ئازنا كۈنى شاراب ئىچىشكە ئادەتلەنمە. ئازنا كۈنى ھۆرمەت ساقلا. ئەگەر ئازنا كېچىسى ۋە ئازنا كۈنى ھۆرمەت ساقلاپ شاراب ئىچمىسەڭ، خەلقنىڭ كۆڭلى سەندىن بىر ھەپتە خوش بولىدۇ؛ تىلى سېنى ئەيىبلەشتىن بىر ھەپتە توختايدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ جاھاندا ساۋاب تاپىسەن. بەلگىلىك رىزىققا ئېرىشەلەيسەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

# ئون ئىككىنچى باب

## مېھمان بولماق ۋە مېھمان قىلماقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، يات (سىرداش بولمىغان) مېھماننى مېھماندارچىلىققا (زىياپەتكە) چاقىرما. چاقىرىش توغرا كەلسىمۇ ھەر كۈنى چاقىرما. چۈنكى ھەر كۈنى چاقىرساڭ، مېھماننى كۆڭۈلدىكىدەك كۈتەلمەي، مېھمانلىق ھەققىنى ئوبدان ئادا قىلالمايسەن. بىر ئايدا نەچچە مەرتىۋە مېھمان چاقىرماقچى بولساڭ، مەسىلەن، بەش قېتىم قىلماقچى بولغان مېھماندارچىلىقىڭنى يىغىپ بىر قېتىم قىل. يەنى بەش قېتىملىق زىياپەت ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان خىراجەتنى يىغىپ، پۇختا تەييارلىق بىلەن بىر قېتىملىق زىياپەت ئۈچۈن سەرپ قىل. تاكى سېنىڭ مېھماندارچىلىقىڭ (زىياپىتىڭ) ھەممە ئەيىبتىن خالىي بولسۇن ۋە سەندىن (سېنىڭ مېھماندارچىلىقىڭدىن) ئەيىب ئىزدىگۈچىلەرنىڭ تىللىرى قىسقارسۇن.

قاچانكى، ئۆيۈڭگە مېھمان كەلسە، ھەر بىرىگە ئۆز لايىقىدا ھۆرمەت بىلدۈرگىن ۋە ھەرقايسىسىغا ئۆز ئەھۋالى بويىچە يېقىنچىلىق كۆرسەت، ئىززەتلە. بۇ توغرىدا شۈكۈر بەلخى مۇنداق دېگەن:

نەزمە:

گەر، ئەي دوست، مېھمان ساڭا بولسە دوست،
ئاڭا مىزبانلىقنى[1] قىلغىل دۇرۇست.

ئەگەر مېۋە پىشقان مەزگىل بولسا، نان (تائام) يېمەستىن ئىلگىرى مېھماننىڭ ئالدىغا بىلەن ھۆل مېۋە قويۇپ بىرەر سائەت تەخىر قىلىپ، ئاندىن تائام كەلتۈر. ئۆزۈڭ داستىخاندا ئولتۇرۇۋالما. ئەگەر مېھمانلار سېنى بىللە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلسا، بىللە ئولتۇرغىن ۋە سائادەت بىل. ئەمما، «مەن خىزمىتىڭىزلەرنى قىلاي، سىزلەر تائامغا مەيل قىلىڭىزلار»دېگىن. بىز بىلەن بىللە ئولتۇرغىن دەپ تەكرار تەكلىپ قىلسا، ئولتۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىرگە تائام يېگىن. ئەمما تۆرگە چىقىۋالما. يەنى مېھماندىن تۆۋەندە — پەگادا ئولتۇرغىن. بىراق مېھمان ئۇلۇغلاردىن (كاتتىلاردىن) بولسا، ئولتۇرۇۋېلىش ئەدەپ جۈملىسىدىن ئەمەس. ھەدېسىلا: «تاماق ئوخشاپتۇ، ئېلىڭلار، بېقىڭلار، ھېچنېمە يېمىدىڭىز، خىجىل بولماڭ، سىزنىڭ لايىقىڭىزدا بىر ئىش قىلالمىدىم. كېلەر قېتىمدا تولۇقلىۋالارمەن،... » دېگەنگە ئوخشاش تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىۋەرمە. بۇنداق سۆزلەر ھىممەت ئەھلى قىلىدىغان سۆزلەر ئەمەس. بۇ خىل سۆزلەر نەچچە يىلدا بىر قېتىم مېھمان چاقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆزىدۇر. شۇڭا بۇنداق تەكەللۇپ سۆزلىرىڭدىن ئولتۇرغان مېھمانلار خىجىل بولۇپ، تويغۇدەك تائام يېيەلمەيدۇ. مېھمانلار سېنىڭ داستىخىنىڭدىن تويغۇدەك

[1] مېھمان كۈتۈش تەرتىپلىرى.

تاماق يـېيەلمـەي كېتـىـپ قالسـا، بـۇمۇ ياخـشـى ئەمەس. گـىـلان شەھىرىنىڭ مېـھماندارچـىلـىق قـائىدىلـىرى ماڭا تـولىمۇ خـوپ كۆرۈنىدۇ:

قاچانكـىـم مېھمـان چاقىرغـان بولسا، ئـاۋۋال ئۇسسۇلـۇق ۋە تۇرلۇك تائام تەييارلاپ، ساھىبخان ياكى خىزمەتكارلىرىدىن بىرى ئىشىكتە تۇرۇپ مېھـماننى تـۆرگە باشلايـدۇ. يەنە بـىـر ـ ئىككـى كىشى قاچا ئەكېلىش ۋە بىكار بولغان قاچىـلارنى ئاپـىـرىۋېتـىـش ئۈچۈن هازىرلىنىپ تۇرىدۇ. زىياپەتكە كەلـگەن ھەربـىـر مېھمـان ئۆز خاھىـشى (ئۆز ئىـختـىـيـارلىقـى) بـويىچـە يـەپ ـ ئىچـىـدۇ. مېھمانلار تويۇنۇپ قوللىرىـنـى يۇيۇپ بولـغاندىن كـېيىن گـۇلاب (گۇل سۈيى) ۋە ئەتىر كەلتۈرۈپ خۇش بۇي قىلىدۇ.

ئـەي ئوغۇل، شـۇنـىـمۇ بـىـلگـىـنكى، مېـھـماندارچـىـلـىقـتـا مـېھمـانـلارنىڭ خـىـزمەتكـارلـىرى ۋە قۇلـلـىرىغـىـمۇ يـاخـشـى مۇئامىلىدە بولۇش لازىم. ياخشى نامىڭ شۇلار ئارقىلىق ئاشكـارا بولىدۇ. مۇمكىن بولـسا، خۇش ئاۋاز هـاپىزلار (ناخـشىچـىلار) ۋە ئۇستا سازەندىلەرنى تەكلىپ قىل. مېھمانـلارغا مەيزاب (شـاراب) قۇيمـاقچى بولـساڭ، ئوبدىـنـىنى قـۇيغىن، مـېھمـانـلار ئەتـىـدىـن ئاخشامغىچە تائام يېيىش بىلەنلا بولۇپ قالمىسۇن. ئارىلاپ شاراب ئىچىپ ۋە ئۇسـسۇل ئوينـاپ تۇرغاي. ناۋادا مـېھمـانـدارچىلـىـق جەريانىدا يېمەك ـ ئىچمەكتە نۇقسان بولسىمۇ، بۇنداق ئەيـىـب ـ نـۇقسانلار شـاراب ۋە ئۇسسـۇلـنىڭ كـەيـپىدە مـەلـۇم بولمـايـدۇ. ئەلۋەتتە، شاراب ئىچىش گۇناھتۇر. ئەمما گۇناھ قىلغانىكەنسەن، يەنى شاراب ئىچكەنىكەنسەن، شۇ گۇناهنى بىمەززە قىلما. ئىچكەن شارابىڭ، بەزمەڭ كۆڭۈللـۈك بولسۇن. كـۆڭۈللۈك ئـىچكەن شـۇ شارابنىڭ لەززىتى تۇپەيلى قىيامەتتـە تاياق يەپ دەرد تـارتساڭمـۇ

ئەرزىسۇن! شاراب ئىچمەكچى بولساڭ، ئوبدىنىسىنى ئىچ! نەغمە ئاڭلىماقچى بولساڭ، ئوبدىنىنى ئاڭلا. مۇبادا هارام ئىشنى قىلىپ سالساڭمۇ، كىشىگە ياخشىلىق قىلىشنى ئۇنتۇما. ئۇ دۇنيالىقىڭ گۇناهلىق بولسىمۇ، بۇ جاهاندا كىشىلەر ئارىسىدا ئەيىبلىنىشىڭ ۋە يامان ئاتلىق بولمايسەن. يەنى قىلغان شۇ ياخشىلىقىڭ تۈپەيلى كىشىلەر هارام ۋە گۇناهلىق ئىشلىرىڭنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ.

بۇ هەقتە كۆپ سۆزلەپ كەتتىم. شۇنداقتىمۇ يەنە ئاڭلاپ قوي:

سېنىڭ مېهماندا هېچ هەققىڭ يوق. ئەمما مېهمانىنىڭ سەندە هەققى كۆپتۇر.

**هېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، شاه مۇقلىنىڭ ئوغلى مەنسۇر تەمىمنىڭ ئوغلى نەسر دېگەن ۋەزىرگە بەسرەھنىڭ هاكىملىقىنى بەرگەنىدى. بىر يىلدىن كېيىن چاقىرتىپ هېساباب ئىشلىرىنى سورىدى. نەسر هېسابسىز باي كىشى ئىدى. خەلىپىنىڭ پۇل ـ مالدىن تەمەيى بار ئىدى. شۇڭا تەكشۈرۈش قىلىپ نۇرغۇن پۇل ـ مالنىڭ هېسابىنى چىقاردى. ئاندىن شاه مۇقلىنىڭ ئوغلى:

ــ بۇ پۇل ـ مالدىن ماڭىمۇ بەرگىن، بولمىسا زىندانغا سالىمەن، ــ دېدى. نەسر دېدىكى:

ــ ئەي مەۋلانا، مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم هەقىقەتەن كۆپ. ئەمما هازىر بەرسەم بولمايدۇ. ماڭا بىر ئاي مۆهلەت بەرگىن. مۇنچىلىك مال ئۈچۈن زىندانغا تاشلىساڭ ئەرزىمەيدۇ. مۇقلىنىڭ ئوغلى كۆڭلىدە: «راست، مۇنچىلىك پۇل ـ مالنى بېرىۋېتىش نەسر ئۈچۈن هېچ گەپ ئەمەس» دەپ ئويلاپ دېدىكى:

ــ ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىندىن پەرمان بولمىغىچە، بۇ پۇل ـ

مالنى بەرمەي تۇرۇپ ئۆز جايىڭغا قايتساڭ بولمايدۇ. تا بۇ پۇل ـ مېلىڭنى بىر تەرەپ قىلغىچە، بۇ يەردە ـــ مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇپ، ماڭا مېھمان بولغىن.

ـــ پەرمانىڭىزدىن چىقماسمەن، ـــ دەپ نەسىر مۇقلىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاي مەھبۇس بولۇپ ئولتۇردى. بۇ چاغ دەل رامىزان ئېيىنىڭ ئاۋۋىلى ئىدى، كەچ بولدى. مۇقلى خىزمەتكارغا بۇيرۇدى:

ـــ نەسىرنى چاقىرىپ كەل. ھەركۈنى مەن بىلەن بىرگە ئىپتار قىلسۇن.

نەسىر بۇ بىر ئاي ئىچىدە مۇقلى بىلەن بىللە ئىپتار قىلدى. ۋاقتىكى، ھېيت بولدى، نەچچە كۈن ئۆتتى. مۇقلى نەسىرگە:

ـــ ئۇ پۇل ـ مالنى تاپشۇرىدىغان ۋاقتى بولدى. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نەدىن ـ نەگىچە، ـــ دەپ كىشى ئەۋەتتى. نەسىر دېدىكى:

ـــ مەن بۇ پۇل ـ مالنى بېرىپ بولدۇم. مۇقلى دېدى:

ـــ بۇ پۇل ـ مالنى كىمگە بەردىڭ؟ نەسىر دېدى:

ـــ سىزگە بەردىم.

مۇقلى بۇ سۆزدىن پەرىشان بولدى ۋە:

ـــ ئەي خاجە، ئۇ پۇل ـ مالنى ماڭا قاچان بەردىڭىز؟

نەسىر دېدى:

ـــ بۇ رامىزان ئېيىدا مەن سىزنىڭ ئاش ـ تۇزىڭىزنى يېدىم. بىر ئاي سىزنىڭ مېھماندارچىلىقىڭىزدا ئىپتار قىلدىم. ئەمدى ھېيت بولدى. مەندىن يەنە پۇل ـ مال، ئالتۇن سوراۋاتىسىز. مېھماننىڭ ھەققى شۇنداق بولامدۇ؟

بۇ سۆزلەردىن مۇقلىنىڭ ئوغلى كۈلدى ۋە دېدىكى:

www.uyghurkitap.com

— پۇل ـ مېلىڭدىن ئۆتتۇم. ئىجازەتنامەڭنى ئېلىپ قايتقىن.

نەسىر تۇز ـ تائامنىڭ ھۆرمىتى سەۋەبلىك ئۆز پۇل ـ مېلىدىن كەلگەن بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالدى.

— بەس، ئەي ئوغۇل، مېھمانغا مىننەت قىلما. خۇش خۇي ۋە ئوچۇق چىراي بول. شاراب ئىچ، لېكىن مېھماننىڭ ئالدىدا مەست بولۇپ قالمىغىن. ناۋادا مېھمانلار مەست بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا سەنمۇ ئۆزۈڭنى مەست بولۇپ قالغاندەك كۆرسەت. دوستلىرىڭنى خۇش خۇيلۇق بىلەن ياد قىل، ئەمما بىھۇدە كۈلمە ۋە ئورۇنسىز سۆزلىمە. بىھۇدە (ئورۇنسىز) كۈلۈش ـ ساراڭلىقنىڭ يەنە بىر خىلىدۇر. ۋاقىتكى، مېھمان مەست بولۇپ قېلىپ ئۆيگە قايتماقچى بولسا، بىر ئىككى مەرتىۋە ئەدەپ بىلەن:

— مۇشۇ يەردە قونۇپ قالسىڭىز ياخشى بولارمىكىن. بۇ كېچە ھەم خىزمىتىڭىزدە بولاي، — دېگەندەك سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈڭنى بىلدۈر. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئېسىلىۋالما. سىلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئۇزىتىپ قويغىن. ئەگەر خىزمەتكارلىرىڭدىن بىرەرسى مېھمانلارنىڭ قېشىدا بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويسا، ئۇنى كەچۈرۈۋەت، غەزەپ قىلما. قاتتىق يىرىك سۆزلىمە. «بۇ ئىشنىڭ يامان بولدى ياكى ئۇ ئىشنىڭ ياخشى بولدى» دېگەندەك سۆزلەرنى ھەم ئېيتما. ناۋادا مېھمان بار يەردە خىزمەتكار سېنىڭ ئالدىڭدا چوڭچىلىق قىلسىمۇ، سەۋر قىلغىن. ئەگەر مېھمانلار شۇنداق قىلسىمۇ، بىمەنە سۆزلەرنى ئېيتسىمۇ ھەرگىز نارازىلىقىڭنى بىلدۈرمە، ئەكسىچە ھۆرمەت بىلدۈر، ئۇلۇغلا!

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، مۇئتەسىم خەلىپە رۇمغا پادشاھ مەزگىلىدە بىر گۇناھكارنىڭ بېشىنى كېسىشكە پەرمان چۈشۈرگەنىدى. گۇناھكار:

— ئەي ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن، خۇدا ۋە رەسۇلۇللاھ (مۇھەممەد پەيغەمبەر)نىڭ ھەققىدە بولسىمۇ، مېنى بىر جام سۇ بىلەن مېھمان قىل، ئۇسساپ كەتتىم. ئاندىن كېيىن ھەر نېمە بۇيرۇساڭ پەرمانبەردارمەن، — دېدى. خەلىپە سۇ بېرىشكە بۇيرۇدى. گۇناھكار سۇنى ئىچتى ۋە دېدىكى:

— ئۇشبۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن تەڭرىم بەرىكەت ئاتا قىلغاي! ئەي ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن، بۇ بىر قاچا سۇنى ئىچىپ، سىزنىڭ مېھمىنىڭىز بولدۇم. ئەمدى سىزلەرنىڭ قائىدەڭلەردە مېھماننى ئۆلتۈرمەك ۋاجىپ بولسا، پەرمان قىلىڭ، مېنى ئۆلتۈرسۇن. ناۋادا مېنى ئەپۇ قىلىپ گۇناھىمدىن ئۆتسىڭىز، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا توۋا قىلاي!

— راست ئېيتتىڭ، — دېدى خەلىپە، — مېھماننىڭ ھەققى ئۇلۇغدۇر. سېنى ئەپۇ قىلدىم. توۋا قىلغىن. مۇنىڭدىن كېيىن گۇناھلىق ئىشلارنى قىلما.

ئۇ كىشى توۋا قىلدى. خەلىپە ئۇنى ئازاد قىلىپ قويۇپ بەردى.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، مېھماننىڭ ھەققى ۋاجىپتۇر. لېكىن مېھمان قىلساڭ مېھمان بولۇشقا، يەنى ھۆرمەتلەشكە، ئۇلۇغلاشقا لايىق ۋە مېھماندارچىلىققا ئەرزىگۇدەك ئادەمنى مېھمان قىل. نادان، نائەھلى ۋە پەسكەش، بېخىل كىشىلەرنى مېھمان دەپ ئۆيۈڭگە يولاتقۇچى بولما. ئۇنداق كىشىلەر ئۇلۇغلاش ـ

ھۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، مېھماندارچىلىق ۋە ھۆرمەت ـ ئىززەتنى كۆرگەنلىكى كىشىگە قىلغۇلۇق ئەمەس. ئەگەر باشقىلارنىڭكىدە مېھمان بولۇش توغرا كەلسە، بۇلار تە بولماس كىشىنىڭ مېھماندارچىلىقىغا بارما. ئەگەر بارماقچى بولساڭ، بەك ئاچ قورساق بارما، بەك توقمۇ بارما. چۈنكى ھېچنېمە يېمىسەڭ ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. كىشىلەر رەنجىيدۇ. ناۋادا كۆپ يېسەڭ، «قارنى يامان» دېگەن ئاتاققا قالىسەن. مېھماندارچىلىققا بارساڭ، بىر يەردە، يەنى ئۆزۈڭگە لايىق ئورۇندا ئولتۇرغىن. سەن بارغان ئۆي دوستۇڭنىڭ ئۆيى بولۇپ، بىرەر ئىش قىلىشقا، يەنى ياردەملىشىشكە توغرا كەلگەندىمۇ يېمەك ـ ئىچمەكتە ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشما. يېمەك ـ ئىچمەك ئۈستىدە ھەرقانداق كىشىنى ئىشقا بۇيرۇما. ئۆي ئىگىسىنىڭ خىزمەتكارلىرىغا: «ئەي پالانى، بۇ تاۋاقنى بۇ يەردىن ئېلىپ ئۇ يەرگە قويغىن، بۇ ئىشنى مۇنداق قىل، ... »دەپ ئاقساقاللىق قىلما. داستىخان ئۈستىدە كىشىنىڭ تاۋىقىغا شېرىك بولمىغىن. خىزمەتچىلەرگە ئازار بەرمە. مەست ۋە خاراب بولغىچە ئولتۇرما. بەزىدىن شۇنداق ھالەتتە قايتقىنىڭ، يول يۈرگەن ۋاقتىڭدا سەندىن مەستلىكىنىڭ ئەسىرى كۆرۈلمىگەي. چىرايىڭ باشقىلارنىڭ چىرايىدىن پەرق قىلمىغۇدەك ئىچ. مەست بولغۇچە ئىچمەكچى بولساڭ، ئۆيۈڭگە بېرىپ بىر تەرەپ قىل. ناۋادا بىرەر قەدەھ مەي ئىچىپ سالساڭ، سەندىن كىچىكلەر ئالدىڭدا قانچىلىك گۇناھ سادىر قىلمىسۇن، ئۇلارغا ئەدەپ بەرمەك لازىم بولىسىمۇ، ئەدەپ بەرمە. چۈنكى مۇنداق چاغدا ئەدەپ بەرسەڭ، ئۇنى ھېچ كىشى ئەدەپ قاتارىدا كۆرمەيدۇ، بەلكى سېنى مەست بولۇپ قاپتۇ، دەپ چۈشىنىپ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن «قىلىقى سەت»دېگەن يامان نامغا قالىسەن. نېمە ئىش قىلماقچى بولساڭ، قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى هاراق ئىچمىگەندە ۋە ساق ۋاقتىڭدا قىلغىن. ئەگەر خاتا ئىش قىلىپ قويساڭمۇ، ئۇقۇشماسلىقتا چىقىرىدۇ. بۇ ئىش توپەيلى سېنى «قىلىقى سەت» دېمەيدۇ. مەستلىكتە قانداقلىكى ئىش قىلساڭ «قىلىقى سەت» (بەتخۇيلۇق) دەپ بىلىدۇ. شۇڭا ئاقىللار: «ساراڭلىق بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ. مەستلىك ئەنە شۇ ساراڭلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر» دېگەن. ئوخشاشلا كۆپ سۆزلەش، توختىماي چاۋاك چېلىش، قولىرىدىن قاس چىقىرىش، ئايىغىنى يەرگە ئۇرۇش، زۇرۇرىيىتى يوق ئىشلارنى قىلىش، ... مەيلى مەستلىكتە بولسۇن ياكى ساق ۋاقتىدا بولسۇن، بەتخۇيلۇق جۈملىسىدىندۇر. شۇڭا مەست، خاراب ۋە يالغۇز ئەهۋالدا ئەل ئارىسىغا بارغۇچى بولما. بارغۇڭ كەلسە، ئەهلى ئايالىڭ ياكى خىزمەتكارلىرىڭنىڭ قېشىغا بارغىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

## دامكا ۋە شاھمات ئويۇنىماقنىڭ بايانى

بىلگىن ئەي ئوغۇل، «ھەزىل ـ چاقچاق يامان ئىشلارنىڭ مۇقەددىمىسى» دېگەن گەپ بار. تاكى قۇدرىتىڭ يەتسىلا ھەزىل ـ چاقچاق قىلماقتىن پەرھىز قىلغىن. خۇسۇسەن سوغۇق ۋە ناخۇش (كۆڭۈلسىز) ھەزىل قىلماقتىن پەرھىز قىل. ئەگەر ھەزىل ۋە چاقچاق قىلساڭ مەستلىكتە قىلما، ئارتۇقچە چۇشەنمەسلىك پەيدا بولمىسۇن. چۈنكى ھەزىل ـ چاقچاقنىڭ كۆپىنچىسى بېزەپ بولىدۇ. شۇڭا ناخۇش ۋە بېزەپ ھەزىل ـ چاقچاقتىن مەيلى مەستلىكتە بولسۇن، مەيلى ساق ۋاقتىڭدا بولسۇن، ئۆزۈڭنى تارت. بولۇپمۇ دامكا ۋە شاھمات ئويۇنىغان ۋاقتىڭدا شەرم تۇت ۋە پەرھىز قىل. چۈنكى مۇنداق ۋاقىتتا ھەزىل ـ چاقچاق قىلساڭ، ھەر ئىككى كىشى (ئۆزۈڭ ۋە ئۆزگە) ئوخشاشلا خىجىل بولىدۇ ياكى ھەزىل ـ چاقچىقىڭنى كۆتۈرەلمەيدۇ. دامكا ۋە شاھمات ئويۇنىماقنى تولا ئادەت قىلىۋالما. ئەگەر ئويۇنىماقچى بولساڭ مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا ئوينا. ئەمما گۆرۈ قويۇپ، يەنى پۇل تىكىپ ئويۇنىما. ئۆزئارا مېھمان بولماق ۋە مېھمان قىلىشماق ئۈچۈن ئويۇنىساڭ مەيلى، لېكىن پۇل ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش تىكىپ ئويناش — قىماردۇر. قىمار — ھارامدۇر. دامكا ـ شاھماتنى ھەرقانچە ياخشى

ئۈينىساڭمۇ، قىمارۋازلىق بىلەن نام چىقارغان كىشىلەر بىلەن ئوينىما. چۈنكى مۇنداق كىشىلەر بىلەن شاھمات ئوينىساڭ، ئۇخشاشلا سەن ھەم قىمارۋاز دېگەن ئاتاققا قالىسەن. ئەگەر ئۆزۈڭدىن چوڭ كىشى بىلەن شاھمات ئويناماقچى بولساڭ، ئاۋۋال چوڭلارنىڭ مېڭىشىغا يول قوي. مەست، بەتخۇي ۋە ھۇرۇن كىشىلەر بىلەن ھەرگىز شاھمات ئوينىما. تا ئارىدا دۈشمەنلىك ۋە خۇسۇمەت پەيدا بولمىغاي! ئويۇن ئۈستىدە ئۆرۈقنى ئۈنداق ماڭدىڭ ياكى مۇنداق ماڭدىڭ، دەپ جېدەللەشمە ۋە ئۇرۇشما ياكى ئۆزۈڭنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ قەسەم ئىچمە. گەرچە سەن راست ئېيتىۋاتقان بولساڭمۇ، باشقىلار سېنى يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، دېسە ئامال يوق. ئومۇمەن، ھەممە يامانلىق ۋە بەتخۇيلۇقنىڭ ئەسلىنى ھەزىل - چاقچاق دەپ بىل ۋە ئويۇن ئۈستىدە ھەزىل - چاقچاقتىن پەرھىز قىل.

ئەمەلىيەتتە، ھەزىل - چاقچاق قىلماق ئەيىبمۇ ئەمەس، گۇناھمۇ ئەمەس، نۆۋەتتە كەلگەندە ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام ھەم چاقچاق قىلاتتى. رىۋايەت قىلىنىشچە:

ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ خىزمىتىدە ياشانغان بىر ئايال بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئايال ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

— يا رەسۇلىللاھ، مېنىڭ يۈزۈم جەننەتىلەرنىڭ، يەنى جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ يۈزىگە ئوخشامدۇ ۋە ياكى دوزىخىيلارنىڭ، يەنى دوزاخقا كىرىدىغانلارنىڭ يۈزىگە ئوخشامدۇ؟

ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام جاۋابەن:

— ھەرقانداق قېرى خوتۇن جەننەتكە كىرمەيدۇ، — دېدى.

ئۇ خوتۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىدى، ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام:

— تولا يىغلىما، مېنىڭ سۆزۈم يالغان ئەمەس. مەن راستلا ئېيتىۋاتىمەن. ھېچبىر قېرى خوتۇن جەننەتكە كىرمەيدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، قىيامەت كۈنى ھەممە خەلق گۆرلىرىدىن يىگىت ۋە جۇۋان ھالىتىدە تىرىلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ياشانغان ئايالنىڭ كۆڭلى خۇش بولدى.

بىلگىنكى، ھەزىل ۋە چاقچاق قىلماق راۋادۇر. ئەمما قوپال ۋە بۇزۇقچىلىققا ئائىت ھەزىل - چاقچاقلارنى دېيىش راۋا ئەمەستۇر. بەس، ئەگەر قوپال ۋە بۇزۇقچىلىققا ئائىت چاقچاقلارنى قىلساڭ ۋە دېسەڭ ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە قىلما ۋە دېمە. چۈنكى ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە چاقچاق قىلساڭ ئىززەت - ھۆرمىتىڭگە — سەلتەنىتىڭگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، بەلكى نۇقسان يېتىدۇ. ئەگەر ئامالسىز قىلىپ ھەزىل - چاقچاق قىلماق ۋە دېمەك زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئۆزۈڭنىڭ تەڭتۇشلىرىغا دە. ئۇلار جاۋاب قايتۇرسىمۇ ئەيىب بولمايدۇ. ھەر ۋاقىت سىلىق ۋە كۆڭۈلگە ياقىدىغان ھەزىل - چاقچاقلارنى قىلىشقا ئادەتلەن. كۆڭۈلسىز ھەزىل - چاقچاقلارنى قىلىشتىن پەرھىز قىل. چۈنكى ھەزىل - چاقچاق تاپتىن چىقىپ كەتسە، كىشىنى قەدىرسىز ۋە ئېتىبارسىز قىلىپ قويىدۇ. ئەلۋەتتە، سەن باشقىلارغا قانداق ھەزىل - چاقچاق قىلغان بولساڭ، نۆۋىتىدە سەنمۇ شۇنىڭ باراۋىرىدە جاۋابقا ئېرىشىسەن - دە! شۇڭا چاقچاق قىلدىم دەپ كىشىلەر بىلەن جېدەللىشىپ - ئۇرۇشۇپ قالمىغىن. ئۇرۇشۇش — ئۇلۇغلارنىڭ ئىشى ئەمەس. بەلكى خوتۇنلار ۋە كىچىك بالىلارنىڭ ئىشىدۇر. ناۋادا كىشىلەر بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئۆرۈشۈپ ياكى جېدەللىشىپ قالساڭ، بىر نېمە دېگۈدەك، يەنى گەپ قايتۇرغۇدەك ئىمكانىڭ بولسىمۇ، دېمىگىن. چۈنكى ئۆرۈشۈش ۋە جېدەلنىڭ ئۈستىگە كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان گەپ ـ سۆزلەر قوشۇلسا، دوستلۇقنا، يەنى يارىشىۋېلىشقا يول قالمايدۇ. ئىمكان بار دەرھال تۈگەتسىمۇ بولىدىغان ماجىرالارنى ئۇزاققا سوزما ھەم خۇسۇمەت ساقلىما. خۇسۇمەت ساقلاش يوقسۇز، نامرات ۋە يامان كىشىلەرنىڭ ئادىتىدۇر. شۇنى بىلگىنكى، ئادەتلەرنىڭ ئوبدىنى خۇش مۇئامىلىلىكتۇر. خۇش مۇئامىلە خۇدانىڭ بەندىگە بەرگەن ئۇلۇغ نېمىتىدۇر. يەنە بىرى، كىشىگە ھەسەت قىلما، يەنى كىشىنىڭ مەنپەئەتىگە قارىتا يامان نىيەتتە بولمىغىن. بەرھەق، شاراب ئىچمەك، ھەزىل ـ چاقچاق قىلىشماق يىگىتلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئەمما، بۇ ئىشلار يەنىلا ۋاقتى ـ سائىتىدە ـ ئۆز ئەندىزىسى ئىچىدە بولغىنى تۈزۈك. ئىچىشكە توغرا كەلسە، ئىچىش؛ ئىچمىسىمۇ بولىدىغان يەردە ئىچمەسلىك كېرەك. يەنى ھەم ئىچەلەيدىغان، ھەم ۋاز كېچەلەيدىغان بولۇشۇڭ لازىم. يۇقىرىدا شاراب ئىچمەك ۋە ھەزىل ـ چاقچاق قىلماق توغرىسىدا بىرنەچچە سۆز دېدىم. بۇ توغرىدا ئەجدادلارمۇ ئېيتقان. شۇلارنىمۇ كۆرۈپ باق. ئەمدى ئىشق ۋە ئاشىقلىق توغرىسىدا بىلگىنىمچە بىرنەچچە سۆز ئېيتاي. مەلۇمكى، كۆڭۈل ئىشىدا تەشەببۇسكار بولماق تولىمۇ مۈشكۈلدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب

## ئىشق ۋە ئاشىق بولماقنىڭ بايانى [1]

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، كىشى مۇلايىم تەبىئەتلىك بولمىغۇچە ئاشىق بولمايدۇ. چۈنكى ئىشقنىڭ ئۆزى مۇلايىملىقتۇر. كىشى خاراكتېرىنىڭ مۇلايىملىقىدىن ئىشق پەيدا بولىدۇ. «ھەر كىشى ئاتىسىغا ئوخشىسا، ئۇنىڭغا زۇلۇم يەتمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا ئىشق دېمەك ـ مۇلايىملىق دېمەكتۇر. ئەگەر مۇلايىملىقتىن مۇلايىملىق تۇغۇلسا، ئۇنداق مۇلايىملىق ھېچبىر تاپا ـ تەنگە قالمايدۇ. كۆرمىدىڭمۇ؟ قېرىلاردىن، يەنى قېرىلارغا قارىغاندا يىگىتلەر تولاراق ئاشىق بولىدۇ. چۈنكى يىگىتلەرنىڭ تەبىئىتى قېرىلارنىڭ تەبىئىتىدىن يېقىملىقراق ۋە نازۇكراق بولىدۇ. ئادەتتە قوپال تەبىئەتلىك، ھورۇن كىشى ھەرگىزمۇ بىراۋغا ئاشىق بولمايدۇ. چۈنكى ئىشق شۇنداق بىر ئاغرىقتۇركى، ئۇ نازۇك روھلارغا تولاراق ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ھەر ئامال بىلەن ئاشىق بولۇشتىن ساقلان. ئاشىقلىقتىن پەرھىز قىلغىن. ئاشىقلىق بالا ۋە ئاپەتلىك ئىشتۇر. خۇسۇسەن پۇلۇڭ يوق، نامرات كۈنلىرىڭدە ئاشىق بولساڭ، يەنى ئىشق يولىغا كىرسەڭ، ئېنىقكى نامرات ۋە يوقسۇز بولۇپ كېتىسەن.

---

[1] بۇ ماۋزۇ تېكىست ئىچىدە «گەپ قىلماق ۋە ئاشىق بولماقنىڭ بايانىدا» دېيىلگەن، مۇندەرىجە ئاساس قىلىندى.

ناۋادا قىرىلار ئاشىق بولسا، ھەرگىزمۇ مۇرادىغا يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن پۇلدىن بۆلەك ھېچنېمە ھاسىل بولمايدۇ. قىرىلارنىڭ ئاشىقلىقى پەقەت ئۆزىنىڭ قېنىنى ئۆزى ئىچكىلى ھەرىكەت قىلغانغا باراۋەردۇر. شۇڭا بۇ توغرىدا مۇنداق دېمەكچىمەن:

پۇلسىزلىقىم ئەيلەدى مېنى شىفتەئى ھال①،
پۇل يوقلۇقىدىن نەسىبىم② ئولمادى ۋىسال.
ئالەم ئېلى ئىچرە بۇ مەسەلدۇر مەشھۇر:
«پۇلسىز كىشى بازار ئارا چىقماق ۋەبال».

ناۋادا ۋاقتى ــ سائىتى يېتىپ بىرەرسىگە كۆڭلۈك چۈشۈپ قالسا، ھەم ئۇنىڭ ئىشقى مۇھەببىتى بىلەن كۆڭلۈك خۇش بولسا، ئۇ ھالدا شۇ كۆڭۈلنىڭ پىيىدە بولغىن. ئەمما ھە دېسىلا ئىشقى ــ مۇھەببەتكە بېرىلىپ كەتمە. ئۆزۈڭنى نەپسى خاھىشىغا، يەنى ھاۋايى ھەۋەسكە ئاتمۇەتمە. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەقىل ئىگىلىرى ۋە ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. ئاشىق بولغۇچى يا ۋىسال ئىچىدە ئەيش ــ ئىشرەت شەربىتىنى تېتىيدۇ، يا پىراق ئىچىدە دەردۇ ــ مېھنەت زەھىرىنى تېتىيدۇ. بىلگىنكى، بىر يىللىق ۋىسالنىڭ راھىتى بىر كۈنلۈك پىراق (ئايرىلىش)نىڭ دەردۇ ــ مېھنىتىگە، يەنى جەۋرى ــ جاپاسىغا ئەرزىمەيدۇ. ئاشىقنىڭ دەسلەپ ئېرىشىدىغىنى كۆڭۈل دەردى ۋە كۆڭۈل رەنجىدۇر، يەنى ئاشىق ئۇچۇن مەشۇقى بىلەن ئۇچرىشىشى

① پەرىشان، بىقارار، دىۋانە.
② تەقدىرىم، ئارزۇ ــ ئارمانلىرىم.

خۇشاللىق ئېلىپ كەلسە، ئايرىلىش ھەمىشە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. ناۋادا مەشۇقۇڭ يامان خۇيلۇق بولسا، ۋىسالىغا يەتكەن تەقدىردىمۇ، ھەسسىلەپ خورلۇق ئازابىنى چېكىسەن. شۇڭا پىراق، يەنى ئايرىلىش ۋىسالدىن - ۋىسالغا ئېرىشىشتىن يامانراقتۇر. ئېيتايلۇق، مەشۇقۇڭ پەرىشتە بولسىمۇ، ھېچ ۋاقىتتا خالايىقنىڭ مالامىتىدىن خالىي بولالمايسەن. چۈنكى ئالەم خەلقى ھەمىشە باشقىلاردىن ئەيىب ئىزلەشكە ئادەتلەنگەن. شۇڭا قۇدرىتىڭنىڭ بارىچە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال. ئاشىقلىقتىن پەرھىز قىل. ئاقىل ھۆكۈمالاردىن بۆلەك كىشى ئاسانلىقچە ئىشقتىن پەرھىز تۇتالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر كۆرۈش بىلەنلا بىرسىگە ئاشىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاۋۋال كۆز كۆرىدۇ، ئاندىن كۆڭۈل مايىل بولىدۇ. دېمەك، كۆڭۈل مايىل بولدى، دېگەن سۆز تەبىئىتىڭ مايىل بولدى، دېگەن سۆز. تەبىئىتىڭ مايىل بولغانىكەن، كۆڭلۇڭ كۆرۈشمەكنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر سەن نەپسىڭ خاھىشىغا يول بېرىپ، كۆڭلۈڭنى ئۇنىڭ، يەنى كۆڭلۈڭنى ئۇتتۇۋالغۇچىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرساڭ، ئۇ ھالدا كۆرمەك - كۆرۈشمەكنىڭ تەدبىرىنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كۆڭلۇڭ بىر كۆرۈش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ. يەنە بىر قېتىم كۆرۈشنى ئىزلەيدۇ. كۆرۈشۈش ئىككى قېتىمغا يەتسە، مايىللىق كۈچىيىدۇ - دە، كۆرۈش - كۆرۈشۈش ئىستىكى، يەنى كۆڭۈلنىڭ ئارزۇسى غالىب كېلىپ، كۆڭلۇڭ ئۈچىنچى قېتىم كۆرۈشۈشكە ئىنتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشىق - مۇھەببەت سۆزلىرى ئارىغا چۈشىدۇ. سەن بىر سۆز قىلىسەن، ئۇ بىر جاۋاب ئېيتىدۇ. ئاخىرىدا خۇددى چاق بىلەن تانايقا ئوخشاش پۈتكۈل ئەقىل - ھوشۇڭ، پەم - پاراسىتىڭ

ئۆنىڭغا، يەنى ئىشققا بەند بولۇپ، ھەممە ئىشىڭدىن قالىسەن. ئاندىن ئۆزۈڭنى تارتقان بىلەنمۇ توختىتالمايسەن. ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالماقچى بولغىنىڭدا ۋاقىت ئاللىبۇرۇن قولۇڭدىن كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئىشقىڭمۇ ئېشىپ بارىدۇ. تەدبىرى شۇكى، مەھبۇبىنى تۇنجى كۆرگەندە ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، كۆڭلۈڭ تەقەززا قىلىسىمۇ، ئەقلىڭنى كۆڭۈلگە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ، يەنى مەھبۇبىڭنىڭ ئىسمىنى تىلىڭغا ئالما. كۆڭلۈڭنى باشقا بىر ئىشقا مەشغۇل قىل. نەپسىڭ خاھىشىنى تىزگىنلە. كۆزۈڭنى ئۇنىڭ، يەنى مەھبۇبىنىڭ جامالىغا قاراشتىن رەت قىل، قارىما. كۆڭۈل رەنجى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، جاپاسى بىر ھەپتىلىكتۇر. ئەمما بۇنداق چىدام ـ ئىرادە ھەر كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئىشقنىڭ رەنج ـ مېھنىتىگە ـ ئاغرىقىغا پەقەت ئاقىل ۋە دانا كىشىلەر سەۋر ۋە سەۋەب قىلالايدۇ. ئىشق شۇنداق بىر ئاغرىقتۇركى، بۇ ئاغرىقنىڭ داۋاسى توغرىسىدا مۇھەممەد زەكەرىيا ھەكىم «قانۇن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «دائىم روزا تۇتۇش، يەنى تويغىچە تاماق يېمەسلىك؛ ئېغىر يۈك كۆتۈرۈش، يەنى بەدەنگە ئېغىر ئەمگەك مەجبۇرىيىتى يۈكلەش؛ يىراق جايلارغا سەپەر قىلىش، ھەمىشە بەدەننى رەنجى ۋە مۇشەققەتتە تۇتۇش،...»

ئەمما، بىرەر كىشى بىلەن دوستلىشىش، ئۆزئارا كۆرۈشۈش، ئۆزئارا خىزمەتتە بولۇش راۋادۇر.

شەيخ ئەبۇ سەئىد ئەبۇل ـ خەير رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى دوست تۇتۇشقا لايىق كىشى توغرىسىدا مۇنداق ئېيتقان: «بىرىنچى، ھالال نان، يەنى ھالال ئىشلەپ، تۇرمۇشىنى قامدىيالايدىغان بولۇشى؛ ئىككىنچى، مۇۋاپىق ھال ـ ئەھۋال، يەنى ھال ـ

ئەھۋالى مۇۋاپىق بولۇش؛ ئۇچىنچى، گەرچە ۋەيرانە بولسىمۇ تۇرغىدەك ماكانى بولۇش؛ تۆتىنچى، سادىق مەھبۇبى ياكى خىزمەتكارى بولۇش. بۇ ھالدا ھەر كىشى ئۆز خاھىشى ۋە ئەندىزىسى بويىچە ياشايدۇ، ئۆزئارا بىقىنىپ قالمايدۇ. دېمەك، بۇنداق دوست ئاش ـ نان مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقىي دوستلۇق ئۈچۈن دوست بولىدۇ.»

ئەمما، دوستلۇق بۆلەك، ئاشىقلىق بۆلەكتۇر، يەنى دوستلۇق بىلەن ئاشىقلىق ئارىسىدا پەرق بار. ئىشقى ـ مۇھەببەتتە كىشىگە يېتىدىغان خۇشاللىق كەم بولىدۇ، يەنى ئىشقىنىڭ ئوتى دائىم يالقۇنلاپ سېنى ۋاقىتلىق خۇش قىلىدۇ، ئەمما ئاقىۋەتتە كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆيدۈرگۈچى ئوتتۇر. دوستلۇق بولسا، مەڭگۈلۈك خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئاشىقلىقتا بولسا، ھەممىشە دەردۇ ـ مېھنەت ئىچىدە كۈن كەچۈرىسەن.

ئەمما، يىگىتلىكتە ئاشىق بولساڭ كېرەك يوق. ھەر كىم بولسىمۇ «ياشتۇر، يىگىتتۇر،...» دەپ ئەپۇ قىلىنۇۋېتىدۇ. بىراق قېرىلىقتا ئاشىق بولۇشتىن ھەزەر ئەيلە. چۈنكى قېرىغاندا ئىشق يولىنى ھەۋەس قىلساڭ، ھېچكىم كەچۈرمەيدۇ. ناۋادا ئاددىي ئادەملەردىن، يەنى پۇقرالاردىن بولساڭ كارايىتى چاغلىق. پادىشاھ ياكى مويسىپىتلەردىن بولساڭ، ئاشىقلىق ھەۋىسىنى قىلىچە خىيالىڭغا كەلتۈرمە. مەيلى ئاشكارا بولسۇن، مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، كۆڭلۈڭنى، يەنى كۆڭۈل ئارزۇسىنى مەھكەم تۇت. پادىشاھلارغا ۋە مويسىپىتلەرگە ئىشقى ـ مۇھەببەت ئىشى ـ ئاشىقلىق ئادىتى زور ئاپەتتۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە:

بۇخارادا بىر سودىگەرنىڭ تولىمۇ ساھىبجامال بىر دېدىكى بار ئىدى. باھاسى ئىككى مىڭ ئاقچا ئىدى. ئەھمەد سەئىد ئەمىرگە مەلۇم قىلىپ:

— بىر كىشى ئەۋەتسىڭىز، ئۇ دېدەكنى سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن، — دېدى. ئەمىر:

— ئۆزۈڭ بارغىن! — دېدى.

ئەھمەد سەئىد بۇخاراغا كەلدى ۋە بىر قۇل سودىگىرىگە پەرمان قىلىپ، ئۇ دېدەكنى ھازىر قىلدى. ئەھمەد سەئىد ئۇ دېدەكنى مىڭ ئىككى يۈز ئاقچىغا ئېلىپ كورگان شەھىرىگە — ئەمىرنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. ئەمىر دېدەكنى كۆرۈپ قوبۇل قىلدى ۋە نەپىس كىيىملەرنى سوۋغا قىلدى.

تا نەچچە كۈن ئۆتتى. ئەمىر بىر كۈنى قولىنى يۇيدى. دېدەك لۆڭگىنى سۇنۇپ بەردى. ئەمىر قولىنى ئېرتىپ لۆڭگىنى دېدەكنىڭ قولىغا بەرگۈچە، دېدەككە نەچچە رەت نەزەر سالدى. دېدەك ئەمىرنىڭ كۆزىگە خۇش كۆرۈندى.

ئارىدىن سائەت ۋاقىت ئۆتتى. ئەبۇل ـ ئەبباس ۋەزىر ئىدى. ئەمىر ئۇنىڭغا:

— مەن دېدەكنى ئازاد قىلدىم ۋە پالانى سەھرانى ئۇنىڭغا بەخش قىلدىم. مۆھۈرلۈك خەت قىلىپ بەرگىن ۋە شەھەردىن بىرەر ئادەمنىڭ ئوغلىغا ئۇنى نىكاھلاپ قويغىن. ئۇ ئۆيىدە ئولتۇرسۇن. تا قىرىلىق يەتكۈچە ئۆيىدىن تاشقىرى چىقمىسۇن، — دېدى. ۋەزىر ئەبۇل ـ ئەبباس:

— قانداقلىكى پەرمانىڭىز بولسا بەجا كەلتۈرەي. ئەمما پادىشاھلىقىڭىزنىڭ تەقەززاسى يۈزىسىدىن بولسىمۇ، مەن بەندىگە ئىزھار قىلسىڭىز، بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتىڭىز

نېمە؟ — دېدى. ئەمىر دېدىكى:

— بۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئەھۋالىم بۇ قاتارلىق بولسا، بەلى بىرسىگە ئاشىق بولسام خوپ ئەمەستۇر. مەندەك پادىشاھنىڭ يەتمىش ياشقا كەلگەندە بىراۋغا ئاشىق بولۇشى گۇناھتۇر. مەن يەتمىش يىل ياشاپتىمەن. ئەمدى خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشىم، پۇقرالارنى تەرتىپكە كەلتۈرمىكىم، لەشكەر ھالىدىن خەۋەردار بولمىقىم ۋە يۇرت - مەملىكەت ئىشلىرىنى ياخشى سورىمىقىم ۋە باشقا ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلمىقىم لازىم تۇرۇپ، ئاشىقلىق دەۋاسى قىلسام، يەنى ئەيش - ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولسام، خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىدا ۋە بەندىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزرە ئېيتىشقا تىلىم قىسقا بولۇپ قالىدۇ. ئەمما ياشلار ۋە يىگىتلەر ھەرنېمە قىلسا، ئۇنى كەچۈرۈش — ئەپۇ قىلىش مۇمكىن. بىراق ياشلارمۇ ئاشىقلىقنى ئاشكارا قىلمىغىنى - پىنھان تۇتقىنى تۈزۈك، بەلكى سىياسەت تەرىقىنى ۋە ھۆكۈمەت قائىدىلىرىنى ساقلىغىنى خوپتۇر.

www.uyghurkitap.com

# ئون بەشىنچى باب

## جىما قىلماق ۋە خوتۇن كىشىدىن مەنپەئەت ئالماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، قاچانكى بىرسى بىلەن جىما (جىنسىي مۇناسىۋەت)نى دوست تۇتساڭ، يەنى جىماغا كىرىشكەن بولساڭ، دائىم يەنى ھەر كۈنى جىماغا مەشغۇل بولما. بولۇپمۇ مەستلىكتە جىما قىلما. چۈنكى مەنىي سەندىن جۇدا بولىدۇ. مەنىي دېمەك بىر جان ــ بىر ئادەمنىڭ ئۇرۇقى دېمەكتۇر. ئۇ زايا بولمىغاي! ئەگەر جىما قىلساڭ، مەستلىكتە قىلمىغىن. مەستلىكتە جىما قىلىش تولىمۇ زىيانلىقتۇر. ئەمما خۇمار قىلغان ۋاقىتتا، يەنى كۆڭۈل تەقەززا قىلغان ۋاقىتتا جىما قىلىش كۆپ مەنپەئەتلىكتۇر. ناۋادا بىر نەچچە خوتۇنۇڭ بولسا، ئۆز مەيلىڭنى بىر تەرىقىدە تۇتقىن! ھەربىرىدىن مەنپەئەتدار بولاي دېسەڭ، ھەممىسىگە باراۋەر مۇئامىلىدە بول. تاكى ئۇلار ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ قالمىغاي. ئومۇمەن، تولا جىما قىلىش زىيانلىقتۇر. ئەمما جىما قىلماسلىق ھەم زىيانلىقتۇر. قاچانكى جىما قىلماقچى بولساڭ، ئىشتىھا كەلگەندە، يەنى كۆڭۈل تەقەززا قىلغاندا قىل. تەكەللۇپ بىلەن، يەنى زورۇقۇپ قىلما. تەكەللۇپ بىلەن، يەنى زورۇقۇپ قىلغان جىما كۆپ زىيانلىقتۇر. ئەمما، مەيلى ئىشتىھا بىلەن بولسۇن ياكى بىئىشتىھا بىلەن بولسۇن،

تومۇزدا، يەنى قاتتىق سوغۇقتا ۋە قاتتىق ئىسسىقتا ـ بۇ ئىككى ۋاقىتتا جىما قىلىش بەكمۇ زىيانلىقتۇر. خۇسۇسەن، ياشانغان كىشىلەرگە تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ۋاقىتلاردا پەرھىز قىلماق كېرەك.

جىما قىلىشقا ھەممىدىن باھار ۋاقتى خوپتۇر. بۇ چاغ دەل ھاۋا مۆتىدىل، دەريالارنىڭ سۇيى كۆندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتقان، جاھان خۇشلۇققا يۈز كەلتۈرگەن، يەنى تەبىئەت دۇنياسى قايتىدىن جانلىنىشقا يۈز تۇتقان ۋاقىتتۇر. بۇ گويا قىرىغان، يەنى ئۆچەكتىكى ئالەمنىڭ قايتىدىن ياشىرىپ جانلىنىشقا باشلىغىنىغا ئوخشاش، ئادەملەرنىڭ بەدىنىمۇ شۇ مۆتىدىل ھاۋا تەسىرىدىن قۇۋۋەت تېپىپ، جانلىنىپ نورمال ھالەتكە كىرىدۇ. تومۇرلاردا قان كۆپىيىدۇ. ئىشتىھا ئارتىپ، كۆڭۈل تەقەززاسى كۈچىيىدۇ. شۇڭا مۇنداق ۋاقىتلاردا جىما قىلغانىنىڭ زەرىرى يوق ياكى زەرىرى كەمرەك بولىدۇ.

يەنە بىرى، قان ئالدۇرماق ھەم مۇشۇنىڭغا ئوخشاش. ئىمكان بار قاتتىق سوغۇق ۋە قاتتىق ئىسسىق ـ بۇ ئىككى ۋاقىتتا قان ئالدۇرماقتىن پەرھىز قىل. ئەگەر قېنىڭنىڭ زىيادە ئارتىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلساڭ، شەربەت ۋە مۇۋاپىق تائام ئارقىلىق قانىنىڭ ئارتىپ كېتىشىنى تىزگىنلە. ياز ۋە قىشتا زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى يېمە. بۇ ھەقتە قىسقىراق سۆزلىدىم. چۈنكى بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئارتۇقچە سۆزلەش ھەم ھاجەت ئەمەس. ۋەللاھۇ ئەئلەم بىسسەۋاب (خۇدا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر).

## ئون ئالتىنچى باب

## هامامغا بارماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، قاچانكىم، هامام (مۇنچا)غا بارماقچى بولساڭ، قورسىقىڭ بەك توق ۋاقىتتا بارما. يەنى توق قورساق مۇنچىغا كىرىش زىيانلىقتۇر. يەنە بىرى، هامامدا جىما قىلما. خۇسۇسەن، ئىسسىق مۇنچىدا جىما قىلمىغان تۈزۈك. مۇھەممەد زەكەريا ھەكىم: «توق قورساق هامامغا كىرگەن ۋە هامامدا جىما قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆلمەي هايات يۈرگىنىگە ھەيرانمەن!» دېگەنىدى.

ئەمما، هامام بەدەننى مۆتىدىل ھالەتكە كەلتۈرۈپ، يەنى بەدەننى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، مىجەزنى تەڭشەيدۇ.

هامامنىڭ خاسىيىتىنى بايان قىلىش لازىم بولسا، شۇنداق دېيەلەيمەنكى، هۆكۇمالارنىڭ ھېكمەت بىلەن بىنا قىلغان ئىمارەتلىرى ئىچىدە هامامدىن خاسىيەتلىكرەك ئىمارەت يوقتۇر. لېكىن ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، هامامغا ئىككى كۈندە ياكى ئۈچ كۈندە بىر قېتىم كىرگىن. ھەر كۈنى كىرىشتىن ساقلان. چۈنكى هامامغا ھەر كۈنى كىرسەڭ، پەيلىرىڭ ۋە بېغىشلىرىڭ بوشىشىپ كېتىدۇ. بەدىنىڭ ئاغرىق كىشىنىڭ بەدىنىدەك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىتىڭ هامامغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا هامامغا ھەر ئىككى كۈندە

ياكى ئۈچ كۈندە بىر مەرتىۋە بارغان تۈزۈك. شۇنداق قىلساڭ، بەدىنىڭگە مەنپەئەت قىلىدۇ. خالايىقمۇ سىنى «ياسانچۇق، تۈزىنى ياساشقا ئامراق» دەپ قارىمايدۇ. قاچانكى هاماماغا بارساڭ ئاۋۋال كارىدوردا، يەنى هاۋا ئۆتۈشىدىغان جايدا بىردەم تۇرۇۋال، سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، بەدىنىڭ لەززەت تاپقاي. ئاندىن ئارا ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئارام ئال. تەبىئىتىڭ ئۇنىڭ هاۋاسىدىن بەهرە ئالغاي. ئاندىن ئىسسىق ئۆيگە ـ مۇنچىغا كىرىپ بىر سائەت ئولتۇر ۋە بېشىڭنى شۇ يەردە يۇغىن. ئەمما ئىسسىق ئۆيدە ـ مۇنچىدا ئۇزاق ئولتۇرما. مېۋە سۈيىنى مۆتىدىل قىلىپ ئىستېمال قىل. ناۋادا مۇنچا خالىي بولسا، تولىمۇ غەنىيمەت بىلگىن. هامامدىن چىقماقچى بولساڭ، چېچىڭنى ئوبدان قۇرۇتۇپ، ئاندىن تاشقىرى چىققىن. هۆل چاچ هالەتتە كىشىلەر بىلەن ئۇچراشماق ۋە ئۇلۇغلار، يەنى چوڭلار ئالدىغا بارماق بىئەدەپلىكتۇر. يۇقىرىدا هامامنىڭ مەنپەئىتى ۋە زەرىرى توغرىسىدا بايان قىلدىم. ئەمما هامامدا سۇ ئىچىش ۋە تائام يېيىشتىن پەرهىز قىلغىن. چۈنكى هامامدا سۇ ئىچىش ۋە تائام يېيىش كۆپ زىيانلىقتۇر.

# ئون يەتتىنچى باب

## ئۇخلىماق ۋە ئارام ئالماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، رۇم ھۆكۈمالىرى ھەرقاچان ھامىمىغا كىرسە، يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن كىيىم ساقلاش ئۆيىدە بىر سائەت يې-تىپ ئۇخلاپ، ئاندىن چىقىدۇ. لېكىن باشقا خەلقلەردە بۇنداق ئا-دەت يوق. ئەمما ھۆكۈمالار ئۇيقۇنى «مەۋتۇل - ئەسغەر» (يەنى، كىچىك ئۆلۈم) دەيدۇ. چۈنكى ئۇخلىغان كىشى بىلەن ئۆلگەن كىشىنىڭ ئالەم ئىشىدىن خەۋىرى يوقتۇر. لېكىن بىرى نەپەس ئېلىپ ئۇخلايدۇ؛ بىرى نەپەس ئالمايدۇ. بىراق كۆپ ئۇخلاش ياخشى ئەمەس. ئۇيقۇ بەدەننى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ. مىجەزنى ئو-ساللاشتۇرۇۋېتىدۇ. رەڭگىرويىنى سەتلەشتۇرۇۋېتىدۇ. ھۆكۈمالار ئالتە نەرسە كىشىنىڭ رەڭگىرويىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ دېگەن:

بىرىنچى، توساتتىن خۇشال بولماق؛ ئىككىنچى، بىراقلا كەلگەن غەم؛ ئۈچىنچى، غەزەپ؛ تۆتىنچى، ئۇيقۇ؛ بەشىنچى، ساراڭلىق؛ ئالتىنچى، قېرىلىق. كىشى قېرىغاندا ئۆز سۈرىتىدىن ئۆزى قورقۇپ تېپىپ، ئۆزىگە ئۆزى باشقىچە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالىدۇ، كىشى ئۇخلىغاندا بولسا، مۇردىنىڭ، يەنى ئۆلۈكنىڭ ھالىتىدە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىرى مۇردىغا قەلەم (ھۆكۈم) يۈرمەيدۇ؛ بىرى ئۇخلىغان، يەنى ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە قەلەم (ھۆكۈم) يۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ، يەنى ئۇخلاۋاتقان

ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى ۋە دېگەن سۆزىنىڭ ئېتىبارى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر كىتابنى يازغۇچى ئېيتىدۇكى:

قەددىمنى مىڭ جەفا بىلەن قىلدىڭ خەم[1]،
مېھرىڭنى قاچان كۆڭلۈم ئارا قىلغۇم كەم.
ئۈزمەسمە جەفا بىلە كۆڭۈلنى سەندىن،
سەن ئۇيقۇدا سەن، ئۇيقۇغە چەكمەس لاقەلەم.

دېمەك، ئارتۇقچە ئۇيقۇ زىيانلىق، لېكىن ئۇخلىمىسالىق تېخىمۇ زىيانلىق. ئەگەر ئادەمزاتنى يەتمىش ئىككى مەرتىۋە، يەنى يەتمىش ئىككى سائەت ئۇخلىغىلى قويمىساڭ، مەجبۇرىي ھالدا ئويغاق تۇتساڭ ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھەر قانداق ئىشنىڭ ۋاقتى ۋە ئەندىزىسى بولىدۇ. ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىچە، بىر كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەتتۇر. بۇنىڭ ئىككى ئۈلۈشىدە ئويغاق بول، بىر ئۈلۈشىدە ئۇخلىغىن. سەككىز سائەت ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك خۇدايىتائالانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدە مەشغۇل بول، سەككىز سائەتنى خىزمەتكە سەرپ قىل. شۇنداق بولغاندا باشقا ئىشلار سەۋەبلىك بەدەنگە يەتكەن تورلۇك مالامەت، كېسەللىك ۋە ھارغىنلىقلارغا خاتىمە بېرىلىپ، سالامەتلىكىڭ ئۆز ھالىغا كېلىدۇ. مانا بۇ ئاقىللارچە تىرىكلىك قىلىشتۇر. ئەمما ئاددىي خەلق بۇ يىگىرمە تۆت سائەتنىڭ نىسپىدە ئۇخلايدۇ ۋە نىسپىدە ئويغاق يۈرۈيدۇ. مانا بۇ ھاماقەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ھەر كىم ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن، يەنى ھۆكۈمالارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش تۇتسا، ھەر سەككىز سائەتتە ئۆزگىچە تۇس

---

[1] ئېگىلگەن، پۈكۈلگەن.

ۋە مەنپەئەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئاخىرىدا شۇنىمۇ بىلگىنكى، ھەقسۇبھانە ۋەتائالا كىچىنى بەندىلىرىنىڭ ئاسايىشى ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلغاندۇر. ئاللا شۇنداق دەيدۇ: «كېچىنى ئارام ۋە ئاسايىش ئۈچۈن پەيدا قىلدىم، كۈندۈزنى مەئىشەت ئۈچۈن ئاپىرىدە قىلدىم».

تەھقىق، بىلگىنكى، ئادەمنىڭ تىرىكلىكى تەن ۋە جان بىلەندۇر، يەنى ھاياتقا سەرمايە بولغۇچىنىڭ بىرى تەن، بىرى جاندۇر. تەن بىلەن جان ئالتە خاسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. بۇ ئالتە خاسىيەتنىڭ ئۈچى تەنگە، ئۈچى جانغا تەۋەدۇر.

تەنگە تەۋە ئۈچ خاسىيەت: ئۆلمەك، شۈك تۇرماق (توختاپ قالماق) ۋە ئېغىر بولماق؛ جانغا تەۋە ئۈچ خاسىيەت: ھايات، ھەرىكەت ۋە يېنىكلىكتۇر.

دېمەك، تەن بىلەن جان بىر يەردە بولسا، جان ئۆز خاسىيىتىنى ئاشكارىلاپ، يەنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ تەننى سالامەت تۇتىدۇ. بەزىدە تەننى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ؛ گاھىدا تەننى ئۆز خاسىيىتى بىلەن ئىشلاردىن توختىتىدۇ ۋە مەنئى قىلىدۇ. شۇڭا تەن جان بىلەن تىرىكتۇر. قاچانكى، تەن ئۆز خاسىيىتىنى ئاشكارىلىسا، يەنى ئەمەلدە كۆرسەتسە ئۆلمەك، ئېغىر بولماق ۋە توختاپ قالماق پەيدا بولىدۇ. بۇ خۇددى ئۆينىڭ تورۇسى بىر يولى يىقىلىپ چۈشسە، ئۆي ئىچىدە بارلىكى نەرسىنى بېسىۋېلىپ، ھېچقانداق نەرسىنى ئۆز ھالىغا قويماي توختىتىپ قويغىنىغا ئوخشاش.

مەلۇمكى، تەن يىقىلسا، تەننىڭ روھى توختايدۇ، قۇلاق ئاڭلىمايدۇ، كۆز كۆرمەيدۇ؛ نە تەمنى پەرق ئېتىش، يەنى ئاچچىق -

تاتلىقنى تېتىپ بىلىش؛ نە تۇتۇش ـ سىيلاش ئارقىلىق شەيئىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكى، قاتتىق ـ يۇمشاقلىقىنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، سۆزلەشتىن قالىدۇ. شۇڭا ھەرقايسىسى، يەنى جان بىلەن تەن ئۆز ماكانىدا تۇرسىلا، بۇنداق ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ.

قىياس قىلىپ باق. گەرچە تەن ئۇخلىسىمۇ، خىيال، ھېس ـ تۇيغۇ تەسىرىدىن كىشى چۈش كۆرىدۇ. ھەتتا كۆرگەن چۈشى خاتىرىسىدە قالىدۇ. ئويغانغان ھامان باشقىلارغا: «مەن چۈشۈمدە ئۇنى كۆردۇم، بۇنى كۆردۇم...» دەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جان بىلەن تەننىڭ پائالىيىتى ئوخشاش ئەمەس. جان ئىچكى ھېس ـ خىيال، پىكىر، خاتىرە كۈچى پائالىيىتىدە بولىدۇ. شۇڭا كىشى چۈش كۆرىدۇ، كۆرگەن چۈشىنى خاتىرىسىدە تۇتالايدۇ. تەن بولسا، تاشقى ھېس پائالىيىتىدە بولىدۇ. دېمەك، ئىچكى ھېس پائالىيىتى بەدەنگە تەئەللۇق ئەمەس. ئەگەر بەدەنگە تەئەللۇق بولسا ئىدى، ئۇيقۇ بىلەن بۇ خىل پائالىيەت يوق بولاتتى، يەنى چۈش كۆرمەيتتى ۋە كۆرگەن چۈشى خاتىرىسىدە قالمايتتى. ئەگەر تاشقى ھېس پائالىيىتى بەدەنگە تەئەللۇق بولمىسا ئىدى، تەن ئۇخلىغان بىلەنمۇ ئويغاق ھالەتتە بولاتتى.

دەرھەقىقەت، جانلىقلارنىڭ راھەت ۋە ئاسايىشى ئۇيقۇدۇر. ئەمما، ھەقسۇبھانە ۋە تائالا ھەممە نەرسىنى ھېكمەت بىلەن ئاپىرىدە قىلغان. شۇڭا كۈندۈزكى ئۇيقۇدىن ئىمكان بار يىراق بولماق كېرەك. ئەگەر تاقەت قىلالمىساڭ، ئازغىنە ئۇخلىۋالساڭمۇ بولىدۇ. بىراق كۈندۈزنى كېچە قىلىۋېلىش

ھېكمەت جۇملىسىدىن ئەمەس. چۈنكى ئۇخلاش — كېچىگە تەئەللۇقتۇر. ئەمما ئۇلۇغلارنىڭ ئادىتى بويىچە تومۇز كۈنلىرى چۈشتە خىلۋەت جايىنى تېپىپ كۆڭلى تارتقان كىشى بىلەن بىرەر سائەت ئارام ئېلىپ، قۇياشنىڭ تەپتى يېنىپ ھاۋا سۆرۈن (سالقىن) بولغاندىن كېيىن تاشقىرى چىقىپ، ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. ئەمما، ئادەم ئۆمرىنى ئىمكان بار ئويغاقلىقتا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشمىقى لازىم. چۈنكى تولا ئۇخلىغان ئادەم ئىلگىرى باسمايدۇ. قاچانكى ئۇخلىماقچى بولساڭ، روھى پاك كىشى بىلەن، يەنى كۆڭلۈگىدىكى دوستۇڭ بىلەن ئۇخلا، كۆڭلۈڭنى كۆتۈرىدىغان ئويغاق، يەنى ھوشيار بىر كىشى ھەمىشە قېشىڭدا بولغاي. چۈنكى ئۇخلاپ قالغان كىشى بىلەن ئۆلۈكنىڭ تۇرقى، يەنى كۆرۈنۈشى ئوخشاشتۇر. ھەر ئىككىسىنىڭ ئالەمدىن، يەنى ئالەم ئىشلىرىدىن خەۋىرى يوقتۇر. لېكىن بىرى تىرىك ۋە بىرى تىرىك ئەمەس. ئەمدى بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، بىرى زۆرۈرىيەتتىن ئاجىزلىق بىلەن تەنھا ئۇخلايدۇ؛ يەنە بىرى ئۇ قاتارلىق بىچارە ئەمەس. شۇنداق ئىكەن نېمە ئۈچۈن تەنھا ئۇخلاشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرىسەن؟!

— ئەي ئوغۇل، ھەرۋاقىت بىر ئۇلپەت ـ جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى بىلەن ئۇخلا. تا تىرىكنىڭ ئۇيقۇسى بىلەن ئۆلۈكنىڭ ئۇيقۇسى ئارىسىدا پەرق بولغاي! لېكىن سەھەر قوپماقنى، يەنى كۈن چىقماستىن ئىلگىرى قوپماقنى ئادەت قىلغىن. ئىمكان بار تاڭ يورۇماستىن ئىلگىرى ئورنۇڭدىن تۇرۇپ، خۇدايىتائالانىڭ پەرھىزلىرىنى ئادا قىلغىن. ھەرقانداق بىر كىشى كۈن چىققاندا ئورنىدىن تۇرسا، رىزقى كەم بولىدۇ.

ئۆتنىڭ ئۈستىگە نامىزىمۇ قازا بولىدۇ. بۇنىڭ شۇملۇقىدىن رىزقىغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا ھەركىم رىزق تاپاي دېسە، ئەتىگەن تۇرۇپ پەرھىزنى ئادا قىلغاي. ئاندىن باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغاي، ناۋادا قىلغۇدەك بىرەر ئىش بولمىسا، شىكارغا چىقسىمۇ بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون سەككىزىنچى باب

## شىكار قىلماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئات مىنمەك، شىكار قىلماق، چەۋگان سوقماق پادىشاھلارنىڭ ۋە ھۆكۈمەت ئەھلىنىڭ ئىشىدۇر. خۇسۇسەن يىگىتلىك — ياشلىق ۋاقتىدا.

ئەمما، ھەر ئىشنىڭ بىر ئەندىزىسى ۋە تەرتىپى بولىدۇ. شىكارغا بارساڭ، بىر ھەپتە يەتتە كۈن. بۇ يەتتە كۈندە ئىككى كۈن شىكار قىل، ئۈچ كۈن تائەت ۋە ئىبادەتكە مەشغۇل بول. ئىككى كۈننى ئەل ئىشىغا سەرپ قىل. قاچانكى، ئاتقا مىنسەڭ، كىچىك ئاتقا مىنمە. چۈنكى كىشى ھەرقانچە كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، كىچىك ئات ئۈستىدە بىچارە كۆرۈنۈپ قالىدۇ. يورغا ئاتقا سەپەردىن بۆلەك ۋاقىتتا مىنمە. چۈنكى يورغا ئاتقا مىنگەن كىشى بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىنى ئاتنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىدۇ ـ دە، ئاسانلا خەتەرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا شەھەر ئىچىدە ۋە شىكار قىلغاندا ئىلدام ۋە شاش ئاتقا مىنگىن، تا ئۇنىڭ شاشلىقىدىن ئۆزۈڭنى ھوشيار تۇتىسەن. ئات ئۈستىدە دۇرۇس ۋە پۇختا ئولتۇر. ئايىغىڭ ئىككى ئۈزەڭگۈدە تەڭ بېسىپ تۇرسۇن. شىكارگاھتا ھەۋەس قىلىپ ئات چاپتۇرما. بىھۇدە ئات چاپتۇرماق گۆدەكلەر ۋە غۇلاملارنىڭ ئىشىدۇر. ئۇۋ، يەنى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرۇپ قوغلىما.

ئوۋ ئۇستىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشساڭ، زىيان - زەخمەتتىن ئۆزگە ھېچنېمە ھاسىل بولمايدۇ. ئىككى پادىشاھ ئوۋ ئۇستىدە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ ھالاك بولغان. بىرى مېنىڭ ئاتامنىڭ بوۋىسى. يەنە بىرى، مېنىڭ تاغامنىڭ ئوغلى. شۇڭا شىكاردا ئولجىنى تۇتۇپ كېلىش ئۇچۇن ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرنى بۇيرۇغىن. ئۇلار ئات چاپتۇرسۇن. سەن ئۆزۈڭ ئات چاپتۇرما. ناۋادا پادىشاھلار بىلەن بىللە بولساڭ، ئۆز ۋاقتىدا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىش، نام چىقىرىش ۋە شۇ ئارقىلىق شۆھرەت تېپىشنى مەقسەت قىلىپ ئات چاپتۇرساڭ راۋادۇر. ئەگەر شىكار قىلماقنى، يەنى شىكارنى دوست تۇتساڭ، قارچۇغا، شۇڭقار، لاچىن، ئىت كەبى ھايۋانلارنى ئېلىپ بېرىپ شىكار قىل. ھەم ئوۋ قىلالايسەن ھەم زىيان - زەخمەتتىن ئەمىن بولالايسەن ھەم ئولجاڭ ئىشقا يارايدۇ، يەنى ئولجاڭنىڭ گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيگىلى بولىدۇ.

پادىشاھلا ئىككى تەرىقىدە شىكار قىلىدۇ: خۇراسان پادىشاھلىرى قارچۇغىنى ئۆز قوللىرى بىلەن قوشلىمايدۇ. ئىراق پادىشاھلىرىنىڭ قائىدىسى شۇكى، ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن قوشلايدۇ. ناۋادا سەن قارچۇغا بىلەن شىكار قىلماقچى بولساڭ، ئەگەر سەن پادىشاھ بولمىساڭ، ئۇ ھالدا ئۆز قولۇڭ بىلەن قوشلىماققا زوقۇڭ بولسا، راۋادۇر؛ ئەگەر پادىشاھ بولساڭ، ئۆز قولۇڭ بىلەن قوشلاشنى ئىختىيار قىلساڭ بۇمۇ راۋادۇر. ئەمما قارچۇغىنى بىر قېتىملا قوشلا، قايتىلاپ قوشلىما. چۈنكى پادىشاھلار ئۇچۇن بىر قارچۇغىنى ئىككى نۆۋەت قوشلاش ياخشى ئەمەس. قارچۇغىنى قوشلىغان ۋاقتىڭدا ئۇنىڭ ئوۋنى ئالغان ياكى ئالالمىغانلىقىغا دىققەت بىلەن نەزەر سال، يەنى كۆزىتىپ

تۇرغىن. ئىمكان بار قارچۇغىنىڭ ياخشىسىنى قۇشلا. پادىشاھلارنىڭ شىكار قىلماقتىكى مەقسىتى ئوزۇق يىغىش ئەمەس، بەلكى تاماشا قىلىش ئۈچۈندۇر.

شۇنىمۇ بىلگىنكى، پادىشاھلار ئات بىلەن شىكار قىلماقچى بولسا، ئىتنى ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئىتنى شىكارغا قۇللار ۋە غۇلاملار قويۇپ بەرسۇن، ئۆزلىرى، يەنى پادىشاھلار تاماشا كۆرسۇن. ئەمما ئوۋ ئارقىسىدىن ئات چاپتۇرمىغاي. ناۋادا ئىپار مۇشۇك بىلەن شىكار قىلماقچى بولساڭ، ئىپار مۇشۇكنىمۇ ئۆزۈڭ كۆتۈرۈۋالما. چۈنكى بۇمۇ ئاقىل ـ داناlarنىڭ، خۇسۇسەن، پادىشاھلارنىڭ ئىشى ئەمەس!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئون توققۇزىنچى باب

## چەۋگان ئويۇنىماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، دائىم چەۋگان[1] ئويۇنىماقنى ئادەت قىلما. چۈنكى كۆپ ئادەم چەۋگان ئويناپ زەخمەتكە ئۇچرىغانلىقتىن پۇشايمانغا قالغاندۇر.

ھېكايەت:

ئاڭلىشىمچە، ئەمىر ئىبنى لەيسنىڭ بىر كۆزى بار ئىدى، ۋاقتىنكى خۇراسانغا ئەمىر بولدى. بىر كۈنى ئۇ گوي[2] ئويناماق ئۈچۈن مەيدانغا باردى.

ئەمىرنىڭ ئەزھەر ئاتلىق بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ۋەزىر نېمە دېسە، ئەمىر شۇنى قىلىپ، ۋەزىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى. ۋەزىر كېلىپ ئەمىرنىڭ ئېتىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەن سىزنى گوي ئوينىغىلى قويمايمەن، — دېدى.

ئەمىر دېدى:

— نېمە ئۈچۈن ئوينىغىلى قويمايسەن؟ گوي ئويناش راۋا تۇرسا!؟ ۋەزىر دېدى:

---

① چەۋگان — ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ياغاچ توپنى ئۇرۇش ۋە توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى ئۇزۇن تاياق.

② گوي — چەۋگان ئويۇنىدا ئوتتۇرىغا تاشلاپ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇچى ئەگرى ئۇزۇن تاياق بىلەن ئوينايدىغان كىچىك ياغاچ توپ.

— مېنىڭ ئىككى كۆزۈم باردۇر. ناۋادا گوي تېگىپ بىر كۆزۈم نابۇت بولسىمۇ، يەنە بىر كۆزۈم قالىدۇ. ئەمما سىز پادىشاھنىڭ پەقەت بىر كۆزى باردۇر. ناۋادا گوي تېگىپ نابۇت بولسا، خۇراساننىڭ ئەمىرلىكى (پادىشاھلىقى) يوق بولىدۇ، دېگەن گەپ.

ئەمىر دېدىكى:

— ئەي ئەزھەر، ئېيتقانلىرىڭ راستتۇر. قوبۇل قىلدىم. تاكى مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ھەرگىز چەۋگان ئوينىمايمەن!

ئەي ئوغۇل، كۆپ كىشى بىلەن ئاتلانما، يەنى ئات مىنىپ كۆپ كىشى بىلەن چەۋگان ئويىنىغىلى بارما، خەتەرلىكتۇر. بېرىش توغرا كەلسە، سەككىزدىن ئارتۇق كىشى بىلەن بارما. ناۋادا بارساڭ، مەيداننىڭ يېنىدا تۇرغىن ۋە يەنە بىر كىشى مەيداننىڭ ئايىغىدا تۇرسۇن. قالغان ئالتە كىشى ئوتتۇرىغا كىرىپ گوي سوقسۇن. قاچانكى توپ سېنىڭ تەرىپىڭگە كەلسە، سوقۇپ ياندۇراي دېمە، دەرھال ئۆزۈڭنى چەتكە ئال. ئىمكان بار جامائەت بىلەن گوي ئويناشقا مەشغۇل بولما. تا خەتەردىن ئەمىن بولۇپ، مەقسىتىڭ ھاسىل بولغاي! چەۋگان ئوينىماقنىڭ تەرتىپلىرىنى شۇنچىلىك بايان قىلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمىنچى باب

## دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماقنىڭ بايانى [1]

ئەي ئوغۇل، ۋاقتىكى، سەن دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلماقچى بولساڭ، جەڭ ۋاقتىدا ھوررۇنلۇق ۋە سۇسلۇق شەرت ئەمەس. شۇنى قىلىشىڭ كېرەككى، دۈشمىنىڭ كەچىنىڭ غېمىنى يېسە، سەن ئۇنىڭ، يەنى دۈشمىنىڭ ئۇستىدە ئەتىنىڭ غېمىنى يېگىن! جەڭ مەيدانىغا كىرىش توغرا كەلگەندە، ھېچبىر سەۋەب كۆرسەتمە ۋە جېنىڭنى ئاياپ ئولتۇرما. بولمىسا ئۆزۈڭنى گۆردە كۆرسەن. جەڭ مەيدانىدا گويا ئۆيدە ئۇخلىغاندەك ئۇخلاش، يەنى ھورۇنلۇق ۋە سۇسلۇق قىلىش راۋا ئەمەستۇر.

شېئىر:

ئاھەڭ [2] ئەلەمى سايەسىغە ئالغىل ئۆزۈڭنى،
ئول كېچەكى ئەرتە جەڭ ئېسە خوپ ئەمەس ئۇيقۇ.

جەڭ مەيدانىدا ئۇستىدە تا بىر قەدەم ئىلگىرى يۈرمەككە قۇدرەت تاپساڭ، زىنھار قەدىمىڭنى توختاتما. دۈشمەن

---

① مۇندەرىجىدە «جەڭ قىلماق ۋە دۈشمەن بىلەن خۇسۇمەت قىلماقنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

② ئىستەك، ئىنتىلىش.

مەرىكىسىگە گىرىپتار بولساڭ، جەڭ قىلىشتىن ھېچ ۋاقىت توختىما. دۈشمەن بىلەن بولغان جەڭدىن تا جەڭ بىلەن قۇتۇلماق كېرەك. سېنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقىنىڭنى، زور كېلىۋاتقىنىڭنى دۈشمىنىڭ كۆرسە، سەندىن ھېيىقىدۇ، يەنى دۈشمەنلىرىڭ سەندىن قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئۆلۈمنى خىيالىڭغا كەلتۈرمە، قورقما ۋە كۆڭلۈڭنى ئازادە تۇت. قىلىچ ھەرقانچە قىسقا بولسىمۇ يۈرەكلىك ئەرنىڭ قولىدا ئۇزۇن كۆرۈنىدۇ. شۇڭا جاسارەت كۆرسىتىشتىن ھەرگىز توختاپ قالما. ئەگەر سەن قورققان ۋە سۇسلۇق قىلىۋاتقان ھالىتىڭنى چاندۇرۇپ قويساڭ، مىڭ جېنىڭ بولسىمۇ بىر جېنىڭنى قۇتقۇزالمايسەن. ئانچىكى كىشىمۇ سېنىڭ ئۈستۈڭدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇ ھالدا سەن ھەم ئۆلىسەن، ھەم يامان ئاتاققا قالىسەن، ناۋادا ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ خەلق ئارىسىدا نامەردلىك بىلەن مەشھۇر بولساڭ، خەلقنىڭ ئارىسىدا ھەممىشە ئار ــ نومۇستىن باش كۆتۈرەلمەيسەن. جەڭدىكى سۇسلۇقۇڭ تۈپەيلى نام ــ ئاتاق ۋە نېنىڭدىن ــ ساخاۋەتتىن ئايرىلىپ قالساڭ، ... بۇنداق تىرىكلىكتىن ئۆلۈم ياخشىدۇر. شۇڭا يامان نام بىلەن ھايات يۈرگەندىن، ياخشى نام قالدۇرۇپ ئۆلگەن ئەۋزەلدۇر.

ئەمما، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تولا مايىل بولما ۋە ھېچبىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال دەپ بىلمە. بىراق ئوغرى، قاراقچى ۋە كېپەن ئوغرىلىرىنى ئۆلتۈرمەك (جازالىماق) شەرىئەتتىمۇ ۋاجىپتۇر. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال، دەپ بىل. ئىككى جاھاننىڭ بالاسى ناھەق خۇن تۆكۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر: بىرىنچىسى شۇكى، قىيامەتتە ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرىسەن؛ ئىككىنچىسى، بۇ جاھاندا يامان ئاتلىق

بولىسەن، كىچىكلەر سەندىن ئەمىن بولالمايدۇ. خىزمەتكارلار سەندىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزىدۇ. خالايىق سەندىن قاچىدۇ ۋە كۆڭۈلسىز بولۇپ، ساڭا دۈشمەن بولىدۇ. دېمەك، ناھەق خۇن تۆككەننىڭ جازاسى ئاخىرەتتە بولۇپ قالماي، يەنە بۇ جاھاندىمۇ بولىدۇ. مەن كىتابلاردىن ئوقۇدۇم. نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ھەم قىلدىم. ناھەق خۇن تۆككەننىڭ جازاسى ھەم بۇ جاھاندا، ھەم ئۇ جاھاندا يەتكۈسىدۇر.

بەس، كىمنىكى ياخشى خۇلقلۇق بولسا، ئۇنىڭ ئەجرى بالىلىرىغا ھەم بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئۆزۈڭ ۋە پەرزەنتلىرىڭگە مەرھەمەت كۆرسەت. ناھەق قان تۆكمە. ناۋادا قان تۆكۈش ئىشى سىنىڭ سالاھىيىتىڭ ئالدىدا زۆرۈر بولسا، يەنى زادى قان تۆكمىسەڭ بولمايدىغان ئەھۋالدا ھەرگىز تەخىر قىلما. ئۇنداق ئەھۋالدا تەخىر قىلىش، يەنى ئىككىلىنىش پىتنە ـ پاساتنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

رىۋايەت:

شەمسۇل ـ مەئانى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار ئىدى. ھېچ كىشىنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلمايتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن لەشكىرىمۇ، خەلقىمۇ ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ، مەلىكۇل ـ مەئانى بىلەن بىرلەشتى. لەشكىرىمۇ، خەلقىمۇ مەلىكۇل ـ مەئانىغا:

«ئەگەر سىز بۇ ئىشتا بىز بىلەن بىللە بولمىسىڭىز، ئاخىرى بۇ پادىشاھلىقنى ياتنىڭ قولىغا تۇتقۇزىمىز» دېيىشتى. مەلىكۇل ـ مەئانى پادىشاھلىقنىڭ ــ بۇ خاندانلىقنىڭ قولىدىن كېتىدىغانلىقىنى بىلدى. ئامالسىز مەملىكەت زۆرۈرىيىتىدىن شەمسۇل ـ مەئانىنى تۇتتى ۋە مەيگە سېلىپ، مۇئەككەل

(مەخسۇس ئىش بىجىرگۈچىلەر)نى تەيىنلەپ قەلئەگە ئەۋەتتى. مۇئەككەللەرنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللاھ ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. قەلئەگە كېتىۋاتقاندا شەمسۇل ـ مەئانى ئۇنىڭدىن:

ـــ ئەي ئابدۇللاھ، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ:

ـــ بۇ ئىشنى پالانى، ··· پالانى، ··· لەشكىرىي ئەمەلدارلىرىڭ (باش قوماندان) قىلدى، دەپ بەش كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى ۋە بۇ بەش لەشكەرنى، يەنى لەشكىرىي ئەمەلدارلارنى مۇشۇنداق قىلىشقا مەن قىزىقتۇرغان. مەن ھەم مۇشۇلارنىڭ قاتارىدا بار ئىدىم. خەلققە ۋەدە بېرىپ، بۇ ئىشنى بۇ يەرگىچە يەتكۈزدۈم. سەن بۇ ئىشنى مەندىن كۆرمە ۋە ھېچ كىشىدىن دەپ بىلمە، ئۆزۈڭدىن كۆر. بۇ ھال ھەرگىزمۇ لەشكىرىڭنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگىنىڭدىن يۈز بەردى، ـــ دېدى.

شەمسۇل ـ مەئانى دېدىكى:

ـــ سەن يالغان ئېيتتىڭ. ماڭا بۇ ئىش ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىكىمدىن بولدى. ئەگەر مەن ۋاقتىدا سەن بىلەن بۇ بەش كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسام ئىدى، بۇ كۈن مېنىڭ بېشىمغا چۈشمەسىدى. بۇ ئالتە جاننى قەتلى قىلىپ سالامەت ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈلۈك ئىكەن.»

بۇ ئىشلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن رىۋايەت قىلدىمكى، سەن ھەرقانداق ئىش قىلماقچى بولساڭ، ئىككىلىنىپ تۇرما. ناۋادا چارە بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمە. ساراي خادىملىرى، يەنى مۇھىم ئىشلارنى قىلىدىغانلارنى يېنىڭدا ئۇزۇن تۇرغۇزۇشنى ئادەت قىلما. ئۇنداق كىشىلەر سېنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مۇراد ـ مەقسەتلىرىنىڭ ھوسۇلى ئۈچۈن

باشقىلارنى زىيان ـ زەخمەتكە دۇچار قىلىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىن قاتتىق زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك بولماس. ئاۋادا ساراي خادىملىرى، يەنى مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان خىزمەتچى لازىم بولسا، باشقىلارغا بىر مەزگىل ئىشلىگەن كىشىنى ئىشلەت. مەنپەئەتى ساڭا، يامانلىقى ئىلگىرى ئىشلەتكەن كىشىنىڭ گەردىنىدە بولغاي! تاكى ئۆزۈڭنى مۇنداق يامانلىقلاردىن، يەنى شۇ كىشى تۈپەيلى بولىدىغان يامانلىقلاردىن ساقلاپ قالالايسەن.

ئەمما، جەڭ ئىشلىرىدا ھەرقاچان جاسارەتلىك بول. ئۆزۈڭنى ئايىغاق بولما. تا ئۆز بەدىنىڭنى ئىتلارغا يېمەكلىك ئورنىدا تاشلاپ بەرمە. شىر ۋە يولۋاسلار كەبى نام كۆتۈرگىن. نام ـ شۆھرىتىڭ ئارقىلىق ناننى قولغا كەلتۈرگىن ھەم قولغا كەلگەن نام ـ شۆھرىتىڭنى ساقلاشقا تىرىش. بىھۇدە قولدىن چىقىرىپ قويما. يىغماق ۋە خىراجەت قىلماقنى ئۆز سائىتىدە ۋە ئۆز ئەندىزىسىدە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغىن!

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# مال جەمئىي قىلماقنىڭ بايانى [1]

ئەي ئوغۇل، مال جەمئىي قىلماق، يەنى پۇل ـ مال يىغماقتىن ئۆزۈڭنى غاپىل تۇتما. لېكىن ئازغىنە نەرسە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى خارلىغىقا سالما. تىرىشىدىغانلا بولساڭ، ھەرقانداق نەرسىنى قولۇڭغا كەلتۈرەلەيسەن. ئەمما ماڭا ياراشسۇن دېسەڭ، قولۇڭغا كەلتۈرمەكچى بولغان نەرسە توغرا يول ـ ھالال يول بىلەن بولغاي! قولۇڭغا كەلتۈرگەن، يەنى يىغقان پۇل ـ مېلىڭنى ياخشى ساقلا. ئەھمىيەتسىز ۋە گۇناھ بولغۇدەك ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلما. پۇل ـ مالنى ياخشى ساقلىماق، يەنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمەك جەمئىي قىلماقتىن مۇشكۇلراقتۇر. ناۋادا بىرەر لازىملىق نەرسە ئۈچۈن چىقىم قىلماقچى بولساڭ، ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىل. چىقىم قىلىشنىلا بىلىپ، ئورنىنى تولدۇرۇشنى بىلمىسەڭ، ئۇ ھالدا قارۇننىڭ[2] خەزىنىسى بولسىمۇ توشۇمايدۇ، تۈگەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا، يەنى پۇل ـ مېلىڭغا ئانچە كۆڭۈل باغلاپمۇ كەتمە. لېكىن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا تەڭلىككە قالماي دېسەڭ، قولۇڭدا ئاز ـ تولا پۇل ـ

---

① مۇندەرىجىدە «مال يىغماق ۋە دۇنيا تاپماقنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

② ھېسابسىز بايلىق ئىگىسى (ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا زور بايلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ).

مىلىڭمۇ تۇرسۇن!

پۇل ـ مىلىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ ھەم تەدبىر بىلەن ئىش قىل. كىچىككىنە بولسىمۇ تەدبىر بىلەن قىلىنغان ئىش تولىمۇ ئوبداندۇر. ئازغىنە پۇل ـ مال ئۇچۇن غەيرىگە موھتاج بولۇپ تىرىكچىلىك قىلغاندىن، نۇرغۇن پۇل ـ مىلىڭنىڭ باشقىلارغا قىپقالغىنى ياخشىدۇر.

قەدىمكىلەر مۇنداق ئېيتقان: «دوستۇڭغا موھتاج بولغاندىن، پۇل ـ مىلىڭنىڭ دۈشمىنىڭگە قالغىنى ياخشىراقتۇر.»

نەزم:

مال جەمئىي ئەيلە فانىي ئالەم ئارا،
يۈرگۈچە خەلق نان بېرۈر دەپ ئاچ.
سەن ئۆلۈپ دۈشمىنىڭگە قالغان خوب،
دوست مالىغە بولغۇچە موھتاج.

تاپماقنىڭ مۇشەققىتىدىن ساقلىماقنىڭ مېھنىتى زىيادە ۋە قاتتىقراقتۇر. سەرمايە ئازراق بولسا، ئۇنى ساقلىماقنى ۋاجىپ بىل. ھەرقانداق بىر كىشى ئازنى ساقلاشقا چىدىسا، كۆپنى ھەم ساقلىيالايدۇ.

باشقىلارنىڭ ئىشىنى قىلغاندىن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىلىشنى ياخشى دەپ بىل. ھورۇنلۇقنى نومۇس بىلگىنكى، ھورۇنلۇق ــ بەختسىزلىكنىڭ شاگىرتىدۇر. ھەر ۋاقىت رەنج ـ مۇشەققەتنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت. چۈنكى رەنج ـ مۇشەققەتتىن پايدا ھاسىل بولىدۇ. ھورۇنلۇق تۇپەيلى پايدا قولدىن كېتىدۇ، بەلكى پايدا قولغا كەلمەس!

ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇكى: تىرىش ـ تىرىشچانلىق كۆرسەت، تا ئوبدان، يەنى بەختلىك بولغايسەن. قولۇڭدىكىگە، يەنى قولۇڭدا بارىغا خۇرسەن بول، تاكى باي بولغايسەن. كەمتەر ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، تا دوستۇڭ كۆپ بولغاي!

بەس، نۇرغۇن رەنج ـ مۇشەققەت بىلەن قولغا كەلگەننى ئانچىكى ھۆرۈنلۇق ۋە غەپلەت بىلەن قولدىن چىقىرىپ قويۇش ـــ دانا ۋە ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى ھاجەتمەن بولغان ۋاقتىڭدا پۇشايمان قىلساڭمۇ پايدىسى بولمايدۇ. شۇڭا رەنج ـ مۇشەققەت چېكىپ پۇل ـ مال جەمئىي قىل ھەم ئۆزۈڭنىڭ نېنىنى ئۆزۈڭ تېپىپ يېيىشكە تىرىش. گەرچە پۇل ـ مال ھەرقانچە ئەزىز ۋە كىشىنى مەقسىتىگە يەتكۈزۈدىغان نەرسە بولسىمۇ، ئەمما لازىملىق خىراجەتتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما، يەنى چىقىم قىلىشقا توغرا كەلگەندە بېخىللىق قىلما. يەنە شۇنىمۇ بىلىشىڭ كېرەككى، پۇل ـ مېلىڭنى بىكارچى كىشىلەرگە خەجلەپ، باشقا بىرىگە موھتاج بولۇپ قېلىشتىن ساقلان. چۈنكى موھتاجلار پېقىرلار ئۆيىدە بولىدۇ، بەلكى پېقىرلارنىڭ ئېھتىياجى ھەممە ئۆيگە چۈشىدۇ. مەسىلەن، بىر پۇل تاپساڭ، ئۇشبۇ بىر پۇلغا يەنە بىر پۇل چاغلىق نەرسىنى قوشۇپ خىراجەت قىلساڭ، ھەمىشە موھتاجلىقتا ئۆتىسەن. ۋاقتىكى، بىر پۇل تاپساڭ، شۇ بىر پۇلدىن زەررە كەم خىراجەت قىلساڭ، ئۆيۈڭدە ھەرگىز موھتاجلىقتا قالمايسەن. شۇڭا دۇنيالىقتىن ھەرقانداق نەرسە تاپساڭ، قانائەت قىلغىن. قانائەتنى يۇقىرى مەرتىۋە دەپ بىل. خۇدايىتائالادىن ھەربىر رىزق ۋە نېسۋە ساڭا قىسمەت بولغانىكەن، ئەلۋەتتە يەتكۈسىدۇر. ھەرقانداق بىر ئىش سۆز ياكى بىرەر كىشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا، ئۇ

هالدا ئۇ ئىش ئۇچۇن پۇل خەجلىمە. زۆرۈر بولسىكەن، پۇل خەجلەشتىن ئايانما. چۈنكى پۇلسىز كىشىنىڭ ئىشىنىڭ قەدرى بولماس! شۇنى بىلگىنكى، ئادەملەرنىڭ تولىسى مەنپەئەتى بولمىسىمۇ دۇنيادارلار (بايلار)نى دوست تۇتىدۇ؛ زەربىسى يەتمىسىمۇ كەمبەغەللەرنى يامان كۆرىدۇ. ئادەملەرنىڭ هال - ئەھۋالىنىڭ يامانراقى موھتاجلىقتۇر. شۇڭا ياخشى ئاتاقنا ئېرىشەي، ياخشى نام بىلەن زىننەتلىنەي دېسەڭ، موھتاجلارغا خەير - ئېھسان قىل. ھەر كىشىنى ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ رازى قىلىشقا تىرىش. ئەمما ئىسراپچىلىقمۇ قىلما. ئىسراپچىلىقنى خۇدايىتائالانىڭ دۈشمىنى دەپ بىل. خۇدايىتائالا ياخشى كۆرمىگەن ئىشنى بەندىنىڭ ياخشى كۆرۈشى تولىمۇ شۇملۇقتۇر. بۇ ھەقتە خۇدايىتائالا ئۆز كالامىدا خەۋەر بېرىپ: «ئىسراپ قىلماڭلار، خۇدايىتائالا ئىسراپ قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ» دېگەن. شۇڭا خۇدايىتائالا دوست تۇتمىغان نەرسىنى سەن ھەم دوست تۇتما. ھەرقانداق ئاپەتنىڭ بىر سەۋەبى بولىدۇ. نامراتلىقنىڭ سەۋەبى — ئىسراپچىلىقتۇر. دېمەك، ئېھتىياجدىن زىيادە خىراجەت قىلىش ئىسراپچىلىق جۈملىسىدىندۇر. ئەمما نەپىقە ئۈچۈن خىراجەت قىلىش ئىسراپچىلىق ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يېمەك - ئىچمەكتە، گەپ - سۆزدە ۋە ئىش - ھەرىكەتتىمۇ ئىسراپچىلىقتىن ساقلان. خۇسۇسەن، يېمەك - ئىچمەكتە تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى يېمەك - ئىچمەكتىكى ئىسراپچىلىق — بەدەننى ئۇۇپرىتىدۇ، نەپەسنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئەقلنى قاچۇرىدۇ، ھاياتنى نابۇت قىلىدۇ. كۆرمىدىڭمۇ، چىراغنىڭ تىرىكلىكى (يورۇپ تۇرۇشى) ياغ بىلەندۇر. ناۋادا ياغ نورمال بولمىسا، چىراغ ئۆچۈپ قالىدۇ.

مەلۇم بولىدىكى، ياغ بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى چىراغنىڭ يىپىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ياغ نورمال بولۇشى كېرەك. ئەگەر ياغ نورمىدىن ئېشىپ كەتسە، تۆكۈلۈپ چىراغ ئۆچۈپ قالىدۇ؛ ئاز بولۇپ قالسا، پىلىككە ياغ يەتمەي ھەم ئۆچۈپ قالىدۇ. ئۇشبۇ جەھەتتىن خۇدايىتائالا ئىسراپچىلىقنى دوست تۇتمىغاندۇر. خەلقمۇ زامان ـ زاماندىن بېرى ئىسراپچىلىقنى، «ئاپەت» دەپ، ھەر ئىشنىڭ نورمال بولۇشىنى خالاپ كەلگەندۇر. دەرھەقىقەت، ئىسراپچىلىقنىڭ ئاقىۋىتى زىيان بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئەمما تېجەشلىك بولىمەن، دەپ تىرىكچىلىكنىڭ ـ ھاياتنىڭ قاتتىقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزمە ۋە رىزقىڭنىڭ ئېشىكىنى يۇزۇڭگە باغلىما، يەنى بەك بېخىللىقمۇ قىلىپ كەتمە. ھەرقانداق لازىملىق نەرسىلەر ئۈچۈن سەۋەنلىك سادىر قىلما. كىشى ئۆز ئىشىدا سەۋەنلىك سادىر قىلسا، سائادەتكە ئېرىشەلمەيدۇ ۋە مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. مەيلى ئۆز نەپسىڭ ئۈچۈن بولسۇن ياكى ساڭا لازىملىق ھەرقانداق نەرسە ئۈچۈن بولسۇن، چىقىم قىلىشتىن ئايانما. چۈنكى پۇل ـ مال ھەرقانچە ئەزىز بولسىمۇ، جېنىڭدىن ئەزىز ئەمەستۇر. شۇڭا قول ـ ئىلكىڭدە بولسىلا، پايدىلىق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىل. پۇل ـ مېلىڭنى ھەرگىزمۇ بېخىل، قىمارۋاز ۋە تىرىكتاپلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمە؛ بۇنداق ئادەملەرنى «ئوغرى» دەپ پەرەز قىل، تا مېلىڭ «ئوغرى»لاردىن ئەمىن تۇرغاي!

ئەي ئوغۇل، دۇنيا، يەنى پۇل ـ مال جەمئىي قىلماقتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما. چۈنكى راھەتنىڭ رەنج ـ مۇشەققىتى بولغىنىدەك، رەنج ـ مۇشەققەتنىڭمۇ راھىتى بولىدۇ، يەنى بۈگۈنكى راھەت ــ ئەتىكى كۈننىڭ رەنج ـ مۇشەققىتىدۇر؛

بۈگۈنكى رەنج ـ مۇشەققەت ــ ئەتىكى كۈننىڭ راھىتىدۇر. شۇڭا ھەرقانداق نەرسىنى، مەيلى مۇشەققەت بىلەن ياكى مۇشەققەتسىز قولۇڭغا كەلتۈر، چوقۇم ئىككى پۇلنى ئۆزۈڭگە ۋە ئەھلى ئائىلىڭگە خىراجەت قىلساڭ، يەنە ئىككى پۇلنى ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلاپ قويۇشنىڭ كويىدا بول. زۆرۈر بولغان كۈنلەردە ياكى ياشانغان ۋە ياكى كېسەل بولۇپ قالغان ۋاقىتلاردا ھاجىتىڭگە يارايدۇ. ئىمكانىيىتىڭ بولسا، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تۇت. تا ھەمىشە باقىي تۇرغاي. ئاۋادا بەك كۆپ بولسا، تۇپراققا كۆمۈپ ساقلا. تۇپراققا كۆمگەن ھەرقانداق نەرسىنى تۇپراق ھاجەت ۋاقتىدا يەنە قولۇڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. لازىملىق ئۈچۈن بىرەر ئەسۋابنى سېتىۋالغان بولساڭ، ئۇنى «كېيىن يەنە سېتىۋالارمەن» دەپ باشقا بىر لازىملىق نەرسە ئۈچۈن سېتىۋەتمە ياكى تېگىشىۋەتمە. كېيىن سېتىۋالالماي قالساڭ، ئۆي ئىچىدە شۇ نەرسىنىڭ ئورنى بوش قالىدۇ. يەنە بىرى، ھەرقانچە زۆرۈر بولسىمۇ بىراۋدىن قەرز ئالما ۋە مال ـ مۈلكۈڭنى گۆرۈگە قويما. سەن ھەم تا قۇدرىتىڭ بولسىلا، كىشىگە قەرز بەرمە. خۇسۇسەن، دوستلىرىڭغا قەرز بەرمىگىن. چۈنكى قەرز بەرمىگەندىكى ئازاردىن، يەنى قەرز بەرمىگەنلىكىڭ تۈپەيلى ساڭا بولىدىغان خاپىلىق رەنجىشتىن، بەرگەن قەرزنى سورىغاندىكى ئازار يامانراقتۇر.

قەدىمدىن قېپقالغان مۇنداق بىر ماقال بار: «بېرىپ يامان بولغۇچە، بەرمەي يامان بول.»

بەس، ئەگەر قەرز بەرسەڭ، بەرگەن ئۇ پۇلنى ئۆز مىلىڭ قاتارىدا سانىما ۋە كۆڭلۈڭدە: «بۇ مالنى دوستۇمغا بەخش قىلىپ

بەردىم، تا ئۇ بەرمىگىچە سورىماسمەن» دەپ بىل. شۇ بەرگەن قەرزىڭنى سوراش تۇپەيلى دوستلۇقۇڭغا تەسىر يەتمىگەي. چۈنكى دوستنى ئاز نەرسە بىلەن دۈشمەن قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما دۈشمەننى دوست قىلماق تولىمۇ مۇشكۇلدۇر.

دوستنى دۈشمەن قىلماق گۆدەكلەرنىڭ ئىشىدۇر؛ دۈشمەننى دوست قىلماق قېرىلارنىڭ هالىدۇر.

ئاۋادا قولۇڭدا پۇل - مېلىڭ كۆپ بولسا، مۇۋاپىق مىقداردا موهتاجلارنى بەهرە ئالدۇرغىن، يەنى موهتاجلارنى هاجىتىدىن چىقار. خۇشۇسەن، ئامرات تۇغقانلىرىڭغا مەنپەئەت يەتكۈز. شۇنداقتا تۇغقانچىلىق مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىلغان بولىسەن. ئەمما ئادەملەرنىڭ ئوبدىنى بولاي دېسەڭ، هېچ كىشىنىڭ هېچنەرسىسىدىن تەمە تۇتمىغىن، يەنى كىشىنىڭ مال - مۈلكىدىن تەمەيىڭ بولمىسۇن. ئۆزۈڭنىڭ مېلىنى ئۆزۈڭنىڭ دەپ بىل. كىشىنىڭ مېلىنى ئۆزۈڭنىڭ دەپ گۇمان قىلما، يەنى كىشىنىڭ مېلىنىڭ كويىدا بولما. شۇنداقلا خەلق ئارىسىدا ئەمىنلىك ۋە دىيانەتلىك بىلەن مەشهۇر بولالايسەن. باشقىلارمۇ ساڭا ئىشىنىدۇ.

بۇ دېگەنلىرىمنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتساڭ، چوقۇمكى، هەمىشە باي - باياشاد ياشايسەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ئامانەتنى ساقلىماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر كىشى ساڭا ئامانەت بەرمەكچى بولسا، ئىلاجى بار ئالمىغىن. ناۋادا ئامانەتنى ئالساڭ، ئوبدان ساقلا. دېمەكچى بولغىنىم، ئامانەتنى ساقلىماقنىڭ ئاقىۋىتى ئۈچ هالدىن خالىي بولمايدۇ:

بىرى، ئامانەتنى ساقلاش ئۈچۈن جەۋر ـ جاپا چېكىسەن؛ يەنە بىرى، ئىگىسى تەلەپ قىلغاندا قايتۇرۇپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيسەن؛ بىرى، ئەگەر نىيىتىڭ بۇزۇلسا، ئامانەتنى ئىنكار قىلىسەن ياكى ئامانەت بىرەر سەۋەب بىلەن زايا بولسا، ئۇياتقا قالىسەن. مۇبادا ئاللانىڭ: «سىلەر ئامانەتنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرۇڭلار» دېگەن ئايىتى بويىچە ئامانەتنى ئىگىسىگە سالامەت يەتكۈزۈپ بېرەلىسەڭ، ئۇ هالدا سەن ناهايىتى ياخشى ئىش قىلغان بولىسەن.

ئادەم بولۇشنىڭ تەرتىپسى شۇكى، ئىمكان بار ئامانەتنى ئالما. ئەگەر ئالساڭ، ئوبدان ساقلاپ ئىگىسىگە سالامەت يەتكۈزۈپ بەرگىن. بۇ توغرىسىدا مۇنداق بىر هېكايەتنى ئاڭلىغانىدىم:

بىر كىشى سەهەردە سەرراپقا بارماقچى بولۇپ ئۆيىدىن چىقتى. يولدا كېتىۋاتقاندا بىر دوستى ئۇچرىدى. ئۇ دوستىغا:

ـــ مەن سەرراپقا كېتىۋاتىمەن. مەن بىلەن بىللە بارغان

بولسىڭىز، ــ دېدى. دوستى ئېيتتى:

ــ تا سەرراپقا بارغىچە ھەمراھ بولاي، ئەمما سەرراپقا كىرمەيمەن. مېنىڭ ئىشىم بار.

سەرراپقا يېقىن كەلگەندە ئىككى يول ئايرىلىشقا يەتتى. دوستى گەپ قىلمايلا يەنە بىر يولغا كىرىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا سەرراپقا كېتىۋاتقان بىر ھەيىيار بۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەنىدى. بۇ كىشى ئۆزىگە ئەگىشىپ كەلگەن كىشىنىڭ ئۇچىسىغا قارىدى. ئەتراپ بەكلا قاراڭغۇ ئىدى. ھېلىقى ھەيىيارنى تونۇماي، دوستى دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىر ياغلىققا تۈگۈكلۈك يۈز ئالتۇن ئاقچىسى بار ئىدى. ئېلىپ بۇ ھەيىيارغا بەردى ۋە:

ــ ئەي بۇرادەر، بۇ ئامانەت مەن سەرراپتىن چىققىچە سىزدە تۇرۇپ تۇرسۇن، ــ دېدى.

ئۇ ھەيىيار ئالتۇننى ئالدى ۋە ئالتۇننىڭ ئىگىسى سەرراپتىن چىققۇچە تەۋرەنمەي شۇ يەردە تۇردى. بۇ چاغدا ئالەم يورۇپ قالغانىدى. ئۇ كىشى كىيىملىرىنى كىيىپ سەرراپتىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆيى تەرەپكە راۋان بولدى. ھېلىقى ھەيىيار چاقىرىپ:

ــ ئەي سېخىي ئادەم، ئالتۇنىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ، مەن سىزنىڭ ئامانىتىڭىزنى ساقلىيالمايمەن. ئۆزۈمنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىم توختاپ قالدى، ــ دېدى. ئۇ كىشى سورىدى.

ــ نېمە ئالتۇن، سىز كىم؟

ھەيىيار دېدىكى:

ــ مەن ھەيىياردۇرمەن. بۇ ئالتۇننى سەرراپتىن چىققۇچە ساقلاپ بېرىڭ، دەپ ماڭا ئامانەت بەرگەنىدىڭىز.

ئۇ كىشى دېدى:

— ئەگەر سىز هەييار بولسىڭىز، بۇ ئالتۇننى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەتمىدىڭىز؟!

هەييار ئېيتتى:

— ئەگەر مەن سىزدىن بۇ يۈز ئالتۇننى هەييارلىق تەرىقىسى بىلەن ئېلىۋالغان بولسام، هەرگىزمۇ ئەندىشە قىلماي ئېلىپ كەتكەن بولاتتىم. ئەمما بۇ ئالتۇننى سىز ماڭا ئامانەت بەردىڭىز. ئامانەتنى يېۋېلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش ئادىمىيلىك ۋە مەردلىك تەرىقىسىدىن يىراقتۇر.

بەس، شۇنى بىلگىنكى، بىر هەييار ئامانەتنىڭ هۆرمىتىنى بۇ قاتارلىق ساقلىغان يەردە، مەلۇمكى، ئامانەتنى ساقلىماق شۇ قەدەر ئۇلۇغ ۋە خەتەرلىك ئىشتۇر. ئەگەر ئامانەت سېنىڭ قولۇڭدا هالاك بولسا، سەن ئۇ ئامانەتنى تۆلەپ بەرسەڭمۇ خوپتۇر. ناۋادا شەيتان ئازدۇرۇپ، ئۇ ئامانەتكە خىيانەت قىلماقنى خاهىش قىلساڭ ياكى تېنىۋېلىش خىيالىدا بولساڭ، تولىمۇ خاتادۇر. ئەگەر ئامانەتنى ئىگىسىگە سالامەت بەرسەڭمۇ، ئامانەت ساقلىغانىڭ رەنج ۋە مۇشەققىتى ساڭا بولىدۇ. ئەمما ئامانەت ئىگىسى سەندىن هېچبىر مەنپەئەتدار بولمايدۇ ۋە بۇ مال ئۆزۈمنىڭ ئىدى، ئۆزۈم قايتۇرۇپ ئالدىم، دەيدۇ. بەرهەق، ئەگەر كىشىنىڭ ئامانىتى سېنىڭ قولۇڭدا يوقاپ كەتسە، سەۋەب كۆرسەتسەڭمۇ هېچ كىشى ساڭا ئىشەنمەيدۇ. گەرچە سەن خىيانەت قىلمىغان بولساڭمۇ، خەلق ئارىسىدا خىيانەت قىلغۇچى ۋە دىيانەتسىزلىك بىلەن مەشهۇر بولىسەن. جەڭگى ـ جېدەل ۋە خۇسۇمەتكە قالىسەن هەمدە قەرزدار بولۇپ قالىسەن. ناۋادا

تېنىۋالساڭ، قەرز ئىگىسى زۇلۇم ۋە ستتەم بىلەن بولىسىمۇ، ئۇ ئامانەتنى سەندىن قايتۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ھالدا سەن خىيانەت قىلغۇچى بولۇپ قالىسەن، قىيامەتنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىنى كەردىنىڭگە يۈكلىۋالىسەن. بۇ ئالەمدە مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن ھەم ئاخىرەتتىمۇ خۇدايىتائالانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبىتىگە گىرىپتار بولىسەن. ئەگەر كىشىگە ئامانەت بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن گۇۋاھ (ھۆججەت) ئېلىۋال. تا ئامانەتدار «مال ئۆزۈمنىڭ» دەپ خىيانەت قىلىۋېلىشىدىن خالاس بولىسەن. ناۋادا كىشىگە ئامانەتدار بولۇشقا توغرا كەلسە، يەنى كىشىنىڭ ئامانىتىنى ساقلاش زۆرۈر بولۇپ قالسا، ئامانەتنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىراپ كەتمە. چۈنكى ئامانەتدارلىققا ئالدىرىماق، يەنى كىشىنىڭ ئامانىتىنى قوبۇل قىلىش ۋە ساقلاشقا ئالدىراش ــ ئۆزىگە زۇلۇم ۋە ستتەم قىلماقنىڭ نىشانىدۇر. ئىلاج بولسا، راست قەسەم ئىچمەكتىن ھەم پەرھىز قىل. يالغان قەسەم ئىچىشمۇ دۇرۇس ئەمەس. خەلق ئارىسىدا ئۆزۈڭنى قەسەمخورلۇق بىلەن مەشھۇر قىلما. ئامانەت توغرىسىدا خەلق سېنى «راست سۆزلۈك» دەپ بىلگەي.

قاچانكى، سەن زەردار ياكى پۇلدار بولساڭ، پۇل مېلىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى كۆز كۆز قىلىشنىڭ كويىدا بولما. بەلكى ئۆزۈڭنى دەرۋىشلەر ۋە پېقىرلار قاتارىدا سانىغىن. يامانلار ۋە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى پېقىرلىق ۋە موھتاجلىقتىن ئۆزگە پايدا بەرمەيدۇ. خاتىرجەم ياشاي دېسەڭ، بىرەر ھۈنەرنى كەسىپ قىل ياكى زەردارلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلغىن. خاتىرجەملىكنىڭ ئاساسى ــ راست سۆزلۈك بولۇشتۇر. چۈنكى ئالەمدىكى بايلىق راست سۆزلۈكلەر ۋە خالىس كىشىلەرگە

تەۋەدۇر. هەر دائىم تىرىش، تىرىشچانلىق كۆرسەت. ئەمما كىشىلەرگە قارىتا قىلچە هىيلە - مىكىر ئىشلەتكۈچى بولما. ئۇ هالدا ئۆزۈڭمۇ هىيلە - مىكىر [قىلتىمىقىغا ] دەسسىلىپ قالمايسەن.

خۇسۇسەن، كىشىگە بىر نىمە بەرگەندە ۋە ئالغاندا هەر دائىم راست سۆزلۈك بولۇشقا ئادەتلەن!

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## قول ۋە دېدەك ئالماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر قول (خىزمەتكار) ئالماقچى بولساڭ، ئاگاھ بولغىنىڭكى، ئادەم (خىزمەتكار)نىڭ خاراكتېرىنى بىلمەك ناھايىتىمۇ مۇشكۇلدۇر. تولا بەندە (خىزمەتكار) باردۇركى، قارىماققا ياخشى كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئىنچىكىلەپ، دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرسەڭ، ئەكسىچە.

كىشىلەرگە مەلۇمكى، بەندە (خىزمەتكار) ئالماق ئۆزگىچە سودىگەرلىكتۇر. ئەمما تولىسى بىلمەي، تونىماي ئالىدۇ. بىراق بۇ ئەيىب سانالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ماتا (رەخت) ئەمەس. ناۋادا ماتانى تونۇماي (ياخشى ياكى ناچىرىنى پەرق ئەتمەي) سېتىۋالغان بولسا، بۇ — ئەيىبتۇر. شۇڭا ھەممىدىن مۇشكۇلراقى ئادەمنى تونۇشتۇر. چۈنكى ئادەمنىڭ ھۈنىرى ۋە ئەيىبى تولىدۇر. بىر ئەيىب مىڭ ھۈنەرنى ياپىدۇ، بىر ھۈنەر مىڭ ئەيىبنى (ياپىدۇ)، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟! ئەمما ئادەملەرنى ھامان پاراسەت ۋە تەجرىبە ئىلمى ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ. پاراسەت ئىلمىنىڭ تامامى ۋە كامىلى پەيغەمبەرلىك ئىلمىدۇر. ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ ئىچكى قىياپىتىنى بىلىش ھەر كىشىنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەرلەرلا بۇنى پاراسەت بىلەن بىلەلەيدۇ. مەن ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە، چامىمنىڭ يېتىشىچە

بەندە (خىزمەتكار) ئېلىشىشنىڭ يوللىرىنى ساڭا بايان قىلاي. بىلگىن، ئەي ئوغۇل، بەندە (خىزمەتكار) ئېلىشىشنىڭ ئۈچ شەرتى باردۇر:

بىرىنچى، ئادەمنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەيىب ۋە ھۈنەرلىرىنى پاراسەت بىلەن تونىماق؛

ئىككىنچى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئاغرىقىنى پاراسەت بىلەن بىلمەك؛

ئۈچىنچى، قوۋمىنى چۈشەنمەك. چۈنكى ھەر قوۋمنىڭ ئەيىب ۋە ھۈنىرى ئۆزگىچە بولىدۇ. شۇڭا بەندە (خىزمەتكار) ئالماقچى بولساڭ، ياخشى كۆزەت. بەندە (خىزمەتكار) ئالماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى چىرايىغا قارايدۇ، بەدىنىگە ۋە تۇرقىغا قارىمايدۇ؛ بەزىلىرى تۇرقىغا ۋە مۇسكۇللىرىغا قارايدۇ. ئومۇمەن، ھەر قانداق كىشى بەندە (خىزمەتكار) ئالماقچى بولسا، ئاۋۋال يۈزىگە قارىغاي، ئاندىن كېيىن قوللىرى ۋە پۇتلىرىغا قارىغاي. ئالماقچى بولغان خىزمەتكارنىڭ ئالدى بىلەن خۇش چىراي بولسۇن. چۈنكى ئاۋۋال كۆرۈنىدىغىنى كىشىنىڭ يۈزىدۇر. ئاندىن كۆزىگە ۋە قاشلىرىغا قارىغىن. ئاندىن بۇرنى، لېۋى ۋە چىشلىرىغا، ئاندىن چېچىغا كۆز سالغىن. خۇدايىتائالا ئادەمنىڭ گۈزەللىكىنى كۆز بىلەن قاش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. پاكىزلىقىنى تېرىسى بىلەن يۈزىدە نامايان قىلغان. چېچىنى بولسا، ھەممىدىن زىننەتلىك ۋە يارىشىملىق قىلىپ ياراتقان. شۇڭا ھەممە تەرەپتىن كۆزەتكىن. كۆز ۋە قاش جايىدا بولسا، بۇرنى قاملاشقان، لېۋى ۋە چىشلىرى گۈزەل (يېقىملىق)، تېرىلىرى جەلپ قىلارلىق (سۈزۈك) بولسىلا، باشقا جەھەتلەردە ئىنچىكىلەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ. تۆرقى كۆرۈمسىز، ئەمما باشقا



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جەھەتتىن، يەنى مىجەز خۇلقىنىڭ ياخشى بولغىنىغا قارىغاندا، تۇرقىنىڭ گۈزەل ۋە يېقىملىق بولغىنى ھەممىدىن مۇھىم. ئاندىن خىزمەتكارنىڭ ھەربىر ئىشنى، ھال ـ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىشىڭ كېرەك. بۇلاردىن باشقا يەنە [بوينىنىڭ] ئېگىز ـ پاكارلىقى، سېمىز ـ ئورۇقلۇقى؛ [رەڭگىنىڭ] ئاق ياكى قىزىل، سېرىق ياكى قارىلىقى قاتارلىقلار. ئومۇمەن، بارلىق سۈپەتلىرى مۇۋاپىق، يەنى ئوتتۇرا ھال بولغىنى تۈزۈك. يەنە بەدىنىنىڭ گۆشلىرى يۇمشاق، تېرىسى نېپىز، ئۇستىخانلىرى رۇس (تۈز) ۋە باراۋەر بولغاي. چېچى ھەددىدىن زىيادە قارا بولمىسۇن. كىرپىكلىرى قارا، شەھلا كۆز، قاشلىرى توم، بۇرنى ئىلپىتەك، بېلى ئىنچىكە، ساغرىسى كەڭ، مەڭزى زىناقلىق، لېۋى قىزىل، چىشلىرى ئاق ــ ھەممە ئەزالىرى ئۆز جايىدا بولغاي. ھەر قانداق غۇلام شۇ سۈپەتتە بولسا، ئوبدان، زىبا ۋە ۋاپادار كېلىدۇ.

تۈز قامەت، چېچى مۇۋاپىق، سېمىز ۋە ئورۇقلۇقى نورمال، ئالىقانلىرى ئازادە، ئۇششاق قوللىرى (بارماقلىرى)نىڭ ئارىلىقى كۆشادە، پېشانىسى كەڭ، شەھلا كۆز، كەم كۈلكە بولۇش ــ دانا ۋە ئەقىللىق بەندىلەرنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق ئادەملەرگە ئىلىم ئۆگىتىش ۋە خەزىنىچىلىك ئىشلىرىنى تاپشۇرۇش لايىق ھەم ھەرقانداق ئىشقا قويساق مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنداق ئادەملەر بەندىچىلىككە لايىق ۋە سازاۋەردۇر. ئەمما گۆشلىرى يىرىك، ئۇششاق قوللىرى (بارماقلىرى) ئىنچىكە، يۈزى گۆشلۈك ئادەملەردىن ئېھتىيات قىلغىن. بۇنداق ئادەملەر ھېچ نەرسە ئۆگىنەلمەيدۇ. ئالىقىنى يۇمشاق، ئۇششاق قوللىرى (بارماقلىرى)نىڭ ئارىلىقى كەڭ، چىرايى ئوچۇق (مەرى ئىسسىق)، تېرىسى قېلىن، چېچى مۇۋاپىق ــ ئۇزۇن ھەم

ئەمەس، ھەم قىسقا ئەمەس، قىزىلمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، شەھلا كۆز، تاپانلىرى باراۋەر ئادەملەر ھەرقانداق مۇشكۈل ھۈنەرنىمۇ ئاسان ئۆگىنىۋالالايدۇ. خۇسۇسەن، نەغمىسازلىقنى ئوبدان ئۆگىنەلەيدۇ.

چېچى يىرىك، بويى ئېگىز، بەستلىك، قولىقى قاتتىق؛ ئۇششاق قوللىرى يوغان ۋە ئۇستخانلىق، تېرىسى يىرىك، ئۇستىخانلىرىنىڭ ئۇگىلىرى مەھكەم، تومۇر ۋە پەيلىرى بەدىنىدە بىلىنىپ تۇرغان، دولىسى ۋە پېشانىسى كەڭ، گەردىنى يوغان، بېشى ئوتتۇرا ھال، قورسىقى ھەم ئوتتۇرا ھال، كۆزلىرى قارا بولۇش — باھادىرلىقتا لايىق بەندىلەرنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. ھەرقانداق بەندە مۇشۇ سۈپەتتە بولسا، باھادىرلىقى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولىدۇ.

رەڭگى قارىغا مايىل، چىرايى ئادەتتىكىچە، بەتخۇي، تاپىنى نېپىز، ئاۋازى ئىنچىكە، لەۋلىرى قېلىن، ئۇششاق قوللىرى (بارماقلىرى) قىسقا، قەددى ئەگرى، بويى زىلۋا كەلگەن بەندىلەر خوتۇنلار ئارىسىدا — ئۆي ئىچىدە خىزمەت قىلىشقا لايىقتۇر. ئەمما، بەدىنى ئاق ۋە يۈزى قىزىل بولمىسۇن، چېچى قىزىل ۋە ئۇزۇن بەندىدىن ئېھتىيات قىلغىن.

قاشلىرى كەڭ، كۆزلىرى چوڭ، قوپال، كۆزىنىڭ قارىسى كۆك، ئېقى قىزىل، لېۋى قېلىن، چىشلىرى ئۇزۇن، ئاغزى چوڭ بولۇش — تۆگە ۋە ئات بېقىشقا لايىق بەندىلەرنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ سۈپەتتىكى ئادەملەر تولىمۇ بىھايا ۋە قورقۇمسىز، بىئەدەپ ۋە غەۋغاچى كېلىدۇ.

چىرايى پاكىز، تۈرقى كېلىشكەن، يۈزى يۇمىلاق، قوللىرى ئىنچىكە ۋە شەھلا كۆز، كۆزلىرى كۆككە يېقىنراق، قامەتلىك،

جىمىغۇر، چېچى قىزىل بولۇش ـــ يوگور ـ يېتىم ئىشلارغا، ئاشپەزلىككە لايىق بەندىلەرنىڭ ئالامەتلىرىدۇر. بۇ سۈپەتتىكى ئادەملەر يوگور ـ يېتىم ئىشلارغا ۋە ئاشپەزلىككە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

شۇنى بىلگىنكى، بەندە نەچچە قوۋمگە تەئەللۇقتۇر. ھەرقوۋمنىڭ ئەيىبى ۋە ھۇنىرى باشقا ـ باشقىدۇر. ھەر قوۋمنىڭ تەبىئىتى ۋە پاراسىتى بۆلەكتۇر. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن ياخشىراقى قىرغىز ۋە قىپچاقتۇر. ھەممىدىن خۇشخۇي ۋە پەرمانبەردارراقى تىببەتلەردۇر. ھەممىدىن باھادىر ۋە شىجائەتلىكراقى تاغلىقلاردۇر. ئەمما ھەربىر قوۋم ئۆز زاتىدا ئوبداندۇر. تۇركلەردە شۇنداق بىر خاراكتېر باركى، ياخشىغا ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى، يامانغا ئادەتتىن تاشقىرى ياماندۇر. تۇركلەرنىڭ تولاراق ئەيىبلىرى شۇكى، ئاچچىقى يامان، قارام، تەكەببۇر، قوپال، كېچىدە قورقۇنچاق، كۈندۈزدە باھادىر؛ ئەمما مەرد، بىر سۆزلۈك، قارنى (كۆڭلى ـ كۆكسى) كەڭ، ئىچى بىلەن تېشى بىردەك. شۇڭا ھەرقانداق ئىشنى تاپشۇرۇشقا بۇلاردىن باشقا تائىپە بولمىسا كېرەك. لېكىن كىشىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش، كېچىسى يۈرەكلىك ۋە تېتىكلىك، خوجىسىغا سادىق بولۇش جەھەتتە تۈركلەرگە قارىغاندا رۇمىيلار ياخشىراقتۇر. چۈنكى ئۇلار تولىمۇ رايىش ۋە نازۇك كېلىدۇ …

ئۈچىنچى شەرت شۇكى، خىزمەتكارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاغرىقلىرىدىن خەۋەردار بولۇش. ئاغرىقنىڭ ئالامەت ۋە نىشانلىرىنى بىلىش. ئۇنىڭ ئالامەت ۋە نىشانىسى شۇكى، سېتىۋالىدىغان ۋاقتىڭدا ئېسىڭدىن چىقارما. بىر كۆرۈش بىلەن قىزىقىپ كەتمە. تۇنجى كۆرگەندە تولىمۇ ياخشى كۆرۈنگىنى

بىلەن كېيىنچە يامان كۆرۈنۈشى مۇمكىن. دەسلەپ يامان كۆرۈنگىنى كېيىنچە ئوبدان كۆرۈنۈشى مۇمكىن. چۈنكى ئادەملەرنىڭ چىرايى دائىم بىر ھال بولىۋەرمەيدۇ. گاھى ئوبدان كۆرۈنىدۇ ۋە گاھى يامان كۆرۈنىدۇ. دىدەكلەرنىڭ تۇرقىغا ياخشى ۋە دىققەت بىلەن قارا. ھال ـ ئەھۋالى ساڭا مەخپىي قالمىغاي. دىدەكلەر ئاغرىقى بولسىمۇ ئاسان ئاشكارا قىلمايدۇ. ئەمما ئاغرىق ئالامىتى نەچچە كۈندىن كېيىن پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى:

چىرايىنىڭ رەڭگىدە ئازغىنە سېرىقلىق بولۇپ، لەۋلىرى ئۇچۇق ۋە كۆزلىرى سۇس كۆرۈنسە، بۇ ئەسىر (تۇتقاقلىق) ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. ئەگەر كۆزىنىڭ قاپاقلىرىدا ئىششىقنىڭ ئالامەتلىرى مەلۇم بولسا، بۇ قورسىقىغا سۇ يىغىۋېلىش كېسىلىدىن بېشارەتتۇر. كۆزلىرى قىزىل، پېشانە تومۇرلىرى توق ۋە كۆپ بولسا، بۇ دەرئى (خۇدىنى يوقىتىش، ئاسان ھوشىدىن كېتىش) ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. چېچىنى يۇلغان، كىرپىكىنى مىدىرلاتقان ۋە لەۋلىرىنى تولا يالىغان بولسا، بۇ مالىخۇلىيا (سەۋدايىلىق، روھىي كېسەللىك) ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. بۇرنىنىڭ ئۇستىخىنى قىڭغىر ۋە قوتۇر بولسا، تەكشى بولمىسا، بۇمۇ ئەسىر ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. بەدىنىدە يارا ياكى داغنىڭ ئىزنالىرى بولسا، ياخشى تەكشۈرۈپ باق. پېسە ئاغرىقى بولۇپ قالمىسۇن. چىرايى غەيرىي، كۆزى سېرىق بولسا، بۇ يەرقان (جىگەر) ئاغرىقىدىن بېشارەتتۇر. ۋاقتىكى، بۇ پىنھان (يوشۇرۇن) ئاغرىقلىرىنى بىلگەن بولساڭ، ئەمدى ئاشكارا ئاغرىقىنى تەكشۈرۈپ كۆر:

ئەگەر ئاغزى سېسىق (پۇرايدىغان)، بۇرنى ۋە قۇلىقى ئېغىر بولسا، يەنى بۇرنىنىڭ پۇراش سېزىمى يوق، قۇلىقى



www.uyghurkitap.com

ئـاڭلىمـايدىغان، سـۆزى ئىنىـق ئەمەس، يولـنىڭ ھەر تـەرىپىگـە چىقىپ ماڭىدىغان ياكى ئىغاڭلاپ ماڭىدىغان، تىزى ۋە ئوشۇقـى يوغان، چىشلىرىنىڭ تۈۋى قـاتتىق بـولسا، بۇنـداق ئادەملـەرنى خىزمەتكارلىققا ئېلىشتىن ھەزەر ئەيلە. ئومۇمەن، دېدەك ئالماقچى بولساڭ، تەقۋادار كەلگىنىنى ئال. ئاۋۋال نەپسىڭ خاھىشىغا تەسكىن بەر. ئاندىن كېنىزەك ئېلىشقا مەشغۇل بـول. بىرەر يۇرتتا ئىززەتلىك بولغان بەندىنى ئالما. ئەگەرچە سەن ئۇنى ئەزىز تۇتساڭمۇ، ئۇ سەندىن مىننەتدار بولمايدۇ. چۈنكى باشقا بىر يەردە دائىم ئۆزىنى ئەزىز تۇتىدىغان كىشى سەن ئەزىز كۆرگەننى ئانچە خالاپ كەتمەيدۇ. ناۋادا تـۆۋەن كۆرسەڭ، يەنى ئەزىز تۇتمىساڭ، قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. غۇلام، دېدەكنى شۇنداق يەردىن ئالغىنكى، ئۇ ئۆي ـ ئۆيلەردە خار ۋە مۇشەققەت ئىچىدە يۈرگەن بـولسۇن. تا سەندىن كىچىككىنە ياخشىلىق كۆرسە، تـولا مىننەتدار بولۇپ، سېنى دوست تۇتقاي! گـاھى ـ گاھىدا خىزمەتكارىڭغا بىرەر نەرسە بېرىشتىن ئايانما. دائىم پۇلغا موھتاج بولۇپ يۈرمىسۇن. بولمىسا، زۆرۈرىيەتتىن پۇل تىلەش ئۈچۈن كوچىغا چىقىپ كېتىدۇ. بەندە (خىزمەتكار) ئالماقچى بولساڭ، ئىمكان بار قىممەترەكىنى ئال. ھەر كىشىنىڭ قىممىتى ئۆز جەۋھىرىگە بېقىپ مەلۇم بولىدۇ. ئەمما تولا كىشىگە سېتىلغان، يەنى تولا خوجايىن كۆرگەن بەندىنى، تولا ئەرگە تەگكەن خوتۇننى كىشىلەر ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. بىر يەردە مۇقىم تۇرۇپ ئىشلەشنى خالايدىغانلىرىنى ئال. مەن دېگەن بىر خىزمەتكار، خالىغاندا مېنى باشقا بىرىگە بېرىۋېتىدۇ، دەپ كۆڭۈل توختاتمايدىغان، گۇمانخور كەلگەنلىرىنى كۆڭلۈڭنى ئەنسىرەتمەي ۋاقتىدا يولىغا سېلىپ قوي. تالاق بولۇشنى ئارزۇ

قىلىدىغان خوتۇن ۋە سېتىلماقنى خىيال قىلىدىغان بەندە بىلەن كۆڭۈل خوشلۇقى ئىزدىمە. ئەگەر خىزمەتكارلىڭ قىستىن ھۇرۇنلۇق قىلسا ياكى خىزمەتتە نۇقسان سادىر قىلسا، ئۇنى زورلۇق ۋە زۇلۇم بىلەن ئوبدان بولۇشقا قىستىما. ھېچ ۋاقىتتا ياخشى بولمايدۇ، بەلكى كۈندىن ـ كۈنگە قاتماللىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ياخشىسى ئۇنداقلارنى دەرھال ئىشتىن بوشات. ئۇخلاپ قالغان كىشىنى بىر ئاۋاز بىلەن ئويغاتقىلى بولىدۇ. ئەمما بەدىنى ۋە كۆڭلى ئۆلۈك كىشىنى يۈزمىڭ نەرە تارتىپ، ناغرا چالغان بىلەنمۇ ئويغاتقىلى بولمايدۇ. خىزمەتكە ۋە ئىشقا يارىمايدىغانلارنى قېشىڭغا يېغىۋالما. خىزمەتكارلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بول. قاتتىقلىق قىلما. چىدىماي قېچىپ كەتمىسۇن، مۇكاپىتىمۇ، جازاسىمۇ لايىقىدا بولسۇن. ياخشى بىر كىشىنىڭ ئىشى ناچار ئىككى كىشىنىڭ ئىشىدىن ئوبدانراقتۇر. بەندىلەر (خىزمەتكارلار) ۋە كېنىزەكلىرىڭنى ئۆي ئىچىدە ياخشى باشقۇر. ئۇلار بىرى بىرىنى ئاغا ـ ئىنى ۋە ئىگىچە ـ سىڭىلدەك بىلىشكەي. تىنچلىق ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. مەيلى خىزمەتكار، مەيلى باشقىلار بولسۇن، چامىسى يەتكۈدەك ئىشقا سال. بۇيۇنتاۋلىق يۈز بەرمىسۇن. ئۆزۈڭنى ئىنساپ بىلەن زىننەتلە. زۇلۇم ـ سىتەم قىلغۇچىلاردىن بولما. خىزمەتكارلار ئۆز خوجايىنىنى ئاتا ـ ئانىسى ۋە بۇرادىرى ئورنىدا كۆرىدىغان بولسۇن. تولا قامچا ـ تاياق يېگەن بەندىنى ھەم ئالما. ئۇلار قورقۇنچاق كېلىدۇ. خىزمەتكارىڭ گەرچە ئەيىبى بولمىسىمۇ، ئىشلەشنى خالىمىسا، ئۇنداقلارغا ھەم كۆڭۈل باغلىما. ئىشتىن بوشىتىپ، ئورنىغا يەنە بىرىنى قوبۇل قىل!

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

## يەر ۋە هويلا ئالماقنىڭ بايانى[1]

ئەي ئوغۇل، قاچانكى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئىمارەت ئېلىشنى خىيال قىلغان بولساڭ، ئەقىل بىلەن ئىش قىل. ساتماق ۋە ئالماقنىڭ پەيتىنى غەنىيمەت بىل، يەنى [ئۆي - جاي] كاساتلاشقاندا — نەرقى چۈشكەندە سېتىۋال. ئاۋادا ساتماقچى بولساڭ، نەرقى ئۆرلىگەندە ۋە خېرىدارى كۆپەيگەندە سات. سودا ئىشىدا پايدا - مەنپەئەت ئېلىشنى ئەيىب كۆرمە. بىرەر نەرسە ئېلىش خىيالىدا سودا قىلساڭ پۇختا بول. سودىدىكى پۇختىلىق يېرىم تىجارەتتۇر. ئەمما سېتىۋالماقچى بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ پايدا - زىيىنىنى چاغلاپ ئال. ئەگەر نامراتلىشىپ كەتمەي دېسەڭ، سودىدىن كىرگەن پايدا بىلەن سودا قىل. ئەسلى پۇلۇڭغا زىيان بولمىسۇن، يەنى دەسمايەڭدىن ئايرىلىپ قالماي دېسەڭ، زىيان تارتىش ئېھتىماللىقى بولغان سودىدىن پەرھىز قىل. بەك كۆپ پايدا ئېلىش، بىراقلا باي بولۇش ئارزۇسىدىمۇ بولما. بايمۇ بولۇپ كەتمەي، كەمبەغەلمۇ بولۇپ قالماي، يەنى مۆۋاپىق كۈن كەچۈرەي دېسەڭ، كىشىنىڭ مېلىغا (بايلىقىغا) ھەسەت قىلما ۋە كىشىنىڭ بايلىقىغا ئېرىشىش خىيالىدىمۇ بولما. ھەممە ئىشتا سەۋر قىلغۇچىلاردىن بول. سەۋر - تاقەت

[1] مۇندەرىجىدە «يەر - سۇ، هويلا ئالماقنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

ئەقىللىقنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. ھەرقانداق ئىشتا ئالدىراش، يەنى ئالدىراقسانلىق قىلىش ياكى بىراقلا كۆزلىگىنى تاشلىۋېتىشنى جاھىللىق دەپ بىلگىن. ناۋادا قىلماقچى بولغان ئىش سەن ئۈچۈن تازا ئېنىق بولمىسا ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ توختاپ قالسا، ئاۋۋالقى ھالىڭغا قايتىپ، ئىشىڭ يۈرۈشكىچە سەۋر قىلىپ تۇرغىن. ئالدىراقسانلىق قىلساڭ، ھېچ ئىش ئىزىغا چۈشمەيدۇ.

ئالماق ـ ساتماق، يەنى سودا ئىشى توغرىسىدا شۈنچىلىك سۆزلەي.

قاچانكى يەر ـ جاي، ھويلا ئالماقچى بولساڭ، چوقۇم تىنىچ ۋە ياخشى كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىن ئال. شەھەرنىڭ ئەتراپىدىن ھويلا ئالمىغىن. شەھەرگە كىرىدىغان يول ئۈستىدىنمۇ ئالما. شۇنىڭدەك ئەرزان بىلىپ، يەنى نەرقى ئەرزانكەن دەپ ۋەيرانە ئىمارەتنىمۇ ئالما ھەم قوشنىلارغىمۇ دىققەت قىل. كىمدۇر بىرى: «قوشنا كۆرۈپ ئۆي ئال» دېگەنىكەن. بۇزۇر جۇمھۇر: «تۆت نەرسە ئىنسانغا زور بالادۇر» دەيدۇ:

بىرى، يامان قوشنا؛ ئىككىنچى، سېنىڭ ھال ـ ئەھۋالىڭدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان، يەنى سېنىڭ ماڭغان ـ تۇرغىنىڭنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كىشى؛ ئۈچىنچى، كۆپ خوتۇن، تۆتىنچى، ھەسەتخورلۇق.

ئىمكان بار ئەمەلدار ـ خوجىلار ۋە ئۆلىمالارغا قوشنا بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان جايدىنمۇ ھويلا ئالما. چۈنكى قوشنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماق تولىمۇ مۇشكۇلدۇر. شۇنداق يەردىن ھويلا ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقىنىڭكى، ئۇ مەھەللىدە

سەندىن بايراق كىشى بولمىسۇن. ئەمما يەنىلا ياخشى قوشنىلارنى ئىززەت ۋە مەھەللە خەلقى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئۆت. ئاغرىپ قالغان بولسا، بېرىپ يوقلا. مۇسىبەت يەتكەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن جىنازا نامىزىغا بار. قوشنىلىرىڭنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەش. شادلىقىغا شادلان، چاماڭنىڭ يېتىشىچە ھەدىيە (سوۋغا) ئەۋەت. ياش ـ گۆدەكلەرگە مېھرىبانلىق كۆرسەت. قېرىلارنى ئىززەتلە؛ مەھەللىنىڭ مەسچىتىگە بېرىپ جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇ. رامىزان ئايلىرىدا مەسچىتكە شام ـ چىراغ قاتارلىق لازىملىقلارنى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما. ئەلۋەتتە، شۇندىلا شۇ مەھەللىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولالايسەن.

باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئۆز ئىشىم دەپ بىل. چۈنكى كىشىگە ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇ كىشى ھەمىشە ياخشىلىقىڭنى قايتۇرۇشنىڭ، يەنى ساڭا ھەم ياخشىلىق قىلىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئەگەر يامانلىق قىلساڭ، دائىم ساڭا يامانلىق قىلىشنىڭ، يەنى پۇرسەت تېپىپ سېنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىشنىڭ كويىدا پېيىڭدا بولىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، كىشىلەرگە قىلغان ياخشىلىقىڭمۇ، يامانلىقىڭمۇ ھامان ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزۈڭگە قايتىدۇ. شۇڭا قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى قىلما. دېمەسلىككە تېگىشلىك بولغان سۆزنى دېمە. باشقىلار قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىل. باشقىلار كۆزلىيەلمىگەن ئىشلارنى كۆزلە. ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە، ھاۋاسى، سۈيى مۇۋاپىق بولغان چوڭ شەھەرلەردە بولغىن. ئالغان ھويلاڭنىڭ تېمى ئۆزگە ھويلىلارنىڭ تېمىدىن ئېگىز بولسۇن. تا غەيرىينىڭ نەزىرى سېنىڭ ھۇجراڭغا چۈشمىگەي. سەن ھەم باشقىلارنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ رەنج يەتكۈزۈشتىن يىراق بول. يەر ئالماقچى

بولساڭمۇ قوشنىسىغا قارا. ھەرقانداق نەرسىنى يىلنىڭ مولچىلىق، پاراۋان ۋە كەڭرى ۋاقتىدا ئالغىن ھەم تەكشۈرۈپ ۋارىسلار ئارىسىدا تەقسىماتى ئېنىق بولغان جايىنى سېتىۋال. ئالغان يېرىڭنىڭ ئىگىدارلىقى شۈبھىسىز بولسۇن.

ئالغان ئىمارىتىڭنى دائىم تۈزەپ، ياخشىلاپ تۇرۇشنىڭ كويىدا بول ۋە ھەرقاچان يېڭىلاشقا تىرىش. شۇندىلا ئىمارىتىڭنىڭ قىممىتى ئېشىپ بارىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆي - جاي ئىمارەت ئەھيا قىلىشتىن باش تارتما. ياسىغان ئۆي - جاي ئىمارىتىڭ ئارقىلىقمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەت تاپالايسەن. ئەمما ياسىغان ئىمارىتىڭنىڭ ھوسۇلى بولسۇن، ھوسۇلى بولمىغان، يەنى ۋەيرانە ئىمارەت گويا چۆل - باياۋانغا ئوخشايدۇ. چۈنكى دېھقاننىڭ قەدرى - قىممىتى يەر - سۇ بىلەندۇر. يەرنىڭ قىممىتى ھوسۇل بىلەندۇر. ھوسۇل، ئىمارەت، يەنى مېھنەت قىلمىغۇچە ھاسىل بولماس!

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## ئات ئالماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئات ئالماقچى بولساڭ، ھوشيار بول ئالدىنىپ قالما، ئادەمنىڭ ۋە ئاتنىڭ ماھىيىتى ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئوبدان كىشى ئۇچۇن ئوبدان ئات ئېلىش راۋادۇر. ھۆكۈمالار: «جاھان ئادەم بىلەن بەرپادۇر، ئادەم ھايۋان بىلەن بەرپادۇر» دېگەن. ھايۋانلار ئىچىدە ھەممىدىن ياخشىسى ئاتتۇر. ئات ئالماق ھەم نام - ئەمەل يۈزىسىدىن ئېيتقاندىمۇ مۇرۇۋۋەتتۇر. يەنە «ئېتىڭ، لىباسىڭ ياخشى بولسۇن، تا ئېتىڭ ۋە لىباسىڭ سېنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلغاي» دېگەن گەپمۇ بار. ئاتنىڭ ياخشى ۋە ناچىرىنى پەرق قىلماق ئادەمنىڭ ياخشى ۋە ناچىرىنى پەرق قىلماقتىنمۇ مۇشكۇلراقتۇر.

ئادەمنىڭ ياخشىسى سۆز - ھەرىكىتىدىن مەلۇم بولىدۇ؛ ئاتنىڭ ياخشىسى تۇرقىدىن، يەنى كۆرۈنۈشىدىنلا مەلۇم بولىدۇ. ئەگەر ئاتنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، سۈرىتىگە، يەنى تۇرقىغا قارا، چۈنكى ياخشى ئات تۇرقىدىنلا بىلىنىپ تۇرىدۇ. ياخشى ئاتنىڭ كۆرۈنۈشىمۇ چىرايلىق بولىدۇ. ناچار ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى، يەنى تۇرقىمۇ ناچار بولىدۇ.

ياخشى ئات — چىشلىرى زىچ، چىڭ، بوي - بەستى زىلۋاراق كېلىدۇ؛ ئاستىنقى لېۋى (كالپۇكى) ئۈستۈنكى لېۋىدىن ئۇزۇن

بولىدۇ؛ قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋى يۇمشاق، قۇلاقلىرى ئۇزۇن، ئۇچى ئىنچىكە؛ ئىككى ئېڭىكىنىڭ ئارىسى كەڭ، تۈكى پەس (قىسقا)؛ تۇۋاقلىرى ئېگىز (توم) ۋە يۇمىلاق، كۆزلىرى قارا، بىقىنى تار، كۆكسى (كۆكرىكى)، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئارىلىقى كەڭ، قۇيرۇقى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە، قورسىقى ۋە كىرپىكلىرى قارا بولىدۇ؛ يول يۈرگەندە هوشيار، بويى ئېگىز، ساغرىسى كەڭ ۋە يۇمىلاق، تۇۋىقىنىڭ ئاستى كەڭ، يېنىنىڭ ئىچى تەرىپى گۆشلۈك بولىدۇ. ۋاقتىكى، ئۈستىگە مىنگەن كىشىنىڭ هەرىكىتىنى تۇيۇپ تۇرىدۇ.

ئاتتا بولىدىغان هەربىر هۈنەرلەرنى بايان قىلدىم. ئەمدى رەڭ ـ كۆرۈنۈش جەهەتتە هەممىدىن كۆركەمراقى قارا تورۇق ئاتتۇر. بۇنداق ئات ئىسسىق ۋە سوغۇققا چىدامىلىق، جاپا ـ مۇشەققەتكە بەرداشلىق كېلىدۇ. ئەگەر قورسىقى ۋە ئىككى يېنىنىڭ ئارىسى، كۆتلۈكى، قۇيرۇقى، پايچىسى (پاچىقى)، پېشانىسى قارا بولسا، تېخىمۇ ئوبداندۇر.

تۈكلىرى توق سېرىق، پېشانىسى، قۇيرۇقى، قورسىقى، كۆتلۈكى، كۆزى ۋە لېۋى (كالپۇكى) قارا كەلگەن شىرغا (شىرغا ئات) هەم ياخشى ئات هېسابلىنىدۇ.

بوز ئاتمۇ شىرغا ئاتتىن قېلىشمايدۇ. ئاتنىڭ رەڭگى قىزىل بولسا، بىرخىل رەڭدە بولسۇن، خالدار (ئالىچىپار) بولۇپ قالمىسۇن؛ رەڭگى قارا بولسا، توق قارا بولسۇن؛ كۆزى قىزىل بولۇپ قالمىسۇن، چۈنكى كۆزى قىزىل ئات دىۋانە ۋە ئەيىبلىك كېلىدۇ.

ئاتنىڭ ئەڭ ناچىرى خالدار (ئالىچىپار) ئاتتۇر. [خالدار ئات ناهايىتىمۇ بەتخۇي بولىدۇ.

قاچانكى، ئاتنىڭ ھۆنەرلىرىنى، يەنى ئاتنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىدىكى تۆرق ـ سۆرەتلىرىنى بىلگەن بولساڭ، ئەمدى ئەيىبلىرىنى بىلىشىڭ ھەم زۆرۆردۇر.

ھەرقانداق ئەيىب ۋە ئىللەتنىڭ بىر ئالامىتى بولىدۇ. [ئەيىب ۋە ئىللەتنى] شۇ خىل ئالامەت بىلەن بىلگىلى بولىدۇ.

بىلگىنكى، بىر ئەيىب شۇكى، گۆلۈڭ، يەنى گاچا، گاچا ئاتنى ھەر قانداق ئادەم ناھايىتىمۇ كەم باھا ھېسابلايدۇ. گاچا ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاۋاز چىقارمايدۇ ھەم كىشنىمەيدۇ.

شەبكور (نامازشام قارىغۇسى)، يەنى كېچە قارىغۇسى ئات تېخىمۇ ناچاردۇر. شەبكور، يەنى سوقۇر (كېچە قارىغۇسى) ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، كېچىدە باشقا ئاتلار ھۈركىگەن نەرسىدىن ھۈركمەيدۇ. يۈرگىلى بولمايدىغان يولغا دېۋىتىسىمۇ يۈرۈۋېرىدۇ.

ساغرۇ (پاڭ)، يەنى قۇلىقى ئېغىر ئاتنىڭ ئالامىتى شۇكى، دائىم قۇلىقىنى سىلىپ ماڭىدۇ. باشقا ئاتلار كىشنىسىمۇ ئۈن چىقارمايدۇ.

بېشىدا پۆپۈكى بولغان ياكى يالى ئۆزۈن كەلگەن ئات ئاجىز بولىدۇ. ئالامىتى شۇكى، ئۇنى يېتىلەپ ئىشىك ياكى دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئاۋۋال چەپ ئايىغىنى ئىلگىرى باسىدۇ.

يەنە روزكور (كۈندۈزى كۆرمەيدىغان) ئاتمۇ ناچار ئات قاتارىغا كىرىدۇ. ئالامىتى شۇكى، بۇنداق ئاتنىڭ كۆزىنىڭ رەڭگى قارىماققا قارا بولسىمۇ، يېشىل كۆرۈنىدۇ. ھەمىشە كۆزىنى ئوچۇق تۇتىدۇ. كىرپىكىنى مىدىرلاتمايدۇ. بۇ ئەيىبتۇر. ئەگەر بۇ خىل ئالامەت بىر كۆزىدىلا بولۇپ، يەنە بىر كۆزىدە بولمىسا،

ئەيىب ھېسابلانمايدۇ.

ئاڭلىشىمچە، بىر پۇتى ئاق، توغرىراقى چەپ پۇتى ئاق ئات شۇم ھېسابلىنىدىكەن. ئەگەر چەپ پۇتى ۋە چەپ قولى ئاق بولسا، ناھايىتىمۇ شۇم دەپ قارىلىدىكەن.

يەنە كۆزى ئاق، بوينى تۈز كەلگەن ئاتمۇ ناچار ئات تۈرىگە مەنسۇپ. بوينى تۈز كەلگەن ئاتنى پارس تىلىدا «تەختەگەردەن» دەيدۇ. ئىككى پۇتى كاج، يەنى مايماق كەلگەن ئاتمۇ ناچار ئات بولۇپ، بۇنداق ئاتنى پارس تىلىدا «كامان پاي» دەيدۇ. بۇ خىل ئات تولا يىقىلغاق، يەنى پۇتلاشقاق كېلىدۇ.

يەنە تۈۋىقىنىڭ چۆرىسىدە ئۈزۈن تۈكى بولغان ئاتمۇ شۇمدۇر. كۆك كۆز ئات ئەگەر ئىككىلا كۆزى كۆك بولسا، ئەيىبلىك، يەنى ناچاردۇر. خۇسۇسەن، چەپ كۆزى كۆك بولسا، بەكمۇ ئەيىبتۇر.

يەنە تۈۋىقى نېپىز ئاتمۇ ناچاردۇر. ئاتنىڭ قولى ۋە پۇتى ئۈزۈن بولسىمۇ ياخشى ئەمەس. يەنە ئىت قۇيرۇق ئاتمۇ، قولىنى دەسسىگەن يەرگە دەسسىيەلمىگەن ئاتمۇ ياخشى ئات ھېسابلانمايدۇ. يەنە ئۆزەڭگۈگە دەسسىگىلى قويمايدىغان، ئاغزى قاتتىق، چېشلىگەك، تولا كىشنىگەك ۋە ئارغامچا ئۈزگەك، تۈرۈپ تېزەكلىگەك ئاتمۇ ياخشى ئات تۈرىگە كىرمەيدۇ. يەنە كۆزى قارا كەلگەن بەزى ئاتمۇ شەبكور، يەنى كېچە قارىغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

**ھېكايەت:**

ئەھمەدنىڭ يىلقىچىسى نورۇز كۈنى ئەھمەدنىڭ قېشىغا كەلگەندى، ئەھمەد سورىدى:

— ماڭا نېمە ئۈچۈن نورۇزلۇق ئېلىپ كەلمىدىڭ؟

يىلقىچى ئېيتتى:

— ئەي خوجا، سىزگە لايىق تۆھپە (سوۋغا) تاپالمىدىم، ئەمما تۆھپىدىنمۇ ياخشىراق خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.
ئەھمەد سورىدى:
— قانداق خۇش خەۋەر؟
يىلقىچى دېدىكى:
— تۈنۈگۈن يۈز بايتىلىقىمىز يۈز قارا كۆز قۇلۇن تۇغدى.
ئەھمەد دەرغەزەپ بولۇپ يىلقىچىنى يۈز تاياق سوقتۇردى. ۋە ئېيتتى:
— يۈز شەبكور (كېچە قارىغۇسى) قۇلۇن تۇغدى، دېگەن گەپ خۇش خەۋەرمۇ؟ ھەر پەسىلنى ئۆبدان پەرق ئەت. ئاتقا يۇقىدىغان كېسەللەردىن ھوشيار بول. ئاتتا بولىدىغان كېسەل (ئەيىب)لەر ئىچىدە كۆزنىڭ قارا بولۇشى ھەممىدىن يامانراق ئەيىبتۇر. چۈنكى باشقا ئەيىبلەرنى داۋالىغىلى، ئىلاجىنى قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما قارىلىق، يەنى كېچە قارىغۇسىنىڭ ھېچ ئىلاجىنى قىلغىلى بولماس!
ئەي ئوغۇل، ئەگەر ئات ئالساڭ چوڭ، يەنى بەستلىك ئات ئالغىن، سېمىز ۋە سالتەنەتلىك كىشى كىچىك ئاتقا مىنسە، كەمبەغەل كۆرۈنىدۇ. ئەگەر ئاتنىڭ ئىككى يان ئۇستىخىنى بىر - بىرىگە تەڭ بولسا، قىممەت باھاغا ئالغىن، بۇنداق ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئات بولمايدۇ. ھەر قانداق نەرسە ئالماقچى بولساڭ، تا ھاياتلا بولىدىكەنسەن، يەنى ھاياتلىقىڭدا ئۆزۈڭگە مەنپەئەتى يەتكۈدەك، سەندىن كېيىن پەرزەنتلىرىڭگە مىراس قالغۇدەك نەرسىنى ئال!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

## خوتۇن ئالماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر خوتۇن ئالساڭ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تۇتقىن، بۇ دۇنيالىقتا ھەرقانداق ئەزىز نەرسە بولسا، خوتۇنۇڭ ۋە بالاڭدىن ئايىما، خۇسۇسەن، قولۇڭدا بولسىلا كۆيۈمچان خوتۇندىن، پەرمانبەردار ۋە مېھرىبان پەرزەنتتىن ھېچنىمەڭنى قىزغانما.

ئەمما، خوتۇن ئال، لېكىن خوتۇنۇڭنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ پېيىدا بولما. تولا خۇش چىراي (چىرايلىق) خوتۇننىمۇ ئالما. چۈنكى گۈزەللىك غەيرىيلەرنىڭ قىزىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئالغان خوتۇنۇڭ پاك دىن، چىرايى پاكىز، ئەر جىنسىغا يېقىن يولىمىغان، ئېتىقادلىق، شەرم ـ ھايالىق ۋە سادىق، جاۋاب ياندۇرمايدىغان، تاپقان مال ـ دۇنيالىرىڭنى ياخشى ساقلايدىغان بولسۇن. «ئوبدان خوتۇن يىراقنى ئويلايدۇ، يەنى كېيىننى ئويلاپ ئىش قىلىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەمما خوتۇنۇڭ ھەر قانچە مېھرىبان ۋە خۇش خۇي (گۈزەل) بولسىمۇ، ئۆزۈڭنى بىراقلا ئۇنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمە، پەرمانى ئاستىغا چۈشۈپ قالما.

يېقىنلىرى ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن)دىن: «نېمە ئۈچۈن دارانىڭ قىزىنى ئالمايسەن؟» دەپ سورىغاندا ئىسكەندەر: «ئۇ ناھايىتىمۇ گۈزەل (چىرايلىق)، شۇڭا ئۇنى ياخشى

كۆرمەيمەن. چۈنكى پۈتۈن ئالەمگە مەن غالىب كەلگىنىم بىلەن، ئۇ بىر خوتۇن ماڭا غالىب كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئۆزۈڭدىن چوڭ خوتۇننى ھەم ئالما. ئىمكان بار قىز ئال. ئۇنىڭ كۆڭلىدە سېنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتىڭدىن بۆلەك ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ مېھرى ـ مۇھەببىتى قارار تاپمىسۇن، سەندىن باشقا كىشىنىڭ تەمەيى كۆڭلىدە ئورۇن تۇتمىغاي!

ھازىر جاۋاب يامان خوتۇن شۇنداق بولىدۇكى، ئەگەر ئەسكىلىكى تۇتۇپ قالسا، بارلىق تاپقان ـ تەرگىنىڭنى، يەنى مال ـ مۈلكۈڭنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. سېنى ھېچ نەرسىگە ئىگە بولغىلى قويمايدۇ. شۇڭا بۇ تەرنقىدىكى، يەنى خوتۇننىڭ سىزنقىدىن چىقالمايدىغان ئەرلەرنى كىشىلەر «خوتۇن كىشى» دېيىشىدۇ.

ئەگەر خوتۇن ئالماقچى بولساڭ، ياخشى ئائىلىنىڭ بالىۋاقىسىدىن ئال. ئەمما كىچىك ھەم نارەسىدە (بالاغەتكە يەتمىگەن) قىزنى ئالما. چۈنكى ئۆيلەنمەكتىن مەقسەت ئۆي تۇتماقتۇر. مەنپەئەت ئېلىش ئەمەس. ناۋادا شەھۋەت، يەنى ھاۋايى ھەۋەس ئۈچۈن بولسا، بازاردىن كېنىزەك سېتىۋال. ئۇنىڭ ھېچقانداق رەنج ـ مۇشەققىتى يوقتۇر. شۇڭا ئالىدىغان خوتۇن چوقۇم يېتىلگەن ۋە ئەقىللىق، ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ بىلگەن بولسۇن. ۋاقتىكى، مۇنداق خوتۇن تاپساڭ ھەرگىز سەۋەب كۆرسەتمە، تىرىشىپ ئېلىشىنىڭ (ئۆيلىنىشىنىڭ) كويىدا بول، ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت. يات كۆرمە، خوتۇننى يات كۆرۈش يولدىن چىقارغان بىلەن باراۋەردۇر. چۈنكى خوتۇنلار [ئەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى] يات كۆرگەنلىكى سەۋەبلىك يولدىن چىقىدۇ ھەم ئۆزىنى پەس

كىشىلەرگە پەيدا قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر يات كۆرمىسەڭ، يەنى ئۆز كۆرسەڭ، ساڭا مىڭ ئاتا ـ ئانىدىن ئۆتە سادىق ۋە مېھرىبان بولىدۇ. ناۋادا ئۆزۈڭنى يات كۆرسەتسەڭ، مىڭ دۈشمەندىن ئۇنى دۈشمەن بولۇپ كېتىدۇ. يات دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلغىلى، يەنى ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەمما خوتۇنۇڭ دۈشمەن بولسا ئېھتىيات قىلىش ـ ساقلىنىش تولىمۇ مۈشكۈلدۇر.

ۋاقتىكى، قىز ئالساڭ ھەر كېچە يېقىنچىلىق قىلما، «ھەر دائىم مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئادەتلىنىپ قالمىسۇن، ناۋادا بىرەر ئۆزرىلىك ئىش ـ زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا ياكى سەپەرگە چىقىشقا توغرا كەلسە، سېنىڭ يوقلۇقۇڭدا سېنى، يەنى سەن بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تاقەتسىزلىنىدۇ. ئىمكان بار خوتۇنۇڭنى ياتلارغا كۆرسەتمىگىن. خىزمەتكارنى، ھەتتا ياشانغان بولسىمۇ، خوتۇنۇڭ بار ئۆيگە كىرگۈزمە. ھەر دائىم ئۆزۈڭنى غەيرەتلىك تۇت، غەيرەتسىز كىشىنى ئادەم سانىما، خۇدايىتائالا پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئوبدان پەرۋىش قىل!

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

## پەرزەنتنى پەرۋىش قىلماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر پەرزەنتىڭ ئوغۇل بولسا، ياخشى ئات (ئىسىم) قويغايسەن، چۈنكى ياخشى ئىسىم قويۇش ئاتا ـ ئانا بولغۇچىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىككىنچىسى [پەرزەنتىڭنى] ئەقىللىق ۋە مېھرىبان بىر تەربىيىچىگە تاپشۇرغىن، ۋاقتىدا خەتنە قىلدۇر. خەتنە ئىشلىرىنى قۇدرىتىڭ يەتكىنىچە تويغا ئوخشاش تەنتەنىلىك ۋە باياشات ئۆتكۈزۈشنى لازىم تۇت. ئاندىن ئىلىم ئۆگەتكىن. چوڭ بولغاندا جەڭ ماھارەتلىرىدىن تەلىم ئالدۇر. جەڭ ماھارەتلىرىنى ئوبدان بىلگەي، ئاندىن سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەت.

مەن ئون بەش ياشقا كىرگەنىدىم. بىر ياساۋۇلىمىز بار ئىدى. ئېتى (ئىسمى) مەنزەر ئىدى. ئاتام مېنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئۇ ماڭا ئات يۈگۈرتۈش (ئات مىنىش)، ئوق (ئوقيا) ئېتىش، نەيزىۋازلىق، كەمەن (سىرتماق، سالما) تاشلاش قاتارلىقلارنى ئۆگەتتى.

ياساۋۇل ئاتامنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

ــ خوجىزادىگە مەن بىلگىنىمنى ئۆگەتتىم. جەڭ ماھارەتلىرىدە ۋايىغا يەتتى، – دېدى.

ئاتام مېنى ئوۋغا ئېلىپ چىقتى. ئۆگەتكەن ھۈنەرلىرىمنى كۆرسەتتىم. ئاتام ئاپىرىنلار قىلىپ، ياساۋۇلغا تون كىيگۈزۈدى

— ۋە:

— پەرزەنتىمگە يەنە بىر ئوبدان ئىشنى ئۆگەتكەيسىز، — دېدى.

ياساۋۇل سورىدى:

— ئۇ قانداق ئىش؟

ئاتام ئېيتتى:

— سۇچىلىق، يەنى سۇ ئۈزۈش.

شۇندىن كېيىن [ئاتام] يەنە بىر سۇچىنى، يەنى سۇ ئۈزۈش ئۇستىسىنى كەلتۈرۈپ، مېنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. سۇ ئۈزۈشنى ئوبدان ئۆگىنىۋالدىم. ئەمەلىيەتتە، سۇ ئۈزۈشنى خالاپ ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىيەت يۈزىسىدىن ئۆگەنگەنىدىم. نەچچە يىلدىن كېيىن شام يولى بىلەن ھەجگە باردىم. مۇسىل شەھىرىگە يېقىن كەلگەندە قاراقچى تېگىپ پۈتكۈل مۈلكىمىزنى تالان قىلدى. ئادىمى كۆپ بولغاچقا، تەڭ تۇرالمىدۇق. ھەممىمىز ۋەيرانە ھالدا مۇسىلغا كەلدۇق. ھېچ ئىلاج قىلالماي بىر كېمىگە چۈشتۇق. [كېمە بىلەن] باغدات دەرياسىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە ئىشىمىز ئوڭغا تارتىپ ھەقتائالا ھەج نېسىپ قىلدى. دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، كېمە باغدات دەرياسىدا كېتىۋاتقاندا بىر خەۋپلىك جايغا يەتتى. كېمىچى ئۇستا ئەمەس ئىكەن. ئوڭلاپ يۈرەلمەي، كېمە قاينامغا كىرىپ كەتتى. بىز يىگىرمە كىشى ئىدۇق. كېمە غەرق بولغىلى تۇردى. مەن ۋە مېنىڭ بىر خىزمەتكارىم، يەنە بىر بەسىرەلىك كىشى ئۈچىمىز ئۆزىمىزنى دەرياغا تاشلىدۇق. [دەريادىن] غۇلاچ ئېتىپ ئۈزۈپ چىقتۇق.



www.uyghurkitap.com

باشقىلار ھالاك بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتامغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىم تېخىمۇ ئاشتى. ئاتام نامىدىن كۆپلەپ دۇئا، سەدىقە خەيرىيەت قىلدىم. شۇنى چۈشەندىمكى، ئۇ، پىر [ئاتام] مۇشۇنداق كۇنلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتكەنىكەن.

دېمەك، ئۆگىنىش لازىم بولغانلىكى ھۇنەرلەرنى ئۆگەنكىن، تا ئاتىلىق ھەققىنى بەجا كەلتۈرگەن بولىسەن. ئالەمنىڭ ھادىسىلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، يەنى ھادىسىگە ئۇچراشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ؛ ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئىشلارنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەيلى ياخشى، مەيلى يامان بولسۇن، ھەرقانداق ھۇنەر بىر كۇنى كارغا كېلىدۇ. شۇڭا قانداق ھۇنەر بولسۇن، ئۆگىنىشتىن باش تارتما. ئەگەر پەرزەنتىڭنى ئوقۇتىدىغان ۋە ياكى ھۇنەر ئۆگىتىدىغان ئۇستازى ئۇرسا، ئۇنى ئوغلۇڭغا بولغان ئاتىلىق شەپقىتى دەپ بىل، ئەدەپ بېرىش ـ ئۇرۇشتىن توسما، كىچىك بالا ئىلىم ۋە ئەدەپ ـ قائىدىنى تاياق بىلەن ئۆگىنىدۇ. شەپقەت بىلەن ئۆگەنمەس. ئەگەر سېنىڭ قېشىڭدا بىئەدەپلىك قىلىپ غەزىپىڭنى كەلتۈرسە، ئۆزۈڭ ئۇرما، ئۇستازىغا ئۇرغۇزغىن. ساڭا نىسبەتەن كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىنىپ قالمىغاي! سەن ئۆزۈڭنى ھەمىشە ھەيۋەتلىك (سۈرلۈك) كۆرسەت. سەندىن ئۆزىنى تارتىدىغان ـ قورقىدىغان بولسۇن. ئەمما لازىملىق خىراجەتتىن قىسما، پۇل ـ خىراجەت تۇپەيلى ئۆلۈمىگىنى تىلىمىسۇن. مىراسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى پەرزەنتكە ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگەتمەكتۇر. شۇڭا ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشكە سەل قارىما، ھەتتا ئەقىلسىز، پاراسەتسىز، يەنى ئەقىل ـ پاراسەتتە ئانچە

يېتىلمىگەن بولسىمۇ، ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشنى تاشلاپ قويما. ئەگەر ئىلىم ئۆگىتەلمىسەڭ، كۈن ئالالىغۇدەك بىرەر ئىشنى بولسىمۇ ئۆگەت. [ئۆلىمالار] شۇنداق ئېيتقانىدەك «پەرزەنتىگە ئاتا ـ ئانىسى ئىلىم، ئەدەپ ـ قائىدە ئۆگەتمىسە، ئۇ هامان زامانىنىڭ تۇرلۇك رەنج ـ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ». شۇڭا سەن ئاتىلىق شەرتىنى بەجا كەلتۈرگىن. پەرزەنتىڭ خۇدايىتائالانىڭ ئىرادە ـ خاهىشى بويىچە تىرىكچىلىك قىلىدىغان بولسۇن، شۇنى بىلگىنكى، ئادەم يوقلۇق راهەتخانىسىدىن مەۋجۇدلۇق مۇهەببەتخانىسىغا پۇتكۈل خۇي ـ پەيلى بىلەن پەيدا بولىدۇ. ۋاقتىكى، كامالىغا يەتسە، كۈندىن ـ كۈنگە ئۇبدان بولۇشى ۋە ياكى كۈندىن ـ كۈنگە ئەسكى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سەن ئۇنىڭغا (پەرزەنتىڭگە) هۈنەر، ئەدەپ ـ قائىدىنى مىراس قالدۇرالىساڭلا، ئاتىلىق هەققىنى بىجا كەلتۈرگەن بولىسەن. ئۇلۇغلارنىڭ بالىۋاقىسى ئۇچۇن ئىلىم ـ هۈنەردىن ئارتۇقراق هېچنەرسە يوقتۇر.

ناۋادا ئۇلۇغلارغا لايىق دېيىلسە، مېنىڭ نەزىرىمدە هەممىدىن ئىلىم ـ هۈنەر ئەڭ لايىقتۇر، ئەگەر ئۇلۇغلارنىڭ پەرزەنتى كۆپرەك هۈنەر ئۆگەنسە، بەزىلىرى دەرهال ئەسقاتمىسىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كارغا كېلىپ قالىدۇ.

**هېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، كۇشناسىب مەرتىۋىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن رۇم مەملىكىتىگە ـ قۇستەنتەنىيە (ئىستانبۇل)گە كەلدى. قولىدا دۇنيالىقتىن هېچنەرسە يوق ئىدى. باشقىلاردىن بىر نېمە تىلەشنى نومۇس بىلدى. كىچىكىدە ئاتىسىنىڭ ئۆيىدە تۆمۈرچىلەر ئىشلەيتتى. ئۇ تۆمۈرچىلەرنىڭ هۈنىرىگە قىزىقىپ،



www.uyghurkitap.com

بەزى قائىدە ـ قانۇنلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالغانىدى. يەنى تۆمۈرچىلىك ھۈنىرىنىڭ بەزى تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. رۇمغا چۈشكەن كۈنى ھېچ ئامال قىلالماي تۆمۈرچىلەر دۇكىنىغا باردى ۋە مەن بۇ ھۈنەرنى بىلىمەن، دېدى.

تۆمۈرچىلەر ئۇنى ياللىۋالدى، يەنى ئىشقا قويدى، ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە رۇمدا مۇشۇ ھۈنەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلدى. ھېچ كىشىگە ئېھتىياجى چۈشمىدى. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى ئۇ ۋەتىنىگە يېنىپ كەلدى ۋە: «ئۇلۇغلاردىن ھېچ كىشى پەرزەنتىگە ھۈنەر ئۆگىتىشنى ئەيىب كۆرمىسۇن، بىر كۈنى كارغا كېلىدىكەن» دەپ پەرمان قىلدى. شۇندىن كېيىن ھۈنەر ئۆگىنىش ئەجەمدە قائىدە بولۇپ قالدى. ھۈنىرى يوق، يەنى ھۈنەر ئۆگەنمىگەن بىرمۇ مۇجىزادە يوق ئىدى. ھاجىتى چۈشمىسىمۇ ئۆگىنەتتى.

ۋاقتىكى، ئوغلۇڭ بالاغەتكە يەتكەندە دىققەت بىلەن كۆزەت. ئۇنىڭدا ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئەسىرى، ئۆي تۇتۇشنىڭ خاھىشى، خوتۇن ئېلىشنىڭ ھەۋىسى مەلۇم بولسا، دەرھال خوتۇن ئېلىپ بەر، ئۆيلەپ قوي. گەدىنىڭدىكى بىر قەرزنى ئادا قىلغان بولىسەن. ئەمما ئوغلۇڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرمەكچى ياكى قىزىڭنى ئەرگە بەرمەكچى بولساڭ، ھەرگىزمۇ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ بىلەن قۇدىلاشما، يەنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ بىلەن تويلاشما، يات، يىراق يەردىن ئۆيلىگىن. چۈنكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ گويا ئۆز بەدىنىڭدىكى قان بىلەن گۆشكە ئوخشاشتۇر. شۇڭا ياتلار بىلەن تويلاش ۋە ياتلارنى ئۆز قىلىۋال. شۇندىلا بىر كۈچۈڭ ئىككى بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتىن يار ـ يۆلەككە ئېرىشەلەيسەن. ناۋادا ئوغلۇڭنىڭ ئۆي

www.uyghurkitap.com

تۇتالمايدىغانلىقىنى، خاراكتېرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىساڭ، خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن دەپ بىر مۇسۇلماننىڭ قىزىنى بالاغا قويمىغىن، ئوغلۇڭنى ئۆز ھالىغا قويىۋەت. خالىغىنىنى ئۆزى بىلگىنىنى قىلسۇن. ئەگەر پەرزەنتىڭ قىز بولسا، كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان تەربىيىچىلەرگە تاپشۇر. ئوبدان پەرۋىش قىل. مەكتەپكە بەر. شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن لازىملىقلارنى ـ زۆرۈرىي بىلىملەرنى ئۆگەتكىن. بالاغەتكە يەتسە، ۋاقتىدا ئەرگە بەر. «قىز بالىنىڭ ئەردە بولغىنى ياخشى، ئەردە بولمىسا، گۆردە بولغىنى ياخشى». ئەمما، قىز بالاڭ ئۆيۈڭدە ـ يېنىڭدىكى چاغدا، ھەمىشە ئۇنىڭغا مەرھەمەت ۋە شەپقەت بىلەن قارا، مېھىر ـ مۇھەببىتىڭنى ئايىما، ئوغۇل بالا ئاتا ـ ئانىسى بولمىسىمۇ بىر ئىش قىلىپ كۈنىنى ئۆتكۈزىدۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ھەر تەرىقىدە بولسىمۇ جېنىنى باقالايدۇ. ئەمما قىز بالا بىچارىدۇر. دېمەكچىمەنكى، دۇنيالىقتىن، يەنى پۇل ـ مېلىڭدىن نېمە بولسا، ئاۋۋال قىز بالىنىڭ جابدۇقىنى قىل ۋە شۇ ئىشنىڭ مەشغۇللۇقىدا بولغىن، تا ئۇنى ياخشى بىر كىشىنىڭ گەدىنىگە يۈكلە، قىزىڭنىڭ غېمىدىن خالاس بول، قىزىڭ توي قىلمىغان بولسا، ئۆيلەنمىگەن كىشىگە ياتلىق قىل. قىز بالا ئېرىگە كۆڭۈل باغلىغاندەك ئېرىمۇ ھەم خوتۇنىغا كۆڭۈل باغلىغاي!

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە [ئەرەب لەشكەرلىرى] مەلىكە شەھرىبانۇنى ئەسىر قىلىپ ئەجەمدىن ئەرەبكە ئېلىپ كېلىشتى. ھەزرىتى ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى (مەلىكىنى) سېتىۋېتىشكە بۇيرىدى. ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئەلى كەررەمۇللاھۇ:

«پادىشاھلارنىڭ بالىۋاقىسىنى سېتىش دۇرۇس ئەمەستۇر» دېگەن ھەدىسنى ئېيتتى. بۇ ھەدىسنى ئىشىتىپ شەھربانۇنى سېتىشتىن توختىدى. ئەمما ئۇنى ياتلىق قىلماقچى بولۇپ، سەلمان فارسىينىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا كۆيەۋ (كۈيئوغۇل) تاپماقچى بولۇشتى. شەھربانۇ: «مېنى ئالىدىغان كىشىنى كۆرمىگۈچە ئۇزۇمگە قوبۇل كۆرمەيمەن. مېنى بىر پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇڭلار، ئاندىن ئەرەبنىڭ ئۇلۇغلىرىنى مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈڭلار، قايسىسى كۆڭلۈمگە ياقسا، شۇنى قوبۇل قىلىمەن» دېدى. سەلمان فارسىي شەھربانۇنى ئۆيىدە ئېگىز بىر يەردە پەردە ئىچىدە ئولتۇرغۇزدى. ھەزرىتى سەلمان فارسىي پەردىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۆتكەن ئۇلۇغلارنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ بىلەن بىرمۇ بىر تونۇشتۇرۇپ تۇردى. شەھربانۇ ئۇلارغا ئۆزر ئېيتاتتى. تا ھەزرىتى ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى. شەھربانۇ سورىدى:

— بۇ كىمدۇر؟

سالمان ئېيتتى:

— ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەزرىتى ئۆمەردۇر، ئۇلۇغ كىشىدۇر.

شەھربانۇ ئېيتتى:

— راست ئېيتىسىز، ئۇ ناھايىتى ئۇلۇغ كىشىدۇر، ئەمما قېرى ئىكەن.

ئاندىن ئەمىرۇل ـ مۆئمىنىن ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھربانۇ سورىدى:

— بۇ كىمدۇر؟

www.uyghurkitap.com

سەلمان ئېيتتى:

— ئەمىرۇل - مۆئمىنىن ھەزرىتى ئەلىدۇر. ئۇ خۇدانىڭ پەيغەمبىرى [مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام] نىڭ نەۋرە ئىنىسىدۇر.

شەھرىبانۇ ئېيتتى:

— ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ ۋە ماڭا لايىق كىشى ئىكەن. لېكىن قىيامەت كۈنى فاتىمەئى زۆھرە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئالدىدا شەرمەندە بولۇشتىن قورقىمەن.

ئاندىن كېيىن ئەمىرۇل - مۆئمىنىن ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھرىبانۇ سورىدى:

— بۇ كىمدۇر؟

سەلمان ئېيتتى:

— بۇ ئەمىرۇل - مۆئمىنىن ھەسەندۇرلار.

شەھرىبانۇ ئېيتتى:

— ماڭا لايىق كىشى ئىكەن، لېكىن كۆپ نىكاھلىق دەپ ئاڭلىغانىدىم.

ئاندىن ئەمىرۇل - مۆئمىنىن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆتتى.

شەھرىبانۇ ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە:

— ئۆزۈمنى قوبۇل قىلدىم، — دېدى.

دېمەك، ئۆيلەنمىگەن كىشى ئۈچۈن قىز خوتۇن ئالماق جايىزدۇر. ئەمما قىزىڭنى ئەرگە بەرمەكچى بولساڭ، خوش رويى كىشىگە بەر. چۈنكى قىز بالا تەرى سۆرۈن (قاپىقى يامان) كىشىگە كۆڭۈل باغلىمايدۇ. كۈيئوغۇل بولغۇچى چوقۇم چىرايى پاكىز، دىنى پاك ۋە ئۆي تۇتۇشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بولسۇن،

كۆيئوغۇلنىڭ ئورنى (ئائىلە ئەھۋالى) قىزىڭدىن تۆۋەنرەك بولغىنى ياخشى. شۇنداق بولغاندا، ئۇ (كۆيئوغلۇڭ) سەن بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولىدۇ. ئەمما سەن ئۇنىڭدىن (كۆيئوغلۇڭدىن) پەخىرلىنىپ يۈرمەيسەن، تاكى قىزىڭ راھەت ۋە ئۇلۇغلۇق بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەي! لېكىن كۆيئوغلۇڭدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلما. قىزىڭنى ساتقۇچى ھەم بولما، يەنى ساڭا قىز بەردىم دەپ تامام ھاجىتىڭنى ئۇنىڭ (كۆيئوغلۇڭنىڭ) ئۈستىگە يۈكلەپ قويما. قولۇڭدا نېمە بولسا، سەرپ قىلىپ قىزىڭنى ئوبدان بىرىگە تۇتقۇزۇپ، غەم - قايغۇدىن خالاس بولغىن.

دوستلىرىڭغىمۇ ئۇشبۇ نەسىھەتنى قىل، ئۇلارمۇ مۇشۇ تەرىقىدە ئىش كۆرگەي!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## دوست تۇتماقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، دوستسىز يۈرمەيدۇ. ئادەم ئۈچۈن دوستسىزلىق، يەنى دوستى بولماسلىق بۇرادەرسىزلىكتىن، يەنى ئاكا ياكى ئىنىسى بولماسلىقتىنمۇ ياماندۇر. كىشىلەر بۇ توغرىدا ھۆكۈمالاردىن: «دوست ياخشىمۇ ياكى بۇرادەر ياخشىمۇ؟» دەپ سورىشقانلىرىدا، ھۆكۈمالار: «بۇرادەرنىڭمۇ، دوستنىڭمۇ بولغىنى ياخشى، ناۋادا بۇرادەر (قېرىنداش) ۋاپاسىز بولسا، ئەلۋەتتە، دوست ياخشى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بەس، دوستلىرىڭغا سوۋغات ئەۋەتىش، ئادەمگەرچىلىك قىلىش ئارقىلىق دوستلۇقۇڭنى مۇستەھكەملىمەك ۋە يېڭى دوست تاپماقنىڭ كويىدا بول، كىمكى دوستلۇق ھەققى ۋە ھۆرمىتىگە رىئايە قىلماقنىڭ كويىدا بولمىسا، ئەلۋەتتە دوستسىز قالغۇسىدۇر. كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا تىرىش، چۈنكى كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولسا، ئەيىبلىرى يېپىلىپ، ھۈنەرلىرى ئاشكارا بولىدۇ. لېكىن يېڭى دوست تۇتساڭ، كونا دوستلىرىڭدىن يۈز ئۆرۈمە، «ياخشى دوست زور بايلىق» دېگەن گەپ بار. ھەمىشە دوستۇڭنى كۆپەيتىشنىڭ كويىدا پىكىر يۈرگۈز، ئەمما سەن بىلەن شەكىلدە دوستتەك يۈرۈپ،

ئەمەلىيەتتە يېرىم دوستلۇق قىلىدىغان كىشىلەرگە سىرلىرىڭنى ئېيتما. لېكىن مەيلى ياخشىلىق قىلسۇن ۋە ياكى يامانلىق قىلسۇن، ئۇخشاشلا مېهرىبان ۋە سەمىمىي مۇئامىلىدە بول. ۋاقتى - سائىتى يېتىپ سەندىن ياخشىلىق كۆرسە، ئەلۋەتتە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىر نىيەتتە ساڭا دوستلۇقىنى يەتكۈزىدۇ.

كىشىلەر ئىسكەندەردىن: «شۇنچە كۆپ ئالەمنى قانداق قىلىپ قولۇڭغا كەلتۈردۈڭ، يەنى ئەتراپىڭغا يىغالىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا ئىسكەندەر: «دۈشمەنلىرىمنى مۇلايىملىق ۋە مەرھەمەت بىلەن قولغا كەلتۈردۈم؛ دوستلىرىمنى دوستلۇق ئەھدى ئارقىلىق كۆڭلىنى باغلاپ قولۇمغا كەلتۈردۈم» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەكچىمەنكى، دوستۇڭنىڭ دوستىنىمۇ ئەزىز تۇت. چۈنكى دوستىنىڭ دوستى ھەم دوستتۇر. ئەمما دۈشمىنىڭنى دوست تۇتقان دوستۇڭدىن قورق. ئۇنداق ئادەمنىڭ ساڭا بولغان دوستلۇقىدىن دۈشمىنىڭگە بولغان دوستلۇقى زىيادىرەك بولۇشى، ھەتتا دۈشمىنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ساڭا يامانلىق ئىستەپ يۈرۈشى ئېھتىمالغا يېقىن.

يەنە دوستۇڭنى دۈشمەن تۇتقان دوستتىنمۇ ئېھتىيات قىل. سەندىن ھېچ سەۋەبسىز ئۆتمەي تۇرۇپ، سەۋەبسىزلا سەندىن قۇسۇر ئىزدەيدىغان دوستتىنمۇ قورق. ئۇنداق ئادەمدىن دوستلۇق تەمە قىلما. دوست تۇتماقچى بولساڭ، ئىمكان بار ئالىم كىشىنى دوست تۇتقىن، چۈنكى ئالىم كىشىنىڭ ئەيىبى كەم بولىدۇ. ئىلىمسىز كىشىنى دوست تۇتما، چۈنكى ئىلىمسىز دوستتىن ياخشىلىق يەتمەيدۇ. يەنە ئاش ۋە نان ئۈچۈن دوست بولغانلىرىنى، خىزمەتكار قاتارىدا سانىغانلارنى دوستلار قاتارىدا

كۆرمە، ئۇنداقلار پەقەتلا ئاش ۋە ناننىڭ دوستى، سېنىڭ دوستۇڭ ئەمەس.

ئوبدانلار بىلەن يامانلارنى ياخشى پەرق ئەت، ئەمما ھەر ئىككى تائىپەگە، يەنى ئوبدانلارغىمۇ، يامانلارغىمۇ دوستلۇق كۆرسىتەتتى بۇنداق دوستلۇقنى ئوبدانلارغا كۆڭۈل بىلەن، يامانلارغا تىلىڭ بىلەن بىلدۈر، ساڭا نىسبەتەن ھەر ئىككى تائىپەنىڭ دوستلۇقى ھاسىل بولسۇن، چۈنكى ھاجىتىڭ ھەمىشە ياخشىلارغىلا چۈشۈۋەرمەيدۇ. ۋاقتى كەلگەندە يامانلارغا ھەم ھاجىتىڭ چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا ئىمكان بار ياخشىلىق تەرىقىنى مەھكەم ساقلا. ئەمما بىئەقىل (نادان) كىشىلەر بىلەن ھەرگىز دوستلۇق ئورناتما، چۈنكى نادان دوستتىن زىرەك دۈشمەننىڭ ئوبداندۇر، نادان دوستۇڭنىڭ بىر ئېغىز سۆزى ساڭا يۈز زىرەك دۈشمەننىڭ يەتكۈزەلمەيدىغان ھادىسىلەرنى يەتكۈزۈشى مۇمكىن، ئالىم ۋە زىرەك، دوستلۇق ئەھدىدە مەھكەم كىشىلەر بىلەن دوست بول، سەن ھەم خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان دوستلۇرۇڭ قاتارىدا مەشھۇر بولالايسەن. يامان ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن، تەنھالىقنى ئەلاراق بىلگىن، نەزم:

ئەي كۆڭۈل، قاچقىل بەيابانلاردا ۋەھشىيلەر كەبى،
تۇتماغىل ئۇلفەت يامانلار بىرلە ياخشىلار كەبى.
تۇتقۇچە ئۇلفەت يامانلار بىرلە تەنھالىقدا بول،
لەئل كانى ئىچرە قىينالغان بەدەخشىيلەر كەبى.

مالامەتكە سازاۋەر بولماي دېسەڭ، دوستلارنىڭ ھەققىنى زايا قىلما.



www.uyghurkitap.com

بىلىشىمچە، ئىككى تائىپە مالامەتكە سازاۋەردۇر:
بىرى، دوستلارنىڭ ھەققىنى زايا قىلغۇچى، يەنە بىرى، ياخشىلىق قىلغاننى بىلمىگۈچى.
بىلگىنكى، دوستلۇققا يارايدىغان كىشى ئىككى ئىش بىلەن تونۇلىدۇ:
بىرى شۇكى، ھەر قانچە تەڭقىسلىقتا قالسىمۇ، بارىنى ئايىمايدۇ؛ ئىككىنچىسى شۇكى، ئەگەر دوستلىرىدىن بىرى ئالەمدىن ئۆتسە، بالىۋاقىسىنى سوراپ، ئىزدەپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ، شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆرسىتىدۇ. ھەر دائىم دوستىنى زىيارەت قىلىدۇ. قەبرە ۋە جايى مەنزىلىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ.
يەنە بىر سۆزۈم شۇكى، دوستلىرىڭ بىلەن دوستلۇقنى ئوتتۇرا ھال قىلغىن، دوستلىرىڭغا ئۈمىد بىلەن كۆڭۈل باغلىما، ئەمما ئۆزۈڭنى ھەممىدىن دوستراق تۇتقىن، ئالدى ـ ئارقاڭغا قاراپ ئىش تۇت، دوستلىرىڭغا بەكلا ئىشىنىپ كېتىش تۇپەيلى ئۆزۈڭدىن غاپىللىق (پەرۋاسىزلىق) ئۆتۈپ قالمىسۇن، چۈنكى مىڭ دوستۇڭ بولسىمۇ، ساڭا ئۆزۈڭدىن يېقىنراق يەنە بىرى يوقتۇر.
دوستۇڭنى تەڭلىك، يەنى قىيىنچىلىق ۋاقىتلاردا سىنا، مەئىشىتىڭ پاراۋان، يەنى باي ـ باياشاد چاغلىرىڭدا ھەممە ئادەم ساڭا دوستلۇق بىلدۈرىدۇ. دوستلىرىڭدىن كۆڭلۈڭ ئاغرىغان ۋاقىتلاردا ھەم ئىلگىرىكىدەكلا خۇش مۇئامىلىدە بول. ئەمما دوستلىرىڭغا سىرىڭنى ئېيتقۇچى بولما. چۈنكى كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئاراڭلاردا نىزا ـ خۇسۇمەت پەيدا بولۇپ قالسا، دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ ـ دە، ئېيتقان مەخپىيىتىڭ ساڭا زىيان

ئېلىپ كېلىدۇ. كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ پايدىسى بولمايدۇ. ئەگەر كەمبەغەل (يوقسۇل) بولساڭ، دۇنيادارلار (بايلار) بىلەن دوست بولما، چۈنكى كەمبەغەللەرنى ھېچ كىشى دوست تۇتمايدۇ. خۇسۇسەن، ئۆز مەرتىۋەڭدىكى ئۆزۈڭ بىلەن بازاۋەر، تەڭ دەرىجىدىكى كىشىنى دوست تۇتقىن. ناۋادا سەن باي بولساڭ، كەمبەغەللەرنى دوست تۇت. كەمبەغەللەرنى دوست تۇتۇش ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ سائادەتتۇر. ھەرقاچان دوستلىرىڭنىڭ ھەققىدە كۆڭلۈڭنى دۇرۇس تۇت. ئىشلىرىڭنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. ئەگەر دوستۇڭ ھەققىدە سەندىن ھېچ گۇناھ ئۆتمەي تۇرۇپمۇ، ئۇ، يەنى دوستۇڭ سەندىن كۆڭۈل ئۈزسە، ئۇنىڭغا ئۆزرە ئېيتىشقا ئالدىراپ كەتمە. چۈنكى ئۇنداق كىشى دوستلۇققا لايىق ئەمەستۇر. تەمەگەر، يەنى سەندىن پايدا ئۈمىد كۈتىدىغان دوستتىن ھەم يىراق بولغىن، چۈنكى ئۇنداق ئادەم سەن بىلەن پەقەت بىر ئەرسىنىڭ تەمەيىدىلا دوست بولىدۇ. يەنە ھەسەتخور كىشىلەر بىلەنمۇ دوست بولما، چۈنكى ئۇنداق ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىن ھەسەت زەھىرىنى چىقىرىپ بولماس. ھەسەتخور كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارغا ئازار يەتكۈزمەك، ئاداۋەت تۇتماقنىڭ قەستىدىلا يۈرۈيدۇ. سېنىڭ دوستلۇق قىلغىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسىر قىلمايدۇ.

يۇقىرىدا دوست تۇتماقنىڭ مىزانلىرىنى بايان قىلدىم، ئەمدى دۈشمەن ئەھۋالىنى بايان قىلاي.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ھېچ كىشىنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالماسلىققا تىرىش، ئەگەر بىراۋ ساڭا دۈشمەن بولسا، قورقمىغىن ۋە غەم يېمىگىن، گەرچە سەن دۈشمەنلىك قىلمىساڭمۇ، باشقا بىرى ھامان ساڭا دۈشمەنلىك ئارزۇسىدا بولىدۇ. ئەمما دۈشمەنىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىشلىرىدىن غاپىل بولما ۋە ئۇنىڭ قىلغان يامانلىقلىرىغا قارىتا سۈكۈت قىلما، ھەر دائىم ئۇنىڭ (دۈشمەنلىرىڭنىڭ) ئىشلىرىغا ــ مىكىر ۋە ھىيلىلىرىگە پەرۋاسىز قارىما، دۈشمىنىڭنىڭ ھال ـ ئەھۋالى تەدبىرىدىن خەۋەرسىز قالما، شۇندىلا بالاغا قالمايسەن، كەمبەغەل بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى دۈشمىنىڭگە ئۇلۇغ (باي) كۆرسەت، ھىممەتلىك ھەم جۇرئەتلىك بول. ئۆزۈڭنى ھەرگىزمۇ دۈشمىنىڭگە تۆۋەن ۋە يوقسۇل كۆرسەتكۈچى بولما، دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمەنلىك ئىشەنچى كۈچىيىۋالمىسۇن، دۈشمەنىنىڭ ياخشى مۇئامىلىسى، ياخشى قىلىقى ۋە تاتلىق گەپ ـ سۆزلىرىگە كۆڭۈل باغلىما ۋە بۇ كۆڭۈل تانابىڭغا باغلىنىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتمە، يەنى دۈشمىنىڭنىڭ مەسلىھەت ۋە كېڭىشىگە ئالدىنىپ قالما، ئەگەر دۈشمىنىڭدىن شېكەر تېتىساڭ، زەھەر بىلگىن، يەنى دۈشمىنىڭدىن بۇلبۇلنىڭ ناۋاسىدەك ناۋا يەتسە، ئۇنى كۆڭۈلنى

www.uyghurkitap.com

جاراھەتلەندۈرگۈچى زەھەرلىك يا ئوقى دەپ بىل. ئەلۋەتتە، دۈشمەندىن قورقۇش كېرەك. دېيىلىدۇكى، ئىككى كىشىدىن قورق. بىرى، زالىم دۈشمەن، يەنە بىرى، ۋاپاسىز يار. دۈشمىنىڭ بىلەن ئاشكارا رىقابەتتە بول. لېكىن ئۇنى ئاجىز كۆرمە. گەرچە دۈشمىنىڭ ئاجىز ۋە يوقسۇل بولسىمۇ، ئۇنى هامان دۈشمەن دەپ بىل. ھەرگىزمۇ ئاجىز، يوقسۇل دەپ سەل قارىغۇچى بولما.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، خۇراساندا مەشھۇر ۋە سېخىي، تولىمۇ دانا بىر كىشى بار ئىدى. ئىسمى مۇھزىب ئىدى. بىر كۈنى ئۇ يولدا كېتىۋاتقاندا قوغۇن شاپىقىغا تېيىلىپ يىقىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شاپاقنى پىچىقى بىلەن پارە - پارە قىلدى. خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭدىن:

— ئەي خوجا، شۇنچە ئۇلۇغلۇقۇڭ ۋە دانالىقىڭ بىلەن خىجالەت بولماستىن، بىر پارچە شاپاققا بۇ قاتارلىق ئاچچىق قىلغىنىڭ نېمىسى؟ — دېيىشتى.

مۇھزىب دېدىكى:

— [بۇ شاپاق] مېنى يىقىتتى، شۇڭا ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر. دۈشمەننى تۆۋەن كۆرگىلى بولماس، ناۋادا كىچىك (ئاجىز) بولسىمۇ، ھەرقانداق كىشى دۈشمەننى تۆۋەن (ئاجىز) چاغلاپ كۆزگە ئىلمىسا، پات پۇرسەتتە دۈشمەن شۇ كىشىنى خار قىلىدۇ.

بەس، دۈشمىنىڭ سېنى ھالاك قىلماستىن بۇرۇن، سەن دۈشمىنىڭنى ھالاك قىلىشىنىڭ تەدبىرىنى قىل، ناۋادا بىرەر كىشى ساڭا دۈشمەنلىك قىلسا، ئىمكان بار تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنىڭ يولىنى ئىزلە، ھەرگىزمۇ

دۈشمىنىڭنى تۈۋەن ۋە ئاجىز چاغلاپ، [ئۆزۈڭنىڭ غالىب ئىكەنلىكىڭنى] كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرمە، چۈنكى ئۇ پەخىرلەنگۈدەك ئىش ئەمەس.
كۆرمىدىڭمۇ؟ بىر پادىشاھ ئۆز دۈشمىنىنى بويسۇندۇرسا، ئەمما ئۇ دۈشمەن ئۆزىنى بويسۇندۇرغان پادىشاھقا قارىغاندا مەرتىۋىلىك ۋە ئۇلۇغ بولمىسا، يەنى مەرتىۋىسى تۆۋەن، ئاجىز بولسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە باشقىلار نامە پۈتۈپ، شۇ ئاجىز دۈشمەننى مۇبالىغە بىلەن ئۇلۇغ ئېتىشتا تەڭدىشى يوق، جاسارەتتە شىر، ئەجدىھا سۈپەت قىلىپ مەدھىيىلەيدۇ. دۈشمەننىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە ئاجىز لەشكىرىنى بولسا، باھادىر ۋە پالۋانلىق سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ. شۇ ئاجىز دۈشمەننىڭ لەشكىرىنى باتۇر، جاسارەتلىك قىلىپ، لەشكىرىي قوماندانلىرىنى بولسا، شىجائەتتە يېگانە، پالۋانلىقتا تەڭداشسىز قىلىپ بىرمۇبىر ھېكايە قىلىدۇ. ئاندىن پالانى پادىشاھ دۈشمىنىنىڭ جەۋر ـ زۇلۇم تىغىنى سۇندۇرۇپ، بۇ قاتارلىق كۈچلۈك دۈشمەنگە شۇنداق ئات سالدىكى، ھەممىسىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا قاچۇرۇپ، بىراقلا نابۇت قىلدى، دېيىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ شۇ ئاجىز دۈشمەننىڭ تەرىپى بولماستىن، بەلكى غالىب پادىشاھنىڭ تەرىپى ـ لەشكىرىنىڭ جاسارىتىنىڭ تەرىپىدۇر.
**ھېكايەت:**
ئاڭلىشىمچە، رەي شەھىرىگە بىر مەزلۇم (ئايال) پادىشاھ ئىدى. ئۇنى سەييىدە دەپ ئاتايتتى. ئەسلىدە پادىشاھ فەخرىد ـ دەۋلە ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى، ئىسمى مەجىد ـ دەۋلە ئىدى. شاھزادە كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا پەقەت

www.uyghurkitap.com

پادىشاھلىق نامىلا بېرىلگەندى. پادىشاھلىقنى بولسا، ئانىسى قىلاتتى. ۋاقتىكى، مەجىد ـ دەۋلە چوك بولدى. ئەمما ناقابىل (قابىلىيەتسىز) ئىدى. پادىشاھلىققا لاياقىتى يوق ئىدى. مەزلۇم خەلقتەك ئۆيدىن چىقماي، كېنىزەكلەر بىلەن خىلۋەتتە تاماشا بىلەن بولاتتى. ئانىسى سەييىدە رەي، قەھىستان ۋە ئىسپىھاندا ئوتتۇز توققۇز يىل پادىشاھلىق قىلدى. بۇنى دېيىشتىكى مەقسىتىم شۇكى:

سۇلتان مەھمۇد سەييىدەگە ئەلچى ئەۋەتىپ: «مېنىڭ نامىمغا خۇتبە ئوقۇت، ماڭا سىلىق ـ خىراجەت تاپشۇر، بولمىسا لەشكەر تارتىمەن» دەپ ھېسابسىز سىياسەت قىلدى. ئەمما سەييىدە كەلگەن ئەلچىنى چاقىرتىپ دېدىكى:

ــ «سۇلتان مەھمۇدقا ئېيتقىن، مېنىڭ ئېرىم فەخرىد ـ دەۋلە ھايات ۋاقتىدا سېنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشىڭدىن ۋە رەي شەھىرىنى ئېلىش قەستىدە بولىدىغانلىقىڭدىن ئەندىشە قىلاتتۇق، ۋەھالەنكى، فەخرىد ـ دەۋلە ئالەمدىن ئۆتتى. پادىشاھلىق ئىشى ماڭا قالدى. شۇڭا بۇنداق ئەندىشىلەر كۆڭلۇمدىن ئۆچتى. يەنە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سۇلتان مەھمۇد ئاقىل پادىشاھتۇر. بىر خوتۇن كىشى بىلەن جەڭ قىلماق، يۇرت تالاشماق ئۇچۇن لەشكەر تارتماق شۇنداق ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ نام ـ شەرىپىگە لايىق ئەمەستۇر. ناۋادا كەلسەڭ، خۇدايىتائالا مەدەت قىلغاي! مەن قاچماسمەن، جەڭگە تەييار تۇرۇۋېتىمەن، چۈنكى ئۇرۇش ئىككى ئىشتىن خالىي بولمايدۇ. شەكسىز ئىككى لەشكەر (قوشۇن)نىڭ بىرى مەغلۇپ بولىدۇ. ئەگەر كۈتۈلمىگەندە سېنىڭ لەشكىرىڭ مەغلۇپ بولسا، ئەتراپ ـ

ئالەمگە: سۇلتاننى مەغلۇپ قىلدىم. ئۇ يۈز مىڭ پادىشاھنى مەغلۇپ قىلغانىدى، دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتىمەن. ناۋادا مېنىڭ لەشكىرىم مەغلۇپ بولسا، بىر خوتۇننى مەغلۇپ قىلدىم، دەپ پەخىرلەنسەڭ ئەرزىمەيدۇ.»

سۇلتان مەھمۇد ئۇشبۇ سۆز بىلەن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە لەشكەر تارتمىدى. رەينى ئىگىلىۋېلىش قەستىدىمۇ بولمىدى.

شۇڭا، ئەي ئوغۇل، دۈشمەننى زەئىپ ۋە ئاجىز كۆرۈپ پەرۋاسىزلىق قىلما. ھېچقاچان دۈشمەندىن خاتىرجەم بولما، خۇسۇسەن، ئۆي ئىچىدىكى (يېنىڭدىكى) دۈشمەندىن غاپىل بولما، چۈنكى ياتلار بىلمەيدىغاننى يېنىڭدىكى دۈشمەن بىلىدۇ. تالادىكى دۈشمەن يېنىڭدىكى دۈشمەن بىلگەننى بىلمەيدۇ. بەس، ھېچبىر دۈشمەنگە [چىن دىلىڭدىن ] دوستلۇق قىلغۇچى بولما، پەقەت كۆرۈنۈشتىلا دوستلۇق كۆرسەت، كۆرۈنۈشتىكى دوستلۇق كۈنلەر ئۆتۈپ ھەقىقىي دوستلۇققا ئايلىنىپ قالسا، ئەجەب ئەمەس. [بەزىدە] دۈشمەنلىكتىن دوستلۇق پەيدا بولىدۇ ۋە بەزىدە دوستلۇقتىن دۈشمەنلىك پەيدا بولىدۇ. ھەمىشە دۈشمىنىڭدىن دوستلىرىڭنىڭ كۆپ بولۇشى ئۈچۈن تىرىش. ئامال بار دوستۇڭ كۆپ، دۈشمىنىڭ ئاز بولغاي! ئەمما مىڭ دوستۇڭغا ئۈمىد باغلاپ، بىر دۈشمەندىن غاپىل بولما. چۈنكى مىڭ دوستۇڭ ساڭا بولغان دوستلۇقىدىن ۋاز كەچتى دېگەندىمۇ، بىر دۈشمەن ساڭا بولغان دۈشمەنلىكىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. ناۋادا دۈشمىنىڭ [ ساڭا بولغان] دۈشمەنلىكىنى بولدى قىلىپ سەمىمىيلىك كۆرسەتسە، سەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرمە، بىراق دۈشمىنىڭ سەندىن ھەرقانچە ئاجىز بولسىمۇ، يەنىلا ساڭا دىشۋارچىلىق يەتكۈزۈشتىن ئېھتىيات قىل. ئەگەر دۈشمىنىڭ

www.uyghurkitap.com

سەن بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى خالسا، ئۇنىڭ خاھىشىنى غەنىيمەت بىلىپ چىقىشىپ ئۆتكىن. [دانالار] ئېيتقانكى:

« [دۈشمىنىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرگەندىن] يا ئادا جۇدا بولغىنىڭ، يا بىر تەرەپكە كەتكىنىڭ ۋە ياكى چىقىشىپ ئۆتكىنىڭ خوپتۇر.»

ئەگەر دۈشمىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ [دۈشمىنىڭنى] ھالاك قىلساڭ، شاد ـ خۇرام بولماقلىق راۋادۇر، ناۋادا [دۈشمىنىڭ] ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلسە، خۇشال بولۇپ كەتمە، چۈنكى سەن ھەم ئۆلمەي قالمايسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئۆلمەسلىكىڭنى بىلسەڭ، خۇشال بولۇش باشقا گەپ.

ھۆكۈمالار ئېيتىپتۇركى:

«ھەر كىشى دۈشمىنىدىن بىر نەپەس ئارتۇق ئۆمۈر كۆرسە غەنىيمەت بىلگەي». لېكىن مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى،

نەزم:

گەر قىلسە ئۆلۈم[1] خەسىم نابۇد،
خەسىم ئۆلگەنىگە شادلىق ئەتمەك نىسۇد[2]؟
يەتكەندە ئەجەل سەرسەرى[3] ئۆمرۈڭ نەخلىن[4]
خەسمى كەبى ئەيلەگەي نەبۇدۇ فەرسۇد[5]

**ھېكايەت:**

---

① ۋۇجۇدىن دۈشمەن، رەقىب
② نېمە پايدا
③ شامال
④ كۆچەت
⑤ يوقالماق، تۇزۇپ كەتمەك

ئاڭلىشىمچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئەتراپ ئالەمنى كېزىپ جاھاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، مەنزىل ماكانىغا يانماق بولۇپ دامغان شەھىرىگە كەلگەندە ئەجەل لەشكىرى ئۆمۈر بىناسىنى خاراب قىلماقچا تەمشەلدى. ئىسكەندەر ۋەسىيەت قىلىپ دېدىكى:

«مېنى سالىدىغان جىنازىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۆشۈك ئېچىپ ئىككى قولۇمنى چىقىرىپ قويۇڭلار، تا پۈتۈن ئالەمنى ئېلىپ ئەمدىلىكتە قۇرۇق قول كېتىۋاتقىنىمنى خەلقى ئالەم كۆرۈپ ئىبرەت ئالغاي!»

ئانامغا ئېيتىڭلاركى، ئەگەر مېنىڭ روھىمنى خاتىرجەم بولسۇن دېسە، مەن ئۈچۈن قايغۇرمىغاي. ناۋادا ئالەم ئىچىدە ھېچبىر ئەزىز ۋە مېھرىبان كىشىسى ئۆلمىگەن ئادەمنى تاپالىسا، ئۇ ھالدا قايغۇرسا، يىغلاپ ھەسرەت چەكسە مەيلى.»

ئەي ئوغۇل، يېپىنى ئۆز ھالىدا ئەشسە، بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ھاجەتكە يارايدۇ. ناۋادا ھالىدىن تاشقىرى ئېشىۋەتسە، ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

بەس، ھەممە ئىشنى ئۆز ئەندىزىسىدە قىلغايسەن. خاھى دوستلۇق، خاھى دۈشمەنلىك بولسۇن، ھەر ئىشنىڭ ئەندىزىسىنى بىلمەك، ھەر ئىشنى ئۆز يولىدا بېجىرمەك ئەقىل جۈملىسىدىندۇر.

ئاجىزلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگىن، گەدەنكەشلەرگە گەدەنكەشلىك قىل. ھەرقانداق ئىش قىلغاندا ئادەمگەرچىلىك تەرىقىنى ساقلىغىن، غەزىپىڭ كەلگەن ۋاقىتتا سەبرىنى ئۆزۈڭگە ۋاجىپ بىل ۋە ئۆزۈڭنىڭ مىقدارىنى تونۇ. ھەر كىشى ئۆز مىقدارىنى بىلمىسە، ئادەمىيلىكتىن چەتنەپ كېتىدۇ. مەيلى

دوست، مەيلى دۈشمەن بولسۇن، ئاستا، يەنى يۇمشاقلىق بىلەن سۆزلە، ھەرقاچان شېرىن سۆزلۈك بولغىن، شېرىن سۆزلۈك ـ سېھىرگەرلىكنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر.

كىشى بىر نېمە سورىسا، جاۋابىنى بەرگىن. كىشى قۇلاق سالمىغان سۆزنى دېمە. كىشىنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولمايدىغان سۆزنى ئارقىسىدىمۇ دېمە. ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلماقتىن ئايانما. قىلمىغان ئىشنى قىلدىم، دەپ لاپ ئۇرما، قىلغان ئىشلىرىڭنى تولا دەۋەرمە. شېئىر:

ئىشقىڭ سۆزىن ئاشكارۇ پىنھان قىلدىم،
غەم تاغىنى كەسمەك بىلە تالقان قىلدىم.
مەئلۇم بۇ كۈن بولۇر، تاڭلاسىنى سان قىلدىم،
ھالىم ساڭا مەئلۇم ئەمەسدۇر، مەئلۇم قىلدىم.

قىلىدىغان، يەنى قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى، سۆزلەيدىغان سۆزۈڭنى ئالدىن ئويلىشىۋال. باشقا بىرسى سېنى سۆزگە تەكلىپ قىلسا، تولا زۇۋانلارلىق قىلما، نەق گەپنى قىل. [كىشىگە ] ئىككى يۈزلۈك قىلما، ئەمما ئىككى يۈزلۈك كىشىدىن قاچ. يەتتە باشلىق ئەجدىھادىن قورقما، لېكىن سۇخەنچى (چېقىمچى، ئارىدا گەپ توشۇيدىغان) كىشىدىن قورق، چۈنكى سۇخەنچىنىڭ بىر سائەت قىلغان پىتنىسىنى بىر يىلدىمۇ بېسىقتۇرۇپ بولالمايسەن. ھەرقانچە ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك بولساڭمۇ، ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغلار بىلەن ئويناشما. ھۆكۈمالار ئېيتقاندەك، مۇنداق ئۈچ خىسلەتنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت، تاكى يالادىن ئەمىن بولغايسەن:

ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغ (چوڭ) كىشىلەر بىلەن ئويناشما، خىزمەتكارلارغا تولا زۇلۇم قىلما؛ ھەسەتخور كىشىلەر بىلەن سۆھبەت قۇرما؛ بېخىللار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولما؛ نادان كىشى بىلەن مۇنازىرە قىلما؛ ئورنى يوق (جاھانكەشتى) كىشى بىلەن دوست بولما؛ يالغانچىلار بىلەن مۇئامىلە قىلما؛ جېدەلخور كىشى بىلەن شاراب ئىچمە؛ خوتۇنلار سۆھبىتىدە تولا (ئۇزاق) ئولتۇرما؛ ئابرۇيىمنى ساقلاي دېسەڭ، سىرىڭنى كىشىگە ئېيتما.

ئەي ئوغۇل، تولا ئەيىب ئىزدەيدىغان كىشىدىن قاچقىن. ھەمىشە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرمىگىن. ھېچ كىشىنى ھەددىدىن تاشقىرى، زىيادە ماختىما، ناۋادا ئەيىبلەش توغرا كەلسە، مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ساڭا ھاجىتى چۈشكەن، چۈشمىگەن بولسۇن، كىشىگە غەزەپ قىلما، قورقۇتما، خارلىما، بۆلەك كىشىنىڭ ئاچچىقىنى باشقا بىراۋدىن چىقارما، ئەگەر سېنىڭ ھەققىڭدە بىرەر كىشىدىن گۇناھ ئۆتسە، كەچۈرگىن. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە بىگۇناھ باھانە ئىزدىمىگىن.

خىزمەتكارلىرىڭنى باياشاد تۇت. چۈنكى ئۇلار زىرائەتگاھىڭدۇر، زىرائىتىڭ ئوبدان بولسا، راۋاج تېپىشىڭغا سەۋەب بولىدۇ.

پەرمانىڭنى تۇتقۇدەك كىشىنى خىزمىتىڭگە ئال، ئىشىم ئۇقسانسىز بولسۇن دېسەڭ، بىر كىشى قىلىدىغان ئىشقا ئىككى كىشىنى بۇيرىما.

دانالار ئېيتقانكى: «بىر قازان ئاشنى ئىككى كىشى پىشۇرسا، مەززىسى بولماس؛ ئىككى خوتۇن بىر ئۆيدە بولسا، ئۆي پاكىز تۇرماس». شېئىر:

ئىككى خاتۇنغە بىر ئۆي بولسە سەسكەن[1]،
ئارىغلىق تۇتمە كۆز ئول ئۆي ئىچىدىن.

ناۋادا كىشىنىڭ قول ئاستىدا پەرماندا بولسىلار، خوجايىنىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولسۇن، ئىشىمدىن نۇقسان كۆرۈلمىسۇن دېسەڭ، بۇيرۇلغان ئىشىڭدا كىشىنى شېرىك قىلما.

دوست ۋە دۈشمىنىڭگە ئوخشاشلا مەرھەمەت كۆرسەت. ئەگەر بىرسى گۇناھ ئۆتكۈزسە، قاتتىق غەزەپ قىلىپ كەتمە، [باشقىلارنىڭ] غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىگە قۇلاق سالما، يوقىلاڭ ئىشلارنى دەپ خۇسۇمەت پەيدا قىلما، ئازغىنە گۇناھىنى دەپ كىشىنى ئازاب ـ ئوقۇبەتكە سازاۋەر قىلما، ھەر ئىشتا سېخىيلىق، ئەپۇچانلىق يولىنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت، شۇندىلا كىشىلەر تىلىدا ياخشى نامىڭ مەشھۇر بولغۇسىدۇر.

تۇرار جاي، تۇرالغۇ، ماكان

## ئوتتۇزىنچى باب

## ئەپۇ قىلماق ۋە جازالىماقنىڭ بايانى [1]

ئەي ئوغۇل، ئەگەر كىشى بىرەر گۇناھ سادىر قىلسا، ئادالەتنىڭ بىلەن ئۇنىڭ، يەنى گۇناھكارنىڭ ئۆزرىنى ئاڭلا. چۈنكى ئۇ ھەم ساڭا ئوخشاش ئادەمدۇر.

گۇناھ ئەڭ ئاۋۋال ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كۆرۈلگەندى. ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى ئىدى. شېئىر:

بىر كۈن مەن ئەگەر بارالمادىم سۆھبەتىڭە،
يۈزمىڭ غەم ئارا قالدى كۆڭۈل مېھنەتىڭە.
ئەۋۋەل كىشىكىم قىلدى گۇنەھ ئادەمىدۇر،
بىر جۇرم بىلە تاشلاما مەنى فۇرقەتىڭە.

[بىراۋغا] ھۆرۈنلۈق قىلغانلىقى تۈپەيلى ئوقۇبەت قىلما. تا يوق گۇناھ ئۈچۈن ئازابقا سازاۋەر بولمىغاي!

ھەرقانداق سۆزگە ئاچچىقىڭ كەلمىسۇن. بولۇپمۇ غەمكىن، يەنى خاپا ۋاقىتلىرىڭدا ئاچچىقنى يۇتماقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. ئەگەر خاپىلىق تۈپەيلى [باشقىلار] ھەم بىرەر گۇناھ سادىر قىلغان بولسا، ئەپۇ قىل ۋە ئۆزرىنى قوبۇل قىل. چۈنكى بەندە گۇناھ

[1] مۇندەرىجىدە «گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلماقنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

قىلمىغان بولسا، خۇدايىتائالانىڭ ئەپۇسىمۇ بولماسىدى. قاچانكى ئەپۇ قىلماقنى ئۆزۈڭگە ۋاجىپ بىلسەڭ، ھەر ۋاقىتتا ئۇلۇغلۇق شاراپىتىدىن قۇرۇق قالمايسەن. ناۋادا بىراۋنى ئەپۇ قىلساڭ، مىننەت قىلىپ ئۇنى خىجالەتكە قويما. چۈنكى مىننەت قىلىش ئەپۇ قىلمىغان بىلەن باراۋەردۇر. ئەگەر كىشى جازاغا تارتىلغۇدەك دەرىجىدە گۇناھ قىلغان بولسا، گۇناھىغا بېقىپ جازالا. ئىنساپ ئەھلى شۇنداق ئېيتقانكى: «جازانى گۇناھىغا بېقىپ بەرمەك كېرەك». ئەمما مەن ئېيتىمەنكى: ئەگەر كىشى گۇناھ قىلغان بولسا، سەن ئۇنىڭ گۇناھىغا قارىتا تولۇق، يەنى ئۇزۇل ـ كېسىل جازا بەرمەكچى بولساڭ، ئۇ ھالدا شەپقەت ۋە كەڭچىلىك تەرىقىسىنى ئۇنتۇغان بولىسەن. مېنىڭچە، بىر مىسقاللىق گۇناھ ئۈچۈن يېرىم مىسقاللىق جازا بەرگەن تۈزۈك. شۇنداقتا ھەم سىياسەت تەرتىپىنى بەجا كەلتۈرگەن ھەم شەپقەت ـ كەڭچىلىك شەرتىنى ئادا قىلغان بولىسەن. ئالىيجانابلار ۋە مېھىر ـ شەپقەت ئىگىلىرى رەھىمسىز، زالىملار ئىشىنى قىلسا ياراشمايدۇ. ئەمما ئۆزرى ئېيتىش لازىم بولغۇدەك گۇناھنى سادىر قىلما. ناۋادا شۇنداق گۇناھنى سادىر قىلىپ قويساڭ، ئۆزرە ئېيتماقتىن — ئەپۇ سوراشتىن نومۇس قىلما.

**ھېكايەت:**

ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ زامانلىرىدا بىر قوۋم گۇناھ سادىر قىلغانىدى. شەرىئەت بويىچە ئۇ قوۋمنى ئۆلتۈرمەك ۋاجىپ بولدى. مۇئاۋىيە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. بىر نەچچە گۇناھكار ئۆلتۈرۈلۈپ نۆۋەت بىرىگە يەتكەندە، ئۇ كىشى، يەنى گۇناھكار:

— يا ئەمىر، بىزنى قانداق قىلساڭ، گۇناھىمىز ئۈچۈن ھەق

ۋە ئورۇنلۇقتۇر. ئەمما خۇدايىتائالانىڭ ھەققىدە بولسىمۇ بىر ئېغىز سۆز قىلىشىمىنى ئۈچۈن ئامانلىق بەرسەڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. مۇئاۋىيە ئىجازەت بېرىپ: — سۆزۈڭنى ئېيتقىن، — دېدى.

گۇناھكار دېدىكى:

— ئەي ئەمىر، پۈتۈن ئالەم خەلقى سېنى «ئالىيجاناب ۋە مېھىر - شەپقەت ئىگىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەگەر مۇشۇ گۇناھىمىزنى يەنە بىر زالىم پادىشاھنىڭ مەملىكىتىدە سادىر قىلغان بولساق، ئۇ بىزلەرنى نېمە قىلاتتى؟

مۇئاۋىيە ئېيتتىكى:

— مەن قىلغاندەك قىلاتتى، يەنى مەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندەك ھۆكۈم قىلاتتى.

ئول گۇناھكار ئېيتتىكى:

— سەن ئۇ بىرەھىم زالىمنىڭ قىلغىنىنى قىلساڭ، ئۇ ھالدا سېنىڭ ئالىيجانابلىقىڭنىڭ، مېھىر - شەپقىتىڭنىڭ پايدىسى نېمە؟

مۇئاۋىيە ئېيتتىكى:

— ئەگەر سەن ئېيتقان مۇشۇ سۆزنى ئىلگىركىلەر، يەنى ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئېيتقان بولسا ئىدى، ھەممىسىنى ئەپۇ قىلاردىم. ئەمدى بولسىمۇ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلدىم!

ۋاقتىكى، گۇناھكار ئەپۇ قىلىشنى تەلەپ قىلسا، گۇناھىدىن ئۆتكىن. چۈنكى سورالغان ئۆزرە گۇناھتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەگەر بىرەر ھاجەتمەنىنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشسە، ئۇ

www.uyghurkitap.com

ھاجەتمەننىڭ ساڭا ياكى دىنىڭغا زەربىرى يەتمىسە، بايلىقىڭغا، يەنى پۇل - مېلىڭغا تەسىر كۆرسەتمىسە، ئۇ كىشىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىل، قۇرۇق قول ياندۇرمىغىن، ھەم ئۇ ھاجەتمەننى يالغانچى گۇمان قىلما. ئەگەر ئۇ، يەنى ھاجەتمەن سېنىڭ ياخشى كىشى ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنمىسە، ھاجىتىنى تىلەپ ئالدىڭغا كەلمەسىدى. شۇنى بىلگىنكى، ساڭا ھاجىتى چۈشكەن ھەرقانداق ھاجەتمەن سېنىڭ ئەسىرىڭدۇر. دەرھەقىقەت، ھاجەتمەنلىك — ئەسىرلىكنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. شۇڭا ئەسىرلەرگە ھەم رەھىم قىلغايسەن! ئەسىرنى ئۆلتۈرۈش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ توغرىسىدا گۇناھ سادىر قىلىشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمىگىن، شۇندىلا ئىككى ئالەمنىڭ ساۋابىنى تەڭ كۆرىسەن. ئەگەر سېنىڭ ھاجىتىڭ كىشىگە چۈشسە، ئالدى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ، يەنى سېنىڭ ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشىنىڭ ئالىيجاناب، مېھىر - شەپقەتلىك ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ئوبدان قارا. ئەگەر ئۇ كىشى ئالىيجاناب، مېھىر - شەپقەتلىك بولسا، ھاجىتىڭنى ئېيىت ۋە ياردەم تىلە. ئەمما مېنىڭ مۇنۇ ۋەسىيىتىمنى قۇلىقىڭدا ئوبدان ساقلا: بىرى، سەن ھاجەت تىلەپ بارغان ۋاقتىڭدا ئۇ كىشى، يەنى سەن ھاجەت تىلەپ بارغان كىشى غەمكىن، قورسىقى ئاچ بولمىغاي، غەمكىن، قورسىقى ئاچ ۋاقىتتا ھاجەت تىلەپ بارما. بۇنداق چاغدا ھاجىتىڭ، يەنى ساڭا لازىم بولغان نەرسە قولۇڭغا تەگمەيدۇ؛ يەنە بىرى، قولغا كەلمەيدىغان نەرسىنى تىلىمە، يەنى سورىما. ھاجىتىڭدىن چىققۇچى قوبۇل قىلالىغۇدەك نەرسىنى تىلە (سورا). ھاجىتىڭ چۈشكەندە ھاجىتىڭنى، يەنى نېمىگە

ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىگىنى چىرايلىق، ياخشى سۆزلەر بىلەن بايان قىلغىن. مەقسىتىڭنى ئاڭلىتىپ بولۇپلا تاشقىرى چىق، ھەرقانداق سۆزنى ئەدەپ بىلەن ئېيت. ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشىگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىل. شۇندىلا ھېچ ۋاقىت قۇرۇق قول قايتمايسەن. چۈنكى مۇلايىملىق ياخشىلىققا يېتىشمەكنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. رۇبائى:

ئەي دىل، ھەۋەس ئۇلسە يەتمەكنىڭ يارىڭغە،
بىۋاست قويمە قەدەمىڭنى ئول دىلبەرۇ دىلدارىڭغە.
تاشقارى خاھىشىدىن يەتسەڭ كېرەك،
ئول زەرىف ئەييارىڭغە.

ھەرقانداق كىشىگە ھاجىتىڭ چۈشكەنىكەن، ئۇ ھالدا ئۆزۈڭنى بەندە ۋە چاكاردەك بىلگىن. چۈنكى بىزنىڭ خۇدايىتائالاغا قۇللۇق بىلدۈرمىكىمىز ھاجىتىمىزنىڭ چۈشكەنلىكى سەۋەبىدىندۇر. ئەگەر خۇدايىتائالاغا بەندىنىڭ ھاجىتى چۈشمىسە ئىدى. ھېچ كىشى تائەت ـ ئىبادەتكە يۈز كەلتۈرمەس ئىدى. شۇڭا ھاجىتىڭنى تاپساڭ ھاجىتىڭنى راۋا قىلغان كىشىگە ھەر ۋاقىت تەشەككۈرۈڭنى بىلدۈرگەيسەن. دەرھەقىقەت، ھاجىتىدىن چىققان كىشىگە تەشەككۈر ئېيتمايدىغان ئادەم خۇدايىتائالانىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: «شۈكرى ئېيتقۇچىلارنى خۇدايىتائالا دوست تۇتىدۇ» دېگەن كەلىمە بار. شۈكرى ئېيتماق ھاجىتىگە ئېرىشىشنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. ھاجىتىڭ

چوْشكەن كىشى ئەگەر سىنى ھاجىتىڭدىن چىقارمىسا، بۇنى ئۆز بەختىڭدىن كۆرگىن. ئۇ كىشى توغرۇلۇق كىشىلەرگە سۆز ـ چۆچەك قىلىپ يۈرمە. چۈنكى سىنىڭ ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشى سۆز ـ چۆچەك قىلىشىڭدىن قورقسا، ئەلۋەتتە، ھاجىتىڭنى راۋا قىلغان بولاتتى.

ئەگەر ھاجىتىڭ چۈشكەن كىشى بېخىل ۋە نامەرد بولسا، ساق ۋاقتىدا ھېچنېمە سورىما. سورىغان نەرسەڭنى بەرمەيدۇ. سورىماقچى بولغان نەرسەڭنى مەست ۋاقتىدا سورا. چۈنكى بېخىل ئادەملەر مەست ۋاقتىدا سېخىي بولۇپ كېتىدۇ. ناۋادا شۇ بېخىل ئادەملەر كېيىن پۇشايمان قىلىپ، بەرگەن نەرسىسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسا ياكى ھاجىتىڭ ئامالسىزلىقتىن شۇ بېخىل، ناكەس ئادەملەرگە چۈشسە، ئۇ ھالدا ئۆزۈڭنى بىچارىلەر قاتارىدىن سانا. ئۇلۇغلار ئېيتقانكى، ئۈچ تائىپە بىچارىلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ.

بىرى، ئۆزى ئاقىل بولسىمۇ، نادانىڭ قول ئاستىدا بولسا؛ ئىككىنچى، ئۆزى كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك تۇرۇپ، ئاجىز ۋە زەئىپ دۈشمەنگە تۇتقۇن بولسا؛ ئۈچىنچى، يوقسۇزلۇقتىن بېخىل ئادەملەرگە موھتاج بولسا.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، تۇرلۇك سۆز ـ نەسىھەتلەرنى، ھۈنەرلەرنى قۇدرىتىم يېتىشىچە بۇ كىتابتا بايان قىلدىم. تا ئوقۇپ بىلگەيسەن. ئەگەر بىرەر ئىشقا ھاجىتىڭ چۈشسە، كارغا كەلگۈسىدۇر. كاشكى، ئىلىم ـ ھېكمەتلەردىن كۆپرەك بىلگەن بولسام ئىدىم، ساڭا ئۆگەتكەن بولارىدىم. تا بۇ جاھاندىن بىغەم ھالەتتە كەتكەن بولاتتىم. لېكىن نېمە ئىلاج قىلاي، ئىلىم ۋە

ھېكمەت يولىدا پەيدا بولىدۇ. ئەپسۇس، ساڭا مالامەت يەتمىسۇن دەپ پەقەتلا ئاتامدىن ئاڭلىغانلىرىمنىلا بايان قىلدىم. مەنمۇ ئىلگىرى ئۆزۈم بىلگىنىمچە ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنىدىم. ئاتامدىن ئاڭلىغان ـ ئۆگەنگەنلىرىمگە ئانچە كۆڭۈل باغلاپ كەتمىگەنىكەنمەن. ئەمدىلىكتە خاھى ئاڭلا، خاھى ئاڭلىما، بىلگەنلىرىمنى بېخىللىق قىلماي ساڭا ئېيتتىم. تەبىئىتىمنىڭ ئەيىنىكىدە ساڭا كۆرسەتتىم. ئۇلۇغلار ئېيتقانكى: «سائادەتمەن كىشىلەر ئاڭلىغاننى قوبۇل قىلىدۇ!»

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئوتتۇزبىرىنچى باب

## ئىلىم تەلەپ قىلماق ۋە قازى بولماقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئەمدى تۇرلۇك ھۇنەر (ئىلىم) توغرىسىدا بىلگەنلىرىمنى بايان قىلىمەن: ھۇنەر ـ دۇكاندارلىق، يەنى ئالماق ـ ساتماق بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەس، بەلكى ھەربىر كىشى تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ قولغا كەلتۇرىدىغان ئىلىم ياكى بىرەر كەسىپتۇر. ناۋادا سەن بىرەر ئىلىمنى ئوبدان بىلسەڭ، ئۇنىڭدىن سەمەرە (نەتىجە) كۆرىسەن. بىلىمەن، ئۇستازغا ھاجىتى چۇشمەيدىغان ھېچبىر ھۇنەر ۋە ھېچ ئىش يوقتۇر.

«ھۇنەر»نىڭ تۇرى كۆپتۇر. ھەممىسىنى تەپسىلىي شەرھىي قىلساق، كىتاب ئۇزىراپ كېتىدۇ. يەتمەكچى بولغان مەقسەتتىن يىراقلاپ كېتىدۇ. لېكىن بىلگىنكى، ھۇنەرگە تەئەللۇق ئىلىم مۇنداق ئۇچ جەھەتتىن تاشقىرى بولمايدۇ. ئۇلار: تېبابەتچىلىك ئىلمى، مۇنەججىملىك (ئاسترونومىيە) ۋە ھەندىسە (گېئومېترىيە)، يەنە شائىرلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرتىپى، يەنى قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى باردۇر. ئەگەر سەن بۇلارنىڭ قائىدە تەرتىپلىرىنى بىلمىسەڭ، ئۇ ھالدا سەن ھەرقانچە بىلەرمەن بولساڭمۇ، بۇ ئىلىم ئالدىدا

ئەسىرگە ئوخشاپ قالىسەن. مانا بۇ «هۈنەر» دېيىلىدۇ. بۇ هۈنەرلەر تولىمۇ مەشھۇر بولغاچقا، ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ شەرھلەپ ئولتۇرۇشنىڭ هاجىتى يوقتۇر. لېكىن ئەمەلدە كۆرۈلىدىغانلىرىنىلا بايان قىلىمەن ھەم ھەربىرىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ھەر ئىشنىڭ، يەنى هۈنەرنىڭ مەقسىتى ئىككى هالدىن تاشقىرى بولماس: بىرى، زامانىنىڭ تەقەززاسىدىن يا سېنىڭ ئۆز هۈنەرنى ئۆگىنىشكە هاجىتىڭ چۈشىدۇ. هاجەت چۈشكەن ۋاقىتتا ھەربىر هۈنەرنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇش [زۆرۈرىيىتى] تۇغۇلىدۇ ھەمدە ئۆگەنگەن شۇ هۈنىرىڭ ۋاقتى كەلگەندە ساڭا ئەسقاتىدۇ. هاجىتىڭ چۈشمىگەن، يەنى ئەسقاتمىغان تەقدىردىمۇ كاتتىلار ئۈچۈن ھەرقانداق ئىلىمنىڭ قائىدە ـ تەرتىپلىرىنى بىلىپ قويۇش ئوبدانىدۇر. يەنە بىرى، ئەگەر دۇنيا تەلەپ قىلساڭ، قازى، مۇپتى ۋە ياكى كاتتا مەرتىۋىدە بولغىن. ئەمما بۇلارنىڭ مەنپەئىتى يەنىلا ئىلىم ـ هۈنەرگە يەتمەيدۇ. ئىلىم تەلەپ قىلماي تۇرۇپ، دۇنيا (بايلىق) هاسىل بولمايدۇ...

هۈنەر، يەنى ئىلىم توغرىسىدا بىلگىنىمچە بايان قىلدىم. ئەگەر ئىلىم تەلەپ قىلساڭ، قانائەتچان ۋە پەرھىزكار بولغىن؛ ئىلىمنى دوست تۇتقۇچى، دۇنيانى دۈشمەن تۇتقۇچى ۋە كىشىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرگۈچى، خۇشچاقچاق، ياخشى خۇيلۇق، كەم ئۇيقۇ، سەھەر تۇرىدىغان، كىتابنى دوست تۇتقۇچى؛ خۇش مۇئامىلىلىك ۋە ئالىم، دۇرۇس، چىدامىلىق، هۈنەر ۋە ئىلىمنىڭ هۆرمىتىنى ساقلىغۇچى؛ ئۆگەنمەككە هېرىس ۋە شەرم ـ هايالىق، ئۇستازنىڭ ھەققىنى ساقلىغۇچى بولغايسەن. ھەرۋاقىت مەيلىڭ ۋە

www.uyghurkitap.com

ئىلىتىپاتىڭ كىتابلارغا بولغاي! قەلەم، دۇۋەت، قەلەمتىراش، قەلەمدان، پىچاق ۋە جەدۋەل، جەدۋەل قەلىمى، قەغەز ۋە پاشتا لازىملىق نەرسىلەر دائىم ئۆزۈڭ بىلەن ھەمراھ بولغاي! ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى قانداق ئىش بىلەن مەشغۇل بولسۇن، مۇشۇ تەرتىپ ـ قائىدىلەرنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا، زامانىنىڭ يېگانىسى، يەنى كاتتا مەرتىۋە ئىگىسى بولالايدۇ.

بەس، ئەگەر مۇپتى بولساڭ، ئىبادەتتىن چىقما. ئىككى يۈزلۈك بولمىغىن. دۇرۇس سۆزلە، يەنى راستچىل بول. بەدىنىڭنى ۋە كىيىمىڭنى پاك تۇتقىن. ھەرقانداق مەسىلىگە قارىتا جاۋابىنى ۋاقتىدا بەر. لېكىن ھەقىقىتىنى تاپماي تۇرۇپ جاۋاب پۈتمە. كىشىدىن ئاڭلىغىنىڭغا قانائەت قىلما. كىشىنىڭ ئېيتقىنىنى ئاڭلاپلا ھۆكۈم چىقارما. ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ خېتىگە ئىشەنچ بىلەن قارا. ئەمما سۆزىگە ئىشىنىپ كەتمە. كۆرگەنلىكى كىتاب ۋە پۈتۈكلەرنى مۆتىۋەر بىلىپ كەتمە. ئەگەر رىۋايەت ئاڭلىساڭ، نام ـ شەرىپى ئېنىق بولمىغان راۋىي (رىۋايەت قىلغۇچى)لارنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلما؛ ئاتاقلىق ۋە مەشھۇر راۋىيلارنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىل. ئىشەنچسىز بولسا ئەقىدە قىلما. ئەگەر ئىشەنچلىك رىۋايەت بولسا، ئېتىبار بىلەن قارا. ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن، يەنى ئاشكارا سۆزلىنىپ يۈرگەن خەۋەرلەردىن قاچما. تىرىشچان بول. ئەمما تولا ئاچچىقچان بولمىغىن. غەزەپ بىلەن سۆزلىمە. ئەگەر مۇنازىرە قىلساڭ، رەقىبىڭنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى كۆزەت. سۆزدە ئۇنىڭدىن، يەنى رەقىبىڭدىن غالىب كېلەلمىسەڭ، مۇنازىرىلەش. ناۋادا غالىب كېلەلمىسەڭ توختاپ قال. بىر مىسالغا قانائەت قىلما ۋە بىر دەلىلگە تايىنىپلا خۇلاسە چىقىرىش دەۋاسىدا

بولما. دەسلەپ ئېيتقان سۆزلىرىڭنى يادىڭدا مەھكەم تۇت. تا ئاخىرىنى چۈۋالچاق قىلىپ قويمىغايسەن. ئەگەر مۇنازىرە بىرەر مەسىلىگە ئائىت بولسا، ئاۋۋال ئادەمدىن - ئاڭلىغانلىرىڭدىن باشلا ھەم دۇنيادا مەۋجۇد بولغان نەرسىلەر ئۈستىدە سۆز ئاچقىن. تا غەرىزىڭنى، يەنى مەقسىتىڭنى تولۇق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىش. سۆزنى تەرتىپ بىلەن سۆزلە، كوتا قىلما. سۆزنى ئازراق، يەنى قىسقا قىل. ئەمما مەنىپەئەتتى يوق سۆزلەرنى سۆزلىگۈچى بولما. ئەگەر مەدداھ (ۋەز ئېيتقۇچى) بولساڭ، كۆپ نەرسىلەرنى يادقا ئالغىن. رەقىبىڭ ئاجىز بولسىمۇ، مۇنبەر ئۈستىدە ــ جامائەت ئالدىدا مۇنازىرىدە تالاش قىلما. ۋەز ئېيتساڭ سۆزۈڭنى پاساھەتلىك (ئوچۇق - ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن) قىل. مەجلىستە ئولتۇرغانلارنى ئىلىمدە، سۆزدە ئۆزۈڭدىن تۆۋەن دەپ بىل. خالىغىنىڭچە، ئەركىن - ئازادە سۆزلە.سۆزۈڭ راۋان بولسۇن. سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالما. لېكىن [سۆز مۇنبىرىگە چىققاندا] كىيىمىڭ، ئايىغىڭ پاكىز بولسۇن. مۇرىتلار (ئەگەشكۈچىلەر)نى قولۇڭغا كەلتۈرۈشكە تىرىش. ئۇلار سېنى قوللاپ مەجلىسنى قىزىتقاي! ناۋادا مەجلىس ئەھلى ھاياجانلىنىپ ۋە ياكى سۆزۈڭدىن تەسىرلىنىپ يىغلىسا، سەن ھەم يىغلا. ئەگەر سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالساڭ، يەنى دېمەكچى بولغان سۆزۈڭنى ئۇنتۇپ قالساڭ، ھودۇقۇپ كەتمە. مۇۋاپىق بىر سۆز بىلەن سۆزۈڭنى داۋاملاشتۇر. سۆزلىگەندە جانلىق بول. جۈرئەت بىلەن سۆزلە. مەجلىس ئەھلى قوبۇل كۆرسە، يەنى سۆزۈڭنى بېرىلىپ ئاڭلىسا، توختاپ قالما. ئۇيالماي سۆزلە. سۆزۈڭ يەڭگىل، چۈشىنىشلىك بولسۇن. لېكىن ياخشى سۆزنى يامان نەرسىگە ساتما. ناۋادا مەجلىس ئەھلى سۆزۈڭنى قوبۇل

كۆرمىسە، يەنى ئاڭلاشنى خالىمىسا، سۆزلەشتىن دەرھال توختا.

سۆز مۇنبىرىدە ھەر تەرەپكە مېڭىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە ئادەتلەن. ئەمما قولۇڭنى شىلتىما. ھەمىشە سۆزۈڭنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا قارات. ئەگەر مۇنبەردە تۇرغىنىڭدا بىراۋ سەندىن سوئال سورىسا، بىلگىنىڭگە جاۋاب بەر، بىلمىسەڭ، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى مۇنبەر ئۈستىدە ئېيتقىلى بولماس، ئۆيۈمگە كېلىپ ئاڭلاڭ، دە. سوئال سورىغۇچى كىشى جاۋابىنى ئاڭلايمەن دەپ ئۆيۈڭگە كېلىپ يۈرمەيدۇ.

ھەر قېتىملىق مەجلىستە بىر نۆۋەت دېگەن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم دېمىگىن، يەنى دەپ بولغان سۆزلەرنى قايتا تەكرارلىما. ھەرقاچان چىرايىڭ ئوچۇق بولسۇن. ھەرقانداق بىر شەھەردە كۆپ تۇرمىغىن. مەدداھلار ۋە پال ئاچقۇچىلارنىڭ تىرىكچىلىكى كۆپ ماڭماق بىلەن ھاسىل بولىدۇ.

كىشىلەرنىڭ خىزمەتكارلىرىغا خۇش مۇئامىلىدە بول. ئىچىڭ بىلەن تېشىڭنى توغرىلىق بىلەن بېزە. دىلىڭ بىلەن ھەرىكىتىڭ ئوخشاش بولسۇن. ئىمكان بار ناماز ئۆتەش، روزا تۇتۇش قاتارلىق ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى ئادا قىلىشقا تىرىش. كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە تىلىڭ تاتلىق بولسۇن. كوچا ـ كويلاردا، يەنى بازارلاردا تولا لاغايلاپ يۈرمە، ئاۋام ئارىسىدا ئەزىز بولغايسەن. يامان ـ يالغانلاردىن پەرھىز قىل. ۋەز ئېيتقاندا سۆز مۇنبىرىنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى ساقلا. بۇ سۆزلەرنى يۇقىرىدىمۇ دېگەنىدىم. تەكەببۇرلۇق قىلماق، يالغان ئېيتماق، پارا ئالماق قاتارلىق بولمىغۇر قىلىقلاردىن يىراق بول. خەلقنى ئۆزۈڭ قىلغان ۋە قىلالايدىغان ئىشقا باشلا. تا ئىنساپلىق ئالىم

بولغايسەن!

ئىلىمنى ئوبدان ئۆگەن ۋە ئۆگەنگەنلىرىڭنى ياخشى ئىبارىلەر ئارقىلىق ئادا قىل، يەنى باشقىلارغا يەتكۈز. ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش يولىدا خىجىل بولما. ئەمما ھېچ ۋاقىت يالغان ئېيتما. بەزىدە ئاگاھلاندۇر، بەزىدە سۆيۈندۇر. خەلقنى ھەرقاچان خۇدايىتائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرمە ھەم كىشىلەرنى بىر يولى جەننەت ئەھلى قىلىۋەتمە. ۋەز ئېيتقاندا تولاراق ئۆزۈڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ۋە ئوبدان بىلىدىغان سۆزلەرنى دېگىن. مۇنازىرىگە، يەنى دە ـ تالاشقا سالىدىغان، دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان سۆزلەرنى دېيىشتىن ساقلان! چۈنكى دە ـ تالاشقا سالىدىغان، دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىغان سۆزلەر كىشىنى ئۇياتقا قالدۇرىدۇ.

ئەگەر ئىلىمنى كامالىغا يەتكۈزۈپ، كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ قازى بولساڭ، ئېغىر بېسىق بول. ئالدىراڭغۇلۇقتىن ساقلان. ئۆزۈڭنى زېرەك ۋە پاراسەتلىك، ۋاقىت قارىشى كۈچلۈك، يەنى ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان، قاتتىق قول قانۇن ئىلىملىرىنى ئوبدان بىلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈر. ھەر گۇرۇھنىڭ مەزھەپ ۋە ئادەتلىرىنى پىششىق بىل ۋە ئۆگەن. ناۋادا ئالدىڭغا [زۇلۇمغا ئۇچرىغان بىرەر كىشى] دەۋالىشىپ كېلىپ قالسا، گۇۋاھچىسى بولمىسىمۇ، ھەقىقەت شۇ زۇلۇمغا يولۇققۇچى تەرىپىدە بولسىلا، تەدبىر بىلەن ئۇ كىشىنى ھەقلىق يوسۇندا ھەققىگە يەتكۈزگەيسەن. ھەققى كۆيۈپ كەتمىگەي!

**ھېكايەت:**

تەبەرىستاندا ئەبۇلئابباس رويانى ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ بىلىملىك ۋە تەقۋادار، تەدبىرلىك كىشى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ قازى ئىدى. بىر كۈنى بىر كىشى يەنە بىر كىشى ئۈستىدىن يۈز دىنار ئاقچا (ئالتۇن پۇل) دەۋاسى قىلىپ، قازىنىڭ (ئەبۇلئابباس رويانىنىڭ) ئالدىغا كەلدى. جاۋابكار يالغانچى كىشى ئىدى. قازى دەۋاگەردىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلدى. دەۋاگەر گۇۋاھچى يوقلۇقىنى ئېيتتى. قازى جاۋابكارنى ئەنت ئىچىشكە، يەنى قەسەم قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ چاغدا دەۋاگەر پەرياد قىلىپ:

— ئەي قازى، ئۇنى ئەنت ئىچىشكە بۇيرۇمىغىن. چۈنكى ئۇ يالغان قەسەم قىلىشتىن قورقمايدۇ، — دېدى.

قازى ئېيتتى:

— شەرىئەتتىن تاشقىرى چىقىقىلى بولماس. يا سەن گۇۋاھچى تاپ، ياكى ئۇنى قەسەم قىلغىلى قوي.

ئۇ كىشى، يەنى دەۋاگەر قازىنىڭ ئالدىدا تۇپراققا يۇمۇلۇپ يىغلاپ:

— ئەي قازى، مېنىڭ گۇۋاھچىم يوقتۇر. يالغاندىن ئەنت ئىچىدۇ، يالغان قەسەم قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى قەسەم قىلىشقا بۇيرۇساڭ، ماڭا زۇلۇم قىلغان بولىسەن. ماڭا ياردەم بېرىپ بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى قىلغىن، — دېدى. قازى ئۇ كىشىنىڭ نالە - زارىنى ئاڭلاپ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. قازى ئېيتتى:

— ئەي بۇرادەر، سەن بۇ كىشىگە قەرز بەرگەن ئاقچىنى قانداق ئۇسۇلدا — نەدە بەرگەنىدىڭ، باشتىن بايان قىلغىن!

ئۇ كىشى ئېيتتى:

— ئەي قازى، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن ۋە دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن! بۇ كىشى بىلەن كۆپ يىللاردىن بېرى دوست ئىدىم، تەسادىپەن، بۇ كىشى بىر كېنىزەككە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسى بىر يۈز ئەللىك دىنار ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ ئەللىك

دىنارلىق بىساتى بار ئىكەن. ئۇ كېنىزەكنى ئېلىشقا ھېچ چارە تاپالماپتۇ. بىراق كېنىزەكنىڭ پىراقىدا كېچە - كۈندۈز ئازاب ئىچىدە يۈرۈيدىكەن. بىر كۈنى تاماشا ئۈچۈن ئىككىمىز سەھراغا بارغانىدۇق. بىر يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋاتقاندا، بۇ كىشى ئۇ كېنىزەك توغرىسىدا سۆز ئېچىپ زار - زار يىغلىدى. ئۇ يىگىرمە ئۈچ يىللىق دوستۇم ئىدى. كۆڭلۈم ئۆرتىنىپ: «— ئەي بۇرادەر، سەندە ئۇ كېنىزەكنىڭ باھاسىغا يەتكۈدەك پۇل - مال يوق ئىكەن. مەندە ھەم ئۇنچىلىك ئاقچا يوق. باشقىلار سېنىڭ دەردىڭگە يەتمەيدۇ. ئەمما مېنىڭ پۈتكۈل بىساتىم ھېسابىدا پەقەت يۈز دىنارىم بار. ئۇنى نەچچە يىلدىن بېرى ھېسابسىز رەنج ۋە مۇشەققەت تارتىپ يىغقانىدىم. ئۇ دىنارنى ساڭا بېرىپ تۇراي، قالغىنىنى ئۆزۈڭ قوشۇپ ئۇ كېنىزەكنى سېتىۋال. كېنىزەك بىلەن بىر ئاي ئەيش - ئىشرەت قىلغاندىن كېيىن، سېتىۋېتىپ يۈز دىنارىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دېگەنىدىم، ئۇ كىشى سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ بىسيار يىغلاپ، ئايىغىمغا باش قويۇپ: «ئەگەر بىر ئايدىن كېيىن بەرمىسەم پالانى بولۇپ كېتەي» دەپ قەسەم ئىچتى. مەن ئالتۇننى ئۇنىڭغا بەردىم. ئالتۇننى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋاقتىمدا خۇدايىتائالاغا مەلۇمدۇركى، ئىككىمىزدىن بۆلەك كىشى يوق ئىدى. ھالا تۆت ئاي بولدى. كېنىزەكنى ھەم ساتمىدى. ئالتۇنۇمنى ھەم بەرمىدى.

قازى سورىدى:

— ئالتۇننى ئۇنىڭغا قەيەردە بەرگەنىدىڭ؟

دەۋاگەر ئېيتتى:

— بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە بەرگەنىدىم.

قازى دېدىكى:

— ئالتۇننى دەرەخ تۈۋىدە بىرىپسەن، يەنە نېمە ئۈچۈن گۇۋاھچىم يوق دەيسەن؟ جاۋابكار بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. سەن قىلچە تەشۋىشلەنمەي شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە بارغىن ۋە ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇ، ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۈز قېتىم دۇرۇد ئېيتقىن، ئاندىن كېيىن دەرەخكە: «قازى سېنى ماڭا گۇۋاھلىق بېرىشىڭ ئۈچۈن چاقىرىدۇ» دېگىن.

جاۋابكار بۇ سۆزدىن مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. قازى كۆرۈپ كۆرمەسكە سالدى.

دەۋاگەر دېدىكى:

— ئەي قازى، ئۇ دەرەخ پەرمانغا بويسۇنماسلىكى مۇمكىن، — دەپ قورقىمەن.

قازى ئېيتتى:

— مېنىڭ مۆھۈرۈمنى ئېلىپ بارغىن ۋە ئۇنىڭغا: « بۇ قازىنىڭ مۆھرى، كېلىپ گۇۋاھلىق بەرسۇن دېدى» دېگىن.

دەۋاگەر مۆھۈرنى ئېلىپ دەرەخ قېشىغا كەتتى. جاۋابكار قېلىپ قازىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. قازى بولسا جاۋابكارغا قارىماي، باشقا ئەرز ئېيتقۇچىلارنىڭ دەردىنى سوراش بىلەن مەشغۇل بولدى.

بىر پەستىن كېيىن قازى بىر كىشىگە قاراپ:

— ئەي پالانى، ئۇ كىشى دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ بارغانمىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

جاۋابكار شۇ ئان:

— تېخى يېتىپ بارمىغاندۇ؟ — دەپ جاۋاب ئېيتتى.

قازى يەنە بۆلەك ھۆكۈم ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى.



www.uyghurkitap.com

دەۋاگەر دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ قازى ئېيتقان تەرىقىدە مۆھۈرنى دەرەخكە كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «قازى سېنى چاقىرىۋاتىدۇ» دېدى ۋە دەرەخ تۈۋىدە بىر سائەت ئولتۇردى. دەرەختىن ھېچ جاۋاب كەلمىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن دەۋاگەر غەمگە پاتقان ھالدا قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي قازى، بېرىپ مۆھۈرىڭنى ئۇ دەرەخكە كۆرسەتتىم. ئۇ دەرەخ ھېچ جاۋاب بەرمىدى، — دېدى.

قازى ئېيتتىكى:

— خاتالاشتىڭ. ئۇ دەرەخ كېلىپ گۇۋاھلىق بەردى.

قازى جاۋابكارغا قاراپ:

— بۇ كىشىنىڭ ھەققىنى بەرگىن، بولمىسا، مەن كېنىزەكنى ساتتۇرۇپ، بۇ كىشىنىڭ ئالتۇنىنى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

جاۋابكار:

— مەن سىزنىڭ قېشىڭىزدا تۇرسام، دەرەخ ھېچقاچان كەلمىدى. گۇۋاھلىق ھەم بەرمىدى، — دېدى.

قازى:

— راست ئېيتىسەن، دەرەخ كەلمىدى. ئەمما سەن بۇ ئالتۇننى شۇ دەرەخ تۈۋىدە ئالمىغان بولساڭ، مەن سەندىن «ئۇ كىشى دەرەخ تۈۋىگە يەتكەنمىدۇ؟» دەپ سورىغاندا سەن: ئارىلىقى يىراق، تېخى يېتىپ بارمىغاندۇ، دېمىگەن بولاتتىڭ. ئەگەر ئالتۇننى ئالمىغان بولساڭ، «ئۇ كىشى نەگە ۋە قايسى دەرەخ تۈۋىگە بارىدۇ» دەپ سورىغان بولاتتىڭ. ئۇ ھالدا، ئەلۋەتتە سەن ئۇتقان بولاتتىڭ! دەپ جاۋابكاردىن ئالتۇننى تاپتۇرۇپ ئېلىپ، ئىگىسىگە بەردى.

بەس، ھەممە ئىشنى كىتاب بويىچە بىر تەرەپ قىلىمەن، دېمىگىن. ئۆزۈڭنىڭ پەم ـ پاراسىتى ھەم ئەنە شۇنداق تۇرلۇك تەدبىر ئارقىلىق ھەقىقەتكە يېتىشنىڭ چارىسىنى ئىزلە. ئەمما قازىخانىدا چىرايىڭنى سۇرلۇك تۇتۇپ، كۈلمەي ئولتۇر. ھۆرمەت تاپاي دېسەڭ، ئېغىر بېسىق بول. كەمرەك سۆزلىگىن. ئەمما دەۋالاشقۇچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە سوراش جەريانىدا، ئەلۋەتتە، زېرىكمە ۋە تېرىكمە. سەۋرچان بول. ناۋادا بىرەر مۇرەككەپ ياكى مۇشكۇل دەۋا ئىشلىرىغا دۇچ كەلسەڭ، ئۆز رايىڭ بويىچە بىر تەرەپ قىلىشتىن ساقلان. ئىمكان بار مۇپتىلار بىلەن كېڭىشىپ، ئۆز قاراشلىرىڭنى چۈشەندۈر. ھەمىشە راست سۆزلەشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. بۇ ھەقتە بىر مۇنچە مەسىلە سۆزلىدىم. تەجرىبىلىرىڭنى كۆڭلۈڭدە بىل. شەرىئەتكە مۇخالىپ، يەنى شەك كەلتۈرۈپ قويىدىغان تەرەپكە ھۆكۈم قىلما. چۈنكى بۇنداق ھۆكۈم راۋا ئەمەستۇر.

قازى بولغان كىشى زاھىتلىق يولىنى تۇتقان، يەنى دۇنيا ـ پۇل ـ مالغا بېرىلمەيدىغان، فىقھى ئىلىمدە ماھىر بولۇشى كېرەك. يەنە قازى بولغان كىشى ئاچ قورساق، ئۇسسۇز ۋە مۇنچىدىن چىققان ۋاقىتتا، غەم ـ قايغۇلۇق، تەشۋىشلىك، خاپا چاغلىرىدا بىر مەھەل ھۆكۈم ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولماسلىقى لازىم. يەنە قازىنىڭ خىزمەتكارلىرى ئەرز ـ داد ئېيتقۇچىلارنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ۋە تۈرلۈك ھال ـ ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەپ، قازىغا ئەينەن ئىنكاس قىلىدىغان بولۇشى شەرت. چۈنكى قازىنىڭ ۋەزىپىسى بىر ـ بىرلەپ تەپتىش، يەنى سوئال ـ سوراق قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىگىلىگەن ئەھۋالغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشتۇر. شۇڭا قازى بولغان كىشى سۆزنى قىسقا

قىلىپ، ھەربىر مەسىلىنى گۇۋاھچى ئارقىلىق دەلىللىگەي ياكى ئەرز ـ داد ئىيتقۇچىلارنى دەرھال قەسەم ئىچىشكە بۇيرۇغاي! ناۋادا دۇنياسى، يەنى پۇل ـ مېلى كۆپ، ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەيدىغان كىشىلەر ئۇستىدىن سوئال ـ سوراق قىلىش توغرا كەلسە، قازى ئۆز تەجرىبىسىگە تايىنىپ تەپتىش ۋە تەھقىق قىلغاي. ھەرگىزمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلمىغاي ھەم يۈز قارىمىغاي. ھەرقانداق ئادەمگە باراۋەر مۇئامىلىدە بولغاي! چىقارغان ھۆكۈمنى ھەرگىزمۇ بۇزمىغاي. ھۆكۈمنى پۇختا ۋە مەھكەم قىلغاي. قازى ھۆججەت، ۋەسىقە، يارلىق، پەرمان قاتارلىقلارنى ھەرگىز ئۆزى يازمىغاي. زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، يازغاي. ئەمما ئۆز خېتىنى ئەزىز تۇتقاي ۋە ئۆز سۆزىنى ئىناۋەتكە ئالدۇرغاي!

ئەي ئوغۇل، ھۈنەرلەرنىڭ ئوبدىنىنى ئىلىم ۋە تەقۋادارلىق دەپ بىل. ناۋادا ئىلىم ھۈنەرلىرىگە ھەۋىسىڭ بولمىسا، يەنى بۇ ساھەدە نەتىجە يارىتىشقا كۆزۈڭ يەتمىسە، ئۇ ھالدا تىجارەت يولىنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆر. ئەمما تىجارەتتە ھەرقانداق نەرسىنى ھالال يول بىلەن قولۇڭغا كەلتۈر. ھالال يول بىلەن بېيىساڭ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەت تاپىسەن. ئەمما بۇ يولدا سەۋەنلىك سادىر قىلغۇچى بولما!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## تىجارەت قىلماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، سودىگەرچىلىكنى ھۈنەر دېگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىتىگە قارىسا، سودىگەرلەرنىڭ قائىدە ــ يوسۇن، ئادەتلىرى دائىرىسىدە يەنىلا ھۈنەر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما دانالار ئېيتقانكى: «سودىگەرلىكنىڭ ئەسلى يىلتىزى نادانلىقتۇر، شاخچىلىرى ئەقىل بىلەندۇر. يەنى سودىگەرلىكنىڭ يىلتىزى نادانلىقتا، شاخچىلىرى ئەقىلگە تۇتاشقان، ناۋادا شۇ «نادان»لار بولمىغان بولسا ئىدى، جاھان خاراب بولغان بولاتتى.»

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، سودىگەرلىك بىلەن مەشغۇل بولغان ھەربىر كىشى بىر مىسقال پۇلنى ئارتۇق تېپىش تاماسىدا مەشرىقتىن مەغرىبكىچە يۈرۈپ، تاغ، باياۋان ۋە دەريالاردا جانلىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلمىغان بولسا، ئوغرى، قاراقچى، شىر، يولۋاسلاردىن، يوللارنىڭ تىنچسىزلىقىدىن قورققان بولسا، مەشرىقتىكى نازۇنېمەتلەر مەغرىبكە ۋە مەغرىبتىكى نازۇنېمەتلەر مەشرىققە يەتمەسىدى. مەلۇمكى، جاھاننىڭ ئاۋاتلىقى پەقەت نازۇ نېمەت بىلەندۇر. شۇڭا بۇنداق ئىشلارنى سودىگەردىن بۆلەك كىشى قىلالمايدۇ. پەقەت سودىگەرلەرلا بۇنداق خەتەرلىك ئىشقا

تەۋەككۇل قىلىدۇ. چۈنكى پايدا ئېلىش ئىستىكىدە سودىگەرنىڭ ئەقىل كۆزى ھەرقانداق خەتەرنى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، يەنى پايدا ئالدىدا ئەقىل كۆزى باغلىنىپ قالىدۇ.

سودىگەرچىلىكنىڭ يوللىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرى، مۇئامىلە قىلماق، يەنى ئۆز يۇرتىدا ئالماق ساتماق بىلەن مەشغۇل بولماق؛ يەنە بىرى، مۇساپىر بولماق، يەنى يۇرت ئاتلاپ، سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللانماق.

مۇئامىلە قىلماق — زەردارلار، يەنى قول ئىلكىدە بار، پۇلدار، بايلارنىڭ تىجارەت يولىدۇر. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يۇقىرى باھادا سېتىپ كۆپ پايدا ئېلىش تاماسىدا مالنى كاسات، يەنى ئەرزان ۋاقتىدا كۆپلەپ ئېلىپ بىسىپ قويىدۇ. مۇنداق قىلىش تولىمۇ خەتەرلىك، يەنى تەۋەككۇلچىلىكتۇر. ئەمما يىراقنى ئويلايدىغان، يىراقنى كۆرىدىغان كىشىلەر ئۇنداق قىلمايدۇ، يەنى ئەرزان ئېلىپ قىممەت سېتىش تاماسىدا مال ئېلىپ بىسىپ قويمايدۇ. ئەمما سودىگەرچىلىكنىڭ يولى شۇكى، تىجارەت يولىغا كىرگەن كىشى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ھەر ئىككى ئەھۋالدا، يەنى مۇئامىلىدىمۇ، مۇساپىرچىلىقتىمۇ يۈرەكلىك، جەسۇر بولغاي؛ دىيانەت ۋە راستچىللىقنى ئۆزىگە لازىم تۇتقاي؛ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزگىلەرنى زىيانغا ئۇچراتمىغاي؛ ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش تاماسىدا باشقىلارغا مالامەت، يەنى ئاۋارىچىلىق يەتكۈزمىگەي، مۇئامىلىنى ئىمكان بار ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەر بىلەن قىلغاي؛ ئەگەر ئۆزىدىن ئۇلۇغ، يەنى يۇقىرى كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، دىيانەتلىك، مۇرۇۋۋەتلىك كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلغاي؛ ھىيلىگەر، مەككار كىشىدىن ئېھتىيات قىلغاي؛ شۇنىڭدەك،

دۇنياسى يوق كىشى بىلەنمۇ مۇئامىلە قىلمىغاي؛ دوستلار بىلەن هەم مۇئامىلە قىلمىغاي، ئەگەر مۇئامىلە قىلىش تۇغرا كەلسە، سودىدىن، يەنى پايدا ئېلىش تاماسىدىن كۆڭۈل ئۈزگەي! تولا هاللاردا دوستلۇق كىچىككىنە پايدا ياكى ئازغىنە زىيان تۈپەيلى ۋەيران بولىدۇ.

— شۇنى بىلگىنكى، [تىجارەت ئىشىدا] كۆپ پايدا ئېلىش تەمەسىدە نېسى مۇئامىلە قىلما. كۆپ پايدا تەمە قىلىشتىن زىيان كېلىپ چىقىدۇ. سودا ئىشلىرىدا ئىسراپچىلىقتىن ساقلان. چۈنكى زىياننىڭ ئەڭ چوڭى — ئىسراپچىلىقتۇر. تىجارەتتە پايدىغا ئېرىشمەي تۇرۇپ، دىرىنى، يەنى ئەسلى پۇلنى خەجلىگۈچى بولما. سودىگەرلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ زىيان دىرىنى، يەنى ئەسلى پۇلنى خەجلەشتۇر. مال سېتىۋالساڭ، ماتا (رەخ) لارنىڭ ياخشىسىنى تونۇپ ئال. هەرگىزمۇ دېگەنلىرىمنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلمىغىن. يەنە سودا (پايدا ئېلىش) ئۈمىدىدە ئاشلىق سېتىۋالما. چۈنكى ئاشلىق ساتقۇچىلار هەمىشە يامان ئاتلىق بولۇپ قالىدۇ. سودىدا دىيانەتلىك بولاي دېسەڭ، ئالغان ياكى ساتقاندا يالغان ئېيتمىغىن. مەيلى كاپىر، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، ئالدى ـ ساتتىدا، يەنە ئالماق ـ ساتماقتا يالغان ئېيتقاننى ئوخشاشلا يامان كۆرىدۇ. بۇ هەقتە مۇنۇ ئىككى بېيتنى ئېيتاي،

نەزمە:

ئەي، كۆڭلۈم ئارا ئىشقىڭ ئوتى سالغان نۇر،
ئول نۇر ئارا مۇسا، مەنۇ كۆڭلۈمدۇر تۇر.
ئىشقىڭنى كۆڭۈل جان بېرىپ ئالمىشمەن،
ئالغۇچىغە يالغان دېمەك ئېرمەس مەشھۇر.

ئالماق ـ ساتماقتا نېسىي ئىش قىلما، يەنى سودىدا پۇتۇشمەي تۇرۇپ ماتا (رەخ)لىرىڭنى قولدىن چىقارما. مۇئامىلە، يەنى سودىدا تولىمۇ تارتىنچاقلىق قىلما. ئۇلۇغلار: «ئۇياتچانلىق، تارتىنچاقلىق كۆپىنچە رىزىقنى كەم قىلىدۇ» دېگەن. شۇنىڭدەك بىمۇرۇۋۋەتلىكنى، يەنى ئىنساپسىزلىقنى ھەم ئۆزۈڭگە لازىم تۇتما. بۇ ھۈنەرنىڭ، يەنى سودىگەرچىلىكنىڭ پېشۋالىرى: «سودىگەرچىلىك ئەسلى تەسەررۇپ قىلماق ۋە مۇرۇۋۋەت قىلماقتۇر» دېگەن.

تەسەررۇپ ــ جەمئىي قىلغان مالنى ساقلاشقا، يەنى پايدا يارىتىشقا؛ مۇرۇۋۋەت ــ سېخىيلىك يولى بىلەن ئىززەت ۋە ھۆرمەتنى ساقلاشقا ئېيتىلغان. ئاڭلىشىمچە،

**ھېكايەت:**

بىر سودىگەر بىر سېتىقچى بىلەن مىڭ دىنارلىق مۇئامىلە قىلغانىدى. ۋاقتىكى مۇئامىلىنى ھېساب قىلىدىغان سۈرۈك توشتى. سودىگەر بىلەن سېتىقچى ئالغان ـ بەرگىنىنى ھېسابلىشىپ ئۈچ نوقۇت ئالتۇندا كېلىشەلمىدى. سېتىقچى:

ــ مەندە بىر دىنارىڭ قالدى، ــ دېسە، سودىگەر:

ــ سەندە بىر دىنار، يەنە ئۈچ نوقۇت ئالتۇنۇم قالدى، ــ دەيتتى.

سودىگەر بىلەن سېتىقچى مۇشۇ تەرىقىدە بامدات نامىزىدىن تاكى پېشىن نامىزىغىچە دەتالاش قىلىشتى. ئاخىر سېتىقچى يۈرىكى سىقىلىپ، دە تالاشقا چىدىماي بىر دىنار، يەنە ئۈچ نوقۇت ئالتۇننى سودىگەرگە بەردى. سودىگەر ئۆيىگە ياندى.

سېتىقچىنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى. ئۇ سودىگەرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ بېرىپ:

ــ ئەي خاجە، ماڭا «شاگىرت ھەققى» (شاگىرتقا تېگىشلىك ئۇلۇش، نېسىۋە) بەرگىن، ــ دېدى. سودىگەر ھېلىقى بىر دىنار ئۈچ نوقۇت ئالتۇننى سېتىقچىنىڭ شاگىرتىغا بەردى. شاگىرت ئالتۇننى ئېلىپ سېتىقچىنىڭ قېشىغا كەلدى. سېتىقچى:

ــ ئەي پالانى، مېنى ئۈچ نوقۇت ئالتۇن ئۈچۈن ئەتىگەندىن تا بۇ چاغقىچە كايىتقان كىشىنىڭ قېشىغا نېمە تەمە قىلىپ باردىڭ؟ ــ دېدى. گۆدەك (شاگىرت) سودىگەر بەرگەن ئالتۇننى ئۇستىسىغا بەردى. سېتىقچى بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «سۇبھانالل،ا بۇ كىشى شۇ قاتارلىق بېخىل تۇرۇپ، مۇنچە ئالتۇننى بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بەرگەندۇر؟» دەپ، سودىگەرنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە سودىگەردىن:

ــ ئەي شەيخ، سىزدىن ئاجايىپ بىر ۋەقەنى كۆردۈمكى، سىز ئەتىگەندىن تا بۇ سائەتكىچە نەچچە كىشى بىلەن مېنى ئۈچ نوقۇت ئالتۇن ئۈچۈن كايىتقاندىڭىز، ئەمدىلىكتە بۇ ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ شاگىرتىمغا بېرىپسىز. شۇ باش ئاغرىقنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى ۋە بۇ ساخاۋەتنىڭ مەنىسى نېمىكىن؟ ــ دەپ سورىدى. سودىگەر ئېيتتى:

ــ ئەي خاجە، مەن سودىگەردۇرمەن. سودىگەرچىلىكنىڭ تەرىقىسى ئالماق ۋە ساتماقتۇر. ئەگەر سودىدا بىر دىرەم چاغلىق زىيان تارتسا، سودىگەرنىڭ يېرىم ئۆمرى بىكارغا كەتكەنگە باراۋەردۇر. ئەگەر مۇرۇۋۋەت (سېخىيلىق) قىلىدىغان ۋاقىتتا مۇرۇۋۋەت قىلمىسا، ئۆز ئەسلىنىڭ (ماھىيىتىنىڭ)ناپاكلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى بىلەن باراۋەردۇر. بەس، مەن ئۆزۈمنىڭ زىيان تارتقۇچى بولۇشىنى ھەم خالىمىدىم. ئەسلىمنىڭ ناپاك بولۇشىنى ھەم خالىمىدىم.


www.uyghurkitap.com

ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلگىنكى، سودىگەر بولساڭ شېرىكچىلىكتىن، يەنى شېرىكلىشىپ سودا قىلىشتىن پەرھىز قىل. ناۋادا شېرىك سودا قىلىش توغرا كەلسە، تاپقان پايدىنى ئۆلىشىپ ئالىدىغان ۋاقىتتا پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، ئۇ ھالدا باي كىشى بىلەن شېرىك بول، ھەم كىشىنىڭ سەرمايىسىغا بىر نېمە ئالما. شۇنىڭدەك ئۆلۈك ۋە سۇنۇق (ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىدىغان) نەرسىگە مەبلەغ سالما ھەمدە كىچىككىنە دۇنيا ـ مەبلەغ بىلەن ئۆز بەختىمنى سىنايمەن دەپ تەۋەككۇلچىلىككە يۈز قويما. ئەگەر بىرەر كىشى: «بۇ خەتنى پالانى شەھەرگە ئالغاچ بېرىپ، پوكۇنىغا بېرىپ قويۇڭ» دېسە، خەتنى ئوقۇپ بېقىپ ئاندىن ئالغىن. چۈنكى خەتتە بىرەر كىشىگە بالا ۋە زىيان يەتكۈزىدىغان گەپ ـ سۆزلەر پۈتۈلگەن بولمىغاي.

ھەرقانداق شەھەرگە بارساڭ، يامان خەۋەر ئېلىپ بارما. قىسقىسى، ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ بارما. خۇشخەۋەر بولسا ئېلىپ بېرىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما. شۇنىڭدەك ھەمراھسىز يولغا كىرمە. يەنى ھەمراھسىز سەپەرگە چىقما. سەپەردە كارۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭ. چۈشكۈن قىلساڭ، يەنى قونالغۇدا ماتالىرىڭنى كارۋان ماتالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوي. ئەمما كارۋان بېشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرما. چۈنكى قاراقچى ئاۋۋال كارۋان بېشىغا قەست قىلىدۇ. ناۋادا پىيادە بولساڭ، ئاتلىقلارغا ھەمراھ بولما ھەم تونۇمىغان كىشىدىن يول سورىما. نۇرغۇن ناپاك كىشىلەر باركى، بۇنداق ئادەملەر ساڭا ئەمەس يولنى كۆرسىتىپ قويۇپ، كەينىڭدىن بېرىپ قەست قىلىدۇ ياكى ماتالىرىڭنى بۇلاپ كېتىدۇ.

يول (سەپەر) ئۈستىدە ئۇچراشقان ئادەملەرگە ئۇچۇق چىراي

سالام قىلغىن. ئەمما ئۆزۈڭنى قورققان ۋە ھارغان سۈرەتتە كۆرسەتمە.

زاھىتلارغا خىيانەت قىلما. ئىلتىپات ۋە ياخشى سۆزلەرنى ئۇلاردىن ئايىما. گەرچە مەنزىلىڭ يىراق بولمىسىمۇ، ئوزۇقسىز يولغا چىقما. تومۇزدا (يازدا) قىشلىق كىيىمسىز ۋە قىشتا يازلىق ئىگىنسىز سەپەرگە ئاتلانما. كىراغا ئالغان كىشىنى رازى قىل.

ۋاقتىكى، بىر ەر يەرگە (قونالغۇغا) چۈشسەڭ، تىنچ ۋە دىيانەتلىك سىپتىقچىنى تاپقىن. ناۋادا سۆھبەت قۇرماقچى بولساڭ، مۇنداق ئۈچ تائىپەنى سۆھبەتكە شېرىك قىل:

بىرى، مەرد، ھىيلە ـ مىكىردىن خالىي كىشى؛ يەنە بىرى، باي، مۇرۇۋۋەتلىك، كىشىنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلمايدىغان كىشى؛ ئۈچىنچىسى، كۆپنى كۆرگەن ــ يول بىلىدىغان كىشى.

ئەي ئوغۇل، ھەرقاچان ئىسسىق ـ سوغۇققا، ئاچلىق ئۇسسۇزلۇققا چىداملىق بول. ئاسايىشلىق، باي ـ باياشات ۋاقتىڭدا ئىسراپ قىلما. ئىسراپچىلىقتىن ساقلان. زۆرۈرىيەت بولۇپ قالسا، يول تاپالايسەن ھەم رەنج ـ مۇشەققەتكە قالمايسەن. ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشنى ئىمكان بار ئۆزۈڭ قىل. كىشىگە ھاۋالە قىلما. چۈنكى زامانە كىشىلىرىنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى ھىيلە ـ مىكىر بىلەن بېزەلگەندۇر. ئەمما سودىگەرچىلىكنىڭ سەرمايىسى راستچىللىق ۋە دىيانەتتۇر. شۇڭا ئالماق ۋە ساتماقتا، يەنى ئېلىم ـ بېرىم ئىشلىرىدا مۇلايىم ۋە راست سۆز بولغايسەن! سودا ئىشلىرىدا پەيتنى چىڭ تۇت. ۋاقتىدا ئېلىپ، ۋاقتىدا سات. ھەرقاچان نېسىي ئېلىپ، نېسىي ساتماقتىن ساقلان. ئالىم ۋە مەرتىۋىلىك كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلما. سودا تۈپەيلى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى سەندىن رەنجىپ قالمىغاي.

ناۋادا مۇئامىلە قىلساڭ، ئىمكان بار ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەرىپىدە بول. يېگىدىن باي بولغان، خەير ـ ساخاۋەتتى يوق كىشىلەر بىلەن ۋە قازىنىڭ خاس كىشىلىرى، كىچىك باللار ۋە كىشىنىڭ خىزمەتكارى بىلەن ھەرگىز مۇئامىلە قىلما، ھەرقانداق كىشى بولار بىلەن مۇئامىلە قىلسا، باش ئاغرىقى ۋە پۇشايماندىن خالاس بولالمايدۇ. يەنى كۆرمىگەن ۋە تونۇشمىغان ياكى سىناپ كۆرمىگەن كىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىن ساقلان. بىر قېتىم سىنىقىڭدىن ئۆتكەن كىشى بولسا، قايتا سىناپ يۈرمىگىن. سىنالغان كىشى بىلەن سىنالمىغان كىشىنى ئاربلاشتۇرۇۋەتمە. يەنى ئوخشاش مۇئامىلىدە بولۇشتىن ساقلان. دانالار ئېيتقانكى: «سىنالمىغان ئادەمدىن سىنالغان شەيتان ياخشى». كىشىنى سىنىماقچى بولساڭ، ئۆز قۇدرىتىڭ يېتىدىغان ئىش بىلەن سىنا. بىرەر ئىشنى قىلدۇرۇپ كۆر. ھەرگىزمۇ گەپ ـ سۆز ئارقىلىق، يەنى سوئال ـ سوراق بىلەن سىنىغۇچى بولما. «يۈز توزقۇشى چاغلىق نېسىيدىن، بىر قۇشقاچ چاغلىق نەق سودا ئوبداندۇر.»

قۇرۇقلۇق سەپىرىدە ئون يېرىم ئاقچا تاپساڭ، ئون بىرنى تاپماق تەمەسىدە دەريا سەپىرىنى ئىختىيار قىلما. چۈنكى دەريا سەپىرىنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپرەكتۇر. ئەگەر قۇرۇقلۇقتا سەپەر قىلساڭ، مېلىڭ زىيانغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ جېنىڭ ئامان قالىدۇ. ئەمما دەريا سەپىرى پادىشاھلارغا ئوخشىتىلىدۇ: پايدا بىراقلا قولغا كېلىدۇ ياكى بىراقلا قولدىن كېتىدۇ. لېكىن قۇدرىتىڭ يار بەرگەن ئەھۋالدا ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن دەريا ـ دېڭىز سەپىرى قىلىشمۇ راۋادۇر. رەسۇل ئەلەيھىسسالام: «دەريا ـ دېڭىزلارغا سەپەر

قىلىڭلار، بىرەر مەرتىۋە بولسىمۇ خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتىنى كۆرۈڭلار» دېگەن.

ئەي ئوغۇل، ئالماق ـ ساتماقتا هوشيار بول. سېتىپ بولغان نەرسەڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلما. ئىمكان بار ئۆز ئىشىڭنى ئۆزۈڭ قىل. باشقىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ قويما. دانالار ئېيتقانكى، «كىشىنىڭ قولى بىلەن يوك كۆتەرگىن، كىشىنىڭ پۇتى بىلەن تىكەن دەسسىگىن.»

هەرقاچان پايدا ـ زىياننى ئېنىق هېساب ـ كىتاب قىلىپ خاتىرىلەپ ماڭ. سەۋەنلىكتىن خالىي بولالايسەن. خىزمەتكارلىرىڭدىن هەمىشە ئىشىنىڭ، يەنى سودىنىڭ نەتىجىسى ۋە هېسابىنى سورۇشتۇرۇپ تۇر. هەرقانداق ئىشقا ئالدىراپ ئۆزۈڭ گۇۋاه بولما. سودا قىلىشتىن ئىلگىرى پايدا ـ زىيان ئۈستىدە كۆڭلۈڭدە سان بولسۇن. خىيانەت قىلىشتىن ئېهتىيات قىل. چۈنكى كىشىگە خىيانەت قىلساڭ، ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭگە قايتىدۇ.

**هېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، ئۇرغۇن قويى بار بىر كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ يىل بويى روزىنى كەم قىلمايدىغان، دىيانەتلىك بىر قويچىسى (پادىچىسى) بار ئىدى. ئۇ هەر كۈنى قويلارنى سېغىپ سۈتىنى خوجايىنىغا ئەكېلىپ بېرەتتى. خوجايىن بولسا، پادىچى ئەكەلگەن سۈتكە باراۋەر سۇ قوشۇپ ئۇ قويچىغا ساتقۇزاتتى. قويچى بۇ ئىش توپەيلى خوجايىنىغا: «خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتى ياماندۇر» دەپ نەسىهەت قىلاتتى. ئەمما خوجايىن قويچىنىڭ بۇ نەسىهەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى. باهار پەسلى ئىدى. بىر كېچىسى قويچى قويلارنى ئېغىلغا سولاپ، ئۆزى ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ



www.uyghurkitap.com

ياتقاندى. يامغۇر يېغىپ، قاتتىق بوران ئارىلاش سەل كېلىپ كۆتۈلمىگەندە قويلارنى ئېقىتىپ ھەممىسىنى ھالاك قىلدى. ئەتىسى قويچى قۇرۇق قول كەلدى. خوجىسى:

— بۇگۈن نېمە ئۈچۈن سۈت ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى. قويچى ئېيتتى.

— ئەي خوجە، مەن دېمىدىمۇ، سىزگە سۈتكە سۇ قوشماڭ، دېسەم نەسىھەتىمنى قوبۇل قىلمىدىڭىز. سۈتكە قوشقان شۇ سۇلار يىغىلىپ سەل بولۇپ قويلىرىڭىزنى ئېقىتىپ كەتتى.

بۇ ھېكايىنى ئېيتىشتىن مەقسىتىم شۇكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا خىيانەت قىلما. كىمكى بىر قېتىم خىيانەت قىلسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا مەڭگۇ ئىشەنمەيدۇ. راستچىللىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. چۈنكى كىشىنىڭ قەدىر - قىممىتى راستچىللىق تارازىسى بىلەندۇر. ئالماق - ساتماقتا خۇش مۇئامىلىلىك بول. بىرەر ئىش ئۈستىدە ھېچ كىشىگە ئالدىن ۋەدە قىلما. ناۋادا ۋەدە قىلساڭ، ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمىغىن. خېرىدارغا راست سۆزلە. تا خۇدايىتائالا بەرىكەت بەرگەي!

نەگىلا بارساڭ دوست تۇتقىن. ئەگەر ئىلگىرى بېرىپ باقمىغان يەرگە بارماقچى بولساڭ، ئۇلۇغلارنىڭ خەت - نىشانىسىنى ئېلىپ بارغىن. تا ئۆزۈڭنى تونۇتماق بىرلە مەشھۇر بولغايسەن.

كىشىلەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئۆت. جاھىل، ئەخمەق، كۆزۈمسىز ۋە غەرەز بىلمەيدىغان، بىناماز كىشىلەر بىلەن ھەمسەپەر بولما. دانالار: «ئاۋۋال دوست تاپ، ئاندىن سەپەر قىل» دېگەن. ناۋادا بىرسى ساڭا «ياخشى ئادەم» دەپ ئىشەنچ باغلىسا، سەن ھەم ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى يەردە قويما. بىرەر نەرسە

ئالماقچى بولساڭ، كۆرمەي تۇرۇپ ئالما، يەنى ئاۋۋال كۆرۈپ، ئاندىن ئال. بىرەر نەرسە ساتماقچى بولساڭ، نەرقىنى ئېنىق بىلىپ، ئوبدان ئويلىشىپ، ئاندىن سات. گەپ ـ سۆزدىن خالىي بولاي دېسەڭ، سودا ـ سېتىقنى شەرت بىلەن قىلما.

ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى ئوبدان ئۆگەن. ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى پىششىق بىلگەن ئادەم سودىگەرلىكتىمۇ يول تاپالايدۇ. ئۆيگە لازىملىق نەرسىنى ئەرزانچىلىق ۋاقىتتا ئال. پەيتىنى تېپىپ بىر يىللىق خىراجەت ئۈچۈن ئىككى يىل خىراجەت قىلغۇدەك نەرسە سېتىۋالساڭ، بۇ ھېچقاچان ئەيىب ھېسابلانمايدۇ. مانا بۇ ئۆي تۇتۇشنىڭ يوللىرىنى بىلگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر تىجارەتتە زىيانغا ئۇچرىساڭ، دەرھال ئۇنىڭ تەدبىرىنى قىلغىن ياكى تىرىشىپ پايدىنى كۆپەيت، ناۋادا پايدا يارىتىش ئىمكانىيىتى بولمىسا، خىراجەتنى كېمەيت.

ــ ئەي ئوغۇل، مۇبادا سودىگەرلىك قىلىشنى خالىمىساڭ، ئىلىم ئۆگەن. شەرىئەت ئىلمىدىن قالسا، ئىلىمنىڭ ياخشىسى تېبابەتچىلىك ئىلمىدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىلىم ئىككى قىسىمدۇر: بىرى، بەدەن (يەنى تېبابەت) ئىلمى؛ يەنە بىرى، دىن ئىلمى (يەنى دىنىي ئىلىم)».

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

## تېبابەت ئىلمى تەلەپ قىلماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر تېۋىپ بولساڭ، تېبابەت ئىلمىنىڭ قائىدىلىرىنى پىششىق بىلگەيسەن ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغايسەن!

بىلگىنكى، ئادەمنىڭ بەدىنىدە بار نەرسىلەر بەدەننىڭ بەرپا بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئامىلدۇر. بۇلاردىن بەزىلىرى ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن كېرەكلىك ئىچكى تەركىب ۋە بەزىلىرى تاشقى تەركىبتۇر. ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن كېرەكلىك ئىچكى تەركىب ئۈچ قىسىمدۇر:

بىرىنچى قىسىم، بەدەننىڭ ئۆزە تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقى، بۇنىڭ ئاساسى ـ قاندۇر؛

ئىككىنچى قىسىم، بەدەننىڭ ئۆرە تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇمىد، يەنى ئەقىل ـ ئىدراك؛

ئۈچىنچى قىسىم، بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكىمەك، بۇنىڭ ئاساسى جاندۇر.

بەدەن جان ئارقىلىق ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ھالەتتىن ھالەتكە يۆتكىلىدۇ، ھەرىكەتلىنىدۇ.

يەنە ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى، يەنى ھاياتى ئۈچۈن تەسىر كۆرسىتىدىغان تاشقى تەركىب بولىدۇ. بەزىلىرى ۋاسىتىلىك

ياكى ۋاستىسىز پايدا ياكى زىيان يەتكۈزىدۇ. بەدەننىڭ ئۆرە تۇرۇشى ۋە ھاياتلىقى ئەنە شۇ ئىچكى ۋە تاشقى تەركىب، يەنى ماددىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىقلىشىشى بىلەندۇر.

ئىچكى تەركىب ـ ماددىنىڭ جىنسى، يەنى ئاساسى؛ تاشقى تەركىب ـ سۇرەتنىڭ جىنسى، يەنى شەكلىدۇر. ئىنسان بەدىنىدىكى ئىچكى تەركىب تىبابەت ئىلمىدا «ئەناسىرى ئەربەئە» (تۆت ئېلېمېنت) دېيىلىدۇ. ئەناسىرى ئەربەئە ئوت، سۇ، شامال ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ماددىلار ئىنسانلارنىڭ يارىتىلىشىدا مەۋجۇت تەركىب بولغاچقا، ئىنسان مىجەزىگە يېقىن تۇرىدۇ.

ئادەمنىڭ مىجەزى توققۇز تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى مۆتىدىل مىجەز، قالغان سەككىزى غەيرىي مۆتىدىل، يەنى غەيرىي نورمال مىجەزدۇر. بۇ سەككىز خىل مىجەزنىڭ تۆتى يەككە، يەنى مۇرەككەپ ئەمەس، تۆتى بەدەن ئەزالىرى ۋە خىلىتلارغا[①] ئوخشاش مۇرەككەپ، يەنى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. مىجەزنىڭ بۇ خىل مۇرەككەپ تۈرىنى بەزىلەر ئوخشاشلا تۆت تۈرلۈك دېسە، بەزىلەر ئىككى تۈرلۈك دەيدۇ.

مىجەزنىڭ تۆتى يەككە (مۇرەككەپ ئەمەس) ۋە تۆتى مۇرەككەپ، يەنى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك دېيىشىمىزنىڭ مەنىسى شۇكى، بەدەن ئەزالىرى خىلىتلار بىلەن مۇرەككەپتۇر؛ خىلىت مىجەز بىلەن مۇرەككەپتۇر؛ مىجەز ئەناسىر بىلەن مۇرەككەپتۇر؛ ئەناسىر ـ بەدەننىڭ يارالمىشقا خاس ماھىيەتلىك

① خىلىت ـــ ئادەم بەدىنىدىكى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جىگەردە ھاسىل بولغان مۇرەككەپ سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇلار سەپرا، قان، بەلغەم، سەۋدا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

ماددىسى بىلەن مۇرەككەپتۇر. بۇنىڭدىن سۇرەت (شەكىل) جىنسىغا تەئەللۇق بولغىنى ئۈچ قىسىمدۇر: بىرىنچى قەۋا (كۈچ)؛ ئىككىنچى، روھ (ئەرۋاھ)؛ ئۈچىنچى، ئەفئال (ھەرىكەت ـ پائالىيەت).

«قەۋا» ئۈچ قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى، نەفسانىي (ھاياتنىڭ زاتى)؛ ئىككىنچى، ھەيۋانىي (ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇشى)؛ ئۈچىنچى، تەبىئىي (تەبىئەتكە ئائىت، ئەسلىدىن بار).

نەفسانىي ھەم ئۈچ قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى، ئىدراكىي كۈچ (ئادەمنىڭ بىلىش، چۈشىنىش قابىلىيىتى). ئىدراكىي كۈچ ھەم بەش قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى ھوش (ئەقىل، سەزگۈ قۇۋۋىتى)؛ ئىككىنچى، بەسەر (كۆرۈش قۇۋۋىتى)؛ ئۈچىنچى، سەمئى (ئاڭلاش قۇۋۋىتى)؛ تۆتىنچى، شەمم (پۇراش قۇۋۋىتى)؛ بەشىنچى، لەمس (تېتىش ياكى تۇتۇپ ـ سىيلاپ بىلىش قۇۋۋىتى).

ھەرىكەت قۇۋۋىتى شۇكى، ئۇنىڭ سانى ئادەم ئەزالىرىنىڭ تۇر سانى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئىدراكىي قۇۋۋەت كۆڭۈلدە بولىدۇ. ئۇ ھەم ئۈچ قىسىم بولىدۇ: بىرى، خىيال قىلماق؛ يەنە بىرى، پىكىر قىلماق؛ ئۈچىنچىسى، يادىغا كەلتۈرمەك.

ھەيۋانىي ئىككى قىسىم بولىدۇ: فائىلە ۋە مۇنفەئىلە، يەنى قىلغۇچى ۋە قوبۇل قىلغۇچى.

تەبىئىي ئۈچ قىسىم بولىدۇ: مۇۋەللىدە ـ پەيدا قىلغۇچى؛ مۇرەببىيە تەربىيىلىگۈچى ۋە غازىيە ـ نەتىجىلەنگۈچى، يەنى نەتىجىگە ئېرىشكۈچى.

ئەفئال (ھەرىكەت ـ پائالىيەت) ھەم نەفسانىي (ھاياتنىڭ زاتى) ھەم ھەيۋانىي (ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇشى) ۋە تەبىئىينىڭ سانى باراۋىرىدە بولىدۇ. چۈنكى روھ قۇۋۋەتنىڭ

خىزمەتكارى؛ قۇۋۋەت ـ ھەرىكەت، يەنى پائالىيەتنىڭ چىقىشى، پەيدا بولۇش ئورنى؛ پائالىيەت ـ قۇۋۋەتنىڭ تەسىرىدۇر.

بەس، ھەرىكەت، يەنى پائالىيەتنىڭ ھەممىسى قەۋا (كۈچ)نىڭ سانى باراۋىرىدە بولىدۇ.

روھ (ئەرۋاھ) ئۈچ قىسىم بولىدۇ، ئۇلار: نەفسانىي، ھەيۋانىي ۋە تەبىئىيدۇر. بەدەننىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ مۇستەھكەم، يەنى مەزمۇت تۇرۇشى ئۇلارغا تەۋەدۇر. مەسىلەن، ئادەمنىڭ سىمىز، ئورۇق، كۈچلۈك، ئاجىز بولۇشى قاتارلىقلار.

سىمىزلىك ـ مىزاج (مىجەز)نىڭ سوغۇقلۇقىغا؛ ئورۇقلۇق ـ مىزاجنىڭ ئىسسىقلىقىغا تەۋەدۇر. بەشەرە، يەنى يۈز ـ قىياپىتىنىڭ قىزىللىقى ـ قانغا تەۋەدۇر. بەشەرە، يەنى يۈز ـ قىياپىتىنىڭ سېرىقلىقى سەپراغا تەۋەدۇر. نەبىز (تومۇر)نىڭ ھەرىكىتى فائىلەئى ھەيۋانى، يەنى ئادەمنىڭ ھاياتقا تەۋە بولۇشىدىكى سەۋەبىنىڭ قۇۋۋىتىگە تەۋەدۇر. نەبىز (تومۇر)نىڭ شوك تۇرۇشى قۇۋۋەتنىڭ سۇسلۇقىغا تەۋەدۇر. ساغلاملىق قۇۋۋەتنىڭ مۆتىدىللىقىغا تەۋەدۇر. تۈرق ۋە كەيپىيات ماددا ياكى شەكىلگە تەۋەدۇر.

ئومۇمەن، بەدەننى بىر ھالدىن يەنە بىر ھالغا يۆتكەيدىغان نەرسە ئەسبابى زەرۇرىي (زۆرۈرىي سەۋەب) دېيىلىدۇ. ئۇ ئالتە قىسىم بولىدۇ: بىرىنچى، ھاۋا؛ ئىككىنچى، تائام (يېمەك ـ ئىچمەك)؛ ئۈچىنچى، ھەرىكەت قىلماق ۋە شوك تۇرماق؛ تۆتىنچى، ئۇخلىماق ۋە ئويغانماق؛ بەشىنچى، تەبىئەتنىڭ تۇتۇلۇشى ۋە راۋانلىقى؛ ئالتىنچى، سۆزلەش ئارزۇسىدا پەيدا بولىدىغان ھالەت.

ئارتۇقچە غەم ۋە غەزەپ، قورقۇنچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش

ھالەتلەرمۇ زۆرۈرىي سەۋەب تۈرىگە كىرىدۇ. مۇنداق دېيىشتىن سەۋەب شۇكى، ئادەم يۇقىرىدا دېيىلگەن ھەربىر ھالەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ھەرگىز ساقلىنالمايدۇ. يەنى بۇ ھالەتلەرنىڭ ھەربىرى ئادەم بەدىنىگە تۆۋەندە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شۇ ھالەتلەرنىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرى مۆتىدىل، يەنى نورمال بولسا، بەدەن ساغلام ۋە سالامەت بولىدۇ؛ ناۋادا بۇ ھالەتلەر غەيرىي نورمال بولسا، يەنى نورمال، مۆتىدىل ھالەتتىن تاشقىرى بولسا، بەدەندە ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل ئاغرىقنىڭ سەۋەبى ياكى ئىسسىقلىقتىن بولىدۇ، بۇ بەش قىسىم بولىدۇ؛ ياكى سوغۇقتىن بولىدۇ، بۇ سەككىز قىسىم بولىدۇ؛ ياكى بەدەندە ئەسلىدىنلا بار بولغان ئىللەت (ئاغرىق) سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، تېبابەت ئىلمى ئىككى قىسىم بولىدۇ: ئىلىم ۋە ئەمەلىيەت. بۇلارنىڭ شەرھى بىلەن ھەقىقىتىنى ۋە تەكتىنى بىلمەكچى بولساڭ، جالىنۇس ھەكىمنىڭ «سىتتەئەشەر»، (يەنى ئون ئالتە ئۆگۈت) ناملىق كىتابىدىن ئۆگەن ۋە ھەقىقىتىگە يەتمەك ئۇچۇن تىرىش.

مىزاج ئىلمىنى «كىتابى مىزاج» (مىزاجغا قاراپ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ئىلمى)دىن ئۆگەن.

قۇۋۋەت، يەنى ھايات ـ پائالىيەت ئىلمىنى «كىتابى نەبز» (تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ئىلمى)دىن ئۆگەن.

بەدەن ئەزالىرى ھەققىدىكى ئىلمىنى بۇقرات ۋە ئەپلاتون ھەكىملەرنىڭ كىتابلىرىدىن ئۆگەن.

كېسەللىنىڭ تۈرلىرى ھەققىدىكى ئىلمىنى «سىتتەئەشەر»نىڭ

ئاۋۋالقى، يەنى بىرىنچى ماقالىسىدىن ئۆگەن ھەممە «كىتابى ئەلىل ـ ئەمراز» (كېسەللىك ئىللەتلىرى ھەققىدىكى كىتاب)دىن تەلەپ قىل.

كېسەلنىڭ، يەنى كېسەل بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدىكى ئىلىمنى يەنە «سىتتە ئەشەر»نىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى ماقالىسىدىن ھەممە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردىن ئۆگەن...

مەلۇمكى، يۇقىرىدا نەزەرىيە ئىلمىگە ئائىت تۈرلەرنى بايان قىلدىم. گەرچە سۆز ئۇزىراپ كەتسىمۇ، ئەمدى تېبابەت ئىلمىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئائىت تۈرلىرىدىن بىر ئاز بايان قىلاي:

ئىلىم ۋە ئەمەلىيەت ـ تەن بىلەن جانغا ئوخشاشتۇر. تەن ـ جانسىز ۋە جان ـ تەنسىز ھايات تۇرالمايدۇ. ئەگەر [بىرەر كېسەلنى] داۋالىماقچى بولساڭ، مەيلى قېرى، مەيلى ياش بولسۇن، ئاۋۋال بىمارنىڭ غىزاسىنى تەكشۈرۈپ كۆر. كېسەلنىڭ بېگەن غىزاسىنىڭ تەركىبىنى بىلمەي، تەكشۈرمەي تۇرۇپ مەيلى قانداق تەرىقىدە بولسۇن، داۋالاشقا كىرىشمىگىن. كېسەلنىڭ بېگەن غىزاسى ئۈستىدە ياخشى تونۇشقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كېسەلنىڭ قايسى تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكى، كېسەلنىڭ كېسەللىك سەۋەبى، مىزاجى، ۋاقتى (كېسەللىك ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ۋە قايسى مەۋسۇمدا كېسەل بولغانلىقى)، كېسەلنىڭ كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى شۇغۇللانغان ئىشى، خاھىشى، تۇرمۇش ئادىتى، كېسەل بولغان ئورۇن، ئىستىمىسى ۋە كېسەللىك ئەھۋالى قاتارلىقلارنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈز. كېسەلنى داۋالىغاندا يەنە تاماقنىڭ سىڭىدىغان ياكى سىڭمەيدىغانلىقى، بەدەن قۇۋۋىتى ۋە مىزاجىنىڭ

قايسى خىلدا ئىكەنلىكى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، بۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بار.

ئىسسىقتىن بولغان كېسەلگە قارىتا قايسى تەرىقىدە داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك ۋە قانداق داۋالاش لازىم؟ بۇ ھەقتە، بىلىشىڭ كېرەككى، تېبابەت ئىلمىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرى ۋەئەمەلىيىتى بويىچە داۋالاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ناۋادا بۇلارنىڭ ھەربىرىنى ئالاھىدە، يەنى تەپسىلىي شەرھ قىلسام سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا مۇشۇ مەزمۇنلار شەرھلەنگەن كىتابلارنىلا تىلغا ئېلىپ ئۆتەي:

ساغلاملىقنى ساقلاش، يەنى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر ئىلمىنى «سىتتە ئەشەر» ۋە «تەدبىرۇل ـ ئەسىھھا» (توغرا تەدبىر، توغرا داۋالاش) ناملىق كىتابتىن تەلەپ قىل؛

كېسەلگە ئىلاج قىلماقنى ھەم «سىتتە ئەشەر» ۋە «ھىيلەئى يەرا» (يارا، جاراھەتنى داۋالاش) ناملىق كىتابتىن ۋە جالىنۇسنىڭ «سىتتە ئەشەر» ناملىق كىتابىنىڭ ئاۋۋالقى ماقالىسىدىن ۋە ئالاقىدار كىتابلاردىن تەلەپ قىل؛

كېسەلنىڭ ئىچكى ئالامەت ۋە نىشانلىرىنى بىلىش توغرىسىدىكى ئىلمىنى ھەم «سىتتە ئەشەر» ۋە «ئەئزائى ئالىيە» (بەدەن ئەزالىرىغا ئائىت چۈشەنچىلەر) ناملىق كىتابتىن ئۆگەن؛

ئىستىملارنىڭ قانداقلىقىنى ھەم «سىتتە ئەشەر» ۋە «كىتابى ھەمىييەت» (ئىستىمغا ئائىت چۈشەنچىلەر)تىن ئوقۇپ بىل؛

ئىسسىقتىن بولغان كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ تەدبىرلىرىنى بۇقراتنىڭ كىتابلىرىدىن تەلەپ قىل.

تېۋىپ بولغان كىشى تەجرىبىنى قانچە كۆپ قىلسا، ئەمەلىي بىلىمگە قانچىكى باي بولسا، خەلق ئارىسىدا شۇنچە مەشھۇر بولىدۇ. شۇڭا تېۋىپ كېسەللەرنى كۆپ كۆرۈشى، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ داۋالاش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى كۆپرەك ئۆگىنىشى لازىم.

تېۋىپ بولغان كىشى كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنەي، توغرا دىئاگنوز قوياي دېسە، كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىنى يادلىۋېلىشى، خاتىرىسىدە مەھكەم ساقلىشى، داۋالاش ئىشلىرىدىن زادىلا توختاپ قالماسلىقى، كېسەللەرنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىنى راستچىللىق بىلەن بەجا كەلتۈرۈشى، سۆز - ھەرىكىتى ئارقىلىق كېسەللەرنى ھەر ۋاقىت خاتىرجەم قىلىشى، ھەمىشە ئۆزىنى پاك تۇتۇشى ۋە خۇشبۇي يۇرۇشى كېرەك. قاچانكى، تېۋىپ بولغان كىشى كېسەل كۆرگىلى كەلسە، چىرايىنى ئوچۇق تۇتۇشى، كېسەلگە سىلىق مۇئامىلىدە بولۇپ، چىرايلىق، ياخشى سۆزلەرنى قىلىشى، شۇ ئارقىلىق كېسەلگە قۇۋۋەت ئاتا قىلىشى لازىم. چۈنكى تېۋىپنىڭ كېسەلگە كۆڭۈل قۇۋۋىتى بەرگەنلىكى ھارارەت ۋە روھىي كۈچ بېغىشلىغانلىقىدۇر.

ئەي ئوغۇل، ئېسىڭدە بولسۇنكى، كېسەلنى كۆرگىلى بارغىنىڭدا، ئۇ كېسەل ئۇخلاپ قالغان بولسا، ئۇنى چاقىرساڭ جاۋاب بەرسە، يەنى ئويغانسا، ئەمما سېنى تونىمىسا ھەمدە كۆزىنى پات - پات ئېچىپ - يۇمسا؛ قولىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ ئۆرۈلۈپ ياتسا؛ ئەگەر بىھوش بولسا، ھەر ۋاقىت قىچقىرسا، يەنى جۆيلىسە؛ قولىنى چىشلىسە ۋە ھەر تەرەپكە تاشلىسا، كېسەلنىڭ كۆزىنىڭ ئىچى ئىلگىرىكىدىن ئاقراق ۋە قارىسى ئىلگىرىكىدىن

ھەم قارىراق بولۇپ، لېۋىنى يالىسا؛ كېسەل گاھى ـ گاھى يۆتەلسە، بەلغىمىنى بىر نەرسىگە ئېلىپ قۇرۇتۇپ، ئاندىن يۇغاندا، ئۇ بەلغەمنىڭ نىشانىسى، يەنى ئىزى قالسا؛ ئەگەر كېسەل ھەمىشە قەي قىلسا (قۇسسا) ۋە قۇسۇق ھەر خىل رەڭدە بولسا، قۇسۇشتىن توختىمىسا؛ كېسەل قاتتىق ھەسەتتىن ياكى قاتتىق غەم ـ قايغۇدىن ئاغرىغان بولسا؛... بۇلارنىڭ ھەممىسى يامان ئالامەتتۇر. [بۇنداق كېسەلنى] داۋالىمىغىن، داۋالىساڭمۇ پايدىسى يوقتۇر. ناۋادا كېسەلنى كۆرگىلى كەلسەڭ، كېسەلدە يۇقىرىدا ئېيتقان ئالامەتلەر بولمىسا، ئۈمىدۋار بولغىنىكى، داۋالىساڭ ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئەگەر كېسەلنىڭ تومۇرى ناھايىتى كۈچلۈك سېلىپ، سوقۇش بارماقنىڭ ئاستىدىن بىلىنسە، بىلگىنكى، قان غالىبتۇر؛ تومۇر ئىنچىكە (كۈچسىز)، سوقۇشى تېز بولسا، سەپرا غالىبتۇر؛ ئەگەر تومۇر بارماق ئاستىدا ئىنچىكە ۋە سۇس بىلىنسە، ئاستا سوقسا، رۇتۇبەت غالىبتۇر، يەنى بەدەننىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەتتۇر.

تومۇرنىڭ سوقۇشى بارماق ئاستىدا قوپال بىلىنسە، سەۋدانىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بېشارەتتۇر.

ۋاقىتكى، كېسەلنىڭ تومۇر ھالىتىدىن بىلگەن بولساڭ، ئارقىدىنلا سۈيدۈكنى تەكشۈر. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى ئاق، سۇغا ئوخشاش بولسا، بۇ غەم ـ قايغۇدىن كېسەل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئەگەر ئاق بولۇپ روشەن (سۈزۈك) كۆرۈنسە، بۇ بەدەندىكى خىلىت (ماددا)لارنىڭ خاملىقى، يەنى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئەگەر كۆكۈچ سېرىقتا مايىل

بولسا ۋە سۈيدۈكنىڭ ئىچىدە ئۇششاق قارامتۇل نەرسە بولسا، ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ ئالامىتىدۇر؛ ئەگەر سۈيدۈك ياغ رەڭگىدە بولۇپ، ئاستىدا سىزىقچە كۆرۈنسە، كېسەلنىڭ ۋاقتى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ، يەنى كېسەلنىڭ پىشىپ قالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستى سېرىق، ئاستى قارامتۇل كۆرۈنسە، كېسەل ئۆپكە ۋە تالدىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئۈستى قارامتۇل كۆرۈنسە، دورا قىلما.

ئەگەر سۈيدۈكنىڭ ئاستى يېشىل ياكى سېرىق بولسا، كېسەل پات ساقىيىدۇ.

ئەگەر كېسەل كىشى جۆيلىسە ياكى سۈيدۈكى قىزىل ۋە قارامتۇل بولسا ياكى قان ئارىلاش بولۇپ، سۈيدۈكنىڭ كۆپۈكى ئۈستىدە بولسا، ئۇنداق كېسەلدىن ھەزەر قىلغىن. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ئۈستىدە قانغا ئوخشاش نەرسە كۆرۈنسە، ئۇنداق كېسەلنىڭ قېشىغا بارغۇچى بولما. ئەگەر سۈيدۈكنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ئۇنىڭدا كېپەككە ئوخشاش نەرسە كۆرۈنسە ياكى ئۈستىدە قانغا ئوخشاش نەرسە بولسا، ئۇنداق كېسەل بىلەن خوشلىشىشنىڭ تۈزۈك. ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولسا ۋە ئۇنىڭدا ئاپتاپ (قۇياش) زەررىسىدەك نەرسە بولسا ياكى يېشىل دانچىلار بولسا، كېسەل قاندىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇنداق كېسەل قان ئالدۇرسا، پاتلا ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاق سىزىقلار كۆرۈنسە، بۇنداق كېسەل ئۇزاققا سوزۇلىدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك سېرىق بولسا، كېسەل تالدىن بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر يېشىل بولسا، رەڭگىدە يەنە ئاز ـ تولا قارا داغ (تۇس) بولسا، بۇنداق كېسەل ئىسسىتمىدىن پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەگەر سۈيدۈك ئېقىش بولۇپ، ئۈنىڭدا سىركە قۇرتىدەك نەرسىلەر كۆرۈنسە، بۇ يەللىك بوۋاسىر[1] نىڭ ئالامىتىدۇر.

ۋاقتىكى، سۈيدۈك ۋە تومۇرنىڭ ئالامەتلىرىنى بىلگەن بولساڭ، ئەمدى كېسەلنىڭ تۈرلىرىنى بىلىش زۆرۈردۇر. چۈنكى كېسەلنىڭ تۈرى كۆپ. ئەگەر كېسەلنىڭ تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرەلىسەڭ، ئاۋۋال غىزا، يەنى يېمەكلىك بىلەن داۋالاشنى قوللان. دورا بېرىشكە ـ دورا بىلەن داۋالاشقا ئالدىراپ كەتمە. كۆپرەك كۆزەت. سۈرگە بىلەن داۋالاشنىمۇ چەتكە قاقما. ناۋادا كېسەل ئېغىر بولسا، ئايرىم داۋالا. داۋالاشنى ھەرگىز توختىتىپ قويما. داۋالاشتىن ۋاز كەچمە. كېسەلگە دوق قىلما. ئىمكان بار كېسەلنىڭ قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشىدىن پەرھىز قىل، يەنى قەۋزىيەت بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئال. كېسەلگە قوبۇل قىلالمايدىغان نەرسىلەرنى بۇيرۇما. ناۋادا زىيان قىلىدىغان نەرسىنى يېگەن بولسا، زىيىنىنى يوق قىلىدىغان دورىنى ئىشلەت.

تېۋىپنىڭ ئەڭ ياخشى ھۈنىرى، يەنى ماھارىتى ـ دورا تونۇماق ۋە كېسەلنىڭ تۈرلىرىنى ـ خاراكتېرىنى پەرقلەندۈرۈشتۇر.

[1] مەقئەت بىلەن تۈز ئۈچەينىڭ ئاخىرقى ئۈچلىرىدىكى كۆك تومۇردا قان ئۇيۇپ قېلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

تېبابەت ئىلمىنى دوست تۇتقانلىقىم ئۈچۈن بۇ باپتا كۆپرەك سۆزلىدىم. چۈنكى تېبابەت ئىلمى ئۇلۇغ ئىلىمدۇر. مېنىڭ بۇ باپتا كۆپرەك سۆزلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ھەر كىشى بىر نېمىنى دوست تۇتسا، شۇ نەرسە توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەيدۇ. ئەگەر بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش نېسىپ بولمىسا، «ئىلمى نۇجۇم» (ئاسترونومىيە ئىلمى) ئۆگىنىشكە تىرىش. «ئىلمى نۇجۇم» ھەم ناھايىتى ئۇلۇغ ئىلىمدۇر. سەۋەب شۇكى، «ئىلمى نۇجۇم» پەيغەمبەر مۇرسەلنىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## «ئىلمى نۇجۇم» بىلمەكنىڭ بايانى[1]

ئـەي ئوغۇل، ئەگـەر مۇنەججىـم (ئاستـرونوم) بولاي دېســەڭ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تىرىش ياكى «ئىلمى رىيازىي» (ماتېماتىكا ئىلمى) بىلەن كۆپرەك شۇغۇللان. چۈنكى «ئىلمى ئەھكام»، يەنى ئـاسترونومــىيىدە ئـۆگىنىــشكە تېـگىشلــىك بىلــىم ناھايــىتىمـۇ كـۆپـتۇر. ئۇنـى خـاتاسـىز، تـولۇق شەرھــىي قىلــىش تولـىمـۇ مۇشكۇلدۇر. شۇڭا ھازىرغا قەدەر ھېچ كىشى ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى خاتاسىز ۋە تولـۇق شەرھلەپ بېرەلىگـەن ئەمەس. ئەمــما ھەممــە جەھەتتىن «ئىلمى نۇجۇم»نىڭ، يەنى مۇنەججىملــىك ئىلــمىنىــڭ نەتىجىسى كالېندارچىلىقنىڭ قائىــدىلىرىگە ئوخشـاپ كېتىــدۇ. كالېندارچىلىقنىڭ پايدىسى، يەنى «تەقۋىم» (كالېندارچىلىق)دىن كۆرۈلىدىغان مەنپەئەتنىڭ ئاسـاسى «ئەھكـام» ئاسترونـومىيىــدە يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت قائىــدىلەردۇر. بـەس، بـۇلارنىڭ ھــەمــمــسـى «ئـەھكـام»، يـەنى يۇلتۇزلارنىڭ سەير قىلىشى ۋە ھالىتىنى تەتقىق قىلىشقا ئائىت قائىدىلەردىن تاشقــىرى بولماس! شـۇنىڭ ئۈچـۈن بۇ ئىلــمىنىــڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە تىرىش. توغرا ھۆكۈم قىلىشقا ماھىر بول.

[1] تېكىست ئىچىدە «ئىلمى نۇجۇم ۋە ئىلمى ھەندىسەنىڭ بـايانىدا» دېيىلگەن. مۇندەرىجە ئاساس قىلىندى.

www.uyghurkitap.com

سەييارىلەرنىڭ ئورنى ھەم ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھەرىكەت دەرىجىسىنى كۆرسەتكۈچى يىللىق جەدۋەل (كالېندار) توغرا بولسا، چىقارغان ھۆكۈمنىڭ شۇ چاغدا توغرا چىقىدۇ. سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە، تەلەي ـ ئامەتكە قاراپلا ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلان. كۆپرەك تەپتىش ۋە تەھقىقلاش (ماھىيىتىنى ئېنىقلاش) ئارقىلىق توغرا ھېسابلاشنى قولغا كەلتۈر ۋە ئىشەنچىڭنى تۇرغۇز. قاچانكى، ھېسابىڭ توغرا بولسا، ئاندىن ھۆكۈم قىل. شۇنداق قىلساڭ، ھۆكۈمىڭ توغرا چىقىدۇ.

يۇلتۇزلارنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەرىكەت دەرىجىسىگە باغلىق. ئاي بۇرجى[①] ئايغا باغلىق، يەنى ھەربىر ئاي بىر بۇرجغا تەۋەدۇر (مەسىلەن، بۇرجى ھەمەل[②]، بۇرجى سەۋر[③] دېگەندەك). يۇلتۇزلارنىڭ ھەربىر بۇرجدا قانداق بولىدىغانلىقى، شۇ يۇلتۇز بۇرجلىرىنىڭ مىزاجىغا باغلىق. يۇلتۇزلارنىڭ بۇرجلىرىدىن قارىغاندا، ھەربىر بۇرجدا بىردىن يۇلتۇز بولىدۇ. بۇ يۇلتۇزلار تۇراقلىق بولۇپ، تۇرغۇن يۇلتۇز ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بەخت ـ تەلەي دەرىجىسى، ئاجىزلىق دەرىجىسى ۋە قارا كۆڭۈللۈك دەرىجىسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان يۇلتۇزلار بولۇپ، قۇياش چەمبىرىكىدە بولىدۇ. بىلگىنكى، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە چۈشۈش ھەرىكەتلىرىدىن بىردەممۇ غاپىل بولما. ۋاقىت ـ

---

① بۇرج — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە: قۇياشنىڭ يىللىق دائىرىسىدىكى ئون ئىككى نۇقتىنىڭ ھەر بىرى.

② قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئون ئىككى بۇرجنىڭ (قۇياشنىڭ يىللىق دائىرىسىدىكى ئون ئىككى نۇقتىنىڭ) بىرىنچىسى؛ قۇياش يىلى ھېسابىدا بىرىنچى ئاي نامى.

③ قەدىمكى ئاسترونومىيە چۈشەنچىسى بويىچە ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى؛ قۇياش يىلى ھېسابىدا ئىككىنچى ئاي نامى. …

پەيت، قوياشنىڭ يىللىق دائىرىسىدىكى ئون ئىككى نۇقتىنىڭ ھەربىرى، تۇرغۇن يۇلتۇز ۋە ئۇلارنىڭ مەنزىلى، باغلىنىش مەركىزى، چېگرىسى، ئورنى، يەر يۈزى بىلەن بولغان ئەڭ يىراق نۇقتىسى ۋە ئەڭ يېقىن نۇقتىسى، بۇرج ئارىلىقى قاتارلىقلارنى بىلىپ، ئاندىن ئاينىڭ دەرىجىلىرىگە باق، يەنى ئاينىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىل. تەلەي ـ ئامەت ۋە ياكى بىتەلەي (نەس ۋە ياكى بەخت) يۇلتۇزلىرىنىڭ قايسى بۇرجقا ئۇدۇللاشقانلىقىنى ياكى قايسىسىغا ھاۋالە بولغانلىقىنى؛ ئاينىڭ يىللىق ھەرىكەت جەريانىدىكى ئەڭ تۇتۇلغان ۋاقتى (ئاي نۇرىنىڭ ئاجىزلاشقان ۋاقتى)، ئاينىڭ باشقا سەييارىلەر بىلەن بىر ئوربىتىغا كىرمىگەن ۋاقتى ۋە كىرگەن ۋاقتى؛ ئاينىڭ قۇياش بىلەن ئۇدۇللاشقان ۋاقتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، ئاندىن كېيىن ھۆكۈمدىن سۆز ئاچقايسەن. تەلەي ـ ئىقبال توغرىسىدا ئىشەنچلىك كالېندارغا ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقارساڭ، ھۆكۈمىڭ توغرا چىقىدۇ. ھەر ئىشتا ئېھتىيات قىلساڭ، سەۋەنلىكتىن ساقلىنالايسەن. ۋاقتىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، مېنىڭ دېگىنىمدەك بولىدۇ. مېنىڭ تەۋەللۇت بولغانلىقىم (تۇغۇلۇشۇم) ھەققىدىكى سۆزنى ئۇستازىم رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىدىن ئاڭلىغانىدىم. ئۇستازىمنىڭ دېيىشىچە، ئادەمنىڭ يارىلىشى ئۇنىڭ ئاندىن تۇغۇلغان كۈنى بولماستىن، بەلكى ئەر كىشىنىڭ ئىسپېرمىسى ئايال كىشىنىڭ بالىياتقۇسىدا قارار تاپقان ۋاقتىدۇر. تەقدىر ـ بەخت ـ تەلەي دېگىنىمىز شۇ بولۇپ، ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن كەلگۈسىدە بولىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق شۇ پەيتتە، يەنى ئادەم تۆرىلىش بىلەن تەڭ پۈتۈلۈپ كەتكەن

بولىدۇ. شۇڭا ئاندىن تۇغۇلغان شۇ سائەت بالىنىڭ تەقدىرى باشلانغان كۈن ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئاتىنىڭ ئىنىپىرمىسى ئانىنىڭ بالىياتقۇسىدا قارار تاپقان شۇ سائەت دەل تۆرەلمىنىڭ تەقدىرى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ۋاقىتتۇر. بۇ ھەقتە رەسۇل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تەلەيلىك كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا تەلەيلىك تۆرىلىدۇ، تەلەيسىز كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا تەلەيسىز تۆرىلىدۇ». ئەمما، ئاتىنىڭ پۇشتىدىن ساقا ئۆتكەن تەقدىر ـ تەلەي ھەققىدە كۆپ سۆزلەش ھاجەتسىز. چۈنكى تەقدىرنىڭ قايسى تەرىقىدە ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆزىمۇ تەقدىر ـ قىسمەتتە پۈتۈلگەن. بۇ ھەم ئۇستازلارنىڭ بىزگە قالدۇرغان تەلىمىدۇر. بۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا. ھەرقانداق ئىشقا قارىتا ھۆكۈم قىلىش توغرا كەلسە، ئاۋۋال مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ھۆكۈم قىلغىن. ئەگەر بىرسى سەندىن مەسىلە، يەنى ئۆز يۇلتۇزىنى (تەقدىرىنى) سورىسا، شۇ ۋاقىتتىكى يۇلتۇزنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتىنى كۆزەت. ئاندىن ئايغا ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا، يىراق ـ يېقىنلىقىغا قاراپ جاۋاب بەر. كىمنىڭ غالىب بولىدىغانلىقى ۋە كىمنىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساڭ، يۇلتۇزغا، بولۇپمۇ، ئاي ئايلىنىپ ئۆتكەن يۇلتۇزغا ۋە ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتىگە، يەنى تەلەي يۇلتۇزىغا قاراپ ھۆكۈم قىل.

ئەھكام (يۇلتۇزلار ھەرىكىتى ۋە ھالىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش) نىڭ شەرتلىرىدىن بەزىلىرىنى بايان قىلدىم. ئەگەر مۇھەندىس (گېئومېتىرىك) بولاي دېسەڭ، ھېسابنى ئوبدان ئۆگەن. ھېساب ئۆگىنىشنى بىردەممۇ توختىتىپ قويما. چۈنكى ھېساب ئىلمى ناھايىتى تەس ئىلىمدۇر. ئەگەر زېمىننى (يەرنى)

ھېسابلىماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ھەربىر بۆلۈك ـ پۇچقاقلىرىغىچە تونىغىن. ئوخشىمىغان شەكىللەرنى ھەرگىز نەزىرىڭدىن ساقىت قىلما. «بۇ تەرىپىنى ئوبدان ھېساب قىلىپ، قالغىنىنى قىياس قىلسامىمۇ بولىدۇ» دېمە. تىرىش تاكى ھەربىر بۆلۈكلىرىدىن تارتىپ ئوبدان تونۇمىغىچە بوشاشما. مېنىڭ ئۇستازىم ھەمىشە ماڭا: «ھېساب ئىلمىدا بۆلۈكلارغا سەل قارىما، زېمىنىنىڭ (يەرنىڭ) بۆلۈكلىرى كۆپىنچە ياي شەكىللىك بولىدۇ، بەزىلىرى ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە ھەم بىر ـ بىرىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ؛ ھەتتا سەن ھېساب قىلماقچى بولغان يەر تەكشى بولسىمۇ، مۆلچەر بويىچە ھېسابلاشتىن ساقلان؛ بەلكى ھەممىسىنى ئۈچبۇلۇڭ شەكلىگە ۋە ياكى تۆت بۇرجەك (كۋادرات) شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن بىر ـ بىرلەپ ھېسابلا، شۇ چاغدا ھېسابىڭ توغرا چىقىدۇ» دەيتتى.

ئەگەر بۇ بابتا بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىسەم گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە، يەنى ئىلمى ھەندىسە (گېئومېترىيە ئىلمى) توغرىسىدا كۆپ توختالماسلىقنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ باب تۈگىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

## شائىرلىقنىڭ بايانى ①

ئەي ئوغۇل، ئەگەر شائىر بولساڭ، ئىمكان بار ئىستېمالدىن قالغان (چۈشىنىكسىز) سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىككە تىرىش ھەم ئۇنداق سۆزلەردىن پەرھىز قىل. چۈنكى ئۇ سۆزلەرنى، يەنى ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنى ئۆزۈڭ بىلگەن بىلەن ئۆزگىلەر بىلمىسە، شەرھلەش - چۈشەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. شۇڭا شائىر بولغان كىشى خەلق چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك.

ۋەزىنگە چۈشمەيدىغان، قاپىيىسىز شېئىر يېزىشتىن ساقلان. تەرتىپسىز ۋە سۈپەتسىز شېئىرلارنى ئېيتما. تولىمۇ ئاددىي، مەنىلىرى ئۇدۇل، سەنئەتسىز يېزىلغان شېئىرلارنىمۇ ھېچ كىشى ياقتۇرمايدۇ. خۇددى ئالدىنقىلار ئېيتقاندەك، شېئىر قانچىكى سەنئەتلىك، مۇبالىغە ئارىلاش بولسا، شۇنچە ئوبدانىدۇر. مۇرەككەپ بولسىمۇ ۋەزىن، قاپىيىسى جايىدا بولسا، بۇنداق شېئىر كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە ناخۇش كەلمەس! نازۇك سەنئەت شائىرلار بۇ ھەقتە بايان قىلىپ ئۆتكەن ھەم شېئىر ۋە شائىرلىق، خۇسۇسەن، شېئىرلارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن تەرتىپ - تەرىپلەر بېرىشكەن. شېئىردا قاپىيە تولىمۇ مۇھىم.

① مۇندەرىجىدە: «شېئىر ئېيتماق ۋە شائىرلىق قائىدىلىرىنىڭ بايانى» دېيىلگەن.

شۇڭا يازغان شېئىرلىرىڭ بىر تۈردە بولسا، باشتىن ئاياغ بىر قاپىيىدە بولغاي. باش ـ ئاخىرى مۇۋاپىق كەلگەي. بۇ شېئىرىيەتتە «مۇتابىق» (ماسلىق) دېيىلىدۇ. بىر بېيىتنىڭ ئىككى مىسراسى بىر ـ بىرىگە زىت بولسا، بۇ «مۇتەزاددە» (زىت، زىت مەنىلىك) دېيىلىدۇ. ئىككى كەلىمىنىڭ شەكلى ئوخشاش ـ بىر شەكىلدە بولۇپ، سۆزلەر پەقەت چېكىت بىلەنلا پەرقلەندۈرۈلسە، بۇ «مۇتەشاكىل» (شەكىلداشلىق) دېيىلىدۇ. ئايەت، ھەدىسلەرنى ۋە ماشايىخ (مەشھۇر دىنىي ئالىم)نىڭ سۆزلىرىنى ئۆز سۆزى قىلىپ ئىشلەتكەن بولسا، بۇ «نەقىل» دېيىلىدۇ.

بۇ كەمىنە مىسال قىلىپ ئېيتىدۇكى، نەزم:

دەرد ئېلىگە رەشىدى بولۇپ ھەمزەبان،
يىغلا نەۋايى كەبى تارتىپ فىغان.
قايىم ئولۇپ «بۇ ئىسرە مافىيۇل ـ قۇبۇر» [1]،
زاھىر ئولۇپ «ھۇسسىلە مافىيۇس ـ سۇدۇر».

ناسىر ئەلىدىن مىسال، نەزم:

بېتەرزى مۇۋۆلەۋى ئاھەنگ پەرداز،
ھەدىسى دېگەرگۇن پەردېيى راز.
(مەۋلەۋى مۇقامىدا نەغمە ياڭراتقىن،
سۆزۈڭنى يېڭىلاپ تىلسىمنى ئاچقىن.)

① «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى. 100 ـ سۈرە ئادىيات. 9 ، 10 ئايەت (قەبرىلەردىكى ئۆلۈكلەر (سىرتقا) چىقىرىلغان، دىللاردىكى سىرلار ئاشكارا قىلىنغان چاغدا،...). ئاپتور بۇ يەردە مەزكۇر ئايەتنى «نەقىل» ئۇچۇن كۆرسەتكەن. قايىم ئولماق ـــ تىك تۇرماق. زاھىر ئولماق ـــ ئاشكارا بولماق.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نەۋايىدىن مىسال. نەزم:

نە ئىشق ئىدىكى ئەدەم ئەيلەدى ۋۇجۇدۇمنى،
كى ئۇردى سائىقە① گەردۇنغە چەكتى دۇدۇمنى.

ئىككى مىسرا بىر غەزەلنىڭ ھۆكمىدە بولسا، ئۇ «مۇزەۋۋەج» (پار كەلگەن، ياپسا) دېيىلىدۇ.
مەشھۇرى ناسىر ئەلىنىڭ تەرىپىدە ئېيتىدۇكى، شېئىر:

گاھى دارەد ھەست دەر خۇبى كى تاق ئۇفتادە ئەست،
ھەمچۇ خۇرشىدى فۇرۇزان بەرقى ئەنۋەر خۇد ئەست.
(گاھىدا شۇنداقمۇ بولىدۇكى، خۇددى نۇرنى ئۆزى تارقاتقان پارلاق قۇياشتەك، ياخشىلىق بابىدا يېگانە يارالغان.)
ۋەزنىگە سېلىنغان شېئىر، يەنى نەچچە غەزەل بىر ۋەزىندە كەلسە، ئۇ «تەتەببۇئ» (نەزىرە، ئوخشىتىش) دېيىلىدۇ. پۈتۈن بىر غەزەل بىر مەزمۇندا كەلسە، ئۇ «مۇسەلسەل» (يۇرۇشلەشكەن، راۋان) دېيىلىدۇ.
نەۋايى قۇددىسە سىررۇھۇ (سىرلىرى مۇقەددەس، ئىززەتلىك بولسۇن) ئېيتىدۇكى، نەزم:

ۋەھ نە خۇشتۇر شەھسۇۋارىم كەلسە مەيدان سارىدىن،
كىرفىكىم بىرلە سۈپۈرسەم گەردىنى رۇخسارىدىن.
ئىلكىم يەتمىش فەلەك تاقىغە قويسام تاق ئۆزە،
دۇدى ئاھىمدەك قارا پەرنى ئالىپ دەستارىدىن.

① چاقماق، يېشىن.

يەشىبان زەررىن كەمەر نازۇك بەلنى قىلسام خەلاس،
تارتىبان گۇلگۇن قەبا سەرۋى سەھىي رەفتارىدىن.
ھەر ئاياغىدىن ئۆتۈك تارتىپ ئارىتسام يۈز بىلە،
تەر كۇلاھىن ئول ھىنا يافغان كەفى گۇلنارىدىن.
ئەي نەۋايى، دەھرى فانىي تۇشمۇدۇر يا خۇد خىيال،
دەۋلەتى باقىي تىلەر بولساڭ كى كەچكىل بارىدىن.

بېيىت توققۇزدىن زىيادە بولسا، ئۇ «قەسىدە» دېيىلىدۇ، بىر قاپىيىدە كېلىدۇ. مىسراسى تۆت بولۇپ، جۈپ قاپىيىلىك، يەنى ئىككى مىسراسى قاپىيىداش تۈزۈلىدۇ.
ھەربىر مىسراسىنى ئاخىرىدىن بېشىغا (ئوڭدىن سولغا ياكى سولدىن ئوڭغا) ئوقۇسا ھەم نەزمە بولۇپ تۈزۈلسە، ئۇ «مەقلۇب» دېيىلىدۇ.
ئەمما، سۆزۈم ھەممىگە ئوبدان كۆرۈنگەي، يەنى چىرايلىق ئاڭلانغاي دېسەڭ، ئىستىئارە (ئوخشىتىش يولى ئارقىلىق كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز ياكى ئىبارە) بىلەن سۆزلە. سۆزۈڭ ئىمكان بار مەۋجۇت نەرسىلەر ئۈستىدە بولسۇن. ئەلۋەتتە، ئىستىئارەنى مەدھىيە شېئىرلىرىدا كۆپرەك ئىشلەتكىن. غەزەل مەيلى تاق قاپىيە بىلەن، مەيلى مەشھۇر قاپىيىلەر بىلەن تۈزۈلگەن ياكى گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن بېزەلگەن بولسۇن، ئىمكان بار مۇشكۇل (چۈشىنىش قىيىن بولغان) ئەرەبى سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان. خاسۇ ئامغا (ھەممىگە) خۇش كۆرۈنسۇن دېسەڭ، ئاشىقلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئاشىقانە ۋە گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەرنى لازىم تۇت. تاكى سېنىڭ شېئىرىڭ خەلق ئىچىدە مەشھۇر بولغاي. ئىمكان بار ئېغىر

ۋەزىنلەر بىلەن شېئىر ئېيتما. ئەگەر بىرەرسى خالىسا، بۇ باشقا گەپ. شائىرلىق ئىلمىنى، شائىرلىقنى، يەنى شېئىر بىلەن (شېئىرىي تىل بىلەن) سۆزلەشمەكنى ياخشى ئۆگەن ۋاقتى كېلىپ شائىرلار ئارا مۇشائىرە ياكى مۇنازىرە بولۇپ قالسا ياكى ئىمتىھان ئۈچۈن سوئال قويۇلسا، ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالمايسەن. ئېيتقان ھەربىر سۆزۈڭ، ئالايلۇق، مەدھىيە، غەزەل، ھەجۋىي ياكى مەرسىيە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە سۆزۈڭنى ئاخىرىغا يەتكۈز. ھەرگىز كەم ـ كۈتا سۆزلىمىگىن. نەسىردە ئېيتقان سۆزۈڭنى نەزمىدە ئېيتمىغىن. چۈنكى نەسىر پۇقراغا يارىغان بىلەن پادىشاھقا يارىماس. ناۋادا غەزەلنى مۇقامغا سالساڭ، تەسىرلىك بولغۇدەك ئېيت. مەدھىيەگە كەلگەندە كۈچلۈك، كۆڭۈللۈك، روھلۇق قىياپەتتە بول. مەدھىيەڭ ھەربىر كىشىنىڭ لايىقىدا بولسۇن. مەدھىيەلەنگۈچىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە بېقىپ سۆزلە. مەسىلەن، ئۆمرىدە بىلىگە پىچاق ئاسمىغان كىشىنى ھەرگىزمۇ شەمشەر بىلەن شىر ئۆلتۈرگەن دەپ مەدھىيىلىمە. ئۆمرىدە ئېشەككە مىنىپ باقمىغان كىشىنى «ئۇنىڭ ئېتى دۇلدۇل، تۇلپار. ھەتتا ئەركەك شىرغا ئوخشايدۇ» دەپ مەدھىيىلىمە. بىراۋنى مەدھىيىلىمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا قايسى تەرىقىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىل. شائىر ئۈچۈن مەدھىيە سۆزلىرىنى [مەدھىيەلەنگۈچىگە] يارىشا قانداق ئىشلىتىشنى ۋە قايسى ئىشنىڭ خۇش كېلىدىغانلىقىنى بىلىش ۋاجىپدۇر.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر شائىر بولساڭ [باشقىلار ئالدىدا] ئۆزۈڭنى تولىمۇ تۆۋەن تۇتما، يەنى بەك كەمتەرلىك قىلىپ كەتمە. يازغان قەسىدىلىرىڭدە ئۆزۈڭنى تۆۋەن تۇتۇپ «بەندە»،

«خىزمەتكار» (مەن سىنىڭ قۇلۇڭ، چاكىرىڭ) دېگەندەك سۆزلەرنى قىلما. باشقىلار توغرىسىدىمۇ بۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلان. شېئىردا يالغاننى (مۇبالىغىنى) ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمە. گەرچە شېئىردا مۇبالىغە قىلىش سەنئەت ھېسابلانسىمۇ، لېكىن غەزەل ۋە مەرسىيىلەردە مۇبالىغە لايىقىدىراق بولغىنى تۈزۈك. شۇڭا غەزەل ۋە مەرسىيىنى مەلۇم بىر ئۇسلۇبتا ئېيتقان بولساڭ، ھەجۋىي ۋە مەدھىيەنى باشقىچە بىر ئۇسلۇبتا ئېيتقايسەن. باشقىلارنىڭ سۆز ـ ئىبارىلىرىنى دوراپ ئىشلىتىشكە ئادەتلەنمە. چۈنكى پىكرىڭ چەكلىنىپ قالىدۇ. سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە زېھنىڭ ئېچىلمايدۇ. ئەسلى ھالىتىڭدە توختاپ قالىسەن. ناۋادا ۋاقتى يېتىپ ھەقىقىي شائىر بولساڭ، زېھنىڭ ئوچۇق، سۆز ئىشلىتىشكە ماھىر بول. ئەگەر بىرەر يەردە غەيرىي سۆز ۋە مەنىنى ئاڭلىساڭ ياكى كۆرسەڭ، بۇ سۆز ۋە مەنە ساڭا خۇش كېلىپ قالسا، ئاڭلىغىنىڭ بويىچە ئەمەس، بەلكى شۇ سۆزگە باشقىچىرەك تۈس بېرىپ، مەسىلەن، مەدھىيەدە كۆرگەن بولساڭ، ھەجۋىيدە، ھەجۋىيدە كۆرگەن بولساڭ، مەدھىيەدە ئىستېمال قىل.

ئەي ئوغۇل، قاچانكى بۇ ئىشنى، يەنى شائىرلىقنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتقان بولساڭ، ئاۋۋال ئىگەن، ئاياغلىرىڭنى پاكىزە تۇت. بەتخۇي بولما. دائىم پاكىز ۋە خۇش چىراي يۈرۈشكە ئادەتلەن. ھېكايەتلەرنى ھەم ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە قىزىق ۋە ئالاھىدە سۆزلەرنى كۆپلەپ يادلا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

## سازەندىلىك، يەنى نەغمە قىلماق تەرتىقىسىنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر سازەندە ـ نەغمىكەش بولساڭ، خۇش خۇي بولغىن. ئىمكانىيىتىڭ يەتكىنىچە ئۆزۈڭنى پاكىزە تۇت. تىلىڭ تاتلىق بولسۇن، ۋاقتىڭ، نەغمە سۆھبىتىگە بارساڭ، چىرايىڭ تۇتۇلۇپ قالمىسۇن. مەجلىستە ھەممە كىشىگە ئوخشاشلا ئېغىرلىق قىلما، يەنى ئېغىر ـ بېسىق مۇئامىلىدە بولىۋەرمە ۋە ھەممە كىشىگە ئوخشاشلا يېنىكلىك قىلىپمۇ يۈرمە. چۈنكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ. خۇددى كىشىلەرنىڭ رەڭگىرويى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، تەبىئىتىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، پەرق بولىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بۇ ھۈنەرنىڭ ئۇستازلىرى خاس تەرتىپ بەلگىلىگەن.

ئاۋۋال پادىشاھلار مەجلىسىدە چالغىلى ۋە ئېيتقىلى، نەغمە قىلغىلى بولىدىغان شاھانە پەدىلەر ئىجاد قىلىنىپ، ئۇنىڭغا «ئاھ» دەپ ئات قويۇلغانىدى. بۇ كۈي ـ نەغمىلەر قېرىلار ۋە ئەھلى ھاياجانلارنىڭ تەبىئىتىگە تولىمۇ ماس كەلگەنىدى. ئەمما كېيىنرەك شۇنى بىلدىكى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا قېرى ۋە ئەھلى ھاياجانلاردىن ئەمەس. شۇڭا مۇزىكا ئۇستازلىرى قېرىلار ئۈچۈن بىر خىل كۈي، يىگىتلەر ئۈچۈن بىر خىل كۈي كەشىپ

قىلدى. بۇ كۈيگە ۋەزنى يەڭگىل شېئىر ۋە مۇقاملارنى تەييارلاپ «خەفىق» (يەڭگىل، يەڭگىل كۈي) دەپ ئات قويدى. شۇڭا ھەربىر مۇقامدىن كېيىن «خەفىق»نى، يەنى تەرز ۋە يەڭگىل كۈيلەرنى چېلىش ۋە ئېيتىش لازىم. تا ئۇنىڭ نەغمىلىرىدىن ھەم قىرىلارغا ھەم يىگىتلەرگە ھۇزۇر يەتكەي. باللار ۋە ئاياللارغا ھۇزۇر بېغىشلاش ۋە راھەت ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن يەڭگىلرەك ۋە يېقىملىق، شوخ كۈينى ھەمدە ئويۇن ـ چاقچاق ئارىلاش قىزىقارلىق ناخشىلارنى ئىجاد قىلىشتى.

شۇنى بىلگىنكى، ۋەزنىلەر ئىچىدە ھېچبىر ۋەزىن «تەرانە» (ئەرۇز ئىلمىدە رۇبائىي ۋەزنىنىڭ نامى)دىن يېقىملىق ئەمەس. مەجلىسلەردە نەغمە قىلساڭ، مەن ئېيتقاندەك سورۇن ئەھلىگە ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە قاراپ ئوخشىمىغان كۈيلەردىن چال ۋە ئېيت. تاكى ھەممە كىشى سېنىڭ نەغمەڭدىن بەھرە ئالغاي.

ھەرقانداق بىر مەجلىستە ئۆزۈڭنى سەگەك تۇت. ئەگەر نەغمە ئىشىتكۈچى (تىڭشىغۇچى) قىزىل يۈزلۈك بولسا، تولۇق ۋە يۇقىرى ئاۋازدا چال؛ ئەگەر سېرىق يۈزلۈك، سەپرا مىجەز بولسا، تولاراق سۇس ۋە يۇمشاق ئاۋازدا چال؛ ئەگەر چىرايى قارا، ئورۇق ۋە زەئىپ، سەپرا مىجەز بولسا، تولاراق ئوتتۇراھال ئاۋازدا چال؛ ئەگەر ئىشتكۈچى ئاق يۈزلۈك، سېمىز ۋە مەرتىۋىلىك بولسا، تولاراق تولۇق ۋە يۇقىرى ئاۋازدا چال. چۈنكى نەغمىلەرگە ئادەملەرنىڭ تۆت خىل مىزاجىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تەرتىپ بېرىلگەندۇر.

گەرچە مەن سازەندە ـ نەغمىكەشلەرنىڭ شەرتىگە مۇۋاپىق كەلمىسەممۇ، سېنى بۇ مەنىلەردىن خەۋەردار قىلىش ئارزۇسىدا بىلگەنلىرىمنى بايان قىلدىم. ساڭا مەلۇم بولغايكى، يەنە

تىرىشىپ ھېكايىلەرنى كۆپلەپ ئۆگەن، يادقا ئال. نەغمە قىلىپ چارچىغاندا ھېكايە ئېيتىش، ھەزىل ـ چاقچاق قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈڭنى بىر ئاز بولسىمۇ راھەتلەندۈرەلەيسەن. ئەگەر شائىر بولساڭ، ھەمىشە ئۆزۈڭنىڭ شېئىرىڭغىلا ئاشىق بولىۋالما، يەنى ئۆزۈڭنىڭ شېئىرىڭنىلا ئېيتىپ تۇرۇۋالما. ھەممە بېيتلارنى ئۆز شېئىرىڭ بىلەنلا ئوقۇما. چۈنكى ئۆز شېئىرىڭ ئۆزۈڭگە خۇش كەلگىنى بىلەن، يەنە بىراۋغا خۇش كېلىشى ناتايىن. ناۋادا مەجلىس ئەھلى دامكا ياكى شاھمات ئويناۋاتقان بولسا، سەن ھەم ئويۇنغا قىزىقىپ نەغمەڭنى توختىتىپ قويىدىغان ئىشنى قىلما. چۈنكى ساھىبخان سېنى مېھمانلارغا ساز چېلىپ، نەغمە قىلىپ بېرىش ئۈچۈن چاقىرغان. ئويۇن (دامكا ـ شاھمات) ئويناشقا چاقىرغان ئەمەس. قاچانكى غەزەل ئېيتساڭ ياكى ئۆگەنسەڭ ۋەزنىنى ئوبدان بىلىپ ئېيت ياكى ئۆگەن. ۋەزنىگە چۈشمەيدىغان غەزەل ياكى كۈيلەرنى ئېيتقۇچى بولما. ۋەزنىسىز ئېيتىلغان غەزەل ساڭا خۇش كەلگىنى بىلەن ئۆزگىلەرگە خۇش كەلمەيدۇ. ئەگەر بىر كىشىگە ئاشىق بولساڭ، شۇ ئاشىقلىق تۈپەيلى ھەمىشە ئۆز ھال ـ ئەھۋالىڭنى بايان قىلىدىغان شېئىرلارنىمۇ ئوقۇپ يۈرمە. چۈنكى ئۇمۇ ساڭا خۇش كەلگىنى بىلەن ئۆزگىلەرگە خۇش كەلمەيدۇ. ئېيتماقچى بولغان ھەربىر غەزەلنى ئوخشىمايدىغان مەنىلەردە ئوقۇغىن. شېئىر ۋە غەزەلنى كۆپرەك يادقا ئال. مەسىلەن، ھەر پەسىلگە، پىراق (ئايرىلىش)، ۋىسال، مالامەت، غەزەپ، مەنئى ۋە مەقبۇل، ۋاپا ۋە جاپا، ئېھسان، ۋاقىت، پەزىلەت، ھال ـ ئەھۋال قاتارلىق مەزمۇنلارغا ئىگە تۈرلۈك شەكىلدىكى شېئىرلارنى يادقا ئال. ھەر پەسىلدە پەسىلگە بېقىپ ئوقۇيدىغان غەزەللەرنى ئۆگەن. باھار پەسلىدە كۈزگە،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆز پەسلىدە باھارغا تەۋە غەزەللەرنى ئوقۇشتىن ساقلان.
ھەرقانداق بىر غەزەلنى ئۆز پەسلىگە قاراپ ئوقۇشنى بىل.
ھەرقانداق نەرسىنىڭ ۋاقتى ـ پەيتىنى ئوبدان پەرقلەندۈر.
ئەگەر بىرەر مەجلىس ـ ئولتۇرۇشقا بارساڭ، ئۇستازىڭ يوق
ئەھۋالدا ئالدى بىلەن مەجلىس ئەھلىگە، جۈملىدىن، قارشى
تەرەپنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا دىققەت بىلەن قارا. ناۋادا مەجلىس
ئەھلى ياكى قارشى تەرەپ مەرتىۋىلىك ھەمدە ساز ـ
نەغمىكەشلىك ھۈنەرلىرىدىن خەۋەردار كىشىلەردىن بولسا، ساز ـ
نەغمىنى ئۆز تەرتىپىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلا. ئەگەر يىغىن
ئەھلى يىگىتلەر ۋە گۆدەكلەر بولسا، ئاشىقلارغا خاس مۇقاملارنى
چېلىپ، خوتۇن ـ قىزلار ۋە يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان
شوخ غەزەللەرنى ئوقۇغىن. ئەگەر يىغىن ئەھلى لەشكەرلەر ياكى
ھەييارلاردىن بولسا، رۇبائىيلار ۋە باتۇرلۇققا دالالەت قىلىدىغان
شېئىر ـ بېيىتلارنى ئوقۇغىن. ھەرگىزمۇ كۆڭۈلنى غەش
قىلىدىغان ـ جەڭ قىلماق، قان تۆكمەك ۋە ھەييارلىق، ھىيلە ـ
مىكىر قاتارلىقلارغا دالالەت قىلىدىغان بېيىتلارنى ئوقۇما.
پادىشاھلارغا خاس شاھانە نەغمىلەرنى ھەم چالما. سازەندىلىكنىڭ
شەرتى شۇكى، ئاۋۋال ئاممىباب پەدىلەردىن بىر قاتار چېلىپ ۋە
ئېيتىپ، ئاندىن كېيىن ھەرقايسى پەدىلەردىن، مەسىلەن،
ئىراق، ئۇشاق، سىگاھقا ئوخشاشلارنى ئادا قىل، ھەرگىزمۇ
مۇڭلۇق كۈيلىرىنى، مەسىلەن، باياۋان، ناۋا... دېگەنلەرگە
ئوخشاش، سازەندىلىك قائىدىسى بويىچە تولۇقى بىلەن ئادا
قىلىپ، ئاندىن ئاممىباب پەدىلەرنى چالىمەن دېمە. چۈنكى سەن
مۇترىبلىق، يەنى سازەندىلىك شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ

بولغۇچە، مەجلىس ئەھلى مەست بولۇپ تارقىشىپ كېتىدۇ. ياخشىسى سەن مەجلىس ئەھلىگە قارا. ۋاقتىكى، قەدەھلەرگە يەتسە ۋە شۇ كىشى قايسى مۇقامنى خالىسا، شۇ مۇقامنى چالپ ئىشتىكۇچى ھەم سەندىن رازى بولىدۇ. سازەندىلىك ھۈنەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ـ ئىشتىكۇچىنىڭ تەبىئىتىگە بېقىپ نەغمە قىلىشتۇر.

مەجلىس ـ ئولتۇرۇشلاردا باشقىلار ساڭا قەدەھ سۇنسا، ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قولۇڭغا ئال. ئەمما مەينى كۆپ ئىچمە. كۆڭۈل بىلدۈرۈپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتىڭنى ساقلا. ھەرقاچان مەستلەر بىلەن جېدەل قىلما. مەست كىشىلەر مۇقامدىن تاشقىرى غەزەل ياكى ناخشا ئېيتسا، ئۆز ھالىغا قويۇپ بەر. مەستلەر بىلەن مۇنازىرىلەشكۇچى بولما. مۇنازىرىدىن پايدا چىقمايدۇ. ناۋادا شۇ سورۇندا يەنە بىر نەغمىكەش بولۇپ، چالغان ۋە ئېيتقان پەدىلىرى ۋەزنىگە چۈشمەي قالسىمۇ، ئاچچىق قىلما. تۈزىتىمەن ھەم دېمە. ئىختىيارىغا قوي. بولمىسا قول ـ پۇت سۇنۇپ ۋە ياكى ئىگىن يىرتىلىپ ئۆيگە قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنى بىلگىنكى، سازەندىلەر مەستلەرنىڭ كىراكىشىدۇر. ئەمما مەستلەر ئارىسىدا ئاچچىق قىلساڭمۇ، كىراكەش بولساڭمۇ ھېچكىم ھەق بەرمەيدۇ. بەلكى مۇشت بېرىشىدۇ.

ئەگەر مەجلىستە بىرەر كىشى سېنى ماختىسا، ئۇ كىشىگە ئەدەپ بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ خالىغان كۈي ـ مۇزىكىسىنى چېلىپ بەر. تا ئۆزگىلەر ھەم سېنى ماختاشسۇن. مەقسىتىم ھاسىل بولسۇن دېسەڭ، چالماق ۋە ئېيتماقتىن مالال بولما. چۈنكى مۇترىب (سازەندە)لار ئۇچۇن ئەڭ ئۇلۇغ ھۈنەر ـ سەبىردۇر.

مۇترىبلار (سازەندىلەر) سەبىرلىك، يەنى ئېغىر ـ بېسىق بولمىسا، ھەمىشە ھۆرمەت ـ ئابرۇيىدىن مەھرۇم قالىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇترىب (سازەندە) قارىغۇ، گاس ۋە گاچا بولغاي، يەنى ئاڭلاشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپ ـ سۆزلەرگە قۇلاق سالمىغاي ۋە كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرگە كۆز سالمىغاي، مۇنداق سازەندە ھەمىشە ئۆي ئىگىسىدەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغۇسىدۇر» ۋەسسالام!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## پادىشاھلار خىزمىتىدە بولماقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر پادىشاھنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بولساڭ، ناۋادا پادىشاھ سېنى ئۆزىگە يېقىن كۆرسە، شۇ يېقىنلىق تۈپەيلى تولا مەغرۇرلىنىپ كەتمە. مۇمكىن بولسا، پادىشاھلارغا بەكمۇ يېقىن بولۇپ كەتمە، يەنى پادىشاھلاردىن يىراقراق تۇر. ئەمما خىزمىتىدىن، يەنى پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىشتىن قاچما. چۈنكى پادىشاھلارغا يېقىن بولماقتىن يىراقلىق ھاسىل بولىدۇ؛ خىزمەت قىلماقتىن يېقىنلىق ھاسىل بولىدۇ. ناۋادا پادىشاھ سېنى قانچىكى خاتىرجەم قىلسىمۇ، سەن ئۆز - ئۆزۈڭنى خاتىرجەم ھېسابلىما. ھەرقاچان سېمىز بولساڭ، يەنى ئازراقلا «سەمرىپ» قالساڭ، شۇ «سېمىز»لىكىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە سەۋەب بولىدۇ. باشقىلار ھەم سېنى «ئۆلتۈرمەك» نىڭ كويىغا چۈشىدۇ. شۇڭا ھەرقانچە ئەزىز، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزۈڭنى تونۇماقتىن غاپىل بولما. پادىشاھنىڭ مەقسەت - ئارزۇسىدىن تاشقىرى ھەرقانداق سۆزنى ئېيتقۇچى بولما ھەم پادىشاھنىڭ مەقسەت - ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلما. «ھەرقانداق كىشى پادىشاھنىڭ مەقسەت - ئارزۇسىغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئەجىلى يەتمەي ئۆلىدۇ. «بىگىزگە مۇشتلىماق ئەخمەقلىقتۇر» دېگەن گەپ بار.

ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كىشىنى ياخشىلىقتىن بۆلەك يولغا باشلىما، ياخشىلىقى ساڭا ھەم يېتىدۇ. ئەگەر يامان ئىشنى ئۆگەتسەڭ، ساڭا ھەم يامانلىق قىلغۇسىدۇر، يەنى يامانلىقى ساڭا ھەم يېتىدۇ.

**ھېكايەت:**

فەزلۇن ئىسىملىك بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ ئوردا كاتىپلىرىدىن دىلىم ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن تولىمۇ يېقىن ئۆتەتتى. مەملىكەتنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن ھەرقانداق بىر كىشى گۇناھ سادىر قىلىپ زىندانغا تاشلاشقا توغرا كەلسە، ئەمىر فەزلۇن ئۆزى شۇ كىشىنى تۇتۇپ زىندانغا سالاتتى. دىلىم دائىم فەزلۇنغا: «ئادەملەرگە ئازار بېرىشنى ئۆزۈڭگە خوپ كۆرمە. ئەگەر ئازار بەرمەكچى بولساڭ، ئۆلتۈرۈۋەت» دەپ مەسلىھەت بېرەتتى. ئەمىر فەزلۇن دىلىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇلۇغلاردىن نەچچىلىگەن كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. كۈتۈلمىگەندە دىلىم بىر گۇناھ سادىر قىلدى. فەزلۇن ئۇنى زىندانغا سېلىشقا بۇيرىدى. دىلىم كىشى ئەۋەتىپ: «نەچچە مىڭ دىنار بېرەي، مېنى ئۆلتۈرمىسۇن» دېدى. فەزلۇن: «ئازار يەتكەن كىشىنى ئۆلتۈرمەكنى سەندىن ئۆگەنگەنىدىم» دەپ جاۋاب ئېيتىپ دىلىمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. دىلىمنىڭ باشقىلارغا يامان ئىش ئۆگەتكىنى بۇرنىدىن چىقتى. يامانلىق قىلىپ ياخشى ئاتاقتا ئېرىشكەندىن، ياخشىلىق قىلىپ يامان ئاتاقتا ئېرىشكەن ياخشىدۇر. شۇڭا يامان نىيەتلىكنىڭ ئاخىرىنى نۇقسان دەپ بىل. دۆلەتكە، يەنى نام ـ ئاتاقتا ئېرىشكەن كۈنلىرىڭدە مەغرۇرلانما. پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىش ئارقىلىق نام ـ ئاتاق تەلەپ قىل. نېمەت تەلەپ قىلما. چۈنكى نېمەت نام ـ ئاتاقنىڭ كەينىدىن

ئەگىشىپ كېلىدۇ. پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىش ئارقىلىق نام ـ ئاتاقتا ئېرىشىش، مال ـ دۇنيا ئارقىلىق نام ـ ئاتاقتا ئېرىشكەندىن ئارتۇقتۇر. پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە يۈرگىنىڭدە ھەرقانچە دۇنيادار (باي) بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئۆزۈڭنى نامرات كۆرسەتكىن. كۆرمىدىڭمۇ، قوي قاچانكى ئورۇق بولسا، ھېچكىمنىڭ ئۆلتۈرگۈسى كەلمەيدۇ. سېمىز بولسا، ھەممە كىشىنىڭ ئۆلتۈرگۈسى كېلىدۇ.

پۇل ـ دۇنيا تاپماق ئۈچۈن پادىشاھنى ساتما. پادىشاھلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەرمايە سالغانغا باراۋەردۇر. پايدا ئەلۋەتتە قىلغان خىزمىتىڭ ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا ھەقلىق پايدىنى دېسەڭ، سەرمايەڭنى قولۇڭدىن چىقىرىپ قويما. سەرمايە ئورنىدىلا بولسا، پايدىدىن ئۈمىد باردۇر. ئەگەر سەرمايە قولدىن كەتسە، پايدىغا ئېرىشكىلى بولماس. مال ـ دۇنيا ھېرىسمەنلىكى ھالاك بولماقلىقنىڭ نىشانىسىدۇر. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق كىشى نام ـ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مال ـ دۇنيا غەملەشنىڭ كويىدا بولىدىكەن، ئۇ پاتلا ھالاك بولىدۇ. شۇڭا مال ـ دۇنيا غەملەشمۇ ئۆز يولىدا ـ ھەقلىق يوسۇندا بولغىنى تۈزۈك. كىمىكى خەلقنىڭ تىلى مېنى يامان دېيىشتىن باغلانسۇن، دەيدىكەن، ئۇ ھالدا شۇ كىشى خەلقنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشى، يەنى خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشمەكچى بولغان ھەرقانداق ئادەم ئالدى بىلەن خەلقنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىشى كېرەك.

ۋاقتىكى، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ئەتىۋارلىنىپ مەرتىۋە تاپساڭ، پادىشاھنىڭ ھەققىگە ھەرگىز خىيانەت قىلما. خىيانەت بەتبەختلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. دەرھەقىقەت، ئۆزىنى ئەتىۋارلاپ

مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگەن كىشىگە، يەنى خوجىسىغا خىيانەت قىلىش خۇدايىتائالا ئاتا قىلغان بەخت ـ تەلەيىنى قاچۇرۇۋەتكەن بىلەن باراۋەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۆزۈڭنى ئەتىۋارلاپ مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرگۈچىنىڭ ھەققىدە ھەرگىزمۇ يامانلىق قىلما.

**ھېكايەت:**

ئەمىر فەزلۈن ئەبۇس ـ سەۋاد ئەبۇل ـ بەشەرنى باش قوماندان قىلىپ رۇئى ۋىلايىتىگە بۇيرۇغاندى. ئەبۇل ـ بەشەر:

ــ تا زېمىستان كىرمىگۈچە بارمايمەن. چۈنكى ياز پەسلىدە رۇئىنىڭ ئاب ـ ھاۋاسى تولىمۇ ياماندۇر، ـ دېدى. بۇ خۇسۇستا، يەنى رۇئقا بېرىش ـ بارماسلىق مەسىلىسىدە تولا جېدەل، تالاش ـ تارتىشلار بولدى.

**فەزلۈن:**

ــ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭگە مۇنچىۋالا ئىشەنچ قىلىسەن؟ كىشى ھەرگىز بىئەجەل ئۆلمەيدۇ، ـ دېدى.

ئەبۇل ـ بەشەر دېدىكى:

ــ ئەي پادىشاھ، سەن ئېيتقاندەك ھېچكىم ئەجەل يەتمىگۈچە ياز پەسلىدە رۇئقا بارماس.

ھەرقاچان ئاقىۋىتىنى ئويلاپ ئىش قىل. دوست ۋە دۈشمەننىڭ ئىشلىرىدىن غاپىل بولما. تاكى دوستلىرىڭغا مەنپەئەت، دۈشمەنلىرىڭگە زەرەر يەتكۈزمەكنىڭ كويىدا بول. ئۇلۇغلۇقنىڭ ئۇبدىنى دوست بىلەن دۈشمەنگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشتۇر. ئۇلۇغ كىشى مېۋىسىز دەرەختەك بولۇپ قالمىغاي. چۈنكى مېۋىسىز دەرەختىن كىشىگە مەنپەئەت يەتمەس. كىشىگە مەنپەئىتى يەتمەيدىغان ئادەم يۈز مىڭ دىنارى بار جوھۇتقا

www.uyghurkitap.com

ئوخشايدۇ. كىشىگە مەنپەئىتى يەتمەيدىغان ئادەمنىڭ ئېتىبارىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەم جوھۇد ـ ناكەس ھېساپلىنىدۇ. دۇنيا يىغماقلىقنى ھەم ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەم كىشىنى ھاجىتىدىن چىقارماق ئۈچۈن دەپ بىل. ئادەمگەرچىلىك قىلىشنى ئادەملەردىن قىزغانما. شەرىئەت ئىگىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن): «ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئوبدىنى ئادەملەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچىدۇر» دېگەن.

شۇنىمۇ بىلگىنكى، دۆلەتى ئىنتىھاسىغا (ئاخىرىغا) يېتىپ قالغان كىشىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلما. چۈنكى ئۇنداق كىشىنىڭ زاۋالى يېقىنلاپ قالغان بولىدۇ. ئەگەر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بىر ھالدا تۇرۇشنى خالىساڭ، ئۆزۈڭنى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئەبدۇللاھقا ئېيتقىنىدەك تۇت.

ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللا ئۇنىڭدىن رازى بولغاي!) ئوغلى ئەبدۇللاھقا دېدىكى: «بىلگىن، ئەي ئوغلۇم، بۇ كىشى، يەنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەممە كىشىدىن ساڭا ئىشەنچ قىلىپ، سېنى قېشىدا تۇرغۇزدى. ئەگەر دۈشمىنىم مەندىن غالىب كەلمىسۇن دېسەڭ، بەش خىسلەتنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇت.

بىرىنچى، [پادىشاھ] سەندىن ھەرگىز يالغاننى ئىشىتمىگەي؛

ئىككىنچى، كىشىنىڭ قېشىدا غەيۋەت قىلمىغىن؛

ئۈچىنچى، ئۇنىڭغا، يەنى پادىشاھقا ھېچ ئىشتا خىيانەت قىلمىغىن؛

تۆتىنچى، [پادىشاھنىڭ] پەرمانىغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلما؛

بەشىنچى، ئۇنىڭ، يەنى پادىشاھنىڭ سىرلىرىنى ھېچ

كىشىگە ئېيتما. بۇ بەش خىسلەت بىلەن مەقسىتىڭگە يېتەلەيسەن.»

يەنە بىرى، پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھەرگىزمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلما. ئەگەر سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويساڭ، ئۆزۈڭنى سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغاندەك كۆرسەتمە. ئىمكانىبار بىلمەسلىككە سالغىن. پادىشاھ سېنىڭ قەستەن سەۋەنلىك سادىر قىلغىنىڭنى بىلىپ قالمىغاي ھەم ئۇ سەۋەنلىكنى سېنى «بىلمەي قىلدى» دەپ چۈشەنگەي. «بىئەدەپلىك قىلدى»، «پەرمانىمغا بويسۇنمىدى» دېگەندەك گۇمانغا كېلىپ قالمىغاي. چۈنكى ھەركىم نادانلىقنى گۇناھ ھېسابلىمايدۇ. ئەمما بىئەدەپلىك ۋە پەرمانغا بويسۇنماسلىقنى ئەلۋەتتە گۇناھ ھېسابلايدۇ.

پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھەمىشە تەييار تۇر. گەرچە سېنى بۇيرۇمىسىمۇ باشقىلارغا بۇيرۇلغان خىزمەتنى ھەم سەن بېجىرىشنىڭ كويىدا بولغىن. قاچانكى پادىشاھقا كۆرۈنمەكچى بولساڭ، بىرەر خىزمەت ئۈستىدە كۆرۈنگىن. ھەرقاچان ھۇزۇرىدا ھازىر بول. كىمنى چاقىرسا، سېنى كۆرگەي. چۈنكى پادىشاھلارنىڭ ھىممىتى ھەمىشە ئۆز خىزمەتكارلىرىنى سىناش بەدىلىگە يېتىدۇ. خىزمەتكارلار ھەم ئىشەنچكە ئېرىشەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، مەرتىۋەڭ كىچىك ۋاقىتتا رەنج ـ مۇشەققەت تارتماي تۇرۇپ ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيسەن. كۆرمىدىڭمۇ، نىل ياپرىقى ئېزىلمىگۈچە نىل (كۆك بوياق) بولماس!

ياراتقۇچى تەڭرىم پادىشاھلارنى شۇنداق ئاپىرىدە قىلغانكى، ھەممە ئالەم ئۇنىڭ بەندىلىكىگە موھتاجدۇر. شۇڭا پادىشاھقا ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭنى ئاشۇرۇپ كۆرسەتمە. ئەگەر ئۆزىنى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان كىشى بولسا، ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ھەم

چەكتىن ئۆتكۈزمىگىن. گەرچە قىلغان گەپ سۆزلۈك راست بولسىمۇ، ھەمىشە پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورقىمەن. ئۆتكۈر ئىشقا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ: بىرى، پادىشاھنىڭ سۆزى؛ ئىككىنچىسى، ھۆكۈما ۋە ئاقىللارنىڭ نەسىھىتى. ھەرقانداق كىشى بۇ ئىككى ئىشقا سەل قارىسا، خار بولغۇسىدۇر.

دېمەك، پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە بولماقنىڭ شەرتلىرى يۇقىرىقىلاردۇر. بىلگىنىمچە دېدىم. ھەر كىم ئاڭلىسا ۋە ئەمەل قىلسا، ئۇنىڭغا خوپتۇر. ناۋادا سەن مۇشۇ دەرىجىدىن ئۆتسەڭ ياكى بۇنىڭدىن چوڭراق مەرتىۋىگە ئېرىشسەڭ ياكى پادىشاھلارغا خىزمەتكار ۋە نەۋكەر بولۇشقا ئۇلاشساڭ، ساڭا مەلۇم بولسۇنكى، ئەمدى بۇنىڭ، يەنى پادىشاھقا نەۋكەر بولماقنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلاي.



www.uyghurkitap.com

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

## پادىشاھلارغا نەۋكەر بولماقنىڭ بايانى [1]

ئەي ئوغۇل، ئەگەر پادىشاھلارنىڭ نەۋكەرلىرىگە يەتسەڭ، ناۋادا ھال ـ ئەھۋالىڭ بۇ خىزمەتكە ئانچە ماس كەلمىسە، نەۋكەرلىك ئىشىنى زىنھار قوبۇل قىلما. چۈنكى ھەرقانداق كىشى پادىشاھقا يېقىن خىزمەتكار (مەھرەم) بولىدىكەن، ھەممە ئىشتا كامالەتكە يېتىشى، ئىختىيارلىقى پادىشاھنىڭ پەرمانىدا بولۇشى، ئاندىن خۇش چىراي، يەنى ھەر كىم بىلەن مۇلاقات قىلغاندا خۇش مۇئامىلىلىك بولۇشى لازىم. يەنە بىرى، ئەرەبچە ۋە پارسچىنى بىلىشى، شۇنىڭدەك، ۋاقتى يېتىپ بىرەر خىلۋەت جايدا بىرەر نىمە يۇتۇش ھاجەت بولسا، يۇتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

نەۋكەر بولغان كىشى ئۆزى شائىر بولمىسىمۇ، شېئىرنى بىلىشى ۋە شېئىرنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان، ئەرەبچە، پارسچە شېئىرلارنى يادقا بىلىدىغان بولۇشى لازىم. ناۋادا پادىشاھقا شائىر ھاجەت بولسا، شائىر ئىزدەپ ئاۋارە بولمىغاي. يەنە تېۋىپلىك ئىلمىنى، نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ئىلمىنى ھەم بىلگەي. ناۋادا ئۇشبۇ ئىلىملاردىن سۆز بولسا،

[1] مۇندەرىجىدە «پادىشاھلارغا كاتىپ بولماقنىڭ بايانى، يەنى مەخپىيەتلىكلەرنى يۇتمەك ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا بايان» دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

تېۋىپ ھەم مۇنەججىم ھازىر بولغۇچە، بۇ ھەقتە بىلگەنلىرىنى دەپ ئولتۇرغاي. شۇندىلا نەۋكەرلىك شەرتىنى بەجا كەلتۈرگەن بولىدۇ. تۈرلۈك ئىلىملار بويىچە پادىشاھتا ھەم ئۇنىڭغا يەنى نەۋكەرگە قارىتا ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. مايىللىقى كۈچىيىپ بارىدۇ.

[نەۋكەر بولغۇچىنىڭ] يەنە غەزەل ئوقۇماق ۋە نەغمە قىلماقتىن ھەم ئاز ـ تولا خەۋىرى بولغاي. خاس، خىلۋەت ۋاقىتتا سازەندە بولمىغان ئەھۋالدا ئۆزى بىلگەن پەدە بىلەن پادىشاھنىڭ ۋاقتىنى خۇش تۇتالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھېكايە ـ چۆچەكلەرنى، كۇلۇشمەكلەرنى، يەنى قىزىقارلىق پاراڭ (يۇمۇر)لارنى كۆپ بىلگەي. چۈنكى نەۋكەر بولغۇچى قىزىقارلىق ھېكايە ۋە غارايىب سۆزلەرنى بىلمىسە، نەۋكەرلىك مەرتىۋىسىگە يەتمىگەن ھېسابلىنىدۇ.

[نەۋكەر بولغۇچى] يەنە دامكا ـ شاھمات ئويۇنلىرىنى بىلگەي. لېكىن قىمارۋاز بولمىغاي. ئۆز تەبىئىتىچە قىمار ئوينايدىغان كىشى ھەرگىزمۇ پادىشاھلارنىڭ نەۋكەرلىكىگە يارىمايدۇ.

يەنە قۇرئان ۋە تەپسىر ئىلىمىدىن ھەم بىر نەرسە بىلگەي. شەرھىي ئىلىمدىن ھەم خەۋەردار بولغاي. ناۋادا پادىشاھ مەجلىسىدە بۇ مەنىلەردىن سۆز بولۇپ قالسا، ئالىملارنى ھازىر قىلىمەن دەپ ئولتۇرماي، دەرھال جاۋاب بېرىشكە يارىغاي.

[نەۋكەر بولغۇچى] يەنە تارىخ ۋە تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغان ھەم پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بولۇشى لازىم. ۋاقىتكى، پادىشاھلار ئالدىدا ئىلگىرىكى پادىشاھلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ۋە دېگەن سۆزلىرىنى ئېيتىپ

بىرەلەيدىغان، ئۇنى پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ئورنىتالايدىغان بولسۇن. بۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ بەندىلىرىگە پادىشاھتىن مەنپەئەت يەتكەي!

ھەرقانداق بىر ئىلىمنى بىلگەن ياكى ئۆگەنگەن بولساڭ، ئەمما شۇ ئىلىمنى ئەمەلدە ئىشلىتىشنى بىلمىسەڭ، ئۇ ھالدا بىلمىگەنگە باراۋەردۇر.

[نەۋكەر بولغۇچى] يەنە قورقماس، باتۇر بولۇشى لازىم. ۋاقتى كەلگەندە كۈچ ـ قۇدرىتىنى، باتۇرلۇقىنى كۆرسەتكەي. بىر كىشى ئىككى كىشىگە باراۋەر تۇرالىسا، ئۇ كۈچلۈك، باتۇر سانىلىدۇ. نەۋكەر يەنە شۇنداق بولۇشى كېرەككى، كۈتۈلمىگەندە بىرسى پۇرسەت تېپىپ خىلۋەتتە خوجايىنىغا خىيانەت قىلىش نىيىتىدە بولىدىكەن، دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىپ باتۇرلۇق كۆرسەتكەي. شۇ سەۋەبلىك، يەنى نەۋكەرنىڭ باتۇرلۇقى سەۋەبىدىن خوجايىنىغا زەرەر يەتمىگەي. ئەگەر شۇ باتۇرلۇقى تۈپەيلى، يەنى خوجايىنىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ئۆلۈپ كەتسە، ئەلۋەتتە خوجايىنى ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ياخشى ئات (نام) بىلەن كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ھالدا پەرزەنتلىرى ۋە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرۈش خوجايىن ئۈچۈن ۋاجىپ بولىدۇ.

ئەي ئوغۇل، مېنىڭ بۇ دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ياكى مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەگەر سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا بار بولسا، ئۇ ھالدا نەۋكەرلىك ئىشىغا يارايسەن. ئەمما مېنىڭ دېگەنلىرىمنى بىھۇدە، ئارتۇقچە سۆز دەپ قاراپ، پەقەت نان تېپىپ يېيىش ئۈچۈنلا نەۋكەر بولساڭ، ئۇ نەۋكەرلىك ئەمەس، بەلكى تولىمۇ پەسكەشلىك ۋە بېخىللىقتۇر. ناۋادا نەۋكەر بولماقچى بولساڭ،

ئالدى بىلەن نەۋكەرلىكنىڭ تەدبىرىنى ـ شەرتىنى ئادا قىلىپ، ئۇ خىزمەت، يەنى نەۋكەرلىك سىنىڭ قولۇڭدا ئۇۋاللىقتا قالمىغاي. يەنە ھەم سەن شۇ خىزمەتتە ھازىر بولساڭ، خوجايىنىڭنىڭ ھالىدىن غاپىل بولما. ھەممىشە خىزمىتىڭگە پۇختا بولغايسەن. پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە، ئۇنىڭ، يەنى پادىشاھنىڭ خاس چۆرىلىرىگە كۆز سالما. ئەگەر ساقى ساڭا شاراب تۇتسا، ساقىغا ھەم تىكىلىپ قارىما. پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە ساڭا نىسبەتەن ئۆزگىچە خىيال چۈشۈپ قالمىغاي. ھەرقانداق چاغدا ئۆزۈڭنى ياخشى ساقلا. تاكى قازى ئەبدۇل ـ مەلىكنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالمىغايسەن.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، قازى ئەبدۇل ـ مەلىك شارابخۇمار كىشى ئىدى. ئۇ ئۇشبۇ سەۋەبتىن مەنسىپىدىن چۈشۈپ قالغانىدى. بىر كۈنى مەئمۇن خەلىپە شاراب مەجلىسىدە ساقىغا: «ئەبدۇل ـ مەلىككە شاراب تۇتقىل» دەپ بۇيرىدى. ساقى شاراب تۇتتى. ئەبدۇل ـ مەلىك شارابنى ئېلىۋاتقان چاغدا ساقىغا تىكىلىپ قارىدى ۋە بىر كۆزىنى يۇمۇپ ساقىغا ئىشارەت قىلدى. مەئمۇن خەلىپە ئۇنى كۆرۈپ قالدى. قازى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن يۇمغان كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇۋەردى. بىر سائەتتىن كېيىن خەلىپە:

— كۆزۈڭگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

قازى دېدىكى:

— ئەي ئەمرۇل ـ مۆئمىنىن (مۇسۇلمانلار ئەمىرى)، ھېچ بىلمىدىم، نېمە بولدىكىن، كۆزۈم تۇرۇپلا يۇمۇلۇپ قالدى.

شۇندىن كېيىن تاكى مەئمۇن خەلىپە ھايات ۋاقتىدا، يەنى مەئمۇن خەلىپە ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر ئاشۇ گۇمانىنى

خەلىپىنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتىش كويىدا قازى شۇ بىر كۆزىنى زادىلا ئاچمىدى.

شۇنى بىلگىنكى، پادىشاھقا يېقىن بولغان كىشىنىڭ يۇقىرىدا مەن بايان قىلغاندەك ھۈنەرلىرى بولغاي، شۇندىلا پادىشاھنىڭ يېقىنلىرىدىن بولۇشقا يارايدۇ. ۋەسسالام!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

## مۇنشىلىق (كاتىپلىق)ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر مۇنشىي (كاتىپ) بولساڭ، ئالدى بىلەن سۆزگە قادىر (مۇكەممەل) ۋە خۇش خەت بولغايسەن. خەت قىلىشقا كامىل بولاي دېسەڭ، كۆپ خەت يېزىشنى، يەنى خەت يېزىش مەشىقىنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلغىن.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، ئىسمائىل ئىناد دەپتەرگە ھەر كۈنى بىر نىمىلەرنى پۈتۈپ ئولتۇرىدىكەن. ئۇ كاتىپلارغا بۇنى چۈشەندۈرۈپ: «مەن شەنبە كۈنى بولسىلا خەتنى خاتا يېزىپ قويىمەن، بۇنىڭ سەۋەبى ئازنا كۈنى بىر كۈن خەت يازمىغانلىقىمنىڭ تەسىرىدىندۇر» دەيدىكەن.

ئەي ئوغۇل، ھەمىشە بىر نىمە پۈتۈش (يېزىش) بىلەن مەشغۇل بولغىن. ئەمما ھەر دائىم ئازادە (ئېنىق) يېزىلغان، مەزمۇنى ئاسان خەتلەرنى كۆرۈۋەرمە. بىر - بىرىگە ئېلىشاڭغۇ، يەنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ يېزىلغان، مەنىسى چوڭقۇر سۆزلەرنى كۆپرەك كۆر. ئەرز ياكى نامە (خەت)لەرنى مەنىسى كۆپ، ئەمما ئاز سۆز بىلەن ئادا قىلالايسەن.

نەزمە:

سۆزنى ئانداغ سۆزلەگىل چىقسۇن كۆڭۈل گىردابىدىن،
نامە ئانداغ قىلكى پۇر مەئنىيۇ لەفز مۇختەسەر.

پۇتكەن (يازغان) نامەڭنى ياخشى ئىما ـ ئىشارەت، ئايەت ۋە ھەدىس بىلەن زىننەتلە. ئەمما پارسچە بىلمەيدىغان كىشىلەرگە پارسچە نامە پۇتۇپ يۇرمە، خۇشياقمايدۇ. خۇسۇسەن، پارسچىنى بىلمەيدىغان ديارلاردا پارسچە ياكى ئەرەبچە نامە پۇتمەك بىلەن مەشغۇل بولساڭ، ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ قىيناپ قويىسەن، بەرھەق، ئەرەب تىلى سەجئى (نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان ئەسەر) يېزىشقا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما پارسچە نامىلەردە سەجئى كەلتۈرۈش ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس.

ھەربىر سۆزنى ئېيتقاندا چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى ئىشلەتكىن ھەم مەنىلىك سۆزلەرنى [مىسال] قىلىپ سۆزلە. سۆزۈڭنى مەنىسى كۆپ، ئەمما ئىخچام تىل بىلەن ئىپادىلە. كاتىپ بولغان كىشى چوقۇمكى، يېزىقچىلىقنىڭ، كاتىپلىقنىڭ سىرلىرىنى ياخشى بىلىشى، ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسى، مەخپىي ئىما ـ ئىشارەتلىرىدىن ئەلۋەتتە تولۇق خەۋەردار بولۇشى كېرەك.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى باغدات خەلىپىسىگە نامە پۇتۇپ: «سەمەرقەند ۋىلايىتىنى ماڭا بەرگىن ۋە مېنىڭ نامىمغا خۇتبە ئوقۇتۇپ جار سالدۇرغىن. [بۇنىڭ بەدىلىگە] مەنمۇ ئۆزگە ۋىلايەتلەرنى ساڭا بېرىپ، سېنىڭ نامىڭغا خۇتبە ئوقۇتۇپ يارلىق چۈشۈرەي. بولمىسا، جەڭ بىلەن، تىغ بىلەن ۋە لەشكەر

بىلەن ئالىمەن» دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. خەلىپە دېسىكى:

«ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەنكى، ئىسلام دىنىدىكى يۇرتلار ئىچىدە سەمەرقەندتىن تىنچ، خەلقى ئىتائەتمەن يۇرت يوقتۇر. ئاللا ئۇنى پاناھىدا ساقلىغاي! مەن شۇنداق بىر ئىش قىلايكى، ئەگەر سەن مېنىڭ پەرمانىمدىن چىقىپ سەمەرقەندكە قەست (ھۇجۇم) قىلساڭ، پۈتۈن ئالەمنى سېنىڭ ئۈستۈڭدە تەۋرىتىمەن».

سۇلتان مەھمۇد بۇ سۆزدىن غەزەپلىنىپ ئەلچىگە:

«خەلىپىگە ئېيتقىن. مەن سەندىن كەم كىشى ئەمەسمەن. مېنىڭ سېنىڭ بىلەن بۇ جەڭنى قىلىش كۆڭلۈمگە چۈشۈپتۇ. مانا ھازىرلا ئاتلاندىم. مەن پىل بىلەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، باغداتنى پىللارنىڭ ئايىغىدا ۋەيران قىلىپ، تۇپرىقىنى پىللارغا يۈكلەپ غەزنەيىنگە كەلتۈرىمەن» دېدى.

ئەلچى بېرىپ بۇ پەرمانىنى يەتكۈزدى. نەچچە مۇددەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ سۇلتان مەھمۇدتىن كۆرۈنۈش قىلماقنى تىلىدى. سۇلتان ئولتۇرۇپ، غۇلاملارنى سەپ - سەپ تۇرغۇزۇپ، مەست پىللارنى قاتار قىلىپ، لەشكەرلىرىنىڭ سەپلىرىنى تۈزەپ بولۇپ، ئاندىن ئەلچىگە كۆرۈنۈش قىلدى. ئەلچى كىرىپ:

«ئەمىرۇل - مۆئمىنىن دېدىكى، نامەڭنى ئوقۇدۇم. جاۋابى ئۇشبۇدۇركى، بۇ نامىگە پۈتۈپ ئەۋەتتىم» دېدى دەپ بىر دەستە قەغەزگە پۈتۈلگەن، مۆھۈر بېسىلغان نامىنى سۇلتاننىڭ ئالدىغا قويدى.

ئەبۇ نەسىر دىۋان بەگلىرىنىڭ ئۇلۇغى ئىدى. قول سۇنۇپ نامىنى ئېچىپ ئوقۇدى. نامىنىڭ بېشىغا «بىسمىللاھىر - رەھمانىر - رەھىم» دېگەن ئىبارە، كېيىنكى ئۈچ قۇرغا «الم، الم، الم» دېگەن ھەرپلەر، نامىنىڭ ئاخىرىغا «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل - ئالەمىن ۋەسسەلاۋاتۇ ۋەسسەلامۇ ئەلا رەسۇلىھى

www.uyghurkitap.com

مۇھەممەدنى ۋە ئائىلىسى ۋە ئەسھابىنى ئەجمەئىن» (جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر، رەھمەت ۋە تىنچلىق ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئات ۋە ساھابىلىرىنىڭ ھەممىسىگە بولسۇن!) دېگەن ئايەت يۇتۇلگەندى. باشقا ھېچنېمە دېمىگەنىدى.

سۇلتان مەھمۇد كاتىپلارنى يىغىپ:

«بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئىما ـ ئىشارەتلەر نېمىدىن بېشارەت بېرىدىكەن» دەپ، بۇ سۆزنىڭ ئەندىشىسىدە ھەيران قالدى. قۇرئاندىكى مۇشۇ ئۇچ ھەرپ بىلەن كەلگەنلىكى ئايەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇپ چىقتى ۋە تەپسىر قىلدى. ھېچ جاۋابى مەلۇم بولمىدى.

خاجە ئەبۇبەكرى قەھىستانىنىڭ يىگىتلىك ۋاقتى ئىدى. بۇ چاغقىچە ئۇلىمالار ئارىسىدا يۇقىرى راق مەرتىۋىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. [نامە ئەھۋالىدىن] خەۋەر تېپىپ، بۇ مەرىكىگە كېلىپ سۇلتانغا دېدىكى:

ــ ئەي سۇلتانى ئالەم، ۋاقتىكى، ھەزرەتلىرى سىياسەت قىلىپ «پىللارغا دەسسىتىمەن. ۋەيران قىلىپ باغداتنىڭ تۇپرىقىنى پىللارغا يۈكلەپ غەزنەيىنگە كەلتۈرىمەن» دېگەن ئىدىلە. بۇنىڭغا قارىتا خەلىپە نامىسىدە ئاۋۋال «ئەلىف، لام، مىم»نى يۇتۇپتۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئەلەم تەرە كەيفە فەئەلە رەببۇكە بىئەسھابىل ـ فىيل» (پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟)[1] دېگەن ئايەتنى بىلدۈرىدۇ.

خاجە ئەبۇبەكرى قەھىستانى بۇ سۆزنى دېگەندىن كېيىن

---

① «قۇرئان كەرىم» (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، سۇرە فىل، بىرىنچى ئايەت.

سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھالى باشقىچە بولۇپ، خېلى ۋاقىتقىچە ھوشىدىن كەتتى. ۋاقتىكى ھوشىغا كەلدى ۋە قاتتىق يىغلىدى. ئاندىن ئۆزرىلەر ئېيتىپ، نىيىتىدىن ياندى. ئەبۇبەكرى قەھىستانغا تون كىيدۇرۇپ، ئىنئام - ئېھسانلار قىلىپ ئۇلىمالار ئارىسىدا يۇقىرى ئورۇن بەردى. ئەبۇبەكرى قەھىستانى ئەنە شۇ بىر سۆزى بىلەن ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىنى تاپتى.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، سامانىيلار زامانىدا ئەبۇئەلى سەمجۇر نىشاپۇردا تۇرۇۋاتقاندا كىشىلەرگە: «خۇراساننىڭ قوماندانى ۋە ئەمىرى مەندۇرمەن» دەيدىكەن. ئەمما ھەرگىزمۇ سامانىي پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا بارمايدىكەن. بۇ سامانىيلارنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى بولۇپ، كۈچ - قۇدرىتى ئاجىز، ئەبۇ ئەلىنى كۈچ بىلەن قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، سامانىيلار پادىشاھلىقى ئۇنىڭ ئىسمىغا خۇتبە ئوقۇتۇپ جار سالدۇرۇش ۋە ھەدىيە بېرىش يولى بىلەنلا ئۇنى تۇتۇپ تۇرغانىدى.

ئەبدۇلجەببار جورجانى ئىلىمدە توشقان كىشى بولۇپ، جورجاننىڭ خاتىبى ئىدى. ئەبۇئەلى ئۇنىڭغا مۇنشىيلىقنى بېرىپ، ئۆز قېشىغا توختاتتى. ھېچ ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز قىلماس ئىدى. چۈنكى ئەبدۇلجەببار ناھايىتى ئالىم ۋە پەزىلەتلىك، ھەرقانداق ئىشقا يېتىشلىك كىشى ئىدى. ئەھمەد رافىئى ھەم سامانىي پادىشاھنىڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇمۇ پەزىلەتلىك، ئالىم ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ باشقۇرۇلۇشى ئۇنىڭ بۇيرۇقىدا ئىدى. ئەبۇئەھمەد رافىئى بىلەن ئەبدۇلجەببارنىڭ ئارىلىرىدا خېلى

بۇرۇندىنلا غايىبانە دوستلۇق ۋە ئاغىنىدارچىلىق رىشتىسى بار ئىدى. ئۆزئارا پەزىلەتلىرىنى ھۆرمەتلىشىپ، بىر ـ بىرىنى دوست تۇتۇپ، كىتاب ـ خەت ئەۋەتىشىپ يۇرۇشەتتى. ۋەزىر بىر كۈنى پادىشاھقا:

ــ ئەگەر ئەبدۇلجەببار جورجانى ئەبۇ ئەلىنىڭ كاتىپى بولمىغىنىدا ئىدى، ئەبۇ ئەلىنى ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەبۇئەلىنىڭ سىزگە بولغان بويۇنتاۋلىقى ئەبدۇلجەببارنىڭ مەسلىھەتى بىلەندۇر. ئەبۇئەلىگە «ئەگەر سەن مېنىڭ ئىتائىتىمدە بولساڭ، بۇ نامە ساڭا يەتكەن زامان ئەبدۇلجەببارنىڭ بېشىنى كېسىپ، تۇۋرىغا سېلىپ، مەزكۇر نامىنى ئاپارغان ئەلچىدىن ماڭا ئەۋەتىپ بەر. ماڭا مەلۇمكى، سەندىن كۆرۈلگەن ھەممە بىئەدەپلىكلەر ئەبدۇلجەببارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يۈز بەرگەندۇر. ئەگەر بۇ ئىشنى قىلمىساڭ، مەن ئۆزۈم ئۇستۈڭگە [لەشكەر تارتىپ] بارىمەن. جەڭگە تەييار بولغىن» دېگەن مەزمۇندا نامە ئەۋەتەيلى، ــ دېدى ھەم تەدبىر كۆرسىتىپ:

ــ بۇ نامىنى ئەھمەد رافىئى پۈتمىسۇن. ئەھمەد رافىئى ئەبدۇلجەببارنىڭ دوستى. بۇ ئەھۋالنى بىلسە، ئەبدۇلجەببارغا كىشى ئەۋەتىپ، ئەبدۇلجەببارنى قاچۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، ــ دېدى. ئەمما خۇراسان ئەمىرى ئەھمەد رافىئىنى چاقىرتىپ:

ــ ئەبۇل ئەلىغە مۇنداق مەزمۇندا نامە پۈتكىن. ۋاقتىكى، نامىنى پۈتۈپ بولغاندا سېنى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئۆيدىن چىققىلى قويمايمەن ۋە سېنىڭ قېشىڭغا كىشى كەلتۈرمەيمەن، چۈنكى ئەبدۇلجەببار سېنىڭ دوستۇڭدۇر. ناۋادا ئۇنى قولغا

چۈشۈرەلمىسەم، بۇ ئىشنى سېنى قىلغان، سەن بىلىسەن، — دېدى.

ئەھمەد ھېچ ئىلاج قىلالمىدى. يىغلاشتىن باشقا چارىسىنى تاپالمىدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن بۇ كىشىگە كاتىپ بولمىشام بوپتىكەن. مېنىڭ پەزىلەتلىك ۋە ئالىم دوستۇم مەن پۈتكەن نامە سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتمىسە بولاتتى. بۇ ئىشقا ھېچبىر تەدبىر تاپالمىدىم» دەپ، ئاخىرى يوشۇرۇن بەلگە ئارقىلىق مەقسىتىنى بىلدۈرۈش خىيالىغا كەلدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «مەن كۆرسەتكەن بەلگە — ئىشارەتنى ئۇ يا بىلەر، يا بىلمەس. بۇ سىرنىڭ تېگىگە يا يېتەر، يا يەتمەس. قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇنداق بەلگە، ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق بولسىمۇ، دوستلۇق شەرتىنى بەجا كەلتۈرگەيمەن» دەپ نامىنى پۈتتى. نامىنىڭ بىر بۇرجىكىگە بىر «ا» (ئەلىف) تارتتى. يەنە بىر بۇرجىكىگە بىر «ن» (نۇن) ھەرپىنى يېزىپ، نامىنى خۇراسان ئەمىرىگە بەردى. ھېچكىم نامە ئۈستىدىكى «ئەلىف» بىلەن «نۇن»نى كۆرمىدى. نامىگە مۆھۈر بېسىپ ياساۋۇلغا تاپشۇردى. ياساۋۇلنى ھەم بۇ سىرلاردىن، يەنى نامە مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندۇرمىدى. پەقەتلا:

— بۇ نامىنى ئاپىرىپ ئەبۇئەلىگە بەرگىن. ئۇ ساڭا ھەرقانداق نېمىنى بەرسە ئېلىپ بۇ يەرگە كەلتۈرگىن، — دېدى.

ئەھمەدنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز شۇ ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىشقا رۇخسەت بەردى.

قاچانكى، ياساۋۇل نىشاپۇرغا كېلىپ نامىنى ئەبۇئەلىگە تاپشۇردى. ئەبۇئەلى نامىنى ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى ۋە بوسە قىلدى. خۇراسان ئەمىرىنىڭ سىھھەت - سالامەتلىكىنى سورىدى.



www.uyghurkitap.com

ئەبدۇلجاببار ئەبۇئەلىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. نامىنى ئۇنىڭغا بېرىپ:

— نامىنى ئاچقىن. نېمە يارلىق بۇيرۇپتۇ، ئوقۇغىن. پەرمانىدا تۇرۇپتىمەن، — دېدى. ئەبدۇلجەببار نامىنى قولىغا ئالدى ۋە سەپسېلىپ قارىدى. نامىنى ئاچماستىن ئىلگىرى نامىنىڭ بىر تەرىپىگە «ئەلىف» ۋە يەنە بىر تەرىپىگە «نۇن»نىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى كۆردى. دەرھال «ئەن يەقتۇلۇ» (ئۇلار ئۆلتۈرمەكچى) دېگەن ئايەت ئېسىگە كەلدى. «نامە مېنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا پۈتۈلۈپتۇ» دەپ مۆلاھىزە قىلىپ، نامىنى يەرگە قويدى ۋە بۆرىنى تۇتۇپ، بۆرنۇم قاناپ كەتتى، يۇيۇپ كېلەي دېگەن بولۇپ قويۇپ تاشقىرى چىقتى. شۇ چىققانچە قېچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. سارايدىكىلەر بىر سائەتچە ساقلاپ ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى ئەبۇئەلى:

— نەگە باردىكىن، ئەبدۇلجەببارنى چاقىرىپ كېلىڭلار، — دېدى. ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدى. ئابدۇلجەببار ئاتقا مىنمەي پىيادە چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچ كىشى بىلمەيتتى. ئەبۇئەلى باشقا بىر كىشىنى چاقىرىپ نامىنى بەردى. ئۇ كىشى نامىنى شۇ ياساۋۇلنىڭ ھۇزۇرىدا (ئالدىدا) ئېچىپ ئوقۇدى. ۋاقتىكى، نامە مەزمۇنى مەلۇم بولدى. ھەممەيلەن ئەبدۇلجەببارنىڭ بۇ نامە مەزمۇنىنى قانداق بىلگەنلىكىنى ئۇقالماي ھەيران قېلىشتى. ئەبۇئەلى بولسا، ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خۇشال بولدى. ئەمما ياساۋۇلنىڭ ھۇزۇرىدا ئاچچىقلانغان بولۇپ، «ھەركىم ئەبدۇلجەببار توغرىسىدا خەۋەر بەرسە، شاھانە ئىنئام قىلىمەن» دەپ جار سالدۇردى.

www.uyghurkitap.com

ئەبدۇلجەببار بولسا، ئەبۇئەلگە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنىۋالغان جايىنى ئېيتىپ «مەن پالانى يەردە تۇرىۋاتىمەن» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئەبۇئەلى بۇ ئىشتىن ھېسابسىز شادمان بولۇپ، خۇدايىتائالاغا شۈكرى ـ سانالار ئېيتتى ۋە خەۋەر ئېلىپ كەلگەن كىشىگە:

— ئۇ شۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرسۇن، — دەپ بۇيرۇدى.

نەچچە كۈن ئۆتتى. ياساۋۇلغا نۇرغۇن ئىنئام ـ ئېھسان ۋە سەرۇپاي تارتۇق قىلىپ:«... ئەھۋال ئۇشبۇ تەرىقىدە بولدى. مېنىڭ بۇ ئىشتىن ھېچ خەۋىرىم يوق. بۇنىڭغا ياساۋۇل گۇۋاھتۇر» دېگەن مەزمۇندا نامە پۈتۈپ، ياساۋۇلنى يولغا سالدى. ياساۋۇل نامىنى خۇراسان ئەمىرىگە يەتكۈزدى. خۇراسان ئەمىرى ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ: «مەن ئۇنى ئەپۇ قىلدىم ۋە گۇناھىدىن ئۆتتۇم. بۇ بېشارەتنى قانداق بىلگەتلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەرسىلا بولدى» دەپ ئەپۇنامە پۈتتى. ئەھمەد رافىئى شۇ يەردە ھازىر ئىدى. ئۇ:

— مېنىڭ گۇناھىمدىن ئۆتسىڭىز ۋە ئەپۇ قىلسىڭىز، بۇ سىرلارنى مەن ئېيتاي، — دېدى.

خۇراسان ئەمىرى:

— گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم. سېنى ئۆز پاناھىمغا ئالدىم، — دېدى.

ئاندىن كېيىن، ئەھمەد رافىئى قىلغان ئىما ـ ئىشارەتنى بايان قىلدى. خۇراسان ئەمىرى ئەبدۇلجەببارنى ئەپۇ قىلىپ:

«شۇ نامىنى ماڭا ئەۋەتكىن. مەن نامە ئۇستىدىكى ئىما ـ ئىشارەتنى كۆرۈپ باقاي» دەپ نامە ئەۋەتتى ۋە نامىنى ئەكەلدۈرۈپ كۆردى. نامە ئەھمەد رافىئى ئېيتقاندەك ئىدى.

ھەممە ئادەم بۇ ئىككى بۇزرۇكنىڭ بۇ قاتارلىق پەزىلەت ۋە ھۈنەرلىرىدىن ھەيران قېلىشىپ، ھېسابسىز شادمان بولۇشتى.

كاتىپلىق شەرتلىرىدىن بىرى شۇكى، — ئەي ئوغۇل، مادامىكى پادىشاھلارغا مۇلازىم بولساڭ، تېز پەم، ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىڭ يۇقىرى ۋە ئويلاپ پىكىر قىلىدىغان بولغىن. ھەممە ئىشنى يادىڭغا كەلتۈرۈپ يۈر. ساڭا بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالما. ئەھلى دىۋاننىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن ئاگاھ بول. ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە قائىدە ـ يوسۇنغا دىققەت قىل. كۆرۈنۈشتە ۋەزىرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ يۈرگىنىڭنى بىلدۈرۈپ قويما. لېكىن ئاستىرتتىن ھەممە ئىشلاردىن ئاگاھ بولۇپ يۈر. يەنە ھېساب ئىشلىرىغا پۇختا بول. ئىلىم ئۆگىنىشتىن، مۇئامىلە ئىشلىرىدىن، نامە پۈتمەكتىن ھەر ۋاقىت خالىي بولمىغىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كاتىپلار ئۈچۈن ھۈنەردۇر. كاتىپ ئۈچۈن يەنە ئەڭ ئۇلۇغ ھۈنەر تىلىنى چىڭ تۇتماق ۋە نىيەت ئىگىسىنىڭ، يەنى پادىشاھنىڭ سىرلىرىنى ساقلىماقتۇر. مۇھىم ئىشلارنى پادىشاھنىڭ ئىپسىگە سېلىپ تۇرۇش كېرەك. ئەمما بىھۇدە سۆزلىمىگەن خوپتۇر.

ھەر خىل شەكىلدىكى خەتلەرنى يېزىشقا كامىل بول. ھەر تۈرلۈك خەت كۆرسەڭ، بىلگىنكى، شۇ خەت ئارقىلىق خەت ئىگىسىنىڭ ئىلىمگە باھا بەرگىلى بولىدۇ. لېكىن يازغان خەتلىرىڭنى ئالدىراپ بىرسىگە كۆرسەتمىگىن. ئەمما يالغانچىلىق بىلەن مەشھۇر بولماي دېسەڭ، دورامچىلىقنى ئۆگەنمە. چۈنكى دورامچىلىق يامان ئاتاققا سەۋەب بولغۇچى ئەسكى ئىشتۇر. شۇ تۈپەيلى، يەنى دورامچىلىق سەۋەبىدىن پادىشاھنىڭمۇ ساڭا بولغان ئىشەنچى سۇسلاپ كېتىدۇ. باشقىلارنىڭ ھەم ساختىپەزلىك

قىلىپ، دوراپ، سىنىڭ نامىڭدا خەت پۈتۈشىدىمۇ ھەزەر ئەيلە. ھەر قەھىر ۋە پېقىر كىشىلەر ئۈچۈن نۆۋەتتى كەلگۈنىدە بىر-بىر ئىشقا ياراپ قالار ياكى بىرەر مەنپەئەتتى يېتىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە باشقىلارنىڭ خېتىنى ھەم دوراپ يېزىپ بېرىپ يۈرمە. ئەگەر شۇنداق قىلىش توغرا كەلسىمۇ، سەندىن گۇمان قىلغۇدەك ئورۇن قويما. بولۇپمۇ پازىل، ئالىم ۋە كاتىپلار ئالدىدا دورامچىلىق قىلىشتىن ساقلان. بولمىسا ئۇلارنىڭ سەندىن ئىشەنچى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، رەبىئى ئىبنى مەزھەرى ساھىب خاننىڭ مۇنشىيى، ئۇلۇغ كىشى ئىدى. ئەمما تولا چاغلاردا دوراپ خەت قىلىدىكەن. بۇ خەۋەر ساھىب خاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ساھىب خان بۇ ئىش تۈپەيلى تەڭلىككە قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىلىم ۋە پەزىلەت، ھۈنىرى سەۋەبلىك ئۇنى ھالاك (بىر ياقلىق) قىلغىلى كۆزى قىيماپتۇ ۋە ياكى ئۆزىگە ھەم بۇ سۆزنى ئېيتالماپتۇ. ساھىب خان بۇ ئىشنى قايسى يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپتۇ. شۇ كۈنلەردە ساھىب خان كېسەل بولۇپ قاپتۇ. ھەممە ئادەم ئۇنى كۆرگىلى كەپتۇ. شۇ قاتاردا رەبىئى ئىبنى مەزھەرىمۇ كۆرگىلى كىرىپ:

— بىرەر نەرسە ئىچەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ساھىب خان:

— پالانى شەربەتنى ئىچكۈم كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

رەبىئ مەزھەرى يەنە:

— كۆڭلىڭىز قانداق غىزاغا تارتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ساھىب خان:



www.uyghurkitap.com

— سەن قىلغان تاماقنا، چۈنكى سېنىڭ دورامچىلىقىڭنىڭ ئىزاسى، يەنى خىجالەتچىلىكى ماڭا غىزا بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

رەبىئى مەزھەرى ساھىب خاننىڭ بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، شۇئان:

— ئەي پادىشاھ، سىزنىڭ مەن ئۈچۈن بۇ سىرلارنى ئاشكارا قىلمىغانلىقىڭىزنىڭ ھۆرمىتىدىن بولسىمۇ، مۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى ئەمدى ھەرگىز قىلمايمەن، — دەپتۇ.

ساھىب خان:

— ئەگەر ئېيتقىنىڭ بويىچە مۇندىن كېيىن ئۇنداق قىلمىساڭ، ئىلگىرى قىلغانلىرىڭنى ئەپۇ قىلدىم، — دەپتۇ.

بەس، بىلگىنكىم، دورامچىلىق چوڭ ئىشتۇر. ئۇنىڭدىن پەرھىز قىلماق كېرەك.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ھەر كەسىپ، ھەر ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانساڭ، شۇ ئىشنى ئۆز ئىقتىدارىڭغا تايىنىپ ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قىل. سەن قىلغان شۇ كەسىپ، ھۈنەردە باشقىلار ئالدىڭغا ئۆتەلمىسۇن.

مەن ھەر بابتا مۇناسىپ سۆزلەرنى قىلىشقا تىرىشتىم. بىراق، گەپ ئۇزارغانسېرى مەقسەت يىراقتا قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ دېمەكچى بولغانلىرىمنى ئېيتماي قويمىدىم. بەس، ھەر تۈرلۈك ھال ـ ئەھۋال ۋە ئىشلارنى ئوخشىمىغان يوللار ئارقىلىق ساڭا ئېيتتىم. ئەگەر قوبۇل قۇلىقى بىلەن ئىشتسەڭ، ئۇنىڭدىن تولا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن. مەلۇمكى، بىر چىراغ بىلەن نۇرغۇن چىراغلارنى ياندۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر خۇدايى تەبارەك ۋەتائالا سېنى مۇنشىلىقتىن ۋەزىرلىككە يەتكۈزسە، ئۇنىڭ

شەرتلىرىنى كۆڭلۈڭدە ساقلاپ، ئەمەلدە كۆرسەتكىيسەن، تا ئۇنىڭغا لازىملىق، يەنى ۋەزىر بىجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارغا تولۇقى بىلەن ئادا قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكەيسەن! سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭدا نۇقسان يول تاپالمىغاي، يەنى ھەربىر ئىشىڭدا كەمچىلىك كۆرۈلمىگەي. خۇدايى تەبارەك ۋەتائالا سەندىن ۋە سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭدىن رازى بولغاي!



www.uyghurkitap.com

## قىرىقىنچى باب

## ۋەزىر بولماقنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، ئەگەر ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشەلىسەڭ، ئالدى بىلەن ۋەزىرلىكنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىنى ھەمدە ھېساب ئىلمىنى ياخشى بىل ۋە ئوبدان ئۆگەن. ھەممە ئىشلاردا پادىشاھقا راستچىل بول. نېمەت ئىگىسىگە، يەنى پادىشاھقا ئىنساپ بىلەن مۇئامىلە قىل. ھە دېسىلا ئۆزۈڭنىڭ كۆمىچىگە چوغ تارتما. شەخسىيەتسىز بول. [بىرەرسى] ساڭا سوۋغا ـ سالام بەرسە، ئالدىراپ ئالما. مەلۇم مەقسەت ـ مۇددىئاسى بولمىسا، ھېچكىم ساڭا بىكارغا سوۋغا بەرمەيدۇ. [سوۋغىنى قوبۇل قىلدىڭمۇ] دەسلىپىدە ھېچ ئىش بولمىغىنى بىلەن، ھامان ئۇنىڭ سورىقى بولىدۇ. بەس، ھەر ۋاقىت پادىشاھنىڭ ھوقۇق ۋە ھۆرمىتىنى ياخشى ساقلا. ئەگەر ئۆزۈڭ يېمەكچى بولساڭ، ئىككى قولۇڭدا يېگىن. تا بوغۇزۇڭغا تۇرۇپ قالمىغاي، يەنى ئىككىنى ئۆزۈڭ يېگەندە، بىرنى باشقىلارغا بەر. ئەمما ئەمەلدارلارنىڭ ئىلكىنى (پۇت ـ قولىنى) بىر يولى چۇشەپ قويما. شۇنى بىلگىنكى، كاۋاپنى ئوتتىن يىراق تۇتسا، خام قالىدۇ؛ بەك يېقىن تۇتسا، كۆيۈپ كېتىدۇ. بىر پۇلنى ئۆزگىگە بەرمىگۈچە، ئون پۇلنى ئۆزۈڭ يېيەلمەيسەن. شۇڭا باشقىلارنىمۇ مەلۇم نەپكە ئېرىشتۈر.

ئاندىن ئۆزۈڭ يېگىن. ئاۋادا باشقىلار سەندىن ھېچبىر نەپكە ئېرىشەلمىسە، ئۇ ھالدا يېگەنلىرىڭنى يوشۇرۇپ قىلالمايسەن. ئۇلار ھامان نېمەت ئىگىسىگە، يەنى پادىشاھقا دەپ قويىدۇ. شۇڭا ھەرقاچان پادىشاھ ئۈچۈنمۇ، لەشكەر ۋە پۇقرالار ئۈچۈنمۇ ناھايىتى ئىنساپلىق بولغىن. ئازغىنە ۋە ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن ئۆزۈڭگە يامان نامنى يۈكلىۋالما. چىشقا كىرىۋالغان گۆشنى ئېلىپ يېگىنىڭ بىلەنمۇ قورساققا پايدىسى يوق. يەنى چىشىڭنىڭ ئارىسىدىكى گۆش بىلەن قورساق تويمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، كىچىككىنە نەرسىنى دەپ لەشكەرلەرنى ۋە پۇقرالارنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالما. ئەگەر يېتەرلىك مال ـ دۇنيا جەمئىي قىلماقنى ئارزۇ قىلساڭ، ۋەيرانە جايلارنى ئاۋات قىلغىن. تازا (پاك)، ھېسابسىز ۋە ئارزۇ قىلغىنىڭدىنمۇ كۆپ مال ـ دۇنياغا ئېرىشەلەيسەن. خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ تىرىكچىلىكى ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەرگەن بولىسەن.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، پادىشاھلاردىن بىرى ۋەزىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باشقا بىرىنى ۋەزىر قىلىش خىيالىدا بوپتۇ ۋە ۋەزىرگە:

— ۋەزىرلىكىڭنىڭ ئورنىغا ساڭا بىر كەنت بېرەي، ئۆز خەلقىڭ بىلەن شۇ يەردە ياشىغىن، — دەپتۇ. ۋەزىر:

— ماڭا نېمەت ۋە مال ـ مۈلۈك لازىم ئەمەس. مەندە بارلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى پادىشاھقا تۇتتۇم. مېنىڭ ئاۋات يەرگە خاھىشىم يوقتۇر. ئەگەر ئىلتىپات قىلماقچى بولسىلا، ماڭا ۋەيرانە بىر جاينى بەرگەيلا. مەن ئۇ يەرنى ئاۋات قىلىپ، يەنى



www.uyghurkitap.com

گۈللەندۈرۈپ، شۇ پەردە تۇراي، ــــ دەپتۇ. پادىشاھ شۇئان پەرمان قىلىپ:

ــــ ۋەيرانە يەردىن قانچىلىكىنى خالىسا، شۇنچىلىك بېرىڭلار، ــــ دەپتۇ. خاس خادىملار ھەممە يەرنى ئىزدەپ پادىشاھلىققا تەئەللۇق پۈتۈن زېمىن ئىچىدىن ھېچقانداق ۋەيرانە كەنت ياكى جاينى تاپالماپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىپ پادىشاھقا:

ــــ ھېچقانداق ۋەيرانە جاينى تاپالمىدۇق، ــــ دەپ مەلۇم قىپتۇ. ۋەزىر شۇ جايدا ھازىر ئىكەن. ئۇ پادىشاھقا:

ــــ ئەي پادىشاھ، بىلىمەن. مەن باشقۇرغان، مېنىڭ ھوقۇقۇم جارى بولغانلىكى يەرلەردە ھېچقانداق ۋەيرانچىلىق، يەنى ۋەيرانە جاي يوقتۇر. ئەمدىلىكتە مەندىن بۇ مەنسەپنى ئېلىۋېلىپ، باشقا بىرىگە بەرمەكچى بولۇۋاتىدىلا. ناۋادا شۇنداق قىلسىلا، مەن ئاۋات قىلغاندەك يەنە ئاۋاتلىق بولارمۇ؟ ــــ دەپتۇ. پادىشاھ بۇ سۆزدىن ھەممە ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ، تون ـ سەرۇپاي ئىنئام قىلىپ، ۋەزىرلىكنى يەنە ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

مەقسەت شۇكى، ۋەزىرلىك ئىشىدا ئىمارەت بىنا قىلماق، يۇرتنى ئاۋات قىلماق، يەنى گۈللەندۈرمەك ۋە دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە يەتمەك قاتارلىقلاردا تولا تىرىشچانلىق كۆرسەت. تا خالايىق ئارا تىلىڭ ئۇزۇن بولىدۇ. تۇرمۇشۇڭ ۋەھىمىسىز ۋە خاتىرجەم ئۆتىدۇ. ئەگەر لەشكەرلەر ئارىسىدا تەشكىلسىزلىك ۋە ئەنسىزچىلىك كۆرۈلسە، بۇ ياخشى ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالدا پادىشاھ بەرگەن ئەمەلدارلىق كىيىمىنى كۆرسىتىپ يۈرمە. بولمىسا ئىشلىرىڭ تەتۈر ئىسچە نەتىجە بېرىپ قالىدۇ. ئىمكان

بار پادىشاھنى لەشكەرلەرگە ۋە پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىشقا، يەنى ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا تەرغىب قىلغىن. چۈنكى پادىشاھنىڭ سەلتەنىتىنىڭ مۇقىم ۋە بەرقارار (مۇستەھكەم) بولىشى لەشكەرلەر بىلەندۇر. سەھرانىڭ ئاۋات بولىشى دېھقان بىلەندۇر. ھەمىشە ئىمارەت قىلىش، يۇرتنى گۈللەندۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەت.

شۇنى بىلگىنكى، جاھاندارلىق، يەنى جاھاننى ئىدارە قىلىش لەشكەر بىلەن بولىدۇ. لەشكەرنى ئوبدان تۇتۇش زەر (ئالتۇن) بىلەن بولىدۇ. زەر (ئالتۇن) مەملىكەتنىڭ ئاۋاتلىقى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. [مەملىكەتنىڭ] ئاۋاتلىقى ئادالەت بىلەن ئەل باشقۇرۇشتىن ھاسىل بولىدۇ. بەس، ئەدل ـ ئادالەت بىلەن ئەل سورىماقتىن ھەرگىز غاپىل بولما. ناۋادا خاتىرجەم ۋە دىيانەتلىك بولساڭمۇ، ھەر ۋاقىت پادىشاھتىن قورق. چۈنكى ۋەزىرنىڭ پادىشاھتىن قورقمىقى ئۆزگىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ ۋاجىپتۇر. شۇڭا ۋەزىر پادىشاھتىن ئۆزگىلەرگە قارىغاندا بەكرەك قورققاي! ھەتتا پادىشاھ كىچىك ياشلىق، يەنى پادىشاھزادە بولسىمۇ، ئۇنى كىچىك سانىمىغىن. چۈنكى ئۆردەكنىڭ چۈجىسىگە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىش ھاجەت ئەمەس. دېمەك، بىرنەچچە زامان ئۆتمەيلا سېنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقىڭنى ئاڭلايدۇ، بىلىپ بولىدۇ. ئەمما پادىشاھزادە بالاغەتكە يەتكەن ـــ چوڭ بولغاندىمۇ ئىككى ھالدىن تاشقىرى بولماس: يا دانا بولىدۇ ۋە يا نادان. ئەگەر دانا بولسا، ياخشى ئاماللار بىلەن سېنىڭ قولۇڭنى ئەمەلدىن قىسقا قىلىدۇ؛ نادان بولسا، يامان ئامالالار (ۋاستىلەر) بىلەن سېنى مەنسەپتىن قالدۇرىدۇ. ھەر ھالدا دانا كىشىدىن (دانا

پادىشاھتىن) چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ بولسىمۇ جىنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن. ئەمما نادان كىشىدىن (نادان پادىشاھتىن) تۆرلۈك چارە ـ ئاماللارنى قىلغىنىڭ بىلەنمۇ جىنىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايسەن.

بۇنىڭدىن باشقا، پادىشاھ ھەرقانداق يەردە بولسا، ئۇنىڭ قېشىدا بىللە بولغىن. پادىشاھنى تەنھا تاشلاپ قويمىغىن. دۈشمەنلىرىڭ سېنىڭ يوقلۇقۇڭدا پۇرسەت تېپىپ، سېنى يامان دەپ، يەنى سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلىپ، پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە ساڭا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىپ قويمىغاي. نېمەت ئىگىسىنىڭ، يەنى پادىشاھنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى دائىم سوراپ ۋە ئاڭلاپ تۇرۇشتىن غاپىل بولما. ھەرقاچان ئۇنىڭ (پادىشاھنىڭ) قېشىدا سېنىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرىڭ بولسۇن. تا بولۇنغان ھەرقانداق گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋەردار بولالايسەن. يەنە بىرى، دۈشمىنىڭنىڭ مال ـ مۈلكىدىن خۇددى ئۆز پادىشاھىڭنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئاگاھ بولغانغا ئوخشاش ئاگاھ بولغايسەن.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، فەخرۇددەۋلەنىڭ زامانىدا ساھىب ئىسمائىل ئۇنىڭغا، يەنى فەخرۇد دەۋلەگە ۋەزىر ئىدى. ساھىب ئىسمائىل پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئىككى كۈن كەلمىدى. دىۋانخانىدىمۇ ئولتۇرمىدى. ياساۋۇل فەخرۇددەۋلەگە: «ئىككى كۈن بولدى، ساھىب ئىسمائىل ھېچ كىشىنى كىرگىلى قويمىدى. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرارمىش» دەپ خەۋەر قىلدى. پادىشاھ: «ئەي ساھىب ئىسمائىل، بۇ ئىشىڭىزدىن مەن تەڭلىكتە قالدىم. ناۋادا بۇ

مەملىكەتتە ياكى باشقا بىر يەردە بىرەر ئىشقا مەشغۇللۇقىڭىز بار بولسا، ماڭا ئېيتسىڭىز، مەن ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى قىلسام ۋە يا مەندىن سىزنى خاپا قىلىدىغان بىرەر سۆز ئېيتىلغانلىقىنى ئىشىتكەن بولسىڭىز، ئۇنى ماڭا مەلۇم قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ئۆزرىنى ئېيتسام بولماسمىدى» دەپ ياساۋۇلدىن گەپ ئېيتىپ بەردى. ساھىب ياساۋۇلدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ: «خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! پادىشاھ بەندىسى توغرىسىدا تەڭلىكتە قالسا، قانداق بولىدۇ؟! مەملىكەت ئىشى ھەم ئۆز نىزامىدا مۇستەھكەم تۇرۇپتۇ. پادىشاھ سائادەت ۋە بەختىيارلىق ئىچىدە خۇشال ـ خۇرام ھەم خاتىرجەم ئۆز مەشغۇللۇقى بىلەن بولغاي. پىقىرنىڭ بۇ دىلتەڭلىكىم، يەنى كۆڭۈلسىزلىكىم پات پۇرسەتتە كۆتۈرۈلۈپ كەتكۈسىدۇر» دېدى ۋە ئۇچىنچى كۈنى كېلىپ فەخرۇددەۋلەگە كۆرۈنۈش قىلىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. فەخرۇددەۋلە ساھىبتىن:

— ئۇ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدى. ساھىب جاۋاب بېرىپ:

— كاشغەردىن خەۋەرچىم ماڭا خەت ئەۋەتىپتۇ. ئۇ خېتىدە: «پالانى كۈنى خاقان پالانى ھەربىي ئەمەلدارنىڭ قېشىدا بىر سۆز دېگەنىدى. مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئۇ نېمە سۆز بولغىيتى؟» دەپتۇ. شۇ سەۋەبتىن مېنىڭ ھېچ خۇشاللىقىم قالمىدى، كۆڭلۈم پەقەتلا ئارامىدا بولمىدى. شۇنداق، خاقان كاشغەردە بىر سۆز دېگەن بولسا، مەن بۇ يەردە تۇرۇپ نېمە دېگەنلىكىنى قانداقمۇ بىلەي؟! مانا بۈگۈن خەۋەرچىم خاقاننىڭ شۇ كۈنى نېمە دېگەنلىكىنى ۋە شۇ سۆزنىڭ ئىسمىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ خەت ئەۋەتىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن خۇشال بولدۇم. كۆڭلۈممۇ ئارامىغا

چۈشتى، — دېدى.

ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ لازىمدۇركى، ھەممە ئالەم پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ بولغايسەن ۋە ئۆز پادىشاھىڭنى ئۆزگە پادىشاھلار ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرغايسەن. تاكى پادىشاھ دوست ـ دۈشمەنلىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغاي. شۇنداق قىلساڭ سېنىڭ ھەممە ئىشلاردا ئەستايىدىل ئىكەنلىكىڭ پادىشاھقا ھەم مەلۇم بولىدۇ.

خوش، ھەرقانداق بىر ئادەمنى بىرەر ئەمەلگە قويماقچى بولساڭ، ئۆز لايىقىدىكى ئىشقا قويغىن ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ياخشى چۈشەن. مال ـ دۇنيانى كۆپەيتىش تەمەسىدە يۇرتنى جاھىل ـ نادانلارغا تاشلاپ قويما. شۇنىڭدەك نامرات كىشىنى ئاقىللار قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ـ ئەمەللەرگە بۇيرۇما. چۈنكى نامرات كىشى شاخ ـ يوپۇرماقسىز قۇرۇق دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزى ئاۋۋال شاخ ـ يوپۇرماققا ئىگە بولماي تۇرۇپ، يەنە بىرىنى شاخ ـ يوپۇرماققا ئىگە قىلالمايدۇ. ناۋادا زىرائەتكە، قوغۇنغا سۇ بەرمەكچى بولساڭ، ئەگەر شۇ زىرائەتنىڭ، قوغۇننىڭ ئورىكى نەمرەك بولسا، سۇ زىرائەتكە، زىرائەتنىڭ يىلتىزىغا پات بارىدۇ. ئەگەر ئورەك قۇرۇق بولسا ياكى سۇ كىرمىگەن بولسا، سۇ ئاۋۋال ئورەككە سىڭىپ، ئورەك سۇغا قانغاندىن كېيىن، ئاندىن زىرائەتكە يېتىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئەمەل دەل ئەنە شۇنداق سۇ كىرمىگەن قۇرۇق ئورەككە ئوخشاشتۇر. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىنىڭ قانات ـ قۇيرۇقىنى تەككەپ بولۇپ، ئاندىن باشقا بىرىنىڭ ئۇچۇشىغا يول بېرىدۇ. ئومۇمەن، سېنىڭ پەرمانىڭغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆز كۆمىچىگە ئاۋۋال چوغ تارتىدىغان، يەنى ئۆز ئىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان كىشىگە ئەمەل بەرمىگىن!

www.uyghurkitap.com

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، ئەبۇلفەزل خان سۇھەيلى خوجەندىنى سەمەرقەندنىڭ ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەپ، تون كىيدۈرۈپ پەرمان چىقارغانىدى. سۇھەيلى خوجەندى يولغا چىقىدىغان كۈنى خۇشلاشقىلى پادىشاھنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە پادىشاھقا دۇئا قىلىپ، ئامان ـ ئېسەنلىك تىلەپ دېدىكى:

— ئەي پادىشاھ، سىزنىڭ پەرمانىڭىزنى ئېلىپ تەيىنلەنگەن ۋەزىپەمنى بېجىرگىلى ماڭغىلىۋاتىمەن. قۇلىڭىزغا بېشارەت بەرسىڭىز، ئاۋۋال قايسى ئىشنى قانداق پەرمان بىلەن بېجىرەي ۋە قايسى ئىشلارنى قىلغۇلۇق ۋە قايسى ئىشلارنى قىلمىغۇلۇق، قۇلىقىم پەرمانىڭىزدا.

ئەبۇلفەزل دېدىكى:

— ئەي سۇھەيلى، نەچچە ۋاقىت ۋە نەچچە زامانغىچە بۇنداق ئەندىشە ۋە ئوي ـ خىيال ئىچىدە يۈرۈيسەن؟! ئەمدى بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرغىن. مەن بۇ ئىش توغرىسىدا ئالدىرىماي ئويلىشىپ كۆرەي. سېنىڭ بۇ سوئاللىرىڭغا ھازىرلا جاۋاب بەرگۈم يوق.

سۇھەيلى ئۆيىگە قايتتى. ئاندىن پادىشاھ دەرھال:«سۇھەيلى بىر يىلغىچە ئۆيىدىن چىقمىسۇن. تاكى ئۆز ئورنىدا زىنداندا تۇرغاندەك تۇرسۇن» دەپ پەرمان چۈشۈردى.

پادىشاھ بىر يىلدىن كېيىن سۇھەيلىنى چاقىرتتى ۋە:

— كۆردۈڭمۇ، مەن ئىككى پەرمانىمنىڭ بىرىنى راست، بىرىنى يالغان چىقاردىم. مەن ھەرقاچان مەنسەپ ئىگىلىرىگە خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئىشلەيدىغان بولۇشنى ئۆگىتىمەن. مەندىن قانداق ۋە قايسى تەرىقىدىكى ئەخمەقلىقنى كۆردۈڭ؟ مەن خەلقىمگە ھەرگىزمۇ

بىپەرمانلىق قىلىشنى، يەنى پەرمانغا بويسۇنماسلىقنى ئۆگەتمەيمەن. مېنىڭ يارلىقىم بىرلا بولىدۇ. خالىسام دەيمەن، خالىمىسام دېمەيمەن. مېنىڭ ھېچكىمدىن قورقۇنچۇم يوقتۇر. بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئاجىزلىق ھەم بوشاڭلىق قىلمايمەن. بۇ ئىشلاردا سەن ماڭا نىسبەتەن گۇماندا بولغاندەك قىلىسەن. پەقەت ئاجىزلارغا قارىتا شۇنداق گۇماندا بولساڭ بولاتتى. قارىغاندا سەن مېنى باشقىلارغا تايىنىپ سەلتەنەت سۈرىدۇ، دەپ ئويلاپ قاپسەن. شۇنى بىلگىنكى، مەن غەيرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئىش بېجىرمەيمەن. مەن ساڭا ئەمەل بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشكە پەرمان چۈشۈردۈم. سەن بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەرگىزمۇ يالغان ھۆكۈم يۈرگۈزمىگىن. ئەگەر قول ئاستىڭدىكىلەر سېنىڭ پەرمانىڭچە ئىش قىلمىسا، ئۇلارغا ياخشى ئەدەپ بەرگىن. تاكى ھاياتلىقىڭدا ھۆكۈمىڭ راۋان يۈرگۈزۈلىدىغان بولسۇن. شۇندىلا كېيىنكىلەر ھەم ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەزىرلەرنىڭ ئىش ـ ئەمەللىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆرنەك قىلىدىغان بولىدۇ، بەس.

گەپنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، ۋەزىر بولغۇچى، بىرى، ھەر ۋاقىت سادىق بولۇپ، يارلىقنى راۋان ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان، پادىشاھنىڭ ھەرقانداق ھۆكۈمىنى ھەشەمەت ۋە داغدۇغا بىلەن بەجانىدىل ۋە جايى ـ جايىدا ئىجرا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان بولغاي. يەنە بىرى، ھاراق ئىچمىگەي. پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ھاراق ئىچمەككە مەشغۇل بولسا، مەملىكەت ئىشىدا سەۋەنلىك پەيدا بولىدۇ. خاتىرجەمسىزلىك يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ۋەزىر بولساڭ، [ئالدى بىلەن] ئۆزۈڭنى ياخشى ساقلا.

هەر ئىشنى مىنىڭ ئېيتقىنىمدەك قىلىڭ، چۈنكى ۋەزىر مەملىكەتنىڭ پاسىبانىدۇر. پاسىبان چوقۇمكى هەر ئىشتا قاتتىق قول بولمىقى كېرەك. تا پاسىبانغا يەنە بىر پاسىبان لازىم بولمىغاي! ناۋادا ۋەزىرلىكتىن ئۆتۈپ باش قوماندانلىق ياكى پادىشاھلىقنىڭ دەرىجىسىگە يەتسەڭ، ئۇنىڭ شەرتلىرىنىمۇ ياخشى ئۆگەن ۋە دىلىڭدا مەھكەم ساقلا. تاكى ئىشلىرىڭ كۈندىن - كۈنگە تەرەققىي تاپقاي. ۋەسسالام!

## قىرىق بىرىنچى باب

## باش قوماندانلىقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ئەگەر باش قوماندان بولساڭ، لەشكەرلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بول، ھەم ئۆزۈڭ بىۋاسىتە مەرھەمەت كۆرسەت ھەم پادىشاھ ئارقىلىق ياخشىلىق يەتكۈز. ھەمىشە سەگەك بول. لەشكەر تارتماق، سەپ تۈزمەك ۋە جەڭ قىلماقنىڭ يوللىرىنى ياخشى بىلگىن. جەڭ قىلىدىغان ۋە سەپ تۈزىدىغان كۈنلەردە ئوڭ ۋە سول تەرەپ لەشكەرلەرگە، لەشكەر باشلىقلىرىغا جەڭ قىلىش تەرتىپلىرىنى ئوبدان ئۆگەتكىن. جەڭ ئىشلىرىدا جاھان كۆرگەن، ھەممىدىن باھادىر ۋە قوۋمىنىڭ ئوبدانلىرىنى لەشكەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە تۈرغۈزغىن. لەشكەرنىڭ يۆلەنچۈكى شۇلار بولسۇن. گەرچە دۈشمەن ئاجىز بولسىمۇ، ئاجىز دەپ سەل قارىغۇچى بولما. جەڭدە ئالدىراقسانلىق ھەم قىلمىغىن. ئالدىراقسانلىق قىلساڭ، لەشكىرىڭنى نابۇت قىلىسەن. يەنە قورقۇنچاق ۋە دىلىغۇل بولما. لەشكىرىڭنى قاچۇرۇپ قويىسەن. كۆز ـ قۇلاق ئەۋەتىپ دۈشمەن ھالىدىن خەۋەردار بولماقتىن ھەر ۋاقىت غاپىل بولما. جەڭ ۋاقتىدا لەشكىرىڭگە خۇش چىراي، مەردانە كۆرۈنۈش بېرىپ، «دۈشمەن قانچىلىك كىشى ئىكەن، مەن بىر سائەتتىلا ئۇلارنىڭ روزگارىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن!» دېگەندەك گەپلەر بىلەن مەدەت

بەر. ئەمما لەشكەرنىڭ بىر يولى، يەنى بىراقلا ھۇجۇمغا بۇيرۇما. توپ ـ توپ قىلىپ، ھەر توپنى بىر تۇغ (بايراق) بىلەن ماڭغۇز. ھەر توپقا بىر باش قوماندان تەيىنلەپ، «ئەي پالانى، سەن بۇ توپنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆت» دەپ پەرمان قىل. جەڭ قىلىنىشقا يارىمىغانلارنى ئۆز قېشىڭدا تۇرغۇز. جەڭدە ئالدىدا ماڭغان پىداكارلىق كۆرسەتكەن، باش كېسىپ كەلگەن ياكى ئات ئولجا ئېلىپ كەلگەن ۋە ياكى ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە تۆھپىسىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ تون ۋە ئىنئام بەر. مائاشىنى زىيادە قىل. بۇنداق چاغدا مال ـ دۇنيانىڭ كۆزىگە قارىما. مال ـ دۇنيانى ئاياپ ئولتۇرما. پەس ھىممەتلىكنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلىۋالما. شۇندىلا مەقسىتىڭ تېز ئەمەلگە ئاشىدۇ ھەم لەشكەر سېنىڭ ئارزۇيۇڭغا بېقىپ جەڭ قىلىدۇ. قىلغان ھىممىتىڭگە كۆرە جاسارەت كۆرسىتىدۇ. غەلىبىگە ئېرىشەلەيسەن. ناۋادا مەقسىتىڭگە يېتەلمىگەن، مۇرادىڭ ھاسىل بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلما. ئۆز ئورنىڭنى مەھكەم ساقلا. ئۆزۈڭگە بەك كۈچەپ كەتمە. ئىمكان بار باش قوماندانلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ، پۇرسەت تېپىپ جەڭنى داۋاملاشتۇر. تىرىشچانلىق كۆرسەت. ئەمما قاچماقنى ھەرگىزمۇ كۆڭلۈڭگە كەلتۈرمە. ھەرقاچان ئۆلۈمگە ئۆزۈڭنى ئاتاپ تۇرغىن. ھەر كىم ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتاپ تۇرۇپ جەڭ قىلسا، ئۇنداق ئادەمنى ئاسانلىقچە ئورنىدىن تەۋرەتكىلى بولماس. شۇنداق قىلساڭ، باش قوماندانلارنىڭ كاملى بولالايسەن!

نەزمە:

سىپەھسالار لەشكەرى ئولكى بىر لەشكەرشىكەن ئاخىر،
شىكەست ئولغاي ئانىڭدىن نەچچە لەشكەر لەشكەرى ئەئدا.

(باش قوماندان شۇنداق بولۇشى كېرەككى، لەشكەرلىرى ئۇنىڭدىن غەيرەت ـ شىجائەتكە ئېرىشەلەيدىغان؛ دۈشمەن لەشكىرى ئۇنىڭ جاسارىتىدىن ۋەھىمىگە قالىدىغان بولسۇن.)

ئەگەر غەلىبە قازانساڭ، قاچقان دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن ھەرگىز قوغلىما. قوغلىماقنىڭ خەۋپى كۆپتۇر. چۈنكى قوغلاپ بارساڭ نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئاتام (ئۇنىڭغا ئاللاننىڭ رەھمەتلىرى بولغاي!) جەڭ يوللىرىنى، يەنى جەڭ قائىدىلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ھەرگىزمۇ قاچقان دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلىمايتتى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ جەڭ قىلىش ئۇسۇلىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئۇ: «قاچقان لەشكەر جاندىن تويار. شۇڭا جېنىدىن كەچكەن ھەرقانداق ئادەم بىلەن ئۆچەكەشمىگەن خوپتۇر» دېگەنىكەن. بەس، جەڭدە سەۋەنلىك كۆرۈلمىگەي دېسەڭ، قاچقاننىڭ كەينىدىن قوغلىما. چۈنكى ئۇدۇل قاچقاننى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمما ياندىن چىقىپ قالسىچۇ؟ تاساددىپىيلىقتىن خالىي بولماق تەس. ھەممە ئىشنىڭ سەن ئويلىغاندەك بولۇشى ناتايىن. بۇ سۆزلىرىمنى ئېسىڭدىن چىقارغۇچى بولما. ناۋادا جەڭ قىلىدىغان كۈنى تۇرغان جايىڭ ئوبدان بولمىسا مەيلىكى، ئارقاڭدا ئوبدان يەر بولسىمۇ، ھەرگىز قەدىمىڭنى ئارقىغا قويما، يەنى ياخشى يەردە تۇرىمەن، دەپ ئارقاڭغا چېكىنمە. چۈنكى بىر غېرىچ كەينىگە چېكىنسەڭ، لەشكىرىڭ سېنىڭ ھالىڭنى كۆرۈپ قاچىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىدۇ. نەدە تۇرغان بولساڭ، شۇ يەردە مەھكەم تۇرۇپ جەڭگە ھازىرلان. بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭساڭ، ماڭغىنىكى، بىر غېرىچ كەينىگە قايتما. لەشكىرىڭ سېنىڭ ھەققىڭدە ھەر ۋاقىت

مەردانە تۇرالايدىغان بولسۇن. لەشكەر ئىشىدا سېخىيلىقنى كۆپرەك لازىم تۇت. كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلىپ تۇر. ئىنئام ئىنئام قىلىش ئىمكانىيىتىڭ بولمىسا، ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ كۆڭلىنى ئۇت. بىر لوقما نان ۋە بىر پىيالە شارابىڭمۇ لەشكەرسىز يېمە ۋە ئىچمە. نان بىلەن ئالغان كۆڭۈلنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىيىم بىلەن ئالغىلى بولماس. ھەمىشە لەشكەرنىڭ كۆڭلىنى خۇش تۇتقىن. ئەگەر خالىساڭ لەشكەرىڭ سەندىن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان بولسۇن. شۇڭا سەن ناننى، يەنى يېمەك ـ ئىچمەكنى ئۇلاردىن ئايىمىغىن. ھەرقانداق ئىش خۇدايىتائالانىڭ تەقدىرىگە باغلىقتۇر. ئەمما سەن رەھمەت تەدبىرلىرىنىڭ شەرتىنى بەجا كەلتۈرگىن. ناۋادا خۇدايىتائالا ساڭا ياخشى رەھمەت قىلىپ، سېنىڭ مەرتىۋەڭنى پادىشاھلىققا يەتكۈزسە، پادىشاھلىق شەرتلىرىنى ھەم ياخشى ئادا قىلغايسەن!

## قىرىق ئىككىنچى باب

## پادىشاھلىقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يېتەلىسەڭ، پارسا (خۇداجوي)، تەقۋادار پادىشاھ بولغىن. كۆزۈڭنى ۋە قۇلىقىڭنى خەلقنىڭ مەھرەملىرىدىن يىراق تۇتقىن. ھەر ئىشتا ئۆز رايىڭچە بولما. ھەممە ئىشلاردا ۋەزىرىڭ بىلەن كېڭەشكىن ھەم مەسلىھەتىڭگە قۇلاق سال. پادىشاھنىڭ ۋەزىرلىرى دانىشمەن سانىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ساڭا دۈشمەن بولمىسىلا، دوستلۇقنى كەم قىلما. ھەرقاچان ئالدىراقسانلىق قىلما، يەنى ئېغىر ـ بېسىق بول. بىرەر ئىش تۇيەيلى ھەرقانداق جايغا بارساڭ، ئاۋۋال شۇ بارغان يېرىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزەت. تا ئاخىرىنى كۆرمىگىچە، ئاۋۋىلىغا قاراپ بىر قارارغا كەلمە. ھەر ئىشتا ھۆرمىتىڭنى ساقلا ۋە مادارا قىلىشقا ئادەتلەن. ھەر ئىشنى زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىك، يەنى ئۆكتەملىك بىلەن بېجىرىشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرمە. بۇ ھەقتە ھەزرىتى خاجە ھافىز مۇنداق يازغان:

ئاسايىش ئىزدەر ئېرسەڭ ئىككى جەھاندا، ئەي يار،
دوستۇڭغە قىل مۇرۇۋۋەت، دۈشمەنگە قىل مەدارا.

ھەممە سۆز ۋە ئىشلارغا ئادالەت كۆزى بىلەن قارا. ھەق ۋە

ناھەقنى پەرق قىلالايسەن. ۋاقتىكى، پادىشاھ دانىشمەنلىك بىلەن كۆزىنى ئوچۇق تۇتمىسا، ھەق ـ ناھەق يوللىرى مەلۇم بولماس. ھەمىشە راست سۆزلۈك ۋە كەم كۈلكە بولغىن. قول ئاستىڭدىكىلەر ساڭا يەڭگىللىك قىلىدىغان بولۇپ قالمىسۇن. ھەكىملەر دەپتۇلاركى: «پادىشاھ ئۈچۈن ھەممىدىن يامان ئىش ـ پۇقرالارنىڭ يەڭگىللىكى ۋە پەرمانىغا بويسۇنماسلىقتۇر.»

سىنىڭ ئىنئام ـ ئېھسانلىرىڭ ھەمىشە ھەقلىق يوسۇندا، ئۆز لايىقىدا تۆھپىكارلارغا يېتىپ تۇرسۇن. ئەمما ئۆزۈڭ كەم كۆرۈنۈشلۈك بول. ھەرقانداق ئادەم سېنى خالىغانچە كۆرەلمىسۇن. لەشكىرىڭ ۋە پۇقرالىرىڭغىمۇ سۇلغۇن ھالەتتە كۆرۈنگۈچى بولما، ھەم ئۆزۈڭنى ھەرقانداق ئەھۋالدا باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتما. خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىگە رەھىملىك بول. ئەمما بىرەھىملەرگە بىرەھىم بول. ئەپۇچانلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. لېكىن سىياسەت بىلەن يۈرت سورا. خۇسۇسەن ۋەزىرىڭگە كۆڭۈل سىرلىرىڭنى ئالدىراپ بىلدۈرۈپ قويما ھەم بىر يولى ئۇنىڭ رايىغا ھاجەتمەن بولۇپ قالما. بىرەر كىشىنىڭ ھەققىدە ھەرقانداق بىر سۆزنى قىلسا، ئاڭلا، ئەمما دەرھال ھۆكۈم قىلمىغىن. ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ، راست ـ يالغىنىنى بىلگەندىن كېيىن مۇۋاپىق، يەنى زۆرۈر بولسا، ھۆكۈم قىلغىن. ھەرقانداق بىر كىشىگە ۋەزىرلىك مەنسىپىنى بەرسەڭ، بارلىق ھوقۇق ـ مائاشىنى تولۇق، يېتەرلىك بەر. مەملىكەت ئىشلىرىدىن بەزىلىرى توختاپ قالمىغاي. ۋەزىرىڭنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يېقىن ـ يورۇقلىرىغا ياخشىلىق قىل. ئېھتىياجلىق نەرسىلەر ۋە مائاشتىن قىسىلىپ قالمىغاي. ئەمما ۋەزىرىڭنىڭ يېقىن ـ يورۇق ۋە تۇغقانلىرىنى ئەمەلدار قىلما. قۇيرۇقنى بىر يولىلا مۇشۇكنىڭ

ئالدىغا تاشلىمىغان خوپتۇر. چۈنكى ھېچ ۋاقىتتا ۋەزىر بولغان كىشى ئۆز يېقىن ـ يورۇقلىرىغا ئالاقىدار ھېسابىنى راستلىق بىلەن بېجىرمەيدۇ ھەم سېنىڭ مال ـ مۈلكۈڭ، يەنى پايداڭ ئۈچۈن ئۆز يېقىنلىرىغا ئازار بېرىشنى خالىمايدۇ. يەنى شۇنى بىلگىنكى، ۋەزىرىنىڭ قوۋمىدىكىلەر ۋەزىرىڭ كۈچىگە تايىنىپ، يەنى ۋەزىرىنىڭ ئەمىلىنى پەش قىلىپ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان بولىۋالىدۇ. شۇڭا ئۇنداقلارنى ئەمەل تۆرىگە يېقىن يولاتقۇچى بولما. يەنە بىرى، ئوغرىلارغا رەھىم قىلمىغىن، ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك كىشىنى ئەپۇ قىلما. ئەمما ئېھتىياتچان بول. قىساسكار ئادەملەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولغان تۈزۈك. چۈنكى ئېھتىياتسىزلىق تۈپەيلى پەيدا بولغان جاراھەتتىن ساقا ھەم ئازاب يېتىپ قېلىشى مۇمكىن. چاكار ۋە نەۋكەرلىرىڭگە رەھىم ـ شەپقەتلىك بول. قويچى ۋە چاكارلىرىڭ گويا قويغا ئوخشاشتۇر. قويچى قويلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالمىسا، ھالاك بولىدۇ. ناۋادا بىرەر كىشىگە سەندىن بىرەر ئازار يەتكەن بولسا، يەنى سەن بىرەرسىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويغان بولساڭ، قايتىلاپ ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپمۇ كەتمە. ھەرقانداق كىشىنى ئۆز لايىقىدا ئىشقا قوي. خىزمەتكارنى بىرەر ئىشقا بەند قىلىش ئارقىلىق باشقۇرماق كېرەك. لېكىن ھەرقانداق بىر كىشىنى بىرەر ئىشقا قويماقچى بولساڭ، چوقۇر ئويلىنىپ، ئۆز لايىقىدىكى ئىشقا قويغىن. ئەمما، شاراب خۇمار ئادەمنى خەزىنىدار قىلما. ھەرقانداق ئىشنى شۇ ئىشنى بېجىرىشكە لايىق، بۇيرۇلغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىگە بۇيرۇماق كېرەك. دېمەك، ھەر ئەمەلگە قارىتا لايىقىدا كىشى بولۇشى لازىم. تاكى

تەنە قىلغۇچىلار ساڭا قارىتا سىنىڭ ئىش تەقسىماتىڭ ئۈستىدە ئېغىز ئاچالمايدىغان، مەملىكەت ئىشىدا نۇقسان تاپالمايدىغان بولسۇن. ھەرقانداق ئادەم بۇيرۇلغان ئىشنى بىلمىسىمۇ، ھېچ ۋاقىتتا «مەن بىلمەيمەن» دېمەيدۇ. ئەمما ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن شۇ ئىشنى قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ھامان نۇقساندىن خالىي بولمايدۇ. شۇڭا ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان كىشىگە تاپشۇر. ئۇ ھالدا باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلىسەن. ناۋادا بىرەر چاكىرىڭغا (خىزمەتكارغا) ئىلتىپات كۆرسەتكۈڭ، مەرھەمەت قىلغۇڭ بولسا، قۇدرىتىڭ يېتىشىچە ئۇنىڭغا يېمەك - ئىچمەك ۋە پۇل - مال بېرىپ باي قىلغىن. ئەمما ئەمەلگە بۇيرۇما. مەنسەپ بەرمە. پادىشاھلىق ئىشلىرىغا يولاتما. ئەگەر بىرەرسى سىنىڭ پەرمانىڭنى كۆزىگە ئىلمىسا، ئۇ ھالدا سېنى كۆزىگە ئىلمىغان بولىدۇ. چۈنكى پادىشاھنىڭ راھىتى پەرماننى جارى قىلدۇرماق بىلەندۇر. پادىشاھ ئادەمىيلىك سۈرەتتە پۇقرالار بىلەن باراۋەر، يەنى ئوخشاش كۆرۈنسىمۇ، لېكىن پادىشاھ ھامان پەرمان چۈشۈرگۈچى؛ پۇقرالار بولسا، پەرماننى قوبۇل قىلغۇچىدۇر.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ بىر خىزمەتكارى بار ئىدى. ئىسمى ئەبۇلفەتھ ئىدى. سۇلتان ئەبۇلفەتھنى نىسا شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتى. ئەبۇلفەتھ نىسا شەھىرىگە بېرىپلا بىر كىشىنى تۇتۇپ تامام مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، مال - مۈلكىنى ۋەخپە قىلىپ، ئۆزىنى زىندانغا تاشلىدى. ئۇ كىشى نەچچە مەھەل زىنداندا يېتىپ، بىر مىكرى - ھىيلە بىلەن زىنداندىن چىقىپ غەزنەيىنگە كەلدى. بۇ دەل سۇلتاننىڭ دەۋا

سورايدىغان كۆنى ئىدى. ئۇ سۇلتاندىن ئادالەت تەلەپ قىلىپ ھاكىمنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئۇ كىشىگە نامە پۈتۈپ بەردى. ئۇ كىشى نامىنى ئېلىپ يېنىپ نىسا شەھىرىگە بېرىپ، نامىنى ھاكىمغا بەردى. ھاكىم كۆڭلىدە «ئۇ كىشى مۇندىن كېيىن غەزنەيىنگە بارالمايدۇ» دەپ ئويلاپ نامىگە ئەمەل قىلماي، سۇلتانىنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇ كىشى يەنە غەزنەيىنگە بېرىپ سۇلتانىنىڭ يولىنى توسۇپ تۇردى. سۇلتان باغدىن يېنىپ چىقىشى بىلەن، ئۇ كىشى يەنە ھاكىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان يەنە نامە پۈتۈپ بەردى. ئۇ كىشى:

— بىر مەرتىۋە كەلدىم. نامە پۈتۈپ بەردىلە. نامىنى ھاكىمغا كۆرسەتكەنىدىم، ھاكىم نامىگە ئەمەل قىلمىدى، — دېدى. سۇلتان ئوڭايسىزلىنىپ:

— بۇ نامىنى ئېلىپ بار. ئەگەر ئۇ نامىگە ئەمەل قىلمىسا، بېشىغا توپا چاچ، — دېدى. ئۇ كىشى ئەجەبلىنىپ:

— ئەي پادىشاھ، نامىنى سىلى پۈتۈپ بەرگەن تۇرسىلا، ھاكىم قوبۇل كۆرمىسە، مەن بېشىمغا توپا چاچسام قانداق بولغىنى؟ — دېدى. سۇلتان:

— ئەي خاجە، چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ئەگەر ھاكىم مەزكۇر نامىنى قوبۇل كۆرمىسە، ئەلۋەتتە مېنىڭ بېشىمغا توپا چاچمىقىڭ لازىمدۇر، — دېدى ۋە: — شەھەر چوڭلىرىنى يىغىپ بۇ كىشىنىڭ تامام مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ بېرىپ، ھاكىمنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈڭلار ۋە پادىشاھنىڭ يارلىقىنى ئىشتمىگەننىڭ سازاسى ئۇشبۇدۇر، دەپ جار سېلىڭلار، — دەپ دەرھال نەچچە غۇلامنى بۇيرۇدى. شۇندىن كېيىن يارلىق قوبۇل

قىلمايدىغان ئىشقا خاتىمە بېرىلدى. ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلىمۇ ئازار يېمەيدىغان بولدى. شۇ بىر سۆز بىلەن ھەممە ئادەم راھەت تاپتى.

**ھېكايەت:**

ھەزرىتى سۇلتان مەسئۇدنىڭ زامانىدا سۇلتان مەردانىلىك ۋە باھادىرلىق يوللىرىنى قولغا ئېلىپ داڭق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن يۇرت باشقۇرۇش يوللىرىنى ياخشى ئىگىلىمىگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى كېنىزەكلەر بىلەن ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولاتتى. يۇرت ئىشى بىلەن كارى بولمايتتى. شۇ سەۋەبلىك لەشكەرلەر پەرمان تۇتماس، يەنى پەرمانغا بويسۇنماس بولدى. پۇقرالارنىڭ كۆڭلى قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىمۇ توختاپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يىراق سەھرادىن بىر خوتۇن كېلىپ، ئادالەت تەلەپ قىلىپ سەھرادىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. سۇلتان نامە پۈتۈپ بەردى. ئەمما ھاكىم نامىگە ئەمەل قىلمىدى. ئۇ خوتۇن يەنە كېلىپ سۇلتانغا شىكايەت قىلدى. سۇلتان يەنە نامە پۈتۈپ بەردى. خوتۇن دېدى:

ــ ئەي پادىشاھ، ئۆتكەندە بىر نامە پۈتۈپ بەرگەنىدىلە، ئاپارسام ھاكىم نامە بويىچە ئىش قىلمىدى.

سۇلتان دېدىكى:

ــ مەن نامە پۈتۈپ بەردىم. ۋاقتىكى، ئۇ نامىگە بېقىپ ئىش قىلمىسا، مەن قانداق قىلاي؟!

خوتۇن دېدى:

ــ ئەي پادىشاھ، يۇرتنى باشقۇرالىسىڭىز تۈزۈك باشقۇرۇڭ، خەلق پەرمانىڭىزنى ئاڭلايدىغان، سىزدىن قورقىدىغان بولسۇن.

بولمىسا، باشقا بىرىگە قويۇپ بېرىڭ، ئۇ يۇرتنى سوراپ پەرمانىنى جارى قىلدۇرغاي. سىز ئەيش ـ ئىشرىتىڭىزنى قىلىپ يۈرۈۋېرىڭ. تا خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرى سىزنىڭ ھاكىملىرىڭىزنىڭ قولىدا ۋەيرانە بولۇپ كەتمىسۇن.

سۇلتان ئۇ خوتۇنىنىڭ سۆزىدىن تولىمۇ خىجىل بولدى ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۇل خوتۇننىڭ دەۋاسىنى ھەل قىلىپ، ھاكىمنى دارغا ئاستۇرۇپ ئۆلتۈردى. ئۆزى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. شۇندىن كېيىن ھەممە ئادەم خاتىرجەملىككە ئېرىشتى. ھېچكىم سۇلتاننىڭ پەرمانىدىن چىقمايدىغان بولدى.

ــ بىلگىنكى، پەرمانى راۋان بولمىغان پادىشاھ، پادىشاھ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى پادىشاھ بىلەن ئۆزگىنىڭ پەرقى پەقەت پەرمان بىلەندۇر. پەرماننى قوبۇل تۇتتۇرماق سىياسەت بىلەندۇر. شۇڭا پەرمانىم يۈرۈشكەي ۋە جارى بولغاي دېسەڭ، سىياسەت يۈرگۈزۈشتە ھەر ۋاقىت سەۋەنلىك سادىر قىلمىغايسەن. يەنە بىرى، لەشكەرنى يۇقىرادىن ئۈستۈن قويما. بولمىسا، مەملىكەت ۋەيران بولىدۇ. ئەلۋەتتە، يۇقىرىلارنىڭ مەسلىھەتى، يەنى يۇقىرىلارغا بولغان مۇئامىلە بىلەن لەشكەرنىڭ مەسلىھەتى، يەنى لەشكەرگە بولغان مۇئامىلە ئوخشاش بولمىقى لازىمدۇر. دېمەكچىمەنكى، پادىشاھ ئاپتاپقا (قۇياشقا) ئوخشاش بولۇشى كېرەك. ئەگەر بەزىسىگە نۇر ئارتۇقراق چۈشسە ۋە بەزىسىگە كەمرەك چۈشسە، ئۇ قۇياشنىڭ خاراكتېرىگە ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا پادىشاھ بولغۇچى خەلقنى ئەدل ـ ئادالەت بىلەن باشقۇرغاي، چۈنكى مەملىكەت خەلق بىلەن ئاۋات بولىدۇ؛ مەنپەئەت ھەم خەلق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ھەرقاچان مەملىكەت ئىشىدا ئادالەتسىزلىككە قىلچە يول بەرمىگىن. ئادالەتلىك

پادىشاھلارنىڭ ئۆيى — سەلتەنىتى ئۇزاق تۇرالايدۇ. ئادالەتسىز پادىشاھلارنىڭ ئۆيى — سەلتەنىتى پاتلا غۇلاپ چۈشىدۇ. مەلۇم بولدىكى، ئادالەتنىڭ مەنىسى ئاۋاتلىقتۇر. ئادالەتسىزلىكنىڭ مەنىسى ۋەيرانلىقتۇر. ھۆكۈمالار: «پادىشاھ ئادالەتپەرۋەر بولسا، ئالەم گۈللىنىدۇ — ئاۋات بولىدۇ؛ ئەگەر پادىشاھ ئادالەتسىز — زالىم بولسا، ئالەم ۋەيران بولىدۇ» دېگەن. خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىنىڭ دەرد ـ ئەلەمىگە قارىتا سۈكۈت قىلما. ھەمىشە خىلۋەتنى دوست تۇتىدىغان ئىشنى ھەم قىلما. چۈنكى سەن لەشكەردىن ۋە خەلقتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرساڭ، خەلق ۋە لەشكەرمۇ سېنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. لەشكەرنى ۋە خەلقنى ياخشى ۋە ئوبدان تۇتۇشتا سەۋەنلىك سادىر قىلما. ئەگەر سەۋەنلىك سادىر قىلساڭ، ئۆزگىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما لەشكەرنى بىرلا تائىپە (قەبىلە)دىن تەشكىل قىلغۇچى بولما. پادىشاھ چوقۇمكى لەشكەرنى ھەر جىنىستىن، يەنى ئوخشىمىغان قەبىلە كىشىلىرىدىن تەشكىل قىلمىقى لازىمدۇر. چۈنكى لەشكەر توپى بىر قەبىلە كىشىلىرىدىن بولۇپ قالسا، بىر ـ بىرىگە ئىجىل ۋە ئىناق بولۇۋېلىپ، ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغىلى بولمايدۇ. باشقۇرۇشمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ئۆزئارا نازارەت قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، لەشكەر تەشكىللىگەندە ئىمكان بار بۇ قەبىلە كىشىلىرىنى ئۇ قەبىلە كىشىلىرى بىلەن ياكى ئۇ قەبىلە كىشىلىرىنى بۇ قەبىلە كىشىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۇتماق كېرەك. شۇنداقلا بۇ قوۋم ئۇ قوۋمنىڭ ۋەھىمىسىدىن ياكى ئۇ قوۋم بۇ قوۋمنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئەنسىرەپ بولسىمۇ پەرمانغا بويسۇنمايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. شۇنى بىلگىنكى، سېنىڭ پەرمانىڭ ھەر ۋاقىت

لەشكەرلەر ئارا ياخشىلىق قىلمىقىنىڭ بىلەن جارىدۇر،
بىلىشىمچە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ تۆت مىڭ تۈرك ۋە تۆت مىڭ
ھىندى لەشكىرى بار ئىدى. ھەمىشە ئۇنى بۇنىڭغا ۋە بۇنى
ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ باشقۇراتتى. شۇڭا بۇ ئىككى قوۋم
ھەرقاچان ئۇنىڭ ئىتائىتىدە ئىدى.
ئەي ئوغۇل، لەشكىرىڭنى ھەر ۋاقىت ئاش ـ نان ۋە شاراب
بىلەن مېھمان قىلىپ تۇر. كىيىم ۋە ئىنئام بىلەن كۆڭلىنى
ئېلىپ ئۈمىدلىك قىلغىن. ئەگەر بىر كىشىگە ئىنئام بەرمەكچى
بولساڭ، ناۋادا بەرمەكچى بولغان نەرسەڭ ئاز بولسا، ھەرگىزمۇ
خەلق ئارىسىدا، كۆپچىلىك بار يەردە ئاشكارا قىلما ھەم تىلىڭغا
ئالما. باشقا بىرىگە ھەم بىلدۈرمە. شۇندىلا ھىممەتسىزلىك،
كۆزى كىچىكلىك قىلغان بولمايسەن. ئىككى ئىش تۆپەيلى
سەۋەنلىك سادىر بولىدۇ: بىرى، پادىشاھلىققا لايىق ئىش
قىلالمىغان بولساڭ؛ يەنە بىرى، كىشىلەرگە بولغان ھىممىتىڭنى
كۆپچىلىككە ئاشكارا قىلىپ، ئۆزۈڭنى كۆرسەتمەكچى بولساڭ.
مەن سەككىز يىل غەزنەيىدە سۇلتاننىڭ خىزمىتىدە بولدۇم.
لېكىن ئۇنىڭدىن مۇنداق ئۈچ ئىشنى ھەرگىز كۆرمىدىم: بىرى
شۇكى، ئۇ ھەرقانداق كىشىگەن ئىنئام بەرسە، قىممىتى ئىككى
يۈز ئەشرەفىي (ئاقچا)دىن كەم نەرسە بولسا، ئىنئام ئالغۇچىدىن
باشقا ھېچ كىشىگە بىلدۈرمەيتتى؛ ئىككىنچى، چىشلىرى
كۆرۈنگىچە كۈلمەيتتى، يەنى ئاغزىنى ئېچىپ ياكى قاقاقلاپ
كۈلمەيتتى؛ ئۈچىنچىسى شۇكى، ئەگەر كىشىگە ئاچچىقى كېلىپ
دەشنام بەرمەكچى بولسا، «ھىممەتسىز» دېگەن سۆزدىن بۆلەك
سۆز بىلەن دەشنام قىلمايتتى. ئاڭلىشىمچە، رۇم
پادىشاھلىرىنىڭمۇ ئادىتى شۇنداق ئىكەن. رۇم پادىشاھلىرىدا

شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى قائىدە ـ يوسۇنلار كۆپ، ئەمما ئەجەم پادىشاھلىرىدا ئۇنداق قائىدە ـ يوسۇنلار يوق...

ئەي ئوغۇل، ئەمدى ئۆز سۆزۈمگە كېلەي. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، سېنى ھېچكىم سېخىي بولۇشقا زورلىمايدۇ. «سېخىي بول» دەپ ھەم زورلۇق قىلالمايدۇ. ئەمما ھېچقاچاندا تۆۋەن ھىممەتلىك بولمىغىن. ھەتتا خاراكتېرىڭدە (تەبىئىتىڭدە) بولغان تەقدىردىمۇ، خالايىق ئالدىدا چاندۇرۇپ يۈرمە. ساخاۋەت قىلمىساڭ، گەرچە ساڭا ھېچنېمە دېمىگەن بىلەن، كىشىلەر سېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇ ھالدا سەن دۈشمەنلىك بولۇپ قالساڭ، ھېچكىم ساڭا جان پىدالىق كۆرسەتمەيدۇ. ھەتتا دۈشمىنىڭنى دوست تۇتۇشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنكى، پادىشاھلىق شارابىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا مەغرۇرلىنىپ كەتمە. مۇنۇ ئالتە ئىشتا قىلچە سەۋەنلىك سادىر قىلمىغايسەن: بىرىنچى، ھەيۋەت (سىرتقى كۆرۈنۈش، سالاپەت)؛ ئىككىنچى، ھىممەت (سېخىيلىق)؛ ئۈچىنچى، ئىنئام، ئېھسان؛ تۆتىنچى، ياخشىلىق، مۇرۇۋۋەت (ياخشى مۇئامىلە)؛ بەشىنچى، ئىغىر ـ بېسىقلىق (ئالدىراڭغۇلۇق قىلماسلىق)؛ ئالتىنچى، راستچىللىق (راست سۆزلەش). قاچانكى، سەن مەغرۇرلۇق مەستلىكىڭگە يېقىنلاشماي دېسەڭ، بۇ ئالتە ئىشتىن يىراق بولما. يەنە بىرى، ئۆزگە ئەل پادىشاھلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ھەرقاچان غاپىل بولما. ئەل ئىشىدا شۇ قەدەر پۇختا بولغىنكى، ھېچ پادىشاھ سەن توغرۇلۇق بىرەر سۆز دېيەلمىگەي ۋە بىرەر ئىش قىلالمىغاي. ھەر ۋاقىت ھوشيار بول!

ئىلگىرىكى پادىشاھلار توغرىسىدا ئاتام بۇزرۇكۋاردىن مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئىشىتكەنىدىم.

هېكايەت:

فەخرۇد ۋەلى بۇرادىرى ئەزدۇد ۋەلىدىن قېچىپ ھېچيەردە تۇرغۇدەك ماكان تاپالماي، ئاخىرى بوۋام قابۇس ئىبن ۋەشمىگىرنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئامانلىق (پاناھلىق) تىلەپتۇ. بوۋام ئۇنىڭغا ئامانلىق بېرىپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ھەمشىرەمنى ئۇنىڭ نىكاھىغا بېرىپتۇ ۋە بۇ مەرىكە ئۇچۇن ئىنتايىن نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش سەرپ قىپتۇ. چۈنكى مېنىڭ مومام فەخرۇد ۋەلىنىڭ ئانىسى بىلەن بىر تۇغقان ئىدى. ئەزدۇد ۋەلى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ شەمسۇل ـ مەئانى ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى كېلىپ نامىنى بېرىپتۇ. نامىدە كۆپتىن ـ كۆپ سالام ـ سەھەتتىن كېيىن شۇنداق يېزىلغانىكەن:

«مەلۇم بولسۇنكى، بۇرادىرىم سىزنىڭ قېشىڭىزغا بېرىپتۇ. سىزگە مەلۇم، سىز بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدىكى دوستلۇق ۋە بۇرادەرلىك مەڭگۈلۈكتۇر. سىزنىڭ ئۆيىڭىز بىلەن مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ پەرقى يوقتۇر. ئەمما ئۇ بۇرادىرىم مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. مۇمكىن بولسا، ئۇنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز. مەن بەزى ۋىلايەتلىرىمنى سىزگە بەرسەم. دوستلۇقىمىز تېخىمۇ مۇستەھكەم قارار تاپقان بولاتتى. ناۋادا يامان ئاتاقتا قېلىشتىن ۋەھىمە يەپ، ئۇنى بۇياققا ئەۋەتىشتىن ئەندىشە قىلسىڭىز، شۇ يەردە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ھەم مەقسىتىم ھاسىل بولغان بولاتتى. سىزمۇ يامان ئاتاققا قالمايتتىڭىز.»

شەمسۇل ـ مەئانى نامە پۈتۈپ دەپتۇكى:

«سۇبھانالللا، سىزدەك ئۇلۇغ كىشىدىن مەندەك بىر كىشىگە بۇ قاتارلىق سۆزلەرنى ئېيتىش نە لازىم. مەن مۇنداق ئىشنى قىلىپ تا قىيامەتكىچە بەدنامدا قالسام، راۋا بولارمۇ؟!»

ئەلچى دەپتۇ:

— ئەي پادىشاھ، ئەزدۇد ۋەلىدەك دوست ـ بۇرادەرلىرىڭنى فەخرۇد ۋەلىنى دەپ قولدىن چىقىرىپ قويماڭ. بىزنىڭ پادىشاھ سىزنى بىر تۇغقان بۇرادىرىدىن ھەم يېقىنىراق دوست دەپ بىلىدۇ. ھەتتاكى مېنى بۇ تەرەپكە ماڭدۇرغان كۈنى ئەزدۇد ۋەلى سىز توغرۇلۇق سۆز ئېچىپ: «خۇدايىتائالا بىلىدۇكى، مەن شەمسۇل ـ مەئانىنى كاتتا دوستۇم دەپ بىلىمەن. ئاڭلىشىمچە، ئۆتكەن ئايىنىڭ نەچچىسى شەنبە كۈنى شەمسۇل ـ مەئانى ھامامغا بېرىپتۇ. يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرگىلىۋاتقاندا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. مەن ھېسابسىز غەمدە قالدىم. شەمسۇل ـ مەئانىغا تېخى ئەمدىلا قىرىق يەتتە ياشقا كىرگەن تۇرۇقلۇق قېرىلىق يېتىپتۇ. قۇۋۋەت ـ ماغدۇرىدىن قاپتۇ.»

ئەلچىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى دېيىشتىن غەرىزى «مېنىڭ پادىشاھىم سىزنىڭ تامام ئەھۋالىڭىزدىن تولۇق خەۋەرداردۇر» دېگەننى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىكەن. بۇ ھەم ئەزدۇد ۋەلىنىڭ تەلىمى ئىدى. شەمسۇل ـ مەئانى شۇئان:

— ئەزدۇد ۋەلىنى خۇدايىتائالا مەڭگۈ ئامان تۇتقاي، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماقۇل كۆردۈم. ئەمما ئۇنىڭ ئۇچۇن مېنىڭمۇ ناھايىتى كۆپ غېمىم باردۇر. خەۋەردار قىلايكى، پالانى ئاينىڭ نەچچىسى شەنبە كۈنى ئەزدۇد ۋەلى بىر كۈن كېسەل بولدى. كېچىسى پالانى يەردە شاراب ئىچىپ، شۇ يەردە ئۇخلاپ قالدى. كېچىدە ئۆگزىدىن چۈشكىچە ئايىغى تېيىلىپ كېتىپ، شوتىدىن يىقىلىپ بىقىنىنى ئاغرىتىۋالدى. مەن شۇ ئىش تۈپەيلى بىسيار مالال بولدۇم (قايغۇردۇم). ئەمدىلا قىرىق ئىككى ياشقا كىرگەن پادىشاھ شاراب ئىچىپ ئۆگزىدىن چۈشەلمىگۈدەك

ھالغا چۈشۈپ قالغان ئەھۋالدا، تۆت يىرىمىدا ياتقان يىرىدىن قوزغالمىسا بولاتتى، — دەپ بۇ قاتارلىق ھادىسە، ۋەقەلەردىن ئۆزىنىڭمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئەلچىگە بىلدۈرۈپ قويۇپتۇ.

دېمەكچىمەنكى، ھەر ۋاقىت ئۆزگە پادىشاھلارنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغىن. ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدىن غاپىل بولما. ناۋادا غاپىل بولساڭ، ئۆزۈڭدىن، ئۆزۈڭنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن غاپىل بولغان بولىسەن. يەنە بىرى، ئەتراپىڭدىكى ھەمسايە پادىشاھلار بىلەن دوستانە ئۆت. دوست بولالمىغان تەقدىردىمۇ دۈشمەنلىشىپ قالما. ناۋادا دۈشمەنلىشىپ قالساڭ، ئاشكارا دۈشمەنلىشىپ يۈرمە. ئاڭلىشىمچە، ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلغىلى بارماقچى بوپتۇ. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

— ئەي پادىشاھ، دۈشمەن ھازىر غەپلەت ئۇيقۇسىدىدۇر. شۇڭا كېچىلەپ ھۇجۇم قىلماق كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بېرىشىپتۇ. ئەمما ئىسكەندەر دەپتۇكى:

— ئوغرىلىقچە غالىب كەلگەنلىك پادىشاھلىقنىڭ ئىشى ئەمەس. يوشۇرۇن (ئوغرىلىقچە) قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە شەرەپ ھېسابلانمايدۇ.

پادىشاھلىقتا ئۇلۇغ ئىشلارغا، يەنى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشقا ئادەتلەنگەيسەن. چۈنكى پادىشاھ ھەممە كىشىدىن ئۇلۇغدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئۇلۇغ بولغاي!

بەس، يۇقىرىدا ئېيتتىمكى، ھېممەتسىز كىشىنىڭ ئالەمدە نامى چىقماس. نام - نىشانىمۇ بولماس!

ۋاقتىكى، نامە ۋە يارلىقنى ئەزىز تۇتقىن. ھەرقانداق چاغدا

يامان (بەتنىيەت)، پەس (ھىممەتسىز) كىشىلەرگە نامە بەرمە. ئەگەر نامە بېرىش زۆرۈر بولسا، مەسىلەن، كاتتا ئۈممىنىئام ياكى مائاش ئۈچۈن بىرەر ۋىلايەت - ئورۇننى بەرمەكچى بولساڭ، ئۇ ھالدا نامە بەرسەڭ بولىدۇ. ھەرقاچان چۈشۈرگەن يارلىق ۋە پۈتكەن نامەڭگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلغۇچى بولما. ناۋادا ئاشكارىلانغان، ھەممە كىشى بىلىدىغان بولسا، تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى دېگەن سۆزگە خىلاپلىق قىلىش كىشىنىڭ رايىنى قايتۇرۇۋېتىدىغان، ئابرۇيىنى تۆكىدىغان ئىشتۇر. ... قايتۇرۇۋەتكەنگە باراۋەردۇر.

مەن پادىشاھلىقنىڭ شەرتلىرى ئۈستىدە شۇنچىلىك توختالدىم. دەرۋەقە، پادىشاھلىق ئۇلۇغ ۋە ئەزىز ئىشتۇر. ئەمما خالىغان بىرسىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ناۋادا ساڭا باشقا ئىشلارنى قىلىش نېسىپ بولسا، مەسىلەن، دېھقانچىلىق ۋە ياكى ئۆزگە ھۈنەر - كەسىپ دېگەندەك، بۇلارنىڭمۇ شەرتلىرىنى (يول - قائىدىلىرىنى) ئوبدان ئۆگەن. ھەرقانداق ھۈنەر - كەسىپنى ياخشى قىلىشقا ئادەتلەن. ھەر ئىشنىڭ ئىشلەشكە تېگىشلىك ۋاقتىنى ۋە تەرتىپىنى ياخشى ئىگىلە. تا قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭ ھەمىشە راۋان بولغاي!

# قىرىق ئۈچىنچى باب

## دېھقانچىلىقنىڭ بايانى

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، دېھقان بولساڭ، دېھقانچىلىقنىڭ يوللىرىنى، قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى، ۋاقىت - پەيتلىرىنى ياخشى بىل. ھەر نېمە تېرىماقچى بولساڭ، ۋاقتى ئۆتمەستە تېرىغىن. ئەلۋەتتە، ئون كۈن كېيىن تېرىغاندىن ئون كۈن ئىلگىرى تېرىغان خوپتۇر. دېھقانچىلىققا لازىملىق ھەرقانداق ئەسۋابنى جۈپتى بىلەن ساقلا. ئۈيلارنىڭ ئوبدىنىنى ئال ۋە بوغۇز بېرىپ باق. ھەمىشە بىر جۈپ ئۈينى ئايرىپ سېمىز تۇت. مۇبادا بىر ئۈي ئاغرىپ قالسا، بىرىنى ئىشلەت. بولمىسا، قىلىدىغان ئىشىڭ توختاپ قالىدۇ. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. تېرىيدىغان ۋە يىغىۋالىدىغان چاغدا قىيىنىلىپ قالىسەن. يەر ئاغدۇرماقتىن ھەر ۋاقىت غاپىل بولما. كېلەر يىلى قىلىدىغان تېرىقچىلىقنىڭ تەدبىرىنى بۇ يىل قىلىۋال. ھوسۇل ئالاي، ئەمگىكىم زايا بولمىسۇن، دېسەڭ، ھەرقانداق چاغدا زىرائەت تېرىيدىغان يەرنى ئوبدان تاللا ۋە ئوبدان يەرگە تېرىغىن. تا دېھقانچىلىقتىن مەنپەئەت كۆرەي دېسەڭ، دائىم بىكار تۇرماي ئىشلە! ئەگەر باشقا ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانماقچى بولساڭ، تېز ۋە ئوبدان قىلىدىغان بول. خېرىدارىڭ كۆپ بولىدۇ. قىلماقچى بولغان ئىشنى كەسىپداشلىرىڭدىن ياخشى

ئىشلە ھەمدە ئاز سودىغا قانائەت قىل. توختىتىپ ياكى كۆپ ساقلىتىپ خېرىدارنى قاچۇرۇۋەتمە. تا ھۈنىرىڭ ئارقىلىق رىزقىڭ پاراۋان بولغاي!

كىشىلەر سودىنى تولىراق مەن بىلەن قىلىدىغان بولسۇن دېسەڭ، خېرىدارغا يۇمشاق، سىلىق سۆزلە. يۇمشاق سۆزلىسەڭ، سىلىق مۇئامىلىدە بولساڭ، خېرىدارمۇ سودىدا باھا تالىشىشتىن خىجىل بولىدۇ. مەقسىتىڭمۇ ھاسىل بولىدۇ. شۇنىدىلا سېنىڭ رىقابەتچىلىرىڭ، ئۆزگە ھۈنەرۋەنلەر ۋە كەسىپداشلىرىڭ ھەسەت قىلىپ ساڭا ئوخشاش بولۇشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. بازاردا ھەم شۆھرىتىڭ زىيادە بولىدۇ. ئەمما ھەر ئىشتا راست سۆزلىمەكنى ئادەت قىل. خۇسۇسەن، خېرىدارلىرىڭغا راستچىل بول. بېخىللىق قىلما. لېكىن ئۆزۈڭگە مەھكەم بول. ئۆزۈڭدىن كىچىكلەرگە يول قوي. ئاياللار ۋە گۆدەكلەر بىلەن ئارتۇقچە مۇئامىلىدە بولما ھەم ئۇلار بىلەن جېدەل - غوۋغا قىلىشمىغىن. غېرىب - مۇساپىرلارغا مەرھەمەتلىك بول. سودا ئىشىدا بەك خىجىل، يەنى تارتىنچاق بولۇپ كەتمە. ھەر ئىشنى لايىقىدا بىر تەرەپ قىل. پادىشاھىڭغا راستچىل بول. لېكىن پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى تولا ئارزۇلاپ كەتمە. ھەمتەڭلىرىڭگە خىيانەت قىلما. تونۇشلارغىمۇ، ناتونۇشلارغىمۇ ئوخشاش مۇئامىلىدە بول. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئوخشاش قىلىپ بەر. پەرق كۆرۈلۈپ قالمىسۇن. ئەگەر سېنىڭ قولۇڭغا قاراپ قالغان بولسا، قەرز بەرمەكنى غەنىيمەت بىل. ھەرگىز يالغان ۋەدە بەرمە ۋە قاتتىق مۇئامىلىدە بولما. ناۋادا بىرەرسىدە قەرزىڭ بولسا، ئۇنى دەماللىققا قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا، قەرزىنى بەر دەپ تولا قىستىما. قوپاللىق

ھەم قىلما. ھەر ئىشتا كۆڭۈللۈك، ئوچۇق چىراي بول. ئەمما تىجارەت ئىشلىرىم خەيرلىك، بەرىكەتلىك بولغاي دېسەڭ، خۇدادىن قورق. ھەرقانداق ھۈنەرۋەن ئۇشبۇ تەرتىپتە بولسا، ئالەمنىڭ ھۈنەرۋەنلىرى ئارىسىدا ھەممىدىن مەرد، سېخىي سانىلىدۇ.

ھەر قوۋم ۋە ھەر تائىپەنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى، يەنى ھۈنەر ـ كەسىپلىرى بىر تەرتىپلىك بولىۋۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە خاس تۇتقان يولى بولىدۇ. ئەمما مەن ئالاقىدار ھۈنەر ـ كەسىپلەر توغرىسىدا بىلگىنىمچە ئاز ـ تولا بايان قىلدىم. ئەمدى، بۇ ئاخىرقى بابتا ھەر جىنسنىڭ، يەنى ھەر تۈردىكى ئىشلارنىڭ شەرتلىرى، ئۆزگىچىلىكلىرىنى قالدۇرماي بايان قىلىپ ئۆتىمەن. ئىنشائاللاتائالا ۋە تەقدىس (بۈيۈك ۋە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك تەڭرىم خالىسا!).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# قىرىق تۆتىنچى باب

## مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ بايانى

ئەي ئوغۇل، مەردلىك، سېخىيلىقنى ئىزدىسەڭ، مەرد، سېخىي بولاي دېسەڭ، ئالدى بىلەن مەردلىك، سېخىيلىق دېگەن نېمە؟ ئۇ نېمىدىن پەيدا بولىدۇ؟ دېگەنلەرنى بىلگىن.

ئەي ئوغۇل، شۇنى بىلگىنكى، ئادەمدە ئۈچ سۈپەت بولىدۇ. بۇ ئۈچ سۈپەت سەندە يوق دېسە قايىل بولىدىغان ھېچقانداق ئادەم يوقتۇر. مەيلى دانا بولسۇن، مەيلى نادان بولسۇن تەڭرىم ئاتا قىلغان شۇ سۈپەتلەر بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ.

بۇ سۈپەتلەر: بىرىنچى، ئەقىل؛ ئىككىنچى، راستلىق؛ ئۈچىنچى، ساخاۋەت. ھەقىقەت كۆزى بىلەن قارىساڭ، بۇ ئۈچ سۈپەتنى ھېچ كىشى مەندە يوق دېمەيدۇ. ئەمما كىشىلەر تەبىئىتىدىكى تۇرلۇك خاراكتېر تۈپەيلى ھەمىشە ئۇنىڭغا خىلاپ ھەرىكەتتە بولىدۇ. بۇنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ھەقسۇبھانە ۋە تائالا ئادەمزاتنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، چېچىلىپ تۇرغان تۇرلۇك ماددىلاردىن جەمئىي قىلىپ ئاپىرىدە قىلغان. شۇڭا ئادەمزاتنى «پۈتكۈل ئالەم» دېيىشكىمۇ ياكى «ئالەمنىڭ بىر قىسمى» دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كۆرمەمسەن، ئالەمدە نېمە بولسا، ئادەمنىڭ تېنىدە شۇ بار. ئادەم شۇ ئالەمدە بار بولغانلىقى تەبىئەت ماددىلىرى، مەسىلەن، قورقۇش، ئۇنسۇر (ئېلېمېنت)،

سۈرەت (كۆرۈنۈش)، نەپەس ۋە ئەقىلدىن تەركىب تاپقان ئالاھىدە ئالەمدۇر. ئادەم تېخى ئۇشبۇ يىغىندى ئالەمدىنمۇ مۇرەككەپتۇر. ياراتقۇچى تەڭرىم ئۇشبۇ يىغىندىنى، يەنى تەبىئەتتىكى بارلىق ماددىلارنى بىر ـ بىرىگە بەند قىلىپ بەرپا قىلدى. ئالەم ۋە تەبىئەتنى ئۆز تۈرى بويىچە بىر ـ بىرىگە باغلىدى. ماھىيەتتە ھەممىسى پەرقلىق بولۇپ ھەم بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق، ھەم بىر ـ بىرىگە زىتتۇر. ئالايلۇق، ئوت، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋا كەبى. تۇپراق ئوت بىلەن سۇنىڭ ئارىسىدىكى ۋاسىتەدۇر، شۇڭا تۇپراق قۇرۇقلۇقى بىلەن ئوتقا؛ سوغۇقلۇقى بىلەن سۇغا باغلاندى. سۇ سوغۇقلۇقى بىلەن تۇپراققا، ھۆللۈكى بىلەن ھاۋاغا باغلاندى. ھاۋا ھۆللۈكى بىلەن سۇغا، ئىسسىقلىقى بىلەن ئوتقا باغلاندى. ئوت (ھارارەت) ئەسلى ماددىسىنىڭ يېنىكلىكى بىلەن ئاپتاپقا (قۇياشقا) باغلاندى. قۇياش يۇلتۇزلار ۋە پەلەكنىڭ پادىشاھى يۇلتۇز، پەلەك ۋە ئىسسىقلىقنىڭ جەۋھىرى. شۇڭا ئۇ بەشىنچى «ئۇنسۇر» دېيىلىدۇ. ئەگەر تەبىئەتتىكى ماددىلار شۇ جەۋھەردىن بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولۇشى سەۋەبىلىك بەلگىلىك قۇۋۋەتكە ئېرىشەلمىسە، ئۇنىڭغا، يەنى قۇياشقا باغلانغان جىمىكى نەرسە خاراب بولغان بولاتتى. دېمەك، تەبىئەت پەلەك، يەنى ئاسمان جىسىملىرىغا، ئاسمان جىسىملىرى جىسمانىيەتكە، جىسمانىيەت ئەقىلگە باغلانغان ھالدا ئۆز ئارا قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان. قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئادەمزات تېنىدە بولىدىغان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر، مەسىلەن، ئورۇقلۇق، سېمىزلىك، يەڭگىللىك ياكى ئېغىرلىق ھەممىسى تەبىئەتتىكى ماددىلار بىلەن بولغان باغلىنىشلىق سەۋەبىدىندۇر.

سۈرەت، تۈرق، ھايات، قۇۋۋەت ۋە ھەرىكەت پەلەكتىن پەيدا

بولىدۇ. ئادەمدە بولىدىغان بەش خىل ھال: ئېشىتمەك (ئاڭلىماق)، پۇرىماق، تېتىماق، كۆرمەك ۋە تۇتۇپ سىلاپ بىلمەك سېزىمىدىن، يەنى تۇيغۇ ھاسىل قىلىدىغان ھېسسىي ئەزالارنىڭ قۇۋۋىتىدىن پەيدا بولىدۇ. ياد ئالماق، پىكىر قىلماق، خىيال قىلماق، سۆزلىمەك ۋە تەدبىر قىلماق ۋۇجۇد ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئۇچۇن تولىمۇ قەدىرلىك ۋە ئەزىز سۈپەتلەر بولىدۇ، بۇ سۈپەتلەرنى قانداقتۇر كېيىن پەيدا بولغان، ئۇنىڭدىن ياكى بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان دەپ قىياس قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەمدى، سېخىيلىق، ئىلىم، كامالەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ ماددىسى روھتۇر. ئەقىل روھنىڭ بەرىكىتى ئارقىلىق بەدەنگە ئۆتىدۇ. بەدەن جان بىلەن ھايات يۇرەلەيدۇ. جان نەپەس بىلەن ۋە نەپەس ئەقىل بىلەن بەرپا بولىدۇ. ئومۇمەن، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ تېنىنىڭ ھەرىكەتتە بولۇشى جېنىنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. سۆزلەۋاتقانلىقى نەپىسىنىڭ بارلىقىغا دەلىلدۇر. لېكىن تەن بىلەن جاننىڭ ئارىسىدا ئاغرىق، يەنى بىرەر ئىللەت ھاسىل بولۇپ، بىرىدىن بىرىگە ئۆتىشىدىغان باغلىنىش ئاجىزلىشىپ كەتسە، جاندىن تەنگە مەدەت بولىدىغان زۆرۈرىي نەرسىلەر يېتىشمەي قالىدۇ. نەپەس بىلەن جاننىڭ ئارىسىدىمۇ بىرەر ئىللەتنىڭ ئالامىتى كۆرۈلسە، ئەقىلنىڭ ماددىسى نەپەسكە يەتمەي قالىدۇ. بۇ ھالدا پىكىر، تەدبىر، راستلىق ۋە ساخاۋەتتىن ھېچنەرسە ھاسىل بولمايدۇ. لېكىن روھقا يېتىدىغان بەرىكەت، مەرھەمەتنىڭ يولى جاھالەت ئىللىتى بىلەن باغلىنىپ قالىدىكەن، ئوخشاشلا ھەرقانچە دەۋەت قىلغان بىلەنمۇ، ھېچقانداق مەنپەئەت ھاسىل

بولمايدۇ. ئەمما دۇنيادا ئۆزىنى «سىخىي ئەمەس» دەيدىغان بىرمۇ ئادەم يوقتۇر.

ئەي ئوغۇل، تىرىش، ئۇلارغا، يەنى نامەرد، ساخاۋەتسىز ئادەملەرگە ئوخشاش مەنىسىز بولما. مەنىسىز دەۋالارنى ھەم قىلما. يۈكسەك روھ ئارقىلىق ئىلىم نۇرىنىڭ، بەرىكەت ـ مەرھەمەتنىڭ يولىنى ئىچىشقا تىرىشقىن. بىلمەك ۋە بىلدۈرمەك، ئاڭلىماق ۋە ئاڭلاتماقنىڭ مەنىسىنى چۈشەن. بۇ دېگەنلىك، بىلمىگەننى بىلگەنلەردىن سوراپ بىلىش، بىلگەننى بىلمىگەنلەرگە بىلدۈرۈش دېگەنلىكتۇر.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ھۆكۈمالار ئەقلىنى، ساخاۋەتنى دېمەكلىككە ئايرىمدەك كۆرۈنىسىمۇ بىر مەنىدە، بىر سۈرەتتە چۈشەندۈرىدۇ ۋە ئۇ سۈرەتنى تەن، جان، ھوش (ئەقىل)، مەنە ۋە ساخاۋەتتىن يۇغۇرۇلغان بىر گەۋدە، دەپ قارايدۇ. سۈرەتنىڭ تېنى، يەنى گەۋدىسى مەردلىك، سېخىيلىقتىن، جېنى راستىلىقتىن، ھەۋەس، يەنى ھىسسىي بىلىش (مەرىپەت) ئىلىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ساپلىق ۋە توغرىلىقتۇر. ئەمما بۇ سۈرەتلەرنىڭ تەقسىملىنىشى ھەممە كىشىدە ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. بىر تائىپىگە تەن نېسىپ بولغان بولسا، يەنە بىر تائىپىگە جان نېسىپ بولغان، باشقىلىرىغا يوق. يەنە بىر تائىپىگە تەن، جان ۋە ھەۋەس نېسىپ بولسا، يەنە بىر تائىپىگە تەن، جان، ھەۋەس ۋە مەنە نېسىپ بولغان.

تەن (گەۋدە) نېسىپ بولغان گۇرۇھ كۆرۈنۈشىدىنلا ئوقۇمۇشلۇق، بازارىي، يەنى ئىلىم ـ سېتىم قىلغۇچىلار،

www.uyghurkitap.com

ئەمەلدارلار بولۇپ، بۇلارنى خەلق مەرد، سېخىي ئاتاشتى. تەن ۋە جان نېسىپ بولغان گۆرۋەھ ئاشكارا مەرىپەتپەرۋەر، تەقۋادار، سوپىي ـ دەرۋىشلەر بولۇپ، ئۇلارنى خەلق دىندار، مەرىپەتسۆيەرلەر ئاتاشتى. تەن، جان ۋە ھەۋەس نېسىپ بولغان گۇرۇھ پەيغەمبەرلەر، ئەھلى سەفا (كۆڭلى پاك كىشىلەر) ۋە ھۆكۈمالاردۇر. خەلق ئۇلارنى ئۆلىما، ئالىم ۋە پازىل كىشىلەر، دەپ ئاتاشتى. تەن، جان، ھەۋەس ۋە مەنە نېسىپ بولغان گۇرۇھ روھانىيلار، يەنى پەرىشتە، مۇرسەل پەيغەمبەرلەردۇر.

ئەي ئوغۇل، سەن قۇدرىتىڭنىڭ بارىچە ۋە قەدىمىڭنىڭ يەتكىنىچە تىرىش، ئىجتىھات كۆرسەت، تەرەققىي قىلالايسەن. ھۆكۈمالار: «مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ ئەسلى (ماھىيىتى) ئۈچ نەرسىدۇر: بىرىنچى، نېمە دېگەن بولسا، شۇنى قىلىش، يەنى دېگىنىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش؛ ئىككىنچى، ئېيتقان سۆزدە ۋە قىلغان ئىشتا راستچىل بولۇش؛ ئۈچىنچى، ھەرقانداق ئىشنى سەۋر ـ تاقەت، چىدام ـ غەيرەت بىلەن ئىشلەشنى ئادەت قىلىش. ھەر ئىش مەردلىك، سېخىيلىقتا تەئەللۇق بولغان ئۇشبۇ ئۈچ سۈپەتتىن تاشقىرى بولماس» دېگەن.

ئەي ئوغۇل، ئاۋادا بۇ مەزمۇنلارنى چۈشىنىش ساڭا مۈشكۈل بولسا، مەن ھەرقايسىسىنىڭ مىقدارىنى ئايرىپ سەن بىلگەنگە قەدەر تەپسىلىي شەرھىي قىلاي.

ئاڭلا ۋە بىلگىنكى، مەردلىك ۋە سېخىيلىق دېگىنىمىز: ھەر ئىشتا كۆڭۈللۈك، مەردانە ۋە ھىممەتلىك بولۇش؛ ھەر ئىشتا سەۋرلىك بولۇش؛ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش؛ كۆڭلى تازا ۋە پاك، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش؛ دىيانەتلىك بولۇش؛ مۇسۇلمانلار

ھەققىدە بەدگۇمان بولماسلىق؛ مۇسۇلمانلار توغرىسىدا ياخشىلىقنى خاھىش قىلىش؛ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىنى خالىماسلىق، يەنى مۇسۇلمانلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىك؛ دوستلىرى ئۈچۈن زىيان تارتىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرۈش؛ كىشىگە يالغان ئېيتماسلىق، بۆھتان ۋە ئىزا قىلماسلىق؛ كىشى ئۈستىدە غەيۋەت قىلماسلىق؛ مۇسۇلمانلارغا ئۆز ئىشىدەك ياردەمدە بولۇش؛ ناۋادا بىرەر مۆمىننىڭ ئەيىبى كۆرۈنۈپ قالسا، دەرھال يېپىش؛ خەلقنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش يولىدا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇش؛ دەرۋىشلەرگە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق؛ نان، تۇز يېگەن ئۆينىڭ ئىگىسى ئۈستىدىن غەيۋەت قىلماسلىق؛ خەلققە قوپال مۇئامىلىدە بولماسلىق ۋە يامان لەقەم بىلەن چاقىرماسلىق؛ قېرىلارنى ئاتىسىدەك كۆرۈش؛ تەڭ ياشتىكىلەرنى بۇرادىرىدەك بىلىش؛ كىچىكلەرنى پەرزەنتىدەك كۆرۈش؛ خەلققە شەپقەت - مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش؛ ئۆزىنى ھەممىدىن كىچىك (كەمتەر) تۇتۇش؛ ئەسىرلەرگە مېھرىبان بولۇش؛ بىچارىلەرگە يار - يۆلەكتە بولۇش؛ يامانلارنىڭ يامانلىقىنى يوق قىلىشقا تىرىشىش؛ ھەرقاچان دۇرۇس يۈرۈش ۋە راست سۆزلەش؛ ئىمكان بار ئۆز دەردىگە ئۆزى يېتىش؛ نان، تۇزنىڭ ھەققىنى ساقلاش؛ ياخشىلىققا يامانلىق قىلماسلىق؛ ۋاقىتلىق جاپا - مۇشەققەتنى راھەت دەپ بىلىش قاتارلىقلاردۇر. ئەگەر بۇلارنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسەڭ، ھەممىسى يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ سۈپەتكە مۇجەسسەملىنىدۇ.

**ھېكايەت:**

كۇھىستاندا بىر كۈنى بىر نەچچە ھەييار (بىكارچى) جەم

بولۇپ ئۆلتۈرۈشقانىدى. بىر كىشى كىرىپ كەلدى ۋە سالام قىلىپ دېدىكى:

— مەن شەھەردىكى ھەييارلار (ئىكارچىلار)نىڭ سىزلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى. شەھەردىكى ھەييارلار سىزلەرگە سالام ئېيتتى ۋە مۇنۇ ئۈچ مەسىلىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. ئەگەر سىزلەر بۇ ئۈچ مەسىلىگە جاۋاب بېرەلىسەڭلار، سىزلەرنىڭ بىزنىڭ چوڭىمىز ۋە سەردارىمىز بولۇشۇڭلارغا ئۆز رازىلىقىمىز بىلەن قوشۇلىمىز. ئەگەر جاۋاب بېرەلمىسەڭلار ياكى سەۋەب كۆرسىتەلمىسەڭلار، سىزلەر ھەم رازى بولۇڭلاركى، بىز سىزلەرنىڭ چوڭۇڭلار ۋە سەردارىڭلار بولىمىز.

ھەييارلار سورىدى ۋە دېدىكى:

— ئۇ ئۈچ مەسىلە قايسى؟ ئېيتقىن، جاۋابىنى ئاڭلا!

— بىرىنچى، مەردلىك، سېخىيلىق دېگەن نېمە؟ ئىككىنچى، مەردلىك بىلەن نامەردلىك ئارىسىدا نېمە پەرق بار؟ ئۈچىنچى، بىر ھەييار بىر دوقمۇشتا (كوچا ئېغىزىدا) ئولتۇرغان بولسا، بىر كىشى كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە، بىر پەستىن كېيىن يەنە بىر كىشى تىغ كۆتۈرۈپ ئۇنى ئۆلتۈرگىلى كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ، دوقمۇشتا ئولتۇرغان ھەيياردىن: «پالانى بۇ يولدىن ئۆتتىمۇ؟» دەپ سورىسا، بۇ ھەييار بۇ ئەھۋالدا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى كېرەك؟ ئەگەر ئۆتمىدى دېسە، يالغان بولىدۇ؛ ئۆتتى دېسە، ناھەق خۇن تۆكۈشكە ياردەمدە بولغان بولىدۇ.

ھەييارلار بۇ مەسىلىلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا فەزىل ھەمەدانى ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ:

— بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى مەن بېرەي، — دېدى.
— جاۋاب بەرگىن، — دېدى شەھەردىن كەلگەن ھەييار.
فەزىل ھەمەدانى جاۋاب بېرىپ دېدىكى:
— مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ مەنىسى نېمە دېگەن بولساڭ، دېگەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ مەردلىك بىلەن نامەردلىكنىڭ پەرقى — سەبىردۇر. ئەمدى، دوقمۇشتا ئولتۇرغان ھەييارنىڭ جاۋابى شۇكى، قېچىپ كەلگەن ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ، يەنى دوقمۇشتا ئولتۇرغان ھەييارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەييار قوپۇپ ئەسلى ئورنىدىن بىر ـ ئىككى قەدەم نېرىغىراق يۆتكىلىپ ئولتۇرسىلا بولىدى. تىغ كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشى ئۇنىڭدىن: «پالانى كىشى بۇ يەردىن ئۆتتىمۇ؟» دەپ سورىسا، ئۇ: «تاكى مەن بۇ يەردە ئولتۇرغاندىن بېرى ھېچ كىشى ئۆتمىدى» دەپ جاۋاب بەرسىلا بولىدۇ.
مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ ئەسلى ۋە مەنىسى ھەققىدە يۇقىرىدا ھەييارلارغا باغلاپ توختالدۇق. ئەمدى ئەمەلدارلارغا كەلسەك، ئۇلار ھەم ئۆزلىرىنى مەن ئېيتىپ ئۆتكەندەك، مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ يوسۇنلىرى بويىچە تۇتمىقى لازىمدۇر. ئادەتتە لۇتۇق ـ كەرەم قىلماق، مېھماندارچىلىق قىلماق، خۇدانى تونۇماق ۋە كىيىمىنى پاكىزە كىيمەك، رەتلىك يۇرمەك قاتارلىقلار لەشكەرلەردە كۆپرەك بولۇشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىزانلاردۇر. ئۆزىنى كىچىك پېئىل، كەمتەر تۇتماق، ئەدەپلىك بولماق ئەمەلدارلاردا بولۇشقا ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىزانلاردۇر. مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ بازار خەلقى ئۈچۈن شەرت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى ھۈنەرۋەنلەر

قاتارىدا بايان قىلغانىدۇق، ئەمما بۇ جەھەتتە شەھەر ـ بازار خەلقى مەرىپەتپەرۋەر ۋە ھەممىدە راستلىقنى ئەۋزەل بىلىدىغان بولمىقى لازىمدۇر. ئەمدى، ئۆلىمالارغا كەلسەك، مەردلىك سېخىيلىق توغرىسىدىكى مۇنداق بىرنەچچە سۈپەت ئۇلاردا بولۇشى كېرەك:

بىرى، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش؛ ئىش ـ ھەرىكىتى، قىلىقى يېقىملىق بولۇش؛ دىن ئىشلىرىدا مەھكەم بولۇش؛ ھەرگىز ئاچچىقلانماسلىق؛ دىن ئىشىدىن بۆلەك ئىشتا كىشىنىڭ نىقابىنى يىرتماسلىق ۋە ئەيىبىنى ئاشكارا قىلماسلىق، سىرىنى يايماسلىق، ئەگەر بىرەر بىچارىگە ئۆز ئىشى تۈپەيلى سەۋەنلىك سادىر بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىش؛ بىراۋ ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولسا، ئىلىم ئۆگىتىشتە ھەرگىزمۇ بېخىللىق قىلماسلىق، تەمەسىزلىك بىلەن ئۆگىتىش؛ قىلغان ئەجرى ياكى تەقۋادارلىقنى جامائەت ئالدىدا نامايىش قىلىپ يۈرمەسلىك، ئەمما كىشىلەر ئالدىدا ھەقىقىي تۆھپە ـ ئەجرى ئارقىلىق ياخشى نام ـ ئاتاق بىلەن مەشھۇر بولۇش. ناۋادا كىشىگە نەسىھەت قىلىش توغرا كەلسە، كىشىلەردىن پىنھان قىلىش، ئاشكارا نەسىھەت قىلماسلىق، يەنى كىشىلەر يوق يەردە ئايرىم نەسىھەت قىلىش. ھەرگىزمۇ گۇناھى بار دەپلا بىرەر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارىتا ئالدىراپ پەتىۋا ـ ھۆكۈم چىقارماسلىق؛ چۈنكى چىقىرىلغان پەتىۋانىڭ خاتاسىنى تۈزىتىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما ئۆلۈمنى تۈزەتكىلى، يەنى ئۆلگەن ئادەمنى تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ. يەنە بىرى، جاھىللىق ياكى ئاچچىق تۈپەيلى باشقا بىر مەزھەپلەرنى «كاپىر» دېمەسلىك،

چۈنكى ئۇنداق دېيىش كۇپۇرلۇق سانىلىدۇ. ھېچبىر كىتابتا «مەزھىپى باشقا بولغانلارنىڭ دىنىمۇ باشقا بولىدۇ» دېگەن گەپ يوق. يەنە بىرى، باشقىلاردىن ئىلىم ـ ئىلمىي ھېكمەت ھەققىدە ئۆزى ئاڭلاپ باقمىغان ياكى بىلمەيدىغان بىرەر ئىلىم ـ ئىلمىي ھېكمەتنى ئاڭلىسا، ئالدىراپ ئىنكار قىلماسلىق. چۈنكى بىلمەسلىك كۇپۇرلۇق ئەمەس، ئىنكار قىلىش كۇپۇرلۇقتۇر. يەنە بىرى، ھېچ كىشىنى خۇدانىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد قىلماسلىق قاتارلىقلار. ئەگەر ھەرقانداق بىر ئالىمدا ئۇشبۇ سۈپەتلەر بولسا، ئۇ دەل مەرد، سېخىي ھېسابلىنىدۇ.

گەپنىڭ قىسقىسى، مەردلىك، سېخىيلىق توغرىسىدا «ئەھلى تەسەۋۋۇف» (سوپىلار ئەھلى)قا ئائىت رىسالىلەردە ئۇستازلار مۇكەممەل بايان قىلغان. خۇسۇسەن، ئۇستاز ئەبۇلقاسىم قەشرى «ئادابۇت ـ تەسەۋۋۇف» ناملىق رىسالىسىدە؛ شەيخ ئەبۇلھەسەن «بەيانۇس ـــ سەفا» ناملىق كىتابىدا؛ ئەبۇ مەنسۇر دەمەشقى «ئەزىمەتۇللاھ» دېگەن كىتابىدا بۇ سۈپەتلەرنى باشتىن ـ ئاخىر تىلغا ئالغان. شۇڭا مەن سۆز ئۇزىراپ كەتمىسۇن ئۈچۈن، بۇ تەرىقىنىڭ، يەنى سۈپەتلەرنىڭ شەرتلىرىنى كۆپ يۇتمىدىم. مېنىڭ مەقسىتىم، بۇ كىتابتا ساڭا پەقەتلا پەند ـ نەسىھەت بېرىش، سېنىڭ كۆڭلىڭنى ـ كۆنگە ئوبدان بولۇشۇڭنى ئىزدەش ئىدى. شۇڭا پەقەت تەنبىھىنىڭ شەرتلىرى ئۇستىدىلا توختىلاي ھەممىدە مۇشۇ قوۋم بىلەن، يەنى سوپىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولالىساڭ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئېغىر كەلمەيدىغان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇشبۇ قوۋمگە ئالاقىدار مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ شەرتلىرىنى ساڭا ئاشكارا قىلاي!

بۈيۈك تەڭرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ تىرىكچىلىك قىلىشتا، بۇ تائىپىگە يەتكەن رەنج ـ مۇشەققەت ياشقا ھېچ تائىپىگە يەتكەن ئەمەس. يەنى ھېچبىر تائىپە بۈيۈك تەڭرىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنى ساقلاپ تىرىكچىلىك قىلىشتا، بۇ تائىپىدەك، يەنى ئەھلى سوپىلاردەك رەنج ـ مۇشەققەت تارتقان ئەمەس. شۇڭا رەسۇل ئەلەيھىسسالام كۆپرەك ئۇلارنى دوست تۇتقانىدى. ئەلۋەتتە بۇ تەرىقىدە مەردلىك، سېخىيلىقنى بەجا كەلتۈرۈش تولىمۇ مۇشكۇلدۇر. ئەمدى بۇ تائىپەنىڭ، يەنى سوپى، دەرۋىشلەرنىڭ مەردلىك، سېخىيلىقىنىڭ شەرتلىرىنى بايان قىلاي:

ئەي ئوغۇل، بىلگىن، سوپى، دەرۋىش شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئۇلار مۇجەررەد (يالىڭاچ) بولىدۇ. يەنى دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى ئارتۇقچە نەرسىلەردىن خالىي ساقلايدۇ. بۇ خىل سۈپەت ــ خاراكتېر «تەسەۋۋۇف» (سوپىلىق، سوپىزم) دېيىلىدۇ.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، ئىككى سوپى بىللە سەپەرگە چىققانىدى. بىرى «مۇجەررەد» (يالىڭاچ، دۇنيالىقتىن ھېچنەرسىسى يوق) ئىدى. يەنە بىرىنىڭ بەش ئەشرەفى (بەش ئالتۇن ئاقچىسى) بار ئىدى. يولى يوق سوپى سەپىرىنى غەم ـ ئەندىشىسىز داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ھەر قونالغۇغا كەلسە، خاتىرجەم ۋە تىنچ ئۇخلايدىكەن. ھېچقانداق ئەندىشىسىمۇ يوق ئىكەن. ئەمما ھېلىقى بەش ئەشرەفى (بەش ئالتۇن ئاقچىسى) بار سوپى گەرچە يەنە بىر سوپىغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچ ۋاقىت خاتىرجەم يول

يۇرەلمەيدىكەن. دائىم غەم ـ قايغۇ ئىچىدە يۇرۇيدىكەن. ئاخىرى ئىككىسى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەر ئەسلىدىلا ئوغرى، قاراقچىلارنىڭ كېلىپ تۇرىدىغان جايى ـ ماكانى ئىكەن. پۇلى يوق سوپى كېلىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ئىچىپ، يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئەمما ھېلىقى ئالتۇن ئاقچىسى بار سوپى غەم ـ قايغۇ ئىچىدە زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ ھەم «قانداق قىلسام بولار؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى نالە قىلىدىكەن. پۇلى يوق سوپى ئويغىنىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆزى نالە قىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ بېشىڭغا نېمە بالالار كەلدى؟ — دەپ سوراپتۇ. سوپى:

— مەندە بەش ئەشرەفى بار ئىدى. سەن يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتىڭ. ئەمما مەن ئەشرەفىنىڭ غېمىدە خاتىرجەم بولالمىدىم. ئەنسىرەپ زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى، — دەپتۇ. پۇلى يوق سوپى:

— ئۇنداق بولسا، ئۇ بەش ئەشرەفىنى ماڭا بەر. مەن ئۇنى قانداق ساقلاشنىڭ تەدبىرىنى قىلاي، — دەپتۇ. سوپى يېنىدىكى بەش ئەشرەفىنى بېرىپتۇ. ئۇ، يەنى پۇلى يوق سوپى بەش ئەشرەفىنى ئېلىپلا قۇدۇققا تاشلىۋېتىپتۇ ۋە:

— ئەمدى نېمە قىلاي ۋە قانداق ئىلاج قىلاي؟ — دەپ نالە چېكىشتىن قۇتۇلدۇڭ. خاتىرجەم يېتىپ، غەم ـ ئەندىشىسىز ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، — دەپتۇ.

ماشايىخلار (مەشھۇر دىنىي ئالىملار) ئېيتقاندەك، تەسەۋۋۇپنىڭ ھەقىقىتى ئۈچ نەرسە بىلەندۇر. ئۇلار: «تەجرىد»، «تەسلىم»، «تەسدىق».

تەجرىد — دۇنيادىن كۆڭۈلنى پارىغ تۇتماق، يەنى دۇنيانىڭ

لەززىتىدىن، مال ـ مۈلكىدىن قولىنى تارتماق؛

تەسلىم ــ ئۆزىنى، يەنى بارلىقىنى خۇداغا تاپشۇرماق؛

تەسدىق ــ ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلماق، دېگەنلىكتۇر.

ھەرقاچان بىرگە قانائەت قىلساڭ، نەپسىنىڭ ئاپىتىدىن يىراق بولساڭ، كۆرگەنلىكى نەرسىنى مەنئى قىلىشتىن ساقلانساڭ، يەنى مەنئى قىلىدىغانلىرىمۇ بار، مەنئى قىلمايدىغانلىرىمۇ بار. ھەر نەرسىگە قارىتا پەرقلىق، توغرا مۇئامىلىدە بولالىساڭ، ئۇ ھالدا تامامىي تەرىقەت ساڭا يۈز قويغان بولىدۇ. دەرۋىش بولغۇچى چوقۇمكى ئۆزى ھەققىدە «تەسلىم»نى ئۆزىگە لازىم تۇتقاي. باشقىلار (مۆمىن بۇرادەرلىرى) بىلەن ھەرگىز تەڭلىك تالاشمىغاي. «مەنلىك»نى، يەنى ئۆزۈم ئۈچۈن دېگەننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەي. ساھىبى غەرەز (غەرەز ئىگىسى) بولمىغاي. ھەرقانداق ئىشقا راستچىللىق ۋە ئىخلاس بىلەن قارىغاي. ھېچقانداق نەرسىگە «ئىككىلىك» (ئالا كۆڭۈللۈك) نەزىرى بىلەن قارىمىغاي. ھەركىم ھەرقانداق نەرسىگە راستچىللىق نەزىرىدە قارايدىكەن، باشقىلار ھەم ئۇنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىشلاردا بولمايدۇ.

ئەي ئوغۇل، ئەگەر كىشى راستچىللىق بىلەن سۇ يۈزىگە قەدەم قويسا، سۇ ئۇنىڭ قەدىمى ئاستىدا قاتتىق بىلىنىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بۇ توغرىدا ساڭا باشقىلار ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرىدىن سۆز ئاچسا، گەرچە بولۇنغان شۇ سۆزلەر ئەقىل يوسۇنىدىن تاشقىرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ھەقىقەت ۋە راست دەپ بىلسەڭ ۋە تونىساڭ، ئىنكار قىلما. ھەتتا ئىشەن. چۈنكى راستچىللىق، تەسىرىي جەھەتتىن ئەقىل بىلەن ۋەياكى ئۆزىنى



www.uyghurkitap.com

بىرەر كۆلپەتكە سىلىش يولى بىلەن كۆڭۈلدە توختىتىۋالغىلى بولىدىغان، يەنى كۆزگە كۆرۈنىدىغان، قول بىلەن تۇتقىلى ياكى كەسىپ قىلىپ ئۈگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكى ئورنى پەقەت خۇدايىتائالانىڭ مەرھەمىتى، ئىنايىتى بىلەندۇر. شۇڭا دەرۋىش بولغۇچى ھەرقانداق نەرسىگە راستچىللىق كۆزى بىلەن قارىغاي. ئىچى بىلەن تېشى، يەنى تىلى بىلەن دىلى بىر دەك بولغاي. كۆڭلىنى «تەۋھىد»لىك پىكرىدىن خالىي تۇتمىغاي ۋە بۇ ھەقتىكى پىكىر ـ مۇلاھىزىلەردە ئىغىر ـ بېسىق بولغاي. تەپەككۇر ئوتىدا كۆيۈپ كەتمىگەي، يەنى تولىمۇ ئالدىراقسان بولمىغاي. چۈنكى تەرىقەت ئىگىلىرى تەپەككۇرنى كۆيۈۋاتقان ئوت، دەپ قارايدۇ. ئۇنى ئۆچۈرگىلى ياكى خالىغان بىرىگە بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا غۇربەت، رەقس (ئۇسسۇل) ۋە سامانى شۇ ئوتقا تەسەللى ئۈچۈن سەۋەب قىلىغاندۇر. ئەگەر دەرۋىشلەر شۇ ئۇسسۇل ـ ساماغا باغلانمىغاندا ئىدى، تەپەككۇر ئوتىدا كۆيۈپ ئارامىق تاپالمىغان بولاردى.

شەيخ ئەخىي زەنگانى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سامانى مەنئى قىلغانىدى ۋە: «سامانىڭ ئورنى (ئوت) بولمىغان يەردۇر. يەنى (ئوت) بار يەردە ساما بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئەللىك كىشى بىر يەرگە جەم بولسا، بۇ قوۋمنىڭ ئارىسىدا بىر كىشىدە (ئوت) بولسا، ئۇ قىرىق توققۇز كىشىنى بۇ بىر كىشى ئۈچۈن تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئوتقا سۇ قۇيسا، تۇتۇن چىقىپ، ئىس ـ تۈتەك ۋە قاراڭغۇلۇق ھاسىل بولىدۇ ئەمەسمۇ!» دېگەنىدى.

دەرۋىش بولغان كىشى ئۆزىنى ئالدى بىلەن مەيلى ئاشكارا،

مەيلى يوشۇرۇن بولسۇن، ئەدەپ، ئەخلاق، مەرىپەت بىلەن بېزىشى لازىم. دەرۋىش بولغان كىشى ئىبادەتكە ھېرىس، تىلى ئىبادەتكە باغلانغان، سۆزى يۇمشاق، پىتنە ـ پاساتتىن يىراق، كىيگەن كىيىملىرى پاكىز بولغاي. سەپەردە لازىملىق ئەسۋابلارنى، مەسىلەن، ھاسا، ئىبرىق، جايناماز، ساقال تارغىقى، يىڭنە ـ يىپ، يەلپۈگۈچ، تىرناق ئالغۇچ قاتارلىقلارنى ھەمىشە ئۆزىگە ھەمراھ قىلغاي. شۇنداق بولغاندا كىيىملىرىنى يۇماق ۋە تىكمەككە ئوخشاش ئىشلاردا يەنە بىر كىشىگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ. ھەتتا بۇنداق ئىشلاردا بۇرادەرلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولالايدۇ.

دەرۋىش بولغان كىشى يەنە سەپەر قىلماقنى ئۆزىگە دوست تۇتقاي. خانىقاغا بارسا، باشقىلارنىڭ ئىبادىتىنى چەكلىمىگەي، يەنى يەنە بىر كىشىنىڭ ئىبادىتىنى تەقىپ قىلىشتىن ساقلانغاي. ئاۋۋال ئاياغدىن ئوڭ پۇتىنى چىقارغاي ۋە خانىقاغا ئوڭ پۇتى بىلەن بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەي. ھەم ئىمكان بار پەگادا ئولتۇرغاي. قائىدە بويىچە ئىككى رەكەت ناماز ئۆتىگەي. كىرەردە ۋە چىقاردا جامائەتكە سالام قىلغاي. كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىدە باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ياخشى ئولتۇرغاي. باشقا بىر جايغا يۆتكەلمەكچى بولسا، ئاستا، سىلىق مېڭىپ بارغاي. ھەرقاچان تۆھمەتچىلەردىن پەرھىز قىلغاي. جامائەتكە سۆز قىلىش توغرا كەلسە، ئىمكان بار قىسقا، ئىخچام سۆزلىگەي. ئىززەت ـ ھۆرمەت تاپاي دېسە، زور بىلەن باشقىلارنىڭ سۆھبىتىنى ئىزدىمىگەي. ئەمما باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغاي. چۈنكى جامائەت ئارىسىدا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماق پەرھىزدۇر. يەنە

بىرى، دەرۋىش بولغان ئادەم جەمئىيەتنىڭ، خەلقنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەي. ھەمىشە توۋا ـ ئىستىغپار بىلەن بولغاي. باشقىلارنىڭ تۆھمەتلىرىگە سەۋر قىلغاي. كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىر ئالمىغاي. ھەرقاچان جايناماز ئۈستىدىن كەم غايىب بولغاي. ئىشى بولمىسىمۇ، قەستەن بازارغا بارىدىغان ئىشنى قىلمىغاي. جايناماز ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرمىغاي. قوۋمىدىن ئوغرىلىقچە مال ـ دۇنيا يىغمىغاي. تائامنى جامائەتتىن پىنھان (يوشۇرۇن) يېمىگەي. ھەتتا بىر تال بادامچىلىك نەرسە بولسىمۇ! ھېچقانداق نەرسىنى يامان نام بىلەن ئاتىمىغاي. ناۋادا شۇ نەرسە قوۋم ئىچىدە شۇنداق يامان نام بىلەن ئاتالغان بولسا، ئۇ ھالدا جايىزدۇر. جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغاندا تايىنىپ ياكى بىرەر نەرسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرمىغاي. كىشىنىڭ جاينامىزى ئۈستىگە ئاياغ قويمىغاي. جامائەتنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرمىگەي ۋە كىشىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىغاي. كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار يەتكۈزمىگەي. ۋاقتىكى، ساما قىلماقچى ياكى ياقا يىرتماقچى بولسا، تاكى بىرسى دەۋەت قىلماي تۇرۇپ ئورنىدىن تۇرمىغاي ۋە ئارتۇقچە سۆز قىلمىغاي. بىھۇدە ۋە تەنھا ئۇسسۇلغا چۈشمىگەي. ناۋادا ياقا يىرتىپ ئۈستىدىكى كىيىمىنى سالغان بولسا، ئۇ يىرتىق كىيىمنى باشقا بىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويمىغاي. ئەگەر بىرەر دەرۋىش كىيىمىنى ئۇنى ماختىسا، ماختىغىنىنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ئۇ دەرۋىشنىڭ ئالدىغا بىرەر نەرسە قويغاي. ئەگەر دەرۋىش ئۈنىڭغا خىرقە (دەرۋىشلەرنىڭ ئۈست كىيىمى) بەرسە، يەنى سوۋغا قىلسا، «ئالمايمەن» دېمىگەي. ھېچ بولمىسا قولىغا ئېلىپ ئۆزرە ئېيتىپ، ئاندىن قايتۇرۇپ بەرگەي. ئالدى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۆزى ئىنساپلىق بولغاي. ئەمما ھېچ كىشىدىن ئىنساپ تىلىمىگەي. ئاڭلىشىمچە، ئىنساپ بىلەن ئۆزىنى پاكىزە تۇتماق ئاۋۋال پارس دىيارىدا پەيدا بولغانىكەن. پارس خەلقى باشقىلار ئۈچۈن ئىنساپ تىلەيدىكەن. ئەمما باشقىلاردىن ئۆزى ئۈچۈن ئىنساپ تەلەپ قىلمايدىكەن. خۇراسان خەلقى ئۆزى ھەم باشقىلار ئۈچۈن ئىنساپ تىلەيدىكەن.

دەرۋىش بولغان كىشى يەنە باشقىلارنىڭ سىر ـ مەخپىيەتلىكلىرىنى ياخشى ساقلىغاي. ئېغىر ـ بېسىقلىقنى ئۆزىگە لازىم تۇتقاي. ھەر ئىشتا ئېغىر ـ بېسىق بولغاي. تائام ۋاقتىدا، يەنى تائام تارتىلغان ياكى تائام يەيدىغان ۋاقىتتا سەۋەبسىز غايىب بولمىغاي. بولمىسا، باشقىلار ئۇنى ساقلاپ قالىدۇ. يەنە تائامغا باشقىلاردىن ئىلگىرى قول ئۇزاتمىغاي ھەم باشقىلاردىن ئىلگىرى قول يىغمىغاي. ئۆز نېسىۋىسىنى كىشىلەرگە قوۋمنىڭ ئىتتىپاقى ۋە رۇخسىتى بويىچە تارتۇق قىلغاي. ئەگەر تائام يېمەيدىغان ئۆزرى بولسا، ئۆزرىنى داستىخان سالماستىن ئىلگىرى ئېيتقاي. ئەگەر روزا تۇتقان بولسا، داستىخان سېلىنغاندا روزا تۇتقىنىنى ئىزھار (داۋراڭ) قىلماستىنلا ئېپتار قىلغاي. تەرەت ئالۇردا ھەم تولا داۋراڭ قىلمىغاي ھەم بېپەرۋالىق قىلمىغاي. تەرەت ئىگىنىنى قىسقىراق كىيگەي. تەرەتتىن كېيىن ھۆل ئاياغ بىلەن جاينامازغا چىقمىغاي ھەم ھۆل ئاياغ كىيمىگەي!

مەردلىك، سېخىيلىقنىڭ شەرتلىرى ۋە سوپىلىقنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ئۈشبۇ ئىدى، بايان قىلدىم. ئەمدى سوپىلارنىڭ ئاللاقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئەدەپ ـ قائىدىلىرى ئۈستىدە توختىلىمەن.

سوپىلارغا بولغان ئەدەپ ـ قائىدە شۇكى، ھەر كىم ئالدى بىلەن سوپىلارنىڭ تەرتىپىنى ئىنكار قىلمىغاي. يەنى سوپىلارنىڭ تەرتىپىگە گۇمانلىق قارىمىغاي. سوپىلارنىڭ تۇرق ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنىسىنى سورىمىغاي ۋە سوپىلارنىڭ ئەيىبىنى «ھۈنەر» دەپ بىلگەي ۋە ئۇلارنىڭ سىرىنى ھېچ كىشىگە ئېيتمىغاي. ياخشى ئىشلىرىغا شۈكرى قىلغاي. يامان ياكى ماقۇل كەلمەيدىغان، يەنى كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ياكى كۆزگە سىغمايدىغان ئىشلىرىغا قارىتا تۇۋا قىلىش بىلەن كۆپايە قىلغاي. سوپىلار بىلەن بىللە بولغاندا كىيىملىرىنى پاكىزە تۇتقاي ۋە ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرۇپ قوپقاي. تولا كۈلمىگەي ۋە تولا ئېغىرلىق قىلمىغاي. ناۋادا تاتلىق ـ تۈرۈم، تائام تاپسا، سوپىلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: «ئاز بولسىمۇ سىزلەر بىلەن بىللە يېگىلى ئېلىپ كەلدىم» دەپ ئۆزرە قويغاي. قاچانكى مۇشۇنداق بولساڭ ۋە مەن دېگەندەك قىلساڭ، تامام دوست ـ بۇرادەرلىرىڭ ئارىسىدا مەردلىك، سېخىيلىق ۋە راستلىقنى بەجا كەلتۈرگەن بولىسەن.

ئەي ئوغۇل، تىرىش، ھەرقانداق ئىشتا كۆپرەك ئىزدەن. ئەگەر مەرد، سېخىيلىق يولىغا كىرسەڭ، ھەممە ئادەم ساڭا كۆز تىكىدىغان بولىدۇ. شۇڭا ئىمكانىيىتىڭنىڭ بارىچە ئۈچ ئىشتىن ئۆزۈڭنى ساقلا:

بىرى، كۆرۈشكە بولمايدىغان نەرسىگە كۆز سالما؛ ئىككىنچى، تۇتۇشقا بولمايدىغان نەرسىدىن قولۇڭنى تارت؛ ئۈچىنچى، دېمەسلىككە تېگىشلىك سۆزدىن تىلىڭنى يىغ.

ئۈچ نەرسىنى دوست ـ دۈشمەنگە ئوچۇق تۇت:

بىرى، ئۆيۈڭنىڭ ئىشىكى؛ بىرى، داستىخان؛ يەنە بىرى، ھەميانىڭنىڭ ئاغزى.

ئەمما، ھەرقاچان يالغان ئېيتمىغىن. چۈنكى يالغانچىلىق نامەردلىكنىڭ ئەسلى، يەنى مەنبەئى يالغان ئېيتماقتۇر. ئەگەر بىرسى سېنىڭ مەرد ۋە سېخىيلىقىڭغا ئىشەنسىلا، مەيلى ئۇ سېنىڭ دوستۇڭ بولسۇن، مەيلى زور دۇشمىنىڭ بولسۇن، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنى ساڭا ئاتايدۇ. ھامان ئۆزىنىڭ سەندىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقىغا قايىل بولىدۇ. ھەقىقەتەن، كىمكى سېنىڭ مەرد ۋە سېخىي ئىكەنلىكىڭگە چىن دىلىدىن قايىل بولىدىكەن، سەن ھەم ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى ئۈچۈن بارلىقىڭنى پىدا قىل. پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسەت. ياردەمدە بول. شۇندىلا مەردلىك، سېخىيلىقىڭنى تولۇقى بىلەن يەتكۈزگەن بولىسەن. ئەمما ئىلگىرىكى يامانلىقلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش كويىدا بولما. خىيانەت قىلىش خىيالىدا ھەم بولما. خىيانەت قىلىش — مەردلىك، سېخىيلىق جۈملىسىدىن ئەمەستۇر.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، بۇ توغرىدا سۆز كۆپ ئىدى. ھەر تائىپەنىڭ مەردلىك، سېخىيلىققا دائىر سۈپەتلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلسام گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا سۆزنى قىسقىلا قىلدىم. نېمىدېگەن بولسام، ئۇنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم. مەردلىك، سېخىيلىق جۈملىسىدىن يەنە شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق نەرسە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۆزۈڭنىڭكىنى، يەنى ئۆزۈڭگە تەۋە نەرسىلەرنى ئۆزۈمنىڭ دەپ بىل. ئۆزگىدىن، يەنى باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىدىن تەمەيگىنى ئۈز. كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىگە قارىتا ھەرگىزمۇ تەمە قىلغۇچى بولۇپ قالما. ئەگەر قول ئىلكىڭدە بىرەر نەرسە بولسا، باشقىلارغا ھەم ئۇنىڭدىن نېسىۋە بەرگىن. ئەمما خەلقتىن تەمە



www.uyghurkitap.com

تۇتما. بىرىش ئىمكانىيىتىنىڭ بولمىسا، مەيلى، لېكىن ئالماقنىڭ، يەنى ئېلىۋېلىشنىڭ كويىدا يۈرمە. ناۋادا خەلققە ياخشىلىق قىلالمىساڭ ياكى ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە، ئامال يوق. لېكىن ھەرقاچان خەلققە يامانلىق قىلىشتىن يىراق تۇر. مەن ئېيتقاندەك تىرىكچىلىك قىلغان كىشى دەل بۇ ئالەمدە ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە ھەممىدىن مەرد، سېخىي كىشىدۇر. دۇنيا ھەم ئاخىرەت شۇ كىشىگە نېسىپ بولغاي!

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، بۇ كىتابتا نەچچە يەردە قانائەت توغرىسىدا سۆز قىلدىم. يەنە ھەم تەكرار ئېيتاي، ناۋادا تەڭلىككە قالمىساڭلا، قانائەتچان بولغىن. ھەسەت قىلمىغىن. ھەمىشە ئۆزۈڭنى خۇشخۇي تۇتقىن. چۈنكى بارلىق غەم (غەم ـ قايغۇ)نىڭ ئەسلى مەنبەئى ھەسەتتۇر. بىلگىنكى، پەلەكنىڭ ئايلىنىپ تۇرۇشى سەۋەبلىك ھەممە ئادەمگە ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ يېتىپ تۇرىدۇ. ئۇستازىم (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) دائىم: «ھەممە ئادەم جاھاندارچىلىق يوللىرىدا پەلەكتىن رەنج يەتسە، سەۋر قىلغاي؛ لوقما، يەنى پايدا ـ مەنپەئەت يەتسە، قانائەت قىلغاي!» دەيتتى. ھەقتائالامۇ: «ساڭا نېمە يەتكۈزسەم، مەيلى ياخشىلىق بولسۇن، مەيلى يامانلىق بولسۇن، قوبۇل قىلىپ شۈكرى ئېيتقۇچىلاردىن بول» دەپ پەرمان قىلغانىدى.

پەلەكنىڭ تەسىرى بۇ ئىككى ئىشتىن ــ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن خالىي ئەمەس. ۋاقتىكى، سەن بۇ تەرنقىدە يول تۇتۇپ قانائەتنى كەسىپ قىلساڭ، سېنىڭ بۇ ئازادە بەدىنىڭ ھېچ كىشىگە بەندە (قۇل) بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈڭدە

«تەمە»گە يول بەرمىگىن. بېشىڭغا مەيلى ياخشىلىق كەلسۇن، مەيلى يامانلىق كەلسۇن، رازى بول. شۇنى بىلگىنكى، ئادەم ئەۋلادى مەيلى قايسى تائىپەدىن بولسۇن، ھەممىسى پاك ئاللاتائالانىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىگە قايىلدۇر. پەرزەنتى ئادەمنىڭ بىر ـ بىرىدىن كەم ـ ئارتۇق (باي ـ كەمبەغەل)، كۈچلۈك ۋە ئاجىز بولمىقى — تەمەنىڭ ۋە ھاجەتمەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. قاچانكى، كىشى «تەمە»نى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىدىكەن، ئىككىلا جاھاندا بىھاجەت بولىدۇ. ھېچكىشىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان ئادەم — ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىدۇر. ئەكسىچە تەمەگەر ۋە ھاجەتمەن ئادەم — ئەڭ خار كىشىدۇر.

بىلىنىشىڭ كېرەككى، بەزى كىشىلەر «تەمە»نىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئۆزگە ئوخشاش يەنە بىرىگە بەندە (قۇل) قىلىپ قويىدۇ.

**ھېكايەت:**

ئاڭلىشىمچە، شەيخ شەبلى (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) مەسچىتكە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئۆتەپ بولۇپ، بىر مەزگىل سائەت ئارام ئالاي، دەپ ئولتۇردى. ئۇ مەسچىت ھەم مەكتەپخانا ئىدى. ئۇششاق باللارنىڭ تاماق يەيدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. باللار نان يەپ ئولتۇراتتى. ئىككى گۆدەك شەيخ شەبلىگە يېقىنراق جايدا ئولتۇرغان بولۇپ، بىرى دۇنيادار (باي)نىڭ ئوغلى، يەنە بىرى نامرات (كەمبەغەل)نىڭ ئوغلى ئىدى. باينىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىدىكى تاۋاق ئىچىدە ھالۋا بار ئىدى. كەمبەغەلنىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىدا بىر پارچە قۇرۇق نان بار ئىدى. كەمبەغەلنىڭ ئوغلى باينىڭ ئوغلىدىن ھالۋا تىلىدى. باينىڭ ئوغلى:

— ئەگەر مەن ساڭا بىر پارچە ھالۋا بەرسەم، مېنىڭ ئىتىم بولامسەن؟ — دېدى.

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى:

— ئەگەر ماڭا ھالۋا بەرسىڭىز، مەن سىزگە ئىت بولاي، — دېدى.

باينىڭ ئوغلى:

— ئەگەر مېنىڭ ئىتىم بولساڭ، ئىتقا ئوخشاش قاۋا، — دېدى.

كەمبەغەلنىڭ ئوغلى شۇ زامان ئىتقا ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ قاۋىدى. باينىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا بىر پارچە ھالۋا بەردى.

شەيخ شەبلى بۇ باللارغا قاراپ ئولتۇرغانىدى، بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. باشقىلار شەيختىن:

— ئەي شەيخ، نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى. شەيخ دېدىكى:

— ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ خالايىقنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار يەتمەيدۇ!؟ ناۋادا شۇ بالا ئالدىدىكى قۇرۇق نانغا قانائەت قىلغان بولسا ئىدى، ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر بالىغا ئىت بولماسىدى.

بەس، مەيلى زاھىد (شەيخ) بول ياكى پاسىق بول، ھەرقاچان قانائەتلىك بولغىن ۋە كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللان. تا ھەر ئىككى جاھاندا ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە پاك تەبىئەت ئاتىلىسەن.

بىلگىن، ئەي ئوغۇل، مەن بۇ كىتابنى قىرىق تۆت باب قىلىپ، ھەر بابتا ئاڭلىغان ۋە بىلگەن ھېكمەت ۋە مەنىلەرنى مىسال قىلىپ، قولۇمدىن كەلگىنىچە ۋە تەبىئىتىم يار

www.uyghurkitap.com

بەرگىنىچە ساڭا بايان قىلدىم. ھەر بابتا ساڭا تەسەببۇت قىلدىم. بىراق ئەقىل بابىدا ۋە ئىلىم توغرىسىدا ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. ساڭا زور بىلەن، يەنى مەجبۇرىي ھالدا ــ زۇلۇم ئىچىدە ئاقىل بول دېيەلمەيمەن. چۈنكى دانىشمەنلىكنى، يەنى بىلىمنى زۇلۇم- ستەم بىلەن ئۆگەنگىلى بولمايدۇ. بىلگىنكى، ئەقىل ئىككى قىسىم بولىدۇ:

بىرى، «ئەقلى ئەزىزى»دۇر، يەنى ئادەمدە تەبىئىي بولىدىغان تۇغما ئەقىل. ئۇنى كەسىپ قىلىپ ئۆگىنىۋالغىلى بولمايدۇ.

ئىككىنچىسى، «ئەقلى مەكتەپ» تۇر. ئۇ كەسىپ قىلىپ ئۆگىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ. «ئەقلى ئەزىزى» خىرەد، يەنى ئەقىل، زېھىن دەپ ئاتىلىدۇ. «ئەقلى مەكتەپ» دانىش، يەنى بىلىم دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقاچان «ئەقلى مەكتەپ»نى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. «ئەقلى ئەزىزى» بولسا، خۇدايىتائالانىڭ ئاتاسى (مەرھەمىتى)دۇر. شۇڭا ئۇنى ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، «ئەقلى ئەزىزى»نى خۇدايىتائالا ساڭا بەرگەنىكەن، «ئەقلى مەكتەپ»نى رىيازەت ۋە مۇشەققەت بىلەن بولسىمۇ ئۆگىنىپ، «ئەقلى ئەزىزى»گە ھەمراھ قىل. تا ئىككى ئەقىل بىلەن كامال تېپىپ جاھاننىڭ دانالىرىدىن بولغايسەن. ناۋادا سەندە «ئەقلى ئەزىزى» (تۇغما ئەقىل، تۇغما قابىلىيەت) بولمىغان تەقدىردىمۇ، «ئەقلى مەكتەپ»نى ئۆگىنىشتىن باش تارتما. قانچىلىك ئىمكانىيىتىڭ بولسا، شۇنچىلىك ئۆگەن. گەرچە ئەقىللىقلەر جۇملىسىدىن بولالمىساڭمۇ، ھېچ بولمىغاندا جاھىل (نادان)لاردىن بولۇپ قالمايسەن. چۈنكى ھېچنېمە بىلمىگەندىن

بىرنى بولسىمۇ بىلگەن ياخشىدۇر. «ئاتا بولالمىساڭ، ئانا بولغىن» دېگەن ماقال بار ئەمەسمۇ!؟ قاچانكى دانا بولماقنى خاھىش قىلساڭ، ھېكمەت ئۆگەنگىن. ئەقىلنى ھېكمەت ئارقىلىقمۇ تاپقىلى بولىدۇ. بىرى ئەرىستايىشتىن سورىدى:

— ئەقىلنىڭ قۇۋۋىتى نېمە ئارقىلىق بولىدۇ؟

دېدىكى:

— ئادەمنىڭ قۇۋۋىتى غىزا بىلەن بولىدۇ. ئەقىلنىڭ غىزاسى (قۇۋۋىتى) ھېكمەتتۇر.

ئەمدى بىلگىن، ئەي ئوغۇل، ھەممە نەرسىنى مېنىڭ ئادىتىم، بىلگىنىم ۋە ماقۇل كۆرۈپ خالىغىنىم بويىچە جەمئىي قىلىپ، سەن ئۈچۈن بىر كىتاب قىلدىم. ھەر ئىلىمدىن، ھەر ھۈنەردىن ۋە ھەر كەسىپتىن مىسال كەلتۈردۈم. بۇ كىتابنى يىگىرمە پەسىل، قىرىق تۆت باب بويىچە تامام قىلدىم. تا يىگىتلىكىمدىن ياشانغانغا قەدەر خاتىرە پۈتۈش ئادىتىم ئىدى. يەتمىش ئۈچ ياشتا ئىدىم. تارىخقا تۆت يۈز ئەللىك بەش ئىدى. بۇ كىتابنى جەمئىي قىلىپ تامامىغا يەتكۈزدۈم. مۇندىن كېيىن ھەم خۇدايىتائالا ئۆمۈر بەرسە، ئۇشبۇ ئادەت بىلەن بولغۇمدۇر. بەس، ھەر نېمىنى ئۆزۈمگە ماقۇل كۆردۈم، ساڭا ھەم شۇنى ماقۇل كۆردۈم. ناۋادا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق سۆپەتلەر ۋە ئادەتلەرنى بىلسەڭ، شۇنى ماقۇل كۆر. ئەگەر بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقنى تاپالمىساڭ، مېنىڭ بۇ پەندۇ نەسىھەتلىرىمنى كۆڭلۈڭنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، ئەمەلدە كۆرسەتكىن. ئەگەر سەن ئاڭلىمىساڭ ۋە قوبۇل قىلمىساڭ، خۇدايىتائالا سائادەتمەن ۋە بەختلىك ياراتقان يەنە بىرى ئاڭلايدۇ ۋە قوبۇل قىلىدۇ ھەم

ئاڭلىغان ۋە قوبۇل قىلغانلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ. بىراۋنىڭ پەند ـ نەسىھەتىنى ئاڭلىغان كىشىنى ھەرقاچان سائادەتمەن بىلگىن.

بۇ كىتابتا دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئىككىلا ئالەمدىكى سائادەتمەنلىكنىڭ ئالامىتى ۋە نىشانىسىدۇر.

ھەزرىتى ھەقتائالا ماڭا ۋە ساڭا، تۈركىي قىلغۇچىغا ۋە پۈتكۈچىگە، ئوقۇغۇچىغا ۋە ساھىبى كىتابقا ۋە ئىشتكۈچىلەرگە رەھمەت قىلغاي!

تارىخنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش توققۇزىنچى يىلى، شەۋۋال ئېيىنىڭ پەيشەنبە كۈنى تاماملغا يەتتى.

**图书在版编目(CIP)数据**

道德书.2：维吾尔文／阿卜力米提·艾海提整理. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.12

ISBN 978-7-80744-960-7

Ⅰ.①道… Ⅱ.①艾… Ⅲ.①品德教育-中国-通俗读物-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①D648-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第000028号

**书　　名** 道德书.2<br>
**策　　划** 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>
**整　　理** 阿卜力米提·艾海提<br>
**责任编辑** 图尔荪古丽·亚森<br>
**责任校对** 古丽巴哈尔·托合塔木<br>
**封面设计** 努尔买买提·吾买尔<br>
**出　　版** 新疆美术摄影出版社<br>
　　　　　新疆电子音像出版社<br>
**地　　址** 乌鲁木齐市西虹西路36号<br>
**邮　　编** 830000<br>
**发　　行** 新疆新华书店<br>
**印　　刷** 新疆新华印刷厂<br>
**开　　本** 880×1230mm 1/32<br>
**印　　张** 37.25<br>
**版　　次** 2009年12月第1版<br>
**印　　次** 2011年12月第1次印刷<br>
**书　　号** ISBN 978-7-80744-960-7<br>
**定　　价** 95.00元

(书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系)